دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەر

# جېننى قىز

درېيسېر ( ئامېرىكا )



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

كىتاب تورپىكتى ئۇيغۇر
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت

دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەر



# جېننى قىز

ISBN 978-7-228-02813-9

9 787228 028139 >

定价:48.00 元



درېيسېر ( ئامېرىكا )

# جېننى قىز

تەرجىمە قىلغۇچى : رىزۋان ھەمزە

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

珍妮姑娘：维吾尔文/（美）德莱塞（Dreiser，T.）著；热孜宛·阿米扎译. —乌鲁木齐：新疆人民出版社，1993. 12（2008. 5 重印）
ISBN 978—7—228—02813—9

Ⅰ.珍… Ⅱ.①德… ②热… Ⅲ.长篇小说—美国—近代—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ. I712.44

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2008）第 072830 号

| | |
|---|---|
| 作　　者 | [美] 德莱塞 |
| 译　　者 | 热孜宛·阿米扎 |
| 责任编辑 | 艾合买提·伊明 |
| 责任校对 | 塞乃白尔，扎米拉 |
| 封面设计 | 买买提·诺比提 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 电　　话 | (0991)2827472 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路 348 号 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 印　　刷 | 新疆金版印务有限公司 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230 毫米　1/32 |
| 印　　张 | 19.25 |
| 版　　次 | 1993 年 12 月第 1 版 |
| 印　　次 | 2008 年 5 月第 2 次印刷 |
| 印　　数 | 1600—4600 |
| 定　　价 | 48.00 元 |

بۇ كىتاب شاڭخەي تەرجىمە نەشرىياتىنىڭ 1990 - يىل 8 - ئاينىڭ 1 - نەشرى، 1991 - يىل 10 - ئاي 5 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.
本书根据上海译文出版社 1990 年 8 月第 1 版，1991 年 10 月第 5 次印刷版本翻译出版。

# جېننى قىز

ئاپتورى: درېيسېر (ئامېرىكا)
تەرجىمە قىلغۇچى: رىزۋان ھەمزە
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى: سەنەۋەر، زەمىرە
مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
تېلېفون: 0991—2827472
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 - نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830001
باسقۇچى: شىنجاڭ جىنبەن مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
ساتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى: 880×1230 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 19.25
نەشرى: 1993 - يىلى 12 - ئاي 1 - نەشرى
باسمىسى: 2008 - يىلى 5 - ئاي 2 - بېسىلىشى
تىرازى: 1600—4600
كىتاب نومۇرى: ISBN 978—7—228—02813—9
باھاسى: 48.00 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# مۇھەررىردىن

تېئودور درېيسېر (1871 — 1945) ئامېرىكىنىڭ 20 ـ ئەسىردىكى مەشھۇر تەنقىدىي رېئالىزم يازغۇچىسى. ئۇنىڭ «گالى سىئىل»، «تالانت»، «ئون ئىككى ئادەم»، «ئامېرىكا پاجىئەسى»، «ئايال جىنسلار»، «سەنئەتكارغا مۇراجىئەت»، «ئامېرىكا قۇتقۇزۇۋېلىشقا ئەرزىيدۇ» قاتارلىق ئەسەرلىرى، شۇنىڭدەك «بانكىر»، «گىگانت ئادەم» ۋە «سىدوگا» ناملىق ئۈچ روماندىن تەشكىل تاپقان «ئۈمىد ترىلوگىيىسى» بار.

«جېننى قىز» — ئاپتورنىڭ سەممىي، پاك ۋە پىداكارلىققا ئىگە بىر يوقسۇل قىزنىڭ ئوبرازىنى ياراتقان دەسلەپكى ئەسەرلىرىنىڭ بىرى. ئەسەرنىڭ ۋەقەلىكى مۇنداق: كۆپ بالىلىق، كەمبەغەل، كۆچمەن نېمىس ئائىلىسىدە تۇغۇلغان جېننى ئائىلىسىنى غۇربەتچىلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن بايلارنىڭ ئۆيىنى تازىلاش، كىر ـ قاتلىرىنى يۇيۇشتەك ئىشلىرىنى قىلىدۇ ۋە بۇ جەرياندا بىر كېكەش پالاتا ئەزاسىنىڭ مۇھەببەت تورىغا ئىلىنىپ قېلىپ، ئۇنىڭدىن ئېغىرئاياغ بولۇپ قالىدۇ. جېننىنىڭ دادىسى قىزىنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ. كېيىن جېننى رېستو بىلەن مۇھەببەت باغلايدۇ، لېكىن پۇل، مەرتىۋە، ھوقۇق بىلەن قاتمۇقات توساق قۇرۇۋەتكەن يۇقىرى قاتلام جەمئىيىتى ئۇلارنى

بەختىگە يەتكۈزمەيدۇ . ئەسەر ھەممە نېمىسىدىن ئايرىلغان بىچارە قىز جېنىنىڭ كىشىلىك دۇنياغا بولغان ئۈمىدسىز نىداسى بىلەن ئاياغلىشىدۇ . بۇ ئامېرىكا ئەدەبىيات تارىخىدا تۇنجى قېتىم تۆۋەن قاتلامدىكى خەلقنىڭ پاجىئەلىك تۇرمۇشى ھەققىي تەسۋىرلەنگەن ئەسەر . ئەسەرنىڭ ئۆزگىچە ئاياغلاشقان يېشىمى كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېشى تورپېتى
www.uyghurkitap.com

# 1

1880 ـ يىلى كۈز كۈنلىرىنىڭ بىر ئەتىگىنى ئىدى ، ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئايال ئون سەككىز ياشلاردىكى بىر قىزنى باشلاپ ئوھىئو شتاتىنىڭ كولومبو شەھىرىدىكى كاتتا سارايغا كىرىپ كەلدى ـ دە ، ئۇدۇل بوغالتىرنىڭ ئۈستىلى ئالدىغا بېرىپ ، ئۇنىڭدىن بۇ يەردە ئۆزلىرىگە لايىق ئىش ـ كۈش بار ـ يوقلۇقىنى سورىدى . سېمىز بەدىنى لىغىرلاپ تۇرغان بۇ ئايالنىڭ چېھرىدە ئاق كۆڭۈللۈك ، ساددىلىق ، تارتىنچاقلىق ئەكس ئېتىپ تۇراتتى . چوڭ ـ چوڭ كەلگەن مۇلايىم كۆزلىرىگە ھېسابسىز غەم ـ غۇسسە يوشۇرۇنغان . بۇ ھالەتنى قاتمۇقات دەرد ـ ئەلەمگە گىرىپتار بولغان يوقسۇللارنىڭ ئېچىنىشلىق قىياپىتىنى ھېسداشلىق نەزىرى بىلەن كۆزىتىپ باققان كىشىلەرلا بايقىۋېلىشى مۇمكىن . ئارقىسىدىن بىللە كىرگىنى شۇ ئايالنىڭ قىزى ئىدى . ئۇ قورقۇنچ ھەم ئەيمىنىش ئىلكىدە ، ئۇياتچان كۆزلىرىنى ئۇدۇلغا قارىتىشقا پېتىنالماي ، ئاپىسىنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋاپتۇ . ئۇنىڭ بۇ تۇرقىغا بىر قارىسىلا ، ھەركىم بۇ قىزنىڭ ئەسلىي زاتىنى پەملىۋالالايدۇ . ئەسلىنى سۈرۈشتە قىلىدىغان بولساق ، بۇ قىزنىڭ ئاپىسى ئۆمرىدە مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەن بولسىمۇ ، شېئىرىي تۇيغۇغا باي ، ئويچان ، ھېسسىياتچان ھەم تۇغما مېھرىبان ئايال ؛ دادىسى ئېغىر تەبىئەتلىك ئادەم ؛ بۇ ئىككىسىنىڭ ۋۇجۇدىدىن مانا مۇشۇنداق بىر قىز ئاپىرىدە بولغان . ھازىر ئۇلارنىڭ نامراتلىق ئىسكەنجىسىدە تازا قىينىلىۋاتقان چاغلىرى ئىدى . ئانا ـ بالا ئىككىيلەننىڭ يوقسۇزلۇقىنىڭ دەستىدىن شۇ قەدەر نائىلاجلىقتا چۈشۈپ قالغانلىقى ئادەمنىڭ رەھىمىنى قوزغىماي قالمايتتى . بۇ ھال بوغالتىرغىمۇ تەسىر قىلدى .

# 1

1880 - يىلى كۈز كۈنلىرىنىڭ بىر ئەتىگىنى ئىدى، ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئايال ئون سەككىز ياشلاردىكى بىر قىزنى باشلاپ ئوھىئو شتاتىنىڭ كولومبو شەھىرىدىكى كاتتا سارايغا كىرىپ كەلدى - دە، ئۇدۇل بوغالتىرىنىڭ ئۇستىلى ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن بۇ يەردە ئۆزلىرىگە لايىق ئىش - كۈش بار - يوقلۇقىنى سورىدى. سېمىز بەدىنى لىغىرلاپ تۇرغان بۇ ئايالنىڭ چېھرىدە ئاق كۆڭۈللۈك، ساددىلىق، تارتىنچاقلىق ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. چوڭ - چوڭ كەلگەن مۇلايىم كۆزلىرىگە ھېسابسىز غەم - غۇسسە يوشۇرۇنغان. بۇ ھالەتنى قاتمۇقات دەرد - ئەلەمگە گىرىپتار بولغان يوقسۇللارنىڭ ئېچىنىشلىق قىياپىتىنى ھېسداشلىق نەزىرى بىلەن كۆزىتىپ باققان كىشىلەرلا بايقىۋېلىشى مۇمكىن. ئارقىسىدىن بىللە كىرگىنى شۇ ئايالنىڭ قىزى ئىدى. ئۇ قورقۇنچ ھەم ئەيمىنىش ئىلكىدە، ئۇياتچان كۆزلىرىنى ئۇدۇلغا قارىتىشقا پېتىنالماي، ئاپىسىنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋاپتۇ. ئۇنىڭ بۇ تۇرقىغا بىر قارىسىلا، ھەركىم بۇ قىزنىڭ ئەسلىي زاتىنى پەملىۋالالايدۇ. ئەسلىنى سۈرۈشتە قىلىدىغان بولساق، بۇ قىزنىڭ ئاپىسى ئۆمرىدە مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەن بولسىمۇ، شېئىرىي تۇيغۇغا باي، ئۇيچان، ھېسسىياتچان ھەم تۇغما مېھرىبان ئايال؛ دادىسى ئېغىر تەبىئەتلىك ئادەم؛ بۇ ئىككىسىنىڭ ۋۇجۇدىدىن مانا مۇشۇنداق بىر قىز ئاپىرىدە بولغان. ھازىر ئۇلارنىڭ نامراتلىق ئىسكەنجىسىدە تازا قىيىنىلىۋاتقان چاغلىرى ئىدى. ئانا - بالا ئىككىيلەننىڭ يوقسۇزلۇقىنىڭ دەستىدىن شۇ قەدەر نائىلاجلىقتا چۈشۈپ قالغانلىقى ئادەمنىڭ رەھىمىنى قوزغىماي قالمايتتى. بۇ ھال بوغالتىرغىمۇ تەسىر قىلدى.

— سىزگە قانداق ئىش كېرەك؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— بەلكىم سىلەردە يۇيۇش، تازىلاشقا ئوخشاش ئىشلار باردۇر، — دېدى ئۇ ئايال تارتىنغان هالدا، — مەن پۇل سوْرتەلەيمەن.

قىزى بۇ گەپنى ئاڭلاپ، گويا ياقتۇرمىغاندەك تەتۈر قارىۋالدى، ئۇنىڭغۇ قارا ئىش بىلەن خۇشى يوق ئەمەس، لېكىن بىراۋنىڭ ئۇلارنىڭ گادايلىشىپ قارا ئىش قىلمىسا بولمايدىغان هالغا چۈشۈپ قالغىنىنى بىلىپ قېلىشىنى خالىمىغانىدى. بوغالتىرمۇ خېلىلا مۇرۇۋۋەتلىك بار ئادەم ئىدى، شۇنچىلىك چىرايلىق بىر قىزنىڭ شۇ قەدەر تەڭقىسلىقتا قالغىنىنى كۆرۈپ كۆڭلى يۇمشاپ قالدى ۋە ئۇنىڭ ئىلاجسىز تۇرقىغا قاراپ ئۇلارنىڭ هال - كۈنىنىڭ نەقەدەر خاراب ئىكەنلىكىنى پەملىدى.

— بىردەم تۇرۇپ تۇرۇڭچۇ، — دېدى - دە، بۇرۇلۇپلا ئارقىسىدىكى ئىشخانىغا كىرىپ كېتىپ، ئايال غوجىدارنى باشلاپ چىقتى.

سارايدا ئىشمۇ يوق ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئۇلار قارا ئىش قىلىشقا دائىملىق ياللىۋالغان ئايال كېتىپ قالغاچقا، چوڭ پەلەمپەي ۋە زال تازىلاقسىز قالغانىدى.

— ئاۋۇسى قىزى ئوخشىمامدۇ؟ — سورىدى ئايال غوجىدار. ئۇ بۇلارنى يىراقتىلا تۇرۇپلا كۆرۈۋالغانىدى.

— هەئە، مېنىڭچە شۇنداق بولسا كېرەك.

— ئۇ ئەگەر ئۆزى خالىسا بۈگۈن چۈشتىن كېيىندىن باشلاپلا ئىشقا چۈشۈۋەرسە بولىدۇ، مېنىڭچە ئاۋۇ قىزمۇ ئاپىسىغا ياردەملەشسە كېرەك - هە؟

— بېرىپ غوجىدار بىلەن كۆرۈشۈڭلار، — دېدى بوغالتىر يېزىق ئۈستىلىنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىپ، — ئاۋۇ تەرەپ بىلەن ئۆتۈڭلار، — ئۇ ئوچۇق چىراي بىلەن يېقىن يەردىكى بىر ئىشىكنى ئىما قىلدى، — ئۇ كىشى سىلەرگە ئىش كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن بۇ كىچىككىنە بىر



www.uyghurkitap.com

كۆرۈنۈشنى ئەينەكچى ئۇستام ۋىليام گېرخاردتنىڭ ئۆزى ۋە ئائىلىسى دۇچ كەلگەن تراگېدىيىنىڭ راسا ئەۋجىگە چىقىشى دېسىمۇ بولىدۇ. ئەسلىدىمىغۇ، ۋىليام گېرخاردت شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان بۇ كەسىپ باشقا تۆۋەن دەرىجىلىك كەسىپلەرگە ئوخشاشلا جاپالىق ئىدى. ئۇ كۈن بويى مۈكچىيىپ ئىشلەپ، تەقدىر بەخش ئەتكەن ئازغىنە رىزىق - نېسىۋىسىگە تايىنىپ، ئۆزى، ئايالى ھەم ئالتە بالىسىنىڭ تۇرمۇشىنى قامداپ كېلىۋاتقانىدى. مانا ئەمدى كېسەلگە چېلىقىپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. تۇنجى ئوغلى سىباستىئون — ئاغىنىلىرى ئۇنى باس دەپ چاقىرىشاتتى — مۇشۇ شەھەردىكى بىر يۇك ئاپتوموبىلى زاۋۇتىدا ھەپتىسىگە تۆت دوللار مائاش ئېلىپ شاگىرت ھېسابىدا ئىشلەيتتى، چوڭ قىزى جېننى فىيىف ئون سەككىز ياشتىن ھالقىغان بولسىمۇ، بۇ كەمگىچە تېخى ھېچقانداق ئىشنىڭ جاپاسىنى بېشىدىن كەچۈرۈپ باقمىغانىدى. قالغان بالىلىرى — گېئورگى ئون تۆت ياشتا، مادا ئون ئىككى ياشتا، ۋىليام ئون ياشتا، ۋېرونىكا سەككىز ياشتا بولۇپ، ھەممىسى تېخى بېشىدىن ھېچقانداق ئىسسىق - سوغۇق ئۆتمىگەن كىچىك بالىلار ئىدى، بۇلار تۇرمۇش مەسىلىسىنى تېخىمۇ قىيىنلاشتۇرۇپ قويۇشتىن باشقىغا كارغا كەلمەيتتى. ئۇلارنىڭ تايىنىدىغان بىردىنبىر يۆلەنچۈكى ئۆزلىرىنىڭ قورۇ - جايى ئىدى. گەرچە ئۇ ئالتە يۈز دوللار قەرز ھېسابىغا رەنىگە بېرىلگەن بولسىمۇ، ھەرھالدا ئۇلارنىڭ ئاتا مىراسى بولۇپ ھېسابلىناتتى. ئەينى چاغدا ئۇنىڭ بۇنچىلىك كۆپ پۇلنى قەرز ئېلىشىدىكى سەۋەب، بىر ئۆيلۈك ئادەمنى كەڭ - كۇشادە جايلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۆزى سېتىۋالغان ئۆيگە قوشۇپ يەنە ئۈچ ئېغىز ئۆي ۋە بىر دەھلىز سېلىۋالماقچىدى. رەنىنىڭ مۆھلىتى توشىدىغانغا يەنە بىرنەچچە يىل بار ئىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ ھال - ئوقىتى بارغانسېرى بەتتەرلىشىپ كېتىۋاتقاچقا، قايتۇرۇشقا جۇغلاۋاتقان ئازغىنە پۇلنى پاك - پاكىز خەجلەپ بولغانىنىڭ ئۈستىگە، يەنە قاسساپقا،

ناۋايغا قەرزدار بولۇپ قېلىشتى . كىشىلەر گېرخاردتنى هالال ، ئىشەنچلىك ئادەم دەپ قاراپ ، ئۇ قەرزنى ئارقىغا سۈرىنۈرسىمۇ گەپ قىلماي يۈرۈشكىنى بىلەن كېيىنكى چاغلاردا ئۇنىڭغا ئىشەنمەس بولۇپ قالغانىدى . مانا مۇشۇ قاتمۇقات غەم ـ غۇسسە ئۇنىڭ يۈرىكىنى سەدپارە قىلىپ ، ئەتىدىن ـ كەچكىچە ئازاب ئوتىدا ئۆرتەۋاتقاچقا ، كېسىلىمۇ بارغانسېرى ئەدەپ كەتتى .

گېرخاردتنىڭ ئايالىغا كەلسەك ، ئۇ بوشاڭ ، ناقابىل كىشىلەردىن ئەمەس ئىدى ، ئىلگىرى ئۇمۇ خەقنىڭ كىر ـ قاتلىرىنى قانچىلىك بولسا شۇنچىلىك يۇيۇپ ، قالغان ۋاقتىنى بالىلىرىنى كىيىندۈرۈش ، غىزا ئېتىش ، بالىلىرىنى مەكتەپكە يولغا سېلىش ، ئۇلارنىڭ كىيىملىرىنى ياماشتىن باشقا ، يەنە ئېرىنى كۈتۈش بىلەن ئۆتكۈزۈپ كەلگەنىدى ، گاهىدا تېخى ئاز ـ پاز ۋاقىت چىقىرىپ كۆز يېشى قىلىپمۇ ئالاتتى . كونا دۇكاندار ئۇنىڭغا نېسىگە مال بەرمىسە ، ئۇ يىراقراق يەرگە بېرىپ ، باشقا دۇكاننى تېپىپ ، باشتا بىرئاز پۇل بېرىپ هېسابات تۇرغۇزۇۋالاتتى ـ دە ، ئاندىن نېسىگە مال ئېلىپ تىرىكچىلىك قىلاتتى . ئۇ دۇكاندارمۇ باشقىلارنىڭ گېپىگە كىرىپ ، ئۇنىڭغا نېسىگە مال بەرمەيدىغان بولۇپ قالسا ، ئۇ تېخىمۇ يىراق يەرلەرگە قاتراپ دۇكان ئىزدەيتتى . كۆمۈقوناقنىڭ نەرخى ئەرزان بولغاچقا ، بەزىدە ئۆيدە يېگۈدەك بىرەر نەرسە قالمىغاندا ، ئۇ ئۇماچ ئېتىپ بالىلىرىنىڭ قورسىقىنى ئەستەرلەيتتى ، ئۇلارنىڭ هەپتە ـ هەپتىلەپ ئۇماچ بىلەن كۈن ئۆتكۈزگەن چاغلىرىمۇ بولغان . كۆمۈقوناق ئۇنىدىن قىلىنغان ئۇيۇتقا قورساقتا ئاز ـ تولا دال بولىدىغان يوقتىن ياخشىراق غىزا ، ئۇنىڭغا سۈت ئارىلاشتۇرىدىغان بولسا ، بالىلارغا خۇددى زىياپەت ئېشىدەك تېتىپ كېتەتتى ، ياغدا پىشۇرۇلغان ياڭيۇ ئۇلارنىڭ دائىملىق غىزاسى ، قەهۋە بولسا ئەڭ ئەتىۋار ئوزۇقى ئىدى . كۆمۈرنى چېلەك ، سېۋەت بىلەن يېقىن ئەتراپتىكى پويىز ۋوگزالىدىكى رېلىسلارنىڭ ئارىلىقىدىن ، ئوتۇننىمۇ يېقىن ئەتراپتىكى ياغاچچىلىق مەيدانىدىن تېرىپ

كېلىشەتتى. ئۇلار مۇشۇ تەرىقىدە كۈننى بىر ئامالىلاپ ئۆتكۈزۈپ، بارلىق ئۈمىدىنى دادىسىنىڭ كېسىلىنىڭ ساقىيىپ كېتىشىگە، ئەينەك زاۋۇتىنىڭ بالدۇرراق ئىش باشلىشىغا باغلاپ كېلىشىۋاتقانىدى، بىراق قىش يېقىنلىشىپ كەلگەنسېرى، گېرخاردتىنىڭ ئۈمىد يىپىمۇ ئۈزۈلۈشكە باشلىدى.

«مۇنۇ دىشۋارچىلىقتىن تېزرەك قۇتۇلسام ئىدى.» بۇ ئىرادىلىك نېمىسنىڭ ھەمىشە دەيدىغىنى مۇشۇ گەپ ئىدى. شۇ گەپنى دەۋاتقىنىدا زەئىپ ئاۋازىدىن تىت - تىت بولۇۋاتقىنى بىلىنىپ تۇراتتى.

«بالا كەلسە قوشلاپ كەپتۇ» دېگەندەك، ۋېرونىكاغا ئەسۋە چىققىلى بىرنەچچە كۈن بولدى. ھەممەيلەن ئۇنى ئۆلۈپ كېتىدۇ، دېيىشتى. ئاپىسى بولسا جىمى ئىشنى قويۇپ تۇرۇپ، بالىنىڭ بېشىدا پەرۋانە بولدى، ئۇنىڭ ھەققىدە بىكار تۇرماي دۇئا - تىلاۋەت قىلاتتى. ئاۋېنج دوختۇر ئادەمگەرچىلىك يۈزىسىدىن كۈندە بىر قېتىم كېلىپ بالىنىڭ كېسىلىنى كۆڭۈل قويۇپ كۆرۈپ كېتەتتى، لۇدېر مەزھىپىدىكى مىسسىئونېر ۋۇندېر پوپمۇ چېركاۋنىڭ نامىدىن كېلىپ ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى. دەرىجىدىن تاشقىرى كۆچلەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بۇ قارا تونلۇق مۇقەددەس ئەلچىلەر بۇ ئۆيگە سۇرلۇك دىنىي كەيپىيات ئېلىپ كېلىشتى. گېرخاردتىنىڭ ئايالى گويا بالىسىدىن ھازىرلا جۇدا بولۇپ قالىدىغاندەك، دىلخەستە بولۇپ، بالىسىنىڭ يېنىدىن زادىلا نېرى كەتمىدى. ئۈچ كۈن بولدى دېگەندە، خەۋپ - خەتەر ئۆتۈپ كەتتى، بىراق ئۆيدە يېگۈدەك ھېچ نەرسە قالمىدى. سىباستىئوننىڭ مائاشى پۈتۈنلەي دورىغا كەتتى. كۆمۈرنى خالىغانچە بېرىپ تېرىپ كەلگىلى بولغىنى بىلەن، بالىلار بىرنەچچە قېتىم ۋوگزالدىن قوغلىۋېتىلدى. گېرخاردتىنىڭ ئايالى ئىش تاپقىلى بولىدىغان يەرلەرنىڭ ھەممىسىنى بىر - بىرلەپ خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ، يەنە بىر - بىرلەپ ئۈمىدىنى ئۈزىۋەردى، ناھايەت خىيالىغا مۇشۇ ساراي كەلگەندى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ بۇنداق پۇرسەتكە ئېرىشكەنلىكى

ھەقىقەتەن بىر مۆجىزە ئىدى .

— قانچىلىك ھەق ئالىسىز ؟ — دەپ سورىدى ئابال غوجىدار ئۇنىڭدىن .

قانچىلىك ھەق ئېلىشنى ئۆزى دېسە بولىدىغانلىقىنى بۇ خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ باقمىغانىدى ، ئەمما شۇ تاپتا پۇلغا تولىمۇ موھتاج بولغانلىقتىن ، تۇغۇشلۇقراق بولۇشقا باشلىدى .

— كۇنىگە بىر دوللاردىن بولسا ، كۆپ بولماس ؟

— كۆپ ئەمەس ، — دېدى غوجىدار ، — بۇ يەردە ھەپتىسىگە ئاران ئۈچ كۇنلۈك ئىش چىقىدۇ . ھەر كۇنى چۈشتىن كېيىن كەلسىڭىز ، بىردەمدىلا قىلىپ تۈگىتىسىز .

— تازىمۇ بەلەن گەپ بولدى بۇ ، — دېدى گېرخاردتنىڭ ئايالى ، — بۈگۈنلا باشلىۋېتىمىزمۇ ؟

— مەيلى ئەمىسە ، يۈرۈڭ ، مەن سىزگە تازىلايدىغان نەرسىلەرنىڭ ئورنىنى كۆرسىتىپ قوياي .

ئۇلار ھەش - پەش دېگۈچىلا ئىشقا تونۇشۇۋالغان بۇ ساراي — ئۆز زامانىسىدە مۇشۇ شەھەر بويىچە ھەشەمەتلىك كاتتا مېھمانخانا ئىدى . كولومبو مۇشۇ شتاتنىڭ مەركىزى ، ئاھالىسى ئەللىك مىڭ كىشىگە يېتىپ بارىدۇ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە كېلىپ - كېتىپ تۇرىدىغان يولۇچىلارمۇ كۆپ بولغاچقا ، بۇ يەردە مېھمانخانا تىجارىتى يۈرگۈزۈشنىڭ تازا ئىستىقبالى بار ئىدى . بىرنەچچە يىلنىڭ مابەينىدە ، بۇ شەھەر تېخىمۇ ئاۋات تۈسكە كىردى ، كولومبونىڭ ئاھالىسىمۇ بۇنىڭدىن ئىپتىخارلىق ھېس قىلىشاتتى . بەش قەۋەتلىك بۇ سارايىنىڭ ئىگىلىگەن كۆلىمى ناھايىتى زور بولۇپ ، ئۇ مەركىزىي مەيداننىڭ بىر بۇرجىكىگە جايلاشقان ، ئۇنىڭدا مەجلىسخانىدىن تارتىپ دۇكانغىچە ھەممىسى بار ئىدى . سارايىنىڭ قوبۇلخانا ئۆيى ناھايىتى چوڭ ، يېقىندا يەنە باشتىن - ئاياغ زىننەتلەپ چىقىلغان . پول ۋە تاملىرى پۈتۈنلەي مەرمەر تاشتىن قىلىنغان ، يەنە كېلىپ دائىم سۈرتۈلۈپ تۇرغاچقا ، كۆزنى قاماشتۇرۇپ تۇرىدۇ . مېھمانخانا زالىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا كەڭ

پەلەمپەي بار ، پەلەمپەينىڭ ئىككى چېتى سىرلىق مىستىن قۇيۇلغان ۋادەك بىلەن چىتلانغان ، ۋادەكنىڭ ئۈستىگە ياڭاق ياغىچىدىن تۇتقۇچ بېكىتىلگەن . پەلەمپەينىڭ تۆۋىدىكى كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان بىر بۇلۇڭدا گېزىت بىلەن تاماكا ساتىدىغان مەخسۇس پەشتاختا بار . پەلەمپەي ئايلانمىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بايا بىز تەسۋىرلەپ ئۆتكەن بوغالتىر ئۈستىلى ۋە ئىشخانا جايلاشقان بولۇپ ، ئۇ جاي قاتتىق تاختايدىن قىلىنغان دىۋار ئىچىگە ئېلىنغان ھەم يېڭى شەكىللىك گازۋاي لامپا بىلەن زىننەتلەنگەن . قوبۇلخانىنىڭ بىر چېتىدە ئىشىك بار ، ئۇ ئىشىكتىن ئۆينىڭ ئىچىدىكى قاتار - قاتار قويۇلغان ساپالار ۋە ساقال - بۇرۇت ئېلىشقا ئىشلىتىلىدىغان ئىستاكانلارغا كۆز يۈگۈرتۈپ باقسىلا ، بۇ يەرنىڭ ساتىراشخانا ئىكەنلىكىنى پەملىۋالغىلى بولىدۇ . سارايىنىڭ سىرتىدا ھەر ۋاقىت ئىككى - ئۈچ كوچا ئاپتوبۇسى توختىتىپ قويۇلغانلىقى كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ . بۇ ئاپتوبۇسلار پويىزنىڭ ۋاقتىغا ماس ھالدا قاتناپ تۇراتتى .

بۇ ساراي مۇشۇ شتاتنىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ساھەسىدىكى داڭدار شەخسلەر چۈشىدىغان مېھمانخانا ئىدى . بىرنەچچە شتات باشلىقى ۋەزىپە ئۆتەش مەزگىلىدە بۇ يەرنى مۇقىم قونالغۇ قىلىۋالغانىدى . قوشما شتات كېڭەش پالاتاسىنىڭ ئىككى ئەزاسىمۇ ھەر دورەم كولومبوغا ئىش بىلەن كەلگىنىدە ، بۇ سارايدىن مەجلىسخانىسى بار بىر يۇرۇش ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ تۇرۇشاتتى . كېڭەش پالاتا ئەزاسى براند مانا مۇشۇلارنىڭ بىرى ، ساراي خوجايىنى ئۇنى دائىملىق خېرىدارىمىز ، دەيتتى . چۈنكى ئۇ كىشى مۇشۇ شەھەرگە يەرلىك ، يەنە كېلىپ بويتاق ئادەم ئىدى . بۇ يەردە ئانچە ئۇزاق تۇرمايدىغان باشقا مېھمانلارنى ئالساق ، ئۇلار ئىچىدە ئاۋام پالاتا ئەزاسى ، شتات پارلامېنتىنىڭ ئەزالىرى ھەم سىرتتىن كەلگەن سەيياھلار ، سودىگەرلەر ، مەخسۇس كاسىپلار ، ھەتتا كەسپى نائېنىق كىشىلەرمۇ بار ، بۇ كىشىلەر كېلىپ - كېتىپ يۈرۈپ ، خۇددى ئويۇنچۇق دۇنياسىدەك رەڭگارەڭ ھەم

www.uyghurkitap.com

قايناق مەنزىرىنى ھاسىل قىلاتتى .

ئانا ـ بالا ئىككىيلەن بەرق ئۇرۇپ تۇرغان بۇ ئاجايىپ دۇنياغا كىرىپ قېلىپ ، ھودۇققىنىدىن دېمىنىمۇ چىقىرالماي قېلىشتى . بىرەر چاتاق تېرىپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ ، ئىش قىلغاندا قاتتىق ئېھتىياتچان بولۇشتى . ئۇلارغا ئۆزلىرى تازىلاۋاتقان ، پولغا قىزىل گىلەم سېلىنغان بۇ زال بەئەينى خان ئوردىسىدىكىدەك ھەشەمەتلىك كۆرۈنۈپ كەتتى ؛ ئۇلار بېشىنى يەردىن ئۇستۇن قىلىشقىمۇ پېتىنالماي ، بىر ـ بىرىگە گەپ قىلغاندا شىۋىرلىشىپ گەپ قىلىشتى . نۆۋەت پەلەمپەينىڭ شادىلىرىنى سۈرتۈشكە كەلگەندە ، ئۇلارغا تېخىمۇ غەيرەت قىلىشقا توغرا كەلدى . چۈنكى ئانىسى بەكلا تارتىنىپ ـ قورۇنۇپ كېتىۋاتاتتى ، قىزىمۇ ئۆزلىرىنىڭ مۇشۇ ئەپتى بىلەن زالدىكى كىشىلەرنىڭ ئالدىدا نومۇس قىلىۋاتاتتى . پەلەمپەينىڭ تۆۋىنى بايا بىز تەرىپلەپ ئۆتكەن سەلتەنەتلىك قوبۇلخانا ئىدى ، ئۇ يەردە گاھىبىرلىرى بىكاردىن ـ بىكار ، گاھىبىرلىرى تاماكا چېكىپ ئولتۇرۇشۇپتۇ ، كىرىپ ـ چىقىۋاتقانلارنىڭ ئايىغى ھېچ ئۈزۈلمىدىغاندەك ئەمەس . ئانا ـ بالا ئىككىيلەن كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن زادىلا خالىي بولالمايۋاتاتتى .

— بۇ يەر ئەجەب چىرايلىق ئىكەن ـ ھە ؟ — جېنىنى فيېق شىۋىرلاپ سورىدى .

— ھەئە ، ئۇنى بىر دېمە ، — دېدى ئاپىسى جاۋابەن ، شۇ تاپتا ئۇ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ قوپال قوللىرى بىلەن پولنى كۆچەپ سۈرتۈۋاتقانىدى .

— بۇنداق يەردە ياتسا جىق پۇل كېتىدىغاندۇ ، شۇنداقمۇ ؟

— شۇنداق ، — دېدى ئاپىسى ، — ئېسىڭدە بولسۇن ، ماۋۇ بولۇڭچاقنىمۇ سۈرتۈش كېرەك . قارىغىنا ، بىرمۇنچە يەرنى ئالا قويۇپسەن .

بۇ سۆزلەر جېنىنىڭ كۆڭلىگە تەگكەن بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ بىر خىلدا ئىشىنى داۋام قىلىۋەردى ، ئاپىسىغا قاراشتىنمۇ ئەيمىنىپ ، بېشىنى ئىچىگە تىقىپ ھەدەپ پول سۈرتۈش بىلەنلا

بولۇپ كەتتى .
ئانا ـ بالا ئىككىيلەن ئۈستۈنكى قەۋەتتىن تاكى ئاستىنقى قەۋەتكىچە تازىلاپ سائەت بەشكە قەدەر ئىشلىدى، تاشقىرىنى قاراڭغۇلۇق ئۆز قوينىغا ئېلىپ، زالنىڭ ئىچىدىكى چىراغلار ۋاللىدە يورۇپ كەتكەن چاغدا، ئۇلار پەلەمپەينىڭ ئاخىرقى باسقۇچلىرىنى سۈرتۈپ بولاي دەپ قالغانىدى .
شۇ ئەسنادا چوڭ ئايلانما ئىشىك ئېچىلىپ، تاشقىرىدىكى سوغۇق دۇنيادىن مېھمانخانىغا قامەتلىك بىر ئەرباب كىرىپ كەلدى، تاۋاردىن تىكىلگەن شلەپىسى، كەڭ، ھەربىيچە پلاشى بىر توپ بىكار تەلەپ كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا، ئۇنىڭ مۇھىم بىر شەخس ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى . قارىمۇتۇق كەلگەن چىرايى سۇرلۇك كۆرۈنگەندەك قىلسىمۇ، لېكىن يەنە مۇنداق بىر قارىماققا ئۇنىڭ ئوچۇق مىجەزلىك، كۆڭلى يۇمشاق كىشى ئىكەنلىكى زاھىر بولۇپ تۇراتتى، چولپان كۆزلىرىنىڭ ئۈستىگە قاپقارا، ئۆسكىلەڭ قاشلىرى تاشلىنىپ تۇرۇپتۇ، ئۇ يېزىق ئۈستىلىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاچ، ئۆزىگە ئالدىن تەييارلاپ قويۇلغان ئاچقۇچنى قولىغا ئالدى ـ دە، پەلەمپەي بىلەن يۇقىرىغا ئۆرلىدى .
ئۇ ئۆزىنىڭ ئايىغى ئاستىدا پولنى سۈرتۈۋاتقان جۇۋاننى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنىڭغا ئاتايىن يول بەردى ـ دە، «ئۆزىڭىزنى قاچۇرمىسىڭىزمۇ بولىدۇ» دېگەندەك مەندە، مۇلايىملىق بىلەن قولىنى شىلتىپ قويدى .
لېكىن، قىزچاق ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كېتىپ، ئۇ كىشىگە قارىغىنىچە جايىدا قېتىپلا قالدى، ئۇنىڭ ئالاقزادىلىككە تولغان كۆزلىرىدىن ئۆزىنىڭ بۇ كىشىنىڭ يولىنى توسۇپ قويۇشىدىن ئەندىشە قىلىۋاتقىنى بىلىنىپ تۇراتتى .
ئۇ كىشى قىزغا ئېگىلىپ سالام بېرىپ، خۇش تەبەسسۇم بىلەن :
— مالال بولمىغايسىز، — دېۋىدى، جېنىنى يېقىملىققىنا جىلمىيىپ قويدى .

بايىقى كىشى پەلەمپەيىنىڭ ئۈستۈنكى باسقۇچىغا چىقىپ بولۇپ، ئىختىيارسىز ئارقىسىغا ئۆرۈلدى ـ دە، قىزغا قىيا نەزەر تاشلىدى، مانا شۇ چاغدىلا ئاندىن بۇ قىزنىڭ ئادەمنىڭ ئىچى كۆيگۈدەك دەرىجىدە چىرايلىق ئىكەنلىكىنى ئېنىق بايقىدى. ئۇنىڭ كۆز نەزىرى قىزنىڭ ئاپئاق، كەڭ ماڭلىيى، سىلىق تارالغان ئىككى تال ئۆرۈمە چېچى ئۈستىدىن يۈگۈرۈپ ئۆتۈپ، ئۇنىڭ زەڭگەر كۆزلىرى، يۇمران ئەتلىرى ئۈستىدە چاپتى، ھەتتا قىزچاقنىڭ لەۋلىرى ۋە دۇپدۇگىلەك ئېڭىكى، بولۇپمۇ ياشلىق لاتاپىتى ۋە ساغلاملىق بەرق ئۇرۇپ تۇرغان، ئوتتۇرا ياشلىق كىشىلەر ياراتقۇچى ئاللادىن تىلەشكە ئەرزىيدۇ دەپ قارايدىغان ئاشۇنداق بەختىيارلىق مۇجەسسەم قىلىنغان خۇش پىچىم فىگۇرىسىنى بەھۇزۇر تاماشا قىلدى. ئۇ بۇلارنى كۆز ئۆڭىدىن بىر قۇر ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئىتتىك ئالغا يۈرۈپ كەتتى، لېكىن قىزچاقنىڭ جەلپكار سىيماسى ئۇنىڭ مېڭىسىگە مەھكەم ئورنىشىپ قالدى. بۇ كىشى دەل ھېلىقى ياش كېڭەش پالاتا ئەزاسى گېئورگى شۇئالفوستو براند جانابلىرى ئىدى.

— بايامقى كىشى ئەجەبمۇ كېلىشكەن ئىكەن ـ ھە؟ — دەپ سورىدى جېننى بىرپەستىن كېيىن.

— راست، ھەقىقەتەن كېلىشكەن ئىكەن، — دېدى ئاپىسى.

— ئۇ كىشى تېخى ئالتۇن ساپلىق ھاسا تۇتۇۋاپتۇ.

— بىراۋ يېنىڭدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا كۆزۈڭنى پارقىرىتىپ قاراۋەرمە، — دېدى ئاپىسى دانىشمەنلەرچە نەسىھەت قىلىپ، — بۇنداق قىلساڭ سەت تۇرىدۇ.

— مەن ئۇ كىشىگە تىكىلىپ قارىمىدىم، — دېدى جېننى ساددىلىق بىلەن، — ئۇ ئۆزى ماڭا ئېگىلىپ سالام قىلدى.

— بوپتۇ ئەمىسە، ھەرھالدا سەن خەققە ئانچە دىققەت قىلىپ قارىما، خەق ياقتۇرماسلىقى مۇمكىن، — دېدى ئاپىسى.

جېننى ئۈندىمەي يەنە ئىشقا كىرىشىپ كەتتى، بىراق بۇ ئاجايىپ دۇنيانىڭ سېھرىي كۈچى ئۇنىڭ سەزگۈ ئەزالىرىنى

ئاللىبۇرۇنلا ئۆزىگە رام قىلىۋالغانىدى . ئۆپچۆرىسىدە داۋام قىلىۋاتقان شاد ـ خۇراملىق ۋە كۈلكە ـ چاقچاقلار ھەدەپ ئۇنىڭ دىققىتىنى چالغىتماقتا . چوڭ قوبۇلخانىنىڭ بىر يېنىدىكى ئاشخانىدىن ئاڭلىنىۋاتقان چىنە ـ تەخسىلەرنىڭ جاراڭلىغان ئاۋازلىرى ئۇ يەردىكى كەچكى غىزانىڭ راسكارلىقى كېتىۋاتقىنىدىن دېرەك بەرمەكتە . قوبۇلخانىنىڭ ئىچىدە كىمدۇر بىرى پىئانىنو چېلىۋاتىدۇ . بۇ يەردە كەچكى غىزادىن ئىلگىرىكى دائىملىق خاتىرجەملىك ۋە بەھۇزۇرلۇق ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى . بۇ خىل كەيپىيات بۇ سەۋەبي ، ئىشچان قىزنىڭ يۈرىكىگە بىر خىل ئۇمىد ئوتىنى ياقتى ، چۈنكى ھازىر ئۇنىڭ راسا قىۋۋناق چاغلىرى بولغاچقا ، نامراتلىق ئۇنىڭ گۆدەك قەلبىنى غەم ـ تەشۋىش بىلەن مالال قىلىشقا تېخى ئۈلگۈرمىگەنىدى . ئۇ بېشىنىمۇ كۆتۈرمەي ، پولنى ئىخلاس بىلەن سۈرتمەكتە ، گاھىدا تېخى قېشىدىلا ئۆزىچە بىرنېمىلەرنى غىڭشىپ قويۇپ ، تەرلەپ ـ پىشىپ ئىشلەۋاتقان ، يۈز ـ كۆزىنى قورۇق بېسىپ كەتكەن جاپاكەش ئاپىسىنىمۇ ئۇنتۇغان ھالدا ، خىيال ئالىمىگە سەپەر قىلىپ قالاتتى ، ئۇنىڭغا ئۆپچۆرىسىدىكى جىمى نەرسە شۇنچە سېھىرلىك تۇيۇلاتتىكى ، ئۆزىنىڭمۇ شۇ سېھىرىي دۇنيادىن بىر ئۈلۈش نېسىۋىگە ئېرىشكۈسى كېلىپ كېتەتتى .

سائەت بەش يېرىم بولغاندا ، ئايال غوجىدار ئۇلارنى ئېسىگە ئېلىپ ، قايتىشقا ئىجازەت بەردى . ئانا ـ بالا ئىككىسى يېنىككىنە بىر تىن ئېلىشتى ـ دە ، ئۆزلىرى ھېلىلا سۈرتۈپ تازىلاپ بولغان پەلەمپەينىڭ يېنىدىن قوزغىلىشتى . قوللىرىدىكى سايمانلىرىنى بىر جايغا قويۇپ ، دەررۇ ئۆيگە قايتىشقا تەرەددۇتلىنىشتى . بولۇپمۇ ، ئانا شۇنچىلىك بولسىمۇ ھەرھالدا ئۆزلىرىگە تۇشلۇق ئىش تېپىلغىنىدىن قەۋەتلا خۇرسەن ئىدى .

قاتار ـ قاتار سېلىنغان چىرايلىق ئۆيلەرنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىشىۋاتقىنىدا ، جېننىنىڭ قەلبىدە بۈگۈن مېھمانخانىدا كۆرگەن ئاجايىپ تۇرمۇش بىخلاتقان بايىقى غۇۋۋا سېزىم يەنە باش كۆتۈردى .

www.uyghurkitap.com

— پۇل بولسىلا جانغا كۆپ ئارام ئەمەسمۇ ـ ھە؟
— ئۇنى بىر دېمە، — دېدى ئاپىسى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئەس ـ يادى ئۆيدە ئاغرىپ ياتقان ۋېرونىكادا ئىدى.
— مېھمانخانىدىكى تاماق زالىنىڭ چوڭلۇقىنى كۆردىڭىزمۇ؟
— كۆردۈم.
ئۇلار پاكار ـ پاكار ئۆيلەرنىڭ ئالدىدىن خازانلارنى غاچىلدىتىپ دەسسەشكىنىچە ئۆتۈپ كېتىشىۋاتاتتى.
«بىزنىڭمۇ شۇنداق جىق پۇلىمىز بولغان بولسىچۇ» دېدى جېنىنى ئۆزىگە ئۆزى سۆزلەپ.
— قانداق قىلساق بولاركىن، — دېدى ئاپىسى ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ، — ئۆيدە يېگۈدەك بىرەر نەرسىمۇ يوقتۇر ھەرقاچان.
— بائۇمىن ئەپەندىنىڭ قېشىغا يەنە بېرىپ باقمايمىزمۇ، — دېدى جېنىنى ئاۋازىنى سەل چىقىرىپ، ئاپىسىنىڭ ئۈمىدسىز نىداسى ئۇنىڭ تۇغما مېھرىبانلىقىنى قوزغاپ قويغانىدى.
— سىېنىڭچە ئۇ ئەمدى بىزگە ئىشىنەرمۇ؟
— ئۇنىڭغا قەيەردە ئىشلەۋاتقىنىمىزنى ئېيتايلى، بولمىسا مەن دەي.
— مەيلى ئەمىسە، — دېدى ئانا ھارغىن ئاۋازدا.
ئۇلار ئۆيىگە ئىككى كوچا كېلىدىغان يەردىكى چىرىغى غۇۋا يېنىپ تۇرغان كىچىككىنە مىلىچمال دۇكىنىغا دېلىغۇللۇق ئىچىدە تەۋەككۇل قىلىپ كىرىپ كېلىشتى. ئانا ئېغىز ئاچاي دېگۈچە، جېنىنى شارتتىدە گەپنى تارتىۋېلىپ سۆزلەپ كەتتى:
— بۈگۈن بىزگە ئازراق بولكا بىلەن توزلىغان گۆش بېرىپ تۇرامسىز؟ ھازىر بىز كولومبو سارىيىدا ئىشلەۋاتىمىز، پۇلنى شەنبە كۈنى چوقۇم تۆلىۋېتىمىز.
— شۇنداق، — دېدى ئاپىسى قوشۇمچىلا، — بىز ھازىر ئىش تاپتۇق.
بائۇمىن ئۇلارنىڭ ئۆيدە ئاغرىق ـ سىلاق بولمىغان،

نامراتلىقمۇ بوسۇغىسىغا تېخى يولىمىغان چاغلىرىدىن بېرى ئۇلار بىلەن ئېلىم ـ بېرىم قىلىپ كېلىۋاتقانىدى ، شۇڭا بۇلارنىڭ راست گەپ قىلىۋاتقىنىنى بىلدى .

— ئۇ يەردە ئىشلەۋاتقىنىڭلارغا قانچە ئۇزاق بولدى ؟ — دەپ سورىدى ئۇ .

— تېخى بۇگۈن چۈشتىن كېيىندىن باشلاپ ئىشلەۋاتىمىز .

— مېنىڭ هال ـ ئوقىتىم سىزگە مەلۇملۇق ، خانىم ، — دېدى ئۇ ، — بۇنداق دېسەم ، مېنى ئۆزىنى قاچۇرۇۋاتىدۇ ، دەپ ئويلاپ قالمىغايسىز . گېرخاردت ئەپەندىگۇ لەۋزىدە تۇرىدىغان ئادەم ، بىراق مەن ئۆزۈممۇ ئانچە باي ئەمەسمەن ـ دە . جاهاندارچىلىق قىلماق قىيىن بولۇپ كېتىۋاتىدۇغۇتاڭ ، — ئۇ يەنە قوشۇمچىلاپ قويدى ، — مەنمۇ بالىۋاقىلىرىمنى بېقىشىم كېرەك .

— بۇ دېگىنىڭىزغۇ راست ، بۇنى مەنمۇ چۈشىنىمەن ، — دېدى گېرخاردتنىڭ ئايالى بوش ئاۋازدا .

ئۇنىڭ ئىشلەپ قىزىرىپ كەتكەن قوللىرى ئەسكى تىتۈت رومىلىنىڭ تېگىدە هەدەپ قىمىرلايتتى . جېنىنى لەۋلىرىنى چىڭ يۇمغىنىچە بىر چەتتە قاراپ تۇرۇۋپلا قالدى .

— بوپتۇلا ، — دېدى بائۇمېن ئەپەندى ناهايەت ، — بۇ قېتىممۇ مەيلى دەي ، لېكىنزە پۇلنى شەنبە كۈنى ئىلاجى بار تۆلىۋېتىڭ جۇمۇ .

ئۇ بولكا بىلەن تۇزلانغان گۆشنى بىرگە ئوراپ جېنىغا سۇندى ـ دە ، سەل زىتىغا تەگكەن تەلەپپۇزدا :

— يەنە قولۇڭلار پۇل كۆرگەندە باشقا يەرنى تېپىۋالارسىلەر ـ مىكىن ، — دېدى .

— يوقسۇ ، — دېدى گېرخاردتنىڭ ئايالى ، — سىز بىلمەيدىغان ئىش بولامدۇ ؟ — شۇ گەپنى قىلىۋېتىپ يۈرىكى سەل ئاغقاندەك بولدى ـ دە ، گېپىنى توختىتىۋالدى .

ئۇلار قاراڭغۇ كوچىغا چىقىشتى ، پاكار ـ پاكار ئۆيلەرنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ ، ئۇدۇل ئۆزلىرىنىڭ ئۆيى تامان يول ئېلىشتى .

ئۆيگە يېقىنلاپ قالغاندا ، ئاپىسى ھارغىن ئاۋازدا :
— ئۇلار كۆمۈر ئەكېلىپ قويۇشقانمىدۇر ؟ — دەپ سوراپ قالدى .
— سىز غەم قىلماڭا ، — دېدى قىزى ، — ئۇلار ئەكېلىشمىگەن بولسا ، مەن بېرىپ ئەكېلىمەن .
— بىرەيلەن بىزنى قوغلىۋەتتى ، — دېدى ئالاقزادىلىككە چۆمگەن گېئورگى ئاپىسى كۆمۈرنىڭ ئىشىنى سورىغاندا ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ ، — شۇنداق بولسىمۇ ئازراق ئېلىۋالالىدىم ، — دېدى ئۇ ، — ۋاگوننىڭ ئۈستىدىن يەرگە تاشلاۋەردىم .
گېرخاردتنىڭ ئايالى مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى ، جېنىنى بولسا قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى .
— ۋېرونىكا قانداقراق ؟ — دەپ سورىدى ئۇ .
— ئۇ ئۇخلاپ قالدى بولغاي ، — دېدى دادىسى ، — سائەت بەشتە ئۇنىڭغا يەنە دورا ئىچۈرۈپ قويغانىدىم .
غورىگىل كەچكى غىزانىڭ راسكارلىقى بولۇۋاتقان پەيتتە ، ئانا ئاغرىپ ياتقان بالىسىنىڭ كارىۋىتى يېنىغا كېلىپ ، ئادىتى بويىچە كارىۋات يېنىدا تۈنەشكە ھازىر بولدى .
تاماق ۋاقتىدا ، سىباستىئون بىر تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدى . ئۇ جەمئىيەتتە ۋە سودىدا ئىشنىڭ خېلى ئەلمى - تەلمىنى ئېلىپ قالغانىدى ، شۇڭا ھەممەيلەن ئۇنىڭ تەكلىپىنى ئويلىشىپ كۆرۈشكە ئەرزىيدىكەن دەپ قاراشتى . ئۇ گەرچە ئاپتوموبىل ياساش ئۈستىسىنىڭ شاگىرتى بولغىنى ، يەنە كېلىپ ئۆزى چىش - تىرنىقىغىچە ئۆچ بولغان لۇدېر مەزھىپىنىڭ دىنىي ئەقىدىلىرىدىن ئۆزگە ھېچقانداق تەربىيە كۆرمىگىنى بىلەن ، ئامېرىكىلىقلارغا خاس تەبىئەت ۋە كۈچ - قۇۋۋەتنى ئۆزىدە مۇجەسسەم قىلغانىدى . كىشىلەر ئۇنىڭغا سوۋغا قىلغان «باس» دېگەن بۇ ئىسمىمۇ ئۇنىڭغا تازا ماس كېلەتتى . ئۇ تۇرقىدىن بەستلىك ، كۈچتۈڭگۈر كۆرۈنەتتى . يېشىغا بېقىپ چىراي - شەكلىمۇ خېلى جايىدا ، قارىماققا تىپىك شەھەر ياشلىرىنىڭ ئۆزى ئىدى . ئۇنىڭ ئەزەلدىنلا

بىر خىل كىشىلىك تۇرمۇش پەلسەپىسى بار ئىدى ، ئۇنىڭ قارىشىچە ، بىرەر كىشى مۇۋەپپەقىيەت قازانماقچى بولىدىكەن ، ئاز - تولا ھەرىكەت قىلىشى — جەمئىيەتتە يۈز - ئابرۇيى بار مۇھىم شەخسلەردىن دوست تۇتۇشى كېرەكمىش ، ھېچبولمىغاندا ، ئۇلار بىلەن دوستلىشىپ يۈرگەندەك قىياپەتكە كىرىۋالسىمۇ بولارمىش .

دەل شۇ پەلسەپىنىڭ تەسىرىدىن بولسا كېرەك ، بۇ يىگىت ۋاقىت تاپسىلا كولومبو سارىيى تەرەپكە بېرىپ ، ئۇياق - بۇياقنى ئەگىپ يۈرۈشكە ئامراق ئىدى . ئۇ بۇ سارايني جەمئىيەتتىكى نام - ئابرۇيى بار كىشىلەر مەركەزلەشكەن جاي ، دەپ قارايتتى . شۇڭا ، قولىغا پۇل كىرگەن ھامان ، بىرقۇر چىرايلىق كىيىم سېتىۋالاتتى - دە ، ھەر كۈنى ئاخشىمى شەھەرگە كىرىپ ، ئۈچ - تۆت ئاغىنىسى بىلەن سارايىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا بىكاردىن - بىكار ئۇياقتىن - بۇياققا لاغايلاپ يۈرەتتى . ئاغزىغا سىگارتنى قىستۇرۇۋېلىپ ، ئۈچىسىدىكى مودىلىق كىيىمنى يېنىككىنە قېقىپ قويۇپ ، قىزلارنى پايلاپ تۇرۇپ كېتىشلىرىچۇ تېخى . مەيلى شەھەردىكى قۇرۇق سۆلەت بايۋەچچىلەر بولسۇن ۋە ياكى بۇ يەرگە چېچىنى ياسانقىلى ، ۋىسكى ئىچكىلى كېلىدىغان ياش باللار بولسۇن ، ئومۇمەن مۇشۇ ئېقىمدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىۋاسى ئۇنىڭدا ھەۋەس قوزغايتتى ، ئۇنىڭ شۇلار بىلەن بەسلەشكۈسى كېلەتتى . كىيىم دېگەنمۇ يوغان نېمە - دە . بىراۋ ناۋادا ئۈچىسىغا چىرايلىق كىيىم كىيىپ ، قوللىرىغا ئۈزۈك سېلىپ ، كۆكرىكىگە بۇلاپكا تاقىۋالىدىغان بولسا بارغۇ ، ئۆزىنىڭ قانداق ئىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقىنىدىن قەتئىينەزەر ، كىشىگە دۇرۇس ئادەمدەك كۆرۈنىدۇ . ئۇ مۇشۇ قاتاردىكى كىشىلەردىن بولماقچىكەن ، ئۇنداقتا مۇشۇ خىلدىكى كىشىلەرنى ئاز - تولا ئۆلگە قىلىشى كېرەك . مانا شۇ سەۋەبتىن ، ئۇنىڭ مېشچانلارچە تۇرمۇش تەجرىبىسى ناھايىتى تېزلا ئۆلغىيىپ بارماقتا ئىدى .

— سىلەر سارايغا چۈشكەن مېھمانلارنىڭ كىم - قاتلىرىنى

ئۆيگە ئەكېلىپ يۇساڭلار بولمامدۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ جېنىنى ئۆزلىرىنىڭ بوگوڭكى يېرىم كۈنلۈك سەرگۈزەشتىنى سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن، — بۇ، پەلەمپەينى تازىلىغاندىنغۇ مىلىڭ ياخشى.

— قانداق سورايمىز؟ — دېدى جېنىنى.

— قانداق دەمسەن، بىربىلا غوجىدارىدىن سورايسەن — دە.

بۇ مەسلىھەت جېنىنىغا خېلى جېنى بار مەسلىھەتتەك تۇيۇلدى.

— ئۇ يەردە مېنى ئۇچرىتىپ قالساڭ، ماڭا گەپ قىلما جۇمۇ، — دېدى باس يەنە ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ، — مېنى تونۇيدىغانلىقىڭنى چاندۇرۇپ قويما.

— نېمە ئۈچۈن؟ — جېنىنى ساددىلىق بىلەن سورىدى.

— ئۇھوي، نېمە ئۈچۈنلۈكىنى ئۆزۈڭ بىلىسەن — دە، — دېدى باس جاۋابەن. ئۇلارنىڭ ئۈستىبېشى مۇشۇنچىۋالا ئۇسال بولغاچقا، ئۇ بولارنى قېرىندىشىم دېيىشتىن نومۇس قىلىدىغانلىقىنى بۇرۇنلا ئېيتقانىدى، — مېنى كۆرمىگەنگە سالساڭلا بولدى، ئۇقتۇڭمۇ؟

— ئۇقتۇم، — دېدى جېنىنى مۇلايىملىق بىلەن. ئاكىسىنىڭ يېشى ئۇنىڭدىن ئاران بىر ياش پەرق قىلىدىغان بولسىمۇ، ھەرھالدا ئاكا دېگەن ئاكا — دە، ئۇنىڭ گېپىگە كىرمەي بولامدۇ.

ئەتىسى سارايغا كېتىۋېتىپ، يولدا بۇ ئىشنى ئاپىسىغا ئېيتتى.

— باس بىزنى سارايدىن كىر — قاتلارنى ئۆيگە ئەكېلىپ يۇساڭلار بولمامدۇ، دەيدۇ.

ئانا ئۆزلىرىنىڭ ئالتە قېتىملىق چۈشتىن كېيىن تاپىدىغان ئۈچ دوللار پۇلىنى يەنە قانداق قىلىپ ئاۋۇتۇش توغرۇلۇق كېچىچە باش قاتۇرۇپ چىقىپمۇ بىرەر يولىنى تاپالمىغانىدى، شۇڭا ئۇمۇ بۇ مەسلىھەتنى ماقۇل كۆردى.

— بۇ بولىدىغان گەپ ئىكەن، — دېدى ئۇ، — مەن بېرىپ بوغالتىردىن سوراپ باقاي.

بىراق سارايغا بارغاندىن كېيىن، ئۇلارغا دەرمەھەل بۇ گەپنى

سوراشقا پۇرسەت چىقماي قالدى . كېلىپلا ئىشقا تۇتۇنۇشتى ، كەچ كىرگەندە ، ئىش ئۆزىچىلا ئوڭغا تارتىپ قالدى ، ئايال غوجىدار ئۇلارنى بوغالتىرنىڭ ئۇستىلىنىڭ ئارقىسىدىكى پولنى سۇرتۇشكە بۇيرۇدى . بۇ ئانا ـ بالا ئىككىيلەن بوغالتىرنىڭ كۆزىگە خېلىلا سىڭىشىپ قالغان ؛ بۇ ئايالنىڭ مېھرى ئىسسىق ، غەمكىن چىرايى ، قىزچاقنىڭ جەزبىلىك چېھرى ئۇنىڭغا يېقىپ قالغانىدى . شۇڭلاشقا ، گېرخاردتنىڭ ئايالى ئىچىدە يېرىم كۈن پىشۇرغان ھېلىقى گەپنى دېلىغۇللۇق ئىچىدە تەۋەككۈلگىلا ئېيتقاندا ، ئۇ سەۋرچانلىق بىلەن تىڭشاپ تۇردى .

— بۇ يەردە بىزگە كىر ـ قاتلىرىنى يۇدۇرىدىغان بىرەر ئەپەندى بارمىدۇ ؟ — دېدى گېرخاردتنىڭ ئايالى ، — ناۋادا بولسا ، مەن ئۇ كىشىگە تۆگمەس ھەشقاللا ئېيتقان بولار ئىدىم .

بوغالتىر ئۇنىڭ بىتاقەت بولۇپ تۇرغان چىرايىغا بىر قاراپلا ، بۇلارنىڭ غۇربەتچىلىكتە نەقەدەر قىينىلىۋاتقىنىنى چۈشەندى .

— قېنى ئويلاپ باقايچۇ ، — شۇ گەپنى قىلىۋاتقان چېغىدا ئۇنىڭ يادىغا كېڭەش پالاتا ئەزاسى[1] براند بىلەن مارشال خوبكىن كەلدى . بۇ ئىككىلىسى ئاق كۆڭۈل كىشىلەر ئىدى ، بوغالتىردا بۇ مەزلۇمغا بىر ياخشىلىق قىلىپ قويۇش ئويى پەيدا بولدى .

— سىز ئۇستىگە چىقىپ كېڭەش ئەزاسى براندقا دەپ بېقىڭا ، — دېدى ئۇ ، — ئۇياق يىگىرمە ئىككىنچى خانىدا تۇرىدۇ ، ماۋۇنى ئېلىۋېلىڭ ، — ئۇ بىر باغاقچىگە ئۆي نومۇرىنى يېزىپ ئايالغا سۇندى ، — تارتىنماي چىقىۋېرىڭ ، مېنى چىقارتتى دەڭ .

گېرخاردتنىڭ ئايالى تەسىرلەنگىنىدىن تىترەپ كەتتى ، قولىنى باغاقچىگە ئۇزىتىۋاتقىنىدا ، نەزىرى ناتونۇش يېزىقلارغا ئاغدۇرۇلدى .

— ئەمىسە شۇنداق بولسۇن ، — دېدى بوغالتىر ئۇنىڭ كەيپىياتىنى كۆزەتكەچ ، — ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا چىقىپ قاراپ

---

[1] قوشما شتات پارلامېنتىنىڭ كېڭەش پالاتا ئەزاسى ، تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «كېڭەش ئەزاسى» دەپ ئېلىندى . — ت .

بىقىلىك ، بۇنداق مەھەلدە ئۇ كىشىنى ئۆزىنىڭ خانىسىدىن تاپقىلى بولىدۇ .

گىبرخاردتنىڭ ئايالى يىگىرمە ئىككىنچى نومۇرلۇق خانىنىڭ ئالدىغا كەلدى ـ دە ، يۈرەكئالدى بولۇپ ئىشىكنى چەكتى . جىيىنى ئۇن ـ تىنسىز ئاپىسىنىڭ ئارقىسىدىن بىللە كەلدى .

ئىشىك ئىچىلىغاندا ھىلىقى كىڭەش ئەزاسى ئەپەندى گويا نۇرغا يۆگەلگەندەك ، ئۆيىنىڭ ئىچىدە ئۆرە تۇرغانىدى ، ئۇچىسىدا چىرايلىقىنا ئۆيئىچىلىك خالات ، شۇ تۇرقىدا ئۇ بۇلار دەسلەپ كۆرگەن چاغدىكىدىن خېلىلا ياش كۆرۈنەتتى .

— ئوھو ، سىزمىدىڭىز ، خانىم ، — دېدى ئۇ ، بۇلارنى بولۇپمۇ ماۋۇ قىزچاقنى بىر قاراپلا تونۇۋالغانىدى ، — مېنى بىر ئىش بىلەن ئىزدەپ كەلگەنمىدىڭىزلەر ؟

ئانا ئىزا تارتقىنىدىن ، دەماللىققا بىرنېمە دېيەلمەي تۇرۇپ قالدى .

— بىز كىر ـ قاتلىرىڭىز بولسا ، يۇيۇپ بەرسەكمىكىن ، دەپ كېلىۋىدۇق .

— يۇيۇپ بەرسەك ؟ — ئۇ ئاجايىپ بىر خىل جاراڭلىق ئاۋازدا ئۇنىڭ سۆزىنى تەكرارلىدى ، — يۇيۇپ بەرسەك دېدىڭىزمۇ ؟ قېنى ، ئىچكىرى كىرىڭىزلەر ، مەن قاراپ باقاي .

ئۇ ئەدەپ بىلەن بىر چەتكە شوخشۇپ ، ئۇلارنى ئۆيگە باشلىدى ـ دە ، ئىشىكنى يېپىپ قويدى . يەنە «قاراپ باقاي ـ ھە» دېدى ـ دە ، لىككىدە بىرىپ قارا ئەبنوس ياغىچىدىن ئىشلەنگەن كىيىم ئىشكاپىنىڭ تارتمىلىرىنى بىردىن بىردىن ئېچىپ ياپتى . مۇشۇ ئارىلىقتا ، جىيىنى بۇ ئۆيىنى قىزىقىش نەزىرى بىلەن بىرقۇر كۆزىتىپ چىقىشقىمۇ ئۈلگۈردى . تام مەشىنىڭ تەكچىسىگە ، پەرداز بۇيۇملىرى ئۈستىلىگە تىزىلغان شۇنچىۋالا جىق ھەم ئېسىل نەرسىلەرنى ئۇ تۇغۇلۇپ تاھازىرغىچە كۆرۈپ باقمىغان . بۇ ئەپەندىنىڭ يۇمشاق ساپاسى ، ئۇنىڭ يېنىغا قويۇپ قويۇلغان يېشىل قالپاقلىق چىراغ ، تامدىكى چىرايلىق ، قىلىن گىلەم ، پولغا

سېلىنغان چىرايلىق پالاس… ۋاھ ، نېمىدېگەن پەيزى ، نېمىدېگەن يۈزۈر ـ ھە !

— ئولتۇرسىڭىزلارچۇ ، قېنى ئاۋۇ ساپالاردا ئولتۇرىڭىزلار ، — كېگەش ئەزاسى ئەپەندى مۇلايىملىق بىلەن ئۇلارنى ساپاغا تەكلىپ قىلىپ قويۇپ ، ئۆزى بىر قازناقنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى .

ئانا ـ بالا ئىككىيلەن ئۆزلىرىدىكى ھودۇقۇشنى تېخىچە باسالمايۋاتاتتى ، ئولتۇرساق ئەدەپسىزلىك بولارمىكىن دەپ ئويلاپ تۇرۇشىغا ، كېگەش ئەزاسى ئەپەندى قولىدا بىرنېمىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەلدى ـ دە ، ئۇلارنى ئولتۇرۇشقا قايتا تەكلىپ قىلدى . ئۇلار ئەيمىنىپرەك بېرىپ ساپالاردىن جاي ئېلىشتى .

— بۇياق سىزنىڭ قىزىڭىز بولامدۇ ؟ — دەپ سورىدى ئۇ جېنىنغا تەبەسسۇم بىلەن كۆز تاشلاپ .

— شۇنداق ، ئەپەندى ، — دېدى ئانا ، — بۇ مېنىڭ چوڭ قىزىم بولىدۇ .

— ئېرىڭىز بارمۇ ؟

— ئۇنىڭ ئىسمى نېمە ؟

— ئۇ قەيەردە تۇرىدۇ ؟

ئانا بۇ سوئاللارغا ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن جاۋاب بەردى .

— قانچە پەرزەنتىڭىز بار ؟ — ئەپەندى يەنە سورىدى .

— ئالتە ، — دەپ جاۋاب بەردى ئانا .

— ئوھو ، — دېدى ئەپەندى ، — چوڭ ئائىلە ئىكەنسىلەرغۇ . سىز دۆلەت ئالدىدا ئەلھەق ئۆز بۇرچىڭىزنى ئادا قىپسىز .

— شۇنداق ، ئەپەندى ، — دېدى ئانا جاۋابەن . ئەپەندىنىڭ سەمىمىي مۇئامىلىسى ئۇنى تەسىرلەندۈردى .

— بۇياقنى قىزلىرىمنىڭ چوڭى دېدىڭىزما ؟

— خوش ، ئەپەندى .

— ئېرىڭىز نېمە ھۈنەر قىلىدۇ ؟

— ئۇ ئەينەكچىلىك قىلىدىغان ، شۇغىنىسى ھازىر ئاغرىقچان

بولۇپ قالدى .

مۇشۇ پاراڭلار بولۇۋاتقاندا ، جېنىنىڭ رەڭگى ، شەھلا كۆزلىرى ئالا چەكمەن بولۇپ پارقىراپلا قالغانىدى . ئەپەندى ئۇنىڭغا ھەربىر كۆز تاشلىغىنىدا ، ئۇ ساددا ، ئۇماق نەزەر بىلەن ئەپەندىگە قاراپ يېقىملىقىنا كۈلۈپ قوياتتى . ئەپەندى كۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن ئۈزەلمەيلا قالدى .

— ئاپلا ، ئۇنداقتا يامان بوپتۇغۇ ! — دېدى ئەپەندى خەيرخاھلىق بىلدۈرۈپ ، — بۇ يەردە يۇغۇدەك نەرسىغۇ ئانچە كۆپ ئەمەس ، شۇنداق بولسىمۇ ، سىزلەرنىڭ يۇيۇپ بېرىشىڭىزلارنى جان دەپ قارشى ئالىمەن . كېلەر ھەپتىدە يەنە چىقىپ قالار .

ئۇ سۆزلەۋېتىپ ئورنىدىن قوزغالدى - دە ، يۇيىدىغان كىيىملەرنى گۈللۈك كۆك رەختتىن تىكىلگەن بىر خالتىغا سالدى .

— كىيىملەرنى تاپشۇرۇۋالىدىغان ئېنىق كۈنىنى دەپ بېرەمسىز كىن ؟

— ھاجەتسىز ، — دېدى ئەپەندى ئويلىنىپ تۇرۇپ ، — كېلەر ھەپتىنىڭ قايسىبىر كۈنى بولسا بولۇۋېرىدۇ .

ئانا مۇنداقلا رەھمەت ئېيتىپ قويۇپ ، مېڭىشقا تەمشەلدى .

— قېنى ، — ئەپەندى بىر قەدەم ئالدىدا بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى ، — بولمىسا كېلەر دۈشەنبىدە ئەكېلىپ بېرەرسىز .

— بولىدۇ ، ئەپەندى ، — دېدى ئانا ، — رەھمەت سىزگە .

ئۇلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ، كېچەش ئەزاسى ئۈستەل يېنىغا بېرىپ ، كىتاب كۆرۈشكە تۇتۇندىيۇ ، لېكىن نېمىشقىدۇر كۆڭلى بىر جايدا بولماي قالدى .

«چاتاق بوپتۇ ، — دېدى ئۇ كىتابنى يېپىپ قويۇپ ، — بۇلارنىڭ ئادەمنىڭ ئىچىنى ئاغرىتقۇدەك يەرلىرى بار ئىكەن ئەمەسمۇ» . راست گەپنى قىلساق ، جېنىنىڭ ئەجەبسىنىش ۋە زوقلىنىش بىلەن تولغان كەيپىياتى بۇ ئۆينى قاپلاپ كەتكەنىدى . گېرخاردتنىڭ ئائىلى بىلەن جېنىنى ئۆزلىرىنىڭ سۆرۈن كوچىسىغا يېتىپ كېلىشتى . بۇ قېتىمقى تەۋەككۈلچىلىكتە ئىشنىڭ

ئوڭغا تارتىپ قالغىنىدىن ناھايىتى سۆيۈنۈشتى .

— ھېلىقى كىشىنىڭ خانىسى چىرايلىقمىكەن ؟ — دېدى جېنىنى پەس ئاۋازادا .

— ھەئە ، چىرايلىقكەن ، — دېدى ئانا ، — ئۇ دېگەن بايۋەچچە ـ دە .

— ئۇ پارلامېنت ئەزاسى ئوخشىمامدۇ ؟ — قىزى يەنە سورىدى .

— شۇنداق .

— نام ـ ئاتىقى بار ئادەملەرنىڭ ئىشى پەيزى ئىكەن ـ دە .

## 2

جېنىنىڭ روھىي دۇنياسىدىن ئېغىر ئاچىدىغان بولساق ، ئۇنى تەسۋىرلەپ چىقىشقا كىمنىڭمۇ قۇدرىتى يېتەر ؟ مۇشۇ كۇنلەردە كولومبودىكى ھېلىقى ئېسىلزادىنىڭ كىر ـ قاتلىرىنى يۇيۇپ بېرىۋاتقان بۇ نامرات قىزچاق شۇنچىلىك سۇلكەتلىك بىر قىز ئىدىكى ، ئۇنىڭ تەۋسىپىنى قىلىشقا تىل ئاجىزلىق قىلىدۇ . ئەسلىدە ، بەزى ئادەملەردىكى مەلۇم بىر خىل مىجەز ـ خاراكتېرنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى سەۋەب ھېچ چۈشىنىكسىز بولغان بولسا ، غايىب بولۇشىدىكى سەۋەبمۇ ھېچقانداق دىققەت ـ ئېتىبارغا سازاۋەر بولالمايدۇ . كىشىلىك ھاياتتا ، مۇشۇ خىلدىكى كىشىلەر چىدام كەمىرى بىلەن بېلىنى باغلىغان چاغلىرىدا ، ئۆزلىرىگە ئاجايىپ بىر خىل زېمىن ، چەكسىز گۈزەل نەرسىدەك تۇيۇلغان بوشلۇق ئىچىدە تەئەججۇپكە تولغان ھېسسىياتى بىلەن كېزىپ يۈرەلىسىلا ، ئۇلارغا گويا جەننەتتە يۈرۈۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ . كۆزلىرىنى ئاچسىلا ، كۆز ئالدىدا ئارامبەخش گۈزەل بىر دۇنيا — باغۇبوستانلىق ، نەغمە ـ ناۋالىق ، رەڭدار لىباسقا پۈركەنگەن دۇنيا نامايان بولىدۇ . مانا بۇلار ئۇلارنىڭ ئېلىنىڭ قىممەتلىك

مىراسلىرىدۇر . ناۋادا بۇ نەرسىلەرنى «مېنىڭكى» دەيدىغان ئادەم چىقمىسىلا ، ئۇلار شادلىقنىڭ تىزگىنىنى قويۇۋېتىپ ، روھىي زېمىندىكى جىمى كىشى هامان بىر كۈنى ئاڭلاشنى خۇمار قىلىدىغان غەزەلنى — يەنى ئىزگۈ غەزەلنى ئاغزىدىن چۈشۈرمىگەن هالدا ، مۇشۇ دۇنيادا سەير قىلىپ يۈرۈۋېرىدۇ .

لېكىن ، ماددىي دۇنيا ئىچىگە بېكىنىۋالغۇچىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، بۇ خىل مىجەز ئادەتتە سەل غەيرىي تەبىئىي هېسابلىنىدۇ . تەكەببۇرلۇق ۋە نەپسانىيەتچىلىك دۇنياسىغا ئۆزىنى ئۇرىدىغان باشقا كىشىلەر بولسا ، غايىچىلەرگە ۋە خىيالپەرەسلەرگە سىڭار كۆزىدە قارىشىدۇ . ناۋادا ، ئاللىكىم ئۇنى — بۇنى تاماشا قىلغاننىڭ قىزىقى بار ، دەيدىغان بولسا ، ئۇنىڭغا : ئۆمرىڭىزنى بىهۇدە ئۆتكۈزۈۋەتمەڭ ، دېگەن ئاگاهلاندۇرۇش بىلەن جاۋاب قايتۇرۇلىدۇ . مۇبادا ، بەزىلەر مىش — مىش گەپلەرگە قۇلاق سېلىشنى ياقتۇرىدىغان بولسا ، بۇ ئۇنىڭ روهىي دۇنياسى ئۈچۈن پايدىلىقتەك تۇرسىمۇ ، لېكىن ئاشۇ مىش — مىش گەپلەر ئۇنى جىمى نەرسىسىدىن مەهرۇم قىلىپ قويىدۇ . ناۋادا ، جىمىكى جانسىز مەۋجۇدات ئاجايىپ گۈزەل هەم كىشىنىڭ زوقىنى قوزغايدىغان يېقىملىق ئاۋاز بىلەن كىشىنى مەهلىيا قىلىۋالىدىغان بولسا ، ئۇنداقتا ئۇ كىشىنىڭ ۋۇجۇدى شىكەستىلەنمەي قالمايدۇ . ئەمەلىي دۇنيانىڭ قولى بۇنداق كىشىلەرگە ئەبەدىي ئۇزارتىلىپ ، ئۇلارنى ئاچ كۆزلۈك بىلەن ئەبەدىي ئۆزىگە تارتىپ تۇرىدۇ . جاهاندىكى ئەركىسىز قۇللار مانا مۇشۇنداق يارىتىلغان .

ئەمەلىي دۇنيادا ، جىننى مۇشۇنداق روهتىكى ئادەملەر قاتارىغا كىرىدۇ . ياشلىق دەۋرىدىن باشلاپلا ، ئۇنىڭ هەربىر ئىشنى قىلىشتىكى مۇددىئاسى ئاق كۆڭۈللۈك ۋە مېهرىبانلىقتىن تۇغۇلار ئىدى . مۇبادا ، سىباستىئون يىقىلىپ چۈشكەن بولسا ، ناهايىتى پايپېتەك بولغان هالدا تىرىشىپ — تىرمىشىپ ، ئۇنى يۆلەشتۈرۈپ ئاپىسىنىڭ قېشىغا ساق — سالامەت ئېلىپ بارغۇچى شۇ ، مۇبادا گېئورگى قورسىقىم ئېچىپ كەتتى ، دەپ غەلۋە قىلسا ، قولىدىكى



www.uyghurkitap.com

بولكىسىنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا بېرىۋېتىدىغىنىمۇ يەنە شۇ جېنىنى ئىدى . ئۇ تولىراق ۋاقتىنى ئىنى - سىڭىللىرىنىڭ بۆشۈكىنى تەۋرىتىش بىلەن ئۆتكۈزەتتى . ناخشا ئېيتقۇسى كېلىپ قالغاندا ، پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن ناخشا ئېيتىپ كېتەتتى . تېخى بەزىدە ھېچ تايىنى يوق چۈشلەرنىمۇ كۆرۈپ قوياتتى . ئۇ تەمتىلەپ مېڭىشقا باشلىغان چاغلىرىدىن تارتىپلا ، ئاپىسىنىڭ قولىغا قول ، پۇتىغا پۇت بولۇپ كەلدى ، پول سۈرتۈش دەمدۇ ، بولكا پىشۇرۇش دەمدۇ ، تالا - تۈزگە چىقىپ نەرسە - كېرەك ئەكېلىش دەمدۇ ۋە ياكى ئۇكىلىرىنى بېقىش دەمدۇ ، مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى شۇنىڭ زىممىسىدىكى ئىشلار ئىدى . ئۆزىمۇ پات - پاتلا تەقدىرىنىڭ كاجلىقىنى خىيالىدىن كەچۈرۈپ قالىدىغان بولسىمۇ ، ئۇنىڭ ۋايىسىغىنىنى ھېچكىم ئاڭلاپ باققان ئەمەس . باشقا قىزلارنىڭ تۇرمۇشى ئۆزىنىڭكىدىن ئەركىن ، بەختلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ ، كۆڭلىدە زادىلا رەشك قىلىپ باقمىغانىدى . ئۇنىڭمۇ ئىچى پۇشۇپ قالىدىغان چاغلىرى بولاتتى ، ئەمما ئۇ شۇنداق چاغلاردا غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىراتتى . ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى ، ئوتلاقتا چېپىپ ئوينىغۇسى كېلىپ ، دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ ئۇزاق تۇرۇپ كېتەتتى . تەبىئەتنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى ئۇنى ئەسىر قىلىپ ، ئۇنىڭدا شېئىرىي تۇيغۇ پەيدا قىلاتتى ، گاھىبىر چاغلاردا ، ئۇ گېئورگىلار بىللە بىللە سىرتقا چىقىپ ، ئۇلارنى ياغاق دەرىخى بولۇق ئۆسكەن جايغا باشلاپ ئاپىراتتى ، ئۇ يەر ئۆزلەشتۈرۈلگەن دالا بولۇپ ، يۇقىرى تەرىپى كۆڭۈلگە ھۇزۇر بېغىشلايدىغان سايلىك ، تۆۋەن تەرىپى سۇلار شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان ئۇششاق ئېقىن ئىدى . جېنىنى سىزىمىدىن ئۇقۇمنى شەكىللەندۈرەلەيدىغان سەنئەتكار بولمىغىنى بىلەن ، ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىدا مۇشۇ نەرسىلەرگە قارىتا ئىنكاس پەيدا بولاتتى . ھەربىر تاۋۇشى ۋە ھەربىر ئۇھسىنىشىدىن ئۇنىڭ بۇ نەرسىلەرنىڭ گۈزەللىكىنى ھېس قىلىۋاتقىنى ۋە بۇلارغا ئالقىش بىلدۈرۈۋاتقىنى سېزىلىپ تۇراتتى .

يىراقتىن يازنىڭ ئېزىتقۇسى بولغان پاختەكىنىڭ يېقىملىق ناۋاسى ئاڭلانغاندا ، ئۇ بېشىنى بىر ياققا قىيسايتىپ پۈتۈن دىققىتى بىلەن قۇلاق سالاتتى . ئاشۇ ناۋانىڭ جىمى جەۋھىرى گويا كۈمۈش رەڭ بۇژغۇنلاردەك ئۇنىڭ بۇيۇك قەلبىگە سىڭىپ كىرەتتى .

قۇياشنىڭ ئىللىق نۇرى دەرەخ شاخلىـــرى ئارىســـدىن سېپىلگەندە ، ئۇ بۇ مەنزىرىدىن زوقلىنىپ ، ئالتۇن رەڭ قۇياش نۇرى ئەڭ كۆپ سېپىلگەن جايغا بېرىپ ئايلىنىپ كېلىشنى ، ھەۋەس قاينىمىغا چۆككەن ھالدا ، دەرەخزارلىق ئىچىـــدىكـــى مۇقەددەس دەھلىزنى سەيلە قىلىپ يۇرۇشنى ياخشى كۆرەتتى .

رەڭلەرمۇ ئۇنىڭدا تەسىر قوزغىماي قالمايتتى ، ئەلۋەتتە . قاش قارايغان مەزگىلدىكى پىتىۋاتقان كۈننىڭ ئاجايىپ رەڭگى ھەرقاچان ئۇنىڭ قەلبىنى ھاياجانغا سالاتتى ھەم ئاۋۇندۇراتتى .

— ئاھ ، بىلمىدىم ، — دېگەنىدى ئۇ بىر قېتىم بالىلارچە گۆدەكلىك بىلەن ، — ئاۋۇ بۇلۇتلارنىڭ ئارىسىغا شۇڭغۇپ كىرىپ كەتسە ، قانداق تۇيغۇ پەيدا بولار ئىدىكىن ؟

بۇ گەپنى ئۇ مادا ھەم گېئورگى بىلەن بىللە ياۋا ئۈزۈم شۇڭلىرىدىن ھاسىل بولغان بىر چەمبىرەكنىـــڭ ئىـــچـــدە ئولتۇرغىنىدا دېگەنىدى .

— ئېھ ، ئەگەر سېنىڭ كىچىككىنە قېيىقىڭ بولۇپ ئۇنىڭغا ئولتۇرۇپ ئاشۇ جايغا بارغان بولساڭ ، قانــداق پەيــزى بــولغــان بولاتتى ـ ھە ؟ — دېدى گېئورگى .

بۇ گەپنى قىلىۋاتقاندا ، جىننى بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ، يىراقتىكى بەئەينى بىر كۈمۈش رەڭ دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر پارچە قىزىل ئارالغــىلا ئوخشاپ تۇرغان بىـــر بۇلۇتقا قاراپلا قالغانىدى .

— ئويلاپ باققىنا ، — دېدى ئۇ ، — ناۋادا كىشىلەر ئاشۇ ئارالدا ياشىيالىغان بولىسىدى . . .

ئۇنىڭ خىيالى خېلىدىن بېرى ئاشۇ يەردە كېزىپ يۈرمەكتە ئىدى ، ئاشۇ سىرلىق دۇنيادىكى يولغا ئۇنىڭ يېنىك باسقان قەدەم

تۇنۇشى تونۇشلۇق بولۇپ قالغانىدى .
— ئاۋۇ يەردە بىر ھەسەل ھەرىسى ئۇچۇپ كېتىۋاتىدۇ ، — دېدى ئۇچۇپ كېتىۋاتقان يوغان بىر ھەسەل ھەرىسىنى دىققەت بىلەن كۆزىتىپ ئولتۇرغان گېئورگى .
— شۇنداق ، — دېدى جېننى گويا چوش كۆرۈۋاتقاندەك بولۇپ ، — ئۇ ئۆيىگە قايتىپ كېتىۋاتىدۇ .
— ھەرقانداق نەرسىنىڭ ئۆيى بولامدۇ ؟ — دەپ سورىدى مادا .
— مېنىڭچە بولۇشى مۇمكىن ، — دېدى جېننى .
— قۇشلارمۇ ئۆيلىرىگە قايتىپ كېتەمدۇ ؟ — دەپ سورىدى گېئورگى .
— شۇنداق ، — جېننى جاۋاب بېرىۋېتىپ ، بۇ سۆزلەردىكى شېئىرىي مەنىنى ھېس قىلدى ، — قۇشلارمۇ ئۆيلىرىگە قايتىشىدۇ .
— ھەسەل ھەرىسىمۇ ئۆيىگە قايتامدۇ ؟ — سورىدى مادا .
— ھەئە ، ھەسەل ھەرىسىمۇ ئۆيىگە قايتىدۇ .
— ئىت ئۆيىگە قايتامدۇ ؟ — گېئورگى يولنىڭ ياقىسىدا سوكۇلداپ كېتىپ بارغان لالما ئىتنى كۆرۈپ قېلىپ سورىدى .
— ھەئە ، ئۇمۇ شۇنداق ـ دە ، — دېدى جېننى ، — ئىتنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلىسەنغۇ ئۆزۈڭ .
— سايغاقچۇ ؟ — گېئورگى قۇياشنىڭ خىرە نۇرىدا بىر توپ ھاشاراتنىڭ بېشىنى ھەدەپ ئارقىغا بۇراۋاتقىنىغا كۆزى چۈشۈپ يەنە سوراپ تۇرۇۋالدى .
— ئۇمۇ شۇنداق ، — جېننى ئاغزىدا شۇنداق دېگەن بولسىمۇ ، كۆڭلىدە ئۆزىنىڭ جاۋابىغا ئانچە ئىشەنچ قىلالمىدى ، — ئاڭلىغىنا !
— ئوھوش ، — گېئورگى ئىشەنمىگەندەك قىلىپ غودۇرىدى ، — ئۇلارنىڭ قانداق ئۆيدە تۇرىدىغانلىقىغا ھېچ ئەقلىم يەتمەيدۇ .
— ئاڭلىغىنە ! — جېننى يەنە تەكرارلىدى ـ دە ، ئۇنىڭغا

www.uyghurkitap.com

«ئەمدى گەپ قىلما» دېگەندەك قىلىپ قولىنى شىلتىپ قويدى.

بۇ دەل بىر كۈننىڭ ئەڭ تىنچ پەيتى ئىدى، كەچكى ئىبادەتكە چېلىنغان قوڭغۇراق ساداسى گويا بەخت تىلىكىگە ئوخشاش، تۈن پەردىسىگە ئورالغان سامادا ياڭرىماقتا. يىراقتىن خىلمۇخىل ئاۋازلارنىڭ رىتىملىق، مۇڭلۇق ناۋاسى ئاڭلانماقتا. تەبىئەتكى، ئۇ بۇلارغا بار ئىشتىياقى بىلەن قۇلاق سېلىپ، گويا ھەرىكەتتىن توختاپ قالغاندەك، قىمىر قىلماي ئولتۇرۇپ قالدى. كۆكرىكى قىزىل كەلگەن، قىزىل قۇيرۇقلۇق بۇلبۇل ئۇنىڭ ئالدىدىكى چىمەنلىكتە لىك - لىك سەكرەپ يۈرمەكتە. بىر ھەسەل ھەرىسى غوڭۇلداپ ئۇچۇپ ئۆتتى، بىر كالىنىڭ بوينىغا ئېسىلغان قوڭغۇراقنىڭ جىرىڭلىغان ئاۋازى بىلەن تەڭ، بىر تىيىننىڭ مەخپىي رازۋېدكا قىلغۇۋاتقىنىدىن خەۋەر بېرىپ بىر خىل شۈبھىلىك تىرىقشىغان ئاۋازى ئاڭلانماقتا. جېنىنى چىرايلىق قوللىرىنى ھاۋاغا كۆتۈرۈپ، قۇلىقىنى دىڭ تۇتقىنىچە ئاشۇ ئاۋازلارنى تىڭشاپ تۇردى، تاكى ئاشۇ يېقىملىق ئاۋازلار ئەتراپقا تامام يېيىلىپ، ئۇنىڭ يۈرىكىنى چىڭ قاماللىۋېلىشتىن توختىغاندا، ئاندىن ئورنىدىن تۇردى.

ئۇ بىر خىل شېئىرىي تۇيغۇنىڭ يۈرىكىنى غىدىقلاۋاتقىنىنى سەزدى - دە، بارماقلىرىنى قارسىلدىتىپ تۇرۇپ، «ئۇھ» دەپ تاشلىدى، ئارقىدىنلا كۆز چاناقلىرىدىن مەرۋايىتتەك ياش تامچىلىرى ئېتىلىپ چىقتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ قەلبىدىكى ھېسسىيات دېڭىزىنىڭ توسمىسى بۇزۇلۇپ تاشلانغانىدى. جېنىنىنىڭ روھىي دۇنياسى مانا مۇشۇنداق ئىدى.

## 3

ياش كېڭەش ئەزاسى گېئورگى شۇئالفوستو براند ئالاھىدە ئەقلىدىكى ئەركەك. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئاغمىچىلارغا خاس ئەقىل - ئىدراك بىلەن ھەقىقىي خەلق ۋەكىلىگە خاس خەيرخاھلىق

روشەن ئارىلىشىپ كەتكەن . ئۇ ئوھىئو شتاتىنىڭ جەنۇبىدا دۇنياغا كەلگەن ، كولومبىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىككى يىل قانۇن بىلىمىنى تەھسىل قىلغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، مۇشۇ شتاتتا ئۆسۈپ چوڭ بولغان ھەم تەربىيە ئالغانىدى . ئۇ شتات دائىرىسىدە ھەممە كىشىدىن ئۇستۇن تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن بولسا كېرەك ئېھتىمالىم ، ھەق تەلەپ ، جىنايى ئىشلار قانۇنىدىن پىششىق خەۋەردار ئىدى . بىراق ئۇ ئۆزىنىڭ بىلىمىنى تەتبىقلاشقا زادىلا كۆڭۈل قويۇپ باقمىدى ، شۇڭا ئادۋوكاتلىق ساھەسىدە ئۇنىڭ كۆزگە چېلىققۇدەك مۇۋەپپەقىيىتىمۇ يوق ئىدى . گاھى چاغلاردا ئۇنىڭ قولىغا خېلى كۆپ پۇل كىرىپمۇ قالىدىغان ، ئەگەر ۋىجدانىنى بىر ياققا قايرىپ قويىدىغانلا بولسا ، ئۇنىڭغا كۆپرەك پۇل ئۇندۇرۇۋېلىشنىڭ تازا بەلەن پۇرسىتىمۇ چىقىپ قالاتتى ، لېكىن ئۇ بۇنداق ئىشلارنى زادىلا قىلىپ باقمىدى . شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ دىيانىتى دوست - بۇرادەرلىرىنىڭ يۈز - خاتىرىسىنى قىلىشنى رەت قىلمايتتى . ئالدىنقى قېتىملىق پرېزىدېنت سايلىمىنى ئالساق ، ئاشۇ چاغدا ئۇ بىر كىشىنىڭ شتات باشلىقلىقىغا سايلىنىشىنى قوللىدى ، ھالبۇكى ئۇ كىشى ۋىجدان جەھەتتىن ئېيتقاندا ، زىنھار قوللاشقا بولمايدىغان ئادەم ئىدى .

يەنە بىرنەچچە قېتىملىق ئەمەلدارلىققا تەيىنلەشتە ، ئۇ ناھايىتى شۈبھىلىك ئىشلارنى قىلدى ، بىر - ئىككى قېتىمغۇ تازىمۇ ئوساللىق قىلغانىدى . ھەر قېتىم ۋىجدان ئازابى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى ئۆرتىگەندە ، ئۇ «ئەل ئۆمرۈمدە قىلغان رەزىللىكىم مۇشۇ بولۇپ قالار» دېگەن سۆز بىلەن ئۆزىنى ئۆزى بەزلەيتتى . بەزى چاغلاردا ئۆزى يالغۇز قېلىپ ساپادا ئولتۇرۇپ ، بۇ ئىشلارنى كۆز ئالدىدىن بىرقۇر ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ، مۇشۇ سۆزنى تەكرارلايتتى - دە ، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ، خىجالەت ئارىلاش ھىجىيىپ قوياتتى . ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ھەرھالدا ۋىجدان دېگەن نەرسە تېخى ئۆز قىممىتىنى يوقاتمىغانىدى . ئۇنىڭدىكى خەيرخاھلىق تۇيغۇسىغا كەلسەك ، بۇ كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىپ بارماقتا ئىدى .

كولومبو ئۇنىڭ سايلام رايونىنىڭ بىر قىسمى ئىدى، ئۇ مۇشۇ سايلام رايونىدا ئۈچ مەرتەم ئاۋام پالاتا ئەزاسى، ئىككى مەرتەم كېڭەش پالاتا ئەزاسى بولۇپ سايلاندى. شۇغىنىسى، ئۇ ھېلىغىچە بويتاق ئۆتۈۋاتاتتى. ياشلىق دەۋرىدە بىرمەھەل ئوتلۇق مۇھەببەتنى بېشىدىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، ھېچ نەتىجىسى چىقمىدى. بۇ ئۇنىڭ ئۆزىدىن كەتكەن ئىش ئەمەس، بەلكى قىزنىڭ ئۇنى يەنە كۈتۈۋېرىشكە تاقىتى قالمىغانىدى. ئۇ ئۆز تۇرمۇشىنى قامداپ كېتەلىگۈدەك مەرتىۋىگە ئېرىشىش خىيالىدا يۈرۈپ، ۋاقىتنى كەينىگە سوزىۋەرگەنىدى.

ئۇنىڭ قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن، ئورۇق ـ سېمىزلىكىمۇ جايىدا بولۇپ، چىراي ـ ھۆسن جەھەتتە قاملاشقان دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ خىلمۇخىل زەربىگە ئۇچرىغان، نۇرغۇن زىيانمۇ تارتقان، شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ زاھىرەن ئەكس ئېتىپ تۇرغان كىبىرلىكى تەسەۋۋۇر كۆچىگە باي كىشىلەرنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغىيالايتتى. كىشىلەر ئۇنى تۇغما مۇلايىم، چىقىشقاق دەپ قارايتتى. كېڭەش پالاتاسىدىكى مەنسەپداشلىرىمۇ ئۇنىڭغا ئىچكى دۇنياسىدىن كۆرە، تاشقى كۆرۈنۈشى ناھايىتى چىرايلىق، دەپ باھا بېرىشكەنىدى.

بۇ دورەم كولومبوغا كېلىشىدە، ئۇ ئۆزىگە سىياسىي جەھەتتە پۈتلىكاشاڭ بولۇۋاتقان توساقنى ئوڭشاشنى مەقسەت قىلغانىدى. بۇ قېتىمقى ئومۇمىي سايلامدا، ئۇنىڭ پارتىيىسىنىڭ شتات پارلامېنتىدىكى كۆچى ئاجىزلىشىپ قالدى. ئۇ يېڭىباشتىن سايلىنىش ئويىدا بولۇۋاتاتتى، خېلى يېتەرلىك سايلام بېلىتىگە ئىگە بولۇش سالاھىيىتى بولسىمۇ، لېكىن ئىنتايىن ئېھتىياتچان سىياسىي ۋاستە قوللانمىسا، ئۇلارنى ئۆزىگە ھەقىقىي قارىتىۋېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. باشقىلاردىمۇ يامان غەرەز يوق دېگىلى بولمايدۇ ـ دە. ئۇنىڭدىن باشقا خېلى ئۇمىدلىك پارلامېنت ئەزاسى نامزاتلىرىمۇ خېلى بار، ئۇلارنىڭمۇ باشقىلارنىڭ ئورنىغا سايلىنىش ئارزۇسى بار ئىدى. شۇڭا ئۇ ۋەزىيەتنىڭ

كەسكىنلىكىنى تونۇپ يەتتى ، شۇنداق بولسىمۇ ، كۆڭلىدە : ئۇلار مېنى يېقتىشالمايدۇ ، يېقىتقان تەقدىردىمۇ ، مەن پىرېزىدېنت ماۋ ئاتا قىلغان سىرتتا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىك ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىۋەرمەمدىمەن ، دەپ ئويلىدى .

قىسقىسى ، كېڭەش پالاتا ئەزاسى براند مۇۋەپپەقىيەت قازانغان شەخس . شۇنداق بولغىنىغا قارىماي ، ھەممىشە بىر خىل كەمتۈكلۈكنى ھېس قىلاتتى . ئادەتتىمۇ ئۇنىڭ قىلماقچى بولغان ئىشلىرى چېچىلىپ تولا ئىدى . ئۇ ھازىر ئەللىك ئىككى ياشقا كىرىپ قالدى ، ئۆزىنى شۇنچە پاك تۇتۇپ كەلگەن ، تەقى - تۇرقى شۇنچە سۇمباتلىق بولغىنى بىلەنمۇ ، بەربىر بويتاق ئىدى . بەزى چاغلاردا ، ئۇ ئۆزىچىلا ئەتراپىغا كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ ئۆزىنىڭ ھالىغا يېتىدىغان ھېچكىمى يوقلۇقىنى خىيال قىلىپ قالاتتى . گاھىدا ئۆيىنىڭ ئىچى قۇپقۇرۇق بىلىنىپ ، كۆڭلى تازىمۇ يېرىم بولاتتى .

«ئەللىككە كىرىپ قالدىم ،— دەپ پات - پات خىيال قىلاتتى ئۇ ، — يېگانىمەن — پۈتۈنلەي يېگانىمەن» .

شەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن ، ئۇ ئۆز خانىسىدا كىشىلىك ھايات ۋە نام - ئاتاقنىڭ ئادەمگە ۋاپا قىلمايدىغانلىقىنى ، ئۆزىنىڭ سىياسىي پائالىيىتىنىڭ بەھۇدە ئاۋارىچىلىك ئىكەنلىكىنى خىيال قىلىپ ئولتۇرغانىدى ، ئۇشتۇمتۇت ئىشىك چېكىلدى .

«تىرىكچىلىك كويىدا قانچىلىغان كۈچ - قۇۋۋىتىمىزنى سەرپ قىلىپ كۈرەش قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ - ھە ؟ — دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى ئۇ ، — ئەمدى يەنە بىرنەچچە يىلدىن كېيىن بۇنداق كۈرەشنىڭ ماڭا يەنە قانچىلىك پايدىسى بولار ؟ »

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ، بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى ، قارىسا جېننى ئىكەن . ئۇنىڭ دۈشەنبىنى كۈتمەيلا بۈگۈن كېلىشىدىكى سەۋەب ، ئاپىسى ئۇنىڭغا : «ئۇنىڭغا ياخشى تەسىر قالدۇرايلى ، ئۇ بىزنى ئىشنى ناھايىتى تېز قىلىدىكەن ، دەپ قالسۇن» دېگەنىدى .

— قېنى كىرىڭ ، — دېدى كېڭەش ئەزاسى ، بۇ دورەممۇ

ئالدىنقى دورەمدىكىدەك، ئۇنىڭغا مۇلايىملىق بىلەن يول بەردى.

جېنىنى ئۆيگە كىردى، خىيالىدا كىرنى تېز يۇغانلىقىنى ماختايدىغان بىرەر گەپنى كۈتكەندى، بىراق كېڭەش ئەزاسى بۇنىڭغا ئېرەن قىلمىغاندەك كۆرۈندى.

— ھە، قىزچاق، — دېدى ئۇ كىشى، جېنىنى كىيىم ئورالغان بوپىنى يەرگە قويۇۋاتقان چاغدا، — بۈگۈن كەچلىكىڭىز خەيرلىكتۇ؟

— ناھايىتى ئوبدان، — دېدى جېنىنى جاۋابەن، — بىز سىزگە كىيىمنى دۈشەنبىگە قاراپ تۇرماي، بالدۇرراق ئەكېلىپ بېرەيلى دېدۇق.

— ئوھوي، ئالدىراش كەتمەيتتى، — دېدى براند ئېرەنسىمىگەن قىياپەتتە، — ساپاغا قويۇپ قويۇڭ.

جېنىنى ئۆزىنىڭ كىر يۇيۇش ھەققىنى ئالمىغانلىقى ئېسىدە يوقلا، قايتىشقا تەمشىلىۋىدى، كېڭەش ئەزاسى ئۇنى توختىتىۋالدى.

— ئاپىڭىز ئوبدان تۇرۇۋاتامدۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ خۇش پېئىللىق بىلەن.

— ھەئە، ئوبدان تۇرۇۋاتىدۇ، — جېنىنى قىسقىلا جاۋاب قايتۇردى.

— كىچىك سىڭلىڭىزچۇ، خېلى ياخشى بولۇپ قالدىمۇ؟

— دوختۇر ياخشى بولۇپ قالدى، دەۋاتىدۇ.

— ئولتۇرسىڭىزچۇ، — دېدى ئۇ مۇلايىملىق بىلەن، — مەن سىز بىلەن پاراڭلاشماقچىدىم.

قىزچاق ئۇنىڭ يېنىدىكى ساپاغا بېرىپ ئولتۇردى.

ئۇ گېلىنى يېنىككىنە قىرىپ قويۇپ، يەنە سورىدى:

— ئۇ نېمە كېسەل ئىكەن؟

— قىزىل چىقىپتۇ، — دېدى جېنىنى جاۋابەن، — تېخى نەچچە كۈننىڭ ئالدىدىلا ھەممەيلەن ئۇنى ئۆلۈپ قالىدۇ، دەپ ئويلىغاندۇق.

جىننى سۆزلەۋاتقاندا ، براند ئۇنىڭ چىرايىغا سىنچىلاپ قاراپ ، بۇ چىرايدىن كىشىنىڭ يۈرىكىنى ئېزىدىغان بىر خىل نەرسىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىنلىكىنى بايقىدى . بۇ قىزنىڭ لابدۇر ئۇستىبېشى ، راھەت ـ پاراغەتلىك تۇرمۇشقا ھەۋەس قىلىۋاتقاندەك روھىي قىياپىتى ئۇنىڭغا تەسىر قىلىپ ، گويا ئۆپچۆرىسىدىكى جىمى راھەت ـ پاراغەت ۋە كەيپ ـ ساپا نومۇس ئىشتەك ، ئۆزىنىڭ بۇ جاھاندىكى ئورنىمۇ بىردىنلا ئېگىزلەپ كەتكەندەك تۇيۇلدى .

— ئۇنىڭ ياخشى بولۇپ قالغىنىدىن خۇشال بولۇۋاتىمەن ، — دېدى ئۇ ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن ، — دادىڭىز قانچە ياشقا كىردى ؟

— ئەللىك يەتتىگە كىردى .

— ئۇمۇ ياخشى بولۇپ قالغاندۇ ؟

— ھەئە ، ئەپەندى ، ئۇنىڭ رەڭگىرويى خېلى تۈزىلىپ قالدى ، ئەمما تالا ـ تۈزگە چىقالمايدۇ .

— ئاپىڭىز ئۇنى ئەينەكچىلىك قىلىدۇ ، دېگەندەك قىلىۋىدى ، شۇنداق ئەمەسمۇيا ؟

— شۇنداق ، ئەپەندى .

بۇ ئەتراپلاردا بۇ ھۈنەرنىڭ ئانچە روناق تېپىپ كەتمىگەنلىكى ئۇنىڭغا ناھايىتى ئايان ئىدى . ئالدىنقى قېتىملىق سايلام ھەرىكىتىدە بۇمۇ سىياسىي مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالغانىدى . ئۇنداقتا بۇلارنىڭ ھال ـ كۈنى تازا خاراب ئىكەن ـ دە .

— سىلەرنىڭ ئۆيدىكى بالىلارنىڭ ھەممىسى مەكتەپكە بېرىۋاتامدۇ ؟ — سورىدى ئۇ .

— نېمە ، ھە . . . ھەئە ، ئەپەندى ، — جىننى دۇدۇقلاپ قالدى . ئۇلارنىڭ ئۆيدىكى بالىلارنىڭ بىرى پۇتىدا كەشى بولمىغاچقا مەكتەپكە بارالمايۋاتاتتى ، لېكىن جىننى بۇنى ئېيتىشقا خىجىل بولدى . مۇشۇ بىر ئېغىز يالغان گەپنى قىلىپ قويغىنى ئۈچۈن ، قەلبى ئازابلىنىپ كەتتى .

براند بىرپەس ئويغا چۆككەندىن كېيىن ، بىردىنلا كاللىسىغا

www.uyghurkitap.com

«بۇ قىزنى يەنە گەپكە تۇتۇپ تۇرىۋېرىشنىڭ ھاجىتى قالمىدى» دېگەن ئوي كەچتى ـ دە، ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ يېنىغا باردى. يانچۇقىدىن يۇپقا بىر تاتازا پۇلنى چىقىرىپ ئارىسىدىن بىرنى سۇغۇرۇۋالدى ـ دە، قىزغا بەردى.

— مەڭ ئېلىڭ، — دېدى ئۇ، — ئاپىڭىزغا مېنى بۇ پۇلنى قانداق خەجلىسە بولىۋېرىدۇ، دېدى دەپ قويۇڭ.

جېننى گادىرماچ بولۇپ كەتكەن تۇيغۇلار ئىچىدە قولىنى پۇلغا ئۇزاتتى. بۇ پۇلنىڭ قانچە دوللار ئىكەنلىكىگە قاراپ بېقىش نەدىمۇ خىيالىغا كەلسۇن، بۇ بۇزرۇكۋار ئۇنىڭغا يېقىنلا يەردە تۇرسا، ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ زاتنىڭ ئاجايىپ چىرايلىق خانىسى ئۇنىڭ كۆزلىرىنى قاماشتۇرۇپ كېتىۋاتسا، ئۇنىڭ ئەس ـ خىيالى بىر يەردە بولۇشى مۇمكىنمىدى؟

— سىزگە ھەشقاللا، — دېدى ئۇ، — سىز بىزنىڭ قايسى كۈنى كېلىپ كىرلىرىڭىزنى ئەكەتسەك بولىدىغانلىقىنى ئېنىق دەپ بېرەمسىز كىن؟

— ھە، بولىدۇ، بولىدۇ، — دېدى بىراند، — ھەپتىنىڭ بىرى... دۈشەنبە كۈنى كەچتە.

جېننى چىقىپ كەتتى. براند ئويغا پاتقان ھالدا بېرىپ ئىشىكنى ئەتتى. ئۇنىڭ بۇ تەبىقىدىكى كىشىلەرگە قىزىقىپ قېلىشى ھېچ كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىش. نامراتلىق بىلەن گۈزەللىك بىر خىل تەسىرلىك بىرىكمە ھاسىل قىلغانىدى. ئۇ ساپادا ئولتۇرۇپ، جېننىنىڭ بىر كېلىپ كېتىشى بىلەن پەيدا بولغان كۆڭۈللۈك تۇيغۇنىڭ تەسىرىدە خىيالغا چۆكتى. ئۇلارغا ياردەم قولىنى سۇنسا نېمىشقا بولمىغۇدەك؟

«ئۇلارنىڭ تۇرۇشلۇق جايىنى ئىزدەپ تېپىشىم كېرەك.» ئۇ ئويلا ـ ئويلا، ئاخىر مۇشۇ قارارغا كەلدى.

ئەمدى جېننى يۇيىدىغان كىرلارنى ئالغىلى پات ـ پات كېلىپ تۇرىدىغان بولدى. براند ئۆزىدە ئۇنىڭغا بولغان قىزىقىش كۈندىن ـ كۈنگە كۈچىيىپ بېرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشقا

باشلىدى . مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ، ئۇ بۇ قىزدىكى ئۆزى بىلەن كۆرۈشكەندە بولىدىغان ئەيمىنىش ھەم قورقۇمسىراش ھالىتىنى تونۇگىنىشكە مۇۋەپپەق بولالىدى . ئۇنىڭ بۇ مەقسەتكە يېتىشىگە مۇنداق بىر ئىش ياردەم قىلىپ قالدى ، يەنى ئۇ بۇ قىزنىڭ ئەركىلەتمە ئىسمىنى چاقىردى ، بۇ ، ئۇنىڭ ئۇچىنچى مەرتەم كېلىشىدىن باشلانغانىدى ، شۇنىڭدىن كېيىن تەبىئىيلا مۇشۇنداق چاقىرىشقا ئادەتلىنىپ قېلىشتى .

ئۇنىڭ جېنىنىنىڭ ئەركىلەتمە ئىسمىنى چاقىرىشى بۇ قىزنى ئۆز قىزى ئورنىدا كۆرگەنلىكىدىن ئەمەس ، چۈنكى ئۇ ھەرقانداق ئادەمگە ئېزىپ - تېزىپ بۇنداق مۇئامىلىدە بولۇپ باقمىغانىدى . بۇ قىز بىلەن پاراڭلاشقاندا ، ئۇ ئۆزىنى ياپياشلا سېزەتتى ھەم دائىم «ئۇمۇ مېنى ياش كىشىدەك كۆرۈۋاتىدۇ ، ماڭا قىزىقىۋاتىدۇ» دېگەن خىيالدا بولۇپ قالاتتى .

جېنىنىنى ئالىدىغان بولساق ، ئۇ بۇ ئادەمنىڭ ئۆپچۆرىسىدىكى راھەت - پاراغەتلىك ۋە كەيپ - ساپالىق تۇرمۇشقا مەپتۇن بولۇپ قالغان ھەمدە ئىختىيارسىز ھالدا بۇ كىشىنىڭ ئۆزىگە مەھلىيا بولۇپ قالغانىدى ، چۈنكى ئۇ ھاياتىدا ئۇچراتقان كىشىلەرنىڭ ئىچىدە ، بۇ كىشى ئەڭ جەلپكار ئىدى . ئۇنىڭ جىمى نەرسىسى شۇنداق ئېسىل ، قىلغان ئىشلىرى شۇنچىلىك سىپايە ، كارامەت ھەم كۆڭۈلدىكىدەك ئىدى . جېنىنى بىر خىل يىراق مەنبەدىن — ئېھتىمال نېمىس ئەجدادىنىڭ ۋۇجۇدىدىن بولسا كېرەك — مۇشۇ خىل نەرسىلەرگە بولغان چۈشىنىش ۋە قەدىرلەش ئىقتىدارىغا ۋارىسلىق قىلغانىدى . تۇرمۇش دېگەن مۇشۇ ئادەمنىڭ تۇرمۇشىدەك بولسۇن - دە . ئۇنىڭ ئالاھىدە ھۆرمىتىنى قوزغىغىنى بىراندىنىڭ مەردلىكى ئىدى .

ئۇنىڭدىكى بۇ خىل خۇلق - مىجەزنىڭ بىر قىسمى ئۇنىڭغا ئاپىسىدىن يۇققان ، چۈنكى ئاپىسىنىڭ قەلب دۇنياسىدا ، كۆڭۈلچەكلىك ھەرقاچان ئەقىل - ئىدراكتىن كۈچلۈك تۇراتتى . نېمىسىنى دەيسىز ، ئۇ ھېلىقى ئون دوللار پۇلنى ئاپىسىغا بەرگەن

چاغدا ، ئاپىسى خۇشاللىقىدىن داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدى .

— قاراڭا ، ئاپا ، — دېگەندى جېنىنى ، — مەن ئىشىكتىن چىقىپ بولۇپ ، بۇ پۇلنىڭ بۇنچىلىك كۆپ ئىكەنلىكىنى ئاندىن بىلدىم . ئۇ ماڭا بۇ پۇلنى سىزگە بېرىشىمنى جېكىلىدى .

ئاپىسى پۇلنى قولىغا ئېلىپ ، ئۇنى ئاۋايلاپقىنا ئىككىنى قاتلىدى ، شۇئان ھېلىقى زەبەردەس كېھەش ئەزاسىنىڭ چىرايلىق سىيماسى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا گەۋدىلەندى .

— ئۇ نېمىدېگەن كېلىشكەن ئادەم ـ ھە ! — دېدى ئۇ ، — ئۇنىڭ كۆڭلى بەك ياخشى ئىكەن .

شۇ كۈنى ئاخشىمى ھەم ئەتىسى ، گېرخاردتىنىڭ ئايالى بۇ قىممەتلىك تۈگىمەس بايلىقنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي ماختاپ ، ئۇ كىشىنىڭ ئادەمگەرچىلىكى ئاجايىپكەنەي ، كۆڭلى ـ كۆكسى نېمىدېگەن كەڭ يەي ، دەپ ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپلا يۈردى . ئۇنىڭ كىرلىرىنى يۇغان ۋاقتىدا ، كىيىمنى ئۇۋۇلاۋېرىپ يىرتىۋېتىشكە تاسلا قالدى . ئۇنىڭ خىيالىچە ، بۇ كىشىنىڭ ھىممىتىگە ھەرقانچە قىلسىمۇ ئەرزىيتتى . بۇ ئىشنى ئۇ ئېرىدىن خۇپىيانە تۇتتى . چۈنكى گېرخاردت تەرسا ئادەم ، يوقسۇزلۇقنىڭ دەردىنى ھەرقانچە تارتسىمۇ ، بىراۋدىن تىلەشنى خالىمايدىغان مىجەزى بولغاچقا ، ئۇنىڭغا بۇ پۇلنى قوبۇل قىلدۇرۇشنىڭ خېلى تەسكە توختايدىغانلىقى تۇرغانلا گەپ ئىدى . شۇڭا ئۇ بۇ ھەقتە زىنھار تىنمىدى . بۇ پۇلنى بولكا ، گۆش سېتىۋېلىشقىلا ئىشلەتتى ، بۇرۇنقىدەك كۈنىنى مىڭ بىر مۇشەققەتتە ئۆتكۈزۈۋاتقان قىياپەتتە بولۇۋېلىپ ، غايىبتىن كەلگەن بۇ بايلىقنىڭ ئىسمىنى چىقارمىدى .

شۇنىڭدىن تارتىپ ، جېنىنى ئاپىسىنىڭ بۇ قىلىقىنى كېھەش ئەزاسىغا جورۇپ ، كۆڭلىدە ئۇ كىشىدىن ئېيتقۇسىز مىننەتدار بولۇپ يۈردى ، گەپ ـ سۆزلىرىمۇ بۇرۇنقىدەك بىمالال چىقىدىغان بولۇپ قالدى . كېيىنچىرەك بۇ ئىككىسى خېلىلا ئوبدان چىقىشىپ قالدى ، براند ئىشكاپىدىكى كۈندىن ئىشلەنگەن بىر رەسىم رامكىسىنى ئۇنىڭ ياقتۇرۇپ قالغانلىقىنى بىلىپ ، ئۇنىڭغا سوۋغا

قىلىۋەتتى . ئۇ ھەر دورەم كەلگەندە ، براند بىرەر باھانە تېپىپ ، ئۇنى ئۇزاقراق تۇتۇپ قالىدىغان بولدى . ئۇزاق ئۆتمەي ، ئۇ بۇ قىزنىڭ پاك ۋۇجۇدىنىڭ چوڭقۇر بىر يېرىدە يوشۇرۇنۇپ ياتقان نامراتلىقتىن يىرگىنىش ئېڭىنى ۋە كىشىلەرگە ئېيتقۇسى كەلمەيدىغان بىر خىل نومۇسچانلىقنى بايقىدى . ئۇ بۇ قىزنىڭ مۇشۇ يېرىنى چىن دىلىدىن ياقتۇرۇپ قالدى ، يەنە ئۇنىڭ جۇل - جۇل كىيىملىرىنى ، يىرتىق كەشىنى كۆرۈپ ، ئۇنىڭ دىلىنى ئاغرىتمايدىغان بىر خىل چارىنى تېپىپ ئۇنىڭغا ياردەم قىلىشنىمۇ كۆڭلىگە پۈكتى .

ئۇ پات - پات ، بىرەر كۈنى كەچتە ئۇ قىز بىلەن بىللە بېرىپ ، ئۇلارنىڭ ئۆيىنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ كېلىشنى خىيال قىلىپ قالاتتى . شۇنداقتىمۇ ئۇ قوشما شتات كېڭەش پالاتاسىنىڭ ئەزاسى - دە ، ئۇلار تۇرىدىغان جاي چوقۇم نامراتلار مەھەللىسى بولۇشى مۇمكىن . ئۇيلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئۇ ئىككىلىنىپ قالدى . ياخشىراق ئۇيلاپ بىرەر مۇۋاپىق چارىنى تاپقۇچە ، ئۆز سالاپىتىدىن چۈشمەي تۇرۇپ تۇرماقچى بولدى ، ناھايەت ، ئۇلارنىڭ ئۆيىنى زىيارەت قىلىش پىلانى ھازىرچە بىر چەتتە قېلىپ تۇردى .

دېكابىرنىڭ باشلىرىدا ، براند ۋاشىنگتونغا قايتىپ كېتىپ ، ئۇ يەردە ئۈچ ھەپتە تۇرۇپ قالدى . گېرخاردتنىڭ ئائىلى بىلەن جېنىنى ئۇنىڭ كېتىپ قالغىنىنى ئۇققىنىدا چۆچۈپ كېتىشتى . ئۇنىڭ ھەر ھەپتىدە ئۇلارغا بېرىدىغان كىر يۇيۇش ھەققى ئىككى دوللاردىن كەم بولمايتتى ، ھەتتا بەش دوللار بېرىۋەتكەن چاغلىرىمۇ بىرنەچچە قېتىم بولغان . ئۇ ئۆزىنىڭ كېتىپ قېلىشى بۇلارنىڭ ئىقتىسادىغا قانچىلىك تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئۇيلاپمۇ باقمىغان بولغىيدى . ئەمدى بۇلارغا كۈننى ئەپلەپ - سەپلەپ ئۆتكۈزۈپ تۇرماقتىن باشقا چارە يوق ئىدى . گېرخاردت كېسىلى ساقىيىپ ، زاۋۇتلارغا ئىش ئىزدەپ بارغان بولسىمۇ ، نائۇمىد قايتىپ كەلدى ، كېيىن قەيەردىندۇر شال تارتىش جازىسى بىلەن بىر ھەرىنى تېپىپ كېلىپ ، ئۆيمۇئۆي يۈرۈپ ياغاچ تىلىش

ئىشنى قىلىپ يۈردى . بۇنداق ئىش ئانچە كۆپ ئۇچراپ تۇرمىسىمۇ ، ئۇچراشقىنىنى قولدىن چىقارمىدى ، ھەپتىسىگە ئىككى ـ ئۈچ دوللار تاپاۋەتمۇ بولۇپ قالاتتى . بۇ پۇل ۋە ئايالى بىلەن سىباستىئوننىڭ تېپىپ كەلگەن پۇللىرى بولۇپ ، ئۇلارنى قورساقنىڭ غېمىدىن خالاس قىلدى ، ئۇلار ھېچبولمىغاندا ئاتنى بولسىمۇ تويغۇدەك يېيەلەيدىغان بولۇشتى .

قۇتلۇق مىلاد بايرىمى يېتىپ كەلگەندە ، ئۇلارغا نامراتلىقنىڭ دەردى ئاندىن بىلىندى . گېرمانىيىلىكلەر مىلاد بايرىمىدا ھەممە ئىشنى گۈلى ـ گۈلىگە كەلتۈرۈۋېتىشنى ياخشى كۆرىدىغان خەلق . بۇ ، بىر يىل ئىچىدە ئۇلارنىڭ بۇ كاتتا ئائىلىسىنىڭ ئېچىلىپ ـ يايرايدىغان مەزگىلى ئىدى . ئۇلار بالىلىق دەۋرىدىكى شادىمانلىقنى ئەزىزلەيدۇ ، شۇڭا بالىلارنىڭ ئۇلار سوۋغا قىلغان ئويۇنچۇق ۋە ئويۇنلاردىن بەھرىمەن بولغىنىغا قاراپ كۆڭۈل ئېچىشنى ياقتۇرۇشىدۇ . بايرامنىڭ ئالدىدىكى ھەپتە ئىچىدە ، بوۋاي قولى ئىشتا بولسىمۇ ، پىكىر ـ خىيالى مۇشۇنىڭدىلا بولۇپ يۈردى . ۋېرونىكا شۇنچە ئۇزاق ۋاقىت ئاغرىپ ياتتى ، ئۇنىڭغا ئويۇنچۇق ئېلىپ بەرمەي بولامدۇ ! ئۇنىڭچە بولسا ھەربىر بالىغا بىردىن ئاياغ ، ئوغۇللىرىغا بىردىن قۇلاقچا ، قىزلىرىغا بىردىن باشنىڭ ئېلىپ بەرگەن بولسا خويمۇ ئوبدان بولاتتى . ئويۇنچۇق ، قەنت ـ گېزەك دېگەن نېمىلەر ئىلگىرى ئۇلاردا دائىم بولۇپ تۇرىدىغان . مىلاد بايرىمى كۈنى ئەتىگەندە بالىلارنىڭ كۆڭلىدىكىدەك سوۋغاتلار ئۈستەل ئۈستىگە چىقمايدىغانلىقىنى ئويلىغىنىدا ، گېرخاردتنىڭ كۆڭلى بەكلا يېرىم بولدى .

ئەمدى گېرخاردتنىڭ ئايالىنىڭ قەلبىدىكى ھېس ـ تۇيغۇلارغا كېلەيلى ، ئۇنى تەسۋىرلەپ ئولتۇرغانىنىڭ ئورنىدا تەسەۋۋۇر قىلىپ كۆرگىنىمىز تۈزۈك . ئۇ ئېرى بىلەن ئاشۇ قورقۇنچلۇق پەيت توغرۇلۇق پاراڭلىشىشقا رىغبىتى بارماي ، پەرىشانلىقىقا چۆكۈپ كېتىۋاتاتتى . ئۇ ، بىچارە گېئورگىنىڭ ھەر كۈنى كۆمۈر ئوغرىلايمەن دەپ جاپا چېكىپ يۈرگىنىدىن كۆرە ، بىرەر توننا

كۆمۈر سېتىۋالساقمىكىن دېگەن ئۈمىدتە ئۈچ دوللارنى نېرى تىقىپ قويغانىدى ، ئەمدى ئايەم كۈنلىرى يېقىنلىشىپ قالغانلىقتىن ، بۇ پۇلغا ئايەملىك نەرسە ـ كېرەك سېتىۋېلىش پىكرىگە كەلدى . ئېرىمۇ مىلاد هارپىسى جىددىي پەيتتە يېنىدىن چىقىرىپ بالىلارنىڭ ئاپىسىنىڭ ئىزتىراپقا تولغان كۆڭلىنى تەسكىن تاپقۇزۇش ئويىدا ، ئايالىدىن يوشۇرۇنچە يېنىدا ئىككى دوللارنى ساقلاپ يۈرگەنىدى .

مانا مىلاد بايرىمىمۇ يېتىپ كەلدى ، لېكىن ئۇلارنىڭ قانداق تەسەللىگە ئېرىشكەنلىكىنى ئېيتىش قىيىن ، پۈتكۈل شەهەر بايرام كەيپىياتىغا چۆمدى ، مىلىچمال دۇكانلىرى ۋە گۆش دۇكانلىرىنىڭ هەممىسىگە پادۇب دەرىخى ئەكېلىپ قويۇلدى ، ئويۇنچۇق ، قەنت ـ گېزەك دۇكانلىرىغا كۆزنىڭ يېغىنى يەيدىغان رەڭگارەڭ ئېسىل نەرسىلەر پەۋەس تىزىۋېتىلدى ، مەرتىۋىلىك ئائىلىلەردىكى مىلاد بوۋىلار خىلمۇخىل نەرسىلەرنى سېتىۋېلىپ ئۆيلىرىگە ئەكېتىشىۋاتاتتى . گېرخاردت هەم ئۇنىڭ خوتۇن ـ بالىلىرى بۇ ئەهۋاللارنى كۆرۈپ تۇرۇشاتتى ، ئاتا بىلەن ئانا موهتاجلىقنىڭ خىجالىتىدە دىلخەستە بولۇپ كېتىۋاتسا ، بالىلارنىڭ كاللىسىدا هەر خىل شېرىن خىياللار هەم بېسىۋالغىلى بولمايدىغان تەشنالىق بىخ سۈرمەكتە ئىدى .

گېرخاردت ئۇلارنىڭ چىرايلىرىغا تىكىلىپ تۇرۇپ : «بۇ يىل مىلاد بوۋا گادايلىشىپ قاپتۇ ، ئۇنىڭ بىزگە سوۋغا قىلغۇدەك ئانچە كۆپ نەرسىسى يوق ئىكەن» دەپ نەچچە مەرتەم ئېيتقان بولسىمۇ ، بالىلار ئۆزلىرىنىڭ كەمبەغەللىكىنى بىلىپ تۇرۇقلۇق ، ئۇنىڭ گېپىگە چىنپۈتۈشمىدى . ئۇ هەر دورەم مۇشۇ سۆزنى قىلغىنىدا ، ئۇلارنىڭ مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزلىرىدىن ، شۇنچە ئاگاهلاندۇرغىنىغا قارىماي ، يەنە ئوقچۇپ تۇرغان ئۈمىد ئالامىتىنىڭ قىلچە پەسەيمەيۋاتقىنىنى چېلىقتۇرۇپ قالاتتى .

مىلاد بايرىمى سەيشەنبە كۈنى كەلدى ، هارپا كۈنى — يەنى دۈشەنبە كۈنى بالىلار مەكتەپتىن قويۇپ بېرىلدى . گېرخاردتنىڭ ئايالى سارايغا جۆنەشتىن ئاۋۋال گېئورگىغا : «كۆمۈرنى جىقراق

تېرىپ كەل، مىلاد بايرىمىنى ئۆتكۈزۈۋېلىشقا يەتمەي قالمىسۇن»
دەپ جېكىلىدى. گېئورگى شۇئان ئىككى سىڭلىسىنى
ئەگەشتۈرۈپ چىقىپ كەتتى، بىراق شۇنچە قىلىپمۇ سۆيۈتتى
تولدۇرالمىدى، كەچ كىرگۈچە ھېچقانچە كۆپ تېرىۋالالمىدى.
گېرخاردتىنىڭ ئايالى كەچقۇرۇن سارايدىن قايتىپ كېلىپ،
بىرىنچى بولۇپ كۆمۈرنىڭ ئىشىنى سۈرۈشتە قىلدى:
— كۆمۈر تەرگىلى باردىڭمۇ؟
— باردىم، — دېدى گېئورگى.
— ئەتىگە يېتەمدۇ؟
— يېتىدۇ، — دېدى ئۇ، — مېنىڭچە يېتىپ قالار.
— قېنى مەن كۆرۈپ باقاي، — دېدى ئاپىسى. ئۇلار
چىراغنى كۆتۈرۈشۈپ كۆمۈر قويغان لاپاسنىڭ ئاستىغا كېلىشتى.
ئاپىسى شۇنداق بىر قاراپلا قاقشاپ كەتتى:
— ۋاي خۇدايىمەي، بۇ نېمىگە يېتىدۇ، دىككىدە بېرىپ
تېرىپ كەلمىسەڭ بولماپتۇ.
— قويە، — گېئورگى لەۋلىرىنى پۈرۈشتۈردى، — مەن
ئەمدى بارمايمەن، باش بارسۇن.
باس سائەت ئالتىدىن چارەك ئۆتكەندە ئۆيگە قايتىپ كەلگەن،
شۇ تاپتا ئۇ قازناق ئۆيدە يۈز - كۆزىنى يۇيۇپ، كىيىم يەڭگۈشلەپ
شەھەرگە كىرىشنىڭ تەرەددۇتىنى قىلىۋاتقانىدى.
— ياق، بولمايدۇ، — دېدى ئاپىسى، — باس كۈن بويى
ئىشلەپ چارچىدى، ئۆزۈڭ بارغىن.
— بارمايمەن، — گېئورگى لەۋلىرىنى ھەدەپ
پۈرۈشتۈرەتتى.
— بوپتۇ ئەمىسە، — دېدى ئاپىسى، — ئەتىگە قالايدىغان
نەرسە بولماي قالسا قانداق قىلارسەنكىن، قېنى؟
ئۆيگە قايتىپ كىرگەندىن كېيىن، گېئورگىنىڭ تۇرۇپلا
كۆڭلى يۇمشاپ قالدى، ئىشنى مۇشۇنىڭ بىلەن قاتماللاشتۇرۇپ
قويۇشقا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى بولغاي:

— باس ، سەنمۇ بارغىنا ، — دەپ ، ئىچكەركى ئۆيدىكى ئاكىسىنى قىچقاردى .
— نەگە ؟ — دەپ سورىدى باس .
— بىرئاز كۆمۈر تېرىپ كېلەيلى .
— ئو . . . ي ، — دېدى ئاكىسى ، — قويساڭچۇ ، سەن مېنى نېمە كۆرۈۋاتىسەن ؟
— شۇنداقمۇ ؟ ئەمىسە مەنمۇ بارمايمەن ، — دېدى گېئورگى بېشىنى پۈلاڭشىدە بىر سىلكىۋېتىپ .
— بۈگۈن چۈشتىن كېيىن نېمىدەپ تېرىپ كەلمىدىڭ ؟ — دېدى ئاكىسى دوق قىلغان ئاھاڭدا ، — ئەتىدىن ـ كەچكىچە سەندىن بىكار ئادەم يوققۇ .
— مەن تېرىپ كەلگەن ، — دېدى گېئورگى ، — بىزگىمۇ جىق ئۆچرىمىدى ـ دە ، كۆمۈر بولمىسا نېمىنى تەرگۈدەكمەن ؟
— ئۇبدانراق ئىزدىمىگەنسەن تايىنلىق ؟ — دېدى بۇ سۆلەتۋاز بايۋەچچە .
— نېمە دېيىشىۋاتىسىلەر ؟ — ئاپىسىنىڭ ئورنىدا مىلچىمال دۇكىنىغا سودا قىلغىلى بېرىپ هازىرلا قايتىپ كەلگەن جېنى گېئورگىنىڭ لەۋلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ سورىدى .
— قارىمامسەن ، باس كۆمۈر تېرىپ كەلگىلى ئۇنىمايۋاتىدۇ !
— سەن چۈشتىن كېيىن بارمىغانمىدىڭ ؟
— بارغان ، — دېدى گېئورگى ، — ئەمما ئاپام يەتمەيدۇ ، دەيدۇ .
— مەن سەن بىلەن بىللە باراي ، — دېدى هەدىسى ، — باس ، سەنمۇ بارامسەن ؟
— ياق ، — دېدى ئۇ گالستۇكىنى تۈزەشتۈرۈۋاتقاچ ، ئېرەنشىمىگەن قىياپەتتە ، — مەن بارمايمەن ، — ئۇنىڭ سەل دودىسى تۈتۈپ قالغانىدى .
— كۆمۈر ۋاگونىدىن ئالمىغۇچە ، — دېدى گېئورگى ، —

يەردە تېرىۋالغۇدەك كۆمۈر يوق ، مەن بارغان يەرلەردە كۆمۈر ۋاگونىمۇ يوق ئىكەن .

— ئۇ يەرلەردە كۆمۈر ۋاگونى بار ئىدى، — باش گۆركىردى .

— يوق ئىكەن ، — دېدى گېئورگى .

— بولدى ، ئېيتىشماڭلار ، — دېدى جېنىنى ، — ماڭ ، بېرىپ سېۋەتنى ئەكەل ، كەچ بولۇپ كەتمىسۇن ، ئىتتىك ماڭايلى .

ئۇكىلىرى ھەدىسىگە قەۋەتلا ئامراق ئىدى . ھەممەيلەن قوللىرىغا چىققانلىكى نەرسىنى — ۋېرونىكا بىر كىچىك سېۋەتنى ، مادا بىلەن ۋىلىيام چېلەكنى ، گېئورگى بولسا ، كۆمۈرنى توشقۇچە ئېرىپ ، جېنىنى بىلەن بىللە كۆتۈرۈپ كېلىمىز دەپ ، كىر يۇيىدىغان يوغان داسنى كۆتۈرۈپ چىقىشتى . باش جېنىنىنىڭ بۇ قىزغىنلىقىنى كۆرۈپ سەل خىجىل بولۇپ قالدى ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇمۇ جېنىنىغا ئامراق ئىدى ، شۇڭا بۇلارغا ئەقىل كۆرسەتتى :

— مەن ساڭا قانداق قىلىشنى دەپ بېرەي ، جېن ، — دېدى ئۇ ، — سەن باللارنى باشلاپ كوچىنىڭ دوقمۇشىغا بېرىپ ، ۋاگونلارنىڭ يېنىدا تۇرۇپ تۇرغىن . بىردەمدىن كېيىن مەن بارىمەن ، مەن بارغاندا مېنى تونۇيدىغانلىقىڭلارنى چاندۇرماڭلار . سىلەر پەقەت : «ئەپەندى ، بىزگە ئازراق كۆمۈر تاشلاپ بېرەمسىز ؟ » دەيسىلەر ، ئاندىن مەن كۆمۈر ۋاگونىنىڭ ئۇستىگە چىقىپ ، سېۋەتىڭلار توشقۇدەك تاشلاپ بېرىمەن ، ئۇقتۇڭلارمۇ ؟

— ئۇقتۇق ، — دېدى جېنىنى قالتىس خۇش بولۇپ .

ئۇلار قارلىق كېچىنىڭ قوينىغا كىرىپ ، تۆمۈريول رېلىسلىرى تامان راۋان بولۇشتى . كوچىلار بىلەن كەڭرى ۋوگزال مەيدانى كېسىشىدىغان جايدا ، كۆمۈر لىق قاچىلانغان ۋاگونلار يېڭىلا توختىتىپ قويۇلغانىكەن . باللارنىڭ ھەممىسى بىر ۋاگونىنىڭ دالدىسىغا يىغىلىشتى . ئۇلار ئۇ يەردە ئاكىسىنى كۈتۈپ تۇرغان مەھەلدە ، ۋاشىنگتوننىڭ ئالاھىدە تېز پويىزى كېلىپ قالدى . بۇ چىرايلىق ، ئۇزۇن ، ئىچىدە بىرنەچچە يېڭى تىپتىكى

ئالىي ۋاگونى بار پويىز ئىدى . يوغان دېرىزىلىرىنىڭ ئەينەكلىرى پارقىراپ تۇراتتى ، يولۇچىلار يۇمشاق ساپالاردا يانپاشلىشىپ ، دېرىزىنىڭ سىرتىنى تاماشا قىلىشماقتا ئىدى ، پويىز ھەيۋەت بىلەن نەرە تارتىپ يېتىپ كېلىۋىدى ، باللار ئىختىيارسىز ئارقىسىغا داجىشتى .

— ئوھو ، نېمىدېگەن ئۇزۇن بۇ ؟ — دېدى گېئورگى .

— مېنىڭ پەقەت پويىزكەش بولغۇم يوق ، — دېدى ۋىلىيام .

پەقەت جېننىلا ئۇنچــىقــماي قــاراپ تۇردى . سەپــەر ۋە ھۇزۇر ـ ھالاۋەتنىڭ بېشارىتى ئۇنىڭغا ئاجايىپ كۆچلۈك تەسىر قىلماقتا ئىدى . پۇلدارلارنىڭ تۇرمۇشى نېمىدېگەن پەيزى ـ ھە !

شۇ ئەسنادا ، سىباستىئون بىر خالتا كوچىنىڭ نېرىقــى قاسنىقىدا پەيدا بولدى ـ دە ، غادايغان قىياپەتتە گۆرس ـ گۆرس دەسسەپ بۇلار تەرەپكە ماڭدى . ئۇنىڭ مىجەزى ئاجايىپ تەرسا ئىدى ، ناۋادا شۇ چاغدا باللار ئۇنىڭ پىلانى بويىچە ئىش قىلمىغان بولسا ، ئۇ بىلمەسكە سېلىپ ئۆتۈپ كېتىۋەرگەن ، ئۇلارغا ياردەم قىلىشتىن باش تارتقان بولاتتى .

ئەمما مادا مۇشۇ پەيتتە زۆرۈر چارىنى ئىشقا سالدى :

— ئــەپەنــدى ، بىــــزگــە ئــازراق كــۆمــۈر تــاشــلاپ بېرەمسىز ؟ — دېدى ئۇ باللارچە زىل ئاۋازدا .

سىباستىئون چىپپىدە توختاپ ، گويا ئۇلار بىلەن راستتىنلا تونۇشمايدىغاندەك ، ئۇلارغا سىنچىلاپ بىر قاراپ قويدى ـ دە ، «بولىدۇ ، بولىدۇ» دېگىنىچە ۋاگوننىڭ ئۈستىگە چىــقــىــپ ، ۋاگوننىڭ ئۈستىدىن چاقچاقانلىق بىلەن بىر تالاي كۆمۈر تاشلاپ بەردى . ھەش ـ پەش دېگۈچە ، ئۇلارنىڭ سېۋىتى كۆمۈرگە لىق تولدى . ئاندىن كېيىن ئۇ يەنە بۇ گادايلار توپى ئىچىدە ئۇزاق تۇرغۇسى كەلمىگەندەك قىلىپ ، تاققىدە سەكرەپ چۈشتى ـ دە ، ئۆمۈچۈك تورىغا ئوخشاپ كېتىدىغان رېلىسلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كۆزدىن غايىب بولدى .

ئۇلار ئۆيگە قايتىپ كېلىشىۋاتقىنىدا ، يولدا بىر مۆتىۋەرنى

ئۇچرىتىشتى (بۇ دورەمقىسى راست مۆتىۋەر ئىدى) . ئۇ كىشى بېشىغا ئېگىز قىرلىق شىلەپە ، ئۇچىسىغا ئالدى پېشى جىلىتكە شەكلىدىكى پەلتو كىيىۋاپتۇ . جېيننى ئۇنى بىر قاراپلا تونۇدى، بۇ كىشى باشقا بىرى ئەمەس ، دەل ھېلىقى مەرتىۋىلىك كېكەش ئەزاسى ئىدى . بۇ ئۇنىڭ بۇ يەردە تازىمۇ زېرىكىشلىك بولغان مىلاد بايرىمىنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ، تېخى ھېلىلا ۋاشىنگتوندىن قايتىپ كېلىشى ئىدى . ئۇ باياتىن باللارنى قىزىقسىندۇرغان ھېلىقى تېز پويىزدا كەلگەنىدى . قولىدا ئەپچىل چامادانىنى كۆتۈرۈۋېلىپ ، چەبدەس قەدەم بىلەن ساراي تەرەپكە كېتىۋاتقانىكەن ، باللارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ، جېيننىنى تونۇپ قالدى :

— سىزمىدىڭىز ، جېيننى ؟ — دەپلا ، جايىدا چىپپىدە توختاپ ، سەپسېلىپ قاراپ كەتتى .

جېيننى ئۇنى ئۇنىڭدىنمۇ تېز تونۇۋالغانىدى :

— ۋاي ، بۇ براند ئەپەندىغۇ ! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى ـ دە ، قولىدىكى سېۋەتنى يەرگە تاشلىۋېتىپ ، باللارغا ئۆيگە ئالغاچ كېتىڭلار ، دەپ ئىشارەت قىلىپ قويۇپ ، ئۆزى قارشى تەرەپكە ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كەتتى .

كېكەش ئەزاسى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ ، ئۇچ ـ تۆت قېتىم «جېيننى ! جېيننى !» دەپ قىچقارغان بولسىمۇ ، ئۇنىڭدىن ھېچ جاۋاب بولمىدى . ئۇنى قوغلاپ يېتەلمەسلىكىگە كۆزى يەتكەندىن كېيىن ، ئۇ كىشى بىردىنلا ھەممىنى چۈشەندى ، بۇ مەسۇمە قىزنىڭ نومۇسچانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ قەدىمىنى توختاتتى ـ دە ، باللار بىلەن بىللە ماڭماقچى بولۇپ ئارقىسىغا بۇرۇلدى . بىردىنلا ئۇنىڭدا ئىلگىرى جېيننى بىلەن ئۇچراشقان چاغلاردا بولىدىغاندەك تۇيغۇ پەيدا بولدى ، ئۇ بۇ قىزنىڭ سالاھىيىتى بىلەن ئۆزىنىڭ سالاھىيىتى ئوتتۇرىسىدا ئاسمان ـ زېمىن پەرق بارلىقىنى ھېس قىلدى . بايىقى باللارنىڭ كۆمۈر تېرىپ يۈرگىنىنى كۆرۈپ ، كېكەش ئەزاسى بولغانلىقىنىڭ قەدرىنى ھەقىقىي بىلدى . ئەتىنىڭ — ئاشۇ قۇتلۇق ئايەم كۈنىنىڭ بۇلار

ئۇچۇن نېمە ئەھمىيىتى؟ ئۇنىڭ خەيرخاھلىقى قوزغىلىپ، قەدەملىرى يېنىكلەپ قالدى. بىردەمدىن كېيىن، بالىلارنىڭ پاكار - پاكار ئۆيلەرنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆردى. ئۇ يولنى كېسىپ ئۆتۈپ، ئۆزىنى قاردىن لىباس كىيگەن دەرەخلەرنىڭ دالدىسىغا ئالدى. ئۆيلەرنىڭ ئارقا تەرەپتىكى بىر دېرىزىسىدىن گۈگۈگا چىراغ نۇرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئەتراپ ئاپئاق قار بىلەن قاپلانغان. لاپاس ئاستىدىكى بالىلارنىڭ گۇدۇڭ - گۇدۇڭ ئاۋازى ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ تۇراتتى، بىرپەستىن كېيىن، گېرخاردتىنىڭ ئايالىنىڭ قارىسى غىل - پاللا كۆزگە چېلىقىپ قالدى. يەنە بىردەمدىن كېيىن، ئۇ بىر غۇۋا كۆلەڭگىنىڭ يان ئىشىكتىن كىرىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆردى، بۇنىڭ كىملىكىنى تونۇپ، ئۇنىڭ يۈرىكى ئىختىيارسىز ئويناپ كەتتى، ئەمما ئۇ شۇئان لەۋلىرىنى چىڭ چىشلەپ، چاپچىپ تۇرغان ھېسسىياتىنى ئاران - ئاران بېسىۋالدى، ئۆزىنى زورىغا ئارقىغا بۇرىدى - دە، بۇ يەردىن كەتتى.

شەھەر بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان مىلچىمال دۇكىنىنى ماننىن ئىسىملىك بىرەيلەن ئاچقانىدى. ئۇ براندىنىڭ ئىخلاسمەن مۇخلىسى، يەنە كېلىپ كېڭەش ئەزاسى بىلەن تونۇشقىنىدىن شەرەپ ھېس قىلىدىغان ئادەم ئىدى. شۇ كۈنى ئاخشىمى، براند بۇ ئادەم باش كۆتۈرمەي ئىشلەۋاتقان ئۇستەلنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ماننىن، — دېدى ئۇ، — بۈگۈن ئاخشام مەن ئۇچۇن بىر ئىش قىلىپ بېرەلەمسەن؟

— نېمە، شۇمۇ گەپمۇ، كېڭەش ئەزاسى ئەپەندى، شۇمۇ گەپ بولدىمۇ؟ — دېدى دۇكان خوجايىنى، — قاچان قايتىپ كەلگەنىدىڭىز؟ سىزنى شۇنداق سېغىندۇقكى! يەنە تېخى قىلىۋاتقان گېپىڭىزنى قارىمامدىغان!

— سەندىن ئۆتۈنىدىغىنىم، سەن بىر ئائىلىلىك سەككىز جان كىشىگە ئايەملىك نەرسىلەرنى تەييارلىغىن، جىقراق بولسۇن — ئۇ ئۆيدە ئاتا، ئانا ھەم ئالتە بالا بار — مىلاد ئارچىسى، ئۇششاق - چۈششەك نەرسىلەر ۋە ئويۇنچۇقلار بولسۇن، گېپىمنى

www.uyghurkitap.com

چۈشەنگەنسەن ؟

— چوقۇم ، چاتاق يوق ، كېڭەش ئەزاسى ئەپەندى .

— پۇلنى سورىمايلا قوي ، ھەربىر خىلىدىن جىقراق بولسۇن .
مەن ساڭا ئادرېسىنى بېرىمەن ، — ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە ، قويۇن
دەپتىرىنى چىقىرىپ ئادرېسىنى يازدى .

— نېمە دېگىنىڭىز بۇ ، مەن ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن بەجا
كەلتۈرىمەن دەڭە ، كېڭەش ئەزاسى ئەپەندى ، مەن تولىمۇ
خۇشالمەن . سىز ئەزەلدىن مەرد ئادەمسىز .

— گېپىمگە قۇلاق سال ، مانىنىن ، — براند كېڭەش ئەزاسىغا
خاس غورۇرىنى ساقلىمىسا بولمايتتى ، شۇڭا كەسكىن
تەلەپپۇزدا ، — ھەممە نەرسىنى ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا ئاپىرىپ بەر ،
ئاندىن ھېساب تالونىنى ماڭا ئەكېلىپ بەرگىن ، — دېدى .

— خوپ ، خوپ ! — ھەم ھەيران بولۇۋاتقان ، ھەم تېڭىرقاپ
قالغان دۇكاندار پەقەت شۇنىلا دېيەلىدى .

كېڭەش ئەزاسى دۇكاندىن چىقىپ بولۇپ ، گېرخاردت بىلەن
ئۇنىڭ ئائىلىسى ئېسىگە ئالدى ـ دە ، يەنە كىيىم ـ كېچەك ، ئاياغ
ساتىدىغان دۇكانلارغا بېرىپ مال ئۇقۇشتى . ئۇلارنىڭ رازمېرىنى
بىلمىگەچكە ، ئالغان نەرسىلەرنى يەنە كېلىپ تېگىشىشكە
بولىدىغانلىقىنى ئېنىق دېيىشىپ قويدى . مۇشۇ ئىشلارنى پۈتتۈرۈپ
بولغاندىن كېيىن ، ئاندىن ئۆز خانىسىغا قايتىپ كەلدى .

«كۆمۈر تېرىپ يۈرۈپتۇ ، — دەپ ئويلىدى ئۇ يېنىش ـ
يېنىش ، — مەنزە تازىمۇ بىخەستە بوپتىمەن ـ دە ، ئەمدى ئۇلارنى
ئېسىمدىن چىقارماسلىقىم كېرەك .»

## 4

جېنىنىڭ كېڭەش ئەزاسىنى كۆرۈپلا قېچىپ كېتىشىدىكى
سەۋەب ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئاشۇ ئەپتىدىن نومۇس قىلدى ، كۆڭلىدە :
«ئۇ كىشى ماڭا بىر ئوبدان مۇئامىلە قىلىپ كېلىۋاتقانىدى ،

ئەمدىلىكتە مېنىڭ مۇشۇنداق قامالاشمىغان ئىشنى قىلىپ يۈرگىنىمنى كۆرۈپ نېمىمۇ دەپ قالغاندۇ» دەپ ئويلىدى . نېمىلا دېگەنبىلەن تېخى بالا ـ دە ، شۇڭا براندنىڭ ئۆزىگە بولغان قىزىقىشىنى قىزلىقىغا ئېلىپ ئويلىماي ، بۇنىڭدا باشقا سەۋەب بار ، دەپ ئويلايتتى .

ئۆيىگە قايتىپ كەلگىنىدە ، ئاپىسى باشقا باللاردىن ئۇنىڭ قېچىپ كەتكىنىنى ئاڭلاپ بولغانىكەن .

— ساڭا نېمە بولدى ؟ — ئۇ ئىشىكتىن كىرىشىگىلا ، گېئورگى ئۇنىڭدىن سورىدى .

— ۋاي ، ھېچنېمە ، — ئۇ شۇنداق دەپلا ، ئىتتىك ئاپىسىغا قاراپ ، — براند ئەپەندى يولدا كېتىۋېتىپ بىزنى كۆرۈپ قالدى ، — دېدى .

— ۋۇي ، راستىما ؟ — ئاپىسى بوش ئاۋازدا سورىدى ، — ئۇ كىشى قايتىپ كەپتۇ ـ دە ، بىراق سەن نېمىشقا قاچتىڭ ، ئەخمەق بالا ؟

— بۇ . . . ئۇ مېنى كۆرۈپ قالمىسا بولاتتىچۇ .

— ئا ـ ھاي ، بەلكىم ئۇ سېنى تونۇمىغاندۇ ؟ — قىزنىڭ ئوڭايسىزلىنىۋاتقىنىغا ئۇنىڭ رەھمى كېلىپ قالدى .

— ۋىيەي ، ئۇ مېنى تونۇۋالدى ، — دېدى جېننى شىۋىرلاپ ، — ئۇ تېخى مېنى ئىككى ـ ئۈچ قېتىم چاقىردى دەڭە .

ئاپىسى ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ قويدى .

— نېمە ئىش بولدى ؟ — ئىچكەركى ئۆيدە تۇرۇپ ئۇلارنىڭ پارىڭىنى ئاڭلاپ قالغان گېرخاردت چىقىپ كېلىۋېتىپ سورىدى .

— ھېچنېمە ، — دېدى ئانا . ئۇ كېڭەش ئەزاسىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشىدىكى قىممىتىنى چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرۇشنى خالىمىغانىدى ، — ئۇلار كۆمۈر تېرىۋاتقاندا بىرى ئۇلارنى قورقۇتۇۋېتىپتۇ .

كەچ كىرگەندىن كېيىن مىلاد سوۋغىلىرى ئەكېلىنگەندە پۈتۈن ئائىلىدىكىلەر ھاياجانلانغىنىدىن چۇۋۇرلىشىپ كېتىشتى .

www.uyghurkitap.com

مىلىچمال دۇكىنىنىڭ مال هارۋىسى ئۇلارنىڭ پاكار ئۆيىنىڭ ئالدىدا توختاپ ، بەستىلىك بىر دۇكان خىزمەتچىسى سوۋغاتلارنى ئۆيگە ئەكىرگىلىۋاتقاندا ، ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەن كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قېلىشتى . ئۇلار دۇكان خىزمەتچىسىگە «سوۋغاتلارنى يېڭىلىشىپ ئەكەلگەن ئوخشايسىز» دېيۋىدى ، ئۇ كىشى قولاق سالماي ئۆز ئىشى بىلەن بولىۋەردى . شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇ ئېسىل نەرسىلەرنى خۇشاللىقى ئىچىگە پاتمىغان هالدا بىر ـ بىرلەپ كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقىشتى .

— سىلەر خاتىرجەم بولۇڭلار ، — دېدى دۇكان خىزمەتچىسى جىددىي تەرزدە ، — مەن ئۇنداق يېڭىلىشىپ قالىدىغانلاردىن ئەمەس ، شۇنداققۇ ـ هە ، گېرخاردت ؟ بۇلارنىڭ هەممىسىنى سىلەرگە ئەكەلدىم .

گېرخاردتنىڭ خوتۇنىنىڭ پۇتى ـ پۇتىغا تەگمەي قالدى ، هاياجانلانغىنىدىن قوللىرىنى هەدەپ ئىشقىلايتتى ، تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا :

— ياخشى بولدى ، مانا بۇ ياخشى بولغىنى ئەمەسمۇ ؟ — دەپ قوياتتى .

بۇ نامەلۇم ساخاۋەتچىنىڭ بۇ قەدەر مەردلىكىنى كۆرۈپ بوۋاينىڭ كۆڭلىمۇ ئۆزىچىلا ئېرىپ قالدى . ئۇ بۇنى شۇ جايدىكى چوڭ زاۋۇتنىڭ خوجايىنى ئەۋەتكەن ، دەپ قىياس قىلدى . چۈنكى ئۇ باي گېرخاردتنى تونۇيتتى ، يەنە كېلىپ بۇلارغا ناهايىتى ياخشى مۇئامىلە قىلاتتى . گېرخاردتنىڭ ئايالى تەسىرلەنگىنىدىن كۆز يېشى قىلدى ، بۇ نەرسىلەرنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى سەل گۇمان بىلەن پەرەز قىلغان بولسىمۇ ، هېچ نەرسە دېمىدى . جېننىغا كەلسەك ، ئۇ تەبىئىيلا ، بۇ ئىشنى كىمنىڭ قىلغانلىقىنى چۈشىنىپ بولدى .

مىلاد بايرىمىنىڭ ئىككىنچى كۈنى چۈشتىن كېيىن ، براند سارايدا جېننىنىڭ ئاپىسى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى ، جېننى شۇ كۈنى ئۆيگە قاراپ قالغانىدى .

— ياخشىمۇسىز ، خانىم ، — ئۇ قولىنى ئۇزاتقاچ ، خۇشخۇيلۇق بىلەن ئامانلاشتى ، — مىلاد بايرىمىنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزگەنسىز ؟

بىچارە ئايال غالىلداپ تىترىگەن پېتى ئۇنىڭغا قول بەردى ، كۆز چاناقلىرى شۇئان ياشقا تولدى .

— نېمە ، نېمە ، — دېدى براند بۇ ئايالنىڭ دولىسىغا قېقىپ قويۇپ ، — يىغلىمىسىڭىزچۇ ، بۇگۇن كىر ئالغىلى كېلىدىغانلىقىڭىزنى ئۇنتۇپ قالماڭ جۇمۇ .

— ئۇنتۇمايمەن ، ئەپەندى ، — دېدى ئۇ ، بۇ كىشى بىلەن بىرنەچچە ئېغىز پاراڭلاشماقچى بولۇۋىدى ، لېكىن ئۇ كىشى يېنىدىن كېتىپ قالدى .

شۇنىڭدىن كېيىن ، ئانا ـ بالا ئىككىيلەننىڭ سارايدا بىر سۇمباتلىق كىشىنىڭ ئەزاسى بار ئىكەنلىكى ، ئۇنىڭ مۇلايىملىقى ، ئۆزلىرىگە بېرىدىغان كىر يۇيۇش ھەققىنىڭ قانچىلىك كۆپ ئىكەنلىكى ھەققىدە قىلىشقان پاراڭلىرى گېرخاردتنىڭ قۇلىقىغا پات ـ پاتلا كىرىپ قالىدىغان بولدى . گېرمانىيىلىك مېھنەتكەشلەر ئاددىي پىكىر قىلىدۇ . شۇڭا ، ئۇ براند ئىسىملىك بۇ ئەپەندىنىڭ سۆزسىز بىر ئۇلۇغ ئەرباب ھەم ناھايىتى ئېسىل سۇپەت ئادەم ئىكەنلىكىگە ئوڭايلا ئىشىنىپ قالدى .

جېننىنىڭ ھېسسىياتىنى بۇياققا بۇرايمەن دەپ ئاۋارە بولۇش ھاجەتسىز ئىدى ، شۇڭا ئۇنىڭ ئۇ كىشىگە بولغان قىزىقىشى ئادەتتىكىدىن تاشقىرى تۇس ئېلىشقا باشلىدى .

بۇ ، دەل ئۇنىڭ رەسىدە بولۇۋاتقان مەزگىلى بولغاچقا ، ئۇ كۈندىن ـ كۈنگە ھۆسن تۈزەپ ، تولۇپ بېرىۋاتاتتى ، ھەرقانداق ئەركەكنىڭ ئۇنىڭغا شەيدا بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس ئىدى . ئۇنىڭ تەن قۇرۇلۇشى يارىلىشىدىنلا بېجىرىم ، بويىمۇ ئېگىز كەلگەن ، ئادەتتىكى قىز بالىلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ . ناۋادا ، ئۇنىڭغا مودا ئاياللارنىڭ كۆڭلىكىنى كىيدۈرۈپ قويىدىغان بولسا ، ئۇ چاغدا ئۇنىڭ ھېلىقى كىشىنىڭ ئەزاسىغا ئۇنىڭ ئاشۇ ئېگىز بويىغا

مۇناسىپ كەلگۈدەك جۈپ بولالىشىدا گەپ يوق . ئۇنىڭ چولپان كۆزلىرىدىن نۇر يېغىپ تۇراتتى ، ئەتلىرى ناھايىتى يۇمران ، چىشلىرى سەدەپتەك ئاق ھەم تەكشى ئىدى . ئۇ ئەقىل بابىدا يېتىشكەن ، ئۆزىمۇ زېرەك ، ئۇنىڭ كۆزىتىش ئىقتىدارىمۇ كەم ئەمەس . ئۇنىڭدا كەم بولغىنى تەربىيىلىنىش ھەم ئۆزگە ئىشىنىش تۇيغۇسى ئىدى . بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب ، ئۇ ئۆزىنى باشقىلارغا پۇتۇنلەي تايىنىپ ياشايدىغان ئادەم ، دەپ ھېسابلايتتى .

لېكىنىزە ، ئۇ ھەر دورەم كىيىم ئاپىرىپ بەرگىلى بارغاندا ، ئۇ يەردە قانداقلا نەرسىنى ئۇچراتقان بولسا ، ئۇنى ماڭا قىلىنغان ئىلتىپات دەپ ئويلاپ قالاتتى . مانا بۇ ئۇنىڭ ئۇچۇن پايدىسىز ئىدى .

يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان ، ئۇ يۇغان كىرلارنى ئاپىرىپ بەرگىلى سارايغا ھەپتىدە ئىككى قېتىم بارىدىغان بولۇپ قالدى ، ھەر كەلگىنىدە ، براند ئۇنى خۇشخۇيلۇق بىلەن قارشى ئالاتتى ، ئۇمۇ بۇ كىشىگە ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ جاۋاب قايتۇراتتى . براند دائىم جېنىنىغا ھەم ئۇنىڭ ئۇكىلىرىغا ئۇششاق ـ چۇششەك نەرسىلەرنى سوۋغا قىلىپ تۇراتتى . ئۇنىڭ بىلەن بەھۇزۇر پاراڭلىشاتتى . شۇنداق قىلىپ ، ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى مەرتىۋە پەرقى توغرىسىدىكى قورقۇمسىراش تامامەن غايىب بولدى ، ئەمدى ئۇ براندنى سۈرلۈك كىشىش ئەزاسى ئەمەس ، بەلكى سېخىي دوست قاتارىدا كۆرۈپ مۇئامىلە قىلىدىغان بولدى . براند بىر قېتىم ئۇنىڭدىن ، مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇشنى خالامسىز ، دەپ سورىدى ، چۈنكى ئۇ ھەمىشە ، ئۇ مەكتەپ يۈزى كۆرگەندىن كېيىن ، چوقۇم قالتىس ئادەم بولۇپ چىقىدۇ ، دەپ ئويلايتتى . ناھايەت بىر كۈنى كەچتە ، ئۇ جېنىنىنى ئۆز يېنىغا چاقىردى .

— بۇياققا كېلىڭە ، جېنىنى ، — دېدى ئۇ ، — مېنىڭ قېشىمغا كېلىڭە .

جېنىنى ئۇنىڭ قېشىغا بېرىۋىدى ، ئۇ ئۆزىنى باسالماي كاپلا قىلىپ ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى .

— ماڭا قاراڭا، جېنىنى، — دېدى ئۇ ئادەمنى تېپىشماق تاپقىلى سالىدىغاندەك بىر خىل نەزەردە ئۇنىڭ چىرايىغا سىنچىلاپ قاراپ، — سىزنىڭچە، مەن زادى قانداق ئادەم؟

— ۋىيەي، — دېدى جېنىنى يۈزىنى ئەتەي چەتكە بۇراپ، — مەن نېمە بىلەي، مەندىن نېمىشقا بۇنى سوراپ قالدىڭىز؟

— ئوھو، سىز بىلىسىز، — دېدى براند، — سىزدە ھامان مەن توغرۇلۇق مەلۇم ئوي بولۇشى مۇمكىن. قېنى، ماڭا ئېيتىڭە، سىزنىڭ ئويىڭىز قانداق ئىكەن؟

— ياقەي، مەندە ھېچقانداق ئوي يوق، — دېدى جېنىنى ساددىلىق بىلەن.

— سىزدە بار، — ئۇ قىزنىڭ بۇنداق ئوچۇق سۆزلۈكلۈكىگە مەستلىكى كېلىپ، مەمنۇنىيەت بىلەن دېدى، — سىز مەن توغرۇلۇق چوقۇم ئويلىغان. ئېيتىڭە، زادى قانداق ئويلىغان؟

— سىز مەندىن مېنىڭ سىزنى ياقتۇرىدىغان ياكى ياقتۇرمايدىغانلىقىمنى سورىماقچىمۇ؟ — ئۇ تۇز كۆڭۈللۈك بىلەن شۇنداق دەپلا، كۆزلىرىنى تۆۋەن تىكىپ، براندنىڭ چېكىسىدىكى ئاق ئارىلىغان بىر تۇتام چېچىغا نەزىرىنى ئاغدۇردى، بۇ چاچلار ئۇنىڭ پېشانىسىگە چۈشۈۋېلىپ، چىرايلىق يۈزىنى بەئەينى شىرنىڭ يۈزىگە ئوخشىتىپ قويغانىدى.

— ھەئە، شۇنداق، — دېدى براند سەل ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا، كۆڭلىدە: «بۇ قىزدا نازۇكەرەشمە كەمرەك ئىكەن» دەپ ئويلىدى.

— مەن سىزنى ئەلۋەتتە ياقتۇرىمەن، — دېدى جېنىنى ئەركىلەپ تۇرۇپ.

— سىز مەن توغرۇلۇق باشقا ئويدا بولمىغانمۇ زادى؟ — براند يەنە سورىدى.

— مەن سىزنى تولىمۇ سۆلكەتلىك ئادەم، دەپ قارايمەن، — دېدى ئۇ تېخىمۇ ئىزا تارتقان ھالدا، ئۇ براندنىڭ تېخىچە ئۆزىنىڭ قولىنى چىڭ سىقىملاپ تۇرۇۋاتقىنىنى ئەمدى

سەزگەندى .

— مۇشۇلىما ؟

— ۋىيەي ، — ئۇنىڭ قاپاقلىرى لىك ـ لىك سەكرەپ كەتتى ، — بۇمۇ ئازلىق قىلامدۇ تېخى ؟

براند جېنىنىغا لەپپىدە بىر قارىۋىدى ، ئۇنىڭ ئۆزىگە يېنىشلاپ قارىغان چاغدىكى ئوماق ھەم ساددا نەزىرى ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سېلىۋەتتى . ئۇ ئۈنچىقماي ، جېنىنىنىڭ چىرايىغا سىنچىلاپ قاراپ كەتتى ، جېنىنى ئۇنىڭ بۇ قارىشىدا چوڭقۇر مەنە بارلىقىنى سەزدىيۇ ، ئەمما زادى قانداق مەنە ئىكەنلىكىنى چۈشىنەلمەي ئىچى پۇشتى .

— دېمەكچىمەنكى ، — دېدى ئۇ ئاخىر ، — مېنىڭچە سىز بىر چىرايلىق قىز . سىزمۇ مېنى ناھايىتى ياخشى كىشى دەپ ئويلايسىزغۇ دەيمەن ؟

— ئويلايمەن ، — دېدى جېنىنى قىلچە ئىككىلەنمەي .

براند ساپاغا يۆلىنىپ ، بېشىنى ئارقىغا تاشلىدى ، كۆڭلىدە قىزنىڭ جاۋابىدا بىر خىل غەرەزسىز ھەزىل بارلىقىنى ھېس قىلىپ ، ئىختىيارسىز كۈلۈۋەتتى . جېنىنى ئۇنىڭ كۈلۈشىگە ھەيران بولۇپ قارىدى .

— نېمىگە كۈلىسىز ؟ — دەپ سورىدى ئۇ .

— ھە ، سىزنىڭ جاۋابىڭىزنىڭ قىزىقارلىقلىقىغا كۈلدۈم ، — دېدى براند ، — مەن ئەسلىي كۈلمىسەم بولاتتى . مېنىڭچە ، سىز ماڭا ئازراقمۇ قىزىقمايدىكەنسىز . مەن سىزنىڭ مېنى ياقتۇرىدىغانلىقىڭىزغا ئىشەنمەيمەن .

— ئەمما مەن سىزنى ھەقىقەتەن ياقتۇرىمەن ، — دېدى ئۇ سەمىمىيلىك بىلەن ، — مېنىڭچە ، سىز بەك ياخشى ئادەم ، — ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىنى يۈرىكىدىن چىقىرىپ ئېيتىۋاتقىنى كۆزلىرىدىن بىلىنىپ تۇراتتى .

— بوپتۇ ، ئەمىسە ، — براند شۇنداق دېگەچ ، قىزنى ئاستا ئۆزىگە تارتىپ ، ئۇنىڭ پېشانىسىگە چوككىدە قىلىپ بىرنى



www.uyghurkitap.com

سۆيدى .

— ۋاي ! — جېننى قەددىنى رۇسلاپ توۋلىۋەتتى ، ئۇ بەك چۆچۈپ كەتكەندى .

بۇ ئىش ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىدە يېڭىچە بىر ھالەتنى پەيدا قىلدى . براندنىڭ كېڭەش ئەزاسىغا خاس سالاپىتى شۇئان غايىب بولدى . جېننى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئۆزى ئەزەلدىن ھېس قىلىپ باقمىغان بىر خىل نەرسىنى بايقىغاندەك بولدى ، كۆزىگە ئۇ ئىلگىرىكىدىنمۇ ياشىرىپ قالغاندەك كۆرۈندى . شۇ تاپتا جېننى ئۇنىڭ نەزىرىدە بىر ئايال زاتى ئىدى ، ئۇنىڭ ئۆزى بولسا ، شۇ ئايالنىڭ ئاشىقىنىڭ رولىنى ئېلىۋاتاتتى . جېننى نېمە قىلارىنى بىلەلمەي ، بىرپەس ئارىسالدى بولۇپ قالدى .

— ئو - ھوي ، — دېدى براند ، — مەن سىزنى چۆچۈتۈۋەتتىممۇ نېمە ؟

جېننى ئۇنىڭغا قاراپ قويدى . كۆڭلىدە بۇ ئۇلۇغ زاتقا قارىتا يەنىلا ھۆرمىتى كامىل ئىدى ، شۇڭا مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ :

— ھەئە ، مېنى چۆچۈتۈۋەتتىڭىز ، — دېدى .

— بۇ مېنىڭ سىزنى بەك - بەك ياخشى كۆرگەنلىكىمدىن بولدى - دە .

جېننى بىرپەس سۈكۈتكە چۈشۈپ ، ئاندىن :

— قايتىدىغان ۋاقتىم بولۇپ قالدى ، — دېدى .

— ئۇنداقتا ، — دېدى براند يېلىنغاندەك قىلىپ ، — سىز مۇشۇ ئىش تۈپەيلى ئۆزىڭىزنى مەندىن قاچۇرماقچى بولۇۋاتامسىز ؟

— ئۇنداق ئەمەس ، — ئۇنىڭ ئويىچە ، ياخشىلىققا يامانلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇش نامەردلىك ئىدى ، شۇڭا ، — مەن قايتىپ كەتمىسەم بولمايدۇ ، ئۆيدىكىلەر مېنىڭدىن ئەنسىرەپ قالىدۇ ، — دېدى .

— سىز مەندىن خاپا بولۇپ قالمىغانسىز ؟

— ياقەي ، خاپا بولمىدىم ، — دېدى ئۇ جاۋابەن ؛ مۇشۇ تۇرقىدا ئۇ ئاياللارغا خاس خۇسۇسىيىتىنى تېخىمۇ روشەن

ئىپادىلىدى. مۇشۇنداق جىددىي ئەھۋالغا دۇچ كېلىش ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا تېخى يېڭىلىق ئىدى. شۇنىسى ئايانكى، بۇلار ھەر ئىككىلىسى گاڭگىراپ قېلىشتى.

— قانداق ئەھۋال يۈز بېرىشىدىن قەتئىينەزەر، ئەمدى سىز ماڭىلا تەئەللۇق، — دېدى براند ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، — بۇنىڭدىن كېيىن مەن ھەر ۋاقىت سىزنىڭ غېمىڭىزدە بولىمەن.

بۇ سۆزلەر جېنىنىنى خۇشال قىلىۋەتتى. «ئۇ كىشىنىڭ ئەقلىنى لال قىلىدىغان ئىشلارنى قىلىشقا نىمىدىگەن ئۇستا ـ ھە، — دەپ ئويلىدى ئىچىدە، — ئۇ تازىمۇ ئۇستا سېھىرگەر ئىكەن.» ئۇ ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتكەچ، ئۆزىنى مۇشۇنداق تۇرمۇشقا، مۇشۇنداق مۇھىتقا قويۇپ تەسەۋۋۇر قىلىۋىدى، گويا جەننەتكە كىرىپ قالغاندەك تۇيغۇدا بولدى. بىراق ئۇ بۇ كىشىنىڭ غەرىزىنى تازا چۈشىنىپ يېتەلمىگەنىدى، ئۇ پەقەت بۇ كىشىنىڭ ھەقىقىي ئادىمىي، قالتىس سېخىي ئىكەنلىكىنى، ئۆزىگە ئېسىل نەرسىلەرنى سوۋغا قىلىۋاتقىنىنىلا بىلەتتى، خالاس. شۇڭا تەبىئىيلا ئۆزىنى خۇشال سەزدى. بىراند بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى مەرتىۋە جەھەتتىكى زىددىيەتمۇ خىيالىدا يوق، ئادەتتى بويىچە ئۆزى ئېلىپ كېتىدىغان بىر بوپا كىرنى قولىغا ئېلىۋىدى، بۇ براندقا گويا ئۇنى يۈزىدىن يۈزىگىلا ئەيىبلەۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى.

«ئۇ بۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ كەتمەسلىكى كېرەك ئىدى» دەپ ئويلىدى ئۇ. بىردىنلا ھېسداشلىقىنىڭ شىددەتلىك دولقۇنى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سېلىۋەتتى. ئۇ قىزنىڭ ئېڭىكىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ، ئىززەت ـ ئىكرام ۋە مەردانىلىك بىلەن:

— ھېچ ۋەقەسى يوق، قىزچاق، ئەمدى ھەمىشە بۇنداق ئىشنى قىلىپ يۈرۈشىڭىز بىھاجەت، مەن سىز ئۈچۈن بىر ئامال تاپىمەن، — دېدى.

بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتى ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا تېخىمۇ بەكرەك يېقىنچىلىقنى پەيدا قىلدى، خالاس. جېنىنى يەنە بىر كەلگەندە،

براند قىلچە ئىككىلەنمەستىن ئۇنى ئۆزى ئۆلتۈرگان ساپانىڭ يان يۆلەنچۈكىگە كېلىپ ئۆلتۈرۈشقا تەكلىپ قىلدى ھەمدە سەممىيلىك بىلەن ئۇنىڭدىن ئائىلىسىنىڭ ئەھۋالىنى ھەم ئۆزىنىڭ ئارزۇسىنى سوراشتۇردى. گەپ ئارىلىقىدا قىزنىڭ ئۇنىڭ سوئالىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇۋاتقىنىنى نەچچە مەرتەم سېزىپ قالدى، خۇسۇسەن ئۇنىڭ دادىسىنىڭ يېقىنقىنىڭياقىي نېمە ئىش قىلىۋاتقىنىنى سورىغىنىدا شۇنداق بولدى. جېننى دادىسىنىڭ بىراۋلارغا ياغاچ تىلىپ بېرىۋاتقىنىنى دېيىشكە خىجىل بولۇۋاتاتتى.

براند بۇلارنىڭ ئائىلىسىنىڭ كۈنى تېخىمۇ بەتتەرلىشىپ كېتىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن، دېگەن گۇمان بىلەن، ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئەھۋالنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ كەلمەكچى بولدى.

بۇ ئىش بىر كۈنى ئەتىگىنى روياپقا چىقتى. بۇ، پارلامېنتتىكى كۆرەش باشلىنىشتىن ئۈچ كۈن ئاۋۋالقى گەپ. ئاشۇ كۆرەشتە ئۇ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. بىراق غالىبىيەت بىلەن مەغلۇبىيەت تېخى ئېنىق بولمىغان ئاشۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە، ئۇنىڭ قىلغۇدەك تۈزۈك ئىشىمۇ يوق ئىدى. بولۇپمۇ، ھېلىقى كۈنى ئۇنىڭ ئانچە مۇھىم ئىشى بولمىغاچقا، قولىغا ھاسىسىنى ئېلىپ ئاستا سىرتقا چىقتى، ئالاھازەل يېرىم سائەتچە يول يۈرگەندىن كېيىن جېننىلارنىڭ كەپىسى ئالدىغا يېتىپ كەلدى-دە، ئىشىكنى دادىل چەكتى.

ئىشىكنى گېرخاردتنىڭ ئايالى ئاچتى.

— خەيرلىك ئەتىگەن، — براند خۇش ئاۋازدا سالاملاشتىيۇ، ئۇنىڭ چىرايىدىكى سەل ئارىسالدىلىق ئالامىتىنى كۆرۈپ يەنە، — كىرسەم بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى.

گېرخاردتنىڭ ئايالى ئۇنىڭ بۇنداق تۇيۇقسىز كېلىشىدىن چۆچۈپ داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدى، ھودۇققىنىدىن قوللىرىنى سەكسەن يېرىگە ياماق چۈشكەن پەرتۇقىنىڭ ئۈستىگە

سۇركەۋەردى ، كېيىن يەنە براندنىڭ ئۆزىدىن جاۋاب كۈتۈپ تۇرۇپ قالغىنىنى كۆرۈپ :

— ۋاي ، بولمامدىغان ، قېنى مەرھەمەت قىلىڭ ، — دېدى ئۇ شاپاشلىغىنىچە بۇ كىشىگە يول باشلاش بىلەن بولۇپ . ئىشىكنى يېپىشىنىمۇ ئۇنتۇپ قالدى ، ئىتتىك بېرىپ ساپانى ئەكەلدى ـ دە ، ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى .

براند ئۇنى بۇنچىلىك تەمتىرىتىپ قويغىنى ئۈچۈن سەل ئوڭايسىزلاندى ـ دە :

— ھېچ ۋەقەسى يوق ، خانىم . بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاچ ، سىلەرنى كۆرۈپ كېتەي دەپ كىردىم . ئېرىڭىز ياخشى بولۇپ قالدىمۇ ؟ — دېدى .

— ياخشى بولۇپ قالدى ، رەھمەت ، — دېدى گېرخاردتىنىڭ ئايالى ، — بۈگۈن ئۇ ئىشلىگىلى چىقىپ كەتكەن .

— بۇنداقتا ئۇياق ئىش تېپىۋاپتۇ ـ دە ؟

— شۇنداق ، ئەپەندى ، — دېدى گېرخاردتىنىڭ ئايالى ، ئۇمۇ جېنىنىغا ئوخشاش ، ئېرىنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقىنىنى دېيىشنى خالىمىدى .

— بالىلارنىڭ ھەممىسى ئوبدان تۇرۇۋاتاندۇ ، مەكتەپتە ئوقۇشۇۋاتىدۇغۇ دەيمەن ؟

— ھەئە ، — دېدى گېرخاردتىنىڭ ئايالى ، بۇ چاغدا ئۇ پەرتۇقىنى يېشىۋەتكەن ، تىترەۋاتقان قوللىرى ئەمدى تىزلىرى ئۈستىدە ئوينىماقتا ئىدى .

— ئۇنداقتا ياخشى بوپتۇغۇ ، جېنىنى كۆرۈنمەيدۇغۇ ؟

جېنىنى بۇ تاپتا كىيىملەرنى ئەمدىلا دەزماللاپ بولۇپ ، دەزمالنى قويۇپ قويۇپلا ، ئىچكەركى ئۆيدە ھاپىلا ـ شاپىلا باش ـ كۆزلىرىنى تۈزەشتۈرۈۋاتقانىدى ، ئاپىسىنىڭ ئۇنىڭ ئۆيدە ئىكەنلىكىنى يوشۇرۇشقا تىرىشىۋاتقانلىقىنى ، ئۆزىنىڭ يوشۇرۇنۇشقا ئۈلگۈرەلمەسلىكىدىن يۈرىكى سۇ بولۇپ تۇرغانىدى .

— ئۇ ئۆيدە ، — دېدى ئاپىسى ، — مەن ئۇنى قىچقىرىپ

چىقاي .
— نېمىدەپ مېنى ئۆيدە دەيسىز ؟ — دېدى جېنىنى ماغدۇرسىزلانغان ھالدا .
— ئەمىسە نېمە دېسەم بولاتتى ؟ — سورىدى ئاپىسى .
ئانا ـ بالا ئىككىيلەن دېلىغۇلچىلىقتا تۇرغان پەيتتە ، كېڭەش ئەزاسى ئەپەندى ئۆيدە ئوكچە قېلىپ ، بۇ ئۆينى بىرقۇر كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقتى . مۇشۇنداق ياخشى كىشىلەرنىڭ شۇ قەدەر كۆلپەت ئىچىدە ياشاۋاتقىنىنى ئويلىغىنىدا ، كۆڭلى بىر قىسىملا بولۇپ كەتتى ، بۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلاش توغرىسىدىكى غوۋا ئوي «يالت» قىلىپ كاللىسىغا كەچتى .
— ئەتىگەنلىكىڭىز خەيرلىك بولسۇن ، — دېدى ئۇ جېنىنى دەككە ـ دۈككە ئىچىدە كىرىپ كېلىۋاتقاندا ئۇنىڭ بىلەن سالاملىشىپ ، — بۈگۈن ياخشى تۇرۇۋېسىزمۇ ؟
جېنىنى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ قولىنى ئۇنىڭغا ئۇزىتىۋاتقىنىدا ، يۈزىگە قىزىللىق ئۆرلىدى . ئۇنىڭ كېلىشى بىلەن ، بۇ قىزنىڭ كۆڭلى ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ ، تىلى گەپكە كەلمەيلا قويدى .
— مەن ، — دېدى براند ، — سىلەرنىڭ ئۆي ـ جايىڭلارنى بىر كۆرۈپ كېلەيچۇ دەپ ئويلىغۇدىم ، بۇ خېلى ئازادە ئۆي ئىكەنغۇ ، ئۆيۈڭلار جەمئىي قانچە ئېغىزلىق ؟
— بەش ئېغىزلىق ، — دېدى جېنىنى ، — بۈگۈن تازا قالايمىقان ۋاقتىدا كېلىپ قالدىڭىز ، ئەيىبكە بۇيرۇماسسىز . بىز تېخى ھېلىلا كىيىملەرنى دەزماللىغاندۇق ، شۇڭا ئۆي بەك قالايمىقان .
— بىلىمەن ، — دېدى براند مۇلايىملىق بىلەن ، — مېنى بىلمەيدۇ ، دەپ ئويلامسىز ، جېنىنى ؟ سىز مەندىن ھەرگىزمۇ خىجىل بولماڭ .
ئۇ كىشىنىڭ خانىسىدا ھەمىشە ئاڭلاپ تۇرىدىغان ، كۆڭۈلنى ئاۋۇندۇرىدىغان سەمىمىي سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ،

جېنىنىڭ كۆڭلى سەل جايىغا چۈشتى .
— ئەگەر مەن مۇشۇنداق تاسادىپىي كېلىپ قالسام، سىلەر باشقىچە خىيالدا بولماڭلار ، چۈنكى ئۆزۈم خالاپ كەلدىم، مەن دادىڭىز بىلەن كۆرۈشمەكچىدىم .
— ھە ، — دېدى جېننى ، — ئۇ بۇگۈن سىرتقا چىقىپ كەتكەن .
ئۇلار پاراڭلىشىۋاتقاندا ، بۇ مۆمىن ياغاچچى ئۇستام شال تىلىش جازىسى بىلەن ھەرىسىنى كۆتۈرۈپ دەرۋازىدىن كىرىپ كەلدى ، براند بىر قاراپلا ئۇنىڭ چىرايىنى جېنىنىڭ چىرايىغا ئوخشىتىپ ، شۇ زامان تونۇۋالدى .
— ئاۋۇ كېلىۋاتقان دادىڭىز بولسا كېرەك ، شۇنداقمۇ ؟ — دېدى ئۇ .
— ھەئە شۇ ، — دېدى جېننى تالاغا بىر قارىۋېتىپ . گېرخاردت يېقىندىن بىرى جىمغۇرلىشىپ قالغانىدى . ئۇ بېشىنى يەردىن ئۇستۇن كۆتۈرمەي ، دېرىزە ئالدىدىن ئۆتتى ، شال تىلىش جازىسىنى يەرگە قويۇپ قويۇپ ، ھەرىنى تامدىكى مىخقا ئىلىپ قويۇپ ئۆيگە كىردى .
— ئاپىسى ، — دەپ توۋلىدى ئۇ نېمىسچە تەلەپپۇزدا ، ئايالى كۆرۈنمىگەندىن كېيىن ، تاشقىرىقى ئۆينىڭ ئىشىكىدىن كىرىپ ، ئۆيگە كۆز يۈگۈرتتى .
براند ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا قول ئۇزاتتى . ئەتلىرى يېرىلىپ ، يۈزىنى قورۇق بېسىپ كەتكەن بۇ نېمىس ئالدىغا بىر قەدەم تاشلاپ ، گۇمانىي نەزەر بىلەن ئۇ كىشىگە قول بەردى .
— بۇ مېنىڭ دادام بولىدۇ ، براند ئەپەندى ، — دېدى جېننى ، براندنىڭ ھېسداشلىق نەزىرى ئۇنىڭدىكى تارتىنچاقلىقنى تارقىتىۋەتكەنىدى ، — بۇ كىشى سارايدىكى ھېلىقى مۆتىۋەر ، براند ئەپەندى بولىدۇ ، دادا .
— ئىسمىنى نېمە دېدىڭا ؟ — بۇ نېمىس بوۋاي ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ سورىدى .

— براند ، — دەپ جاۋاب بەردى كېڭەش ئەزاسى .

— ھە ، بىلدىم ، — دېدى ئۇ ناھايىتى ئېنىق نېمىسچە ئۇرغۇ بىلەن ، — كېزىك كېسىلىگە گىرىپتار بولغىنىمدىن بېرى قۇلىقىم ئېغىرلىشىپ قالدى . ئايالىم گېپىڭىزنى قىلغان .

— شۇنداقمۇ ، — دېدى كېڭەش ئەزاسى ، — مەن خېلىدىن بېرى سىلەرنى يوقلاپ كېلىشنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ يۈرگەنىدىم . سىلەر ناھايىتى چوڭ ئائىلە ئىكەنسىلەر .

— شۇنداق ، — دېدى گېرخاردت . ئۇ ئۇستىبېشىنىڭ لابدۇرلۇقىنى ئېسىگە ئېلىپ ، ئۆزىنى چەتكە تارتماقچى بولدى ، — مېنىڭ ئالتە بالام بار ، ھەممىسى تېخى كىچىك ، بۇ مېنىڭ چوڭ قىزىم بولىدۇ .

شۇ ئەسنادا ئايالى بۇلارنىڭ قېشىغا كېلىۋىدى ، ئۇ مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ، ئىتتىكلا :

— ئەيىبكە بۇيرۇمايسىز ، سىزگە ھەمراھ بولالمايدىغان بولدۇم ، ھەرەم سۇنۇپ كەتكەنىدى ، بېرىپ ئوڭشىمىسام بولمايدۇ ، — دېدى .

— بولىدۇ ، بولىدۇ ، — دېدى براند مۇلايىملىق بىلەن ، جېنىنىڭ دادىسىنىڭ نېمە ئىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقىنىنى توغرۇلۇق زادىلا ئېيتقىلى ئۇنىمىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى مانا ئەمدى چۈشەندى .

— ماڭا قاراڭا ، خانىم ، — ئۇ گېرخاردتنىڭ ئايالىنىڭ قاققان قوزۇقتەك ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ ، ئۇنىڭغا شۇنداق دېدى ، — مەن سىزلەرنىڭ مېنى يات كۆرمەسلىكىڭىزلەرنى ئۈمىد قىلىمەن . بۇنىڭدىن كېيىن مېنى ئائىلىڭىزلاردىكى ئىشلاردىن ۋاقىپلاندۇرۇپ تۇرغايسىزلەر . جېنىنى دېگىلى زادىلا ئۇنىمايدۇ .

جېنىنى مىيىقىدا كۈلۈپ قويىدى ، ئاپىسى بولسا قوللىرىنى ھەدەپ ئىشقىلايتتى .

— خوپ ، — دېدى ئۇ قورۇنۇپ تۇرۇپ .

ئۇلار يەنە بىردەم پاراڭلاشقاندىن كېيىن ، كېڭەش ئەزاسى ئورنىدىن تۇردى .

— ئېرىڭىزگە ئېيتىپ قويسىڭىز ، — دېدى ئۇ ، — ئالدىمىزدىكى دۈشەنبىدە مېنىڭ خانامغا بىر كېلىپ كەتكەن بولسا ، ئۇياقتا گېپىم بار ئىدى .

— رەھمەت سىزگە ، — دېدى گېرخاردتنىڭ ئايالى تىترىگەن ئاھاڭدا .

— مەن قايتاي ، — دېدى براند يەنە ، — ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قالماڭ .

— خوپ ، ئۇ چوقۇم بارىدۇ .

ئۇ بىر قولىغا پەلەي كىيىۋالغانىدى ، يەنە بىر قولىنى جېنىغا ئۇزاتتى .

— بۇ سىزنىڭ بىباھا گۆھىرىڭىز ، — دېدى ئۇ ، — ئۇنى مېنىڭ قىلىۋالغۇم كېلىۋاتىدۇ .

— بۇنىمۇ ، — دېدى ئانا ، — مەن ئۇنىڭغا قىيماي قالارمەنمىكىن .

— بولىدۇ ئەمىسە ، — كېڭەش ئەزاسى ئىشىككە يېتىپ بارغاندا ئۇنىڭغا قول ئۇزاتتى ، — خەير - خوش .

ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى . ئۇنىڭ بۇ ئۆيگە كىرىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ قالغان قولۇم - قوشنىلار ئىشىكلەرنىڭ يوچۇقلىرىدىن ، دېرىزىلەرنىڭ ئاراچلىرىدىن تەئەججۇپ نەزىرى بىلەن ئۇنى ئۇزىتىپ قېلىشتى .

— قاراپ باقايچۇ ، ئۇنىڭ ماڭا بەرگىنى نېمىكىن ؟ — براند ئىشىكتىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ، بۇ ساددا ئانا قىزىغا شۇنداق دېدى .

— ۋاھ ، ئون دوللارلىق پۇل ئىكەن .

بۇنى ئۇ خوشلىشىۋاتقىنىدا ئاپىنىڭ قولىغا ئاستا تۇتقۇزۇپ قويغانىدى .

## 5

جېنىنى بۇ ئىشلاردىن تەسىرلىنىۋاتقانلىكەن ، كېچەش ئەزاسىنىڭ ھەممەتلىرىگە مىننەتدارلىق ھېسسىياتى بىلەن جاۋاب قايتۇرماي تۇرالمايتتى ، شۇڭا ئۇنىڭ ئىلگىرى قىلغىنى بولسۇن ياكى بۇنىڭدىن كېيىن قىلىدىغان قانداقلىكى ئىشى بولسۇن ، ھەممىگە تەبىئىي ھالدا جان تەسەددۇق قىلىشقا تەييار ئىدى . كېچەش ئەزاسى بىر پارچە خەت يېزىپ ئۇنىڭ دادىسىنى شۇ جايدىكى بىر زاۋۇتنىڭ خوجايىنىغا تونۇشتۇرۇپ ، دەررۇلا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرغۇزدى . ئۇ ئىش ئانچە ۋاي دېگۈچىلىكى يوق ، ناھايىتى بىر دەرۋازىۋەنلىك بولسىمۇ ، ھەرھالدا گېرخاردتقا ئاز - تولا ياردىمى بولدى ، شۇڭا بوۋاي ئېيتقۇسىز خۇرسەن بولدى . مۇشۇنداق ئۇلۇغ ، مۇشۇنداق ئېسىل ئادەم يەنە نەدە بار !

براند گېرخاردتنىڭ ئائىلىسىمۇ خېلى كۆيۈنىدىغان بولۇپ قالدى . ئۇنىڭغا بىر دورەم بىرقۇر كىيىم سوۋغا قىلدى ، يەنە بىر دورەم بىر شارپا سوۋغا قىلدى . بۇ ئىلتىپاتلار خەير - ساخاۋەت روھى ۋە ئۆز كۆڭلىنى خۇش ئېتىش روھىنىڭ ئارىلىشىپ كەتكەنلىكىدىن قىلىنىۋاتقان بولسىمۇ ، ئۇ ئايال بۇنى پەقەت بىرلا سەۋەبتىن ، يەنى براند ئەپەندىنىڭ كۆڭلىنىڭ تولىمۇ ياخشىلىقىدىن بولغان ، دەپلا قارايتتى .

جېنىنىغا كەلگەندە ، براند مۇمكىن بولغان جىمى ئامالنى ئىشقا سېلىپ ، ئۇنى ئۆزىگە يېقىنلاشتۇراتتى . شۇڭا جېنىنى كېيىنچە بېرىپ ، ئۇنىڭغا بىر خىل ئىنچىكە تەھلىل يۈرگۈزۈش ئىقتىدارى بويىچە چۈشەنگەن نەزىرى بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان بولدى . ئەمما بۇ بىغۇبار ياشنىڭ روھىغا سەبىيلىك ۋە يۈزەكىلىك سىڭگەن

بولغاچقا ، بۇ ئىشنى پىشقان ئادەملەرنىڭ كۆزقارىشى بويىچە مۇلاھىزە قىلىپ بېقىشى ئېھتىمالدىن يىراق ئىدى. ئاشۇ قىيىنمقى ئاجايىپ كۆڭۈللۈك ئۇچرىشىش براندقا قىزدىكى تارتىنچاقلىقنى كۆتۈرۈۋېتىش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بەردى ، ئۇ قىزنىڭ مەڭزىگە بىرنى سۆيۈپ قويغاندىن كېيىن ، بۇلار باشقا بىر ھاۋادا ھايات كەچۈرىدىغان بولۇشتى . ھازىر جېنىنى ئۇنىڭ ھەمراھى بولۇپ قالدى ، براند بولسا ئۆزىنىڭ نام ـ ئابرۇيىغا كېرەكلىك نىقابىنى كۆندىن ـ كۈنگە بوشىتىپ بارماقتا ، ھەتتاكى خۇشاللىق بىلەن چۆرۈپ تاشلىماقتا ئىدى . جېنىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان تونۇشى كۈندىن ـ كۈنگە روشەن تۈس ئېلىشقا باشلىدى . ئەمدىلىكتە ئۇلار ناھايىتى تەبىئىي ھالدا كۈلكە ـ چاقچاقلارنى قىلىپ ، بەھۇزۇر پاراڭلىشىدىغان بولۇشتى . براند ياشلىق ھەم بەختىيارلىق بالقىپ تۇرغان مۇشۇنداق بىر دۇنياغا يېڭىباشتىن قەدەم تاشلىيالىغىنى ئۈچۈن ، ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشاللىناتتى .

شۇڭلىنىسى ، گاھى چاغلاردا ئۆزىنىڭ ئانچە دۇرۇس قىلىق قىلمايۋاتقىنىنى يادىغا ئالغىنىدا ئۇ سەل بىئارام بولاتتى . كىشىلەر بۇ چاغقىچە ئۇنىڭ كىر يۇيىدىغان ئايالنىڭ قىزى بىلەن ناتوغرا ئالاقىدە بولۇپ يۈرۈۋاتقىنىنى سېزىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن . جېنىنى ھەر دورەم كىرلارنى ئەكەلگىلى ياكى ئەكەتكىلى كەلگىنىدە ، ئۇنىڭ خانىسىدا چارەك سائەت ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزاقراق ھايال بولۇپ قالاتتى . شۇڭا براند ئايال غوجىدار بۇنى سېزىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن دەپ گۇمان قىلاتتى . ئەگەر بۇ خەۋەر سارايدىكىلەرنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ قالىدىغان بولسا ، پۈتكۈل شەھەرگە پۇر كېتىپ ، ئۆزىنىڭ يۈزى تۆكۈلىدىغانلىقى تۇرغانلا گەپ ، شۇنداق بولسىمۇ ، بۇ خىل ئوي ئۇنىڭ ئىختىيارىنى ھېچ توسيالمىدى ، بەزى چاغلاردا ئۇ ، بۇنداق قىلىشىمىدىن بۇ قىزغا ھېچقانداق ئەمەلىي شىكەستە يەتمەيدۇ ، دەپ ئۆزىگە ئۆزى تەسەللى بېرىپمۇ قوياتتى . تۇرۇپ يەنە بۇ خىل كۆڭۈللۈك تەسەللىنىڭ ئۆزىنىڭ ھاياتىدا كەم بولسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ

قالاتتى . ئەجەبا ، ئۇ بۇ قىزغا چىن كۆڭلىدىن مۇئامىلە قىلمايۋاتامدىكىنە ؟

بىرە ـ بىرە بۇ ئىشلار كاللىسىغا كىچىپ قالغىنىدا ، ئۇ قەتئىي تۇردە بۇ ئىشنى يىرىم يولدا ئۈزۈپ قويماسلىق قارارىغا كېلەتتى . مۇشۇ قارارنىڭ ئىلهامىدا ، «ئۆز ھېسسىياتىمنى بېسىۋالىمەن دەپ بەھۇدە ئازاب چېكىپ يۈرۈشنىڭ نېمە ھاجىتى» دېگەن ئوي بىلەن ئۆز كۆڭلىگە تەسەللى بېرەتتى . ئۇنىڭ يەنە قانچىلىك ئۆمرى قالدى دەيسىز ، شۇنداق تۇرۇقلۇق ئارمان بىلەن بۇ دۇنيادىن كېتىپ قالسۇنمۇ ئاخىر ؟

بىر كۈنى كەچتە ، ئۇ جېنىنىنى قۇچاقلاپ باغرىغا چىڭ باستى . يەنە بىر دورەمدە ئۇنى قۇچاقلاپ تىزىغا ئولتۇرغۇزۇۋېلىپ ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ۋاشىنگتوندىكى تۇرمۇشى توغرۇلۇق سۆزلەپ بەردى . ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىش ، سۆيۈشۈشتەك ئىشلار يېقىنىنىڭياقى يات ـ ياتلا يۈز بېرىپ قالىدىغان بولدى ، ئەمما بۇلار پەقەتلا چېكىپ بېقىش خاراكتېرىنى ئالغانىدى . ئۇنىڭ ھازىرچە تېخى بۇ قىزنىڭ روھىي دۇنياسىغا ئىچكىرىلەپ كىرىش خىيالى يوق ئىدى .

جېنىنى بۇ مۇئامىلىلەردىن ساددىلىق بىلەن بەھرىمەن بولۇپ يۈرۈۋەردى . ئۇنىڭ تۇرمۇشىغا شېرىن خىيال ۋە يېڭىلىق تۇيغۇسىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى تەركىب كېلىپ قوشۇلدى . ئۇ ساختىلىقتىن قىلچە بىخەۋەر ، تولىمۇ ھېسسىياتچان ، مۇھەببەتكە ئوخشاش ئىشلاردا قىلچە تەجرىبىسىز ، ئەمما يۈرىكى ئاللىقاچان پىشىپ يېتىلگەن بىر خىل جان ئىگىسى بولغاچقا ، بۇ بۇزرۇك زاتنىڭ ئۆزىنىڭ نام ـ ئابرۇيى بىلەن قىلچە ھېسابلاشماستىن ئۇنىڭ بىلەن مۇشۇنداق يېقىنچىلىق قىلىۋاتقىنىنى ئەلۋەتتە توغرا چۈشىنەتتى .

بىر كۈنى ئاخشىمى ، جېنىنى براند ئولتۇرغان ساپانىڭ يېنىدىن جاي ئېلىپ ، ئۇنىڭ ماڭلىيىغا چۈشۈپ تۇرغان چاچلىرىنى ئويناپ ئولتۇرغانىدى ، تۇرۇپلا قىلغۇدەك باشقا ئىش تاپالماي ، ئۇنىڭ سائىتىنى سۇغۇرۇۋالدى . جېنىنىنىڭ بالىلارچە قىلىقىنى

كۆرۈپ ، بۇ ئۇلۇغ زاتنىڭ ئىختىيارسىز پۈتكۈل ۋۇجۇدى جىغىلداپ كەتتى .

— سىزنىڭمۇ سائەت تاقىغۇڭىز بارمىدى ؟ — دەپ سورىدى ئۇ .

— ھەئە ، مېنىڭ خويمۇ سائەت تاقىغۇم بار ئىدى ، — دېدى جېنىنى ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ .

ئەتىسىلا ، ئۇ ئۈنچە - جاۋاھىر دۇكىنىغا بېرىپ ، ئىستىرېلكىسى ناھايىتى نەپىس بېزەلگەن بىر ئالتۇن سائەت سېتىۋالدى .

— جېنىنى ، — دېدى ئۇ كېيىنكى دورەم ئۇ قىز كەلگەندە ، — مەن سىزگە بىر نەرسىنى كۆرسەتمەكچىمەن ، سائىتىمگە قاراڭا ، نەچچە بوپتۇ ؟

جېنىنى ئۇنىڭ تۆش يانچۇقىدىن سائەتنى چىقىرىپ شۇنداق بىر قارىدىيۇ ، ئەندىكىپ كەتتى .

— بۇ سىزنىڭ سائىتىڭىز ئەمەسقۇ ! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى ئۇ ، شۇئان چېھرىنى ساددا تەئەججۈپ ئالامىتى قاپلىدى .

— ئەمەس ، — دېدى براند ، بۇ كىچىككىنە ئالدامچىلىق ئۇنىڭغا قىزىق تۇيۇلۇپ كەتتى ، — بۇ سىزنىڭ سائىتىڭىز .

— مېنىڭ ؟ — جېنىنى چۇقۇرلاپ كەتتى ، — مېنىڭ ئىكەن ! ئوھو ، بۇ نېمىدېگەن چىرايلىق ؟

— سىزنىڭچە راستتىن چىرايلىقمىكەن ؟

براند قىزنىڭ بۇقەدەر شادلىنىپ كېتىۋاتقىنىغا قاراپ ، ئېيتقۇسىز ھاياجانغا چۆمدى ھەم خۇشال بولدى . شۇ تاپتا جېنىنىڭ رۇخسارى نۇرلىنىپ ، كۆزلىرى ئويناپ كەتكەنىدى .

— بۇ سىزنىڭكى ، — دېدى براند ، — ئەمدى ئۇنى تاقىۋالسىڭىز بولىدۇ ، يىتتۇرۇپ قويماڭ .

— سىز بەك ياخشى جۇمۇ ! — دەپ چۇقۇرلىدى جېنىنى .

— ئۇنچىلىك دەپ كەتمەڭ ، — براند شۇنداق دەپلا ، كاپ قىلىپ قىزنىڭ بېلىدىن قۇچاقلىۋالدى ، باشتا ئۇنى قول يېتىم

ئارىلىقتا تۇتۇپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ قانداق ئىنكاس قايتۇرۇشىنى پەملەپ باقتى، كېيىن ئاستا - ئاستا ئۆزىگە يېقىن تارتىپ، بەدىنىگە بەدىنىنى تەگكۈزۈۋىدى، قىز شاققىدە ئۇنىڭ بويىنىغا گىرە سېلىپ، مەڭزىنى ئۇنىڭ مەڭزىگە يېقىپ، مىننەتدارلىقىنى ئىپادىلىدى. بۇ براند ئۈچۈن ئەڭ شادىيانە چاغ ئىدى، شۇ تاپتا ئۇ بۇ ئىشنىڭ ئۆزى ئۈزۈن يىللاردىن بېرى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتۈپ كەلگەن ئىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

پارلامېنتتا كۈرەش يۈز بەرگەندە، ئۇ رومانتىك تۈس ئالغان بۇ سەھرا كۈيىنى بىر مەزگىل توختىتىپ قويۇشقا مەجبۇر بولدى. پارلامېنتتا بىر توپ رەقىبلەر بىرلىشىپ ئۇنىڭغا ھۇجۇم قوزغىدى، ئۇنىڭ ئەل ئۆمرىدە مۇشۇنداق ئازابلىق جەڭنى باشتىن كەچۈرۈشى تېخى تۇنجى قېتىم ئىدى. ئۇ ئۆزى بىلەن بۇرۇندىنلا ياخشى ئۆتۈپ كېلىۋاتقان چوڭ بىر تۆمۈريول شىركىتىنىڭ ئەمدىلىكتە خېلى كۈچلۈك بىر نامزاتقا ئاستىرتىن ھەمتاياق بولۇپ بېرىۋاتقىنىنى سەزگەندە، تولىمۇ ھەيرەتتە قالدى. ئۇلارنىڭ بۇنداق چاندۇرغىنىنى بىلگەندە، ئۇنىڭ قەلبى بەكمۇ ئازابلاندى ھەم غەزەپ ئوتىدا ئۆرتەندى. تەقدىرنىڭ بۇ خىل زەربىسىگە كۆرۈنۈشتە پىسەنت قىلمىغاندەك تۇرغىنى بىلەن، دىلى شىكەستىلەندى، ئۇنىڭ بۇنداق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىمىغىنىغا خېلى چاغلار بولغانىدى.

مۇشۇ مەزگىلدە، جېننى ئەركەكلەرنىڭ ۋاپاسىزلىقىنىڭ دەسلەپكى ساۋىقىغا دۇچ كەلدى. ئىككى ھەپتە مابەينىدە ھەتتا براندنىڭ قارىسىنىمۇ ئۇچراتمىدى. كېيىن بىر ئاخشىمى — دەل براند بىلەن ئۇنىڭ داھىيسى ئوتتۇرىسىدا بىر قېتىملىق ئىنتايىن كۆڭۈلسىز ئۇچرىشىش بولۇپ ئۆتكەندىن كېيىن — ئۇ جېننى بىلەن تولىمۇ سوغۇق ھەم جىددىي قىياپەتتە كۆرۈشتى. جېننى ئۇنىڭ ئىشىكنى چەككەندە، ئۇ ئىشىكنى قىيا ئېچىپ، كەسكىنرەك تەلەپپۇزدا: «بۈگۈن ئاخشام يۇغۇدەك كىر يوق، ئەتە كېلىڭ» دېدى.

www.uyghurkitap.com

جىننى شۇ زامان ئارقىسىغا ياندى ، بۇنداق مۇئامىلىگە دۇچ كېلىشىنى زادىلا كۈتمىگەن بولغاچقا ، قاتتىق چۆچۈپ كەتتى . گويا براند بىردىنلا ئۆزىنىڭ يىراقتىــــكى سۆرلۈك تەختىگە بىرىۋالغاندەك ، ئۇنىڭغا دەخلى قىلغىلى بولمايدىغاندەك ھېيسسىياتقا كېلىپ ، ھېچنېمىنى ئاڭقىرالمايلا قالدى . براندنىڭ چىھرىدىكى خۇشخۇيلۇق نەگىدۇ يوقالغان ، ئەسلىدە ئۇنىڭ كەلگىنىگە خۇشال بولۇشى كېرەك ئىدىغۇ ، بىراق ئەمدى نېمىشقا . . .

بىر - ئىككى كۈندىن كېيىن ، براند بۇ قىلغىنى ئۈچۈن سەل ئۆكۈنگەن بولسىمۇ ، ئەمما بۇ كەمچىلىكىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇشقا يەنىلا چولىسى تەگمىدى . جىننى كىرلارنى ئەكەلگەن چاغدا ئۇ يەنە ھېلىقىدەك سۆرلۈك قىياپەتكە كىرىۋالدى . ئۇ جىمى ئىشنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ ، كۆرەشنى داۋاملاشتۇرىۋەرگەن بولسىمۇ ، ئاخىر بېرىپ ئىككى بىلەت كەم قالغانلىقى تۈپەيلىدىن ئېچىنىشلىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى . بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، ئىچ - ئىچىدىن ئازابلاندى ، ئەمدى بۇنىڭغا نېمە بەۋا كەلسۇن !

براند قاتمۇقات چىگىش خىياللاردىن قۇتۇلالماي تۇرغىنىدا ، جىننى ئۆزىنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرىدىغان ھەم دىلغا ئارام بېغىشلايدىغان ئۈمىدۋار ھېسسىياتى بىلەن بۇ خىل ھاۋاغا كىرىپ كەلدى . براند باشتا ئۇنىڭ بىلەن ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈنلا پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇرغانىدى ، لېكىن بىردەمدىلا ئۇنىڭدىكى بىئاراملىق قەيەرگىدۇ غايىب بولدى - دە ، چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرگىلى باشلىدى .

— ھەي ، جىننى ، — دېدى ئۇ جىنىنىغا گويا كىچىك بالىغا گەپ قىلىۋاتقاندەك ئاھاڭدا ، — سىزنىڭ ۋۇجۇدىڭىزدىن ياشلىق باھارى ئۇرغۇپ تۇرۇپتۇ . سىز كىشىلىك ھاياتتىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسىنىڭ ئىگىسى سىز .

— شۇنداقمۇ ؟

— شۇنداق بولمايچۇ . لېكىن سىز ئۇنى سەزمەيۋاتىسىز . قاچانكى قولدىن چىقىرىپ قويۇش خەۋپى يەتكەندە ئاندىن ھېس

قىلىسىز .
«بۇ قىزغا ئاشىقمەن ، — دەپ ئويلىدى ئۇ ئاشۇ كۈنى ئاخشىمى ، — كۆڭلۈم ئۇنىڭ بىلەن ھەمىشە بىرگە بولۇشنى تارتىپلا تۇرىدۇ » .
ئەپسۇسكى ، تەقدىر ئۇنىڭغا يەنە بىر قېتىم زەربە بەردى . مۇشۇ كۈنلەردە سارايدىكى جىمى ئادەمنىڭ ئاغزىدا بولار توغرۇلۇق ، جېنىنىڭ قىلىقلىرى سەل چەكتىن ئېشىپ كەتكەنلىكى خۇسۇسىدا گەپ تارقىلىپ يۈرگەنىدى . بىر كىرچى ئايالنىڭ ئۇچىسىغا ئۆز سۈپىتىگە ئانچە لايىق بولمىغان سەرپاي چىقىپ قالىدىكەن ، ئۇنىڭ تەقىدىكە ئۇچرىشى تۇرغانلا گەپ . كىشىلەر جېنىنىڭ ئالتۇن سائەت تاقىۋالغىنىنى كۆرۈپ قاپتۇ . سارايىنىڭ ئايال غوجىدارى بۇ گەپنى جېنىنىڭ ئاپىسىغا يەتكۈزدى .
— مەن سىزگە ئېيتىپ قويۇشنى لايىق كۆردۇم ، — دېدى ئۇ ، — خەقلەر سۆز - چۆچەك قىلىپ يۈرۈشۈۋاتىدۇ . سىز ئۇنى ئۇ كىشىنىڭ قېشىغا كىر يىغقىلى ئەۋەتمىسىڭىز بولارمىكىن .
بۇ گەپنى ئاڭلاپ ، گېرخاردتنىڭ ئايالىنىڭ چۆچۈگىنىدىنمۇ ياكى ئاچچىقى كەلگىنىدىنمۇ ئەيتاۋۇر تىلى گەپكە كەلمەي قالدى . جېنىنى ئۇنىڭغا ھېچنېمە دېمىگەنىدى . ئۇ قىزىنىڭ ئۆزىگە ئېيتالمايدىغان خۇپىيانە ئىشى بارلىقىغىمۇ ئىشەنمەيتتى . ھېلىقى سائەتكە ئۆزىمۇ رازىلىق بىلدۈرگەن ھەم كۆڭلىدە قايىل بولغان . بۇ ئىشنىڭ قىزىنىڭ يۈز - ئابرۇيىغا نۇقسان يەتكۈزۈپ قويۇشى خىيالىغىمۇ كىرىپ باقمىغانىدى .
ئۆيگە قايتقۇچە ئۇنىڭ كۆڭلى بەكمۇ پاراكەندە بولدى ، بىرىپلا جېنىغا بۇ ئىشنى ئېيتماقچى بولدى . جېنىنى ئىشنىڭ بۇنچىلىك دەرىجىدە چەكتىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى زىنھار ئېتىراپ قىلمىدى ، ئەمەلىيەتتە ئۆزىمۇ بۇنداق ئويدا بولمىغان تۇرسا . . . ئۆزىنىڭ پارلامېنت ئەزاسىنىڭ خانىسىدا بولغان چاغدىكى ئەھۋاللار توغرۇلۇق ئۇ تېخىمۇ سىر تۇتتى .

— خەقلەرنىڭ دەۋاتقانلىرى بەكمۇ دەھشەتلىك جۇمۇ ! — دېدى ئاپىسى ، — سەن راستتىن ئۇنىڭ خانىسىدا شۇنچە ئۇزاق هايال بولغانمىدىڭ ؟

— تاڭەي ، — ئۇ ۋىجداننىڭ قىستىشى بىلەن ئازراق راست گەپ قىلدى ، — بەلكىم شۇنداق بولۇشىمۇ مۇمكىن .

— ئۇ ساڭا ئەدەپسىز گەپلەرنى قىلمىغانمۇ ؟

— ياق ، — دېدى قىزى ، دېمىسىمۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىشلاردىن ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بىرەر يامان غەرەزنى گۇمان قىلىپ باقمىغانىدى .

ناۋادا ئاپىسى شۇ چاغدا يەنە كوچىلاپ سوراۋەرگەن بولسا ، ئېهتىمال بەزى ئىشلارنى ئېنىقلىغانمۇ بولاتتى ، ئەمما ئۆز كۆڭلىنىڭ بىرەر يامانلىقنى سەزمەيۋاتقىنىدىن خوش بولۇپ ، قايتا گەپ سورىمايلا قويدى . بەزى كىشىلەرنىڭ هەمىشە ياخشى ئادەملەرگە تۆهمەت چاپلايدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى . جېنىنىغۇ ئۆزىنى زادىلا بىلەلمەيدىغان بالا ئەمەس ، بەزىبىر كىشىلەر بىراۋنىڭ ئالدى ـ ئارقىسىدا گەپ تېپىپ يۈرۈشكە خويمۇ ئامراق . بىچارە قىز مۇشۇنداق دىشۋارچىلىقنى تارتىۋاتسا ، ئۇنىڭغىمۇ نېمە ئامال ؟ مۇشۇلارنى ئويلىغىنىدا ، ئاپىنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ ، كۆزىگە غىلىلدە ياش كەلدى .

شۇ ئىشتىن كېيىن ، ئۇ كىر يىغقىلى ئۆزى بارماقچى بولدى . ئۇ شۇ قارارغا كېلىپ ، كېيىنكى دۈشەنبە كۈنى براندنىڭ قېشىغا باردى . جېنىنىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈپ ئولتۇرغان براند ئۇنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى ـ دە ، لاسسىدە بولۇپ قالدى .

— نېمە ، — دېدى ئۇ ، — جېنىنىغا نېمە بولدى ؟

گېرخاردتىنىڭ ئايالى ئۇنىڭ بۇنىڭغا دىققەت قىلماسلىقىنى ياكى هېچبولمىغاندا ئۆزىنىڭ جېنىنىنىڭ ئورنىغا كەلگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى سورىمايلا قويۇشىنى كۈتكەنىدى ، شۇڭا دەرمەهەل گەپ قىلالماي تۇرۇپ قالدى ، كېيىن ئانىلارچە ساددا نەزەر بىلەن ئۇنىڭغا زورىغا تىكىلىپ :

— ئۇ بۈگۈن ئاخشام كېلەلمەيدۇ ، — دېدى .
— ئاغرىپ قالمىغاندۇ ؟ — دەپ سورىدى براند .
— ياقەي .
— ئۇھ ، خۇداغا شۈكرى ، — دېدى ئۇ يېنىك بىر تىنىۋېلىپ ، — ئۆزىڭىز يېقىندىن بېرى ئۆيدىن تۇرغانسىز ؟
گېرخاردتنىڭ ئايالى ئۇنىڭ ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىپ بولۇپلا ، مېڭىشقا تەمشەلدى . ئۇ كەتكەندىن كېيىن ، براند بۇ ئىشنى خىيالىدىن بىرقۇر ئۆتكۈزۈپ چىقتىيۇ ، ئەمما بۇنىڭ تېگىگە زادىلا يېتەلمىدى . ئۇنىڭغا تېخى بۇنداق گۇمانلىنىپ كېتىش سەل غەلىتە تۇيۇلدى .
لېكىن شەنبە كۈنى ، قىزنىڭ ئورنىغا يەنىلا ئانىسى كەلگەندە ، ئۇ بۇنىڭدا جەزمەن بىر سەۋەب بارلىقىنى پەملىدى .
— نېمە ئىش بولدى ، خانىم ؟ — سورىدى ئۇ ، — قىزىڭىزغا نېمە بولدى ؟
— ھېچنېمە بولغىنى يوق ، ئەپەندى ، — دېدى ئۇ ئايال ، ئاغزىدا شۇنداق دېگىنى بىلەن ، ئۇنى ئالداشقا كۆڭلى بارمىدى .
— ئۇ ئەمدى كىرلارنى ئەكەتكىلى كەلمەيدىغان بولدىمۇ ؟
— مەن . . . مەن . . . — ئۇ ئايال ھودۇقۇقىنىدىن كېكەچلەپ كەتتى ، — ئۇ . . . خەقلەر ئۇنىڭ ئارقىسىدىن سۆز - چۆچەك قىلىشىپ يۈرۈپتۇ ، — ئۇ بۇ سۆزلەرنى ئارانلا دېيەلىدى .
— كىملەر ئىكەن ئۇلار ؟ — براند قەتئىي تەلەپپۇزدا سورىدى .
— مۇشۇ مېھمانخانىدىكى كىشىلەر...
— زادى كىم ؟ قانداق ئادەم ؟ — براند ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى ، ئاۋازىدىن ئۇنىڭ خېلىلا ئاچچىقى كەلگىنى بىلىنىپ تۇراتتى .
— ئايال غوجىدار .
— ئايال غوجىدار دەمسىز ، ئەستاغپۇرۇللا ! — توۋلىۋەتتى ئۇ ، — ئۇ نېمىلەرنى دېدى ؟

www.uyghurkitap.com

گېرخاردتىنىڭ ئايالى ئاڭلىغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بەردى .

— دېمەك ، بۇ گەپلەرنى ئۇ سىزگە ئېيتتى ، شۇنداقمۇ ؟ — دەپ سورىدى ئۇ غەزەپ ئارىلاش ، — ئەمدىزە مېنىڭ ئىشىمغا باش قاتۇرمىغان شۇ قاپتىكەن ـ دە ! بۇ خەقلەر گويا مېنىڭ ئىشلىرىمغا ئارىلاشمىسا ئۆزىنىڭ ئىشىنى جوڭقۇرالمايدىغاندەك قىلىشىپ كېتىدىكەن ، قىزىڭىزچۇ ، خانىم ، بۇ يەردە بولسا سىز خاتىرجەم بولسىڭىز بولىدۇ . مەن ئۇنىڭغا يامان نىيەتتە بولغىنىم يوق ، بۇنداق قىلىش شەرمەندىچىلىكقۇ ، — ئۇ زەردىسى قايناپ ، ئۆزىنى باسالماي قالدى ، ئارقىدىن يەنە ، — ئەگەر بىر قىز بالىنى ھېچ گەپتىن ھېچ گەپ يوقلا مېنىڭ خانامغا كېلىشتىن توسىدىغان ئىش بولسا ، مەن بۇنى ئۆزۈل ـ كېسىل ئېنىقلىماي قويمايمەن .

— بۇنى ھەرگىز مېنىڭدىن كۆرمىسىڭىز ، ئۆتۈنۈپ قالاي ، — دېدى ئانا ئۆزىنى ئاقلاپ ، — بىلىمەن ، سىز جېنىنىغا ئامراق ، ھەرگىزمۇ ئۇنى بالاغا تىقىدىغان ئىش قىلمايسىز . سىز ئۇنىڭغا شۇنداق ياخشى ئاتىدارچىلىق قىلىۋاتىسىز ، بىزگىمۇ مۇشۇنداق ياخشى مۇئامىلىدە بولۇۋاتىسىز ، براند ئەپەندى ، مەن ئۇنى بۇ يەرگە كېلىشتىن توسقىنىمغا ئالدىڭىزدا مىڭ بىر خىجالەت بولۇۋاتىمەن .

— ھېچ ۋەقەسى يوق ، خانىم ، — دېدى براند ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن ، — سىزنىڭ قىلغىنىڭىز يۈزدەيۈز توغرا . مەن سىزدىن ئاغرىنمايمەن ، پەقەت سارايدا تارقىلىپ يۈرگەن ئۆسەك گەپلەرگىلا ئىچىم قايناپ قالدى شۇ . قېنى بۇ گەپلەرنىڭ نەگە بېرىپ ، نەدە توختايدىغانلىقىنى كۆرۈپ باقمايمىزمۇ .

گېرخاردتىنىڭ ئايالى تېخىچە شۇ جايدا قاققان قوزۇقتەك تۇرغانىدى ، جىددىيلەشكىنىدىن چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتتى . ئۇنىڭ قورققىنى ، ئۇ ئۆزلىرىگە شۇنچىلىك ھىممەت كۆرسىتىپ كېلىۋاتقان بۇ كاتتا شەپقەتچىنى قاتتىق رەنجىتىپ قويدى ـ دە . شۇ تاپتا ئۇ براندنىڭ ئۆزىنى گەپ تاپقۇر ئايال ئىكەن ، دەپ ئويلاپ

قالماسلىقى ئۇچۇن، ئۇنىڭغا ئەھۋالنى ئېنىق چۈشەندۈرمەكچى، ئۆزىنىڭ سىرتتىكى ئەپقاچتى گەپلەردىن ھەزەر قىلىۋاتقىنىنى بىلدۈرۈپ قويماقچى بولۇپ تاقىلداپ كەتتى.

— ئۇنداق دېگەنبىلەن مېنىڭ خىيالىمغا كەچمىگەن ئىشمۇ قالمىدى، — دېدى ئۇ ناھايەت.

— دۇرۇس، — دېدى براند جاۋابەن، — مەن جېنىنى قەۋەتلا ياخشى كۆرىمەن. ئۇ بۇ يەرگە كەلگەندە كۆڭلۇم ئېچىلىپ قالىدۇ. مەنغۇ ئۇنىڭغا ياخشى نىيەتتە مۇئامىلە قىلىۋاتىمەن، شۇنداقتىمۇ ئېھتىمال ئۇنىڭ كەلمەي تۇرغىنى، ھېچبولمىغاندا، ھازىرچە كەلمەي تۇرغىنى بىر ھېساپتا توغرىدۇر.

شۇ كۈنى ئاخشىمى، براند ئۆزىنىڭ لۆم - ساپاسىدا ئولتۇرۇپ بۇ يېڭى تەرەققىياتنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ چىقتى. جېنىنىڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن شۇ قەدەر قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى ئويلاپ باقمىغانىكەن، مانا ئەمدى ئۇنى بۇ ئۆيدە قايتا ئۇچرىتىش ئۈمىدى يوققا چىقىۋىدى، ئۇنىڭ ئاۋۋاللاردا كېلىپ - كېتىپ تۇرغىنىنىڭ نەقەدەر زور مەنىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتتى. بۇ ئىشنى سالماقلىق بىلەن كاللىسىدىن بىرقۇر ئۆتكۈزۈپ چىققاندىن كېيىن سارايدا بولۇۋاتقان ئەپقاچتى گەپلەرگە ئەمدى ھېچنېمە كار قىلمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى ھەمدە ئۆزىنىڭ ئاشۇ قىزنى ناھايىتى ئوڭايسىز بىر ھالغا چۈشۈرۈپ قويغانلىقىنى جەزم قىلدى.

«ياكى بولمىسا بۇ ئىشنى مۇشۇنداق چېغىدىلا يىغىشتۇرۇپ قويسام بولمىدىمۇ، گەرچە بۇ چارەم ئانچە ئاقىلانە چارە بولمىسىمۇ» دېگەن ئويغا كەلدى ئۇ.

مۇشۇ قارارى بويىچە، ئۇ ۋاشىنگتونغا كەتتى، ئۇ يەردە ئۆزىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتىنى تاماملاپ بولۇپ، كولومبوغا يەنە قايتىپ كەلدى - دە، پرېزىدېنتنىڭ ئۇنى ئۆستۈرۈپ سىرتتا ئىش بېجىرىش ۋەزىپىسىگە قويۇشىنى كۈتۈپ تۇردى. مۇشۇ مەزگىلدە جېنىنى ئۇنىڭ خىيالىدىن بىردەممۇ نېرى بولمىدى. ئۇ باشقا جايدا قانچە ئۇزاق تۇرغانسېرى، ئۆيگە قايتىشقا شۇنچە تەقەززا بولۇپ

كېتەتتى . مۇشۇ نۆۋەت ئۇ بۇ قەدىناس ماكانىدا يەنە ئۇزاق تۇرۇپ قالدى ، بىر كۈنى ئەتىگەندە قولىغا ھاسىسىنى ئېلىپ ، ھېلىقى پاكار ئۆيلەر تامان ئاستا يول ئالدى . پاكار ـ پاكار ئۆيلەرنىڭ ئىشىكى ئالدىدىن ئۆتۈۋېتىپ ، ئۇ ئۆيگە كىرىش نىيىتىدىگە كەلدى ـ دە ، ئىشىكنى چەكتى ، گېرخاردتنىڭ ئايالى ۋە قىزى تەئەججۈپ ھەم شۈبھىلىك تەبەسسۇم بىلەن ئىشىكنى ئېچىپ ، ئۇنى قارشى ئالدى .

ئۇ ئۆزىنىڭ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى كولومبودا بولمىغانلىقىنى مۇجمەللا ئېيتىپ ئۆتكەچ ، گويا ئۆزىنىڭ بۇ دورەم كېلىشىدىكى مەقسەت پەقەتلا شۇدەك ، كىرىنىڭ گېپىنىمۇ قىستۇرۇپ قويدى ، كېيىن جېنىنىڭ ئاپىسى سىرتقا چىقىپ كېتىۋىدى ، براند مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ، جېنىغا يۈرەكلىك گەپ ئاچتى :

— ئەتە كەچتە ئىككىمىز پەيتۇنغا ئولتۇرۇپ سەيلە قىلىپ كەلسەك قانداق ؟

— بولىدۇ ، — دېدى جېنى ، چۈنكى ئۇنىڭ قارىشىچە ، بۇ تەكلىپ بىر خىل شەرەپتىن دېرەك بېرەتتى .

براند ئىللىقلىقىنى كۈلۈپ ، ئۇنىڭ مەڭزىنى سىلاپ قويدى ، ئۇنىڭ بىلەن قايتا يۈز كۆرۈشكىنىدىن يۈرىكى ئېيتقۇسىز خۇشاللىققا چۆمدى . ئۇنىڭ گۈزەللىكى كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىپ بېرىۋېتىپتۇ . شۇ تاپتا ئۇنىڭ بېلىدە ئاپئاق پەرتۇق ، سىلىق تارالغان سېكىلەكلىرى چىرايلىق ماڭلىيىنى يېپىپ تۇرۇپتۇ ، مۇشۇ تۇرقىنى كۆرگەن ھەرقانداق ئەركەك ئۇنىڭغا مەپتۇن بولماي تۇرالمايتتى .

براند گېرخادتنىڭ ئايالى كىرگۈچە ئولتۇردى ، ئەمدى ئۇ كېلىشتىكى مەقسىتىگە يەتكەنىدى ، شۇڭا دەررۇ ئورنىدىن تۇردى .

— ئەتە كەچتە قىزىڭىزنى ئېلىپ پەيتۇن بىلەن ئايلىنىپ كەلسەم دەيمەن ، — دەپ ئۇنىڭغا چۈشەندۈردى ، — ئۇنىڭ بىلەن كەلگۈسى ئىشلار توغرۇلۇق سۆزلەشمەكچىدىم .

— ياخشى گەپ ئىكەنغۇ بۇ ؟ — دېدى ئانا . ئۇنىڭغا بۇ

تەكلىپىنىڭ بولمايدىغان يېرى يوقتەك تۇيۇلدى . ئۇلار تەبەسسۇم ۋە قىزغىن قول سىقىشلار بىلەن خەيرلەشتى .

— بۇ كىشىدەك كۆڭلى ياخشى كىشىدىن يەنە بىرى يوق بولسا كېرەك ، — دېدى گېرخاردتنىڭ ئايالى ئۇنىڭغا باھا بېرىپ ، — ئۇ ھەمىشە سېنىڭ ياخشى گېپىڭنىلا قىلىۋاتامدۇ ؟ بەلكىم سېنىڭ مەكتەپتە ئوقۇشۇڭغىمۇ ياردەم قىلىشى مۇمكىن ، بۇنىڭغا خۇشال بولساق بولىدۇ .

— دېمىسىڭىزمۇ شۇنداققۇ ؟ — دېدى جېننى سەممىي ھالدا .

— بۇ ئىشنى داداڭنىڭ سەمىگە سېلىپ قويغىنىمىز تۈزۈكمىكىن ، — دېدى ئاپىسى ، — ئۇ سېنىڭ ئاخشاملىرى تالا - تۈزگە چىقىشىڭنى ياقتۇرمايدۇ .

ئۇنى دەپ ، بۇنى دەپ ، ئاخىر دادىسىغا ئېيتماسلىق قارارىغا كېلىشتى . دادىسى ئۇقسا بەلكىم كاللىسىدىن ئۆتمەي قېلىشى مۇمكىن ئىدى .

ئەتىسى براند كەلگەن چاغدا ، جېننى ئاللىقاچان جابدۇنۇپ بولغانىدى . براند تۆر ئۆيدىكى چىراغنىڭ غۇۋا نۇرىدا ئۇنىڭ ئالايىتەن ياسىنىپ ، ئەڭ ياخشى كىيىمىنى ئۇچىسىغا سېپىۋالغىنىغا دىققەت قىلدى . جېننى ئاچ نېلۇپەر رەڭلىك پاختا رەختتىن تىكىلگەن كۆڭلىكىنى كىراخماللاپ ، دەزماللاپ ، بەئەينى كىرخانىلاردىكى ئەۋرىشكە ماللارغا ئوخشاش قاتۇرۇۋەتكەنىدى . ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ كىيىمنىڭ ئۇنىڭ چىرايلىق قامىتىگە زەپ ياراشقىنىچۇ تېخى . كۆڭلەكنىڭ يەڭلىرىنىڭ چۆرىسىگە زىغزىق تۇتۇلغان ، ياقىسى ئېگىز كۆتۈرۈلگەن . قولىغا پەلەي كىيمەپتۇ ، ھېچقانداق بېزەكمۇ تاقىماپتۇ ، ئۇنىڭ كىيگۈدەك بىرەر ياخشىراق پوپايكىسىمۇ يوقمىدۇ ؟ چاچلىرى سىپتا تارالغان ، شۇنداق يارىشىملىق . بۇ ھەرقانداق بۆكتىنغۇ ياخشىراق . پۈرقىراپ تۇرغان تال - تال سېكىلەكلىرى ئۇنى گويا بىر پارچە نۇرغا ئورىنىۋالغاندەك قىلىپ كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ . براند ئۇنىڭغا «پوپايكا كىيىۋالمامسىز» دېۋىدى ، ئۇ بىرپەس ئارىسالدى بولۇپ

قالدى ـ دە ، ئاندىن ئۆيگە كىرىپ ئاپىسىنىڭ كۆل رەڭ يۇڭ يىپتا توقۇلغان پىنجىكىنى سورىۋېلىپ كىيىپ چىقتى . براند ئەمدى بىلدىكى ، ئۇنىڭ قىسقا پوپايكىسى زادىلا يوق ئىكەن ، شۇڭا ئۇنىڭ بايا ئارىسالدى بولۇپ تۇرۇپ قالغىنىنى خىيالىغا ئەكىلىپ ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ناھايىتى ئازابلاندى .

«ئۇ بۈگۈن مۇشۇنداق سوغۇق شامالدا سىرتقا چىقىدىغىنىنى ئېنىق بىلدىيۇ ، ئەمما ئاغزىدىن چىقىرالمايۋاتىدۇ» دەپ ئويلىدى ئۇ .

ئۇ جېنىنىغا سەپسىلىپ قارىغاچ ، قانداقتۇر بىر ئىشنى ئېسىگە ئالغاندەك ، بېشىنى چايقاپ قويدى . يولغا چىققاندىن كېيىنلا ، براند ھەممىنى ئۇنتۇدى ، شۇ تاپتا ئۇنىڭ قەلبى پەقەت جېنىنىنىڭ ئۆزىنىڭ يېنىدا ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت مۇشۇ ئۇلۇغ ئىشتىن باشقىنى سەزمەيتتى . جېنىنى ئۇنىڭ بىلەن قىلچە قورۇنماستىن پاراڭ سېلىشىپ كېتىۋاتاتتى . ئۇنىڭدىكى نازاكەت ۋە قىزلارغا خاس شىجائەتنى كۆرۈپ ، براند بۇنىڭدىن تەڭداشسىز جازىبىدارلىقنى ھېس قىلماقتا ئىدى .

ھىلال ئاي نۇرىنىڭ يول ياقىسىدىكى دەرەخلەرگە چۈشكەن سارغۇچ شولىسى كىشىدە ئاجايىپ بىر خىل خىيالىي ، يېقىملىق تۇيغۇ پەيدا قىلاتتى . جېنىنى براندنى بۇ مەنزىرىگە دىققىتىنى ئاغدۇرۇشقا چاقىرىۋىدى ، ئۇ جېنىنىغا :

— ئاھ ، جېنىنى ، سىز ئۇلۇغ ئىنسان ئىكەنسىز . ناۋادا ئاز ـ تولا بىلىم تەھسىل قىلىدىغانلا بولسىڭىز ، ئىشىنىمەنكى ، جەزمەن شېئىر توقۇپ چىقالايسىز ، — دېدى .

— سىز مېنى شۇنداق قىلالايدۇ ، دەپ پەرەز قىلالامسىز ؟ — دەپ سورىدى جېنىنى ساددىلىق بىلەن .

— قانداقمۇ پەرەز قىلغان بولاي ، قىزچىقىم ؟ — ئۇ قىزنىڭ قولىنى چىمدىپ قويدى ، — بۇنى قانداقمۇ پەرەز دېگىلى بولسۇن ؟ مەن بىلمەيمەنمۇ ، سىز بۇ جاھاندا ئەڭ ، ئەڭ ئوماق بولغان كىچىككىنە خىيالچىنىم تۇرسىڭىز . سىز ئەلۋەتتە شېئىر

توقۇيالايسىز ، ئۆزىڭىز شېئىرىيەت ئىچىدە ياشاۋاتىسىز ، ئۆزىڭىزلا بىر شېئىر ـ دە ، جېنىم . سىز ئۇنى يېزىپ چىقمەن دەپ ئاۋارە بولمىسىڭىزمۇ بولىدۇ .

بۇ مەدھىيىلەر جېنىنىنى ھەرقانداق نەرسىدىنمۇ بەكرەك تەسىرلەندۈرۈۋەتتى . ئۇ ھەمىشە مۇشۇنداق شېرىن گەپلەرنى قىلىدۇ . بۇ دۇنيادا جېنىنىنى ئۇنىڭدەك ياخشى كۆرىدىغان ، ياقتۇرىدىغان يەنە بىرەرى بولمىسا كېرەك . بۇ كىشىنىڭ ئېسىللىقىغا گەپ توغرا كەلمەيدۇ ! ھەممە ئادەم مۇشۇنداق دېيىشىۋاتىدۇ ، ھەتتا جېنىنىنىڭ دادىسىمۇ شۇنداق دەۋاتىدۇ .

ئۇلار يەنە بىرئاز ئايلانغاندىن كېيىن ، براند تۇيۇقسىز بىرنېمىنى ئېسىگە ئېلىپ ، سوراپ قالدى :

— قايسى ۋاقىت بولۇپ كەتتىكىن ، ئۆيگە قايتىدىغان ۋاقتىمىزمۇ بولۇپ قالغاندۇ ، سىز سائەت تاقاپ كەلگەنمىدىڭىز ؟

جېنىنىنىڭ قورققىنىدىن يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلىپ قالايلا دېدى . چۈنكى ئۇ ، بۇ سائەت براندنىڭ يادىغا كېچىپ قالمىسىكەن ، دەپ تىلەپلا يۈرگەن ، قاچان براند كولومبوغا قايتىپ كەلدى ، شۇنىڭدىن بېرى جېنىنىنىڭ ئەس ـ يادى مۇشۇنىڭدا قالغانىدى .

بۇ مۇنداق ئىش : براند كولومبودىن كېتىپ قالغاندىن كېيىن ، جېنىنىلارنىڭ ھالى بەك خارابلىشىپ ، ئۇلار ئاشۇ سائەتنى گۆرۈگە قويۇشقا مەجبۇر بولۇشقانىدى . ئۇ چاغدا مادانىنىڭ ئۇستىبېشى تۆكۈلۈپلا قالغان ، ئۇنىڭغا بىرقۇر يېڭى كىيىم ئېلىپ بەرمىسە مەكتەپكە بارالمايتتى . شۇڭا ئۇلار جىق مۇزاكىرىلىشىپ ، ئاخىر ئاشۇ سائەتنى گۆرۈگە قويۇش قارارىغا كېلىشكەنىدى .

باس سائەتنى شۇ ئەتراپتىكى گۆرۈخانىغا ئاپىرىپ ، گۆرۈخانىنىڭ خوجايىنىغا بىرمۇنچە چىرايلىق گەپ قىلىپ ، ئاران ئون دوللارغا گۆرۈگە قويۇپ قايتىپ كەلدى . ئاپىسى بۇ پۇلنى بالىغا ئۇستىباش قىلىشقا ئىشلەتتى ، شۇنىڭ بىلەن ھەممەيلەننىڭ كۆڭلى ئارامىغا چۈشۈپ ، ماداغىمۇ خېلى ئىسكەت كىرىپ قالدى ، جېنىنىغۇ ئەلۋەتتە خۇشال بولدى .

بىراق مانا ئەمدى براند ئۇنى سوراپ قالدى ئەمەسمۇ . جېيننى گويا جازالىنىدىغان پەيت يېتىپ كەلگەندەك ، غالىلداپ تىترەشكە باشلىدى . ئۇنىڭ ئوڭايسىزلىنىپ كېتىۋاتقىنى براندنىڭ دىققىتىنى تارتتى .

— نېمە بولدى ، جېيننى ؟ — سورىدى ئۇ مۇلايىملىق بىلەن ، — نېمىگە بۇنچە قورقۇپ كەتتىڭىز ؟

— ھېچنېمە بولغىنى يوق ، — جاۋاب بەردى جېيننى .

— سىز سائەتنى تاقىماي كەلگەنمىدىڭىز ؟

جېيننى بىرپەس ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى ، ئۇ يالغان گەپنى پەقەت قاملاشتۇرالمايتتى ، شۇڭا بىردەم سۇرلۇك سۈكۈناتقا چۆككەندىن كېيىن ، يىغا ئارىلاش ئاۋازدا :

— ياق ، ئەپەندى ، — دېدى .

براند گويا بىر ئىشنى سەزگەندەك قىلىپ ، چۇخچىلاپ سوراۋەرگەندى ، جېيننى بولۇپ ئۆتكەن ئىشنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بەردى .

— ۋاي ، مەيلى ، — دېدى براند ، — جېنىم قەدىرلىكىم ، كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ . جاھاندا سىزگە ئوخشاش قىز بالىدىن يەنە بىرى يوقتۇ دەيمەن . مەن سىزگە ئۇ سائەتنى قايتۇرۇپ ئەكېلىپ بېرەي . بۇنىڭدىن كېيىن سىزگە نېمە لازىم بولسا ماڭا ئېيتىڭ ، ئاڭلىدىڭىزمۇ ؟ ماڭا شۇنداق قىلىمەن دەپ ۋەدە بېرىڭ . ناۋادا مەن بۇ شەھەردە بولماي قالسام ، ماڭا خەت يېزىڭ . بۈگۈندىن ئېتىبارەن ، ھەر دائىم سىزنىڭ ھالىڭىزدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرىمەن . مەن سىزگە ئادرېسىمنى بېرىپ قوياي . سىز پەقەت بىر ئېغىز تىنىپلا قويسىڭىز ، مەن سىزنىڭ خىزمىتىڭىزدە بولىمەن ، ئۇقتىڭىزمۇ ؟

— ئۇقتۇم ، — دېدى جېيننى .

— مېنىڭ مۇشۇنداق قىلىشىمغا ئىجازەت بېرىڭ ، ماقۇلمۇ ؟

— ماقۇل .

ئىككىيلەن بىر دەقىقىچە زۇۋان سۈرمەي تۇرۇپ قېلىشتى .

— جېننى ، — دېدى براند ئاخىرىدا ، بۇ كىچىدىكى باھار مەنزىرىسى ئۇنىڭ تۇيغۇلىرىنى غىدىقلاپ ، ئۇنى ھېسسىيات دېڭىزىغا غەرق قىلىپ تاشلىغانىدى ، — مەن ئەمدى سىز بىلەن بىرگە بولمىسام زادى بولمايدىكەن ، دېگەن قاراشقا كېلىپ قالدىم . سىزمۇ بۇنىڭدىن كېيىن مەن بىلەن بىرگە ياشاشنى خالامسىزكىن ؟

جېننى يۈزىنى چەتكە بۇرىدى ، بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى تېخى چۈشىنىپ يەتمىگەنىدى .

— ۋايتاڭەي ، — دېدى ئۇ مۇجمەل ھالدا .

— بوپتۇ ئەمىسە ، ئويلىنىپ كۆرەرسىز ، — دېدى براند خۇشال ھالدا ، — مەن چىن كۆڭلۈمدىن دەۋاتىمەن . سىز ماڭا ياتلىق بولسىڭىز ، مەن سىزنى بىرنەچچە يىل ئوقۇتسام ، قانداق دەيسىز ؟

— ئوقۇتسام دەمسىز ؟

— ھەئە ، سىز ماڭا ياتلىق بولغاندىن كېيىن .

— مېنىڭچە بولىدۇ ، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ ، ئاپىسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ، «بەلكىم ئۆيدىكىلەرگە ئاز - تولا ياردىمىم تېگىپ قالسا ئەجەب ئەمەس» دېگەن ئويدا بولدى .

براند جېنىنىڭ چىرايىدا قانداق ئىپادە ئەكس ئېتىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن ، شاققىدە بۇرۇلۇپ ، ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىدى . بۇ چاغدا ئەتراپ ئانچە قاراڭغۇ ئەمەس ئىدى . ئاي شەرق تەرەپتىكى دەرەخلەرنىڭ ئۈستىدە مۇئەللەق تۇراتتى ، ئۇنىڭ ئالدىدا بىر توپ يۇلتۇزلار گويا خىرەلىشىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى .

— سىزنىڭ ماڭا بىزەمۇ كۆيۈنگۈڭىز كەلمەمدۇ ، جېننى ؟ — دەپ سورىدى ئۇ .

— كۆيۈنمەمەنغۇ !

— لېكىن سىز كىرلارنى ئەكەتكىلى كەلمەيدىغان بولۇپ قالدىڭىز ، — دېدى براند ئەلەم ئارىلاش . جېنىغا بۇ گەپلەر قاتتىق تەسىر قىلدى .

www.uyghurkitap.com

— بۇنى مەندىن كۆرمىسىڭىز ، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ ، — مېنىڭدە نېمە ئىلاج بار دەيسىز ، ئاپام بارمىساڭ بولارمىكىن دېگەنىدى .

— ئۇغۇ راست ، — ماقۇللىدى براند ، — كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ ، ئانچىكىلا دەپ قويدۇم . ئەگەر كېلىش ئىمكانىيىتىڭىز بولىدىغان بولسا خۇشاللىق بىلەن كەلگەن بولاتتىڭىز ، شۇنداقمۇ ؟

— شۇنداق ، مەن جان دەپ بارغان بولاتتىم ، — دېدى جېنىنى تەن ئالغان هالدا .

براند قىزنىڭ قولىنى ئۆزگە تارتىپ ، كۈچلۈك هاياجان ئىچىدە سىقتى ، بۇنىڭ بىلەن گويا ئۆزىنىڭ قىزغا ئېيتقان بايىقى سۆزلىرىنىڭ ۋەزنىنى بىلدۈرگەندەك بولدى . جېنىنى بىردىنلا قەددىنى رۇسلاپ ، ئۇنى قۇچاقلىۋالدى .

— سىز ماڭا بەك ئوبدان قاراۋاتىسىز ، — دېدى ئۇ خۇددى قىز بالا ئۆزىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا ئەركىلىگەندەك ئەركىلەپ .

— سىز ماڭا تەئەللۇق ، جېنىنى ، — دېدى براند چوڭقۇر مۇهەببەت بىلەن ، — سىز ئۈچۈن هەرقانداق ئىشنى قىلىپ بېرىشكە تەييارمەن .

## 6

بۇ بىتەلەي ئائىلىنىڭ دادىسى ۋىليام گېرخاردت خاراكتېر جەهەتتىن دىققەت ـ ئېتىبارغا ناهايىتى سازاۋەر ئادەم . ساكسونىيە كىنەزلىكىدە دۇنياغا كەلگەن بۇ كىشى تۇغۇلۇشىدىنلا قەيسەر مىجەز ئىدى . ئۇ ئون سەككىز يېشىدىلا قانۇنسىز ئەسكەر ئېلىش تۈزۈمىگە قارشى چىقىپ پارىژغا قېچىپ بارغان ، كېيىن يەنە پارىژدىن چەكسىز ئۈمىدكە تولغان ئامېرىكىغا كۆچۈپ كەلگەنىدى .

ئامېرىكىغا كەلگەندىن كېيىن ، ئۇ ئاستا ـ ئاستا يۆتكىلىپ نيۇيوركتىن فىلادېلفىيىگە باردى ، ئاندىن تېخىمۇ غەربكە

سوروۇلۇپ، بىر مەزگىل پېنسىلۋانىيىدىكى ئەينەك زاۋۇتلىرىدا ئىشلىدى، مۇشۇ يېڭى دۇنيادىكى رومانتىكىغا تولغان بىر يېزىدا، ئۆزىگە مەھبۇبە تېپىۋالدى. ئۇ گېرمان قان سىستېمىسىدىن بولغان ئامېرىكىلىق قىز ئىدى، بۇ قىزغا ئۆيلەنگەندىن كېيىن، ئۇلار بىرمەھەل يانسى بازىرىدا ماكان تۇتۇپ ئولتۇرۇشتى، كېيىن يەنە ئۇ يەردىن كولومبوغا كۆچۈپ كەلدى. مۇشۇ جايلارنىڭ ھەممىسىگە گاھىدا روناق تېپىپ، گاھىدا ۋەيران بولۇپ يۈرىدىغان ھامىبند ئىسىملىك ئەينەك سودىگىرىگە ئەگىشىپ بارغانىدى.

گېرخاردت ياۋاش ئادەم، ئۇ كىشىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق مۆمىنلىكىنى ياقتۇرىدىغانلىقىدىن مەمنۇن ئىدى. ئۇنىڭ خوجايىنى ھەمىشە: «ۋىلىيام، سېنى ئىشلىتىشىمدىكى سەۋەب، مەن ساڭا بەك ئىشىنىمەن» دەيتتى. بۇ سۆز ئۇنىڭ نەزىرىدە ئالتۇندىنمۇ قىممەتلىك ئىدى.

ئۇنىڭ بۇنداق ئىخلاسمەنلىكى دىنىي ئېتىقادىغا ئوخشاشلا، ئاتا ـ ئاپىسىدىن مىراس قالغان. ئۇ ئۆزىدىكى بۇ خىل پەزىلەتنى چۈشىنىپ بېقىشنى زادىلا خىيالىغا كەلتۈرگەن ئەمەس. ئۇنىڭ دادىسى ھەم بوۋىسى ناھايىتى ئىرادىلىك ھۈنەرۋەن ئىدى، ئۆمرىدە بىراۋنىڭ بىر تىيىن پۇلىغا كۆز سالغان ئەمەس، مانا مۇشۇنداق ھالاللىق ئۇنىڭمۇ قېنىغا سىڭىپ كەتكەنىدى.

ئۇنىڭ لۇدېر مەزھىپىگە مەنسۇپ ئېتىقادى كۆپ يىللار مابەينىدە چېركاۋغا بېرىپ يۈرۈش ھەم ئائىلىدە دىنىي پەرزلەرگە ئەمەل قىلىش ئادىتى نەتىجىسىدە چىڭىپ كەتتى. ئۇنىڭ دادىسىنىڭ كەپە ئۆيىدە، لۇدېر مەزھىپىدىكى پوپنىڭ قۇدرىتى ھەر زامان ھەممىگە قادىر ئىدى، شۇ ۋەجىدىن، ئۇنىڭدا: «لۇدېر مەزھىپى خۇدانىڭ يولىنى ھەممىدىن مۇكەممەل تۇتقان، ئۇنىڭ ئەركان ـ ئەھكاملىرى كېلەچەك تۇرمۇش ئۈچۈن ئىنتايىن زۆرۈر» دەيدىغان بىر خىل تەسىرات ئۆزلىشىپ كەتكەنىدى. ئايالى ئاتاقتا مانىنو مەزھىپىدە بولغىنى بىلەن، ئېرىنىڭ ئېتىقادىنى قوبۇل قىلىشنى ھەرگىزمۇ رەت قىلمايتتى. شۇڭا، بۇلارنىڭ ئائىلىسى

پەرۋەردىگارغا قاتتىق ئېتىقاد قىلىدىغان ئائىلە بولۇپ قالدى؛ نەگىلا بارسا، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقە خۇسۇسىدىكى بىرىنچى ئىشى، شۇ جايدىكى لۇدېر مەزھىپىنىڭ چېركاۋى بىلەن ئالاقە ئورنىتىش بولاتتى. لۇدېر مەزھىپىنىڭ پوپى ھەرقاچان ئۇلارنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئەڭ ئەزىز مېھمىنى ئىدى.

كولومبو چېركاۋىنىڭ پوپى ۋىندېر خرىستىئان دىنىنىڭ ساداقەتمەن مۇرىتى بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ تەرسا مىجەزى ۋە كەسكىن بولغان پراۋوسلاۋىيە دىنىي ئەھكاملىرى ئۇنىڭ دۇنيا قارىشىدا بىر تەرەپلىمىلىكنى پەيدا قىلىپ قويغانىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، مۇخلىسلار ئۇسسۇل، قارتا ئوينىسا، ئويۇن - تاماشا قىلسا، ھالاكەت گىردابىغا بېرىپ قالارمىش. ئۇ پات - پات مۇرىتلىرىغا: «كىمدەكىم مېنىڭ تەنبىھلىرىمگە قۇلاق سالمايدىكەن، ئۇنى دوزاخ يۇتىدۇ» دەپ، ئۇنلۇك ئاۋازدا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ قوياتتى. ھاراق ئىچىشكە كەلسەك، بىرە - سىرە ئېزىپ - تېزىپ ئىستېمال قىلىپ قالغانىمۇ بىر خىل گۇناھ دەپ ھېسابلايتتى. تاماكا چېكىشنىچۇ، بۇنىڭغا مەيلى دەيتتى. چۈنكى ئۇ ئۆزى تاماكا چېكەتتى. لېكىنزە، ھالال نىكاھ ئىشلىرىنى، بولۇپمۇ نىكاھلىنىشتىن ئىلگىرىكى پاك - دىيانەتلىكنى خرىستىئانچە تۇرمۇشنىڭ مۇتلەق زۆرۈر شەرتى، دەپ قارايتتى. ئۇ پات - پاتلا: «قىز بالا ئۆزىنىڭ پاكلىقىنى ساقلىيالمىسا، ئاتا - ئانا بولغۇچى بىپەرۋالىق قىلىپ، قىزىنىڭ چۈشكۈنلىشىپ كېتىشىگە يول قويۇپ بەرسە، ئۇ ھالدا شاپائەتتىن مەھرۇم قالىدۇ. بۇنداق ئادەملەرگە دەۋزاخنىڭ ئىشىكى ئۇلۇغ ئوچۇق. ئەگەر قىيامەتنىڭ جازاسىدىن ساقلىناي دېسەڭ، دۇرۇس ھەم تار يولدا مېڭىشىڭ كېرەك، ئۇنداق بولمايدىكەن، ئادالەتلىك خۇدا گۇناھكار بەندىلىرىگە ھەر كۈنى قەھرىنى ياغدۇرىدۇ» دەپ ۋەز ئېيتىپ قوياتتى.

گېرخاردت ھەم ئۇنىڭ ئايالى، ھەتتاكى جېنىنىمۇ ۋىندېر پوپ تەپسىر قىلىپ بەرگەن دىنىي ئەھكاملارنى شەرتسىز قوبۇل

قىلىشاتتى . ئەمما جېنىنى ئۇنىڭغا ئېغىزىدىلا «ھە» دەپ قوياتتى ، چۈنكى ئۇ ھازىرغىچە تېخى دىنىنىڭ روشەن چەكلىمىسىگە ئۇچرىمىغانىدى . ئۇ جەننەتنىڭ بارلىقىنى ، ئۇنىڭ ناھايىتى قىزىقارلىق ئىكەنلىكىنى ، دوزاخنىڭ بارلىقىنى ، ئۇنىڭ ئىنتايىن قورقۇنچلۇق ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ . ياش قىز - ئوغۇللار ياخشى ئادەم بولۇشى ، ئاتا - ئانىلىرىغا ئىتائەت قىلىشى كېرەك ، دەپ قارايدۇ . مۇشۇنىڭدىن باشقا جىمى دىنىي مەسىلىلەر ئۇنىڭ قەلبىدە چىگىشلىشىپ كەتكەنىدى .

گېرخاردت چېركاۋنىڭ مۇنبىرىدە سۆزلەنگەن ۋەزلەرنىڭ يۈزدەيۈز توغرىلىقىغا ئىشىنەتتى ، ئۇنىڭ قارىشىچە ، ئۆلۈم ھەق ، قىيامەت بەرھەق ئىدى .

مانا ئەمدى ياش كۆڭۈل - كۆڭگە ئۆلگىيىپ ، جاھاندارچىلىق مەسىلىلىرىنى ئىزاھلاش بارغانسېرى مۇشكۈللىشىپ كېتىۋاتقاچقا ، ئۇ ئىزتىراپقا تولغان ھېسسىياتى بىلەن ، مەسىلىنى ھەل قىلىپ بېرەلەيدىغان ئاشۇ دىنىي ئەقىدىلەرگە تېخىمۇ مەھكەم يېپىشىۋالىدىغان بولدى . ئاھ ، قانداق قىلغاندا ، ھەقىقىي ھالال ، دۇرۇس ئادەم بولۇپ ، يارانقان ئاللا ئىگەمگە ئۆزىنىڭ تۇۋىلىرىنى قوبۇل قىلدۇرالىغۇدەك بولار - ھە ؟ ئۇ ئۆزى ئۇچۇنلا ئەمەس ، يەنە خوتۇن - بالا چاقىلىرى ئۇچۇنمۇ ۋايىم يەپ يۈرەتتى . ئاخىر قىيامەتتە ئۇلار ئۇچۈن جاۋاب بېرىشى كېرەكقۇ ؟ ئۆزىنىڭ بىخەستەلىكى ، بالا - چاقىلىرىنى دۇرۇس تەربىيىلىمىگىنى سەۋەبلىك ، ئەبەدىلئەبەد لەنەتگەردى بولسۇنمۇ ؟ ئۇ پات - پات دوزاخنىڭ ئازابىنى تەسەۋۋۇرىدىن ئۆتكۈزۈپ ، ئۆزىنىڭ ھەم بالا - چاقىلىرىنىڭ قىيامەتتە قايسى ھالغا مەھكۇم بولۇشىنى قىياس قىلىپ باقاتتى .

تەبىئىيكى ، مۇشۇنداق كۈچلۈك دىنىي تۇيغۇ ئۇنى ئۆز باللىرىغا تولىمۇ قاتتىق قول ئادەم قىلىپ يېتىشتۈردى . ياش باللارنىڭ ھاۋايى - ھەۋەس جەھەتتىكى كۆڭۈل خۇشلۇقى ھەم ئۇلارنىڭ روھىي ھالىتىدە ئىپادىلىنىپ تۇرغان ئاجىزلىق ئۇنىڭ

ئۆتكۈر سىنچى نەزىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتى. جىنىنىڭ ئاتىدىن بىسوراق ئۆزىگە يار تېپىۋېلىشى مۇمكىن بولمايدىغان گەپ. مۇبادا، ئۇ كولومبونىڭ كوچىلىرىدا بىرەر ياش يىگىتنى ئۇچرىتىپ قېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆز بېقىشىپ قويغان تەقدىردىمۇ، ئۆيگە قايتىپ كەلگەن هامان ئۇنى ئېسىدىن چىقىرىۋېتىشى كېرەك. گېرخاردت بىر زامانلاردا ئۆزىنىڭمۇ ياشلىقنى باشتىن كەچۈرگەنلىكىنى ئۇنتۇپ كەتكەنىدى، ئۇ قىزىنىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى بەختىنىلا كۆزلەيتتى، شۇڭلاشقا، ئۇنىڭ نەزىرىدە، هېلىقى كېكەش ئەزاسى قىزىنىڭ تۇرمۇشىدىكى بىر مەسىلە بولۇپ قالغانىدى.

هېلىقى كېكەش ئەزاسى بۇلارنىڭ ئائىلىۋى تۇرمۇشىنىڭ بىر بۆلىكى بولغىلى باشلىغاندىلا، گېرخاردت بوۋاي ئۆزى ئەزەلدىن ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن هېلىقى ئەنئەنىۋى مىزاننىڭ ئەمدى ئانچە ئىشەنچلىك بولماي قېلىۋاتقىنىنى هېس قىلدى. ئۇ بۇنداق بىر زاتقا باھا بېرىشتە ئامالسىز قالدى. ئۇ كىشى گېرخاردتنىڭ هۆر - پەردەك قىزىغا ئىچ پەش تارتىپ يۈرگەندىكىن، ئۇنى بوش چاغلىغىلى بولامدۇ. براندنىڭ بۇلارنىڭ ئائىلىۋى تۇرمۇشىغا بۆسۈپ كىرىشتىكى ئۇسۇلى يېگىچە هەم ئالقىشلاشقا ئەرزىگۈدەك ئۇسۇل ئىدى، شۇڭا ئۇ هەرقانداق ئادەمنىڭ ئويلىنىپ بېقىشىنى كۈتمەيلا، ئۇلارنىڭ ئائىلىۋى تۇرمۇشىنىڭ مۇستەهكەم بىر بۆلىكى بولۇۋالدى. گېرخاردتنىڭ ئۆزىمۇ ئالدىنىپ قالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ مۇشۇنداق بىر ئىقتىسادىي مەنبەدىن ئۆز ئائىلىسىگە نام - ئابرۇي هەم مەنپەئەت يېغىپلا تۇرۇشنى تىلەيتتى، شۇڭا براندنىڭ غەمخورلۇقى ۋە ئىلتىپاتىنى جىممىدە قوبۇل قىلىپ، كۆڭلەرنى تىپتىنچ ئۆتكۈزۈۋەتتى. براندنىڭ مىلاد بايرىمىنىڭ ئالدى - كەينىدە كۆپ نەرسىلەرنى سوۋغا قىلغانلىقى توغرۇلۇق ئايالى ئۇنىڭغا بىر ئېغىزمۇ تىنمىغانىدى.

بىراق، بىر كۈنى ئەتىگىنى گېرخاردت كېچىلىك ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە قايتىپ كېلىۋاتقىنىدا، ئوۋدو ۋىفور ئىسىملىك

قوشنىسى ئۇنى قىچقىرىپ قالدى .
— گېرخاردت ، — دېدى ئۇ ، — ساڭا بىر گېپىم بار . مەن سېنىڭ ئاغىنەڭ ، قانداق گەپ ئاڭلاپ قالغان بولسام ، ساڭا ئېيتىپ قويۇش مېنىڭ ھەققىم . بىلىپ قويغىنىڭكى ، ھازىر قولۇم - قوشنىلار سىلەرنىڭ ئۆيگە قىزىڭنى يوقلاپ كېلىدىغان ھېلىقى كىشىنىڭ ئارقىسىدىن غەيۋەت قىلىپ يۈرۈشىۋاتىدۇ .
— مېنىڭ قىزىمنى ؟ — بۇ گەپنى سوراۋاتقىنىدا ، ئۇنىڭ سۆزىدىكى مەنىدىن ئەمەس ، بەلكى ئۆزىنىڭ بۇنداق تۇيۇقسىز ھۇجۇمغا ئۇچرىغانلىقىدىن ، گېرخاردتتا بىر خىل ئەنسىزلىك ھەم بىئاراملىق تۇيغۇسى پەيدا بولدى ، — كىمنى دەۋاتىسەن ، مېنىڭ قىزىمنى كىم يوقلاپ كەپتۇ ؟
— سېنىڭ خەۋىرىڭ يوقمىدى ؟ — ۋىفور ھەيران بولۇپ ، گېرخاردتقا كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ قارىدى ، — ھېلىقى چاچلىرى ئاقارغان ، بەزىدە ھاسا تايىنىۋالىدىغان كىشىچۇ ، نېمە ، سەن ئۇنى تونۇمامسەن ؟
گېرخاردت ساراسىمىگە چۈشكەن ھالدا ، ئېسىگە كەلتۈرۈشكە تىرىشتى .
— خەقلەر ئۇنى كېڭەش ئەزاسى بولغان دېيىشىدۇغۇ ، — دېدى ۋىفور ئىشىنەر - ئىشەنمەس ھالدا ، — مەنمۇ بىلمەيدىكەنمەن .
— ھە ، — دېدى گېرخاردت كۆڭلى جايىغا چۈشكەندەك بولۇپ ، — كېڭەش ئەزاسى براندنى دەمسەن ، توغرا ، ئۇ بىرنەچچە قېتىم كەلگەن ، خوش ، شۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ ؟
— ھېچنېمە ، — دېدى قوشنىسى ، — خەقلەر غەيۋەت قىلىشىپ يۈرىدۇغۇتاڭ . ئۇ دېگەن ياش كىشى ئەمەس ، بۇنى بىلىسەنغۇ ، قىزىڭنىڭ يېقىنىنقىياقى ئۇنىڭ بىلەن بىرنەچچە قېتىم سىرتقا چىققانلىقىنى قوشنىلار كۆرۈپ قالغانىكەن ، ئەمدى ھەممەيلەننىڭ ئاغزىدا شۇ گەپ . مەن سېنى بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ قالسۇن دېگەنىدىم .

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ گېرخاردتنىڭ قۇيقا چېچى تىك ئۆرلىدى . خەقلەرنىڭ بۇنداق گەپلەرنى قىلىشى ھېچ ئاساسسىز بولماسلىقى مۇمكىن ، جېنىنى بىلەن ئۇنىڭ ئاپىسى ئەمدى بۇنىڭغا نېمە دەپ جاۋاب بېرەركىن . ئۇ كۆڭلىدە شۇنداق ئويلىغىنى بىلەن ، ئاغزىدا يەنىلا قىزنى ئاقلىدى .

— ئۇ كىشى ئائىلىمىزنىڭ دوستى . خەقلەر ئىشنىڭ تېگىنى ئۇقۇپ ئاندىن بىرنېمە دېسۇن . مېنىڭ قىزىم ھېچقانداق ئەسكى ئىش قىلغىنى يوق .

— ئۇغۇ شۇنداق ، بۇ گەپلەرنىڭ كارايىتى چاغلىق دېگىنە . خەقلەرنىڭ گەپ ـ سۆزلىرى پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ . سەن مېنىڭ قەدىناس بۇرادىرىم بولغاچقا ، بۇ ئىشلارنى سەمىڭگە سېلىپ قويدۇم .

— ياخشى نىيىتىڭگە رەھمەت ، — دېدى گېرخاردت پۈتىنى ئۆي تەرەپكە تارتىپ تۇرۇپ ، ئاندىن ئۆزىگە ئۆزى سۆزلىدى ، — ئۆيگە بېرىپ سورۇشتە قىلىپ باقايچۇ ، خەير ئەمىسە .

ئۇ ئۆيىگە قايتىپ كېلىپلا ، ئايالىدىن بۇ ئىشنى سورۇشتۇرۇپ :

— براند ئەپەندىنىڭ جېنىنى يوقلاپ كەلگىنى قانداق ئىش ؟ — دەپ سورىدى نېمىس تىلىدا ، — قوشنىلارنىڭ ئاغزىدا بىر گەپ بولۇپ كېتىپتۇغۇ .

— قانداق ئىش دەمسىز ، ھېچقانداق ئىش بولغىنى يوققۇ ، — ئايالمۇ ئۇنىڭغا نېمىس تىلىدا جاۋاب بەردى ، لېكىن ئۇ بۇ سوئالدىن سەل چۆچۈپ قالغانىدى ، — ئۇ ئىككى ـ ئۈچ قېتىم كەلگەن .

— سىز ماڭا بۇ توغرۇلۇق ئېيتمىغانىدىڭىزغۇ ، — دېدى گېرخاردت . ئايالىنىڭ قىزىنى ئۆز ئەركىگە قويۇۋەتكىنى ھەم ئۇنىڭغا يان بېسىۋاتقىنى ئۇنىڭ ئوغىسىنى قايناتتىپ قويدى .

— راست شۇنداق بولغان ، — دېدى ئايالى ، ئۇ ئۇسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانىدى ، — ئۇ ناھايىتى ئىككى ـ ئۈچ قېتىملا

كەلگەن ، شۇ .

— ئىككى - ئۈچ قېتىم ! — دەپ گۈركىرىدى گېرخاردت . بۇ نېمىسىنىڭ ۋاڭ - چۇڭ كۆتۈرۈپ سۆز قىلىش ئادىتى يەنە قوزغىلىپ قالغانىدى ، — ئىككى - ئۈچ قېتىممىش ! قوشنىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاغزىدا مۇشۇ گەپ . ئېيتىڭا ، بۇ زادى قانداق ئىش ؟

— ئۇ ناھايىتى ئىككى - ئۈچ قېتىملا كەلگەن ، دېدىمغۇ ، — ئايالى زەئىپ ئاۋازدا تەكرارلىدى .

— باياتىن كوچىدا ۋىفور بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم ، — دېدى گېرخاردت سۆزىنى داۋام قىلىپ ، — ئۇ ماڭا دەيدۇ ، قوشنىلار قىزىمىز بىلەن سىرتقا چىقىپ ئايلىنىپ كەلگەن ھېلىقى ئەر كىشىنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشىۋاتقۇدەك ، مېنىڭ ھېچنېمىدىن خەۋىرىم يوق ئىكەنا . ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، ئاغزىم تۇۋاقلىنىپلا قالدى . بۇ زادى نېمە ئىش - ھە ؟ ئۇ مېنى نېمە كۆرۈۋاتىدۇ !

— ئەمەلىيەتتىغۇ بۇ ئىشنىڭ سىز - بىز بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق ، — ئايالى نېمىسچە ئىدىئومنى دەل جايىدا كەلتۈرۈۋالدى ، — جېننى ئۇنىڭ بىلەن بىر - ئىككى قېتىم سىرتقا چىقىپ ئايلىنىپ كەلگەن بولدى ، ئۇ كىشى بىزنىڭ ئۆيگە كەلگەنغۇ . خەقلەر تىلىنى چاينىمىغان شۇ قاپتىكەنمۇ ؟ قىز بالا كۆڭلىنى ئاز - تولا خۇش قىلىپ يۈرسە نېمە يامىنى بار ؟

— ئۇنداق دېگىنىڭىز بىلەن ، ئۇ دېگەن قېرى ئادەم ، — دېدى گېرخاردت ۋىفورنىڭ سۆزىنى تەكرارلاپ ، — مەرتىۋىلىك ئادەم . جېنىنىدەك قىز بالىنى يوقلاپ نېمە قىلماقچىكەن ؟

— ئۇنى بىلمىدىم ، — دېدى ئايالى ئۆزىنى ئاقلاپ ، — ئۇ ئۆيىمىزگە ئۆزى كەلدى . مېنىڭچىغۇ ئۇ ئوبدان ئادەم . ئويلاپ باقمامسىز ، مەن ئۇنى بۇ يەرگە كەلمەڭ دېيەلەيتتىممۇ ؟

گېرخاردت تۇرۇپلا قالدى . دېمىسىمۇ ، ھېلىقى كېڭەش ئەزاسىنىڭ ئۇنىڭدا قالدۇرغان تەسىرى قالتىس ئىدى . ئەمدى بۇنچە دەھشەتلىك تۇيۇلۇپ كەتكۈدەك نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ئۆزىمۇ

چۈشىنەلمەي قالدى .

— قولۇم ـ قوشنىلار خەقنىڭ كەينىدىن غەيۋەت قىلىشقا ئامراق . ئۇلار ھازىر قىلىدىغانغا باشقا گەپ تاپالماي ، جىنىنىڭ ئارقىسىدىن چىشلەپ تارتىپ يۈرۈشۈپتۇ ـ دە ، بالىمىزنىڭ ياخشى ـ يامان ئىكەنلىكى سىزگە مەلۇملۇق . ئۇلار نىمە ئۈچۈن مۇشۇنداق گەپلەرنى توقۇپ يۈرۈشىدىغاندۇ ؟ — سۆزلەۋېتىپ ، ئاپىنىڭ كۆز چاناقلىرىدىن ئىسسىق ياشلار بۇلدۇقلاپ تۆكۈلۈشكە باشلىدى .

— بولدى ، بولدى ، — دېدى گېرخاردت غۇدۇراپ ، — بىراق ئۇ ئۆيىمىزگە كېلىپ مۇشۇنداق كىچىك قىز بالىنى سەيلىگە ئېلىپ چىقماسلىقى كېرەك ئىدى . ئۇنىڭدا يامان نىيەت يوقمۇ دەيلى ، ئەمما بۇ قىلىقى قاملاشمىغان ئىش ـ دە .

شۇ ئەسنادا ئۆيگە جېننى كىرىپ كەلدى . باياتىن ئۇ تاشقىرىقى ئۆيدە ئۇكىسى بىلەن ياتقان ، ئىچكەركى ئۆيدىكى پاراڭلار قۇلىقىغا كىرگەن بولسىمۇ ، بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى ئېنىق ئۇقالمىغانىدى . ئۇ كىرىپ كېلىۋاتقاندا ، ئاپىسى يىغىدىن قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى قىزىدىن ئەپقېچىپ ، يۈزىنى تام تەرەپكە ئۆرۈپ ، نان راسلايدىغان ئەمبەلگە ئېڭىشكەن بولۇپ تۇرۇۋالدى .

— نىمە گەپ ؟ — سورىدى جېننى . ئاتا ـ ئاپىسىنىڭ بۇنداق جىمىشىپ كېتىشى ئۇنىڭ كۆڭلىدە شۈبھە تۇغدۇرۇپ قويدى .

— ھېچنېمە ، — دېدى گېرخاردت چورتلا قىلىپ .

ئاپىسى ھېچ نەرسە دېمىگەن بولسىمۇ ، جېننى ئۇنىڭ قىمىر قىلماي تۇرغىنىغا قاراپ ، بۇنىڭدا بىر سەۋەب بارلىقىنى پەملىدى . ئاپىسىنىڭ قېشىغا بېرىپ ، ئۇنىڭ بايام يىغلىغانلىقىنى دەررۇ بىلىۋالدى .

— نىمە ئىش بولدى ؟ — ئۇ دەرگۇماندا دادىسىغا تىكىلىپ قاراپ يەنە سورىدى .

گېرخاردت جايىدىن قىمىر قىلمىدى ، قىزىنىڭ مەسۇم ، پاكلىقى ئۇنىڭ گۇناھتىن ھەزەر ئەيلەش تۇيغۇسى ئۈستىدىن غالىب

كەلگەندى .

— نېمە ئىش بولدى ؟ — جېننى ئاپىسىدىن يەنە سورىدى .

— نېمە ئىش بولاتتى ، ھەممىسى ئاشۇ قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ ئىشى بولمامدۇ ، — دېدى ئاپىسى كەسكىن قىلىپ ، — ئۇ نېمىلەر بىراۋنى چىشلەپ تارتىشقىلا ئامراق .

— يەنە مېنىڭ ئارقامدىن گەپ تېپىپتۇمۇ ؟ — جېننىنىڭ يۈزىگە سەل قىزىللىق يۈگۈردى .

— قاراڭا ، — دېدى گېرخاردت گويا جىمى ئىقلىمدىكى كىشىلەرگە قارىتىپ ئېيتىۋاتقاندەك ، — ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بىلىپ بوپتۇغۇ ئەنە ، ئۇ كەلگەن چاغلاردا نېمىشقا ماڭا دېمىدىڭلار ، بۇ گەپ قوشنىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاغزىدا يۈرىدۈيۇ ، مەن بۈگۈن ئەمدى ئاڭلاۋاتىمەن . بۇ زادى قانداق گەپ ؟

— ۋاي ، شۇ گەپمىدى ، — دەۋەتتى جېننى ئاپىسىنىڭ يېنىنى ئېلىپ ، — بۇنىڭ سىزگە نېمە ئالاقىسى بار ؟

— نېمە ئالاقىسى بار ؟ — جېننى ئىنگلىزچە جاۋاب بەرگەن بولسىمۇ ، گېرخاردت نېمىسچە سۆزلەۋەردى ، — خەقلەر مېنى كوچىدا توسۇۋېلىپ بۇ ئىشنى يۈزۈمگە سېلىۋاتسا ، يەنە ھېچقانداق ئالاقىسى يوقمۇ ؟ مۇشۇ گەپنى ئاغزىڭدىن چىقىرىشتىن ئۇيالمامسەن ! مەنغۇ ھېلىقى ئادەم توغرۇلۇق ھېچقانداق ئويدا بولمىغانىدىم . ئەمما سەندىن ئەمەس ، خەقلەرنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغاچقا ، ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەيلا قالدىم . ئەجەبا ، ئائىلەمدىكى ئىشلارنى ماڭا قوشنىلار كېلىپ ئۇقتۇرۇپ قويۇشى كېرەكمۇ ؟

ئانا ـ بالا ئىككىيلەن داڭقېتىپ تۇرۇپلا قېلىشتى . جېننى ئۆزلىرىنىڭ سەل كەتكۈزۈپ قويغانلىقىنى سەزدى .

— بۇ مېنىڭ ئەسكى ئىش قىلغىنىم ئۇچۇن سىزدىن سىر تۇتقىنىم ئەمەس ، — دېدى ئۇ ، — ئۇ ناھايىتى مېنى سىرتقا ئاچىقىپ ئۇ يەر ـ بۇ يەرنى ئايلاندۇرۇپ كەلدى ، شۇ .

— شۇنداق بولغانمۇ بولسۇن ، بىراق سەن ماڭا

ئېيتمىدىڭغۇ ؟ — دېدى دادىسى .

— سىز مېنىڭ ئاخشىمى سىرتقا چىقىشىمغا رۇخسەت قىلمايسىز ، — دېدى جېنىنى ، — شۇڭا سىزگە دېمىگەنىدىم . ئۇنىڭدىن باشقا ، سىزدىن يوشۇرۇپ كەتكۇدەك ئىشىمۇ بولغىنى يوق .

— ئۇ سېنى كەچتە سىرتقا ئاچىقمىسۇن ، — دېدى تالا - تۈزدىكى ئىشلاردىن قاتتىق ھەزەر ئەيلەيدىغان گېرخاردت ، — ئۇ سېنى نېمە قىلماقچىكەن ؟ بۇ يەرگە نېمىدەپ كېلىدۇ ؟ قىسقىسى ئۇ دېگەن قېرى ئادەم تۇرسا . مېنىڭچە سەن ، بولۇپمۇ سېنىڭدەك مۇشۇنداق ياش قىز بالا ئۇنىڭ بىلەن ھېچقانداق ئالاقىدە بولماسلىقى كېرەك .

— ئۇنىڭ ماڭا ياردەم قىلىشتىن باشقا ھېچقانداق غەيرىي نىيىتى يوق ، — دېدى جېنىنى كۇسۇرلاپ ، — ئۇ ماڭا ئۆيلەنمەكچى .

— ساڭا ئۆيلەنمەكچى ، ھىم ! ئۇ نېمىشقا ماڭا دېمەيدىكەن ! — ۋارقىرىدى گېرخاردت ، — بۇ ئىشنى ئېنىقلىمىسام بولمىدى ئەمدى . مەن ئۇنىڭ مېنىڭ قىزىم بىلەن سىرتلاردا تاماشا قىلىپ قوشنىلارنىڭ ئاغزىغا گەپ سېلىپ بېرىشىنى خالىمايمەن . ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇنىڭ يېشىمۇ خېلىلا چوڭ . مەن ئۇنىڭغا : «بىلىپ قويۇڭكى ، بىر قىز بالىنى خەقنىڭ سۆز - چۆچەك قىلىشىغا تاشلاپ بېرىش ئوغۇل بالىچىلىق ئەمەس» دەيمەن . ئۇ سەن بىلەن ئالاقىنى ئۈزۈل - كېسىل ئۈزسۇن .

گېرخاردتنىڭ ئۇنىڭغا «ئالاقىنى ئۈز» دەيمەن ، دەپ قىلغان پوپوزىسى جېنىنى بىلەن ئاپىسىنى قاتتىق چۆچۈتۈۋەتتى . بۇنداق قىلىپ كېتىشتىن زادى نېمە پايدا ؟ نېمە ئۈچۈن بۇلار ئۇنىڭ ئالدىدا ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشى كېرەك ئىكەن ؟ دېگەندەك ، براند گېرخاردتنىڭ ئىشقا كەتكەن ۋاقتىدا يەنە بىرنەچچە قېتىم كېلىپ ، دادىسىنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن قورقۇپ ، ئانا - بالا

ئىككىيلەننىڭ پۇت ـ قولىدا جان قالمىدى . ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ، براند يەنە كېلىپ ، جېنىنى سىرتقا ئاچىقىپ ، خېلى يىراق يەرلەرنى ئايلاندۇرۇپ كەلدى . بۇ ئىشنى جېنىنىمۇ ، ئاپىسىمۇ گېرخاردتقا تىنمىدى . ئەمما ئۇنىڭدىن ئۇنچە ئۇزاق ۋاقىت سىر تۇتۇپ يۈرۈۋېرىشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى .

شۇ ئىش بولۇپ ، ئەتىسى گېرخاردت ئايالىدىن يەنە سورىدى :

— جېنىنى يەنە ھېلىقى ئادەم بىلەن سىرتقا چىقتىمۇ ؟

— تۈنۈگۈن ئاخشام ئۇ كىشى كەلگەنىدى ، — دەپلا قويىدى ئايالى ئۆزىنى گەپتىن قاچۇرۇپ .

— جېنىنى ئۇنىڭغا ئەمدى كەلمەڭ دېمىدىمۇ ؟

— تاڭەي ، مېنىڭچە دېمىگەن بولسا كېرەك .

— بوپتۇ ئەمىسە ، زادى بۇ ئىشنىڭ چېكى بولامدۇ ، يوق ، بىر كۆرۈپ باقاي ، — دېدى ئۇ كەسكىن ھالدا ، — قېنى ئۇ يەنە بىر كېلىپ باقسۇن ، ئۇنىڭغا ئۆزۈم دېمەيدىغان بولسام .

ئۇ مۇشۇ قارار بويىچە ، ئۇدا ئۈچ ئاخشام زاۋۇتتىكى ئىشىدىن ۋاقىت چىقىرىپ ئۆيگە قايتىپ كەلدى . ھەر قېتىمدا «ئۆيدە مېھمان بارمۇ ، يوق» دەپ ، ئۆينىڭ سىرتىدىن ئۆينى يوشۇرۇن كۆزەتتى ، تۆتىنچى ئاخشىمى براند كەلدى . ئۇ جېنىنى بىلەن سالاملىشىپ بولغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭ كەيپىياتىدىكى بىسەرەمجانلىقىنى بايقىمايلا ، ئۇنى سىرتقا ئاچىقماقچى بولدى . جېنىنى دادىسىنىڭ غەزىپىدىن ، بىرەر سەتچىلىكنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشىدىن قورقۇپ ، يۈرىكى سۇ بولۇپ تۇرغان بولسىمۇ ، نېمە قىلارىنى بىلمەيلا قالدى .

بۇ چاغدا گېرخاردت ئۆيگە يېقىنلاپ قالغانىدى ، قىزىنىڭ چىقىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆردى ، ئۇنىڭغا مانا شۇ كۈپايە ئىدى . ئۇ ئۆزىنى بېسىۋالغان ھالدا ئۆيگە كىرىپ كەلدى ـ دە ، ئايالىدىن :

— جېنىنى قېنى ؟ — دەپ سورىدى .

— سىرتقا چىقىپ كەتتى ، — دېدى ئايالى .

— شۇنداق ، ئۇنىڭ نەگە كەتكىنىنى بىلىمەن ، — دېدى

گېرخاردت ، — مەن ئۇنى كۆردۇم ، قېنى قايتىپ كەلسۇنچۇ ، ئۇنىڭ بىلەن ھېسابلاشمايدىغان بولسام .

ئۇ بەخىراماں بىرىپ ئورۇندۇققا ئولتۇردى ـ دە ، بىر پارچە نىمىسچە گېزىتنى ئوقۇۋاتقان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ ، ئايالىنىڭ كەيپىياتىغا ئاستىرتىن سەپسالدى . بىرھازادىن كېيىن ، دەرۋازىنىڭ «غىچ» قىلىپ ئېچىلغان ئاۋازى ئاڭلىنىشى بىلەنلا ، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى .

— نەگە باردىڭ ؟ — ئۇ نىمىسچە تەلەپپۇزدا ۋارقىرىدى . براند بۇنداق كىلىشمەسلىكنىڭ يۈز بېرىشىنى كۈتمىگەنىدى ، كۆڭلىنى بىئاراملىق ۋە تەشۋىش چۇلغىۋالدى . جېنىنى ھودۇققىنىدىن ئاللىقاندىقلا بولۇپ كەتتى . ئاپىسى ئاشخانىدا كۆڭلى پاراكەندە بولغان ھالدا ئۆرە تۇراتتى .

— نىمە ، سىرتقا چىقىپ ئايلىنىپ كەلدىم ، — دېدى جېنىنى ھودۇققان ھالدا .

— مەن ساڭا كەچتە تالاغا چىقما دېمىگەنمۇ ؟ — گېرخاردت براندنى پىسەنتىگە ئېلىپمۇ قويماي ، گېپىنى داۋام قىلىۋەردى . جېنىنىنىڭ مەڭزىلىرى شەلپەردەك قىزىرىپ ، دېمى ئىچىگە چۈشۈپلا كەتتى .

— نىمە ئىش بولدى ؟ — دەپ سورىدى براند جاراڭلىق ئاۋازدا ، — سىز ئۇنىڭغا نېمىدەپ بۇنداق گەپلەرنى قىلىسىز ؟

— ئۇ ئاخشىمى تالا ـ تۈزدە بۇنداق يۈرسە بولمايدۇ ، — دېدى گېرخاردت قوپاللىق بىلەن ، — مەن ئۇنىڭغا نەچچە مەرتەم ئېيتتىم ، سىزمۇ بۇ يەرگە كەلمىسىڭىز بولارمىكىن .

— نېمىشقا ؟ — كېڭەش ئەزاسى شۇنداق دەپ سورىدىيۇ ، يەنە «قانداق گەپنى قىلسام بولاركىن» دەپ ، بىرپەس ئويلىنىۋالدى ، — غەلىتە گەپقۇ بۇ ؟ قىزىڭىزدىن نىمە ئىش ئۆتۈلۈپتۇ ؟

— نىمە ئىش ئۆتۈلسە بولاتتى يەنە ! — دەپ توۋلىدى گېرخاردت . ئۇنىڭ زەردىسى قايناپ ، جىددىيلىشىپ كەتكىنىدىن ،

ئىنگلىزچىغا تىلى ئانچە كەلمەي قويدى ، — نېمە ئىش بولسا بولاتتى ، ئۇ بۇنداق يېرىم كېچىدە كوچىدا لاغايلاپ يۈرمەسلىكى كېرەك . مەن ئۆز قىزىمنىڭ سىزدەك بۇ ياشتىكى ئادەم بىلەن كېچىلىرى تالا ـ تۈزدە ئايلىنىپ يۈرۈشىنى خالىمايمەن . سىز ئۇنى زادى نېمە قىلاي دەيسىز ؟ ئۇ تېخى بالىغۇ .

— مېنى ئۇنى نېمە قىلىسىز دەۋاتامسىز ؟ — دەپ سورىدى كېڭەش ئەزاسى ئۆزىنىڭ يەرگە ئۇرۇلغان ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى تىكلەشكە ئۇرۇنۇپ ، — ئەلۋەتتە ئۇنىڭ بىلەن مۇڭدىشىشنى خالايمەن . ئۇنىڭ يېشىنى مېنى تېخى ئويلىمىدى دەمسىز . مەن تېخى ئۇنىڭغا ئۆيلەنمەكچى ، ئەگەر ئۇ خالايدىغانلا بولسا .

— كۆزۈمدىن يوقىلىڭ ، بۇ يەرگە مەڭگۈ كەلگۈچى بولماڭ ، — ئەقىل ـ ئىدراكىنى تامامەن يوقاتقان ھەم جەھلى قاتقان دادا سۆزلەپ كەتتى ، — سىزنى ئىككىنچى بۇ ئۆيدە كۆرگۈچى بولماي ، ماڭا شۇنچىلىك مالاللىق كەلتۈرگىنىڭىزمۇ يېتەر ، ئەمدى مېنىڭ قىزىمنى سۆرەپ يۈرۈپ ، ئۇنىڭ نامىنى بۇلغاي دەمسىز ؟

— مەن سىزگە سەممىيەت بىلەن شۇنى ئېيتىپ قوياي ، — دېدى كېڭەش ئەزاسى قاتتىق گىدەيگەن ھالدا ، — سىز ماڭا ئۆز مەقسىتىڭىزنى ئوچۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىڭ . مەن بىراۋغا يۈز كېلەلمىگۈدەك ئىشنى قىلمىدىم جۇمۇ . قىزىڭىزمۇ مېنىڭ تۈپەيلىمدىن ھېچقانداق زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچرىغىنى يوق . مەن سىزنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىڭىزنى بىلمەكچىمەن .

— سىز بىلمەكچى بولسىڭىز ، — دېدى گېرخاردت قەھر ـ غەزەپ بىلەن ئۇنىڭ سۆزىنى تەكرارلاپ ، — بىلمەكچى بولسىڭىز ، دېمەكچىمەنكى ، خەقلەرچۇ ، سىزنىڭ قانداق قىلىپ مەن ئۆيدە يوق چاغدا بۇ ئۆيگە كېلىپ ، قىزىمنى تالاغا ئاچىقىپ تاماشا قىلىپ يۈرگىنىڭىزنى سۆز ـ چۆچەك قىلىشىپ يۈرۈۋاتىدۇ . مەن مۇشۇنى دېمەكچى . دېمەكچىمەنكى ، سىز تۈتۈرۇقسىز ئادەمسىز ، بولمىسا ھەرگىزمۇ ئۆزىڭىزنىڭ قىزى دېمەتلىك بىر قىز بالىنى

كەينىڭىزگە سىلىپ ، ئايلاندۇرۇپ يۇرمىگەن بولاتتىڭىز . خەقلەر سىزنىڭ قانداق ئادەملىكىڭىزنى ماڭا ئېيتتى . ماڭىلا كەشكىنى توغرىلاڭ ، بۇنىڭدىن كېيىن قىزىم بىلەن كۆرۈشكۈچى بولماڭ .

— خەقلەرمىش ! — دېدى كېڭەش ئەزاسى ، — ياخشى گەپ ، مېنىڭ سىزنىڭ خەقلىرىڭىزدىن پەرۋايىم پەلەك ، مەن قىزىڭىزنى ياخشى كۆرىمەن . مېنىڭ بۇ يەرگە ئۇنى يوقلاپ كېلىشىمدىكى سەۋەبمۇ شۇ . مېنىڭ مەقسىتىم ئۇنىڭغا ئۆيلىنىش ، قوشنىلىرىڭىز تىلىنى قانداق چايىنىغۇسى كەلسە ، شۇنداق چايناۋەرسۇن . سىزنىڭ مېنىڭ مەقسىتىمنى چۈشەنمەيلا بۇنچىلىك ئەزۋەيلەپ كېتىشكە ھېچقانداق ھەققىڭىز يوق .

جېنىنى ئويلىمىغان يەردىن چىققان بۇ دەھشەتلىك دەتالاشتىن قورقۇپ كېتىپ ، تۇگۇلگەن پېتى ئۇدۇل غىزالىنىدىغان ئۆيگە ئۆزىنى ئاتتى . ئاپىسى ئۇنى كۆرۈپ ، ئىتتىك ئالدىغا كەلدى .

— ئاھ ، بالام ، — دېدى ئاپىسى جىددىيلەشكىنىدىن ھاسىراپ تۇرۇپ ، — ئۇ سەن ئۆيدە يوق چاغدا كەلگەنىدى ، ئەمدى قانداق قىلارمىز ؟

ئانا ـ بالا ئىككىيلەن بىر ـ بىرىگە چىڭ چاپلىشىپ ، يۇم ـ يۇم يىغلاپ كېتىشتى . ئىككى ئەركەكنىڭ مۇنازىرىسى يەنىلا داۋام قىلىۋاتاتتى ئىدى .

— ئۇنىڭغا ئۆيلەنمەكچىمىش ، — دېدى گېرخاردت تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ ، — مەقسىتىڭىز شۇمىدى ؟

— ھەئە ، — دېدى كېڭەش ئەزاسى ، — ئۇنىڭغا ئۆيلەنمەكچى ، مەقسىتىم شۇ ئىدى . قىزىڭىز ئون سەككىزگە كىردى ، ئەمدى ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەيدىغان ۋاقتى كەلدى . سىز ماڭا ھاقارەت قىلىۋاتىسىز ، قىزىڭىزنىڭ ھېسسىياتىغىمۇ زەرەر يەتكۈزۈۋاتىسىز . بىلىپ قويۇڭكى ، ئىش مۇشۇنىڭ بىلەنلا تۈگەپ كەتمەيدۇ . ناۋادا سىز بىراۋنىڭ ئۆسەك گەپلىرىدىن باشقا ، مېنى قارىلايدىغان بىرەر سەۋەبنى كۆرسىتىپ بېرەلىگۈدەك بولسىڭىز ، مەن گېپىڭىزنى ئاڭلاپ بېقىشقا تەييارمەن .

كېچەش ئەزاسى خۇددى ھەققانىيەتنىڭ ئىستىھكامىدەك ، ئۇنىڭ ئالدىدا تىك تۇراتتى ، ئۇ يا توۋلىمايتتى ، يا غەزەپلىنىپ چېچىلىپ كەتمەيتتى ، لەۋلىرىنى چىڭ يۇمغىنىچە ، ئۆزىنىڭ قابىل ، كەسكىن ئادەملىكىنى نامايان قىلىپ تۇراتتى .

— مېنىڭ ئەمدى سىز بىلەن يەنە ئېيتىشىپ ئولتۇرغۇم يوق ، — گېرخاردت سەل بوشاشقاندەك بولسىمۇ ، يەنىلا بوي بەرمىدى ، — بالا مېنىڭ . ئۇ كېچە - ئەتىلەردە تالاغا چىقامدۇ - چىقمامدۇ ياكى سىزگە تېگەمدۇ - تەگمەمدۇ ، ھەممىسى مېنىڭ ئىلكىمدىكى ئىشلار . سىلەر سىياسىيونلارنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىڭلار ماڭا ئايان . دەسلەپتە تېخى سىزنى ياخشى ئادەم دەپ ئويلاپ قاپتىكەنمەن ، ھالا بۇ كۇنگە كەلگەندە ، سىز مېنىڭ قىزىمغا مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلىۋاتقاندىكىن ، ئەمدى سىزدىن قولۇمنى جەينىكىمگىچە يۇدۇم . دەررۇ چىقىپ كېتىڭ ، بۇ ئۆيگە ئىككىنچى دارىغۇچى بولماڭ . مېنىڭ سىزدىن تەلەپ قىلىدىغىنىم مۇشۇ .

— مېنى كەچۈرگەيسىز ، خانىم ، — دېدى براند نەزىرىنى دەرغەزەپ بولۇپ تۇرۇۋاتقان گېرخاردتنىڭ چىرايىدىن خاتىرجەملىك بىلەن چەتكە بۇراپ ، — سىزنىڭ ئۆيىڭىزدە مۇشۇنداق غوۋغانى تېرىپ قويغىنىمنى ئەپۇ قىلغايسىز . مېنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىمگە ئېرىڭىزنىڭ بۇنچىلىك قارشى ئىكەنلىكىنى پەقەت ئويلىماپتىكەنمەن . ئەمدى ماڭىمۇ بۇ ئىشنى ۋاقتىنچە بىر چەتكە قويۇپ تۇرماقتىن باشقا ئامال يوق . بۇگۇنكى ئىش كۆڭلىڭىزگە مالاللىق يەتكۈزمىگەي ئىلاھىم .

گېرخاردت ئۇنىڭ بۇنداق سوغۇق قان پوزىتسىيىسىگە قاراپ ئىختىيارسىز چۆچۈپ قالدى .

— ئەمىسە مەن كەتتىم ، — دېدى ئۇ يەنە گېرخاردتقا قاراپ ، — ئەمما سىز مېنى بۇ ئىشنى مۇشۇنىڭ بىلەن بولدى قىلىدۇ ، دەپ ئويلاپ قالماڭ . سىز بۇگۇن ئاخشام ناھايىتى خاتا بىر ئىشنى قىلىپ قويدىڭىز . ئۆزىڭىزنىڭ نېمە قىلىپ قويغىنىڭىزنى چۈشىنىپ يېتىشىڭىزنى ئۇمىد قىلىمەن ، خەير

ئەمسە ، ياخشى چۈش كۆرۈڭ ، — ئۇ سەل ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ قويۇپ ، ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى .

گېرخاردت ئىشىكنى چىڭ تاقىۋالدى .

— ئەمدىغۇ ، — دېدى ئۇ ئايالى بىلەن قىزىغا ، — بۇ ئادەمدىن قۇتۇلغاندۇرمىز . ئويلاپ باقمامسىلەر ، خەقلەر سۆز ـ چۆچەك قىلىشىۋاتسا ، يەنە يېرىم كېچىگىچە كوچا چىڭداپ يۈرۈش ، دېمىسىمۇ قاملاشمىغان ئىش ـ دە .

ھازىر بۇ جېدەل ئېغىزدا بېسىقىقاندەك قىلغان بىلەن ، ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدا ھەم ھېس ـ تۇيغۇ جەھەتتە تېخىمۇ ئەۋج ئالدى ، شۇنىڭدىن كېيىن بىرنەچچە كۈنگىچە بۇ پاكار ئۆينىڭ ئىچىدە ھېچكىمنىڭ ئاۋازى ئاڭلانمايلا قويدى . گېرخاردت ئۆزى قىلىۋاتقان ئىشنى براند تېپىپ بەرگەنلىكىنى ئېسىگە ئېلىپ ، ئۇ ئىشتىن ۋاز كەچتى . ئۇ يەنە ئۆيدىكىلەرگە : «كېڭەش ئەزاسىنىڭ كىرىنى يۇيۇپ بەرمەيسىلەر» دەپ پوپوزا قىلدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، ناۋادا ئايالىنىڭ سارايدا ئىشنى ھالاللىق بىلەن قىلمايۋاتقىنىدىن خەۋەر تېپىپ قالغۇدەكلا بولسا ، ئۇنىمۇ ئۇ يەرگە ئەۋەتمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى . ئۇ ، بۇنداق ئىشلارنىڭ ھېچ پايدىسى يوق ، ئەگەر ئايالىم سارايغا زادى بارمىغان بولسا ، مۇشۇنچىۋالا ياپتا گەپلەرگە قالمىغان بولاتتۇق ، دەپ ئويلىدى .

ئەمدى گەپنى كېڭەش ئەزاسىدىن ئاڭلايلى ، ئۇ بۇ دورەم مۇشۇنداق قاملاشمىغان مۇئامىلىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن ، بۇ شەھەردىن كېتىش قارارىغا كەلدى . قوشنا ـ قولۇملارنىڭ غەيۋەتلىرى ئاشۇ تەبىقىدىكى ئادەملەرگە تولىمۇ زىيانلىق ئىدى ، ھەتتا ئۇنىڭدەك مۇشۇنداق سالاھىيەتكە ئىگە كىشىمۇ ئۇلارغا چېتىلىپ قالدى ، ئۇ ئويلا ـ ئويلا ، ئاخىر ، بۇنداق بولۇشقا ئەرزىمەيدۇ ، دېگەن قاراشقا كەلدى . بۇنداق ئەھۋالدا ، ئەمدى زادى قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى بىلەلمەي بېشى قاتتى ، تېخى بىرەر چارىنى ئويلاپ تاپقۇدەكمۇ بولمىغانىدى ، ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتەر ـ ئۆتمەيلا ، ئۇنى ۋاشىنگتوندىن چاقىرتىپ قېلىشتى ، يولغا

چىقىشتىن بۇرۇن، جېنىنى بىلەنمۇ خوشلىشالمىدى.
مۇشۇ كۈنلەردە، گېرخاردتىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر كۈننى ئاران ـ ئاران ئېلىپ كېتىشىۋاتاتتى. ئۇلار ئەسلىدىمۇ كەمبەغەل ئىدى، گېرخاردتقۇ مۇمكىن بولىدىغانلا بولسا، غۇربەتچىلىكتە ياشاۋېرىشكە رازى ئىدى. لېكىن مىلىچمال دۇكىنىنىڭ ھېسابات دەپتىرىگە يېزىلغان قەرزلەرنى ئازايتىشنىڭ ھېچ ئىلاجى بولمىدى. باللارنىڭ ئۈستىبېشى تۆكۈلۈپ بولدى. دۇكاندارلار ئەمدى ئۇلارغا بىر تىيىنلىق مالنىمۇ نېسىگە بەرمەيدىغان بولۇپ قالغاچقا، ئۇلارغا خىراجەتنى قاتتىق قىسىپ كۈن ئۆتكۈزمەكتىن باشقا ئامال قالمىدى.
مانا ئەمدى، رەنىنىڭ مۇددىتى توشقان كۈنلەرمۇ يېتىپ كېلىپ قالدى. يەنە بىر كۈنى، ئىككى مىلىچمال دۇكىنىنىڭ خوجايىنلىرى گېرخاردت بىلەن كوچىدا ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئۇنىڭدىن قەرزنى سۈيلىدى. گېرخاردت ئۇلارغا ئەھۋالنى ئېنىق ئېيتىپ، چوقۇم بىر ئىلاجىنى قىلىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بېرىپ قۇتۇلدى. لېكىن، مۇشۇ بەختسىزلىكلەر بىلەن روھىنى بوشاشتۇرۇپ قويمىدى، ئىشىنىمۇ ئىشلەپ، پەرۋەردىگاردىن شەپقەت تىلەشنىمۇ ئۇنتۇپ قالمىدى. سەھەر پەيتىدىكى شېرىن ئۇيقۇنىڭ مېھرىدىن كېچىپ، سىرتقا چىقىپ كېتەتتى ـ دە، ئۇيان ـ بۇيان قىدىرىپ يۈرۈپ، بىر بولسا تاپاۋتى ياخشىراق بىرەر يەرنى تاپاتتى ياكى بىرە ـ بىرە پارچە ـ پۇرات ئىشلارنى ئۇچرىتىپ قالاتتى. مۇشۇ ئىشلارنىڭ بىرى ئوت ئورۇش ئىدى.
گېرخاردتىنىڭ ئايالى بۇنىڭغا ئېتىراز بىلدۈرۈپ، بۇنداق ئۆلەر ـ تىرىلىشكە باقماي ئىشلىسە، ئۆزىنى نابۇت قىلىۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتىۋىدى، ئېرى باشقا ئامال يوقلۇقىنى چۈشەندۈرۈپ:
— خەقلەر مېنى كوچا ـ كوچىلاردا توسۇۋېلىپ قەرزنى سۈيلەۋاتسا، مېنىڭ ياستۇقنى قىرلاپ قويۇپ ياتىدىغانغا نەدىمۇ چولام؟ — دېدى.

ئۇلارنىڭ ئائىلىسى مانا مۇشۇنداق كۆلپەتلىك تەقدىرگە دۇچ كەلمەكتە ئىدى .

بالا كەلسە قوشلاپ كەپتۇ ، دېگەندەك ، سىباستىئون ھال مۇشۇ كۈنلەردە ، كۆمۈر ئوغرىلىغانلىقى ئۈچۈن گۇندىخانىغا سولىنىپ قالدى . بۇ ئىش مۇنداق بولغانىدى : بىر كۈنى كەچتە ، ئۇ جېنىنى ھەم باشقا ئۇكىلىرىنى پەستە قارىتىپ قويۇپ ، ئۆزى كۆمۈر ۋاگونىنىڭ ئۈستىگە ئەمدىلا يامىشىپ چىقىۋىدى ، تۆمۈريولنىڭ قورۇقچىسى ئۇنى كاپلا قىلىپ تۇتۇۋالدى . مۇشۇ ئىككى يىلنىڭ مابەينىدە كۆمۈر ئوغرىلايدىغان ئىش كۆپ بولسىمۇ ، بىراق مىقدارى جىق بولمىغاچقا ، تۆمۈريولدىكىلەرنىڭ دىققىتىنى ئانچە تارتمىغانىدى . بىراق كېيىنكى چاغلاردا ، كۆمۈر زاكاز قىلغان خېرىدارلار : پېنسىلۋانىيەدىكى كۆمۈر بازىسىدىن كلېۋېلاند ، سىنسىنناتى ، چىكاگو قاتارلىق جايلارغا توشۇلۇۋاتقان كۆمۈرنىڭ گىر سانى ھەر دائىم كەم چىقىدۇ ، دەپ شىكايەت قىلىۋەرگەنلىكتىن ، قورۇقچىلار ھەرىكەتلىنىشكە باشلىغانىدى . تۆمۈريولدىن كۆمۈر ئوغرىلاپ تىرىكچىلىك قىلىپ يۈرۈۋاتقان يالغۇز گېرخاردتىنىڭ ئائىلىسىلا ئەمەس ، كولومبودا يەنە نۇرغۇن ئائىلىلەر مۇشۇ ئىش بىلەن ئىزچىل شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقانىدى ، ئەمما بىر سىباستىئون تۇتۇلۇپ قېلىپ ، ھەممەيلەنگە ئىبرەت قىلىندى .

— پەسكە چۈش ، — دېدى قاراڭغۇلۇق ئارىسىدىن تۇيۇقسىز پەيدا بولغان قورۇقچى . جېنىنى ھەم ئۇكىلىرى ئۇنى كۆرۈپ ، شۇئان قوللىرىدىكى سېۋەت - چېلەكلىرىنى تاشلاپ بەدەر قېچىشتى . سىباستىئون ئىتتىك پەسكە سەكرەپ قاچماقچى بولۇۋىدى ، قورۇقچى ئۇنىڭ چاپىنىدىن تۇتۇۋالدى .

— جايىڭدا جىم تۇر دەۋاتىمەن ساڭا ، — دېدى ئۇ ۋارقىراپ .

— قولۇڭنى تارت ، — دېدى سىباستىئون قوپاللىق بىلەن ، ئۇمۇ بوش كېلىدىغانلاردىن ئەمەس - دە . ئۇ ھودۇقماستىن بىر قارارغا كېلەلەيتتى ، شۇڭا ئۆزىنىڭ خەۋپكە دۇچ كەلگەنلىكىنى



www.uyghurkitap.com

دەررۇ سەزدى .

— قولۇڭنى تارت دەۋاتىمەن ساڭا ، — دېدى ئۇ قايتىلاپ ، يەنە بىر يۇلقۇنۇپ ، ئۇنى تۇتۇۋالغان قورۇقچىنى يىقىتىۋەتكىلى تاسلا قالدى .

— چۈشە ، — ھېلىقى قورۇقچى ھەيۋە قىلىپ تۇرۇپ ، ئۇنى كۈچەپ پەسكە تارتتى .

سىباستىئون ئىلاجسىز پەسكە چۈشتىيۇ ، شۇ زامان رەقىبىگە بىر مۇشت ئېتىپ ، ئۇنى دەلدەڭلىتىۋەتتى .

ئارقىدىن ، بۇ ئىككىيلەن يومىلاقلىشىپ كېتىشتى ، شۇ ئەسنادا يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان تۆمۈريول خادىمى كېلىپ ھېلىقى قورۇقچىغا بولۇشتى ، ئىككىيلەن ئۇنى تۇتۇۋېلىپ ۋوگزالغا ئاپىرىشتى - دە ، يەرلىك ئەمەلدارنىڭ ئالدىدىن بىر ئۆتكۈزۈۋېتىپ ، گۇندىخانىغا ئاپىرىپ قاماپ قويۇشتى . سىباستىئون كىيىملىرى يىرتىلغان ، قول - يۈزلىرى جاراھەتلەنگەن ، كۆزلىرىنىڭ چۆرىسى كۆكەرگەن ھالەتتە ، گۇندىخانىدا بىر كېچىنى ئۆتكۈزدى .

بالىلار ئۆيگە كېچە قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ ، سىباستىئونغا زادى نېمە بولغانلىقىنى بىلگىلى بولمىدى . سائەتنىڭ قوڭغۇرىقى توققۇزغا جاڭ ئۇردى ، ئۇ يوق ، سائەت ئون ، ئون بىرمۇ بولدى ، ئەمما سىباستىئون تېخىچە قايتىپ كەلمىۋىدى ، گېرخاردتىنىڭ ئايالىنى ئەنسىزلىك چۇلغىۋالدى . ئادەتتە ئۇ ئۆيگە كېچە سائەت ئون ئىككى ، بىرلەردە قايتىپ كېلىدىغان ، ئەمما بۈگۈن ئاخشام نېمىشقىدۇر ئاپىنىڭ كۆڭلى بىرەر خەتەرلىك ئىشنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى تۇيغاندەك ئۆيەپلا تۇراتتى . تاكى كېچە سائەت بىر يېرىم بولغۇچە سىباستىئوندىن ھېچقانداق خەۋەر بولمىغاندىن كېيىن ، ئۇنى يىغا تۇتۇشقا باشلىدى .

— بىرەرىڭلار بېرىپ داداڭلارغا ئېيتىپ قويساڭلار بوپتىكەن ، — دېدى ئۇ ، — ئۇ گۇندىخانىغا چۈشۈپ قالغان ئوخشايدۇ .

جىننى ئۆزىلا بارماقچى بولۇۋىدى، تاتلىق ئۇيقۇدا ياتقان گېئورگىنى ئويغىتىپ ئۇنىمۇ قوشۇپ قويۇشتى.

— نېمە بولدى؟ — ئىككى بالىسىنى كۆرۈپ، گېرخاردت ئەنسىزلىك بىلەن سورىدى.

— باس تېخىچە قايتىپ كەلمىدى، — دېدى جىننى؛ ئارقىدىنلا شۇ كېچىدە يۈز بەرگەن خەتەرلىك ئىشنى سۆزلەپ بەردى.

گېرخاردت شۇئان ئىشنى تاشلاپ، باللىرى بىلەن ماڭدى، بىر مەنزىل يۈرگەندىن كېيىن، بىر يولغا بۇرۇلۇپ گۇندىخانا تەرەپكە قاراپ كەتتى. ئۇ ئىشنىڭ سالمىقىنى كۆڭلىدە دەڭسەپ كۆرۈپ، قاتتىق ئازابلاندى.

— ئەمدى مۇشۇ هالغا چۈشۈپ قالدۇقمۇ! — ئۇ يىرىك قوللىرى بىلەن ماڭلىيىدىكى تەرلىرىنى سۈرتكەچ، ئاغزىدا هەدەپ مۇشۇ سۆزنى تەكرارلايتتى.

ساقچى ئىدارىسىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، نۆۋەتچى ساقچى باشلىقى ئۇنىڭغا باسنىڭ قاماققا ئېلىنغانلىقىنى قىسقىچىلا ئۇقتۇرۇپ:

— سىباستىئون گېرخاردتمۇ؟ — دېدى ۋە دەپتىرىنى ۋاراقلىدى، — توغرا، مۇشۇ يەردە ئىكەن. كۆمۈر ئوغرىلىغان، قولغا ئېلىشقا قارشىلىق كۆرسەتكەن. ئۇ سىزنىڭ بالىڭىزمۇ؟

— ئاھ، خۇدا! — دېدى گېرخاردت، — يارەببىم! — ئۇ ئىزتىراپ ئىچىدە قوللىرىنى هەدەپ ئۇۋۇلايتتى.

— ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمەكچىمۇسىز؟ — سورىدى ساقچى باشلىقى.

— شۇنداق، شۇنداق، — دېدى دادا.

— بۇياقنى ئارقىغا باشلاپ بېرىڭ، ئۇرىيت، — دېدى ساقچى باشلىقى نۆۋەتچى گۇندىپايغا، — ئۇ بالىسى بىلەن كۆرۈشۋالسۇن.

گېرخاردت قوبۇلخانىنىڭ ئىچىدە ئىدى، سىباستىئوننىڭ

www.uyghurkitap.com

باش ـ كۆزى كۆكەرگەن ، يېرىلغان ھالەتتە ئاچىقىلىۋاتقىنىنى كۆرۈپلا يىغىنى سالدى ، بىرھازاغىچە ئاغزى گەپكە كەلمەي قويدى .

— يىغلىمىغىنا ، دادا ، — دېدى سىباستىئون غەيرەتلىك ھالدا ، — مېنىڭمۇ ھېچ ئىلاجىم بولمىدى . ھازىرچە ھېچ ۋەقەسى يوق ، ئەتە ئەتىگەندە چىقىپ كېتىمەن .

گېرخاردت ئازابلانغىنىدىن لاغىلداپ تىترىمەكتە ئىدى .

— يىغلىمىساڭچۇ ، — دېدى كۆز يېشىنى ئاران ـ ئارانلا تىيىپ تۇرۇۋاتقان سىباستىئون يەنە ، — بۇ يەردە ھېچ ئىش بولغىنى يوق . يىغلىغاندىن نېمە چىقىدۇ ؟

— بىلىمەن ، بىلىمەن ، — دېدى چاچلىرى ئاقارغان دادىسى ، — لېكىن مەن چىدىيالمىدىم . سېنىڭ بۇ ئىشنى قىلىشىڭ مېنىڭ سەۋەنلىكىمدىن بولدى .

— ياق ، ياق ، سېنىڭ سەۋەنلىكىڭ ئەمەس ، — دېدى سىباستىئون ، — سېنىڭدىمۇ ئىلاج يوق ـ دە . ئاپام ئۇقۇپتۇمۇ ؟

— ھەئە ، ئۇ ئۇقۇپتۇ ، — دېدى دادىسى ، — جېنىنى بىلەن گېئورگى بايام قېشىمغا بارغانىكەن ، مەنمۇ تېخى شۇلاردىن ئۇقتۇم ، — ئۇ سۆزلەۋېتىپ ، بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى .

— بولدىلا ، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلمىساڭچۇ ، — دېدى باس . ئۇنىڭ تەبىئىتىدىكى ئەڭ ياخشى تەرەپلىرى پۈتۈنلەي زاھىر بولدى ، — ئەھۋال ياخشى بولۇپ كېتىدۇ . سەن قايتىپ كېتىپ ئىشىڭنى قىلىۋەر . ئۆزۈڭنى ئۇپراتما . ئەھۋال ياخشى بولۇپ كېتىدۇ .

— كۆزۈڭگە نېمە بولدى ؟ — دەپ سورىدى دادىسى يىغىدىن قىزارغان كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇرۇپ .

— ھە ، بۈنى دەمسەن ، ھېلىقى مېنى تۇتۇۋالغۇچى بىلەن ئېلىشقانىدىم ، — دېدى بۇ بالا بىر خىيالدا يوق كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ ، — ئۆزۈمچە قېچىپ كېتەلەيمەن ، دەپ ئويلاپتىكەنمەن .

— ئۇنداق قىلمىساڭ بوپتىكەن ، سىباستىئون ، — دېدى دادىسى ، — مۇشۇ سەۋەبتىن بەلكىم كۆپرەك ئازاب چېكىشىڭ

مۇمكىن . سىنىڭ دېلويىڭنى قاچان قارىغۇدەك ؟

— ئەتە ئەتىگەندە ، ئۇلار ماڭـا ئېيتىـشتى ، — دېـدى باس ، — سائەت توققۇزدا .

گېرخاردت بىلەن ئوغلى كېپىل بولغۇچى ، جەرىمانە پۇلى ۋە باشقا ئىشلار توغرۇلۇق يەنە بىردەم - يېرىمدەم مەسلىھەتلەشتى ، ئەمما بىرەر كونكرېت خۇلاسىگە كېلەلمىدى . دادىسى ئاخىـر باسنىڭ گېپىنى يەپ كېتىشكە ئۇنىدى ، ماڭار چېغىدا ئۇنىـڭ يۈرىكى يەنە ئېچىشىپ كەتتى ؛ ئۇ پۈتۈن ئەزايىنى دىر - دىر تىترىتىپ مىشىلداپ يىغلىغىنىچە ، خۇددى بىـرى سۆرىگەندەك چىقىپ كەتتى .

«بۇنىڭغا چىدىماق قىيىن جۇمۇ ، — باس كامىرغا قايتىپ كىرگەندىن كېيىن ، ئۆزىگە ئۆزى شۇنداق دېدى ، دادىسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈۋىدى ، قەلبى ئازابلىنىپ كەتتى ، — تېخى ئاپام قانچە ئازاب چېكىۋاتقاندۇ . »

مۇشۇلارنى ئويلىغىنىدا ، ئۇنىڭ كۆڭلى بەك يېرىم بولدى . «شۇ چاغدا ھېلىقى ئەبلەخنى بىر تېپىپ يىـقىتـىـۋەتكـەن بولسامچۇ ، — دېدى يەنە ئۆزىگە ئۆزى ، — باشتـا قېچىـپ كەتمىگەندىكىن ، ئۆزۈممۇ تازا ئەخمەق ئىكەنمەن - دە» .

## 7

گېرخاردت قاتتىق ئۈمىدسىزلەندى . سەھەر سائەت ئىككىدىن توققۇزغىچە بولغان بۇ ئارىلىقتا ، ئۇ كىمنىڭ ئالدىغا بېرىپ چىراي سارغايتىشىنى بىلەلمەي ، تىت - تىت بولۇپ كەتتـى . ئۆيگە كېلىپ ، ئايالى بىلەن بىرقۇر مەسلىھەت قىلىشىۋالغاندىن كېيىن ، يەنە ئىش ئورنىغا قايتىپ كەتتى . ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق ؟ بىر دوستىنىڭ ئۇنىڭغا ياردەم قىلىشى ، بەلكى رازىمەنلىك بىلەن ياردەم قىلىشى مۇمكىنلىكى ئۇنىڭ يادىغا كەچتى . بۇ كىشى دەل ئەينەك



www.uyghurkitap.com

سودىگىرى ھامىبند ئىدى ، ۋەھالەنكى ئۇنىڭ ھازىر شەھەردە يوقلۇقىنى گېرخاردت بىلمەيتتى .

سائەت توققۇز بولغاندا ، ئۆزى يالغۇز سوتقا باردى ، چۈنكى ئۇنىڭ قارىشىچە باشقىلارنىڭ بېرىشى ھاجەتسىز ئىدى . شۇ يەردە بىرەر خەۋەرنى ئاڭلىغان ھامان ، دىككىدە ئۆيىگە بېرىپ ئايالىغا يەتكۈزۈپ ، يەنە قايتىپ كەلمەكچىمۇ بولدى .

سىباستىئون مەھبۇس تۇرىدىغان جايغا ئەكىرىلدى . ئۇنىڭ ئالدىدا يەنە بىرنەچچە مەھبۇس بار ئىدى ، ئۇنىڭغا خېلى ئۇزاق كۈتۈپ تۇرۇشقا توغرا كەلدى . نۆۋەت ئۇنىڭغا كېلىپ ، ئىسمى چاقىرىلغاندىن كېيىن ، ئۇنى جاۋابكارنىڭ ئۇستىلىگە ئاپىرىپ تۇرغۇزۇپ قويۇشتى .

— سوتچى ئەپەندىگە ئېيتساق ، ئۇ كۆمۈر ئوغرىلىدى ، يەنە قولغا ئېلىشقا قارشىلىق قىلدى ، — دېدى ئۇنى تۇتقۇن قىلغان ساقچى .

سوتچى سىباستىئونغا سىنچىلاپ قاراپ چىقتى : بۇ يىگىتنىڭ جاراھەتلەنگەن يۈز - كۆزى ئۇنىڭدا يامان تەسىرات قالدۇردى .

— ھە ، يىگىت ، — دېدى ئۇ ، — ئۆزۈڭنى ئاقلايدىغان سۆزۈڭ بارمۇ ؟ يۈزۈڭدىكى كۆك قانداق پەيدا بولغان ؟

سىباستىئون سوتچىغا لەپپىدە بىر قاراپ قويدىيۇ ، جاۋاب بەرمىدى .

— ئۇنى مەن تۇتتۇۋالغاندىم ، — دېدى قورۇقچى ، — ئۇ شىركەتنىڭ بىر ۋاگوننىڭ ئۇستىدە ئىكەنتۇق . قاچماقچى بولۇۋىدى ، مەن ئۇنى تۇتۇۋالسام ماڭا قول ياندۇردى تېخى . مانا ماۋۇ كىشى گۇۋاھ ، — ئۇ كەينىگە ئۆرۈلۈپ ، ئەينى چاغدا ئۇنىڭغا ياردەملەشكەن تۆمۈريول خادىمىنى كۆرسەتتى .

— ئاۋۇ يەرنى ئۇ سىزنى ئۇرغاندا ئىششىتىۋەتكەنمىدى ؟ — سوراقچى قورۇقچىنىڭ ئىششىپ كەتكەن قوۋۇزىنى ئىما قىلىپ سورىدى .

— شۇنداق ، ئەپەندى ، — دېدى ئۇ جاۋابەن ، يەنە بىر مەرتەم

ئۆچ ئېلىش پۈرستى چىققىنى ئۈچۈن، ئىچ - ئىچىدىن خۇش بولۇپ كەتتى.

— مېنىڭ گەپ قىلىشىمغا ئىجازەت بەرسىڭىز، — دېدى گېرخاردت ئالدىغا قىستاپ كېلىپ، — ئۇ مېنىڭ بالام. ئۇنى كۆمۈر تېرىپ كېلىشكە مەن ئەۋەتكەن. ئۇ...

— ئۇ ئەگەر ۋوگزالنىڭ يېنىدىن كۆمۈر تەرگەن بولسا، بىزنىڭمۇ كارىمىز بولمايتتى، — دېدى قورۇقچى، — بىراق ئۇ ۋاگوننىڭ ئۈستىدىن يەردىكى بەش - ئالتە يەلەنگە كۆمۈر تاشلاپ بېرىۋاتقانىكەن.

— تاپقان پۇلۇڭ ئازلىق قىلىپ، ئەمدى ۋاگوندىن كۆمۈر ئوغرىلىغۇدەك بولدۇڭمۇ؟ — دەپ سورىدى سوتچى، لېكىن دادا - بالا ئىككىيلەنگە جاۋاب قايتۇرۇش پۇرسىتى بەرمەيلا، يەنە، — سېنىڭ ھۈنىرىڭ نېمە؟ — دەپ سورىدى.

— ئاپتوموبىل ياسىغۇچى، — دەپ جاۋاب بەردى سىباستىئون.

— سىزچۇ، سىز قانداق ئىش بىلەن شۇغۇللىنىسىز؟ — ئۇ يەنە گېرخاردتتىن سورىدى.

— مەن مىللىي ئۆي جاھازلىرى زاۋۇتىدا دەرۋازىۋەن بولۇپ ئىشلەيمەن.

سوتچى سىباستىئوننىڭ مىجەزىدىكى گاجگۇنلۇقنى بايقاپ «ھىم» دەپ قويدى - دە:

— ئەمىسە مۇنداق بولسۇن، بۇ يىگىتنىڭ كۆمۈر ئوغرىلىغانلىق گۇناھىنى كەچۈرۈم قىلىۋېتىشكە بولىدۇ، ئۇ مۇشتۇمىنى بەكمۇ ئەركىن ئىشقا سالىدىكەن، كولومبودا بۇنداق ئىشلار ساماندەك. ئۇنىڭغا ئون دوللار جەرىمانە قويۇلسۇن، — دېدى.

— ماڭا سۆز قىلىشقا ئىجازەت بەرسىڭىزچۇ، — گېرخاردت گەپ قىلىشقا تەمشىلىۋىدى، ساقچى ئۇنى نېرىغا ئىتتىرىۋەتتى.

— بولدى، گەپ قىلمايلا قويۇڭ، — دېدى سوتچى، —



www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ جاھىللىقىمۇ خېلى بار ئىكەن. قېنى، كېيىنكى دېلو كىمنىڭ ئىدى؟

گېرخاردت بالىسىنىڭ يېنىغا كەلدى، ئۇنىڭ ئۇچۇن خىجالەتچىلىكتە ئۆرتىنىپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ھېلىمۇ خۇدايىم ساقلاپ، ئۇنىڭدىنمۇ يامان ئاقىۋەتكە دۇچ كەلمىگىنى ئۇچۇن خۇشال بولدى، خىيالىدا بۇ پۇلنى تاپقىلى بولىدۇغۇ دەپ ئويلىدى. سىباستىئون دادىسىغا مۆلدۈرلەپ قارىدى ۋە:

— خەپ، — دېدى ئۆزىگە ئۆزى تەسەللىي بەرگەن ئاھاڭدا، — ئۇ ماڭا گەپ قىلىشقا ئازراقمۇ پۇرسەت بەرمىدى.

— ھېلىمۇ ياخشى، ئۇنىڭدىنمۇ يامان ئاقىۋەت يۈز بەرمىدى، — دېدى گېرخاردت خۇشاللىنىپ، — بىز ئەمدى بېرىپ پۇلنىڭ غېمىنى قىلايلى.

گېرخاردت ئۆيدىكىلەر غەم قىلىپ ئولتۇرغاننىڭ ئۈستىگە كېلىپ سوتتىكى نەتىجىنى ئۇلارغا ئۇقتۇردى. ئايالى چىرايى تامدەك تاتارغان ھالدا ئورنىدىن تۇردى، يەنە بىر تۇرۇپ ئون دوللارنى تاپقىلى بولار، دېگەن ئويغا كېلىپ، كۆڭلى جايىغا چۈشكەندەك بولدى. جېننى كۆزلىرىنى چەكچەيتكەن پېتى پۈتكۈل تەپسىلاتقا قۇلاق سېلىپ ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ باسقا خويمۇ ئىچى ئاغرىدى. باس ئەزەلدىن شۇنداق شوخ، مىجەزى شۇنداق ئېسىل بالا ئىدى، مۇشۇنداق ياخشى ئادەممۇ تۈرمىگە چۈشۈپ قالىدىكەن، نېمىدېگەن دەھشەتلىك - ھە!

گېرخاردت دەررۇ ھامىيندىنىڭ چىرايلىق تۇرالغۇسىغا قاراپ چاپتى، بىراق ئۇ شەھەردە يوق ئىكەن. ئاندىن ئۆزى ئىلگىرى تاسادىپىي تونۇشۇپ قالغان جامكېنس ئىسىملىك بىر ئادۋوكاتنى ئىزدەپ، ئۇمۇ ئىشخانىسىدا يوق بولۇپ چىقتى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىرنەچچە دۇكاندار ھەم كۆمۈر سودىگىرى بىلەنمۇ تونۇشىدىغان، بىراق ئۇلاردىن نېسىگە مال ئېلىپ قويغان - دە. پوپ ۋۇندېرمۇ پۇل قەرز بېرىشى مۇمكىن، بىراق ئۇ مۇشۇنداق ئېسىل زاتنىڭ قېشىغا بېرىپ چىراي سارغايتىپ

يۈرۈشتىن خىجىل بولۇپ ، ئۇ يەرگىمۇ بارمىدى . يەنە ئىككى - ئۈچ تونۇشىنىڭ قېشىغىمۇ بېرىۋىدى ، ھەممىسىلا ئۇنى چىرايلىق گەپلەر بىلەن يولغا سالدى . ئاخىر ئۇ سائەت تۆت بولغاندا ، ھېرىپ ھېچ ھالى قالمىغان ھالدا ئۆيگە قايتىپ كەلدى .

— بېشىمنىڭ ئىچىمۇ ، تېشىمۇ قېتىپ كەتتى ، — دېدى ئۇ ئۈمىدىنى ئۈزگەن ھالدا ، — ئەمدى قانداقمۇ قىلارمىز ؟

دەل شۇ چاغدا جېنىنىنىڭ يادىغا براند كېچىپ قالدى . بىراق ھازىر ئىش تېخى ئۇنى ھېچنېمىگە قارىماستىن ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ ، ئۇنىڭدىن پۇل سوراشقا مەجبۇر قىلغۇدەك دەرىجىگە بېرىپ يەتمىگەنىدى . دادىسىنىڭ قارشى چىقىدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ، دادىسى كېڭەش ئەزاسىنى شۇنداق دەھشەتلىك ھاقارەتلىدى ، براند بۇنى قورسىقىغا سىڭلىپ قويغان بولۇشى مۇمكىن . ئۇنىڭ سائىتى ئىككىنچى قېتىم يەنە گۆرۈگە قويۇلدى ، ئۇنىڭ ئەمدى پۇل تېپىشقا ھېچ ئامالى يوق ئىدى .

ئائىلە مەجلىسى سائەت ئون يېرىمغىچە داۋام قىلغان بولسىمۇ ، ھېچبىر قارار ھاسىل قىلىنمىدى . گېرخاردتنىڭ ئايالى ھېچبىر مەنىسىزلا قوللىرىنى ئۇيان ئۆرۈپ ، بۇيان چۆرۈپ ، كۆزلىرىنى پۇلغا تىككىنىچە ئولتۇراتتى . گېرخاردت سەپراسى ئۆرلىگەن ھالدا ، قوڭۇر چاچلىرىنى ھەدەپ مىجىقلايتتى .

— ئىلاجىم قالمىدى ، — دېدى ئۇ ئاخىر ، — كاللامغا ھېچقانداق ئامال كەلمەيۋاتىدۇ .

— بېرىپ ئۇخلا ، جېننى ، — دېدى ئاپىسى كۆيۈمچانلىق بىلەن ، — باللىرىمۇ ئۇخلات . ئۇلارنىڭ بۇ يەردە ئولتۇرۇۋەرگىنىنىڭ پايدىسى يوق . بەلكىم مېنىڭ كاللامغا بىرەر ئامال كىرىپ قالار . سەن ئۇيقۇڭنى ئۇخلاۋەر .

جېننى ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى ، ئەمما كۆزىگە قانداقمۇ ئۇيقۇ كەلسۇن دەيسىز ؟ ئاشۇ قېتىم دادىسى بىلەن كېڭەش ئەزاسى ئوتتۇرىسىدا تالاش - تارتىش يۈز بېرىپ ئۇزاق ئۆتمەي ، ئۇ ، گېزىتتىن كېڭەش ئەزاسىنىڭ ۋاشىنگتونغا كېتىپ قالغىنىنى

ئۇققانىدى . ئۇنىڭ قايتىپ كەلگەن ـ كەلمىگىنىدىن خەۋەر يوق ، ئۇ شەھەردە بار بولغىنى بىلەنمۇ بىلگىلى بولمايدۇ ـ دە . ئۇ ، سۇنۇق ئىشكاپقا ئىسىپ قويۇلغان پۇچۇق ئەينەككە تىكىلگىنىچە ئويغا چۆكتى . ئۇنىڭ يېنىدا ياتىدىغان ۋېرونىكا ئاللىبۇرۇنلا شىرىن ئۇيقۇغا غەرق بولغانىدى . ئويلا ـ ئويلا ، ئاخىر ئۇنىڭ ئېڭىدا كەسكىن بىر قارار شەكىللەندى ، ئۇ كېڭەش ئەزاسى بىلەن كۆرۈشمەكچى بولدى . ناۋادا كېڭەش ئەزاسى شەھەردە بار بولىدىغانلا بولسا ، باسقا ياردەم بېرىشكە ئۇنايدۇ . جېنىنى نېمىشقا بارمىغۇدەك . . . ئۇ جېنىنىنى ياخشى كۆرىدۇ ، جېنىنىغا نەچچە مەرتەم توي قىلىش تەكلىپىنى بەرگەنغۇ ، جېنىنى ئۇنىڭدىن نىجاتلىق تىلەپ بارسا نېمىشقا بولمىغۇدەك ؟

ئۇ بىرپەس دېلىغۇل بولۇپ تۇرۇپ قالدى ، ۋېرونىكانىڭ رىتىملىق نەپەس ئېلىۋاتقان تاۋۇشى قۇلىقىغا كىرگەندىن كېيىن ، بېشىغا باشىنىكىنى ، ئۇچىسىغا كۆڭلىكىنى كىيدى ـ دە ، ياتاق ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى ئاستا ئېچىپ ، بىرەر شەپە بار ـ يوقلۇقىنى تىڭشاپ كۆردى .

بۇ چاغدا ، گېرخاردتىنىڭ ئاشخانىدىكى ساپادا ئولتۇرۇپ تولختىماي تەۋرىنىشىدىن چىققان تاۋۇشتىن باشقا ، ھېچقانداق شەپە يوق ئىدى . ئۇنىڭ ئۆزى ياتىدىغان ئۆيدىكى جىنچىراغ بىلەن ئاشخانىنىڭ ئىشىكى ئاستىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان غۇۋا چىراغ يورۇقىدىن باشقا چىراغلارنىڭ ھەممىسى ئۆچۈك ئىدى . ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ ، چىراغنى پۈۋلەپ ئۆچۈردى ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا چامداپ بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى ـ دە ، قاراڭغۇلۇق قوينىغا ئۆزىنى ئالدى .

ئاسماندا ئاي غۇۋا نۇر سېپىپ تۇراتتى ، ئەتراپنى جىمجىتلىق قاپلىغان . بۇ چاغ ئەتىيازغا ئاز قالغان مەزگىل ئىدى . جېنىنى قاراڭغۇ كوچىدا غۇيۇلداپ كېتىۋاتقىنىدا (بۇ چاغدا ياي لامپا تېخى كەشىپ بولمىغانىدى ) ، بىردىنلا كۆڭلىدە : شۇ تاپتا مەن ھالىمغا باقماي ئىش قىلىۋاتىمەنمۇ ، قانداق ! كېڭەش ئەزاسى مېنى قانداق قارشى ئالار ؟ ئۇ قانداق ئويلاپ قالار ؟ دېگەن ئەندىشە پەيدا

بولدى ـ دە ، ئىككى تايىن بولۇپ ، جايىدا تۇرۇپلا قالدى ، بىردىنلا يادىغا تۇرمىدە ياتقان باس كەچتى ـ دە ، يەنە ئالمان ـ تالمان ئۆز يولىغا راۋان بولدى .

شتاتنىڭ مەركىزىدىكى بۇ كاتتا سارايىنىڭ شۇنداق بىر ئالاھىدىلىكى باركى ، مەيلى كېچىنىڭ قايسى پەيتى بولسۇن ياكى قايسى قەۋەتكە چىقىشقا توغرا كەلسۇن ، ئاياللار مەخسۇس ئاياللارغىلا ئېچىپ قويۇلغان ئىشىكتىن بىمالال كىرىپ كېتىۋېرەتتى . ئەسلىدە بۇ سارايمۇ ئەينى چاغدىكى باشقا نۇرغۇن سارايلارغا ئوخشاش ، قاتتىق باشقۇرۇلۇپ كەلگەن بولسىمۇ ، يەنە بەزى يوچۇقلاردىن ساقلىنىش تەس ئىدى . دەرۋازىدىن ھەرقانداق ئادەم كىرىپ كېتىۋېرىدۇ ، پەقەت ئارقا ئىشىكتىن كىرىپ ئالدى تەرەپتىكى قوبۇلخانىغا ئۆتكەندىلا ، ئاندىن بوغالتىرنىڭ كۆزىگە چېلىقىدىغان گەپ . ئەگەر ئاشۇ يول بىلەن ماڭمىسىلا ، كىرىپ ـ چىقىۋاتقانلىقىنى ھېچكىم كۆرمەي قالاتتى .

جېنىنى سارايىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگەندە ، دەھلىزدە پەس ئېسىقلىق تۇرغان چىراغنىڭ يورۇقىنى دېمىگەندە ، ئەتراپ قاپقاراڭغۇ ئىدى . كېڭەش ئەزاسىنىڭ خانىسىغا ئىككىنچى قەۋەتنىڭ زالىدىن ئۆتۈپ ئازغىنە ماڭسىلا يېتىپ باراتتى . ئۇ يۈرىكى پوكۇلدىغان ، چىرايى تاتارغان ھالەتتە ، شۇ تاپتا قۇترىغان بوراندەك بولۇپ كېتىۋاتقان قەلب ھېسسىياتىنىڭ باشقىچە قىياپەتنى زاھىر قىلىشىغىمۇ يول قويماستىن ، ئىتتىك بېرىپ پەلەمپەيگە ئاياغ باستى . تاكى ئۆزىگە تونۇش بولغان ھېلىقى ئىشىكنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ، قەدىمىنى توختاتتى . شۇ تاپتا ئۇ براندىنىڭ خانىسىدا بولماي قېلىشىدىنمۇ ، بولۇشىدىنمۇ ئەنسىرەيتتى . ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن چىراغ نۇرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى . ئۇ بارلىق غەيرىتىنى يىغىپ ئىشىكنى چەكتى . ئۆيئىچىدە بىرەيلەن يۆتىلىۋاتاتتى .

براند ئىشىكنى شۇنداق ئېچىپلا ، قاتتىق ھەيرەتتە بولدى .

— نېمە ، جېنىنى ؟ — دەپ توۋلىۋەتتى ئۇ ، — ئاجايىپ ئىشقۇ

بۇ ! شۇ تاپتا سىزنى خىيال قىلىپ ئولتۇرغانىدىم . كىرىڭ - كىرىڭ ، — ئۇ غۇلىچىنى كەڭ يېيىپ قىزنى چىڭ قۇچاقلىدى ، — مەن سىزنى ئىزدەپ بارغانىدىم ، گېپىمگە ئىشىنىڭ . مېنىڭ ئەس - يادىم بىر ئىلاجنى قىلىپ ئىشنى ئوڭشاشتىلا بولۇپ كەلدى . مانا ئەمدى ئۆزىڭىز كەپسىز . سىزگە نېمە دىشۋارچىلىق يەتتى ؟

ئۇ قىزنى سەل نېرىغا ئىتتىرىپ ، ئۇنىڭ قايغۇلۇق چېھرىگە سىنچىلاپ قارىدى . قىزنىڭ كۆزنىڭ يېغىنى يەيدىغان گۈزەل رۇخسارى ئۇنىڭغا بەئەينى يېڭىلا ئۈزۈۋېلىنغان شەبنەملىك گۈلسامساقنى ئەسلەتتى .

ئۇ ئۆزىدە ئاتەش كەبى مۇھەببەت يالقۇنجاپ كېتىۋاتقىنىنى سەزدى .

جېنىنى ئاخىر دەۋەتتى :

— سىزدىن نىجاتلىق تىلەپ كەلدىم . ئاكام گۇندىخانىغا سولىنىپ قالدى . ئون دوللار پۇل بولغان بولسىلا ، ئۇنى ياندۇرۇپ ئاچىقىۋالغان بولار ئىدۇق . يەنە قەيەردىن ئامال قىلىشىمىزنى ھېچ بىلەلمىدىم .

— ئاھ ، بىچارە قوزام ! — دېدى ئۇ قىزنىڭ قولىنى سىلاپ تۇرۇپ ، — يەنە قەيەرگە بېرىپ ئامال قىلماقچىدىڭىز ؟ مەن سىزگە ، مېنى قاچانلا ئىزدىسىڭىز بولىدۇ ، دېگەنتىمغۇ ؟ ئەجەبا ، سىز مېنىڭ سىز ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشنى قىلىشقا تەييار ئىكەنلىكىمنى تېخىچە چۈشەنمەيۋاتامسىز ، جېنىم ؟

— ئۇغۇ شۇنداق ، — دېدى قىز ھاسىرىغان پېتى .

— ھەببەللى ، ئۇنداق بولغاندىكىن ، ئەمدى تىت - تىت بولىۋەرمەڭ . سىزنىڭ تەلىيىڭىز نېمانچە كاجدۇر ، بىچارە قوزام ؟ ئاكىڭىز قانداق قىلىپ گۇندىخانىغا كىرىپ قالدى ؟

— ئۇ ۋاگوننىڭ ئۈستىدىن پەستىكىلەرگە كۆمۈر تاشلاپ بېرىۋاتقىنىدا تۇتۇلۇپ قالدى .

— ھە ، مۇنداق دەڭ ، — ئۇنىڭ چىن كۆڭلىدىن رەھمى

قوزغالدى . «بايا ئۇ بالا تەقدىرنىڭ قىستىشى بىلەن قىلغان ئىشى تۆپەيلى قولغا ئېلىنىپ جازاغا ئۇچرىغانىكەن ـ دە، كېچىنى كېچە دېمەي، ئۆيۈمگە كېلىپ مەندىن مەدەت تىلەۋاتقان ماۋۇ قىزنى دېمەمدىغان، ئون دوللار ئۇچۇن ـ ھە، بۇ ئۇنىڭ ئۇچۇن شۇنچە چوڭ پۇل ھېسابلانسا، مەن ئۇچۇن ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان پۇلغۇ .»

— ئاكىڭىزنىڭ ئىشىنى ماڭا قويۇپ بېرىڭ، — دېدى ئۇ جىددىي قىياپەتتە، — ئۆزىڭىزنى بىزەۋەتە قىلماڭ . مەن يېرىم سائەتكە قالماي ئۇنى ياندۇرۇپ چىقىمەن . مەن قايتىپ كەلگۈچە سىز مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ، كۆڭلىڭىزنى كەڭرەك تۇتۇپ، مېنى كۈتۈپ تۇرۇڭ .

ئۇ جېنىنىغا يوغان چىراغنىڭ يېنىدىكى ساپانى كۆرسىتىپ قويۇپ، ئۆيدىن ئىتتىك چىقىپ كەتتى .

براند رايونلۇق تۈرمىنىڭ مەسئۇلى بىلەن ئوبدان تونۇشاتتى، مۇشۇ دېلونى ئىشلىگەن سوتچى بىلەنمۇ تونۇشاتتى . ئۇ ھېلىقى سوتچىغا ئىككى ئېلىك خەت يېزىپ، ئۇنىڭدىن بالىنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىنى نەزەردە تۇتۇپ ئۇنىڭغا قويۇلغان جەرىمانىنى بىكار قىلىنىۋېتىشىنى ھەمدە ئادەم بەلگىلەپ ئۇنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇشنى ئىلتىماس قىلدى، بۇنىڭغا بار ـ يوقى بەش مىنۇتلا ۋاقىت كەتتى . يەنە ئون مىنۇتلا ۋاقىت سەرپ قىلىپ، گۇندىخانىغا ئۆزى باردى ـ دە، گۇندىخانىغا قارايدىغان ھېلىقى ئاغىنىسىنى تېپىپ، ئۇنىڭدىن بالىنى دەررۇ قويۇپ بېرىشنى ئۆتۈندى .

— پۇل مانا، — دېدى ئۇ، — ئەگەر جەرىمانىنى بىكار قىلىشسا، ئۇنى ماڭا قايتۇرۇپ بەرسىڭىز بولىدۇ . بالىنى شۇ تاپىنىڭ ئۆزىدىلا ئۆيىگە قايتۇرۇۋېتەرسىز .

تۈرمە مەسئۇلى بۇنىڭغا ئەلۋەتتە رازىمەنلىك بىلەن ماقۇل بولدى، ئۆزى ئالدىراپ ـ تېنەپ پەسكە چۈشۈپ ئىشنى توغرىلىدى ـ دە، گاڭگىراپ قالغان باسنى شۇ زامان قويۇپ بەردى، ئەمما قويۇپ بېرىشنىڭ سەۋەبىنى ئۇنىڭغا ئېيتمىدى .

— ئىشىڭ پۈتتى، — دېدى ئاچقۇچ تۇتقان گۇندىپاي، — سەن ھۆرلۈككە چىقتىڭ. دەررۇ ئۆيۈڭگە قايت، ئىككىنچىلەپ بۇنداق ئىشنى قىلما جۇمۇ، بولمىسا ئۇلار سېنى يەنە تۇتۇۋالىدۇ.

باس ھاڭ ـ تاڭ بولغان ھالدا، ئۆيى تەرەپكە جۆنەپ كەتتى، كېچەش ئەزاسىمۇ ئۆزىنىڭ سارىيىغا قايتتى. يول بويى بۇ نازۇك ۋەزىيەتكە قانداق مۇئامىلىدە بولۇشنىڭ چارىسى ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ ماڭدى. جېنىنىڭ بۇ دورەم مۇشۇ ئىش ئۈچۈن كېلىدىغىنىنى دادىسىغا ئېيتمىغانلىقى ئېنىق. ئۇ چوقۇم زادى ئامال بولمىغاندا ئاندىن ئۇنى ئىزدەپ كەلگەن. ھازىر ئۇنىڭ خانىسىدا ئۇنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ.

ئىنسان ئۆز ھاياتىدا بىرنەچچە قېتىم مۇھىم پەيتكە دۇچ كېلىدۇ، شۇنداق پەيتلەردە مۇبادا بىر يولنى كۆزلەپ ماڭسا، ئەدلى ـ ئادالەت ۋە مەسئۇلىيەتنىڭ قاتتىق سىنىقىنى باشتىن كەچۈرىدۇ، باشقا بىر يول بىلەن ماڭسىچۇ، ئۇ چاغدا شەخسىي بەخت ـ سائادىتىگە ئېرىشىش ئىمكانىيىتىگە دۇچ كېلىدۇ، شۇڭا بۇ ئىككى يول ئارىلىقىدا ئارىسالدى بولۇپ بىر قارارغا كېلەلمەيدۇ. ھالبۇكى، بۇ ئىككى يولنىڭ چەك ـ چېگراسى ئېنىق ئايرىلمىغان بولۇشى مۇمكىن. مانا براندنى ئالساق، ئۇنىڭغا ئايانكى، ئۇ جېنىنى بىلەن رەسمىي توي قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ئاگىسىز قارشىلىق كۆرسىتىشى تۈپەيلى قىيىن ئەھۋالغا دۇچ كېلىشى ئېھتىمال. ئۇنىڭ ئۈستىگە كىشىلىك دۇنيادىكى جامائەت پىكرى مەسىلىنى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرۈپ قويىدۇ. ناۋادا، ئۇ جېنىنىغا ئاشكارا ئۆيلەنسە، كىشىلەر نېمە دېيىشەر؟ جېنىنى خۇلق ـ مىجەز جەھەتتىن ئېيتقاندا، قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان بىر تىپ، بۇ ئۇنىڭغا چۈشىنىشلىك. ئۇنى گۈزەللىك ۋە مىجەز ـ خاراكتېر جەھەتتىن كۆزىتىدىغان بولساق، ئۇنىڭدا ئادەتتىكى كىشىلەردە بولىدىغان ئەڭ ئۆتكۈر سېزىمچانلىقتىن باشقا، يەنە قانداقتۇر بىر سىرلىق نەرسە بار. بۇ نەرسىنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭ ئۆزىمۇ تازا ئېنىق چۈشەنمەيدۇ، ئۇ

پەقەتلا بىر خىل ئۇلۇغ ، چېكى يوق تۇيغۇنىلا سىزىدۇ ، ئۇنىڭدىكى ئەقىل ـ ئىدراك ياكى تەجرىبىنىڭ توغرا يولغا سېلىشىدىن تامامەن خالىي بولغان بۇ روھىي ھالەت ھەرقانداق ئەركەكنىڭ نەپس ـ ئىستىكىگە مۇۋاپىق كېلىدۇ . «بۇ ئاجايىپ بىر قىز ـ دە» ، ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ، ئۇنىڭ قەلب كۆزى قىزنىڭ ئۆزىنىڭ ئالدىدىلا تۇرغانلىقىنى ئېنىق كۆردى .

ئۇ بۇنداق ئىشقا قانداق پوزىتسىيە تۇتۇش توغرۇلۇق خىيال سۈرۈپ مېڭىۋېرىپ ، سارايدىكى ئۆزىنىڭ خانىسى ئالدىغا كېلىپ قالغىنىنى تۇيمايلا قالدى . بوسۇغىدىن ئاتلاپ كىرىشى بىلەن ، يەنە باشقىدىنلا جېنىنىنىڭ گۈزەل جامالى ھەم ئۇنىڭ رەت قىلغىلى بولمايدىغان جازىبىدارلىقىنىڭ ئەسىرى بولۇپ قالدى . چىراغنىڭ قىزغۇچ شولىسىدا ، جېنىنى بەجايىكى پۇتمەس ـ تۈگىمەس يوشۇرۇن كۈچكە تولغان سىيماغا ئوخشاش كۆرۈنەتتى .

— خوش ، — دېدى براند ئۆزىنى سوغۇق قان قىياپەتكە سېلىپ ، — مەن بېرىپ ئاكىڭىزنى كۆردۈم . ئۇ تۈرمىدىن چىقىپ كەتتى .

جېنىنى «ئاھ» دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئىككى بىلىكىنى ئۇزاتتى ، كۆزلىرىدىن مىننەتدارلىق ياشلىرى تۆكۈلۈشكە باشلىدى .

براند ئۇنىڭ كۆز يېشىنى كۆرۈپ ، ئۇنىڭغا قاراپ چامدىدى .

— جېنىنى ، خوش بولۇپ كېتەي ، كۆز يېشى قىلماڭ ، — دېدى ئۇ يالۋۇرۇپ ، — ئاھ ، مېنىڭ پەرىشتەم ! شەپقەت ئىلاھى ، سىز ئۆزىڭىزنى پىدا قىلىۋاتسىڭىز ، مەن سىزنى ياش تۆككۈزۈشكە قانداقمۇ چىداي !

ئۇ قىزنى ئۆزىگە يېقىن تارتتى ، شۇنىڭ بىلەن ، بىرقانچە ئون يىلدىن بۇيانقى جىمى ئېھتىياتچانلىقى ئۇنىڭدىن چەتلىدى . شۇ تاپتا ئۇنىڭ قەلب دۇنياسىدا بارى پەقەت ئېھتىياج ۋە ئېھتىياجنى قاندۇرۇش ئېڭىلا ئىدى . تەقدىر ناھايەت باشقا زىيانلارغا قارىماي ، ئۇنىڭغا ئۇ ئۆزى ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان نەرسىنى —

سۆيگۈنى ھەم سۆيۈشكە مۇيەسسەر بولالىغان بىر قىزنى بەخشەندە قىلدى. ئۇ بۇ قىزنى باغرىغا چىڭ بېسىپ، ئۇنىڭ لەۋلىرىگە توختىماي سۆيدى.

ئەنگلىيىلىك جېففېرس[①] بىزگە: كامالەتكە يەتكەن ئېپپەتلىك قىز بىر يۈز ئەللىك يىلدا ئاران ۋۇجۇدقا كېلىدۇ، دەپ ئېيتقانىدى. «ئەسلىدە ئېپپەتلىك قىزدىكى بىباھالىق يەر يۈزى ۋە سامادىكى جىمى ئېزىتقۇ شەيئىلەردىن قوبۇل قىلىنغاندۇر. ئۇ بىر يېرىم ئەسىر مابەينىدە كۆك مايسىلارنى يەلپۈپ كەلگەن جەنۇب شامىلىدىن؛ ئېغىر باش تۇتقان نەغەزگۈل ھەم جىلۋىلىك جۇڭگو ماگدارىنىڭ ئۇستىدە ئېسىلىپ تۇرغىنىچە، سېرىق چۈمچۈقلارنى ئېنىگە يوشۇرۇپ، ھەسەل ھەرىلىرىنى نېرى قوغلايدىغان لويلا كوكاتلارنىڭ يېقىملىق ھىدىدىن؛ شوخا ئازغاندىن ھاسىل بولغان چىتلاق، ئۇچقات شۇنىڭدەك كۆك شەمشادنىڭ سايىسى ئاستىدا سارغىيىپ قالغان بۇغداي غولىدىكى ھاۋا رەڭ تىرناقگۈلدىن؛ ھەسەن - ھۈسەن قۇياش نۇرىنى سىڭدۈرگەن بارلىق ئەگرى- دوناي جىلغىلاردىكى لەززەتلىكلەردىن؛ جىمى ئىپتىدائىي ئورمانلارغا مۇجەسسەم بولغان گۈزەللىكتىن؛ جىمىكى بىپايان تاغ- ئىدىرلارغا تىكىلگەن ئارپىبەدىيانلاردىن ۋە ھۆرلۈكتىن ئاپىرىدە بولغان — شۇنىڭدەك ئۈچ يۈز يىللىق جۇغلىنىشنى باشتىن كەچۈرگەن بولۇشى كېرەك.»

«يۈز يىللار مابەينىدە ھايات سۈرۈپ كېلىۋاتقان ئىپارگۈل، ئاسما قوڭغۇراقگۈل، رۇخسارگۈل؛ بىنەپشە رەڭ باھار ۋە ئالتۇن رەڭ كۆز؛ تاڭ ئاتماس كېچە؛ داۋام ئېتىۋاتقان جىمىكى ۋاقىت رىتىمى. مانا بۇلار، تېخى كىتاب بېتىگە كىرگۈزۈلمىگەن ھەمدە يېزىلىپ چىقىشقا نائىل بولۇنمىغان يىلنامىدۇر؛ ئېيتىڭچا، يۈز يىل ئىلگىرى گۈلسۈرۈخنىڭ تۇزۇغان بەرگى توغرۇلۇق كىممۇ خاتىرە قالدۇرۇپ قويغان بولار ئىدى؟ ئۆگزىڭىزگە ئۈچ يۈز

① جېففېرس (John Richard Jefferies 1848 — 1887) — ئەنگلىيىلىك يازغۇچى، ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە تولىراق يېزا تۇرمۇشىنى تەسۋىرلىگەن.

www.uyghurkitap.com

مەرتەم كېلىپ قونغان قارلىغاچنى ئېيتايلى — بۇلارنى خىيال ئېكرانىڭىزدىن ئۆتكۈزۈپ كۆرۈڭچۇ ! ئېپپەتلىك قىز ئەنە شۇلاردىن ئاپىرىدە بولغان، بەلكى جىمى ئىقلىم ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە بەجايىكى گۈلگە زارىقىپ ئۆتكەندەك تەشنا بولىدۇ. ئون يەتتە ياشقا كىرگەن قىزنىڭ دىلرەبالىقى نۇرغۇن ئەسىرلەر تارىخىنى باشتىن كەچۈرگەن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇنكى، ھاۋايى - ھەۋەس ئېھتىمال تراگېدىيىنىڭ ئۆزى بولسا كېرەك. »

مۇبادا، سىز قوڭغۇراقگۈلنىڭ گۈزەللىكىنى چۈشەنگەن ھەمدە ئۇنىڭدىن ئۈچ يۈز مەرتەم زوق ئالغان بولسىڭىز؛ مۇبادا، ئەتىرگۈل، مۇزىكا شۇنىڭدەك جاھاندىكى قىزىل شەپەق ۋە مانانلار يۈرىكىڭىزنى غىدىقلىغان بولسا؛ مۇبادا، جىمىكى گۈزەللىك كۆزىڭىزدىن غايىب بولۇش ئالدىدا تۇرغان بولسا، ئاشۇ دۇنيا تېخى يېنىڭىزدىن غىپپىدە ئۆتۈپ كېتىپ قالمىغان پەيتتە، مۇشۇ نەرسىلەرنى باغرىڭىزغا تېڭىشقا مۇيەسسەر بولالىغان بولسىڭىز، قېنى ئۇلاردىن ۋاز كېچەلەرمىدىڭىزكىن؟

## 8

بەزى چاغلاردا بىزگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قوزغىغان ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى ئۆزگىرىشنىڭ، ئەينى ۋاقىتتا ئەھمىيىتى ئانچە روشەن ئىپادىلەنمەي قالىدۇ. ئاق - سېرىقىمىز بىرىپەس قاتتىق لەرزىگە كېلىپ، خەۋپ - خەتەرنى تۇيغىلى باشلىغان، ئۆزىمىزمۇ روشەن ھالدا ئۆز ئەكسىمىزگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاندىن بۇ ئۆزگىرىشنىڭ يۈز بېرىپ بولغانلىقىنى ھېس قىلىمىز. بۇ چاغدا مەلۇم بىر يېرىمىز ئىلگىرىكىگە مۇتلەق ئوخشىماي قالغان بولىدۇ. جېنىنى ھېلىقى كونى ئاخشىمى خەيرخاھلىقتىن قىلىنغان قارامىلىق تۇپەيلىدىن يۈز بەرگەن چوڭقۇر ھېسسىي ئۆزگىرىشنى

پىششىق ئويلانغاندىن كېيىن ، چىگىش ، قالايمىقان خىياللارغا چىرمىلىپ قالدى . ئۇ براندىنىڭ ئۆزىگە بولغان بۇ خىل يېڭى مۇناسىۋىتىنىڭ ئاقىۋىتىدە قانداق ئىجتىمائىي ۋە فىزىئولوگىيىلىك ئۆزگىرىش يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئەلھەق تونۇپ يەتكەن ئەمەس . ئەھۋال ناھايىتــــى ياخشــــى بولغان تەقدىردىمۇ ، ئانا بولۇش ئىپتىماللىقى ئادەتتە قىزلارنى لەرزىگە سالماي قويمايدۇغۇ ، ئەمما ئۇ بۇنى تېخى ھېس قىلىپ يەتمىگەنىدى . ئۇنىڭ ھازىرقى روھىي ھالىتى پەقەت چۈچۈش ، تەئەججۇپلىنىشتىن نېرىغا بارمايتتى ، كەلگۈسىدە نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقى ئۇنىڭغا تېخىمۇ قاراڭغۇ ئىدى . ئۇ تېخى بىر خىيالدا يوق ، ئۆزىچە كۆڭۈللۈك ھېسلارغا غەرق بولۇپ يۈرمەكتە . ئۇنىڭ قارىشىچە ، براند ئوبدان ئادەم ، ھازىر ئۇنىڭ جېنىنى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى تېخىمۇ قويۇق تۈس ئالدى ، ئۇ جېنىنىنى ياخشى كۆرىدۇ . مۇشۇنداق يېڭىچە مۇناسىۋەت سەۋەبىدىن جېنىنىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىدا ئۆزگىرىش بولۇشىغا قىل سىغمايدۇ . ھازىردىن باشلاپ ، تۇرمۇش ئەمدى ئىلگىرىكىسىگە ئوخشاشمايدۇ — ھېچبولمىغاندا بىر مەزگىــل بولىسىمۇ ئوخشاشمايدۇ . براند جېنىنىغا ئۆز مۇھەببىتــــــىدە باشتىن ـ ئاياغ تەۋرەنمەيدىغانلىقىنى قايتا ـ قايتا ئىپتىقاندى .

«سىزگە دېمەكچىمەنكى ، جېنىنى ، — براند جېنىنىنىڭ ماڭار چېغىدا ئۇنىڭغا يەنە شۇلارنى دېگەنىدى ، — ھەرگىز بىزەۋەتە بولماڭ . مەن ھېسسىياتىمنى زادىلا بېسىۋالالماي قالدىم ، لېكىن مەن ھامىنى سىز بىلەن توي قىلىمەن . بۇ دورەم بەك ھەددىمدىن ئېشىپ كەتتىم ، ئەمما بۇ سەۋەنلىكىمنى ھامىنى يۇيىمەن . سىز قايتىپ بېرىپ ، ئەمما بۇنى ھازىر قىلالمايمەن ، بۇ يەردە قېلىشنى ھەم خالىمايمەن . مەن دىككىدە ۋاشىنگتونغا بېرىپ كېلەي ، ئاندىن كېيىن سىزنى ئەكېتىمەن . ھازىرچە ھېچكىمگە ئېيتماڭ . ھازىر تېخى كەچ بولۇپ كەتمىگەن بولسا ، ئاكىڭىزغا ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلىپ قويۇڭ . لېكىن ، ئۆز ئىشىڭىزغا پۇختا بولۇڭ ، مەن كېيىن سىز بىلەن توي قىلىپ ، سىزنى بىللە

ئەكېتىمەن . ھازىرچە ، — ئۇ يانچۇقىدىن ھەمىيىنىنى ئېلىپ ، ئىچىدىن يۈز دوللارنى چىقاردى ، ھەمىيانىنىڭ ئىچىدىمۇ جۇغ - جەمى مۇشۇنچىلىكلا پۇل بار ئىدى ، — ماۋۇنى ئېلىپ تۇرۇڭ . ئەتە سىزگە يەنە ئازراق يەتكۈزۈپ بېرىمەن . ئەمدى سىز مېنىڭ ئىلكىمدىكى ئادەم ، ئېسىڭىزدە بولسۇن ، سىز ئەمدى ماڭا تەئەللۇق .

ئۇ جېنىنىنى باغرىغا چىڭ باستى .

جېنىنى قاراڭغۇ كوچىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا كېتىۋېتىپ ئويغا چۆكتى . براندنىڭ جەزمەن ئۆز لەۋزىدە تۇرىدىغانلىقىدا شەك يوق . جېنىنى كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان بىر خىل يېڭى تۇرمۇشنىڭ خىلمۇخىل ئېھتىماللىقىنى ئۆز تەسەۋۋۇرىدىن ئۆتكۈزۈپ چىقتى . براند ئۇنى ئەلۋەتتە ئەمرىكە ئالىدۇ ، ئويلاپ كۆرۈڭچۇ ! ئۇ ۋاشىنگتونغا — ئاشۇ يىراق جايغا كېتىدۇ . ئۇنىڭ دادىسى ھەم ئاپىسى — ئۇلار ئەمدى بۇنداق رىيازەت چېكىپ يۈرۈۋەرمەيدۇ . يەنە باش بىلەن مادامۇ بار تېخى . . . ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇلارغا نۇرغۇن جەھەتتىن ياردەم قىلالايدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرۈۋىدى ، ئىختىيارسىز ۋۇجۇدىنى خۇشاللىق تۇيغۇسى چۇلغىۋالدى .

خېلى بىر مەنزىل يۈرگەندىن كېيىن ، ئۇ براندنى توختاتتى ، براند ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ ، تاكى ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغىچە بىللە كەلدى ھەم ئۇ ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئۇيان - بۇياننى كۆزىتىپ بولغۇچە قاراپ تۇردى . جېنىنى پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسىگىنىچە پەلەمپەيگە چىقىپ ، ئىشىكنى ئىتتىرىپ بېقىۋىدى ، ئىشىك ئوچۇق ئىكەن . ئۇ بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ، ئاشىقىغا ئۆزىنىڭ بەختەرلىكىدىن بېشارەت بېرىپ قويۇپ ، غىپپىدە قىلىپ ئۆيگە كىرىۋالدى . ئۆينىڭ ئىچى تىمتاس ئىدى . ئۇ تىنۇش چىقارماي ئۆزى ياتىدىغان ھۇجرىغا ئۆتتى ، ۋېرونىكا پۇشۇلداپ بىر تاتلىق ئۇخلاۋاتقانىدى . ئۇ يەنە شىپىرلاپ باس بىلەن گېئورگى ئۇخلاۋاتقان جايغا باردى ، باس تېخى ئۇخلىماي كارىۋىتىدا ئۆرە ئولتۇرغانىدى ، جېنىنى قېشىغا بارغاندا :

— سەنمىدىڭ ، جىننى ؟ — دەپ سورىدى .
— ھەئە ، مەن .
— نەگە بارغانتىڭ ؟
— گېپىمگە قۇلاق سال ، — دېدى ئۇ شىۋىرلاپ ، — دادام بىلەن ئاپامنى كۆردۈڭمۇ ؟
— كۆردۈم .
— ئۇلار مېنىڭ چىقىپ كەتكىنىمنى بىلدىمۇ ؟
— ئاپام بىلدى . ئۇ ماڭا سېنىڭ گېپىڭنى چىقارماسلىقىمنى ئېيتتى . نەگە بېرىپ كەلدىڭ ؟
— مەن سېنىڭ ئىشىڭنى دەپ ، كېڭەش ئەزاسى براندنى ئىزدەپ بارغانىدىم .
— ھە ، ئەسلىدە مۇنداق ئىكەن ـ دە ، ئۇلار مېنى نېمىشقا قويۇپ بېرىشكىنىنى پەقەت ئېيتمىغانىدى .
— ھېچكىمگە تىنمىغىن جۇمۇ ، — دېدى جېننى يالۋۇرۇپ ، — بۇنى ھېچكىم بىلمىسۇن . دادامنىڭ ئۇنىڭغا تۇتقان مۇئامىلىسىنىڭ قانداقلىقىنى ئۆزۈڭ بىلىسەن .
— ماقۇل ئەمىسە ، — دېدى ئاكىسى ، ئەمما يەنە ھېلىقى سابىق كېڭەش ئەزاسىنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ، ئۆزىنى قانداق قۇتقۇزۇپ چىققانلىقىنى ھەم جېنىنىنىڭ ئۇنىڭغا يالۋۇرغان چېغىدىكى ئەھۋاللارنى ھەدەپ سوراۋەردى . جېننى ئۇنىڭغا قىسقىچىلا سۆزلەپ بېرىۋاتقانىدى ، ئاپىسىنىڭ ئىشىك ئالدىغا كەلگەن تىۋىشى ئاڭلاندى .
— جېننى ، — دەپ چاقىردى ئۇ پەس ئاۋازدا .
جېننى ئىشىك ئالدىغا باردى .
— ھەي ، ئۇ يەرگە نېمىشقا باردىڭ ؟ — دەپ سورىدى ئاپىسى .
— باشقا ئىلاجىم بولمىدى ، — دېدى ئۇ ، — مەنمۇ ئاز ـ تولا كۆچ چىقارماقچى بولۇۋىدىم .
— ئۇنداق بولسا نېمانچە ئۇزاق ھايالشىپ قالدىڭ ؟

— ئۇ كىشى مەن بىلەن پاراڭلىشمەن دېسە ، — دېدى ئۇ گەپتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ .

ئاپىسى قاتتىق ئەنسىزلىك ئىچىدە ، چىرايى تاتارغان ھالدا ئۇنىڭغا تىكىلدى .

— قارا سېنى ، مېنى ئەنسىرىتىپ جېنىمنى قويمىدىڭ ! داداڭ سەن ياتىدىغان ئۆيگە كىرىپ قاراپ چىقتى ، مەن سېنى ئۇخلاپ قالدى دېيۋىدىم ، ئۇ بىرىپ ئىشىكنى قۇلۇپلاپ قويدى ، مەن يەنە قۇلۇپنى ئېچىپ قويدۇم . باش قايتىپ كەلگەندە ، ئۇ ماڭا سېنى قىچقار دېيۋىدى ، مەن ئۇنىڭغا : ئەتە بولۇپ باقسۇن ، دېدىم .

ئۇ يەنە خاتىرجەمسىزلىك بىلەن قىزىغا قاراپ قويدى .

— مەندىن ئەنسىرىمەڭ ، — دېدى جېننى تەسەللى بەرگەن مەندە ، — ئەتە سىزگە ھەممە گەپنى دەپ بېرىمەن . بېرىپ ئۇخلاڭا ، دادام باسنى قانداق قىلىپ يېنىپ چىقتى ، دەپ ئويلاپ قاپتۇ ؟

— ئۇ تېخى ئۇقمايدۇ . باسنىڭ پۇلى يوقلۇقىنى كۆرۈپ قويۇۋەتكەن ، دەپ ئويلاپ قاپتۇ .

جېننى مېھرىبانلىق بىلەن ئاپىسىنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويدى .

— ئەمدى ئۇخلاڭ ، — دېدى ئۇ .

ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى ئوي - پىكرى ۋە قىلمىقلىرى بەئەينى ئۇزاقتىن بېرى پىشىپ قاق بولۇپ كەتكەن ئادەمنىڭكىگە ئوخشايتتى ، ئۇ خۇددى ئۆزىگە مەدەت بەرگەنگە ئوخشاش ، ئاپىسىغا مەدەت بېرىش زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلماقتا ئىدى .

شۇنىڭدىن كېيىنكى بىرنەچچە كۈن ئىچىدە ، جېننى گويا چۈش كۆرۈۋاتقاندەك خاراموش ھالەتتە يۈردى . ھېلىقى كومېدىيىگە ئوخشاش ئىشنى خىيال ئېكرانىدىن قايتا - قايتا ئۆتكۈزۈپ چىقتى . ئاپىسىغا ، كېچە ئەزاسىنىڭ تويىنىڭ گېپىنى يەنە تىلغا ئالغانلىقىنى ، ۋاشىنگتونغا بېرىپ كەلگەندىن كېيىن ئۆزى بىلەن توي قىلىدىغانلىقىنى ، ئۆزىگە يۈز دوللار پۇل بەرگەنلىكىنى ،

بۇنىڭدىن كېيىن يەنە بەرمەكچى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى ، بۇ سۆزلەرنى ئېيتماق ئۇنىڭغا ئانچە قىيىن كەلمىدى ، لېكىنزە باشقا بىر ئىشنى ، ھېلىقى مۇھىم بىر ئىشنى ئېيتىشقا ئۇنىڭ جۈرئىتى يەتمىدى . چۈنكى بۇ ئىش تولىمۇ مۇقەددەس ئىش ئىدى ـ دە . براند ئۇنىڭغا يەنە پۇل بېرىمەن دەپ لەۋز قىلغانىدى ، ئەتىسىلا بىرەيلەندىن تۆت يۈز دوللار ئەۋەتىپ بەردى ، يەنە ئۇنىڭغا پۇلنى مۇشۇ شەھەردىكى بانكىغا ئامانەت قويۇش ھەققىدە نەسىھەت قىلىپ گەپ ئەۋەتىپتۇ . ئۇ خېتىدە ، ئۆزىنىڭ ۋاشىنگتونغا بېرىشقا تەرەددۇت قىلىپ بولغانلىقىنى ، بىراق يەنە قايتىپ كېلىدىغانلىقى ياكى بولمىسا ئەلچى ئەۋەتىپ ئۇنى ئۆز يېنىغا ئالدۇرۇۋالىدىغانلىقىنى يېزىپتۇ ، ئاندىن ، سىز خاۋاتىر بولماڭ . تېخىمۇ ياخشى كۈنلەر ئالدىڭىزدا جۇمۇ ، دەپتۇ .

براند كەتتى ، جېننىنىڭ تەقدىرى يېشىلمىگەن سىر بولۇپ قېلىۋەردى . بىراق ئۇنىڭ يۈرىكىدە ياشلىق دەۋرىگە خاس گۆدەكلىك ۋە بىغۇبارلىقنىڭ ئىزلىرى ھېلىھەم ئۆچمىگەن ؛ سىلىق ـ سىپايىلىك ۋە ئويچان پوزىتسىيە ئۇنىڭ يۇرۇش ـ تۇرۇشىدىكى بىردىنبىر تاشقى ئۆزگىرىش ئىدى . ئۇ براندنىڭ چوقۇم كېلىپ ئۆزىنى ئەكېتىدىغىنىغا ئىشىنەتتى . ئۇنىڭ كۆڭۈل سەھنىسىدە پەقەت يىراقتىكى غايىبانە ۋە ئاجايىپ ـ غارايىپ مەنزىرىلا ئەگىپ يۈرەتتى . ئۇنىڭ بانكىدا ئاز ـ تولا مەبلىغى بار بولدى ، بۇ سان ئۇنىڭ ئىلگىرى ئارزۇ قىلغىنىدىنمۇ كۆپ ، مۇشۇنىڭ بىلەن ئاپىسىنىڭ دەردىگە دەرمان بولالايدۇ . قىزلاردا تەبىئىي مەۋجۇت بولغان ياخشىلىققا جورۇش ئىستىكى ئۇنىڭ قەلبىدىن ھېلىھەم ئورۇن ئالغانىدى ، شۇڭا ، ئۇ ئەندىشە قىلىشقا تېگىشلىك يەردىنمۇ ئانچە ئەندىشە قىلىپ كەتمىدى . تەبىئەت دۇنياسى ھەم كىشىلىك ھاياتتا ، تەقدىرنىڭ ئېھتىماللىقى تارازىنىڭ ئۈستىدە ئىكەنلىكىنى كىم بىلسۇن ، ئۇ تارازىنىڭ ياخشى تەرىپىدە تۇرۇپ قېلىشىمۇ ، يامان تەرىپىدە تۇرۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن ، بۇنداق تەجرىبىسىز جان ئىگىسىنىڭ ئەھۋال تامامەن يامان تەرەپكە

يۈزلەنگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ يامان بولۇۋاتقىنىنى ھېس قىلىپ يېتەلىشى ناتايىن.

مانا مۇشۇنداق قىلچە ئىشەنچسىز ئەھۋالدا، بىر ئادەمنىڭ يەنىلا مۇشۇنداق بىرقەدەر تىنچ كەيپىياتنى ساقلاپ قالالىشى ھېچ چۈشىنىپ يەتكىلى بولمايدىغان بىر ھال. مېنىڭچە، بۇنىڭ سەۋەبىنى ياشلىق روھىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھېلىقىدەك تۇغما ئىشىنىشچانلىقتىنلا ئاختۇرۇپ كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ. كىشىلەرنىڭ قەلبىدە ياشلىق دەۋرىدىكى تۇيغۇلارنىڭ داۋاملىق ساقلىنىپ قالالىشى ناتايىن. ھالبۇكى، ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان يېرى، بەزىلەرنىڭ ئۇنى ساقلاپ قالالىغانلىقىدا ئەمەس، ئەكسىچە بەزىلەرنىڭ ئۇنى ئۆزىدىن تەرك قىلماقچى بولغانلىقىدا. سىز جاھان سەۋدالىرىنى بېشىڭىزدىن كەچۈرگەن بولسىڭىزمۇ، ياشلىق دەۋرىدىكى ھەيرانلىق ۋە تۇيغۇنلۇقنى بىراقلا تەرك ئەتسىڭىز، ئۇنداقتا قالغىنى يەنە نېمىدىن ئىبارەت دەيسىز؟ بەزى چاغلاردا سىزنىڭ ماتېرىيالىزم قۇملۇقىڭىزغا بېسىپ كىرگەن ئارا - سىرە يېشىل شاخچىلار، قەھرىتان سوغۇقنىڭ ئەرۋاھىغا ئاز - تولا دارىپ ئۆتكەن كۆزلەرگە غىل - پاللا چېلىقىپ قالغان بىرە - سىرە ياز مەنزىرىسى، كىشىنى بىزار قىلىدىغان توپا قېزىش ئەمگىكىدىن كېيىنكى يېرىم سائەتلىك ھاردۇق ئېلىش — ئومۇمەن مۇشۇلار ئاشۇ قېتىپ كەتكەن توپىنىڭ ھەلەكچىلىكىدە بولۇپ يۈرگۈچىلەرنىڭ ياشلىق قەلبىگە مايىل بولغان ئاشۇ ئالەمنى زاھىر قىلىپ بېرىدۇ. ۋەھىمىسىزلىك ۋە مېھىرسىزلىك؛ بىپايان دالا ھەم تاغ ئۈستىدىكى يورۇقلۇق؛ تاڭ سەھەر، چىڭقىچۈش، يېرىم كېچە؛ يۇلتۇزلارنىڭ شولىسى، قۇشلارنىڭ تىلى، سۇلارنىڭ شارقىرىغان ئاۋازى — ئومۇمەن مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى بالىلار قەلبىنىڭ تەبئىي مىراسلىرىدۇر. كىشىلەر ئۇنى پوئېزىيە دەپ ئاتىشىدۇ، كاللىسى قاتاللىشىپ قالغانلار بولسا، ئۇنىڭغا شېرىن خىيال، دەپ ئات قويۇشىدۇ. ئۇلار ياشلىق كۆڭلىرىنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقىنىدا، بۇلارنى تەبئىي

ھال دەپ قارىغان بولسا، ياشلىق تۇيغۇسىدىن ئايرىلغاندا، ئۇلارنىڭ كۆزىگە بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى كۆرۈنمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ.

مۇشۇلارنىڭ جېنىنىڭ ئەمەلىيىتىدە ئوينىغان رولىنى ئۇنىڭ سەل - پەل كۆچىيىپ قالغان ئويچان ھالىتىدىنلا كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. ئۇنىڭ ھەربىر يۈرۈش - تۇرۇشى مۇشۇنداق روھىي ھالىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ تۇراتتى. بەزى چاغلاردا ئۇ خەت كەلمەيۋاتقىنىدىن ئەجەبسىنىپ قالاتتىيۇ، يەنە تۇرۇپلا بىراندىنىڭ «بىرنەچچە ھەپتە كۈتۈپ تۇرۇڭ» دېگەن سۆزىنى ئېسىگە ئالاتتى، شۇ تەرىقىدە، ئۆتۈپ كەتكەن ئالتە ھەپتە ۋاقىت ئۇنىڭغا ھېچقانچە ئۇزاق بىلىنمىدى.

مۇشۇ مەزگىلدە، ھېلىقى مەشھۇر سابىق كېڭەش ئەزاسى خۇشال ھېسلار ئىچىدە پرېزىدېنتنىڭ ھۇزۇرىغا سالامغا باردى، بىر ئەربابنى زىيارەت قىلدى، ئەمدى مېرىلېبىندتىكى بىر يېزىغا بېرىپ، ئۇ يەردە بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ دوست - يارەنلىرىنى يوقلاپ كەلمەكچى بولۇپ تۇرۇشىغا، قېرىشقاندەك ئىسسىتمىسى ئۆرلەپ كېتىپ، ئۆيدە بېكىنىپ قالدى. بۇنىڭغا ئىچى پۇشۇپ تۇرۇۋىدى، ئارقىدىنلا رەسمىي ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قېلىپ، تېخىمۇ تىت - تىت بولۇپ كەتتى. بۇ كېسەلنىڭ بۇنچىۋالا ئەدەپ كېتىشىنى كىم بىلسۇن. كېيىن دوختۇر ئۇنىڭ كېسىلىنىڭ يامان سۇپەتلىك كېزىك كېسىلى ئىكەنلىكىنى بىلدى. كېسىلى قۇترىغان ۋاقىتتا، ئۇ بىرمەھەل سېزىمىنى يوقىتىپ، ناھايىتى زەئىپلىشىپ كەتتى. كېيىن ھەممەيلەن ئۇنى ئەمدى ساقىيىپ كېتىدۇ، دەپ ئويلىغانىدى، كىم بىلسۇن، ئۇ جېنىنى بىلەن خەيرلەشكەندىن كېيىنكى ئالتىنچى ھەپتىدە، ئۇشتۇمتۇت يۈرەك پالەچلىنىش كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، سېزىمىنى ئەبەدىي يوقاتتى. جېنىنى ھېلىمۇ ياخشى ئۇنىڭ كېسەل بولۇپ قالغىنىدىن زادىلا خەۋەر تاپمىغان، گېزىتكە ئۇنىڭ ۋاپاتى توغرۇلۇق بېسىلغان چوڭ خەتلىك سەرلەۋھىنىمۇ كۆرمىگەنىدى، شۇ كۈنى كەچتە، باش ئۆيگە قايتىپ

كېلىپ ئۇنىڭغا گېزىتنى كۆرسەتتى .
— بۇنىڭغا قارا ، جېننى ، — دېدى ئۇ ھاياجانلانغان ھالدا ، — براند ۋاپات بوپتۇ !
ئۇنىڭ قولىدىكى گېزىتنىڭ بىرىنچى بېتىدىكى باش ئىستونغا مۇنۇ خەتلەر بېسىلغانىدى :

«سابىق كېڭەش ئەزاسى براند جانابلىرى ئالەمدىن ئۆتتى .
ئوھىئونىڭ داڭدار ئەربابى ئۇشتۇمتۇت قازا قىلدى .
ئۇ يۈرەك پالەچلىنىش كېسىلى بىلەن ۋاشىنگتوندىكى ئالىنگتون دوختۇرخانىسىدا جان ئۈزدى ، مەزكۇر جاناب يېقىندىن بېرى كېزىك كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ، دوختۇرلار ئۇنى ساقىيىپ كېتىدۇ دەپ قاراشقانىدى ، ئەمما كېسەل غالىب كەلدى ، جانابىنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىسىنىڭ ئالاھىدە ئىكەنلىكىگە قاراپ...»

جېننى كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە :
— ۋاپات بوپتۇ ؟ — دەپ ۋارقىرىۋەتتى .
— گېزىتتە بېسىلىپتۇغۇ ، — دېدى باس گويا قىزىقارلىق بىر خەۋەرنى يەتكۈزۈۋاتقاندەك ئاھاڭدا ، — ئۇ بۈگۈن ئەتىگەن سائەت ئوندا جان ئۈزۈپتۇ .

## 9

جېننى ۋۇجۇدىدىكى تىترەكنى باسالمىغان ھالدا ، گېزىتنى شارتتىدە تارتىۋېلىپ ياندىكى ھۇجرىغا كىرىپ كەتتى . دېرىزە ئالدىدا ئۆرە تۇرغان پېتى ئۇنى يەنە بىر مەرتەم ئوقۇپ چىقتى . بىر خىل ۋەھىمە تۇيغۇسى ئۇنى مۇگدەتكەندەك بولدى .
«ئۇ تۇگەپ كېتىپتۇ .» بۇ ئۇنىڭ شۇ چاغدا كاللىسىدا پەيدا



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

بولغان بىردىنبىر ئۇقۇم ئىدى ، قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپ قالغان چېغىدا ، يان ئۆيدىكى باسنىڭ گېرخاردتقا بۇ ئىشنى سۆزلەپ بېرىۋاتقىنى ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ تۇردى . باسنىڭ «شۇنداق ، ئۇ قازا قىپتۇ» دېگىنىنىمۇ ئاڭلىدى ؛ ئۇ ئەمدى يېڭىباشتىن بۇ ئىشنىڭ ئۆزىگە ئاڭلاتقان مەنىسىدىن بىر ئۇقۇمنى ھاسىل قىلىشقا تىرىشىپ باقتىيۇ ، ئەمما ھېچبىر نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى .

بىرپەستىن كېيىن ، ئاپىسى قېشىغا كىردى . ئۇ ، باستىن ئاڭلاپ بولغان ھەمدە جېنىنىنىڭ ئۆيدىن چىقىپ كېتىۋاتقىنىنىمۇ كۆرگەن ، بىراق جېنىنىنىڭ ئاشۇ كېچەش ئەزاسىنى دەپ ، دادىسى بىلەن بىرمۇنچە ئېيتىشىپ قالغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ ، ئۆز ھېسسىياتىنى ئاشكارىلاشتىن ئېھتىيات قىلغانىدى . ئۇ شۇ تاپتا ھەقىقىي ئەھۋالنى ئانچە ئېنىق بىلمىسىمۇ ، جېنىنىنىڭ ئۆز ئۇمىدىنىڭ بۇنداق ئۇشتۇمتۇت بەربات بولۇشىغا قانداق قارايدىغانلىقىنى بىلىپ باقماقچى بولدى .

— نېمىدېگەن پالاكەتچىلىك ! — دېدى ئۇ ئىچ - ئىچىدىن قايغۇرۇپ ، — ئەجەب بىر ئىش بولدىغۇ بۇ ، ئۇ تېخى ساق ، بىرگە قولىدىن كېلىشىچە ئاتىدارچىلىق قىلماقچى بولغان چېغىدا ئۆلۈپ كەتكىنىنى قارىمامدىغان .

ئۇ گېپىنى دەررۇ توختىتىپ ، گېپىنى ماقۇللىغان بىرەر سۆزنى تەمە قىلىپ تۇرۇپ قالدى . ئەمما جېنىنى گويا ئېسىنى يوقاتقاندەك بولۇپ ، لام - جىم دېمەي تۇرىۋەردى .

— شۇ تاپتا مېنىڭمۇ كۆڭلۈم يېرىم ، — دېدى ئاپىسى ، — ئەمما بۇنىڭغا نېمە ئىلاج . ئۇ بىزگە ياخشى نىيەتتە بولۇپ كەلگەن ، شۇنداق بولسىمۇ ئەمدى ئۇنى خىيال قىلىۋېرىشنىڭ ھاجىتى يوق . ئەمدى جىمى ئىش تۈگىدى . بۇنىڭغا ئامال يوقلۇقىنى ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن .

ئۇ يەنە گېپىنى توختىتىۋالدى . جېنىنى بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي ، قېتىپ قالغاندەك تۇراتتى . ئاپىسى ئۆزىنىڭ گېپىنىڭ ھېچقانداق ئۈنۈم بەرمەيۋاتقىنىنى ، جېنىنىڭ يالغۇز قالغۇسى

كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ چىقىپ كەتتى.

جېنىنى يەنىلا شۇ بايىقى جايىدا قېقىپ قويغان قورۇقتەك تۇرىۋەردى. ھېلىقى خەۋەرنىڭ ھەقىقىي مەنىسى ئەمدى ئۇنىڭ كاللىسىدا بارا ـ بارا شەكىللەنمەكتە. ئۆز ئەھۋالىنىڭ ئېچىنىشلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يېتىشى بىلەنلا، ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئۈمىد زەنجىرى ئۈزۈلۈشكە باشلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا قايتىپ كىرىپ، كارىۋاتنىڭ قىرىدا ئولتۇرۇۋېدى، ئۇدۇلدىكى كىچىك ئەينەكتىن بەك تاتىرىپ كەتكەن ھەم ساراسىمە ئالامىتى قاپلىغان بىر چىرايىنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ قاراپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ ئالاقزادىلىككە چۆمگەن ھالدا ئاشۇ چىرايغا تىكىلدى: ئەجەبا، بۇ راستىنلا ئۆزىنىڭ چىرايىمىدۇ؟ «ئەمدى بېشىمنى بىر ياققا ئېلىپ كەتمىسەم بولمىدى.» مۇشۇ ئوي كاللىسىغا كەچكەندىن كېيىن، ئۇ ھېلىقىدەك ئۈمىدسىز غەيرىتى بىلەن، ئۆزىنى قەيەرگە ئېلىپ قېچىشنىڭ پىلانىنى ئويلاپ باقتى.

شۇ ئەسنادا، سىرتتىن غىزاغا چاقىرىپ قېلىشتى، ئۇ ئۆز خىياللىرىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن، چاندۇرماي ھۇجرىسىدىن چىقىپ، كۆپچىلىك بىلەن بىللە غىزاغا ئولتۇردى؛ بىراق ئۇنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇش جەھەتتىكى تەبىئىيلىكىنى ساقلاپ قېلىشى ئوڭاي ئەمەس ئىدى. گېرخاردت ئۇنىڭ ئۆزىنى زورىغا بېسىپ ئولتۇرۇۋاتقىنىنى سەزدىيۇ، لېكىن ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ ئىچكىرىسىدە نېمە ئىشلار روي بېرىۋاتقىنىنى پەملىيەلمىدى. باسچۇ، ئۇ پەقەت ئۆزىنىڭ كويىدىلا بولغاچقا، ئۇنىڭ بىراۋنىڭ ئىشىغا دىققەت قىلغۇدەك چولىسى يوق ئىدى.

ئۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلەردە، جېنىنى ئۆز ئەھۋالىنىڭ چاتاق ئىكەنلىكىنى ئويلاپلا يۈرگەن بولسىمۇ، ھېچقانداق بىرەر چارىنى تاپالمىدى. ئۇنىڭ پۇلى بار، ئەمما دوستى يوق، تەجرىبىسى يوق، بارىدىغان يېرىمۇ يوق ئىدى. ئۇ ئەزەلدىن ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىرگە ياشاپ كەلگەن ئىدى ـ دە. ئۇ ئۆزىنىڭ روھىي جەھەتتە بارغانسېرى بوشىشىپ كېتىۋاتقىنىنى سەزمەكتە، ئېيتقۇسىز

ۋەھمە ئۇنى چۇلغىۋالغان ، ئۇنىڭغا چىرمىشىۋالغانىدى . بىر كۈنى ئەتىگىنى ئورنىدىن تۇرۇۋاتقىنىدا ئۇنى ئىختىيارسىز يىغا تۇتتى . كېيىن مۇشۇنداق تۇيغۇ ھەمىشە بىئەپ بىر چاغلاردا ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىدىغان بولۇپ قالدى . ئۇنىڭ بۇ خىل كەيپىياتى ئاپىسىنىڭ دىققەت نەزىرىدىن خالىي بولالمىدى ، بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن ، ئۇ قىزىدىن ئوچۇق گەپ ئېلىش قارارىغا كەلدى .

— ماڭا ھازىر ئۆزۈڭنىڭ خىيالىدىكىنى ئېيتىپ بەر ، — دېدى ئۇ ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن ، — جېنىنى ، مەيلى قانداق ئىش يۈز بەرگەن بولسىمۇ ، ئۆز ئاناڭدىن سىر تۇتماسلىقىڭ كېرەك .

جېنىنغا ئۆز ئاغزى بىلەن ئىقرار قىلىش ئوڭاي ئەمەس ئىدى ، بىراق ئاپىسى كۆيۈمچانلىق بىلەن سوراۋەرگەندىكىن ، ناھايەت ھېلىقى قورقۇنچلۇق ئىشنى دەۋەتتى . ئاپىسى گەپنىڭ تېگىگە يېتىپ ، قورققىنىدىن كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە ، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالماي تۇرۇپ قالدى .

— ئەستاغپۇرۇللا ، — مۇشۇ گەپنى قىلغىنىدا ، ئۆزىنى ئۆزى ئەيىبلەش تۇيغۇسى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى لەرزىگە كەلتۈرۈۋەتتى ، — بۇنىڭ ھەممىسى ئۆزۈمدىن كەتكەن ، مېنىڭ بىخەستەلىكىمدىن بولغان ئىش . ئەمدى بۇنىڭغا ئامال قىلىشىمىز كېرەك ، — شۇنداق دېدىيۇ ، ئۆزىنى باسالماي ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى .

بىردەمدىن كېيىن ، ئۇ كىر يۇغىلى چىقىپ كەتتى ، داسقا ئېڭىشىپ كىرنى ئۇۋۇلىغاچ يىغلاۋەردى ، كۆز ياشلىرى ئېڭىكىنى بويلاپ ئاققىنىچە داستىكى سوپۇن سۇيىگە ئارىلىشىپ كېتەتتى . كىرنى نەچچە تاشلاپ قويۇپ ، پەرتۇقى بىلەن كۆزلىرىنى ئېرتتى ، ئەمما ئۇياقتىن ئېرتسا ، بۇياقتىن چاناقلىرى يەنە ياشقا تولۇپ كېتەتتى .

بىرىنچى دولقۇن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ، كۆز ئالدىدىكى خەۋپ - خەتەر روشەن بىلىنگىلى تۇردى . ئەگەر گېرخاردت ئۇقۇپ قالسا قانداق قىلىش كېرەك ؟ ئۇ ، ئەگەر قىزلىرىنىڭ ئىچىدە قايسىبىرىنىڭ خەقلەر سۆز - چۆچەك قىلىشىپ يۈرگەن قىزلارنىڭ

قىلىقىنى قىلغانلىقىنى بىلىپ قالىدىغان بولسا ، ئۇنى ئۆيدىن ھەيدەپ چىقىرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ، «ئۇنداق بالىنىڭ مېنىڭ ئۆيۈمدە تۇرۇشىغا يول قويمايمەن !» دېگەنىدى .

— مەن داداڭدىن قورقۇۋاتىمەن ، — مۇشۇ كۈنلەردە گېرخاردتنىڭ ئائىلە جېنىنىغا دائىم شۇنداق دەيتتى ، — ئۇنىڭ قانداق قىلىدىغىنى ماڭا قاراڭغۇ .

— بەلكىم ئۆزۈمنى ئۆزۈم سوراپلا ئۆيدىن چىقىپ كەتكىنىم تۈزۈكتۇ ، — دېدى جېننى مەسلىھەت سېلىپ .

— بولمايدۇ ، — دېدى ئاپىسى ، — ئۇ بىر مەزگىل بىلمەي يۈرۈشۈپ يۈرىدۇ ، كېيىنچە بىر گەپ بولۇپ قالار ، — ئۇ ئاغزىدا شۇنداق دېگىنى بىلەن ، كۆڭلىدە بالا - قازانىڭ بۇرۇنىغا پۇراپ تۇرۇۋاتقىنىنى تۇيۇپ تۇراتتى .

بىر كۈنى ، ئۇ ئىشنىڭ بارغانسېرى جىددىي تۈس ئېلىۋاتقىنىنى ، ئۆزىنىڭمۇ سەل چاندۇرۇپ قويۇۋاتقىنىنى سېزىپ ، جېننى ھەم باشقا بالىلىرىنى سىرتقا چىقىرىۋەتتى - دە ، بىر پەيتنى تېپىپ ، ئېرىگە ئەھۋالنى ئېنىق ئېيتماقچى بولدى . شۇ كۈنى چۈشتىن ئىلگىرى گەپنى ئاچالماي ئۆينىڭ ئىچىدە بىكاردىن - بىكار ئۇياقتىن - بۇياققا پىرقىراپ يۈردى ، ئاخىر ئېرىنى ھۇجرىسىغا ئەكىرىپ ئۇخلىتىپ قويدى . چۈشتىن كېيىن ، سىرتقا ئىشلىگىلى چىقمىدى ، چۈنكى گەرچە كۆڭلىدە ھەرقانچە ئازابلانغىنى بىلەنمۇ ، بويىنىدىكى قەرزنى ئادا قىلمىسا بولمايتتى . گېرخاردت سائەت تۆتتە ئويغىنىپ تۇردى . ئائىلە جېنىنىنىڭ ھېلىلا قايتىپ كېلىپ قالىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ ، ئۆزى ئالايىتەن ئورۇنلاشتۇرغان بۇ پۇرسەتنىڭ بوشقا كېتىپ قېلىش ئېھتىمالى كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ ، دېلىغول بولۇپ تۇرۇپ قالدى . ناۋادا ، ئېرى جېنىنىڭ رەڭگىرويى يېقىندىن بۇيان ئوساللىشىپ كېتىۋاتقىنىنى توغرۇلۇق گەپ ئاچمىغان بولسا ، ئۇنىڭ ئۆزى ئاۋۋال گەپ قىلىشقا زادىلا جۈرئەت قىلالمىغان بولاتتى .

— ئۇنىڭ يېقىنىنقىياقى چىرايى بۆلەكچىلا بولۇپ

قىلىۋاتىدۇ ، — دېدى ئېرى ، — بىرەر سەۋەب بارمۇ ، نېمە ؟

گېرخاردتنىڭ ئايالى ئۆزىدىكى ۋەھىمىنى يېڭىش ئۈچۈن خېلىلا كۈچەپ باقتى ، ئاخىر «مەيلى نېمە بولسا بولسۇن ، ئىشنى ئەمدى كەينىگە سۈرەۋەرمەي» دېگەن پىكىرگە كېلىپ ، گەپنى باشلىدى :

— قارىماسىز ، جېنىنىڭ ئىشى چاتاق . مەن نېمە قىلارىمنى بىلەلمەيلا قالدىم . ئۇ . . .

گېرخاردت قولىدا بىر قۇلۇپنى ئۆرۈپ - چۆرۈپ ، ئويغىشىغلى ئەمدى تۇتۇنغانىدى ، بۇ گەپنى ئاڭلاپ ، شاققىدە بېشىنى كۆتۈردى .

— بۇ نېمە گەپ ؟ — دەپ سورىدى ئۇ .

ئايالى قولىدىكى پەرتۇقىنى ھەدەپ مىجىقلايتتى ، پۈتۈن غەيرىتىنى ئىشقا سېلىپ بۇ گەپنى چۈشەندۈرمەكچى بولۇۋىدى ، بىراق يۈرىكىنى ۋەھىمە چىرمىۋالغانلىقتىن ، گەپ قىلىشقا رىغبىتى بارماي ، پەرتۇقى بىلەن كۆزلىرىنى توسۇپ ، مىشىلداپ يىغلاشقا باشلىدى .

گېرخاردت ئۇنىڭغا قادالغىنىچە ، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كەتتى . ئۇ تېگىدىن سۇرلۇك ، ياغاق يۈزلۈك ئادەم ئىدى ، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ، يەنە كېلىپ دائىم بوران - چاپقۇنلاردا ئىشلەپ كەلگەچكە ، تېرىسىنىڭ رەڭگى خۇنۇكلىشىپ قالغانىدى . ھەر دورەم بىرەر ئىشتىن چۆچۈگەن ياكى ئاچچىقلانغان چېغىدا ، كۆزلىرىدىن ئوت يېنىپ كېتەتتى . قەھر - غەزىپى تۇتقان چاغلاردىغۇ ، چېچىنى جەھلى بىلەن ئارقىغا سىلىكىۋېتىپ ، ئىككى پۇتىنى قويارغا يەر تاپالماي قالاتتى . شۇ تاپتا ئۇ ھوشيارلىنىپ ، چىرايى قورقۇنچلۇق تۈس ئېلىشقا باشلىدى .

— نېمىلەرنى دەۋاتىسىز ؟ — سورىدى ئۇ نېمىسچە قاتتىقراق ئاۋازدا ، — چاتاق . . . چاتاقنى كىم . . . — ئۇ بىردىنلا گېپىنى توختىتىپ ، قولىنى شىلتىدى ، — ماڭا نېمىشقا بالدۇرراق ئېيتمىدىڭىز ؟

ئايالى گەرچە ساراسىمىگە چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ، يەنە گەپنىڭ نۆۋىتىنى ئۆتكۈزۈۋەتمەي:

— ئۇنىڭ بۇنداق ئىشقا يولۇقۇپ قېلىشىنى مەنمۇ زادىلا ئويلىمىغانىكەنمەن. ئەجەبمۇ ياخشى بالا ئىدى ئۇ، ئاھ پەرۋەردىگار! ئۇنىڭ قىزىمىزنى نابۇت قىلىدىغانلىقى خىيالىمغىمۇ كىرىپ چىقمىغانىدى، — دېدى.

— خوپ بولدىمۇ ئەمدى، — گېرخاردت غەزىپىنى باسالماي ۋارقىرىۋەتتى، — مۇشۇنداق بولۇشىنى بۇرۇنلا پەرەز قىلغانىدىم! براند! توفىي! ئەنە سىلەرنىڭ ياخشى ئادىمىڭلار! بۇ قىزىڭىزنى كېچىلەپ تالادىن كىرمەي تاماشا قىلىپ يۈرۈشكە قويۇپ بېرىۋەرگىنىڭىزنىڭ كاساپىتى. ئاخىر مېنىڭ ئويلىغىنىمدەك بولدى، يا پەرۋەردىگار! . . .

ئۇ خۇددى قەپەستىكى يىرتقۇچ هايۋاندەك، تار ئۆيىنىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى.

— تۇگەشتى! — چۇقان سالدى ئۇ، — تۇگەشتى! هەي! ئۇ قىزىمىزنى نابۇت قىلدى، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

ئۇ توساتتىن، خۇددى نوختىسىنى تارتىپ قويغان ياغاچ قورچاقتەك، چىپپىدە توختاپ قالدى ـ دە، ئايالىنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ باردى. ئايالى بۇ چاغدا تامغا تىرەپ قويۇلغان ئۇستەلنىڭ قېشىغا بېرىۋالغانىدى، قورقۇپ كەتكىنىدىن، يۈزى تاتارغان هالدا مۆلدۈرلەپ قاراپ تۇراتتى.

— ئۇ ئۆلدى! — ئۇ گويا بۇ ئىشنى ئەمدى بىلىۋاتقاندەك ۋارقىرىۋەتتى، — ئۇ ئۆلۈپ كەتتىغۇ!

ئۇ گويا مېڭىسىنىڭ پارتلاپ كېتىشىدىن قورققاندەك، ئىككى قولى بىلەن چېكىسىنى قاماللىۋالدى، ئاندىن ئايالىغا غەزەپلىك چەكچەيدى.

«ئۆلدى!» ئۇ بۇ سۆزنى يەنە بىر مەرتەم تەكرارلىۋىدى، ئايالى قورققىنىدىن شۈمشىيىپ كەتتى، ئۇنىڭ بۇ چاغدىكى ئەقىل ـ ئىدراكى ئېرىنىڭ قايغۇ ـ ھەسرىتىنىڭ ماھىيىتىگە

ئەمەس ، بەلكى كۆز ئالدىدا ئويىنلىۋاتقان مۇنۇ تراگېدىيىگە تاقابىل تۇرۇشقا ئىشلەپ قالدى .

— ئۇ قىزىمىزنى ياخشى كۆرەتتى ، — دېدى ئۇ ئالاقزادىلىك بىلەن ، — ئەگەر ئۆلۈپ كەتمىگەن بولسا ، بۇ چاغقىچە قىزىمىز بىلەن توي قىلغان بولاتتى .

— بۇ چاغقىچە ! — گېرخاردت ئايالىنىڭ گېپىنى ئاڭلىشى بىلەنلا ، گويا ئۇيقۇدىن چۆچۈپ ئويغانغاندەك ئەندىكىپ چۇقان كۆتۈردى ، — بۇ چاغقىچىمىش ! بۇ گەپ ئەمدى دېمەككە نېمىدېگەن چىرايلىق گەپ - هە ! هۇ ، يۈزسىز مۇناپىق ! دوزاخقا تۈتۈرۈق بولىدىغان ! هۇ ، ئىت ! ئاھ ، خۇدا ، مەن خرىستوس مۇخلىسى بولماي قالغان بولسامچۇ . . . — ئۇ مۇشتۇمىنى چىڭ تۈگدى ، دەرغەزەپ بولغىنىدىن پۈتۈن ۋۇجۇدى خۇددى يوپۇرماقتەك تىترەپ كەتتى .

ئايالى يەنە يىغىنى باشلىۋەتتى ، ئېرى ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمىدى . چۈنكى ئۇنىڭ گەدىنى ناھايىتى قاتتىق بولغاچقا ، ئايالىغا ئىچ ئاغرىتقۇسىمۇ كەلمىدى . ئۇ ئېغىر - ئېغىر قەدەملىرى بىلەن پولنى تىترىتىپ ، ئۆينىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىۋەردى . بىرپەستىن كېيىن ، يەنە ئۆز جايىغا قايتىپ كېلىپ ، بۇ قورقۇنچلۇق بالايىئاپەتنىڭ يەنە بىر يېقىغا قىزىقىپ قالدى .

— بۇ ئىش قاچان يۈز بەرگەنىكەن ؟ — كوچىلاپ سورىدى ئۇ .

— مەنمۇ بىلمىدىم ، — قورقۇپ يۈرىكى چىقىپ كېتەي دەپ قالغان ئايالى راست گەپنى قىلىشقا پېتىنالمىدى ، — مەنمۇ تېخى نەچچە كۈننىڭ ئالدىدىلا بىلدىم .

— يالغان ئېيتىۋاتىسىز ! — دېدى ئېرى ھاياجانلانغان ھالدا ، — سىز ھەمىشىلا ئۇنىڭغا چاپان ياپىسىز . ئۇنىڭ ھازىر مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالغىنىمۇ پۈتۈنلەي سىزنىڭ كاساپىتىڭىزدىن بولدى . ئەگەر مېنىڭ رايىمغا باققان بولسىڭىز ، بۈگۈنكىدەك ئىش يۈز بەرمىگەن بولاتتى . . . مانا ياخشى ئاقىۋەت . ئوغلۇم بولغان

ئادەم سولاقخانىدا يېتىپ يۇرسە، قىزىم كوچىلاردا لاغايلاپ يۇرسە، خەقلەر نېمە دېمەيدۇ ئەمدى؛ قوشنىلار يۈزۈمدىن يۈزۈمگە بالامنىڭ يامان گېپىنى قىلغانىدى، مانا ئەمدى بۇ لۈكچەك قىزىمنى ۋەيران قىلدى. يا پەرۋەردىگار، مېنىڭ بالىلىرىمغا نېمە ۋابا تەگكەن بولغىيدى ـ ھە!… مەن زادىلا چۈشىنەلمىدىمغۇ، — ئۇنىڭ بىردىنلا ئۆزىگە ئىچى ئاغرىپ قالدى، — مەنغۇ قولۇمدىن كەلگىنىنى قىلىپ كەلگەنىدىم! قولۇمدىن كەلگىنىنى قىلىپ كەلدىم! ھەر كۈنى ئاخشىمى پەرۋەردىگاردىن تەۋپىق، ھىدايەت تىلىسەممۇ، ھېچ پايدىسى بولمىدى. مەن ئىشتىن ئۆزۈمنى ئېلىپ قاچىدىغان ئادەم ئەمەس. قوللىرىمغا قاراڭچۇ، ئىشلەپ يىرىكلىشىپ كەتتى. ئۆمرۈم بويى ھالال تەر تۆكۈپ كەلدىم. ھالا بۇ كۈنگە كەلگەندە... مانا ئەمدى... — ئۇنىڭ ئاۋازى ئۈزۈلۈپ قالدى، ئۆزىنى باسالماي، يىغلاپ تاشلىدى، ئاندىن ئايالىغا ئىتتىك بىر قارىۋېتىپ، قۇيقا چېچى تىك بولغان ھالدا، — سىز مۇشۇ بالا ـ قازانىڭ يىلتىزى، — دېدى، — بىردىنبىر يىلتىزى سىز. ئەينى چاغدا مېنىڭ دېگىنىم بويىچە ئىش قىلغان بولسىڭىز، بۇنداق ئىش يۈز بەرمىگەن بولاتتى. سىز خۇددى ئۇ سىرتقا چىقمىسا بولمايدىغاندەك ئۇنىڭغا بولۇشۇپ كەتكەنىدىڭىز، زادى بولمايدىغاندەك ـ ھە! ئۇ ئەمدى جالاپ بولۇپ كەتتى، جالاپ بولدى! ئۇ ئەمدى دوزاختا تۇتۇرۇق بولماقچى، قېنى بولغۇسى كەلسە بولىۋەرسۇن، بۇنىڭدىن كېيىن، بۇنداق ئىشلار بىلەن زادى كارىم يوق، مۇشۇنچىلىك دەرد تارتقىنىممۇ يېتەر.

ئۇ ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتمەكچى بولۇپ، كەينىگە بۇرۇلدىيۇ، ئىشىك تۈۋىگە بېرىپلا يەنە قايتىپ كەلدى.

— مەن ئۇنى ئۆيدىن ھەيدەپ چىقىرىمەن، — دېدى خۇددى توك سوققاندەك ئەندىككەن ھالدا، — ئۇنىڭ ئەمدى ئۆيۈمدە تۇرىۋېرىشىگە يول قويمايمەن. بۈگۈن ئاخشامنىڭ ئۆزىدىلا كۆزدىن يوقالسۇن! بۇنىڭدىن كېيىن بوسۇغامغا ئىككىنچى قەدەم باسقۇچى بولمىسۇن. قېنى، ئەمدى يەنە يۈزۈمگە داغ چۈشۈرۈشكە

پىتىنغىنىنى كۆرەي !

— ئۇنى بۈگۈن ئاخشامنىڭ ئۆزىدىلا كوچىغا ھەيدەپ چىقىرىۋەتسىڭىز بولماسمىكىن ، — دېدى ئايالى قىزىغا بولۇشۇپ ، — ئۇنىڭ بارىدىغان ھېچ يېرى بولمىسا .

— بۈگۈن ئاخشام ! — دېدى ئېرى تەكرارلاپ ، — مۇشۇ تاپنىڭ ئۆزىدە ، بارىدىغان يەرنى ئۆزى تاپسۇن . ئۇنىڭغا ئەمدى بۇ ئۆينىڭ كېرىكى بولمىغاندىكىن ، ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا كەشنى تۇغرىلىسۇن . خەقلەر ئۇنىڭغا قانداق مۇئامىلە قىلىشاركىن ، كۆرۈپ باقمامدۇق ، — ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپلا ئۆيدىن چىقىپ كەتتى ، تەۋرەتكىلى بولمايدىغان ئىرادىسىنىڭ ئىزنالىرى غەزەپلىك چىرايىدا ئەكس ئېتىپ قېتىپ قالغانىدى .

سائەت بەش يېرىم بولدى ، گېرخاردتنىڭ ئايالى كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياش تۆككەن ھالدا كەچكى غىزانىڭ راسكارلىقىنى قىلىۋاتقانىدى ، جېننى قايتىپ كەلدى . دەرۋازىنىڭ ئېچىلغىنىنى ئاڭلاپ ئاپىسىنىڭ يۈرىكى دۈكۈلدەپ سىلىپ كەتتى ، چۈنكى ئەمدى قىيامەتنىڭ جېڭى بولىدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى . دادىسى بىلەن جېننى ئىشىك تۈۋىدىلا دوقۇرۇشۇپ قالدى .

— كۆزۈمگە كۆرۈنگۈچى بولما ! — دېدى ئۇ قوپاللىق بىلەن ، — مېنىڭ ئۆيۈمدە يەنە بىر سائەت ئۇشۇق تۇرۇشۇڭغا رۇخسەت يوق . بۇنىڭدىن كېيىن قاراڭنى كۆرگۈچى بولماي ، يوقال كۆزۈمدىن !

جېننى يۈزى تاتارغان ، سەل - پەل تىترىگەن ھالدا زۇۋان سۈرمەي ئۇنىڭ ئالدىدا تۇراتتى . ئۇنىڭ بىلەن بىللە قايتىپ كەلگەن ئۈكىلىرى قورقىنىدىن بىر بۇلۇڭغا كىرىپلا كېتىشتى . ۋېرونىكا بىلەن مادا ھەدىسىگە بەك ئامراق ئىدى ، شۇڭا «ۋار» قىلىپ يىغلاپ تاشلاشتى .

— نېمە بولدى ؟ — دەپ سورىدى گېئورگى . ئۇنىڭ قورقىنىدىن ئاغزى ئېچىلىپلا قالغانىدى .

— مەن ئۇنىڭغا يوقال دەۋاتىمەن ، — دېدى گېرخاردت

www.uyghurkitap.com

تەكرارەن ، — ئۇ ئەمدى مېنىڭ ئۆيۈمدە تۇرمىسۇن . بىرىپ جالاپلىق قىلامدۇ ، نىمە قىلسا ئەمدى كارىم يوق ، بۇ يەردە تۇرمىسىلا بولدى . ماڭ ، بىرىپ لاقا - لۇقىلىرىڭنى يىغىشتۇر ، — ئۇ قىزىغا ئالىيىپ قارىغىنىچە ، بۇ سۆزنى قىستۇرۇپ قويدى .

ئەمدى جىنىنىغا گەپ قىلىشقا ئورۇن قالمىدى ، لېكىن باللار يىغا - زار قىلىشىپ كەتتى .

— غەلۋە قىلىشما ، — دېدى گېرخاردت ، — ھەممىڭ ئاشخانىغا كىرىپ كېتىش .

ئۇ باللارنىڭ ھەممىسىنى ئاشخانىغا كىرگۈزۈۋېتىپ ، ئۆزىمۇ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن كىرىپ كەتتى .

جېنىنى لام - جىم دېمەي ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ ، دەرھال نەرسە - كېرەكلىرىنى يىغىشتۇردى ، كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياش ئاققۇزغىنىچە ، ئۇ نەرسىلەرنى ئاپىسى ئالدىغا ئەكېلىپ بەرگەن بىر كىچىك سومكىغا سىلىشقا باشلىدى . ئادەتتە ئازدۇر - كۆپتۇر يىغىپ كەلگەن قىزلارنىڭ بېزەكلىرىدىن بىرنىمۇ ئالمىدى . ئۇلارنى كۆرمەي قالدى ئەمەس ، بەلكى سىڭىللىرىنى خىيالىغا ئەكېلىپ ، ئالماي قويۇپ قويدى . مادا بىلەن ۋېرونىكا ئۇنىڭغا نەرسىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ بەرمەكچى بولغانىدى ، بىراق دادىسى ئۇنىمىدى .

سائەت ئالتە بولغاندا باس قايتىپ كەلدى ، ئۇ ئاشخانىدا يىغىلىشىۋالغان ، ئالاقزادە بولۇپ كېتىشكەن بىر توپ قېرىنداشلىرىنى كۆرۈپ ، نىمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى سورىدى . گېرخاردت ئۇنىڭ گېپىگە جاۋاب بەرمەي ، ئۇنىڭغا ھومىيىپ قاراپ قويدى .

— نىمە ئىش ؟ — دەپ سورىدى باس ، — نىمە ، ھەممىڭلار بۇ يەردە توپلىشىۋاپسىلەرغۇ ؟

— ئۇ جېنىنىنى ئۆيدىن ھەيدەپ چىقىرىۋەتمەكچى ، — دېدى ئاپىسى كۆز يېشى قىلىپ تۇرۇپ .

— نېمە ئۇچۇن؟ — باس چۆچۈپ چەكچىيىپلا قالدى.
— مەن ساڭا نېمە ئۇچۇنلۇكىنى دەپ بېرەيمۇ، — دېدى گېرخاردت نېمىس تىلىدا سۆزگە قىستۇرۇلۇپ، — ئۇ دېگەن بىر جالاپ. مانا شۇنىڭ ئۇچۇن. ئۇ ھەدېسىلا كوچىدىن كىرمەي، ئۆزىدىن ئوتتۇز ياش چوڭ ئادەمنىڭ، ھە، دادا يوللۇق بىر ئادەمنىڭ ئاياغ ئاستى قىلىشىغا ئۆزىنى تۇتۇپ بېرىپتۇ. مەن ئۇنى ئۆيدىن چىقىرىۋېتىمەن. ئۇنىڭ بۇ ئۆيدە بىر مىنۇت تۇرۇشىغىمۇ رۇخسەت قىلمايمەن.
باس ئەتراپىغا كۆز يۇگۇرتۇپ چىقتى. بالىلارنىڭ كۆزلىرى چانقىدىن چىقىپ كېتەيلا دەپ قاپتۇ. ھەممەيلەن دەھشەتلىك ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى سېزىشكەندى، ھەتتا ئاشۇ كىچىكلەرمۇ بىلىپ بوپتۇ. بىراق باستىن باشقىسى بۇ ئىشنىڭ تېگىگە يەتمىگەنىدى.
— سەن ئۇنى نېمە ئۇچۇن بۈگۈن ئاخشامدىن قالدۇرماي ئۆيدىن چىقىرىۋەتمەكچى بولدۇڭ؟ — دەپ سورىدى باس، — ھازىر قىز بالىنى كوچىغا ھەيدەپ چىقىرىدىغان چاغ ئەمەسقۇ. ئۇ ئەتىگەنلىككە چىقىپ كەتسە بولمىدىمۇ؟
— بولمايدۇ، — دېدى گېرخاردت.
— شۇنى دېمەمسەن، ئۇ بۇنداق قىلمىسا بولاتتى، — دېدى ئاپىسى سۆز قىستۇرۇپ.
— ھازىر كەتسۇن، — دېدى گېرخاردت، — ئۇ كەتسە بۇ ئىشمۇ بېسىقىدۇ.
— ئەمما ئۇنى نەگە بارسۇن دەيسەن؟ — دەپ كىرىشىپلا قالدى باس.
— مەنمۇ بىلەلمىدىم، — ئاپىسى بوش ئاۋازدا گەپ قىستۇردى. باس ئۆپچۆرىسىگە ئەلەڭلەپ قارىدى، ئەمدى ئامال قالمىغانىدى. كېيىن ئاپىسى ئېرىنىڭ دىققەت قىلمىغىنىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭغا تاشقىرىقى ئۆيگە چىقىپ تۇر، دەپ ئىشارەت قىلدى.
باس ئاشخانىدىن چىقىپ تاشقىرىقى ئۆيگە مېڭىۋىدى،

www.uyghurkitap.com

ئاپىسىمۇ قولىدىكى ئىشىنى تاشلاپ قويۇپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كىردى . بالىلارمۇ بىردەم تۇرۇشقاندىن كېيىن، بىر ـ بىرلەپ غىپپىدە قىلىپ ھۇجرىلىرىغا كىرىپ كېتىشتى ، ئاشخانىدا گېرخاردت تەنها قالدى ، خېلى ئۇزاق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن ئورنىدىن قوزغالدى .

بۇ چاغدا جېننى ئاپىسىدىن جىددىي يوليورۇق ئېلىۋاتقانىدى . ئۇ جېنىنغا : «بىرەر كىشىنىڭ ئۆيىنى ئىجارىگە ئېلىپ يېتىپ تۇرۇپ ، ئادرېسىنى بىزگە پوچتىدىن ئەۋەتىپ بەر » دېدى ، ئاندىن باسقا : «ئۇنى ئۆيدىن ئۇزىتىپ چىقماي ، جېننى ئاۋۋال چىقىپ كېتىپ بىر مەنزىلگە بارغاندىن كېيىن ، شۇ يەردە كۈتۈپ تۇرسا ، ئارقىسىدىن يېتىشىپ بېرىپ ئۇنى ئۇزىتىپ قوي » دېدى ؛ يەنە : «كېيىنچە داداڭ ئۆيدە بولمىغان چاغلاردا مەن بېرىپ سېنى كۆرۈپ كېلەرمەن ياكى بولمىسا كېلىپ مەن بىلەن كۆرۈشۈپ كېتەرسەن ، باشقا ئىشلارنى كېيىنكى دورەم كۆرۈشكەندە مەسلىھەتلىشەرمىز » دېدى .

بۇ مۇزاكىرىنىڭ ئايىغى چىقماي تۇرۇپلا ، گېرخاردت كىرىپ كەلدى .

— ئۇ كېتىدىغان بولدىمۇ ؟ — دەپ سورىدى ئۇ كەسكىن تەلەپپۇزدا .

— ھەئە ، — دېدى ئايالى ھېچقاچاندا قىلىپ باقمىغان قاتتىق تەلەپپۇزدا . باس :

— نېمىگە ئالدىرىغۇلۇق ؟ — دېدىيۇ ، يەنە گېرخاردتنىڭ قوشۇمىلىرىنىڭ چىڭ تۈرۈلۈپ كەتكىنىنى كۆرۈپ ، قاراملىق قىلىپ قويۇشتىن ئېھتىيات قىلىپ ، گېپىنىڭ ئايىغىنى يۇتۇۋالدى .

جېننى كىردى ، ئۇ ئۇچىسىغا ئۆزىنىڭ ئەڭ ياخشى كىيىمىنى كىيىپ ، قولىغا سومكىنى ئېلىۋاپتۇ . كۆزلىرىدە ۋەھىمە ئالامىتى

ئەكس ئېتىپ تۇردۇ . چۈنكى ئۇ تازا قاتتىق جازاغا ئۇچراۋاتىدۇ ئەمەسمۇ ، نېمە دېگەنبىلەن ئۇ ئەمدى قىز ئەمەس ـ دە . ئۇ ئەمدى مۇھەببەتنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىگە ئىگە ، سەۋر ـ تاقەتنىڭ مەدىتى ۋە قۇربان بېرىشنىڭ لەززىتىنىڭ تەمىنى تولۇق تېتىماقتا ئىدى . ئۇ سۈكۈت ئىچىدە ئاپىسىنى سۆيۈپ خۇشلىشىۋاتقاندا ، كۆزلىرىدىن بۇلدۇقلاپ تۆكۈلۈۋاتقان ياشلىرىنى توختىتىۋالالماي قالدى . ئاندىن شارتتىدە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ، بوسۇغىدىن ئاتلاپ چىقىپ كەتتى ـ دە ، ئۆزىنىڭ يېڭى تۇرمۇشىغا قەدەم قويدى ، كەينىدىنلا دەرۋازىنىڭ يېپىلغىنى ئاڭلاندى .

## 10

جېنىنى مانا مۇشۇنداق بىمەھەل قىستۇرۇلۇپ قالغان ئاشۇ دۇنيانى ئېلىپ ئېيتىدىغان بولساق ، ئەخلاق توغرىسىدا خاتىرە قالدۇرۇش مۇمكىنچىلىكى بولمىغان دەۋردىن باشلاپلا ، ئۇنىڭدا ئىزچىل تۈردە بىھۇدە كۆرەشلەر داۋام قىلىپ كەلدى . ئەخلاق دېگىنىمىز — باشقىلارغا ياخشى نىيەتتە بولماق ۋە باشقىلار ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلماق دېگەن مەنىدىن ئىبارەت . ئەخلاق — باشقىلار ئۈچۈن ئىش قىلىپ بېرىشنى خالاشتەك ئاشۇنداق مەردانە روھنىڭ ئۆزى ، ھالبۇكى ئۇ مۇشۇنداق بولغىنى ئۈچۈنلا جامائەتچىلىك تەرىپىدىن ، بىر تىپىنغا ئەرزىمەس نەرسە ، دەپ قارىلىپ كەلگەن . ناۋادا سىز ئۆزىڭىزنىڭ كۆرسىنى چۈشۈرىدىغان بولسىڭىز ، ئۇ ھالدا قىلتاققا ئوڭايلا ئىلىنىپ قالىسىز ـ دە ، خەقنىڭ ئايىغى ئاستىدا خەستەك چەيلىنىسىز ؛ ئەگەر ئۆزىڭىزنى قەدىرلىسىڭىز ، ئۇ چاغدا سىزنىڭ قەدىر ـ قىممىتىڭىزنىڭ قانچىلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، باشقىلارمۇ سىزنى ھۆرمەتلەيدىغان بولىدۇ . ئاۋام جامائەتچىلىكنىڭ كىشىنى ئېچىندۇرىدىغان يېرى شۇكى ، ئۇنىڭدا

پەرق ئېتىش ئىقتىدارى كەمچىل . ئۇنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى — باشقىلارنىڭ پىكرى ؛ بىردىنبىر سىنىقى — ئۆزىنى ئاسراش . ئۇ ئۆزىنىڭ مال - مۈلكىنى تولۇق ساقلاپ قالالىدىمۇ، يوق؟ ئۇ ئۆزىنىڭ ئىپپەت - نومۇسىنى ساقلاپ قالالىدىمۇ ، يوق؟ بۇ ھەقىقەتەن پەقەت ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئىشلاردا ، ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەرلا ھەر خىل ئەپقاچتى گەپلەرگە چىنپۇتمەي ، ئۆزىنىڭ كۆزقارىشىنى ئاز - تولا ساقلاپ قالالايدۇ .

جېنىنىغا كەلسەك ، ئۇ ئۆزىنى ئاياشنى ھېچقاچان خىيالىغا كەلتۈرۈپ باققان ئەمەس ، ئۇنىڭ تۇغما تەبىئىتى ئۆزىنى ئۆزى قۇربان قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى . بۇ جاھاندا بالا - قازادىن ساقلىنىش ئۈچۈن ، ئۆزىنى قانداق ئاسراش كېرەكلىكىنى ئۆگەتمىدىغان ھېلىقىنىڭدەك شەخسىيەتچىلىكنىڭ ساۋىقى ئۇنى تېخى چىرىتىشكە ئۈلگۈرمىگەنىدى .

ئىنسان مۇشۇنداق مۇھىم پەيتكە دۇچ كەلگەندە ، ئۇنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش ئىقتىدارىمۇ كۈچىيىپ كېتىدۇ . مۇشۇنداق چاغدا ، بۇ خىل ئىقتىدار ۋە ئۆزگە ئۆزى مەدەت بېرىش تۇيغۇسى خۇددى كەلكۈندەك ئېتىلىپ چىقىدۇ ، ئېھتىمال بىزنى يەنىلا تىترەك بېسىشى مۇمكىن ، بىزدە ئۆزىنى ئۆزى پەس چاغلاشتەك ۋەھىمە تۇيغۇسى ساقلىنىپ قالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن ، شۇنداقتىمۇ بىز ئۆسۈپ يېتىلىۋېرىمىز . غىل - پال كېلىپ قالغان ئىلھام بىزنىڭ روھىمىزنى يېتەكلەپ كېتىۋېرىدۇ . تەبىئەتتە يات نەرسە يوق . بىز بىرەر كوللېكتىپنىڭ قويىنىدىن ياكى بىرەر مۇھىتتىن يەكلەپ چىقىرىۋېتىلگەن چېغىمىزدىمۇ ، يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان جىمى نەرسىنى ئۆزىمىزگە ھەمراھ قىلىۋالىمىز . تەبىئەت سېخىيدۇر . ئۇنىڭدىكى شاماللار ۋە يۇلتۇزلارنىڭ ھەممىسى سىزگە ھەمراھ ، پەقەت كەڭ قورساق بولسىڭىز ھەم ئۇنىڭدىن بەھرە ئېلىشنى بىلسىڭىزلا ، مۇشۇ زور ھەم چەكسىز ھەقىقەت ھاياتىڭىزغا بۇسۇپ كىرىدۇ — ئۇ ياكى تەييار ئىبارىلەر ئەمەس ، پەقەتلا بىر خىل تۇيغۇ ، بىر خىل تەسەللى ، خالاس . مانا

بۇ بىلىمنىڭ ئەڭ ، ئەڭ نىگىزلىك ماھىيىتىدۇر . كائىناتتا تىنچ - ئەمىنلىك — ئەقىل پاراسەتنىڭ ئۆزى .

جىننى ئۆيىدىن چىقىپ بىرنەچچە قەدەم ماڭار - ماڭمايلا باس دەمبەس قەدەم يېتىپ كەلدى .

— سومكىنى ماڭا بەرگىن ، — دېدى ئۇ ؛ جىنىنىنىڭ خۇددى كۆڭلىدىكىنى ئاغزىدىن چىقىرالمايۋاتقاندەك ، زوۋان سۇرمەي كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ ، يەنە ، — مەن ساڭا ئۆي تېپىپ بېرەلىشىم مۇمكىن ، — دېدى .

ئۇ جىنىنىنى شەھەرنىڭ جەنۇبىغا باشلاپ باردى ، ئۇ يەردە بۇلارنى تونۇيدىغان بىرەرىمۇ يوق ئىدى ، ئۇدۇللا بىر مومايىنىڭ ئۆيىنى كۆزلەپ باردى . مومايىنىڭ تۆر ئۆيىدىكى سائەتنى تېخى يېقىندىلا ئۇ يالنىپ ئىشلەۋاتقان شىركەت سېتىۋالغانىدى . ئۇ ، مومايىنىڭ ھال - كۈنى ئانچە ياخشى ئەمەسلىكىنى ، ئىجارىگە بېرىدىغان ئۆيى بارلىقىنى بىلەتتى .

— ھېلىقى ئۆيىڭىز ھېلىمۇ بوشمۇ ؟ — دەپ سورىدى ئۇ .

— ھەئە ، بوش ، — دېدى موماي جىنىنىغا قاراپ قويۇپ .

— شۇ ئۆيىڭىزنى سىڭلىمغا ئىجارىگە بەرگەن بولسىڭىز ، بىز كۆچۈپ كەتكەندۇق ، ئۇ ھازىرچە تېخى بىز بىلەن بارالمايدۇ .

موماي ماقۇللۇق بىلدۈرۈۋىدى ، جىنىنىنىڭ كۆڭلى جايىغا چۈشۈپ قالدى .

— ئەمدى كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلمىساڭمۇ بولىدۇ ، — دېدى سىڭلىسى ئۈچۈن كۆڭلى بۇزۇلۇۋاتقان باس ، — بۇ ئىشلار ئۆتۈپ كېتىدۇ . ئاپام ماڭا سېنى تىنچ - تىنچ بولمىسۇن دەپ قوي ، دەپ جېكىلىدى . ئەتە دادام چىقىپ كەتكەندە ئۆيگە بارغىن .

جىننى ئۇنىڭغا «ماقۇل ، بارىمەن» دەپ ۋەدە بەردى . باس سىڭلىسىنىڭ كۆڭلىنى ياساپ ئۇنىڭغا يەنە بىرمۇنچە گەپلەرنى قىلغاندىن كېيىن ، موماي بىلەن بىردەم غىزانىڭ مەسلىھىتىنى قىلىشىۋېتىپ ، ئاندىن خوشلىشىپ ماڭدى .

— ئەمدى ياخشى بولدى ، — دېدى ئۇ ئىشىكتىن چىقىۋاتقاندا

سىڭلىسىغا مەدەت بېرىپ، — كېيىنچە ئىشلىرىڭ ئىزىغا چۈشۈپ كېتىدۇ. ھەرگىز بىتاقەت بولما. مەن ھازىر قايتىپ كېتەي، ئەتە ئەتىگەندە يەنە كېلىمەن.

ئۆيگە قايتىشىدا، يول بويى ئۇنىڭ كۆڭلى بىر قىسمىلا بولۇپ كەتتى. چۈنكى ئۇ جېنىنىڭ بۇ ئىشنى خاتا دەپ قارايتتى. ئۇنىڭ بۇ ئويى ئۇنىڭ جېنى بىلەن يولدا كېلىۋېتىپ قىلىشقان پاراڭدىن بىلىنىپ تۇراتتى، لېكىن جېنىنىڭ يۈرىكى ئازاب ئىچىدە سىقىلىپ تۇرغان چاغدا مۇشۇنداق گەپنى قىلىشىنىڭ ئۆزىمۇ تازا قاملاشمىغان ئىش - دە.

— سەن نېمىشقىمۇ بۇنداق ئىشنى قىلغان بولغىيدىڭ؟ ئويلاپمۇ باقمىدىڭمۇ؟ — ئۇ مۇشۇنداق دەپ كوچىلاپ سورىدى.

— خۇدا ھەققى، بۈگۈن ئاخشام مەندىن گەپ سورىمساڭ، — جېنى شۇنداق دېگەندىن كېيىن، ئۇ بۇ سەت ئىشنى چۇخچىلاپ سوراۋېرىشتىن يالتايدى. جېنى ئۆزىنى ئاقلاپمۇ تۇرمىدى يا بىرەرىدىن ئاغرىنىپمۇ يۈرمىدى. ئەگەر گۇناھنى بىرەرىگە ئارتىشقا توغرا كەلسە، ئەلۋەتتە ئۇ ئۆزىلا ئۈستىگە ئالغان بولاتتى. ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ تەلەيسىزلىكى، پۈتۈن ئائىلىسىنىڭ بەختسىزلىكى، ھەتتا ئۆزىنىڭ قۇربانلىق قىلىنغانلىقى شۇ تاپتا نەدىمۇ خىيالىغا كەلسۇن.

جېنى بۇ يات تۇرالغۇغا مەھكۇم قىلىنغىنى ئۈچۈن، ئىچ - ئىچىدىن مەيۈسلەندى. ئۆزىنىڭ ئۆيدىن ھەيدەپ چىقىرىلغانلىقىنى ئويلىغىنىدا ھەم قورققىنىدىن، ھەم نومۇس قىلغىنىدىن، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، پاڭگىدە يىغلاپ تاشلىدى. ئۇ يارىلىشىدىنلا، ئۆزىنىڭ چەككەن جاپاسىغا تەن بېرىدىغان، باشقىلاردىن قىلچە ئاغرىنمايدىغان بىر خىل مىجەز - خاراكتېرگە ئىگە ئىدى. بىراق، ئۇنىڭ جىمىكى ئارزۇ - ئۈمىدى مانا مۇشۇنداق بەربات بولغاچقا، ئەمدى پەقەتلا چىدىيالمىدى. كىشىلىك تۇرمۇشتا گويا بورانغا ئوخشاش، ئادەمنى بۇلاپ قاچىدىغان، ئادەمنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ تاشلايدىغان بىر خىل ئېلېمېنت بار ئىكەن، ئۇ زادى قانداق

نەرسىدۇ؟ نىمە ئۈچۈن ئەجەل ئۇشتۇمتۇت باستۇرۇپ كېلىپ، ئىنساننىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ ئۇمىدلىك بولغان جىمى نەرسىسىنى بىتچىت قىلىۋېتىدىغاندۇ؟

ئۇ ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلارنى خىيالىدىن بىرقۇر ئۆتكۈزۈپ چىقىپ، ئۆزى بىلەن براندىنىڭ شۇنچە ئۇزاق ۋاقىت داۋام قىلغان مۇناسىۋىتىدىكى بارلىق ئۇششاق - چۈششەك دېتاللارنى بىرمۇبىر ئەسلەپ چىقتى. شۇ تاپتا ئۇ شۇ قاتارلىق دەردكە مۇپتىلا بولغان تۇرۇقلۇق، يەنە ئۇنىڭغا قىمايالماتتى. ئۇ جېنىنى ھەرگىزمۇ ئەتەي نابۇت قىلىش خىيالىدا ئەمەس ئىدى - دە. ئۇنىڭ ساپ دىللىقى، مەردلىكى — مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەقىقەت. ئۇ ماھىيەتتە ھەقىقەتەن ياخشى ئىنسان ئىدى، شۇڭا جېنىنى ئۇنىڭ بىئەجەل ۋاپاتىغا ئېچىنىپ كەتتى، ئۆزى ئۈچۈن ئەمەس، يەنىلا شۇ كىشى ئۈچۈن ئېچىندى.

بۇ خىل قاراش گەرچە ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئانچە تەسكىن تاپقۇزالمىغان بولسىمۇ، ھېچبولمىغاندا ئۇنىڭ شۇ بىر ئاخشام ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋېلىشىغا يېنىكلىك تۇغدۇرۇپ بەردى. ئەتىسى ئەتىگەندە، باس ئىشلەيدىغان يېرىگە كېتىۋاتقاچ ئۇنىڭ قېشىغا كىرىپ، ئايپىسىنىڭ ئۇنى كەچتە بىر كېلىپ كەتسۇن دېگەنلىكىنى ئېيتتى. بۇگۈن كەچتە گېرخاردت ئۆيدە بولمايتتى، ئانا - بالا ئىككىيلەنگە كېچىچە كەڭ - كۇشادە ھال - مۇڭدىشىۋېلىشقا پۇرسەت چىقىپ قالدى. جېنىنى بۇ بىر كۈننى ناھايىتى تەسلىكتە ئۆتكۈزدى، كەچ كىرگەندە روھلىنىپ كەتتى - دە، سائەت سەككىزدىن چارەك ئۆتكەندە ئۆيىگە قاراپ يول ئالدى.

ئۆيگە بارغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرغۇدەك ھېچقانداق بىرەر يېڭىلىقنى ئېيتىپ بېرىشمىدى. گېرخاردت ھېلىھەم شۇنداق، غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ يۈرگەنمىش. ئۇ كېلەر شەنبە كۈنى ئىشتىن بوشىنىپ يانىسى بازىرىغا كېتىشنى قارار قىپتۇ. دېمەك، ئۇ بۇ ئىش يۈز بەرگەندىن كېيىن، مەيلى قەيەر بولسا بولسۇن، كولومبودىن ياخشىراق، دېگەن ئويغا

كەلگەن؛ ئۆزىنىڭ كولومبودا مەڭگۈ باش كۆتۈرۈپ يۈرەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلغان. ئۇ دەررۇ كەتمەكچى، ئىش تېپىۋالغاندىن كېيىن، بالا ـ چاقىلىرىنىمۇ كۆچۈرۈپ كەتمەكچى. گەپىنىڭ ئوچۇقى، ئۇ ئۆزىنىڭ كىچىك ئائىلىسىدىن نېرىراق تۇرماقچى. رەڭگە قويۇلغان ئۆيىنىڭ پولىنى قايتۇرۇۋشقىغۇ ھېچ ئامال تېپىلمىغاندەك ئەمەس، ئۇنىڭچە بۇ ئىشتىن ئۈمىد يوق ئىدى.

ھەپتە ئاخىرىغا كەلگەندە، گېرخاردت راستتىنلا كېتىپ قالدى، جېننىمۇ ئۆيىگە قايتىپ كېلىۋالدى، ئەمدى ئۆيئىچى ئىلگىرىكى ئەكسىگە خېلىلا قايتىپ قالدى. بىراق بۇ خىل ۋەزىيەت ئۇزاق داۋام قىلالمايتتى.

باسقا ھەممە ئىش ئايدىڭ بولدى. جېننىنىڭ بۇ پاراكەندىچىلىكى ھەم ئۇنىڭ يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ئاقىۋىتى ئۇنى قاتمۇقات غەمگە سېلىپ قويدى. كولومبودا ئەمدى تۇرىۋېرىش مۇمكىن ئەمەس، يانسى بازىرىغا كېتىشكىمۇ بولمايدۇ. پۈتۈن ئائىلە بويىچە چوڭراق بىرەر شەھەرگە كۆچۈپ كەتكەن ئەڭ ياخشى.

ئۇ، كلىېۋېلاند دېگەن يەردە سانائەت راسا تەرەققىي قىلدۇرۇلۇۋېتىپتۇ، دەپ ئاڭلىغانىدى، شۇڭا شۇ يەرگە بېرىپ بىر تەلەي سىناپ بېقىشنى كۆڭلىگە پۈكتى. ئەگەر ئىش ئوڭغا تارتىپ قالسا، باشقىلارنىمۇ ئەكەتسە بولىدۇ ـ دە. ناۋادا گېرخاردت ھازىرقىدەك يانسى بازىرىدا ئىشلەپ قېلىۋەرمەكچى بولسا، ئائىلىنىڭ باشقا ئەزالىرى كلىېۋېلاندقا كۆچۈپ كېتىۋەرسىمۇ بولىدۇ، ئۇ چاغدا جېننىنىڭ بارار ـ تۇرار يېرى يوق بولۇشىدىن غەم قىلىشنىڭمۇ ھاجىتى قالمايدۇ.

باس بۇ پىلاننى بىر مەزگىل كاللىسىدا پىشۇرغاندىن كېيىن، ئاخىر كۆپچىلىككە ئېلان قىلىۋەتتى.

— مەن كلىېۋېلاندقا بارماقچى بولدۇم، — دېدى ئۇ بىر كۈنى كەچتە ئاپىسىغا.

— نېمە قىلاي دەيسەن؟ — ئاپىسى ھېچنېمىنى

چۈشىنەلمىگەن هالدا بېشىنى كۆتۈردى ، ئۇ باسىنىڭ ئۇنى تاشلاپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلىپ قالدى .

— ئۇ يەرگە بارسام ئىش - پىش تېپىپ قالارمەن ، — دېدى باس ، — بۇنداق نەس باسقان يەردە ئەمدى ياشاۋەرمەيلى .

— ئاغزىڭنى كەلسە - كەلمەس بۇزىۋەرمىگىن ، — دېدى ئاپىسى ئەيىبلىگەن تەلەپپۇزدا .

— ۋاي ، مەنمۇ بىلمەن ، — دېدى باس ، — بىراق ئادەمنىڭ تىللىغۇسى كېلىپ كېتىـــۋاتسا نېمە ئامال؟ بۇ يەردە ياشاپ كەلگەننىڭ مابەينىدە بىزنى نەس بېسىپلا كەلدى . مەن هايال قالماي يولغا چىقىپ كەتمەكچى بولۇۋاتىمەن . بەلكىم ئىش - پىش تېپىپ قالسام ، هەممىمىز كۆچۈپلا كېتەرمىز . هېچكىم تونۇمايدىغان يەرگە كۆچۈپ كەتسەك بەك ياخشى بولاتتى جۇمۇ . بىزنى بۇ يەردە هېچكىم كۆزگە ئىلمايدۇ .

گېرخاردتىنىڭ ئايالى بۇ گەپلەرگە قۇلاق سېلىۋاتقىنىــدا ، كاللىسىدا هال - كۈنىنىڭ ياخشىلىنىشىغا كۈچلۈك ئۈمىــــد تۇغۇلدى . ئۇ «باس مۇشۇ دېگىنىدەك قىلالىسا ئىــكەن» دەپ تاقىلداپ كەتتى . ئەگەر ئۇ راستتىنلا خىزمەت تېپىپ ، يارامىلىق يىگىت بولۇپ ، ئاپىسىنى مۇشكۈلچىلىكتىــن قۇتۇلدۇرالايدىغان بولسا ، قالتىس ئىش بولۇپ كەتمەمدۇ! ئۇلارنىڭ بۇ ئاي ، بۇ كۈنلەردىكى تۇرمۇشىدا بەختسىزلىكتىن باشقا ئىش بولمىغاچقا ، ئۇلار بىرەر نىجاتلىقنىڭ تېپىلىشىغا ئەلۋەتتە تەقەززا بولىدۇ - دە .

— سېنىڭچە ، ئىش تاپقىلــــى بولارمۇ؟ — سورىدى ئۇ كۆيۈمچانلىق بىلەن .

— بولىدۇ ، — دېدى باس ، — مەن ئىش ئىــزدەيدىغان بولسام ، تاپماي قالمايمەن . خەقلەرمۇ ئۇ يەرگە بېرىپ خېلى يامان ئەمەس تۇرۇۋېتىپتۇغۇ ، مىللېرنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى قاراڭلار .

ئۇ قولىنى شىمىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ ، كۆزىنــى دېرىزە سىرتىغا تىكتى .

— مەن ئۇ يەرگە بېرىپ ، بىرەر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتۇپ

قالغۇچىلىك ئارىلىقتا ئۆينى قامداپ تۇرغىلى بولارمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ .

— مېنىڭچە بولار ، — دېدى ئاپىسى ، — داداڭ ھارىپ ئىشلەۋاتىدۇ ، بىزدە يەنە ئازراق پۇل بار ، بۇ . . . بۇ . . . — شۇنداق دەۋېتىپ ، ئائىلىسىنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەت يادىغا كېچىپ قالدى ـ دە ، كۆڭلى بۇزۇلۇپ كەتتى ، پۇلنىڭ نەدىن كەلگىنىنى ئاغزىدىن چىقىرالمىدى .

— ھە ، ھە ، بىلىمەن ، — دېدى باس قوشۇمىسىنى تۈرۈپ .

— ئۆينىڭ ئىجارە پۇلىنى كۆزلۈككە بەرمەكچىدۇق ، ئۇ چاغقا بارغاندا نېمە بولسا بولسۇن ، ئۆينى خەققە بوشىتىپ بەرمەي بولمايدۇ .

ئانا ئۆينىڭ رەنە پۇلىنىڭ گېپىنى قىلىۋاتاتتى ، چۈنكى رەنىنىڭ مۆھلىتى سېنتەبىردە توشىدۇ ، ئاڭغىچە بۇلارنىڭ پۇلنى تەييارلاپ بولالماسلىقى ئاپئايدىڭ ئىدى .

— ئەگەر بىز شۇ ۋاقىتقا بارمايلا كۆچۈپ كېتەلىسەك ، مېنىڭچە كۈنىمىزنى بىر ئاماللاپ ئېلىپ كەتكىلى بولىدۇ .

— ئۇنداق بولسا مەن چوقۇم شۇنداق قىلىمەن ، — دېدى باس قەتئىيلىك بىلەن ، — بولدى ، بارغىنىم بارغان .

دېگەندەك ، ئۇ شۇ ئاينىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ، قىلىۋاتقان ئىشىدىن بوشاندى ـ دە ، ئەتىسىلا كلىۋېلاندقا جۆنەپ كەتتى .

## 11

شۇنىڭدىن كېيىن يۇز بەرگەن ئىشلارنى يالغۇز جېنىنىغا باغلاشتۇرۇپ ئېيتقاندا ، ئۇ ، ھازىرقى دەۋرىمىزنىڭ ئەخلاقى يامان ئالىدىغان ئىش ئىدى .

تەقدىر قىسمىتىنىڭ مەلۇم جەريانى — جاھالەتتە تۇرغان ھېلىقىدەك كۆچلەر ئاپىرىدە قىلغان بۈيۈك ئەقىل ـ ئىدراكنى دەۋر

قىلىش جەريانىدۇر . ناۋادا ، مۇشۇ كۆچلەردىن تۆرەلگەن بىر قىسىم يەككە گەۋدىلەرنىڭ بىر تەرەپلىمە قارىشى بويىچە بولغاندا ، ئۇ ئىشلار ئۇيياتسىزلىق دەپ قارىلىدۇ . بىز ھاياتلىقنى ئاپىرىدە قىلىشتەك ئىشلاردىن ، گويا ئۇ بىزنىڭ ئۇنىڭغا ئوچۇق - ئاشكارا قىزىقىشىمىزغا زادىلا بولمايدىغان بىر ئىشتەك ، يۈزىمىزنى ئۆرۈگىنىمىزچە ئۆتۈپ كېتىمىز .

شۇنىسى ئەجەبلىنەرلىككى ، بۇ خىل كۆزقاراشلار نەسىل قالدۇرۇشنى ئۆزىنىڭ ماھىيىتى قىلغان ئالەمدە ، يەنى ئىككى خىل جىنس ئۆزئارا دەۋر قىلىدىغان مۇشۇ دۇنيادا تۇغۇلماقتا ، بۇ دۇنيادىكى شامال ، سۇ ، تۇپراق ، نۇردىن ئىبارەت بۇ تۆت ئامىل ئوخشاشلا بىزنىڭ نەسىل كۆپەيتىشىمىزگە ياردەم قىلىدۇ . يالغۇز بىزلا ئەمەس ، بەلكى پۈتكۈل كائىنات جىنسىي قوشۇلۇش ھەۋىسىنىڭ تۈرتكىسىدە راۋاج تاپىدۇ ، يەر يۈزىدىكى جىمى نەرسە مۇشۇ ئورتاق يول بىلەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ . شۇنداق تۇرۇقلۇق ، يەنە بىر خىل كۆلكىلىك يۈزلىنىشمۇ باركى ، كىشىلەر گويا تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئۆزىمۇ ئۇيياتسىزلىق بىلەن تولغاندەك ، مۇشۇ جەرياننى كۆزنى يۇمۇپلا ئۆتكۈزۈۋېتىشىدۇ ، ئۇنىڭغا ئۇدۇل قارىيالمايدۇ . «بىدئەتلىكتىن تۆرەلمە بولۇپ ، گۇناھنى يۈكلەپلا يەرگە چۈشۈپتۇ» دېگەن بۇ سۆز ئەسلىدە ئۇچىغا چىققان دىندارلارنىڭ مۇشۇ جەريانغا تاڭغان نامۇۋاپىق ئىزاھاتى ئىدى ، ھالبۇكى بۇ خىل تەسكىرىي ، يولسىز چۈشەنچە كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇن - تىنسىز ئېتىراپ قىلىنىپ كەلدى .

بۇ پوزىتسىيىنىڭ تۈپتىن خاتا كەتكەن يەرلىرى ھەقىقەتەن بار . پەلسەپىنىڭ ساۋاقلىرى ۋە بىئولوگىيە ئىلمىنىڭ ئەقلىي خۇلاسىسى ئىنسانلارنىڭ كۈندىلىك ئوي - پىكىرلىرىدە تېخىمۇ ئەمەلىي تەتبىقلىنىشى كېرەك ئىدى . چۈنكى ئاشۇ جەرياندا شۇنداق ئۇيياتسىزلىق بولمىسا ، ئاشۇنداق ھالەت بولمىسا ، تەبىئىيلىك بولمايتتى . مەلۇم بىر جەمئىيەتنىڭ قائىدە - يوسۇنى بىلەن تاسادىپىي زىتلىشىپ قالغان بولسا ، جىنايەت شەكىللەنگەن بولۇشى

ناتايىن . ئادەمزات دۇنياسىدىكى ئەرزىمەس بىچارىلەر تاسادىپىي پۇرسەتكە دۇچ كېلىپ ، ئىنسانىيەت تۇرغۇزغان قائىدە - يوسۇنلاردىن چەتنەپ كەتكەن بولسا ، خۇددى ئادەتتە كىشىلەرنىڭ ھۆكۈم قىلغىنىدەك ، ئۆزىنى ئوڭشىۋالالمايدىغان دەرىجىدە زور گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولۇشىمۇ ناتايىن .

مانا ئەمدى ، جېنىنى ئاشۇ خىلدىكى تەبىئەت مۆجىزىسىگە تېگىشلىغان نائادىل ئىزاھاتىنىڭ دەلىلى بولۇپ قالدى . ئەمەلىيەتتە ، براند ئۆلۈپ كەتمىگەن بولسا ، بۇ ، كىشىلىك تۇرمۇش غايىسىنىڭ ۋەزىپىلىرىدىن بىرى سۈپىتىدە مۇقەددەس ئىش دەپ قارالغان بولاتتى . ئۇنىڭ ئۆزىنى ئالىدىغان بولساق ، گەرچە ئۇنىڭدا تېخى ئېنىق سېزىم پەيدا بولمىغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ كەلگۈسىدە ئۆزىنىڭ پەرزەنتىگە قارىتا بولۇشقا تېگىشلىك مېھىر - مۇھەببەت ۋە مەجبۇرىيەت تۇيغۇسىنى ۋۇجۇدىدىن تەرك ئەتمەكچى بولغان . گەرچە تېخى ئېنىق سېزىم پەيدا بولمىغان بولسىمۇ ، ئۆزىدە بىخ سۇرۇشكە باشلىغان تەبىئىي ئانىلىق سۆيگۈسىنى جىنايەت دەپ قارايدىغان بولۇپ قالغانىدى . ئۇ ئۇچرىغان جازا بىرنەچچە يۈز يىلنىڭ ئالدىدىكى دارغا ئېسىش ۋە زىندانغا تاشلاش جازالىرىغا ئوخشاشمىغىنى بىلەن ، ئۇنىڭ ئۆپچۆرىسىدىكى ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى نادان ھەم جاھىل بولغانلىقتىن ، ئۇنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى چۈشەنمىگەنلىكتىن ، ئۇنى ئىجتىمائىي قائىدىگە غەرەزلىك خىلاپلىق قىلدى ، دەپ بىلگەچكە ، ئۇنىڭغا قوللىنىلغان جازا ئۇنى ئادەم قاتارىدا ھېسابلىماسلىق جازاسى بولدى . ئۇنىڭ ھازىرقى بىردىنبىر چارىسى ، كىشىلەرنىڭ تەھقىرلەش نەزىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ ، ۋۇجۇدىدىكى بولغۇسى زور ئۆزگىرىشكە سۈكۈت قىلىپ چىداشلىق بېرىش ئىدى . شۇنىسى ئەجەبكى ، ئۇ بىمەنە پۇشايمان ۋە بىھۇدە ئەلەمنى تېخى ھېس قىلىپ يەتمىگەنىدى . ئۇنىڭ قەلبى تاپتازا ، ئۆزىمۇ كۆڭلىنى ئىنتايىن تىنچ سېزەتتى . ھەسرەت دېگەننى ئۇ ئىلگىرىمۇ چېكىپ باققان ، شۇڭا ، پەقەت قايغۇ - ھەسرەتتىن يۈرىكى ئېزىلگەن چاغدىلا ،

پەقەت بەزەن مۇجمەل قىياسلارنى قىلغان ھەم گاڭگىراپ قالغان چاغلىرىدىلا، كۆزىگە لىق ياش ئېلىپ قوياتتى.

سىز ياز كۈنلىرىدىكى پاختەكنىڭ جىمجىتلىقتىكى ناۋاسىنى ئاڭلىغان بولغىيدىڭىز؛ كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن خالىي كىچىك ئېقىنلارنىڭ خىلۋەت جايلاردا ئۆزىچە كۈيلەپ تېلىقىپ كېتىۋاتقىنىنى ئۇچراتقان بولغىيدىڭىز. خازانلارنىڭ ئاستىدا، قارلىق قىيانىڭ دالدىسىدا بۇدرۇقىنا قوي بۆلجۈرگەنلىرى تەگرىنىڭ رەڭ تەلپىگە ئىنتائەت قىلغان ھالدا ئاددىيغىنا غۇنچە چىقىرىدۇ. مانا ئەمدى باشقا بىر خىل قىزلىق گۈلىمۇ مۇشۇنداق پورەكلىمەكتە ئىدى.

جېنىنى يەككە - يېگانە ياشايتتى، بىراق ياز كۈنلىرىدىكى پاختەككە ئوخشاش يېقىملىق كۈي بىلەن ئۆز كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇپ ياشايتتى. ئۇ بىر ياقتىن ئائىلە ئىشلىرى بىلەن پايپېتەك بولسا، يەنە بىر ياقتىن سەۋرچانلىق بىلەن كۈتمەكتە، قىلچە زارلانماستىن، ئۆزىنى ئاقىۋەت باشقىلار ئۈچۈن قۇربان قىلىپ بەرگەن ئاشۇ جەرياننىڭ سەمەرىسىنى كۈتمەكتە ئىدى. ئۆي ئىشلىرىدىن قولى بوشىغان چاغلاردا، جىمجىت يەرنى تېپىپ، چوڭقۇر خىيال سۈرۈۋالغۇسى كېلىپ كېتەتتى، كىشىلىك تۇرمۇشقا بولغان تەئەججۈپلىنىش تۇيغۇسى ئۇنى ئۇيقۇ ھالىتىگە ئىتتىرەتتى. بىراق ئۆي ئىشلىرى تازا ئالدىراش بولۇپ كېتىپ، قولى قولىغا تېگىشمەي ئاپىسىغا ياردەملەشكەن چاغلىرىدا، ئۆزىچە بەخىرامان ناخشا ئېيتىپمۇ قوياتتى. ئىشلەشتىن ئېرىشكەن شادلىقى ئۇنى ئۆز ئىختىيارىدىن چەتلىتىۋېتەتتى. ئۇ ھامان بىر خىل تەمكىن ھەم تەۋرەنمەس ئىرادە بىلەن كەلگۈسىگە تاقابىل تۇرماقتا ئىدى. بۇنداق پوزىتسىيە ئايال زاتىنىڭ ھەممىسىدىلا بولۇۋەرمەيدۇ. كۆڭلى - كۆكسى تار ئاياللار پەرزەنت كۆرۈشنى تەبىئەتنىڭ شەپقەتسىزلىكى دەپ قارايدۇ. كۆڭلى - كۆكسى كەڭ ئاياللارغا كەلسەك، ئۇلار ۋاقتى - سائىتى يېتىپ كەلگەندە، ھامان ئانىلىقنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى قارشى ئالىدۇ، بۇنىڭدىكى ئۆز

نەسلى ئۈچۈن مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىشنىڭ چەكسىز ئېھتىماللىقىنى كۆرۈپ يېتىدۇ ـ دە ، ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق ئۇلۇغ مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلغانلىقىدىن خۇشاللىق ھەم قانائەت ھېس قىلىدۇ .

جىنىنىنى ئالدىغان بولساق ، ئۇ يېشىدىن قارىغاندا تېخى كىچىك بالا ، فىزىئولوگىيە ۋە پسىخىكا جەھەتتىن قارىغاندا يوشۇرۇن ئىقتىدارغا باي ئايال ، شۇنىسى كىشىلىك تۇرمۇش ۋە ئۆزىنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ئورنى توغرۇلۇق تېخى تولۇق يەكۈن چىقارمىغانىدى . ئەينى ۋاقىتتا ئۇنى مۇشۇنداق نورمالسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشقا مەجبۇر قىلغان ئاشۇ جىددىي ۋەزىيەتكە مەلۇم بىر نۇقتىدىن قارايدىغان بولساق ، ئۇنى جىنىنىنىڭ شەخسىيىتىگە قىلىنغان بىر خىل تۆھپە دېيىشكە بولىدۇ . چۈنكى مۇشۇنداق ۋەزىيەت بولغانلىقى ئۈچۈنلا ، ئۇنىڭ جاسارەتلىك ، كۆيۈمچان ، كەڭ قورساق ، شۇنىڭدەك يوللۇق سەۋەب ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىش روھىغا ئىگە ئايال ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى . ئۇنىڭ مۇشۇ ئىش تۈپەيلى تېخىمۇ چوڭ ، تېخىمۇ مۇرەككەپ يۈكنى زىممىسىگە ئارتىۋالغىنىغا بولسا ، ئۆزىنى ئۆزى قوغداش ئېڭىنىڭ ئۇنىڭ ھېسسىياتى ئۈستىدىن غالىب كېلەلمىگەنلىكى سەۋەبلىك ئىدى . بەزەن چاغلاردا ، ئۇ بالىنىڭ ئۇزاققا قالماي دۇنياغا كېلىدىغانلىقىنى ئويلىغىنىدا ۋەھىمە ۋە ئالاقزادىلىكتىن خالىي بولالماي قالاتتى . چۈنكى بۇ بالىنى كەلگۈسىدە ئۇنى ئەيىبلىمەيدۇ دېگىلى بولامدۇ ؟ شۇنداقتىمۇ ئۇ كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ئۆزى ئادالەتلىك ئىكەنلىكىگە باشتىن ـ ئاياغ ئىشىنىپ كەلدى ، شۇڭا قەلبى ئازابلىنىپ ئۆزىنى قويارغا يەر تاپالمىغۇدەك دەرىجىگە بېرىپ يەتمىدى . ئۇنىڭ ئاشۇنداق پىكىر قىلىش ئۇسۇلى بويىچە بولغاندا ، كىشىلەر ھەرگىزمۇ غەرەزلىك زىيانكەشلىك قىلماقچى ئەمەس ئىدى . ئۇنىڭ روھىغا مۇجەمەل بولغان خەيرخاھلىق ئۆيى ۋە مۇقەددەس دوستانىلىك سىڭىپ كەتكەن . ئۇنىڭ نەزىرىدە كىشىلىك ھايات مەيلى تازا يامان تۇس ئالغان چاغدا بولسۇن ياكى ئەڭ ياخشى

چاغلىرىدا بولسۇن ، هامان گۈزەل ، بەلكى ئەزەلدىن گۈزەل ئىدى .
ئۇنىڭ بۇ ئوي ـ پىكرى بىردىنلا پەيدا بولغان ئەمەس ، بەلكى بىرنەچچە ئاي داۋامىدىكى كۆزىتىش ھەم كۈتۈش نەتىجىسىدە تەدرىجىي پەيدا بولغان . ئانا بولۇش ، ھەتتا مۇشۇنداق غەيرىي ئەھۋالدىمۇ بىر خىل قالتىس ئىش ئىكەن . ئۇ شۇنداق ھېسسىياتتىكى ، پەقەت تۇرمۇش يول قويسىلا ، ئۇ بۇ بالىنى جېنىدىن ئارتۇق ئەزىزلەيدۇ ، ئۇنىڭغا ياخشى ئانا بولىدۇ . ئەمما گەپ شۇنىڭدىكى ، تۇرمۇش ئۇنىڭغا قانداق يول قوياركىن ؟
قىلاي دېسە ئىش دېگەن ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرۇپتۇ ، بوۋاقنى كىيىم تەييارلاش كېرەك . تازىلىقتا ھەم يېمەكلىكتە ئالاھىدە شەرتلەرگە ئەمەل قىلىش كېرەك . ئۇ گېرخاردتنىڭ ئۇشتۇمتۇت قايتىپ كېلىپ قېلىشىدىن قورقۇپ يۈرگەنىدى ، بىراق ئۇ زادىلا كېلىپ باقمىدى . بۇرۇندىن تارتىپ بۇلارنىڭ ئۆيىدىكى بىمارلارنى داۋالاپ كەلگەن ھېلىقى دوختۇر — ئاۋېنج بۇلارنىڭكىگە كېلىپ ، جېنىنىغا ھەقىقىي ، ئورۇنلۇق كۆرسەتمە بېرىپ تۇردى . ئۇ لۇدېر مەزھىپىنىڭ تەلىمىنى ئالغان بولسىمۇ ، تېبابەتچىلىك قىلىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولغاچقا ، بۇ جاھاندىكى ئىشلارنىڭ بىزنىڭ پەلسەپىمىز ۋە مۇشۇ تار زامانىمىزنىڭ تەسەۋۋۇرىدىن تاشقىرى بولۇپ تۇرىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى . گېرخاردتنىڭ ئايالى دەككە ـ دۈككە ئىچىدە بۇ كېسەلنىڭ سەۋەبىنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بەرگەندىن كېيىن ، ئۇ :
— ئوھو ، ئىش مۇنداقمىدى . ھېچ ۋەقەسى يوق ، ئۇنچە بىئارام بولۇپ كەتمەڭ . بۇنداق ئىشلار كۆپقۇ . سىزمۇ ئەگەر ماڭا ئوخشاش كۆپنى كۆرگەن بولسىڭىز ، بۇنداق كۆز يېشى قىلىپ ئولتۇرمىغان بولاتتىڭىز . قىزىڭىزدا چاتاق يوق ، ئۇ ناھايىتى تەندۇرۇس ئىكەن . بىر كۈنلەردە بۇ يەردىن كەتسە بولىدۇ ، ئۇ چاغدا ھېچكىم بىلمەي قالىدۇ . قوشنىلار نېمە دېسە دەۋەرمەمدۇ ؟ ئۇنچىۋالا ئۇركۈپ كەتمەڭ ، بۇ ھېچقانچە چوڭ ئىش ئەمەس ، — دېدى .

گېرخاردتنىڭ ئايالى ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئىچىدە ھەيران بولدى، بۇ كىشىگە قالتىس دانىشمەن ئادەم ئىكەن، دەپ باھا بەردى. ئۇ كىشى ئاشۇ گەپلىرى بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ قويغانىدى. جېنىبچۇ، ئۇغۇ ئەسلىدىنلا قورقۇشتىن يىراق ئىدى، شۇڭا دوختۇرنىڭ كۆرسەتمىسىگە قىزىقىش بىلەن قۇلاق سالدى. مۇنداق قىلىشى ئۆزى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى بالىسى ئۈچۈن ـ دە، ئاشۇ كىشىنىڭ ئېيتقىنى بويىچە قىلىشقا پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشتى. كېيىن دوختۇر: «بالىنىڭ دادىسى كىم؟» دەپ سورىۋىدى، ئۇلار ئۇنىڭغا راست گەپنى ئېيتىشتى. دوختۇر بېشىنى كۆتۈرۈپ ئويلىنىۋاتقاندەك قىياپەتتە: «ئۇنداقتا بۇ قالتىس بىر بالا بولىدۇ» دېدى.

بالىنىڭ يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچىدىغان ۋاقتى ـ سائىتى ئاخىر يېتىپ كەلدى. بىر چەتتە تۇرۇپ قوماندانلىق قىلىۋاتقىنى ئاۋېنج دوختۇر، ئۇنىڭغا ياردەملىشىۋاتقىنى گېرخادتنىڭ ئايالى ئىدى. ئۇ ئالتە بالىنى بېقىپ ئۆستۈرگەن، بۇ جەھەتتە مولىلا بولۇپ كەتكەن ـ دە. تۇغۇت ئانچە قىيىن بولمىدى، يېڭىدىن دۇنياغا ئاپىرىدە بولغان بۇ جاننىڭ «ئىڭە!» دېگەن ئاۋازى ئاڭلىنىشى بىلەنلا، جېنىنىڭ ۋۇجۇدى كۈچلۈك مۇھەببەت بىلەن تولدى. ئاخىر بۇ ئۇنىڭ يۈرەك پارىسى ـ دە! بۇ نىمجان قىز بوۋاق ئۇنىڭ بېقىشىغا موھتاج. بوۋاقنى يۇيۇپ، زاكىلاپ بولغاندىن كېيىن، جېنىنى ئۇنى قۇچىقىغا ئېلىۋىدى، قەلبىنى قانائەت ھەم شادلىق تۇيغۇسى چۇلغىۋالدى. بۇ ئۇنىڭ بالىسى، كىچىككىنە قىزچىقى ئىدى. ئۇ مۇشۇ بالىنى بېقىپ قاتارغا قوشۇش ئۈچۈن ھايات قېلىشى كېرەك، ئۇ گەرچە تۇغۇتلۇق بولسىمۇ، ئىلگىرىكىدەكلا ناھايىتى قاۋۇل ئىدى، بۇنى ھېس قىلغىنىدا ئىختىيارسىز خۇشاللىقتا چۆمدى. دوختۇر ئاۋېنج جېنىنىڭ سالامەتلىكىنى چوقۇم تېزلا ئەسلىگە كېلىدۇ، دەپ پەرەز قىلغان، جېنىنى كۆپ بولسا ئىككى ھەپتىدىن كېيىن يەرگە چۈشكۈدەك بولىدۇ، دەپ ئويلىغانىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئون كۈن ئۆتۈپلا يەرگە چۈشۈپ ئىش

قىلىشقا باشلىدى . سالامەتلىكىدە چاتاق يوق ، ئۆزىمۇ تۇغما قاۋۇل ئايال ، يەنە كېلىپ بالا بېقىش جەھەتتە خېلى پەمى بار بولغاچقا كۆڭۈلدىكىدەك ئانا بولالىدى .

چوڭ خەۋپ ـ خەتەر ئۆتۈپ كەتتى ، تۇرمۇش يەنە ئىلگىرىكى ئىزىغا چۈشتى . ئاكا ـ ئۇكىلىرى ئارىسىدا باستىن باشقىلىرى تېخى كىچىك بولغاچقا ، بۇ ئىشنىڭ مەنىسىنى تولۇق چۈشىنىپ كەتمىگەنىدى ، شۇڭا ھەممىسى ئالداندى ، ئۇلار جېنىنىنى براندقا ياتلىق بولغان ، ئەمما براند ئۆلۈپ كەتكەن ، دەپ بىلىشەتتى . تاكى بالا تۇغۇلغانغا قەدەر ، ئۇلار بالىنىڭ دۇنياغا كېلىشىدەك بۇنداق ئىشتىن زادىلا خەۋەرسىز بولۇپ يۈرۈشتى . گېرخاردتنىڭ ئايالى قولۇم ـ قوشنىلىرىدىن بەك ئەنسىرىگەنىدى ، چۈنكى ئۇلار بۇلارغا كۆز ـ قۇلاق بولۇپلا يۈرۈشەتتى ، ئەمەلىيەتتىمۇ ھەممە ئىشتىن خەۋەردار بولۇپ بولۇشتى . جېنىنىنىڭ مەيلىچە بولسا ، ئۇ بۇنداق ھاۋاغا زادىلا بەرداشلىق بېرەلمىگەن بولاتتى ، ئەمما باس ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلغاندىن كېيىنلا ئۆزىنى بېسىۋالدى . باس بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدىلا كلىۋېلاندتا ئىش تاپقان ھەم ئۆيگە خەت ئەۋەتىپ ، جېنىنىنىڭ سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن ، پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەرنى شۇ يەرگە كۆچۈرۈپ ئەكېتىپ ، شۇ يەردە تىرىكچىلىك قىلماقچى بولغانلىقىنى يازغانىدى . ئۇ يەنە ، بۇ يەر ناھايىتى ئاۋات ئىكەن . ئائىلىنى كۆچۈرۈپ كېلىۋالغاندىن كېيىن ، قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ سۆز ـ چۆچەك قىلىشىدىن قۇتۇلىمىز ، جېنىنىمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق ئىش تاپالايدۇ ، دەپ يېزىپتۇ . مۇشۇ خەتلا ئۇنى ئۆيدە توختىتىپ قالدى .

## 12

باس كلىۋېلاندقا كەلگەندىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەيلا ، بۇ ئاۋات شەھەردىكى ئاجايىباتلار ئۇنىڭ روھىي خاتىرجەملىكىنى تامامەن

www.uyghurkitap.com

ئەسلىگە كەلتۈرۈپ قويدى ھەمدە ئۇنىڭدا ئۆزىنى ۋە ئائىلىسىنى روناق تاپقۇزۇشنىڭ يېڭى خىيالىي تۇيغۇسىنى ئويغاتتى. «قانداق قىلغاندا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بۇ يەرگە ئەكىلىۋالغىلى بولار»، «ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئىش تېپىلغان بولسا ياخشى بولاتتى ـ دە» دېگەن ئوي كاللىسىدىن ھېچ كەتمەيتتى. بۇ يەردە ئەمدى ئۇلارغا يېقىندىن بېرى بېشىدىن كەچۈرگەن خىلمۇخىل بالا ـ قازانىڭ سايىسىمۇ يېقىن يولىمايدۇ. تونۇش ئادەملەرمۇ ئۇچراپ ئۇنىڭغا ئىلگىرىكى بالايىئاپەتلەرنى ئەسلىتىپ يۈرمەيدۇ. بۇ يەردە ھەممىلا ئادەم ئىش ـ ئىش دەپ پالاقشىپلا يۈرگەن. بۇ يەردىكى ھەربىر بۇلۇڭ ـ پۇچقاقمۇ ئىلگىرىكى چاغنى ۋە جىنايەتنى بۇلاردىن ئايرىپ تۇرىدۇ، گويا ھەربىر تۆت كوچىنىڭ دوقمۇشىدا يېڭى دۇنيا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغاندەك.

ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇ بىر سىگارت دۇكىنىدىن ئىش تاپتى، ئۇ يەردە بىرنەچچە ھەپتە ئىشلىگەندىن كېيىن، ئۇمىدكە تولغان ئوي ـ پىكرىنى بايان قىلىپ، ئۆيىگە خەت ئەۋەتتى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، جېنىنى سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلگەن ھامان، ئۇ يەرگە بېرىشى كېرەك ئىكەن، ناۋادا ئۇمۇ ئىش تاپالىسا، پۈتۈن ئائىلىدىكىلەرمۇ كەلسە بولارمىش. ئۇنىڭغا ئوخشاش ياشتىكى قىزلارغا قىلاي دېسە ئىش كۆپمىش. ئۇ ئاكىسى بىلەن بىللە ۋاقتىنچە كىشىلەرنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ تۇرسا ياكى ئېيىغا ئون بەش دوللاردىن كىچىككىنە بىر يۈرۈش ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرۇپ تۇرسىمۇ بولارمىش. ئۇ يەردە ناھايىتى چوڭ ئۆي جاھازلىرى دۇكىنى بارمىش. پۇلىنى ئايمۇئاي بۆلۈپ تاپشۇرۇشتەك ئەپلىك چارە بىلەن ئۆيىگە كېرەكلىكتەك ھەرقانداق ئەنجامنى سېتىۋالغىلى بولارمىش. ئۇلارنىڭ ئاپىسى ئۆيىنى بېقىپ ئولتۇرسىلا كۇپايە. كېيىنچە ئۇلار تاپتارا، يېڭى ھاۋادا ھايات كەچۈرۈشىدۇ، كىشىلەر بۇلارنى تونۇمايدۇ، ئارقىسىدىن سۆز ـ چۆچەك قىلىشىپمۇ يۈرمەيدۇ. ئۇلار تۇرمۇشنى يېڭىباشتىن باشلاپ، قائىدە ـ يوسۇنلۇق، ئىززەت ـ ئابرۇيلۇق كىشىلەر

قاتاردا ، بىر چىرايلىق ياشىشدۇ .

مۇشۇنداق ئۇمىدكە چۆلغانغان ، يېڭى مەنزىرە ۋە يېڭى مۇھىت ئۇنىڭ ساددا قەلبىنى نۇرلاندۇرۇۋەتكەنىدى ، مۇشۇلارنىڭ ئىلھامىدا ، جېنىنىغا ، دەرھال كەل ، دەپ ئەڭ ئاخىرقى خەتنى يېزىپ ئەۋەتتى . بۇ چاغدا بالىمۇ ئالتە ئايلىق بولۇپ قالغانىدى . باس خېتىدە : بۇ يەردە تىياتىرخانا ، چىرايلىق كوچىلار بار ، دەپتۇ ، يەنە : كۆلدىن كېلىۋاتقان كىمە ئۇدۇللا شەھەرنىڭ مەركىزىگە ئاپىرىدۇ ، بۇ ئاجايىپ بىر شەھەر ، يەنە كېلىپ ناھايىتى تېز ئاۋاتلىشىپ كېتىۋاتىدۇ ، دەپ يېزىپتۇ . دېمىسىمۇ ، بۇ يەردىكى يېڭىچە تۇرمۇش ئۇنىڭ زوقىنى ئاجايىپلا قوزغىۋەتكەنىدى .

بۇ سۆزلەرنىڭ گېرخاردتنىڭ ئايالى ، جېنىنى ۋە پۈتۈن ئائىلە ئەزالىرىغا بولغان ئۇنۇمى ئادەتتىكىدىن تاشقىرى بولدى . گېرخاردتنىڭ ئايالى جېنىنىنىڭ ئۆتكۈزگەن خاتالىقى تۈپەيلى كۆڭلى غەش بولۇپلا يۈرگەنىدى ، ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ ئەس ـ يادى مۇشۇ پىلاننى تېزرەك ئىجرا قىلىشتىلا قالدى . ئۇ تۇغما ھاياجان بولغاچقا ، كلىۋېلاندنىڭ مۇشۇنداق ئاۋات شەھەر ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغان زامان ، قانات قېقىپ ئاشۇ شەھەرگە ئۇچۇپ بارغۇسى كېلىپلا كەتتى . ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن ، ياخشىراق ئۆيدە ئولتۇرۇش ئارمىنىغا يېتىش بىلەنلا قالماي ، يەنە بالىلارنىڭ ئەھۋالىمۇ كۈندىن ـ كۈنگە ياخشىلىنىلى بولىدۇ ـ دە ، «ئۇلار چوقۇم خىزمەت تاپالايدۇ» دەيتتى ئۇ . ئۇ باسنىڭ ئېيتقانلىرىدىن قىلچە گۇمان قىلمايتتى . گېرخاردتقا بۇرۇندىنلا ، چوڭراق شەھەرگە كۆچۈپ كېتەيلى ، دەپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ ، گېرخاردت ئۇنىڭ گېپىگە قوشۇلمىغانىدى . ھازىرچۇ ، ئىش ئەمدى شۇ تەرىقىدە بولۇۋاتقاندىكىن ، مىكى ـ مىكى قىلماي دەررۇ ئۇ يەرگە بېرىش كېرەك ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلار ئاستا ـ ئاستا ئىزىغا چۈشۈپ كېتىدۇ .

ئەمدى سۆزنى گېرخاردتتىن ئاڭلايلى ، ئۇ ئايالىغا يازغان

جاۋاب خېتىدە، ئۆزىنىڭ هازىرقى ئىش ئورنىدىن ئايرىلالمايدىغانلىقىنى، ناۋادا باس ئۇلارغا بىرەر نىجاتلىق تاپقان بولسا، ئۇلارنىڭ بېرىشىغا قوشۇلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ بۇ پىلانىنى ئۈن - تىنسىز ئېتىراپ قىلىشى ئۆيدىكىلەرنىڭ ئويلىغىنىدىنمۇ تېز بولدى، سەۋەبى ئاددىيلا، چۈنكى ئۇ ئائىلىسىنى بېقىشى هەم قەرەلى يېقىنلىشىپ قالغان قەرزنى قايتۇرۇشى كېرەك، مۇشۇلارنى غەم قىلىپ ئېلىشىپ قالايلا دېگەنىدى. هەر هەپتىدە تاپقان ئىش هەققىدىن ئۆزىدە بەش دوللارنى ئېلىپ قېلىپ، قالغىنىنى پوچتىدىن ئائىلىگە ئەۋەتىپ بېرەتتى. بۇ بەش دوللاردىن ئۈچ دوللارنى تاماق پۇلىغا تۆلەيتتى، يېرىم دوللارنى پارچە - پۇرات خىراجەت ئۈچۈن ئىشلىتەتتى، يەنى چېركاۋغا تۆلەيتتى، ئاز - تولا تاماكا سېتىۋالاتتى. بىرە - سىرە پىۋا دېگەن نەرسىلەرنىمۇ ئىستېمال قىلىپ قوياتتى. هەر هەپتىدە بىر يېرىم دوللارنى بىر قەلەي قۇتىغا سېلىپ، هەر ئېھتىماللىغا قارشى نېرى تىقىپ قوياتتى. ئۇنىڭ ياتىدىغان يېرى زاۋۇت بىناسىنىڭ ئەڭ ئېگىز قەۋىتى ئۈستىدىكى بالىخانىنىڭ بىر بۆلۈكى ئىدى. هەر كۈنى ئاخشىمى، چۆلدەرەپ قالغان زاۋۇتنىڭ پەلەمپىيى تۆۋىدە سائەت توققۇزغىچە ئولتۇرۇپ، ئاندىن ئاستا ئۆزىنىڭ ماكانىغا چىقىپ كېتەتتى. ئۇ يەردە، تۆۋەندىن دىماغقا ئۇرۇلۇۋاتقان ماشىنا گازىنىڭ پۇرىقىدا، بىر تال شامنىڭ يورۇقىدا ئۆزىنىڭ نېمىسچە گېزىتىنى كۆرەتتى، قوللىرىنى بىر - بىرىگە كىرىشتۈرگەن هالدا خىيالغا پاتاتتى. ئېچىقلىق دېرىزىگە قاراپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرغىنىچە، كېچە قاراڭغۇسىدا دۇئا - تىلاۋەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئاستا كارىۋىتىغا چىقىپ ئارام ئالاتتى، يېگانىلىكتە ئۆتكەن بىر كۈنى شۇنىڭ بىلەن تامام بولاتتى. ئۇنىڭغا كۈنلەر بارغانسېرى ئۇزىراپ كېتىۋاتقاندەك، كېلەچەك ئىستىقبالىنى قاراڭغۇلۇق قاپلىۋالغاندەك تۇيۇلاتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ تەڭرىگە سېغىنىشنى تاشلاپ قويمىدى، قوللىرىنى ئېگىز

كۆتۈرۈپ، پەرۋەردىگاردىن ئۆزىنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىشىنى، ئۆزىگە بىرقانچە يىل بولسىمۇ، ئارامخۇدا ھەم كۆڭۈللۈك ئائىلىۋى تۇرمۇش ئاتا قىلىشىنى تىلەيتتى.

شۇنداق قىلىپ، بۇ چوڭ مەسىلە ئاخىر بېكىتىلدى. بالىلار تەقەززالىق ھەم سەۋرسىزلىك ئىچىدە تېپىرلىشاتتى، ئاپىسىچۇ، گەرچە ئۇمۇ مۇشۇنداق تۇيغۇدىن خالىي بولالمىغان بولسىمۇ، ئۆز ھېسسىياتىنى سەل پىنھان تۇتتى. ئۇلار باسىنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلىپ، ئاۋۋال جېيننى، ئاندىن كېيىن ئائىلىدىكى ھەممەيلەن بېرىشنى قارار قىلىشتى.

جېيننى يولغا چىقىدىغان شۇ كۈنى پۈتۈن ئائىلە ئەزالىرى ھاياجاندا ئولتۇرالماي قېلىشتى.

— سەن بىزنى ئالغىلى قاچان كېلىسەن؟ — دەيتتى مادا يېنىش - يېنىش.

— سەن باسنى بۇ يەرگە تېزرەك كېلىشكە ئالدىراتقىن، — دېدى بىتاقەت بولۇپ كېتىۋاتقان گېئورگى.

— مەن كلېۋېلاندقا بارىمەن، كلېۋېلاندقا بارىمەن، — ۋېرونىكا ئۆزىچە مۇشۇنداق دەپ غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ يۈرەتتى.

— قارا ئۇنىڭ گېپىنى، — گېئورگى كىنايە قىلدى.

— ئاغزىڭنى يۇم جۇمۇ، — دېدى سىڭلىسى تېرىكىپ.

ئەڭ ئاخىرقى پەيت يېتىپ كەلگەندە، جېيننى قېرىنداشلىرى بىلەن بىر - بىرلەپ خەيرلەشتى. گەرچە ھەممە ئىش جايىدا كېتىۋاتقان، ئۇلارنىڭ ياخشىراق شارائىتتا يېڭىباشتىن جەم بولىدىغانلىقى ئېنىق بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ كۆڭلى ئىختىيارسىز بۇزۇلدى. چۈنكى ئۇ ئائىلە ئايلىق بالىسىنى تاشلاپ كەتمەكچى. ئۇنى تېخى كۆرۈپ باقمىغان يېڭى دۇنيا كۈتۈپ تۇرماقتا. مۇشۇلارنى ئويلىغىنىدا، ۋۇجۇدىنى تىترەك باستى.

— مېنىڭدىن ھەرگىز ئەنسىرىمەڭ، ئاپا، — دېدى ئۇ جىمى غەيرىتىنى يىغىپ تۇرۇپ، — ماڭا ھېچ ئىش بولمايدۇ. ئۇ يەرگە

بىرىپلا سىزگە خەت يازىمەن .

ئەمما ئۇ ئېڭىشىپ بالىسى بىلەن خەيرلەشكەن چېغىدا ، ئۇنىڭدىكى غەيرەت گويا پۇۋلەپ ئۆچۈرۈلگەن جىنچىراغنىڭ نۇرىدەك ، بىردىنلا غايىب بولدى . بالىسى ئۇخلاپ ياتقان سەگەنچۈككە ئېڭىشىپ ، ئاتەش كەبى ئانىلىق مېھرى بىلەن قىزىنىڭ چېھرىگە تەلمۈرۈپ قارىدى .

«ئۇ ئوبدان بالا بولۇپ چىقارمۇ؟» دېدى ئۆزىگە ئۆزى شىۋىرلاپ .

ئاندىن كېيىن بالىسىنى قۇچىقىغا ئالدى ، ئۆزىنىڭ بويىنىغا ھەم مەيدىسىگە تېڭىپ ، يۈزىنى بالىنىڭ كىچىككىنە تېنىگە ياقتى . ئاپىسى ئۇنىڭ تىترەۋاتقىنىنى سەزدى .

— ئو . . . ھوي ، كۆڭلۈڭنى بۇزمىساڭچۇ ، — دېدى ئۇ قىزىنى بەزلەپ ، — ئۇ مېنىڭ قېشىمدا بولغاندىكىن ، خاتىرجەم بولساڭ بولىدۇ . ئۇنىڭغا ياخشى قارايمەن . بۇنداق قىلىدىغان بولساڭ ، بارمايلا قويغىنىڭ تۈزۈكمىكىن .

جېنىنى بېشىنى كۆتۈردى ، زەڭگەر كۆزلىرىگە لىق ياش ئالغان ھالدا ، بالىنى ئاپىسىغا بەردى .

— ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي قالدىم ، — دېدى ئۇ يىغا ئارىلاش كۈلۈمسىرەپ .

ئۇ ئىتتىكلا ئاپىسىنى ۋە ئۇكىلىرىنى سۆيۈپ قويۇپ ، ئۆيدىن قۇيۇندەك چىقىپ كەتتى .

گېئورگى بىلەن بىللە كېتىۋېتىپ ، كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بارغاندا ، كەينىگە قايرىلىپ قولىنى پۇلاڭلىتىپ قويدى . ئاپىسىمۇ ئۇنىڭغا قولىنى پۇلاڭلاتتى ، شۇئان ئۇنىڭ كاللىسىغا : «ئۇ شۇ تۇرقىدا ئانىغا نېمىدېگەن ئوخشىغان» دېگەن ئوي كەچتى . جېنىنىغا پويىزغا ئولتۇرۇش ئۈچۈن ، ئۆزىنىڭ ئامانەت قويغان پۇلىدىن ئازراق ئېلىپ بىرنەچچە قۇر يېڭى سەرپاي سېتىۋېلىشقا توغرا كەلگەنىدى . ئۇ جىگەر رەڭلىك تەييار پىلاتى سېتىۋالدى ، رەڭگى

ناھايىتى ئاددىي بولسىمۇ ، ئۇچىسىغا سىپىۋىدى ، خويمۇ ياراشتى . كۆڭلىكىنىڭ بېلىنى ئاق كەمەر بىلەن چىڭ باغلىۋالدى ، بېشىغا ماتروس بۆكىنى كىيىۋالدى ، بۆكىنىڭ چۆرىسى ئاق شايى بىلەن ئورالغان بولۇپ ، خالىغان ۋاقىتتا يۈزىگە چۈشۈرۈپ يۈزىنى توسۇۋالسىمۇ بولاتتى . ئۇنىڭ قارىسى ئۇزاپ كېتىۋاتقاندا ، ئاپىسى ئىچى كۆيگەن ھالدا ئۇنى كۆز نەزىرى بىلەن ئۇزىتىپ قاراپ تۇردى ، قىزىنىڭ قارىسى كۆزدىن غايىب بولغاندىن كېيىن ، كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا : «ئۇ ئىچىمنى كۆيدۈرۈپ ئەجەب چىرايلىقلىشىپ كېتىۋاتىدۇ» دەپ شىۋىرلىدى .

## 13

باس جىننى بىلەن كلىۋېلاندتىكى ئاپتوموبىل مەيدانىدا ئۇچراشتى . كۆرۈشۈپلا ، كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىدلىرى ئۈستىدە قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى .

— بىرىنچى بولۇپ قىلىدىغىنىمىز — ئىش ئىزدەش ، — دېدى ئۇ گەپنىڭ بېشىدىلا ، شۇ تاپتا جىننىغا بۇ شەھەردىكى شاۋقۇن - سۈرەن ئاۋازلار ۋە غەيرىي پۇراقلار تەسىر قىلىپ ، ئۇنى مەڭدىتىپ قويغان ھەم ئۇنىڭغا جىمى ئەزايى ئۈيۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك بولۇپ تۇيۇلۇۋاتقانىدى ، — ئازراق بولسىمۇ ئىش تېپىپ ئىشلەپ تۇرايلى ، قانداق ئىش بولسا بولىۋېرىدۇ . سەن ھەپتىسىگە ئاران تۆت دوللاردىن مائاش ئالساڭمۇ ، ئۆي ئىجارىسىنى تۆلەشكە يېتىدۇ . كېيىن گېئورگى كەلسە ، يەنە ئاز - تولا پۇل تېپىشنىڭ ئېپىنى قىلغىلى بولىدۇ . يەنە دادام ئەۋەتىپ بېرىدىغاننى قوشساق ، تۇرمۇشىمىز گۈلدەك ئۆتىدۇ . بۇنىڭدىن كېيىن ھەرھالدا ھېلىقى ئۆڭكۈرىمىزدىن ياخشىراق ئۆيدە ئولتۇرارمىز .

— توغرا ئېيتتىڭ ، — دېدى جىننى رايىشلىق بىلەن . ئۇنىڭ

يۇرىكى ئەتراپىدىكى يېڭى تۇرمۇشنىڭ تەسىرىدىن مەستخۇش بولۇپ كېتىۋاتقاچقا ئوتتۇرىدا بولۇۋاتقان پاراڭغا ھېچ زېھنىنى قويالمايۋاتاتتى ، — دېمەكچى بولغانلىرىڭنى چۈشەندىم ، مەنمۇ ئىش تېپىپ ئىشلىمەكچى .

ئۇ ھازىر خېلىلا پىشىپ قالغانىدى . تېخى ياش بولغىنىغا قارىماي ، ئۇنىڭ چۈشىنىش ئىقتىدارى خېلىلا ئىلگىرىلەپ كەتكەنىدى . يېقىندىن بۇيان بېشىدىن ئۆتكەن ئىسسىق ـ سوغۇقلار ئۇنىڭدا تۇرمۇشقا قارىتا تېخىمۇ روشەن مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىنى ئويغاتتى . ئۇ ئولتۇرسا ـ قوپسا ئاپىسىنىڭ غېمىنى يەپلا يۈرەتتى ، يەنە ھېلىقى ئۇكىلىرىمۇ بار تېخى . بولۇپمۇ مادا بىلەن ۋېرونىكانى ياخشىراق تۇرمۇش شارائىتىغا ئېرىشتۈرۈش كېرەك ، ئۇلارمۇ جېنىدەك جاپاكەش بولۇپ قالمىسۇن ـ دە . ئۇلار ياخشىراق كىيىنىشى ، مەكتەپتە جىقراق ئوقۇشى كېرەك ؛ تۇرمۇشنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىش ئۈچۈن ، تېخىمۇ كۆپ دوست تۇتۇشى ، تېخىمۇ كۆپ پۇرسەتكە ئىگە بولۇشى كېرەك .

ئەينى چاغدىكى تەرەققىي قىلغان باشقا شەھەرلەردىكىگە ئوخشاش ، كلېۋېلاندتىمۇ ئىش ئىزدەپ يۈرگەن كىشى ساماندەك ئىدى . يېڭى كارخانىلار كەينى ـ كەينىدىن مەيدانغا كېلىۋاتقان بولسىمۇ ، ھەرقايسى كەسىپلەردە ئىش ئىزدەپ يۈرگۈچىلەر ئېھتىياجدىن ئارتۇق ئىدى . باشقا جايلاردىن بۇ يەرگە يېڭى كەلگەن كىشىلەرگە كەلسەك ، بۇلاردىن بەزىلىرى ئېھتىمال شۇ كۈنىلا ئۆزىگە تۇشلۇق بىرەر ئىش تېپىۋالالىشى ، بەزىلىرى بىرنەچچە ھەپتە ياكى بىرنەچچە ئاي قاتراپ يۈرۈپمۇ ھېچقانداق ئىش تاپالماسلىقى مۇمكىن . باس جېنىنىغا : دۇكانلارغا ، تۈرلۈك ماللار ماگىزىنلىرىغا ئىش ئىزدەپ بېرىپ باق ، دەپ مەسلىھەت بەردى . زاۋۇت ۋە باشقا يوللارنى ئىككىنچى قەدەمگە قالدۇرۇپ قويدى .

— لېكىن بىرەر جايىنىمۇ ئالا قويما ، — دېدى ئۇ جېنىنىڭ سەمىگە سېلىپ ، — ئەگەر ئىش تاپاي دەيدىغان ئويۇڭ بولسا ، ئۇدۇللا كىرىپ سوراۋەرسەڭ بولىۋېرىدۇ .

— قانداق سورايمەن؟ — دېدى جېننى قورقۇمسىرىغان هالدا.

— ئۇلارغا، ماڭا ئىش كېرەك، دەيسەن؛ باشتا، نېمە ئىش بولسىمۇ بولىۋېرىدۇ، دەيسەن.

جېننى مۇشۇ كۆرسەتمە بويىچە، كەلگەن كونىلا ئىش ئىزدەشكە كىرىشتىيۇ، ئەمما ئېرىشكىنى كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان تەسىرات بولدى. شۇنچە قاتراپمۇ، ياردەمچىگە موھتاج ئادەمنى ئۇچرىتالمىدى. ئىش ئۇقۇشۇپ دۇكانلارغا، زاۋۇتلارغا، خىلۋەت كوچا ياقىلىرىدىكى كىچىك دۇكانلارغا بارغان بولسىمۇ، ھەممىلا يەردىن بۇرنىغا ئۇسۇپ قايتىپ كەلدى، ئائىلە خىزمەتچىسى بولۇشتىن ئۆزىنى قاچۇرماقچى بولۇۋىدى، ئەمما كېيىن بۇ يولغا قەدەم باسماسلىقىمۇ ئىلاجى بولمىدى؛ شۇنىڭ بىلەن، ئادەم تەكلىپ قىلىش ئېلانلىرىنى بىرقۇر تەتقىق قىلىپ چىقىپ، بىرقەدەر ئۇمىدلىك توت ئورۇننى تاللىدى، بۇ توت ئورۇنغا تەلەي سىناپ بېرىپ باقماقچى بولدى. شۇلاردىن بىرىدە، ئەسلىدە ياللىنىپ ئىشلەۋاتقان ئادەم بار ئىكەنتۇق، جېننى بارغاندا، ئىشىكنى ئاچقان خوجايىن بىر قاراپلا ئۇنىڭ چىرايىغا مەپتۇن بولۇپ قالدى، ئۇنى ئۆيگە باشلاپ كىرىپ، نېمە ئىش قىلالايدىغانلىقىنى سورىدى.

— نېمىشقىمۇ بالدۇرراق كەلمىگەنسىز؟ — دېدى ئۇ، — مەن بىر ئايالنى ياللاپ بولغانىدىم، ئەمما قارىسام سىزگە يەتمەيدىغاندەك تۇرىدۇ. سىز ماڭا ئادرېسىڭىزنى قالدۇرۇپ قويۇڭ، كېيىنچە بىرنېمە دەرمىز.

جېننى بۇنداق ئىلتىپاتقا مۇيەسسەر بولغىنىدىن دىلى سۆيۈنگەن هالدا چىقىپ كەتتى. هازىر ئۇنىڭ تۇغۇتتىن ئىلگىرىكى ياش چىرايىدىن ئەسەر قالمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئورۇقلاپ ئىچىگە تارتىلىپ كەتكەن مەڭزىلىرى، ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرى ئۇنىڭ روخسارىدىكى سىرلىق جازىبىدارلىقنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتكەن. ئۇنى رەتلىك ۋە پاكىزلىقىنىڭ تىپى دېسە بولاتتى.

ئۇچىسىدىكى كىيىمنى يولغا چىقىشتىن ئاۋۋال يۇيۇپ دەزماللىۋالغان ، شۇڭا ئۇنىڭ قىياپىتى پاكىز ، كىشىنى جەلىپ قىلارلىق ئىدى . بويىنىڭ ئېگىزلىكىگە كەلسەك ، ئۇ ھېلىھەم بوي تارتىپ بارماقتا ، بىراق ئۇ كۆرۈنۈشتە يىگىرمە ياشلىق قىزلارغا ئوخشايتتى . بولۇپمۇ ، تۇغۇلۇشىدىنلا ئۇمىدۋار بولغاچقا ، شۇنچە رىيازەت چەككىنىگە قارىماي ، رەڭگىدىن باھار جىلۋىسى كەتمىدى . قانداق ئادەم دېدەك ياللىماقچى ياكى ئۆزىگە جۈپ ئىزدىمەكچى بولسا ، ئۇنى جان دەپ قوبۇل قىلغان بولاتتى .

ئىككىنچى نىشان — ئوكلى يولىدىكى بىر كاتتا قەسىر ئىدى . ئۇ قەسىرنىڭ كۆلىمىنىڭ ناھايىتى چوڭلۇقىنى كۆرۈپ ، ئۆز كۆڭلىدە ئۆزىنى بۇ يەردە ئىشلەشكە لايىق كۆرمەي ، سەل ئارىسالدى بولۇپ تۇرۇپ قالدى ، كېيىن يەنە «ھامىنى كەپتىمەن ، ئىچىگە كىرىپ قاراپ باقمايمەنمۇ» دېگەن ئويغا كەلدى . ئىشىك ئالدىدا ئۇنى قوبۇل قىلغان چاكار بىرنەچچە مىنۇت ساقلاتقاندىن كېيىن ، ئاندىن ئىككىنچى قەۋەتتىكى خوجايىنىنىڭ ھۇجرىسىغا باشلاپ كىردى . خوجايىنىنىڭ ئىسمى لېئانچو خانىم ئىكەن ، ئۇ چىراي - شەكلى قاملاشقان ، ئۆڭى قارىراق كەلگەن ، كونا زامانىنىڭ ئاياللىرى سىياقىدىكى ئايال ئىدى . ئاياللىق تەبئىتىنىڭ قىممىتىنى كۆزىتەلەيدىغان ئۆتكۈر نەزىرى بىلەن ، جېنىنى بىر قاراپلا ياقتۇرۇپ قالدى . ئۇ جېنىنى بىلەن بىردەم پاراڭلاشقاندىن كېيىن ، ئۇنى چۆرىلىككە ئېلىپ ئىشلىتىپ كۆرۈپ باقماقچى بولدى .

— ھەپتىسىگە توت دوللار ئالىسىز ، ئەگەر خالىسىڭىز مۇشۇ يەردە يېتىپ - قوپۇپ ئىشلىسىڭىزمۇ بولىدۇ ، — دېدى لېئانچو خانىم .

جېنىنى ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئاكىسى بىلەن بىرگە تۇرىدىغانلىقىنى ، ئۇزاققا قالماي ئائىلىسىدىكىلەرنىڭمۇ كۆچۈپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى .

— ئوھو ، ناھايىتى ياخشى گەپ ، — دېدى خانىم ، — ئەمىسە

ئىختىيارىڭىز ، ئىشقا ئۇلگۇرۇپ كېلەلىسىڭىزلا بولىدۇ .

ئۇ جېنىنىغا : ھازىرىنىڭ ئۆزىدىلا قېلىپ ئىشقا كىرىشەمسىز ، دېۋىدى ، جېنىنى ماقۇل بولدى . لېئانچو خانىم ئۇنىڭغا نەپىس ئىشلەنگەن باشنىڭ ، پەرتۇق بەردى ، يەنە بىر دەم ئۇنىڭغا قىلىدىغان ئىش توغرۇلۇق كۆرسەتمە بەردى . ئۇنىڭ ئاساسلىق خىزمىتى ساھىبەسىنى كۈتۈش ، ئۇنىڭ چېچىنى تاراپ قويۇش ، كىيىمىنى كىيىشىگە ياردەملىشىش ئىكەن . ئۇ يەنە ئىشىكنىڭ قوڭغۇرىقىغا دىققەت قىلىشى ، زۆرۈر بولۇپ قالغاندا ، غىزا ئۇستىلى يېنىدا كۈتكۈچىلىك قىلىشى ھەم خوجايىن ئۇنىڭغا بۇيرۇغان ھەرقانداق ئىشنى قىلىشى كېرەك ئىكەن . لېئانچو خانىم ئۆزىنىڭ بۇ يېڭى دېدىكىگە كەسكىنرەك ، رەسمىيەتچىدەك كۆرۈندى ، جېنىنى ئۇنىڭ زېرەكلىكىگە ، قابىللىقىغا قايىل بولۇپ قالدى .

كەچ سائەت سەككىز بولغاندا ، جېنىنىنىڭ بىر كۈنلۈك ئىشى تامام بولدى . ئۇ كۆڭلىدە : مۇشۇنداق كاتتا قەسىردە ئىشلەشكە لايىق كېلەرمەنمۇ ، دەپ شۈبھىلىنىپ قالدىيۇ ، يەنە ئۆزىنىڭ ئۇنداق - مۇنداق قىلىپ بىر كۈننى ئۆتكۈزۈۋەتكىنىگە ھەيران بولدى . ساھىبەسى ئۇنىڭغا تاپشۇرغان بىرىنچى ۋەزىپە — قىممەت باھالىق بېزەكلەرنى ۋە ئايىم قىزلارنىڭ ھۆجرىسىدىكى زىننەت بۇيۇملىرىنى تازىلاش ئىدى . ئۇ شۇنچە كۆچەپ ئىشلىگەن بولسىمۇ ئىشتىن چۈشىدىغان ۋاقىت بولغۇچە ئىشنى تۈگىتەلمىدى . ئىشتىن چۈشۈپلا ئالمان - تالمان ئاكىسىنىڭ تۇرار جايىغا قاراپ چاپتى ، ئاكىسىغا ئۆزىنىڭ ئىش تاپقانلىق خەۋىرىنى ئېلىپ بارالايدىغانلىقىدىن تازىمۇ سۆيۈنۈپ كەتتى . ئەمدى ئاپىسى كلېۋېلاندقا كۆچۈپ كەلسە بولىدۇ . ئەمدى ئۆزىمۇ بالىسى بىلەن بىرگە تۇرىدۇ . ئەمدى يېڭى تۇرمۇشنى ھەقىقىي باشلىۋېتەلەيدۇ ، بۇ يېڭى تۇرمۇش ئىلگىرىكىدىنمۇ ياخشى ، گۈزەل ، شېرىن بولىدۇ .

باسنىڭ پىكرى بويىچە جېنىنى ئاپىسىغا «چاپسانراق كېلىڭ» دەپ خەت ئەۋەتتى . يەنە بىر ھەپتىچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ،

www.uyghurkitap.com

كۆڭۈلدىكىدەك بىر ئۆينى ئىجارىگە ئېلىشتى. گېرخاردتنىڭ ئايالى باللارنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆينىڭ ئازغىنە مال - مۈلكىنى يىغىشتۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە بىر كىچىك هارۋىغا سىغقۇدەك ئۆي سەرەمجانلىرىمۇ بار ئىدى. ئىككى هەپتىدىن كېيىن، ئۇلار يېڭى ئائىلىگە قاراپ يولغا چىقىشتى.

گېرخاردتنىڭ ئايالى هەقىقىي ئازادە بىر ئۆيگە ئېرىشىشنى بۇرۇندىنلا ئارزۇ قىلىپ كەلگەنىدى. ئوبدان جايلاشتۇرۇلغان بىر يۈرۈش پۇختا ئۆي جاهازلىرى، كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك رەڭدار يۇمشاق گىلەم، ساپالار، تامغا چاپلانغان رەسىملەر، چىرايلىق لۆم - لۆم كارىۋات، پىئانىنو — بۇ ئېسىل نەرسىلەرگە ئۇ بىر ئۆمۈر هەۋەس قىلىپ كەلگەن، ئەمما هال - كۈنى ئىزچىل ياخشىلانماي كەلگەچكە، ئۇنىڭ ئۈمىدى تا بۈگۈنگە قەدەر ئىشقا ئاشمىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنىلا ئۈمىدىنى ئۈزۈۋەتمىدى. هاياتلا بولىدىكەن، بۇ نەرسىلەرگە هامان بىر كۈنى ئېرىشەلەيدىغانلىقىغا، هامان بىر كۈنى خۇشاللانغۇدەك ئىش يۈز بېرىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ كەلدى. مانا ئەمدى مۇشۇنداق پۇرسەت يېتىپ كەلگەن بولسا ئەجەب ئەمەس.

كلىۋېلاندقا كەلگەندىن كېيىن، جېنىنىنىڭ خۇشال چىھرىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ كۆڭلى خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ قالدى. باس ئۇنىڭغا:

— بۇنىڭدىن كېيىن كۈنىمىز چوقۇم ياخشى ئۆتىدۇ، — دېدى. ۋوگزالدىن چىققاندىن كېيىن، بۇلارنى يېڭى ئۆيگە باشلاپ كېتىۋېتىپ، گېئورگىغا، بىر ئازدىن كېيىن كېلىپ يۈك - تاقتىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن ۋوگزالغا بارىدىغان يولنى ئوبدان كۆرۈۋال، دەپ جېكىلىدى. براندنىڭ جېنىنىغا بەرگەن پۇلىدىن هازىر ئاپىسىنىڭ يېنىدا يەنە ئەللىك دوللار قالدى، مۇشۇ پۇل بولغاندىكىن، پۇلىنى مۇددەتكە بۆلۈپ تۆلەش چارىسى بىلەن بىرقۇر ئۆي سەرەمجان قىلىۋالسىمۇ بولىدۇ. باس تۇنجى ئايلىق ئۆي ئىجارىسىنى تۆلىۋەتكەن. جېنىنى بىرنەچچە ئاخشام ۋاقىت چىقىرىپ يېڭى ئۆينىڭ ئىشىك - دېرىزىلىرى ۋە پولىنى

يۈيۈپ - تازىلاپ پارقىرىتىۋەتكەنىدى . بىرىنچى كۈنى ئاخشىمى ئۇلار ئىككى يېڭى بورىنى ۋە يوتقان - كۆرپىنى پاكىز پولغا سېلىپ يېتىشتى ؛ يەنە بىر يېڭى چىراغنى يېقىن ئەتراپتىكى دۇكاندىن سېتىۋېلىشقانىدى ، بىر ساندۇقنى جېنىنى ئاپىسىنى پول سۈرتكەندە ئولتۇرۇپ دېمىنى ئېلىۋالسۇن دەپ ، بىر مىلىچمال دۇكىنىدىن ئەكېلىپ قويغان ، يەنە ئەتىگەنچە يەتكۈدەك چۈجۈق ۋە بولكا تەييارلاپ قويغانىدى . شۇ كۈنى ئاخشىمى كۆپچىلىك كېيىنكى ئىشلار ھەققىدە مەسلىھەتلىشىپ ، تاكى سائەت توققۇزغىچە ئولتۇرۇشتى . ئاندىن كىچىكلەر ئۇخلاشقا يېتىشتى ، پەقەت جېنىنى بىلەن ئاپىسى ئىككىيلەنلا ئۇخلىماي پاراڭنى داۋام قىلدۇرىۋەردى ، ھەر ئىككىلىسى پۈتۈن ئۆينىڭ ئېغىرچىلىقى ئەمدى جېنىنىڭ ئۈستىگە چۈشكەنلىكىنى ھېس قىلىشتى ، ئاپىسىغۇ ، ئەمدى جېنىنى تايانچ قىلمىسام بولمايدۇ ، دېگەن ئويغا كېلىپ بولغانىدى .

بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن ، بۇ كىچىككىنە ئۆينى سەرەمجانلاشتۇرۇش ئىشى تامامەن ئاياغلاشتى ، ئۆي سەرەمجانلىرىنىڭ يېرىمى يېڭىدىن تولۇقلاندى ، بىر گىلەم ھەم ئاشخانا ئەنجاملىرىنى سېتىۋېلىشتى . ئەڭ قىيىن بولغىنى ، ئۇلارغا يېڭى مەش كېرەك ئىدى . بۇنىڭغا كېتىدىغان پۇل ھېسابات دەپتىرىدىكى چىقىمنى بەك ئېغىرلاشتۇرۇپ قوياتتى . بالىلارنىڭ كىچىكلىرى ھۆكۈمەت قارىمىقىدىكى مەكتەپكە ئوقۇشقا كىردى ، پەقەت گېئورگىلا بىرەر ئىش تېپىپ ئىشلەيمەن ، دەپ تۇرۇۋالدى . جېنىنى ھەم ئۇنىڭ ئاپىسى بۇنداقتا ئادىللىق بولماسمىكىن ، دېگەن ئويغا كېلىشكەن بولسىمۇ ، ئەمما مۇشۇنداق پىداكارلىقتىن ساقلىنىشنىڭ بىرەر ئامالىنى ئويلاپ تېپىشالمىدى .

— ئەگەر ئىلاجىنى قىلالىغۇدەكلا بولساق ، كېلەر يىلى ئۇنى يەنە ئوقۇتايلى ، — دېدى جېنىنى .

بۇ يېڭى تۇرمۇش ئەمدىلا باشلانغان مەھەلدە ، ئۇلارنىڭ كىرىمى بىلەن چىقىمى ئاران - ئاران تەڭلىشىپ ، ئەبەدىي مەۋجۇت

بولغان بىر خىل تەھدىتنىڭ شەكىللىنىش ئېھتىمالى يوقتەك تۇيۇلغانىدى . باش ئەسلىدە ناھايىتى مەرد ئىدى، بىراق ئۇزۇن ئۆتمەي «ھەر ھەپتىدە ئۆيگە ئۆزۈمنىڭ يېمەك - ئىچمەك، يېتىپ - قوپۇش خىراجىتىم ئۈچۈن تۆت دوللار بەرسەم يېتىدۇ» دېگەن خىيالغا كېلىپ قالدى . جېنىنىڭ كىرىمى پۈتۈنلەي ئۆيگە سەرپ قىلىناتتى . ئۇنىڭغا بالىسىنى ئوبدان بېقىپ چوڭ قىلىۋالىدىغانلا بولسا ، باشقا ھېچنېمىنىڭ كېرىكى يوق ئىدى . گېئورگى بىر دۇكاندا ماللارنىڭ كىرا پۇلىنى يىغىدىغان شاگىرت بولۇپ ھەپتىسىگە ئىككى يېرىم دوللاردىن مائاش ئېلىپ ئىشلەۋاتاتتى . دەسلەپتە ئۆزى ئىختىيار قىلىپ مائاشىنىڭ ھەممىسىنى ئۆيگە ئەكېلىپ تاپشۇردى ، كېيىنچە بېرىپ ، يېرىم دوللارنى ئېلىپ قېلىپ ئۆزى خەجلىۋالىدىغان بولدى ، بۇمۇ ئادىل چارە ئىدى . گېرخاردت ئۆزى ئىشلەۋاتقان يەردىن ھەر ھەپتىدە بەش دوللار ئەۋەتىپ تۇردى ، يەنە دائىم ئۇلارغا كولومبودىكى كونا قەرزنى ئۈزۈش ئۈچۈن تېجەپ‌رەك ئىش قىلىشنى تاپىلاپ خەت يېزىپ تۇراتتى . شۇنداق قىلىپ ، پۈتۈن بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ ھەر ھەپتىدە تاپىدىغان ئون بەش دوللار كىرىمىدىن قورساققا ، ئۇچىسىغا ، ئۆي ئىجارىسىگە ، كۆمۈرگە سەرپ قىلىنغىنىدىن باشقا ، يەنە ئەللىك دوللارلىق ئۆي سەرەمجانلىرىنىڭ ھەققى ئۈچۈن ھەر ئايدا ئۈچ دوللار تۆلەش كېرەك ئىدى .

مۇشۇنداق ئەھۋالدا قانداق تىرىكچىلىك قىلىش مەسىلىسىنى جەمئىيەتتىكى نامراتلىق ھادىسىلىرى ئۈستىدە قۇرۇق گەپ سېتىشقا ئامراق كىشىلەر ئۆزلىرىمۇ ئازراق كاللا ئىشلىتىپ ئويلاپ باقسا بولىدۇ . يالغۇز ئۆي ئىجارىسى ، كۆمۈر ۋە چىراغ ئۈچۈنلا بىر ئايدا يىگىرمە دوللار خەجلەشكە توغرا كېلىدۇ؛ قورساقنىڭ غېمىنى قىلماي بولمايدۇ - دە ، ئۇنىڭغا ھەر ئايدا يىگىرمە بەش دوللار كېتىدۇ؛ ئۇنىڭدىن باشقا ، يەنە كىيىم - كېچەككە ، ئۆي جاھازلىرىغا كەتكەن چىقىم ، ئۇششاق - چۈششەك چىقىملار ، بىرە - بىرە خەجلىنىپ قالىدىغان دورا پۇلى ھەم

مۇشۇنىڭغا ئوخشاش تۈرلەرگە ئېشىپ قالغان ئون بىر دوللارنى سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ . بۇلارغا زادى قانداق ئامال قىلىش كېرەك ، بۇنى كۆكۈلچەك كىتابخانلىرىمىز ئوتتەك قىزغىن تەسەۋۋۇرنى ئىشقا سېلىپ قىياس قىلىپ باقسا بولىدۇ . ئۇلارغۇ بۇ ئۆتكەللەردىن ئەپلەپ - سەپلەپ ئۆتۈپ كەلمەكتە ، بەلكى تولۇپ تاشقان ئۈمىد بىلەن ، ئۆزلىرىنىڭ كۈننى تولىمۇ ياخشى ئۆتۈۋاتىدۇ ، دەپ ھېسابلاشماقتا .

مۇشۇ مەزگىللەردە ، بۇ كىچىككىنە ئائىلىنى بىزنىڭ كۆرەك قىلىشىمىزغا ئەرزىيدىغان سەمىمىي - ساداقەتنىڭ ھەم چىدام - غەيرەتنىڭ جانلىق سۈرىتى دېيىشمۇ لاپ بولماس . گېرخاردتنىڭ ئايالى خۇددى يالانغان چاكاردەك ئىشلەتتى . ئۇ نە كىيىم ، نە خۇشاللىق ۋە ياكى باشقا ئىنئامغا ئېرىشىشۈن دەيسىز . ھەر كۈنى سەھەردە بىرىنچى بولۇپ ئورنىدىن تۇرىدۇ - دە ، مەشكە ئوتنى ياقىدۇ ، ئاندىن كېيىن ناشتىلىق تەييارلاشقا تۇتۇنىدۇ . پۇتىدىكى ئىچىگە قەغەز پېتەك سېلىنغان يىرتىق كەشىنى سۆرەپ يۈرۈپ ئىش قىلغاچ ، تاتلىق ئۇيقۇدا ياتقان جېننىنى ، باس ۋە گېئورگىلارنىڭ بېشىغا كېلىپ ، تۇغما بولغان مۇقەددەس ئانىلىق مېھرى بىلەن ئۇلارغا قارىغىنىچە ، «ئۇلارنىڭ بۇنچە ئەتىگەن تۇرۇپ كېتىشى ، ئىشنى بەك زورۇقۇپ ئىشلىشى ھاجەتسىز» دەپ ئويلاپ كېتىدۇ . جېننىنى ئويغاتقىنىدا ، ئاۋۋال ئۇنىڭ ئۇيقۇلۇقتىكى ئادەتتىن تاشقىرى تىپتىنچ بولغان ئاپئاق چېھرىگە تىكىلگىنىچە ، بۇ دۇنيانىڭ ئۇنىڭغا شەپقەتسىزلىك قىلىۋاتقىنىدىن كۆڭلى بۇزۇلۇپ ، بىردەم تۇرۇپ قالىدۇ - دە ، ئاندىن قولىنى جېننىنىڭ يەلكىسىگە بوشقىنا قويۇپ ، پەس ئاۋازدا : «جېننى ، جېننى» دەپ ، تاكى ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن بۇ بالىسى ئۇيقۇسىنى ئاچقانغا قەدەر قىچقىرىۋېرىدۇ .

ھەممەيلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشقاندا ، ناشتىلىق غىزا تەييار بولۇپ بولغان ، ھەر كۈنى ئۆيگە قايتىپ كېلىشكەنلىرىدە ، كەچكى غىزامۇ ئۈستىدە تەخ قىلىنىپ بولغان بولىدۇ . ئاپىسى

www.uyghurkitap.com

ھەربىر بالىنىڭ بىر ئۇلۇش نېسۋىسىنى كەم قىلىپ قويماسلىققا ئالاھىدە دىققەت قىلاتتى. ھېلىقى نەۋرىسىنى ئەلۋەتتە ئالاھىدە كۆتەتتى. ئۇ ھەمىشە: «ئەگەر باللار مېنىڭ ئورنۇمدا تالاـ تۈزدىكى ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ بېرىدىغانلا بولسا، ماڭا كىيىم ـ كېچەك، ئاياغ ـ پاياغ دېگەننىڭ لازىمى يوق» دەيتتى.

باللارنىڭ ئارىسىدا ئاپىسىنىڭ ھالىغا ھەممىدىنمۇ بەك يېتىدىغىنى جېنىنى، ئاپىسىغا ھەممىدىنمۇ بەك ۋاپادار بولغىنى پەقەت شۇ، جېنىنى ئىدى. ئۇ ئىلاج بار ئاپىسىنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىشىنىڭ كويىدىلا يۈرەتتى.

— ئاپا، بۈنى مەن قىلىۋېتەي.

— ئەكېلىڭ، ئاپا، ئاۋۇنى ماڭا سۇنۇۋېتىڭا.

— سىز بىردەم ئولتۇرۇۋېلىڭ، ئاپا.

مانا بۇلار — بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى خورىماس مۇھەببەتنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ئىپادىلىرى. ئەسلىدىمىغۇ، ئانا ـ بالا ئوتتۇرىسىدا ئەزەلدىن بىر خىل تولۇق چۈشىنىش مەۋجۇت ئىدى. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى، بۇ خىل چۈشىنىش تەبىئىي ھالدا تېخىمۇ كېڭەيدى ھەم چوڭقۇرلاشتى. ئاپىسىنىڭ بىر ئۆمۈر ئائىلىگە قاپسىلىپ ئۆتكىنىگە جېنىنىڭ يۈرىكى چىدىمايتتى، ھەر كۈنى ئىشلەۋاتقان چېغىدىمۇ، ئاپىسىنىڭ ئاشۇ يوقسۇل ئائىلىنى بېقىپ ئولتۇرۇۋاتقىنىنى خىيالىدىن بىردەممۇ نېرى قىلمايتتى. ئۇ ئۆزى ھەمىشە ئارمان قىلىپ كېلىۋاتقان ھۇزۇر ـ ھالاۋەتلەردىن ئاپىسىنى بەھرىمەن قىلىشقا شۇ قەدەر تەشنا ئىدىكى...

## 14

جېنىنى لىيائنچو خانىمنىڭ ئۆيىدە ياللىنىپ ئىشلىگەن مۇشۇ كۈنلەردە، ئۇنىڭغا نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئىمكانىيىتى

تۇغۇلدى . بۇ كاتتا ئائىلە جىنىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، ھەقىقەتەن بىر مەكتەپ ئىدى . بۇ ئائىلە ئۇنىڭ كىيىم - كېچەك ۋە ئەدەپ - قائىدە جەھەتتىكى بىلىمىنىڭ ئېشىشىغا تۈرتكە بولۇپلا قالماستىن ، يەنە ئۇنىڭ بىر خىل كىشىلىك تۇرمۇش پەلسەپىسىنى شەكىللەندۈرۈشىگىمۇ تۈرتكە بولدى . ئەسلىدە لىئانچو خانىم بىلەن ئېرى نام - مەرتىۋە دېسە بار ، مال - دۇنيا دېسە بار ، سىپايىگەرلىكنىڭ ۋەكىلى ؛ مېھمان كۈتۈش ، زىياپەت بېرىش ھەم ھەر خىل ئىجتىمائىي ئالاقە پائالىيەتلىرىدە ئەدەپ - قائىدىنىڭ نامايەندىسى ئىدى . لىئانچو خانىم بىرە - بىرە ئۆزىنىڭ مىجەز - خاراكتېرىدىن سۆز ئېچىپ قالغىنىدا ، بىرەر ئېغىز ھېكمەتلىك سۆزنى قىستۇرۇپ ، ئۆزىنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش پەلسەپىسىنى تەكىتلەپ قويۇشنى ئۇنتۇمايتتى .

«كىشىلىك تۇرمۇش دېگەن ، بىر مەيدان كۆرەش دېگەنلىكتۇ ، قەدىرلىكىم . ناۋادا سىز بىرەر نېمىگە ئېرىشمەكچى بولسىڭىز ، كۆرەش قىلىپ ئۇنى قولغا كەلتۈرۈشىڭىز كېرەك .»

«سىزگە ياردىمى تېگىدىغان بىرەر جاي بار بولسۇنيۇ ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئۆز مەقسىتىڭىزگە يېتىشنى بىلمىسىڭىز ، مېنىڭچە بۇ ئەخمەقلىق .» بۇ سۆزنى ئۇ يۈزىگە سۇس گىرىم قىلىۋاتقان چېغىدا ئېيتقانىدى .

«كۆپ ساندىكى كىشىلەر تۇغۇلۇشىدىنلا دۆت كېلىدۇ . بۇنداق ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىشنىلا قىلىشقا لايىق . سىپايىگەرچىلىكنىڭ كەمچىل بولۇشى مېنىڭ نەزىرىمگە سىغمايدۇ ، بۇ ئالەمدىكى ئەڭ زور جىنايەتتۇر .»

تەجرىبىدىن ئۆتكەن بۇ سۆزلەرنىڭ تولىسى جېنىنىغا بىۋاستە ئېيتىلغان ئەمەس ، بەلكى جېنىنى بۇلارنى خۇپىيانە ئاڭلىۋالغان ، بىراق ئۇنىڭ تىپتىنچ ۋە ئويچان قەلبى بۇ سۆزلەردە ھەقىقەتەن بىر مەنە بارلىقىنى سېزەتتى . بۇ سۆزلەر گويا ئۇرۇق كەبى مۇنبەت ئېتىزدا يىلتىز تارتىپ ئۆسمەكتە ئىدى . ئۇ مەرتىۋە ۋە ھوقۇق توغرىسىدا دەسلەپكى قەدەمدە ئازراق ئۇقۇمغا ئىگە بولدى . بۇنداق

نەرسىلەردىن ئۇنىڭغا نىسىۋە ئاتاپ قويۇلمىغان بولۇشى مۇمكىن ، ئەمما جاھاندا مۇشۇنداق نەرسىلەرنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكى ھەقىقەتەن راست . يەنى كىمنىڭ بەخت ـ پېشانىسى ئوڭ بولسا ، شۇ ئۆزىنىڭ شارائىتىنى ياخشىلىيالايدىغان گەپ . لېكىن ئۇنىڭ قولى ئىشتايۇ ، كۆڭلى شۇبھىدىن خالىي ئەمەس ئىدى . ئاھ ، مۇشۇنداق تەلەي قۇشى ئۆزىنىڭ بېشىغىمۇ قونارمىدى ، ناۋادا كىشىلەر ئۇنىڭ سەرگۈزەشتىدىن خەۋەردار بولۇپ قالىدىغان بولسا ، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشنى كىممۇ خالىسۇن دەيسىز ؟ بۇ بالىنى ئەمدى نەگە يوشۇرغۇلۇق ؟

ئۇنىڭ بالىسى ، ئۇنىڭ بالىسى — بۇ ، ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان ، شادلىق بىلەن ۋەھىمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تىما . ئۇنىڭ ھەرقانداق جايدا ، ھەرقانداق ئامال بىلەن ، پەرزەنتى ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشنى قىلىپ بېرىشتىن باشقا ئارمىنى يوق !

بىرىنچى قىش ناھايىتى ئوڭۇشلۇق ئۆتتى . پۇختا پىلانلاپ ئىنچىكە ھېسابات قىلىشقانلىقى ئۈچۈن ، بالىلارنىڭ ھەممىسى بىرقۇر يېڭى ئۇستىباشقا ئىگە بولۇشتى ، مەكتەپكىمۇ بارالىدى ، ئۆي ئىجارىسىنىمۇ كېچىكتۈرمەي تۆلىۋېتىشتى ، ئۆي جاھازلىرى دۇكىنىنىڭ قەرزىنىمۇ ئايمۇئاي بۆلۈپ ئۈزۈپ بولۇشتى . ئەمما ، گېرخاردت ئۆزىنىڭ مىلاد بايرىمىغا ئۈلگۈرۈپ ئۆيگە قايتىپ بارىدىغانلىقى ھەققىدە خەت ئەۋەتىۋىدى ، ئۇلارغا بۇ خىل ئائىلىۋى تۇرمۇشنى داۋاملاشتۇرۇش ئەمدى ئوڭايغا توختىمايدىغاندەك تۇيۇلدى . گېرخاردت خېتىدە : مىلاد بايرىمىدا زاۋۇت بىرنەچچە كۈن ئىش توختىتىدۇ ، دەپ يازغانىدى . تەبىئىيكى ، ئۇ كلىۋېلاندقا كېلىپ يېڭى ئائىلىۋى تۇرمۇشنىڭ قانداق ئۆتۈۋاتقىنىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ باقماقچى بولغان .

گېرخاردتنىڭ ئايالىغۇ ، بىرەر كۆڭۈلسىزلىكنىڭ چىقىشىدىن ۋايىم يەپ تۇرۇۋاتقىنىنى دېمىگەندە ، ئېرىنى جان دەپ قارشى ئالاتتى . جېننى ئۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، ئاپىسى بىلەن بىرقۇر مەسلىھەتلىشىۋالدى ، ئاپىسى ئاندىن باس بىلەن

مەسلىھەتلەشتى . باس ئۇنىڭغا مەدەت بەردى .

— ئەنسىرىمىگىن ، — دېدى ئۇ ، — ئۇ ھېچقانداق قىلالمايدۇ . ئەگەر جېدەل چىقارسا ، ئۇنىڭغا مەن گەپ قىلىمەن .

گېرخاردت ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە ھەرھالدا ئۇنىڭ ئايالى قورقۇپ كەتكۇدەك ئۇنچىلىك چاتاقمۇ چىقمىدى . ئۆيگە ئۇ چۈشتىن كېيىن كەلدى . باس ، جېننى ۋە گېئورگىلار ئىشلىگىلى كەتكەن ، ئۇنىڭ ئالدىغا چىققىلى ۋوگزالغا كىچىكلەر باردى . ئۇ ئىشىكتىن كىرگەندە ، ئايالى ئۇنى قىزغىن كۈتۈۋالدىيۇ ، ئەمما ساقلانغىلى بولمايدىغان ھېلىقى ئىشنىڭ ھازىرلا يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئويلاپ ، يۈرىكى دۈپۈلدەپ سېلىپ كەتتى . ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇنىڭدىن ئانچە ئۇزاق سىر تۇتۇش مۇمكىن ئەمەس ـ دە . دەرۋەقە ، گېرخاردت ئۆيگە قايتىپ كېلىپ تېخى نەچچە مىنۇت ئۆتە ـ ئۆتمەيلا ، ھۇجرا ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ قاراپ باقتى . كارىۋاتقا سېلىنغان ئاپئاق تۆشەك ئۈستىدە بىر ئوماق بوۋاق تاتلىققىنا ئۇخلاپ ياتاتتى . ئۇ بۇ بوۋاقنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى شۇئان بىلدىيۇ ، ئەمما خۇپسەنلىككە سېلىپ :

— ئاۋۇ كىمنىڭ بالىسى ؟ — دەپ سورىدى .

— جېنىنىنىڭ ، — ئايالى ئاران ـ ئارانلا جاۋاب بەردى .

— بۇ يەرگە قاچان كەلگەن ؟

— كەلگىلى ئۇزاق بولمىدى ، — دېدى ئايالى ھودۇققان ھالدا .

— ئۇمۇ مۇشۇ يەردە تۇرۇۋېتىپتۇ ـ دە ، — دېدى ئۇ جېنىنىنىڭ ئىسمىنى ئاغزىغا ئېلىشنى خالىماي ، كەمسىتىش ئاھاڭىدا . بۇ ئىشنى ئۇ ئاللىبۇرۇنلا پەرەز قىلغانىدى .

— ئۇ ھازىر خەقلەرنىڭ ئۆيىدە ئىشلەۋاتىدۇ ، — دېدى ئايالى يېلىنىش ئاھاڭىدا ، — ئۇ ھازىر ياخشى بولۇپ كەتتى . ئۇنىڭ بارىدىغان يېرى يوق ، ئۇنى ئەپۇ قىلىۋېتىڭا .

ئۆيدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ، گېرخاردتنىڭ ئوي ـ پىكرى ئاستا ـ ئاستا يورۇشقا باشلىغان ، دىن بىلەن چىرمىشىپ

كەتكەن كاللىسىدا چۈشىنىكسىز ئۇي ـ خىياللار ۋە ھېس ـ تۇيغۇلار پەيدا بولغانىدى . ئۇ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلغان چېغىدا پەرۋەردىگار ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئەينى چاغدا قىزىغا ئاشۇنداق مۇئامىلە قىلماسلىقى كېرەكلىكىنى ئېتىراپ قىلغان ، ئەمما كېيىنچە قىزىغا قانداق مۇئامىلىدە بولۇش ھەققىدە بىر قارارغا كەلمىگەنىدى . «ئۇ زور گۇناھ ئۆتكۈزگەن» دېگەن بۇ قاراشنى كاللىسىدىن چىقىرىۋېتىشكە ئامالسىز ئىدى .

ئاشۇ كۈنى ئاخشىمى جېنىنى ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە ، دادا بىلەن بالىنىڭ ئۇچرىشىشى ساقلانغىلى بولمايدىغان بىر ئىش بولدى . گېرخاردت ئۇنىڭ دەرۋازىدىن كىرىپ كېلىۋاتقىنىنى ئېنىق كۆرگەن بولسىمۇ ، ئۆزىنى پۈتۈن دىققىتى بىلەن بېرىلىپ گېزىت كۆرۈۋاتقاندەك قىياپەتكە سېلىۋالدى . ئايالى ئېرىگە : جېنىنىغا ئارتۇق گەپ قىلماڭ ، دەپ شۇنچە يالۋۇرغان تۇرۇقلۇق ، يەنە ئېرىنىڭ گەپ ـ سۆز ۋە قىلىقلىرىغا قاراپ ، جېنىنىڭ ئازار يەپ قېلىشىدىن خاۋاتىرلىنىپ قالدى .

— ئۇ كەلدى ، — دېدى ئۇ ئېرى ئولتۇرغان تاشقىرىقى ئۆينىڭ ئىشىكىگە قاراپ . ئەمما ، ئېرى بېشىنى كۆتۈرمىدى ، — ئۇنىڭغا گەپ قىلىپ قويسىڭىزچۇ ، — بۇ ئۇنىڭ ئۆينىڭ ئىشىكى ئېچىلىشتىن ئىلگىرىكى ئەڭ ئاخىرقى ئۆتۈنۈشى ئىدى ، بىراق ئېرى جاۋاب قايتۇرمىدى .

جېنىنى كىرگەندە ئانىسى پەس ئاۋازدا :

— ئۇ ئىچكەركى ئۆيدە جۇمۇ ، — دېدى .

جېنىنىڭ يۈزى ئاقىرىپ كەتتى . بىگىز بارمىقىنى لېۋىگە باسقان ھالدا ، بۇ ۋەزىيەتكە قانداق تاقابىل تۇرۇشنى بىلەلمەي دېلىغۇلچىلىقتا تۇرۇپ قالدى .

— ئۇ كۆردىما ؟

جېنىنى شۇنداق دېدىيۇ ، يەنە شۇئان گېپىنى توختىتىۋالدى ، چۈنكى ئاپىسىنىڭ چىرايىدىن ۋە باش لىڭشىتىشىدىن دادىسىنىڭ بالىنى كۆرۈپ ئۇلگۈرگەنلىكى چۈشىنىشلىك بولغانىدى .

— كىرىۋەر ، — دېدى ئاپىسى ، — ھېچنېمە بولمايدۇ ، ئۇ ھېچ نەرسە دېمەيدۇ .

جېننى ئىشىك ئالدىغا كەلدى ، دادىسىنىڭ قوشۇمىسىنى چىڭ تۈرگەن ھالدا ناھايىتى سۇرلۇك قىياپەتتە ئولتۇرغان بولسىمۇ ، ئۇزايىدىن ھېچقانداق يامان غەرەز كۆرۈنۈپ تۇرمايۋاتقىنىنى كۆرۈپ ، بىرپەس ئىككىلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن ئۆيگە كىردى .

— دادا ، — ئۇنىڭ ئاغزىغا شۇنىڭدىن باشقا گەپ كەلمەي قويدى .

گېرخاردت بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قارىدى ، ئۇنىڭ قوڭۇر رەڭ كىرپىكلىرى ئاستىغا يوشۇرۇنغان قوي كۆزلىرىدىن ئوت يېنىپ تۇراتتى . قىزىغا بىر قاراش بىلەنلا ، كۆڭلى يۇمشاپ قالدى ، ئەمما ئۇ يەنىلا ئۆزى قۇرۇۋالغان ئىرادە قالقىنىنىڭ مۇداپىئەسىدە تۇرغاچقا ، خۇشال بولۇۋاتقىنىنى ئاززاقمۇ چاندۇرمىدى ، شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاق نۇقتىئىنەزىرى بىلەن تەبىئىي خەيرخاھلىق تۇيغۇسى ۋە قىزىغا بولغان مۇھەببىتى ئوتتۇرىسىدا جەڭ كېتىۋاتاتتى ، بىراق ئەنئەنىۋى ئەخلاق نۇقتىئىنەزىرى ۋاقتىنچە ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىدى ، بۇ كۆپىنچە كىشىلەردە روي بېرىدىغان ھال .

— ھە ، نېمە گەپ ؟ — دېدى ئۇ .

— مېنى ئەپۇ قىلامسىز ، دادا ؟

— سېنى ئەپۇ قىلدىم ، — دېدى ئۇ جىددىي تەرزدە .

جېننى بىرپەس ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن ، ئالغا قاراپ چامدىدى . ئۇنىڭ نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكى گېرخاردتقا ئايان ئىدى .

ئۇ لېۋىنى دادىسىنىڭ بوزارغان چېكىسىگە ئەمدىلا تەگكۈزۈشىگە ، دادىسى «بولدى» دەپ ، ئۇنى ئاستا نېرى ئىتتىرىۋەتتى .

بۇ بىر قېتىملىق ئىنتايىن سوغۇق كۆرۈشۈش بولدى .

جېننى بۇ دورەمقى چىدىغۇسىز جازانى تارتقاندىن كېيىن ،

ئاشخانىغا كىرىپ ، ئۇ يەردە ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغان ئاپىسىغا تىكىلىپ قارىدى ، ھەرقانچە چاندۇرماي دېسىمۇ، ئەمما ھېسسىياتى ئاخىر غالىب كەلدى . ئاپىسى :

— ئۇ سەن بىلەن يارىشىپ قالدىمۇ ؟ — دېگەن گەپنى تولۇق دەپ بولغۇچە ، قىزى ئورۇندۇقتا ئۆزىنى تاشلاپ ، ئۈستەلگە ئېڭىشكىنىچە بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى .

— بولدى ، بولدى ، — دېدى ئاپىسى ، — بولدى ، يىغلىمىساڭچۇ ، ئۇ ساڭا نېمە دېدى ؟

بىرھازادىن كېيىن ، جېنىنىنىڭ ئاغزى گەپكە كەلدى . ئاپىسى بۇ ئىشنى ئۇنچە جىددىي قىلىپ كۆرسەتمەسلىكنىڭ ھەلەكچىلىكىدە ئىدى .

— ھېچ ۋەقەسى يوق ، — دېدى ئۇ ، — بۇ ئىشمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ . ئۇنىڭ مىجەزى بۇرۇندىنلا مۇشۇنداق ئىدىغۇ .

## 15

گېرخاردت ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، بالىنىڭ ئىشىنى يېپىدىن يىڭنىسىگىچە سۈرۈشتۈردى . ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا بۇ بالىغا بوۋىلىق مەيدانىدا تۇرۇپ مۇئامىلە قىلدى . نېمىلا دېگەنبىلەن ، ھەرھالدا ئۇ ۋىجدانى بار ئادەم ـ دە . ھەممىدىن ئاۋۋال بالىنى چوقۇندۇرۇش ئىشىنى ئېسىگە ئېلىپ ئايالىدىن سورىۋىدى ، ئايالى :

— ياق ، تېخى چوقۇندۇرمىغان ، — دەپ جاۋاب بەردى . گەرچە بۇ مەزلۇم بۇ مەجبۇرىيەتنى زادىلا ئېسىدىن چىقارمىغان بولسىمۇ ، ئەمما بۇ بالا چېركاۋنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشەلەمدۇ ، يوق ، بۇنىڭغا بىرنېمە دېيەلمەيتتى .

— تېخى چوقۇندۇرمىغانمۇ ، ياخشى گەپ ، ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ ـ دە ، — دېدى گېرخاردت كىنايە قىلىپ ؛ ئۇ ئايالىنىڭ

دىنىي ئېتىقادىنى سۆس، دەپ ئويلايتتى، — ھەم! مۇشۇنداق قىلسا بولامدۇ! مۇشۇنداقمۇ مۇرتەد بولۇپ كەتكەن بارمۇ؟ بەللى، سىلەرگە بارىكاللا! — ئۇ بۇ سەۋەنلىكىنى دەررۇ تۈزىتىش كېرەك دېگەن ئويغا كېلىپ، — بالىنى چوقۇندۇرۇش كېرەك، — دېدى، — ئۇ نېمىشقا ئۇنى ئاپارمىدى؟

ئايالى بالىنى چوقۇندۇرۇش ئۈچۈن بىرەر پوپنى ئۇنىڭغا ئاتا قىلىپ تاللاش كېرەكلىكىنى، چوقۇندۇرۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزگەندە بالىنىڭ قانۇنلۇق دادىسى يوق بولۇشتەك پاكىتنى ئىقرار قىلىشقا توغرا كېلىدىغانلىقىنى ئېرىنىڭ سەمىگە سالدى.

گېرخاردت بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، سەل پەسكويغا چۈشتىيۇ، ئەمما دىنغا بولغان ئېتىقادى كۈچلۈك بولغاچقا، بۇ تەڭقىسلىق تۈپەيلى دىنىي بىر ياقتا تاشلاپ قويۇشقا بولمايدۇ، دېگەن قاراشقا كەلدى. پەرۋەردىگار بۇنداق باھانىلەرگە قۇلاق سېلىپ ئولتۇرمايدۇ، بۇ ئىشنى ئورۇندىمىسا قانداقمۇ خرىستىئان مۇخلىسى دېگىلى بولسۇن؟ ئۇ خرىستىئان مۇخلىسى ئىكەن، ئەلۋەتتە بۇ ئىشنىڭ جاۋابكارلىقىنى ئۆز زىممىسىگە ئېلىشى كېرەك. ئۇ بالىنى چېركاۋغا ئاپىرىشنى، جېننىي ھەم بۇلار ئەر - خوتۇن بىللە بېرىپ كاپالەتچى بولۇشنى ئويلىدىيۇ، يەنە بۇنىڭغا قىزىنىڭ ماقۇل بولماسلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ، ئاخىر چوقۇندۇرۇش مۇراسىمىگە جېننىنى ئاپارماي، ئەر - خوتۇن ئىككىسىلا بېرىش قارارىغا كەلدى. بۇ ئىشنىڭ قىيىنلىقىنى كۆڭلىدە دەڭسەپ كۆرگەندىن كېيىن، مۇراسىمنى مىلاد بايرىمى بىلەن يېڭى يىل ئارىلىقىدا، جېننىي ئىشقا كەتكەن بىر كۈنى ئۆتكۈزۈشنى كۆڭلىگە پۈكتى. پىلاننى ئىچىدە پىشۇرغاندىن كېيىن، ئايالىغا مەسلىھەت سېلىۋىدى، ئايالىمۇ ياغدەك ياقتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يەنە بىر ئىشنى تىلغا ئالدى:

— بالىنىڭ ئىسمى تېخى يوق ئەمەسمۇ، — دېدى ئۇ.

بۇ توغرۇلۇق جېننىي بىلەن ئاپىسى ئاللىبۇرۇنلا دېيىشكەن، جېننىي بوۋاقنا «ۋېستا» دېگەن ئىسىمنى قويۇش ئويى بارلىقىنى

ئېيتقانىدى . ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئاپىسى ئۇنى ئۆزىنىڭ پىكرى قىلىپ ، بۇ ئىسىمنى يۈرەكلىك ئوتتۇرىغا قويىدى .

— ۋىستا دېگەن ئىسىم بولامدۇ ؟

گېرخاردت بۇنى ئاڭلاپ ، يا بولىدۇ ، يا بولمايدۇ ، دېمىدى . ئۇ بۇ مەسىلىنى كۆڭلىدە ئاللىبۇرۇنلا ھەل قىلىپ قويغان ، ئەسلىدە ئۆز خىيالىدا «ۋىلھېلمىنا» دېگەن ئىسىمنى تەييارلاپ يۈرگەن ، بۇ ئىسىم ئۇنىڭ قوۋناق ياشلىق دەۋرىدىن يادنامە ئىدى ، بىراق بۇ ئىسىمنى ئۆزىنىڭ بالىلىرىغا قويۇشقا زادىلا نىيىتى بولمىدى . شۇ تاپتا بۇ نەۋرىسىگىمۇ ئۆزىنىڭ تەشەببۇسىنى زورمۇزور تاڭماقچى ئەمەس ، ناھايىتى ئۇ بۇ ئىسىمنى ياخشى كۆرىدۇ ، خالاس . نەۋرىسى بۇ ئىسىمغا ئېرىشكەندىن كېيىن ئۇنىڭدىن مىننەتدار بولۇشى كېرەك . شۇنداق ئويلار ئىلكىدە ، ئۇ ئېھتىياتچانلىق بىلەن بۇ تۇنجى ھەدىيىسىنى تۇغما مېھىر - مۇھەببەتنىڭ نەزىر - چىراغ سۇپىسىغا سۇندى . چۈنكى بۇ نېمىلا بولمىسۇن تۆھپە - دە .

— بۇ ئىسىممۇ بولىدىكەن ، — دېدى ئۇ بايىقى مۇجمەل پوزىتسىيىسىنى يادىدىن چىقىرىپ ، — ئەمما ، ۋىلھېلمىنا بولسا ، قانداق ؟

ئايالى ئېرىنىڭ بىلىنەر - بىلىنمەس ھالدا ئۆز رايىدىن يانغىلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ ، ئۇنىڭ بىلەن يەنە تاقارىشىپ تۇرۇشقا پېتىنالمىدى . ئۇنىڭ ئايالىلارغا خاس نەيرىڭى ئەسقېتىپ قالدى .

— ئەمىسە ئىككىلا ئىسىمنى قويايلى ، — دېدى ئۇ .

— مەنمۇ بولمايدۇ دېمىدىمغۇ ، — بۇ گەپنى قىلىۋاتقىنىدا گېرخاردتنىڭ چىرايى يەنە جىددىي تۈسكە كىردى ، — چوقۇندۇرغان چاغدا مۇشۇنداق دەپ ئاتايلى .

جېننى بۇ ئىشنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قەۋەتلا خۇش بولۇپ كەتتى . چۈنكى ، بالىسى ئېرىشىدىغان پايدا مەيلى دىن بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسۇن ياكى بولمىسۇن ، ئۆزىنىڭ كۆتكىنىدەك بولۇۋاتاتتى . شۇڭا ئۇ بالىسىغا چوقۇندۇرغاندا كىيىندۇرۇش

ئۇچۇن، ئۇنىڭ كېيىمىنى يۇيۇپ دەزماللايمەن، دەپ بىرمۇنچە ئاۋارە بولدى.

گېرخاردت يېقىن ئەتراپتىكى لۇدېر مەزھىپىنىڭ چېركاۋىدىن بىر پوپنى تاپتى، بۇ، يوغان باش كەلگەن، تولىمۇ ئېھتىياتچان بىر خۇداگۇي ئىدى. گېرخاردت ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىتىنى ئېيتتى.

— سىزنىڭ نەۋرىڭىزمىدى؟ — دەپ سورىدى پوپ.

— شۇنداق، — دېدى گېرخاردت، — ئۇنىڭ دادىسى بۇ يەردە ئەمەس.

— ئوھو، — پوپ قىزىقىش نەزىرى بىلەن ئۇنىڭغا قارىدى.

گېرخاردت پىلاننىڭ كاشىلىغا ئۇچرىشىنى خالىمىدى بولغاي، پوپقا كېيىنچە ئەر - خوتۇن ئىككىسىنىڭ بالىنى چوقۇندۇرغىلى ئەكېلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. پوپ بۇنىڭدا چوقۇم كىشىگە ئېيتقىلى بولمايدىغان بىر يوشۇرۇن دەرد بارلىقىنى سېزىپ، ئارتۇق گەپ سورىمىدى.

— سىلەر — بوۋىسى، مومىسى ئۇنىڭغا كېپىل بولماقچى بولساڭلارلا، چېركاۋ ئۇنى چوقۇندۇرۇشنى رەت قىلمايدۇ.

گېرخاردت چېركاۋدىن چىقىۋاتقىنىدا، نومۇس ئىچىدە ئۆرتىنىپ كەتتى. ئەمما يەنە قانداقلا بولمىسۇن، بويىنىدىكى قەرزنى ئادا قىلغىنى ئۇچۇن، كۆڭلى ئەمىن تاپتى. ئەمدى بالىنى چېركاۋغا ئاپىرىپ چوقۇندۇرىدۇ، چوقۇندۇرۇش مۇراسىمى تامام بولغاندا، ئۇنىڭ هازىرقى مەسئۇلىيىتىمۇ ئادا قىلىنىپ بولغان بولىدۇ.

بىراق، چوقۇندۇرۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان چاغدا، باشقىچە بىر خىل كۈچ ئۇنىڭدا تېخىمۇ زور قىزىقىش ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى ئويغاتتى. ئۇنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ ئەس - هوشىنى بەند قىلىۋالغان سۆرلۈك دىن ھەم دىن تەلەپ قىلىدىغان تېخىمۇ ئالىي قانۇن تۇرماقتا، شۇڭا ئۇ نەۋرىسى ئۇچۇن ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيەتكە ئائىت دىنىي ئەقىدىلەرگە

يېڭىباشتىن دىققىتىنى توغرىلىدى .

— سىلەر ئىنجىلدىكى تەلىماتلار ھەم مېھىر ـ مۇھەببەتلەر ئارقىلىق بۇ بالىنى تەربىيىلىمەكچىمۇ ؟ — سۇرلۇك جىمجىتلىق قاپلىغان بۇ كىچىككىنە چېركاۋدا ، قارا تونغا ئورىنىۋالغان پوپ ئۇلاردىن شۇنداق دەپ سورىدى ، بۇ سۆزلەرنى پەقەت چوقۇندۇرۇش بەلگىلىمىسىنىڭ تەرتىپى بويىچە ئوقۇپلا ئۆتتى دېسىمۇ بولىدۇ . گېرخاردت ، شۇنداق ، دەپلا جاۋاب بەردى . ئايالىمۇ ئۆزىنىڭ ماقۇللۇقىنى بىلدۈردى .

— سىلەر زۆرۈر بولغان جىمىكى دىققەت ـ ئېتىبارىڭلار ۋە تىرىشچانلىقىڭلارنى ئىشقا سېلىپ ، تەنبىھ ، ئاگاھ ، ئۈلگە ۋە تەرتىپ ئارقىلىق بۇ بالىنى جىمى گۇناھتىن باش تارتىپ ھەم ھەزەر ئەيلەپ پەرۋەردىگارنىڭ ئىرادىسىگە ۋە ئىنجىلدا زىكرى قىلىنغان ئەمرىمەرۇپلارغا ئەمەل قىلىدىغان قىلىپ تەربىيىلەپ چىقالامسىلەر ؟

بۇ سۆزلەر ئىختىيارسىز ھالدا گېرخاردتنىڭ يادىغا ئۆزىنىڭ پەرزەنتىنى كەلتۈردى . ئۇلار ئەينى ۋاقىتتا مۇشۇنىڭدەك چوقۇندۇرۇش مۇراسىمىغا داخىل بولۇپ قەسەم بېرىشكەن ، پەرزەنتلىرىنىڭ مەنىۋى بەختىدىن خەۋەر ئېلىشقا رازى بولۇشتەك مۇشۇنداق تەنتەنىلىك كاپالەتنى ئىشتىكەن ئەمەسمىدى .

— خوپ دېسىڭىزلا بولىدۇ ، — دېدى پوپ ئۇنى ئالدىرىتىپ .

— خوپ ، تەقسىر ، — گېرخاردت بىلەن ئايالى ئاران ـ ئارانلا تەكرارلاشتى .

— سىلەر ئەمدى مۇشۇ چوقۇندۇرۇش مۇراسىمى ئارقىلىق بالىنى ياراتقۇچى پەرۋەردىگارغا ھەدىيە قىلدىڭلارمۇ ؟

— ھەدىيە قىلدۇق .

— خوش ، ناۋادا ئۆزۈڭلار ئېتىراپ قىلغان ئېتىقادنىڭ چىن ئېتىقاد ئىكەنلىكىنى پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا ۋىجدان بىلەن جاكارلىيالايدىغان بولساڭلار ، سىلەرنىڭ تەنتەنىلىك ۋەدەڭلار چىن يۈرىكىڭلاردىن چىققان بولسا ، ئۇنداقتا پەرۋەردىگار ئالدىدا

«شۇنداق» دەپ تەن ئېلىشلار .
— شۇنداق ، — دەپ جاۋاب بېرىشتى ئۇلار .
شۇنىڭ بىلەن ، ھېلىقى پوپ قولىنى بالىنىڭ بەدىنىگە تەگكۈزۈپ :
— ۋىلھېلمىنا ۋىستا ، ھازىر مەن مۇقەددەس ئاتا ، مۇقەددەس ئوغۇل ۋە روھۇلقۇددۇس نامىدىن سېنى چوقۇندۇرىمەن . بىز دۇئا قىلايلى ، — دېدى .
گېرخاردت ئاپئاق چاچلىق بېشىنى تۆۋەن ئېگىپ ، ئېھتىرام بىلەن مۇنۇ پاساھەتلىك دۇئانى ئىچىدە زىكرى قىلدى :
«ئەبەدىلئەبەد ھەممىگە قادىر پەرۋەردىگار ! بىز ساڭا ئېتىقاد قىلىمىز ، چۈنكى سەن ئىنسانىيەتنى ئاپىرىدە قىلغۇچى ، ماڭا ئوخشاش بەندىلىرىڭگە روھ ئاتا قىلغۇچى ، ماڭا ئوخشاش بەندىلىرىڭنىڭ جىسمىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگۈچىسەن . ساڭا ھەمدۇسانا ئېيتىمىزكى ، سەن مۇشۇ ئەتلىمە گۆشكە جان كىرگۈزۈپ ھاياتلىق بەخش ئەتتىڭ ھەم ئۇنى تا بۈگۈنگىچە ئۆز پاناھىڭدا ساقلىدىڭ . سېنى قۇتلۇقلايمىز ، بۇ بوۋاقنى گۈزەل ئەخلاقتا ۋە نۇر - ئىقبالغا يېقىنلىشىش ئىمكانىيىتىگە مۇيەسسەر قىلدىڭ . ئەمدى ئۇنى ساڭا ھەدىيە قىلدۇق ھەم خرىستىئان ئالىمىگە ئەكىردۇق . ساڭا تەشەككۈر ئەيلەيمىزكى ، مۇقەددەس ئوغۇلنىڭ كالامى بولغان ئىنجىلنىڭ شاراپىتىدىن بۇ سەغىرىدە مەڭگۈ شادلىق ئۈچۈن زۆرۈر بولغان جىمى ئىمكانىيەت تەل بولدى ، چۈنكى بۇ ئىنجىل نۇر كەبى ئۇنىڭ ئوي - پىكرىنى يورۇتۇپ ، تەسەللى كەبى ئۇنىڭ قەلبىنى ئىللىتىپ ، رىغبەت ۋە ئىستىپدات كەبى ئۇنى پەرزنى ئادا قىلىش ئىمكانىيىتىدىن بەھرىمەن قىلىپ ، مېھىر - شەپقەت ۋە ئۆلمەس ھەم قىممەتلىك ئۈمىد بىلەن ئۇنىڭ ئېتىقادىنى كامىل قىلىدۇ . بىز يەنە ساڭا ئىلتىجا قىلىمىزكى ، ئاھ ، ناھايىتى شەپقەتلىك ھەم مېھرىبان پەرۋەردىگار ، بۇ بالىنى گۆدەك چېغىدىن تارتىپ روھۇلقۇددۇسنىڭ رىغبىتىگە ئېرىشتۈرۈپ پاكلاندۇرغايسەن ، ئۇ سېنىڭ مېھىر -

شەپقىتىنىڭ بىرلە، ئەبەدىي شاپائەتكە نائىل بولغاي. ئۆز قۇللىرىڭنىڭ بۇ بالىنى تەربىيەت قىلىشتەك زور مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىشتا ئەمەل قىلىشى ئۈچۈن، ئۇلارغا ئەمر ھەم رەھمەت قىلغايسەن. ئۇلارغا دىنىنىڭ تەنبىھ ـ ساۋاقلىرى ۋە ئەمرمەرۇپلىرىنىڭ مۇتلەق زۆرۈر ئىكەنلىكىنى تونۇتقايسەن. ئۇلار بۇ سەغىرىنىڭ ئەسلىدە ساڭا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى، ناۋادا ئۇلارنىڭ بىپەرۋالىقى ياكى رەزىللىكىدە ئۈلگە بولۇشى تۈپەيلى سىنىڭ بىر ئوبدان مەخلۇقۇڭغا شىكەستە يەتسە، ئۇلاردىن ھامان ھېساب ئالىدىغانلىقىڭنى ئەستىن چىقارمىغاي. سەن مۇشۇ بەندىلىرىڭگە شۇنداق ئىدراك ئاتا قىلغىنكى، بۇ سەغىرىنىڭ تەبىئىتىنىڭ مۇقەددەسلىكى، ئۇنىڭ روھىنىڭ قىممىتى، ئۇ كېلەچەكتە زاھىر قىلىدىغان خەۋپ ـ خەتەر، ئۇ سىنىڭ شاپائىتىڭ بىرلە سازاۋەر بولغۇسى ئىززەت ـ ھۆرمەت ۋە بەخت ـ سائادەت، شۇنىڭدەك رەزىل ھاۋايى ـ ھەۋەس، رەزىل قىلمىش تۈپەيلى پانىي ئالەمدە يولۇقىدىغان ھالاكەتى ھەم باقىي ئالەمدە تارتىدىغان ئازاب ـ ئوقۇبىتى ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ئايان بولغاي. ئۇلارنىڭ بۇ سەغىرىنىڭ قەلبىدە ئاستا ـ ئاستا بىخ سۈرىدىغان رەزىل خاھىشنى تونجۇقتۇرۇپ تاشلاپ ئۇنى ئۆز ھىمايىسىگە ئېلىشى، بالىلىق ھەم ياشلىق دەۋرىدە بولمىش ئېزىتقۇنىڭ ئازدۇرۇشىدىن ساقلاپ قالالىشى، ئۇ ئۆسۈپ چوڭ بولغاندا، ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئۇنىڭغا سېنى ھەم سەن بۇ ئالەمگە ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن ئىسا پەيغەمبەرنى تونۇتالىشى ئۈچۈن، ئۇلارغا ھىدايەت ئاتا قىلغايسەن. مۇشۇ سەغىرىنىڭ قەلبىدە ساڭا قارىتا چەكسىز ئېھتىرام ۋە مۇھەببەتنى، سىنىڭ ئوغلۇڭ — يەنى ئۇنىڭ خالاسكارىنىڭ كالامى بولغان ئىنجىلغا قارىتا مىننەتدارلىقنى، شۇنىڭدەك مۇشۇ ئىنجىلدىكى جىمى ئەمرمەرۇپ ۋە قائىدە ـ مىزانلارغا قارىتا ھۆرمەتنى ھەمدە جىمىكى ئىنسانلارغا قارىتا مېھىر ـ شەپقەت ۋە خەيرخاھلىقنى ھەم ئۆز ئېتىقادىغا سادىق بولغان تەۋرەنمەس ئارزۇ ـ ھەۋەسنى يېتىلدۈرەلىشى ئۈچۈن،

ئۇلارنى ھىدايەت يولىغا باشلىغايسەن . ئۇنى يېقىملىق رىغبەت بىلەن داۋاملىق نازارەت قىلىپ تۇرۇشى ، تىرىشچانلىق بىلەن ، گەپ - سۆزلىرى ۋە يۈرۈش - تۇرۇشلىرى ئارقىلىق ئۇنىڭ قەلبىنى بۇلغىنىشتىن ساقلاپ قالالىشى ھەمدە ئۇنىڭغا ھەر ۋاقىت ئۈلگە بولۇپ ، ئۇنى يامان يولدىن توسۇپ قالالىشى ئۈچۈن ، ئۇلارغا مەدەت قىلغايسەن . ناۋادا ، ئۇنىڭ بۇ ئالەمدىكى ئۆمرىنى ئۇزارتماقچى بولساڭ ، ئۇنىڭغا ئىجازەت بەرگەيسەنكى ، ئۇ ئاتا - ئانىسى ۋە دوستلىرىغا شەرەپ ھەم تەسەللى بېغىشلاپ ، بۇ ئالەمدە يارامىلىق ئادەم بولۇپ ، سېنىڭ پاناھىڭدا مەڭگۈگە ئاسايىش تاپقاي ، ئۇ ياشىغاندا سېنىڭ ئۈچۈن ياشىغاي ، ئۆلۈشكە توغرا كەلگەندە سېنىڭ يولۇڭدا جېنىنى پىدا ئەيلىگەي . مەھشەر كۈنىگە بارغاندا ، ئۇ ئۆز ئاتا - ئانىسى بىلەن بىللە ، خىرىستوسنىڭ شاپائىتىگە مۇشەررەپ بولۇپ ، سېنىڭ مەغپىرىتىڭ ھەم مېھىر - مۇھەببىتىڭ سايىسىدە ، ئەبەدىي شاد - خۇراملىق ئىچىدە دەرقەمتە ئۆتكەي ، ئامىن . »

مۇشۇ دۇئانى قىلىۋاتقان چاغدا ، بوۋىسىدا بۇ كىچىككىنە تاشلاندۇق جان ئىگىسىگە قارىتا مەجبۇرىيەت تۇيغۇسى پەيدا بولدى ، ئۇ ، خۇددى مۇقەددەس قەسەمنامىدە قەيت قىلىنىدەك ، ئۆزىنىڭ شۇ تاپتا ئايالى قۇچىقىدا كۆتۈرۈپ تۇرغان ئاشۇ كىچىككىنە مەخلۇقنىڭ ھالىدىن پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرى بىلەن خەۋەر ئېلىپ ھەم ئۇنىڭغا كۆز - قۇلاق بولۇپ تۇرۇشى زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىپ يەتتى . تاكى مۇراسىم ئاياغلاشقانغا قەدەر ، قاتتىق سۇر باسقان ھالەتتە ، بېشىنى تۆۋەن ئېگىپ سۈكۈتتە تۇردى . ئۇنىڭ ئاشۇ سۇرلۇك چىراكاۋدىن يېنىپ چىقىۋاتقان چېغىدىكى ھېسسىياتىنى ئىپادىلەشكە ھېچقانداق گەپ توغرا كەلمەيتتى . ئەسلىدە دىن ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، مەنىۋى خورىتقۇچ ئىدى . ئۇنىڭ قارىشىچە ، تەڭرىنىڭ ئۆزى ئادەم ، ھەممىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى رېئال مەۋجۇدىيەت ئىدى . ئۇ يەنە ، دىن — ھەرگىزمۇ يەكشەنبە كۈنى كۆپچىلىككە ۋەز ئېيتىش ئۈچۈن تەييارلاپ

www.uyghurkitap.com

قويۇلغان تەكەللۇپ سۆزلەر ئەمەس ياكى قىزىقارلىق ئوي - پىكىرمۇ ئەمەس ، ئۇ تەقدىر ئىلاھىنىڭ قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچىنىڭ نامايەندىسى ، ئىنسانىيەت تەڭرىگە بىۋاسىتە يېقىنلىشالايدىغان زامانلاردىن بېرى ئىزچىل داۋام قىلىپ كەلگەن دەپ ئويلايتتى . ئۇنىڭ قارىشىچە ، دىنىي مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىشنىڭ ئۆزى بىر خىل خۇشاللىق ، خالاسلىق ، كىشىلىك دۇنياغا بېرىلگەن بىر خىل تەسەللى ، چۈنكى كىشىلىك دۇنيانىڭ مەنىسىنى پانىي ئالەمدە ئىزاھلاپ چىقىش مۇمكىن ئەمەس ، خۇدانىڭ دەرگاھىغا بارغاندىلا ، ئاندىن ئۇنىڭ ئىزاھاتىغا ئېرىشكىلى بولىدۇ . گېرخاردت ئاستا قەدەم تاشلاپ كېتىۋېتىپ ، يول بويى باياتىن ئېچىدە زىكرى قىلغان قەسەمياد سۆزلىرىنى ھەم مەجبۇرىيەتنى كۆڭلىدىن تەپسىلىي ئۆتكۈزۈپ چىقىۋىدى ، ئۆزىدە بۇ بالىغا نىسبەتەن بىزارلىق تۇيغۇسى بارا - بارا يوقىلىپ ، تەبىئىي قىزىقىش تۇغۇلۇپ بېرىۋاتقىنىنى سەزدى . قىزىنىڭ گۇناھى ھەرقانچە زور بولغان تەقدىردىمۇ ، ئۇنى بۇ بالىدىن كۆرگىلى بولمايتتى . ماۋۇ ئاگىسىز ، يىغلاڭغۇ ، نىمجان مەخلۇق ئۇنىڭ ھېسداشلىقىغا ھەم مېھرىگە موھتاج ئىدى . گېرخاردت ئەمدى يۈرىكىدە بۇ بالىغا نىسبەتەن مېھىر - شەپقەت ئويغانلىقىنى ھېس قىلدى . ئەمما ئۆزىنىڭ پوزىتسىيىسىنى ئۇشتۇمتۇت ئۆزگەرتىشكە تېخى بالدۇر ئىدى .

— ئۇ ياخشى ئادەم ئىكەنغۇ ، — يولدا كېلىۋېتىپ ئايالى پوپنى سۆككەندە ، ئۇ شۇنداق دېدى ، بايا ئۇ ئۆزىنىڭ مەجبۇرىيەت نۇقتىئىنەزىرىنىڭ كۆچىدە تېزلا يۇمشاپ كەتكەنىدى .

— شۇنداق - ھە ، ھەقىقەتەن ياخشى ئادەم ئىكەن ، — ئايالى ھېيىققان ھالدا ئۇنىڭ گېپىگە قوشۇلدى .

— ھېلىقى چېركاۋمۇ ئانچە كىچىك ئەمەسكەن ، — دېدى گېرخاردت .

— ھەئە ، شۇنداقكەن .

گېرخاردت ئەتراپقا قارىدى . كوچىلارغا ، ئۆيلەرگە ھەمدە

قىش كۈنىدىكى قۇياش نۇرىدا جانلىنىپ تۇرغان ھاياتلىقا كۆز تاشلاپ بولۇپ، ئاخىرىدا نەزىرىنى ئايالىنىڭ قۇچىقىدىكى بالىغا ئاغدۇردى.

— ئۇ ئېغىر بولسا كېرەك، — دېدى ئۆزىنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان نېمىسچە تەلەپپۇزىدا، — ئەكېلىڭ، مەن كۆتۈرۈۋالاي.

ئايالى ھېرىپ قالغانىدى، شۇڭا دەررۇ ماقۇل بولدى.

— قاراڭا، — دېدى ئۇ بالىغا قاراپ - قاراپ قويۇپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ مۈرىسىگە ئاۋايلاپقىنا قويۇۋالدى، — ئۇنىڭ بىزنىڭ مۇشۇ ئەقىدىمىزنى يەردە قويماسلىقىنى تىلەيلى.

ئايالى ئېرىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىپ كېلىۋاتاتتى. گەپنىڭ مەنىسى ئېرىنىڭ ئاۋازىدىن ئېنىق ئىپادىلىنىپ تۇردى. ئۇ ئەسلىدە بۇ بالا مۇشۇ ئۆيدە بولىدىغانلا بولسا، كۆڭۈلسىزلىك تۇغدۇرۇشى ھەم غوۋغا چىقىپ قېلىشىدىن خاۋاتىرلىنىپ يۈرگەنىدى، مانا ئەمدى تېخىمۇ قۇدرەتلىك بىر كۈچ ئېرىنى توسۇپ قالىدىغان بولدى. چۈنكى ھەرقانداق ۋاقىتتا، بۇ بالىنىڭ روھىنى نەزەر - ئېتىباردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ - دە. گېرخاردت ئەمدى ئۇنىڭ روھىنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتەلمەيدۇ.

## 16

گېرخاردت ئۆيىدە يەنە بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ قالدى، مۇشۇ كۈنلەردە جېننى بىلەن روبىرو بولۇشتىن خىجىل بولۇپ، كۆرمىگەنگە سېلىپ يۈردى، كېيىن ماڭار چېغىدا ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپمۇ قويماي، ئايالىغا: «ئۇنىڭغا مەن ئۇچۇن خوش دەپ قويارسىز» دەپلا كېتىپ قالدى. بىراق، يېرىم يولغا بارغاندا قاتتىق ئۆكۈندى، «ئۇنىڭغا بىرەر ئېغىز گەپ قىلىپ قويۇپ ماڭغان بولسامچۇ، ئىسىت» دەپ قالدى ئۇ پويىز گۈلدۈرلەپ

www.uyghurkitap.com

ماڭغاندا . بىراق ، ئەمدى كېچىككەندى .

گېرخاردتنىڭ ئائىلىسىدىكى ئىشلار بۇرۇنقىدەكلا داۋام قىلىۋەردى . جېننى لېئانچو خانىمنىڭ ئۆيىدە شۇ ئىشلىگىنىچە ئىشلەپ كەتتى . سىباستىئون سىگارت دۇكىنىدا ئىشلەۋاتاتتى ، ئورنىمۇ خېلىلا ئىسسىپ قالدى . گېئورگىنىڭ ئىش ھەققى ئۈچ دوللارغا ، كېيىن يەنە ئۈچ يېرىم دوللارغا ئۆستى . بىر ئائىلە كىشىلىرى غورىگىل تۇرمۇش كەچۈرمەكتە . كۆمۈر ، ياغ ، تۇز ، ئاياغ ، ئۇستىباش ئۇلارنىڭ پارىڭىنىڭ ئەڭ مۇھىم تېمىسى ئىدى . ھەممەيلەن تىرىكچىلىكنىڭ غېمىدە پايپېتەك بولۇپ يۈرۈشمەكتە .

جېننى سەزگۈر ئايال ، ئۇنى خاۋاتىرلەندۈرىدىغان ئىشلارمۇ ئاز ئەمەس ، لېكىن ئۇنىڭ بېشىنى راسا قاتۇرۇۋاتقىنى — ئۆزىنىڭ نىجاتلىق مەسىلىسى ئىدى . ئۇ بۇ مەسىلىدە ئۆزىنى ئانچە ئويلاپ كەتمىگەن تەقدىردىمۇ ، تولىراق ۋىستا ھەم ئائىلىسىدىكىلەر ئۈچۈن باش قاتۇرماي تۇرالمايتتى . ئۆزىنىڭ نەگە بېرىپ ، نەدە توختايدىغانلىقى ھېچ نامەلۇم . ئۇ ئۆزىگە ئۆزى نەچچە رەت : «مېنى كىممۇ ئالار ؟» دېگەن سوئالنى قويىدى . «ناۋادا يېگىدىن مۇھەببەت تۇغۇلۇپ قالسا ، ۋىستانى قانداق قىلىمەن ؟» بۇمۇ ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن ئىش - دە . ئۇ ھەم ياش ، ھەم ئۇز ، ھەممە ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا ئىشقىۋازلىق قىلغۇسى ياكى ساقال تاشلىغۇسى كېلىدۇ . لېئانچو خانىمنىڭ ئۆيىگە كېلىدىغان ئەر مېھمانلار ناھايىتى كۆپ ئىدى ، شۇلاردىن بىرنەچچىسى ئۇنىڭغا تېتىقسىز چاقچاق قىلغانمۇ بولدى .

— سۆيۈملۈكۈم ، سىز قالتىس چىرايلىق ئىكەنسىزغۇ ، — بۇ گەپنى ئۇ بىر كۈنى ئەتىگەندە خوجايىنىنىڭ گېپىنى ئېيتىپ قويغىلى مېھمان ياتقان ھۇجرىنىڭ ئىشىكىنى چەككەندە ، ئەللىك ياشلاردىن ھالقىغان بىر قېرى ساياق ئېيتتى .

— كەچۈرۈڭ ، — دېدى جېننى ھودۇققىنىدىن شەلپەردەك قىزىرىپ .

— راست گەپ ، سىز بەك ئوماق ئىكەنسىز ، مېنىڭدىن

كەچۈرۈم سورىمايلا قويۇڭ ، مەن باشقا بىر كۈنى سىز بىلەن ئايرىم پاراڭلىشىمەن .

ئۇ تېخى جېنىنىڭ ئېگىكىنى تۇتماقچى بولۇپ قولىنى ئۇزاتقانىدى ، جېنى ئىتتىكلا ئۆزىنى چەتكە قاچۇردى . ئۇ بۇ ئىشنى خوجايىنىغا ئېيتماقچى بولدىيۇ ، يەنە ئىزا تارتىپ دېمەيلا قويدى . پەقەتلا : «نېمە ئۈچۈن ئەركەك زاتلا بولسا مۇشۇنداقتۇ ؟» دېگەن ئويغا كەلدى . ئەجەبا ، ئۇ باشقىلارنى ئۆزىگە شۇنچە يېپىشتۇرۇۋالغۇدەك ، تۇغۇلۇشىدىنلا شۇنداق رەزىل ، تېگىدىن بۇزۇق ئىنسانمىدۇ ؟

ئومۇمەن ، ئۆزىنى ئۆزى ھىمايە قىلىشقا ماھىر بولمىغان ئادەم ئاجايىپ بىر خىل خۇسۇسىيەتلىك بولىدۇ ، يەنى شېكەر شىرنىسى قاچىلانغان قۇتىغا ئوخشاش ، چىۋىنلەرنى ئۆزىگە ئولاشتۇرىدۇ . چىۋىننىڭ ئولىشىۋالغىنى شېكەر شىرنىسى ئۈچۈن قىلچە پايدىسىز ، ئۇ ئۇچۇپ كەتكەندە ئۆزىگە شىرنىدىن بىرمۇنچە يۇقتۇرۇۋالغان بولىدۇ . مۇلايىم ، ئىتائەتمەن ، شەخسىيەتسىز بولغان بىر ئايالغا ئەركەكلەر تەبىئىي ھالدا ھەسەل ھەرىلىرىدەك ئولىشىۋالىدۇ . بۇ كىشىلەر بۇنداق سېخىي ، مۇلايىم تەبىئەتنى ، بۇ خىل ئۆزىنى ئۆزى قىلچە ھىمايە قىلماسلىق پوزىتسىيىسىنى يىراقتىنلا پۇراپ بىلىۋالىدۇ . شۇڭا ، جېنىغا ئوخشاش بۇنداق ئاياللار خۇددى كۆڭۈلگە ھۇزۇر بېغىشلايدىغان ئىللىق ئوت كەبى ، ئەركەكلەرنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىدۇ ، ئەركەكلەر ئۇنىڭدىن ئۆزىنىڭ ھالىغا يېتىشنى ئۆتۈنىدۇ ، ئۇنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋېلىپ ، ئۆزىنىڭ نەپسىنى قاندۇرۇش كويىدا بولىدۇ . شۇڭلاشقىمۇ بىرمۇنچە كىشىلەر ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق قىلىۋېرىپ ، ئۇنىڭ كەيپىنى راسا ئۇچۇردى .

بىر كۈنى ، سىنسىنناتى دېگەن يەردىن رېستوگان ئىسىملىك بىر مېھمان كەلدى . ئۇ ئاپتوموبىل چاقى سودىگىرىنىڭ ئوغلى ئىدى ، ئۇنىڭ دادىسى شۇ شەھەردە ھەم مەملىكەت ئىچىدىكى باشقا جايلاردا سودا ساھەسىدە خېلى نام ـ ئاتىقى بار ئادەم ئىدى . ئۇ

لىئانچو خانىمنىڭ ئۆيىگە پات ـ پات مېھمان بولۇپ كېلەتتى . ئۇنىڭ لىئانچو خانىم بىلەن بولغان ئالاقىسى خانىمنىڭ ئېرى بىلەن بولغان ئالاقىسىدىنمۇ قويۇق ئىدى ، چۈنكى لىئانچو خانىم سىنىسىناتىدا چوڭ بولغان ، قىز ۋاقىتلىرىدا دائىم ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئويناپ كېلەتتى . خانىم ئۇنىڭ ئاپىسى ، ئاكىسى ۋە سىڭىللىرى بىلەن تونۇش ، ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى لىئانچو خانىمغا ئۆز ئۆيىنىڭ ئادىمى قاتارىدا مۇئامىلە قىلاتتى .

— رېستو ئەتىلىككە كېلىدىكەن ، ھېنرى ، — جېنىنى لىئانچو خانىمنىڭ ئېرىگە شۇنداق دەۋاتقىنىنى ئاڭلاپ قالدى ، — بۈگۈن چۈشتە ئۇنىڭ تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇۋالدىم . ئۇ تازىمۇ سەربەست ئادەم . بۇنى سىزمۇ بىلىسىز . ئۇنىڭغا ئۇستۈنكى قەۋەتنىڭ شەرقىدىكى كاتتا ھۇجرىنى تەييارلاپ قويساقمىكىن ، سىز ئۇنىڭغا سوغۇق مۇئامىلىدە بولماي ، كۆپرەك يېقىنچىلىق قىلارسىز . ئۇنىڭ دادىسى ماڭا بەك ئوبدان مۇئامىلە قىلىدىغان .

— بىلىمەن ، — دېدى ئېرى پەرۋاسىزغىنا ، — مەن رېستونى ياقتۇرمىمەن . شۇلارنىڭ ئائىلىسىدە ئەڭ تۈزۈكىمۇ شۇ . شۇنىسى سەل توڭ ، ھېچنېمىنى پىسەنتىگە ئېلىپ قويمايدۇ ـ دە .

— بۇنى بىلىمەن ، ئەمما ئۇ ناھايىتى چىرايلىق ئەمەسمۇ ، مەن ئۇنىڭدىنمۇ سۇمباتلىق ئادەمنى زادىلا ئۇچراتمىدىم .

— مەن ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا ئوبدان مۇئامىلىدە بولىمەن . سىزنىڭ دوستلىرىڭىزغا ئەزەلدىن ياخشى مۇئامىلە قىلىپ كېلىۋاتىمەنغۇ ؟

— ئۇغۇ راست ، ناھايىتى ياخشى مۇئامىلە قىلىسىز .

— ئوھوي ، ئۆزۈممۇ تېخى بىلمەيدىكەنمەن ، — ئۇ سوغۇقلا جاۋاب قايتۇردى .

بۇ مەشھۇر مېھماننىڭ قەدىمى يېتىپ كەلگەن چاغدا ، جېنىنى بۇ ئىنتايىن مۇھىم شەخسنى بىر كۆرۈپ باقماقچى بولۇۋىدى ، ئۇمىدىمۇ بىكار كەتمىدى . شۇ كۈنى زالدا ساھىبەسى بىلەن

كۆرۈشكەن كىشى ئوتتۇز بەش - ئوتتۇز ئالتە ياشلارغا كىرگەن، ئوتتۇرا بوي، چىراي - شەكلى قاملاشقان، غەيۇر ۋە زەبەردەس ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى ۋەزمىن ھەم ياڭراق ئىدى؛ ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ھەرقانداق كىشى مەيلى ئۇنى تونۇسۇن ياكى تونۇمىسۇن ئىختىيارسىز ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالماي تۇرالمايتتى. ئۇ ئارتۇقچە تەكەللۇپتىن خالىي، گەپنىمۇ ناھايىتى ئوچۇق قىلىدىغان ئادەم ئىكەن.

— ئوھو، مانا، — دېدى ئۇ گەپ باشلاپ، — سىز بىلەن يەنە دىدار كۆرۈشكىنىم ئۇچۇن خۇرسەنمەن. لېئانچو ئەپەندى تىنچلىقمۇ؟ قانىنى ئوبدان تۇردىمۇ؟

ئۇ بۇ سۆزلەرنى قىزغىنلىق بىلەن سورىدى، ساھىبەمۇ ئۇنىڭ سوئالىغا قىزغىنلىق بىلەن جاۋاب قايتۇردى.

— سىز بىلەن كۆرۈشكىنىم ئۇچۇن قەۋەتلا خۇشالمەن، رېستو، — دېدى ئۇ، — يۇكلىرىڭىزنى ئۈستۈنكى قەۋەتكە ئاچىقىپ قويسۇن. مېنىڭ ھۇجرامغا كىرىپ ئولتۇرايلى، شۇ يەر راھەترەك. پەدەرىڭىز ۋە لۇئىزا ياخشى تۇرغاندۇ؟

مېھمان خوجايىن بىلەن بىللە ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقىپ كەتتى. بۇ چاغدا پەلەمپەينىڭ بىر چېتىدە گەپ تىڭشاپ تۇرغان جېننى بۇ كىشىنىڭ تەقى - تۇرقىدا ماگنىتقا ئوخشاش بىر خىل سېھرىي كۈچ بارلىقىنى ھېس قىلدى. گويا بىر ھەقىقىي شەخس ئوتتۇرىغا چىقىپ قالغاندەك تۇيغۇدا بولدىيۇ، بۇنىڭ سەۋەبىنى ئۆزىمۇ چۈشىنەلمىدى. كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچىلىك بولغان ئارىلىقتا، ئۆينىڭ ئىچىنى باھار شامىلى قاپلاپ كەتكەندەك بولدى. ساھىبەنىڭ مۇئامىلىسىمۇ ئاجايىپ مۇلايىملىشىپ كەتتى. كىملا بولمىسۇن گويا بۇ مېھمان ئۇچۇن بىرەر ئىش قىلىشى زۆرۈردەك ھېسسىياتتا ئىدى.

جېننى يەنە ئۆز ئىشىغا تۇتۇندى، بىراق باياتىنقى تەسىراتتىن ھېچ خالىي بولالمايلا قالدى. ئۇ كىشىنىڭ ئىسمى ئۇنىڭ كۆڭۈل ئېكرانىدا يېنىش - يېنىش گەۋدىلەندى: رېستوگان. ئۇ يەنە

تۇرۇپ - تۇرۇپلا بۇ كىشىنىڭ سىنىسىنىناتىــــى دېگەن جايىدىن كەلگەنلىكىنى ئېسىگە ئېلىپ قوياتتى. ئۇ كىشىگە ھېلىمۇ - ھېلىغا تۇيدۇرماي كۆز سېلىپ، ئۆزىدە ئەركەك زاتىغا قارىتا قىزىقىش تۇغۇلغانلىقىنى سېزەتتى. بۇنداق تۇيغۇ ئۇنىڭدا ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغانىدى. بۇ كىشىنىڭ بوي - بەستى شۇنچىلىك قامەتلىك، رەڭگىرويى شۇنچىلىــــك قاملاشقان، ئۆزى شۇنداق زەبەردەس ئىدى. ئۇ بۇ كىشىنىڭ قانداق كەســـپ بىـــلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى قىياس قىلالمىدى. تېخى بۇ كىشىدىن سەل قورقۇۋاتقىنىنى سەزدى. بىر قېتىم ئۇ ھېلىقى كىشىنىــــڭ بۇركۈتنىڭكىدەك ئۆتكۈر كۆزلىرىنى تىكىپ ئۆزىگە قاراۋاتقىنىنى سېزىپ قېلىپ، بەك ھودۇقۇپ كەتتى - دە، بىر باھانە تېپىپ ئۆزىنى دالدىغا ئالدى. يەنە بىر قېتىم ئۇ كىشى جېنىنىغا گەپ قىلماقچى بولۇۋىدى، جېنىنى ئۆزىنى ئىش بىلەن بەند قىلىپ كۆرسىتىپ، ئىتتىك نېرى كەتتى. ئۇ ئارقىسىغا ئۆرۈلسىلا، ئۇ كىشىنىڭ ئۆزىگە مىختەك قادىلىپ تۇرغان كۆز نەزىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدىغانلىقىنى بىلەتتى، شۇڭا ئالاقزادىلىكتىن خالىي بولالمايلا قالدى. بۇ كىشىدىن يىراقراق تۇرۇشنى ئويلايتتىيۇ، ئەمما زادى نېمە سەۋەبتىن شۇنداق ئويلاۋاتقىنىنىـــــى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى.

ئەمەلىيەتتە، بايلىق، تەربىيەت، مەرتىۋە جەھەتتە جېنىنىدىن كۆپ ئۈستۈن تۇرىدىغان بۇ ئەركەكتە جېنىنىنىــــڭ ئۆزگىــــچە قىياپىتىگە قارىتا تەبىئىي قىزىقىش پەيدا بولۇپ قالغانىدى. باشقا ئەركەكلەرگە ئوخشاش، ئۇنىڭمۇ جېنىنىغا رام بولـۇپ قـالـغان يېرى — جېنىنىنىڭ ئاجايىپ سۇلكەتلىك تەبىئىتــى ۋە كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان ئاياللىق خۇسۇسىيىتى ئىدى. لەپ - لەپ قىلىپ بېقىشلىرى ئۇنىڭ سۆيگۈگە باي ئىكەنلىكىدىن بىشارەت بېرىپ تۇراتتى. نىمشىقىدۇر رىستوغا بۇ قىزغا يېقىــــنلاشسا بولىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. جېنىنىغۇ ئۆزىنىڭ ئىـــلگىـــرىكـــى تەجرىبىلىرىنى ئىشقا سالغان ئەمەس ياكى ئۇنىڭغا نازۇكەرەشمە

قىلغانمۇ ئەمەس ، ئەمما ئۇ كىشىنىڭ شەيتىنى هامان ئۇنى جېنىنغا يېقىنلىشىشقا كۈشكۈرتمەكتە ئىدى . ئۇ كىشى ئاشۇ تۈنجى كېلىشىدە ، بىرئاز تەۋەككۈل قىلىپ كۆرمەكچى بولغانىدى ، ئەمما بەزى ئىشلار سەۋەبىدىن كېتىپ قېلىشقا مەجبۇر بولدى . ئۇ بۇ يەردە تۆت كۈن تۇرۇپلا كېتىپ قالغانىدى ، كلىۋېلاندتىن كەتكىنىگە ئۈچ هەپتە بولدى دېگەندە ، جېنىنى ئۇنى ئەمدى كەلمەيدۇ دەپ ئويلاپ ، بىر تۇرۇپ كۆڭلى ئارام تاپقاندەك ، بىر تۇرۇپ كۆڭلى يېرىم بولۇۋاتقاندەك غەلىتە تۇيغۇلاردا بولۇپ يۈرگەندە ، ئۇ كىشى خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا يەنە پەيدا بولۇپ قالدى . ئۇنىڭ بۇ دورەم يەنە كېلىشى هېچكىمنىڭمۇ خىيالىغا كىرىپ چىقمىغانىدى . ئۇ لېئانچو خانىمغا : تىجارەت ئىشى بىلەن يەنە كېلىشكە توغرا كېلىپ قالدى ، دەپ چۈشەنچە بېرىپ قويدى . بۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقىنىدا ، جېنىنغا ئاچ كۆزلەرچە قاراپ قويۇۋىدى ، جېنىنغا ئۇنىڭ بۇ كېلىشىدىكى مۇددىئاسىنىڭ گويا ئۆزى بىلەن ئاز - تولا ئالاقىسى باردەك تۇيۇلدى .

ئۇ كىشى بۇ دورەم كەلگەندىن كېيىن ، جېنىنغا ئۇنى كۆرۈشنىڭ پۇرسىتى تېپىلىپلا تۇردى . بىرىنچى قېتىمقىسى ئەتىگەنلىك غىزا ۋاقتى ئىدى . چۈنكى بەزى چاغلاردا ناشتىلىق غىزانى ئۇستەلگە جېنىنى ئەكېلەتتى . ئىككىنچى قېتىمقىسى زىياپەت بېرىلگەن چاغ ئىدى ، ئۇستەلدە ئولتۇرغان مېھماننى تۆر ئۆيدە ياكى هۇجرىدا تۇرۇپ بىمالال كۆرۈشكە بولاتتى ؛ بەزى چاغلاردا ئۇ كىشى لېئانچو خانىمنىڭ هۇجرىسىغا كىرىپ پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇرغاندىمۇ ، جېنىنغا ئۇنى كۆرۈش پۇرسىتى چىقىپ قالاتتى . ئۇ كىشى بىلەن لېئانچو خانىمنىڭ مۇناسىۋىتى ئەزەلدىن قويۇق ئىدى .

— مەن شۇنداق ئويلايمەن ، رېستو ، سىز نېمىشقا بالدۇرراق ئىشنى پۈتتۈرۈپ توي قىلىۋالمايسىز ؟ — ئۇ ئىككىنچى قېتىم كەلگەندە ، لېئانچو خانىم ئۇنىڭغا شۇنداق دېدى ، — هازىر دەل ۋاقتى ئىكەنلىكىنى بىلىشىڭىز كېرەك ئىدى .

— بىلىمەن ، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ ، — ئەمما مېنىڭ ھازىرچە تېخى توي قىلغۇم يوق . مۇشۇنداق سالتاڭ ۋاقتىمدا بەش ـ تۆت زامان بولسىمۇ جاھاننىڭ پەيزىنى سۈرۈۋالاي دەيمەن .

— بۇ دېگىنىڭىزغۇ دۇرۇس ، بىلىمەن ، سىز جاھاننىڭ پەيزىنى سۈرەلەيسىز . بىراق ئىزا تارتىسىڭىز بولاتتى ، دادىڭىز سىزنىڭ غېمىڭىزدە نېمىلەر بولۇپ كېتىۋاتقاندۇ .

مېھمان پىخىلداپ كۈلۈۋەتتى .

— دادام ھەرگىزمۇ مېنىڭ غېمىمنى يەپ يۈرمەيدۇ . غەم قىلىدىغانغا ئۆزىنىڭ ئىشلىرىمۇ يېتىپ ـ ئېشىپ تۇرۇپتۇ .

جېننى ئۇنىڭغا قىزىقسىنغان ھالدا قاراپلا قالدى . شۇ تاپتا ، كۆڭلىدە نېمە ئويلار كېزىپ يۈرۈۋاتقىنىدىن بىخەۋەر ، تۈيغۇلىرى ئۇ كىشىگە ئەسىر بولۇپ كېتىۋاتماقتا ئىدى . ئۇ بۇ خىل ئەسىرلىكنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ يېتىشى بىلەنلا ، دەررۇ ئۆزىنى دالدىغا ئالدى .

مېھمان بۇ دورەم كەلگىنىدە ، جېننىغا تېخىمۇ بەك كۆز سالدى . پۇرسەت تاپسىلا ئۇنىڭغا بىر ـ ئىككى ئېغىز لوقما تاشلاپ ، ئۇنى تاغدىن ـ باغدىن گەپكە سېلىپ قوياتتى . جېننىمۇ ئىختىيارسىزلا ئۇنىڭ سوئالىغا ھازىر جاۋاب بولاتتى . ئۇ جېننىنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈرۈپ قويغانىدى . بىر قېتىم ، جېننى ئىككىمىزچى قەۋەتتىكى ئىشكاپىنىڭ تارتمىسىدىن پۇرۇچ ئىزدىگىلى چىقىپ ، ئۇنىڭ بىلەن زالدىلا دوقۇرۇشۇپ قالدى . بۇ چاغدا ئۈستۈنكى قەۋەتتە مۇشۇ ئىككىيلەنلا قالغان ، لېئانچو خانىم سودىلىق قىلغىلى بازارغا كەتكەن ، باشقا چاكارلارنىڭ ھەممىسى پەستە ئىدى . ئۇ مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ توغرىدىن ـ توغرىلا ئۆزىنىڭ ئىشىغا كىرىشتى ، بىر خىل ھەيۋە بىلەن ، ھېچبىر تەپ تارتماستىن ، ئىنتايىن كەسكىن رەۋىشتە جېننىنىڭ قېشىغا كەلدى .

— مەن سىز بىلەن سۆزلەشمەكچىدىم ، — دېدى ئۇ ، — سىز قەيەردە ئولتۇرىسىز ؟

— مەن . . . مەن ، — جېنىنى كىكەچلەپ قالدى ، يۈزى شۇئان تاتىرىپ كەتتى ، — مەن روۋلىي كوچىسىدا ئولتۇرىمەن .
— نەچچىنچى قورۇ ؟ — دەپ سورىدى ئۇ جېنىنىنى جاۋاب بېرىشكە مەجبۇر قىلىدىغاندەك قىياپەتتە .
جېنىنى قورقىنىدىن غال - غال تىترەپ كەتتى .
— بىر مىڭ ئۈچ يۈز ئون تۆتىنچى قورۇ ، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ خۇدىنى يوقاتقاندەك بولۇپ .
مېھماننىڭ تىنىق قوي كۆزلىرى ئۇنىــڭ زەڭگەر شەھلا كۆزلىرى ئىچىدە ئوينايتتى . ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىردەمدىلا خۇددى مۇگدەتكۈچى ، مەنىلىك ، كۈچلۈك چېقىــن چېقىــپ ئۆتكەندەك بولدى .
— سىز ماڭا تەئەللۇقسىز ، — دېدى ئۇ كىشى ، — مەن سىزنىڭ كويىغىزدىلا بولۇپ قالدىم . سىزنى كۆرگىلى قانداق چاغدا بارسام بولىدۇ ؟
— ۋاي ، سىز ھەرگىز ، ھەرگىز بارماڭ ، — جېنىنــى ئالاقزادىلىك ئىچىدە ، بارماقلىرى بىلەن لېۋىنى بېسىۋالدى ، — مەن سىز بىلەن كۆرۈشمەيمەن . مەن . . . مەن . . .
— ئوھو ، مەن ، مەن بارسام بولمامدىكەن ؟ گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ ، — ئۇ جېنىنىنىڭ بىلىكىنى تۇتۇۋېلىپ ، ئۇنى ئاستا ئۆزىگە تارتتى ، — ئىككىمىز شۇ تاپنىڭ ئۆزىدىلا سۆزلىشىۋالايلى . مەن سىزنى ياقتۇرۇپ قالدىم ، سىزمۇ مېنى ياقتۇرامسىز ؟ قېنى ، ئېيتىڭا ؟
جېنىنى ئۇنىڭغا كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ قاراپلا قالدى ، بۇ كۆزلەردىن تەئەججۇپ ، چۆچۈش ، ۋەھىمە ئالامىتى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى .
— بىلمەيمەن ، — دېدى ئۇ ھاسىراپ تۇرۇپ ، ئۇنىــڭ لەۋلىرى قۇرۇپ كەتكەنىدى .
— مېنى ياقتۇرامسىز ؟ — ئۇنىڭ نەشتەردەك تىكىلگەن كۆزلىرى جېنىنىنى قىمىر قىلغۇزماي قويدى .

— بىلمەيمەن .

— ماڭا قاراڭا ، — دېدى ئۇ .

— راست ، بىلمەيمەن ، — جاۋاب بەردى جېنىنى .

ئۇ جېنىنىنى ئىتتىك ئۆزىگە تارتتى .

— سىز بىلەن كېيىن يەنە سۆزلىشەيچۇ ، — ئۇ شۇنداق دەپلا ، ئۆكتەملىك بىلەن لەۋلىرىنى جېنىنىنىڭ لەۋلىرى ئۈستىگە باستى .

جېنىنى خۇددى مۇشۇكنىڭ ئۆتكۈر پەنجىلىرى ئاستىدا ئۆركۈپ ياتقان قۇش بالىسىغا ئوخشاش ، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي تېپىرلاپلا قالدى ، ئەمما مۇشۇ ئەسنادا ، ئىنتايىن جانلىق ھەم تەرسا بىر نەرسە ئۇنىڭغا ئۆز گېپىنى قىلىۋاتقاندى . مېھمان پىخخىدە كۈلۈۋېتىپ ، ئۇنى قويۇۋەتتى .

— بىز ئەمدى بۇ يەردە ئىككىنچى بۇنداق ئىشنى قىلمايلى ، ئەمما ئېسىڭىزدە بولسۇن ، سىز مېنىڭكى ، — ئۇ شۇ گەپنى قىلغاچ ، گويا ھېچ ئىش بولمىغاندەك ، زالدىن چىقىپ كەتتى . قورقۇپ ھېچ ھالى قالمىغان جېنىنى يۈگۈرۈپ ساھىبەسىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىۋالدى - دە ، ئىشىكنى ئىچىدىن ئېتىۋالدى .

## 17

بۇ قېتىم تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن ئىش جېنىنىنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ تاشلىدى . ئۇ بىرنەچچە سائەتتىن كېيىن ئاران ئېسىگە كەلدى . دەسلەپتە بۇنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى زادىلا چۈشىنەلمىدى . بۇ قورقۇنچلۇق ئىش ، گويا ئوچۇق ئاسماندا چاقماق چېقىلغاندەك ئىش ئىدى . ھازىر ئۇ يەنە بىر ئەركەككە كۆڭۈل بېرىپ قويدى . بۇ نېمە ئۈچۈن ؟ زادى نېمە ئۈچۈن ؟ ئۇ ئۆزىگە مۇشۇ سوئالنى قويدىيۇ ، كۆڭلىدە بۇنىڭغا جاۋابىنىمۇ تېپىپ بولدى . شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنىڭ روھىي ھالىتىنى

چۈشەندۈرۈپ بېرەلمىگەن بىلەن، شۇنىسى ئېنىقكى، مىجەز ـ خاراكتېر جەھەتتە ئۇ ئۇ كىشىگە تەئەللۇق، ئۇ كىشىمۇ ئۇنىڭغا تەئەللۇق ئىدى.

مۇھەببەت ھاياتقا ئوخشاش، خۇددى جەڭنىڭ ئۆزى. كۆچ دېسە كۆچ، بىلىم دېسە بىلىمى بار بولغان، ئېيىققا ئوخشاش بەستلىك بۇ ئەركەك ئۆزى زەردار سودىگەرنىڭ ئوغلى، يەنە كېلىپ ئۇ ياشاۋاتقان دۇنيا جېنىنىڭ دۇنياسىدىن كۆپ ئەۋزەل تۇرۇقلۇق، مانا ئەمدى ئىختىيارسىزلا، خۇددى ماگنىت تارتقاندەك، ئورگانىك ھالدا بۇ يوقسۇل دېدەككە مەپتۇن بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۆزى تېخى ھېس قىلىپ يەتمىگەن بىلەن، بۇ دېدەك ئەمەلىيەتتە ئۇنى تەبىئىي تارتىپ تۇرىدىغان بىر خىل كۈچ، ئۇنىڭ تەبىئىتىدىكى ئەڭ زور ئېھتىياجنى قاندۇرىدىغان بىر ئايال بولۇپ قالغانىدى. رېستوگان ئىلگىرى ھەر خىل ئاياللار بىلەن، يەنى بايلار بىلەنمۇ، كەمبەغەللەر بىلەنمۇ، ئۆزىنىڭ تەبىقىسىدىكى ئېسىلزادە خېنىملار ياكى تېگى ـ تەكتى يوقسۇل قىزلار بىلەنمۇ تونۇشۇپ باققان، ئەمما ھېسداش، دىلبەر، ياش ھەم گۈزەل بولۇشتىن ئىبارەت مۇشۇ تۆت خىل خۇسۇسىيەتنى ئۆزىدە مۇجەسسەم قىلغان كۆڭۈلگە لايىق بىر ئايالنى ئۇچرىتىپ باقمىغانىدى. بۇ خىل غايە ئۇنىڭ مېڭىسىنىڭ چوڭقۇر قېتىدىن مەھكەم ئورۇن ئالغان، ئۇ ئۆز غايىسىگە مۇناسىپ ئايالنى ئۇچرىتىپ قالغان ھامان، ئۇنى ئالىقىنىغا كىرگۈزۈشكە تەييار ئىدى. ئۇ ئويلايتتىكى، ناۋادا توي قىلىشقا توغرا كەلسە، بۇنداق غايىۋى ئايالنى ئۆزىنىڭ تەبىقىسىدىن ئىزدەش كېرەك. ئەگەر ۋاقتىنچە كۆڭلىنى خوش قىلىپ يۈرمەكچى بولسا، قانداق يەردە ئۇچرىتىپ قېلىشىنىڭ كارى چاغلىق، ئۇ چاغدا توي قىلىش مەسىلىسىنى بىر چەتكە قويۇپ تۇرسىمۇ بولىدۇ، ئەلۋەتتە. ئۆزىنىڭ بىر دېدەككە تەكلىپ قويۇپ قالىدىغىنى ئۇنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمىغانىدى. ئەمما جېنىنى بولسا باشقا گەپ. ئۇ بۇنداق دېدەكنى ئەزەلدىن ئۇچرىتىپ باقمىغان. بۇ قىز بەئەينى

يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرىنىڭ ئۆزىلا ، تېخى ئۆزىنىڭ كارامەت ئوماق ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ . بۇ قىزنى قىممەتلىك ھەم ئەتىۋارلىق گۈل دېسە بولىدۇ ! ئۇ نېمىدەپ بۇ گۈلنى ئۈزۈۋېلىپ چېكىسىگە قىستۇرالمايدىكەن ؟ بىز رېستونى ھەرگىز باشقىچە چۈشىنىپ قالماسلىقىمىز ، ئىلاج بار ئۇنى ھەم ئۇنىڭ ھالىنى چۈشىنىشىمىز كېرەك . ئادەمنىڭ ئوي ـ پىكرىنى ئالايلۇق ، پەقەت بىر قېتىملىق ئەخمىقانە ئويغا قاراپلا ، ئۇنىڭ قىممىتىنى باھالاپ بېكىتكىلى بولماس . ئادەمنىڭ كىشىلىك قەدىر ـ قىممىتىنى ئالايلۇق ، پەقەت شەھۋانىي نەپسىنىڭ بىردەملىك قوزغىلىشىغا ئاساسلىنىپلا ، ئۇنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكىگە ھۆكۈم قىلغىلى بولماس . بىز ياشاۋاتقان بۇ دۇنيادا ، ماددىي كۈچنىڭ زەربىسى تەڭداشسىز بولۇپ قالدى ؛ مەنىۋى جەھەتتىكى تەبىئىي خۇسۇسىيەت مۇشۇنداق كۈچنىڭ زىلزىلىسى ئاستىدا بېسىلىپ ياتماقتا . بىزنىڭ ماددىي مەدەنىيىتىمىز ئۈزلۈكسىز تۈردە ئاجايىپ ھەم مۇرەككەپ تەرەققىياتنى باشتىن كەچۈرمەكتە . ئىجتىمائىي تۇزۇمىمىز ئۈزلۈكسىز رەۋىشتە يېڭىدىن ـ يېڭى تۈس ئالماقتا ، يەنە تۆمۈريول ، تېز پويىز ، پوچتا ، تېلېفون ، تېلېگىرامما ، ئاخبارات قەغىزى ، بىر جۈملە سۆز بىلەن ئېيتقاندا ، ئىجتىمائىي ئالاقىنىڭ پۈتكۈل ئورگىنىنىڭ يىغىلىشىپ ، كۆپىيىپ ، خىلمۇخىل ، ئاجايىپ ـ غارايىپ تەسىرلەرنى تارقىتىشى ، مانا مۇشۇ خىلمۇخىل تۈرمۇش ئېلېمېنتلىرىنىڭ ئۆزئارا بىرىكىشى نەتىجىسىدە ، خۇددى كالېيدوسكوپقا ئوخشاش رەڭگارەڭ نۇرلار ، ھېرىپ ـ چارچىغان ھەم ئىدىيە ـ ئەخلاقنىڭ مەستانىسى بولۇپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان خىيالىي چىراغلار ھاسىل بولىدۇ . بۇنداق تۇرمۇش بىر خىل بىلىم ھارغىنلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ . ئۇنىڭ ئالامىتى ھەر خىل شەكىلدىكى ئۇيقۇسىزلىق كېسىلى ، غەمكىنلىك كېسىلى ھەم روھىي پاراكەندىچىلىك كېسىلىنىڭ قۇربانى بولۇشتىن ئىبارەت . يېقىنقى زامان كىشىلىرىمىزنىڭ كاللىسى ھەر كۈنى پەيدا بولۇۋاتقان مۇشۇنداق

غايەت زور پاكىتلار ۋە تەسىراتلارنى قوبۇل قىلغۇدەك ، تۇرگە ئايرىپ ساقلىغۇدەك ئىقتىدارغا تېخى ئىگە بولمىغان بولسا كېرەك . چۈنكى بۇ ئىشلار كاللىنى گاڭگىرىتىپ قويىدۇ . ئۇستىمىزدىن بېسىپ تۇرغان ئىشلار بەكمۇ كۆپ بولۇپ كەتتى . ئويلاپ بېقىڭچۇ ، چەكسىز ئەقىل - پاراسەتنى ئىستاكاننىڭ چوڭلۇقىدەك ، كىچىككىنە قەلبكە سىغدۇرۇش مۇمكىنمۇ ئاخىر !

رېستوگان مانا مۇشۇنداق بەختسىزلىك ھالىتىنىڭ تەبىئىي مەھسۇلى . ئۇنىڭ قەلبى كۆزىتىشكە تەبىئىي ماھىر ، ئۇنىڭ ئۇستىگە تەسەۋۋۇرغا ھەم ھەزىلگە باي بولغانلىقتىن يەر يۈزىدىكى شەيئىلەرنىڭ كۆپىيىپ بېرىشى ، تۇرمۇش كارتىنىسىنىڭ كەڭ دائىرىلىك ، رەڭگارەڭ ، يارقىن ، ئاجايىپ - غارايىپ تۈس ئېلىشى ، ھەق - ناھەقنىڭ ئارىلىشىپ كېتىشىدەك تەسىراتلار ئۇنىڭ قەلب دۇنياسىنى لىق ئىگىلىۋالغانىدى . ئۇ كاتولىك دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئائىلىدە تۇغۇلغان بولسىمۇ ، ئەمما كاتولىك دىنىنىڭ مۇقەددەس ئىلھامىغا ئىشەنمەيتتى ؛ ئېسىلزادىلەر جەمئىيىتىدە ئۆسۈپ چوڭ بولغان بولسىمۇ ، ئۇنىڭدا ئائىلە كۆزقارىشى زىنھار يوق ئىدى ؛ گەرچە ئۆزى كۆڭۈلدىكىدەك بايلىقنىڭ مىراسخورى ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ھەممە كىشى ئۇنىڭ ئۆز مەرتىۋىسىگە مۇناسىپ كېلىدىغان ئائىلە بىلەن تويلىشىشىنى ئۈمىد قىلىۋاتقان بولسىمۇ ، شەرتلىك توي قىلىشنى ئانچە ياقلاپ كەتمەيتتى . توي قىلىش — ئەلۋەتتە بىر خىل تۇزۇم ، بەرھەق ئىش . راست ، شۇنداققۇ . ئەمما يەنە ئۇ قانچىلىك ئىش ئىدى ؟ بۇنىڭغا مەملىكەت خەلقىنىڭ ھەنىۋاسى ئىشىنىدۇ . دەرۋەقە شۇنداق . ئەمما باشقا مەملىكەتلەردە قانداقىسىگە كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش تۇزۇمىگە ئىشىنىشىدىكىنە ؟ بۇنىڭدىن باشقا يەنە خىلمۇخىل مەسىلىلەر ، ئائىلىلۇق ، ئون سەككىز مىڭ ئالەمنى بىرلا خۇدا ئىدارە قىلىپ تۇرىدۇ ، دەيدىغان ئېتىقاد ، شۇنىڭدەك جۇمھۇرىيەت ، پادىشاھلىق تۇزۇم ، ئاقسۆڭەكلەر ھاكىمىيىتىنىڭ قايسىسى ئەڭ ياخشى دېگەنگە ئوخشاشلار ئۇنى زېرىكتۇرۇۋەتكەنىدى . قىسقىسى ،

www.uyghurkitap.com

ماددي دۇنيا ، جەمئىيەت ، روھقا باغلىق بولغان جىمى ئىش ئۇنىڭ قەلب دۇنياسىدىكى تاشقى كېسەل بۆلۈمىنىڭ ئوپېراتسىيە يېچىقى ئاستىدىن ئۆتمەي قالمىغان ، ئەمما ئۇ بۇلارنى ئوپېراتسىيىنىڭ يېرىمىغا كېلەر ـ كەلمەيلا چۆرۈپ تاشلىغانىدى . ئۇنىڭ تەربىيە كىشىلىك تۇرمۇش ئىسپاتلانغان نەرسە ئىدى . ئۇ پەقەت زۆرۈر بولغان بىرلا نۇقتىئىنەزەرگە سادىق بولۇپ كەلگەندىن باشقا ، ھېچقانداق بىر كۆزقاراشنى ئاخىرقى قاراردىن ئۆتكۈزۈپ باقمىدى . ئۇنىڭدىن باشقا جىمى ئىشتا ، ئۇ پوزىتسىيىسىدە تەۋرەنمەي ، شۈبھىلەنمەي ، ئىككى تايىن بولماي قالمىدى ، ئۆزىنى زېرىكتۈرۈپ قويغان ئاشۇ مەسىلىلەرنى ھەمىشە ۋاقتىنىڭ ۋە ئالەمنىڭ كەينىدىكى كۈچىنىڭ ئۆزى ھەل قىلىشىغا قالدۇرۇپ كەلدى . دۇرۇس ، رېستوگان دىن ، سودا ، جەمئىيەتتىن ئىبارەت بۇ ئۈچ ئېلېمېنتنىڭ بىرىكىشىنىڭ تەبىئىي مەھسۇلى ، ئۇ مىللىتىمىزنىڭ تۇرمۇشىدا كەڭ تارقالغان ئەركىنلىك ھاۋاسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈنلا ، ئوي ـ پىكىرلىرى ھەم يۈرۈش ـ تۇرۇشىدا ھېچنېمىگە پىسەنت قىلماسلىقتەك بىر خىل ئەركىنلىكنى شەكىللەندۈرگەن . ئۇ ئوتتۇز ئالتە ياشقا كىردى . ئۇنىڭ ئۇستىگە كۈچتۈڭگۈر ، قابىل ، بېجىرىم ئادەم ئىكەنلىكىدە گەپ يوق . بىراق ، ماھىيىتىدىن ئالغاندا ، ئۇستىگە بىر قەۋەت تەربىيەت ھەم مۇھىت نىقابىنى ئارتىۋالغان ھايۋاننىڭ ئۆزى ، خالاس . ئۇنىڭ دادىسىنىڭ زامانىسىدا مىليونلىغان ئىرلاندىيىلىكلەرنىڭ بەزىلىرى تۆمۈريول رېلىسلىرى ئۈستىدە كۈچىنى ساتقان ، بەزىلىرى كان قازغان ، بەزىلىرى جىلغا كولىغان ، يەنە بەزىلىرى يېگى زېمىندىكى تۈگىمەس بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرىدا خىش ـ كېسەك توشۇغان ، ئۇمۇ ئاشۇلارغا ئوخشاشلا كۈچتۈڭگۈر ، تۈكلۈك ، چەبدەس ھەم زېرەك بولۇپ ئۆستى .

ئۇ ئون يەتتە ياشقا كىرگەن يىلى ، مەكتەپتە قائىدىگە خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن ، ئۇنىڭغا ساۋاق بېرىدىغان مىسسىئونېر ئامبروس ئۇنى ئۇرماقچى بولغانىدى ، ئۇ ئۇنىڭغا :

— سىز مېنى كېلەر يىلى كەلمىسۇن دېمەكچىمۇ؟ — دەپ سوئال تاشلىدى.

مىسسىئونېر چۆچۈپ كېتىپ، كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپلا قالدى.

— ئۇنى داداڭ بىرنېمە دېسۇن، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ.

— دادامما؟ ئۇ بۇنىڭغا ئارىلىشالمايدۇ، — دېدى رېستو، — ئاشۇ قامچىنى ماڭا تەگكۈزىدىغانلا بولسىڭىز، مېنى ئىككىنچى باشقۇرالمايسىز. مەن جازاغا تارتىلغۇدەك گۇناھ ئۆتكۈزگىنىم يوق، بۇنىڭدىن كېيىن سىزگە ئۆزۈمنى ئۇرغۇزمايمەن.

بەختكە قارشى، بۇ ئىش پەقەت گەپ قىلغان بىلەنلا تۈگەپ قالمىدى، بىر مەيدان ئىرلاندىيىچە، ئامېرىكىچە ئېلىشىشتىن كېيىن ئاندىن ئۇنىڭ خۇلاسىسى چىقتى. ئاقىۋەت، ھېلىقى قامچىنى سۇندۇرۇۋېتىشتى، مەكتەپنىڭ ئىنتىزامى راسا بۇزۇلدى، ئۇنىڭغا كۆدە ـ كۆرپىسىنى يىغىشتۇرۇپ ئۆيىگە قايتىپ كېتىشتىن باشقا ئىلاج قالمىدى. ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن دادىسىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن مەكتەپكە بارمايدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

— مەن ھازىردىن باشلاپلا ئىشلىمەكچىمەن، — دېدى ئۇ، — كلاسسىك تەربىيىنىڭ ماڭا ھېچقانداق پايدىسى يوق ئىكەن. مېنى ئىشخانىڭىزغا ئېلىڭ. بىرنەچچە زامان ئىشلەپ باقسام، ئىشنىڭ يولىنى تېپىۋالارمەن.

دادىسى ئارچىبالد ئەقىللىق، تۈز كۆڭۈل، سودا ساھەسىدە چەكسىز ئابرۇيلۇق ئادەم ئىدى. ئوغلىنىڭ قەتئىي نىيەتكە كەلگىنىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئالقىشلىدى، ئۇنى ئەمدى زورلاپ ئولتۇرمىدى.

— ئۇنداق بولسا ئىشخانامغا كەل، — دېدى ئۇ، — بەلكىم سەن قىلغۇدەك ئىشمۇ چىقىپ قالار.

ئون سەككىز ياشتىلا سودا تۇرمۇشىغا كىرىشىپ كەتكەن رېستو ئىشنى سەممىيلىك، ساداقەتمەنلىك بىلەن ئىشلىدى.

بارا ـ بارا دادىسىنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشىپ، ھازىر دادىسىنىڭ خۇسۇسىي ۋەكىلى بولۇپ قالغانىدى . باشقىلار بىلەن توختام تۈزۈش بولامدۇ ، مۇھىم ئىشلارنى ھەل قىلىش بولامدۇ ياكى زاۋۇتتىن ۋەكىل ئەۋەتىپ باشقىلار بىلەن ئالاقىلىشىش بولامدۇ، ھەممىسىگە رېستونى ئەۋەتەتتى . دادىسى ئۇنىڭغا تامامەن ئىشىنەتتى ، ئۇنىڭ دىپلوماتىيە ۋاستىسى ياخشى ، ئىشنى پۇتۇن ۋۇجۇدى بىلەن قىلىدىغانلىقى سەۋەبلىك ، ئىناۋىتىگە زادىلا نۇقسان يەتمەي كەلدى .

«ئىش دېگەننى ئىشتەك قىلىش كېرەك» ئۇ مۇشۇ ھېكمەتلىك سۆزنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى . مۇشۇ سۆزنى قىلىۋاتقان چاغدىكى ئۇرانىنى دەل ئۇنىڭ خۇلق ـ مىجەزىنىڭ ۋە تەبىئىتىنىڭ ئىنكاسى دېسە بولىدۇ .

ئۇنىڭدا تاۋلىنىشتىن ئۆتكەن ، يالقۇن كەبى كۈچ ـ قۇۋۋەت بار ئىدى . ئۇ ئۆزىنىڭ بۇنى كونترول قىلالايدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىپ تۇرۇقلۇق ، گاھىدا يەنە ئۇنىڭ پارتلاپ چىقىشىغا يول قويۇپ بېرەتتى . مانا مۇشۇنداق توقۇنۇشلارنىڭ بىرى — ئېيتاپلىق ، ھاراق خۇمارىنى ئالساق ، بۇنى باسالىشىغا ئۇ يۈزدەيۈز ئىشەنچ قىلالايتتى . ئۇ ھاراقنى بىرە ـ بىرە ئىچىپ قويىدۇ ، بۇمۇ ناھايىتى ئۆلپەتچىلىك يۈزىسىدىن بولۇپ قويىدىغان ئىش ، ئۇ ئەزەلدىن كۆپ ئىچىپ باقمىغان . يەنە بىر ئاجىزلىقى — ئۇنىڭ شەھۋەتپەرەسلىكىنى ئېيتساق ، بۇنىمۇ كونترول قىلالىشىغا ئىشەنچى كامىل ئىدى . ئۇ گەرچە ئاياللار بىلەن غەيرىي نورمال مۇناسىۋەتتە بولۇپ يۈرۈشكە ئامراق بولسىمۇ ، لېكىن بۇنىڭدىكى خەۋپنىڭ زادى نېمىدە ئىكەنلىكىنى پەرق قىلالايتتى . ئۇنىڭ قارىشىچە ، ئەر كىشى دېگەن بۇنداق ئىشلارنى كۆرسەم خۇمار قىلىپ ئۆتكۈزۈۋېتىدىغانلا بولسا ، ئۆزىگە ئانچە ئاۋارىچىلىك تېپىۋالماسمىش . ئاخىر ئايلىنىپ ، ئۇ ئۆزىگە ئۆزى نورمال تۇرمۇش ئۇسۇلىنى بىلىدىغان كىشى دەپ باھا بەرگەنىدى . ئۇ شۇنداق قارايتتىكى ، نورمال تۇرمۇش دېگەن ، جەمئىيەتتىكى

ئەھۋاللارغا ئۇن ـ تىنسىز ماسلىشىش ، ئۆز قىلمىقلىرىنىڭ توغرا ياكى خاتا ئىكەنلىكىگە ئۆزىنىڭ كۆزقارىشىنى ئاز ـ تولا ئارىلاشتۇرغان ھالدا ھۆكۈم قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ، خالاس . ھېچ گەپتىن ھېچ گەپ يوقلا ئۆزىگە باش ئاغرىقى تېپىۋالماسلىق ، چېكى يوق ئارمانىنى قىلىۋەرمەسلىك ، چەكسىز قايغۇرىۋەرمەسلىك ، ئەكسىچە غەيرەتكە كېلىپ ، ئۆزىنى ئۆزى قۇدرەت تاپقۇزۇش ، ئۆزىنىڭ خاسلىقىنى ساقلاپ قېلىش كېرەك — مانا بۇ ئۇنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش تەلىماتى ئىدى . يەنە تېخى ئۇ بۇنى ئىنتايىن توغرا دەپ قارايتتى . شۇڭا ئۆزىگە بەك تەمەننا قويماتتى .

جېنىنى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە كەلسەك ، دەسلەپتە ئۇنىڭ جېنىنىغا يېقىنلىشىشتىكى مۇددىئاسى تامامەن شەخسىيەتچىلىكتىن كېلىپ چىققان بولسا ، كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئەرلىك ھوقۇقىنى ئىشقا سېلىپ ، جېنىنىمۇ ئاز ـ تولا بوي ئەگدۈرۈۋىدى ، مانا ئەمدى جېنىنىنىڭ ئادەتتىكى ئاياللاردىن ئەمەسلىكى ، ۋاقتىنچە ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىدىغان ئويۇنچۇق ئەمەسلىكىنى تونۇشقا باشلىدى .

بەزەن بىر ئەركەكلەرنىڭ ئۆز ھاياتىدا بىر مەزگىل غەرەزسىز ھالدا ، ئاياللىق تەبىئىتىنىڭ ياشلىق باھارى ۋە گۈزەللىكىگە غايىۋى شاد ـ خۇراملىقتىن ئەمەس ، بەلكى ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتتىكى ئەنئەنىۋى مۇناسىۋەتلەر نۇقتىسىدىن كۆز سېلىشى مۇقەررەر .

بۇ خىل كىشىلەر بىرەر قىزغا ئۆيلىنىش ئېھتىمالىغا دۇچ كەلگەن چاغدا ، جەزمەن ئۆزىگە ئۆزى : «شۇ تاپتا باغرىمغا باسماقچى بولغان كىشىنىڭ ماڭا ئوخشاشلا ئوڭاي ئۆزگىرىدىغان بىر نەرسە ئىكەنلىكى ماڭا ئايان . كەلگۈسىدە ئۇ ئۆز رەڭگىدىن كېتىپ ، قېرىپ سولاشقانسېرى ، مېنىڭ ئۇستۇمدىكى يۈك تېخىمۇ ئېغىرلىشىدۇ . شۇنىڭ ئۇچۇن ھاۋايى ـ ھەۋەسكە ھاي بېرىش كاپالەتنامىسى ئىمزالىشىم ھەمدە بىرەر كىشىنىڭ ئۆمۈر بويى مېنىڭ ئىشلىرىمغا ئارىلىشىۋېلىشىغا يول قويۇشۇم كېرەكمۇ ؟ »

دېگەن سوئالنى قويىدۇ . ئىشقىلىپ ، مۇشۇنداق ئۇيدا بولىدىغانلىكى ئەركەكلەر قانۇندا بەلگىلەنگەن مۇناسىۋەت ئۈچۈن تۈگىمەس خەۋپ ـ خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىشنى خالىمايدۇ ، شۇڭا ھېچقانداق چەكلىمىسىز بىرىكىشنى — يەنى ۋاقىتلىق ئەسىرا بولۇشنى پايدىلىق دەپ تونۇيدۇ . ئۇلار كىشىلىك ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇيۇ ، بەدەل تۆلەشنى خالىمايدۇ . ئۇلار مۇشۇنداق كەيپ ـ ساپا سۈرۈۋالغاندىن كېيىن ھېلىقىدەك بىرقەدەر پۇختا بولغان ئەنئەنىۋى مۇناسىۋەتنى ئورناتسا ئاندىن كۆڭۈل ئاغرىقى بولمايدۇ . مۇناسىۋەتنى تەكشەشنىڭمۇ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى قالمايدۇ ، دەپ قارىشىدۇ .

رىستوگان ياشلىق دەۋرىدىكى مۇھەببەتلىشىش باسقۇچىدىن ئۆتۈپ بولغان ، بۇنىسى ئۆزىگىمۇ ئايان . ياشلىق دەۋرىدىكى ساددا ، گۆدەك غايىلەردىن ئەمدى ئەسەر قالمىدى . ئۇ ئايال زاتىنىڭ ھەمراھ بولۇشىدىن ئۆزىگە تەسەللى تېپىشقا موھتاج . لېكىن ئۇ شۇنىڭلىق بىلەن ئۆزىنىڭ كۈنسېرى كۈچىيىپ بېرىۋاتقان ئەركىنلىك خاھىشىنى قۇربان قىلىشنى ئەسلا خالىمايدۇ . ناۋادا ئۆز قەلبىنىڭ ۋە ئۆز تەبىئىتىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدىغان ، ئۆزىمۇ بۇرۇنقىدەكلا ئەركىن ، بىمالال ياشاۋېرىدىغان بولسا ، ئۇ ھالدا ئۇ ئۆزىگە جەمئىيەتنىڭ كىشىنىتى سېلىۋېلىشنى ھەرگىز خالىمايدۇ . دەرۋەقە ، ئۇ ئۆزىگە مۇناسىپ كېلىدىغان ئايالنى تېپىپ ئۆزىگە ئاشنا قىلىۋالماقچىدى ، ئەمدىلىكتە جېنىنىڭ ۋۇجۇدىدىن مۇشۇنداق بىر مۇناسىپ ئايالنىڭ ھىدىنى سەزدى . جېنى ھەممە جەھەتتىن ئۇنىڭ يۈرەك تارىنى چېكەلەيتتى ؛ ئۇ جېنىنىغا ئوخشاش بۇنداق ئايالنى مۇتلەق ئۇچرىتىپ باقمىغانىدى . توي قىلىش ئىشىغا كەلسەك ، بۇ مۇمكىن بولمايلا قالماستىن ، بەلكى ئۇنىڭ زۆرۈرىيىتىمۇ يوق ئىدى . ئۇ «كېلىڭا» دەپلا قويىدىغان بولسا ، بۇ قىزنىڭ ئۇنىڭغا بوي ئەگمەي تۇرۇۋېلىشى مۇمكىن ئەمەس . بۇ ئاشۇ قىزنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگەن تەقدىر ـ دە .

رىستو يۈز بېرىپ ئۆتكەن ئىشلارنى سالقىن قانلىق بىلەن

خىيالىدىن بىر قۇر ئۆتكۈزۈپ چىقتى . ئۆزىچىلا ، جېنىنى تۇرۇشلۇق ئەسكى كوچىغا بېرىپ ، جېنىنى پاناھلىنىدىغان ئاشۇ كۆرۈمسىز ئەسكى ئۆينى كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقتى . جېنىنىڭ كەمبەغەللىكى ، نېرىدىن - نېرى تەڭقىس شارائىتى ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئېرىتىۋەتتى . ئۇ بۇ قىزغا مەردلەرچە ، ئادىل ھەم سەممىي مۇئامىلە قىلسا بولامدىكىنە ؟ ئارقىدىنلا ئۇ يەنە جېنىنىڭ كىشىنىڭ ئەقلىنى لال قىلغۇدەك دەرىجىدىكى ساھىبجامالىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈۋىدى ، نىيىتى يەنە ئۆزگەردى . ياق ، ئۇنى چوقۇم ئالىقىنىغا كىرگۈزۈۋېلىشى كېرەك . مۇمكىن بولسا بۈگۈنىڭ ئۆزىدىلا ، قانچە تېز بولسا شۇنچە ياخشى . ئۇ مۇشۇنداق ئويلارغا غەرق بولغان ھالدا ، روۋلېي كوچىسىدىن يېنىپ ، لېئانچو خانىمنىڭ ئۆيى تامان يۈرۈپ كەتتى .

## 18

جېنىنى غەيرىي ھەم مۇرەككەپ مەسىلىگە دۇچ كەلگەن كىشىلەردە بولىدىغانغا ئوخشاش بىر خىل ئازابلىق تۇيغۇ ئىچىدە قالدى . ئۇ ئەمدى بالىسى ، دادىسى ، ئاكا - ئۇكا ، سىڭىللىرىنىڭ ھەممىسىگە قارا بولىدىغان بولدى . ئۇنىڭ باياتىنقى قىلىقى نېمىسى ؟ ناھايەتكى ئۇ ئۆزىنىڭ يەنە بىر مەرتەم ئازابلىق ھەم ئۈمىتسىز مۇناسىۋەتنىڭ قۇربانى بولۇشىغا يول قويماقچى بولسا ؟ ئائىلىسىدىكىلەرگە بۇ ئەركەك توغرۇلۇق قانداق چۈشەندۈرىدۇ ؟ بۇ كىشى ناۋادا ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ئۇقۇپ قالىدىغان بولسا ، ئۇنى ھەرگىزمۇ ئالمايدۇ . بولۇپمۇ ، ئاشۇنداق سالاھىيەتكە ھەم مەرتىۋىگە ئىگە كىشى ئۇنى ئۆلسىمۇ ئەمرىگە ئالمايدۇ - دە . بىراق ئۇ ئاشۇ كىشى بىلەن مۇشۇ يەردە سۆزلىشىشى كېرەك . ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق ؟ ئۇ بۇ مەسىلىنى تا كەچ كىرگۈچە ئويلاندى . باشتا قېچىپلا قۇتۇلماقچى بولغانىدى ، ئەمما ئادرېسىنى ئۇ كىشىگە

ئېيتىپ بېرىپ يامان قىلدى ـ دە . بۇنىڭ ئۇچۇنغۇ ئۆزىگە ئۆزى جىق كايىدى ، كېيىن يەنە بارلىق غەيرىتىنى ئىشقا سېلىپ ئۇ كىشىنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلىشنىمۇ كۆڭلىگە پۈكتى . ئۇ كىشىگە ئۆزىنىڭ ئۇياق بىلەن ھېچقانداق ئالاقىدە بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرمەكچى بولدى . مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ بۇ ئەڭ ئاخىرقى چارىسى ئۇ كىشى يوق يەردە ئېيتماققا ئوڭاي ئىدى . جېنىنى يەنە «باشقا يەردىن ئىش تېپىپ ئىشلىسەم بەلكىم ئۇياق قايتا كەينىمگە كىرىۋالماس» دەپمۇ ئويلىدى . شۇ كۈنى ئاخشىمى ئۇ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ ئۆيىگە قايتماقچى بولغان چېغىدا ، بۇ چارىلەر ئۇنىڭغا ناھايىتى ئاساندەك تۇيۇلدى .

ئەمما ئۇنى بوش قويۇۋەتكۈسى كەلمەيۋاتقان ھېلىقى ئادەمنىڭ بۇ ئىشقا قارىتا ئۆز ئالدىغا يەكۈنى بار ئىدى . ئۇ جېنىنىڭ قېشىدىن قېچىپ كەتكەندىن كېيىن ، بۇ ئىشنى خىيالىدىن تەلتۆكۈس ئۆتكۈزۈپ چىقتى ، ئاقىۋەت ئۇنىڭ قارارى دەل ھەرىكەت قوللىنىش بولدى . بۇ قىز ئېھتىمال ئۆيدىكىلىرىگە ئېيتىشى ، ئېھتىمال لېئانچو خانىمغا دەۋېتىشى ۋە ياكى بۇ شەھەردىن كېتىپ قېلىشى مۇمكىن . ئۇ بۇ قىزنىڭ ئەتراپىدىكى ئەھۋاللاردىن يەنىمۇ كۆپرەك خەۋەردار بولۇش نىيىتىگە كەلدى ، بۇنىڭ بىرلا چارىسى بار ، ئۇ بولسىمۇ بۇ قىز بىلەن سۆزلىشىش كېرەك . بۇ قىزنى ئۆزى بىلەن بىرگە تۇرۇشقا قايىل قىلمىسا ھېساب ئەمەس . قارىغاندا ، بۇ قىز گەپ يەيدىغاندەك تۇرىدۇ . بۇ قىز ئۇنى ياقتۇرۇپ قالغانلىقىنى تەن ئالدىغۇ . ئۇ باشتىلا بۇ قىزنىڭ ئۇنى ئۆزىگە رام قىلىۋالغان ئاشۇ مۇلايىم ، ئىنائەتمەن مىجەزىدىن ، ئەگەر ئۆزى تەلەي سىناپ بېقىشنى خالايدىغانلا بولسا ، بۇ قىزنى ئالىقىنىغا كىرگۈزمەك تەسكە چۈشمەيدىغانلىقىنى سەزگەنىدى . شۇڭا ، مەيلى نېمە بولسا بولسۇن ، بىر تەلەي سىناپ باقماقچى بولدى ، چۈنكى ئۇ بۇ قىزغا ئاشىق ـ بىقارار ئىدى .

سائەت بەش يېرىم بولغاندا ، ئۇ لېئانچو خانىمنىڭ ئۆيىگە قايتىپ بېرىپ ، جېنىنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى تىڭ ـ تىڭلاپ باقتى .

سائەت ئالتە بولغاندا، بىر ئېپىنى تېپىپ ئۇ قىزغا: «بۈگۈن سىزنى ئۆيىڭىزگە ئاپىرىپ قويىمەن. سىز بىرىنچى دوقمۇشتىن ئەگىلىدىغان جايدا مېنــى كۈتۈپ تۇرۇڭ، ماقۇلمۇ؟» دېدى. جېننى بۇ كىشىنىڭ سۆزىدە مەجبۇرىي بۇيـرۇق ئـاھـاڭـىـنى سەزدى ـ دە، ئۇنىڭغا ئىتتىكلا «ماقۇل» دەپ جاۋاب بېرىۋەتتى. كېيىن ئۆزىچە، بۇنداق بويسۇنۇش پوزىتسىيىسىنى ئۇ كىشى بىلەن يۈزتۇرا سۆزلىشىپ، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە مەيلى يوقلۇقىنى ئېنىق دەپ قويۇش ئۈچۈنلۈكىگە جورۇپ، بۇنى ئوبدان بىر پۇرسەت دەپ ئويلىدى. سائەت ئالتە يېرىم بولغاندا، ئۇ كىشى بىرى بىلەن كۆرۈشمەكچىدىم، دەپ ئېيتىپ قويۇپ، سىــرتقا چىقىپ كەتتى، يەتتىدىن سەل ئاشقاندا، ھېلىقى كېلىشىپ قويغان يەرگە كېلىپ، بىر يېپىق پەيتۈن ئىچىگە جايلىشۋالدى ـ دە، قىزنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇردى. بۇ تاپتا ئۇنىڭ يۈرىكى شىددەتلىك سوقماقتا ئىدى. ئىشنىڭ تامامەن قانائەتلىنەرلىــك بولىدىغانلىقىنى كۆڭلى تۇيغاندەك بولۇپ، خۇشلۇقى ئىچىگە پاتماي كېتىۋاتقان بولسىمۇ، چىرايىدىن پەقەت بىلىندۈرمەي ئولتۇردى. شۇ تاپتا ئۇ پۈتۈن ئەزايىنى ھۇزۇرلاندۇرىدىغان خۇش پۇراقنى ھىدلاۋاتقاندەك مەستخۇش ھالەتتە ئىدى.

سائەت سەككىزدىن بىرنەچچە مىنۇت ئۆتكەندە، يىراقتىــن جېننىنىڭ قارىسى كۆرۈندى. گاز لامپىسىنىڭ يورۇقــى ئانچە كۈچلۈك بولمىسىمۇ، ئادەمنى تونۇۋالغىلى بولاتتى. جېننىنىڭ گۈزەل سىيماسى ئۇنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىپ، ئۇنى ھېسسىيات قاينىمىغا چۆكتۈرۈۋەتتى. جېننى دوقمۇشقا يېقىنلاپ قالغاندا، ئۇ پەيتۈندىن يەرگە چۈشۈپ، جېننىنىڭ ئالدىغا لەپپىدە ئۆتتى.

— كېلىڭ، — دېدى ئۇ، — پەيتۈنغا چىقايلى، سىزنى ئۆيىڭىزگە ئاپىرىپ قوياي.

— ياق، — دېدى جېننى، — پەيتۈندا ئولتۇرساق ياخشى بولماسمىكىن.

— بۇ ياققا كەلسىڭىزچۇ، سىزنى ئۆيىڭىزگە ئاپــىرىپ

قويمەن . پەيتۇن ئىچىدە سۆزلىشىش ئەپلىكرەك بولىدۇ .

جېننى بۇ كىشىنىڭ ئۆزىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى ، كىشىنى مەجبۇرلايدىغان كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى يەنە بىر مەرتەم ھېس قىلدى . ئۇ قەتئىي بوي ئەگمەسلىكنى نىيەت قىلغان بولسىمۇ ، ئىختىيارسىز يەنە بوي ئېگىشكە مەجبۇر بولدى . ئۇ كىشى كىراكەشكە :

— قەيەرگە بولسىمۇ مەيلى ، بىردەم ئايلاندۇرۇپ كېلىڭ ، — دېدى . جېننى پەيتۇنغا چىقىپ ئۇنىڭ يېنىغا جايلىشىپ بولغاندىن كېيىن ، ئۇ دەررۇ گەپنى باشلىدى :

— ماڭا قاراڭا ، جېننى ، سىزدىن بىر ئىشنى سورىماقچىمەن ، ماڭا ئۆزىڭىزنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز .

— مەن سىزگە ئوچۇق ئېيتىشىم كېرەك ، — دېدى جېننى يەنە بايىقى مۇداپىئە ھالىتىدە چىڭ تۇرۇۋالماقچى بولۇپ .

— نېمىنى ئوچۇق ئېيتىشىڭىز كېرەك ؟ — رېستو شۇنداق دەپ سورىغاچ ، خىرە - شىرە يورۇقتا ئۇنىڭ يۈزىدىكى ئىپادىنى كۆزەتمەكچى بولۇپ ئۇنىڭغا قارىدى .

— مەن بۇنداق قىلالمايمەن ، — دېدى جېننى ، ھودۇققىنىدىن ئۇنىڭ گەپلىرى قولاشمايلا قالدى ، — بۇنداق قىلسام بولمايدۇ . سىز ئىچكى ئەھۋالنى بىلمەيسىز . بۈگۈن ئەتىگەندىكى ئىشنى ئەسلىي قىلماسلىقىم كېرەك ئىدى . بۇنىڭدىن كېيىن سىز بىلەن باشقا كۆرۈشەلمەيمەن ، راستتىن كۆرۈشەلمەيمەن .

— بۈگۈن ئەتىگەندىكى ئىشنى ئەسلىدە سىز قىلمىغان ، — رېستو مۇشۇ گەپنى تۇتۇۋالدى - دە ، ئۆزىچە گەپ يورغىلاتقىلى تۇردى ، — ئۇ ئىشنى مەن قىلغان . بۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش - كۆرۈشمەسلىكىڭىزگە كەلسەك ، مەن سىزنى كۆرگىلى يەنە كېلىمەن ، — ئۇ كاپلا قىلىپ جېنىنىنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى ، — سىز مېنى چۈشەنمەيسىز ، مەن سىزنى ئاجايىپ ياخشى كۆرۈپ قالدىم ، گەپنىڭ قىسقىسى ، سىز مېنى سەۋدايى

قىلىپ قويايلا دېدىڭىز . سىز ئەمدى مېنىڭ ئىلكىمدىكى ئادەم ، گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ ، مەن سىزنى ئۆزۈمگە ھەمراھ قىلىۋالسام دەيمەن ، مەن بىلەن بىللە بولۇشقا ماقۇل بولامسىز ؟

— ياق ، ياق ، ياق ! — جېننى ئازابلىق ئىڭرىدى ، — مەن بۇنداق ئىشنى قىلالمايمەن ، گان ئەپەندى . گېپىمگە قۇلاق سالسىڭىزچۇ ، بۇ مۇمكىن ئەمەس ، سىز بىلمەيسىز ، ئاھ ، سىز راستىنلا بىلمەيسىز . مەن سىزنىڭ رايىڭىزغا باقالمايمەن ، ئۇنداق قىلسام بولمايدۇ . مەيلى رايىڭىزغا باقتىم دېگەن ھالەتتىمۇ بەربىر مۇمكىن بولمايدۇ . سىز ئىچكى ئەھۋالنى بىلمەيسىز . ئەمما مەن خاتا ئىش قىلىپ قويسام بولمايدۇ ، ھەرگىز بولمايدۇ . ئۇنداق قىلالمايمەن ، خالىمايمەن ھەم . ئاھ ، ياق ! ياق ! ياق ! مېنى ئۆز ھالىمغا قويىسىڭىز ، ئۆيۈمگە كېتىۋالسامكەن .

جېننىنىڭ قاتتىق ئازاب ئىچىدە ئۆرتىنىپ تۇرۇپ قىلىۋاتقان نالىسى رېستونىڭ قەلبىدە ھېسداشلىق تۇيغۇسىنى قوزغاتتى ، ئۇنىڭغا ئاز - تولا رەھمى كېلىپ قالدى .

— سىزنىڭ مۇمكىن بولمايدۇ ، دېگىنىڭىز زادى قانداق گەپ ؟ — دەپ سورىدى ئۇ قىزنىقسىنىپ .

— ۋاي خۇدايىمەي ، سىزگە دېسەم بولمايدۇ ، — دېدى جېننى ، — خۇش بولۇپ كېتەي ، مېنىڭدىن بۇنى سورىمىسىڭىز ، سىز بىلمەيلا قويۇڭ . نېملا قىلغىنىڭىز بىلەن ، مەن ئەمدى سىز بىلەن ئىككىنچىلەپ كۆرۈشمەيمەن . بۇنداق قىلىش پايدىسىز .

— لېكىن سىز مېنى ياقتۇرىسىزغۇ ؟ — دەپ سوراپ تۇرۇۋالدى رېستو .

— ئۇغۇ راست ، شۇنداق ، مەن سىزنى ياقتۇرىمەن . ئەمما مەندە نېمە ئامال بولسۇن . سىز بۇنىڭدىن كېيىن ماڭا يېقىنلاشماڭ ، ھەرگىز يېقىن كەلگۈچى بولماڭ .

ئۇ گويا ھۆكۈمدارىدەك سۈرلۈك سۈكۈناتقا چۈشۈپ ، جېننىنىڭ سۆزلىرىنى كۆڭلىدىن قايتا - قايتا ئۆتكۈزدى . ئۇھو ، بۇ قىز ئۇنى ياخشى كۆرىدىكەن ، ئۇنىڭ بىلەن ئارىلاشقان ۋاقتى

شۇنچە قىسقا تۇرۇپمۇ يەنە ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ . ئۇنىڭ ئۆزىچۇ ، ئۆزىمۇ ئاللىبۇرۇنلا بۇ قىزغا مەپتۇن بولۇپ قالغان ، ئىش تېخى كەينىگە ياندۇرغىلى بولمىغۇدەك دەرىجىگە بېرىپ يەتمىگەن بولسىمۇ ، جېنىنىڭ جەلپكارلىقىنى سەل چاغلىغىلى بولمايتتى . ئەمىسە ، ئۇنى رېستوننىڭ رايىغا بېقىشتىن توسۇپ تۇرۇۋاتقان يەنە قانداق نەرسىدۇ ؟ بۇ قىزنىڭ رېستوغا مەيلى بار ئىدىغۇ . رېستوننىڭ كۆڭلىدە قىزىقىش پەيدا بولدى .

— ماڭا قاراڭا ، جېنىنى ، — دېدى ئۇ ، — گېپىڭىزنى تىڭشاۋاتىمەنيۇ ، سىزنىڭ «مەيلى رايىڭىزغا باقتىم دېگەن ھالەتتىمۇ بەربىر مۇمكىن بولمايدۇ» دېگەن گېپىڭىزنىڭ مەنىسىنى ھېچ چۈشىنەلمەيۋاتىمەن . سىز ئۆزىڭىزنىڭ مېنى ياقتۇرىدىغانلىقىڭىزنى ئېيتتىڭىز ، شۇنداق تۇرۇپ يەنە نېمىشقا مەن بىلەن بىللە بولالمايسىز ؟ سىز مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىدەك قىز . ئىككىمىز جەزمەن چىقىشىپ كېتەلەيمىز . سىزنىڭ مىجەز - خاراكتېرىڭىزمۇ مېنىڭكىگە ئوخشىشىپ قالىدىكەن . مەن سىز بىلەن بىللە بولۇشنى ناھايىتىمۇ ئارزۇ قىلىمەن . سىزنىڭ نېمىشقا مەن بىلەن بىللە بولغۇڭىز يوق ئىكەن ؟

— ئۇنداق قىلالمايمەن ، مەن خالىمايمەن . ئۇنداق قىلسام بولمايدۇ . ئاھ پەرۋەردىگار ، مەندىن ئەمدى گەپ سورىمىسىڭىز-كەن . سىز بىلمەيسىز ، مەن سىزگە سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيمەن ، — مۇشۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقان چېغىدا ئۇنىڭ خىيالىغا بالىسى كېلىپ تۇرۇۋالغانىدى .

بۇ يىگىت ھەققانىيەت ھەم ئادالەتكە قارىتا بىر خىل ئۆتكۈر ئاڭ - سېزىمگە ئىگە ئىدى . ئەزەلدىن كىشىلەرگە قائىدە - يوسۇنلۇق مۇئامىلە قىلاتتى ، ھازىرمۇ بۇ ئىشقا دۇچ كەلگەندە ، يەنە مۇلايىم ھەم سالماق پوزىتسىيىدە بولۇشنى ئويلىدى ، لېكىن بۇ قىزنى ئۆز ئىلكىگە ئالمىسا كۆڭلى ئۇنىمايتتى ، شۇڭا ئىشنى يېڭىباشتىن ئويلىنىشقا مەجبۇر بولدى .

— ماڭا قاراڭا ، — دېدى ئۇ ئاخىر . ئۇ قىزنىڭ قولىنى

تېخىچە تۇتۇپ تۇراتتى، — مەنمۇ سىزنى ھازىرلا شۇنداق قىلىڭ دېمەكچى ئەمەسمەن. ياخشىراق ئويلىنىپ بېقىڭ دەۋاتىمەن. نېمىلا دېمەڭ، سىز ئەمدى مېنىڭكى. ماڭا كۆڭلىڭىز بارلىقىنى ئۆزىڭىز ئېيتتىڭىز، بۇنى بۇگۈن ئەتىگەن تەن ئالغانىدىڭىزغۇ. سىزنىڭ ماڭا مەيلىڭىز بارلىقىنى مەنمۇ بىلىمەن. شۇنداق بولغاندىكىن يەنە نېمىشقا تەكلىپىمنى رەت قىلىسىز؟ مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن، تېخى سىزگە نۇرغۇن ياردەم قىلالايمەن. ئىككىمىز نېمىشقا دەررۇلا ياخشى دوستلاردىن بولۇپ كېتەلمەيمىز؟ شۇنداق قىلغاندا كېيىنچە ئىككىمىز قالغان ئىشلارنى چىرايلىققىنا ئولتۇرۇپ مەسلىھەتلىشۋالغان بولاتتۇققۇ.

— ئەمما مەن خاتا ئىش قىلىپ قويسام بولمايدۇچۇ، — جېننى ئۆز گېپىدە تۇرۇۋېلىۋالدى، — مەن ئۇنداق قىلالمايمەن. ئۆتۈنۈپ قالاي، بۇنىڭدىن كېيىن ئىككىنچى مېنىڭ قېشىمغا كەلمىگەن بولسىڭىز. مەن سىزنىڭ رايىڭىزغا باقالمايمەن.

— گېپىمگە قۇلاق سالسىڭىزچۇ، — دېدى رېستو، — بۇ سىزنىڭ يۈرەك سۆزىڭىز بولمىسا كېرەك. راستتىن يۈرەك سۆزىڭىز بولىدىغان بولسا، يەنە نېمىدەپ مېنى ياقتۇرىمەن دەيسىز؟ ئەجەبا، بىردەمدىلا يۈز ئۆرۈدىڭىزمۇ؟ ماڭا قاراڭچۇ (جېننى بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇرغانىدى)، ماڭا قاراڭا! سىز مەندىن يۈز ئۆرۈمىگەنسىز، شۇنداقمۇ؟

— ۋىيەي، ياق، ياقەي، — تىزگىنلىگىلى بولمايدىغان بىر خىل كۈچنىڭ زەربىسىدىن جېننىنىڭ ئاۋازى سەل بوغۇلۇپ قالدى.

— ھەببەللى، ئۇنداق بولغاندىكىن، مېنى نېمىشقا رەت قىلىسىز؟ مەن سىزگە ئاشىقمەن، سىزنىڭ پىراقىڭىزدا سەۋدايى بولاي دەپ قالدىم. بۇ دورەم كېلىشىمدىكى سەۋەبمۇ مۇشۇ ئىدى. مەن سىزنى كۆرگىلى كەلگەن!

— راستما؟ — جېننى ھەيران بولۇپ سورىدى.

— شۇنداق بولمايچۇ؟ زۆرۈر تېپىلغاندا يەنە كېلىمەن

سىزگە شۇنى دەپ قوياي ، سىز مېنى سەۋدايى قىلىپ قويدىڭىز . مەن سىزنى ئىلكىمگە ئېلىشقا قەتئىي نىيەت قىلدىم . سىز ماڭا ئۆزىڭىزنىڭ رازىلىقىڭىزنى ئېيتمۇەتسىڭىزلا بولمامدۇ .

— ياق ، ياق ، ياق ، — دېدى جېننى يىغلىنىپ ، — مەن ئۇنداق قىلالمايمەن . مەن ئىشلىشىم كېرەك ، ماڭا ئىش كېرەك . مەن خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويۇشنى خالىمايمەن . سىزدىن خۇش بولۇپ كېتەي ، ماڭا ئەمدى تەلەپ قويۇپ تۇرۇۋالمىسىڭىزكەن . سىز بۇنداق قىلسىڭىز زادىلا قاملاشمايدۇ . مېنى ئۆز ھالىمغا قويۇڭ . چىن سۆزۈم ، مەن سىزنىڭ رايىڭىزغا باقالمايمەن .

— ماڭا ئېيتىپ بېرىڭا ، جېننى ، — دېدى رېستو گەپنى باشقا ياققا بۇراپ ، — دادىڭىز نېمە ئىش قىلىدۇ ؟

— ئەينەكچىلىك قىلىدۇ .

— كلېۋېلاندتىمۇ ؟

— ياق ، يانسى بازىرىدا ئىشلەيدۇ .

— ئاپىڭىز بارمۇ ؟

— بار ، ئەپەندى .

— سىز ئۇلار بىلەن بىرگە تۇرامسىز ؟

— شۇنداق ، ئەپەندى .

بۇ «ئەپەندى» نىڭ تولىلىقىدىن رېستونىڭ كۆلكىسى قىستاپ كەتتى .

— مېنى «ئەپەندى» دەۋەرمىسىڭىزچۇ ، ئەزىزىم ، — ئۇ سەل قوپال ئاھاڭدا جېننىدىن ئۆتۈندى ، — مېنى بۇنىڭدىن كېيىن «مىستېرگان» دەپ چاقىرماڭ . مەن ئەمدى سىزنىڭ «مىستېر»ىڭىز ئەمەس . سىز ماڭا تەئەللۇق ، قىزچاق ، مېنىڭكى سىز ، — شۇنداق دەپلا ، جېننىنى قۇچاقلاپ ئۆزىگە تارتتى .

— بۇنداق قىلماڭ ، گان ئەپەندى ، — دېدى جېننى نالە قىلىپ ، — ۋاي خۇدايىمەي ، بۇنداق قىلمىسىڭىز . مەن بۇنداق قىلسام بولمايدۇ ! بۇنداق قىلالمايمەن ! بۇنداق قىلسىڭىز بولمايدۇ .



www.uyghurkitap.com

بىراق رىستو ئۆزىنىڭ لەۋلىرىنى جىنىنىڭ لەۋلىرىگە چاپلاشقا ئۈلگۈرگەندى .

— گىپىمنى ئاڭلاڭ ، جىنىنى ، — ئۇ ئۆزى ياقتۇرىدىغان سۆزنى ئىشلىتىپ گىپىنى قايتىلىدى ، — مەن سىزگە سىز ماڭا تەئەللۇق دەپ ئېيتتىم . سىزگە قارىغانسېرى ئىچىم كۆيۈپ كېتىۋاتىدۇ . سىز بىلەن بالدۇرراق تونۇشۇشقا نېسىپ بولمىغىنىغا ئەپسۇسلىنىۋاتىمەن . مەن سىزنى قولۇمدىن ھەرگىز چىقارمايمەن . سىز ئاخىر مەن بىلەن بىرگە بولماي قالمايسىز . مەن سىزنى ئەمدى خەقلەرگە مالايلىققا سېلىپ بەرمەيمەن . سىز ئۇ يەردە ئەمدى تۇرىۋەرسىڭىز بولمايدۇ . مەن سىزنى باشقا ياققا ئەكېتىمەن . تېخى سىزگە ئازراق پۇل قالدۇرۇپ كەتمەكچىمەن ، ئاڭلاۋاتامسىز ؟ سىز ئۇنى قوبۇل قىلىشىڭىز كېرەك .

جىنىنى پۇلنىڭ ئېتىنى ئاڭلاپ قورققىنىدىن تۇگۇلۇپ كەتتى .

— ياق ، ياق ، ياق ! — دەۋەردى ئۇ ، — ياق ، مەن ئالمايمەن .

— ئالىسىز ، ئۇنى ئاپىڭىزغا بېرىسىز . مەن سىزنى سېتىۋالماقچى ئەمەسمەن ، سىز چوقۇم مۇشۇنداق دەپ ئويلاپ قالدىڭىز . بىراق مېنىڭدە ھەرگىزمۇ بۇنداق ئوي يوق . مەن پەقەت سىزگە ھەم ئائىلىڭىزدىكىلەرگە ياردەم قىلماقچىدىم . سىزنىڭ تۇرار جايىڭىزنى بىلىۋالدىم ، بۈگۈن بېرىپ كۆرۈپ كەلدىم . ئائىلىڭىزلەردە قانچە جان بار ؟

— ئالتە ، — دەپ جاۋاب بەردى جىنىنى بوش ئاۋازدا .

«كەمبەغەللەرنىڭ قېرىشقاندەك جان سانى كۆپ بولىدىكەن ـ ھە» دېگەن ئوي رىستونىڭ كۆڭلىدىن كېچىپ قالدى .

— بوپتۇ ئەمىسە ، ماۋۇنى ئېلىپ تۇرۇڭ ، — ئۇ سۆزلىگەچ ، يانچۇقىدىن پۇل قاپچۇقىنى چىقاردى ، — مەن سىزنى كۆرگىلى يەنە كېلىمەن ، سىز مەندىن قېچىپ قۇتۇلالمايسىز ، ئۇمىقىم .

— ياق ، ياق ، — دېدى جىنىنى بويۇن تولغاپ ، — ئالمايمەن ،

ماڭا كېرەك ئەمەس ، مېنى زورلىمىسىڭىز .

رېستو چىڭ تۇرۇۋېلىۋالدى . جېنىنمۇ بوش كېلىدىغاندەك ئەمەس . رېستو ئاخىر پۇلنى قايتۇرۇۋېلىشقا مەجبۇر بولدى .

— شۇنىسى ئېنىقكى ، جېننى ، سىز مەندىن قېچىپ قۇتۇلالمايسىز ، — دېدى ئۇ ئەستايىدىل تەلەپپۇزدا ، — هامان بىر كۈنى مېنىڭ ئىلكىمگە ئۆتمەي قالمايسىز . ماڭا مەيلىڭىز بارلىقىنى بىلمەمتىڭىز ؟ بۇنى ئۆزىڭىزنىڭ پوزىتسىيىسى ئاللىبۇرۇن ئىپادىلەپ بولغان . مەن سىزنى قولۇمدىن هەرگىز چىقارمايمەن .

— ۋاي خۇدايىمەي ، سىز مۇشۇنداق قىلىپ مېنى قانچىلىك ئازابلاۋاتقىنىڭىزنى بىلەمسىز !

— مەن تېخى سىزنى هېچقانچە ئازابقا قويغىنىم يوق ، شۇنداقمۇ ، شۇنداق ئەمەس ؟ — سورىدى ئۇ ، — ئەلۋەتتە ، ئۇنداق ئەمەس - دە .

— نېمە ئۇنداق ئەمەس ئىكەن ! نېمە بولسا بولسۇنكى ، مەن سىزنىڭ رايىڭىزغا باقمايمەن !

— باقىسىز ، ئاخىر بېقىپ قالىسىز ! — رېستو تاقىتى - تاق بولغان هالدا توۋلىۋەتتى . بۇ بىر پارچە لوق گۆشنىڭ ئۆزىنىڭ تۇمشۇقى ئاستىدىلا تۇرغانلىقى ئۇنىڭ خىيالىغا كېلىپ قېلىپ ، ئىختىيارسىز قېنى قىزىپ كەتكەندى ، — سىز مېنىڭ رايىمغا چوقۇم باقىسىز ، — ئۇ شۇنداق دەپلا ، جېنىنىڭ تېپىرلاشلىرىغا قارىماي ئۇنى قۇچاقلىۋالدى .

بىرپەس ئېلىشىشتىن كېيىن ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى هېلىقى سىرلىق نەرسە يەنە ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىپ ، جېنىنى لاتىدەك بوشاشتۇرۇۋەتتى . ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرى ياشقا لىق تولدى . رېستو بۇنى كۆرمەي ، ئۆزىنىڭ گېپىنى قىلىۋەردى :

— بۇنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى كۆرمىدىڭىزمۇ ؟ ئۆزىڭىزمۇ ئەسلىدە مېنى ياخشى كۆرەتتىڭىزكەن .

— مېنىڭ نە ئىلاجىم ، — دېدى جېننى ئۆكسۈپ تۇرۇپ .

ئۇنىڭ بىچارىلەرچە قىياپىتى رىستوغا تەسىر قىلدى .
— سىز يىغلاۋاتامسىز ، قىزچاق ، شۇنداقمۇ ؟ — دەپ سورىدى ئۇ .
جىننى جاۋاب قايتۇرمىدى .
— مىنى كەچۈرۈڭ ، — دېدى ئۇ يەنە ، — بۈگۈن ئاخشام باشقا سۆزلەشمەيلى . ئۆيىڭىزگە يېتىپ كېلەي دەپ قالدۇق . مەن ئەتە كېتىمەن ، ئەمما سىزنى كۆرگىلى يەنە كېلىمەن . چوقۇم كېلىمەن ، جىنىم . ئەمدى مەن نىيىتىمدىن ھەرگىز يانمايمەن . بىر ئىلاجىنى قىلىپ كۆڭلىڭىزنى تىندۇرىمەن ، پەقەت سىزدىن ئايرىلىپ قالمىساملا بولدى ، ئاڭلىدىڭىزمۇ ؟
جىننى بېشىنى چايقىدى .
— مۇشۇ يەردە چۈشۈپ قالسىڭىزمۇ بولىدۇ ، — دېدى رىستو پەيتۇن دوقمۇشقا يېقىنلاپ قالغاندا ، ئۇ گېرخاردتنىڭ پاكار ئۆيىنىڭ دېرىزىسىدىن چىقىپ تۇرغان چىراغ نۇرىنى كۆرۈپ قالغانىدى .
— خوش ئەمىسە ، — دېدى ئۇ جىننى پەيتۇندىن چۈشۈۋاتقاندا .
— خەير - خوش ، — دېدى جىننى ئاران - ئارانلا .
— ئېسىڭىزدە بولسۇن ، — دېدى رىستو ، — بۇ تېخى ئەمدىلا باشلىنىشى جۇمۇ .
— ۋاي ، ياق ، — جىننى ناله قىلىپ كەتتى .
رىستو جىننىنىڭ يىراقلاپ كېتىۋاتقان سىيماسىنى كۆز نەزىرى بىلەن ئۇزاتقاچ ، ئىختىيارسىز : «ئاھ گۈزىلىم !» دەۋەتتى .
جىننى ئۆزىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى . ئۇ ناھايىتى ھارغىن ، روھسىز ئىدى ، ئۇيالغىنىدىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولۇۋاتاتتى . ئۇ نېمە قىلىپ قويدى ئەمدى ؟
ئۇغۇ قانداقلا بولمىسۇن ، ھەرھالدا رىستو بىلەن مۇرەسسەلەشكەن بولدى . بۇنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ . ئەمما

رىستو يەنە قايتىپ كېلمىدۇ ـ دە .
رىستو يەنە قايتىپ كېلمىدۇ ، بەلكى ئۇنىڭغا پۇل بېرىدۇ ، مانا بۇ ھەممىدىن يامىنى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 19

بۇ قېتىمقى ئىنتايىن تەسىرلىك ئۇچرىشىشتىن ھېچقانداق نەتىجە چىقمىغان بولسىمۇ ، ئەمما بۇنىڭ ئاخىرقى نەتىجە ئەمەسلىكى رىستوگان بىلەن جېنىننىڭ كۆڭلىگە بەش قولدەك ئايان بولدى . رىستو ئۆزىنىڭ ئىشق بالاسىغا قاتتىق مۇپتىلا بولۇپ قالغىنىنى بىلدى . ئۇنىڭ نەزىرىدە ، بۇ قىز بەكمۇ ئوماق ئىدى . بۇ قىزنىڭ ئۇنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ باقمىغان قىزىقارلىق يەرلىرى بار ئىكەن . ئۇنىڭ ئارىسالدى بولۇشلىرى ، قايتا ـ قايتا قارشىلىق كۆرسىتىشى ، يېقىملىق تەلەپپۇزدا «ياق ، ياق ، ياق» دېيىشلىرى ئۇنىڭغا گويا مۇزىكىدەك تەسىر قىلدى . قاراڭچۇ ، بۇ قىز پەقەت رىستو ئۇچۇنلا يارالغان تۇرسا ، ئۇ بۇ قىزنى ئىلكىگە كىرگۈزمەي قويامدۇ ، مۇشۇنداق بىر نازىنىنىنى قولدىن چىقىرىۋېتىشكە قانداقمۇ كۆڭلى ئۇنىسۇن ؟ ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ھەم سىرتتىكىلەرنىڭ گەپ ـ سۆز قىلىشى بىلەن نېمە پەرۋايى ؟

قىزىق ئىش ، ئۇنىڭدا ئاجايىپ بىر خىل چوڭقۇر ئىشەنچ تۇغۇلماقتا ئىدىكى ، ئۇ جېنىننىڭ مەنىۋى جەھەتتە ئۆزىگە مايىل بولغىنىدەك ، كېيىنچە بېرىپ جىسمىنىمۇ ئۆزىگە بېغىشلايدىغانلىقىدىن قىلچە گۇمان قىلمايتتى ، بۇنىڭ سەۋەبىنى ئۆزىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيتتى . راستىنى ئېيتقاندا ، جېنىننىڭ ۋۇجۇدىدىن ئىپادىلىنىپ تۇرغان ئازغىنە نەرسە — ئاياللارغا خاس سۈلكەت ھەم چېھرىسىدىكى ساددىلىق ئالامىتى ئۇنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەتنى خالايدىغانلىقىدىن ، لېكىن قوپال ، ۋەھشىي بولغان ئەخلاقسىزلىقلارنى تامامەن رەت قىلىدىغانلىقىدىن ئېنىق بېشارەت

بىرىپ تۇراتتى. ئۇ، ئەر كىشى ئۇچۇن، بەلكى بىرلا ئەركەك ئۇچۇن يارالغان ئايال. ئۇنىڭ جىنسىي ئالاقىگە تۇتقان جىمى پوزىتسىيىسىنى ئىشق ـ مۇھەببەت، دىلكەشلىك ھەم پىداكارلىق روھىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. ئۇ شۇنداق بىر ئەركەككە يولۇققاندا، ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشى، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشى مۇمكىن. مانا بۇ، رېستو چۈشەنگەن جېننى. بۇنى رېستو ئاللىبۇرۇنلا ھېس قىلىپ يەتكەن، جېننى چوقۇم ئۇنىڭغا بوي ئېگىدۇ، چۈنكى رېستو ئەنە شۇ ئەركەكنىڭ ئۆزى.

ئەمدى جېننىنىڭ گېپىگە كېلەيلى، بۇ ئىشتىكى چاتاقنى، يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان زور بالا ـ قازانى ئۇنىڭ كۆڭلى تۇيماقتا. رېستو ناۋادا نىيىتىدىن يانمايدىغانلا بولسا، ئۇ چاغدا جىمى ئىشتىن خەۋەردار بولۇشى چوقۇم. جېننى براندنىڭ ئىشنى رېستوغا تېخى ئېيتمىدى، چۈنكى ئۇ ھېلىھەم بىر خىل خىيالىي تۇيغۇ ئىچىدە ياشىماقتا، ئۆز خىيالىدا «رېستودىن بەربىر قېچىپ قۇتۇلۇپ كېتەلەيمەنغۇ» دېگەن ئويدا ئىدى. رېستودىن بىرىنچى قېتىم ئايرىلغان چېغىدا، ئۇنىڭ يەنە كېلىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭمۇ ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى كۆڭلى تۇيغان. لېكىن ئۇنىڭ ئويلىغىنى، ئۇ رېستونىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنسا بولمايتتى، ئۆزىنىڭ ئاشۇنداق كۆلپەتلىك، مەنىسىز تۇرمۇشىنى داۋام قىلدۇرۇۋېرىشى كېرەك ئىدى. بۇ ئۇنىڭ ئىلگىرىكى خاتالىقىغا بېرىلگەن جازا، دېمىسىمۇ ئۇ ئۆزىگە ئۆزى قىلىپ قويدى ـ دە.

رېستو جېننى بىلەن خوشلىشىپ، ئۆزىنىڭ سىنسىنناتىدىكى كاتتا قەسرىگە قايتىپ باردى. گېرخاردتنىڭ ئۆيىگە سېلىشتۇرغاندا، بۇ قەسىر تەبىئىيكى تېخىمۇ ھەشەمەتلىك كۆرۈنەتتى. ئىككى قەۋەتلىك بۇ كاتتا ئىمارەت فرانسىيىنىڭ داچىلىرىغا تەقلىد قىلىنىپ، قىزىل خىش ۋە ئوخرا[1] بىلەن سېلىنغان، ئەتراپى گۈل ـ گىياھلار بىلەن ئورالغان بولۇپ، بەئەينى باغچىنىڭ ئۆزى ئىدى. تېمىنىڭ ئۈستىدىكى مەرمەر

① ئوخرا — سېرىق ياكى قىزىل رەڭلىك مىنېرال بوياق.

تاشلارمۇ ئۇنىڭ ھەشەمەتلىكلىكىنى زاھىر قىلىپ تۇرىدۇ . رىستونىڭ دادىسى گان بېگىم ئۆمرىدە نۇرغۇن بايلىق توپلىغان ، بۇ بايلىقلارنى ھىيلە ـ مىكىر بىلەن ئەمەس ، بەلكى ھايان ئىلىشقا ماھىر بولغانلىقىدىن توپلىغانىدى . ئۇ كىشى ياش ۋاقتىدىلا ، ئامېرىكىنىڭ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەت ئىكەنلىكىنى ، كېلەچەكتە ھەر خىل ھارۋىلارغا — قول ھارۋىسى ، خادىك ھارۋا ، ئاتلىق مال ھارۋىسى قاتارلىقلارغا بولغان تەلەپ ناھايىتى زور بولىدىغانلىقى ، بۇلار بىلەن تەمىنلەيدىغان ئادەم ناھايىتى زۆرۈر ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يەتكەچكە ، ئاۋۋال كىچىككىنە ھارۋا ياساش زاۋۇتى قۇردى ، كېيىنچە ئۇنىڭ ئىگىلىكى روناق تېپىپ قالتىس بىر كەسىپكە ئايلاندى . ئۇنىڭ زاۋۇتىدا ئىشلەپ چىقىرىلغان ماللارنىڭ سۈپىتى ياخشى بولغاچقا ، تاپاۋەتمۇ كۆپ بولدى . ئۇنىڭ ئۆز ئالدىغا نەزەرىيىسى بار ، يەنى ئۇ ، ئىنسانلار ئارىسىدا سەمىمىي نىيەتلىكلەر كۆپرەك ، دەپ قارايدۇ . ئۇ : «كىشىلەر ئاخىر بېرىپ داڭلىق مەھسۇلاتلارغا كۆپرەك خېرىدار بولىدۇ ، ئەگەر كىشىلەرنى داڭلىق مەھسۇلاتلار بىلەن تەمىنلەيدىغان بولساق ، ئۇلار يەنە شۇندىقىدىن ئالغىلى كېلىدۇ ـ دە ، كېيىنكى ئوقەتنىڭ يولى ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ ، بىزمۇ خېلى جېنى بار پۇلدارلاردىن بولۇپ قالىمىز» دەپ ئويلايتتى . ئۇ ، «كۆپ بولۇپ كەتسە كەتسۇنكى ، ئاز بولۇپ قالمىسۇن» دېگەن تاكتىكىغا ئىشىنەتتى . مەيلى ئۇنىڭ كىچىك ۋاقتىلىرى بولسۇن ، ياكى ھازىرقى ياشانغان چېغىغا قەدەر بولسۇن ، ئۇنى تونۇيدىغانلىكى كىشىلەرنىڭ ئۇنى ھۆرمەتلىمەيدىغىنى ، ئۇنىڭغا خۇشامەت قىلمايدىغىنى يوق ئىدى . ئۆزى بىلەن ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرىدىغان كىشىلەرنىڭمۇ : «ئارچىبالدگاننى دەمسىز ؟ ئوھوي ، ئۇ چىرايلىق ، ئەقىللىق ھەم سەمىمىي ، قالتىس ئادەم» دېگىنى ھەمىشە ئۇنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ تۇراتتى .

بۇ ئەپەندى ئۆمرىدە ئىككى ئوغۇل ، ئۈچ قىز پەرزەنت كۆردى ، پەرزەنتلىرىنىڭ ھەممىسىلا بېجىرىم ، چىرايلىق ،

ناھايىتى ئەقىللىق بولۇپ ئۆستىيۇ ، لېكىن بىرەرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن ھەم كەڭ قورساق دادىسىغا ئوخشاش ئۇنداق مەرد ، ئۇنداق قابىل بولۇپ چىقمىدى . تۇنجى ئوغلى روبېرت قىرىق ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان بولۇپ ، دادىسىنىڭ مالىيە ئىشلىرىدىكى ئوڭ ، سول قانىتى ، ئۇ كىشىلەرگە مۇئامىلە قىلىشتا ناھايىتى سىلىق - سىپايە بولغاچقا ، سودا - سېتىق تىجارىتى ئېلىپ بېرىشقا تازىمۇ لايىق ئىدى . ئوتتۇرا بويلۇق ، سەل جۈدەڭ ، پېشانىسى كەڭ ، بېشىنىڭ چوققىسى ئازراق تاقىر كەلگەن ، كۆكۈچ كۆزلىرىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان ، قوش بۇرۇن ، كالپۇكلىرى قېلىنمۇ ئەمەس ، نېپىزمۇ ئەمەس ، تازا جايىدا تۇزۇلگەن بۇ كىشى ئادەتتە كەم سۆز ، ئېغىر - بېسىق ھەم چوڭقۇر پىكىرلىك كۆرۈنىدۇ . ئىككى كوچىنى ئىگىلىگەن بۇ چوڭ شىركەتتە ، ئۇ مۇئاۋىن دىرېكتور بولۇپ دادىسىنىڭ قېشىدا ئولتۇرىدۇ . قىسقىسى ، ئۇ قولىدىن ئىش كېلىدىغان ، ئىستىقباللىق كىشى . بۇنى ئاتىسىمۇ چۈشىنەتتى .

ئىككىنچى ئوغلى رېستو ، دادىسىنىڭ ئامراق بالىسى . مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش جەھەتتە ، روبېرتقا يېتىشتىن خېلىلا يىراقتا تۇرسىمۇ ، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ سىرلىرى توغرىسىدا ئۇنىڭ بىلىدىغانلىرى كۆپرەك . ئۇ ھەرقانداق ئىشتا خېلىلا مۇلايىم ، چىقىشقاق ، خېلىلا ئىنساپلىق ئىدى . شۇنىسى قىزىقكى ، گان ئەپەندى ئۇنىڭغا ئامراق ، ئىشىنىدۇ ، ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسىنىڭ كەڭلىكىنى بىلىدۇ ، مالىيە ئىشلىرىدىكى ھەل قىلىش قىيىن بولغان مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەندە ، ئېھتىمال روبېرتتىن ياردەم تەلەپ قىلار بولغىيدى ، ئەمما راستىنى ئېيتقاندا ، رېستوغا ئىچ - ئىچىدىن ئامراق ئىدى .

قىزلارنىڭ ئىچىدە چوڭىنىڭ ئىسمى ئامى ، ئۇ ئوتتۇز ئىككى ياشقا كىرگەن ، چىراي - شەكلى جايىدا ، ھازىر تۇرمۇشقا چىقىپ بىر بالىنىڭ ئاپىسى بولۇپ قالدى . ئوتتۇرانچىسىنىڭ ئىسمى ئىموگېن ، ئۇ ھازىر يىگىرمە سەككىز ياشقا كىردى ، ئۇمۇ ياتلىق

www.uyghurkitap.com

قىلىنغان ، لېكىن تېخى بالىلىق بولمىغانىدى . كەنجىسىنىڭ ئىسمى لۇئىزا ، ئۇ يىگىرمە بەش ياشقا كىردى ، لېكىن تېخى ياتلىق بولمىدى ، ئۇ ھەممىسىدىن چىرايلىق ، ھەممىسىدىن ئېغىر بېسىق ، ھەممىسىدىن سىپايە بولۇپ ئۆستى . بىر ئائىلە كىشىلىرى ئىچىدە ، پەقەت شۇلا جەمئىيەتتىكى ئابرۇيغا ھەممىدىن بەك قىزىقمىدۇ ، نام ـ ئابرۇينى بەك قوغلاشمىدۇ ، گان جەمەتنىڭ شانۇشەۋكىتى ھەممىنى بېسىپ چۈشسە ئىكەن ، دەپ ئارزۇ قىلىدۇ . ئۇ ئائىلىسىنىڭ جەمئىيەتتە مۇشۇنداق يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە ئىكەنلىكىدىن ئىچىدە ناھايىتى كۆرەڭلەيدۇ . شۇڭا ئۇ ھەمىشە تەكەببۇر كۆرۈنىدۇ ، ئۇنىڭ تەكەببۇرانە سىياقىنى كۆرگەندە ، رېستونىڭ گاھى كۆلكىسى قىستاپ كەتسە ، گاھى چىشلىرى قىرىشىپ كېتەتتى . رېستو بۇ سىڭلىسىنى ياخشى كۆرەتتى ، ئۇنىڭغا ھەممىسىدىنمۇ بەكرەك ئامراق دېيىشكىمۇ بولاتتى ، بىراق ئۇ سىڭلىسىنىڭ ھەددىدىن زىيادە سىپايىگەرچىلىك قىلىپ ئائىلىسىنىڭ ئابرۇيىغا نۇقسان يەتكۈزۈپ قويۇشىدىن ھەزەر ئەيلەيتتى .

ئاپىسى ئاتمىش ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان ، قائىدە ـ يوسۇنلۇق ، مەدەنىي ئايال . ئۇمۇ ئېرىگە ئوخشاشلا نامرات ئائىلىدىن كېلىپ چىققان بولغاچقا ، ئىجتىمائىي ئالاقە خۇسۇسىدىكى ئىشلاردىن ئانچە ئېھتىيات قىلىپ كەتمەيتتى ، لېكىن ئوغۇل ـ قىزلىرىنى ھەم ئېرىنى قەۋەتلا ياخشى كۆرەتتى ، ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق مەرتىۋىگە ئېرىشىپ ، مۇشۇنداق مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقىدىن كۆڭلىدە ناھايىتى خۇشال بولاتتى . ئۇلارنىڭ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئەكس ئەتتۇرگەن شەۋكىتىنى ئۇ تولۇق جۇلالاندۇرۇپ تۇراتتى . ئۇ ساھىبجامال ئايال ، ۋاپادار رەپىقە ، كۆيۈمچان ئانا ئىدى .

رېستو سىنىسىناتىغا گۇگۇم مەزگىلىدە يېتىپ كېلىپ ، شۇئان پەيتونغا ئولتۇرۇپ ، ئۆيىگە قايتىپ كەلدى . ئىشىك ئالدىدا ئۇنى ئېرلاندىيىلىك ئۆي خىزمەتچىسى كۈتۈۋالدى .

— ئوھوي ، رېستو ئەپەندى ، — دېدى ئۇ خۇش ئاۋازدا ، — قايتىپ كەپسىز - دە ، بەك ياخشى بولدى . قېنى ، پەلتونى ماڭا بېرىڭ . شۇنداق - شۇنداق ، كۈنمۇ ناھايىتى ئوبدان بولۇپ بەردى . شۇنداق - شۇنداق ، ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىۋاسى ئوبدان تۇرۇۋشتى . ئامى خېنىم بالىسىنى ئېلىپ تېخى ھېلىراقتا كېتىپ قالدى . ئاپىڭىز ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى ھۇجرىسىدا . شۇنداق - شۇنداق .

رېستو ئىللىقىنا كۈلۈپ قويۇپ ، ئۈستۈنكى قەۋەتكە — ئاپىسىنىڭ قېشىغا چىقىپ كەتتى . ئاق ھەم ئالتۇن رەڭدە سىرلانغان بۇ ئۆينىڭ شەرقىي ۋە جەنۇبىي تەرىپى باغقا قاراپ تۇراتتى . گان ئاغىچا خېنىم پىنھان ئولتۇرغانىكەن ، بوزارغان چاچلىرىنى سىلىق تارىۋاپتۇ . ئىشىك ئېچىلىۋىدى ، ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئوغلىنىڭ كىرگىنىنى كۆرۈپلا ، قولىدىكى كىتابنى قويۇپ قويدى - دە ، ئورنىدىن تۇرۇپ ، ئوغلىنى قارشى ئالدى .

— ئاپا ، — رېستو ئاپىسىنى قۇچاقلاپ ، ئۇنىڭ بىلەن سۆيۈشۈپ كۆرۈشتى ، — ئوبدان تۇردىڭىزمۇ ؟

— ھە ، يەنە شۇ بۇرۇنقىدەكلا ، رېستو ، ئۆزۈڭچۇ ، بۇ كۈنلەردە ياخشى تۇرغانسەن ؟

— تولىمۇ بەلەن . لېئانچولارنىڭكىدە يەنە بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ قالدىم . كېلۋېلاندقا بارغاندىن كېيىن ، باسۇنىسىنىمۇ يوقلاپ قويماسلىقىقا كۆڭلۈم ئۇنىمىدى ، ھەممەيلەن سىزگە سالام ئېيتتى .

— مىنىنى ئوبدان تۇرۇۋېتىپتۇمۇ ؟

— يەنە شۇ ئىلگىرىكىدەكلا تۇرۇپتۇ ، پەقەتلا ئۆزگەرمەپتۇ . ھازىرمۇ شۇنداق مېھماندوست ئىكەن .

— ئۇ چىرايلىق قىز ئىدى ، — ئاپىسى لېئانچو خانىمنىڭ سىنسىنناتىدىكى قىزلىق چاغلىرىنى ئەسلەپ شۇنداق دېدى ، — مەن ئۇنى بۇرۇندىنلا ياخشى كۆرەتتىم ، ئۇ ئاجايىپ ئۆتكۈر ئىدى .

— ھازىرمۇ شۇنداق چىرايلىق ، شۇنداق ئۆتكۈر ئىكەن . مەن سىزگە ھەممە گەپنى دەپ بېرىمەن ، — ئۇ ئەتەي گەپنى بۇرىدى . گان ئاغىچا خېنىم مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى - دە ، ئائىلىدىكى

ئىشلار توغرۇلۇق سۆزلەپ كەتتى . ئىموگېننىڭ ئېرى ئىش بىلەن سان ـ لۇئىغا كېتىپتۇدەك . روبېرتنىڭ ئايالىغا تۇمۇ تېگىپ قاپتۇ . زاۋۇتتا كىچىلىك پوستتا تۇردىغان سىنگېر بوۋاي ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ ، ئۇنىڭ گاش ئەپەندىگە ئىشلەۋاتقىنىغا قىرىق يىل بولغان ئاشقاندى . شۇڭا دادىسى ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇزاتقىلى كېتىپتۇدەك . رېستو بۇ گەپلەرنى ئەستايىدىل ئولتۇرۇپ ئاڭلاۋاتقاندەك قىلغىنى بىلەن ، كۆڭلى زادىلا بىر يەردە بولماي ۋاتاتتى .

رېستو زالغا كىرىپ ، لۇئىزا بىلەن كۆرۈشتى . ئۇنىڭغا شۇنداق قاراپلا : «چىرايلىق بولۇپ كېتىپسەنغۇ» دەپ گەپ باشلىدى . لۇئىزا ئۇچىسىغا ئۇنچە ـ مەرۋايىت بىلەن كەشتىلەنگەن قارا تاۋار كۆڭلەك كىيىۋالغانىدى ، بۇ كىيىم ئۇنىڭ فىگۇرىسىغا خويمۇ يارىشىپتۇ ، كۆڭلەكنىڭ ياقىسىغا بىر تىزىق قىزىل ياقۇت قوندۇرۇپتىكەن ، ئۇنىڭ قارامتۇل ئۆڭى ھەم قوندۇزدەك قارا چېچىغا راسا ماس كەپتۇ . ئۇنىڭ كۆزلىرى تۇم قارا ھەم ئۆتكۈر ئىدى .

— ئوھو ، رېستو ، — دېدى ئۇ چۇقان سېلىپ ، — قاچان قايتىپ كەلگەندىڭ ؟ پەخەس بول ، مېنى سۆيىمەن دەپ ئىلەشتۇرۇپ يۈرمىگىن يەنە . مەن ھازىر سىرتقا چىقماقچىدىم ، شۇڭا قالتىس ياسىنىۋالدىم مانا . ئەمدى بۇرنۇمنىڭ ئۇچىدىكى ئۇپىغا تېگىشىڭگىمۇ رۇخسەت يوق . ھۇ ، ئەسكى ! — ئۇ گېپىنى دەپ بولغۇچە ، رېستو ئۇنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ ، بېسىپ سۆيگىلى باشلىغانىدى . لۇئىزا ئۇنى كۈچىنىڭ بارىچە نېرى ئىتتەردى .

— مەن تېخى ھېچقانچە چىقىلمىدىمغۇ ، — دېدى رېستو ، — يېنىڭدا ئۇپا ئۆكسۈمىگەندىكىن ، جىقراق سۈرۈۋېلىپ چىقىپ كەتسەڭ بولىۋەرمەمدۇ ، — ئۇ گېپىنى تۈگىتىپ ، ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى ـ دە ، كەچكى غىزاغا ئولتۇرۇشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىش ئۈچۈن ، كىيىملىرىنى يەڭگۈشلەشكە تۇتۇندى . كەچكى غىزاغا ئولتۇرۇشتىن ئىلگىرى كىيىم يەڭگۈشلەش ئادىتى گاش ئائىلىسىدە يېقىنقى يىللاردىن بېرى

باشلانغانىدى . چۈنكى كەلدى ـ كەتتى مېھمانلار كۆپ بولغاچقا ، بۇ خىل ئادەت زۆرۈرىيەتكە ئايلىنىپ قالغان . شۇنىسى لۇئىزا بۇنىڭغا ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتمەيتتى . بۈگۈن ئاخشام روبېرت كېلىدىكەن ، دادىسى ۋە ئاپىسىنىڭ دوستلىرىدىن بېرنارد ئەپەندى بىلەن خانىمى كەلمەكچىكەن ، ئۇنداق بولغاندىكىن ، كەچكى غىزا ئەلۋەتتە رەسمىي تۈس ئالىدۇ دېگەن گەپ . رېستو دادىسىنىڭمۇ ئۆيدە ئىككەنلىكىنى ئېنىق بىلگەن بولسىمۇ ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە ئانچە ئالدىراپ كەتمىدى . شۇ تاپتا ، ئۇ كلېۋېلاندتىكى ئەڭ ئاخىرقى ئىككى كۈنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈۋېتىپ ، «جېنىنى بىلەن يەنە كۆرۈشۈشكە قاچانمۇ نېسىپ بولار» دېگەن ئوي بىلەن ئىچى تىت ـ تىت بولۇپ تۇراتتى .

## 20

رېستو كىيىمىنى يەڭگۈشلەپ بولۇپ پەسكە چۈشتى ، دادىسىنىڭ كۇتۇپخانىدا گېزىت كۆرۈپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ ، قېشىغا باردى .

— ھە ، رېستو ، — دېدى دادىسى ۋە كۆزلىرىنى گېزىتتىن ئېلىپ ، كۆزەينىكىنىڭ ئۈستىدىن رېستوغا قارىغىنىچە ، قولىنى ئۇزاتتى ، — قەيەرلەردىن كېلىشىڭ ؟

— كلېۋېلاندتىن ، — ئوغلى ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ ، كۈلۈپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى .

— روبېرت سېنى نيۇيوركقا كەتتى ، دېۋىدىغۇ .

— شۇنداق ، نيۇيوركقىمۇ بارغانىدىم .

— دوستۇم ئارنولد ئوبدان تۇرۇۋېتۇمۇ ؟

— يەنە شۇ بۇرۇنقىدەك تۇرۇۋېتۇ ، — دېدى رېستو ، — ئانچە قېرىمىغاندەك كۆرۈنىدۇغۇ .

— مەنمۇ شۇنداقمىكىن دەپ ئويلىغۇدىم ، — دېدى گان

ئەپەندى مۇلايىملىق بىلەن، — ئۇ ئەزەلدىنلا ئۆزىنى تۇتۇشنى بىلىدىغان ئادەم ئىدى، ئۆزىمۇ چىرايلىق زات — دە.

ئۇ ئوغلىنى ئارقا تەرەپتىكى ھۇجرىغا باشلاپ كىرىپ، ئۇنىڭ بىلەن تىجارەت ئەھۋالى ۋە ئائىلىدىكى يېڭىلىقلار ھەققىدە بىر پەس پاراڭلاشتى، زالدىكى سائەتنىڭ قوڭغۇرىقى جاڭ ئۇرغاندىن كېيىن، غىزانىڭ تەييار بولغانلىقىنى بىلىپ، زالغا چىقىشتى.

رىستو لۇئى XV زامانىسىنىڭ پاسونىدا نەقىشلەنگەن تاماق زالىدا، ئۆپچۆرىسىدىكى چاقناپ تۇرغان سەلتەنەتتىن ھۇزۇرلانغان ھالدا ئولتۇراتتى. شۇ تاپتا ئاپىسى، دادىسى، سىڭىللىرى، ئائىلىنىڭ قەدىناس دوستلىرى بىر يەرگە جەم بولۇشۇپتۇ، ئۇ مانا مۇشۇنداق قويۇق ئائىلە ھاۋاسىنى ياقتۇراتتى، شۇڭا خۇشلۇقىدىن ئېچىلىپ، يايراپ كەتتى.

لۇئىزا رىفلېنلارنىڭ ئۆيىدە سەيشەنبە كۈنى تانسا بولىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىپ، ئۇنىڭدىن:

— بارامسەن؟ — دەپ سورىدى.

— مېنىڭ تانسا ئوينىيالمايدىغىنىمنى بىلىسەنغۇ، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ سوغۇقلا قىلىپ، — بارسام نېمىمۇ قىلارمەن؟

— تانسا ئوينىيالماسمىش. ئۇنىڭدىن كۆرە، تانسا ئويۇنىغۇم يوقلا دېگىنە. قويغىنا سېنى، ھۇرۇنلىشىپ، جىمى ئىشتىن چىقىپ قاپسەن. روبېرت جېنىدا ئانچە - مۇنچە ئويناپ كۆڭلىنى ئېچىپ تۇرىدۇ. بارساڭغۇ، كۆڭلۈڭ ئېچىلىپ قالاتتى.

— روبېرتنىڭ ماڭا قارىغاندا بۇرۇندىنلا ھەۋىسى كۈچلۈكرەك، — رىستو كۈلۈپ قويدى.

— ئۇ ساڭا قارىغاندا ئەدەپلىكرەك، — لۇئىزا رەددىيە بەردى.

— نېمە دېسەڭ دەۋەر، — دېدى رىستو.

— ئۇنىڭ چىشىغا تەگمىسەڭچۇ، لۇئىزا، — دېدى روبېرت دانىشمەنلەرچە.

غىزادىن كېيىن، ھەممەيلەن كۇتۇپخانىغا يىغىلىشتى،

روبېرت ئۇكسى بىلەن تىجارەت ئەھۋالى توغرۇلۇق بىر ئاز پاراڭلاشتى. تۈزىتىش كىرگۈزۈشكە تېگىشلىك بىرنەچچە توختام بار ئىدى، ئۇ رېستونىڭ قانداق پىكىر قاتناشتۇرۇشنى بىلىپ باقماقچى بولدى. لۇئىزا بىرى بىلەن ئۇچرىشىشقا بېرىشقا تەييارلاندى، سىرتتا پەيتۇن كۈتۈپ تۇرغانىدى.

— ئۇنداقتا، بارمايدىكەنسەن - دە؟ — ئۇ سەل ئەيىبلەش ئاھاڭىدا سورىدى.

— بەك ھېرىپ كەتتىم، — دېدى رېستو پەرۋا قىلمىغاندەك قىياپەتتە، — مېنىڭ ئورنۇمدا نورسى خانىمدىن ئەپۇ سوراپ قويارسەن.

— لېتتى بىس قايسى كۈنى ئاخشىمى سېنى سورىغانىدى، — دېدى لۇئىزا ئىشىككە بېرىپ بولغاندىن كېيىن يەنە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ.

— ئەمىسە ئۇنىڭغا كۆپتىن - كۆپ رەھمەت، — دېدى رېستو.

— ئۇ ياخشى قىز جۇمۇ، رېستو، — مەشنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان دادىسى گەپ قىستۇردى، — مەن سېنى شۇنىڭ بىلەن توي قىلىپ، بالدۇرراق ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولسىكەن دېگەن ئارزۇدا. ئۇنىڭ ساڭا ئوبدان رەپىقە بولىدىغانلىقىنى بىلىپمۇ قالارسەن.

— ئۇنىڭ رەڭگىرويىمۇ جايىدا - دە، — دېدى گان خېنىم تېخىمۇ تەستىق سېلىپ.

— ۋاي - ۋۇي، نېمە بولدۇڭلار، — دېدى رېستو چاقچاق ئارىلاش، — ھەممىڭلار خەقنىڭ قىزى بىلەنلا بولۇپ قاپسىلەرغۇ؟ ئۆيلىنىش دېگەن بۇ ئىشقا ئانچە ماھىر ئەمەسلىكىمنى بىلىسىزغۇ ئۆزىڭىز؟

— بۇنىسى ماڭىمۇ ئايان، — دېدى ئاپىسى ھەم راستتىن، ھەم ئويۇنغا ئايلاندۇرۇپ، — شۇنىسى مەن سېنىڭ بۇ ئىشقا ماھىر بولۇشۇڭغا تەقەززا بولۇپ كېتىۋاتىمەنچۇ.

www.uyghurkitap.com

رېستو گەپنى باشقا ياققا بۇرىۋەتتى . ئۇنىڭ شۇ تاپتا بۇنداق ئىشلارغا ھەپىلىسى يوق ئىدى . ئۇ بۇ ئىشلارنى ئويلاۋاتقىنىدا ، خىيالى يەنە جېنىنىغا ھەم ئۇنىڭ ھېلىقىدەك ئۆزگىچە ئاھاڭدا «ياق ، ياق ، ياق» دېيىشلىرىگە كېتىپ قالدى . شۇ تاپتا ئۇنىڭ يۈرەك تارىنى باشقا بىرەيلەن چېكىۋاتاتتى . مانا شۇنى دىققەت ـ ئېتىبارغا سازاۋەر ئاياللارنىڭ تىپى دېسە بولىدۇ . ئۇ چاكىنا ، نەپسانىيەتچى ئەمەس ، ئەركەكلەرنى نازارەت قىلىپ ، ئەركەكلەرگە تۇزاق قۇرۇپمۇ يۈرمەيدۇ ، بەلكى تولىمۇ ئوماق ، گۈلدەك چىرايلىق بىر قىز . ئۇنىڭ ئۈستىگە ناھايىتى ئېنىقكى ، ئۇنىڭ پېيىگە چۈشكەن ئادەممۇ يوق . شۇ كۈنى ئاخشىمى ، رېستو ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا قايتىپ كىرگەندىن كېيىن ، جېنىنىغا تازا قاتۇرۇپ خەت يازدى ، ئايغىغا بىر ھەپتە كېيىنكى چېسلانى يېزىپ قويدى . چۈنكى ئۇ ، ئۆزىنىڭ بەك تاقەتسىزلىنىپ كېتىۋاتقىنىنى بىلدۈرۈپ قويۇشنى خالىمىغانىدى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ، ئۇ يەنە ئاز دېگەندە ئىككى ھەپتە ئۆتكەندە ، ئاندىن سىنسىناتىدىن ئايرىلاتتى .

«قەدىرلىكىم جېنىنى :

سىز بىلەن خوشلاشقىنىمىغا بىر ھەپتە بولدى ، سىزگە تېخىچە خەت يازمىدىم ، ئەمما سىز ھەردەم يادىمدا . ماڭا ئىشىنىڭ . ئىلگىرى قارامىلىق قىلىپ سىزدە يامان تەسىرات قالدۇرغان بولسام كېرەك ـ ھە ؟ بۇنىڭدىن كېيىن ئۇ مىجەزىمنى ئۆزگەرتىشكە تىرىشىمەن ، چۈنكى مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن ، قىزچاق ، سىزنى چىن يۈرىكىمدىن سۆيىمەن . ئۈستىلىمگە بىر تال گۈلنى قويۇپ قويدۇم ، گۈلگە قارىساملا كۆز ئالدىمغا كېلىسىز : ئاقپىشماق ، يۇمران ، ئۇز . سىزنىڭ مېنىڭ خىيالىمدىكى تەسۋىرىي قىياپىتىڭىز بەئەينى گۈلنىڭ ئۆزى . سىز مەن ئۇچراتقان جىمى گۈزەللىكنىڭ جەۋھىرى . سىز مېنىڭ يوللىرىمغا گۈللەر چېچىشقا قادىر ، پەقەت ئۆزىڭىز خالايدىغانلا بولسىڭىز .

ئەمدى مەقسەتكە كەلسەك، مەن ئون سەككىزىنچى چېسلادا كلېۋېلاندقا بېرىپ سىز بىلەن دىدار كۆرۈشۈشكە ئىنتىزار بولۇپ تۇرۇپتىمەن. مەن پەيشەنبە كۈنى كەچتە يېتىپ بارىمەن، جۈمە كۈنى چۈشتە، سىز داۋىندىن سارىيىنىڭ ئايال مېھمانلار قوبۇلخانىسىغا بېرىپ مەن بىلەن كۆرۈشسىڭىز، بولامدۇ؟ چۈشلۈك غىزانى مەن بىلەن بىرگە يەسىز.

بىلىپ قېلىڭكى، مەن سىزنىڭ رايىڭىزغا باققانلىقىم ئۈچۈن، سىزنى ئىزدەپ ئۆيىڭىزگە بېرىپ يۈرمەيمەن (ئەگەر شەرتىمگە كۆنسىڭىز، بارمايمەن). ئۆزاققىچە جۇدالىشىش چوڭقۇر دوستلۇق ئۈچۈن خەۋپلىك. ماڭا ماقۇللۇقىڭىزنى ئىزھار قىلىپ خەت ئەۋەتىۋېتەرسىز. ماڭا رەھىم قىلىشىڭىزنى چىن كۆڭلۈمدىن سەمىمىي ئۆتۈنىمەن. ناۋادا «ياق» دەپ جاۋاب بېرىدىغان بولسىڭىز، ئۇ چاغدا ئۆزۈمنىڭ بىلگىنىمنى قىلىمەن.

مۇشۇ خېتىم بىلەن بىرگە، تۇمەن مىڭ سۆيگۈنى سىزگە ئەۋەتتىم.

رېستو گان»

ئۇ خەتنى كونۋېرتقا سېلىپ، كونۋېرت ئۈستىگە ئادرېسىنى يازدى. «ئۇ ئاجايىپ بىر قىز ـ دە، — دەپ ئۆزىگە ئۆزى پىچىرلىدى ئۇ، — ئەلھەق شۇنداق.»

## 21

رېستو كېتىپ، بىر ھەپتىگىچە ئۇنىڭدىن ھېچقانداق خەۋەر بولمىغاندىن كېيىن، جېنىنغا ياخشىراق ئويلىنىۋېلىشقا ئوبدانلا پۇرسەت چىققانىدى، ئەمدى بۇ خەت كېلىۋىدى، ئۇنى يەنە كۈچلۈك

ھاياجان چۇلغۇۋالدى . ئۇ زادى قانداق قىلماقچىدۇ؟ زادى قانداق قىلىشى كېرەك؟ ئۇنىڭ بۇ كىشىگە بولغان ھەقىقىي ھېسسىياتى زادى قانداق؟ ئۇ بۇ كىشىنىڭ خېتىگە جاۋاب قايتۇرۇشنى چىن كۆڭلىدىن خالامدۇ، يوق؟ ئەگەر چىن كۆڭلىدىن خالايدىغان بولسا، بۇ كىشىگە نېمىلەرنى دېسە بولار؟ ئۇنىڭ ئىلگىرىكى جىمى ھەرىكىتىنى ئۆزىدىن باشقا ھېچقانداق كىشى بىلەن ئالاقىسىز دېيىشكە بولىدۇ، ئەينى چاغدا باسنىڭ سەۋەبىدىن ئۆزىنى يىدا قىلىشقا رازى بولغىنىنى دەيدىغان بولساق، ئۇمۇ ئۆزى بىلەن تۇگىگەن ئىش . ئەمدىلىكتە باشقىلارنى، بولۇپمۇ ئائىلىسىنى، بالىسىنى نەزەردە تۇتمىسا بولماس . ۋىستا ئون سەككىز ئايغا قەدەم قويدى، ئۇ تولىمۇ يېقىملىق بالا بولدى؛ ئۇنىڭ زەڭگەر، چولپان كۆزلىرى ۋە يىپەكتەك چاچلىرى كېلەچەكتە ھۆسن جەھەتتە ئاپىسىدىن قېلىشمىغۇدەك بىر قىز بولىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىپ تۇرۇپتۇ؛ پىسخىكا جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندىمۇ، كېلەچەكتە چوقۇم ئەقىللىق، زېرەك ئادەم بولۇپ چىقىشى ئېنىق . چوڭ ئاپىسى ئۇنى ھەددىدىن زىيادە ئەتىۋارلايدۇ . گېرخاردتنىڭ مۇئامىلىسىنىڭ ئۆزگىرىشى بەكمۇ ئاستا، ئۇنىڭ بالىغا بولغان قىزىقىشى تېخى ئۇچۇق ئىپادىلىنىپ تۇرمىغان بولسىمۇ، ھەرھالدا ئۇنى بۇ بالا بىلەن خۇشى يوق دېگىلى بولمايتتى . دادىسىنىڭ مۇئامىلىسى مۇشۇنداق ئۆزگىرىۋاتقاندىكىن، جېنىنىدا: ئەمدى بوۋاينىڭ كۆڭلىنى ھەرگىز مالامەت قىلمايچۇ، دېگەن كۈچلۈك ئىستەك تۇغۇلغانىدى . ناۋادا ئۇ قايتا سەۋەنلىك ئۆتكۈزىدىغان بولسا، دادىسىغا قارا بولغىنىنى ئاز دەپ، بالىسىنىڭ ئىستىقبالىنىمۇ قارا قىلىپ قويىدۇ . ئۆزىنىڭ ھاياتىغۇ مەغلۇپ بولغان ھايات، ۋىستانى ئۆزىدىن ئايرىۋەتكىلى بولىدۇ، ئۇ ھەرگىزمۇ ۋىستانى ئۆزىنىڭ سورىغا كەتكۈزۈپ قويماسلىقى كېرەك . مۇشۇنداق خىياللاردىن كېيىن، ئۇ «نېمىلا بولسا بولسۇن، رېستوغا جاۋاب خەت يېزىپ، ئۇنىڭغا جىمى ئىشنى ئوچۇق ئېيتقىنىم تۈزۈك» دېگەن ئويغا كەلدى .

ئەسلىدىمىغۇ ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ يەنە سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈشىنى خالىمايدىغانلىقىنى ئېيتقان ، ئۇنداق بولغاندىكىن ، ئەمدى ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ بالىسى بارلىقىنى ئېنىق ئېيتىپ ، ئۇنىڭدىن ئۆزىنى يەنە ئاۋارە قىلىۋەرمەسلىكنى ئۆتۈنسە يامىنى بولماس . شۇنىسى ئۇ كىشى جېنىنىڭ رايىغا بارارمۇ ؟ جېنىنى ئاشۇ كىشىنى ئۆزىنىڭ گېپىگە ئۇنىتالارمۇ ؟ جېنىنى گاڭگىراپلا قالدى .

مۇشۇنداق ئىقرار قىلىش جېنىنى ئۇچۇن دېمىسىمۇ ئازابلىق ئىش . شۇڭا ئۇ ئارىسالدى بولۇپ ، خەتنىڭ بېشىنى باشلا - باشلىمايلا ، ئۇنى يەنە يىرتىپ تاشلىدى . كېيىن ، تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى شۇنداق بولسا كېرەك ئېهتىمالىم ، دادىسىنىڭ ئۇشتۇمتۇت قايتىپ كېلىشى بىلەن ، بۇ ئىش بىر ياققا قايرىلىپ قالدى . دادىسى يانسى بازىرىدىكى ئەينەك زاۋۇتىدا ئېغىر يارىلىنىپ ، ئۆيىگە قايتىپ كەلگەنىدى .

گېرخاردتنىڭ خېتى ئاۋغۇستنىڭ ئاخىرلىرىدىكى بىر چارشەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن كەلدى . ئۇنىڭ خېتى ئاتا بولغۇچىنىڭ پەند - نەسىھەتلىرى بىلەن تولغان نېمىسچە يېزىقتىكى خەت ئەمەس ، ئۇنىڭغا قوشۇپ هەر هەپتىدە ئۇزمەي ئەۋەتىپ تۇرىدىغان بەش دوللارمۇ يوق ، بۇ پەقەت باشقىلارنىڭ پوچېركىسى بىلەن يېزىلغان ئاددىيغىنا بىر باغاقچە ئىدى ، ئۇنىڭدا ئۆزىنىڭ ئالدىنقى كۈنى ئەينەك قاينىتىدىغان قازان ئۆرۈلۈپ كېتىپ ئېغىر زەخىملەنگەنلىكى هەمدە ئەتە ئەتىگەندە ئۆيگە قايتىپ بارىدىغانلىقى توغرۇلۇق يېزىلغانىكەن .

— بۇ قانداق بولغىنى ؟ — ۋىليام توۋلاپ تاشلىدى .

— بىچارە دادام ! — ۋېرونىكانىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى .

گېرخاردتنىڭ ئايالى قوللىرىنى پەرتۇقىنىڭ ئارىسىغا تىقىپ ، كۆزلىرىنى پولغا تىككىنىچە ئولتۇرۇپلا قالدى .

— بۇ نېمە بولغىنى - هە ؟ — ئۇ ئالاقزادىلىك ئىچىدە نىدا قىلدى . ئېرىنىڭ مېيىپ بولۇپ قېلىشى ئېهتىمالغا يېقىن ئىدى ،

www.uyghurkitap.com

بۇنىڭدىن كېيىنكى مۇشەققەتلىك كۈنلەرنى كۆز ئالدىغا ئەكېلىشۋىدى، ئۇنىڭ يەنىمۇ ئىنچىكىلەپ ئويلاشقا رىغبىتى قالمىدى.

باس ئۆيگە سائەت ئالتە يېرىمدا قايتىپ كەلدى، جېننى سائەت سەككىزدە قايتىپ كەلدى. باس بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، قاتتىق ساراسىمىگە چۈشتى.

— ھەي! چاتاق بوپتۇغۇ! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى ئۇ، — خېتىدە يارىسىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئېغىر ئىكەنلىكىنى ئېيتماپتۇمۇ؟

— ياق، — دېدى ئاپىسى.

— ئۇنداقتا ئۇنچە ئاھ ـ ۋاھ ئۇرۇپ كەتمىسەكمۇ بولغۇدەك، — دېدى باس كۆڭلى سەل جايىغا چۈشۈپ، — تىت ـ تىت بولغان بىلەنمۇ بىكار. جاھاندا بىر باشقا چىقمايدىغان ئىش يوق. سېنىڭ ئورنۇڭدا مەن بولىدىغان بولسام، ئۇنچە تىت ـ تىت بولمىغان بولاتتىم.

ئەمەلىيەتتىمۇ، ئۇ بىر ئىشلارغا ئانچە ئۆپكىدەپ كەتمەيتتى. ئۇنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرى باشقىلارنىڭكىگە مۇتلەق ئوخشاشمايتتى. تۇرمۇش يۈكىمۇ ئۆزىگە ئېغىر بىلىنمەيتتى. كاللىسىمۇ ئانچە يوغان ئەمەس، ئۇنىڭ ئىشىنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ يەتكۈچىلىكى، ئەھۋالنىڭ ئېغىر ـ يېنىكلىكىنى مۆلچەرلىيەلىگۈچىلىكى يوق ئىدى.

— بۇنى بىلمەيمەنغۇ، — دېدى ئاپىسى ئۆزىنى زورىغا تىنچلاندۇرۇپ، — ئەمما تىت ـ تىت بولماي تۇرالامدىمەن، ئويلىمامسەن، تېخى نەچچە كۈنلا خاتىرجەم بولۇپ قىلىشۋىدۇق، بېشىمىزغا يەنە بالا ياغدى. تۇۋا، تەقدىرىمىز نېمانچە كاجدۇر ـ ھە!

كېيىن جېننى قايتىپ كەلدى. ئۇ ئاپىسىنىڭ يان تىرىكى بولغاچقا، ئاپىسى ئۇنىڭغا ئەھۋالنى ئېيتماقچى بولۇپ تۇرۇۋىدى، ئۇ ئىشىكتىن كىرىپلا، ئاپىسىنىڭ چىرايىنى كۆرۈپ:

— نېمە ئىش يۈز بەردى ، ئاپا ؟ — دەپ سورىدى ، — نېمىگە يىغلىدىڭىز ؟

ئاپىسى ئۇنىڭغا بىر قاراپ قويدىيۇ ، بېشىنى چەتكە بۇراپ ئۈندىمەي تۇرۇپ قالدى .

— دادامنىڭ قولى كۆيۈپ كېتىپتۇ ، — دېدى باس جىددىي قىياپەتتە سۆز قىستۇرۇپ ، — ئۇ ئەتە قايتىپ كېلىدىكەن .

جېننى بۇرۇلۇپ ئۇنىڭغا تىكىلدى :

— ئۇ قولىنى كۆيدۈرۈۋاپتۇما ؟

— شۇنداق بوپتۇ ، — دېدى باس .

— قانداق قىلىپ كۆيدۈرۈۋاپتۇ ؟

— ئەينەك قازىنى ئۆرۈلۈپ كېتىپ كۆيدۈرۈپ قويۇپتۇ .

جېننى ئاپىسىغا قاراپ ، ئۆزىنىڭ كۆز ياشلىرىنى تۇتۇۋالالماي قالدى ، ئېتىلىپ بېرىپ ئاپىسىنى قۇچاقلىغىنىچە :

— يىغلىماڭا ، ئاپا ، — دېدى ، — ئۆزىڭىزنى بىزەۋتە قىلمىسىڭىزچۇ ، بىلىمەن ، ئىچ - ئىچىڭىزدىن ئازابلىنىۋاتىسىز ، ئەمما بۇمۇ ھېچقانچە ئىش ئەمەس . ئەمدى يىغلىماڭ - ھە ، — شۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقىنىدا ، ئۆزىنىڭ لەۋلىرىمۇ ئىختىيارسىز تىترەپ كەتتى ، خېلى بىرھازا تىركىشىپ باققاندىن كېيىن ، ئاندىن غەيرىتىنى يىغىپ ، بۇ يېڭى بالا - قازانى ئىنچىكىلىك بىلەن خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ چىقتى . شۇ ئەسنادا ، ئۆز ئىرادىسىگە مۇخالىپ ھالدا ، بىر يېڭى پىكىر ئۇنىڭ ئېڭىغا بۆسۈپ كىردى - دە ، مۇستەھكەم ئورنىشىۋالدى . رېستوننىڭ ئۆز ئىختىيارىيلىقى بىلەن ياردەم قىلىشىغا ئەمدى قانداق پوزىتسىيە تۇتۇش كېرەك ؟ ئۇنىڭ ئاشىقلارچە قىلغان قەسىمىگە قانداق قاراش كېرەك ؟ نېمىشقىدۇ ، ھايت - ھۇيت دېگۈچىلا ، جىمى نەرسە ئۇنىڭ كۆڭۈل ئېكرانىدا قاتار تىزىلىپ بولدى . رېستوننىڭ چوڭقۇر مۇھەببىتى ، ئۇنىڭ پەزىلىتى ، ئۆزىگە ياردەم قىلىش خاھىشى ، يەنە ئۇنىڭ خەيرخاھلىقى ئەينى ۋاقىتتا باس گۈندىخانىغا كىرىپ قالغاندا براندىنىڭ ئۇنىڭغا بەخش ئەتكەنلىرى بىلەن ئوپمۇئوخشاش ئىدى .

ناھايەتكى، ئۇنىڭ پېشانىسىگە ئىككىنچى قېتىممۇ ئۆزىنى پىدا قىلىش قىسمىتى پۈتۈلگەن بولسا؟ ئەمەلىيەتتە بىر قېتىملىق بولدى، نېمە بولدى، ئىككى قېتىملىق بولدى، نېمە بولدى؟ ئۇنىڭ ھاياتى ئاللىبۇرۇنلا مەغلۇبىيەت تۇپرىقىغا قەدەم باسقان ئەمەسمىدى؟ ئۇ مۇشۇ ئىشلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەچ، سۈكۈتتە ئولتۇرغان ئاپىسىنىڭ سولغۇن، خاراموش چىرايىغا سەپسالدى.

«بىچارە ئاپام، — دېدى ئۇ ئىچىدە، — بىر ئۆمۈر رىيازەت چەكتى! ئۇنى مۇشۇ ھاياتىدا ئازغىنە بولسىمۇ ھەقىقىي شادلىققا ئېرىشتۈرەلمىسەك ئۇيات ئەمەسمۇ؟»

— مېنىڭچە ھازىر بۇنچىۋالا تىت - تىت بولۇشىمۇ ھاجەتسىز، — دېدى ئۇ بىرپەس سۈكۈتتە تۇرغاندىن كېيىن، — بەلكىم دادامنىڭ يارىسى بىزنىڭ تەسەۋۋۇر قىلغىنىمىزدىكىدەك ئۇنچە ئېغىر ئەمەستۇ. ئۇ خېتىدە ئەتە ئەتىگەندە قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى يېزىپتۇمۇ؟

— ھەئە، — دېدى ئاپىسى، ئەمدى ئۇ خېلىلا ئېسىگە كېلىپ قالغاندى.

مۇشۇنىڭدىن كېيىن، ئۇلارنىڭ گەپ - سۆزلىرى خېلى تىنچلىق تۈسىنى ئالغىلى تۇردى. جىمى پاراڭنى سېلىشىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆينىڭ ئىچىنى بىردىنلا جىمجىتلىق قاپلىدى.

— ئەتە ئەتىگەندە بىرەرىمىز ۋوگزالغا بېرىپ ئۇنىڭ ئالدىغا چىقمىساق بولماس، — دېدى جېننى باسقا، — مەن باراي. لىئانچو خانىم ئانچە كايىپ كەتمەس.

— ياق، بولمايدۇ، سەن بارما، — دېدى باس غەمكىن ھالدا، — مەن باراي.

تەقدىرنىڭ بۇ قېتىم ئۇشتۇمتۇت ئۆزگىرىشى باسنىڭ كۆڭلىنى ناھايىتى غەش قىلىپ قويدى، كۆڭلىنىڭ بىئارام بولۇپ كېتىۋاتقىنى يۈزىدىمۇ ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. بىردەمدىن كېيىن، ئۇ مەيۈس ھالدا مېڭىپ ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ ئىشىكنى ياپتى - دە، ئۇخلاشقا ياتتى. ھەممىلەن ئۇخلاشقا يېتىپ بولغاندىن

كېيىن، جېننى بىلەن ئاپىسى ئاشخانىغا كىرىپ پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى.

— ئەمدى قانداق قىلارمىز كىنتاڭ، — دېدى ئاپىسى، ئۇ بۇ ئىشنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى تەسىرىنى نەزەردە تۇتقانىدى. شۇ تاپتا ئۇ شۇ قەدەر ئاجىز، شۇ قەدەر ئىلاجسىز كۆرۈنەتتىكى، ئۇنىڭغا قاراپ، جېننى زادىلا چىداپ تۇرالمىدى.

— ئۇنچە ئەنسىرەپ كەتمىسىڭىزچۇ، جېنىم ئاپا، — ئاپىسىنى شۇ سۆز بىلەن بەزلەۋاتقىنىدا، ئۇنىڭ كۆڭلىگە بىر قارار كەچتى. ئالەمنىڭ قوينى كەڭ. ئۇنىڭدا بىراۋلار بۇزۇپ - چېچىپ ئىسراپ قىلىۋاتقان مەئىشەتمۇ ئاز ئەمەس. بۇ جاھاندا ماڭغىلى بولمايدىغان يول يوق، بەختسىزلىك ھەرقانچە ئېغىر بولغان ھالەتتىمۇ، كىشىنى تۇرمۇش كەچۈرۈش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قىلىپ قويالمايدۇ!

جېننى بىلەن ئاپىسىدا كەلگۈسى كۈنلەردىكى ئازاب - ئوقۇبەت گويا ئىبلىس چاڭگىلىنى بۇلارغا ئاشكارا سوزۇپ كېلىۋاتقاندەك بىر خىل تۇيغۇ پەيدا بولدى.

— سەن دەپ باققىنا، ئەمدى قانداق قىلساق بولار؟ — ئاپىسى يەنە سورىدى، دېمىسىمۇ، ئۇ خىيال قىلىپ كەلگەن كىلىۋېلاندتىكى بۈيۈك ئائىلە بەربات بولۇپ كېتىۋاتماقتا ئىدى.

— نېمە، — دېدى جېننى، بۇنىڭغا ئامال تېپىلىدىغانلىقى ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئايان بولۇپ بولغانىدى، — بۇ ئىشلارنىڭ كارايىتى چاغلىق. مەنغۇ ئۇنچە بىئارام بولۇپ كەتمەيمەن. ھامىنى بىر چارىسى تېپىلىدۇ. بەرىبىر ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالمايمىز.

ئۇ شۇ تاپتا، تەقدىرنىڭ بۇ مۇشكۇلاتتىن قۇتۇلدۇرۇش بۇرچىنى ئۆزىنىڭ زىممىسىگە يۈكلىگەنلىكىنى ئېنىق تونۇپ يەتتى. ئۇ ئۆزىنى يەنە پىدا قىلىشى كېرەك؛ بۇنىڭدىن ئۆزگە چارىمۇ يوق.

ئەتىسى ئەتىگەندە، باس ۋوگزالغا بېرىپ، دادىسىنى كۈتۈۋالدى. دادىسىنىڭ چىرايى ئاپئاق تاتىرىپ، ئېغىر كېسەل

تارتقان ئادەمنىڭكىگە ئوخشاپ قالغانىدى . چاۋىغايلىرى ئىچىگە تارتىلىپ ، ياڭاق سۆڭىكى چوقچىيىپ چىقىپ قاپتۇ . ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىككىلا قولى داكا بىلەن قېلىن تېڭىۋېتىلگەن . قاتتىق ئازاب چېكىۋاتقىنى چىرايىدىن ئېنىق چىقىپ تۇرۇپتۇ . ۋوگزالدىن ئۆيگە يېتىپ بارغۇچە ، يولدا ئۇچرىغانلىكى كىشى ئىختىيارسىز توختاپ ، ئۇنىڭغا قاراشتى .

— بۇنداق بولۇشىنى كىم بىلىدى دەيسەن ، — دېدى گېرخاردت ئوغلىغا ، — قولۇم كۆيۈپ قالدى . بۇنداق ئاغرىققا چىدىغىلى بولمايدىكەن ، ۋاي ، شۇنداق ئاغرىيدىكەنكى ، ۋاي ، ۋاي ، شۇنداق ئاغرىيدۇ ! بۇنداق بولۇشىنى كىم بىلگەن دەيسەن ، ئۆمۈرۋايەت ئۇنتۇلمىغۇدەك ئىش بولدى ، — ئۇ بۇ پېشكەللىكنىڭ جەريانىنى سۆزلەپ كېلىپ ، يەنە ، — بىلمىدىم ، قوللىرىم بۇنىڭدىن كېيىن كېرەككە كېلەرمۇ ، — دېدى . ئۇنىڭ ئوڭ قولىنىڭ باش بارمىقى بىلەن سول قولىنىڭ باش ۋە بىگىز بارماقلىرى كۆيۈپ سۆڭىكى ئېچىلىپلا قاپتۇ . سول قولىنىڭ ئىككى بارمىقى ئۇگىسىدىن كېسىپ تاشلىنىپتۇ . ئوڭ قولىنىڭ باش بارمىقىنى ساقلاپ قالغىلى بولسىمۇ ، ھەر ئىككىلا قولىنىڭ قېتىپ قېلىش خەۋپى بار ئىدى .

— بۇنداق بولىدۇ ، دەپ كىم ئويلىغان ! — دېدى ئۇ يەنە ، — قېرىشقاندەك ، پۇل تازا كېرەك بولۇۋاتقان چاغقا توغرا كەلگىنىنى قارىمامسەن ، چاتاق بولدىغۇ ! تازىمۇ چاتاق بولدى دېگىنە !

ئۇلار ئۆيگە يېتىپ كېلىشتى ، ئايالى ئىشىكنى ئاچتى . ئۇ ئايالىنىڭ ئىچى ئاغرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ ، يىغلاپ تاشلىدى . ئايالىمۇ ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ ھازا ئاچتى . باسمۇ ئۆزىنى تۇتالماي ، يىغلاي - يىغلاي دېدىيۇ ، يەنە تېزلا ئەكسىگە ياندى . باشقا باللار يىغا - زار قىلىشىپ كېتىۋىدى ، باس ئۇلارنى يىغىدىن توختاتتى .

— بولدى ، بولدى ، يىغلىماڭلار ، — دېدى ئۇ نەسىھەت

قىلىپ، — يىغلىغاندىن نېمە چىقىدۇ؟ بۇ ئىشنىڭ كارايىتى چاغلىق. بۇمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ. كۆنمىزنى يەنە ئۆتكۈزۈپ كېتەلەيمىز.

باسنىڭ سۆزى ۋاقتىنچە تەسەللى بېرىش كۆچىگە ئىگە ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېرىمۇ ئەمدى ئۆيگە قايتىپ كېلىۋالدى، شۇڭا گېرخاردتىنىڭ ئايالى دەررۇ تىنچلاندى. ئېرى قولى تېڭىقلىق بولغىنى بىلەن، يەرنى دەسسەپ ماڭالايدۇ - دە. ھېلىمۇ ياخشى باشقا يېرى كۆيۈپ قالماپتۇ، بۇنىڭغىمۇ شۈكۈر دېيىش كېرەك. ئۇ بەلكىم قوللىرى ئەسلىگە كېلىپ، بۇرۇنقىدەكلا يېنىك ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ يۈرەلىگۈدەك بولۇپ قالار. قىسقىسى، ئۇلار ئىشنى ياخشى تەرەپكە جورۇپ ئويلاشتى.

جېننى ئۆيگە كەچقۇرۇنلۇقى قايتىپ كەلدى، ئەسلى ئۇ يۈگۈرۈپ دادىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۆزىنىڭ جىمىكى سەممىيلىكىنى ۋە مېھىر - مۇھەببىتىنى دادىسىغا ھەدىيە قىلماقچى بولغانىدى، لېكىن دادىسىنىڭ ئىلگىرىكىدەكلا سالقىن قارىشىدىن ھېيىقتى.

شۇ تاپتا گېرخاردتىنىڭمۇ كۆڭلى پەرىشان ئىدى. قىزىنىڭ كەلتۈرگەن ھاقارىتى ئۈچۈن، ئۇ ھېلىھەم ئۆكۈنەتتى، گەرچە ئاچچىقىدىن يېنىش ئويىغا كەلگەن بولسىمۇ، كۆڭلى بىسەرەمجان بولغاچقا، زادى نېمە دېيىشىنى، نېمە قىلىشىنى بىلمەي قالغانىدى.

جېننى ئەيمىنىپرەك دادىسىغا يېقىنلىشىپ:

— دادا! — دەپ چاقىردى.

گېرخاردتىنىڭ چىرايىدا ئالاقزادىلىك ئالامىتى ئەكس ئەتتى. بىرنەچچە ئېغىز چىرايلىق گەپ قىلىشنى ئويلىدىيۇ، لېكىن ئاغزىدىن چىقىرالمىدى. بىر تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئېسىگە ئالدى، يەنە بىر تۇرۇپ، قىزىنىڭ قايغۇرۇۋاتقىنىنى ھەم ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ھېسسىياتىنىڭ ئىنكاسىنى سېزىپ، چىديالماي قالدى - دە، كۆڭلى بوشاپ، ئىختىيارسىز يىغلاپ

www.uyghurkitap.com

تاشلىدى .

— مېنى ئەپۇ قىلىسىڭىز ، دادا ، — جېنى يالۋۇردى، — مەن سىزگە يۈز كېلەلمەيمەن ، ئاھ ، ھەقىقەتەن سىزگە يۈز كېلەلمەيمەن .

ئەسلىدە گېرخاردتنىڭ جېنىنىڭ يۈزىگە قاراشقا ھېچ رايى يوق ئىدى ، بىراق ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقاندىكى بىردەملىك ھېسسىياتنىڭ لەرزىگە سېلىشى بىلەن ، ئۇنى ئەپۇ قىلىش كاللىسىدىن ئۆتتى ، دېمىسىمۇ ئۇنى ئاللىبۇرۇنلا ئەپۇ قىلىۋەتكەنىدى .

— مەن دۇئا قىلغانىدىم ، — ئۇ سۆزىنى بىر توختىتىۋېلىپ داۋام قىلدى ، — ئەمدى ئوبدان بولدى .

كېيىن ئۇ يەنە ئۆز ئەكسىگە يېنىپ ، ئۆزىنىڭ بۇ خىل كەيپىياتىدىن نومۇس قىلىپ قالدى ، ئەمما بۇ چاغدا ھېسداشلىق ۋە ئەپۇچانلىق تۇيغۇسى ئۇنىڭ قەلبىدە مەھكەم ئورۇن ئالغانىدى . شۇ چاغدىن ئېتىبارەن ، ئاتا بىلەن قىز ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى زور چۇشىنىشمەسلىكنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى دېمىگەندە ، گېرخاردت ئەمدى ئۇنى قىزىم ئەمەس دەپ قارىمايدىغان بولدى . جېنىمۇ دادىسىغا قىز بالىغا خاس ساپ مېھرىنى ئىلگىرىكىدەكلا بېغىشلاشقا تىرىشتى .

بۇ كۈنلەردە ، بىر ئائىلە كىشىلىرى تىنچلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋالغان بولسىمۇ ، لېكىن باشقا غەم - ئەندىشىلەر ھەم مۇشكۈلچىلىكتىن خالىي بولالمىدى . ئۇلارنىڭ خام چوتىدىكى ھەر ھەپتىدە كىرىدىغان بەش دوللار كىرىم ئازايدى ، گېرخاردتقا كېتىدىغان چىقىم كۆپەيدى . ئۇلار ئەمدى كۈنىنى قايسى تەرىقىدە ئۆتكۈزۈشەر ؟ باس ئەسلىي ھەر ھەپتىلىك كىرىمىدىن كۆپرەك سەرپ قىلىپ ئائىلىنى قامدىسا بولاتتى ، شۇنىسى ئۇ بۇ مەجبۇرىيەتتىن باش تارتىدىغان بولۇپ قالدى . شۇڭا ، ھەر ھەپتىدە كىرىدىغان توققۇز دوللار كىرىم بىلەن بىر ئامالالاپ ئۆي ئىجارىسى ، يېمەك - ئىچمەك ۋە كۆمۈرنىڭ غېمىنى قىلىشقا توغرا

كەلدى، ياندىن قوشۇلۇپ بېرىۋاتقان باشقا چىقىملاردىن ئېغىز ئېچىشقۇ ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، لېكىن دەل مۇشۇ ياندىن قوشۇلغان چىقىملار كەينى - كەينىدىن قىستاپ كېلىپ، بۇلارنى قىيناپ قويدى. گېرخاردتقا ھەر كۈنى دوختۇرغا كۆرۈنۈپ، دورا يەڭگۈشلىتىپ قولىنى تاڭدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. گېئورگىغا يېڭى ئاياغ سېتىۋېلىش كېرەك. قايسى مەنبەدىن تېخىمۇ كۆپرەك كىرىمگە ئېرىشكىلى بولاركىنتاڭ. بىراۋدىن پۇل قەرز ئېلىپ يەنە يېڭىباشتىن ئىلگىرىكىدەك ئاھانەتكە قېلىشى كېرەك، شۇ. مۇشۇ ھالەت جېننىنىڭ كۆڭلىدە يېرىم - يارتا شەكىللەنگەن قارارنى راسا ۋايىغا يەتكۈزدى.

رېستونىڭ خېتىگە تېخى جاۋاب قايتۇرۇلمىغانىدى. ئۇنىڭ بەلگىلەپ بەرگەن كۈنىمۇ يېقىنلىشىپ قالدى. ئۇنىڭغا قانداق جاۋاب قايتۇرۇش كېرەك؟ ئۇ جېننىلارغا ياردەم قىلىشى مۇمكىن. ھېلىقى چاغدا ئۇ جېننىغا پۇل بېرىمەن، دەپ كىرىشىپلا قالغان ئەمەسمىدى؟ ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، جېننى ئاخىر مۇشۇنداق خالىس ياردەمدىن ھەقلىق يوسۇندا پايدىلىنىش قارارىغا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ رېستوغا قىسقىغىنا خەت يازدى. خېتىدە ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ ئۆتۈنۈشى بويىچە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۇشكە رازى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، لېكىن بىزنىڭ ئۆيگە كەلمىسىڭىز، دەپ يازدى. بۇ خەتنى پوچتىدىن سېلىۋەتكەندىن كېيىن، ۋەھىمە ۋە ئۈمىد ئارىلاش تۇيغۇ ئىلكىدە، ئۆز تەقدىرىگە باغلىق بولغان ئاشۇ كۈننىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇردى.

## 22

قارغىش تەگكۈر جۈمە كۈنى يېتىپ كەلدى. جېننى ئۆزىنىڭ بىر خىل رىتىم بىلەن داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان تۇرمۇشىدا پەيدا بولغان، قارشىلاشقىلى بولمايدىغان بۇ يېڭى غوۋغاغا روبىرو

بولماقچى . ئەمدى بۇنىڭدىن باشقا يول يوق ئىدى . ئۇنىڭ پۈتكۈل ھاياتى مەغلۇبىيەتكە مەھكۇم بولغان تۇرسا ، يەنە كۈرەش قىلىمەن دەپ نېمىمۇ قىلار ؟ ئەگەر ئۆز ئائىلىسىدىكىلەرنى شادىمانلىققا ئېرىشتۈرەلىسە ، ۋىستانى ئوبدانراق تەربىيىگە ئىگە قىلالىسا ، ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى تارىخىنى يېپىپ كېتەلىسە ، ۋىستانى پىنھان تۇتالىسىچۇ . . . ئىھتىمال ، ئىھتىـــمال . . . ھە ، نېمە بوپتۇ ، پۇلدارلار نامرات ئاياللارغا ئۆيلىنىدىغان ئىشلار ئىلگىرىمۇ بولۇپ ئۆتكەنغۇ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە رېستومۇ ناھايىتى مۇلايىم كىشى ، ئۇ جېنىنى جەزمەن ياخشى كۆرىدۇ . جېنىنى شۇ كۈنى سائەت يەتتىدە لېئانچو خانىمنىڭكىگە ئىشلىگىـــــلــــى باردى ؛ چۈش بولغاندا ئايپىسىنىڭ بىر ئىشنى بۇيرۇغانلىقىنى باھانە قىلىــپ رۇخسەت سوراپ چىقتى ـ دە ، ئۇدۇل سارايغا جۆنىدى .

رېستو سىنىسىنىناتىدىن بىــرنەچچە كۈن ئاۋۋاللا كېتىـــــپ قالغانىدى ، شۇڭا جېنىنىنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇۋالمىدى . كلېۋېلاندقا يېتىپ كەلگىنىدە ، ئۇنىڭغا خۇددى بۇ جاھانىنىڭ ئىشلىرى ئۆز ئەھمىيىتىنى يوقاتقاندەك بىلىندى . شۇنداقتىمۇ ئۇ جېنىنىنىـــڭ خېتى مېھمانخانىدا كۈتۈپ تۇرغاندۇ ، دەپ ئويلىدى . بىراق ، بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن ھېچقانداق خەۋەرنىڭ يوقلۇقى مەلۇم بولدى . ئۇغۇ ئوڭايلا بەل قويۇۋېتىدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى . ئەمما شۇ كۈنى ئاخشىمى بەكمۇ مەيۈسلەندى ، پەرىشان ھالەتتە ، ئۆز خانىسىغا كىرىپ ، كىيىمىنى يەڭگۈشلەپ چىقتى . كەچكى غىزادىن كېيىن كۆڭلىدىكى غەشلىكنى تارقاتماقچى بولۇپ ، بىــرنەچچە ئاغىنىسى بىلەن بىليارت ئوينىدى ، ئاندىن ئۇلار بىلەن بولۇشىغا ئىچىشكەندىن كېيىن خانىسىغا قايتىپ كەلدى . ئەتىسى ، باشتا بۇ ئىشنى مۇشۇنىڭ بىلەن بولدى قىلىۋېتىش نىيىتىدە بولغانىدى ، ئەمما بەلگىلەنگەن ئۇچرىشىش ۋاقتى يېتىپ كېلىشكە ئاز قالغاندا ، بۇ ئاخىرقى پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويماپچۇ ، دېگەن ئوي يەنە كاللىسىغا كىرىۋالدى ـ دە ، جېنىنى كېلىپ قالارمىكىن ، دېگەن تەمەدە ، دېگەن ۋاقىتتىن چارەك سائەت ئىلگىــرى تۆۋەنكـــى

قەۋەتتىكى مېھمان كۈتۈش زالىغا چۈشتى . جېنىنىڭ بۇ يەردە ئۇنى كۈتۈپ ساپادا ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ ، قەلبى ئالەمچە شادلىققا چۆمدى . دېمەك ، جېنىنى سۆزسىز بويۇن ئەگدى دېگەن گەپ . رېستو ئالمان ـ تالمان ئۇنىڭ ئالدىغا باردى ، چېھرىدە رازىمەنلىك ھەم مىننەتدارلىق تەبەسسۇمى ئوينايتتى .

— ئاخىر كەپسىز ـ دە ، — ئۇ خۇددى يىتتۈرۈپ قويغان نەرسىسىنى قايتا تېپىۋالغاندەك ، جېنىنىغا ئاچ كۆزلۈك بىلەن تىكىلدى ، — ماڭا خەت يازمىغىنىڭىز نېمىسى؟ مەن تېخى سىزنى ماڭا ئېرەنشىمەيۋاتقاندىكىن ، چوقۇم كەلمەيدۇ ، دەپ ئويلاپتىكەنمەن .

— مەن خەت يازغان ، — دېدى جېنىنى .

— قەيەرگە قارىتىپ يازغاندىڭىز؟

— سىزنىڭ بەرگەن ئادرېسىڭىزغا . خەتنى بۇنىڭدىن ئۈچ كۈن ئاۋۋال يازغاندىم .

— ئۇنداقتا توغرا ، خەت كېچىكىپ قاپتۇ . بالدۇرراق يازغان بولسىڭىزچۇ . ئۆزىڭىز ئوبدان تۇرغانسىز؟

— خۇداغا شۈكۈر ، يامان ئەمەس تۇردۇم ، — دېدى جېنىنى .

— بىراق چىرايىڭىز بۆلەكچىلا تۇردۇغۇ! — دېدى رېستو ، — سىزنى غەم بېسىۋالغاندەك قىلىدۇ . زادى نېمە ئىش بولدى ، جېنىنى؟ ئائىلىڭىزدە بىرەر كېلىشمەسلىك يۈز بەرمىگەندۇ ، ھە؟

بۇ تاسادىپىي سوئال بولدى . رېستونىڭ ئۆزىمۇ نېمىشقا مۇشۇنداق سورىغانلىقىنى دەپ بېرەلمەيتتى . بىراق مۇشۇ سوئال جېنىنىڭ ئاغزىغا گەپ سېلىپ بەردى .

— ئاتام كېسەل بولۇپ قالدى ، — دېدى ئۇ .

— نېمە كېسەل؟

— ئۇ ئەينەك زاۋۇتىدا قولىنى كۆيدۈرۈۋاپتۇ . ھەممەيلەن سارالىسىمگە چۈشۈپ ئېسىمىزنى يوقىتىپ قويايلا دېدۇق . قارىغاندا ، ئۇنىڭ ئىككى قولى ناكار بولۇپ قالىدىغان ئوخشايدۇ .

ئۇ گېپىنى توختىتىۋالدى . ئۇنىڭ چىرايىدىكى قايغۇ ئالامەتلىرىنى كۆرۈپ ، رىستو ئۇنىڭ تازا تەڭقىسلىقتا قالغىنىنى پەملىدى .

— ئۇنداقتا چاتاق بوپتۇغۇ ، — دېدى ئۇ ، — تازىمۇ چاتاق بوپتۇ . بۇ قاچان بولغان ئىش ؟

— بۇنىڭغىما ، ئۈچ ھەپتە بولۇپ قالدىغۇ دەيمەن .

— تازىمۇ چاتاق بوپتۇ . ھوي ، بىز ئىچكىرى كىرىپ غىزالىنىۋالمايلىمۇ . مەن سىز بىلەن ئەھۋاللاشماقچىدىم . سىزدىن ئايرىلغاننىڭ ياقى ئەس ـ يادىم ئائىلىڭىزدىكى ئىشلاردىن خەۋەر تېپىشتىلا بولدى ، — ئۇ سۆزلىگەچ ، جېننىنى تاماق زالىغا باشلاپ ئەكىرىپ ، خالىي بىر ئۈستەلنى تاللاپ ئولتۇردى ، ئۇ جېننىنى غىزا بۇيرۇتۇشقا تەكلىپ قىلدى ، مۇشۇ باھانىدە جېننىنىڭ كۆڭلىدىكى تەشۋىشنى كۆتۈرۈۋەتمەكچى بولغانىدى ، ئەمما جېننىنىڭ بۇنىڭغا نەدىمۇ ھەپسىلىسى بولسۇن ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئىزا تارتىپ ، قورۇنۇپ ئولتۇراتتى . شۇڭا رىستو غىزانى ئۆزى بۇيرۇتۇپ ، ئاندىن جېننىغا يېقىملىق نەزىرى بىلەن تىكىلدى .

— ئەمدى ، جېننى ، — دېدى ئۇ ، — ماڭا ئائىلىڭىزنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىڭ . ئۆتكەندە ئازراق ئاڭلاپ قالدىم ، ئەمما ئېنىق بىلىشىم كېرەك . سىز دادىڭىزنى ئەينەكچىلىك قىلىدۇ ، دەپ تونۇشتۇرۇۋىدىڭىز ، ھازىر ئۇ ئىشتىن توختاپ قاپتۇ . بۇنىسى ئېنىق .

— شۇنداق ، — دېدى جېننى .

— سىلەر قانچە بالا ؟

— ئالتە .

— سىز بالىلارنىڭ چوڭىمۇ ؟

— ياق ، ئاكام سىباستىئون ھەممىدىن چوڭى . ئۇ يېقىندا ئىككى ياشقا كىردى .

— ئۇ نېمە ئىش قىلىدۇ ؟

— سىگارت دۇكىنىدا ئىشلەيدۇ .

— ئۇنىڭ قانچىلىك پۇل تاپىدىغانلىقىنى بىلەمسىز ؟
— مېنىڭچە ئون ئىككى دوللار بولسا كېرەك ، — ئۇ سەل ئويلىنىۋېلىپ جاۋاب بەردى .
— باشقا باللارچۇ ؟
— مادا بىلەن ۋېرونىكا ئىشلىمەيدۇ ، ئۇلار تېخى كىچىك . ئىنىم گېئورگى ۋىلسون دۇكىنىدا ماللارنىڭ كىرا پۇلىنى يىغقۇچى شاگىرت بولۇپ ئىشلەيدۇ ، ھەپتىسىگە ئۈچ يېرىم دوللار تاپىدۇ .
— سىز قانچە ھەق ئالىسىز ؟
— تۆت دوللار ئالىمەن .
رېستو ئۇلارنىڭ ئائىلىسىنىڭ جەمئىي كىرىمىنى كۆڭلىدە ھېسابلاپ چىققاندىن كېيىن :
— ئۆي ئىجارىسىگە قانچە تۆلەيسىلەر ؟ — دەپ سورىدى .
— ئون ئىككى دوللار .
— ئاپىڭىز قانچە ياشقا كىردى ؟
— ئەللىككە يېقىنلاشتى .
رېستو قولىدا ۋىلكىنى ئايلاندۇرۇپ ئولتۇراتتى ، كۆڭلىدە سەممىي پىكىرلەر كېزىشكە باشلىدى .
— سىزگە ئېيتسام ، ئائىلىڭىزنىڭ ئەھۋالىنى مەنمۇ شۇنداقراقمىكىن دەپ تەسەۋۋۇر قىلغانىدىم ، جېنىي ، — دېدى ئۇ ، — سىلەر ئۈچۈن خېلىلا باش قاتۇرغانىدىم ، مانا ئەمدى ھەممىنى چۈشەندىم . سىزنىڭ بۇ مەسىلىڭىزنىڭ جاۋابى بىرلا ، يەنە كېلىپ ئۇ يامان جاۋاب ئەمەس ، سىزلا گېپىمگە ئىشىنىدىغان بولسىڭىز ، — ئۇ ، جېنىي بۇنىڭ جاۋابى نېمە دەپ سورامدىكىن دەپ ، گېپىنى بىرپەس توختىتىۋالدى ، بىراق جېنىي سورىمىدى . ئۇنىڭ پىكىر - خىيالى تامامەن ئۆزىنىڭ موھتاجلىقى بىلەن بەند ئىدى .
— بۇنى بىلگۈڭىز كېلەمدۇ ؟ — رېستو سورىدى .
— ھەئە ، — ئاڭسىزلارچە جاۋاب بەردى جېنىي .

— مەسلىنىڭ جاۋابى — مەن ، — دېدى رېستو ، — سىز مېنىڭ سىزگە ياردەم قىلىشىمغا يول قويۇشىڭىزنى كېرەك . ئۆتكەندە سىزگە ياردەم قىلماقچى بولغانىدىمغۇ ؟ ئەمدى مېنىڭ ياردەم قىلىشىمغا يول قويۇڭ ، ئۇقتىڭىزمۇ ؟

— ئۆتكەندە سىزنىڭ ياردىمىڭىزنى قوبۇل قىلماسلىق ئويىدا بولغانىدىم ، — دېدى جېننى سادىدىلىق بىلەن .

— كۆڭلىڭىزدىكىنى چۈشىنىمەن ، — دېدى رېستو ، — ئۆتكەن ئىشلارنى قايتا ئېغىزغا ئالمايلى . مېنىڭ ئائىلىڭىزگە ياردەم قىلغۇم بار ، ئۇنىڭ ئۈستىگە نېمىنى نىيەت قىلغان بولسام ، شۇنى دەررۇ روياپقا چىقىرىشىنىمۇ خالايمەن .

ئۇ يانچۇقىدىن پۇل قاپچۇقىنى چىقىرىپ ، ئۇنىڭدىن ئون دوللارلىق ، يىگىرمە دوللارلىق پۇلدىن بىرمۇنچىنى سۇغۇرۇۋالدى ، ھەممىسى ئىككى يۈز ئەللىك دوللار ئىدى .

— مەڭ ، ئېلىڭ ، — دېدى ئۇ ، — بۇ تېخى ئىشنىڭ باشلىنىشى . بۇنىڭدىن كېيىن ئائىلىڭىزدىكىلەرگە يوقسۇزلۇقنىڭ دەردىنى تارتقۇزمايمەن . قېنى ، ئەكېلىڭە قولىڭىزنى .

— ۋيەي ، ياق ، — دېدى جېننى ، — ئۇنچىلىك كۆپ پۇل كېرەك ئەمەس ئىدى . ماڭا ھەممىسىنى بېرىۋەتمەڭ .

— ئېلىڭ ، — دېدى رېستو ، — قولۇمنى ياندۇرماڭ . قېنى ، قولىڭىزنى ئەكېلىڭچۇ .

جېننى ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى بۇيرۇق ئىپادىسىگە بويسۇنۇپ قولىنى ئۇزىتىۋىدى ، رېستو پۇلنى ئۇنىڭ ئالىقىنىغا سىقىملىتىپ قويۇپ ، قولىنىڭ دۈمبىسىنى بوشقىنا چىمدىپ قويدى .

— ئېلىڭ ، جېنىم ، سىزگە ئاشىقمەن ، قىزچاق . سىزنىڭ ئازاب چېكىشىڭىزگە چىداپ تۇرالمايمەن ، ھەرقانداق ئادىمىڭىزنىڭ ئازاب چېكىشىنىمۇ خالىمايمەن .

كۆزلىرىدە مىننەتدارلىق ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرغان جېننى لېۋىنى چىشلىگەن ھالدا :

— سىزگە قانداق رەھمەت ئېيتسام بولاركىن ، — دېدى .

— ماڭا رەھمەت ئېيتمىشىڭىز بىھاجەت ، — دېدى رىستو ، — رەھمەتنى مانا مەن سىزگە ئېيتسام بولىدۇ . . . ماڭا ئىشىنىڭ ، بولامدۇ ؟

ئۇ گېپىنى توختىتىپ ، جېنىنىغا تىكىلدى ، جېنىنىنىڭ رۇخسارىدىكى گۈزەللىك ئۇنى بىرپەس خىيالغا چۆكتۈردى . جېنىنى كۆزلىرىنى ئۇستەلگە تىككىنىچە ، گەپنىڭ ئاخىرى نەگە بېرىپ توختايدىغانلىقىغا زەن سېلىپ ئولتۇراتتى .

— ئىشىڭىزدىن بوشىنىپ ئۆيدە ئولتۇرسىڭىز ، قانداق ؟ — دەپ سورىدى رىستو ، — مۇشۇنداق بولغاندا كۈندۈزدىمۇ ئەركىن بولالايسىز .

— بۇ مۇمكىن ئەمەس ، — دېدى جېنىنى ، — دادام قوشۇلمايدۇ . ئۇ مېنى ئىشلىسۇن دەيدۇ .

— بۇ گەپقۇ دۇرۇس ، — دېدى رىستو ، — ئەمما سىزنىڭ تاپىدىغان پۇلىڭىز بەك ئازكەن ئەمەسمۇ . ۋاي ، خۇدايىمەي ! بىر ھەپتىدە تۆت دوللار ! مەن سىزگە ئەللىك ھەسسە كۆپ پۇل بېرىمەن ، پەقەت ئۇنى خەجلەشنىڭ ئامالىنى قىلالايدىغانلا بولسىڭىز ، — ئۇ ئۇستەلنى پەرۋاسىزلىق بىلەن چېكىپ ئولتۇراتتى .

— ئۇنداق قىلالمايمەن ، — دېدى جېنىنى ، — قانداق خەجلەشنى ھەم بىلمەيمەن . ئۇلار مەندىن گۇمان قىلىپ قالىدۇ . مەن ئاپامغا دەپ باقاي .

بۇ گەپتىن رىستو ئۇنىڭ بىلەن ئاپىسى ئوتتۇرىسىدا مەلۇم ھېسداشلىق باغلىنىشى بارلىقىنى چۈشەندى ، مۇشۇنداق ئىشىنىمۇ ئاپىسىدىن يوشۇرغۇسى كەلمەيدىكەن ـ دە . رىستومۇ باغرى قاتتىق كىشىلەردىن ئەمەس ، شۇڭا بۇ تەرىپىنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ، سەل تەسىرلىنىپ قالدى . ئەمما ئۇنىڭ ئۆز نىيىتىدىن زادىلا يانغۇسى يوق ئىدى .

— مېنىڭچە بولغاندا ، مۇنداق بىرلا چارە بار ، — ئۇ ناھايىتى مۇلايىملىق بىلەن سۆزىنى داۋام قىلدى ، — سىز ھازىرقى بۇنداق

ئىشنى قىلىشقا لايىق ئەمەسسىز . سىز تولىمۇ نازاكەتلىك قىزسىز . مەن بۇنداق ئىشنى قىلىشىڭىزغا قارشى . ئۇنىڭدىن بۇشىنىپ ، مەن بىلەن نيۇيوركقا كېتىڭ ، مەن سىزنىڭ هالىڭىزدىن ئوبدان خەۋەر ئالىمەن . سىزنى ياخشى كۆرىمەن هەم سىزگە موهتاجمەن . ئائىلىڭىزنىڭ ئىشىغا كەلسەك ، ئۇ توغرۇلۇق بۇنىڭدىن كېيىن غەم قىلمىسىڭىزمۇ بولىدۇ . سىز ئۇلارغا چىرايلىق ئۆيدىن بىرنى تېپىپ ، ئۇنى ئوبدانراق سەرەمجانلاشتۇرۇپ بەرسىڭىز بولىدۇ ، قانداق شەكىلدىكى جاهاز كېرەك ، ئۇنى ئۆزىڭىز تاللايسىز . مۇشۇ چارە بولامدۇ ؟

رېستوننىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، جېنىنىنىڭ ئوي - خىيالى شۇئان ئاپىسىغا — سۆيۈملۈك ئاپىسىغا ئاغدى . ئاپىسىنىڭ بىر ئۆمۈر ئارزۇلاپ يۈرگىنى دەل مۇشۇ نەرسە — چىرايلىق بىر يۇرۇش ئۆي ئىدى . ئەگەر ئۇلار چوڭراق ئۆيگە ئېرىشىپ ، ئۇنى ئوبدانراق جابدۇۋالىغان بولسا ، ئۇلارنىڭ كۆچەت تىككىلى بولغۇدەك چوڭراق هويلىسى بار بولىدىغان بولسا ، ئاپىسى قانچىلىك يايراپ كەتكەن بولار ئىدى - هە ! مۇشۇنداق بىر ئۆيى بولىدىغان بولسا ، ئۇ ئۆي ئىجارىسىنىڭ غېمىنى يەپ يۈرمىگەن ، ئەسكىرەپ جۇلۇقى چىقىپ كەتكەن ئۆي سەرەمجانلىرىنى ئىشلىتىپ يۈرمىگەن ، نامراتلىقنىڭ دەردىنى تارتمىغان بولاتتى . ئۇ جەزمەن خۇشال بولىدۇ . جېنىنى رېستوننىڭ خۇددى ئۆزىنىڭ خىيال دۇنياسىغا ئوغرىلىقچە ئۇسۇپ كىرمەكچى بولغاندەك ، ئۆتكۈر كۆزلىرىنى تىكىپ تۇرغىنىنى سېزىپ ، دەماللىققا گېپىنى تاپالماي قالدى ، رېستومۇ غايەت زور بىر كۈچنىڭ رول ئويناپ قالغانلىقىنى سەزدى . بۇ ئىشنى ئوڭغا تارتىشنىڭ بەلگىسى — ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە چىرايلىق ئۆي هەدىيە قىلىش بېشارىتى ئىدى . ئۇ بىرنەچچە مىنۇت تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ، يەنە :

— ئەمىسە شۇنداق بولسۇن ، مېنىڭ دېگىنىمدەك قىلىڭ ، ماقۇلمۇ ؟ — دېدى .

— بۇغۇ تولىمۇ بەلەن گەپ بولدى ، — دېدى جېنىنى ، —

براق مەن هازىرچە ئۇنداق قىلالمايمەن . مەن ئۆيدىن ئايرىلالمايمەن . دادام مېنىڭ نەگە بارىدىغىنىمنى سۈرۈشتە قىلىدۇ . ئۇنىڭغا نېمىدەپ جاۋاب بېرىشىمنىمۇ بىلمەيمەن .

— سىز ئۇلارغا بىر باھانە كۆرسىتىپ ، لېئانچو خانىم بىلەن بىللە نيۇيوركقا بارىدىكەنمەن دېسىڭىزلا بولمىدىمۇ ؟ — دېدى ئۇ ئەقىل كۆرسىتىپ ، — بۇنىڭغىمۇ قارشى تۇرماس ، قانداق دېدىم ؟

— ئۇلار سۈرۈشتە قىلمىسىغۇ مەيلى ، — جېننى ئالاقزادىلىككە چۈشۈپ ، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ قارىدى ، — ئەمما سۈرۈشتە قىلىپ قالسىچۇ ؟

— سۈرۈشتە قىلالمايدۇ ، — دېدى رېستو ، — ئۇلار لېئانچو خانىمنىڭ ئىشىنى سۈرۈشتە قىلالمايدۇ . خەقلەرنىڭ خېنىملىرى دائىم دېدەكلىرىنى بىرگە ئېلىپ ئۇزاق سەپەرگە چىقىشىدۇ . سىز ئۇلارغا : لېئانچو خانىم مېنى بىللە ئەكېتىدىكەن ، بارمىسام بولمايدىكەن ، شۇڭا بارىدىغان بولدۇم ، دېسىڭىز بولمىدىمۇ ؟

— مەن مۇشۇنداق قاملاشتۇرۇپ دېيەلەرمەنمۇ ؟

— ئەلۋەتتە دېيەلەيسىز ، — دېدى رېستو ، — بۇنىڭ ئەجەبلەنگۈدەك نېمىسى بار ؟

جېننى بىرپەس شۈك بولۇپ قالدى ، بۇ پىلانمۇ بولىدىغاندەك قىلىدۇ ، دەپ ئويلىدىيۇ ، يەنە «لاپ» قىلىپ ئۇنىڭغا قارىدى ، بۇ كىشى بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈپ يۈرگەندىن كېيىن ، ئۆزىنىڭ يەنە بالىلىق بولۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىشىنىڭ قىيىن بولىدىغانلىقى ئېنىق . بالا تۇغۇشنىڭ تراگېدىيىسى بىردىنلا ئۇنىڭ يادىغا كېچىپ قالدى . . . ئاھ ، بۇ يولنى ئەمدى بېسىشقا بولمايدۇ ، ھېچبولمىغاندا ئوخشاش ئەھۋالدا . ئۇ ۋىستانىڭ ئىشىنى بۇ كىشىگە ئېيتالمايدۇ ، شۇنداقتىمۇ بۇنداق قۇتۇلغىلى بولمايدىغان قىيىنچىلىقنى بۇ كىشىگە دەپ قويماىمۇ بولمايدۇ .

— مەن . . . — ئۇ مۇشۇ گەپنى ئاغزىدىن ئاران چىقىرالىدىيۇ ، يەنە توختىۋالدى .

— ھە ، — دېدى رېستو ، — نېمە ، مەن ؟

www.uyghurkitap.com

— مەن ، — جېننى يەنە توختاپ قالدى .

رېستو ئۇنىڭ مۇشۇنداق تارتىنچاقلىقىنى ، كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان يېقىملىق قىياپىتىنى ياقتۇراتتى .

— نېمە ، جېننى ؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئۇنىڭغا مەدەت بەرگەن قىياپەتتە ، — تازىمۇ قىزىقكەنسىز ـ دە . ماڭا ئېيتىسىغىز بولمامدىكەن ؟

جېنىنىنىڭ قولى ئۈستەلگە قويۇقلۇق ئىدى ، رېستو ئالدىغا ئېڭىشىپ ، ئۆزىنىڭ كۆچلۈك ، قوڭۇر رەڭ قولىنى ئۇنىڭ قولى ئۈستىگە قويدى .

— مەن بالىلىق بولسام بولمايدۇ ، — جېننى ناھايەت بېشىنى تۆۋەن سالغان پېتى بۇ گەپنى ئاغزىدىن چىقاردى .

رېستو ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قاراپ كەتتى ، ئۇنىڭغا جېنىنىنىڭ بۇ خىل سەممىيلىكىدە گويا بىر خىل سېھرىي كۈچ باردەك تۇيۇلدى ، جېنىنىنىڭ مۇشۇنداق پەۋقۇلئاددە بىر ئەھۋالدىمۇ ، يەنىلا تۇغما نازاكەتلىكلىكىنى ساقلاپ قالالىغانلىقى ، يەنە كىشىلىك ھاياتىنىڭ تۇپ پاكىتىنى قىلچە ئىككىلەنمەي تونۇغانلىقى ئۇنىڭ ئېھتىرامىنى ھەسسىلەپ ئاشۇردى .

— سىز ھەقىقەتەن ئۇلۇغ ئايال ئىكەنسىز ، — دېدى ئۇ ، — قالتىس ئىكەنسىز . بۇنىڭدىن غەم قىلمايلا قويۇڭ . بۇنىڭغا ئامال تېپىلىدۇ . سىزلا بالا دېمەيدىغان بولسىڭىز ، ئارىمىزدا پەرزەنتنىڭ بولۇشى ھاجەتسىز ، مەنمۇ سىزنىڭ بالىلىق بولۇشىڭىزنى خالىمايمەن .

ئۇ جېنىنىنىڭ ساراسىمىلىك ھەم ئۇياتچان چىرايىدىن دەل مۇشۇ مەسىلىنى ئېنىق بايقىغانىدى .

— راست دەيمەن ، بۇ مۇمكىن بولىدىغان ئىش ، — دېدى ئۇ ، — سىز ماڭا ئىشىنىسىزغۇ ، شۇنداقمۇ ؟ دەۋاتقانلىرىم سىزگە چۈشىنىشلىك بولسا كېرەك ، شۇنداقمۇ ؟

— شۇنداق ، — دېدى جېننى تىترەڭگۈ ئاۋازدا .

— ھەببەللى ، ماڭا ئىشەنسىڭىز بولىدۇ . گەپنىڭ قىسقىسى ،

قانداق ئەھۋال يۈز بېرىشىدىن قەتئىينەزەر ، مەن سىزگە زەررىچە دىلخەستىلىك كەلتۈرمەيمەن . مەن سىزنى بىللە ئەكەتمەكچى . بالىنىڭ ماڭىمۇ كېرىكى يوق . مەندە ھازىر بالا كۆڭلۈمگە قانائەت بېغىشلايدۇ ، دەيدىغان ئويمۇ يوق . كەلگۈسىدە بىر قارارغا كېلەرمەن ، ئەمما بۇنداق ئىش زادى يۈز بەرمەيدۇ ، خاتىرجەم بولۇڭ .

— بولىدۇ ئەمىسە ، — دېدى جېننى دەرمانسىز ھالدا ، شۇ تاپتا ئۇنىڭ رېستونىڭ كۆزلىرىگە قاراشقا پەقەتلا جۈرئىتى يوق ئىدى .

— ماڭا قاراڭا ، جېننى ، — رېستو بىرپەس تۇرۇۋېلىپ ، سۆزىنى يەنە داۋام قىلدى ، — سىزنىڭ ماڭا مەيلىڭىز بار ، شۇنداقمۇ ، ئەمەس ؟ مەنچۇ ، ئەگەر سىزگە كۆڭلۈم بولمىغان بولسا ، ئويلاپ بېقىڭا ، مۇشۇ يەردە سىزگە يالۋۇرۇپ ئولتۇراتتىممۇ ؟ پىراقىڭىزدا ئېلىشىپ قالايلا دېدىم ، بۇ گېپىمنىڭ قىلچە يالغىنى يوق . سىز مېنىڭ ئۈچۈن بەجايىكى مەينىڭ ئۆزىلا . مەن بىلەن كېتىڭ ، تېزرەك ھەرىكەت قىلىڭ . بىلىمەن ، ئائىلىڭىزنىڭ ئىشلىرى سىزنى تەڭلىكتە قويۇۋاتىدۇ ، بىراق ھامىنى بىر چارىسى تېپىلىدۇ . مەن بىلەن نيۇيوركقا كەتسىڭىزلا ، قالغان ئىشلار ئۆزلۈكىدىن ھەل بولۇپ كېتىدۇ . يا مەن بېرىپ ئائىلىڭىزدىكىلەر بىلەن كۆرۈشەرمەن ، يا بولمىسا بىز توي قىلماقچى بولغان قىياپەتكە كىرىۋالارمىز ، قايسىسىنى خالىسىڭىز ، ئىختىيار سىزدە . . . لېكىن ئاۋۋال مەن بىلەن بىللە كېتىڭ ، قالغان گەپنى كېيىن بىرنېمە دېيىشەرمىز .

— سىز مېنى ھازىرلا مېڭىڭ دەۋاتامدىغانسىز ؟ — دەپ سورىدى جېننى ھودۇققان ھالدا .

— شۇنداق ، بالدۇر بولسا ئەتە ، كېچىكسە دۈشەنبە كۈنى چوقۇم مېڭىپ كېتىش كېرەك . سىز بىر ئىلاجنى قىلالايسىز . ھە ، نېمە ، مۇبادا لېئانچو خانىم سىزنىمۇ ئاپارماقچى بولغان بولسا ، سىز ئۇنىڭ بىلەن بىللە بارغان بولاتتىڭىز . ئۇ چاغدا ھېچكىممۇ

سىزدىن گۇمانلانمايتتى . بۇ دېگىنىم توغرىمۇ ، قانداق ؟
— توغرا ، — جېنىنى ئاخىر تەن ئالدى .
— ھە ، مانا ، شۇنداق بولغاندىكىن ، نېمىشقا ھازىرلا ماڭمايمىز ؟
— يالغان گەپ قىلماق قىيىن ئىكەنچۇ ، — دېدى ئۇ خىيالغا پاتقان ھالدا .
— ئۇغۇ شۇنداققۇ ، ئەمما سىز بەربىر كېتىسىز ، شۇنداق ئەمەسمۇ ؟
— ئۇنداق بولسا ، سىز بىرئاز تەخىر قىلىپ تۇرالامسىز ؟ — دېدى ئۇ يېلىنىپ ، — ئىشلار بەك جىددىيلىشىپ كېتىۋاتىدۇ . مەن قورقۇۋاتىمەن .
— مەن بىر كۈنمۇ تاقەت قىلالمايمەن ، ئومىقىم ، مېنىڭ ھېسسىياتىمنى چۈشەنمەيۋاتامسىز ؟ كۆزۈمگە قاراڭا ، قېنى ، ماقۇل بولدىڭىزمۇ ؟
— بولىدۇ ئەمىسە ، — دېدى جېنىنى ، بۇ گەپنى قىلىۋاتقىنىدا ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى قايغۇلۇق ئىزتىراپمۇ ، غەلىتە بىر خىل سۆيگۈ ھاياجىنىمۇ تەڭلا چۇلغىۋالدى ، — مەن ماقۇل بولدۇم .

## 23

بۇنداق ئۇشتۇمتۇت يولغا چىقىش باشتا قىيىن تۇيۇلغىنى بىلەن ، ئەمەلىيەتتە ھېچقانداق قىيىنغا چۈشمىدى . جېنىنى ئاپىسىغا جىمى گەپنى ئېيتماقچى ، دادىسىغا ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېيتماي ، پەقەت لېئانچو خانىم بىللە ئاپارماقچىكەن ، دەپلا قويماقچى بولدى . دادىسى بەلكىم ئۇنىڭدىن سورۇشتە قىلىپ تۇرۇۋېلىشى مۇمكىن ، ئەمەلىيەتتە ، ئۇ ھېچنېمىنى گۇمان قىلمىدىغاندەكمۇ ئەمەس . شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۆيگە قايتىشتىن ئىلگىرى ، جېنىنى رېستو

بىلەن بىللە ماگىزىنغا بېرىپ ، يوغان بىر ساندۇق ، بىر چامادان ، بىرقۇر سەپەر كىيىمى ۋە بۆك سېتىۋالدى . رېستو ئۆزىنىڭ ئۇلجىسىغا ئۆزىنى راسا بىر كۆرسىتىۋالدى .

— نيۇيوركقا بارغىنىمىزدىن كېيىن ، سىزگە بىرنەچچە قۇر قىممەت باھالىق سەرپاي ئېلىپ بېرىمەن ، — دېدى ئۇ جېنىنىغا ، — سىزنىڭ ياسانسىڭىز قانچىلىك گۈزەللىشىپ كېتىدىغىنىڭىزنى ئۆزىڭىزگە بىر كۆرسىتىپ قويماقچىمەن ، — ئۇ سېتىۋالغان بۇيۇملىرىنىڭ ھەممىسىنى چوڭ ساندۇققا قاچىلاپ ، ئۆزى چۈشكەن سارايغا ئەۋەتتۈەتتى . ئاندىن جېنىنى بىلەن گەپنى پىشۇرۇۋېلىپ ، ئۇنىڭغا دۈشەنبە كۈنى ئاشۇ سارايغا بېرىپ كىيىمنى يەڭگۈشلەپ ، شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن نيۇيوركقا جۆنەپ كېتىشكە تەييارلىق كۆرۈپ قويۇشنى جېكىلىدى .

جېنىنى ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە ، ئاپىسى ئاشخانىدا ئىكەن . ئۇنىڭ بىلەن ئادەتتىكىدەك قىزغىن سالاملاشتى .

— بۈگۈن ئىشلەپ چارچاپ كەتتىڭمۇ نېمە ؟ — دەپ سورىدى ئاپىسى ، — بەك ھېرىپ كەتكەندەك كۆرۈنىسەنغۇ .

— ياقەي ، — دېدى جېنىنى ، — چارچىمىدىم ، كۆڭلۈم پاراكەندە بولۇپلا تۇرۇۋاتىدۇغۇتاڭ .

— نېمىشقا پاراكەندە بولىدىكەن ؟

— ئاۋۇچۇ قاراڭ ، مەن سىزگە بىر ئىشنى ئېيتماقچىدىم ، ئاپا . بىلەمسىز ، مەن شۇنداق تەڭلىكتە قېلىۋاتىمەنكى ، — سۆزلەۋېتىپ ، سوئال نەزىرى بىلەن ئاپىسىغا بىر قاراپ قويدى - دە ، باشقا ياققا قارىۋالدى .

— نېمە ، نېمە ئىش بولدى ؟ — ئاپىسى ئالاقزادە بولۇپ سورىدى . ئۇنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلار بەكمۇ كۆپ بولغاچقا ، يېڭى بالا - قازا يۈز بېرىپ قېلىشىدىن خاۋاتىر بولۇپلا يۈرەتتى .

— خىزمىتىڭدىن ئايرىلىپ قالمىغاندۇرسەن - ھە ؟

— ياقەي ، — جېنىنى ئۆزىنى خاتىرجەم تۇتۇشقا تىرىشقان ھالدا جاۋاب بەردى ، — ئەمما شۇ ئىشتىن بوشىنىپ كەتمەكچى

بولدۇم .

— بوشىنىپ كەتمەكچى ! — ئاپىسى ۋارقىرىۋەتتى ، — نېمە ئۈچۈن ؟

— مەن نيۇيوركقا بارىدىغان بولۇپ قالدىم .

ئاپىسىنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى .

— نېمە دەۋاتىسەن ، قاچاندىن بېرى مۇشۇ نىيەتكە كەلگەنىدىڭ ؟ — دەپ سورىدى ئۇ .

— بۈگۈن .

— راست ئېيتىۋاتايدىغانسەن !

— راست ، ئاپا ، گېپىمنى ئاڭلاپ تۇرۇڭ ، مېنىڭ سىزگە ئېيتىدىغان بىر ئېغىز سۆزۈم بار . بىزنىڭ نەقەدەر نامرات ئىكەنلىكىمىز سىزگىمۇ ئايان . قىلمىغان ئامالىمىز قالمىدى . مەن بىر كىشى بىلەن تونۇشۇپ قالغانىدىم ، ئۇياق بىزگە ياردەم قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ . ئۇ مېنى ياخشى كۆرىدۇ . مېنى دۈشەنبە كۈنى مەن بىلەن بىللە نيۇيوركقا بېرىڭ ، دېدى . مەن بېرىش نىيىتىگە كەلدىم .

— ھوي ، جېنىنى ! — ئاپىسى سۈرەن سالدى ، — بۇنداق قىلساڭ پەقەتلا بولمايدۇ . ئىلگىرى بىر خاتاغا يول قويدۇڭ ، ئەمدى ئۇنداق ئىشنى يەنە تەكرارلاپ يۈرمىگىن . ھېچبولمىغاندا داداڭنى كۆز ئالدىڭغا كەلتۈرسەڭچۇ .

— مەن ھەممىنى كاللامدىن ئۆتكۈزۈپ چىقتىم ، — جېنىنى قەتئىي ھالدا گېپىنى داۋاملاشتۇردى ، — بۇمۇ ئامالىنىڭ يوقلۇقىدىن بولۇۋاتقان ئىش . ئۇ ياخشى ئادەم . مېنىڭچە ئۇ ھەقلىق . ئۇنىڭ پۇلى جىق ، ئۇ مېنى ئۆزى بىلەن بىللە ئەكەتمەكچى ، مەنمۇ ئويلىسام بارغىنىم تۈزۈك ئىكەن . ئۇ قايتىپ كەلگىنىمىزدىن كېيىن بىزگە يېڭى ئۆي تېپىپ بېرىدىغان بولدى ، يەنە بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزغا ياردەم قىلماقچى . مېنى ئەمدى ھېچكىم ئالمايدۇ ، بۇنى سىزمۇ بىلىسىز . شۇنداق بولغاندىكىن بەربىر ئەمەسمۇ . ئۇ مېنى ياخشى كۆرىدۇ . مەنمۇ ئۇنى ياخشى كۆرىمەن .



www.uyghurkitap.com

بارسام نېمىشقا بولىغۇدەك ؟
— ئۇ ۋىستانى بىلەمدۇ ؟ — ئاپىسى ئېھتىياتلىنىپ سورىدى .
— ياق ، — دېدى جېننى ئۆزىنى گۇناھكاردەك ھېس قىلغان ھالدا ، — مېنىڭچە ئۇنىڭغا ئېيتماي تۇرغىنىم تۈزۈك . ھېچ ئىلاجى بولىغاندا ئاندىن ئېيتارمەن . ئۇنى ئۆزۈمگە چېتىۋېلىشنى خالىمايمەن .
— مەن سېنىڭ بىر كۈنلەرگە بارغاندا ئۆزۈڭگە ئاۋارىچىلىك تېپىۋېلىشىڭدىن قورقۇپ تۇرۇۋاتىمەن ، جېننى ، — دېدى ئاپىسى ، — ئۇنىڭ بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى بىلىپ قالىدىغانلىقىنى ئويلىمىدىڭمۇ ؟
— ئۇ تاكى مەكتەپ يېشىغىچە مۇشۇ ئۆيدە تۇرىۋەرسۇنمىكىن ، — دېدى جېننى ، — ئۇنى باشقا ياققا ئاپىرىۋەتسەكمۇ بولىدۇ .
— ئۇ بۇ ئۆيدە قالسىمۇ بولىۋېرىدۇغۇ ، — دېدى ئاپىسى ئىجازەت بەرگەن تەلەپپۇزدا ، — ئەمما ئۇ كىشىگە ھازىرلا دەۋەتكەن بولساڭ ياخشى بولماسمىدى ؟ بالىنى دەپ سېنى ياراتماي قالماس ئىدى .
— مېنىڭ ئويلىغىنىم بۇ ئەمەس ، مەن ۋىستانى دەپ شۇنداق قىلىۋاتىمەن ، — دېدى جېننى قىزىرىشىپ كېتىپ ، — بۇ يەردە گەپ ، مېنىڭ ئۇنى ئۆزۈمگە چېتىۋالغۇم يوق .
ئاپىسى بىشىنى چايقاپ قويدى .
— ئۇ كىشى بىلەن قەيەردە تونۇشۇپ قالغانىدىڭ ؟
— لېئانچو خانىملارنىڭكىدە .
— قانچىلىك ۋاقىت بولدى ؟
— ئوھو ، ئىككى ئاي بولۇپ قالدىغۇ دەيمەن .
— بۇ كەمگىچە ئۇنىڭ گېپىنى قىلىپ باقمىغانىدىڭغۇ ؟ — دېدى ئاپىسى ئەيىبلەش ئاھاڭىدا .
— ئۇنىڭ ماڭا قارىتا بۇنداق ئويدا ئىكەنلىكىنى ئۆزۈممۇ بىلەلمىگەن تۇرسام ، — جېننى ئۆزىنى ئاقلىدى .

— بىرنەچچە كۈن سەۋر قىلىپ تۇرۇپ، ئۇ كىشى ئاۋۋال بىزنىڭكىگە كېلىپ كەتكەندىن كېيىن ماڭساڭلار بولماسمىدى؟ — سورىدى ئاپىسى، — مۇشۇنداق قىلغاندا ئىش ئاسانلاشمامدۇ؟ هازىر تۇيۇقسىز كېتىپ قالساڭ، ئاتاڭ بەربىر بىلىپ قالىدۇغۇ؟

— مەن ئۇنىڭغا، لېئانچو خانىم بىلەن بىللە بارىمەن، دەپ ئېيتماقچى. شۇنداق دېسەم ئۇ قارشى تۇرمايدۇ.

— ئۇغۇ شۇنداق، — ئاپىسى ئويلانغان هالدا ماقۇللىدى.

گەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئانا ـ بالا ئىككىيلەن بىر ـ بىرىگە ئۈن ـ تىنسىز قاراپ تۇرۇپ قېلىشتى. گېرخاردتىنىڭ ئايالى تۇغۇلۇشىدىنلا تەسەۋۋۇرغا باي ئىدى، شۇڭلاشقا جېننىنىڭ تۇرمۇشىغا كىرىپ كەلگەن بۇ ئاجايىپ يېڭى شەخسنىڭ پورترېتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ باقتى. ئۇ كىشى پۇلدار ئىكەن؛ جېننىنى ئالماقچىكەن؛ بۇلارنى بىر ياخشى ئۆيگە ئېرىشتۈرگۈدەك، بۇ نەقەدەر تەسىرلىك ئىش ـ هە!

— ئۇ يەنە ماۋۇنى بەرگەنىدى، — جېننى ئاپىسىنىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى هەم شۇنىڭ بىلەن ئۆزىمۇ خىيالدىن نېرى بولدى. مەيدىسىنىڭ تۈگمىسىنى يېشىپ، هېلىقى ئىككى يۈز ئەللىك دوللارنى چىقاردى ـ دە، ئاپىسىنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى.

ئاپىسى شۇنداق بىر قاراپلا كۆزلىرى يوغىناپ، تىلى كالۋالىشىپ قالدى. بۇ پۇل جەمى بالادىن خالاس قىلالايتتى؛ يېمەكلىك، ئۇستىباش، ئۆي ئىجارىسى، كۆمۈر پۇلى، مانا مۇشۇلارنىڭ هەممىسى مۇشۇ بىر تاتازا يېشىل ـ سېرىق رەڭلىك پۇلغا باغلىق ئىدى. ئائىلىدە پۇل جىق بولسا، گېرخاردتمۇ ئۆزىنىڭ كۆيۈپ قالغان قولىدىن ۋايىم يەپ ئولتۇرمايدۇ؛ گېئورگى، مادا، ۋېرونىكالار ياخشى كىيىملەرنى كىيىپ، كۆڭلى خۇشال ـ خۇرام ئۆتكۈزەلەيدۇ؛ جېننىمۇ ياخشىراق كىيىنەلەيدۇ؛ ۋىستامۇ كەلگۈسىدە ياخشى تەربىيىگە ئېرىشەلەيدۇ.

— سېنىڭچە، ئۇ راستىنىلا سېنى ئالارمۇ؟ — ئاپىسى ئاخىر شۇنداق دەپ سورىدى.

— بىلمىدىم ، — دېدى جېننى ، — مېنىڭچە ئالار . ئۇ مېنى ياخشى كۆرىدۇ .

— بوپتۇ ئەمىسە ، — دېدى ئاپىسى بىرھازا ئويلانغاندىن كېيىن ، — ئەگەر داداڭغا دېيىش ئويۇڭ بولسا ، ھازىرلا دېگىنىڭ تۈزۈك ، بولمىسا ئۇ گۇمانلىنىپ قالىدۇ .

جېننى ئۆزىنىڭ غەلىبە قىلغانلىقىنى بىلدى . ئاپىسى شارائىتنىڭ بېسىمى تۈپەيلى بوپتۇلا دېگەن يەرگە كەلگەنىدى . جېننىنىڭ كۆڭلى سەل يېرىم بولدى ، لېكىن ئامال قانچە !

— مەن ساڭا دېيىشىپ بېرەي ، — ئاپىسى يېنىككىنە ئۇھ تارتىپ قويدى .

گېرخاردتىنىڭ ئايالى ئۇچۇن بۇنداق يالغان سۆزنى قىلىش ناھايىتى تەس ئىش بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ پەرۋاسىز قىياپەتتە گەپ قىلىۋىدى ، گېرخاردتىنىڭ گۇمانى بىراقلا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى . باللارغىمۇ ئېنىق چۈشەندۈرۈلدى ، ئەمدى گەپ ھەممەيلەننىڭ بىر مەسلىھەتكە كېلىشىدە قالدى ، جېننى دادىسىغا گەپ قىلغان چېغىدا ، ئۆزىنى تولىمۇ تەبىئىي تۇتتى .

— سىنىڭچە قانچىلىك ۋاقىت كېتەر ؟ — دەپ سورىدى دادىسى .

— ئالاھازەل ئىككى - ئۈچ ھەپتە ، — دەپ جاۋاب بەردى قىزى .

— مانا بۇنى پەيزى سەپەر دېسە بولىدۇ ، — دېدى دادىسى ، — مەن نيۇيوركقا 1844 - يىلى بارغانىدىم . ئۇ چاغلاردا ئۇ شەھەر ھازىرقىدىن كۆپ كىچىك ئىدى دېگىنە .

بۇۋاي جېننىنىڭ مۇشۇنداق ياخشى پۇرسەتكە ئېرىشكەنلىكىدىن ئىچىدە غايەت خۇرسەن بولدى . جېننى ساھىبەسىنىڭ كۆڭلىگە يېقىپ قاپتۇ ، دەپ ئويلاپ قالدى ئۇ .

دۈشەنبە كۈنى ، جېننى دادىسى ۋە ئاپىسى بىلەن خەيرلىشىپ ، ئەتىگەندىلا ئۆيدىن چىقىپ ئۇدۇل داۋۇدنىڭ سارىيىغا قاراپ يول ئالدى ، رېستو ئۇنى شۇ يەردە كۈتۈپ تۇرغانىدى .

www.uyghurkitap.com

— كەلدىڭىزمۇ ؟ — جېننى زالغا كىرىپ كېلىۋاتقاندا ، رېستو ئۇنى خۇش تەبەسسۇم بىلەن قارشى ئالدى .

— ھەئە ، كەلدىم ، — دېدى جېننى قىسقىلا قىلىپ .

— مەن ھازىرچە سىزگە جىيەنىم قاتارىدا مۇئامىلە قىلىمەن ، — دېدى رېستو ، — سىزگە مېنىڭ خانامنىڭ يېنىدىن بىر ئېغىزلىق بۆلمىنى زاكاز قىلىپ قويدۇم . ئۇلارغا ئاچقۇچنى ئەكېلىپ بېرىڭلار ، دەي ، سىز بېرىپ كىيىمىڭىزنى يەڭگۈشلىۋېلىڭ . تەييارلىقىڭىز پۈتكەندە ، ساندۇقنى ۋوگزالغا ئەۋەتىۋېتىمەن . پويىز سائەت بىردە قوزغىلىدۇ .

جېننى كىيىمنى يەڭگۈشلىگىلى ئۆزىنىڭ خانىسىغا كىرىپ كەتتى . رېستو تاقەتسىزلەنگەن ھالدا بىردەم گېزىت كۆرۈپ باقتى ، بىردەم تاماكا چەكتى ، ئاخىر بولالماي ، بېرىپ جېننىنىڭ خانىسىنىڭ ئىشىكىنى چەكتى .

جېننى ئىشىكنى ئاچتى ، ئۇستىبېشىنى بىر ئوبدانلا تۈزەشتۈرۈۋالغانىدى .

— قالتىس يارىشىپتۇ ، — دېدى رېستو كۈلۈمسىرىگەن ھالدا .

جېننى كۆڭلى پاراكەندە بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى يوشۇرالماي تۇرسىمۇ ، بېشىنى يەردىن ئۈستۈن كۆتۈرمىگەن پېتى ، ئۈندىمەي تۇرىۋەردى . مۇشۇ بىرنەچچە كۈننىڭ ياقى پىلان تۈزۈش ، يالغاننى توقۇش دېگەندەك ئىشلار تۈپەيلى ئۇنىڭ نېرۋىسى جىددىيلىشىپ كەتكەنىدى ، شۇڭا چىرايىدىن ھارغىنلىق ، خاپىلىق ئالامەتلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى .

— كۆڭلىڭىز بۇزۇلۇۋاتامدۇ ، نېمە ؟ — رېستو ئۇنىڭ كەيپىياتىغا قاراپ شۇنداق دەپ سورىدى .

— ياقەي ، — دەپ جاۋاب بەردى جېننى .

— ماڭا قاراڭا ، جېنىم ، ھەرگىز كۆڭلىڭىزنى مالال قىلماڭ . ئىشلار تېزدىن ئوڭشىلىپ كېتىدۇ ، — ئۇ جېننىنى قۇچاقلاپ سۆيۈپ قويدى ـ دە ، ئىككىسى زالدىن چىقىپ كېتىشتى .

جېننىنىڭ مۇشۇ ئاددىي كىيىملەر بىلەنمۇ شۇنداق گۈزەل

كۆرۈنۈۋاتقىنىدىن ھەيرانۇھەس بولۇپ قالدى .

ئۇلار پەيتونغا ئولتۇرۇپ بىرئاز يۈرگەندىن كېيىن ۋوگزالغا يېتىپ كېلىشتى . ئورۇننى ئالدىن زاكاز قىلىپ قويغان بولغاچقا ، دەل ۋاقتىغا ئۈلگۈرۈپ كېلىشكەنىدى . پۇلمانچە ۋاگونغا[1] جايلىشىپ بولغاندىن كېيىن ، رېستوننىڭ كۆڭلى قەۋەتلا ئېچىلىپ كەتتى . ھايات ئۇمىدكە تولغانىكەن . جېنىنى شۇ تاپتا ئۇنىڭ قېشىدا . ئۇنىڭ پىلانلىغان بىرىنچى ئىشى ئۇتۇقلۇق بولدى ، ئەمدى كېيىنكى ئىشلارنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىدا گەپ يوق .

پويىز ۋوگزالدىن چىقىپ ، چەكسىز داللارنى ئارقىسىدا قالدۇرغىنىچە چېپىپ كېتىۋاتقاندا ، جېنىنى خىيالغا چۆككەن ھالدا ، سوكۇنات ئىچىدە تاشقىرىنى نەزىرىدىن ئۆتكۈزۈپ ئولتۇرغانىدى . يول بويى ئۇچرىغان يوپۇرماقلىرى تۆكۈلۈپ يالىڭاچلىنىپ قالغان دەرەخزار ، قىش يامغۇرىدىن نەملەشكەن قوڭۇر رەڭدىكى قاقاس ئېتىزلىقلار ، تەكشى ئوتلاقلارنىڭ ئارىسىدىن ئورۇن ئالغان پاكار - پاكار دېھقان كەپىلىرى گويا يەر بېغىرلاپ ياتقاندەك كۆرۈنەتتى . پويىز كىچىك - كىچىك جاڭگاللارنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا ، ئاق ، سېرىق ، ئاچ قوڭۇر رەڭدىكى پاكار ئۆيلەر كۆزگە چېلىقتى . ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسى يامغۇرنىڭ زەربىسى بىلەن قارىيىپ كەتكەنىدى . شۇلار ئارىسىدىن بىرى جېنىنىنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى تارتتى . يادىغا كولومبودىكى ئەسكى ئۆيى كېچىپ ، ئىختىيارسىز كۆڭلى بۇزۇلدى - دە ، قولياغلىقىنى كۆزلىرىگە بېسىپ تۇرۇپ ئۈنسىز يىغلاپ تاشلىدى .

— يىغلاۋاتامدىغانسىز - ھە ، جېنىنى ؟ — رېستو كۆرۈۋاتقان خېتىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ سورىدى ، — ماڭا قاراڭا ، گېپىمگە قۇلاق سالسىڭىزچۇ ، — جېنىنىنىڭ بەدىنى بوش تىترەۋاتقىنىنى كۆرۈپ ، ئارقىدىنلا ، — ئەمدى بۇ بولمىدى ، بۇنىڭدىن كېيىن

---

[1] پۇلمانچە ۋاگون — ئۇسكۇنىلىرى نەپىس ھەم كۆركەم بولغان يۇمشاق كارىۋاتلىق ۋاگون . ئۇنى گېئورگى پۇلمان (1831—1897 ) كەشىپ قىلغان .

بۇنداق قىلىسىڭىز بولمايدۇ. مۇشۇنداق بولۇۋېرىدىغان بولسا، ئۆزىڭىزنى ئۆزىڭىز قىيناپ قويىسىز، — دېدى.

جېنىنى جاۋاب قايتۇرمىدى، ئۇنىڭ سۇكۇت ئىچىدىكى قايغۇلۇق قىياپىتى رېستونىڭ باشقىچىلا ھېسداشلىقىنى قوزغىدى.

— يىغلىمىسىڭىزچۇ، — دېدى ئۇ جېنىنىڭ كۆڭلىنى يەنە بەزلەپ، — ھەممە ئىش ئوڭشىلىپ كېتىدۇ. مەن سىزگە «سىزنىڭ ھەرقانداق ئىشتىن بىئارام بولۇشىڭىز ھاجەتسىز» دەپ ئېيتقانىدىمغۇ.

جېنىنى ئۆزىنى ئاران تەستە تىنچلاندۇرۇپ، كۆزىدىكى يېشىنى ئېرتتى.

— سىز بۇنداق، ھە دېسىلا كۆڭلىڭىزنى بۇزىۋەرمىسىڭىزچۇ، — دېدى رېستو يەنە، — بۇنداق قىلغانلىڭ ھېچ پايدىسى يوق. بىلىمەن، ئۆيدىن ئايرىلغىنىڭىز ئۈچۈن كۆڭلىڭىز يېرىم بولۇۋاتىدۇ، ئەمما يىغلىغاندىن نېمە چىقىدۇ؟ سىز ئۆيدىن مەڭگۈگە ئايرىلىۋاتقىنىڭىز يوق، بۇنى بىلىسىزغۇ. كۆپ ئۆتمەي يەنە قايتىپ بارىسىز. سىز مېنى ياخشى كۆرىسىزغۇ، شۇنداق ئەمەسمۇيا؟ ئەزىزىم، مەن سىزنىڭ كۆڭلىڭىزنى ئاۋۇندۇرالايمەن. شۇنداققۇ؟

— شۇنداق، — جېنىنى زورىغا كۈلۈمسىرەپ ئۇنىڭغا قاراپ قويدى.

رېستو قايتىدىن خەتنى ئوقۇشقا باشلىۋىدى، جېنىنى يەنە ۋەستانى ئېسىگە ئالدى. ئۆزىنىڭ قەدىردانى بولۇپ قالغان بىر كىشىدىن بۇ سىرنى خۇپىيانە تۇتۇۋاتقىنىنى خىيالىغا ئەكىلىشى بىلەن، كۆڭلى يەنە بىسەرەمجانلىققا چۈشتى. رېستوغا بۇ بالا توغرۇلۇق ئوچۇق ئېيتىشى كېرەكلىكىنى بىلىدۇ، شۇنداقتىمۇ مۇشۇنداق ئازابلىق مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىشقا جۈرئىتى يەتمەيۋاتاتتى ياكى كەلگۈسىدە مۇشۇنداق غەيرەتكە كېلەلەمدۇ، يوق، بۇنى بىلمەيتتى.

«بىر كۈنلەرگە بارغاندا ئۇنىڭغا ئېيتمايمۇ ئامالىم يوق، —

ئۇ بىرپەس ھېسسىيات قايىنمىغا كىرىپ قېلىپ ، بۇ خىل مەجبۇرىيەتنىڭ ئېغىرلىقىنى ھېس قىلىپ يەتكەچكە ، بۇ نۇقتىنى ئېسىگە ئالغانىدى ، — ناۋادا ئۇنىڭغا بالدۇرراق ئېيتمىسام ، ئۇنىڭ بىلەن بىر ئۆيدە ياشاپ يۈرگەندىن كېيىن ئۇ بىلىپ قالسا ، مېنى ھەرگىزمۇ كەچۈرمەيدۇ . بەلكىم ئۆيدىن ھەيدەپ چىقىرىشىمۇ مۇمكىن . ئۇ چاغدا نەگە بارىمەن ؟ مېنىڭ ھازىر ئايرىم ئۆيۈم يوق تۇرسا ، كېيىن ۋىستانى قانداق قىلىمەن ؟ »

ئۇ بۇرۇلۇپ رېستونىڭ چىرايىغا سەپسالدى ، بىردىنلا ، ئۇنىڭ قەلبىنى ۋەھىمە تۇيغۇسى چۇلغىۋالدى . بىراق ، سۇرلۇك قىياپەتلىك ، راھەت خۇمار بۇ كىشى ئۇن - تىن چىقارماي ئۆزىنىڭ خېتىنى ئوقۇش بىلەن بەند ئىدى ، ئۇنىڭ پاكىز قىرىلغان قىپقىزىل ئېڭىكى ۋە ئارامىدا تۇرغان ھالىتىدىن ئىغۋاگەرچىلىك ئالامىتى بىزەمۇ كۆرۈنمەيتتى ، ئۆچ ئالىدىغاندەك قىياپەتمۇ چىقىپ تۇرمايتتى . جېننى كۆزىنى ئۇنىڭدىن يۆتكەي دېيىشىگە ، ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ جېننىغا قارىدى .

— ھە ، ئەمدى گۇناھىڭىزنى يۇيۇپ بولدىڭىزمۇ ؟ — دەپ سورىدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ .

جېننى بۇ گەپنى ئاڭلاپ پىسىڭىدە كۈلۈپ قويدى . بۇ سۆزنىڭ مەنىسى ئەمەلىيەتكە تازا چۈشەتتى ، شۇڭا جېننىنىڭ سەل كۆڭلىگە تەگدى .

— ئىلاھىم شۇنداق بولغان بولسىكەن ، — دەپ جاۋاب بەردى .

رېستو گەپنى باشقا ياققا بۇرىۋەتتى ، جېننى دېرىزە سىرتىغا قارىغىنىچە ئولتۇرىۋەردى ، ئۇنىڭغا راست گېپىنى ئېيتماقچى بولۇپ تەييارلانغان بىر قېتىملىق ھاياجىنىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى ھېس قىلدى . «ئىشقىلىپ ئۇزاققا قالماي شۇنداق قىلىمەنغۇ» ، ئۇ گويا ئۇزاققا بارمايلا غەيرەتلىنىپ كېتىدىغاندەك ، ئۆزىگە ئۆزى تەسەللى بەردى .

ئەتىسى ، نيۇيوركقا يېتىپ بېرىشى بىلەنلا ، رېستو مۇھىم بىر

مەسىلىنى ئېسىگە ئالدى ، قەيەرگە چۈشۈش كېرەك ؟ نيۇيورك ناھايىتى كاتتا شەھەر ، تونۇش ـ بىلىشلەرنى ئۈچرىتىپ قېلىش خەۋپى ئانچە زور بولمىغان ھالەتتىمۇ ، ھەرھالدا قاراملىق قىلىشقا بولمايدۇ ـ دە . شۇڭا ئۇ كىراكەشكە ئۆزلىرىنى يىراقراق بىر خىلۋەت جايغا ئاپىرىشنى جېكىلىدى ، ئۇ جايغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن بىر يۈرۈش ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ ، ئىككى ـ ئۈچ ھەپتە تۇرماقچى بولۇشتى .

ھازىرقى بۇ يېڭى مۇھىت جېنىنىغا ئىنتايىن گۈزەل ، ئىنتايىن سەلتەنەتلىك بىلىندى . بۇ يەر بىلەن ئىلگىرى ئۆزى ياشاپ كەلگەن مۇھىتنىڭ ئوخشاش بىر دۇنيا ئىكەنلىكىگە ھېچ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى . رېستو ھەشەمەتچىلىكنى ياقتۇرۇپ كەتمەيتتى . ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى مەنقۇلاتلارنىڭ ھەممىسى ئاددىي ھەم چىرايلىق ئىدى . جېنىنىغا نېمە كېرەك بولسا ، ئۇ بىر قاراپلا بىلىۋالاتتى ـ دە ، دەررۇ بېرىپ سېتىۋېلىپ ، جېنىنىغا سوۋغا قىلاتتى . جېنىنى نېمىلا دېگەنبىلەن ئايال زاتى ـ دە ، ئۆزىگە سېخىيلىق بىلەن سوۋغا قىلىنىۋاتقان ئاشۇ چىرايلىق سەرپايلار ھەم زىبۇزىننەت بۇيۇملىرىدىن كۆڭلى قەۋەتلا سۆيۈنۈپ كېتەتتى . ئەينەكتىن ئۆچىسىغا ھاۋا رەڭ مەخمەلدىن تىكىلگەن ، ياقىسىغا ، يەڭلىرىغا چۆرىسىگە فرانسۇزچە سېرىق جىيەك تۇتۇلغان كۆڭلەك كىيىۋالغان بىر ئايالنىڭ ئوبرازىنى كۆرۈپ ، ئۆزىگە ئۆزى شۇنداق سوئال قويدى : «ۋاھ ئەجەبا ، بۇ ھېلىقى كىرچى ئايالنىڭ قىزى — جېنىنى گېرخاردتىمىدۇ ؟ ئون دوللارلىق مودا توپلەي سېپىۋالغىنى شۇ قىزنىڭ پۇتلىرىمىدۇ ؟ لەئەل ـ جاۋاھىرلار بىلەن بېزەلگەن بۇ قول ئۆزىنىڭ قوللىرىمىدۇ ؟ ئۇ نېمىدېگەن تەلەيلىك ـ ھە ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە رېستو بۇ خىل بەختتىن ئۇنىڭ ئايىسىنىمۇ بەھرىمەن قىلىدىغانلىقى توغرۇلۇق ئۇنىڭغا ۋەدە قىلدى .» جېنىنى مۇشۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈۋېتىپ كۆزىگە ئىسسىق ياش ئالدى . قەدىرلىك ئاپا ، جېنىنى ئۇنى نەقەدەر سۆيىدۇ ـ ھە !

مۇشۇ كۈنلەردە ، رېستو ئۇنى ئۆزىنىڭ زوقلىنىشىغا ھەقىقىي ئەرزىگۈدەك قىياپەتتە ياساندۇرالىغىنى ئۈچۈن ، قەۋەتلا مەمنۇن ئىدى . ئۇ ئۆزىنىڭ ئەڭ نازۇك دىتلاش ئىقتىدارىنى سەرپ قىلىۋىدى ، ئاقىۋەتتە ئۆزىمۇ ھەيرانلىقىنى باسالماي قالدى . زالدا ، تاماق زالىدا ، كوچىدا كىشىلەر ئارقىلىرىغا ئۆرۈلۈپ جېنىنىغا دىققەت بىلەن قاراپ كېتىشەتتى .

«ئاۋۇ كىشى بىلەن بىللە تۇرغان ئاۋۇ ئايال كۆزىنىڭ يېغىنى يەيدىكەنغۇ ! »

كىشىلەرنىڭ باھا بېرىپ ئېيتقان بۇ سۆزلىرى پات ـ پاتلا ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ تۇراتتى .

جېنىنىڭ ئەھۋالىدا ئۆزگىرىش بولغان بولسىمۇ ، ئۇ كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ چىن مەنىسىنى تونۇپ يەتكەچكە ، كۆرەڭلەپ كەتمىدى ، ئەسلىنى ئۇنتۇپ قالمىدى . ئۇنىڭغا خۇددى كىشىلىك ھايات ۋاقتىنچە ئازراق بىر نەرسە ئارىيەت بېرىپ تۇرغاندەك ، مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنى يەنە تارتىۋالىدىغاندەك تۇيۇلاتتى . ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئابرۇيپەرەسلىكتىن قىلچە ئەسەر يوق ئىدى . رېستو ئۇنى ئىنچىكىلەپ كۆزىتىپ مۇشۇلارنى بايقىدى .

— سىزچۇ ، تەھقىق ئۇلۇغ ئايال ئىكەنسىز ، — دېدى ئۇ ، — ھازىرغا قەدەر كىشىلىك ھايات سىزگە تېخى ھېچقانچە ھىممىتىنى كۆرسەتمەپتۇ ، ئەمما كەلگۈسىڭىزنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولۇپ چىقىشىدا گەپ يوق جۇمۇ .

رېستونىڭ كۆڭلىدە ھەر خىل ئويلار كېزەتتى . ناۋادا ئائىلىسىدىكىلەر ئۇنىڭ بۇ يېڭى مۇناسىۋىتىنى بىلىپ قالىدىغان بولسا ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى قانداق ئاقلىغۇلۇق ؟ ئەگەردە چىكاگوغا ياكى سىنت ـ لۇئىسقا بېرىپ ئائىلە قۇرۇۋالسا (ئۆزىمۇ مۇشۇنداق ئويدا بولغان ) ، ئۇ خىلدىكى تۇرمۇشنى مەخپىي داۋام قىلدۇرالامدۇ ؟ مۇشۇنداق قىلىشنى ئۆزى چىن دىلىدىن خالامدۇ ، يوق ؟ ئەمەلىيەتتە ئۇ ئۆزىنىڭ جېنىنى چىن كۆڭلىدىن ، ھەقىقىي ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىدىن ھېچ شۈبھىلەنمەيتتى .

ئۆيگە قايتىدىغان ۋاقىت يېقىنلاپ قالغاندا، ئاندىن ئۇ جېنىنى بىلەن بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىش توغرۇلۇق مەسلىھەتلەشتى.

— سىز بىر ئامالىنى تاپسىڭىز بولاتتى، مېنى تونۇشۇم دەپ دادىڭىزغا تونۇشتۇرغان بولسىڭىز ئىش ئوڭايلىشاتتى، — دېدى ئۇ، — مەن سىلەرنى كۆرگىلى بارىمەن، ئۇ چاغدا سىز دادىڭىزغا مەن بىلەن توي قىلماقچى ئىكەنلىكىڭىزنى ئېيتسىڭىز ئۇمۇ بىر نېمە دېمەس.

جېنىنى ۋىستانى يادىغا ئەكېلىۋىدى، ۋۇجۇدىغا بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەك ئولاشتى. لېكىن دادىسىنى ۋىستانىڭ ئېتىنى چىقارماسلىققا كۆندۈرەلىشىمۇ مۇمكىن.

رېستو ئۇنىڭغا:

«كلېۋېلاندتىكى چېغىڭىزدا كىيگەن كونا كىيىملىرىڭىزنى ساقلاپ قويۇپ، كېيىن ئۆيگە قايتىدىغان چاغدا كىيىۋېلىڭ، — دەپ بىر ئوبدان مەسلىھەت بەرگەنىدى، — بۇ يېڭى نەرسىلەردىن غەم قىلمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، — دېگەنىدى ئۇ، — مەن بۇلارنى ساقلاپ قويىمەن. كېيىنچىرەك باشقىچە ئامال تاپقىنىمىزدا يەنە بىر گەپ بولار.»

ئىشلار گويا تولىمۇ ئاددىي، تولىمۇ ئوڭايدەك تۇيۇلاتتى، چۈنكى رېستو كاتتا پىلانچى - دە.

جېنىنى نيۇيوركقا كەلگەندىن كېيىن، ئاپىسىغا ھەر كۈنى دېگۈدەك خەت يېزىپ تۇردى. كونۋېرتىنىڭ ئىچىگە «ئاپامنىڭ ئۆزىلا كۆرسۇن» دەپ كىچىككىنە باغاقچە سېلىپ قوياتتى. بىر باغاقچىسىدە رېستونىڭ ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بارماقچى ئىكەنلىكىنى يېزىپ، ئاپىسىدىن بۇ ئىشنى دادىسىغا پۇرىتىپ قويۇشنى، ئۇنىڭغا قىزىنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغان كىشى بىــــلەن تونۇشۇپ قالغىنىنى ئېيتىپ، ھەر ئېھتىمالغا تەييارلىق كۆرۈپ قويۇشنى ئۆتۈندى. ئۇ يەنە، ۋىستانىڭ باش قېتىنچىلىقىنىمۇ تىلغا ئالدى. ئاپىسى بۇ خەتنى تاپشۇرۇۋېلىپلا ئىشنى باشلىۋەتتى، ئېرىگە بۇ ئىشنى تىلغا ئالماسلىقنى تاپىلىدى. ئۇنىڭ ئويلىغىنى، ئەمدى

ھەرگىز تۇسالغۇغا ئۇچراپ قالماسلىق كېرەك. جېنىنى ئۆز تۇرمۇشىنى ياخشىلايدىغان پۇرسەتكە ئېرىشسۇن ـ دە. جېنىنى ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە، پۈتۈن ئائىلىدىكىلەر ئېيتقۇسىز خۇشاللىققا چۆمۈشتى. دەرۋەقە جېنىنى ئەمدى بۇرۇنقى ئىشىغا بارالمايدۇ، لېكىن ئاپىسى ئۇنىڭ ئورنىدا گەپ ياساپ:

— لېئانچو خانىم جېنىنىنى ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق ئىش تېپىپ، كۆپرەك پۇلنىڭ غېمىنى قىلىۋالسۇن، دەپ ئۇنىڭغا بىرنەچچە ھەپتىلىك رۇخسەت بېرىپتۇ، — دەپ قويدى.

## 24

رېستو گېرخاردت ئائىلىسىنىڭ ئەھۋالىنى ھەم ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئەقىل تارازىسىدىن چالا ـ بۇلا ئۆتكۈزگەن بولدى ـ دە، كەسىپ ئىشلىرىنى بىر ياقلىق قىلغىلى سىنسىنناتىغا قايتىپ كەتتى. ئۇ يەردە بولارنىڭ شەھەر سىرتىغا جايلاشقان، ئىككى كوچىنىڭ دوقمۇشىدەك كېلىدىغان جايىنى ئىگىلىگەن كاتتا بىر زاۋۇتى بار ئىدى. ئۇنىڭ بۇ زاۋۇتقا قىزىقىشىغا گەپ توغرا كەلمەيتتى. بۇ زاۋۇتنىڭ ئىگىلىكى، روناق تېپىشى رېستونى خۇددى دادىسىغا ئوخشاشلا جەلپ قىلاتتى ھەم مەمنۇن قىلاتتى. ئۇ ئۆزىنى تەرەققىي قىلىۋاتقان مۇشۇ غايەت زور سانائەتنىڭ مۇھىم بىر قىسمى دەپ ھېسابلايتتى. تۆمۈريوللاردىكى يۈك ۋاگونلىرىغا بېسىلغان ماركىدىكى «سىنسىنناتى گان جەمەتى ئىشلەپچىقىرىش شىركىتى» دېگەن خەتنى ھەربىر كۆرگىنىدە ياكى شىركەتنىڭ ھەرقايسى شەھەرلەردە كۆرگەزمە قىلغان مەھسۇلاتلىرىنى چېلىقتۇرۇپ قالغىنىدا، بىر خىل قانائەت ھەم ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىغا چۆمەتتى. مۇشۇنداق مۇستەھكەم، مۇشۇنداق مەشھۇر، مۇشۇ قەدەر قىممىتى بار قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا بىر كۆپەيتكۈچى ئىپادە بولۇش — بۇ خېلى چوڭقۇر مەنىنى ئۆز

ئىچىگە ئالىدۇ دېگەن گەپ . ئۇ ئۆزىنىڭ جىمى ئىشىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك يۈرۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتى، شۇنىسى خۇسۇسىي تۇرمۇشىنىڭ يېڭى مۇھىتىغا تېخى ئەمدىلا قەدەم قويدى، يەنى ئۇنىڭ ئەمدى جېنىنىسى بار . ئۇ ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ يۈرتىغا كېتىۋاتقاچ ، يول ئۈستىدە ئۆزى قۇراشتۇرۇۋالغان بۇ خىل مۇناسىۋەتتىن كۆڭۈلسىز ئاقىۋەت كېلىپ چىقىش ئېھتىمالى توغرىسىدا خىيال سۈرۈپ قالدى . ئۇ دادىسىنىڭ پوزىتسىيىسىدىن سەل قورقۇپ تۇراتتى ، لېكىن ھەممىدىنمۇ بەك قورقۇنچلۇقى ئۇنىڭ ئاكىسى روبېرت ئىدى .

روبېرت تەبىئىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، تاش يۈرەك ، مۇتەئەسسىپ ئادەم ؛ ئۇ پىشقان سودىگەر ، مەيلى ھۆكۈمەت ئىشىدا بولسۇن ، ياكى خۇسۇسىي ئىشلاردا بولسۇن ، ئۇنىڭدىن قۇسۇر تېپىش زادىلا مۇمكىن ئەمەس . ئۇ قانۇن دائىرىسىدىن بىر قەدەممۇ نېرى چىقىپ باقمىغان ، ئۆزى ئانچە قىزغىنمۇ ئەمەس ، مەردمۇ ئەمەس ئىدى ، ئەمەلىيەتتە ، كۆرۈنۈشتە ھەق ، ئاستىرتىن ناھەق بولغان ئىشلاردا ياكى نائىلاج ئەھۋالدىلا ئىنساپ بىلەن ئىش قىلىدىغىنىنى دېمىگەندە ، ئادەتتە ھەرقانداق مەككارلىقنى ئىشقا سېلىشتىن يانمايتتى . ئۇنىڭ يەكۈن چىقىرىش ئۇسۇلىنى رېستو چۈشەنمەيتتى . ئۇنىڭ شەپقەتسىز سودا ئىستراتېگىيىسى بىلەن ئېھتىياتچان ئەخلاق كۆزقارىشىنى ئۆزئارا زىت كەلتۈرمەيدىغان ئۆزگىچە مەنتىقىسىنى رېستو ھەرقانداق قىلغىنى بىلمەنمۇ ئۆگىنەلمەيتتى . لېكىنزە ، ئاكىسى بۇلارنى قالتىس قاملاشتۇرۇۋېتەتتى . «ئۇنىڭدا شوتلاندىيىدىكى پروتېستانت دىنىنىڭ ئاقساقاللار جەمئىيىتى مىسسىئونېرلىرىغا خاس ۋىجدان ھەم ئاسىيالىقلارنىڭ پۈرسەتنى كۆزىتىشكە ماھىرلىقى ئارىلىشىپ كەتكەن ئىدراك بار .» رېستو بىر دورەم باشقىلارغا شۇنداق دېگەنىدى ، بۇ سۆزنى ئۇنىڭ ئۆز ئاكىسىغا بەرگەن ھەقىقىي باھاسى دېيىشمۇ بولىدۇ . شۇنىسى ، ئۇنىڭ ئاكىسىنىڭ ئورنىنى تەۋرىتەلىشى ھەم ئۇنىڭغا ئۆكتە چىقىشى مۇمكىن ئەمەس ، چۈنكى

ئاكىسى جامائەتچىلىكىنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە ئىدى . ئۇ كىشىلەر بىلەن بولغان مۇئامىلىدە تولىمۇ تۈزۈتلۈك بولغىنى بىلەن ، ئاز - تولا ياسالمىلىقتىن خالىي ئەمەسلىكىمۇ ئېھتىمال .

ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەن قارىماققا ناھايىتى ئىناق كۆرۈنسىمۇ ، ئەمەلىيەتتە بۇلار ئوتتۇرىسىدا زور چۈشىنىشمەسلىك مەۋجۇت ئىدى . روبېرت رېستوننىڭ شەخسەن ئۆزىگە ئالاھىدە دوستانە مۇئامىلە قىلغان بىلەن ، مالىيىگە ئائىت كۆزقاراش جەھەتتە ئۇنىڭ بىلەن سىغىشالمايتتى . ئۇنىڭ ئۇستىگە مىجەز - خاراكتېرىدىن ئېلىپ ئېيتىدىغان بولساق ، ئۇ ئىككىيلەننىڭ كىشىلىك تۇرمۇش ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەتكە قارىتا پىكرى ئەزەلدىن بىر يەردىن چىقمايتتى . رېستو ئاكىسىنىڭ ئاشۇنداق شەپقەتسىزلىك ھەم جاھىللىق بىلەن ھەممىگە قادىر پۇلنى قوغلىشىشىنى ئىچىدە مەنسىتمەيتتى . روبېرت رېستوننىڭ «ماگنا بەرىبىر» دەيدىغان پوزىتسىيىسىنى ئەيىبلەشكە تېگىشلىك دەپ ئويلايتتى ، شۇنىڭدەك «ئۇ ھامان بىر كۈنى ئۆزىگە ئۆزى باش ئاغرىقى تېپىۋالىدۇ» دەپ كېسىپلا ئېيتقانىدى . كەسىپ جەھەتتە بۇ ئىككىيلەن ئانچە كۆپ تالاش - تارتىش قىلىپ كەتمەيتتى ، چۈنكى بوۋاي يېنىدا بار - دە . بۇنداق قىلىشقىمۇ ئانچە كۆپ پۇرسەت چىقىپ تۇرمايتتى ، شۇنداقتىمۇ خىلمۇخىل ئۇششاق ئىختىلاپلار ھەرقاچان ، ھەر زامان يۈز بېرىپ تۇراتتى ، رېستو : «ئوقەتچىلىكتە مۇلايىم بولۇش ، يول قويۇش ، ئاغىنىدارچىلىق قىلىپ كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى مايىل قىلىۋېلىش كېرەك» دەپ تەشەببۇس قىلاتتى . روبېرت بولسا قاتتىق قول بولۇشنى ، ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتىنى تېجەشنى ، ئىقتىسادنىڭ قىزىقتۇرۇش كۈچىدىن پايدىلىنىپ باشقىلارنىڭ رىقابىتىنى تۇنجۇقتۇرۇۋېتىشنى تەشەببۇس قىلاتتى .

ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىختىلاپ يۈز بېرىپ قالغان چاغلاردا ، بوۋاي ئائىلىنىڭ بارىچە ئۇلارنى ياراشتۇرۇپ قويماقچى بولاتتىيۇ ، ئەمما ئۆزى پەرەز قىلغان توقۇنۇشنى توسۇپ قالالمايتتى . توقۇنۇش باشلانغان چاغدا ، ئىككىسىدىن بىرى ياكى ھەر ئىككىلىسى پېشىنى

قېقىپ چىقىپ كېتەتتى . شۇڭا دادىسى ھەمىشە : «ئىككىڭلارنىڭ گېپى بىر يەردىن چىققان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى» دەيتتى .
رېستونى تەشۈشكە سالىدىغان يەنە بىر ئىش ، دادىسىنىڭ نىكاھ ئىشلىرى توغرىسىدىكى ، بولۇپمۇ رېستونىڭ نىكاھ ئىشى توغرىسىدىكى پوزىتسىيىسى ئىدى . گان بوۋاي ئىزچىل تۇردە رېستونىڭ بالدۇرراق ئۆيلىنىشىنى تەشەببۇس قىلىپ كەلدى ، ئۇنىڭ مۇشۇنداق ۋاقىتنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋېتىشى خاتا ، دەپ قارايتتى . قالغان باللىرى — لۇئىزادىن باشقىلىرى ئۆز لايىقىدا توي قىلىشىۋېلىشتى . نېمە ئۈچۈن بۇ ئەركە ئوغۇل تېخىچە توي قىلمايدىغاندۇ ؟ دادىسى بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا ئەخلاق جەھەتتە ، ئىجتىمائىي جەھەتتە ، سودا ئىشلىرىدا زىيانلىق ، دەپ قارايتتى .
— جەمئىيەت ساڭا ئوخشاش بۇنداق مەرتىۋىلىك كىشىنىڭ توي قىلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ ، — دادىسى پات - پاتلا مۇشۇنداق مۇنازىرىنى قوزغاپ قوياتتى ، — بۇنىڭ ئىجتىمائىي ئورنۇڭنىڭ مۇستەھكەملىنىشىگە ھەم ئىززەت - ئابرۇيۇڭنىڭ ئۆسۈشىگە پايدىسى بار . ئوبدانراق بىر قىزنى تېپىپ ئائىلە قۇرۇۋالساڭ بولاتتى . ئەگەر پەرزەنتىڭ ، ئائىلەڭ بولمىسا ، ئۇ چاغدا مېنىڭ يېشىمغا بارغاندا ، ئۆزۈڭگە نەدىن ماكان ئىزدەيسەن ؟
— بۇ دېگىنىڭىزغۇ خوپ . ناۋادا ئۆزۈمگە مۇناسىپ كېلىدىغان قىزنى ئۇچرىتىپ قالسام ، — دېدى رېستو ، — ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىۋېلىشىم مۇمكىن . شۇغىنىسى ، ئۆزۈمگە خوپ كېلىدىغان بۇنداق قىزنى تېخى ئۇچراتمىدىم - دە . سىز مېنى قانداق قىل ، دەيسىز ؟ كىملا بولسا ئېلىۋېرىشىم كېرەكمىدىيا ؟
— ياقەي ، ئەلۋەتتە كەلسە - كەلمەس ئېلىۋەرسەڭ بولمايدۇ - دە . جاھاندا ياخشى قىز دېگەن تولا . ئەگەر كۆڭۈلشىيدىغانلا بولساڭ ، چوقۇم بىرىنى تېپىۋالالايسەن . بېشىڭنىڭ ئۆيىدىكى قىزمۇ تورۇپتۇغۇ ئەنە . سېنىڭچە ئۇ قانداقراق ؟ ئۆزۈڭمۇ ئۇنى بۇرۇندىنلا ياقتۇراتتىڭ . مەن سېنىڭ بۇنداق ساياقلىق قىلىپ يۈرۈۋېرىشىڭگە يول قويمايمەن . بۇنداق كېتىۋەرسەڭ ، ئاقىۋىتى

ياخشى بولمايدۇ .

ئوغلى مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى .

— دادا ، خالىغىنىڭىزنى قىلىۋېرىڭ . مەن ھامىنى بىر قارارغا كېلىمەن . بۇنىڭدا شەك يوق . ناۋادا سۈنى ئۇچرىتىپ قالسام ، ئۆزۈمدە تەشنالىق تۇيغۇسى پەيدا بولغىنىنى ھېس قىلىشىم مۇمكىن .

بوۋاي بۇ گەپ بىلەن نائىلاج «بوپتۇ» دەپ ئۆتكۈزۈۋەتكىنى بىلەن ، كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ قالدى . ئۇ ئوغلىنىڭ ئائىلە قۇرۇپ ، قولىدىن ئىش كېلىدىغان راۋۇرۇس ئادەم بولۇپ چىقىشىغا تولىمۇ ئىنتىزار ئىدى .

بۇنداق ئەھۋالدا ، رېستوننىڭ جېنىنى بىلەن قانداقتۇر مەڭگۈلۈك مۇناسىۋەت ئورنىتىشى ، دەرۋەقە ئوڭايغا چۈشمەيدۇ ، بۇ ئۇنىڭ ئۆزىگىمۇ ناھايىتى چۈشىنىشلىك ئىدى . شۇڭا ئۇ كەلگۈسى پىلانلىرىنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن كاللىسىدىن بىرقۇر ئۆتكۈزۈپ چىقتى . كېيىنكى ئاقىۋەت قانداق بولسا بولسۇنكى ، جېنىنى ھەرگىز قولدىن چىقارمايدۇ ، شۇنداقتىمۇ ئېھتىيات بىلەن ئىش كۆرۈشى ، ئەرزىمەس خەۋپكە تەۋەككۈل قىلماسلىقى كېرەك . ئۇ جېنىنى سىنسىناتىغا ئەكېلەلەرمۇ ؟ ئەگەر باشقىلار سېزىپ قالسا قانداق تۆھمەتلەرگە دۇچ كېلەر ؟ شەھەر سىرتىدىكى يېقىنراق بىر جايدا پىنھان ساقلىغىلى بولارمۇ ؟ ئۆيدىكىلەرنى بىر كۈن بولمىسا بىر كۈنى گۇمان قىلىپ قالمايدۇ ، دېگىلى بولماس . ئۇ ئۇقەت ئىشى بىلەن باشقا ياققا بارماقچى بولۇپ قالسا جېنىنىمۇ بىرگە ئېلىپ يۈرەلەرمۇ ؟ ئۇ دورەمغۇ ، تۈنجى قېتىملىق نيۇيورك سەپىرى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى . كېيىنمۇ ھەمىشە مۇشۇنداق ئوڭۇشلۇق بولىۋېرەرمۇ ؟ ئۇ بۇ مەسىلىنى قايتا ـ قايتا ئويلاندى . دەل مۇشۇ ئىشتا قىيىنچىلىق مەۋجۇت بولغىنى ئۈچۈن ، ئۇنىڭ ھەۋىسى تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى . زادى سېنت ـ لۇئىس ياخشىراقمۇ ياكى پىتسبورگمۇ ۋە ياكى چىكاگومۇ ؟ بۇ جايلارغا ئۇ دائىم بېرىپ تۇرىدۇ . بولۇپمۇ چىكاگوغا . ناھايەت ، ئۇ جېنىنى

چىكاگوغا جايلاشتۇرۇشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويدى . ئەگەر ئۇ
يەرگە بېرىشقا توغرا كەلسە ، باھانە تېپىش ئوڭاي. ئۇنىڭ ئۇستىگە
پويىزدا بىر ئاخشامدىلا يېتىپ بارىدىغان گەپ . دورۇس، چىكاگو
ئەڭ ياخشى جاي . ئۇ ھەم چوڭ ، ھەم ئاۋات شەھەر ، ئۇ يەردە
سىر ساقلاشقىمۇ ئاسان . ئۇ سىنسىنناتىدا ئىككى ھەپتە ھايال
بولۇپ قالغاندىن كېيىن ، جېننىغا ئۆزىنىڭ پات ئارىدا كلىۋېلاندقا
بارىدىغانلىقىنى يېزىپ خەت ئەۋەتتى . جېننىمۇ ئۇنىڭغا ، ئۇ كەلسە
تولىمۇ ئوبدان بولىدىغانلىقىنى ، دادىسىغا ئۇنىڭ گېپىنى
قىلغانلىقىنى ، يەنە ئۆزىنىڭ ئەتىدىن - كەچكىچە ئۆيدە
ئولتۇرىۋېرىشىمۇ بىئەپ ئىكەنلىكى ، شۇڭا بىر دۇكاندىن ئىش
تاپقانلىقى ، ھەر ھەپتىدە تۆت دوللار تاپاۋەت بولىدىغانلىقىنى
يېزىپ ، جاۋاب خەت ئەۋەتتى . رېستو ئۇنىڭ يەنە ئىشلەۋاتقانلىقىنى
خىيالىغا كەلتۈرۈپ پىسىڭگىدە كۈلۈۋەتتى ، لېكىن ئۇنىڭ
سىياقىنى ۋە روھىي ھالىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈۋىدى ، ئۇنىڭغا
سەل ئىچى ئاغرىپ قالدى . «ئۇ قالتىس قىز - دە ، — دېدى ئۇ
ئۆزىگە ئۆزى پىچىرلاپ ، — مەن مۇشۇ كەمگىچە ئۇچراتقان
قىزلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ پەيزىسىمۇ شۇ .»

رېستو كېيىنكى ھەپتىنىڭ شەنبە كۈنى كلىۋېلاندقا يېتىپ
كەلدى ، كېلىپلا ئاۋۋال جېننى ئىشلەۋاتقان جايغا ئۇنى كۆرگىلى
باردى ، ئۇنىڭ بىلەن كەچتە ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بارىدىغان بولۇپ
دېيىشىپ قويدى . جېننىنىڭ ئۇنى ئەر دوستى قاتارىدا
ئۆيدىكىلەرگە تېزرەك تونۇشتۇرۇشقا تەقەززا بولۇپ تۇراتتى .
ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بارغاندىن كېيىن ، ئۆيلەرنىڭ تارچىلىقى ،
ئائىلىسىنىڭ غورىبەتچىلىكتە ئۆتۈۋاتقىنىنى كۆرۈپ ، كۆڭلى سەل
سوۋۇغاندەك بولدى . ئەمما جېننىغا قارىغۇدەك بولسا ، ئۇ ھېلىھەم
شۇنداق ئوماق ئىدى . ئۇ كېلىپ بىرنەچچە مىنۇت ئۆتكەندىن
كېيىن ، گېرخاردت تاشقىرىقى ئۆيگە چىقىپ ئۇنىڭ بىلەن قول
ئېلىشىپ كۆرۈشتى . گېرخاردتنىڭ ئايالىمۇ چىقىپ ئۇنىڭ بىلەن
ئامانلاشتى ، بىراق ئۇ بۇلارغا ئانچە ئېتىبار قىلىپ كەتمىدى .

ئۇنىڭ نەزىرىدە بۇ نېمىس بوۋايمۇ ئادەتتىكىلا بىر ئادەم، دادىسىنىڭ زاۋۇتىدا ياللىنىپ ئىشلەۋاتقان يۈزلىگەن ئىشچىغا ئوخشاشلا بىر شەخس ئىدى. ئۇلار بىلەن تاغدىن - باغدىن گەپلىشىپ بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن، رېستو جېنىنىغا: «سىرتقا چىقىپ بىردەم ئايلىنىپ كېلەيلى» دېدى، جېنىنى بېشىغا بۆكىنى كىيىپ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە چىقىپ كەتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇلار رېستو باشتىلا ئىجارىگە ئېلىپ جېنىنىنىڭ كىيىملىرىنى ساقلاپ قويغان ھېلىقى ئۆيگە بېرىشتى. جېنىنى كەچ سائەت سەككىزدە قايتىپ كەلدى. ئۆيدىكىلەرمۇ ھېچقانداق چاتاقنى سەزمىدى.

## 25

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، جېنىنى رېستونىڭ ئۇنىڭغا ئۆيلىنىش نىيىتى بارلىقىنى ئۆيدىكىلىرىگە ئۇقتۇردى. رېستونىڭ بۇلارنىڭ ئۆيىگە قېتىمۇ - قېتىم كېلىشىمۇ ئەلۋەتتە مۇشۇ ئىشقا ئىمكانىيەت ھازىرلاش ئۈچۈن ئىدى. ئىشمۇ تەبىئىيلا يۈرۈشۈپ كەتتى. پەقەت گېرخاردتلا سەل گۇماندا بولۇپ قالدى. ئۇ بۇ ئىشنىڭ زادى قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى، ئەگەر خاتا بولسا، خاتاسى قەيەردە ئىكەنلىكىنى ھېچ بىلەلمىدى. رېستوغۇ قالتىس بەلەن يىگىتتەك قىلىدۇ. براندنىڭ ئىشلىرىمۇ بولۇپ ئۆتكەنغۇ، بۇمۇ شۇنداق ئىشمىدۇ؟ قوشما شتاتنىڭ كېڭەش پالاتا ئەزاسى بولغان كىشى جېنىنىنى ياخشى كۆرۈپ قالغان يەردە، بىر ئوقەتچى ياخشى كۆرۈپ قالسا نېمىشقا بولمىغۇدەك؟ بىراق، بۇ يەردە بىر نازۇك مەسىلە بار — ئۇ بولسىمۇ ھېلىقى بالا.

— جېنىنى ئۇنىڭغا ۋىستا توغرۇلۇق ئېيتقانمىكەن؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئايالىدىن.

— ياق، — دېدى ئايالى، — تېخى ئېيتماپتۇ.

— ياق ، ياقلا دەيدىكەنسىز ، ھەممىشە خەقتىن يوشۇرۇپلا يۈرىدىغان گەپمۇ . ئېيتىڭا ، ناۋادا ئۇ كىشى بىلىپ قالسا ، جېنىنىنى ئالامدۇ ؟ بۇنداق قىلىدىغان بولسا ، ئۇنى ئاخىر پالاكەت باسىدۇ . ئوغرىدەك ئىش قىلىپ يۈرگىنىنى قارىمامدىغان ئۇنىڭ . بالىنىڭ قانۇنلۇق ئىسىم ـ فامىلىسىنىمۇ قوللانغىلى بولمىسا تېخى .

بىر ـ ئىككى ھەپتىدىن كېيىن ، جېنىنى ئاپىسىغا :

— رېستودىن خەت ئالدىم ، مېنى چىكاگوغا كېلىڭ دەپ يېزىپتۇ . چۈنكى ئۇنىڭ ئانچە تاۋى يوق ئىكەن ، كلىۋېلاندقا كېلەلمەيدىكەن ، — دېدى . ئانا ـ بالا ئىككىيلەن گېرخاردتقا جېنىنىڭ چىكاگوغا بېرىپ گان ئەپەندى بىلەن توي قىلماقچى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈشتى . گېرخاردت بۇ گەپنى ئاڭلاپ راسا چىچاڭلاپ كەتتى ـ دە ، باشقىدىنلا گۇمانغا چۈشتى . لېكىن ئۇنىڭ كوت ـ كوت قىلىشتىن باشقا ئامالىمۇ يوق ئىدى . بۇ ئىشتىن چوقۇم ياخشى ئاقىۋەت چىقمايدۇ ، دەپ كېسىپلا ئېيتتى ئۇ .

جېنىنىنىڭ يولغا چىقىدىغان كۈنى يېتىپ كەلدى ، ئۇ دادىسى بىلەن خوشلىشالمىدى ، چۈنكى دادىسى ئۇ كۈنى ئىش ئىزدەپ چىقىپ كەتكەن ، كەچقۇرۇنلۇقى قايتىپ كەلمەكچىدى . ئۇ دادىسىنى ساقلاپ تۇرالماي ، ۋوگزالغا يۈرۈپ كەتتى .

— ئۇ يەرگە بارغىنىمدىن كېيىن ئۇنىڭغا خەت يازىمەن ، — جېنىنى قىزىنى چوكۇلدىتىپ سۆيۈپلا كەتتى ، — رېستو پات ئارىدا بىزگە ياخشىراق بىر ئۆي تېپىپ بەرمەكچى ، — دېدى ئۇ ئۈمىدكە تولغان ئاھاڭدا ، — ئۇ بىزنى كۆچۈرۈۋەتمەكچى .

— شۇ كۈنكى كېچىلىك پويىز ئۇنى چىكاگوغا ئەكەتتى ، شۇنىڭ بىلەن ، ئۇنىڭ ئىلگىرىكى تۇرمۇشىغا خاتىمە بېرىلىپ ، يېڭى تۇرمۇشى باشلاندى .

مۇنداق بىر قىزىقارلىق ئىشنى قىستۇرۇپ ئۆتەيلى ، يەنى رېستونىڭ مەردلىكى جېنىلارنىڭ ئائىلىسىنى غورىبەتچىلىكتىن قۇتقۇزۇپ قالغانىدى ، بالىلارمۇ ، گېرخاردتمۇ تېخىچە ھېچنېمىدىن بىخەۋەر ئىدى . ئۆيگە سېتىۋېلىنغان زۆرۈر لازىمەتلىكلەرنى

گېرخاردتنىڭ ئايالى ئېرىدىن خوپپيانە تۈتتى ، ھەشەمەتلىك بۇيۇملارنى بولسا ، سېتىۋېلىشقا قادىر بولسىمۇ ، سېتىۋالمىدى . چۈنكى ئۇ قورققان ، سېتىۋېلىشقا جۈرئەت قىلالمىغانىدى . بىراق ، جىننى چىكاگوغا بىرىپ نەچچە كۈن ئۆتمەيلا ئاپىسىغا : «رېستو سىلەرنى يېڭى ئۆي تېپىپ كۆچكەچ تۇرسۇن ، دەيدۇ» دەپ خەت يازدى . گېرخاردت جىننى كەتكەندىن كېيىن ، «خەپ ، ئۇ قايتىپ كەلسە ، ئۇنىڭ بىلەن راسا بىر ئۇرۇشىمەن» دەپ ئويلاپ يۈرگەنىدى . ئەمدى ئايالى بۇ خەتنى كۆرسىتىۋىدى ، ئۇنىڭ قوشۇمىلىرى تۈرۈلۈپ كەتتى . مۇنداق قارىغاندا ، بۇ خەت ئۇلارنىڭ رەسمىي توي قىلىشقانلىقىنىڭ بىر دەلىلىدەك قىلىدۇ . ئۇ ئۆز كۆڭلىدە : «ئەگەر ئۇ كىشى جىننى بىلەن توي قىلمىغان بولسا ، نېمىدەپ بىزگە ياردەم بېرىدۇ؟ بەلكىم جىننى ئۇنىڭ بىلەن رەسمىي توي قىلغان بولۇشى مۇمكىن . ئېھتىمال جىننى ھازىر قەدىر - قىممىتى ئۆسۈپ ، ئۆيدىكىلەرگە ياردەم قىلالىغۇدەك ھالغا كەلگەن بولسا كېرەك» دەپ ئويلاپ قالدى ؛ شۇنىڭ بىلەن ، جىننىنىڭ جىمى ئىشىنى ئەپۇ قىلىۋېتىش نىيىتىگىمۇ كېلىپ قويدى .

ئائىلىدە بىرقۇر مەسلىھەت قىلىشقاندىن كېيىن ، ئۇلار يېڭى ئۆي ئىزدەش قارارىغا كېلىشتى ھەمدە جىننىنى كلىۋېلاندقا قايتىپ كېلىپ ئاپىسىنىڭ ئۆي كۆچۈشىگە ياردەملىشىشكە چاقىرتىشتى . ھەممەيلەن تەرەپ - تەرەپكە چېپىشىپ ، ئاخىر چىرايلىق ھەم ئازادە بىر يورۇق ئۆينى تېپىشتى . بۇ ھويلىسى بار ، مۇۋاپىق جاھازلانغان ، ئىجارىسى ئوتتۇز دوللار بولغان توققۇز ئېغىزلىق ئۆي ئىدى . غىزالىنىش ئۆيى بىلەن زال ئۆي كۆڭۈلدىكىدەك جاھازلانغان ، مېھمانخانىسىغا بىر يورۇق چىرايلىق سەرەمجان قويۇلغانىكەن ، ھۇجرا ئۆيلەرنىڭ سەرەمجانلىرىنىشىمۇ تولۇق ئىكەن . ئاشخانىدا كېرەكلىك نەرسىلەرنىڭ ھەممە خىلى بار ، ھەتتا ۋاننىمۇ بار ئىكەن . بۇنداق ھەشەمەتتىن گېرخاردتنىڭ ئائىلىسى ئەزەلدىن بەھرىمەن بولۇپ باقمىغانىدى . بۇ ئۆي ئاددىي

كۆرۈنگەندەك قىلغان بىلەن ، كۆڭۈلگە ياقاتتى . جىننى
ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ بۇ ئۆيدە بەھۇزۇر ئولتۇرالايدىغىنىدىن قەۋەتلا
مەمنۇن بولدى .

ئۆي كۆچۈش باشلانغان چاغدا ، گېرخاردتنىڭ ئايالى
خۇشلۇقتىن قىن ـ قىنىغا سىغمايلا قالدى ، چۈنكى بۇ ئۇنىڭ
شېرىن چۈشىنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقى ئەمەسمۇ ؟ ئۇ پۈتۈن ھاياتىدا
مۇشۇ كۈننى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتۈپ كەلگەنىدى ، مانا ئەمدى
مۇرادىغا يەتتى . يېڭى ئۆي ، يېڭى ئەنجاملار ، شۇنچە كۆپ
ھۇجرا . . . بۇلارنىڭ چىرايلىقلىقچۇ تېخى . . . بۇ يېڭى كارىۋات ،
يېڭى ئۈستەل ، يېڭى ئىشكاپ ھەم باشقا ھەر خىل ـ ھەر ياڭزا
نەرسىلەرنى كۆرۈپ ، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن شادلىق ئۇچقۇنلىرى
چاقناپ كەتتى .

— قەدىرلىكىم ، ئەزىزىم ، قاراڭ ، بۇنىڭ
چىرايلىقلىقىنى ! — ئۇ ئاغزى بىسىلماي سۆزلەيتتى ، —
شۇنداققۇ ، مانا ماۋۇنى گۈزەل دېمەمدۇ !

جېننى مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى ، ئۆزىنىڭ ئىچكى ھېس ـ
تۇيغۇلىرىنى ئاشكارىلىماي پەقەت رازىمەنلىكىنىلا بىلدۈرمەكچى
بولغان بولسىمۇ ، كۆز چاناقلىرى ئىختىيارسىز ياش بىلەن لىق
تولدى . ئۇ ئاپىسى ئۈچۈن خۇشال بولۇۋاتاتتى . رېستوننىڭ بۇ
ئائىلىگە بۇ قەدەر ھىممەت كۆرسىتىۋاتقىنىنى خىيالىدىن
ئۆتكۈزۈپ ، «ئۇنىڭ تاپىنىنى سۆيسەممۇ ئەرزىيدۇ» دەپ ئويلىدى .

جاھازلارنى ئۆيگە ئەكىرىدىغان كۈنى گېرخاردتنىڭ ئايالى ،
مادا ھەم ۋېرونىكالارغىچە ھەممىيلەن ھەرىكەتكە كېلىپ ، ئۆينى
سەرەمجانلاشتۇرۇشتى . ئۆيلەرنىڭ شۇنچىۋالا كەڭتاشا
ئىكەنلىكىگە ، يەنە تېخى ھويلىسىنىڭمۇ بارلىقىغا قاراپ ئاغزى
ئېچىلىپلا قېلىشتى . ھويلا قىشتا تاپتاقىر كۆرۈنگىنى بىلەن ،
ئەتىيازغا بارغاندا ئۇنىڭغا باشقىچىلا ھۆسن كىرىشى چوقۇم . قاتار
تىزىۋېتىلگەن يېڭى جاھازلارنى كۆرۈپ ، پۈتۈن ئائىلە كىشىلىرى
خۇشاللىقتىن قىن ـ قىنىغا سىغماي كېتىشتى . نىمىدېگەن



www.uyghurkitap.com

چىرايلىق ، نېمىدېگەن ئازادە ! گېئورگى ھەدەپ يېڭى گىلەمگە پۇتىنى سۈركەش بىلەن ئاۋارە ئىدى ، باس جاھازلارنىڭ سۇپىتىنى ئىنچىكىلەپ كۆزىتىپ ، ئۇلارغا : «پەيزى ئىكەن !» دەپ باھا بەردى . گېرخاردتىنىڭ ئايالى خۇددى چۈش كۆرۈۋاتقاندەك ، ئۆيىنىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپلا يۈردى ، مۇشۇ چىرايلىق ھۇجرىنىڭ ، مۇشۇ چىرايلىق مېھمانخانىنىڭ ، مۇشۇ نەپىس غىزالىنىش ئۆيىنىڭ راستتىنلا ئۆزىنىڭ ئىكەنلىكىگە ھېچ ئىشەنگۇسى كەلمەيتتى .

گېرخاردت ھەممىنىڭ ئاخىرىدا كەلدى . ئۇ خۇشال بولۇۋاتقىنىنى چاندۇرماسلىققا ھەرقانچە تىرىشىمۇ ئۆزىنى باسالماي بىرنەچچە ئېغىز ماختاپ قويماي تۇرالمىدى . غىزالىنىش ئۆيىدىكى ئۈستەلنىڭ ئۈستىدە ئېسىقلىق تۇرغان شارسىمان ئاقۇچ گازۋاي لامپا ئۇنىڭغا خېلىلا ياقتى .

— تېخى گازمۇ بار ئىكەن ! — دەۋەتتى ئۇ .

ئۇ جىددىي تەرزدە ئۈستەلنىڭ قاشلىرى ئارىسىدىن ئايىغى ئاستىدىكى يېڭى گىلەمگە ، كاۋچۇك ياغىچىدىن ياسالغان ئۇزۇن ئۈستەلگە سېلىنغان ئاپئاق داستىخانغا ، يېڭى چىنە - تەخسىلەرگە ، تامغا ئېسىلغان رەسىمگە ، چىرايلىق ، پاكىز ئاشخانىغا كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى .

— يا رەببىم ، قالتىس ئىكەنغۇ ! — دېدى ئۇ ، — ئاجايىپ چىرايلىق ، قالتىس چىرايلىق ئىكەن . ئەمدى پەخەسرەك بولايلى ، نەرسىلەر سۇنۇپ كەتمىسۇن . بۇ نەرسىلەرگە ئوڭايلا دەز كېتىدۇ ، دەز كەتسىلا نابۇت بولىدۇ .

دېمەك ، گېرخاردتمۇ رازى بولغانىدى .

## 26

شۇنىڭدىن كېيىنكى ئۈچ يىلدا يۈز بەرگەن ئىشلارنى بىرمۇبىر خاتىرىلەپ ئولتۇرۇشىمىزنىڭ ھاجىتى بولمىسا كېرەك .

بۇ ، گېرخاردت ئائىلىسىنىڭ تۆۋەن تۇرمۇش شارائىتىدىن تەدرىجىي ھالدا ئۆزىنى ئۆزى قامدىيالايدىغان شارائىتقا ئېرىشىشى جەريانىدىكى ئىشلار ھەم كەچۈرمىشلەر ئىدى. بۇنداق بولۇشى ئەلۋەتتە جېنىنىنىڭ ئامال قىلغانلىقىدىن، يەنى جېنىنىنىڭ رابىتىسى بىلەن، ئۇنىڭ يىراقتىكى ئېرىنىڭ ماددىي ياردەمنى ئايىماي بېرىۋاتقانلىقىدىن ئىدى. رېستو كلىۋېلاندقا بىرە - بىرە كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئەزىز مېھمىنى بولاتتى؛ گاھى چاغلاردا ئۇلارنىڭ ئۆيىدە بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ قالاتتى. جېنىنى بىلەن ئىككىسى ئۇستۇنكى قەۋەتتىكى ئەڭ ياخشى ئىككى ئېغىز ئۆينى ئىگىلىگەنىدى. جېنىنى ئۆز ئۆيىدە تۇرغان چاغلىرىدا، رېستونىڭ چاقىرتىشى بىلەن، پات - پاتلا چىكاگو، سېنت - لۇئىس ياكى نيۇيوركقا بېرىپ كېلەتتى. رېستونىڭ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىشتىكى ئەڭ ئامراق ئىشلىرىنىڭ بىرى — مەشھۇر جايلارغا، مەسىلەن، ئارشاك، كلىمېن تېغى، ساراگوگا قاتارلىق جايلارغا بېرىپ بىر - ئىككى ھەپتە تۇرۇپ، سۆيۈملۈك خوتۇنى بىلەن كەيپ - ساپالىق تۇرمۇش كەچۈرۈش ئىدى. بەزى چاغلاردا ئۇ كلىۋېلاندتىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاچ جېنىنىنى يوقلاپ كېلىپ، بىر كۈن تۇرۇپلا يەنە كېتىپ قالاتتى. ئۇ جېنىنىنىڭ ئۇرنى تۈزۈككىنە ئىسسىمايۋاتقىنى سەۋەبلىك چىدىغۇسىز غەم - غۇسسىگە پېتىپ يۈرۈۋاتقىنىنى سېزىپلا يۈرەتتى، بىراق جېنىنىنى بۇ غەملەردىن خالاس قىلىشنىڭ ئامالى تېخى كاللىسىغا كەلمىگەن، شۇنداق قىلىشنى ئۆزى زادى خالامدۇ، يوق، بۇنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. لېكىن، ئۇنىڭ كۆڭلى قالتىس پەيزى ئۆتمەكتە ئىدى.

گېرخاردت ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ بۇ ئىشقا بولغان پوزىتسىيىسى باشقىچىرەك ئىدى. دەسلەپىدە، جېنىنى بىلەن رېستونىڭ مۇناسىۋىتى رەسمىيلەشمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ھەممەيلەنگە ناھايىتى تەبىئىيدەك تۇيۇلغانىدى. جېنىنى «مەن توي قىلدىم» دېگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ توي خېتىنى كۆرگەن ھېچكىم يوق. جېنىنىغۇ شۇنداق دەپ يۈرۈۋەردى، قارىماققىمۇ بۇلار

ئەر ـ خوتۇن بولۇشۇپ بولغاندەك كۆرۈنەتتى . لېكىن ئۇ يىگىتنىڭ يۈرتى بولغان سىنسىنناتى دېگەن جايغا زادىلا بېرىپ باقمىدى ، يىگىتنىڭ تۇغقانلىرىمۇ ئۇنى كۆرگىلى كېلىپ باقمىدى . يۈرۈش ـ تۇرۇشىدىن قارىغاندىمۇ ، ئۇ كىشى ئۆيلەنگەن ئادەمگە زادىلا ئوخشىمايتتى . مۇئامىلىسى ئاجايىپ سوغۇق ئىدى ، بەزىبىر ۋاقىتلاردا ئۇدا بىرنەچچە ھەپتىگىچە بويىنىمۇ كۆرسەتمەي قوياتتى . جېنىنى ئۇنىڭ بىرنەچچە ئەرزىمەس باغاقچىسىنىلا تاپشۇرۇۋالاتتى . بەزىدە جېنىنى سىرتلارغا چىقىپ ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقاندىمۇ بىرنەچچە كۈننىڭ نېرىسىغا بارمايتتى . گاھىبىر چاغلاردا ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتىدە بولۇپ يۈرۈۋاتقانلىقىنىڭ ئىسپاتى كۆرۈلگەندىمۇ يەنىلا تەبىئىيدەك كۆرۈنمەيتتى .

باس بۇ چاغلاردا يىگىرمە بەش ياشقا كىرىپ ، چوپچوڭلا يىگىت بولۇپ قالغانىدى . ئۇ ئىش كۆرگەن ئادەمدەك پەملىك نەزەرگە ئىگە ئىدى . ئۆزىنى باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇتۇشقا زوقمەن ئىدى ، ئۇ سىڭلىسىنىڭ بۇ ئەھۋالىنى كۆرۈپ سەل شۈبھىلەنمەي تۇرالمىدى . ئۇ كىشىلىك تۇرمۇش تەجرىبىسىدىن ئاز ـ تولا خەۋەردار بولۇپ قالغان ، شۇڭا تەبىئىي ھالدا ، بۇ ئىشنىڭ تازا قاملاشمىغان ئىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ قالدى . گېئورگى بۇ مەزگىللەردە ئون توققۇز ياشتا ئىدى ، گۈللۈك تام قەغىزىنى چىقىرىدىغان زاۋۇتتا ئىشلەپ يۈرۈپ ، ئورنى خېلىلا ئىسسىپ قالغانىدى ، ئۇ مۇشۇ كەسىپتە ئۈزۈپ چىقىش كويىدا يۈرەتتى ، شۇڭا بۇ ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى سەزگەندىن كېيىن ، ئۇنىڭمۇ كۆڭلى تازا جايىدا بولماي قالدى . مادا ئون يەتتىگە كىرگەن ، ئۇ ، ۋىلىيام ، ۋېرونىكالار تېخى مەكتەپتە ئوقۇۋاتاتتى . ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوقۇش پۈرسىتىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ ، جېنىنىنىڭ ئاشۇ بالىسىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن خەۋەردار بولغاچقا ، تۇرمۇشتا دېگەندەك خاتىرجەم بولالمىدى . قولۇم ـ قوشنىلارغۇ ئۆزلىرىنىڭ خۇلاسىسى بىلەن ئاۋارە . بۇلار باشقىلار بىلەن ناھايىتى ئاز

باردى ـ كەلدى قىلىشاتتى. گېرخاردت ئىشنىڭ ئاقىۋىتى چوقۇم چاتاقتا ئۆرۈلىدىغانلىقىنى كۆڭلى تۇيۇپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ قېتىمقى ئىشقا ئۆزىمۇ چېتىقلىق بولغاچقا، ئوتتۇرىغا چىقىپ تالاش ـ تارتىش قىلىشنى ئانچە راۋا كۆرمىدى. گاھىبىر چاغلاردا قىزىدىن گەپ سوراپ باققۇسى، ئۇنىڭغا ئالدىنىپ قالماسلىق ھەققىدە نەسىھەت قىلىپ قويغۇسى كېلەتتى. ئەمما بولغۇلۇق بولۇپ بولدى ـ دە. كېيىنكى ئىشلارنى ئۆز كۆڭلىدە ئاشۇ يىگىتنىڭ ئىنساپىغا تاپشۇرۇش بىلەن ئۆزىنى بېسىۋالدى.

ئىشلار ئاستا ـ ئاستا تەرەققىي قىلىپ، بۇزۇلاي ـ بۇزۇلاي دەپ تۇرۇشىغا، كىشىلىك تۇرمۇش ئالدىن مۆلچەرلىگىلى بولمايدىغان ھەل قىلىش چارىسىنى ئوتتۇرىغا تاشلىدى. مۇشۇ مەزگىللەردە گېرخاردتنىڭ ئايالىنىڭ تەن ساقلىقى تازا ياخشى بولمايۋاتاتتى. گەرچە ئۇ ناھايىتى تەندۇرۇس، چەبدەس ئايال بولسىمۇ، يېقىنقى يىللاردىن بېرى ھورۇنلىشىپ قالدى، تېنىمۇ بارغانسېرى ئاجىزلاشقىلى تۇردى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تېگىدىن ئىچى كۆچلۈك ئايال بولغاچقا، ھېسابسىز دەرد ـ تەشۋىشنى ئىچىگە يۇتۇپ كەلگەنلىكتىن، مانا ئەمدى پۈتۈن بەدىنى زەھەرلىنىش كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغاندەك ھالغا چۈشۈپ قالدى. ئۇنىڭ كېسىلى سوزۇلما خاراكتېرلىك بولغىنى بىلەن، جانىنى قاقشىتىدىغان كېسەل ئىدى. شۇڭا ئۇ ھەرقانداق ئىشقا ئېرىنچەكلىك قىلىدىغان بولۇپ قالدى، ئازراق ئىش قىلىپ قويسىلا، ھېرىپ كېتەتتى. ناھايەت، بىر كۈنى جېنىنىغا پەلەمپەيدىن چىقىشتىمۇ خېلىلا قىينىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— ئۆزۈمنى تازا كەيپسىز سېزىۋاتىمەن، — دېدى ئۇ، — كېسەلچان بولۇپ قالغان ئوخشايمەن.

جېنىنى ئىچىدە سەل چۆچۈپ قالدى، ئاپىسىنى يېقىن ئەتراپتىكى ئارىشاڭغا ئاپىرىپ داۋالىتىپ كەلمەكچى بولغانىدى، ئاپىسى بارغىلى ئۇنىمىدى.

— قويساڭا، بۇنداق قىلغانىنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق، —

دېدى ئۇ . ئۇ بىر بولسا ئۆيگىلا بېكىنىۋالاتتى ، بىر بولسا قىزى بىلەن سىرتقا چىقىپ ، پەيتۇنغا چۈشۈپ سەيلە قىلىپ كېلەتتى ، بىراق كۆڭۈلسىز كۆز مەنزىرىسى ئۇنىڭ جېنىغا تېگىپ قوياتتى .
— مەن كۆزدە ئاغرىپ قالمىسامىكەن دەيتتىم ، — دېدى ئۇ ، — بۇ توزۇپ يۈرگەن خازانلار كېسەللىمنىڭ ئوڭشىلالمايدىغانلىقىنى ماڭا ئەسلىتىپ قويىدۇ .
— ۋىيەي ، ئاپا ، نېمىلەرنى دەۋاتىسىز ! — جېنىنى ئاغزىدا شۇنداق دېگەنبىلەن ، كۆڭلىدە ئەنسىزلىنىپ قالدى .
كىشىلەر ئادەتتە ئاپىنى يۆلەك قىلىشىدۇ . ئاپىنىڭ بېشى ياستۇققا يەتكەندە ، ئاندىن قەدرى بىلىنىدۇ . باس ھەممىشە : تېزرەك توي قىلىۋالسام ، بۇ مۇھىتتىن بالدۇرراق قۇتۇلسام ئىكەن ، دېگەن ئوي بىلەنلا بەند بولۇپ يۈرگەنىدى . ئەمدى ئۇ خىياللارنىمۇ ۋاقىتىنچە بىر چەتكە يىغىشتۇرۇپ قويدى . گېرخاردت خۇددى زور بالا ـ قازاغا دۇچ كېلىش ئالدىدا تۇرغاندەك ، كۈچلۈك ۋەھىمە ئىچىدە قالدى . جېنىنى ئىلگىرى ئائىلىدە ئۆلۈم ئۇزىتىش ئىشلىرى بولۇپ باقمىغاچقا ، ئاپىسىدىن ئايرىلىپ قېلىش ئېھتىمالىنى خىيالىغا زادىلا كەلتۈرمىدى ، گويا ئاپىسىنىڭ ھايات قېلىشى پۈتۈنلەي ئۆزىگە باغلىقتەك تۇيغۇدا بولۇپ يۈردى . ئەھۋالنىڭ يامانلىشىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ ، يەنە ئۈمىدىنى ئۈزۈۋەتمەي ، ئاپىسىنىڭ قېشىدىن بىردەممۇ نېرى بولمىدى ، ئاپىسىنىڭ ھالىدىن سەۋر ـ تاقەت بىلەن خەۋەر ئېلىپ ، ئوڭشىلىپ قالار دەپ تەمە قىلىپ ، ئاخىر تاتىراڭغۇ چىراي ، خۇنۇك ئوبرازغىلا ئوخشاپ قالدى .
بىر ئايلىق كېسەل ئازابى ۋە بىرنەچچە كۈنلۈك بىھوشلۇقتىن كېيىنكى بىر ئەتىگىنى ئەزرائىل ئامانەتنى ئالغىلى كەلدى . ئاپا بىھوش ياتقان بىرنەچچە كۈندىن بېرى ئۆيئىچىنى جىمجىتلىق قاپلىغانىدى ، ھەممەيلەن پۈتىنىڭ ئۇچىدا ، تىنۋىش چىقارماي ماڭاتتى . جان ئۈزۈشتىن بىرنەچچە مىنۇت ئىلگىرى ئاپا ھوشىغا كېلىپ ، ھاياتلىق نۇرى ئۆچۈش ئالدىدا تۇرغان كۆزلىرىنى

جىنىنغا تىكتى. جىننى كۈچلۈك ۋەھىمە ئىلكىدە، ئاپىسىنىڭ كۆزلىرىگە تەلمۈرۈپ قاراپتتى.

— جىنىم ئاپا! ئاپا! — دەيتتى ئۇ ھەسرەتلىك يىغا ئارىلاش، — ياق، كەتمەڭ، بىزنى تاشلاپ كەتمەڭ!

گېرخاردت ھويلىدىن ئوقتەك ئېتىلىپ كىرگىنىچە، ئۇدۇل كارىۋاتنىڭ قېشىغا بېرىپ يەرگە تىزلاندى ـ دە، ئايالىنىڭ ئورۇقلاپ تارىشىدەك قېتىپ كەتكەن قوللىرىنى ھەسرەت بىلەن سىقىپ تۇرۇپ ئىندا قىلدى:

— ئاۋۋال مەن كەتسەم بولماسمىدى! مەن كەتسەم بولمامدۇ!

گېرخاردتنىڭ ئايالىنىڭ ئۆلۈمى ئائىلىنى ئەڭ ئاخىرقى بۆلۈنۈشكە ئېلىپ باردى.

باس خېلى بۇرۇنلا شەھەردىن بىر قىزنى تاپقانىدى، مانا ئەمدى توي قىلىش غېمىدە پايپېتەك بولۇپ كەتتى. مادانىڭ تۇرمۇش تەجرىبىسى خېلىلا ئۆلغىيىپ قالدى، ئۇمۇ ئۆيدىن چىقىپ كېتىشكە ئارانلا تۇراتتى. ئۇنىڭچە، مۇشۇ ئۆيدىلا تۇرىۋېرىدىغان بولسا ئۆزىگە داغ تەگكۈزۈۋېلىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ ھۆكۈمەت قارىمىقىدىكى مەكتەپنى ئۆزىنىڭ كىرىم مەنبەسى قىلىۋالغانىدى؛ ئۇ مۇئەللىملىك قىلماقچى بولدى. پەقەت گېرخاردتلا ئۆزىگە نەدىن نىجاتلىق تېپىشنى بىلمەيتتى. بۇ كۈنلەردە ئۇ يەنە كېچىلىك پوستتا تۇرىدىغان ئىشتا ئىدى. بىر كۈنى، جىننى ئۇنىڭ ئاشخانىدا يالغۇز ئولتۇرۇپ كۆز يېشى قىلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۆزىمۇ ئىختىيارسىز يىغلاپ تاشلىدى.

— دادا، — دەپ ئۆتۈندى ئۇ، — ئىش تېخى ھېچ ئامال تاپالمىغۇدەك دەرىجىگە بېرىپ يەتكىنى يوققۇ. مەنلا بولىدىكەنمەن، سىزنىڭ ھامىنى ئۆز ماكانىڭىز بار بولىدۇ، بۇنى ئۆزىڭىزمۇ بىلىسىزغۇ؟ مەن بىلەن كەتسىڭىزلا بولمىدىمۇ؟

— ۋاي، ياقەي، — دېدى ئۇ ئېتىراز بىلدۈرۈپ، راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ جىننى بىلەن كەتكۈسى يوق ئىدى، — مەن بۇلارنى ئويلىغىنىم يوق، ئۆمرۈمنىڭ مانا مۇشۇنداق بىھۇدە خوراپ

كېتىۋاتقىنىنى دەيمەنا .

ئۇزاقىقا بارماي ، باس ، گېئورگى ، مادالار ئاخىر بىر - بىرلەپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىشتى ، ئۆيدە جېننى ، دادىسى ، ۋېرونىكا ، ۋىلىياملار قېلىپ قېلىشتى ، يەنە بىر ھاياتلىق ئىگىسىمۇ بار ، ئۇ — جېننىنىڭ بالىسى ئىدى . دەرۋەقە ، رېستو ۋىستانىڭ كەچۇرمىشىدىن ھېلىغىچە خەۋەرسىز ئىدى . دېمىسىمۇ قىزىق ، ئۇ بالىنى زادىلا كۆرۈپ باقمىدى . جېننىلارنىڭكىگە كەلگىنىدە ، ھەر قېتىمدا جىق بولسا ئىككى - ئۈچ كۈنلا تۇرۇپ كېتەتتى ، گېرخاردتنىڭ ئايالى ۋىستانى ئوبدانلا بىر يەرگە يوشۇرۇپ قوياتتى . ئەڭ ئۇستۇنكى قەۋەتتە ئويۇنخانا ھەم ياتاق ئۆيى بار ئىدى ، شۇڭا ۋىستانى يوشۇرۇش ئوڭايلا ئىدى . رېستو ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىدىن ئانچە چىقمايتتى ، بەزىدە غىزانىمۇ ھۇجرىسىدا يەيتتى . ئۇ باشقىلارنىڭ ئىشىنى سۈرۈشتە قىلىشنى ياقتۇرمايتتى . ئۇنىڭ ئائىلىدىكى باشقا ئەزالارنى چېلىقتۇرۇپ قېلىشىمۇ ناھايىتى ئاز توغرا كېلەتتى . ئۇلارنى ئۇچرىتىپ قالسا ، ئۇلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ قويۇش ياكى بىرنەچچە ئېغىز تاغدىن - باغدىن گەپ سوراپ قويۇش بىلەنلا كۇپايىلىنەتتى . ھەممەيلەن بۇ بالىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ قېلىشىدىن ئېھتىيات قىلىپ يۈرگەچكە ، ئۇ زادىلا كۆزگە چېلىقىپ قالمىدى .

ياشانغان كىشىلەر بىلەن بالىلار ئوتتۇرىسىدا چۈشەنگىلى بولمايدىغان بىر خىل ھېسداشلىق ، يەنى خۇشاللىق بىلەن ھەسرەت ئارىلىشىپ كەتكەن بىر خىل يېقىنچىلىق ۋە كۈچ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ . روۋلېي كوچىسىدا ئولتۇرغان تۇنجى يىلىدىلا ، گېرخاردت دائىم باشقىلار دىققەت قىلمىغان چاغدا ، ۋىستانى مۇرىسىگە ئولتۇرغۇزۇۋېلىپ ، ئۇنىڭ قىزغۇچ مەگزىنى چىمدىپ ئەركىلىتىپ قوياتتى . كېيىن بالا تەمتىم مېڭىشقا باشلىغاندا ، لۆڭگىنى بالىنىڭ مەيدىسىگە باغلاپ ، بىر ئۇچىنى ئۆزى تۇتۇۋېلىپ ، ئېرىنمەستىن ئۇنى ئۆيئىچىدە ئاستا ماڭدۇرۇپ ، تاكى ئۇنى ئۆزى دەم - دەم مېڭىپ ئىككى - ئۈچ قەدەم چامدىيالىغۇدەك بولغۇچە ، مېڭىشقا

www.uyghurkitap.com

ئۆگىتىپ يۈردى . بالا راۋۇرۇس ماڭالايدىغان بولغاندا ، ئۇ يەنە تاتلىق گەپلەر بىلەن بالىنى گوللاپ ، مېڭىشقا قىزىقتۇرۇپ يۈردى . ئۇ بۇنداق چاغلاردا كۆڭلى ئۇنىماي تۇرسىمۇ ، كۆرۈنۈشتە سۇرلۇك قىياپەتكە كىرىۋالاتتى ، لېكىنزە ئىچ ـ ئىچىدىن بالىغا ئامراقلىقى كېلىپ تۇراتتى . تەقدىرنىڭ ئاجايىپ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ، ئائىلىنىڭ شەنىگە چۈشكەن بۇ داغ ، ئەخلاقنى بۇلغىغان بۇ داغ ، ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقى ھەم مەسۇمەلىكى بىلەن ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى ئاجىز نۇقتىنى تۇتۇۋالغانىدى . ئۇ بۇ كىچىككىنە يېتىمەگە ئىچ ـ ئىچىدىن كۆيۈپ ھەم ئۇنىڭدىن ئۈمىد كۈتۈپ يۈردى . بۇ بالا گېرخاردتنىڭ تار ھەم قاراڭغۇ تۇرمۇشىدىكى بىر زەررە نۇر ئىدى ، گېرخاردت ئۇنىڭغا دىنىي تەربىيە بېرىش مەسئۇلىيىتىنى خېلى بۇرۇنلا ئۈستىگە ئالغانىدى . ئەينى چاغدا بۇ بالىنى چوقۇندۇرۇش پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋالغان كىشىمۇ دەل ئۆزى ئەمەسمىدى ؟

— «بىزنىڭ ئاتىمىز» دېگىنە ، — ئۇ ھەمىشە ئۆپچۆرىسىدە ئادەم يوق چاغلاردا ، تېخى تۇزۇك تىلى چىقمىغان بۇ بالىغا شۇنداق دەپ ئۆگىتەتتى .

— بىىنىڭ ئاتىمىز ، — دەيتتى ۋىستا ئۇنى دوراپ .

— ئەرشتە تۇرىدۇ .

— ئەيىشتە تۇيىدۇ ، — دەيتتى بالا ئەگىشىپ .

— سىز نېمە ئۈنىڭغا بۇنداق بالدۇر ئۆگىتىۋاتىسىز ، — دەيتتى ئانىسى ؟ — ئايالى بالىنىڭ ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن سوزۇق تاۋۇشنى ئارىلاشتۇرۇپ سۆزلەۋاتقىنىنى ئاڭلاپ قېلىپ ، ئېرىدىن شۇنداق دەپ سورىغانىدى .

— چۈنكى مەن ئۇنىڭغا خرىستىئان دىنىنىڭ ئەقىدىلىرىنى ئۆگىتەمەكچىمەن ، — دېدى گېرخاردت ئۆزىنىڭ گېپىنى راست قىلىپ ، — ئۇ دۇئا قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك . ھازىر ئۆگىنىۋالمىسا ، مەڭگۈ ئۆگىنەلمەيدۇ .

ئايالى كۈلۈپ قويۇشتىن باشقا ئىپادە بىلدۈرمىدى . ئېرىنىڭ غەلىتە دىنىي يوسۇنلىرى بار بولۇپ ، بۇلار ئۇنىڭغا قىزىق

تۇيۇلاتتى . شۇنىڭ بىلەن بىللە ، ئېرىنىڭ بالىنىڭ تەربىيىسىگە مۇشۇنداق كۆڭۈل بۆلۈۋاتقىنىنى ھەم قىزىقىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ ، ئىچىدە خۇشال بولاتتى . شۇنىسى بەزى چاغلاردا گېرخاردت ناھايىتىمۇ كاجلىشىپ ، ئىچى تارلىق قىلىپ كېتەتتى . ئۇنداق بولمىغان بولسا ، تېخىمۇ ئوبدان بولماسمىدى؟ ئۇ مۇشۇ قىلىقلىرى بىلەن ئۆزىنىمۇ ، خەقنىمۇ قىيناپ قوياتتى .

ئەتىيازنىڭ ھاۋا ئوچۇق بىر كۈنى ئەتىگەندە ئۇ تۇنجى قېتىم دۇنيانى كۆرسىتىش ئۈچۈن بالىنى سىرتقا ئاچىقماقچى بولدى .

— يۇر ، ئىككىمىز سىرتقا چىقىپ ئايلىنىپ كېلەيلى .

— ئايىنىپ كىيىمىز ، — دېدى ۋىستا .

— ھە ، توغرا ، ئايلىنىپ كېلىمىز ، — دېدى گېرخاردت .

ئايالى ۋىستاغا شامالدىن دالدا قىلىدىغان شىلەپە كىيدۈرۈپ قويدى ، جېنىنى ۋىستانىڭ جىمى كىيىمىنى تەل قىلىپ بەرگەنىدى . ئۇ كىيىنىپ بولغاندىن كېيىن ، گېرخاردت ئۇنى كىچىككىنە قوللىرىدىن تۇتۇپ سىرتقا ئېلىپ ماڭدى . ئۇ سەۋرچانلىق بىلەن قەدەملىرىنى ئاستا يۆتكەپ ، بالىنىڭ ئۇشاق مېڭىشىغا ماسلىشىپ چامدايتتى .

ۋىستا تۆت ياشقا كىرگەن يىلى ، ماي ئېيىنىڭ ھاۋا ئوچۇق بىر كۈنى ، ئۇلار يەنە ئايلىنىپ كېلىش ئۈچۈن سىرتقا مېڭىشتى . تەبىئەتنىڭ بۇ مەزگىلىدە ھەممە يەر يېشىللىققا پۈركەنگەنىدى . ئۇچار قۇشلار ۋىچىر - ۋىچىر سايرىشىپ ، ئۆزلىرىنىڭ جەنۇبتىن يېڭىلا يېتىپ كېلىشكەنلىكىنى خەۋەر قىلىشماقتا ؛ قۇرت - قوڭغۇزلار ئۆزلىرىنىڭ قىسقىغىنا ھاياتىدىكى ئەڭ پەيزى مەزگىللىرىنى ئۆتكۈزۈشمەكتە ؛ قۇشقاچلار يول بويلىرىدا چۇرۇقلاشماقتا ؛ قىزىل قۇيرۇقلۇق بۇلبۇللار ئوت - چۆپلەر ئارىسىدا مەيدىلىرىنى كېرىپ ، گىدىيىپ يۈرۈشمەكتە ؛ كۆك قۇشقاچلار ئۆيلەرنىڭ لەمپىسى ئاستىدا ئۇۋا سېلىشماقتا ئىدى .

www.uyghurkitap.com

گېرخاردت تەبىئەتنىڭ بۇ ئاجايىپ مەنزىرىسىنى ۋىستاغا بىر مۇبىر كۆرسەتكەچ ، ئۆز كۆڭلىدە شادلىق ھېسىغا چۆمدى . ۋىستانىڭ ئىنكاسىمۇ تېز ئىدى . ھەربىر يېڭى كۆرۈنۈش ۋە تاۋۇش ئۇنىڭدا تېخىمۇ بەك قىزىقىش پەيدا قىلاتتى .

— ئۇيىۇ ! ئۇيىۇ ! — بىر قىزىل قۇيرۇقلۇق بۇلبۇل يېقىن ئەتراپتىكى دەرەخ شېخىغا قونۇۋىدى ، ۋىستاغا گويا كۆز ئالدىدىن بىر قىزىل نۇر پاللىدە چاقناپ ئۆتكەندەك تۇيۇلۇپ كەتتى ، ئۇ قوللىرىنى ئېگىز پۇلاڭلىتىپ ، كۆزلىرىنى يوغان ئاچقىنىچە چۇۋۇرلاپ كەتتى .

— ھە ، بۇچۇ ، — دېدى گېرخاردت خۇددى ئۆزىمۇ بۇ ئاجايىپ مەخلۇقنى تېخى ئەمدى كۆرۈۋاتقاندەك خۇشاللىنىپ ، — بۇ دېگەن قىزىل قۇيرۇقلۇق بۇلبۇل . قۇش . «قىزىل قۇيرۇقلۇق بۇلبۇل» دېگىنە .

— قىزىي قۇيىۇقيۇق بۇيبۇي ، — دېدى ۋىستا .

— شۇنداق . قىزىل قۇيرۇقلۇق بۇلبۇل ، — دېدى گېرخاردت ، — ئۇ ھازىر قۇرت تاپقىلى ماڭدى . قېنى قاراپ باقايلىچۇ ، قۇش ئۇۋىسى بارمىكىن . مۇشۇ دەرەخنىڭ ئۇستىدە بىرى بارلىقىنى كۆرگەنىدىم .

ئۇ ئىرىنچەكلىك بىلەن ئالدىغا مېڭىپ ، ئالدىنقى دورەم سەيلە قىلىشقان ۋاقتىدا كۆرگەن بىر بوش ئۇۋىنى قايتا ئىزدەپ تاپماقچى بولدى .

— مانا ماۋۇ يەردىكەن ، — ئۇ قۇرۇپ قالغان بىر كىچىك دەرەخنىڭ تۇۋىگە بېرىپ ، قىشتىن ئۆتۈپمۇ يەنە ئۆز پېتى تۇرغان ئۇۋىنى كۆرۈپ ، ۋىستانى قىچقاردى ، — مانا ماۋۇ يەردە ، بۇ ياققا كەل ، قارىغىنا ، — شۇنداق دېگەچ ، بالىنى بېشىغا ئولتۇرغۇزۇۋالدى .

— قارا ، — ئۇ يەنە بىر بوش قولى بىلەن ، قۇرۇپ قالغان

بىر دۆۋە چۆپنى كۆرسەتتى ، — ئۇۋا . ئۇ بىر قۇشنىڭ ئۇۋىسى .
كۆردۈڭمۇ !

— ئۇيىۇ ! — ۋىستامۇ ئۇنى دوراپ بارمىقى بىلەن كۆرسەتتى ، — ئۇۋا ، ئۇيىۇ !

— توغرا ، — بوۋاي ئۇنى يەنە يەرگە چۈشۈردى ، — ئۇچۇ شاخسانىغۇچ قۇشنىڭ ئۇۋىسى ، ئۇلار ھازىر كېتىپ قېلىشتى ، ئەمدى قايتىپ كېلىشمەيدۇ .

يەنە ئالغا مېڭىۋېرىشتى ، ئۇ بالىغا تۇرمۇشتىكى ئاددىي پاكىتلارنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بەردى ، ۋىستانىڭ چىرايىدىن بالىلارغا خاس تەئەججۇپ ئالامىتى ئەكس ئېتەتتى . مۇشۇ تەرىقىدە مېڭىپ - مېڭىپ ، كوچىنىڭ ئۇ بېشىغا بارغاندا ، خۇددى جاھاننىڭ ئۇ چېتىگە بېرىپ قالغاندەك ، چىپپىدە توختاپ ، ئارقىسىغا قايتىشتى .

— ئەمدى قايتىپ كېتەيلى ، — دېدى گېرخاردت .

ھەش - پەش دېگۈچە ، ۋىستا بەش ياشقا كىرىپ قالدى ، ئۇنىڭ چىرايى تېخىمۇ ئۇزلىشىپ ، زېھنى تېخىمۇ ئېچىلىپ ، ئۆزى تېخىمۇ شوخ بولۇپ كېتىۋاتاتتى . گېرخاردت ئۇنىڭ گەپ سوراشلىرى ، گۇمانىي پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشلىرىدىن ئۇنىڭغا تېخىمۇ كۆيەتتى .

«بۇ قىز ئاجايىپ بىر قىز بولدى - دە ، — ئايالىغا پات - پات شۇنداق دەيتتى ئۇ ، — بىلەمسىز ، ئۇ مەندىن نېمىلەرنى سورايدۇ ؟ مەندىن : ‹خۇدا نەدە ؟ ئۇ نېمە ئىش قىلىدۇ ؟ › ‹ئۇ پۇتىنى قەيەرگە قويىدۇ ؟ › دېگەنلەرنى سورايدۇ . گاھىبىر چاغلاردا ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈپ كېتىمەن دەڭە .» بوۋاي ئەتىدىن - كەچكىچە ، ئۇنىڭ دۇئا قىلىشلىرىغا قۇلاق سېلىپ ، كىيىملىرىنى يەڭگۈشلىتىپ ، ئۇنى كارىۋاتقا ياتقۇزۇپ ئۇخلاتقانغا قەدەر ، ئۇنىڭ ئۆزىگە ئاتا قىلىنغان مۇھىم تەسەللى ئىكەنلىكىنى

ھېس قىلىپ تۇراتتى ، ۋىستا بولمىسا ، كېيىن خاردىقا ھاياتىنىڭ ھېچبىر مەززىسى بولمايدىغاندەك تۇيۇلاتتى .

## 27

رېستو جېنىنى بىلەن بىرگە ياشاپ كەلگەن ئۈچ يىل مابەينىدە ، ئۆزىنى ھەر ۋاقىت كۆڭۈللۈك ھېس قىلىپ يۈردى . چېركاۋ ۋە جەمئىيەتنىڭ كۆزقارىشى بويىچە ئېيتقاندا ، بۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى غەيرىي رەسمىي مۇناسىۋەتكە ياتىدىغان بولسىمۇ ، لېكىن مۇشۇنداق مۇناسىۋەت بولغانلىقى ئۈچۈن ، ئۇ ھەقىقەتەن ئاسايىشلىق ، خاتىرجەملىك ھەم تەسەللى تاپقانىدى ، شۇڭا بۇ دورەمقى سىناقنىڭ نەتىجىسىدىن ئىنتايىن رازى بولدى . ھازىر ئۇ سىنىسىنناتىدىكى ئىجتىمائىي ئالاقە پائالىيەتلىرىگە پەقەتلا قىزىقمايدىغان بولۇپ قالدى . قانداقلىكى ئادەم ئۇنىڭغا ئۆيلىنىش ھەققىدە گەپ قىلسا ، ئۇ ئۇنىڭ گېپىنى يېرىۋېتەتتى . دادىسى ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىشلارنى ئۆزىنىڭ بىيىشىدىكى ھەقىقىي پۇرسەت ، دەپ قارايتتى . بىراق بۇ ئىشلارغا ئۆز ھۆكمىنى يۈرگۈزەلىگەن بولسىچۇ ، كاشكى . ھالبۇكى بۇنداق باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئېرىشىشكە ئامالسىز ئىدى . روبېرت بىلەن بولغان پايدا - زىيان مۇناسىۋىتى مۇشۇ ئىشقا تۇسالغۇ بولۇپلا كەلدى . ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەننىڭ غايىسى ، مۇددىئاسى كۈندىن - كۈنگە چەتلىشىپ كېتىۋاتاتتى . رېستو بىر - ئىككى قېتىم باشقا ئىشلارغا قېتىلماقچى ياكى باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ ۋاگون — كوزۇپ شىركىتى قۇرماقچى بولغانىدى ، بىراق ۋىجدانى بۇنىڭغا يول قويمىدى . ئۇ شىركەتتە مائاش ئېلىپ ئىشلەيتتى ، كاتىپلىق ھەم بوغالتىرلىق سالاھىيىتى بىلەن (ئاكىسى مۇئاۋىن دىرېكتور ئىدى ) يىلىغا ئون بەش مىڭ دوللار ھەق ئالاتتى ، يەنە باشقىلارغا قوشقان مەبلىغىدىن بەش مىڭ دوللارچە كىرىم كىرىپ تۇراتتى .

هايانكەشلىك قىلىشقا كەلگەندە، ئۇ روبىرتتەك تەلەيلىك، زېرەك بولمىغاچقا، ھەر يىلى پاي چېكىدىن كىرگەن بەش مىڭ دوللاردىن سىرت ھېچقانداق پايدىغا ئېرىشەلمەيتتى. روبىرتقا كەلسەك، ئۇنىڭ مەبلىغى گەپ - سۆز يوقلا ئۈچ - تۆت يۈز مىڭ دوللارغا يېتىپ بېرىپ قالغانىدى، يەنە كەلگۈسىدە تېگىدىغان مىراسمۇ بار تېخى. ئاكا - ئۇكا ئىككىلىسى ئۆزلىرىگە قانچىلىك تېگىدىغىنىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويۇشقان. ئۇلار ھەربىرىمىزگە تۆتتىن بىر ئۇلۇشى، ھەدە - سىڭىللارنىڭ ھەربىرىگە ئالتىدىن بىرى تېگىدۇ، دەپ ئىچىدە چوت سوقۇپ بولۇشقانىدى. گان بوۋاي ئۆزىنىڭ ئىشلىرىنى ئەمەلىيەتتە مۇشۇ ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەن يۈرگۈزۈۋاتقىنىنى ئېنىق بىلىدۇ. شۇڭا مۇشۇنداق بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلى بىر ھېسابتا تەبىئىيدەك تۇرسىمۇ، ئۇلاردا ھازىرچە ئانچە ئىشەنچ يوق ئىدى. كەلگۈسىدىكى ئىشلارنىڭ قانداق بولۇشى يەنىلا بوۋاينىڭ نىيىتىنىڭ قانداق ئۆزگىرىشىگە باغلىق. ئەمما ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، بەلكىم ئۇ ئادىللىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىپ، ئۇلارنى ئۈمىدسىزلىكتىن خالاس قىلىشى مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ، روبېرتنىڭ رېستونى تۇرمۇش رىقابىتىدە غۇلىتىپ تاشلايدىغانلىقى بەش قولدەك ئايان ئىدى. رېستو كۆڭلىگە نېمىلەرنى پۈككەنكىن؟

ھەربىر غايىلىك ئىنساننىڭ ھاياتىدا، ھامان ئۆزىنىڭ ھال - ئەھۋالىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ چىقىدىغان، ئۆزىنىڭ پسىخىكا، ئەخلاق، فىزىئولوگىيە، ماددىي جەھەتتىكى ئەھۋالىنىڭ زادى قانداقلىقى ھەققىدە ئۆزىگە ئۆزى سوئال قويىدىغان بىر ۋاقتى بولىدۇ. مۇشۇنداق ۋاقىتنىڭ يېتىپ كېلىشى ھېچنېمىگە پىسەنت قىلمايدىغان ياشلىق — تەلۋىلىك دەۋرى ئۆتۈپ كەتكەن، دەسلەپكى مەزگىللەردىكى خېلى قۇدرەتلىك زېھنىي كۈچى خوراپ تۈگىگەن، جىمى ئىشنىڭ ئاياغلاشقانلىقىنى ھەم ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قىممىتىدە ئىشەنچ قالمىغانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن بولىدۇ. شۇڭا، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ پسىخىكىسىدا «جىمى

ئىش قۇرۇق ئاۋارىگەرچىلىك ئىكەن» دەيدىغان پاسسىپ ئىدىيە، يەنى «ئەۋلىيالار قىسسىسى» دىكى ئەۋلىيالار ماھىرلىق بىلەن ئىزاھلاپ ئۆتكەن ئاشۇ ئىدىيە[1] بىخ سۈرگەن بولىدۇ.

رېستوغا كەلسەك، ئۇ مەسىلىلەرگە ئىلاجى بار پەلسەپىۋى نۇقتىدىن قارايتتى. «مېنىڭ ئاقسارايدا تۇرغىنىمنىڭ ئائىلىدە ياكى كاتتا سارايلاردا ياشىغىنىم بىلەن نېمە پەرقى؟» بۇ ئۇنىڭ دائىم ئۆزىگە ئۆزى دەيدىغان سۆزى ئىدى. بىراق بۇ مەسىلە مۇنداق بىر مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، يەنى كىشىلىك تۇرمۇشتا بولىدىغان بەزى ئۇتۇقلارنى ئۇ ئۆز ھاياتىدا تېخى روياپقا چىقارمىغانىدى. ئاقساراي بىر ئۇلۇغ ئەربابنىڭ بەخت ـ ئىقبالىغا ھەم مۇۋەپپەقىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئائىلىدە ياكى كاتتا سارايلاردا ھايات كەچۈرۈپ يۈرگىنى، ئۇنىڭ تېخى تىرىشچانلىق كەمرىنى باغلىمىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىدى.

جېنىنىڭ ئاپىسى ئالەمدىن ئۆتكەن ئاشۇ مەزگىل، ئۇنىڭ ئۆزىنى ئۆزى روھلاندۇرۇشقا بەل باغلىغان چاغلىرى ئىدى. ئۇ، ئۆزىنىڭ مېشچانلارچە تۇرمۇشىغا خاتىمە بېرىپ، جېنىنى كەينىگە سېلىپ ۋاقىتنى بىھۇدە ئىسراپ قىلىدىغان ساياھەتكە چىقىش ئادىتىگە ئەمدى چەك قويۇش قارارىغا كەلگەنىدى، شۇڭا سىرتقا مەبلەغ سالدى. ئاكىسى شۇنداق پۇل تېپىشنى بىلگەن يەردە، ئۇمۇ مۇشۇنداق قىلسا بولىدۇ ـ دە. ئۇ ئۆزىنىڭ ھوقۇق ـ ئىقتىدارىنى ئىشقا سېلىشقا تىرىشىپ بېقىشى، كەسپىتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدىغان مۇھىم شەخس بولۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشى كېرەك، بولمىسا، روبېرت بارا ـ بارا ھەممىنى مونوپول قىلىۋالىدۇ. ئۇ جېنىدىن ۋاز كەچسۇنمۇيا؟ بۇ يېقىنى ئۇ پەقەتلا خىيالىغا ئەكىلىپ باقمىغانىدى. جېنىنى ئۇنىڭغا ھېچقانداق تەلەپ

---

① «ئىنجىل. ئەۋلىيالار قىسسىسى» دىكى بىرىنچى سۈرە، ئىككىنچى ئايەت مۇنداق: ئەۋلىيالار ئېيتىدۇلەركى، قۇرۇقتىن ـ قۇرۇق، قۇرۇقتىن ـ قۇرۇق، ئەيتاۋۇر جىمى ئىش قۇرۇق ئاۋارىگەرچىلىكتۇر. ئىنساننىڭ جىمىكى مۇشكۇلاتىدىن، يەنى قۇياش نۇرى ئاستىدىكى مۇشكۇلاتىدىن نېمە پايدا چىقار؟

قويالمايدۇ ، ھېچقانداق ئىپتىرازمۇ بىلدۈرەلمەيدۇ . شۇنداق بولسىمۇ ، رېستو بۇ ئىشنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى تېخى ئويغا كەلتۈرگىنى يوق . ئۇنىڭغا ئىشلار بەكمۇ رەھىمسىز تۈس ئېلىۋاتقاندەك ، بىمەنىلىشىپ كېتىۋاتقاندەك ، بولۇپمۇ كىشىنى تەڭلىكتە قويۇۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى (گەرچە ئۆزىنىڭ ئىپتىراپ قىلغۇسى كەلمىسىمۇ ) ، ئۆزىنىڭمۇ مۇشۇ ۋەجىدىن بىرەر كۆڭۈلسىزلىككە دۇچار بولۇپ قېلىشىدىن خاۋاتىرلىنەتتى . ئۇ جېنىنى ياخشى كۆرەمدۇ — ئۇنىڭغا ئاشىقمۇ ياكى بولمىسا پەقەت شەخسىيەتچىلىك يۈزىسىدىنلا ياخشى كۆرۈپ قالغانمۇ ، بۇنىسى ئېنىق ئەمەس ، ئەمما ئۇنىڭ جېنىنى قانداق تاشلىۋېتەلىشىگە زادىلا كۆزى يەتمەيتتى .

دەل مۇشۇ مەزگىللەردە ، روبېرت بىلەن ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا كەسكىن ئىختىلاپ تۇغۇلدى . ئەسلىدە شىركەت نيۇيوركتىكى بىر سىرچىلىق شىركىتى بىلەن كۆپ يىللاردىن بېرى سودا ئالاقىسى قىلىشىپ كېلىۋاتاتتى ، روبېرت تۇيۇقسىزلا ئۇ شىركەت بىلەن بولغان ئالاقىنى ئۈزۈپ ، چىكاگودىكى يەنە بىر يېڭىدىن قۇرۇلغان ناھايىتى ئىستىقباللىق شىركەتكە مەبلەغ سالماقچى بولدى . رېستو نيۇيوركتىكى شىركەتنىڭ ئادەملىرى بىلەن ئوبدان تونۇشاتتى ، ئۇلارنى ناھايىتى ئىشەنچلىك دەپ بىلەتتى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار بىلەن كۆپ يىلدىن بېرى ئوبدان مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن بولغاچقا ، روبېرتقا ئۆزىنىڭ قارشى پىكرىنى ئېيتتى . بوۋايمۇ باشتا رېستونىڭ پىكرىنى ياقلىغاندەك قىلغانىدى . بىراق روبېرت ئۆزىنىڭ سوغۇق قانلىق ھەم مەنتىق بىلەن تولغان سۆز - ئىبارىلىرىنى ئىشقا سېلىپ دەتالاشقا چۈشتى ، قەتئىي مۇرەسسەلەشمەسلىك ئىپادىسى چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئىنىسىغا تىكتى .

— مەن سىلەرنىڭ دېگىنىڭلاردەك قىلالمايمەن ، — دېدى ئۇ ، — دادام ئۇلار بىلەن سودا ئالاقىسى قىلىپ كەلگەنلىكى ياكى سەن ئۇلارنى ياخشى كۆرگەنلىكىڭ ئۈچۈنلا ئۇ قەدىناس دوستلار

بىلەن مەڭگۈگە رابىتە قىلىپ يۈرۈۋېرىشىمىز كېرەكمىدى؟! بىز يولىمىزنى ئۆزگەرتىپ باقمايلىمۇ. ئىشلىرىمىزنى تېخىمۇ كۈچەيتىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. بىز تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ كەسكىن رىقابەتكە يۈزلىنىشىمىز كېرەك.

— بۇنى، دادامنىڭ ئويى قانداق بولسا، شۇنداق قىلغىنىمىز تۈزۈكمىكىن، — دېدى رېستو ئاخىر، — بۇ ئىشقا قارىتا مەندە ھېچقانداق كۈچلۈك تەسرات يوق. قانداق قىلماقچى بولساڭمۇ ماڭا ھېچ توسالغۇسى بولمايدۇ. سەن، بىز ئاخىرقى ھېسابتا پايدىغا ئېرىشەلەيمىز، دەۋاتىسەن، مەن پەقەتلا قارشى دەلىلىمنى ئوتتۇرىغا قويدۇم، خالاس.

— مېنىڭچە، روبېرتنىڭ پىكرى توغرا، — دېدى گان بوۋاي ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن، — ئۇنىڭ تەشەببۇس قىلغانلىرىدىن بۇ كەمگىچە مۇۋەپپەقىيەتسىز بولۇپ چىققىنى يوق.

رېستونىڭ چىرايى شۇئان ئۆزگەردى.

— بوپتۇ ئەمىسە، ئۇنداق بولسا ئەمدى تالاش ـ تارتىش قىلىۋەرمەيلى، — ئۇ شۇنداق دەپلا، يوغان ـ يوغان چامداپ چىقىپ كەتتى. بۇ قېتىمقى مەغلۇبىيەتنىڭ زەربىسى دەل ئۇنىڭ ئەمدى تېخى ئۆزىنى روھلاندۇرۇش ئويىغا كېلىۋاتقىنىغا توغرا كېلىپ قالغاچقا، ئۇنى بەكمۇ مەيۈسلەندۈرۈپ قويدى. بۇ ئانچىكى بىر ئىش بولسىمۇ، ئۇنىڭ كاللىسىغا كىرىپلىۋالدى، بولۇپمۇ دادىسىنىڭ ئاكىسىنىڭ تىجارەت جەھەتتىكى ماھارىتىنى ماختىغىنى ئۇنى تېخىمۇ جىلە قىلىپ قويدى. شۇ سەۋەبتىن، ئۇنىڭدا كېلەچەكتە مال ـ مۈلۈكنىڭ قانداق تەقسىم قىلىنىشى، بوۋاينىڭ ئادىللىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىش ـ قىلماسلىقى ھەققىدە گۇمان تۇغۇلۇشقا باشلىدى. «دادام مېنىڭ جېننى بىلەن بولغان ئىشلىرىمدىن خەۋەر تېپىپ قالغانمىدۇيا؟ مېنىڭ تىجارەتنى ئۇزاق بىر مەزگىل تاشلاپ قويغىنىمدىن شۈبھىلىنىپ قالغان ئوخشىمامدۇ؟ شۇنداق بولسىمۇ، شىركەتنىڭ ئىشلىرى توغرۇلۇق گەپ بولۇنغاندا، مېنى ئىقتىدارسىز، ھېچ ئىش بىلەن كارى يوق دېيىشسە تازىمۇ

ئادالەتسىزلىك بولىدۇ ـ دە» دېگەنلەر خىيالىغا كېچىپ قالدى . ئۇغۇ ئۆزىگە تېگىشلىك ئىشلارنى جايى ـ جايىدا ئورۇنداپ كېلىۋاتقانىدى . ھازىرغا قەدەر ، ئائىلىدە قانداقلىكى ئىش بولسا ، ئۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ، قانداق كېلىشىم بولسا ، يەنىلا ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە مۇزاكىرىلىشىپ كېلىۋاتاتتى ، ئاتا ـ ئاپىسى ئۇنى ئىشەنچلىك مەسلىھەتچى قاتارىدا كۆرۈشەتتى . مانا ئەمدى بۇلارنىڭ ھەنىۋاسى يوققا چىقتى . بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولاركىن ؟ ئۇ ئۇنداق ئويلاپ ، بۇنداق ئويلاپمۇ ، ھېچبىر خۇلاسىگە كېلەلمىدى .

شۇ يىلىنىڭ ئىچىدە ، مەلۇم ۋاقىتلاردىن كېيىن ، روبېرت يەنە تىجارەت بۆلۈمىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويدى . ئۇ ، چىكاگونىڭ مىچگان كوچىسىدا ھەيۋەتلىك ئەۋرىشكە ماللار كۆرگەزمىخانىسى ۋە لاپاس سېلىپ ، ئۆزلىرىنىڭ پۈتۈپ چىققان ماللىرىنىڭ بىر قىسمىنى ئاشۇ يەرگە يۆتكەپ ئاپىرىش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويدى . چۈنكى چىكاگو سىنسىنناتىغا قارىغاندا تېخىمۇ مۇۋاپىقراق جاي ئىدى . غەرب تەرەپتىكى خېرىدارلار ھەم يېزىلاردىن كەلگەن سودىگەرلەرنىڭ مال سېتىۋېلىشىغا خېلى قۇلايلىق ئىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، بۇنداق بىر ئىمارەتنىڭ بولۇشى ، شىركەت ئۈچۈن قالتىس بىر ئېلان بولغانلىقىنىڭ تاشايىنىدا ، شىركەتنىڭ مۇستەھكەملەنگەنلىكى ۋە شان ـ شۆھرىتىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيتتى . گان بوۋاي بىلەن رېستو بۇ پىلاننى دەرھال قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىدى . ئۇلارنىڭ بۇ ئىشتىن پايدا چىقىدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەنىدى . روبېرت رېستونى بۇ يېڭى قۇرۇلۇشنىڭ مەسئۇللۇقىنى ئۈستىگە ئېلىشقا تەكلىپ قىلدى . ئۇنىڭ ئويىچە ، رېستو چىكاگوغا بېرىپ بىر مەزگىل تۇرسا ، ئۆزىگىمۇ پايدىلىق ئىدى .

رېستوغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، گەرچە ئۇنىڭغا تولىراق سىنسىنناتىدىن ئايرىلىشقا توغرا كېلىدىغان بولسىمۇ ، ئەمما ئۇ كۆڭلىدە بۇ تەكلىپنى ماقۇل كۆردى . بىرىنچىدىن ، بۇ شەرەپلىك

خىزمەت ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇنىڭ شىركەتتىكى ئورنى كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ . ئىككىنچىدىن ، ئۇ جېننى بىلەن چىكاگودا يەنە بىللە تۇرالايدۇ . ئۆز ۋاقتىدىكى ئۆي ئىجارىگە ئېلىپ بىرگە تۇرۇش پىلانى مانا ئەمدى ئوڭايلا ئىشقا ئېشىپ قېلىۋاتاتتى . شۇڭا ، ئۇ رازىلىق بىلدۈردى . روبېرت كۆلۈمسىرەپ قويدى .

— بۇ ئىشنىڭ جىمى ئاقىۋىتىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولىدىغانلىقىنى جەزم قىلغانىدىم ، — دېدى ئۇ .

قۇرۇلۇشنى دەرھال باشلىمىسا بولمايتتى ، شۇڭا رېستو كېچىكتۈرمەي چىكاگوغا كۆچۈپ بېرىش قارارىغا كەلدى . جېننىغا چىكاگوغا بېرىپ ئۆزى بىلەن كۆرۈشۈشنى جېكىلەپ خەت ئەۋەتتى . ئىككىسى يۈز كۆرۈشكەندىن كېيىن ، بىللە شىمالىي رايونغا بېرىپ ئىجارىگە ئۆي ئېلىشتى . ئۆي كۆل ياقىسىدىكى خىلۋەت كوچىغا جايلاشقان . رېستو بۇ جاينى مىجەزىمگە ياقىدۇ ، دەپ تاللىغانىدى . ئۇ چىكاگودا تۇرغاندا ، بويتاق ئادەمدەك يۈرۈۋەرمەكچى بولدى ، ئەل - ئاغىنىلەرنى ئۆيگە تەكلىپ قىلىشنىمۇ زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى . ئۇلارنىڭ ئۆز ئىشخانىسى بار ، دوستلىرىنى ھەرقاچان كۈتۈۋېلىشقا بولىدۇ . يەنە كۇلۇب ، سارايمۇ بار تېخى ، ئۇ يەردىمۇ دوستلىرى بىلەن كۆرۈشسە بولىدۇ - دە . ئۇ ئۆز كۆڭلىدە ، مۇشۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشنى لايىق كۆردى .

جېننى كلىۋېلاندتىن كېتىپ قالسا ، گېرخاردتنىڭ ئائىلىسىدىكى ئىشلارنىڭ تېخىمۇ مۇشكۇللىشىپ كېتىشى تۇرغانلا گەپ . مۇشۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئائىلە ئەزالىرىنىڭ تەڭدىن تولىسىنىڭ بۆلۈنۈپ چىقىپ كېتىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى . گېرخاردتنىڭ ئۆزى بۇ ئىشقا پەلسەپىۋى پوزىتسىيە تۇتتى : «مەن بولسام ياشىنىپ قالغان ئادەم ، نەدە تۇرسام بەرىبىر» دەپ ئويلىدى . باس ، مادا ھەم گېئورگى خېلى بۇرۇنلا ئۆز يوللىرىنى تېپىۋېلىشقان . ۋېرونىكا بىلەن ۋىليام تېخىچە مەكتەپتە ئوقۇۋاتىدۇ ، ئەمما ئۇلارنى ئۆيدە ياتقۇزۇش ھەققىدە قوشنىلار

بىلەن مەسلىھەتلىشىپ باقسا بولىدۇ . جېنىنى بىلەن گېرخاردتنىڭ ھەممىدىن بەك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقىنى ۋىستا ئىدى . بوۋاينىڭ كۆڭلىگە كىرىپ چىققۇدەك بولسا ، ئۇغۇ ئەلۋەتتە بالىنى جېنىنى ئۆزى بىلەن بىرگە ئەكەتسۇن دېگەن قاراشتا ، چۈنكى ئاپا بولغان كىشى شۇنداق قىلىشى كېرەك ـ دە !

— ئۇ كىشىگە ئېيتقانمىدىڭ ؟ — جېنىنى يولغا چىقىدىغان كۈننى بېكىتكەندىن كېيىن ، گېرخاردت ئۇنىڭدىن شۇنداق دەپ سورىدى .

— تېخى دېمىگەن ، لېكىن پات ئارىدا دەيمەن ، — دېدى جېنىنى ھۆددە قىلىپ .

— يەنە شۇ گەپ ، — دېدى دادىسى ۋە بېشىنى چايقاپ قويدى ، ئاۋازى قوپال چىققىلى تۇردى ، — بۇ ئىش پەقەت قاملاشمىدى . بۇ دېگەن ئېغىر گۇناھ . مەن سېنى خۇدانىڭ جازاسىغا ئۇچراپ كەتمىسىكەن دەپ ئەنسىرەۋاتىمەن . بالىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان ئادەم بولمىسا بولامدۇ . مەن قېرىپ قالدىم ، بولمىسا ئۇنىڭغا ئۆزۈم قارايتتىم . ئويلاپ باققىنا ، ھازىر ئۆيدە كۈن بويى تالاغا چىقماي ئۇنىڭغا قارايدىغان كىم قالدى ئەمدى ؟ — ئۇ سۆزلەپ بولۇپ ، يەنە بېشىنى چايقىدى .

— بۇنى مەنمۇ بىلىمەن ، — دېدى جېنىنى دەرمانسىز ھالدا ، — بىرېپلا بىر ئامالىنى قىلىمەن . ئۇزاققا قالماي كېلىپ ئۇنى ئەكېتىمەن . مەن ئۇنى تاشلىۋەتمەيمەن ، ئۆزىڭىزمۇ بىلىسىزغۇ .

— لېكىن بالىنىڭ فامىلىسى نېمە بولىدۇ ؟ — ئۇ ئۆز گېپىدە تۇرۇۋېلىۋالدى ، — ئۇنىڭ فامىلىسى بولۇشى كېرەكقۇ . يەنە بىر يىلدىن كېيىن ئۇ مەكتەپكە بارىدۇ . كىشىلەر ئۇنى ئىسىم ـ فامىلىسى بىلەن چاقىرىشىدۇ . مەڭگۇ مۇشۇ پېتى كېتىۋەرگىلى بولماس .

جېنىنىمۇ مۇشۇنداق كېتىۋەرگىلى بولمايدىغانلىقىنى ئېنىق چۈشىنەتتى . ئۇ قىزىنى جېنىدىنمۇ چارە كۆرەتتى . ئۇ بالىسىدىن

پات ـ پات ئايرىلىپ تۇرۇشى ، يەنە كېلىپ بۇ بالىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى قاتتىق مەخپىي تۇتۇشى كېرەك، مانا بۇ ئۇنى ھەممىدىن بەك ئوسال ئەھۋالغا مەھكۇم قىلاتتى . ئۇنىڭ ئۆز پەرزەنتىگە مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلىشى بەكمۇ ئادالەتسىزلىك ئىدى ، شۇنىسى ئۇ باشقا چارىنى ھېچ ئويلاپ تاپالمايۋاتاتتى . ۋىستانىڭغۇ چىرايلىق سەرپايلىرى كۆپ ، ھېچنېمىسى كەم ئەمەس ، ھېچبولمىغاندا ، خېلى راھەتتە ياشاۋاتىدۇ ، دېسىمۇ بولىدۇ . جېنىنى ئۇنى ئوبدانراق تەربىيىگە ئېرىشتۈرۈشنى ئۈمىد قىلاتتى . مۇشۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ، ئەينى چاغدا رېستوغا راست گەپنى قىلمىغىنى ئۈچۈن قاتتىق پۇشايمان يېدى . ئەمدى بەك كېچىكتى ـ دە . بىراق ئۇنىڭغا مۇشۇنداق قىلمايمۇ ئامال يوق ئىدى . ئاخىر ئۇ چىكاگودا بىرەر ئىشەنچلىك ئايالنى ياكى ئائىلىنى تېپىپ ، ۋىستانى شۇلارغا باقتۇرۇش قارارىغا كەلدى . كېيىن ئىزدە ـ ئىزدە ، لاساۋرا كوچىسىنىڭ غەربىدە ئولتۇرۇشلۇق شۋېتسىيىلىك بىر مومايىنى تاپتى . بۇ موماي قارىماققا ئۆزىدە جېنىنى ئارزۇ قىلغان جىمى گۈزەل پەزىلەتنى — پاكىزلىك ، ئاق كۆڭۈللۈك ، سەممىيلىكنى مۇجەسسەم قىلغاندەك كۆرۈنەتتى . ئۇ موماي تۇل ئىكەن . بىر يەردە خىزمىتىمۇ بار ئىكەندۇق ، شۇنداق بولسىمۇ ، ئۆزىنىڭ جىمى ۋاقتىنى سەرپ قىلىپ ۋىستانى بېقىپ بېرىشكە جان دەپ قوشۇلدى . ئىككى تەرەپ ناۋادا كۆڭۈلدىكىدەك بىرەر بالىلار باغچىسى تېپىلسا ، ۋىستانى ئۇ يەرگە ئالدۇرۇپ ، ئۇنى ئويۇنچۇقنى پۇخادىن چىققۇچە ئوينىيالايدىغان ھەم ئوبدانراق كۈتۈلەلەيدىغان شارائىتقا ئىگە قىلماقچى بولۇشتى . بالىنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىدا سەللا ئۆزگىرىش بولۇپ قالسا ، ئوسلۇن خانىم (ھېلىقى تۇل موماي ) جېنىنىغا خەۋەر قىلىدىغان ، جېنىنى بولسا ، بالىنى كۈندە بىر قېتىم يوقلاپ تۇرىدىغان ، رېستو چىكاگودا بولماي قالغان چاغلاردا ، ۋىستانى ئۆزىنىڭ تۇرالغۇسىغا ئەكېتىپ قوندۇرۇپ قالىدىغان بولۇپ كېلىشتى . «ئەينى چاغلاردا كلىۋېلاندتا ۋىستا قېشىمدا بولسىمۇ ، رېستو ئۇنى پەقەتلا كۆرۈپ

قالمىغانغۇ» دەپ ئويلىدى جېننى.
ئىشلار ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، جېننى بىر پەيتنى تېپىپ كلېۋېلاندقا ۋىستانى ئالغىلى باردى. گېرخاردت ئۆزىنىڭ ئۇزاققا بارمايلا ۋىستا بىلەن خەيرلىشىدىغانلىقىنى خېلى بۇرۇنلا پەملىگەنىدى، شۇڭا جېننىغا بىرقۇر تاپىلىدى.
— ئۇ چوڭ بولغاندا ئوبدان بالا بولۇپ چىقىدۇ، — دېدى ئۇ، — ئۇنى ئوبدان تەربىيىلە، ئۇ بەك ئەقىللىق، — ئۇ يەنە بالىنى لۇدېر مەزھىپىنىڭ موناستىرىدا ياكى چېركاۋىدا ئوقۇتۇشنى تەشەببۇس قىلدى، بىراق جېننى بۇنىڭدىن پايدا يوقۇشغا ھېچ ئىشەنمەيتتى. رېستو بىلەن شۇنچە ئۇزاق ۋاقىت ئەسرا بولۇش جەريانىدا، ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپنىڭ ھەرقانداق خۇسۇسىي مەكتەپتىن ياخشىراق بولىدىغىنىنى ھېس قىلىپ يەتكەنىدى، ئۇنىڭدا چېركاۋغا قارىتا ھېچقانداق ئالاھىدە يامان ئوي بولمىغىنى بىلەن، ئۇ ئەمدى چېركاۋنىڭ تەنبىھلىرىنى تورمۇشقا يېتەكچى قىلىشتىن قالغانىدى، دېمىسىمۇ ئۇ بۇ تەنبىھلەرگە نېمىدەپ تايانغۇدەك؟
ئەتىسى، جېننى چىكاگوغا قايتىدىغان بولۇپ قالدى. خۇشاللىقىدىن قىن ـ قىنىغا سىغماي قالغان ۋىستا ياسىنىپ ـ جابدۇنۇپ، يولغا چىقىشقا تەق بولۇپ تۇردى. ئۇ كېيىنىۋاتقاندا، گېرخاردت خۇددى ھېچقانداق يول تاپالمايۋاتقان دەرۋىشتەك، كۆڭلى پەرىشانلىققا تولغان ھالدا، ئۆينىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپلا يۈردى. يولغا چىقىش پەيتى يېتىپ كەلگەندە، ئۇ، بەش ياشلىق بۇ بالىنىڭ جۇدالىق ھەسرىتىدىن قىلچە خەۋەرسىز تۇرغىنىنى كۆرۈپ، ئۆز ھېسسىياتىنى زورغا بېسىۋالدى. ۋىستا بەكمۇ خۇشال، بەكمۇ مەغرۇر كۆرۈنەتتى. ئاپتوموبىلغا، پويىزغا قانداق ئولتۇرۇش ۋە باشقا ئىشلار توغرۇلۇق ئاغزى بېسىلماي گەپ سورايتتى.
— ئەقىللىق بولۇشنى ئۆگەن، — دېدى گېرخاردت ئۇنى قۇچاقلاپ سۆيۈپ تۇرۇپ، — سوئال سورايدىغان، دۇئا قىلىدىغان

چاغدا دەيدىغان گەپلەرنى پىششىق يادلىۋالغىن ، ئۇنتۇپ قالما . بوۋاڭنىمۇ ئۇنتۇپ قالما جۇمۇ . نىمە؟ — ئۇ يەنە بىرنىمىلەرنى دىمەكچىدى ، ئەمما نەپسى سىقىلىپ ، گىپىنى قىلالماي قالدى.

دادىسىنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ ، ئىختىيارسىز يۈرىكى ئېچىشىپ كەتكەن جىيەنى ئۆز ھېسسىياتىنى ئاران - ئاران بېسىۋالغان ھالدا :

— قاراڭا سىزنى ، — دىدى ، — سىزنىڭ بۇنداق بولۇپ كېتىدىغىنىڭىزنى بۇرۇنراق بىلگەن بولسام . . . — ئۇمۇ گىپىنى قىلالماي قالدى .

— بىرىڭلار ، — دىدى گىرخاردت يۈرىكىنى قاتتىق تۇتۇپ ، — بىرىۋېرىڭلار . مۇشۇنداق بولغىنى ياخشىراق ، — ئاندىن ئۇ سۈرلۈك قىياپەتتە بىر چەتكە ئۆتۈپ ، ئۇلارغا يول بەردى . ئۇلار چىقىپ كەتكەندىن كىيىن ، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان جايغا — ئاشخانىغا قايتىپ كىرىپ ، ئۇ يەردە كۆزلىرىنى پولغا تىككىنىچە تۇرۇپلا قالدى . مانا ، ئايالى ، باس ، مادا ، جىيەنى ، ۋىستا — بۇلار بىر - بىرلەپ ئۇنى تاشلاپ كىتىشتى . ئۇ قوللىرىنى قوۋۇشتۇرغىنىچە ، يەنە شۇ بۇرۇنقى ئادىتى بويىچە ھەدەپ بېشىنى چايقايتتى . «ئەسلىي مۇشۇنداق بولماقچى ! مۇشۇنداق بولماقچىدى ! — دىدى ئۆز - ئۆزىگە ، — ھەممىسى مىنى تاشلاپ كىتىشتى . مىنىڭ ھاياتىم تۈگەشتى . »

## 28

جىيەنى بىلەن رىستو ئەسرا بولۇشقان ئۈچ يىل ئىچىدە ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۆزئارا ھېسداشلىق ۋە چۈشىنىش تۇيغۇسى كۈچىيىپ باردى . رىستو ئۇنى چىن دىلىدىن ياخشى كۆرۈپ كەلدى ، ئەمما ئۇنىڭ مۇھەببىتى ئۆزگىچىلا بىر خىل مۇھەببەت ، يەنى ناھايىتى كۈچلۈك ، ئۆز نەپسىنى قاندۇرۇشنىڭلا كويىدا

بولىدىغان ، ھېچكىمنىڭ رايىغا باقمايدىغان مۇھەببەت ئىدى . بۇ تولىراق شەھۋەتپەرەسلىكتىن كېلىپ چىققان بولسىمۇ ، ئەمدىلىكتە تەدرىجىي ھالدا مەنىۋى جەھەتتىكى مۇھەببەت دەرىجىسىگە بېرىپ يەتتى . جېنىنىڭ مۇلايىم ، ئىنتائەتچان مىجەزى ئۇنى جەلپ قىلىش بىلەنلا قالماستىن ، يەنە ئۆزىگە مەھكەم ئەسىر قىلىۋالغانىدى . ئۇ تېگى - تەكتىدىن سەممىي ، ئاق كۆڭۈل ، دىلبەر ئايال بولغاچقا ، رېستو بارا - بارا ئۇنىڭغا ئىشىنىدىغان ، تايىنىدىغان بولۇپ قالغانىدى . بۇ خىل ئىشىنىش ، تايىنىش ھېسسىياتى يىلدىن - يىلغا چوڭقۇرلىشىپ باردى .

جېنىنى ئالىدىغان بولساق ، ئۇمۇ بۇ ئەركەكنى بارغانسېرى يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قېتىدىن ھەقىقىي ياخشى كۆرۈپ قېلىۋاتاتتى . دەسلىپىدە ، رېستو ئۇنىڭ يۈرىكىگە ئوت يېقىپ ، ئەس - ھوشىنى ئۆزىگە قارىتىۋالغان ھەمدە ئۇنىڭ موھتاجلىقتا تۇرۇۋاتقىنىدىن پايدىلىنىپ ، ئۇنى ئۆزىگە باغلىۋالغانىدى . ئۇ چاغلاردا جېنى گەرچە ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغان بولسىمۇ ، كۆڭلىدە ئازدۇر - كۆپتۇر گۇمان ھەم ۋەھىمىدىن خالىي ئەمەس ئىدى . ھازىرچۇ ، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ياشاپ ، تېخىمۇ ئېچىل بولۇپ ، ئۇنىڭ خۇي - پەيلىنى بەش قولدەك بىلىۋالغان بولغاچقا ، ئۇنى ھەقىقىي ياخشى كۆرۈپ قالدى . رېستو ئاجايىپ كەڭ قورساق ، ئاجايىپ تۈز كۆڭۈل ھەم ئاجايىپ چىرايلىق ئىدى . ئۇنىڭ جىمى ئىشقا بولغان كۆزقارىشى ھەم پىكرى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشنى ئاساس قىلغان . ئۇ ھەمىشە : «قارىلىق تاننى بويلاپ ھەرىدەۋەرسەڭ ، ياغاچ كېپىكى ئۆز جايىغا چۈشۈۋېرىدۇ» دېگەن بۇ ھېكمەتلىك سۆزنى قىلىشقا ئامراق ئىدى . بۇ سۆز جېنىنىڭ كاللىسىغا چوڭقۇر ئورناپ كەتكەنىدى ھەم ئۇنىڭغا ئاجايىپ قىزىق تۇيۇلاتتى . رېستو تەگرىدىنمۇ ، ئىنسۇجىندىنمۇ قورقمايتتى . ئادىتى بويىچە جېنىنغا تىكىلىپ قاراپ ، يوغان ، قىپقىزىل قوللىرىنىڭ بارماقلىرى بىلەن ئۇنىڭ ئېڭىكىنى قىسىپ تۇرۇپ :

— سىز بەك ئوماق جۇمۇ ، بۇنىڭغا قىل سىغمايدۇ .

شۇغىنىسى جاسارەتلىك ، مەغرۇر ئەمەسسىز . بۇ خىل روھ سىزدە تېخى كەمچىل ، — دەيتتى ۋە ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى كايىش ئىپادىسىنى كۆرۈپ ، شۇئان يەنە گېپىنى تۈزەپ ، — ھېچ ۋەقەسى يوق ، سىزدە باشقا خىسلەتلەرمۇ بارغۇ ، — دەپ قوياتتى ـ دە، ئۇنى سۆيۈپ كېتەتتى .

رېستونى ھەممىدىنمۇ بەكرەك خۇرسەن قىلىدىغىنى ، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقە ھەم تەربىيەت جەھەتتىكى خىسلمۇخىل نۇقسانلىرىنى يېپىپ كېتەلەيدىغان ساددا مۇئامىلىسى ئىدى . ئۇنىڭ ئانچە مەلۇماتى يوق ، بىر قېتىم ئۇ رېستو دائىم ئىستېمال قىلىدىغان سۆزلەرنى قەغەزگە يېزىۋېلىپ ، ئۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى ئويلىنىپ تۇرۇۋىدى ، رېستو كۆرۈپ قېلىپ كۈلۈۋەتتى . ئەمما شۇ ئىشتىن كېيىن ئۇنى تېخىمۇ بەك ياخشى كۆرۈپ قالدى . يەنە بىر دورەم ، سېنت ـ لۇئىستىكى جەنۇب سارىيىدا ، جېنىنىڭ بىرنىمە يېگۈسى يوقتەك قىياپەتتە ئولتۇرغىنىنى سېزىپ قالدى ، ئۆپچۆرىسىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى جېنىغا قاراۋەرگەچكە ، جېنى ئۆزىنىڭ غىزا يېيىش ئۇسۇلىنى توغرا بولمىغان ئوخشايدۇ ، دەپ ، خىجىل بولۇپ ئولتۇرغانىدى . دېمىسىمۇ ، جېنى قانداق غىزا يېگەندە قانداق ۋىلكا ، پىچاق ئىشلىتىش كېرەكلىكىنى تازا بىلىپ كېتەلمىگەنىدى . يەنە كېلىپ بۇ غەلىتە تائاملار ئۇنى سەل قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغانىدى ؛ ئالايلۇق ، سەرەبىل ۋە چوڭ خوخا تىكەن قورۇمىسىنى قانداق يېيىشنى بىلەلمەيۋاتاتتى .

— نېمىشقا بىرنېمە يېمەي ئولتۇرىسىز ؟ — رېستو مۇلايىم ئاھاڭدا سورىدى ، — قورسىقىڭىز ئاچقان بولغىيدى ـ ھە ؟

— ئانچە ئاچمىدى .

— چوقۇم ئاچتى ، ماڭا قاراڭ ، جېنى ، مەن سىزنىڭ ئىچىڭىزدىكىنى تېپىپ بولدۇم . سىز ھەرگىز ئۇنداق خىياللاردا بولماڭ . سىزنىڭ غىزالىنىش ئۇسۇلىڭىز خاتا ئەمەس . ئۇنداق بولمىسا مەنمۇ سىزنى بۇ يەرگە باشلاپ كەلمىگەن بولاتتىم . سىز ئەسلىي بىلىسىز ، ئانچە ئەندىشە قىلىپ كەتمىسىڭىزمۇ بولىدۇ .

دۇرۇس بولمىغان يەرلىرىڭىز بولسا ، مەن شۇ زامان سىزگە دەپ قويىمەن ، — مۇشۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقىنىدا ، ئۇنىڭ قوي كۆزلىرىدە جېنىنىڭ كۆڭلىنى بەزلەيدىغان بىر خىل ئىپادە ئەكس ئەتتى .

جېنى مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇش بىلەن مىننەتدارلىق بىلدۈردى - دە ، ئۆزىمۇ تەن ئالدى :

— بەزىدە سەل خىجىل بولۇپ قالىدىكەنمەن .

— ئۇنچىلىك بولۇپ كەتمەڭ ، — دېدى رېستو يەنە ، — سىزدە خاتالىق يوق ، ئۇنچە دىققەت بولۇپ كەتمەڭ ، مەن سىزگە ئۆگىتىپ قويىمەن ، — ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇ ھەرقانداق ئىشتا جېنىغا ئۆگىتىپلا يۈرەتتى .

بارا - بارا ، جېنى ھەشەمەتلىك تۇرمۇشنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرى ۋە ئادىتىنى ئۆگىنىۋالدى . دادىسىنىڭ ئۆيىدە دائىم بولۇپ تۇرىدىغان نەرسىلەر ئاددىيغىنا تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىلا ئىدى . ئەمدىچۇ ، ئەمدى جېنىنىڭ يوق نېمىسى يوق — ساندۇق دەمدۇ ، كىيىم - كېچەك دەمدۇ ، پەرداز بۇيۇملىرى ھەم كەيپ - ساپالىق تۇرمۇشقا كېرەكلىك ئەنجاملار دەمدۇ ، ئىشقىلىپ ھەممىسى تەل . بۇ نەرسىلەرنى ئۇ ئەلۋەتتە ياقتۇرۇپ قالدى . شۇنىسى ، ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىنى نەزەرگە ئېلىپ ، ھەممە نەرسىنىڭ ئۆز لايىقىدا بولۇشىغا دىققەت قىلىپ يۈرۈشنى ئەستىن چىقارمىدى . ئۇنىڭدا ئابرۇيپەرەسلىكتىن قىلچە ئەسەر يوق ، بار بولغىنى پەقەتلا ئىمتىياز ھەم پۇرسەتتىن ئاز - تولا بەھرىمەن بولۇش ئېڭى ئىدى . رېستونىڭ بۇ كەمگىچە كۆرسەتكەن ھەم داۋاملىق كۆرسەتمەكچى بولغان ھىممەتلىرى ئۈچۈن ، شۇكرانە ئەيلەپ هارمايتتى ، ئۇنىڭ ئەس - خىيالى رېستونى ئۆزىگە مەھكەم باغلىۋېلىش ، ئۇزاق مەزگىل باغلىۋېلىشتىلا ئىدى !

ۋېستانى ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ ھەممە رەسمىيىتى كۆڭۈلدىكىدەك بېجىرىلىپ بولغاندىن كېيىن ، جېنى ئاندىن كۆڭۈل توختىتىپ ، كۈندىلىك ئائىلىۋى تۇرمۇشقا كىرىشىپ

www.uyghurkitap.com

كەتتى . رېستو ئىشى ئالدىراش بولغاچقا ، بەزىدە ئۆيدە بولالىسا ، بەزىدە ئۆيدە بولالمايتتى . ئۇ ئۇلۇغ ئوكيان سارىيىدىن بىر يۈرۈش ئۆي ئىجارىگە ئالدى ، بۇ ساراي ئۆز زامانىسىدە چىڭگوبويىچە بىردىنبىر كاتتا ساراي ئىدى . ئۇ بۇ يەرنى ئاتاقتىكى قونالغۇ قىلىۋالدى ، چۈشلۈك غىزانى ھەم كەچكى مېھمانلىرىنى دوستلۇق كۇلۇبىغا ئورۇنلاشتۇراتتى . ئۇ زامانلاردا تېلېفون ناھايىتى ئاز ئىدى ، شۇنداق بولسىمۇ ئۇ ئۆزىنىڭ قونالغۇسىغا بىرنى ئورنىتىۋالدى ، مانا ئەمدى ، جېننى بىلەن ھەرقاچان بىمالال سۆزلىشىۋېرىدىغان بولدى . ئۇنىڭ ھەر ھەپتىدە ئۆيدە بولىدىغان ۋاقتى ئىككى ـ ئۈچ كۈن ، گاھى ۋاقىتلاردا ئۇنىڭدىنمۇ ئۇشۇقراق ئىدى . دەسلەپتە ئۇ جېننىغا : بىر دېدەك ياللاپ ، ئائىلە ئىشلىرىنى قىلدۇرۇڭ ، دەپ بەك تۇرۇۋالغانىدى ، ئەمما جېننى : ۋاقىتلىق چاكار ياللاپ يۇيۇپ تازىلايدىغان ئىشلارنىلا قىلدۇرايلى ، دەپ تەكلىپ بەردى . ئۆزىمۇ ئويلىسا بۇ بولىدىغان تەكلىپ ئىكەن ، شۇڭا ئىچىدىن قوبۇل كۆردى . جېننى ئائىلە مەشغۇلاتىغا ھېرىسمەن ، تېگىدىن ئىشچان ھەم ئېپىدىللىق بولغاچقا ، رېستونىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئىخلاسى بارغانسېرى ئاشماقتا ئىدى .

رېستو ئەتىگەنلىك غىزانى سائەت سەككىزدە يەيتتى . كەچلىك غىزا يەتتىدە تەييار بولۇشى ھەمدە داستىخان ئوبدان راسلانغان بولۇشى كېرەك ئىدى . كۈمۈشتىن ئىشلەنگەن ۋىلكا ـ قوشۇقلار ، گۈللۈك ئەينەك ئىستاكان ـ تەخسىلەر ، چەت ئەلنىڭ فارفور قاچىلىرى — مۇشۇ كىچىككىنە مەئىشىي بۇيۇملار ئۇنىڭ كۆڭلىگە تازا ياقىدىغان نەرسىلەر ئىدى . ئۇنىڭ ساندۇقى ۋە كىيىم ئىشكاپى قونالغۇسىغا جايلاشتۇرۇلغانىدى .

دەسلەپكى بىرنەچچە ئاي ئىچىدە ، جىمى ئىش ناھايىتى ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ كەتتى . ئۇ گاھىدا جېننىنى تىياتىرغا ئاپىرىپ كېلەتتى . بىرەر تونۇشى ئۇچراپ قالسا ، ئۇنى «گېرخاردت خېنىم» دەپ تونۇشتۇراتتى . ئەر ـ خوتۇننىڭ ئىسمىنى بىللە يېزىپ تىزىملىتىشقا توغرا كېلىپ قالسا ، يالغان ئىسمىنى

قوللىناتتى ، لېكىن تونۇش كىشىلەرنىڭ ئۇچراپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلمىسىمۇ بولىدىغان جايلاردا ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئىسمىنى يېزىپ تىزىملىتاتتى . مۇشۇ تەرىقىدە ، ھازىرغا قەدەر ھېچقانداق قىيىنچىلىق ۋە كۆڭۈلسىزلىك يۈز بەرمىدى .

مۇشۇ كۈنلەردە ، جېنىنى ۋىستانىڭ ئىشى سېزىلىپ قالغۇدەك بولسا بىرمۇنچە ئاۋارىچىلىك تۇغۇلۇشىدىن ئەندىشە قىلىپلا يۈردى ، ئۇنىڭ ئۇستىگە دادىسىنىڭ ئۆيدە بولۇپ قالغىنى ، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ تەرەپ - تەرەپكە چېچىلىپ كەتكىنى ئۇنىڭ غېمىنى ئاشۇرۇپ قويدى . بىر كۈنى ۋېرونىكادىن خەت كەلدى ، ئۇ خېتىدە ، مادانىڭ كلېۋېلاندتا بىر ئۆيىنى ئىجارىگە ئالغانلىقى ، ئۆزى ھەم ۋىلياممۇ شۇ يەردە تۇرماقچى بولۇۋاتقانلىقى ، بوۋاينىڭ ئۆزى تەنھا قالغانلىقى توغرۇلۇق يازغانىدى . جېنىنىمۇ دەل مۇشۇ ئىشنىڭ چىڭىغا چىقىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەنىدى ، شۇڭا ئۇنىڭ غېمى تېخىمۇ كۆپەيدى . دادىسىنى خىيالىغا كەلتۈرۈۋىدى ، ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ قالدى ، دادىسىنىڭ قولى زەخىملىنىپ پەقەت كېچىلىك قاراۋۇللۇقنىڭلا ھۆددىسىدىن چىقىپ يۈرۈۋاتقىنى ، ھازىر ئۆيدە يېگانە قالغانلىقىنى ئويلىغىنىدا ، كۆڭلى بۇزۇلدى . ئۇ بۇ يەرگە كەلگىلى ئۇنارمۇ ؟ ئۇنىڭ ھازىرقى ئەھۋالدا بۇ يەرگە كەلمەسلىكى جېنىنىغا ئېنىق . رېستو ئۇنىڭ كېلىشىگە قوشۇلامدۇ ، يوق ؟ بۇنىڭغىمۇ ئىشەنچ قىلىش تەس . ئۇ كەلگەن تەقدىردىمۇ ، ۋىستانىڭ مەسىلىسىنى بەربىر ھەل قىلغىلى بولمايدۇ - دە . مانا مۇشۇ سەۋەبتىن ، جېنىنى غەمدىن زادىلا نېرى بولالمىدى .

ۋىستانىڭ مەسىلىسىگە كەلسەك ، دەرۋەقە ، بۇ ئىنتايىن مۇرەككەپ ئىش . جېنىنى «قىزىمغا يۈز كېلەلمەيمەن» دەپ ئويلايتتى ، شۇڭا ئۇنىڭ ئىشىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلەتتى ، ئۇنىڭغا ياخشىلىقلا بولسا ئايىماي قىلىپ ، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئانىلىق مەجبۇرىيىتىنى ئۆتەشتىكى يېتىشسىزلىكىنىڭ ئورنىنى تولدۇرماقچى بولاتتى . ئۇسلۇن خانىمنىڭ ئۆيىگە كۈندە باراتتى ،

ھەربىر بارغىنىدا، ئويۇنچۇق دەمدۇ، قەنت ـ گېزەك دەمدۇ، ئىشقىلىپ، شۇ بالىنى خۇش قىلىدىغان نېمە ئېسىگە كېلىپ قالسا، شۇنى ئالغاچ باراتتى. بارغاندىن كېيىن، كەچكىچە ۋىستا بىلەنلا بىللە بولۇپ، ئۇنىڭغا ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالار ۋە گىگانت ئادەملەر توغرىسىدىكى ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرەتتى، بۇ ھېكايىلەرنى ئاڭلىغىنىدا، بالىنىڭ كۆزلىرى ھەيرانلىقتىن يوغان ئېچىلىپلا قالاتتى. كېيىنچىرەك، رېستو تۇغقان يوقلاپ سىنسىنناتىغا كېتىپ قالغان چاغلاردا، ۋىستانى ئۆزىنىڭ تۇرالغۇسىغا ئەكېتىدىغان بولدى، بۇ ئىش بىرنەچچە مەرتەم تەكرارلانغاندىن كېيىن، ئۇ ھەممىشە مۇشۇنداق قىلسا بولىدىغانلىقىنى بىلىۋالدى. بىر مەزگىل ئۆتۈپ، رېستونىڭ تومۇرىنى ئاستا ـ ئاستا تۇتۇۋالغاندىن كېيىن، تېخىمۇ يۈرەكلىك بولۇپ كەتتى. يۈرەكلىك دېگەن بۇ سۆز جېنىنىغا ئانچە ماس كەلمىسىمۇ، مۇشۇنداق قاراملىقى بىلەن، ئۇ بەئەينى چاشقان بالىسىنىڭ ئۆزىلا ئىدى، بەزىدە رېستو قىسقا مەزگىل — ئىككى ـ ئۈچ كۈن ئۆيدە بولماي قالسىمۇ، ئۇ ۋىستانى قورقماي تۇرالغۇسىغا ئەكېلەتتى، ھەتتاكى ۋىستانىڭ ئويۇنچۇقلىرىنى تۇرالغۇسىدا ئېلىپ قېلىپ، يەنە بىر كەلگىنىدە ئوينىغىلى بېرىش ئۈچۈن ساقلاپ قويىدىغان بولدى.

بالا جېنىنىڭ تۇرالغۇسىدا تۇرغان ۋاقىتلاردا، جېنىنى كىشىلىك ھاياتىنىڭ ھەقىقەتەن سۆيۈملۈك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلاتتى، بۇ يەردە گەپ، ئۇ قانۇنلۇق رەپىقە ھەم كۆڭۈلدىكىدەك ئاپا بولالىغان بولۇشى كېرەك ـ دە، ۋىستا تولىمۇ چىچەن قىز بولدى، ئۇ ھەممىشە ساددىلىق بىلەن تولغان سوئاللارنى سوراۋېرىپ، جېنىنى تازىمۇ خىجىللىقتا سېلىپ قوياتتى.

— مەن سىز بىلەن بىللە تۇرسام بولامدۇ؟ — بۇ ئۇنىڭ دائىم سورايدىغان ئەڭ ئاددىي سوئالى ئىدى. جېنى ئۇنىڭغا ھازىرچە ئۇنى ئەكېلىپ بىرگە تۇرۇشقا بولمايدىغانلىقى، ئەمما كېيىنچە مۇمكىن بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈشكە مەجبۇر بولاتتى، ئۆزىمۇ

تېزرەك بىر ئامال تېپىپ بالىنى يېنىغا ئەكېلىۋېلىشنىڭ كويىدا ئىدى .

— زادى قاچانلىققا ، ئېنىق دەپ بېرەلمەمسىز ؟ — ۋىستا يەنە سوراپ تۇرۇۋالاتتى .

— ياق ، قەدىرلىكىم ، هازىرچە بىر نەرسە دېيەلمەيمەن . بىراق ئاز قالدى ، مېنىڭچە ، سىز يەنە بىرنەچچە كۈن سەۋر قىلىپ تۇرسىڭىز بولارمىكىن . سىز ئۇسلۇن خانىمغا ئامراق ئەمەسمۇ ؟

— ئامراق ، — دېدى ۋىستا ، — بىراق ئۇنىڭ ئەمدى ماڭا بېرىدىغان ئوبدان نەرسىسى قالمىدى ، ئۇ ماڭا يەنىلا شۇ بۇرۇنقى ئويۇنچۇقلىرىمنى بېرىۋاتىدۇ .

جېننى بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كۆڭلى بىر قىسىملا بولۇپ كەتتى ـ دە ، ئۇنى ئويۇنچۇق دۇكىنىغا ئاپىرىپ ، ئۇنىڭغا يېڭى ئويۇنچۇقتىن بىر قۇچاق ئېلىپ بەردى .

دەرۋەقە ، رېستو بىزەمۇ گۇمان قىلىپ باقمىدى . ئۇ ئەزەلدىن ئائىلە ئىشلىرىغا پەرۋاسىزلىق بىلەن قارايتتى . ئۇنىڭغا پەقەت ئۆزىنىڭ خىزمىتى ۋە كۆڭۈل خۇشلۇقى بولسىلا بولدى ، جېننىنىڭ ساداقىتىگە بەكلا ئىشىنەتتى ، ئۇنىڭ بىرەر خۇپىيانە ئىشى بارلىقىدىن زادىلا شۈبھىلىنىپ باقمىغانىدى . ئۇ بىر كۈنى سەل ساقسىز بولۇپ قېلىپ ، چۈشتىن كېيىنلا ئۆيگە قايتىپ كەلدى ، قارىسا جېننى ئۆيدە يوق — سائەت ئىككىدىن بەشكىچە توپتوغرا ئۈچ سائەت ئۆيدە بولمىۋىدى ، رېستونىڭ سەل ئاچچىقى كېلىپ ، ئۇ قايتىپ كەلگەندە ، ئۇنىڭغا بىرنەچچە ئېغىز كايىپ قويدى ، بىراق ئۇنىڭ ئاچچىقى جېننىنىڭ ئالاقزادىلىكىدىن كۆچلۈك ئەمەس ئىدى . جېننى ئۇنىڭدا گۇمان تۇغدۇرۇپ قويۇشىدىن قورقۇپ ، چىرايى تاتىرىپ كەتتى ـ دە ، ئالمان ـ تالمان گەپ ياساپ ، رېستوغا چۈشەندۈرۈش ھەلەكچىلىكىدە بولۇپ كەتتى . كىر يۇيىدىغان ئاياللىڭكىگە بارغانىدىم ، ئۇ يەردىن نەرسە ـ كېرەك سېتىۋالغىلى باردىم ، شۇڭا ئۆيگە كەچ قالدىمىيەي ، سىزنىڭ بۈنچە بالدۇر كېلىدىغىنىڭىزنى ئويلىماپتىمەنىيەي ، سىرتقا چىقمىسام

بولغانىكەن ، سىز قايتىپ كەلگەندە ئالدىڭىزغا چىقالمىدىمىيەي ، دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىپ كەتتى . شۇ ئىشتىن كېيىن ، ئۇ بۇنداق ئىشتىن قانداق چاتاق تېرىلىدىغانلىقىنى بىلىپ قالدى .

بۇ ئىش ئۆتۈپ ئالاھازەل ئۈچ ھەپتىدىن كېيىن ، رېستو بىر ئىش بىلەن سىنسىنناتىغا كەتتى ، ئۇ يەردىن يەنە بىر ھەپتىدىن كېيىن قايتىپ كەلمەكچىدى . شۇڭا جېنىنى ۋىستانى يەنە ئەكېلىۋالدى . بۇ دورەم بالا بۇ ئۆيدە تۆت كۈن تۇرۇپ قالدى ، ئانا ـ بالا ئىككىيلەن بىر ـ بىرىگە ئىلگىرى ـ ئاخىر قېنىشىۋالدى .

بۇ دورەمقى قىسقا ۋاقىت جەم بولۇشتىن ئەسلىدە ھېچقانداق چاتاق چىقمىغانمۇ بولار ئىدى ، بىراق جېنىنىڭ بىپەرۋالىقى تۈپەيلى چاتاقنىڭ چوڭى يۈز بېرىپ ، ئۇنى قاتتىق ئۆكۈندۈردى . ۋىستا كېتىدىغان چېغىدا ، ئويۇنچۇق قورچىقىنى ئۇنتۇپ قېلىپ ، تاشقىرىقى ئۆيدىكى كۆن بىلەن قاپلانغان لۆم ـ لۆم كارىۋىتىنىڭ ئاستىدا قالدۇرۇپ كەتكەنىكەن . بۇ كارىۋات دەل رېستونىڭ دائىم يېتىپ تۇرۇپ تاماكا چېكىدىغان جايى ئىدى . ئويۇنچۇقنىڭ بويىندا كۆك لېنتا بىلەن باغلاپ قويۇلغان بىر كىچىك قوڭغۇراق بار ئىدى ، كارىۋات ھەربىر مىدىرلىسا ، ئۇنىڭدىن بوش ئاۋاز چىقاتتى . ۋىستانىڭ بالىلارچە شوخلۇقى بار ـ دە ، ئۇ ئويۇنچۇق قورچاقنى ئەتەي كارىۋاتنىڭ ئارقىسىغا تاشلاپ قويغانىكەن . ئۇ چاغدا جېنىنى بۇنىڭدىن خەۋەرسىز ئىدى . ۋىستا كەتكەندىن كېيىن ، جېنىنى ئويۇنچۇقلارنىڭ ھەممىسىنى يىغىشتۇرۇپ ئېلىپ قويغان ، قىزىشقاندەك ، مۇشۇ ئويۇنچۇق ئۇنىڭ دىققىتىنىڭ سىرتىدا قالغانىدى . رېستو قايتىپ كەلگەندىمۇ ، ئۇ يەنە ئاشۇ يەردە ، كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ ، كۈن نۇرىدا يالتىراپ تۇرغان ئويۇنچۇقلار دۇنياسىغا قاراپ ياتقانىدى .

شۇ كۈنى ئاخشىمى ، رېستو ئاشۇ كارىۋاتتا بەخىرامان ياتقىنىچە ، سىگارت چەككەچ گېزىت كۆرۈۋاتاتتى . تۇيۇقسىز ، قولىدىكى سىگارت يەرگە چۈشۈپ كەتتى ، سىگارتنىڭ ئوتى

ھېلىھەم يېنىۋاتاتتى . ئۇ بىر نەرسىلەرنى كۆيدۈرۈپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ ، ئېغىشىپ كارىۋات ئاستىغا كۆز يۈگۈرتتى . سىگارت دەماللىققا كۆزگە چېلىقمىدى ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ، كارىۋاتنى بىر ياققا سۈرۈپ قارىۋىدى ، ۋىستا تاشلاپ قويغان جايدا تۇرغان ھېلىقى قوزىچاقنى كۆرۈپ قالدى . ئۇنى قولىغا ئېلىپ ، ئۆرۈپ - چۆرۈپ بىرھازاغىچە كۆزدىن كەچۈردى ، كۆڭلىدە بۇ نەرسىنىڭ قانداق قىلىپ بۇ ئۆيدە پەيدا بولۇپ قالغىنىغا بەكمۇ قىزىقتى .

«ئويۇنچۇق قوزىچاق ئىكەنغۇ ! بۇ ھەرقاچان قوشنىلارنىڭ بالىلىرىنىڭ نەرسىسى ، جېنىنى ئۇلارنى ئويناتقىلى ئەكىرگەندە ، ئۇلار بۇنى مۇشۇ يەرگە تاشلاپ قويغان بولۇشى مۇمكىن» دەپ ئويلىدى ئىچىدە . بۇ نەرسە بىلەن جېنىنىغا بىر چاقچاق قىلغۇسى كېلىپ قالدى .

ئۇ ئويلاۋېتىپ ، ئۆزىچە خۇشال ھېسلارغا غەرق بولدى ـ دە ، ئويۇنچۇقنى كۆتۈرۈپ ئاشخانىغا كىردى ، جېنىنى ئوچاق بېشىدا نېمىلەرنىدۇر قىلىپ پايپېتەك بولۇپ يۈرەتتى . رېستو قەستەن سۈرلۈك قىياپەتتە ئۇنىڭدىن سورىدى :

— بۇ نەدىن كېلىپ قالدى ؟

ئۆزىنىڭ قوش سالاھىيىتىنى يېتەرلىك ئىسپاتلاپ بېرىدىغان بۇ نەرسىنىڭ رېستونىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشى جېنىنىڭ ئۇخلاپ چۈشىگىمۇ كىرمىگەنىدى . ئۇ ئۆرۈلۈپ شۇنداق بىر قاراپلا ، رېستو دەرگۇمان بولۇپ ئاچچىق قىلىۋاتقان ئوخشايدۇ ، دېگەن چۈشەنچىدە بولۇپ قالدى ، شۇئان تومۇرلىرىدىكى قانلىرى يۈزىگە تەپتىيۇ ، يەنە ئىتتىك تارقىدى .

— نېمە ، نېمە ؟ — تىلىنى چايناپ تۇرۇپ قالدى ئۇ ، — بۇ مەن سېتىۋالغان ئويۇنچۇقمۇ .

— مەنمۇ شۇنداقمىكىن دەپ ئويلىۋىدىم ، — دېدى رېستو ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن ، جېنىنىڭ ئۈركۈگەن قۇشتەك بولۇپ كەتكەن قىياپىتى ئۇنىڭ نەزىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىغان بولسىمۇ ،

ئەمما ئۇ بۇنىڭدىكى زور مەنىنى ھېس قىلىپ يەتكۈدەك بولمىغانىدى. «ئۇزە، پىنھان قوي قوتىنى ئىچىدە چۆرگىلەپ يۈرۈۋېتىپتۇ ـ دە.»

ئۇ قوزىچاقنىڭ بوينىدىكى قوڭغۇراقنى بىرنەچچىنى چېكىپ قويۇۋىدى، جېنىنى روھى چىقىپ كەتكەندەك قىياپەتتە، گەپمۇ قىلالماي تۇرۇپ قالدى. قوڭغۇراقنىڭ ئاۋازى خېلىغىچە توختىمىدى، رېستو بۇرۇلۇپ جېنىنغا يەنە بىر قاراپ قويدى. ئۇ شۇ تۇرقىدا چاقچاق قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنسىمۇ، جېنىنى ئۇنىڭ نېمىدىن گۇمانلىنىۋاتقىنىنى سوراشقا پېتىنالمىدى. لېكىن ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئەنسىزلىك ھېلىتىن تىنچلىنىدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

— كۆڭلىڭىز پەرىشان بولۇۋاتامدۇ نېمە؟ — دەپ سورىدى رېستو.

— ياقەي، — دېدى جېنىنى جاۋابەن.

— قارىغاندا، بۇ قوزىچاق سىزنى قاتتىق چۆچۈتۈۋەتكەندەك قىلىدۇ.

— ئۇنى نېرى ئېلىپ قويمەن دەپ ئۇنتۇپ قاپتىكەنمەن، باشقا ھېچ ئىش يوق، — دېدى جېنىنى ئۆزىنى ئەركىن تۇتۇپ.

— قارىغاندا، بۇ قوزىچاقنىڭ ئوينىلىۋاتقىنىغا خېلى چاغلار بولغان ئوخشايدۇ، — رېستو سەل جىددىي تەرزدە قوشۇمچىلاپ قويدىيۇ، جېنىنىنىڭ بۇ مەسىلىدىن قاتتىق بىئاراملىقتا چۈشۈپ قېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، قايتا گەپ سورىمايلا قويدى. بايا مۇشۇ قوزىچاقنىڭ باھانىسىدە ئازراق قىزىقچىلىق قىلىپ ئىچ پۇشۇقىنى چىقارماقچى بولۇۋىدى، بۇنىڭدىن ھېچ نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ تاشقىرىقى ئۆيگە قايتىپ چىقىپ، بايىقى كارىۋاتقا چىقىپ ياتتى ـ دە، بۇ ئىشنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. «جېنىنى نېمانچە ئۈركۈپ كېتىدىغاندۇ؟ ئۇ دېگەن تايىنلىقلا بىر ئويۇنچۇققۇ، ئۇنىڭغىمۇ بۇنچىۋالا بوزىرىپ ـ تاترىپ كەتكەن بارمۇ؟ ئۆيدە يالغۇز ئولتۇرۇپ زېرىكىپ، قوشنىلارنىڭ بالىلىرىنى ئۆيگە ئەكىرىپ ئويناتقان بولسا، بۇ ھېچقانچە بىر ئىش

ئەمەسقۇ . نېمىگە بۇنچىۋالا ئالاقزادە بولۇپ كېتىدىكىنە ؟ » ئۇ شۇنچە ئويلاپمۇ ، ھېچ تېگىگە يېتەلمىدى .

شۇنىڭدىن كېيىن ، بۇ قوزىچاقنىڭ گېپى ئىككىنچىلەپ بولۇنمىدى . ئىش ئۆتۈپ ئەھۋال ئۆزگەرگەندىن كېيىن ، ناۋادا ئۇنىڭ گۇمانىنى قايتا قوزغاپ قويىدىغان ئىش يۈز بەرمىگەن بولسا ، جېنىنىنىڭ خاتىرىسىدىن بۇ ئىشنىڭ ئىزنىـي تامامەن ئۆچۈرۈپ تاشلىغىلى بولاتتى ، شۇنىسى ، ئۇ ئىشنىڭ ئايىغـي بېسىلماي تۇرۇپلا ، يەنە بىر ئىش يۈز بەردى .

بىر كۈنى ئاخشىمى ، رېستو تۇرالغۇسىدا ئادەتتىكىدىن ئۇزاقراق ھايال بولۇپ قالغانىدى ، ئۇشتۇمتۇت ئىشىك قوڭغۇرىقى جىرىڭلاپ كەتتى . بۇ چاغدا جېنىنى ئاشخانىدا غىزا ئېتىش بىلەن ئالدىراش ئىدى . شۇڭا رېستو ئىشىكنى ئۆزى بېرىپ ئاچتى . ئىشىك ئالدىدا ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئايال سالاسىمىگە چۈشكەن قىياپەتتە تۇراتتى ، ئۇ ئايال رېستوغا بىر قاراپ قويدى ـ دە ، شۆھبەت تەلەپپۇزىدا گەپ قىلىپ ، جېنىنىنى ئىزدەيدىغانلىقىنى ئېيتتى .

— ئەمىسە جىندەك تۇرۇپ تۇرۇڭ ، — رېستو شۇنداق دەپلا ، ئىچكىرى كىرىپ جېنىنىنى قىچقاردى .

جېنى يىراقتىن بىر قاراپلا كەلگۈچىنىڭ كىملىكىنى بىلدى ـ دە ، ئالاقزادە بولغان ھالدا زالدىن ئۆتۈپ ، ئىشىكنى كەينىچە يېپىپ چىقىپ كەتتى . ئۇنىڭ بۇ تۇرقـي شۇ زامان رېستونىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويدى . رېستو قوشۇمىسىنى تۈردى ـ دە ، بۇ ئىشنى ئېنىقلىمىغۇچە بولدى قىلماسلىقنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويدى . جېنى بىردەمدىلا قايتىپ كىردى ، ئۇنىڭ چىرايى ئۆلۈكنىڭكىدەك تاتىرىپ كەتكەنىدى ، ئۇ خۇددى قوللىرىنى نەگە جايلاشتۇرۇشنى بىلمەيۋاتقاندەك ، بىرنېمىنى ئىزدىمەكچـي بولۇۋاتقاندەك جىددىيلىشىپ كېتىۋاتاتتى .

— نېمە ئىش بولدى ؟ — دەپ سورىدى رېستو . ئۇنىڭ قېنى قىزىپ تۇرغاچقا ، ئاۋازى قوپالراق چىقتى .

— سىرتقا بىر چىقىپ كىرمىسەم بولمايدىغان ئوخشايدۇ ، —

جېننى خېلى بىرھازادىن كېيىن ئاران شۇنى دېيەلىدى.
— مەيلى بارسىڭىز بېرىڭ، — رېستو ئۆزىنىڭ ئاران تۇتۇۋالغان ھالدا ئۇنىڭغا ئىجازەت بەردى، — بىراق زادى نېمە ئىش بولدى، نېمىلا بولمىسۇن ماڭا ئېيتىشىڭىز كېرەك، شۇنداق ئەمەسمۇيا؟ شۇ تاپتا نەگە بارماقچىسىز؟
— مەن . . . مەن، — جېننى گېپىنى قىلالماي قالدى، — مەن . . .
— ھە، نېمە؟ — دېدى رېستو قاتتىقراق قىلىپ.
— سىرتقا چىقمىسام بولمايدىغان ئىش چىقىپ قالدى، — جېننى گەپ يورغىلاتتى، — مەن . . . مەن ئەمدى بىردەم كېچىكسەم بولمايدۇ. قايتىپ كەلگىنىمدىن كېيىن سىزگە ئېيتىپ بېرىمەن، رېستو، ھازىر مەندىن گەپ سورىمىسىڭىزكەن.
ئۇ كۆزلىرىنىي چەكچەيتكەن پېتى رېستوغا قارىدى، چىرايىدىن دەرھال مېڭىشنى قارار تاپقانلىقىنىڭ ئىپادىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. رېستو ئۇنىڭ بۇنداق جىددىي قىياپىتىنى زادىلا چېلىقتۇرۇپ باقمىغانىدى، بۇ ھال ئۇنىڭغا سەل تەسىر قىلدى ھەم سەپراسىنى ئۆرلىتىپ قويدى.
— بارسىڭىز ئەلۋەتتە بولىدۇغۇ، — دېدى ئۇ، — ئەمما نېمانچە بۇنداق تىمىسقىلاپ يۈرگۈلۈك؟ نېمىشقا سەۋەبىنى ماڭا ئېيتالمايسىز؟ خەق بىلەن نېمە ئۈچۈن ئىشىكنىڭ كەينىدە كۇسۇرلىشىسىلەر؟ سىز زادى قەيەرگە بارماقچى؟
سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، سۆزىنىڭ سەل قوپال كەتكىنىنى سېزىپ، گېپىنى توختىتىۋالدى. جېننى باياتىن ھېلىقى خەۋەرنى ئاڭلىغان چېغىدىلا تىت ـ تىت بولۇپ كەتكەنىدى، ئەمدى ئەزەلدىن ئۇچراپ باقمىغان بۇ ئەيىبلەشكە ئۇچرىغاندىن كېيىن كەيپىياتى بىردىنلا ئۆرلەپ، چېكىگە يەتتى.
— سىزگە چوقۇم دەپ بېرىمەن، رېستو، مەن سىزگە چوقۇم دەپ بەرسەم بولمىدىمۇ، — جېننى چاڭىلداپ سۆزلەپ كەتتى، — ئەمما ھازىر بولمايدۇ، ھازىر مېنىڭ ۋاقتىم يوق. مەن قايتىپ

كېلىپ سىزگە ھەممىنى دەپ بېرىمەن، مېنى توسمىسىڭىز.
ئۇ گېپىنى تۈگىتىپلا، ئالدىراپ - تېنەپ ياندىكى ھۇجرىغا كىرىپ پەلتوسىنى كىيىپ چىقتى. رېستو ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەيلا قالدى، يەنە ئۇنى بوش قويۇۋەتكۈسى كەلمەي، ئۇنىڭ كەينىدىن ئىشىككىچە قوغلىشىپ باردى.
— توختاڭ، — ئۇ قوپاللىق بىلەن گۈركىرىدى، — بۇ قىلىقىڭىز بولمىدى. سىزگە زادى نېمە بولدى؟ ماڭا ئېنىق دەپ بېرىڭ.
ئۇ ئىشىك تۈۋىدە تۈرۈپلىۋالدى، بېشىدىن تارتىپ تاپىنىغىچە، ئادەمنى بويسۇندۇرماي قويمايدىغاندەك تەرسالىق، قەتئىيلىك ئىپادىسى چىقىپ تۇراتتى. جېنىنى ئىلاجسىز بېشىنى ئارقىغا بۇرىدى.
— مېنىڭ بالام، رېستو، — دېدى ئۇ چۈۋۈرلاپ، — سەكراتتا يېتىپتۇ. شۇ تاپتا سىزگە سۆزلەپ بېرىشكە ۋاقتىم يوق، ئاھ خۇدا، مېنى توسمىسىڭىز، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، سىزگە ھەممىنى دەپ بەرسەم بولمامدۇ.
— سىزنىڭ بالىڭىز؟ — رېستو تۈۋلىۋەتتى؛ — بۇ قانداق گەپ؟
— مەن ئىلاجسىز، — دېدى جېنىنى جاۋاب بېرىپ، — مەن قورققاندىم . . . سىزگە بۇرۇنلا ئېيتىشىم كېرەك ئىدى. ئەمما، چۈنكى . . . ئاھ، مېنى قويۇپ بەرسىڭىز، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن سىزگە ھەممىنى سۆزلەپ بېرەي.
رېستو ھاڭ - تاڭ بولغان ھالدا ئۇنىڭغا تىكىلىپ تازا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، بىر چەتكە داجىپ يول بوشاتتى. ئەمدى ئۇنىڭدىن قىستاپ سوراۋەرگەننىڭ پايدىسى يوقلۇقىنى چۈشەندى.
— بوپتۇ، بېرىڭ، — دېدى ئۇ تىنچلانغان قىياپەتتە، — سىزنى بىرى ئاپىرىپ قويسۇنمۇ؟
— ھاجىتى يوق، — دېدى جېنىنى، — ئوسلۇن خانىم سىرتتا كۈتۈپ قالدى، شۇياق بىلەن بىللە بارىمەن.

www.uyghurkitap.com

ئۇ چىرايى تاتارغان هالدا ئالدىراش چىقىپ كەتتى.
رېستو جايىدىن قىمىرلىماي، ئۇيغا چۆككىنىچە تۇرۇپلا قالدى. «ناھايەتكى بۇ، ئۆزۈم ئېنىق چۈشىنىمەن دەپ ئويلىغان ھېلىقى ئايال شۇ بولسا؟ قارىمامدىغان، شۇنچە يىللاردىن بېرى دوپپامغا جىگدە سېلىپ يۈرگەنىكەن ـ دە، جېنىنى! چىرايىنىڭ تاتىرىپ كەتكىنىنى قارا ئۇنىڭ! ھېلىقى ياۋاشلىقى قېنى!»
رېستو مۇشۇنداق ئويلار بىلەن ئۆزىگە ئۆزى سۆزلەۋېتىپ، جىلە بولغىنىدىن بوغۇلۇپ قالايلا دېدى.
«خوپ بولدى، ئۆزۈمگىمۇ ئاز!»

## 29

جېنىنىڭ بۇنداق ئالدىراش چاقىرتىپ كېتىلىشىدىكى سەۋەب، ۋىستا باللاردا بولىدىغان جىددىي كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالغانىدى — بۇ كېسەلنىڭ بۇنداق تۇيۇقسىز پەيدا بولۇشى ھەم ئۇنىڭ ئاقىۋىتى تېخى ئىككى سائەت ئىلگىرى ھېچكىمنىڭمۇ خىيالىغا كىرىپ چىقمىغانىدى. ۋىستانىڭ بىرنەچچە سائەت ئىلگىرى بوغۇزى ئاغرىپ قالغانىدى، بۇ كېسەل بىردەمدىلا شۇنداق يامانلاپ كەتتى، بۇنىڭدىن قورقۇپ كەتكەن بىچارە مومايىنىڭ پۇت ـ قولىدا جان قالمىدى. يۈگۈرۈپ قوشنىلىرىنىڭكىگە چىقىپ، «بىرەرىڭلار گان خېنىمغا ۋىستانىڭ كېسىلى ئېغىر ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلىپ قويغان بولساڭلار بوپتىكەن، ئۇ تېزرەك كەلگەن بولسا» دەپ ئۆتۈندى. بۇ خەۋەرنى ئېلىپ بارغۇچى جېنىنى تېزرەك بارسۇن، دەپ ئەتەي ئۆزىنى قورقۇپ ئۆكسۈلى قالمىغاندەك قىلىپ كۆرسىتىۋىدى، جېنىنى بالىسىنى «ئۆلۈپ قالىدىغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ قورقۇپ كەتكىنىدىن، نەچچە يىلنىڭ مابەينىدە سىر تۇتۇپ كەلگەن مەخپىيەتلىكنى بىراقلا ئاشكارىلىۋەتتى. ئىشىكتىن چىقىپلا يۈگۈرگەندەك ماڭدى،

يۈرىكىدە قىزى بىلەن پاتراق يۈز كۆرۈشۈۋېلىش ئىستىكى ئوت بولۇپ يانماقتا ئىدى . «ناۋادا ئۆلگۈرەلمىگەن بولسام ، ئۇ چاغدا قانداق بولىدۇ ! ناۋادا ۋىستا ئاللىبۇرۇنلا كېتىپ قالغان بولسىچۇ !» ئۇ ئىختىيارسىز قەدىمىنى تېزلەتتى ، كوچا چىراغلىرىنى بىر - بىرلەپ ئارقىدا قالدۇرۇپ قويۇندەك كېتىۋاتقان مۇشۇ پەيتتە ، رېستوننىڭ باياتىن ئېيتقان جاندىن ئۆتكۈدەك سۆزلىرى ئۇنىڭ ئېسىدىن تامام كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن ، رېستوننىڭ ئۆزىنى ئۆيدىن ھەيدەپ چىقىرىپ ، نارەسىدە قىزى بىلەن يات يۇرتلاردا سەرسان بولۇپ يۈرۈشكە مەھكۇم قىلىش مۇمكىنلىكىمۇ خىيالىغا كىرىپ چىقماس ئىدى . ئەس - خىيالى ۋىستانىڭ ئېغىر بىتاب بولۇپ قالغانلىقى ، ھەتتا سەكراتتا ئىكەنلىكىدىلا ئىدى ، ئۇ يەنە : «ئانا - بالا ئىككىمىزنىڭ ئايرىلىپ ياشاۋاتقىنىمىز پۈتۈنلەي ئۆزۈمدىن كەتكەن ئىش ، مەن گۇناھكارمەن ، ئەگەر ئۇنى ئۆز يېنىمدا باققان بولسام بۈگۈنكىدەك ئىش يۈز بەرمىگەن بولاتتى» ، دەپ ئويلىدى .

«ئۆلگۈرۈپ بارالىغان بولسام ياخشى بولاتتى ، — ئۇ يول بويى ئۆزىگە ئۆزى پىچىرلاپ ماڭدى ، تورۇپلا ، ئەسەبىيلىكى تۇتۇپ قالغاندەك بولۇپ ، — بۇنداق قاملاشمىغان ئىشنى قىلسام پەرۋەردىگارنىڭ جازاسىغا ئۇچرايدىغىنىمنى بىلمەپتىمەن . نېمىشقىمۇ ھاماقەتلىك قىلغاندىمەن ! نېمىشقىمۇ بۇنچە گالۋاڭلىق قىلغاندىمەن !» دەپ سۆزلەپ كەتتى .

ئىشىكنىڭ ئالدىغا يېتىپ كېلىشى بىلەنلا ، سوقماق يولدىن ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ ئۆتۈپ ئۆيگە كىردى ، قارىسا ، ۋىستا يۈزى ئاپئاق ئاقىرىپ كەتكەن ھالدا بوش نەپەس ئېلىپ تىپتىنچ ياتقانىكەن ، ئەمما خېلى ئوبدان بولۇپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى . بالىنىڭ يېنىدا بىرمۇنچە شۆپتىسىيلىك قوشنىلار ھەم ئوتتۇرا ياشلىق بىر دوختۇر پايپېتەك بولۇپ تۇرغانىكەن . بۇلار ئۇنىڭ بالىنىڭ كارىۋىتى يېنىغا بېرىپ يەرگە تىزلانغىنىچە ، بالىغا بىرنېمىلەرنى دەۋاتقىنىغا قىزىقسىنىپ قاراپ قېلىشتى .

بۇ چاغدا ، جېننى ئۆز كۆڭلىدە بىر قارارغا كېلىپ بولغانىدى . ئۇ قىزنىڭ ئالدىدا گۇناھ ئۆتكۈزدى ، ئۆتكۈزگەندىمۇ چېداپ تۇرغۇسىز گۇناھ ئۆتكۈزدى . بۈگۈندىن ئېتىبارەن بارلىق كۈچىنى ئىشقا سېلىپ گۇناھىنى يۇيۇشى كېرەك . رېستو ئۇنى ناھايىتى ياخشى كۆرۈپ كەلدى ، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭدىن ھېچقانداق ئىشنى يوشۇرماسلىقى كېرەك ؛ ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالغان تەقدىردىمۇ — بۇ يېقىنى خىيالىغا كەلتۈرۈشى بىلەن ، ئىختىيارسىز يۈرىكى پىچاق سانجىغاندەك ئاغرىپ كەتتى — چوقۇم شۇنداق قىلىشى كېرەك . ئەمدى ۋىستانى ئىگە - چاقىسى يوق بالىدەك تاشلىۋېتىشكە بولمايدۇ . ئۇ بالىسى ئۈچۈن ئانىلىق بۇرچىنى ئادا قىلىپ ، بالىسىنى ئائىلە مېھرىدىن بەھرىمەن قىلىشنى ، ئۆزى نەگە بارسا ، ئۇنىمۇ شۇ يەرگە ئاپىرىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويدى .

شۇ پەيتتىكى پاسوندا سېلىنغان بۇ ئاددىي ئۆيدە ، كارىۋات يېنىدا ئولتۇرۇپ ، ئۇ كۆڭلىدە ئاستا - ئاستا ئاڭقىرىشقا باشلىدى . بۇنداق ئالدامچىلىقنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق ئىكەن . مانا ، قاراپ تۇرۇپ بىرمۇنچە ماجىرا ھەم دەرد - خاپىلىقنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولدى . ئۆزىنىڭ مۇشۇ بىرنەچچە ئايدىن بۇيانقى غەم - تەشۋىشلىرىمۇ مۇشۇنىڭدىن بولغانىدى ، بولۇپمۇ بۈگۈن ئاخشامقى ئىشنى ئالدىغان بولساق ، بۇمۇ ئاشۇ ئالدامچىلىقنىڭ نەتىجىسى ، شۇ . ئۇنداق قىلغاندىن ئەمدى نېمە پايدا چىقتى ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىش ئاشكارىلىنىپ قالدى ئەمەسمۇ . ئۇ ، بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىشنى ھېچ بىلەلمەي ، تۈۋى يوق خىياللارغا غەرق بولدى ، ۋىستامۇ ئاستا - ئاستا تىنچلىنىپ ، بىرپەستىن كېيىن ئۇيقۇغا كەتتى .

رېستو بۇ ئىشنى بىلىپ قالغان چاغدىكى بىردەملىك قەھر - غەزىپى تارقىلىپ كەتكەندىن كېيىن ، ئۆزىگە ئۆزى مۇنداق تەبىئىي سوئاللارنى قويدى : «بۇ بالىنىڭ دادىسى كىم بولغىيدى ؟ ئۇ ھازىر قانچە ياشتا ئىكەنا ؟ قىزىق ، ئۇ قانداقلارچە ھازىر چىكاگودا بولۇپ

قالدى ، ئۇنى كىم بېقىۋاتقاندۇ ؟» ئەمما ئۇ سوئاللا قويالايتتى ، جاۋاب بېرەلمەيتتى ، بۇ ئىشلاردىن مۇتلەق خەۋەرسىز ئىدى .
ئۇ جېنىنى بىلەن دەسلەپ لېئانچو خانىملارنىڭكىدە ئۇچرىشىپ قالغان چاغدىكى ئەھۋاللارنى يېڭىباشتىن ئەسكە ئېلىشقا باشلىدى . شۇ چاغدا ئۇنى جېنىنىنىڭ نەرى جەلپ قىلىۋالغان بولغىيدى ؟ نېمە ئۈچۈن بىرنەچچە سائەتلىك كۆزىتىش بىلەنلا ، ئۇنىڭدا جېنىنىنى چوقۇم قولغا چۈشۈرەلىشىگە ئىشەنچ تۇغۇلۇپ قالغانىدىكىنە ؟ بۇ زادى نېمە سەۋەبتىندۇ ؟ ئەخلاق جەھەتتىكى شاللاقلىقىدىنمىدۇ ياكى ئىرادىسىنىڭ زەئىپلىكىدىنمىدۇ ؟ زادى نېمە سەۋەبتىندۇ ؟ ئۇ ، بۇ ئىشتا چوقۇم بىر خىل ئويۇن بار ، يەنى پىشقان نەيرەڭۋازلىق بار ، دەپ تەخمىن قىلدى . جېنىنىنىڭ ئۇنىڭدەك مۇشۇنداق سەممىي ئاددىمىمۇ ئالدامچىلىق قىلغىنىنى بولسا ، ۋاپاسىزلىقتا جورىدى .
ۋاپاسىزلىق رىستو ھەممىدىن بەك نەپرەتلىنىدىغان ئىش ئىدى ، ئۇ بۇنى ئىنسانلار ئارىسىدىكى گۇناھى چېكىدىن ئاشقان بۇزۇقلارنىڭ ئىشى ، دەپ قارايتتى . جېنىنىنىڭ ۋۇجۇدىدىن بۇنىڭ زەررىچىسىنى بايقاپ قالغىنى ئۇنى تولىمۇ ئوڭايسىزلاندۇرۇپ قويدى . جېنىنىنىڭ ئىلگىرىكى يۈرۈش - تۇرۇشىدا ۋاپاسىزلىقنىڭ ئالامىتى كۆرۈلمەكتە يوق ، بەلكى ئەكسىچە ناھايىتى تەسىرلىنىپ يۈرۈۋاتقاندەك روھىي قىياپەت چىقىپ تۇراتتى ؛ بىراق ئەمدىلىكتە بۇ ئىش ئاشكارىلىنىشى بىلەن ، رىستوغا جېنىنىنىڭ ۋاپاسىزلىق قىلمىشىنىڭ كۈچلۈك ئىسپاتى قولغا چۈشۈپ قالغاندەك تەسىر قىلىپ ، ئۇنىڭ ئۆچمەنلىكىنى قوزغاپ قويدى . «ئۇ مۇشۇنداق قىلىپ مېنى كولدۇرلىتىپ يۈرۈشكە قانداق پېتىنالىغاندۇ ؟ ئۇ ناھايىتى قىيىن شارائىتتا تۇرغان ۋاقىتىدا ، مەن ئۇنىڭغا قالتىس شەپقەت كۆرسەتكەن ئەمەسمىدىم ؟»
ئۇ ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ، ساپادىن تۇرۇپ كېتىپ ، جىمجىتلىققا چۆككەن ئۆيئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ يۈردى ، بۇ مەسىلىنىڭ ئېغىرلىقى ئۇنىڭ ھۆكۈم قىلىش

ئىقتىدارىنى تولۇق ئىشقا سېلىۋەتتى . «جىننى مېنىڭ ئالدىمدا گۇناھ ئۆتكۈزدى ، مەن ئۇنى جازالاشقا ھەقلىقمەن» ، «ئىلگىرى كۆز بويامچىلىق قىلىپ يۈرگەن بولسا ، مەيلى كەتتى ، ئەمدى مېنى داۋاملىق ئالداپ يۈرىۋېرىشكە يول قويمايمەن» دېگەن كەسكىن پىكىرلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى ئۇ ، يەنە «جىننىنىڭ مۇھەببىتى ئاللىبۇرۇنلا بۆلۈنگەنىكەن ، يېرىمى ماڭا ، يېرىمى بالىسىغا تەئەللۇق ئىكەنتۇق» دەپ ھۆكۈم قىلدى . مەسىلىنى مۇشۇنداق بايقايدىغان بولسا ، ئۇنىڭغا ئوخشاش مەرتىۋىلىك ھەرقانداق كىشىمۇ چىدىيالمايتتى . شۇڭا ئۇ ئىچ - ئىچىدىن بىئارام بولۇپ ، قوللىرىنى شىمىنىڭ يانچۇقىغا سالغىنىچە ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىۋەردى .

رېستوننىڭ جىننىنى «ماڭا ۋاپاسىزلىق قىلدى» دەپ ئويلاپ قېلىشىغا ، جىننىنىڭ بالىسىنىڭ ئىشىنى ئۇنىڭدىن سىر تۇتقانلىقى سەۋەب بولدى . ئەمەلىيەتتە ئۇ بالىنىڭ بۇ دۇنياغا تۆرىلىپ قېلىشىغا سەۋەب بولغان ئاشۇ غەيرىي رەسمىي مۇناسىۋەتمۇ خۇددى ئۆز ۋاقتىدا جىننىنىڭ رېستوننىڭ ئېزىقتۇرۇشىغا بەس كېلەلمىگەنلىكى سەۋەبلىك پەيدا بولغان مۇناسىۋەتكە ئوخشاشلا بىر ئىش ئىدى . ئۇنداق بولغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭ بۇنداق ھۆكۈم قىلىشىنى تازا ئادىللىق دېگىلى بولمايتتى . ھالبۇكى بۇنداق غەلىتە بىر تەرەپلىمە قاراش ئۆزگىنى كۆپرەك ، ئۆزىنى ئازراق ئەيىبلەيدىغان ئىنسانلار ئارىسىدا مەڭگۈ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ . ئەينى چاغدا رېستو ئۆزىنىڭ ئەخلاقىنىڭ قانداقلىقى بىلەن ھېسابلاشماي (ئەسلىدىمىغۇ ، ئەركەكلەرنىڭ ھۆكمىدە ئۆزىنىڭ ئەخلاقى توغرىسىدا لىللا پىكىرنىڭ ئىلگىرى سۈرۈلمىكى قىيىن گەپ ) ، ئۆزىچە بىر خىل غايىگە ئىشىنىپ يۈرگەنىدى ، يەنى ئايال خەق ئۆزىنىڭ سۆيگەن يىگىتىگە كۆڭلىدىكى جىمى گېپىنى يوشۇرماي ئېيتىشى كېرەك ، دەپ قارايتتى . ئەمدىلىكتە ، جىننىنىڭ ئۇنىڭدىن مۇشۇنداق سىر ساقلاپ يۈرگىنى ئۇنى قاتتىق نەپرەتلەندۈردى . ئۇ بىر قېتىم جىننىدىن ئۇنىڭ كەچۈرمىشىنى

سوراپ باقماقچى بولغاندا، جېننى ئۇنىڭ قىستاپ سوراۋەرمەسلىكىنى ئۆتۈنۈپ تۇرۇۋالغانىدى. ئاشۇ چاغدا بۇ بالىنىڭ گېپىنى قىلىپ بېرىشى كېرەك ئىدى، ئەمدىچۇ... رېستو بېشىنى چايقاپ قويدى.

بۇ ئىشلارنى خىيالىدىن بىرقۇر ئۆتكۈزۈپ چىققاندىن كېيىن، ئۇنىڭ كاللىسىغا بىرىنچى بولۇپ كەلگەن ئوي، بۇ ئۆيدىن كېتىپ جېننىنى تاشلىۋېتىش بولدى. تۇرۇپ يەنە ئۇ ئىشنىڭ تەپسىلاتىنى ئاڭلاپ باقماقچىمۇ بولدىيۇ، يەنە شەپكىسىنى، پەلتوسىنى كىيىپ سىرتقا چىقتى-دە، ئاۋۋال يېقىن ئەتراپتىكى قاۋاقخانىغا كىرىپ، بولۇشچە ئىچتى، ئاندىن كېيىن پەيتۇن ياللاپ كۇلۇبقا باردى، ئۆيلەرنى بىر-بىرلەپ ئارىلاپ، تونۇشلار بىلەن ئۇنى-بۇنى پاراڭلىشىپ ئۆزىنى مەلىكە قىلىپ يۈردى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆڭلى تازىمۇ ئېگىز-پەس بولۇپ تۇرۇۋاتاتتى. ئۈچ سائەت ئويلانغاندىن كېيىن، ئۇ ئاخىر پەيتۇنغا ئولتۇرۇپ ئۆيگە قايتتى.

جېننى پەرىشانلىق ئىچىدە، ئۇيقۇدا ياتقان بالىسىنىڭ قېشىدا نېمە قىلارىنى بىلمەي خېلى ئۇزاق ئولتۇردى، بىركەمدىن كېيىن، قىزىنىڭ تەكشى نەپەس ئېلىپ ياتقىنىنى كۆرۈپ، خەۋپنىڭ ئۆتۈپ كەتكىنىنى بىلدى. ئەمدى قىلغۇدەك ئىش قالمىغانلىقىنى ئويلاپ تۇرۇۋىدى، بىردىنلا خىيالىغا باياتىن ئۆزىنىڭ ئۆيدىن ئالدىراپ-سالدىراپ چىقىپ كەتكىنى، رېستوغا ھەممە گەپنى دەپ بېرىمەن دەپ لەۋز قىلغىنى كېچىپ قالدى-دە، ئۆز بۇرچىنى ئاخىرغىچە ئادا قىلىشى زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدى. ئېھتىمال، شۇ تاپتا رېستو ئۆيدە ئۇنى كۈتۈپ تۇرغان بولۇشى مۇمكىن. رېستو ئۇنىڭ بىلەن ئارىنى ئوچۇق قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ قالغان ھېكايىلىرىنى بىر ئاڭلاپ باققۇسى كېلىدىغاندۇ. «رېستو مېنى چوقۇم تاشلىۋېتىدۇ» دېگەن ئوي كاللىسىغا كەچكەندە، يۈرىكى «قارت» لا قىلىپ قالدى. بىراق ئۇنىڭچە بولغاندا، بۇنداق بىر تەرەپ قىلغاندىمۇ چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولمايتتى، چۈنكى ئۇ ئۆزىگە ئۆزى قىلىپ قويغان-دە.

www.uyghurkitap.com

جىننى ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە ، سائەت ئون بىردىن ئاشقان ، زالنىڭ چىرىغى ئۆچۈك ئىدى . ئىشىكنى ئاۋۋال ئىتتىرىپ بېقىپ ، ئاندىن ئاچقۇچ بىلەن ئاچتى . ئۆينىڭ ئىچىدە شەپە بار ـ يوقلۇقىغا قۇلاق سېلىپ بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ، ئىشىكنى ئېچىپ ئۆيگە كىرىپ ، رېستوننىڭ سورلۇك چىراي بىلەن قارشى ئېلىشقا تەييار بولدى ، ئەمما رېستو ئۆيدە يوق ئىدى . گاز لامپىسى يېنىقلىق تۇرۇپتۇ ، دېمەك ، رېستو چىراغنى ئۆچۈرۈۋېتىشنى ئېسىدىن چىقارغان . جىننى ئەتراپقا ئىتتىك كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى ، ئۆيئىچىنىڭ تىمتاسلىقىنى كۆرۈپ ، شۇئان «رېستو مىنى تاشلاپ كېتىپ قاپتۇ» دېگەن خۇلاسىگە كەلدى ـ دە ، تۇرغان جايىدا قاققان قوزۇقتەك قېتىپلا قالدى .

شۇ ئەسنادا ، بىنانىڭ پەلەمپەيدىن رېستوننىڭ قەدەم تىۋىشى ئاڭلاندى . ئۇ ، بېشىغا يۇمشاق قاسقانلىق شەپكە كىيگەن ، شەپكىسىنىڭ سايىۋىنى كەڭ پېشانىسى ئۈستىدىن ساڭگىلاپ چۈشۈپ قوڭۇر قاشلىرىنى يېپىۋالغانىدى ، ئۈچىسىدا پەلتو ، پەلتوسىنىڭ ياقىسىنى ھەم ئېتىۋالغانىدى . ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن ، جىننىغا قاراپمۇ قويماي ، ئاۋۋال پەلتوسىنى يېشىپ قوزۇققا ئاستى ، ئاندىن ئېرىنچەكلىك بىلەن بېشىدىن شەپكىسىنى ئېلىپ ، ئۇنىمۇ ئېسىپ قويدى . مۇشۇلارنى ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىن ، ئاندىن كۆزلىرىنى پارقىراتقىنىچە ئۇنىڭغا قاراپ تۇرغان جىننىنىڭ قېشىغا كەلدى .

— مەن ئەمدى بۇ ئىشنى باشتىن ـ ئاخىرىغىچە بىلمەكچىمەن ، — ئۇ گەپنى مۇشۇنداق باشلىدى ، — ئۇ كىمدىن بولغان بالا ئىدى ؟

جىننى خۇددى بىر كىشى دەررۇ بىرىپ تەكشۈرىدىغاندەك بىرپەس ئارسالدى بولۇپ قالدى ـ دە ، ئاندىن بىراقلا ئىقرار قىلىۋەتتى :

— كېڭەش ئەزاسى براندتىن .

— كېڭەش ئەزاسى براند ! — دەپ تەكرارلىدى رېستو .

ئاللىبۇرۇن ئالەمدىن ئۆتكەن بۇ مەشھۇر زاتنىڭ نامىشەرىپى ئۇنىڭ قۇلىقى تۇۋىدە ئاجايىپ بىر خىل قۇدرەت بىلەن جاراڭلاپ كەتتى ، — سىز ئۇنى قانداق تونۇيتتىڭىز ؟

— بىز ئادەتتە ئۇنىڭ كىرلىرىنى يۇيۇپ بېرەتتۇق ، — جېنىنى قىسقىچىلا جاۋاب بەردى ، — مەن ھەم ئاپام ئىككىمىز .

رېستو ئاڭقىيىپ تۇرۇپلا قالدى ، جېنىنىنىڭ مۇشۇنداق ئىقرار قىلىشى بىلەن ، ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى جىمى ئۆچمەنلىك بىردىنلا تارقىلىپ كەتتى . «كېڭەش ئەزاسى براندنىڭ بالىسى ئىكەن ـ دە» دەپ ئويلىدى ئۇ . دېمەك ، ئاۋام خەلق مەنپەئىتىنىڭ ئۇلۇغ ۋەكىلى ئۇنى — ئۆزىنىڭ كىرچى ئايالنىڭ قىزى ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلغۇچىنى — ئاياغ ئاستى قىلغانىكەن ـ دە . بۇ ، تۆۋەن تەبىقىدىكىلەرنىڭ تۇرمۇشىدىكى بىر تراگېدىيىغۇ .

— بۇ قاچان بولغان ئىش ؟ — بۇنى سورىغان چېغىدا ، ئۇنىڭ چىرايى غەمكىن تۈس ئالدى .

— ئۇنىڭغا ئالتە يىلچە ۋاقىت بولدى ، — دەپ جاۋاب بەردى جېنىنى .

رېستو جېنىنى بىلەن تونۇشقاندىن كېيىنكى ۋاقىتنى كۆڭلىدە ھېسابلاپ چىققاندىن كېيىن ، يەنە سورىدى :

— ئۇ بالا قانچە ياشقا كىردى ؟

— بەش ياشتىن سەل ئاشتى .

رېستو سەل تەسىرلىنىپ قالدى . مەسىلىنىڭ كەسكىنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتكەندىن كېيىن ، ئاۋازى ئاۋۋالقىدەك كەسكىن بولماي ، تەمكىنرەك چىققىلى باشلىدى :

— سىز ئۇنى نەدە يوشۇرۇپ كەلگەنىدىڭىز ؟

— سىزنىڭ بولتۇر ئەتىيازدا سىنسىنناتىغا كېتىشىڭىزدىن بۇرۇن ، ئۇ بىزنىڭ ئۆيدە ئىدى ، كېيىن مەن بېرىپ ئۇنى بۇ يەرگە ئەكېلىۋالغانىدىم .

— مەن كلېۋېلاندقا بارغان ئاشۇ چاغلاردىمۇ شۇ ئۆيدىمىدى ؟

— ھەئە ، — دېدى جېنىنى ، — ئەمما مەن ئۇنى سىزنىڭ

كۆزىڭىزگە چېلىقىپ قالىدىغان يەرلەرگە بارغۇزمايتتىم.

— سىزنىڭ ئائىلىڭىزدىكىلەرگە مەن بىلەن تۇرمۇش قۇرغانلىقىڭىزنى جاكارلىغىنىڭىزنى ماڭا ئېيتقىنىڭىز ئېسىمدە، — ئۇنىڭ بۇ گەپنى قىلىشىدىكى سەۋەب، ئۇنىڭغا بۇ بالىنىڭ جىيەنلىرىنىڭ ئائىلىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتى سەل غەلىتە تۇيۇلۇپ كەتكەنىدى.

— شۇنداق، — دېدى جىيەنى، — ئەمما مەن سىزگە بۇ بالىنىڭ گېپىنى دېيىشنى خالىمىغانىدىم. ئۇلار مېنى چوقۇم دەيدۇ دەپ ئويلاپ قېلىشتى.

— ئۇنداقتا ماڭا نېمىشقا ئېيتمىدىڭىز؟

— چۈنكى قورقتۇم.

— نېمىدىن؟

— سىز بىلەن بىللە كەتكەندىن كېيىن ئاقىۋىتى قانداق بولىدىغىنىنى بىلمەيتتىم، رېستو. بىرەر چارىسىنى تاپقان بولسام، قىزىمنى ئۇ ھالدىمۇ تاشلاپ قويماس ئىدىم. كېيىن ئۆزۈممۇ خىجىل بولۇپ قالدىم، بىراق سىز ئەينى ۋاقىتتا ماڭا بالىنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىڭىزنى ئېيتقاندىلا، مەن قورققانىدىم.

— سىزنى تاشلىۋېتىشىمدىن قورققانمىدىڭىز؟

— ھەئە.

رېستو قېتىپلا قالدى. چۈنكى جىيەنىنىڭ سەمىمىيلىك بىلەن بەرگەن جاۋابلىرى رېستونىڭ ئۇنى «پوتونلەي نەيرەڭۋازلىق قىلىۋاتىدۇ» دەپ ھۆكۈم چىقىرىشقا سەۋەب بولغان شۈبھىلىرىنىڭ بىر قىسمىنى كۆڭلىدىن كۆتۈرۈۋەتكەنىدى. ھە، بۇنىڭدىكى ئالدامچىلىق ناھايىتى شۇ ھال ـ كۈندىكى تەقىسلىق ھەم ئەخلاق جەھەتتىكى قورقۇنچاقلىقتىن بولغانىكەنغۇ. ئۇلارنىڭ ئائىلىسى قانداق ئائىلە ـ ھە! ئۇلارنىڭ ئەخلاق كۆزقارىشى چورتلا يوق ئىكەن ـ دە. ئۇنداق بولمىسا مۇشۇنداق چاتاق چىققان بولاتتىمۇ!

— بۇ ئىشنىڭ ھامىنى بىر كۈنى ئاشكارىلىنىپ قالىدىغىنىنى

ئويلىمىدىڭىزمۇ ؟ — ئۇ يەنە سورىدى ، — بالىنى مۇشۇ تەرىقىدە بېقىپ چوڭ قىلىپ كېتەلىشىڭىز ھەرگىز مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلىشىڭىز كېرەك ئىدى ، نېمىشقا ماڭا ئېيتمىدىڭىز ؟ بالدۇرراق ئېيتقان بولسىڭىز مەنمۇ ھېچقانداق پىكىردە بولمىغان بولاتتىم .

— بۇنى بىلىمەن ، — دېدى جېننى ، — ئەمما مەن ئۇنى ھىمايە قىلماقچى بولغانىدىم .

— ئۇ ھازىر نەدە ؟ — دەپ سورىۋىدى رېستو .

جېننى ئۇنىڭغا بىر - بىرلەپ چۈشەندۈردى .

سۆزلەۋېتىپ ، بۇ مەسىلە بىلەن رېستونىڭ پوزىتسىيىسى ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت بارلىقىنى ھېس قىلىپ قالدى - دە ، گېپىنى توختىتىپ ، يەنە قانداق چۈشەندۈرۈشنى بىلەلمەي ، بىرپەس ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى . كېيىن يەنە بىرقۇر چۈشەندۈرۈۋىدى ، رېستو ئۇنىڭ غەرەزلىك ھالدا ھىيلە ئىشلىتىپ يۇرمىگەنلىكىنى ، ناھايىتى شۇ كاللىسىنى خاتا ئىشلىتىپ قالغانلىقىنى چۈشەندى . بۇ خىل ھالەت ئىنتايىن روشەن ئىپادىلىنىپ تۇرۇپتۇ . مۇبادا ، رېستو باشقىچە بىر ئورۇندىكى كىشى بولغان بولسا ، ئۇنىڭغا جەزمەن ئىچ ئاغرىتقان بولاتتى . لېكىن ، براند توغرىسىدىكى ئاشۇ ئىقرارنامە تېخىچە ئۇنىڭ كاللىسىدىن چىقىپ كەتمىگەنىدى ، شۇڭا ئۇ ئايلىنىپ كېلىپ يەنە مۇشۇ گەپكە توختالدى .

— سىز ئايىڭىزنى ئۇنىڭغا دائىم كىر يۇيۇپ بېرىدىغان دېدىڭىز ، ئۆزىڭىز قانداقلارچە ئۇنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانىدىڭىز ؟

مۇشۇنىڭغا قەدەر ، جېننى ئۇنىڭ ھەممە سوئالىغا چىدىغانىدى ، بۇ سوئال ئۇنى ئازابقا سېلىپ قويدى . رېستو خۇددى پىلە قۇرتىدەك ، ئۇنىڭ ھايات ئەسلىمىسىدىكى ئەڭ خۇنۇك بىر مەزگىلگە ئاستا - ئاستا ئىچكىرىلەپ كىرىپ بارماقتا ئىدى . ئۇنىڭ بۇنداق سوئالنى قويۇشى تەبىئىيكى ئۇنىڭدىكى ھەرقانداق ئىشنى يوشۇرماي ئوچۇق دەۋېتىشنى تەلەپ قىلىۋاتقاندەك مەنىنى بىلدۈرەتتى .

— مەن ئۇ چاغدا تېخى كىچىك ئىدىم ، رېستو ، — دېدى

جىننى ئۆزىنى ئاقلاپ ، — ئون سەككىزدىن ئاشمىغان قىز ئىدىم . ھېچنېمىنى چۈشەنمەيتتىم . پات ـ پات ئۇ چۈشكەن سارايغا كىر يىغقىلى باراتتىم ، يەنە ھەر شەنبە كۈنى يۇيۇقلۇق كىيىملەرنى ئۇنىڭغا ئاپىرىپ بېرەتتىم ، — ئۇ گېپىنى توختىتىپ بىر دەم تۇرۇۋالدى ـ دە ، ئاندىن رېستونىڭ ئالدىرىماي تولۇق ئاڭلىماقچى بولۇپ ساپاغا بېرىپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ، — ئائىلىمىز نامرات ئىدى . ئۇ ماڭا ئاپىڭىزغا ئاپىرىپ بېرىڭ ، دەپ پات ـ پات پۇل بېرەتتى ، مەن ھېچنېمىنى چۈشەنمەيتتىم .

ئۇ گېپىنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى . رېستو «ئەمدى ئۇنىڭدىن يەنە قىستاپ گەپ ئالمىسام بولمىدى» دېگەن ئويغا كەلدى ـ دە ، بىر دەم ـ بىر دەم گەپ قىستۇرۇپ ، ئاخىر بۇ ئازابلىق ھېكايىنى تولۇق ئېيتقۇزدى . دېمەك ، براند ئۇنىڭغا ئۆيلىنىش نىيىتىدە بولغان ، ئۇنىڭغا خەت ئەۋەتكەنىۋ ، لېكىن ئۇنى يېنىغا ئالدۇرۇۋېلىشقا ئۈلگۈرمەيلا رەھمەتلىك بولۇپ كەتكەنىكەن .

جېنىنىڭ ئىقرارى مۇشۇنىڭ بىلەن تامام بولدى . ئۇنىڭدىن كېيىن بەش مىنۇتقىچە رېستو جەينىكنى تام مەشنىڭ تەكچىسىگە تىرەپ ، كۆزلىرىنى تامغا تىككىنىچە زۇۋان سۈرمەي ئولتۇرۇپ قالدى . جېنىمۇ دەرد تۆكۈۋېرىشتىن توختاپ ، ئىشنىڭ قايسى تەرىقىدە داۋاملىشىشىنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈپ ، ئۈنچىقماي قاراپ تۇردى . سائەتنىڭ چىكىلدىغان ئاۋازى ئېنىق ئاڭلانماقتا . رېستونىڭ چىرايىدا ھېچقانداق ئىپادە يوق . شۇ تاپتا ئۇنىڭ تۇيغۇلىرى ئىنتايىن تىنچ ، ئىنتايىن سەگەك ئىدى ، شۇنىسى نېمە قىلىشى كېرەكلىكىنى بىلەلمەيۋاتاتتى . جېنىنى خۇددى جاۋابكار ئورۇندۇقىدا تۇرغان گۇناھكاردەك ، ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆرە تۇراتتى . رېستو ھەققانىيەت ، ئەدەپ ـ ئەخلاق ، پاك قەلب ئىگىسىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ، ھۆكۈمدارنىڭ ئورنىدا ئولتۇراتتى . ئۇ ھازىرلا ھۆكۈم چىقىرىپ ، ئۆزى قوللانماقچى بولغان ھەرىكىتىنى قارارلاشتۇرىدۇ .

راستىنى ئېيتقاندا ، بۇ ، كۆڭۈلنى تازىمۇ غەش قىلىدىغان چاتاق ئىش ئىدى ، رېستوغا ئوخشاش مەرتىۋە ۋە مال ـ مۈلۈكنىڭ ئىگىسى بولغان ئەركەك بۇنداق چاتاققا چېتىلىپ قالماسلىقى كېرەك ئىدى . بۇ بالا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ھەقىقەتەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانىكەن ، دېمەك ، جىمىكى ئىش كىشى چىداپ تۇرغۇسىز ھالەتتە ئوپئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ دېگەن سۆز . . . بىراق ئۇنىڭدا ئۆز پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا تېخى تولۇق تەييارلىق يوق ئىدى . ئۇ يەنە بىرپەس ئىككى تايىن بولۇپ تۇردى ، تام مەشىنىڭ تەكچىسى ئۈستىدىكى فرانسىيە سائىتى ئۈچ قېتىم جاڭ ئۇرغاندىن كېيىن ، ئاندىن جېنىنىڭ بايامقى جايىدا ئاپئاق تاتارغان ، دەككە ـ دۈككىگە چۈشكەن ھالدا قاراپ تۇرغىنىنى ئېسىگە ئالدى .

— ئەمدى بېرىپ ئۇخلىسىڭىز بولىدۇ ، — دېدى ئۇ ئاخىر ، ئاندىن بۇ قىيىن مەسىلىنى كاللىسىدا مۇلاھىزە قىلىشقا باشلىدى .

بىراق جېنى كۆزلىرىنى جامدەك ئاچقىنىچە ، يەنە شۇ جايىدا قىمىر قىلماي تۇرىۋەردى ، كۆڭلىدە رېستونىڭ ئۇنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە دەررۇ ھۆكۈم چىقىرىشىنى كۈتۈپ تۇرماقتا ئىدى ، ئەمما ئۇنىڭ كۈتكىنى بىكار بولدى . رېستو خېلى ئويلانغاندىن كېيىن ، شارتتىدە بۇرۇلۇپ ئىشىكنىڭ يېنىدىن كىيىم ئاسقۇچ تەرەپكە ماڭدى .

— سىز ئۇيقۇڭىزنى ئۇخلاۋېرىڭ ، — دېدى ئۇ سوغۇققىنا قىلىپ ، — مەن چىقىپ كەتتىم .

جېنى مۇشۇ جىددىي پەيتتىمۇ رېستو ئۈچۈن ئازغىنە ئىش قىلىپ بەرگىلى بولىدۇغۇ ، دېگەن ئوي بىلەن ئۆزىچىلا كەينىگە بۇرۇلۇۋىدى ، ئەمما رېستو ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماي ، لام ـ جىم دېمەي چىقىپ كەتتى .

جېنى ئۇنى كۆز نەزىرى بىلەن ئۆزىتىپ قالدى ، ئۇنىڭ پەلەمپەيدىن چۈشۈۋاتقاندىكى ئاياغ تىۋىشى ئاڭلانغاندا ، جېنىنىغا خۇددى ئۆزىنىڭ ئەجىلى پۈتۈپ ، ماتەم قوڭغۇرىقى چېلىنىۋاتقاندەك

تۇيۇلۇپ كەتتى . «مەن نېمىلەرنى قىلىپ قويدۇم ـ ھە ! ئۇ ئەمدى قانداق قىلاركىن !» جېنىنى كۆڭلى ئاستىن ـ ئۈستۈن بولغان ھالدا ، تۇرغان جايىدا قېتىپلا قالدى . پەستىكى ئىشىكنىڭ «تاق» قىلىپ يېپىلغان ئاۋازى قۇلىقىغا كىرىش بىلەن ، ئۆزىنىڭ تازىمۇ ئىلاجسىز ئىكەنلىكى ئېسىگە كېلىپ ، ئىچى قاتتىق سىيرىلىپ كەتتى .

«كەتتى ! — دەپ ئويلىدى ئۇ ، — كەتتى !»

سۇبھى يورۇۋاتقان مەھەلدىمۇ ئۇ يەنىلا شۇ جايىدا سۇكۇناتقا چۆككىنىچە ئولتۇراتتى . بۇ تاپتىكى روھىي ھالىتى ئۇنىڭ ياش تۆكۈشىگە يول قويمايتتى .

## 30

شۇ تاپتا مۇڭغا پاتقان ھەم تامامەن ئېسىگە كەلگەن رېستو تۇرقىدىن كەلگۈسىدە قوللىنىدىغان ھەرىكىتىنى كەسكىن قارار قىلماقچىدەك كۆرۈنسىمۇ ، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس ئىدى . ناھايىتى جىددىيلىشىپ تۇرغىنى بىلەن ، بۇنچىۋالا نەپرەتلىنىپ كېتىشكە ئەرزىگۈدەك سەۋەبىنىڭ زادى نېمىلىكىنى ھېچ بىلەلمەيۋاتاتتى . دەرۋەقە ، ھېلىقى بالىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئىشنى تازىمۇ قىيىنلاشتۇرۇپ قويغانىدى . رېستو جېنىنىنىڭ ئىلگىرىكى ئەخلاقسىزلىقىنىڭ ئىسپاتى ئادەم سىياقىغا كىرىپ ئۆزىنىڭ كۆز ئالدىدا يورۇۋاتقىنىنى چېلىقتۇرۇشنى خالىمايتتى . بىراق ئەمەلىيەتتە ، ئەينى چاغدا ئازراقلا كۆڭۈلشىگەن بولسا ، جېنىنىغا كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەتكۈزگىلى بولىدىغانلىقىنى ئۆزىمۇ تەن ئالدى . ئۇ جېنىنىنىڭ يالغان ئېيتماسلىقىغا ئىشىنەتتى . باشتىلا جېنىنىدىن ئىلگىرىكى تارىخىنى ئېنىق سوراپ بېقىش كېرەك ئىدى . ئۇ بۇنداق قىلمىدى ، مانا ئەمدى بەك كېچىكتى ، ھازىر ئۇنىڭ كۆڭلىدە شۇنىسى ئېنىق ئىدىكى ، ئۇنىڭ جېنىنى بىلەن

تۇرمۇش قۇرۇشتەك بۇ ئىش ئۇچۇن باش قاتۇرۇشنىڭ ئەمدى ھېچ ھاجىتى قالمىدى . بۇ مۇمكىن بولمايدىغان ئىش ، ئۇنىڭغا ئوخشاش مەرتىۋىلىك كىشى ئۈچۈن ئېيتقاندا زادىلا مۇمكىن بولمايدىغان ئىش . ئۇنداقتا ، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق چارىسى شۇكى ، جېنىنىغا مەلۇم ساندا نەپىقە بېرىپ ، ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزسىلا بولىدۇ . ئۇ مۇشۇ نىيەتنى كۆڭلىگە پۈككەن ھالدا سارايغا كەتتى ، ئەمما ئۇنىڭ بۇنى دەرھال ئورۇنداش ئويى يوق ئىدى .

ئىنسان مۇشۇنداق ئەھۋالغا دۇچ كەلگەندە ، ئۇنىڭغا نەزەرىيە توقۇش دېگەن ھېچقانچە قىيىن ئەمەس ، ئەمما شۇ نەزەرىيىنى ئىشقا ئاشۇرۇش پۈتۈنلەي باشقا ئىش . بىزدە راھەتپەرەسلىك ، خۇمار ، ھاۋايى - ھەۋەس ئادەتكە ئەگىشىپ ئېشىپ بارىدۇ . ھازىر جېنىنى رېستو ئۈچۈن كۆڭۈلنىڭ ئارامى بولۇپلا قالماستىن ، يەنە كۆڭۈلنىڭ خۇمارى بولۇپ قالغانىدى . بۇلارنىڭ بىللە ياشاۋاتقىنىغا تۆت يىلچە ۋاقىت بولدى ، بۇ جەرياندا ئۇ جېنىنى ھەم ئۆزى توغرۇلۇق ناھايىتى كۆپ تونۇشقا ئىگە بولۇپ قالدى . شۇڭا ئۇنىڭ ئويۇل - توپۇل قول ئۈزمىكى ئوڭاي ئەمەس ، بۇنداق قىلىش ئۆزىنى بەك چوڭ تۇتقانلىق بولارمىكىن . كۆندۈزىغۇ زاۋۇتتا ئىش بىلەن ئالدىراش بولۇپ يۈرگىنىدە ، بۇنداق قىلىشنى خىيالىغا ئەكەلسىمۇ ئەكېلىدىغاندۇ ، ئەمما ئاخشىمى بولغاندا ئەھۋال باشقىچە بولۇشى مۇمكىن . ئۇنىڭ يەنە زېرىكىش ھېس قىلىشى تۇرغانلا گەپ ، بۇ يېقىنىنى سەزگەندىن كېيىن ئۆزىمۇ ھەيران بولدى - دە ، بىئاراملىقتا چۆكتى .

جېنىنى باشتا ، ۋىستانى ئۆزلىرىنىڭ بۇ يېڭى مۇناسىۋىتىگە سۆرەپ كىرگەندە بالىغا كاساپىتى يۇقۇشىدىن قورققان . بۇ خىل نەزەرىيە رېستونى مۇشۇ ۋەقەدە ئەڭ قىزىقتۇرغان بىر نۇقتا بولدى . جېنىنى قانداقلارچە مۇشۇنداق ئويغا كېلىپ قالدىكىنە ؟ رېستو ھېچ چۈشىنەلمىدى . ئۇنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى جېنىنىڭكىدىن ئەۋزەل ئەمەسمۇ ؟ ئەمما بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ،

«جىنىنىڭ كۆزقارىشىدىمۇ مەنە يوق ئەمەس» دېگەن تونۇشقا كەلدى. جىنى ئۇنىڭ زادى قانداق ئىنسان ئىكەنلىكىنى، كېيىنكى كۈنلەردە ئۇنىڭغا قانداق مۇئامىلىدە بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. بەلكىم ئۇزاققا بارماي جىنىنى تاشلىۋېتىشىمۇ مۇمكىن. مۇشۇ جەھەتتە ئىشەنچ قىلالمىغاچقا، بالىنى ئاسراپ قالماقچى بولغان. بۇنداق ئويىنى خاتا دېگىلى بولمايدۇ ـ دە. شۇنىڭ بىلەن، رېستودا ھېلىقى بالىنى بىر كۆرۈپ بېقىش ئىشتىياقى قوزغالدى. كېڭەش ئەزاسى براندتىن ئىبارەت بۇ زاتنىڭ قىزى نېمىلا بولمىسۇن ھەرھالدا بالىغا ئوخشىسا كېرەك. ئۇ سۇمباتلىق ئەركەك ئىدى، جىنىمۇ ساھىبجامال قىز. مۇشۇلارنى ئويلىغىنىدا، گەرچە تېخىچە بىئاراملىقتىن خالىي بولالمىغان بولسىمۇ، لېكىن كۆڭلىدە قىزىقىش بىخ سۈرۈشكە باشلىدى. قايتىپ كېتىپ ھېلىقى بالىنى كۆرۈپ بېقىشى كېرەك... ئۇ ئەلۋەتتە مۇشۇنداق ھوقۇققا ئىگە... بىراق ئۇ يەنە ئارىسالدى بولۇپ قالدى، بۇ ئىشنىڭ خاراكتېرىنى كۆڭلىدە دەڭسەپ كۆرۈپ، جىنى بىلەن مۇناسىۋەتنى چوقۇم ئۈزۈشۈم كېرەك، دېگەن ئويغا كەلدى ـ دە، يەنە ئۆزىنىڭ كۆڭلىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى.

ئەمەلىيەتتە، ئۇ جىنى بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈۋېتەلمەيتتى. جىنى بىلەن شۇنچە يىلدىن بېرى ئەسرا بولۇشۇپ كەلگەچكە، نېمىشقىدۇر ئۇنىڭغا ئېجىل بولۇپ قالغانىدى. چۈنكى بۇنىڭدىن بۇرۇن كىم ئۇنىڭغا بۇنداق مېھرىبان ئىدى؟ ئاپىسىغۇ ئۇنى جىنىدىنمۇ ئەزىزلەيدۇ، ئەمما ئۇنىڭ رېستوغا بولغان مۇئامىلىسىدە ھەقىقىي مۇھەببەت تەركىبى رېستونىڭ ئارزۇ قىلغىنىدەك كۆپ ئەمەس. دادىسىچۇ — خوش، دادىسىمۇ ئۇنىڭ ئۆزىگە ئوخشاشلا بىر ئەركەك. سىڭىللىرى بولسا ھەركىم ئۆز غېمى بىلەن ئاۋارە؛ روبېرتنىڭغۇ ئۇنىڭ بىلەن ئەسلا مىجەزى كېلىشمەيدۇ. پەقەت جىنى بىلەن بىللە ياشاشقا باشلىغاندىن كېيىنلا، ئۇ شاد ـ خۇراملىققا ئېرىشىپ، ھەقىقىي ھايات كەچۈرۈشكە باشلىدى. جىنى ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان بىر

بۆلىكى بولۇپ قالغانىدى. ئۇ جېنىنىدىن قانچە ئۆزاق ئايرىلسا، ئۇنى شۇنچە بەك سېغىنىپ كېتەتتى. ئۇ ئۇنداق ئويلاپ، بۇنداق ئويلاپ، ئاخىر جېنىنى بىلەن ئۇزۇل - كېسىل سۆزلىشىپ، ئوتتۇرىدا چۈشىنىش هاسىل قىلىش پىكرىگە كەلدى. جېنىنىغا: «بالىنى قايتۇرۇپ ئەكېلىپ ئۆزىڭىز بېقىڭ» دېمەكچى، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ كۆڭلەرىنىڭ بىرىدە ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كېتىشىنى مۇمكىنلىكىنى ئېنىق ئېيتماقچى، ئۇنىڭغا ئۆزلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى هازىرچە بۇزۇلمىغاندەك تۇرغىنى بىلەن، ئۆزىدە ئاللىبۇرۇنلا ئۆزگىرىش پەيدا بولغانلىقىنى سەزدۈرمەكچى بولدى. شۇ كۈنى ئاخشىمى، ئۇ يەنە ئۆيگە قايتىپ باردى. ئۇنىڭ قەدەم تىۋىشىنى تونۇپ، جېنىنىنىڭ يۈرىكى دۈكۈلدەپ سېلىپ كەتتى. ئۇ جىمى غەيرىتىنى يىغىپ رىستونىڭ ئالدىغا چىقتى.

— مېنىڭچە، هازىر بىر ئىشنى قىلىشقا بولىدۇ، — رىستو ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان ئۇدۇللا گەپ قىلىش ئادىتى بويىچە شۇنداق دېدى، — بالىنى بۇ يەرگە ئەكېلىپ، ئۇنىڭ هالىدىن ئۆزىڭىز خەۋەر ئېلىڭ. بىراۋغا باقتۇرۇشنىڭ هاجىتى يوق.

— بولىدۇ، رىستو، — دېدى جېنىنى رايىشلىق بىلەن، — مەنمۇ خېلىدىن بېرى شۇنداق ئويلىغان.

— ئەمىسە شۇنداق بولسۇن، ئەڭ ياخشىسى دەرهال بېرىڭ، — ئۇ يانچۇقىدىن بىر پارچە كەچلىك گېزىتنى چىقىرىپ، ئاستا چاماداپ دېرىزە قېشىغا باردى - دە، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ يەنە جېنىنىغا قاراپ، — هازىرچە بىز يەنە بىر - بىرىمىزنى چۈشىنەلەيمىز، جېنىنى، — دېدى، — بۇ ئىشنىڭ تەپسىلاتىنى ئېنىق چۈشەندىم. مەنمۇ باشتا سىزدىن ئوچۇق سورىماي، تاكى ئۆز ئاغزىڭىز بىلەن ئېيتىپ بەرمىگۈچە پەرۋاسىزلىق قىلىپ يۈرۈۋېرىپتىمەن، بۇ مېنىڭ هاماقەتلىكىم. سىزمۇ بالىنى ئۆز تۇرمۇشىڭىزغا چېتىۋالغۇڭىز كەلمەي، مېنىڭدىن مۇشۇ كەمگىچە يوشۇرۇپ يۈرۈپسىز، بۇمۇ سىزنىڭ هاماقەتلىكىڭىز. بۇنداق

قىلىپ كېتىۋېرىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلىشىڭىز كېرەك ئىدى . بولدىلا ، ئەمدى بۇ ھەقتە سۆزلىمەيلا قويايلى . شۇنى سەمىڭىزگە سېلىپ قويماقچىمەن ، ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتىدە ئۆزئارا ئىشىنىش مەۋجۇت بولمىغانىكەن ، ئۇنداقتا ئۇنى ھەرقانداق قىلىپمۇ داۋاملاشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس . مەن تېخى دەسلەپكى چاغلاردا «بىز ئۆزئارا ئىشىنىش ھاسىل قىلالايمىزغۇ» دەپ ئويلاپتىكەنمەن . ئەمدىلىكتە مۇشۇنداق ئىشىنىشمەسلىك ئاساسىدا ، ۋاقىتلىق مۇناسىۋەت ئورنىتىپ تۇرماقتىن باشقا يەنە نېمە چارە بار ؟ ئىشلار تازىمۇ چىگىشلىشىپ ، خەقنىڭ تۆھمەت قىلىشىغا ئاساس بولۇپ بېرىدىغان سەۋەبمۇ كۆپ بولۇپ كەتتى .

— بۇنى بىلىمەن ، — دېدى جېننى .

— ھازىر ئۇنچە ئالدىراقسانلىق قىلىپ كېتىشىنىمۇ ياقلىمايمەن . مېنىڭچە ، ئىلگىرىكى ھالىتىمىزنى ساقلاپ قېلىشىنىڭ مۇمكىن بولمايدىغان يېرى يوق بولسا كېرەك — ھازىرچە مۇمكىن — ئەمما سىز پاكىتنى ئېنىق چۈشىنىشىڭىز كېرەك .

جېننى ئۇھ تارتىپ قويدى .

— بىلدىم ، رېستو ، مەن چۈشەندىم .

رېستو دېرىزە ئالدىغا بېرىپ ، سىرتقا نەزەر تىكتى . ھويلىدىكى بىرنەچچە تۈپ دەرەخنىڭ ئۈچى ئاستا - ئاستا قاراڭغۇلۇقنىڭ قوينىغا يوشۇرۇنماقتا . رېستو بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتى زادى نەگە بېرىپ نەدە توختايدىغانلىقىنى ھېچ بىلەلمىدى . چۈنكى ئۇ ئائىلە كەيپىياتىنى ياقتۇراتتى . ئۆيدىن ئايرىلىپ كۇلۇبقا كېتىشكە كۆڭلى قىيارمۇ ؟

— ئەمدى چىقىپ غىزايىڭىزنى ئېتىۋېرىڭ ، — رېستو بىر كەمدىن كېيىن كەيپى ئۇچقان ھالدا ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ شۇنى دېدى ، لېكىن قارىماققا سوغۇق كۆرۈنگىنىنى بىلەن ، كۆڭلىدە ئۇنداق ئەمەس ئىدى . ئۆز تۇرمۇشىنى تازا كۆڭۈلدىكىدەك قۇرۇپ چىقالمىغىنى ئۈچۈن ، ئىچ - ئىچىدىن نومۇس قىلىپ كەتتى . ئۇ

يەنە ئۆزىنىڭ ئۇزۇن كارىۋىتىغا چىقىپ ياتتى ، جىننى ئۆزىنىڭ ئىشىغا ئۇتتۇندى . ئىش قىلىۋاتقاچ ، ۋىستانى ، ئۆزىنىڭ رىبستوغا يۈز كېلەلمەيدىغانلىقىنى ، رىبستونىڭ ئۇنىڭ بىلەن توي قىلماسلىقىنى قارار قىلغانلىقىنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى . دېمەك ، ئۇنىڭ شىرىن چۈشى ئۆزىنىڭ گالۋاڭلىقى تۈپەيلىدىن بەربات بولدى دېگەن سۆز .

ئۇ داستىخاننى كۆڭۈلدىكىدەك راسلىدى ، چىرايلىق كۈمۈش شاماللارنى يېقىپ قويدى ، رىبستو ياخشى كۆرىدىغان پېچىنىنى پىشۇردى ، قوينىڭ بىر پاچىقىنى تاۋىدا كاۋاپ قىلدى ، بىر تەخسە خام سەي تەييارلىدى . ئىلگىرى ئۇ ئاشپەزلىك كىتابىنى ئوقۇپ ئەمەلىيەتتىن خېلى ئۆتكۈزگەن ھەم ئاپىسىدىن قازان بېشى ھۈنىرىنى خېلى كۆپ ئۆگىنىۋالغانىدى . شۇ تاپتا قولى ئىشتا بولسىمۇ ، كۆڭلى بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى قىياس قىلىش بىلەن ئاۋارە ئىدى . رىبستو ئۇنى ئاخىر تاشلاپ كېتىدۇ — بۇنىڭدا شەك يوق . ئۇ جىنىنى تاشلاپ كېتىپ ، باشقا بىرى بىلەن توي قىلىدۇ .

«ئوھوش ، نېمە بولسا بولمامدۇ ، — دەپ ئويلىدى ئۇ ئاخىر ، — ئىشقىلىپ ئۇ ھازىر كېتىپ قالمايدۇ ، بۇنىڭغىمۇ شۈكۈر . نېملا بولمىسۇن ۋىستانى بۇ يەرگە ئەكېلىۋالىدىغان بولدۇم .» ئۇ بىر ئۇھسىنىپ قويدى - دە ، تاماقنى ئۇستەلگە تىزىشقا باشلىدى . ئاھ ، رىبستوسى بىلەن ۋىستاسىغا تەڭ ئىگە بولۇش مۇمكىن بولارمۇ ، بىراق بۇ ئۇمىد ئەمدى كۆپۈككە ئايلانغانىدى .

## 31

بۇ قېتىمقى ماجىرا ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ، خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە تىنچلىق ھەم خاتىرجەملىك ھۆكۈم سۈردى . جىننى ئەتىسىلا بېرىپ ۋىستانى ياندۇرۇپ ئەكېلىۋالدى . ئانا - بالىنىڭ

www.uyghurkitap.com

دەرقەمتە بولۇش خۇشاللىقى باشقا بىر مۇنچە غەملەرنى تارقىتىۋەتتى . «ئەمدى ۋىستا ئۈچۈن ئازغىنە بولسىمۇ ئۆز بۇرچۇمنى ئادا قىلالايدىغان بولدۇم» دەپ ئويلىدى جىبىنى ، شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن تېخى ئۈچ - تۆت قېتىم ئۆزىچە بىر ئاھاڭلارغا غىڭشىپ قويغانمۇ بولدى .

ئۇزاق ئۆتمەي ، رېستومۇ قايتىپ كەلدى ، ئەمما ئۇ ۋىستانى كۆرۈش ئۈچۈن كەلگەن ئەمەس ئىدى . ئۆزىنىڭ ئۆيىدە بىر بالىنىڭ ، يەنە كېلىپ ھېلىقىنىڭدەك بالىنىڭ بارلىقىنى ئېسىگە ئالغاندا ، ئۇنىڭغا بەك ئار كېلەتتى ، ئۇ بۇ بالا توغرىسىدىكى ئۇقۇمنى كاللىسىدىن چىقىرىۋېتىشكە ، ئۇنىڭغا پىسەنت قىلماسلىقنى ئۆگىنىۋېلىشقا پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشىپ ، بۇ جەھەتتە ئۆزىنى خېلى مەشىق قىلدۇرغاندىن كېيىن ، ئاندىن ئۆيگە قايتقانىدى . ئۇنىڭغا بۇ ئائىلە گەرچە نۇرغۇن يېتەرسىزلىكى بولسىمۇ ، يەنىلا خاتىرجەملىك ، تىنچلىق ھۆكۈم سۈرىدىغان ئارامبەخش ماكاندەك كۆرۈنەتتى .

رېستو ئۆيگە قايتىپ كەلگەن دەسلەپكى كۈنلەردە ، جىبىنىغا ئۆزىنىڭ ئويۇنچى ، ئاسانلا ھاياجانلىنىدىغان ، كەيپسىز بالىسىنى ھېلىقى تەرسا ، ئەستايىدىل ، سودىگەر مىجەز ئەركەكنىڭ چىشىغا تېگىپ قويمايدىغان قىلىپ باشقۇرمىقى خېلى تەسكە چۈشىدىغاندەك تۇيۇلدى . رېستو «بۈگۈن بارىمەن» دەپ تېلېفون بەرگەن كۈنى ئاخشىمى ، جىبىنى ۋىستاغا ئۇ كىشىنىڭ مىجەزىنىڭ ئەسكى ئىكەنلىكىنى ، كىچىك بالىنى ياقتۇرمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ ، ئۇنىڭغا يېقىن بارماسلىقنى جېكىلەپ قاتتىق دەرس ئۆتتى .

— ھەرگىز كۆپ گەپ قىلماڭ ، — دېدى ئۇ ، — ھەرگىز ئۇنى - بۇنى سوراپ ئېلىشتۇرۇپ يۈرگۈچى بولماڭ . سىزگە نېمە كېرەكلىكىنى مەن كېلىپ سورايمەن . نەرسىلەرگە ئۆزىڭىزچە قول ئۇزاتقۇچى بولماڭ .

ۋىستا ياۋاشلىق بىلەن ماقۇل بولدى ، ئەمما ئۇنىڭ بالىلارغا خاس يۈرىكى بۇ تەنبىھلەرنىڭ تولۇق مەنىسىنى سىغدۇرالمايتتى .

رىستو سائەت يەتتىدە كەلدى. جېننى خېلى كۆچەپ قىزنى بىرقۇر ياساندۇرۇپ قويغان، ئۆزىمۇ ھۆجرىسىغا كىرىپ يۈزىگە گىرىم قىلىۋالغانىدى. رىستو ئىشىكتىن كىرىۋاتقاچ، ۋىستانى ھەرقاچان ئاشخانىدا، دەپ ئويلىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئاپىسىنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ زالنىڭ ئىشىكىگە بىللە كەلگەنىدى، بىر قارىغاندىلا كۆزگە چېلىقاتتى. رىستو شەپكىسى بىلەن پەلتوسىنى كىيىم ئاسقۇچقا ئېسىپ قويۇپ، ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ ئۇنىڭغا لەپپىدە بىر قارىدىيۇ، شۇ زامانلا بۇ بالىنىڭ ئاجايىپ ئوماق ئىكەنلىكىنى كۆڭلىدە ئېتىراپ قىلدى. ۋىستانىڭ ئۇچىسىدا تېگى ئاق، كۆك تەڭگە گۈللۈك، ياقىسى بىلەن يەڭلىرى يېنىككىنە تاشلىنىپ تۇرغان بومازى كۆڭلەك، پۇتىدا ئاق پايپاق، ئاق توپلەي بار ئىدى. ماڭلىيىغا چۈشۈپ تۇرغان سېرىق چاچلىرى كىشىنىڭ زوقىنى قوزغايتتى. زەڭگەر كۆزلىرى، لالىدەك لەۋلىرى گۈلسۇرۇختەك مەڭزى مۇكەممەل بىر بەدىئىي سۈرەتنى ھاسىل قىلغانىدى، رىستو ئۇنىڭغا ھومىيىپ قاراپ قويۇپ، گەپ قىلاي، گەپ قىلاي دېدىيۇ، لېكىن ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. ۋىستا چۆچۈگەن ھالدا ئاستا نېرى كەتتى.

جېننى چىقىپ كېلىشى بىلەنلا، رىستو ۋىستانىڭ گېپىنى باشلىدى:

— بالىنىڭ چىرايى بەك ئوماق ئىكەن، ئۇنى بۇ يەرگە ئەكېلىشتە خېلى ھەرەج تارتقانسىز - ھە؟

— ياق، ئانچە ھەرەج تارتمىدىم، — دېدى جېننى جاۋابەن.

جېننى غىزالىنىش ئۆيىگە كىرىپ كېتىۋىدى، رىستو ئۇلارنىڭ پارىڭىغا تۇيدۇرماي قۇلاق سالدى.

— ئۇ كىم؟ — دەپ سورىدى ۋىستا.

— تىش! ئۇ سىزنىڭ رىستو تاغىڭىز بولىدۇ. مەن سىزنى گەپ قىلماڭ دېگەنىدىمغۇ؟

— ئۇ سىزنىڭ تاغىڭىزمۇ؟

— ياق، قوزام. ئەمدى گەپ قىلماڭ. ئىتتىك ئاشخانىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
www.uyghurkitap.com

كىرىپ كېتىڭ .

— ئەمىسە مېنىڭلا تاغامما ؟

— شۇنداق ، تېز بولۇڭ .

— ماقۇل .

رېستونىڭ كۆلكىسى قىستاپ كەتتى .

ناۋادا ، بۇ بالا يا مەتۇ ، يا كۆرۈمسىز ، يا غەلىتە مىجەزلىك بالا بولغان ياكى ئۇنىڭدا مۇشۇ ئەيىبلەرنىڭ ئۈچىلىسى بار بولغان بولسا ، ئۇنداقتا شۇ چاغدىكى نەتىجىنى ھەرقانداق قىلغان بىلەنمۇ ئۆلچەرلەش قىيىن بولغان بولاتتى . ناۋادا ، جىنىنى چاققان بولمىغان بولسا ، ئۇ چاغدا رېستو باشتىلا ئۇنىڭغا كۆڭۈلسىز بولۇپ قالغان بولاتتى . مانا ئەمدى بۇ بالىنىڭ تەبىئىي گۈزەللىكى ، ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ ئاپىسىنىڭ ئۇنى يوشۇرۇش ئۈچۈن قوللانغان ئەپچىل ۋاستىسى كۆڭۈلنى ئەبەدىي سۆيۈندۈرىدىغان پاكلىق ھەم ياشلىقنى رېستونىڭ كۆز ئالدىغا كەلتۈردى . ئۇ جىنىنىڭ شۇنچە يىللاردىن بېرى ئاشۇ بالىغا ئانا بولۇپ كەلگەنلىكىنى ، بەزى چاغلاردا ھەتتا بالىسى بىلەن ئايلاپ يۈز كۆرۈشەلمىگەنلىكىنى ، يەنە ئۇ بالىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى زادىلا چاندۇرمىغانلىقىنى ، ئەمما رېستوغا بولغان مۇھەببىتىنىڭ ناھايىتىمۇ كۈچلۈك بولۇپ كەلگەنلىكىنى خىيالىغا ئەكىلىۋىدى ، ئىختىيارسىز تەسىرلىنىپ قالدى . «ئاجايىپ ـ ھە ! — دەپ ئويلىدى ئۇ ، — ئۇ قالتىس بىر ئايال ـ دە !»

بىر كۈنى ئەتىگىنى رېستو مېھمانخانىدا گېزىت كۆرۈپ ئولتۇرۇپ ، ئۇشتۇمتۇت بىرنېمىنىڭ شەپىسىنى سەزگەندەك بولۇپ بۇرۇلۇپ قارىۋىدى ، جامدەك ئېچىلغان بىر تال زەڭگەر كۆزنىڭ ياندىكى ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن ئۆزىگە قادىلىپ قاراپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ قالدى . رېستونىڭ ئۇنى بايقاپ قېلىشى ئۇنى ئۇسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇشى ئېنىق ، بىراق ئۇنى ئادەتتىكى كۆز دېگىلى بولمايتتى ، چۈنكى ئادەتتىكى كۆز بولىدىغان بولسا ، بۇنداق ئۇسال ئەھۋالغا دۇچ كەلگەندە ئۆزىنى چەتكە ئالغان بولاتتى ؛ ئۇ

كۆز مىتمۇ قىلماي بىمالال قاراپ تۇراتتى. رىستو گىدەيگەن قىياپەتتە گېزىتنى ئۆرۈپ يېڭىباشتىن كۆرۈپ ئولتۇردى، ھېلىقى كۆز يەنە شۇ يەردە قاراپ تۇرىۋەردى. گېزىتنىڭ بېتىنى ئۆرۈپ يەنە قارىۋىدى، ھېلىقى كۆز يەنىلا شۇ يەردە تۇرۇپتۇ. باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن يەنە قارىۋىدى، ئەمدى كۆرۈنمىدى.

بۇ كىچىككىنە ئىش گەرچە ھېچقانچە بىر ئىش ھېسابلانمىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدىكى كومېدىيىلىك قىزىقىش شۇئان رىستوغا تەسىر قىلدى. گەرچە رىستونىڭ ھېچكىمنى ئۆزىگە تەڭ قىلماسلىقتەك پوزىتسىيىسىنى يۇمشىتىش ئويى مۇتلەق يوق بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يۈرىكىنىڭ مۇشۇ سىرلىق ماراش تەسىرىدە بوشقىنا تىترەۋاتقىنىنى سەزدى. ئۇنىڭ دومسىيىپ تۇرغان جاۋغايلىرى هازىرلا مىدىرلايدىغاندەك ئەلپازدا ئىدى. ئۇ ئۆز ھېسسىياتىغا يول قويماي، يەنىلا مىختەك قادىلىپ گېزىتنى كۆرىۋەرگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ تاسادىپىي ئىش ئۇنىڭ يۈرىكىدە ئېنىق ئورناپ قالدى. ھېلىقى گۆدەكلىك بىلەن خۇپىيانە چارلىغۇچى ئۇنىڭدا ئۆزىنىڭ تۇنجى مۇھىم تەسىرىنى قالدۇرغانىدى.

بۇ ئىشتىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەي، بىر كۈنى ئەتىگىنى رىستو ناشتا قىلغاچ گېزىت كۆرۈۋاتقانىدى، توساتتىن يەنە ھېلىقى بالا ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۇنىڭ دىققىتىنى بۆلۈۋەتتى. بۇ دورەمقىسى ئۇنداق ئاددىي بولمىدى. ئەسلىدە جېنىنى ۋىستانى ناشتا قىلدۇرۇپ بولۇپ، ھۇجرىسىغا ئەكىرىپ ئويۇنغا مەشغۇل قىلىپ قويغان ۋە ئۇنىڭغا رىستو ئۆيدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئاندىن چىقىشنى تاپىلىغانىدى. ئورۇنلاشتۇرۇش تۈگىگەندىن كېيىن، تېخى ئەمدى ئۇستەلگە كېلىپ ئولتۇرۇپ، ئىستاكانغا قەھۋە قۇيۇۋاتقانىدى، ئۇشتۇمتۇت ۋىستانىڭ ھۇجرىسىدىن چىقىپ، جىددىي قىياپەتتە يوغان - يوغان چامداپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ قالدى. رىستو بېشىنى كۆتۈرۈۋىدى، جېنىنى ھۇپپىدە قىزىرىپ ئىتتىك

ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى .

— نېمە قىلىۋاتىسىز ، ۋستا ؟ — ئۇ بالىنىڭ ئارقىسىدىن يېتىشىپ بېرىپ سورىدى .

بىراق ۋستا بۇ چاغدا ئاشخانىدىن بىر كىچىك سوپۇرگىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كېلىۋاتاتتى . چىرايىدىن خۇددى ئويۇنغا بەك بېرىلىپ كەتكەندەك جىددىيلىك چىقىپ تۇراتتى .

— مەن ئۆزۈمنىڭ كىچىك سوپۇرگەمنى ئالغانىدىم ، — چاڭىلداپ سۆزلىگەن پېتى خىيالىدا يوق ئۆتۈپ كەتتى . رېستو بۇ خىل روھىي ئالامەتنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز تەسىرلىنىپ قالدى ، بۇ دورەم جاۋغايلىرىغا بىلىنەر - بىلىنمەس تەبەسسۇم يۈگۈردى .

مۇشۇ قېتىمقى ئۇچرىشىشتىن كېيىن ، رېستودىكى ئاشۇ بالىغا بولغان يىرگىنچ تۈيغۇسى تەدرىجىي يوقىلىشقا باشلاپ ، ئۇنىڭ ئورنىنى سەۋر - تاقەت تۈيغۇسى ئىگىلىدى ، ئۇ بۇ بالىنىڭ ھەرقانداق بىر ئادەمدە بولىدىغان جىمى مۇمكىنچىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىچىدە ئېتىراپ قىلدى .

شۇنىڭدىن كېيىنكى ئالتە ئاي داۋامىدىكى تەرەققىيات رېستونىڭ كۆڭلىدىكى قەتئىي پوزىتسىيىسىنى تېخىمۇ بوشاشتۇرۇپ قويدى . ئۇ بۇ مەزگىللەردە ئۆزى ياشاۋاتقان ئاشۇ بۇلغانغان ھاۋاغا ئانچە كۆنگۈسى يوقتەك تۇرغىنى بىلەن ، كۆڭلىدە ناھايىتى ھۇزۇرلىنىدىغان ، ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىشكە قىيمايدىغان بولۇپ قالغانىدى . بۇ يەر بەئەينى راھەت - پاراغەتلىك ماكاننىڭ ئۆزى ئىدى . جېنىنىمۇزە ، ھەقىقەتەن تېۋىنىشقا لايىق ئايال . رېستو ئىلگىرى جىمى ئىجتىمائىي ئالاقە ئىشلىرىدىن ئەسلىدىمۇ خالىغانچە پايدىلىنىپ كېلىۋاتقانىدى ، مانا ئەمدى تىنچ ، سەممىمي ، كۆڭۈللۈك ئائىلىۋى تۇرمۇشتىن بەھرىمەن بولۇۋىدى ، بۇ مۇھىتقا ھەقىقەتەن قىيالمايدىغان بولۇپ قالدى . كۈنلەر مۇشۇ تەرىقىدە ئۆتىۋەردى ، بارا - بارا ئۇنىڭدا ، مۇشۇنداق تۇرمۇشنى ئۆتكۈزىۋەرگىلى بولىدىكەنغۇ ، دېگەن ئوي پەيدا بولدى .

مۇشۇ مەزگىللەردە ، ئۇنىڭ كىچىككىنە ۋىستا بىلەن بولغان يېقىنچىلىقى كۈندىن ـ كۈنگە كۈچىيىپ باردى . ئۇ ۋىستانىڭ جىمى يۈرۈش ـ تۇرۇشىدا بىر خىل ھەقىقىي ھەيبارلىق ـ قىزىقچىلىق بارلىقىنى بايقىدى ھەم ئۇنىڭ راۋاجىغا دىققەت قىلىشقا باشلىدى . ۋىستا پات ـ پاتلا قىزىقارلىق ئىشلارنى قىلىپ قوياتتى . جېننى ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ ، نازارەت قىلىپ يۈرۈۋاتقان بولسىمۇ ، ئۇ ئۆزىنى پەقەتلا تۇتۇۋالالمايتتى ، ھەمىشە گەپلەرگە قوشۇق سېلىپ ، كىشىنىڭ كۈلكىسىنى قىستايتتى . بىر كۈنى غىزا ۋاقتىدا ، ئۇ يوغان تەخسىدە يوغان بىر پىچاق بىلەن كىچىك بىر پارچە گۆشنى كېسىپ ئولتۇرغانىدى ، رېستو جېننىغا : ئۇنىڭغا بىر يۈرۈش كىچىك پىچاق ـ ۋىلكا ئېلىپ بېرىڭ ، دەپ مەسلىھەت بەردى .

— ئۇ بۇ پىچاقلارنى ئىشلىتەلمەيدۇغۇ .

— شۇنداق ئەمەسمۇ ، — ۋىستا شارتتىدە گەپنى تارتىۋالدى ، — ماڭا كىچىك پىچاق بولسا بولاتتى . مېنىڭ قوللىرىممۇ كىچىك تۇرسا مانا .

گەپ قىلىۋېتىپ قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈۋىدى ، جېننى رېستونىڭ ياقتۇرماسلىقىنى بىلەلمەي ، ئىتتىك قول ئۇزىتىپ ، ۋىستانىڭ قولىنى پەسكە چۈشۈرۈۋەتتى ، رېستو بولسا كۈلۈۋېتىشتىن ئۆزىنى ئاران ـ ئارانلا تۇتۇۋالدى .

شۇنىڭدىن كېيىن ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي بىر كۈنى ئەتىگەندە ، ۋىستا جېننىنىڭ رېستونىڭ ئىستاكىنىغا قەنت سېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ قېلىپ ، تۈيۈقسىز :

— مېنىڭكىگىمۇ ئىككى تال سېلىڭ ، ئاپا ، — دېدى .

— ياق ، بولمايدۇ ، قوزام ، — دېدى جېننى ، — سىزنىڭ ئىستاكىنىڭىزغا سېلىش ھاجەتسىز ، سىزنىڭ ئىچىدىغان سۈتىڭىز بار .

— رېستو تاغامنىڭ ئىستاكىنىغا ئىككى تال سالدىڭىزغۇ ، —

دېدى ئۇ نارازى بولۇپ.

— شۇنداق، — دېدى جېننى، — ئەمما سىز كىچىك بالا ـ دە. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۈستەل ئۈستىدە گەپ قىلىشقا بولمايدۇ، بۇنداق قىلسىڭىز ئەدەپسىزلىك بولىدۇ.

— رېستو تاغامنىڭ قەنتى بەك جىق بولۇپ كەتتى، — ئۇ شۇ زامان گەپ قايتۇرۇۋىدى، رېستو ئىختىيارسىز كۈلۈپ تاشلىدى.

— ئەمما ماڭا ھېچ جىقتەك بىلىنمەيدۇغۇ، — رېستو گەپ قىستۇردى. بۇ ئۇنىڭ ئۆزىچە ئىلتىپات قىلىپ ۋىستا بىلەن تۇنجى قېتىم بىۋاستە سۆزلىشىشى ئىدى، — بۇ گېپىڭىز تۇلكە بىلەن ئۈزۈمنىڭ ھېكايىسىگە ئوخشايدىكەن[1].

— ۋىستامۇ ئۇنىڭغا قاراپ تاتلىققىنا كۈلۈپ قويدى ـ دە، رېستونىڭ مۇز چىرايىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى كۆرۈپ، ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي چۇۋۇرلاپ سۆزلەپ كەتتى. مۇشۇنداق ئىش بىرنەچچە قېتىم سادىر بولغاندىن كېيىن، رېستو ئاخىر بۇ بالىنىڭ ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدىدىن بولغان بالىغا ئوخشاشلا بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ ھەتتاكى ئۆزىنىڭ مەرتىۋىسى ۋە بايلىقىدىن بەھرىمەن بولىدىغانلىكى پۇرسەتتىن ئۇنىمۇ تەڭ بەھرىمەن قىلىشقا رازى ئىدى. شۇنىسى مۇشۇنداق قىلىشتا ئىككى تۈرلۈك يوللۇق شەرت بار: بىرى، ئۇ جېننىدىن ئايرىلماسلىقى كېرەك؛ يەنە بىرى، ئۇلار مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلغان تۇرمۇشقا ئېرىشىشى، باشقىلار تەرىپىدىن چۆرۈپ تاشلانمىغان بولۇشى كېرەك. چۈنكى بۇ ئىشلار ئۇنىڭغا مەدەت بېرىدىغان شۇنىڭدەك يۇرىكىدە مەھكەم ساقلىنىسا بولمايدىغان ئىشلار ـ دە.

---

[1] «ئىزوپ مەسەللىرى» دە: تۈلكە ئۈزۈم بارىڭىنىڭ ناھايىتى ئېگىز ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، بويىنىڭ يېتەلمەسلىكىگە كۆزى يېتىدۇ ـ دە، «بۇ ئۈزۈم چوقۇم ئاچچىق»، دەيدۇ. بۇ يەردە ۋىستانىڭ ئۆزىنىڭ ئىستاكىنىدا قەنت بولمىغاچقا، رېستو تاغامنىڭ قەنتى بەك جىق بولۇپ كەتتى، دېگىنى دەل مۇشۇ مەسەلنى ئەسلىتەتتى.

# 32

ئىككىنچى يىلى ئەتىيازغا بارغاندا كۆرگەزمىخانا بىلەن ئامبار پۈتۈپ رىستو ئىشخانىسىنى يېڭى بىناغا كۆچۈرۈپ كىردى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى، خىزمەتنى ئۇلۇغ ئوكيان سارىيىدا ۋە كولۇبتا بېجىرىپ كەلگەنىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن چىكاگودا مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ قالدى، ئۇنىڭغا بۇ يەر خۇددى كەلگۈسى ئائىلىسىدەك تۇيۇلاتتى. ئەمدى ئۇنى سان ـ ساناقسىز ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلار بېسىۋالدى — ئىشخانىسىدىكى شۇنچە كۆپ خادىمنى باشقۇرۇشى، ھەر خىل مۇھىم ھۆججەتلەرنى ئېنىق بېجىرىشى كېرەك ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭغا ئۆزىنى ساياھەتكە چىقىش مەجبۇرىيىتىدىن ئازاد قىلىش ئىمكانىيىتى تېپىلدى، يەنى روبېرتنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئامىنىڭ ئېرى بىلەن كۆرۈشۈپ كېلىش مەجبۇرىيىتىنى ئۆتەشنىڭ ئەمدى ھاجىتى قالمىغانىدى. ئەسلىدە روبېرت شۇ مەزگىللەردە ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، سىڭىللىرىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۆزىگە يېقىنلاشتۇرۇش بىلەن بىرگە، يەنە زاۋۇتنىمۇ ئۆزگەرتىپ قۇرۇش ئويىدا بولۇپ يۈرگەنىدى. رىستونىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان بىرمۇنچىلىغان خادىملارنىڭ چەتكە قېقىلىش خەۋپى كۆزگە كۆرۈنۈپلا قالغانىدى. رىستو بۇ ئىشلاردىن خەۋەرسىز ئىدى. گان بوۋاي روبېرتنىڭ ئىشىغا ئارىلاشماسلىقنى تەشەببۇس قىلاتتى. چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، كىملا بولمىسۇن بىرەرىنىڭ كۈچلۈك سىياسىتىنى ئىشقا سېلىپ، مەسئۇلىيەتنى ئۆز زىممىسىگە ئېلىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈپ كەلگەنىدى. رىستو بۇنىڭغا ئانچە كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمىگەنىدى، شۇڭا مۇشۇ مەزگىللەردە روبېرت بىلەن ئاۋۋالقىدىنمۇ بەك ئىناقلىشىپ كەتتى.

مۇبادا، رىستو بىلەن جىنىنىڭ خۇپىيانە تۇرمۇشى مەڭگۈ ئاشكارىلانماي كېتىۋەرگەن بولسا، كۆڭلەرنىمۇ ناھايىتى ئوڭۇشلۇق ئۆتكۈزۈپ يۈرۈۋەرگىلى بولاتتى. گاھى چاغلاردا جىنىنى بىلەن ئىككىسى بىر پەيتۇنغا ئولتۇرۇپ كېتىۋاتقىنىدا، جەمئىيەتتىكى ۋەسۇدا ساھەسىدىكى تونۇش - بىلىشلەرنىڭ كۆزىگە چېلىقىپمۇ قالاتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇ ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ: «مەن دېگەن بويتاق، كىم بىلەن رابىتە قىلىپ يۈرسەم ئۆزۈمنىڭ ئىختىيارى، جىنىنى ياخشى ئائىلىنىڭ قىزى ئەمەس دەپ كىممۇ گۇمان قىلار؟» دەپ ئويلايتتى. باشقىلارنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قالمىسىلا، ئۇنى خەققە تونۇشتۇرۇپ يۈرمەيتتى. ئۇنىڭ بىلەن بىر پەيتۇنغا ئولتۇرغاندا، باشقىلار گەپكە تۇتۇپ قالمىسۇن، دەپ ناھايىتى ئېتتىك يۈرۈپ كېتەتتى. تىياتىرخانىلاردا بولسا، جىنىنى گىرخاردت خېنىم، دەپ تونۇشتۇراتتى، بۇنى يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەندۇق.

ھەممىدىن يامىنى شۇكى، ئۇنىڭ ئەل - ئاغىنىلىرىنىڭ كۆزلىرىمۇ ناھايىتى ئۆتكۈر ئىدى. رىستونىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىشنى خالىمىغىنى بىلەن لېكىن ئۇلار رىستونىڭ ئىلگىرى باشقا شەھەرلەردىمۇ مۇشۇ ئايال بىلەن بىرگە يۈرگىنىنى چېلىقتۇرۇپ قالغان، بۇ ئايالنى ئۇنىڭ ئاشنىسى دەپ بىلىشەتتى. خوش، شۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟ ئۇ پۇلدار، ياش، ئەلۋەتتە ئويناپ - كۈلۈپ كۆڭلىنى ئېچىپ يۈرىدۇ - دە. كېيىن بۇ گەپلەر روبېرتنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ بېرىۋىدى، ئۇ بۇ سىرنى كۆڭلىدە ساقلاپ قويدى. «مۇبادا رىستو مۇشۇنداق ئىشنى قىلىپ يۈرگەن بولسا، بۇ تېخىمۇ بەلەن بولغىنى» دەپ ئويلىدى ئۇ. شۇنىسى، ئىش ھامىنى ئاشكارىلانماي قالمايتتى.

بۇ ئىش رىستونىڭ جىنىنى بىلەن بىللە شىمالىي رايوندىكى ئۆيىدە تۇرۇۋاتقىنىغا بىر يېرىم يىلچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئاشكارىلاندى. شۇ يىلى كۈزدە بوران - يامغۇر ھېچ توختىماي، ھاۋا تولا ئۆزگىرىپ تۇرغانىدى، بىر كۈنى رىستونىڭ تۇيۇقسىز

قورسىقى ئاغرىپ قالدى . باشتا ئۇ تېزلا ئوڭشىلىپ كېتىمەن ، دەپ ئويلاپ ، ئىسسىق سۇدا يۇيۇنۇپ ، خىنىندىن خېلى كۆپ ئىستېمال قىلغان بولدى ، خىيالىدا ئەمدى ھېچ چاتاق يۈز بەرمەيدۇ ، دەپ ئويلىغانىدى . كىم بىلسۇن ، كېسىلى بارغانسېرى ئەدەپ كەتتى - دە ، ئۈچىنچى كۈنى ئەتىگىنىگە بارغاندا ئورنىدىن تۇرالماي قالدى ، ئىسسىتمىسى راسا ئۆرلەپ ، بېشى يېرىلغۇدەك بولۇپ ئاغرىشقا باشلىدى .

ئۇ جېنىنى بىلەن ئۇزاق ۋاقىت بىرگە ياشاپ كەلگەچكە ، ھەممە ئىشقا پەرۋاسىزلىق بىلەن قارايدىغان بولۇپ قالغانىدى . شۇ چاغلاردا ئەگەر كاللىسىنى ئوبدانراق ئىشلەتكەن بولسا ، سارايدا يېتىپ - قوپۇپ ، ئۆزىنىڭ كېسىلىدىن ئۆزى خەۋەر ئالغان بولسا ، ھېچ چاتاق چىقمىغان بولاتتى . ئەمەلىيەتتە ئۇ ئاغرىپ قالغاندا ئۆيدە يېتىپ ، جېنىنى ئۆزىنى كۈتۈشكە سېلىشنى ياخشى كۆرەتتى . شۇڭا ئىشخانىسىغا تېلېفون بېرىپ ، ئۆزىنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى ، بىر - ئىككى كۈن ئىچىدە ئىشقا بارالمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ قويدى ، ئىشلارنى بىرقۇر تاپىلاپ بولغاندىن كېيىن ، ئۆزىچە خاتىرجەم ھالدا ، جېنىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ كۈتۈشىدىن ھۇزۇر ئېلىپ يېتىۋەردى .

جېنىنىغۇ ، مەيلى رېستو ئاغرىپ قالغان بولسۇن ياكى ساق بولسۇن ، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ يېنىدا تۇرۇشىدىن ئەلۋەتتە خۇرسەن بولاتتى . ئۇ رېستوغا كېسىلىنى دوختۇرغا كۆرسىتىپ ، دورا ئىچىش توغرۇلۇق نەسىھەت قىلدى . ئۆزى بولسا ئۇنىڭغا ئىسسىق لىمون شەربىتى ئىچۈردى ، ئۇنىڭ باش - قوللىرىنى سوغۇق سۇ بىلەن بىردەم - بىردەم يۇيۇپ تۇردى . كېسىلى تۇزەلگەندىن كېيىن ، ئىشتىھاسىنى ئېچىش ئۈچۈن ، ئۇنىڭغا كالا گۆشى شورپىسى ياكى سۇلۇ ئۇمىچى ئىچۈردى .

دەل مۇشۇ كېسەل كۈنلىرىدە ، تۇنجى قېتىم ھەقىقىي بەختسىزلىك يۈز بەردى . ئەسلىدە رېستونىڭ سىڭلىسى لۇئىزا سان - پاۋلوغا دوستىنى يوقلىغىلى كەتكەن ، نەچچە كۈنىنىڭ

ئالدىدا ، ئۆيگە قايتىشىدا چىكاگوغا چۈشۈپ ئۆتكەچ ، ئاكىسىنى يوقلاپ كېلىدىغانلىقىنى يېزىپ خەت ئەۋەتكەنىدى . كېيىن دېگەن ۋاقتىدىن بىرنەچچە كۈن ئاۋۋال يولغا چىقتى . ئۇنىڭ چىكاگوغا كەلگەن ۋاقتى دەل رېستوننىڭ بىتاب بولۇپ ئۆيدە يېتىپ قالغان ۋاقتىغا توغرا كېلىپ قالدى . لۇئىزا ئاۋۋال ئىشخانىغا ئىزدەپ باردى ، ئۇ يەردە رېستوننىڭ يەنە بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئىشقا كېلىدىغانلىقىنى ئۇقۇپ ، ئۇنىڭ ئادرېسىنى سورىدى .

— ئۇياق ئۇلۇغ ئوكيان سارىيىدىن ياتاق ئىجارىگە ئالغانغۇ دەيمەن ، — ئاغزى ئىتتىك بىر كاتىپ ئۇنىڭغا جاۋاب بەردى ، — ئۇنىڭ ئانچە تاۋى يوق بولۇپ قالغانىدى .

— لۇئىزا خاتىرجەمسىزلىنىپ قالدى ـ دە ، شۇئان ئۇلۇغ ئوكيان سارىيىغا تېلېفون ئۇردى ، ئۇ يەردىكىلەر گان ئەپەندىنىڭ بۇ يەرگە كەلمىگىنىگە بىرنەچچە كۈن بولغانلىقىنى ، ئۇنىڭ بۇ سارايدا ياتاق ئېلىپ قويغان ، ئەمما ھەپتىدە ئاران بىر ـ ئىككى كۈنلا قونىدىغانلىقىنى ئېيتىشتى . لۇئىزا سەل بىئارام بولۇپ ، يەنە كۈلۈبقا تېلېفون ئۇردى .

كۈلۈبتىكى تېلېفون قوبۇل قىلغۇچى چاكار رېستوننىڭ ئۆيىگە كۆپ قېتىم تېلېفون بەرگەنىدى . رېستو ئۇنىڭغا تېلېفون نومۇرىنى باشقىلارغا ئېيتىپ بەرمەسلىكنى تاپىلاپ قويغان ، ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ نومۇرنى ھېچكىم سورۇشتە قىلىپ باقمىغانىدى . ئۇ لۇئىزانىڭ رېستوننىڭ سىڭلىسى ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن ، يەنە ئۇنىڭ جىددىيلەشكەن ھالدا : «ئاكامنى ئىزدەيتتىم» دەۋاتقىنىنى ئاڭلاپ :

— ئۇياق شىل كوچىسى ئون توققۇزىنچى نومۇرلۇق ئۆيدە تۇرسا كېرەك ، — دەپ جاۋاب بەردى .

— كىمنىڭ ئادرېسىنى دەۋاتىسەن ؟ — بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كاتىپ سورىدى .

— گان ئەپەندىنىڭ .

— ھوي ، قالايمىقان سۆزلىمىسەڭچۇ ، سەن تېخى

بىلمەمتىڭ ؟
ھېلىقى چاكار ئۆزىنى ئاقلاپ بىرنېمىلەرنى دەۋاتقاندا ، لۇئىزا تېلېفوننى جايىغا قويۇپ نېرى كەتتى .
لۇئىزا ئاكىسىنىڭ بۇ ئۇچىنچى ئادرېسىدىن سەل غەلىتىلىك ھېس قىلىپ قالدى - دە ، سائەت بىرلەردىن كېيىن ، شېل كوچىسىنى ئاخىر ئىزدەپ تاپتى . بۇ ئىككى رەت قىلىپ سېلىنغان ئۆي ئىدى ، لۇئىزا پەلەمپەيدىن چىقىپ ، ئىشىك بېشىدىكى «گان ئەپەندىنىڭ تۇرالغۇسى» دەپ يېزىقلىق ۋىۋىسكىنى كۆردى ، كۇنۇپكىنى بېسىۋىدى ، جېننى ئىشىكنى ئېچىپ ، مودىلىق كىيىنگەن بۇ قىزنى كۆرۈپلا چۆچۈپ كەتتى .
— بۇ گان ئەپەندىنىڭ ئۆيى بولسا كېرەك ، — لۇئىزا جېننىنىڭ ئارقىسىدىكى ئىشىككە قاراپ قويۇپ ، كىچىك پېئىللىق بىلەن سورىدى . بۇ قەدەر ياش ئايالنى كۆرۈپ ئىچىدە سەل ھەيران بولغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ ھەيرانلىقى مۇنداقلا گۇمان قىلىشتىن نېرىغا بارمىدى .
— شۇنداق ، — دەپ جاۋاب بەردى جېننى .
— ئۇ ئاغرىپ قالغان ئوخشىمامدۇ . مەن ئۇنىڭ سىڭلىسى بولىمەن . كىرسەم بولامدۇ ؟
ئەگەر شۇ تاپتا جېننىغا ئويلىنىۋېلىشقا ئازراقلا پۇرسەت بولغان بولسا ، بەلكىم ئۇ بىرەر باھانە كۆرسىتىپ لۇئىزانى كىرگۈزمەي قويۇشى مۇمكىن ئىدى . كىم بىلسۇن ، لۇئىزا ئۆزى ۋە ئائىلىسىنىڭ مەرتىۋىسىگە ئىشىنىپ ، جېننىنىڭ سۆز قىلىشىغا پۇرسەت بەرمەي ، ئۇسۇپلا كىردى - دە ، تۆت تەرەپكە كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى ، ئارقىدىنلا دالان ئۆيگە كىردى ، ئىچكىرىدە ، رېستو ئۆز ھۇجرىسىدا بىتاب بولۇپ ياتاتتى . ۋىستا ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئويناپ ئولتۇرغانىدى ، بۇ يېڭى كەلگەن مېھماننى كۆرۈپلا ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى . ھۇجرىنىڭ ئىشىكى ئوچۇق ئىدى ، لۇئىزا ئاكىسىنىڭ كۆزلىرىنى يۇمغىنىچە دېرىزە يېنىدىكى كارىۋاتتا ياتقىنىنى ئېنىق كۆردى .

— ۋىيەي ، سەن بۇ يەردە ئىكەنسەنغۇ ، ئاكا ! — لۇئىزا سۇرەن سالدى ، — نېمە كېسەل بولۇپ قالدىڭ؟ — سۆزلىگەچ ، تېز - تېز چامداپ كارىۋات قېشىغا كەلدى .

رېستو ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ كۆزىنى ئاچتىيۇ ، شۇ زامانلا ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى پەملىدى ، جەينەكلىرى بىلەن تىرەجەپ ئاران قوپۇپ ئولتۇردى ، دەرمەھەل ئاغزىغا گەپ كەلمەي قويدى .

— ھە ، لۇئىزا ، — ئۇ ئاخىر زۇۋانغا كىردى ، — قەيەردىن كېلىشىڭ ؟

— سان - پاۋلودىن . دېگەن ۋاقتىمدىن نەچچە كۈن بۇرۇن قايتىپ كەلدىم ، — دېدى لۇئىزا دەرمانسىز ھالدا ، چۈنكى ئىشنىڭ غەلىتىلىكىنى ھېس قىلىپ ، بىئارام بولۇپ كېتىۋاتاتتى ، — سېنى ئىزدەپ تاپماق شۇنداق تەسكە چۈشتىغۇ ، كىم ئۇ سېنىڭ . . . — «ساھىبجامال غوجىدارىڭ» دېمەكچى بولۇۋىدى ، كەينىگە ئۆرۈلۈپ ، جېنىنىڭ ئالاقزادىلىككە چۈشكەن ، ھېچ قولاشمىغان ھالدا يان ھۇجرىدا نەرسىلەرنى يىغىشتۇرۇۋاتقىنىنى كۆردى - دە ، گېپىنى توختىتىۋالدى .

رېستو ئىلاجسىز يۆتىلىپ قويدى .

سىڭلىسى ئۆتكۈر نەزىرى بىلەن ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى . يەرنى كۆڭۈللۈك ھەم مەپتۇن قىلارلىق ئائىلە پۇرىقى قاپلاپ كەتكەنىدى . جېنىنىڭ كىيىمى ساپاغا ئارتىقلىق ، قارىماققا بۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى يېقىندەك قىلىدۇ . گان ئايىم قىز خىجىل بولۇپ تۇرۇپلا قالدى . ئاكىسىغا قارىۋىدى ، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە بىر خىل غەلىتە ئىپادە يېنىپ تۇرۇۋاتقىنىنى كۆردى — رېستو گەرچە سەل ئوسال ھالغا چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ ، قېشىدا ھېچكىم يوقتەك ، سوغۇق قىياپەتتە ئولتۇراتتى .

— بۇ يەرگە كەلمىسەڭ بوپتىكەن ، — رېستو لۇئىزانىڭ كۆڭلىدە ئويلىغانلىرىنى ئاغزىدىن چىقىرىشىنى كۈتمەيلا ، ئاۋۋال ئېغىز ئاچتى .

— نېمىشقا كەلمىگۈدەكمەن ؟ — لۇئىزا يۈرەكلىك ئېيتىلغان

بۇ ئىقرارنامىنى ئاڭلاپ، قۇيقا چىچى تىك بولغان هالدا سورىدى، — سەن مېنىڭ ئاكاممۇ، ئەمەس؟ سېنىڭ نېمە ئۈچۈن مەن بارغىلى بولمايدىغان يېرىڭ بولۇشى كېرەك ئىكەن؟ ياخشى گەپقۇ، بۇ گەپنى مەن سەندىن ئاڭلاۋاتىمەن ـ هە؟!

— گېپىمگە قۇلاق سالغىن، لۇئىزا، — رېستو گەۋدىسىنى سەل ئۆرە قىلىپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — سەنمۇ بىر ئەقىل ئىگىسى، ماڭا ئوخشاشلا هاياتنى چۈشىنىدىغان ئادەم سەن. بىزنىڭ بۇ يەردە دەتالاش قىلىپ ئولتۇرۇشىمىزنىڭ هېچ هاجىتى يوق. مەن سېنىڭ كېلىشىڭدىن خەۋەرسىز قاپتىمەن، بولمىسا باشقىچە ئورۇنلاشتۇراتتىم.

— باشقىچە ئورۇنلاشتۇرارمىش، دۇرۇس، — لۇئىزا سوغۇققىنا كۈلۈپ قويدى، — مەنمۇ شۇنداق ئويلىغان، ياخشى پىكىر!

لۇئىزانىڭ غۇززىدە ئاچچىقى كەلدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، بۇ، رېستو ئۈچۈن هەقىقەتەن نومۇس قىلغۇدەك ئىش ئىدى.

— بۇ گەپلەرنى ساڭا تەكەللۇپ يۈزىسىدىن ئېيتىۋاتقىنىم يوق، — دېدى رېستو ئۆڭۈپ تۇرۇپ، — سېنىڭ ئالدىڭدا ئۆزۈمنىڭ قىلىقلىرىمنى ئاقلاپ ئولتۇرغۇممۇ يوق. باشقىچە ئورۇنلاشتۇراتتىم دېگىنىم، سېنىڭدىن كەچۈرۈم سورىغىنىم ئەمەس. ئەمدى تىلىڭنى يىغمىساڭ، قالغىنىنى ئۆزۈڭ بىل.

— نېمە بولدى، رېستوگان! — لۇئىزا شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى، — سېنى بۇنداق بولۇپ كېتەر دەپ زادىلا ئويلىمىغانىكەنمەن، تېخى سېنىمۇ خىجىل بولۇۋاتامدىكىن دەپ قاپتىمەن. مۇنچىۋالا ئوچۇق ـ ئاشكارا... — ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئاغزىدىن چىقىرالمىدى، — ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ دوستلىرىمىز شەهەرنى بىر ئالغان تۇرسا. ئاھ، دەهشەت! سېنى بۇ قەدەر نومۇسسىز بولۇپ كېتەر، ئۆز ئەتىۋارىنى بۇنچىۋالا يوقىتىپ قويار، دەپ ئويلىمىغانىكەنمەن.

— نومۇس ـ پومۇس دېگەن نېمىكەن ئۇ! — رېستو غەزەپ

بىلەن ۋارقىرىدى ، — مەن ساڭا ئېيتتىمغۇ ، سېنىڭ ئالدىڭدا ئۆزۈمنى ئاقلاپ ئولتۇرمايمەن ، دەپ ، ئەگەر بۇنداق بولۇشىنى ياقتۇرمىساڭ ، ئەلۋەتتە ئۆزۈڭنىڭ بىلگىنىنى قىلساڭ بولىدۇ .

— شۇنداقمۇ ، — دېدى لۇئىزا جاۋىلداپ ، — بۇ ئۆزۈمنىڭ بىر قورساق ئاكامنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان سۆز ـ ھە ! يەنە كېلىپ ھېلىقى بىرنېمە ئۈچۈن قىلىنىۋاتقان سۆزلەر ! ئاۋۇ بالا كىمنىڭكى ؟ — لۇئىزا يەنە ئۆكتەملىك ھەم قىزىقىش بىلەن چۆخچىلاپ سوراپ تۇرۇۋالدى .

— ئۇنىڭ كارى چاغلىق ، ئىشقىلىپ مېنىڭ بولمىغاندىكىن بولدى . مېنىڭ بولغان تەقدىردىمۇ ساڭا ھېچ ئالاقىسى يوق . مېنىڭ ئىشلىرىمغا ئارىلاشمايلا قويغىن .

جېنىنى شۇ تاپتا ئاشخانىدا ئىشلار بىلەن مەلىكە بولۇپ تۇرغانىدى ، ئۇلارنىڭ پارىڭى ئۆزى توغرىسىدا كېتىۋاتقىنىنى ، يەنە كېلىپ ناھايىتى سەت گەپلەرنىڭ دېيىلىۋاتقىنىنى ئاڭلاپ قېلىپ ، قەلبى قاتتىق ئازابلانغان بولسىمۇ ، چىشىنى چىشلەپ چىداپ تۇرىۋەردى .

— تولا غىدىقىمنى كەلتۈرمىسەڭچۇ ، بۇنىڭدىن كېيىن سېنىڭ ئىشىڭغا ئارىلىشىدىغانغا چولامۇ تەگمەيدۇ ، — لۇئىزا يەنە جاۋابلاشتى ، — ئەمما مېنىڭچە سېنىڭدەك كىشى بۇنداق ئىشنى قىلماسلىقى كېرەك ئىدى . مۇشۇنداق رەپرەپ بىلەن بىرگە تۇرۇشۇڭ ، ئەقىلغا زادىلا توغرا كەلمەيدۇ . چۈنكى ئۇ سېنىڭ… — «غوجىدارىڭ ئەمەس» دېمەكچىدى ، رېستو چېچىلىپ ، تاقەتسىزلىك بىلەن ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى .

— ئۇنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكى بىلەن كارىڭ بولمىسۇن ، — دېدى ئۇ گۈركىرەپ ، — ئۈچۈ ، ئۆزىنى يۇقىرى تەبىقىدىكى ئادەم دەۋالغان بەزىبىر كىشىلەردىن مىڭ ياخشى . سېنىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنىڭ ماڭا ئايان . مەن ساڭا ئۇنىڭ كارى چاغلىق دەۋاتىمەن . ھازىر مۇشۇنداق ئىشنى قىلىپ يۈرگەنىكەنمەن ، سېنىڭ نېمە ئويلاردا بولۇۋاتقىنىڭ بىلەن پەرۋايىم

پەلەك . سەۋەنلىك بولسا ئۆزۈم ئۈستۈمگە ئالىمەن . مېنىڭ ئۈچۈن غەم قىلىپ كەتمىسەڭمۇ بولىدۇ .

— بوپتۇ ئەمىسە ، سېنىڭ بىلەن كارىم يوق بولغان بولسۇن ، خاتىرەڭنى جەم قىلغايسەن ، — دېدى ئۇ يەنە جاۋىلداپ ، — سەن ئائىلىمىزنى كۆڭلۈڭدە تۇتمايۋاتىسەن . سەندە ئازراقلا نومۇس دېگەن نەرسە بولىدىغان بولسا بارغۇ ، ئۆز سىڭلىڭنى بۇنداق جايغا كېلىشكە مەجبۇر قىلمىغان بولاتتىڭ ، شۇ تاپتا كۆڭلۈم ئېلىشىپ كېتىۋاتىدۇ . باشقىسىغۇ مەيلى ، مېنىڭچە كىشىلەر بۇ ئىشنى ئاڭلاپ قالىدىغان بولسا ، ئۇلارنىڭمۇ كۆڭلى ئېلىشىدۇ .

ئۇ گېپىنى تۇگىتىپلا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ، خورلانغاندەك قىياپەتتە ئۆيدىن چىقىپ كەتتى ، بۇ چاغدا جېننى غىزالىنىش ئۆيىنىڭ ئىشىكى تۇۋىگە كېلىپ قالغانىدى ، لۇئىزا ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن ئالىيىپ قويدى . بۇ چاغدا ۋېستا ئىچكەركى ھۇجرىغا كىرىپ كەتكەنىدى . بىركەمدىن كېيىن ، جېننى ھۇجرىسىغا قايتىپ كىرىپ ئىشىكنى ياپتى ـ دە ، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي جايىدا تۇرۇپلا قالدى . رېستو قويۇق چاچلىرىنى ئارقىسىغا تاشلاپ ، پەرىشان ھالەتتە ياستۇققا يۆلەنگىنىچە ئولتۇراتتى . «تەقدىر ئادەمگە بىمەنە چاقچاقلارنى قىلىپ قويىدىكەن ! — دەپ ئويلىدى ئۇ ، — لۇئىزا ئەمدى ئۆيگە قايتىپ بېرىپ ، بۇ ئىشنى چوقۇم ئۆيدىكىلەرگە ئېيتىدۇ . بۇ ئىشتىن دادام ، ئاپام ، روبېرت ، ئىموگېن ، ئامىلارنىڭ ھەممىسى خەۋەر تاپىدۇ . ماڭا ئۆزۈمنى ئاقلىغۇدەك يەنە نېمە قالدى ئەمدى ؟ لۇئىزا ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى ـ دە . » رېستو ئويغا چۆككىنىچە ، تام مەشتىن كۆزىنى ئالماي ئولتۇرىۋەردى .

بۇ تاپتا ئۆز مەشغۇلاتى بىلەن بولۇۋاتقان جېننىمۇ ئۆز خىيالى بىلەن بەند ئىدى . ئۇنىڭ باشقا ئاياللارنىڭ نەزىرىدىكى ھەقىقىي ئورنى ئەسلىدە مۇنداق ئىكەن ـ دە . ئۇ ئەمدى جاھاندىكى كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە بولغان پوزىتسىيىسىنى ئېنىق كۆرۈۋالدى . بۇ ئائىلىنىڭ كىشىلىرى گويا ئۇلار باشقا بىر پلانېتىدا ياشاۋاتقاندەك ، جېننىغا تولىمۇ يات ، تولىمۇ يىراق ئىدى .

رېستوننىڭ سىڭىللىرى ، ئاكىسى ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ نەزىرىدە ، جېنىنى بىر بۇزۇق ئايال ، بەئەينى كوچىلاردا ئىپپەت ـ نومۇسىنى سېتىپ يۈرىدىغانلارغا ئوخشاش بىرنېمە ئىكەن . جېنىنى ئىلگىرى كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى كەمسىتمەسلىكىنى ئۈمىد قىلىپ يۈرگەنىدى ، مانا ئەمدى بۇ خىل ئۈمىد كۆپۈككە ئايلاندى . مۇشۇلارنى ئويلىغىنىدا ، ئۇنىڭ سەزگۈر كۆڭلىدە يوغان بىر پارچە يارا پەيدا بولدى . ئۇ ھەقىقەتەن بۇزۇق ، زاتى پەس بىرنېمە ئىكەن ، لۇئىزانىڭ نەزىرىدىمۇ ، باشقا كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىمۇ مۇشۇنداق ، رېستوننىڭ نەزىرىدىغۇ ئەسلىي شۇنداق . ئاھ ، قانداق قىلغاندا كىشىلەرنىڭ بۇ خىل يامان قاراشلىرىدىن قۇتۇلۇپ ، ئىززەت ـ ئابرۇيلۇق ئادەم بولۇپ ، قائىدە ـ يوسۇنلۇق تۇرمۇش كەچۈرەلەيدىغان بولار ؟ مۇشۇنداق بولۇشى مۇمكىنمىدۇ ؟ ئادەم دېگەنغۇ ئاشۇنداق ياشىشى كېرەك . بىراق قانداق قىلسا مۇشۇنداق ياشىغىلى بولاركىن .

## 33

لۇئىزا ئائىلىسىنىڭ ئىززەت ـ ئابرۇيىنىڭ يەرگە ئۇرۇلغىنىدىن دەرغەزەپ بولغىنىچە ، ئالدىراپ ـ تېنەپ سىنسىناتىغا قايتىپ ياردى ـ دە ، بۇ قېتىم كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىنى بىرمۇنچە گەپ قوشۇپ ، راسا كۆپتۈرۈپ ئائىلىسىدىكىلەرگە مەلۇم قىلدى . ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ، ئۇ «ئاپئاق تاتىرىپ كەتكەن ، دۆت چىراي» بىر ئايال بىلەن ئىشىك تۈۋىدە دوقۇرۇشۇپ قالغانمىش ، ئۇ ئايال ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىشى بىلەنلا ، خۇددى «قورسىقىدا جىن بار» دەك ، بوسۇغىدا تۇرۇۋېلىپ ، ئۇنى ئۆيگە كىرگىلى قويمىغانمىش . ئۇ يەنە : رېستومۇ بەك ئۇياتسىزلىشىپ كېتىپتۇ ، قاراپ تۇرۇپ مېنىڭ يۈز ـ خاتىرەمنىمۇ قىلماي قويمىدى ، بالىنىڭ كىملىكىنى

سورىسام ، ئۇ زىنھار دېگىلى ئۇنىماي ، «ئىشقىلىپ مېنىڭ بولمىغاندىكىن بولدى» دەپلا تۇرۇۋالدى ، دېدى .

— ۋاي خۇدايىمەي ، تېخى مۇنداق ئىشمۇ بارمىكەن ! مۇنداق ئىشمۇ بارمىكەن تېخى ! — بۇ ئىشنى ھەممىدىن ئاۋۋال گان خانىم ئاڭلاپ ، ھەيران بولغىنىدىن تۇۋلىۋەتتى ، — مېنىڭ ئوغلۇم ، رېستويۇم ! ئۇ قانداقلارچە بۇ ئىشنى قىلىپ يۈرگەندۇ !

— يەنە كېلىپ ھېلىقىدەك بىرنېمە بىلەن دەڭە ! — لۇئىزا گويا بۇ گەپنى تەكرارلىسا ئىشنىڭ ھەقىقەتى ئايان بولىدىغاندەك ، ئاۋازىنى ئەتەي چىڭىتىپ ، بۇ گەپنى سوزۇپ ئېيتتى .

— مەن ئۇ يەرگە كېسەل يوقلاپ بارغانىدىم ، — لۇئىزا سۆزىنى داۋام قىلدى ، — ئۇنى ئاغرىپ قالدى دېيىشىۋىدى ، مەن تېخى ئۇنى ھەرقاچان قاتتىق ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان چېغى دەپ ئويلاپتىكەنمەن . ئىش ئەسلىدە مۇنداق ئىكەنلىكىنى كىم بىلسۇن ؟

— ۋاي ئىستەي ، رېستو ! — ئاپىسى ئاھ ئۇردى ، — ئۇنى بۇنداق قىلار دەپ كىممۇ ئويلىغان !

گان خانىم بۇ قىيىن مەسىلىنى كۆڭلىدىن بىرقۇر ئۆتكۈزۈپ چىقتى ـ دە ، بۇ ئىشنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشقا چامى يەتمەي ، ئېرىگە : تېزدىن ئۆيگە قايتىپ كېلىڭ ، مەسلىھەتلىشىدىغان ئىش چىقىپ قالدى ، دەپ تېلېفون بەردى . مەسلىھەتلىشىش داۋامىدا ، بوۋاي باشتىن ـ ئاياغ سۈرلۈك قىياپەتتە ، زۇۋان سۈرمەي ئولتۇردى . رېستونىڭ بۇلار ئەزەلدىن ئىسمىنىمۇ ئاڭلاپ باقمىغان بىر ئايال بىلەن بىرگە تۇرۇۋاتقانلىقى ئېنىق . ئۇ قەيسەر مىجەزلىك ، ئېھتىمال ھېچنېمىنى پىسەنتىگە ئېلىپمۇ قويماسلىقى مۇمكىن . بۇنداق ھالەتتە ھوقۇقىنى ئىشقا سېلىش مۇمكىن بولمايدىغان ئىش . رېستونىڭ گەدەنكەشلىكى بوۋايغا ئايان ، ناۋادا كىمدەكىم ئۇنىڭغا يامان يولدىن قايتىپ توغرا يولغا مېڭىش ھەققىدە نەسىھەت قىلماقچى بولسا ، ئەپچىل دىپلوماتىيە ۋاستىسىنى ئىشقا سېلىشى كېرەك .

www.uyghurkitap.com

مەسلىھەتلىشىشتىن نەتىجە چىقمىدى، بوۋاي بىر مۇنچە خاپىلىق يۇتۇۋېلىپ زاۋۇتقا قايتىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن كۆڭلىدە : بۇ ئىشقا كارى بولماسلىق پوزىتسىيىسىنى تۇتۇشقا بولمايدۇ ، دېگەن نىيەتكە كېلىپ بولغانىدى . روبېرتقا مەسلىھەت سېلىنغۇدى ، روبېرت بۇ گەپلەرنى تولا ئاڭلىغان ، ئەمما ئاغزىدىن چىقارغۇسى كەلمىگەنلىكىنى بويىنىغا ئالدى . گان خانىم ئاخىر روبېرتقا چىكاگوغا بېرىپ رېستو بىلەن سۆزلىشىپ كۆرۈش تەكلىپىنى بەردى .

— ئۇ ناۋادا بۇ ئىشنى كەينىگە سۆرەۋېرىدىغان بولسا ، ئورنىنى تولدۇرۇۋالغۇسىز زىيانغا دۇچار بولىدىغانلىقىنى بىلىپ قالسۇن ، — دېدى بوۋاي ، — مۇشۇنداق قىلسام ئۇتۇپ چىقىمەن دەپ خام خىيال ئەيلىمىسۇن . بۇ مۇمكىن بولمايدىغان ئىش . ئۇ ياكى ئاشۇ ئايالنى ئەمرىگە ئالسۇن ، ياكى ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كەتسۇن ، شۇنىڭدىن باشقا يول يوق . سەن مېنىڭ ئورنۇمدا ئۇنىڭغا مۇشۇنداق دەپ ئېيتقىن .

— ئوبدان ، تولىمۇ ئوبدان ، — دېدى روبېرت ، — ئەمما ئۇنى كىم قايىل قىلالايدىكىنتاڭ ؟ مەنغۇ بۇنداق ئەلچىلىكنى قاملاشتۇرالمايتتىم .

— مەن ئۇنى ھامان قايىل بولىدۇ ، دەپ قارايمەن ، — دېدى دادىسى ، — نېمىلا بولسۇن ، بىر بېرىپ باققىنىڭنىڭ زىيىنى بولماس ، ئۇ ئەقلىنى تېپىپ قالسا ئەجەب ئەمەس .

— مەنغۇ ھېچ ئىشەنمەيمەن ، — دېدى روبېرت ، — ئۇ دېگەن ناھايىتىمۇ بوينى قاتتىق بالا . ئويلاپ باقمامسىز ، ئۇ ئۆيدە تۇرغان چاغلاردا ئۇنىڭغا شۇنچە كۆپ نەسىھەت قىلىشۇدىڭىز ، نېمە پايدىسى بولدى ؟ ئەمما مەن دېگىنىڭىزدەك قىلسام كۆڭلىڭىز بىر ئاز تەسكىن تاپىدىغانلا بولسا ، بوپتۇ ، بارسام باراي ، ئاپاممۇ مېنى بارغىن دەۋاتىدۇ .

— شۇنداق قىل ، — دېدى دادىسى پەرىشان ھالەتتە ، — بېرىپ كەلگىنىڭ تۈزۈك .

شۇنداق قىلىپ، روبېرت چىكاگوغا بېرىشقا ماقۇل بولدى. بۇ دورەم مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ياكى مەغلۇپ بولۇشقا ھېچقانچە ئىشەنچ قىلالمىسىمۇ، لېكىن ئەخلاق ھەم ھەققانىيەتنىڭ كۈچ-قۇدرىتى كىشىلەرنى ئاخىر تەسىرلەندۈرەلەيدىغانلىقىغا ئىشەنگەچكە، چىكاگوغا كەيپى چاغ ھالدا جۈنەپ كەتتى.

روبېرت لۇئىزا كېلىپ-كەتكەننىڭ ئۈچىنچى كۈنى ئەتىگەندە يېتىپ كەلدى. ئاۋۋال ئامبارغا بېرىۋىدى، رېستو ئۇ يەردە يوق بولۇپ چىقتى. ئاندىن رېستونىڭ تۇرالغۇسىغا تېلېفون بېرىپ، ناھايىتى ئوڭۇشلۇق ھالدا ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىدىغان ۋاقىتنى كېلىشىۋالدى. رېستو كېسەلدىن تېخى سەللىمازا ساقىيىپ كەتمىگەن بولسىمۇ، ئىشخانىغا بېرىپ ئاكىسى بىلەن ئۇچرىششقا ۋەدە بەردى. دەرۋەقە ئىشخانىغا دېگەن ۋاقىتدا يېتىپ باردى، ئاكىسى بىلەن ھېچنېمە بولمىغاندەك قىياپەتتە كۆرۈشۈپ، ئالدى بىلەن تىجارەت ئەھۋالى توغرۇلۇق سۆزلەشتى، ئاندىن گويا ئۆزى بىلەن ئۆزى پىكىرلىشىۋاتقاندەك، سۈكۈتكە چۈشكىنىچە تۇرۇپ قالدى.

— مېنىڭ بۇ قېتىم كېلىشتىكى مەقسىتىم ساڭا ئايان بولسا كېرەك، — روبېرت سىناق تەرىقىسىدە گەپ ئاچتى.

— مەن پەرەز قىلىپ بولدۇم، — دېدى رېستو.

— ئۆيدىكىلەر، بولۇپمۇ ئاپام سېنى ئاغرىپ قاپتۇ، دەپ ئاڭلاپ بەك ئەنسىرىدى. سېنىڭ بۇ كېسىلىڭ يەنە قوزغىلىپ يۈرمەس؟

— مېنىڭچە ئۇنداق بولماس.

— لۇئىزا بۇ يەرگە كەلگىنىدە ئالاھىدە بىر خىل قۇرۇلمىنى بايقاپتىمىش. سەن توي قىلىۋالمىغانسەن، شۇنداقمۇ ئەمەس؟

— ئۇنداق ئەمەس.

— ئۇنداقتا لۇئىزا چېلىقتۇرغان ھېلىقى چوكان... — ئۇ گەپ قىلىشنىڭ ئورنىغا، قولىنى شىلتىپ قويدى.

رېستو بېشىنى لىڭشىتتى.

— مەن سىڭگىدىن چۈخچىلاپ سورىماقچىدىم. ئەمەسمەن،

رېستو، مەن سىڭگىدىن سۈرۈشتە قىلغىلى كەلمىدىم. ئۈيدىكىلەرنىڭ خىيالىغا مېنى بارسۇن دېگەن ئوي كېلىپ قاپتۇ. بولۇپمۇ ئاپام بەك دىلخەستە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. شۇڭا سىزنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ كېتىشىمگە توغرا كەلدى، — ئۇ گېپىنى توختىتىۋالدى، رېستو ئۇنىڭ بۇنداق سەممىي ھەم ئىززەت - ئىكراملىق پوزىتسىيىسىدىن تەسىرلىنىپ قالدى - دە، ھېچبولمىغاندا ئەدەپ - قائىدە يۈزىسىدىن بولسىمۇ ئۇنىڭغا بىرئاز چۈشەنچە بېرىپ قويۇشنى لايىق تاپتى.

— ئەھۋال مۇشۇنداق، ئەمدى نېمىلا دېسەممۇ بەربىر پايدىسى يوق، — دېدى ئۇ سالماقلىق بىلەن، — دېگۈدەكقۇ ھېچ گەپ يوق. مېنىڭ بۇ ئايال بىلەن بىرگە تۇرۇۋاتقىنىمغا ئائىلىمىزدىكىلەر قارشى. چاتاق يېرى، بۇ ئىش قارا باسقاندەك سېزىلىپ قالدى - دە.

ئۇنىڭ گېپى تۈگىمىدى، روبېرت بۇ ئاددىي خۇلاسىنىڭ ماھىيىتىنى كۆڭلىدە قايتا - قايتا مۇلاھىزە قىلدى، رېستونىڭ بۇ ئىشقا سالقىن قانلىق بىلەن قارايدىغانلىقى، ئادەتتىكىدەكلا، كۆڭلىدە ناھايىتى تويغۇن ئىكەنلىكى ئۇنىڭغا چۈشىنىشلىك بولدى.

— سەن ھازىر ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىش ئويىغا تېخى كەلمىدىڭ، شۇنداقمۇ؟ — روبېرت دېلىغۇللۇق ئىچىدە سورىدى.

— مېنىڭدە تېخى بۇنداق ئوي يوق، — رېستو پەرۋاسىزغىنا جاۋاب قايتۇردى.

بۇلار زۇۋان سۈرمەي، بىر - بىرىگە قاراپ بىرپەس تۇرۇپ قېلىشتى، ئاندىن كېيىن روبېرت نەزىرىنى شەھەرنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىكى مەنزىرىگە ئاغدۇردى.

— سىزنىڭدە ئۇنىڭغا قارىتا ھەقىقىي مۇھەببەت بار - يوقلۇقىنى سوراپ ئولتۇرۇشۇمنىڭ ھاجىتى بولمىسا كېرەك؟ — روبېرت تەسەللاسىزغىلا سورىدى.

— سەن بىلەن بۇ خىل مۇقەددەس تۇيغۇ ئۈستىدە

پىكىرلىشەلەيمەنمۇ ، يوق ، بۇنى بىلمەيمەن ، — رېستو بىر خىل كەسكىن ھەزىل بىلەن جاۋاب قايتۇردى ، — بۇنداق تۇيغۇنى زادىلا باشتىن كەچۈرۈپ باقمىغانىدىم . مېنىڭ بىلىدىغىنىم ، بۇ ئايال كۆڭلۈمگە تازا ياقىدۇ .

— شۇنداقمۇ ، بۇ تامامەن ئۆزۈڭنىڭ ھەم ئائىلىمىزنىڭ بەخت ئىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلە ، رېستو ، — روبېرت سەل توختىۋېلىپ ، سۆزىنى يەنە داۋام قىلدى ، — بۇ يەردە ئەخلاق توغرۇلۇق سۆز ئېچىشقا مۇمكىن بولمىسا كېرەك ، ئەدناسى سەن بىلەن مەن بۇ ھەقتە ئېغىز ئېچىشقا لايىق كەلمەيمىز . سېنىڭ بۇ ئىشتىكى ھېس ـ تۇيغۇلىرىڭغا كەلسەك ، ئۇ ئۆزۈڭنىڭ ئىشى . بىراق دەل مۇشۇ بەختىڭنىڭ ئۆزى سېنى قارىلايدىغانغا يېتەرلىك ئاساس بولالايدۇ . سەن ئائىلىمىزدىكىلەرنىڭ ھېسسىياتى ھەم يۈز ـ خاتىرسىنىمۇ ئېتىبارغا ئېلىپ قويۇشۇڭ كېرەك . بىزنىڭ دادىمىز ئائىلىنىڭ نام ـ شۆھرىتىنى ھەركىمدىنمۇ بەكرەك قەدىرلەيدىغان كىشى . بۇ يېقىنى سەنمۇ ئەلۋەتتە مېنىڭدەكلا چۈشىنىسەن .

— دادامنىڭ نېمە ئۈيدا ئىكەنلىكى ماڭىمۇ چۈشىنىشلىك ، — دېدى رېستو ، — بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى سىلەرگە ئوخشاشلا چۈشىنىپ تۇرۇۋېتىمەن ، شۇغىنىسى دەرمەھەل ئامال تاپالمايمەن ـ دە . توغرىسىنى ئېيتقاندا ، بۇنداق ئىشلار بىر كۈندىلا ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ ، شۇڭا ئۇنى بىر كۈندىلا ھەل قىلىشمۇ مۇمكىن ئەمەس . ئۇ ئايال مۇشۇ يەردە تۇرۇۋاتىدۇ . بۇنىڭدا مېنىڭ بىر ئۆلۈش جاۋابكارلىقىم بار . بۇ ئىشنى تەپسىلىي سۆزلەپ ئولتۇرغۇم يوق ، ئەمما بۇ ئىش سوت تارىخىدا خاتىرىلەنگەن ئىشلاردىنمۇ مۇرەككەپرەك .

— ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭنىڭ قايسى دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنلىكى ماڭا ئەلۋەتتە قاراڭغۇ ، — دېدى روبېرت ، — ئۇنى بىلىشنىمۇ خالىمايمەن ، ئەمما ئويلاپ باقمامسەن ، ئەگەردە ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىش ئويىدا بولمىغانىكەنسەن ، ئۇ ھالدا ئانچە

ئادىللىق بولمايدۇغۇ؟ — ئاخىرقى سۆزنى ئۇنى يۈرىكىنى چىكىپ بېقىش مەقسىتىدە ئېيتتى.

— ئەگەر پايدىسى بولىدىغانلا بولسا، بۇ گېپىڭىزنى مەنمۇ قۇۋۋەتلەيمەن، — دېدى رېستو گەپ چالغىتىپ، — ھازىرقى ئەھۋال مانا مۇشۇنداق: ئۇ ئايال مۇشۇ يەردە، بۇنى ئائىلىدىكىلەرمۇ بىلىپ بولدى. قىلغۇدەك بىرەر ئامال بولسىلا، مەن شۇنداق قىلىشقا تەييار. بۇنداق ئىشنى ھېچكىم ماڭا ۋاكالىتەن بىر ياقلىق قىلالمايدۇ.

رېستو شۈكلىنىپ قالدى، روبېرت ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇياقتىن ـ بۇياققا نەچچە ماڭدى ـ دە، ئاندىن كەينىگە بۇرۇلدى.

— سەن ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىش ئويۇم يوق دېدىڭ ياكى بەلكىم ئىش تېخى ئۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتمىدى دېمەكچى بولغىنىدىڭ. مېنى ئاقساقاللىق قىلىۋاتىدۇ، دەپ قالمىغىن، رېستو. قايسى نۇقتىئىنەزەردىن قارىغاندىمۇ، سەن ئۆز ھاياتىڭدا زور بىر خاتالىققا يول قويۇۋاتقاندەك قىلىسەن. مېنى ئەجەب تولا گەپ قىلىدى، دەپ قالما، ساڭا ئوخشاش مۇشۇنداق مەرتىۋىگە ئىگە بىر كىشىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، تۆلىگەن بەدىلىڭ بەك چوڭ بولۇپ كېتىپتۇ، زىيان تارتىشىڭغا ئەرزىمەيدۇ. ئائىلىمىزنى نەزەردە تۇتمىغىنىڭنى دېمىگەندىمۇ، سەن دونى بەك يوغان تىكىپسەن. ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ نابۇت قىلىۋېتىپسەن...

بۇ گەپلەرنى قىلىۋېتىپ، ئۇ قولىنى كۆتۈرۈپ قويدى، بۇ ئۇنىڭ قالتىس سەمىمىيىتىنى ئىپادىلەش ئادىتى ئىدى، رېستومۇ ئۇنىڭ سەمىمىيىتىنى ھېس قىلىپ يەتكەن بولدى. «شۇ تاپتا روبېرت مېنى تەنقىد قىلماقچى ئەمەس، بەلكىم تەسىرلەندۈرمەكچى. بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەرق بار.»

بىراق بۇنداق تەسىرلەندۈرۈش يەنىلا ھېچقانداق ئۈنۈمى بولمايدۇ بولسا كېرەك. ئەمدى روبېرت گەپنى ئەگىتىپ ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسەتمەكچى بولدى ـ دە، دادىسىنىڭ رېستوغا نەقەدەر كۆيۈنىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ سىنسىنناتىدىكى باي ئائىلىلەردىن ئۆيلەپ

قويۇشنى نەقەدەر ئۇمىد قىلىدىغانلىقىنى ، رېستونىڭ كۆڭلىگە ياققان ، بىر - بىرىگە لايىق كېلىدىغان بولسىلا ، كاتولىك مۇخلىسنى تېپىۋالسىمۇ مەيلى دەيدىغانلىقىنى ، ئاپىسىنىڭمۇ ئۇنىڭدىن سەممىي ئۇمىد كۈتۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ، رېستونىڭ مۇشۇلارنى چۈشىنىشى كېرەكلىكىنى ئېيتىپ ، بىرھازا سۆزلەپ كەتتى .

— ھەممەيلەننىڭ ھېسسىياتىنى تولۇق چۈشىنىپ تۇرۇپتىمەن ، — رېستو ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ تاشلىدى ، — ئەمما دەررۇلا بىر ئامال قىلالمايمەن - دە .

— سېنىڭچە ئۇنىڭدىن دەررۇ ئايرىلىپ كېتىش ئامال ھېسابلانمامدىكەن ؟

— مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم ، ئۇ ماڭا تولىمۇ ئوبدان مۇئامىلىدە بولۇپ كەلدى ، شۇڭا پەزىلەت جەھەتتىن ئېيتقاندىمۇ ، ئۇنىڭغا چامامنىڭ يېتىشىچە ھىممەت كۆرسىتىشىم كېرەك . ئۇنىڭغا قانچىلىك دەرىجىدە ھىممەت كۆرسىتىشنى ، ئىمكانىيىتىمنى قانداق ئىشقا سېلىشنى بولسا ، ئۆزۈممۇ تازا بىلەلمەيۋاتىمەن .

— ئۇنىڭ بىلەن بىرگە تۇرنۇەرمەكچىمۇسەن ؟ — روبېرت سوغۇققىنا سوئال قويدى .

— ئۇ مەن بىلەن بىرگە ياشاپ كېلىۋاتقانىكەن ، ئەلۋەتتە ئۇنى كۇدە - كۆرپىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ يولۇڭغا ماڭ ، دېگىلى بولمايدۇ - دە ، — رېستو جاۋاب قايتۇردى ، روبېرت ئورنىغا يەنە بىرىپ ئولتۇردى ، ئۆزىنىڭ ئۇنى تەسىرلەندۈرمەن دېيىشى قۇرۇق ئاۋارىگەرچىلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغاندەك بولدى .

— ئائىلىمىزنىڭ ھەققى - ھۆرمىتى ئۈچۈن بولسىمۇ ، ئۇنىڭغا چىرايلىقچە نەسىھەت قىلىپ ، ئۇنى يولغا سېلىۋەتسەڭ بولمامدۇ ؟

— قويساڭا ، بۇنداق قىلىش ئۈچۈن نۇرغۇن كاللا قاتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ .

— ئۇنداق بولسا، ئۆزۈڭنىڭ بۇ ئىشنى تېزدىن ئاياغلاشتۇرۇپ، مېنىڭ ئۆيگە ئوبدان گەپلەرنى ئالغاچ كېتىپ ئائىلىمىزدىكىلەرنىڭ ئىزتىراپقا تولغان كۆڭلىنى تەسكىن تاپقۇزۇشۇم ئۈچۈن، مېنى ئۇمىدلەندۈرەلەيدىغانلىقىڭنى ئېيتىپ بېرەلەمسەن؟

— ناۋادا ئائىلىمىزدىكىلەرنى بۇ ئىشتىن خاتىرجەم قىلالىغۇدەكلا ئىش بولسا، مەن جان ـ دىلىم بىلەن ئورۇندايمەن، ئەمما پاكىت بەربىر پاكىت. سەن بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا مىكى ـ مىكى قىلىپ ئولتۇرۇش بىھاجەت. مەن ئېيتتىمغۇ، بۇ مۇناسىۋەتكە نۇرغۇن ئىشلار چېتىلغان، مەن ھەم ئۇ ھەر ئىككىلىمىز ئۆزۈلچىلىقتا قالمايدىغان ئىش بولسىچۇ، ئۇ چاغدا بۇنداق گەپ تالىشىپ ئولتۇرۇشىمىزنىڭ ھاجىتى قالمىغان بولاتتى. بۇنداق ئىشلاردا، شۇ ئىشنىڭ ھەقىقىي شاھىتلىرىدىن باشقا، ھېچكىممۇ قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى بىلەلمەيدۇ، بەلكى شاھىتنىڭ ئۆزىمۇ بەزى ھاللاردا گاڭگىراپ قېلىشى مۇمكىن. ھازىر مەن ساڭا چامامنىڭ يېتىشىچە بىر ئامال قىلىمەن، دەپ ۋەدە بېرىشتىن باشقا ھېچ نەرسە دېيەلمەيمەن.

گەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، روبېرت ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ، ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى، بىردەمدىن كېيىن يەنە جايىغا قايتىپ كېلىپ:

— سېنىڭچە ھېچ ئامال يوقمىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ھازىرچە ئامال يوق.

— بوپتۇ ئەمىسە، ئۇنداقتا مەن كېتەي. ئىككىمىزنىڭ ئەمدى دېيىشكۈدەك گېپىمىز قالمىغان بولسا كېرەك.

— مەن بىلەن بىللە غىزالىنىپ ئاندىن ماڭساڭ بولمامدۇ؟ سېنىڭ بىلەن بىللە سارايغا بارسام بولىدۇ، ئەگەر كەتمەيدىغان بولساڭ.

— بولدى، رەھمەت ساڭا، — دېدى روبېرت، — سائەت

بىردە ماڭىدىغان سىنسىنناتىنىڭ پويىزىغا ئۇلگۈرۈپ قىلىشىم مۇمكىن . بىرىپ باقاي .

ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەن روبىرو تۇرۇشتى ، رىستونىڭ چىرايى تامدەك ئاقىرىپ كەتكەن ، روھى بەكلا چۈشكۈن كۆرۈنەتتى ، روبېرت ئوچۇق - يورۇق ، رەڭگىرويى جۇلالىق ، قابىل ، زىرەك كۆرۈنەتتى ، ۋاقىت بۇ ئىككىسىنىڭ ۋۇجۇدىدا پەيدا قىلغان پەرقنى كىملا بولمىسۇن بايقىۋالالايتتى . روبېرت قالتىس جىگەرلىك ئادەم ، رىستو بولسا مۇلايىم ، كەم سۆزلەن ، ئاجىز ؛ روبېرت كەسىپ ئەھلىگە خاس چېۋەرلىك ھەم شىجائەتنىڭ ئىگىسى بولسا ، رىستو سودا ساھەسىدىكىلەرگە خاس ئۆز - ئۆزىدىن قانائەتلىنىش روھىغا ئىگە ، ھاياتقا ئەزەلدىن گۇمانىي نەزەر بىلەن قارايدىغان كىشى ئىدى . ئىككىيلەن ئۆرە تۇرغىنىدا ، سېلىشتۇرما سۈرەتنى ھاسىل قىلاتتى ، شۇنىڭدەك ھەرقايسىسى ئۆز كۆڭلىدىكى ئوي - پىكرىنى زاھىر قىلىپ تۇراتتى .

— بولدۇ ئەمىسە ، — دېدى ئاكىسى سەل تىنىۋالغاندىن كېيىن ، — ئەمدى دېگۈدەك گېپىم قالمىغاندەك تۇرىدۇ . ئەسلىدە سېنىڭ بۇ ئىشقا تۇتقان پوزىتسىيەڭنى مېنىڭكى بىلەن بىردەك چىقىپ قالارمىكىن ، دېگەن ئۈمىدتە بولۇۋىدىم ، شۇنداقتىمۇ ئۆزۈڭنىڭ تەشەببۇسى ئەلۋەتتە ئۆزۈڭگە توغرا . سەن ھازىرچە تېخى ئەقلىڭگە كەلمىگەنىكەنسەن ، مەنمۇ سېنى ئەقلىڭگە كەل ، دەپ زورلاپ تۇرۇۋالمايمەن . ئەمما مېنىڭچە سېنىڭ بۇ چارەڭ توغرا چارە ئەمەس .

رىستو ئۈندىمىگەن بولسىمۇ ، چىرايىدا نىيىتىدىن يانمىغانلىقىنىڭ ئىپادىسى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى .

روبېرت ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ، قوزۇقتىن شلەپىسىنى ئالدى ، ئىككىيلەن ئىشخانىنىڭ ئىشىكىگىچە بىللە باردى .

— قايتىپ بارغاندىن كېيىن ، ئىلاج بار سېنىڭ يېنىڭنى ئالىمەن ، — دەپ روبېرت چىقىپ كەتتى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى

## 34

بىزنىڭ بۇ ئالەمدە جىمىكى مەخلۇقاتنىڭ ھەرىكىتى بىرەر تەكشىلىك ياكى بىرەر دائىرىنىڭ چەكلىمىسى ئىچىدە داۋام قىلىدۇ، قۇياشنى دەۋر قىلىپ تۇرىدىغان مۇشۇ پلانېتىمىزدىكى جانلىقلارمۇ تەبىئىيكى بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. ئالايلۇق، بېلىق سۇدىن ئايرىلالمايدۇ، ئەگەر ئايرىلىدىكەن، ھالاكەتكە ئۇچرايدۇ، قۇش بېلىقلار دۇنياسىغا ئارىلىشىپ قالماسلىقى كېرەك، ئۇنداق بولمىغاندا جېنىندىن جۇدا بولۇشى تەبىئىي. گۇل تېنىدە ياشايدىغان پارازىت قۇرتلاردىن تارتىپ، دېڭىزنىڭ تېگىدە ياشايدىغان زور مەخلۇقلارغىچە كۆزىتىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى ئاشۇ دائىرىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز، قايسىبىرى ئۆزىنىڭ مۇھىتىدىن ئايرىلىشقا ئۇرۇنىدىكەن، ئۇ ھالدا ئۇنى بەختسىزلىكتىن باشقا ئاقىۋەت كۈتۈپ تۇرمايدۇ.

ئومۇمەن، كىشىلەر ئارىسىدا بۇ خىل چەكلىمە نەزەرىيىسىنىڭ تەتبىقلىنىشىنى ئانچە ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولمايدۇ. بىز ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزنى ئىدارە قىلىپ تۇرۇۋاتقان ئاشۇ قانۇنىيەتنى تېخى ئېنىق بىلىپ يەتمىگەن ھالدا، ئېنىق بىر ئۇقۇمنى شەكىللەندۇرەلمەسلىكىمىز مۇمكىن. ۋەھالەنكى، جەمئىيەتتىكى جامائەت پىكرى، ئەيىبلەش ۋە تەنقىدلەشلەر بىلىندۇرمەي خىلمۇخىل پاسىل پەيدا قىلىدۇ، بۇ پاسىللارنىڭ كۆزگە كۆرۈنمەيدىغانلىقى ئۇچۇنلا ئۇنى چىنلىق ئەمەس دەپ قارىغىلى بولمايدۇ. مەيلى ئەرلەر بولسۇن ياكى ئاياللار بولسۇن، خاتالىق ئۆتكۈزىدىغان بولسا، يەنى ئۆزلىرىنىڭ ئادەتلەنگەن ھەرىكەتلىنىش دائىرىسىنىڭ چەكلىمىسىدىن ھالقىپ كەتكەن بولسا، ئۇچار قۇشلار سۇغا غەرق بولغان ياكى ياۋايى

ھايۋانلار ئادەمزاتقا يولۇقۇپ قالغاندىكىدەك ئاقىۋەتكە دۇچار بولمىغان ، ھالاكەت ئۇنىڭغا دەررۇ يوپۇرۇلۇپ كەلمىگەن تەقدىردىمۇ ، كىشىلەرنىڭ قوشۇمىسىنى تۈرۈش ئارقىلىق تەئەججۈپلەنگىنىنى ، سوغۇققىنا ھىجىيىپ قويۇش ئارقىلىق مەسخىرە قىلىۋاتقىنىنى ، قولىنى سىلكىپ قويۇش ئارقىلىق نارازى بولۇۋاتقىنىنى ئىپادىلىشىگە دۇچ كېلىدۇ . لېكىن ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنىڭ دائىرىسى ناھايىتى ئېنىق ئايرىلغان ، كىمدەكىم ئۇنىڭدىن بىرقەدەم ھالقىيدىكەن ، ئۇ كىشىگە چوقۇم گۇناھ ئارتىلىدۇ . مەلۇم مۇھىتتا ياشاپ كەلگەن ئىنسان ، باشقا ھەرقانداق مۇھىتقا كۆنەلمەيدۇ . خۇددى قۇشقا ئوخشاش ، مەلۇم قويۇقلۇق دەرىجىسىدىكى ھاۋاغا ئۆگىنىپ قالغان بولىدۇ ، ئۇنىڭدىن ئۇستۇنرەك ياكى تۆۋەنرەك تۇرىدىغان مۇھىتتا ئارامخۇدا ھايات كەچۈرەلمەيدۇ .

رېستو ئاكىسىنى يولغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن ، دېرىزىنىڭ قېشىغا قويۇلغان ساپادا سۈكۈتكە پاتقىنىچە ، تاشقىرىدىكى قاينام تاشقىن مەنزىرىدىن كۆز ئۈزمەي بىرھازاغىچە ئولتۇرۇپ قالدى . تاشقىرىدا كۈچ ـ قۇۋۋەت ، ئۈمىد ، ئاۋاتلىق ، شاد ـ خۇراملىق بىلەن تولغان ھايات ئۆز كارتىنىسىنى يايماقتا . بۇ يەردە بولسا ، بىمەھەل چىققان شۇم قىسمەت قۇيۇنى ئۇنى ۋاقتىنچە سۈرۈپ ـ توقاي قىلماقتا . ئۇنىڭ ئىستىقبالى ۋە مۇددىئاسى بىردىنلا كۆپۈككە ئايلىنىپ قالدى . ئۇ ھېلىھەم شاد ـ خۇرام كەيپىياتتا ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى يولىنى داۋام ئەتتۈرەلەرمۇ ؟ ئۇنىڭ جېنىنى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۈشتۇمتۇت پەيدا بولغان مۇشۇ تەتۈر ئېقىمنىڭ مۇقەررەر تەسىرىگە ئۇچرارمۇ ؟ ئۆزىنىڭ ئەينى چاغلاردىكى ئائىلىسى بىلەن بولغان ھېلىقىدەك كۆڭۈللۈك مۇناسىۋىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، ئەمدى ئۇنىڭ ئائىلىسى ئۆتمۈشكە تەئەللۇق بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالدىمۇ نېمە ؟ ئەينى چاغلاردىكى مېھىر ـ مۇھەببەتلىك ھاۋادىنغۇ ئەمدى ئەسەر قالمىدى . ھېچبولمىغاندا ، دادىسىنىڭ كۆزلىرىدىكى ھەمىشە چېلىقىپ

تۇرىدىغان ، ئۇنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەيدىغان سەممىيەت ئىپادىسى ھېلىھەم بارمىدۇ؟ ئۆزىنىڭ زاۋۇت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ، ھەتتا ئىلگىرىكى تۇرمۇشىغا تەئەللۇق جىمىكى نەرسە ، لۇئىزانىڭ مۇشۇنداق ئۇشتۇمتۇت ئۇسۇپ كىرىپ قېلىشى تۇپەيلىدىن تەسىرگە ئۇچرىدى .

شۇ تاپتا رېستوننىڭ كاللىسىغا «ئەمدى يامان بولدى» دېگەن ئويدىن باشقىسى كىرمەيلا قويدى . ئويلا ـ ئويلا ، ئاخىر باش ـ ئايىغى چىقمايدىغان مەنىسىز خىياللاردىن ئۆزىنى چالغىتىپ ، ئەمەلىي چارە ئۈستىدە باش قاتۇرۇشقا ئۆتتى .

— ئەتىگەنلىكتە كلىمېن تېغىغا بېرىپ كەلمەكچى بولدۇم ، كىچىككەندىمۇ پەيشەنبىدىن قالماي مېڭىپ كېتىشىم كېرەك ، شۇنىڭغا ماغدۇرۇم بولسىلا ، — ئۆيگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن ، جېنىنىغا شۇنداق دېدى ئۇ ، — تاۋىم قېچىپلا تۇرىدۇ . ئۇ يەردە بىرنەچچە كۈن تۇرسام ، بەلكىم ئوڭشىلىپ قالارمەن .

ئەمەلىيەتتە ، ئۇ ئۆزى يالغۇز بېرىپ بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ ، ئوبدانراق ئويلىنىۋالماقچىدى . يولغا چىقىشىنىڭ ئالدىدا ، جېنى ئۇنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى رەتلەپ ، چامادانغا سېلىشىپ بەردى . رېستو كەتتى ، لېكىن ئىغىر غەم ـ غۇسسە ئىچىدە كەتتى .

ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھەپتىدە ، رېستوغا بۇ ئىشنى خىيالىدىن تەپسىلىي ئۆتكۈزۈپ چىقىشقا يېتەرلىك ۋاقىت تېپىلدى ، ئۇ ئويلىنا ـ ئويلىنا ، ئاخىر : «ھازىرچە ھېچقانداق كەسكىن ھەرىكەت قوللىنىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق» دېگەن پىكىرگە كەلدى . دېمىسىمۇ ، يەنە بىرنەچچە ھەپتە ئۆتۈپ كەتكەن تەقدىردىمۇ ، ئەھۋالدا قىلچە ئۆزگىرىش بولماسلىقى مۇمكىن . روبېرت ياكى ئائىلىنىڭ باشقا ئەزالىرىنىڭ ئەمدى يەنە كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىشى ناتايىن . ئۇنىڭ كەسىپ ئىشلىرىمۇ ئىلگىرىكى ھالىتىدە داۋام قىلىۋېرىشى مۇمكىن ، چۈنكى بۇ زاۋۇتنىڭ مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك ئىش ـ دە . ئۇنى مەجبۇرلايدىغان ۋاستىلەرگە كەلسەك ، بۇنداق ئىش ئەسلا يۈز بەرمەيدۇ . لېكىن

ئۇنىڭ بىلەن ئائىلىسىدىكىلەر ئوتتۇرىسىدا ئەسلىگە كەلتۈرگۈسىز ئارازلىقنىڭ پەيدا بولغىنى بولغان، مۇشۇنى ئويلىغىنىدا، ئۇنىڭ ئىچى سىقىلىپ كېتەتتى. «يامان بولدى، — دەيتتى ئۇ كۆڭلىدە، — ھەي يامان بولدى - دە.» شۇنداق دېگىنى بىلەن، نىيىتىدىن زادىلا يانمىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن توپتوغرا بىر يىلغىچە، بۇ خىل ئوڭايسىز ھالەت داۋام قىلىنۋەردى. رېستو ئالتە ئايغىچە ئائىلىسىگە قايتمىدى، كېيىن بىر قېتىم مۇھىم كەسپىي يىغىن ئېچىشقا توغرا كېلىپ، ئۇنى چاقىرتىپ ئاپىرىشتى. ئۇ ئائىلىسىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن، خۇددى ھېچقانداق ئىش يۈز بەرمىگەندەك، ئۆزىنى ناھايىتى بىمالال تۇتتى. ئايپىسى ئۇنى مېھىر بىلەن سۆيۈپ قويدى، ئەمما ئۇياقىنىڭ كۆڭلى سەل يېرىم ئىدى؛ دادىسى ئۇنىڭ بىلەن ئىلگىرىكىدەكلا سەمىمىي قول سىقىشىپ كۆرۈشتى؛ روبېرت، لۇئىزا، ئامى، ئىموگېنلار ئۇنى ئەپۇ قىلىدىغانلىقىنى ئاغزىدا دېمىگىنى بىلەن، ھەممەيلەن ھېلىقى ئىشنى ئۇنتۇپ كېتىش ئارزۇسىدا ئىدى. شۇنداقتىمۇ رېستوغا ئائىلىسىدىكىلەر ئۆزىدىن يىراقلىشىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلدى، بۇنداق تۇيغۇ ئۇنى مەھكەم بەند قىلىۋالدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئۇ ئائىلىسىگە بېرىشتىن ئۆزىنى ئىلاج بار تارتىدىغان بولدى، ئاندا - ساندا بىر سەپەر چىقىپ قالغان تەقدىردىمۇ، ئۇزاق - ئۇزاقتا بىر باراتتى.

## 35

مۇشۇ كۈنلەردە، جېنىنى ئەخلاق جەھەتتىكى قىيىن ئۆتكەلنى بېشىدىن ئۆتكۈزمەكتە ئىدى. رېستونىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ پوزىتسىيىسى ئۇنى قاتتىق ئازابقا سالغاندىن باشقا، ئۇ بۇ دۇنيانىڭ ئۆزگە تۇتقان پوزىتسىيىسىنى تۇنجى قېتىم تونۇپ يەتتى. ئۆزىنىڭ بۇزۇق ئايال ھېسابلىنىدىغانلىقى ئۇنىڭغا مەلۇم بولۇپ قالدى.

ئۇنىڭغا ئىلگىرى مۇھتىنىڭ بېسىمىنى يېڭىشكە ئىككى مەرتەم پۇرسەت يارىتىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ باشقىچە چارە بىلەن كۆرەش قىلىپ ئاۋارە بولۇپ يۈرۈپتۇ. ئۇنىڭدا نېمىشقىدۇر مۇ كۈچلۈكرەك غەيرەت بولمايدىغاندۇ! ئۇ نېمە ئۈچۈن ھەمىشىلا ۋەھىمە تۈيغۇسىغا چىرمىلىپ ئۆتىدىغاندۇ؟ نېمىشقا توغرا يولدا مېڭىشقا بەل باغلىيالمايدىكىنە! رىستوغۇ ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن ھەرگىزمۇ توي قىلمايدۇ. دېمىسىمۇ، نېمىدەپ ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشى كېرەك ئىكەن؟ ئۇ رىستونى سۆيىدۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كېتىشكىمۇ چىدىيالايدۇ، چۈنكى ئۇ رىستونىڭ غېمىنى يېگەچكە، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كەتكىنىم تۈزۈكرەك دېگەن قارارغا كېلىۋاتىدۇ. مۇبادا، ئۇ كلېۋېلاندقا قايتىپ كەتسە، دادىسى ئۇنىڭ بىلەن بىرگە تۇرۇشقا ئۇناپ قېلىشى مۇمكىن. قىزنىڭ ئاخىر قائىدە - يوسۇنلۇق ئادەم بولۇپ چىققىنىنى كۆرسە، قىزىنى نەزىرىگە سىغدۇرۇپ قالسىمۇ ئەجەب ئەمەس. لېكىن، رىستودىن ئايرىلىپ قېلىشنى ئويلىغىنىدا، جېنىنى قورقۇنچ چۇلغىۋالاتتى، چۈنكى رىستو ئۇنىڭغا شۇ قەدەر ھىممەت كۆرسىتىپ كېلىۋاتىدۇ - دە. دادىسىنىڭ ئۇنى ئۆيىدە تۇرغۇزۇشقا ئۇنايدىغان ياكى ئۇنىمايدىغانلىقىغا ئۆزىمۇ كېسىپ بىرنېمە دېيەلمەيتتى.

لۇئىزانىڭ ھېلىقى تراگېدىيىلىك زىيارىتىدىن كېيىن، ئاندىن ئۇنىڭ ئەقلىگە پۇل توپلاش كەلدى - دە، رىستو بەرگەن خىراجەتتىن ئاز - تولا زىغزىق چىقىرىۋېلىشقا باشلىدى. رىستو ئەزەلدىن مەرد بولغاچقا، جېنىنى ھەر ھەپتىدە ئائىلىسىگە ئون بەش دوللار ئەۋەتىپ تۇراتتى. بۇ ئۇلارنىڭ دائىملىق خەج - خىراجىتى ئىدى، ئۇلارغا مۇشۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق كىرىم كىرمەيتتى. ھازىر ماۋۇ ئۆيدە تاماق خىراجىتى ئۈچۈن يىگىرمە دوللار كېتىدۇ، چۈنكى رىستو ھەممىنىڭ تولۇق بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. مېۋە - چېۋە، كۆكتات، قوشۇمچە يېمەكلىك، ھاراق — بۇلارنىڭ بىرەرى كەم بولسا بولامدۇ؟ ئۆي ئىجارىسىگە ئەللىك بەش دوللار كېتىدۇ، ئۇستىباش ھەم پارچە - پۇراتلارغا كېتىدىغان خىراجەتنىڭ

ئېنىق ھېسابى يوق . رىستو ھەر ھەپتىدە ئۇنىڭغا ئەللىك دوللار بېرەتتى ، بۇ پۇل كىيىمىمەي ، ئاشماي دەل يېتەتتى . ئۇ ئىلگىرى ئاز ـ تولا تېجەپ قېلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ ، كېيىن يەنە بۇنداق قىلىشنى ئانچە راۋا كۆرمىگەن ، كۆڭلىدە : پۇلنى ئۆزۈم تۇتقان چاغلىرىمدا ئاياپ ـ قىسىپ ئولتۇرغۇچە ، كەڭ ـ كۇشادە خەجلىۋالاي ، شۇنداق قىلسام ئاندىن ھالال ئىش قىلغان بولىمەن ، دەپ ئويلىغانىدى .

لۇئىزا كېلىپ كەتكەندىن كېيىن ، ئۇ بۇ ئىشنى ئۇدا بىرنەچچە ھەپتە ئويلاندى ، ئاھ ، ئۇنىڭدا گېپىنى غاچ ـ غۇچلا دەۋالغۇدەك ياكى كەسكىن ھەرىكەت قوللانغۇدەك غەيرەت بولغان بولسىدى كاشكى . رىستوغۇ ئەزەلدىن كەڭ قورساق ، ئۇنىڭغا ناھايىتى ئوبدان مۇئامىلە قىلىپ كېلىۋاتىدۇ . شۇنداقتىمۇ بەزىدە ئۇنىڭغا خۇددى رىستو ئۇنى ئاۋۋال ئىغىز ئېچىپ ، كۆڭلىدىكىنى ئېيتىۋەتسىكەن ، دەپ كۈتۈپ تۇرغاندەك تۇيۇلاتتى . رىستو مەسىلىلەرنى بەكمۇ ئىنچىكىلىك بىلەن ئويلاتتى ، ئالدىراپ ئىپادە بىلدۈرۈپ كەتمەيتتى . ئەمما لۇئىزا جىدەللىشىپ كېتىپ قالغاندىن كېيىن ، جېننىغا رىستو ئىلگىرىكىگە ئانچە ئوخشاشماي قېلىۋاتقاندەك بىلىنىشكە باشلىدى . ئۇ رىستوغا ئۆزىنىڭ بۇنداق تۇرمۇشقا رازى ئەمەسلىكىنى ئېيتىپ ، ئاندىن ئۆيدىن چىقىپ كېتىشنىمۇ خىيالىغا ئەكېلىپ باقتى . بىراق ، ئەينى چاغدا رىستو ۋىستانى بىلىپ قالغاندا ، جېننىغا ئۇنىڭ نىمە ئويلاردا بولۇۋاتقىنىغا ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمەيدىغانلىقىنى ، چۈنكى بۇ بالا ئىككىسىنىڭ توي قىلىشىغا مەڭگۈ توسالغۇ بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئېيتقان ، رىستونىڭ ئۇنى ھازىرغىچە تاشلىۋەتمەي يۈرۈۋاتقىنى باشقا سەۋەبتىن بولۇۋاتقان ئىش . رىستو گەپ قىلغاندا ئاۋازى ناھايىتى چىڭ چىقاتتى ، جېننى ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلىشىشكە جۈرئەت قىلالمايتتى . شۇڭا ئۇ ئۆزى ئاۋۋال ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ ، رىستوغا سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ خەت تاشلاپ قويۇش قارارىغا كەلدى . شۇنداق بولغاندا ، رىستو ئۇنىڭ ئۆيىنى

چۈشىنىپ ، ئۇنى ئەپۇ قىلىۋېتىشى ، ئۇنىڭ بىلەن تالاش ـ تارتىش قىلىپ يۈرمەسلىكى مۇمكىن .

مۇشۇ مەزگىلدە ، گېرخاردتىنىڭ ئائىلە ئەھۋالىدىمۇ ھېچقانداق ئىلگىرىلەش بولمىدى . جېننى كەتكەندىن كېيىن ، مادا توي قىلدى . ئۇ كلېۋېلاندتىكى ھۆكۈمەت قارىمىقىدىكى مەكتەپتە ئوقۇپ يۈرۈپ ، بىر ياش ئارختېكتور بىلەن تونۇشۇپ قالغانىدى ، چاي ئىچۈرۈلۈپ ئۇزاق ئۆتمەيلا توي قىلىۋالدى . ئۇ بۇرۇندىنلا ئۆز ئائىلىسىدىن نومۇس قىلىپ يۈرەتتى ، ئەمدىلىكتە بۇ يېڭى تۇرمۇش باشلانغاندىن كېيىن ، ئائىلىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۈزۈشكە ئالدىراپ كەتتى . توي كۈنلىرىگە ئاز قالغاندا ، ئاندىن ئائىلىسىدىكىلەرگە ئۇقتۇردى ، جېننىغىمۇ خەۋەر قىلىپمۇ قويمىدى ، كېيىن توي مۇراسىمىغا باس بىلەن گېئورگىنىلا تەكلىپ قىلدى . گېرخاردت ، ۋېرونىكا ۋە ۋىلياملار ئۇنىڭ ئۆزلىرىنى بۇنچىلىك كەمسىتكىنىدىن خېلى قاتتىق رەنجىدى . گېرخاردت ھېچنېمە دېمىدى ، چۈنكى ئۇ بۇنداق كۆڭۈلسىزلىكلەر-نى بېشىدىن تولا ئۆتكۈزگەن ـ دە . ۋېرونىكانىڭ راستىنىلا ئاچچىقى كەلدى . ئۇ بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى پەيتىنى تېپىپ دەردىنى چىقىرىۋېلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويدى . ۋىليام بۇ ئىشنى ئانچە ئېغىر ئېلىپ كەتمىدى . ئۇنىڭ ئەس ـ يادى ئېلېكتر ئىنژېنېرى بولۇشتا ئىدى ، چۈنكى ئوقۇتقۇچىسى ئۇنىڭغا : بۇ ناھايىتى ئىستىقباللىق كەسىپ ، دېگەنىدى .

جېننى مادانىڭ توي قىلغانلىقىدىن كېيىنچىرەك خەۋەر تاپتى ، بۇ خەۋەرنى ۋېرونىكا ئۇنىڭغا يازغان خېتىدە يەتكۈزگەنىدى . جېننى ئۆز كۆڭلىدە تەبىئىي خۇشال بولدى ، بىراق مۇشۇنىڭدىن ، ئاكا ـ ئۇكا ، ئاچا ـ سىڭىل ھەممەيلەننىڭ ئۇنىڭدىن يىراقلىشىپ كەتكەنلىكىنى چۈشەندى .

مادا توي قىلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ، ۋېرونىكا بىلەن ۋىليام گېئورگىنىڭ قېشىغا بېرىۋالدى ، بۇنىڭغا گېرخاردتىنىڭ مىجەزىنىڭ ئوساللىقى سەۋەب بولدى . ئايالىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ،

ئۇ باشقا بالىلىرىنىڭمۇ بىر - بىرلەپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىشۋاتقىنىغا قاراپ، روھىي چۈشكۈنلۈككە پېتىپلا قالغانىدى. تېخى ئەمدىلا ئاتمىش بەش ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىگە ئۆمرى ئاخىرلىشىشقا ئاز قېلىشۋاتقاندەك بىلىنەتتى. ئۇ ئىلگىرىكى چاغلىرىدىكى ھېلىقىدەك جاھان سەۋدالىرىدىن ئەمدى تامامەن قول ئۈزگەنىدى. ئۇ سىياستئون، مادا، گېئورگىنىڭ ئۆز يېنىدىن بىر - بىرلەپ كېتىپ قېلىشقىنىغا قاراپ، ئۆزىنىمۇ ھېسابتىن چىقىرىپ قويىدى - دە، ئائىلىنى تەمىنلىگۈدەك پۇلنىڭ غېمىنى قىلماي، جېننى ئەۋەتىپ تورۇۋاتقان پۇلغا تايىنىپ كۈن كەچۈرۈشكە باشلىدى. ۋېرونىكا بىلەن ۋىليام جېنىدا ئۇنىڭدىن نارازى ئىدى. ئۇلارنىڭ مەكتەپتىن چىكىنىپ بىرەر ئىش تېپىپ ئىشلىگۈسى يوق. دېمەك، ئۇلارمۇ گېرخاردت «ھارام» دەپ كېلىشۋاتقان ئاشۇ پۇلغا تايىنىپ كۈن كەچۈرۈپ يۈرۈشى كېرەك ئىدى. ھازىر بوۋاي جېننى بىلەن رېستونىڭ ھەققىدە مۇناسىۋىتىدىن خېلىلا رازى. دەسلەپكى چاغلاردىغۇ، بۇلارنىڭ توي قىلغانلىقىغا ئىشىنىپلا قالغانىدى. بىراق، رېستونىڭ جېننىنى ئۇزاق مەزگىل تاشلاپ كېتىپ قېلىشلىرى، ئۇنى ئادەم قاتارىدا كۆرمەي، ئۆزى بىلەن بىرگە ھېلى ئۇ شەھەرگە، ھېلى بۇ شەھەرگە بېرىشقا مەجبۇر قىلىشلىرى، يەنە تېخى جېنىنىنىڭ ئۇنىڭغا ۋىستا توغرۇلۇق ئېغىز ئېچىشقا جۈرئەت قىلالماي كەلگىنى — مانا بۇلار رەسمىي توي قىلغانلىقىنىڭ ئالامىتىگە ھېچ ئوخشاشمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، جېننى توينى ئۆز ئائىلىسىدە ئۆتكۈزمىدى. بوۋاي ئۇنىڭ توي خېتىنى كۆرۈپمۇ باققان ئەمەس. بەلكىم ئۇ بۇ يەردىن كەتكەندىن كېيىن توي قىلغان بولۇشى مۇمكىن، شۇنداقتىمۇ بوۋاي يەنىلا ئىشەنچ قىلالماي يۈردى.

ھەممىدىن يامىنى، گېرخاردتنىڭ روھىي كەيپىياتى كۈندىن - كۈنگە چۈشكۈنلىشىپ، مىجەزىمۇ كۈندىن - كۈنگە يامانلىشىپ كېتىشۋاتقاچقا، ياشلارنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە تۇرۇشقا رىغبىتى قالمىدى. بۇ خىل ھالەتنى ۋېرونىكا بىلەن

ۋىلىيامىۇ ھېس قىلىپ يەتتى . مادا كېتىپ قالغاندىن كېيىن ، پۇلنى گېرخاردت ئۆزى تۇتىدىغان بولۇۋالدى ، بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئاچچىقى راسا كەلدى . ئۇ بالىلىرىنى «ئۇستىماش بىلەن كۆڭۈل ئېچىش بۇيۇملىرىغا پۇلنى جىق خەجلىۋېتىپ بارىسىلەر» دەپ ئەيىبلەيتتى ، يەنە «كىچىكرەك ئۆي تېپىپ ئولتۇرۇپ ، جېنىنى ھەر ئايدا ئەۋەتىپ بېرىۋاتقان پۇلدىن بىرئاز تېجەپ قالايلى» دېگەن گەپنى چىقاردى ، ئۇنىڭ غەرىزى زادى نېمە ئىكەنلىكىنى بالىلىرى ھېچ چۈشىنەلمىدى . ئەمەلىيەتتە گېرخاردتنىڭ كۆڭلىگە كىرىپ چىققۇدەك بولسا ، ئۇ پۇلنى تېجەپ قىلىپ ، كېيىنكى چاغلاردا جېنىنىغا قايتۇرۇپ بەرمەكچىدى . بۇ بۇنداق تۇرمۇشنى گۇناھ دەپ قارايتتى ۋە مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن ئۆز گۇناھىنى يۇماقچىدى . ئۇ : «بالىلىرىم ناۋادا قولۇمغا قول ، پۇتۇمغا پۇت بولغان بولسا ، قىزىغىنىمدا قىزىمنىڭ نەپىقىسىگە تايىنىپ كۈن كەچۈرۈپ يۈرمەس ئىدىم ، گەرچە قىزىم نۇرغۇن ياخشى پەزىلەتكە ئىگە بولسىمۇ ، ئەمما ئۇنىڭ تۇرمۇشى ھالاللىق بىلەن ئۆتمەيۋاتىدۇ ، مانا بۇ پاكىت ـ دە» دەپ ئويلايتتى . مۇشۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ، ئاتا بىلەن بالىلار ئوتتۇرىسىدا پات ـ پاتلا جېدەل چىقىپ قالىدىغان بولدى .

بۇ جېدەل ـ ماجىرالارنىڭ ئايىغى قىشنىڭ مەلۇم بىر كۈنلىرىگە بېرىپ ئاندىن جىمىدى . ئەسلىدە گېئورگى ئىنى ـ سىڭىللىرىنىڭ ئۆيدىن ئاغرىنىپ يۈرگىنىنى ئاڭلاپ ، ئۇلارنى ئىش تېپىپ ئىشلەش شەرتى بىلەن ئۆزىنىڭ قېشىغا كېلىپ تۇرۇشقا چاقىرتىۋالغانىدى . گېرخاردت باشتا سەل گاڭگىراپ قالدى ، كېيىن ئۇلارنىڭ كېتىشىگە ماقۇللۇق بىلدۈرۈپلا قالماستىن ، يەنە ئۇلارغا : ئۆي سەرەمجانلىرىنىمۇ كۆچۈرۈپ كېتىڭلار ، دېدى . بالىلار دادىسىنىڭ بۇنچىلىك مەرد بولۇپ كەتكىنىگە قاراپ بىرئاز خىجىل بولدى ـ دە ، يالغاندىن ئۇنى ئۆزلىرى بىلەن بىرگە تۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ قويدى ، بىراق ئۇ باراتتىمۇ ؟ بالىلار كەتكەندىن كېيىن ، ئۇ ئۆزى ئىلگىرى كېچىسى قاراۋۇللۇق قىلغان ھېلىقى

زاۋۇتنىڭ نازارەتچىسىنى ئىزدەپ بېرىپ ، ئۇنىڭدىن ئۆزى يېتىپ تۇرۇشقا بالىخانىدىن بىر ئېغىز ئۆي بېرىپ تۇرۇشىنى ئۆتۈنمەكچى بولدى . نازارەتچى ئۇنىڭغا ئەزەلدىن ئىشىنىدىغان ، ئېھتىمال ئۇنىڭ ئۆتۈنۈشىنى رەت قىلماسلىقى مۇمكىن . ئۇنىڭ ئۇستىگە ، مۇشۇنداق قىلغاندا ئاز - تولا پۇل تېجەپ قالغىلىمۇ بولىدۇ - دە .

ئۇ ئاچچىقىغا پايلىماي ، ئاخىر دېگىنىدەك قىلدى . شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ، باشقا جايلىرىدا قاينام تاشقىنلىقتا چۆمگەن هايات دەۋر سۈرۈۋاتقان بۇ شەھەرنىڭ قاقاس بىر بۆلىكىدە ، ياشىنىپ قالغان بىر كىشى كېچىنىڭ جاندىن ئۆتىدىغان سوغۇقىغا قارىماي ، كېچىلىك قاراۋۇللۇقتا تۇرۇشقا باشلىدى . ئۇ زاۋۇتنىڭ يېنىغا جايلاشقان مال ئامبىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى قەۋىتىدىكى شامالدىن دالدىلانغىلى بولىدىغان بىر بۆلۈكنى ئۆزىگە ماكان قىلىۋالدى . كۈندۈزى شۇ يەردە ئۇخلاپ ئارام ئالاتتى . چۈشتىن كېيىن سىرتقا چىقىپ ئۇ يەر - بۇ يەرنى ئايلىناتتى ياكى شەھەرنىڭ ئاۋات مەركىزىگە بېرىپ كېلەتتى ياكى بولمىسا دەريا ، كۆل بويلىرىغا بېرىپ سەيلە قىلىپ كېلەتتى . مۇشۇنداق چاغلاردا ، ئادىتى بويىچە ئىككى قولىنى كەينىگە تۇتۇپ ، قوشۇمىسىنى تۈرگىنىچە چوڭقۇر خىياللارغا پاتاتتى . گاھى چاغلاردا ئۆزىگە ئۆزى غودۇڭشىپ سۆزلەپمۇ قوياتتى ، بەزىدە ئۇنىڭ «خۇدا بىلىدۇ» ، «ئەسلى مۇنداق ئىكەن - دە» دەۋاتقىنى كىشىلەرنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ قالاتتى ، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ يۈرىكى نەقەدەر ھەسرەتكە چۆمگەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى . گۈگۈم چۈشۈشى بىلەنلا ، ئۇ دەررۇ قايتىپ كېتىپ ، زېرىكىشلىك دەرۋازا تۈۋىدە پوستتا تۇراتتى ، بۇ يەر ئۇنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش جايى ئىدى . ئۇ قورسىقىنى يېقىن ئەتراپتىكى بىر ئىشچىلار ئاشخانىسىدا باقاتتى ، شۇنداق قىلىپ ، ئىلاجى بار خىراجەتنى تېجەپ يۈردى .

بۇ مەزگىللەردە ، بۇ نېمىس بوۋاينىڭ ئوي - پىكرى ئادەتتىن تاشقىرى سىرلىق ھەم قايغۇلۇق تۈس ئالغانىدى . هايات دېگەن زادى نېمە؟ مۇشۇنداق كۈرەش قىلىش ، ھەسرەت چېكىش ،

www.uyghurkitap.com

ئازابلىنىشلارنىڭ ئاقىۋىتى زادى نېمە بولار؟ بۇلارنىڭ ئاخىرقى ماكانى قەيەردۇ؟ ئادەم ھامىنى ئۆلىدىكەن، ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭدىن ھېچقانداق نام ـ نىشان قالمايدىكەن. مانا ئۇنىڭ ئايالى ئۆلۈپ كەتتىغۇ، ئۇنىڭ روھى قەيەرگە سەپەر قىلىپ كەتكەندۇ؟

لېكىن ئۇ ھېلىھەم قويۇق دوگماتىزم تۇسىنى ئالغان ئېتىقادىنى ساقلاپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇ دوزاخنىڭ بارلىقىغا، گۇناھ ئۆتكۈزگەن بەندىلەرنىڭ دوزاختا مەھكۇم بولىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئۇنداقتا ئۇنىڭ ئايالىنىڭ ھالى نېمە بولغاندۇ؟ جېنىنىڭ ھالى نېمە بولاركىن؟ ئۇ بۇ ئىككىيلەننى ئىلگىرى ئېچىنىشلىق گۇناھ ئۆتكۈزگەن دەپ قارايتتى. ئۇ ئىنساپلىق كىشىلەرنىڭ جەننەتتە ئىنئاملارغا ئېرىشىدىغىنىغىمۇ ئىشىنەتتى. ئەمما شۇ ئىنساپلىق كىشى كىمدۇ؟ ئايالىنىڭ كۆڭلىغۇ يامان ئەمەس ئىدى. جېنىمۇ ئاق كۆڭۈل بالا. ئوغلى سىباستىئوننى ئالىدىغان بولساق، ئۇغۇ ئەسلىدە بىر ئوبدانلا بالا ئىدى، شۇنىسى بەك تاش يۈرەك بولۇپ چىقتى، ئۆز دادىسىغىمۇ شۇنچىلىك باغرى قاتتىقلىق قىلىۋاتىدۇ. ماداچۇ، ئۇ كۆڭلى قارا بالا بولدى، ئۆزۈملا بولسام دەيدۇ. جېنىدىن باشقا باللىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۆزىنىڭلا غېمىدە يۈرىدۇ. مادا ئۆز خىيالىدا: ئۆزۈم تاپقان پۇلنىڭ ھەممىسىنى ئۆزۈم خەجلىشىم كېرەك، دەپ ئويلايدۇ. باس توي قىلىپ بولۇپلا كېتىپ قالدى، شۇنىڭدىن بېرى ھېچكىمگە ياردىمى تەگكەن ئەمەس. گېئورگى بىر مەزگىل ئۆيىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ يۈرگەنىدى، كېيىن بېرىپ ئۇمۇ ئۆزىنى چەتكە تارتتى. ۋېرونىكا بىلەن ۋىلىيام ئەگەر دادىسى رۇخسەت قىلىدىغانلا بولسا، جېنىنىڭ پۇلىغا تايىنىپ جان بېقىشقا رازى. لېكىن ئۇلارمۇ بۇنداق قىلىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى بىلىدۇ. قارىغاندىزە، ئۇنىڭ بۇ قېرى جېنى باللىرىنىڭ شەخسىيمەنپەئەتپەرەسلىكىنىڭ بىر خىل ئىنئاھاتى بولۇپ قالغان ئوخشىمامدۇ؟ ئۇنىڭ يېشى خېلى بىر يەرگە باردى. مۇشۇلارنى ئويلىغىنىدا، ئىختىيارسىز بېشىنى چايقاپ قويدى. راستىنلا سىر

ئىچىدىكى سىر ـ دە بۇ ! ھايات ھەقىقەتەنمۇ ئاجايىپ ـ غارايىپ ، زۇلمەتلىك ، تۇراقسىز ئىكەن . بىراق ئۇ ھېچقايسى پەرزەنتى بىلەن بىرگە تۇرۇشنى خالىمايتتى . جېنىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەرزىمەس بولۇپ قالغان ، لېكىن جېنىنىمۇ ئەسكى . مۇشۇلارنى خىيال قىلغىنىدا ، ئۇ ھەسرەت قايىنىمىغا چۆكۈپ كەتتى .

بۇ ئىچىنىشلىق ئەھۋالدىن جېنىنى خېلى ۋاقىتلارغىچە خەۋەرسىز يۈردى . ئۇ ئادەتتە مادا بىلەن خەت ئېلىشىپ يۈرەتتى ، مادا توي قىلىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ، ئۇ دادىسى بىلەن بىۋاستە خەت يېزىشىدىغان بولغان . كېيىن ۋېرونىكامۇ كېتىۋىدى ، گېرخاردت جېنىنىغا : ئەمدى پۇل ئەۋەتمە ، دەپ خەت يازدى . ئۇ خېتىدە ۋېرونىكا بىلەن ۋىلىيامنىڭ گېئورگىنىڭ قېشىغا بېرىۋالغانلىقى ، ئۆزىنىڭ زاۋۇتتىن بىر ئۆيدان ماكان تېپىۋالغانلىقى ، شۇ يەردە بىر مەزگىل تۇرماقچى بولغانلىقى ، جېنىنىغا تېجەپ قېلىنغان بىر يۈز ئون بەش دوللارنى قايتۇرۇپ ئەۋەتىۋەتكەنلىكىنى ئېيتىپ ، ماڭا ئەمدى پۇلنىڭ لازىمى يوق ، دەپ يازغانىدى .

جېنىنى ئىشنىڭ تەپسىلاتىدىن خەۋەرسىز بولسىمۇ ، لېكىن باشقىلارنىڭ خەت يازمىغىنىغا قاراپ — دادىسىنىڭ پوزىتسىيىسى ئەسلىدىمۇ شۇنداق قاتتىق ئىدىغۇ — ھېچ ئىش يۈز بەرمىگەندۇ دەپ ئويلىغانىدى ، كېيىن ئىنچىكە ئويلىۋىدى ، بۇنىڭدا جەزمەن بىرەر سەۋەب بارلىقىنى ، ئائىلىدە بىرەر ئەھۋال يۈز بەرگەنلىكىنى سېزىۋالدى ـ دە ، بىر دىنلا جىددىيلىشىشكە باشلىدى ، «رېستودىن دەرھال ئايرىلىپ كېتىپ دادامنىڭ قېشىغا بارايمۇ ياكى ئۇنىڭدىن مەيلى ئايرىلاي ، مەيلى ئايرىلماي ، ئاۋۋال دادامنى بىر يوقلاپ كېلەيمۇ» دېگەن پىكىردە ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى . دادىسى بۇ يەرگە كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە تۇرۇشقا ئۇنارمۇ ؟ ھازىرقىدەك ئەھۋالدا ئۇ چوقۇم كەلمەيدۇ . ئەگەر جېنىنى توي قىلغان بولسا ، ئۇ ھالدا كېلىشى مۇمكىن ئىدى . ناۋادا جېنىنى ئۆزى يالغۇز

تۆرۇۋاتقان بولسا ، دادىسىنىڭ كېلىشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن . بىراق ئۇ ئوبدانراق بىرەر ئىش تېپىۋالمىسا ، تۇرمۇشنى قامداش خېلى تەسكە توختايدۇ . ئەينى چاغدىكى كونا مەسىلە يەنە تەكرارلاندى . قانداق قىلىش كېرەك ؟ ئۇ ئاخىر ھەرىكەتلىنىش قارارىغا كەلدى . ھەپتىسىگە بەش ـ ئالتە دوللار تاپالىسىلا كۈنىنى ئېلىپ كېتەلىشى مۇمكىن . گېرخاردت تېجەپ قالغان بۇ بىر يۈز ئون بەش دوللار بەلكىم بۇلارنىڭ ئەڭ زور قىيىنچىلىق ئۆتكەلىدىن ئۆتۈۋېلىشىغا ئەسقېتىپ قالار .

## 36

جېننىنىڭ بۇ پىلانىنىڭ چاتاق يېرى شۇكى ، ئۇ رېستوننىڭ پوزىتسىيىسىنى كاللىسىدىن ھەقىقىي ئۆتكۈزۈپ باقمىغانىدى . رېستو راستىنى ئېيتقاندا ، ئۇنىڭغا قىيالمايتتى ، ئەمما ئۇ ئۆزى ياشاپ كەلگەن ئاشۇ ئەنئەنىۋى دۇنيانىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرىگە چىرمىلىپ قالغان . ئۇ جېننىنى ئۇنىڭ ياخشى ياكى يامان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، بەرىبىر ياخشى كۆرىدۇ دېسەك ياكى بولمىسا ، ئۇ جېننىنىڭ ھازىرقى ئوڭايسىز ئەھۋالىنى قانۇنلاشتۇرۇپ ، ئۆزىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك لايىق تېپىۋالغانلىقىنى خەلقئالەم ئالدىدا ئاشكارا ئېتىراپ قىلىدۇ ، دېسەك لاپ بولار ، لېكىن ئۇ جېننىغا ھەقىقەتەنمۇ قىيالمايدىغان بولۇپ قالغانىدى ، بولۇپمۇ بۇ ئاي ، بۇ كۈنلەردە ، ئۇ جېننىدىن مەڭگۈگە ئايرىلىپ كېتىشنى خىيالىغا كەلتۈرىدىغاندەك ئەمەس ئىدى .

مۇشۇ ياشقا كەلگەن رېستوننىڭ ئايال زاتىغا بولغان كۆزقارىشى ئۆزگەرمەس بولۇپ مۇقىملىشىپ قالغانىدى . ئۇ تا مۇشۇ كەمگىچە ، ئۆزىنىڭ تەبىقىسىدىن ، ئۆز دائىرىسى ئىچىدىن جېننىغا ئوخشاش ئۇنىڭدا مۇھەببەت ئۇرغۇتالىغان بىرەرىنى ئۇچرىتىپ باقمىغانىدى . جېننى مۇلايىم ، ئەقىللىق ، نازاكەتلىك ، ئۇنىڭ جىسمى

ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدىغان ئايال؛ ئۇ يەنە جىنىغا جەمئىيەتتە قەدىر - قىممەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن زورۇر بولغان خىلمۇخىل قائىدە - يوسۇنلارنى ئۆگەتتى، شۇڭا جىنى ئۇنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك ئەسراسى بولۇپ قالدى. رېستو ئۆزىنى بەھۇزۇر سېزەتتى، قانائەت ھېس قىلاتتى، بۇنىڭدىن باشقا يەنە نېمە كېرەك؟

بىراق، جېنىنىڭ خاتىرجەمسىزلىكى كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىپ بارماقتا ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئوي - پىكىرلىرىنى يېزىپ چىقىشقا ئۇرۇنۇپ باقتى. باشتا ھېچ قاملاشتۇرالمىدى، قىرىشىپ يۈرۈپ، بىرمۇنچە قەغەزنى ئىسراپ قىلىۋەتكەندىن كېيىن، ئاخىر ھېس - تۇيغۇلىرىنىڭ بىر قىسمى ئىپادىلەنگەن ئۇزۇن بىر پارچە خەتنى يېزىپ پۈتتۈردى. خەتنىڭ تولۇق تېكىستى مۇنداق ئىدى:

«سۆيۈملۈكۈم رېستو:

بۇ خەتنى تاپشۇرۇۋالغان چېغىڭىزدا، ئېھتىمال مەن بۇ يەردە بولماسمەن، سىزنىڭ مېنى ئوپۇل - توپۇللا ئەيىبلىمەستىن، بۇ خەتنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن بىرنېمە دېيىشىڭىزنى ئۈمىد قىلاتتىم. مەن ۋىستانى ئېلىپ كېتىپ قالدىم، ئويلىسام - ئويلىسام، كەتكىنىم توزۇك ئىكەن. رېستو، مەن مۇشۇنداق قىلمىسام بولمايتتى. ئۆزىڭىزمۇ بىلىسىز، ئەينى ۋاقىتتا، سىز مېنى ئۇچرىتىپ قالغان مەزگىللەردە ئائىلىمىز تولىمۇ نامرات ئىدى، شۇ چاغلاردا مەن: مۇشۇ ھالىم بىلەن مېنى ئالىدىغان بىرەر ياخشى ئادەم چىقمىسا كېرەك، دەپ ئويلايتتىم. كېيىن سىز بىلەن تونۇشۇپ قالدىم، مېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭىزنى ئېيتقىنىڭىزدا، مەن نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەيلا قالغانىدىم. لېكىن، رېستو، سىز مېنى ئۆز ئىختىيارىمغا قويماي، سىزنى ياخشى كۆرۈشكە قىستىدىڭىز.

مېنىڭ سىزگە: «مەن ئەمدى خاتا ئىشنى قىلسام

بولمايدۇ ، دەپ ئېيتقىنىم ، يەنە «مەن ئەسكى» دېگىنىم يادىڭىزدا بولسا كېرەك . ئەمما نېمىشقىدۇ ، سىز ماڭا يېقىنلاشقان چاغدا ، مەن ھېچبىر قارارغا كېلەلمىدىم ، سىزدىن ئۆزۈمنى قانداق قىلىپ قاچۇرۇشۇمنىمۇ بىلەلمىدىم . ئۇ چاغلاردا دادام ئۆيدە ئاغرىپ ياتاتتى ، ئۆيدە يېگۈدەك نەرسە قالمىغانىدى . ھەممىمىز پاراكەندە بولۇپ كەتكەنىدۇق . ئىنىم گېئورگىنىڭ پۇتىغا كىيگۈدەك كەشى بولمىغاچقا ، ئاپام بەك دىلخەستە بولۇپ يۈرگەنىدى . مەن يېقىنىڭىياقى پات - پات شۇنى ئويلاپ قالىدىغان بولدۇم ، رېستو ، ئەگەر ئاپام ئاشۇنچىۋالا سەدپارچىلىكنى تارتمىغان بولسا ، بەلكىم ھازىرغىچە ھايات يۈرگەن بولۇشى مۇمكىن ئىدى . ئەينى ۋاقىتتا مەن سىزنىڭ مېنى ياقتۇرىدىغان - ياقتۇرمايدىغانلىقىڭىزنى بىلمەيتتىم ، مەن بولسام سىزنى چىن دىلىمدىن ياقتۇرۇپ قالغانىدىم — سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغانىدىم ، رېستو — ئېھتىمال بۇنىڭ ئۆزۈم بىلەن ئانچە مۇناسىۋىتى بولمىسا كېرەك . سىزنىڭ شۇ چاغدا ماڭا ئائىلىمىزگە ياردەم قىلىشنى خالايدىغانلىقىڭىزنى ئېيتقىنىڭىز بەلكىم ئېسىڭىزدىدۇر ، مەن : بۇمۇ بولىدىغان ئامال ، دېگەن ئويغا كەلگەنىدىم . بىز شۇنچىلىك دەھشەت نامرات ئىدۇق .

رېستو ، سۆيۈملۈكۈم ، مەن سىزدىن مۇشۇنداق ئايرىلىۋاتقىنىم ئۈچۈن ئالدىڭىزدا خىجىلمەن ؛ مېنىڭ بۇ قىلمىقىم تازىمۇ رەزىللىك ھېسابلانسا كېرەك ، بىراق سىز مېنىڭ مۇشۇ بىرنەچچە كۈندىن بۇيانقى ھېس - تۇيغۇلىرىمدىن خەۋەر تاپقان بولسىڭىز ، مېنى ئەيىپ قىلمىغان بولاتتىڭىز . ئاھ ، مەن سىزنى سۆيىمەن ، رېستو ، سىزنى چىن دىلىمدىن ، ھەقىقىي سۆيىمەن . بىراق مۇشۇ بىرنەچچە ئايدىن بېرى — سىڭلىڭىز كېلىپ كەتكەندىن كېيىن ، مەن خاتا قىپتىمەن دېگەن ئويغا كېلىپ قالدىم ، بۇنداق كېتىۋەرسەم

بولمايدىكەن، چۈنكى بۇنىڭ نەقەدەر قورقۇنچلۇق خاتالىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتتىم. ئەينى چاغدىكى براند بىلەن بولغان ئىشىم خاتا ئىدى، ئەمما مەن ئۇ چاغلاردا كىچىككىنە بىر قىز ئىدىم، ھېچنېمىنى چۈشەنمەيتتىم. كېيىن سىز بىلەن دەسلەپ كۆرۈشكەندىلا ۋىستانىڭ ئىشىنى سىزگە ئېيتماپتىمەن، بۇ قىلغىنىم شۇ چاغدا توغرىدەك بىلىنگەن بىلەن، ئەمدى ئويلىسام خاتا ئىكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن مەن ئۇنى بۇ يەردە شۇنچە ئۇزاق ۋاقىت يوشۇرۇپ يۈردۈم، بۇ تېخىمۇ چوڭ خاتالىق بولدى. رېستو، مەن ئۇ چاغلاردا سىزدىن قورقۇپ، سىزنىڭ نېمىلەرنى دەۋېتىشىڭىزدىن، نېمىلەرنى قىلىۋېتىشىڭىزدىن قورقۇپ شۇنداق قىلغانىدىم. سىڭلىڭىز لۇئىزا كېلىپ كەتكەندىن كېيىن، ئاندىن ھەممىنى چۈشەندىم، ئىككىمىزنىڭ ئەمدى زادىلا ئەپ ئۆتەلمەيدىغىنىمىزنى بىلدىم. رېستو، مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، ئىش ئەمدى ياخشى تەرەپكە قاراپ ماڭمايدۇ، شۇنداقتىمۇ مەن سىزدىن پەقەت ئاغرىنمايمەن، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزۈمدىن كۆرىمەن.

مەن سىزدىن مېنىڭ بىلەن توي قىلىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالمايمەن، رېستو. سىزنىڭ ماڭا بولغان ھېس - تۇيغۇڭىزنىڭ قانداقلىقى، ئائىلىڭىزگە بولغان ھېسسىياتىڭىزنىڭ قانداقلىقى ماڭا ئايان، شۇڭا بۇنداق قىلىشنى راۋا كۆرمەيمەن، ئۇلار سىزنىڭ بۇنداق ئىشنى قىلىشىڭىزنى ھەرگىز خالىمايدۇ، شۇڭا مەنمۇ سىزدىن توي قىلىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالماسلىقىم كېرەك. مەن يەنە بۇنداق ياشاۋېرىشكە بولمايدۇ، دېگەن ئويغا كەلدىم. ۋىستانىڭ ھەممە ئىشنى چۈشىنىدىغان ۋاقتى كەلدى. ئۇ تېخى سىزنى راستىنلا ئۆزىنىڭ تاغىسى دەپ بىلىدۇ. مەن بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قايتا - قايتا ئويلاندىم. نەچچە قېتىم سىزگە يۈزتۇرا دېيىش خىيالىغا كەلگەنمۇ بولدۇم، بىراق

سىزنىڭ ئاچچىقىڭىزنى كەلتۈرۈپ قويۇشتىن قورقۇپ ، گېپىمنى ئاغزىمدىن چىقىرالمىدىم . شۇڭا سىزگە خەت يېزىپ قالدۇرۇپ قويۇشنى لايىق تاپتىم ، مەن كەتكەندىن كېيىن ، سىزگە ھەممىسى چۈشىنىشلىك بولىدۇ . شۇنداق ، سىز چۈشىنىپ قالىسىز ، رېستو ، توغرىمۇ ؟ ماڭا ئاچچىقلانمايدىغانسىز ؟ مېنىڭچە مۇشۇنداق قىلغىنىم ھەر ئىككىمىز ئۈچۈن ياخشى . مەن مۇشۇنداق قىلمىسام بولمايتتى . مېنى ئەپۇ قىلغايسىز ، رېستو ، بۈگۈندىن باشلاپ مېنى يادىڭىزدىن چىقىرىۋېتىڭ . مېنىڭدىن غەم قىلمىسىڭىزمۇ بولىدۇ . لېكىن مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن . ئاھ ، شۇنداق ، سىزنى جېنىمدىن ئارتۇق كۆرىمەن . سىزنىڭ ماڭا قىلغان راپاۋەتىڭىزدىن ئۆمۈر بويى مىننەتدارمەن . سىزگە جىمى ئامەت يار بولغاي ، ئىلاھىم . مېنى كەچۈرۈڭ ، رېستو . سىزنى سۆيىمەن ، ئاھ ، سىزنى چىن يۈرىكىمدىن سۆيىمەن .

جېنىنى .»

«مەن كلېۋېلاندقا — دادامنىڭ قېشىغا بارماقچىمەن . ئۇ ماڭا موھتاج بولۇپ تۇرۇپتۇ . ئۇ ھازىر ئۆزى يالغۇز قاپتۇ . سىز مېنى كۆرگىلى بارماڭ ، رېستو . ئەڭ ياخشىسى بارمايلا قويۇڭ ، خەير ئەمسە .»

ئۇ بۇ خەتنى كونۋېرتقا سېلىپ ، ئاغزىنى ھىملىدى ـ دە ، ئاندىن قوينىغا سېلىۋېلىپ ، مېكشىننىڭ پەيتىنى ماراپ يۈردى .

ئۇنىڭغا بۇ پىلاننى ئىشقا ئاشۇرۇشقا پۇرسەت چىقماي ، نەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى ، بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن رېستو تېلېفون بېرىپ ، بىر ـ ئىككى كۈن ئۆيگە قايتمايدىغانلىقىنى ئېيتتۋىدى ، جېنىنى مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ ، ۋېستانىڭ زۆرۈر كىيىم ـ كېچەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ بىرنەچچە ساندۇققا قاچىلىدى ـ دە ، يۈك ـ تاقلارنى توشۇشقا ھاممال چاقىردى .

ئۇ ئەسلىدە دادىسىغا تېلېگراممىا ئەۋەتىپ ئۆزىنىڭ قايتىپ بارىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ قويماقچى بولۇۋىدى ، بىراق دادىسىنىڭ هازىر ئۆيى يوقلۇقىنى ئېسىگە ئېلىپ ، بارغاندىن كېيىن ئىزدەپ تاپسامىمۇ ئوخشاش ئەمەسمۇ ، دېگەن ئويغا كەلدى . گېئورگى بىلەن ۋېرونىكا ئۆي سەرەمجانلىرىنىڭ ھەممىسىنىمۇ توشۇپ كەتمەپتۇ . تولىسى يەنە شۇ ئۆيدە ئىكەن ، بۇنى دادىسى خېتىدە يازغانىدى . جېنىنى مۇشۇ نەرسىلەر بىلەن ئەپچىلگىنە بىر ئۆي تۇتۇۋالسا ئەجەب ئەمەس ، ئۇ كۆڭلىدە ھەممە ئىشنى پىشۇرۇپ ، ئەمدى ھامىلىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرغانىدى ، ئويلىمىغان يەردىن ، رېستو ئىشىكنى ئېچىپ تۇيۇقسىزلا كىرىپ كەلدى .

ئەسلىدە رېستو نېمە سەۋەبتىندۇر پىلانىنى ئۇشتۇمتۇت ئۆزگەرتكەنىدى . يا ئۇنىڭ يۈرىكى ئاغمىغان ، ياكى كۆڭلى بىرەر نېمىنى تۇيغاندەكمۇ قىلمىغانىدى ، پەقەتلا پەيتى شۇنداق كېلىپ قېلىپ ، ئىشنى تۇيۇقسىز ئۆزگەرتىۋەتتى . ئۇ باشتا دوستلىرى بىلەن چىكاگونىڭ جەنۇبىدىكى گاگاگىز دېگەن يەرگە بېرىپ بىر كۈن ياۋا غاز ئوۋلاپ كېلىشنى مەسلىھەت قىلىشقانىدى ، لېكىن يولغا چىقىش ئالدىدا ئۇشتۇمتۇتلا پىلانىنى بىكار قىلىۋېتىپ ، ئۆيگە قايتىدىغان ۋاقتىنىمۇ ئالدىغا سۈردى . پىلانى نېمىشقا بۇنداق تېز ئۆزگەرتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ چۈشىنەلمىدى .

ئۆيگە يېقىنلاپ قالغاندا ، بۇنداق بالدۇر قايتقىنى ئۆزىگىمۇ سەل غەلىتە تۇيۇلدى ؛ كېيىن ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا تىزىۋېتىلگەن ساندۇقلارنى كۆرۈپ ، تاققىدە قېتىپلا قالدى . جېنىنى كىيىملىرىنى كىيىپ سىرتقا چىقىشقا تەييار بولۇپ تۇرۇپتۇ . بۇ نېمە گەپتۇ - ھە ؟ تېخى ۋىستامۇ شۇنداق ئىكەن ؟ ئۇ قاتتىق ھەيرانلىق ئىچىدە ، گەپ سوراشقا تاقىلداپ تۇرغانلىق ئىپادىسى چىقىپ تۇرغان قوي كۆزلىرىنى جېنىنىغا تىكتى .

— قەيەرگە بارماقچىدىڭىز ؟ — دەپ سورىدى ئۇ .

— ھە . . . ھە . . . — جېنىنى ئارقىغا داجىپ - داجىپ سۆزلىدى ، — مەن كەتمەكچىدىم .

— نەگە ؟
— كلېۋېلاندقا ، — دېدى جېننى .
— نېمىشقا ؟
— ئاۋۇ . . . ئاۋۇ . . . مەن ئەسلىدە سىزگە بۇنداق كېتىۋەرمەيلى دەپ ئېيتماقچىدىم ، سىزگە دەي ـ دەي دەپ نەچچە تەمشەلدىمىۇ ، ئەمما دېيەلمىدىم . شۇڭا بىر پارچە خەت قالدۇرۇپ قويغانىدىم .
— خەت ، — رېستو توۋلىۋەتتى ، — بۇ زادى قانداق گەپ ؟ قېنى ئۇ خەت ؟
— ئەنە ، ئاۋۇ يەردە ، — جېننى دەرمانسىز ھالدا بارمىقى بىلەن ئۈستەلنى كۆرسەتتى ؛ دەرۋەقە ئۇ خەت چوڭ بىر كىتابنىڭ ئۈستىگە كۆزگە ئاسان چېلىققۇدەك قىلىپ تاشلاپ قويۇلغانىدى .
— سىز راستتىن بىر پارچە خەت قالدۇرۇپ قويۇپلا كەتمەكچىمىدىڭىز ، جېننى ؟ — رېستونىڭ ئاۋازى سەل قاتتىق چىقىشقا باشلىدى ، — ئەزبىرايى خۇدا ، مەن سىزنى زادىلا چۈشىنەلمىدىمغۇ ، بۇ زادى نېمە ئۈچۈن ؟ — ئۇ سۆزلىگەچ ، كونۋېرتنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ ، بېشىدىن بىرنەچچە جۈملىسىنى ئوقۇدى ـ دە ، — ئەڭ ياخشىسى ۋىستا تالاغا چىقىپ تۇرسۇن ، — دەپ ئىشارەت قىلدى .
جېننى ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلىپ ، ئاندىن ئۆيگە قايتىپ كىردى ـ دە ، ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىدا چىرايى تاتارغان ھالەتتە ، كۆزلىرىنى جامدەك چەكچەيتكەن پېتى ، دەم تاملارغا ، دەم ساندۇقلارغا ، دەم رېستوغا مۆلدۈرلەپ قارىغىنىچە تۇرۇپلا قالدى .
رېستو خەتنى تەپسىلىي كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن ، دەرھال تاشلىۋەتمەي ، ئۇ قولىدىن بۇ قولىغا نەچچە مەرتەم يۆتكەپ ، ئاندىن پولغا تاشلاپ قويدى .
— ئۇنداق بولسا ، مەن سىزگە گېپىمنى دەپ باقاي ، جېننى ، — ئۇ قىزىقسىنغان ھالدا جېنىنغا لەپپىدە بىر قاراپ قويۇپ ، سەل تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئاندىن شۇنداق دېدى . ناۋادا

مۇشۇ پەيتتە، ئۇ خالايدىغانلا بولسا، ئىككىيلەننىڭ مۇناسىۋىتىگە خاتىمە بېرىشكە يەنە بىر قېتىم پۇرسەت تۇغۇلغان بولاتتى، بىراق ئۇ، ئىشلارنىڭ تىنچ داۋام قىلىۋاتقىنىغا قاراپ، بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىشنى خالايدىغاندەك ئويدا بولۇپ باقمىغانىدى. ئىككىيلەن شۇنچە ئۇزاق ۋاقىت بىرگە ياشىدى، ئەمدىلىكتە مۇناسىۋەتنى بۇنداق تۇيۇقسىز بۇزۇۋېتىش كۆلكىلىك تۇيۇلاتتى. ئۇ جېنىنى چىن كۆڭلىدىن ياخشى كۆرىدۇ، بۇنىڭدا شەك يوق. بىراق جېنى بىلەن توي قىلىشنى ھېلىھەم خالىمايدۇ، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشنىڭ مۇۋاپىق چارىسىمۇ يوق. بۇنى جېنىمۇ بىلىدۇ. ئۇ خېتىدە بۇ توغرۇلۇق خېلى كۆپ سۆزلىگەن، — سىز خاتا ئويلاپ قاپسىز، — رېستو ئالدىرىماي، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئىچىڭىزدە نېمىلەرنى ئويلاۋاتقىنىڭىزدىن خەۋىرىم يوق، ئەمما ھازىرقى ۋەزىيەتنى سىز خاتا چۈشىنىپ قاپسىز. مەن سىزگە بۇرۇنلا ئېيتقان، مەن سىز بىلەن توي قىلالمايمەن، بولۇپمۇ ھازىرچە شۇنداق قىلالمايمەن. بۇنىڭغا چېتىلىدىغان ئىشلار كۆپ بولۇپ كەتتى، بۇلارنى سىز بىلمەيسىز. مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن، بۇنى ئۆزىڭىزمۇ چۈشىنىسىز. ئەمما مەن ئائىلەمنى، ئىشلىرىمنى نەزەردە تۇتمىسام بولمايدۇ. بۇنىڭدا قانچىلىك قىيىنچىلىق بارلىقىنى سىز چۈشەنمەيسىز، لېكىن مەن چۈشىنىمەن. سىز مېنى تاشلاپ كەتمىسىڭىز بولاتتى. مەن سىزگە پەقەتلا قىيالمايدىكەنمەن. مېنىڭغۇ سىزنى توسۇپ قېلىشقا ھېچقانداق ھەققىم يوق. ئەگەر كېتىمەن دېسىڭىز، ئەلۋەتتە مۇمكىن. ئەمما مەن سىزنىڭ نېمىشقا كەتمەكچى بولۇپ قالغىنىڭىزنى ھېچ چۈشىنەلمىدىم. راستتىن كەتمەكچىمۇ ئەمەستۇرسىز، شۇنداقمۇ؟ قېنى، بىردەم ئولتۇرۇۋېلىپ ئاندىن دەرسىز.

جېنى ئەسلىدە ئۇنىڭغا ئۇقتۇرمايلا كېتىپ قالماقچى بولۇۋىدى، ئەمدىلىكتە نېمە قىلىشنى بىلەلمەيلا قالدى. كېتىمەن دەپ قويۇۋىدى، رېستونىڭ ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن قىلغان

بىرمۇنچە گېپىنى ئىشىتتى ، رېستو ئۇنى ئەيىبلەۋاتقاندەك قىلاتتى . جېنىنىڭ كۆڭلى يېرىم بولدى . مانا ئۇ ، رېستو جېنىنىڭغا يېلىنىۋاتامدۇ ، جېنىنىمۇ ئۇنى شۇ قەدەر سۆيەتتىغۇ .

ئۇ رېستونىڭ قېشىغا كېلىۋېدى ، رېستو ئۇنىڭ قولىنى كاپىلا قىلىپ تۇتۇۋالدى .

— مەن سىزگە ئېيتسام ،— دېدى ئۇ ،— سىز ھازىر مەندىن ئايرىلىپ كەتسىڭىز ، ھەقىقەتەن پايدىسى يوق . باياتىن نەگە بارىمەن دېدىڭىز ؟

— كلېۋېلاندقا ، — دېدى جېنىنى .

— ئۇنداقتا تۇرمۇشنى قانداق ئۆتكۈزمەكچىدىڭىز ؟

— دادامنىڭ قېشىغا بېرىپ ، ئەگەر ئۇ ئۇنىسا ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرماقچى بولغانىدىم . ئۇ ھازىر تەنھا ياشاۋېتىپتۇ . بەلكىم ئىش - پىش تېپىپ قېلىشىممۇ مۇمكىن .

— قاراڭا سىزنى ، جېنىنى ، سىزنىڭ ھازىر قىلالايدىغىنىڭىز يەنىلا شۇ ئىلگىرى قىلغىنىڭىزدەك ئىشلارغۇ ؟ سىز ئەمدى يەنە بېرىپ ئاشۇ خېنىملارنىڭ دېدىكى بولۇشنى ئويلاۋاتىمغانسىز ، شۇنداقمۇ ؟ ياكى دۇكان خىزمەتچىسى بولماقچى ئەمەستۇرسىز ؟

— مەن بىرەر ئايال غوجىدارلىق ئورۇننى قولغا كەلتۈرەلىشىم مۇمكىن دەپ ئويلىغانىدىم ، — دېدى ئۇ كېڭىشىۋاتقاندەك قىياپەتتە . ئۇ ئىش تېپىشنىڭ مۇمكىنچىلىكىنى خىيالىدىن بىرقۇر ئۆتكۈزۈپ چىقىپ ، ئۆزىمۇ ئەڭ ئۈمىدلىك يول مۇشۇ ، دېگەن پىكىرگە كەلگەنىدى .

— ياق ، ياق ، — رېستو بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ غۇدۇڭىدى ، — بۇ بىمەنىلىك . كىچىككىنە بىر يېرىنى دېمىگەندە ، بۇ پىلانلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى بىمەنە ئىكەن . يەنە ئەخلاق كۆزقارىشىدىن ئېيتقاندىمۇ ، سىزگە ھېچقانداق پايدىسى يوق . سىز ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلارنى يوقىتا چىقىرىۋېتەلمەيسىز . نېمىلا بولۇپ كەتسۇن ، سىز بەربىر سىز . مەن ھازىر سىز بىلەن توي قىلالمايمەن . كەلگۈسىدە بەلكىم مۇمكىن بولۇپ قالار ، ئەمما ھازىر

ئېنىق بىرنېمە دېيەلمەيمەن ، بىراۋغا كەلسە ـ كەلمەس ۋەدە بېرەلمەيمەن . مەن سىزنىڭ كېتىشىڭىزگە ماقۇل بولغان بىلەنمۇ ، سىزنىڭ كېتىشىڭىز ناتايىن ، سىز كېتىپ قالغان تەقدىردىمۇ ، مەن سىزنىڭ ئۆزىڭىز پىلانلىغان ئاشۇ تۇرمۇشنى قايتا ئۆتكۈزۈشىڭىزگە يول قويمايمەن . ھامىنى بىر ئىلاجىنى قىلىپ سىزنىڭ ھالىڭىزدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرىمەن . سىز راستىنىلا مېنى تاشلاپ كەتمەكچىمىدىڭىز ، جېننى ؟

رېستودەك مۇشۇنداق تەسىرلىك شەخس ھەم كۈچلۈك ئېتىراز ئالدىدا ، جېننىنىڭ ئۆز خۇلاسىسى ۋە ئىرادىسى بىردىنلا بەربات بولدى . رېستونىڭ ئۇنىڭ قولىنى بىرلا سىقىشى بىلەن ، ئۇنىڭ يۈرىكى ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كەتتى . ئۇنى راسا يىغا تۇتتى .

— يىغلىماڭ ، جېننى ، — دېدى ئۇ ، — ئىش سىزنىڭ پەرىزىڭىزدىكىدەك ئۇنچە ئۇمىدسىزمۇ ئەمەستۇ . ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ . كىيىملىرىڭىزنى يەڭگۈشلىۋېتىڭ . بۈگۈندىن ئېتىبارەن سىز مېنىڭدىن ئايرىلىپ كېتىشنى ئىككىنچىلەپ خىيالىڭىزغا كەلتۈرمەسسىز ، ھە ؟

— يا . . .ق ! — دېدى ئۇ ئۆكسۈپ تۇرۇپ .

رېستو ئۇنى باغرىغا باستى .

— سەۋر قىلىپ تۇرۇڭ ، — دېدى ئۇ ، — بۇ ئاجايىپ بىر دۇنيا ـ دە . ئىش دېگەننى بىرپەستىلا ئەيۋەشكە كەلتۈرۈۋېتىش مۇمكىن ئەمەس . ئەمما ئۇ ھامان بىر كۈنى ئەيۋەشكە كېلىدۇ . مەن ئۆزۈممۇ ئادەتتە چىداش قىيىن بولغان ئىشلارغىمۇ ھازىر چىداپ يۈرۈۋاتىمەنغۇ .

ئۇ ئاخىر جېننىنىڭ تىنچلىقى خېلىلا ئەسلىگە كېلىپ ، نەملەشكەن كۆزلىرىدە ئەلەملىك تەبەسسۇم چاقنىغانلىقىنى كۆردى .

— ئەمدى ئاۋۇ نەرسىلەرنى بىرياققا يىغىشتۇرۇپ قويايلىمۇ ، — ئۇ ھېلىقى ساندۇقلارنى ئىما قىلىپ مۇلايىملىق بىلەن سۆزلىدى ، — بۇنىڭدىن باشقا ، مەن سىزدىن بىر ئىشنى ئۆتۈنمەكچىدىم .

— نېمە ئىش؟ — دەپ سورىدى جېننى.

— بۇنىڭدىن كېيىن، مەندىن ھېچقانداق ئىشنى يوشۇرماڭ، بولامدۇ؟ بۇنىڭدىن كېيىن ماڭا دېمەيلا ئۆزىڭىزنىڭ خىيالىچە بىر ئىشلارنى قىلىپ كەتمەڭ. كۆڭلىڭىزدە نېمە غەم بولسا ماڭا ئېيتىڭ. مەن سىزنى يەۋەتمەيمەن! تەڭلىكتە قالغان يېرىڭىز بولسا، ماڭا ئېيتىۋېرىڭ، مەن سىزگە ھەل قىلىشىپ بېرىمەن. ھەل قىلالمىغان تەقدىردىمۇ، ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا يوشۇرغۇدەك ئىش بولمىسۇن.

— چۈشەندىم، رېستو، — ئۇ رېستونىڭ كۆزىدىن كۆزىنى ئالماي، سەممىي ئاھاڭدا دېدى، — مەن سىزگە سىزدىن ھېچنېمىنى يوشۇرمايمەن دەپ ۋەدە بېرەي، راست، يوشۇرمايمەن. ئىلگىرى قورقاتتىم، ئەمدى قورقمايمەن. ماڭا ئىشەنسىڭىز بولىدۇ.

— ماۋۇ گېپىڭىز جايىدا، — دېدى رېستو، — مەن سىزگە ئىشەندىم، — شۇنداق دېدى - دە، ئۇنى قويۇۋەتتى.

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتتى. جېننى مۇشۇ بىرنەچچە كۈننىڭ مابەينىدە دادىسىنىڭ غېمىدىلا بولۇپ قالغانىدى. ئەمدى رېستو بىلەن مەسلىھەتلەشمىسەم بولمىدى، دېگەن يەرگە كەلدى. بىر كۈنى كەچكى غىزا ۋاقتىدا، ئۇ كلىيۋېلاندتىكى ئەھۋالنى رېستوغا چۈشەندۈرۈپ ئۆتتى.

— مېنىڭچە ئۇ ئۆزى يالغۇز، كۆڭۈلسىز ياشاۋاتقان بولسا كېرەك، — دېدى ئۇ، — شۇنى ئويلىساملا كۆڭلۈم يېرىم بولىدۇ. كلىيۋېلاندقا كەتكەن بولسام، ئۇنى يېنىمغا ئەكېلىۋېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە تۇرماقچىدىم. ئەمدى نېمە قىلارىمنى بىلمەي قالدىم.

— ئۇنىڭغا نېمىشقا پۇل ئەۋەتىپ بەرمەيسىز؟ — دەپ سورىدى رېستو.

— ئۇ ئەمدى مېنىڭ پۇلۇمنى قوبۇل قىلىشقا ئۇنىمايدۇ، رېستو، — دېدى ئۇ چۈشەندۈرۈپ، — ئۇ مېنى ئەسكى، ناشايان ئىش قىلىپ يۈرۈۋاتىدۇ، دەپ ئويلايدۇ. ئۇ مېنىڭ توي

قىلغانلىقىمغا ئىشەنمەيدۇ.
— ئۇنىڭغىــزە بۇ تازىمۇ ئوبــدان باھــانــە بوپتۇ ـ دە، شۇنداقمۇ؟ — رىبستو سالقىن قانلىق بىلەن سۆزلىدى.
— ئۇنىڭ زاۋۇتتا يېتىپ ـ قوپۇپ يۈرگىنىنى ئويلىسام، كۆڭلۈم ناھايىتى يېرىم بولىدۇ. ئۇنىڭ يېشى خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە يالغۇز تۇرۇۋاتىدۇ دەڭە.
— ئۇنداقتا ئۇنىڭ بالىلىرىغا نېمە بولدى؟ ئۇلار نېمىشقا ئۇنىڭغا ياردەم قىلمايدۇ؟ ئاكىڭىز باس نەگە كەتتى؟
— مېنىڭچە ئۇلارنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرغۇسى يوق، چۈنكى ئۇنىڭ مىجەزى بەك ئەسكى، — جېننى راستىنى ئېيتتى.
— ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا، مېنىڭمۇ ھېچ ئامالىم يوق، — رىبستو مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى، — قېرى ئادەمنىڭ مىجەزى ئۇنداق ئەسكى بولماسلىقى كېرەك
— شۇ، — دېدى جېننى، — لېكىن ئۇ قېرىپ قالدى، غېمىمۇ بەك كۆپ بولۇپ كەتتىچۇ.
رىبستو ۋىلكىنى ئويناپ ئولتۇرغاچ بىرپەس سۈكۈتكە چۆكتى.
— باياتىن كاللامغا بىر چارە كەلدى، گېپىــمگە قۇلاق سېلىڭ، جېننى، — دېدى ئۇ ئاخىر، — بايا شۇنداق ئويلىدىمكى، بىز خىد باغچىسىدىن ئۆي ئىزدەپ باقساق بولىدۇ. ئۇ يەرگۇ مېنىڭ ئىشخانامغا يىراقراق، لېكىن مەن بۇنداق بۆلۈپ ئىجارىگە بېرىلىدىغان ئۆيلەرنى ئانچە ياقتۇرمايمەن. ۋىستا ئىككىڭلارغا ھويلىسى بار ئۆي بولسا جېنىڭلار خېلى ئارام تېپىپ قالىدۇ. ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا، سىز دادىڭىزنى قېشىمىــزغا ئەكېلىۋالسىڭىز بولىدۇ. ئۇياق قالغان ئۆمرىنــى خاتىــرجەم ئۆتكۈزسە ھېچقانداق دەخلىسىمۇ بولماس، ئۇنىــڭ ئۇستىــگە روزغارىمىزنى رەتلىشىپ بەرسىمۇ ھېساب.
— ۋاھ، بۇ دادامغا ناھايىتى مۇۋاپىق ئىش، ئەگەر ئۇ كېلىشكە ئۇناپلا قالسا، — دېدى جېننــى، — ئۇ ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارنى قىلىــشقا ئامراق، ئوت ئورۇيدۇ، ئوچاق

www.uyghurkitap.com

ئوڭلىيالايدۇ . بىراق سىز بىزنىڭ تويى قىلغانلىقىمىزغا كاپالەت بەرمىسىڭىز ، ئۇ كېلىشكە ئۇنىمايدۇ .

— مېنىڭچە سىز ئۇنىڭغا تويى خېتىنى كۆرسەتمىسىڭىز، كاپالەت بەرگۈدەك باشقا ئامال يوق . ئۇياقنىڭزە بىزنىڭ مىلىك بىر تەستە قولغا كەلتۈرىدىغان نەرسىمىزنى چوقۇم كۆرۈپ باققۇسى بار ئوخشايدۇ . ئەگەر ئۇنى يېزىدىكىلەرنىڭ ئوچىقىنى ئوڭلاپ بېرىك دېسىغۇ ، ئۇ كۆڭلىنى تىندۇرۇپ شۇنداق قىلغان بولاتتى ، — ئۇ يەنە ئويلانغان هالدا بۇ سۆزنى قوشۇپ قويدى .

جېنىنى بۇ سۆزدىكى كىنايىنى سەزمىدى . ئۇ پەقەت ئۆز تۇرمۇشىنىڭ نەقەدەر بەختسىز بىر چىگىش ئىكەنلىكىنى ئويلاپ ئولتۇرغانىدى . بۇلارنىڭ شۇنداق يېقىملىق ئائىلىسى بار بولۇپ ، دادىسىنى كېلىپ بىز بىلەن بىللە تۇرۇڭ دېگەن هالەتتىمۇ ، ئۇ كەلمەسلىكى مۇمكىن . بىراق ئۇ كېلىپ ۋىستا بىلەن بىللە تۇرسا بولاتتى ، ۋىستا ئۇنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلالايتتى .

ئۇ كىشىنىڭ يۈرىكىنى ئەزگۈدەك سۈكۈناتقا چۆكۈپ ، خېلىغىچە زۇۋان سۈرمىدى . رېستو ئۇنىڭ ئوي - پىكرىنى بىرپەس مۆلاھىزىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ، ئۇنىڭغا :

— مەن ھېچقانداق ئامال تاپالمىدىم . ھېچ نەرسە يېزىلمىغان تويى خېتىنى قولغا چۈشۈرمەك ئوڭاي ئەمەس . بۇنداق ئىشنى قىلىشقا بولمايدۇ — مېنىڭچە ساختا گۇۋاھنامە ياساش جىنايەت ھېسابلىنىدۇ . بۇنداق ئىشنى قىلىشنى زادىلا كۆڭلۈم تارتمايدۇ ، — دېدى .

— ۋىيەي ، مەنمۇ سىزنىڭ بۇنداق قىلىشىڭىزنى خالىمايمەن ، رېستو . شۇغىنىسى دادام ئۆتۈپ كەتكەن جاھىل ئادەم . ناۋادا ئۇ بىر قارارغا كېلىپ بولغان بولسا بارغۇ، سىز ھەرقانداق قىپمۇ ئۇنى تەۋرىتەلمەيسىز .

— ئۇنداق بولسا ، بىز كۆچۈپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن بىرنىمە دەيلى ، — دېدى رېستو ، — ئۇ چاغدا سىز كىلىۋېلاندقا قايتىپ بېرىپ ، ئۇياق بىلەن بىۋاستە سۆزلىشىپ كۆرسىڭىز

بولىدۇ . ئۇياقنى بۇ يەرگە كېلىشكە كۆندۈرەلىسىڭىز ئەجەب ئەمەس ، — ئۇ جېنىنىنىڭ ئۆز دادىسىغا تۇتقان بۇ پوزىتسىيىسىنى ياقتۇرۇپ قالدى ، جېنىنىنىڭ مۇشۇنداق قىلىشىنى ناھايىتى توغرا تاپتى ، شۇڭا ئۇنىڭ ئۆز پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا ياردەملەشمەكچى بولدى . ئۇ گېرخاردتقا ئانچە قىزىقىپمۇ كەتمەيتتى ، ئانچە ئۆچلۈكمۇ قىلمايتتى ، شۇڭا بوۋاي ئەگەر ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ، ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارنى قىلىپ بېرىشنى خالايدىغانلا بولسا ، ئۇ ئەلۋەتتە قارشى تۇرمايتتى

## 37

خىد باغچىسىغا كۆچۈش پىلانى ئۇزاققا بارمايلا رويابقا چىقتى . ھېلىقى ئىش يۈز بەرگەندىن كېيىنكى بىرنەچچە ھەپتە ئىچىدە ، ۋەزىيەت ئاستا - ئاستا تىنچلىنىپ قالغانىدى ، شۇنىڭ بىلەن رېستو جېنىنىنى ئۆزى بىلەن بىللە خىد باغچىسىنىڭ جەنۇبىغا بېرىپ ئۆي ئىزدەشكە تەكلىپ قىلدى . تۇنجى قېتىم بېرىشىدىلا ئاجايىپ ئازادە بىر تۇرالغۇنى چېلىقتۇرۇشتى . بۇ جەمئىي ئون بىر ئېغىزلىق ئۆيى بار كونا قورۇ - جاي بولۇپ ، ئەتراپىدىكى چىمەنلىك ئىككى يۈز ئىنگلىزچىسى كەڭلىكتە ئىدى ، يەنە تېخى بۇككىدە دەرەخلەر بىلەن ئورالغانىدى ، بۇ دەرەخلەر مۇشۇ شەھەر سېلىنىشقا باشلىغاندىلا تىكىلگەنىكەن . ئۆيلەر ناھايىتى ھەشەمەتلىك ، قويۇق ئائىلە تۈسىنى ئالغان بولۇپ ، كىشىگە ھۇزۇر بېغىشلايتتى . جېنى بۇ جاينىڭ ئىگىلىگەن دائىرىسىنىڭ كەڭلىكىنى ھەم بۇ يەرنىڭ يېزىغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان مەنزىرىسىنى كۆرۈپ ، شۇئان مەپتۇن بولۇپ قالدى ، لېكىن ئۆزىنىڭ مۇشۇ يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىرگەن بىلەنمۇ ، يەنە شۇ بايىقى نام - مەرتىۋىسىدە قىلچە ئۆزگىرىش بولمايدىغىنىنى خىيالىغا كەلتۈرۈۋىدى ، كۆڭلى ئازابقا تولدى . ئۇ ھېلىقى دورەم ئۆيدىن چىقىپ كېتىش پىلانىنى قۇرغان

www.uyghurkitap.com

چېغىدا ، ئۆزىچە «مەن كىتىپ قالىدىغان بولسام ، رېستو ماگا چىدىماي ، ئارقامدىن قوغلاپ بېرىپ ، مەن بىلەن توي قىلىپ قالامدۇ تېخى» دېگەن ئۇمىدتە بولغانىدى . مانا ئەمدى بۇ ئۇمىدى كۆپۈككە ئايلاندى . ئۇ رېستوغا ئەمدى كەتمەيمەن دەپ ۋەدە بەرگەن ، جىمى زېھنى ھەم كۈچ - قۇۋۋىتىنى مۇشۇ تۇرمۇشقا بېغىشلىماقچى بولۇۋاتقانىدى . ئۇ رېستوغا بىزگە بۇنچىۋالا كۆپ ئۆينىڭ كېرىكى بولماسمىكىن ، دېگەن مەنىدە گەپ قىلىۋىدى ، رېستو :

— بىزگە ئاندا - مۇندا مېھمانلارمۇ كېلىپ قېلىشى مۇمكىن ، — دېدى ، — قېنى ئاۋۋال سەرەمجانلاشتۇرۇپ باقمايلىمۇ ، — ئارقىدىنلا ، بۇ جايىنىڭ ئىگىسى بىلەن بەش يىللىق ئىجارە توختامى تۈزدى ، يەنە توختامغا : ئىجارە مۇددىتىنى ئۇزارتىش ھوقۇقىغا ئىگە ، دېگەن مەزمۇننى قوشتى . توختام تۈزۈلۈپ بولغاندىن كېيىن ، ئۇ دەرھال ئۆينى تۈزەشتۈرۈشكە ئادەم ئەۋەتتى .

ئۇزاق ئۆتمەيلا ، سىرلاش ، زىننەتلەش ئىشلىرى تاماملىنىپ ، چىمەنلىكمۇ رەتكە سېلىندى ، ھەممە ئىش جايى - جايىدا ، قانائەتلىنەرلىك بولدى . ئۆيلەر مۇنداق تەقسىم قىلىندى : بىرىنچى قەۋىتىدىكىسى چوڭ ھەم ئازادە كۇتۇپخانا بىلەن دالان ئۆي ، غىزالىنىش ئۆيى ، چىرايلىق بېزەلگەن قوبۇلخانا ، مېھمانخانا ، ئاشخانا ، چاكار ياتىدىغان ئۆي بولۇپ ، ئەمەلىيەتتە ھەشەمەتلىك ئائىلىلەرنىڭ ئۆيلىرىنىڭ بىرىنچى قەۋىتىدە بولۇشقا تېگىشلىك جىمى شارائىت تەخ قىلىنغانىدى . ئىككىنچى قەۋىتىدىكىسى ياتاق ئۆي ، مۇنچا ۋە دېدەك ئۆيى ئىدى . بۇلارنىڭ ھەممىسى شۇنداق بەھۇزۇر ، كۆڭۈلگە شۇنداق يېقىشلىق ئىدى ، جېنىنى نەرسە - كېرەكلىرىنى رەتلىگەچ ، چەكسىز قانائەت ھەم شادلىق تۇيغۇسىدا مەست بولۇپ يۈردى .

ئۆي كۆچۈپ بولغاندىن كېيىن ، جېنىنى رېستونىڭ ماقۇللۇقىنى ئالدى - دە ، دەرھال دادىسىغا خەت يېزىپ ، ئۇنى بۇ

يەرگە كېلىپ ئۆزلىرى بىلەن بىللە تۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى . ئۇ خېتىدە ئۆزىنىڭ توي قىلغان ـ قىلمىغانلىقى توغرۇلۇق تىنمىدى . پەقەتلا بۇ يەرنىڭ مەنزىرىسىنىڭ نەقەدەر چىرايلىق ، هويلىنىڭ نەقەدەر چوڭ ئىكەنلىكىنى ، شۇنىڭدەك ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز دەرىجىدە راهەت هەم قۇلايلىق جاي ئىكەنلىكىنى يازدى . «بۇ يەر شۇنداق پەيزى ئىكەنكى ، — دەپ قوشۇپ قويدى يەنە ، — سىز چوقۇم ياقتۇرۇپ قالىسىز ، دادا . ۋىستامۇ مۇشۇ يەردە ، هەر كۈنى مەكتەپكە بارىدۇ . سىز بىز بىلەن بىللە تۇرغىلى كەلمەمسىز ؟ بۇ زاۋۇتتا يېتىپ ـ قوپۇپ يۈرگەندىنغۇ مىڭ هەسسە ياخشى ئىدى . مەن سىزنىڭ كېلىشىڭىزنى شۇنداق ئۈمىد قىلاتتىم .»

گېرخاردت سۈرلۈك قىياپەتتە بۇ خەتنى ئوقۇپ چىقتى . «ئەهۋال راستتىن شۇنداقمىدۇ ؟ ناۋادا ئۇلار مەڭگۈلۈك قوشۇلمىغان بولسا ، مۇشۇنداق كاتتا ئۆيدە ئولتۇرارمىدى ؟ شۇنچە كۆپ يىللار ، شۇنچىۋالا كۆپ ئالدامچىلىقنىڭ ئاخىر نەتىجىسى چىققان ئوخشىمامدۇ ؟ ئۇنداقتا مەن ئۆزۈم خاتالاشتىممۇ ، نېمە ؟ خوش ، بۇنى بىر ياخشى پۈرسەتمۇ دەيلى ، بىراق مەن بارمىسام زادى بولمامدىكەن ؟ شۇنچە ئۇزاق ۋاقىتنى يالغۇز ئۆتكۈزدۈم ، ئەمدىلىكتە چىكاگوغا بېرىپ جېننى بىلەن بىللە تۇرىمەنما ؟»
جېننىنىڭ ئىلتىماسى ئۇنى تەسىرلەندۈرگەن بولسىمۇ ، ئۇ يەنىلا بارماسلىقنى قارار تاپتى . ئۇنىڭچە ئېيتقاندا ، ئەگەر ئۇ راستتىنلا بارىدىغان بولسا ، ئۇ چاغدا ئۆزىنىڭمۇ جېننى بىلەن بىر ئېقىمدا بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغانلىق بولاتتى .

گېرخاردتنىڭ رەت قىلىشى جېننىنى ئۈمىدسىزلەندۈردى ، ئۇ يەنە رېستو بىلەن مەسلىهەتلەشكەندىن كېيىن ، دادىسىنى ئىزدەپ كلېۋېلاندقا بېرىپ ، هېلىقى زاۋۇتنى ئىزدەپ تاپتى ، بۇ زاۋۇت شەهەرنىڭ ئەڭ چېتىگە جايلاشقان ئۆي جاهازلىرى زاۋۇتى ئىكەن ، جېننى ئىش باشقارمىسىدىن دادىسىنى سۈرۈشتە قىلمىۋىدى ، باشقارمىنىڭ كاتىپى ئۇنى ناهايىتى يىراق بىر يەردىكى ئامبارغا باشلاپ بېرىپ ، گېرخاردتقا ئۇنى بىر خانىمنىڭ ئىزدەپ

كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى . گېرخاردت ئۆزىنىڭ كەپىسىدىن چىقىپ پەسكە چۈشتى ، كۆڭلىدە «مېنى كىم ئىزدەپ كەلگەن بولغىيدى» دەپ ھەيران ئىدى . جېنىنى ئۇنىڭ بىر قاپقاراڭغۇ ئىشىكتىن چىقىپ كېلىۋاتقىنىنى ، ئۇچىسىغا چاڭ ـ توزانغا مىلەنگەن ، تاغاردەك بىرنېمىنى كىيىۋالغىنىنى ، ئاپئاق ئاقىرىپ كەتكەن چاچلىرى ، ھۆرپىيىپ كەتكەن قاشلىرىنى كۆرۈپ ، ئىختىيارسىز يۈرىكى ئېچىشتى ، «بىچارە دادام !» دەۋەتتى ئىچىدە . دادىسى ئۇنىڭغا يېقىن كەلگەندە ، بىر خىل جىددىي نەزەر بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ ، قىزىنىڭ ئۆزىنى يوقلاپ كېلىشىگە سەۋەب بولغان بالىلىق مېھرىنى ھېس قىلدى ـ دە ، سەل يۇمشىدى .

— نېمىدەپ كەلدىڭ ؟ — ئۇ ئېھتىياتچانلىق بىلەن سورىدى .

— مەن سىزنى بىز بىلەن بىللە تۇرۇشقا ئەكەتكىلى كەلدىم ، دادا ، — جېنىنى جىددىيلەشكەن ھالدا دادىسىغا يېلىنغىلى تۇردى ، — ئەمدى بۇ يەردە تۇرىۋەرمەڭ . مەن سىزنىڭ يەككە ـ يېگانە ھالەتتە بۇ يەردە تۇرۇشىڭىزغا ئەمدى چىدىيالمايمەن .

— ئۇنداقتا ، — ئۇنىڭغا گەپ قىلماق ناھايىتى تەس كەلدى ، — مۇشۇنىڭ ئۈچۈن كەلگەنمىدىڭ ؟

— شۇنداق ، — دېدى جېنىنى ، — سىز بارامسىز ؟ بۇ يەردە ئەمدى تۇرماڭ .

— مېنىڭ جايىممۇ يامان ئەمەس ، — ئۇ ئۆزىنىڭ ھال ـ ئەھۋالىنى ئاقلاۋاتاتتى .

— بىلىمەن ، — دېدى جېنىنى ، — ئەمما بىزنىڭ ھازىر شۇنداق ياخشى ئۆيىمىز بار ، ۋىستامۇ شۇ يەردە . سىز بارامسىز ؟ ۋىستامۇ سىزنى كەلسۇن دېگەنىدى .

— ئەمىسە ئېيتقىنا ، سەن زادى توي قىلدىڭمۇ ، يوق ؟

— توي قىلدىم ، — جېنىنى نائىلاج يالغان ئېيتتى ، — بۇرۇنلا توي قىلغان . بارغاندىن كېيىن رېستودىن سورىسىڭىز بولىدۇ ، — ئۇ دادىسىغا ئۇدۇل قاراشقا پېتىنالمايۋاتقان بولسىمۇ ،

ئامالنىڭ بارچە ئۆزىنى ناھايىتى تەبىئىي قىياپەتكە سېلىپ تۇردى ، بۇنى كۆرۈپ دادىسى ئىشىنىپ قالدى .

— بولىدۇ ئەمىسە ، — دېدى ئۇ ، — ئەمدى ۋاقتى كەلدى .

— بارىدىغان بولدىڭىزما ، دادا ؟ — جېنىنى يەنە يېلىنغاندەك سورىدى .

گېرخاردت يەنە ھېلىقىدەك غەلىتە قىياپەتتە قوللىرىنى ئالدىغا سوزدى . قىزىنىڭ قايتا ـ قايتا ئۆتۈنۈپ تۇرۇۋېلىشى ئۇنى قاتتىق تەسىرلەندۇرۇۋەتكەنىدى .

— بوپتۇ ، بارسام باراي ، — ئۇ شۇنداق دەپلا ، ئىتتىك كەينىگە ئۆرۈلۈۋالدى ، لېكىن قىزى ئۇنىڭ نېمە قىلىۋاتقىنىنى يان تەرەپتىن كۆرۈپ قالدى . ئۇ يىغلاۋاتاتتى .

— دادا ، سىز ؟ . . .

ئۇ گەپ قىلماي ، نەرسە ـ كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرغىلى ھېلىقى قاپقاراڭغۇ ئامبارنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى .

## 38

گېرخاردت خىد باغچىسىدىكى قەسىرگە كۆچۈپ كېلىشى بىلەنلا ، تەبىئىي ھالدا ئۆزىگە تېگىشلىك ئىشلارنى ئۇستىگە ئېلىشى كېرەكلىكىنى ھېس قىلىپ يەتتى . ئوچاق بىلەن ھويلىنىڭ ئىشىغا ئۆزى مەسئۇل بولدى ، «ئۆزۈم بىكار ئولتۇرۇپ ، پۇلنى خەققە بېرىۋەتسەك بولامدۇ» دەپ ئويلىدى ئۇ . جېنىغا : ھويلىدىكى دەرەخلەر تەرتىپسىز ئۆسۈپتۇ ، رېستو ماڭا شاخ قىرقىيدىغان قايچا بىلەن ھەرە تېپىپ بەرسە ، ئەتىيازغا بارغاندا بۇلارنى تەكشىلەپ چىقاتتىم ، دېدى . بۇنداق ئىشلارغا گېرمانىيىلىكلەر ناھايىتى كۆڭۈل بۆلىدۇ ، ئامېرىكىلىقلار ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمەيدۇ . ئۇ يەنە بەزى سايمان ، مىخلارنى تېپىپ كېلىپ ، ھويلىدىكى باراڭنى پۇختا رەتلەپ قويدى . بۇ يەردىن ئىككى مىل يىراقلىقتىكى بىر

جايدىن لۇدېر مەزھىپىنىڭ چېركاۋىنى ئىزدەپ تاپتى، ئۇنىڭ ئېيتىشىچە بۇ كلېۋېلاندتىكىدىنىمۇ ياخشىمىش. ئۇ يەردىكى پوپ ئەلۋەتتە ئاسماندىن چۈشكەن ئەۋلىيانىڭ ئۆزىمىش. ئۇ، ۋىستانىمۇ ئۆزۈم بىلەن دائىم مۇشۇ يەرگە ئىبادەتكە ئەكېلەيچۇ، دەپ ئويلىدى.

جېنىنى بىلەن رېستو بۇ خىل يېڭى تۇرمۇشقا كىرىشكەندىن كېيىن، كىشىنى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدىغان بەزىبىر ئىشلارمۇ سادىر بولدى. بۇلار شىمالىي رايوندا ئولتۇرغان چاغلىرىدا، جېنىنى قوشنىلىرىنىڭ كۆزىگە ئانچە چېلىقىپ كەتمەيتتى. ھازىرقى تۇرار جايى بۇنچىۋالا ھەشەمەتلىك بولغاندىن كېيىن، ئەلۋەتتە قولۇم - قوشنىلىرى پەتىگە كېلىش مەجبۇرىيىتىنى ئويلىشىدۇ - دە، شۇڭا جېنىنىمۇ تەجرىبىلىك ئايال خوجايىنىنىڭ رولىنى ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇ بۇ ھەقتە رېستو بىلەن مەسلىھەتلەشتى. رېستونىڭ پىكرى بويىچە، بۇلار ئەر - خوتۇندەك بولۇپ يۈرىدىغان بولدى. ۋىستا جېنىنىڭ ئاۋۋالقى ئىرى شىدولف ئەپەندىدىن (بۇ ئەسلىدە ئۇنىڭ ئاپىسىنىڭ بوۋاق ۋاقتىدىكى ئىسمى ئىدى) بولغان، دۇنياغا كۆز ئېچىپلا يېتىم بولۇپ قالغان قىز بولىدىغان بولدى، رېستو ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ئۆگەي دادىسى بولاتتى. ھېلىمۇ ياخشى بۇ يەر چىكاگونىڭ شەھەر ئىچىدىن خېلى يىراقتا بولغاچقا، بۇلار تونۇش - بىلىشلەرنىڭ كۆزىدىن نېرى تۇرالايدۇ، شۇڭا گەپنى مۇشۇنداق ياسىسىمۇ بولۇۋېرىدۇ. رېستو يەنە جېنىنىغا كىشىلەر پەتىگە كەلگەندە تەمتىرىمەي ئالدىغا چىقىشى ئۈچۈن، ئىجتىمائىي ئالاقىگە دائىر قائىدە - يوسۇنلارنى ئېيتىپ بەردى. دېگەندەك، ئىككى ھەپتە ئۆتەر - ئۆتمەيلا پەتىچىلەر كەلگىلى تۇردى. كەلگۈچى ياك ستاندارت خانىم بولۇپ، مۇشۇ ئەتراپتا خېلى يۈز - ئابرۇيى بار خېنىم ئىدى. ئۇنىڭ ئۆيى جېنىلارنىڭ ئۆيىدىن بەش قورۇ نېرىدا ئىدى. بۇ ئەتراپتىكى ئۆيلەر كەڭ كەتكەن ئوتلاقلار بىلەن ئايرىلىپ تۇراتتى. ئۇياق شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن پەيتۇنغا ئولتۇرۇپ مال

سېتىۋالغىلى بېرىپ، قايتىشىدا بولارنىڭكىگە پەتىلەپ ئۆتۈپ كەتكىلى كىرگەنىدى.

— گان خېنىم ئۆيدىمۇ؟ — ئۇ يېڭىدىن ياللىۋېلىنغان دېدەك سىئاننىدىن سورىدى.

— ئۆيدە بولۇشى مۇمكىن، خېنىم، — دەپ جاۋاب بەردى دېدەك، — ئىسىم كارتوشكىڭىز بارمۇ؟

مېھمان كارتوشكىنى ئۇزاتتى، جېننى كارتوشكىنى قولىغا ئېلىپ، ئۇنىڭغا قىزىققىنىچە بىرھازا قاراپ كەتتى.

جېننى مېھمانخانىغا كىرگەندە، ستاندارت خانىم — ئېگىز بويلۇق، قارىمۇتۇق كەلگەن، چېپىلغاقتەك كۆرۈنىدىغان ئايال — قالتىس ئېھتىرام بىلەن ئۇنىڭغا ئاۋۋال سالام قىلدى.

— بۈگۈن مەن ھالىمىغا باقماي ئالايىتەن پەتىلەپ كەلدىم، — ئۇ ئىنتايىن قىزغىنلىق بىلەن سۆزلەپ كەتتى، — مەن سىزگە قوشنا ئولتۇرىمەن. مېنىڭ ئۆيۈم ئاۋۇ تەرەپتە، ئوتتۇرىمىزدا ناھايىتى نەچچە ئۆيلۈكلا بار. سىز كۆرگەن بولۇشىڭىز مۇمكىن، ئىشىك ئالدىدا ئاق مەرمەر تۈۋرۈك بار قورۇ مېنىڭكى.

— ھە، شۇنداق، توغرا، — دېدى جېننى جاۋابەن، — مەن بىلىمەن، بىلىمەن. گان ئەپەندى بىلەن دەسلەپكى قېتىم كەلگىنىمىزدىلا كۆرۈپ، قالتىس ئىكەن دەپ ماختىغانىدۇق.

— سىلەرنىڭ ئەپەندىنىڭ نامىشەرىپىنى ئاڭلاپ كېلىۋاتقىنىمغا ئۇزاق بولدى. مېنىڭ ئېرىم ۋېكس رېلس ئاچال شىركىتىدە ئىشلەيدۇ.

جېننى بېشىنى تۆۋەن سالدى. ستاندارت خانىمنىڭ گەپ قىلىۋاتقاندىكى قىياپىتىگە قاراپ، ئۇياق بايا تىلغا ئالغان ھېلىقى شىركەتنىڭ خېلى مۇھىم شىركەت ئىكەنلىكىنى پەملىدى.

— بىزنىڭ بۇ يەردە تۇرۇۋاتقىنىمىزغا خېلى يىللار بولۇپ قالدى، سىلەر بۇ يەرگە يېڭى كەلدىڭلار، غېرىبسىنىپ قېلىشىڭلار چوقۇم گەپ، ۋاقتىڭىز بولسا بىر كۈنى بىزنىڭكىگە بېرىپ

ئولتۇرۇپ كەلسىڭىز، سىزنى قالتىس كۈتۈۋالغان بولاتتىم. مېنىڭ مېھمان قوبۇل قىلىش كۈنۈم — پەيشەنبە.

— ئەلۋەتتە بارىمەن، — جېنىنى ئاغزىدا شۇنداق دېگىنى بىلەن، كۆڭلىدە ناھايىتى ئوڭايسىز ھېس قىلدى، چۈنكى مېھماندارچىلىققا بېرىش ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا بېشىغا تاغ يىقىلغاندەك بىر ئىش ئىدى.

— بۈگۈن بىزنىڭكىگە قەدەم تەشرىپ قىلىپ، مېنى تولىمۇ خۇرسەن قىلدىڭىز. گاڭ ئەپەندى ئادەتتە ناھايىتى ئالدىراش، لېكىن ئۆيدە بولغان بولسا، ئۇياقمۇ خۇشاللىق بىلەن سىزلەرنى يوقلاپ كەلگەن بولاتتى.

— ئىككىڭىزلەرنى بۆلەك بىر كۈنى ئايرىم تەكلىپ قىلىمىز، — دېدى ستاندارت خانىم، — بىزنىڭ ئۇ يەرلەر ناھايىتى تىنچ. ئېرىم باشقىلار بىلەن باردى - كەلدى قىلىشنى ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمەيدۇ. شۇنداقتىمۇ بىز قوشنا - قولۇملار بىلەن ئاغىنىدارچىلىق قىلىپ ئۆتۈشنى خالايمىز.

جېنىنى ئۇنىڭ بۇنداق ياخشى نىيەتلىرىگە جاۋابەن يېقىملىققىنا كۈلۈپ قويدى. مېھماننى ئىشىك تۈۋىگە ئۇزىتىپ بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن قول سىقىشىپ قويدى.

— سىزنىڭ گۈزەل رۇخسارىڭىز مېنى سۆيۈندۈرۈۋەتتى، — دېدى مېھمان ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن.

— شۇنداقمۇ، رەھمەت سىزگە، — جېنىنىڭ مەڭىزلىرى ۋىللىدە قىزاردى، — بۇنداق مەدھىيىگە لايىق ئەمەس ئىدىم.

— ماقۇل ئەمىسە، مەن سىزنىڭ قايسىبىر كۈنى بىزنىڭكىگە بېرىشىڭىزنى تۆت كۆز بىلەن كۈتىمەن. خەير - خوش، — ئۇ سۆزلەۋېتىپ ئەدەپ بىلەن خوشلاشتى.

«خېلى دۇرۇس ئىكەن، — جېنىنى ستاندارت خانىمنى پەيتۇننىڭ قېشىغا بارغۇچە كۆز نەزىرى بىلەن ئۇزىتىپ تۇرۇپ، ئىچىدە شۇنداق ئويلىدى، — مېنىڭچە بۇ ئايال خېلى تۈزۈكتەك قىلىدۇ. رىستو كەلگەندە ئۇنىڭغا دەپ بېرەيچۇ.»

پەتىگە كەلگەن باشقا مېھمانلاردىن كارمىگ بوكېر ئەر - خوتۇن، خانسېن فرېد خانىم، موسېس بولىنگېر خانىملار ئىسىم كارتوشكىسىنى قالدۇرۇپلا ياكى بىرنەچچە مىنۇت قۇرۇق پاراڭ سېلىشىپلا كېتىپ قېلىشتى. جېننى بۇنىڭدىن ئۆزىنى خۇددى مۇھىم ئايال بولۇپ قالغاندەك ھېس قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئىززەت - ئابرۇيىنى، ئورنىنى ساقلاپ قېلىشقا پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشتى. ئەمەلىيەتتە ئۆزىمۇ مېھماندوستلۇقنى جايىدا قاملاشتۇرۇپ يۈردى. مېھمانلارغا ئىنتايىن قىزغىن، ئىنتايىن خۇشخۇي مۇئامىلىدە بولدى. يېقىملىق تەبەسسۇم قىلىپ، ئىنتايىن تەبىئىي پوزىتسىيە تۇتتى. بۇنىڭ بىلەن باشقىلاردا ناھايىتى ئوبدان تەسىرات قالدۇرماقچى بولدى. ئۇ مېھمانلارغا ئۆزلىرىنىڭ شىمالىي رايوندىن تېخى يېقىندىلا كۆچۈپ كەلگەنلىكىنى، «ئېرى» گان ئەپەندىنىڭ خېلىدىن بېرى خىد باغچىسىغا كۆچۈپ كېلىش ئويىدا بولۇپ يۈرگەنلىكىنى، دادىسى بىلەن قىزىنىڭمۇ مۇشۇ يەردە تۇرۇۋاتقانلىقىنى، رېستونىڭ ئۇ بالىغا ئۆگەي دادا بولىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. يەنە، مېھمانلارنىڭ قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقىدىن ناھايىتى مىننەتدار ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭمۇ باشقا بىر كۈنى ئۇلارنىڭكىگە پەتىگە بارىدىغانلىقىنى، ياخشى قوشنىدارچىلىق قىلىپ ئۆتۈشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

رېستو كىم - كىملەرنىڭ پەتىگە كەلگىنىدىن كەچ بولغاندا ئاندىن خەۋەر تاپاتتى، چۈنكى ئۆزى ئۇ كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشنى ئانچە خالىمايتتى. بارا - بارا، جېننىغا بۇنداق ئىشلار خېلى قىزىقارلىق بىلىنىدىغان بولدى. ئۇ يېڭى - يېڭى دوست تۇتۇپ يۈرۈشنى ياقتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە مېھماندوستلۇقنى تازا قاملاشتۇرۇپ، رېستونىڭ ئۆزىنى پەزىلەتلىك رەپىقە، كۆڭۈلدىكىدەك ھەمراھ قاتارىدا كۆرىدىغان بولۇشى ئۈچۈن بىرئاز ئاساس ھازىرلىۋېلىش ئۈمىدىدىمۇ بولۇپ يۈردى. شۇنداق بولىدىغان بولسا رېستو كەلگۈسىدە ئۇنىڭ بىلەن

راستتىنلا توي قىلىپ قېلىشى مۇمكىن ـ دە.

بىراق بۇنداق دەسلەپكى تەسىراتنىڭ ئۇزاق داۋاملاشمايدىـ غانلىقى كۆپ ئۆتمەيلا جىنىنىغىمۇ ئايان بولدى . كىشىلەرنىڭ ئۇنى تەرىپلەشلىرى سەل قىزىپ كەتكەندەك قىلىشىدى ، ئۇزاق ئۆتمەيلا تەرەپ ـ تەرەپتىن مىش ـ مىش گەپلەر تارقالغىلى تۇردى . بىر كۈنى جىنىنىڭ يېقىن قوشنىسى كرايگ خانىمنى دوستى سامۆى خانىم يوقلاپ كەلگەندى . گەپتىن گەپ چىقىپ ، ئۇ رېستونىڭ قانداق كىشى ئىكەنلىكىنى بىلىدىغانلىقىنى دەۋەتتى .

— ھە ، شۇنداق ، توغرا ، بىلەمسەن ؟ — دېدى ئۇ يەنە ، — ئۇنىڭ نام ـ ئاتىقى سەل . . . — شۇنداق دەۋاتقىنىدا ئۇنىڭ قاشلىرى بىلەن قوللىرى تەڭلا ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتتى .

— شۇنداق ئىش بارمۇ تېخى ! — دوستى ھەيران بولۇپ سورىدى ، — قارىماققىغۇ شۇنداق ۋەزمىن كۆرۈنىدۇ .

— ئۇغۇ راست ، ئۇ بۇرۇندىنلا ناھايىتى ۋەزمىن كۆرۈنىدىغان ، — سامۆى خانىم سۆزىنى داۋام قىلدى ، — ئۇياق دېگەن ئېسىل ئائىلىدىن چىققان ـ دە . شۇغىنىسى ئۇ كىشى بىر ياش چوكانغا بۇزۇلغانىكەن — ئېرىم ماڭا شۇنداق دېگەنىدى . ئۇ مۇشۇ ئايالمۇ ، ئەمەس ، بۇنى بىلمەيدىكەنمەن ، لېكىن ئۇلار ئەر ـ خوتۇن بولۇشۇپ شىمالىي رايوندا ئولتۇرغان ۋاقىتلىرىدا ، ئۇ ئايالنى گاۋۋۇد خېنىم دەمتى ياكى مۇشۇنىڭغا ئوخشاپراق كېتىدىغان بىر ئىسىم بىلەن چاقىراتتى .

— بۇ ! بۇ ! بۇ ! — كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ، كرايگ خانىمنىڭ تىلى گەپكە قولاشمايلا قالدى ، — تېخى مۇشۇنداق ئىشمۇ بارمىدى ! ئۇنداقتا ئۇ چوقۇم ئاشۇ ئايال ، ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ئىسمىنى گېرخاردت دېيىشكەنىدى .

— گېرخاردت ! — سامۆى خانىم چۇرقىراپ كەتتى ، — توغرا ، دەل مۇشۇ ئىسىم . مېنىڭ گۇمانىمچە ئۇ ئايال ئىلگىرىكى چاغلىرىدىمۇ قائىدىدىن چىقىپ كەتكەنغۇ دەيمەن — ھەرقانچە ياخشى دېگەندىمۇ ھېلىقى بالا مۇشۇ يەردە ـ دە . ئۇنىڭ كېيىن

ھېلىقى ئايال بىلەن توي قىلغان ياكى قىلمىغانلىقىنى بىلمەيدىكەنمەن . مەيلى نېمە بولغان بولسۇن ، بىلىشىمچە ئۇياقنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بۇ ئايالنى ئېتىراپ قىلىشنى خالىمايدىكەن .
— نېمىدېگەن قىزىقارلىق ئىشلار بۇ ! — كرايگ خانىم تۇۋلاپ تاشلىدى ، — ئەگەر ئۇ راستىنلا ھېلىقى ئايال بىلەن توي قىلغان بولسا ، ئۇ چاغدا تېخىمۇ قىزىق بولغان بولىدۇ . بۇ ئاي ، بۇ كۆڭۈلەردىغۇ ، ئۇچراشقان كىشىلىرىڭنى زادىلا چۈشىنىپ يەتكىلى بولمايدىكەن ، شۇنداقمۇ ؟
— شۇنداق بولمايچۇ ! ھازىرقى ئادەملەرنىڭ ياخشى - يامانلىقىنى بەزىدە ئايرىۋېلىشمۇ تەس . ھېلىقى ئايالنىڭ رەڭگىروييىغۇ خېلى يامان ئەمەس ئىدى .
— ئادەمنىڭ ئىچىنى كۆيدۈرگۈدەك دەرىجىدە ! — دېدى كرايگ خانىم ، — دېمىسىمۇ ئاجايىپ ساددا ھەم گول . مەن جېنىمدا ئۇنىڭغا مەپتۇن بولۇپ قالغانىدىم .
— ئەمما ، — مېھمان سۆزىنى داۋام قىلدى ، — بۇ بەلكىم ھېلىقى ئايال ئەمەستۇر . بەلكىم مەن ئاداشتۇرۇپ قويغاندۇرمەن .
— ۋاي ، مېنىڭچە شۇ . گېرخاردت ! ئۇ ئايال شىمالىي رايوندا ئولتۇرغانلىقىنى ماڭا ئۆزى دېگەن تۇرسا .
— ئۇنداق بولسا چوقۇم شۇ ئىكەن . قىزىق - ھە ، سەنمۇ باياتىن قانداقلارچە ئۇنىڭ گېپىنى قىلىپ قالدىڭكىنە !
— دېمىسىمۇ قىزىق ئىش ، — دېدى كرايگ خانىم ، بۇ گەپنى قىلىۋاتقىنىدا ، ئۇنىڭ كۆڭلىدە بۇنىڭدىن كېيىن جېنىنىغا قانداق مۇئامىلە قىلسام بولاركىن ، دېگەن پىكىر كەزمەكتە ئىدى .
ئۇنىڭدىن كېيىن ، يەنە باشقا مەنبەلەردىنمۇ مىش - مىش گەپلەر يېتىپ كەلدى . بەزىلەر رېستو بىلەن جېنىنىڭ شىمالىي رايوندا ئولتۇرغان چېغىدا بىر پەيتۇنغا ئولتۇرۇپ سىرتقا چىققانلىقىنى كۆرۈپ قالغان ، بەزىلەر رېستونىڭ ئۇنى گېرخاردت خېنىم دەپ تونۇشتۇرغانلىقىنى كۆرگەن ، يەنە بەزىلەر گان ئائىلىسىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تېپىپ قالغانىدى . دەرۋەقە ،

جېنىنىڭ هازىرقى ئۇرنى ، چىرايلىق قورۇ ـ جايى ، رېستونىڭ بايلىقى ، يەنە ۋىستانىڭ گۈزەل رۇخسارى بۇنداق پايىنسىز ۋەزىيەتنى بېسىپ تۇرالايتتى . جېنىنى بۇ مەزگىللەردە ئىنتايىن ئېھتىياتچان ، ۋاپادار رەپىقە ، كۆيۈمچان ئانا بولۇپ ، كىشىلەردە ناھايىتى ئوبدان تەسىرات قالدۇرغاچقا ، كىشىلەرمۇ ئۇنى ئۇنداقىي ـ مۇنداقىي دەپ يۇرمىگەنمۇ بولار ئىدى ؛ شۇغىنىسى ، ئۇنىڭ ئىلگىرىكى كەچۇرمىشلىرىمۇ بار ـ دە ، بۇنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋېتىشكە بولمايتتى .

بۇ گەپ ئاخىر بىر كۇنى تېشىلدى . شۇ كۇنى ۋىستا مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپلا سورىدى .

— ئاپا ، مېنىڭ دادام كىم ؟

— ئۇنىڭ ئىسمى شىدولف ، ئەزىزىم ، — ئاپىسى شۇنداق دەپ جاۋاب بەردى ؛ شۇ زامان سىرتتا گەپ ـ سۆز بولغانلىقىنى ، بەزىلەرنىڭ سۆز ـ چۆچەك قىلىشىپ يۇرۇۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرىپ قالدى ، — نېمىدەپ بۇنى سوراپ قالدىڭىز ؟

— مەن قەيەردە تۇغۇلغان ؟ — ۋىستا ئاپىسىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمەي ، ئۆزىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ئېنىقلىۋېلىشقا تەقەززا بولۇپ يەنە سورىدى .

— ئوھىئودىكى كولومبودا ، قوزام . نېمە بولدى ؟

— ئانىتا بولىنگېر مېنى سېنىڭ داداڭ يوق ، دەيدۇ ، سىزنى مېنى تۇغقان چاغدا توي قىلمىغانىكەن ، دەيدۇ . تېخى مېنى ھەقىقىي قىز بالا دېگىلى بولمايدۇ ، زادىلا ئادەم قاتارىدا كۆرگىلى بولمايدۇ ، دەۋاتىدۇ . ئۇ مېنىڭ ئاچچىقىمنى شۇنداق كەلتۇردىكى ، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي ئۇنى بىر شاپىلاق سالدىم .

جېنىنىڭ چىرايى شۇئان جىددىي تۇسكە كىردى ، ۋىستاغا كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ قاراپ تۇرغىنىچە خىيالغا چۆكتى : «بولىنگېر خانىم ئۆيۈمگە پەتە قىلىپ كەلگەن ، مەن تېخى ئۇنى ئاجايىپ مۇلايىم ئىكەن ، ماڭا ئەجەب قىزغىن مۇئامىلە قىلدى ، دەپ قاپتىكەنمەن . مانا ئەمدى ئۇنىڭ مۇشتتەك قىزى ۋىستاغا

مۇشۇنداق گەپلەرنى قىپتۇ . بۇ بالا زادى قەيەردىن ئاڭلىۋالغان بولغىيدى ؟ »

— ئۇنىڭ نېمە دېيىشى بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن ، قوزام ، — دېدى جېنىنى ئاخىر ، — سىز بىلمەيسىز ، سىزنىڭ دادىڭىز شىدولق ئەپەندى ، سىز كولومبودا تۇغۇلغان . خەقلەرنىڭ باللىرى بىلەن ئۇرۇشماڭ . ئۇرۇشقاندىن كېيىن ، ئۇلار ئەلۋەتتە يامان گەپ قىلىدۇ ، بەزى چاغلاردا بىر گەپلەرنى ئويلانمايلا دەۋېتىدۇ . ئۇنىڭ بىلەن كارىڭىز بولمىسىلا ، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن بىللە يۈرمىسىڭىزلا بولدى . ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولمىسىڭىز ، ئۇمۇ سىزگە ھېچنېمە دېمەيدۇ .

بۇ ئانچە تولۇق بولمىغان چۈشەنچە بولسىمۇ ، لېكىن ھەرھالدا ۋىستا ھازىرچە قانائەتلەنگەن بولدى .

— ئۇ مېنى ئۇرىدىغان بولسا ، مەنمۇ ئۇنى ئۇرىمەن ، — دېدى ئۇ گېپىدە چىڭ تۇرۇپ .

— ئۇنىڭغا ھەرگىز يېقىنلاشقۇچى بولماڭ ، قوزام ، ئاڭلاۋاتامسىز ؟ ئۇنىڭغا يېقىن بارسىڭىزلا ، ئۇ سىزنى ئۇرۇۋالىدۇ ، — دېدى ئاپىسى جاۋابەن ، — سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئوقۇشىنىلا بىلىڭ ، ئۇنىڭغا ئېتىبار قىلماڭ ، ئۇنىڭ چىشىغا تەگمىسىڭىز ، ئۇمۇ سىزگە چېقىلالمايدۇ .

ۋىستا نېرى كەتتى ، جېنىنى ئۆزى يالغۇز قېلىپ ھېلىقى گەپلەرنى قايتا ـ قايتا خىيالىدىن ئۆتكۈزدى . قولۇم ـ قوشنىلار سۆز ـ چۆچەك قىلغىلى تۇرۇپتۇ ـ دە ئەمدى . ئۇنىڭ تارىخى سۆز ـ چۆچەككە دەسمايە بولۇپ بېرىپتۇ . ئەمما ئۇلارنىڭ بۇنى قانداق بىلىپ قالغانلىقى ئېنىق ئەمەس .

جاراھەتنى داۋالاش — ئۇ بىر ئىش ، يېڭى زەربىگە ئۇچراۋېرىش سەۋەبىدىن كونا يارىنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ كېتىش بولسا ، بۇ باشقا ئىش . بىر كۈنى ، جېنىنى تام قوشنىسى خانىم فرېد خانىمنىڭكىگە پەتىگە كىرگۈدى ، ئۇ يەردە ۋىللىستون بوكېر خانىم بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى ، ئۇ خانىم بۇ يەردە چاي ئىچىپ

ئولتۇرغانىكەن . بوكېر خانىم گان جەمەتى بىلەن تونۇشاتتى ، جىنىنىڭ شىمالىي رايوندىكى چېغىدىكى كەچۈرمىشلىرىدىنمۇ خەۋەردار ، يەنە كېلىپ گان ئائىلىسىنىڭ پوزىتسىيىسىدىنمۇ خەۋىرى بار ئىدى . ياداڭغۇ كەلگەن ، ساغلام بەدەن ، نەزەر دائىرىسى كەڭ بولغان بۇ ئايالنى لېئانچو خانىمنىڭ ئېقىمىدىكى ئاياللار قاتارىغا كىرىدۇ ، دېسىمۇ ئوشۇق كەتمەيتتى ، يەنە كېلىپ ئۇ ئىجتىمائىي ئالاقىگە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرەتتى . ئۇ بۇ كەمگىچە فرېد خانىمنىمۇ ئۆزىنى خېلىلا توختاتقان ، دەپ ئويلاپ كەلگەنىدى ، ئەمدى جىنىنىڭ ئۇنىڭغا پەتىگە كىرگىنىنى كۆرۈپ ، ئۇزايىدىن ئۆزىنى تۇتۇۋالغاندەك كۆرۈنسىمۇ ، لېكىن ئىچىدە ئوغىسى قايناپ كەتتى .

— بۇ ياق گان خانىم بولىدۇ ، بوكېر خانىم ، — فرېد خانىم ناھايىتى ئوچۇق چىراي بىلەن ئۇنى مېھمانغا تونۇشتۇردى . بوكېر خانىم جىنىغا قاپاق تېگىدىن بىر نەزەر تاشلىدى .

— رېستوگان خانىمما ؟ — دەپ سورىدى ئۇ .

— شۇنداق ، — دەپ جاۋاب بەردى فرېد خانىم .

— ئەمەلىيەتتە ، — دېدى ئۇ سوغۇق قىياپەتتە ، — رېستوگان خانىمنىڭ نامىنى خېلى بۇرۇنلا ئاڭلىغانمەن ، — ئۇ «خانىم» دېگەن سۆزنى ئالاھىدە كۈچلۈك ئۇرغۇ بىلەن ئېيتتى .

شۇنىڭدىن كېيىن ، ئۇ جىنىغا قاراپمۇ قويماي ، يېنىغا ئۆرۈلۈپ فرېد خانىم بىلەن قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى ـ دە ، جىنىغا بىرەر ئېغىز سۆز قىستۇرغىلىمۇ ئىمكانىيەت قويمىدى . جىنى بۇ خىل ئۇسال ئەھۋالغا نىمە ئامال قىلىشىنى بىلەلمەي ، بىر چەتتە ئىلاجسىز قاراپ تۇردى ، بوكېر خانىم ئەسلىدە ئۇزاقراق ئولتۇرماقچىدى ، بىراق بىرنەچچە ئېغىز گەپنى قىلىپ بولۇپلا قايتىشقا تەمشەلدى .

— مەن ئارتۇق ئولتۇرالمايدىغان بولدۇم ، — دېدى ئۇ ، — نىئىبر خانىمغا بۈگۈن يوقلاپ بارىمەن دەپ ۋەدە قىلىپ قويغانىدىم . سىزنى كۆپ ئاۋارە قىلدىم .

ئۇ ئىشىك تۈۋىگە بارغۇچە، جېنىنىغا نەزەر - گۆزىرىنىمۇ سېلىپ قويمىدى. بوسۇغا تۈۋىگە بارغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۇنىڭغا قاراپ زورمۇزور بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

— بىز ئەمدى ھەمىشە مۇشۇنداق غەلىتە مەخلۇقلارغا دوقۇرۇشۇپ قالىدىغان بولدۇق، — ئىشىكتىن چىقىۋېتىپ، ساھىبخانىغا مۇشۇ گەپنى قىلدى.

فرېد خانىم جېنىنىڭ يېنىنى ئېلىشقا پېتىنالمىدى. چۈنكى ئۆزىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىمۇ ئانچە كۆزگە چېلىققۇدەك ئەمەس، ئۇ پەقەتلا ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە تەبىقىسىنىڭ ئاياللىرىدەك، كىشىلەر بىلەن چىرايلىق مۇئامىلە قىلىپ ئۆتۈشكە تىرىشاتتى، شۇڭا بوكېر خانىمنى رەنجىتىشكە پېتىنالمىدى، چۈنكى ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى جېنىنىڭكىدىن جىق مۇھىم - دە. ئۇ جېنى ئولتۇرغان يەرگە قايتىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا ناماقۇل بولغاندەك مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى، لېكىن كۆڭلى سەل پاراكەندە بولدى. جېنىنىڭغۇ چىرايى ئۆڭۈپلا كەتتى. بىردەمدىن كېيىن، بىر ئىشنى باھانە قىلىپ خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى. بۇ قېتىمقى ھاقارەتلىنىش ئۇنىڭغا چوڭقۇر تەسىر قىلدى، كۆڭلىدە فرېد خانىم ئەمدى مەن بىلەن باردى - كەلدى قىلغىنىغا قاتتىق ئۆكۈنۈۋاتىدۇ، دەپ ئويلىدى. بۇنىڭدىن كېيىن بېرىش - كېلىش، پەتە ئوقۇش دېگەنلەرنىڭ ئايىغى مۇشۇنىڭ بىلەن ئۈزۈلدى، دېگەن گەپ. ئەينى چاغلاردىكى ھېلىقىدەك ئۈمىدسىزلىك تۇيغۇسى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى قايتا ئىگىلىۋالدى، ئۇنىڭغا پۈتكۈل ھاياتى ئۈزۈل - كېسىل مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. بۇ ئىشلارغا ئەمدى ھېچقانداق ئامال يوق، ئامال بولغان تەقدىردىمۇ بەرىبىر ئىشقا ئاشمايدۇ. رېستونىڭ ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىش نىيىتى زادىلا يوق، ئۇنىڭ ئورنىنى ئېنىق بېكىتىش ئويىمۇ يوق.

كۈنلەر كەينى - كەينىدىن ئۆتۈپ كېتىۋەردى، ئىشلار يەنە شۇ تەرىقىدە داۋام قىلىۋەردى. بۇ كاتتا ئىمارەتنى، مۇنۇ تەكشىلەنگەن چىمەنلىكنى، بۇكىكىدە باراقسان بولۇپ كەتكەن

www.uyghurkitap.com

دەل ـ دەرەخلەرنى ، تۈۋرۈكلەرگە ۋە ۋادەكلەرگە يامىشىپ نەپىس يېشىل پەردە ھاسىل قىلغان ۋىستېنىيە پىلىكىنى ، گېرخاردتنىڭ ھويلىدا خاتىرجەم ھالدا ئەركىن سەير قىلىپ يۈرگىنىشى ، ۋىستانىڭ ھەر كۈنى چۈشتىن كېيىن مەكتەپتىن قايتىپ كېلىشۋاتقىنىنى ، رېستونىڭ ھەر كۈنى سەھەردە چىرايلىق پەيتۇنغا ئولتۇرۇپ چىقىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرگەندە ، ھەرقانداق ئادەم بۇ گۈزەل ئائىلىدە تىنچلىق ھەم مەمۇرچىلىق ھۆكۈم سۈرۈۋېتىپتۇ ، ئۇنىڭدا ئەمدى زەررىچە كۆڭۈلسىزلىكنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ، دېگەن بولاتتى .

ئەمەلىيەتتىمۇ ، رېستو بىلەن جېنىنىڭ تۇرمۇشى بىر خىلدا ئۆتمەكتە ئىدى . قولۇم ـ قوشنىلاردىن ئۇلار بىلەن باردى ـ كەلدى قىلغۇدەك ھېچكىم قالمىدى ، بولغاندىمۇ ناھايىتى ئاز ئىدى ، شۇڭا ئىجتىمائىي ئالاقە تۇرمۇشى بولارغا يات بولۇپ قالدى ، ئەمما بۇ خىل زىيانىنىمۇ ھېس قىلغۇدەك بولۇشمىدى ، چۈنكى ئائىلىۋى تۇرمۇشنىڭ شادلىقى ۋە قىزىقارلىقىمۇ كۆپ بولىدۇ ـ دە ، ۋىستا پىئانىنو چېلىشنى ئۆگىنىۋاتقانىدى ، ھازىر خېلى ئوبدانلا چالىدىغان بولۇپ قالدى . ئۇنىڭدا مۇزىكا تالانتى بار بولۇپ چىقتى . جېنى ئۆيئىچىدە ئۇچىسىغا زەڭگەر ، سۇس بىنەپشە رەڭلىك ياكى زەيتۇن رەڭلىك خالات كىيىپ ئۆي ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولاتتى ياكى كىيىم تىكەتتى ، ياكى چاچلارنى تازىلايتتى ، بىر بولسا ۋىستانى جابدۇتۇپ مەكتەپكە يولغا سالاتتى ، بىر بولسا نەرسە ـ كېرەكلەرنى رەتلەپ ، يىغىشتۇراتتى ، ئۇنىڭ مۇشۇنداق يېقىملىق تۇرقى كىشىنىڭ زوقىنى قوزغىماي قالمايتتى . گېرخاردت بىرمۇنچە ۋەزىپە بىلەن پايپېتەك بولۇپلا يۈرەتتى ، چۈنكى ئائىلىنىڭ ئىگىلىكىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ قولىدىن ئۆتكەندە ئاندىن كۆڭلى جايىغا چۈشەتتى . ئۇنىڭ ئۆزى ئۈستىگە ئېلىۋالغان شۇنداق بىر ۋەزىپىسى بار ئىدىكى ، ھەر كۈنى ئاخشىمى رېستو ياكى چاكارلار گازۋاي لامپا بىلەن ئېلېكتر لامپىنى ئۆچۈرگەندىن كېيىن ، ئۇ يەنە ئۆچۈرۈلمىگەن چىراغ

قالدىمۇ ، يوق ، دەپ ، ئەتراپنى بىر قۇر كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقاتتى . ئۇنىڭ قارىشىچە ، بۇنداق ئىسراپچىلىق گۇناھ ھېسابلىناتتى .

رېستوننىڭ قىممەت باھالىق كىيىملىرى بىرنەچچە ئاي كىيىلگەندىن كېيىن ئۆزىچىلا غايىب بولاتتى ، بۇمۇ تېجەشلىك نېمىس بوۋاينىڭ نەزىرىدە ئېچىنىشلىق ئىش بولۇپ ھېسابلىناتتى . بەزىدە ئۇنىڭ ئېسىل ئايغىنى خورۇمى ئازراق قورۇلۇپ قالغانلىقى ياكى پاشنىسى ئازراق ئۇپرىغانلىقى ئۈچۈنلا كىيمەي تاشلىۋېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ قالسا ، ئىچى ناھايىتى ئېچىشىپ كېتەتتى . ئۇنىڭ بۇ ئاياغلارنى جۆندەپ قويغۇسى كېلىپ كېتەتتى ، بىراق رېستودىن ئاياغنىڭ نەرى ئەسكىرەپتۇ دەپ سورىسا ، رېستو ئۇنىڭغا كىيسەم ھېچ راھەت ھېس قىلمايۋاتىمەن ، دەپ جاۋاب بېرەتتى .

— مۇشۇنداقمۇ سۆلەتۋازلىق قىلغان بارمۇ ! — گېرخاردت جېنىنىغا دائىم شۇنداق دەيتتى ، — مۇشۇنداقمۇ ئىسراپچىلىق قىلامدۇ ! بۇنداق قىلسا ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدۇ ، بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى گادايلىشىپ قالىدۇ .

— ئۇنىڭغا ئامال يوق ، دادا ، — دەيتتى جېنىنى رېستونى ئاقلاپ ، — ئۇ مۇشۇنداق تەربىيىلەنگەن .

— ھىم ! تازىمۇ ئوبدان تەربىيىلىنىپتىكەن . بۇ ئامېرىكىلىقلارزە ، ئىگىلىك دېگەننى بىزەمۇ چۈشەنمەيدۇ . بۇلار گېرمانىيىگە بېرىپ بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ كەلسە بولىدۇ . مانا شۇ چاغدا بىر دوللارنىڭ قانچىلىك چوڭ رولى بارلىقىنى بىلىۋالىدۇ .

بۇنداق گەپلەرنى رېستو بەزىدە جېنىنىنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلاپ ، كۈلۈپلا قوياتتى . ئۇنىڭ قارىشىچە ، گېرخاردت ناھايىتى قىزىق ئادەم ئىدى .

ئۇنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلىدىغان يەنە بىر ئىش ، رېستوننىڭ سەرەڭگىنى قالايمىقان ئىشلىتىش ئادىتى ئىدى . ئۇ دائىم گەپ قىلىۋېتىپ سەرەڭگە چاقاتتى ، ئەمما تاماكىغا ئوت تۇتاشتۇرۇشنى

www.uyghurkitap.com

ئېسىدىن چىقىرىپ ، قولىدا تۇتۇپ تۇرۇۋېلا ئۆچۈرۈپ قوياتتى . بەزى چاغلاردا بىر تال سىگارتنى ئىككى - ئۈچ مىنۇت ھېلىقىدەك ئاندىن ياندۇراتتى ، سەرەڭگىنى يەنە چېقىپ ، يەنە ئۆچۈرەتتى ، يەنە چاقاتتى . ئايۋاندا بىر بۇلۇڭ بار ئىدى ، رىستو ئەتىياز ياكى ياز كۈنلىرى ئاخشىمى ئاشۇ يەردە ئولتۇرۇپ تاماكا چېكىشنى ياخشى كۆرەتتى . جېنىنىمۇ ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ ئولتۇراتتى ، ھەر دورەم نۇرغۇن سەرەڭگە ئوتلاقتا تاشلىنىۋېتىلەتتى . بىر قېتىم ، گېرخاردت ئوتلاقتا ئوت ئورۇۋېتىپ ، تېخى ئىشلىتىلمىگەن سەرەڭگىلەرنى كۆرۈپ قالدى ، بۇ سەرەڭگىلەر نەچچە تال ئەمەس ، بەلكى پۈتۈن قېپى بىلەن ئوت - چۆپلەرنىڭ ئارىسىدا مىجىلىپ ياتاتتى . ئۇ بۇنى دەسلەپ كۆرگەن چېغىدا ناھايىتى ھەيران قالدى ۋە بىردىنلا كەيپى ئۇچتى . ئۇ ئىسراپچىلىقنىڭ بۇ دەلىل - ئىسپاتلىرىنى تېرىۋېلىپ بىر پارچە گېزىتكە ئورىدى - دە ، جېنىنى كىيىم تىكىپ ئولتۇرغان ئۆيگە ئەكىردى .

— قارىغىنا ، مەن نېمىنى تېپىۋالدىم ! — دېدى ئۇ ، — قارىغىنا ! بۇ كىشى ئىگىلىككە مۇشۇنداق بىپەرۋالىق بىلەن قارايدىغان تازىمۇ بىر . . . تازىمۇ بىر . . . — گېپىنىڭ ئايىغىنى ئاغزىدىن چىقىرالمىدى ، — ئۇ شۇنداق تاماكا چېكىشنى باشلىدىمۇ بولدى ، سەرەڭگىنى مۇشۇنداق كەلسە - كەلمەس ئىشلىتىۋېرىدۇ ، سەرەڭگە دېگەننىڭ بىر قېپى بەش تىيىن تۇرسا — بەش تىيىن دېگىنە . بۇنداق ئادەم كەلگۈسىدە قانچىلىك ياخشى كۈن كۆرۈپ كېتەر . كۈننى قانداقمۇ ئۆتكۈزەر - ھە ، مەن زادىلا بىلەلمىدىمغۇ . مانىڭغا قارىغىنا .

جېنىنى شۇنداق بىر قاراپلا بېشىنى چايقىدى .

— رىستو دېمىسىمۇ ئىسراپچىلىق قىپتۇ ، — دېدى ئۇ .

گېرخاردت كۆيۈپ بولالمىغان سەرەڭگىلەرنى قازناققا ئەچۈشۈپ قويدى . بۇلارنى ھېچبولمىغاندا ئوچاققا تۇتۇرۇق قىلسىمۇ ھېساب . ئۇ : كونا گېزىتنى ئىشلىتىپ يۇرگۈچە ، سەرەڭگە ياغىچىنى ئوچاقتا تۇتاشتۇرۇپ تاماكا چەكسەم بولمامدۇ ،

دېگەن ئوي بىلەن، بۇ سەرەڭگىلەرنى ئوبدان ساقلاپ قويدى؛ ئۇنداق كونا گېزىت دېگەنگۇ دۆۋە - دۆۋىسى بىلەن تاشلىنىپ تۇرۇپتۇ، بۇمۇ مۇشۇ خوجايىنلارنىڭ ئىسراپخورلۇق ئادىتىنىڭ بىر خىل ئىسپاتى - دە. ئۇنىڭغا بۇ دۇنيا تازىمۇ ئېچىنىشلىق بولۇپ تۇيۇلدى. ھەممىلا نەرسە دېگۇدەك ئۇنىڭ كۆزىگە سىغمايۋاتاتتى. ئۇ ئىسراپچىلىق ھەم ھەشەمەتچىلىك ئادىتىگە قارشى تىرىشىپ كۈرەش قىلىۋەردى. ئۆزىگە كەتكەن خەج - خىراجەتنى قاتتىق قىساتتى. بىرنەچچە يىلغىچە، ھەر يەكشەنبە كۈنى رېستونىڭ كونا كىيىمدىن ئۆزگەرتىپ تىكىلگەن قارا رەڭلىــــك كاستۇم - بۇرۇلكىنى كىيىپ يۈردى. ئۆزىنىڭ پىسخىكىسىنى ئانچە - مۇنچە ئۆزگەرتكەندىن كېيىن، رېستو تاشلىۋەتكەن ئاياغلارمۇ ئۇنىڭغا مۇۋاپىق كەلمەيدىغان يېرى يوقتەك كۆرۈندى - دە، ئۇلارنىمۇ پۇتىغا سىپىۋالىدىغان بولدى. ئۇنىڭ كونا گالىستۇكىمۇ بار تېخى — ھېلىقى قارا رەڭلىك گالستۇك — ئۇ بۇنىمۇ ناھايىتى ياقتۇراتتى. ئەپسۇسكى، رېستونىڭ ئىچ مايكىلىرىنى ئۆزگەرتىپ تىكىۋالغىلى بولمايدۇ - دە، بولمىسا ئۇنىمۇ كىيىۋالغان بولاتتى؛ كۆڭلەكلەرنى ئاشپەز ئايال قولىدا ئۆزگەرتىپ تىكىپلا بەرسە، ئۇنىمۇ جان دەپ كىيەتتى. يەنە تېخى رېستونىڭ پايپاقلىرىمۇ بار، رېستو بۇ پايپاقلارنى بىر يېرى ئېلىنمىسىمۇ تاشلىۋېتىۋېرەتتى. شۇنداق قىلىپ، گېرخاردت ئۆزىنىڭ ئۈستىبېشىغا بىر تىيىننىمۇ زايە قىلماي كەلدى.

ئۇ رېستو تاشلىۋەتكەن باشقا كىيىملەرنى — ئاياغ، ئىچ مايكا، ياقىلىق، كاستۇم - بۇرۇلكا، گالستۇك ھەم شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى بىردىن - بىردىن يىغىپ ساقلاپ قوياتتى - دە، بىرنەچچە ھەپتە، بىرنەچچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن تولىمۇ ئېچىنغان ھالدا بىرەر ماشىنچى، بىرەر ئەسكى ئاياغ سودىگىرى ياكى بىرەر لاتا - پۇتا سودىگىرىنى تېپىپ، ئەڭ يۇقىرى باھادا قولدىن چىقىرىۋېتەتتى. ئۇ ئەسكى كىيىم سودىگەرلىرىنىــــڭ ھەممىسىنىڭ ناھايىتى قۇۋ كېلىدىغانلىقىنى بىلىۋالدى - دە،

www.uyghurkitap.com

ھەرقانداق لاتا ـ پۇتا سودىگىرى ياكى ئەسكى ئاياغ سودىگىرىنىڭ ۋايساشلىرىغا ئىشەنمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى يالغانچى ئىدى، ئۇلار «ئۇنداق نامراتمەن، مۇنداق گادايمەن» دەپ قاقشايدۇيۇ، ئەمەلىيەتتە ھەممىدىن باي ئىدى. ئۇ بۇلارنىڭ توغرىسىدىكى گەپ ـ سۆزلىرىنى تازا مۇلاھىزە قىلىپ، ھەتتا كەيىندىن مېڭىپ ئۇلارنىڭ سېتىۋالغان نەرسىلەرنى قانداق بىر ياقلىق قىلىدىغانلىقىنى بىلىۋالغانىدى.

«ھۇ، لۇكچەكلەر، — دەپ قايناپ كېتەتتى ئۇ، — ئۇلار مەندىن بىر جۇپ كونا ئاياغنى ئون تىيىنغا سېتىۋېلىپ، قاراپ تۇرسام ئىشىك ئالدىغا ئېسىپ، ئۈستىگە «ئىككى دوللار» دېگەن باھانى چاپلاپ قويۇۋاتىدۇ. ۋۇ، بۇلاڭچىلار! توۋا، ماڭا بىر دوللار بەرسە نېمە بولىدۇ ـ ھە؟»

جېننى بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىغاندا پىسسىڭىدە كۈلۈپلا قوياتتى. گېرخاردتمۇ پەقەت جېننىغىلا ئاغرىنىپ بېرەتتى، چۈنكى رېستوغا دېسە ھېچقانداق ھېسداشلىق ئىپادىلىمەيدىغىنىنى ئۇبدان بىلەتتى. ئۆزىنىڭ ئازغىنە بايلىقىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان چېركاۋغا سەرپ قىلىۋېتەتتى، بۇ ئەتراپتا، ھەممە كىشى ئۇنى ئادىل، ھالال، ئېتىقادى چىڭ بولۇشىنىڭ تىپى — جىمىكى گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلەتنىڭ ئەلھەق مۇجەسسىمى، دەپ بىلىشەتتى.

شۇنداق قىلىپ، جەمئىيەتتە تەتۈر قويۇن باش كۆتۈرگىنىنى بىلەن، جېننى مۇشۇ مەزگىللەردە ھاياتىدىكى شېرىن چۈش كەبى تۇرمۇشىنى ئۆتكۈزمەكتە ئىدى. رېستو ئۆزىنىڭ مۇشۇ قىلىۋاتقانلىرى توغرۇلۇق گاھى چاغلاردا ئەندىشىدىن خالىي بولالمىسىمۇ، لېكىن ئۇ ھەر ۋاقىت مۇلايىم، سەگەك ئىدى، بەلكى بۇنداق ئائىلىۋى تۇرمۇشتىن راسا بەھرە ئېلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

— ھېچ ئىش يوقتۇ؟ — ئۇ ھەر كۈنى ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە، جېننى ئۇنىڭدىن شۇنداق دەپ سورايتتى.

— ئەلۋەتتە ھېچ ئىش يوق ـ دە! — ئۇ جېننىغا مۇشۇ

جاۋابنى بېرەتتى - دە، ئۇنىڭ ئېغىكىنى ياكى قوۋۇزىنى چىمدىپ قوياتتى.

جېننى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئۆيگە بىللە كىرەتتى، ئەزەلدىن چاقچاق دېدەك سىئاننى ئىتتىك كېلىپ ئۇنىڭ پەلتوسى بىلەن شلەپىسىنى قولىدىن ئالاتتى. قىش كۈنلىرى، ئۇ ھەمىشە كۇتۇپخانىسىدا لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوتنى تاماشا قىلىپ ئولتۇراتتى. ئەتىياز، ياز ياكى كۈز كۈنلىرىدە، ئايۋاندا ئارام ئېلىشنى ياخشى كۆرەتتى، ئۇنىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئولتۇرۇپ پۈتكۈل ئوتلاقنى ۋە تاشقىرىدىكى يوللارنى كۆرگىلى بولاتتى، ئۇ مۇشۇ يەردە غىزادىن ئىلگىرىكى تاماكا چېكىش ئادىتىنى داۋام قىلدۇراتتى. بۇنداق چاغلاردا جېننى ئۇنىڭ ساپاسىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— چېچىڭىز بىر تالمۇ چۇشمەپتۇ، رېستو، بۇنىڭغا خۇش بولمامسىز؟ — دەيتتى ياكى بولمىسا، — ۋىيەي، پېشانىڭىزدە قورۇق پەيدا بولۇپ قاپتۇغۇ. بۇنداق غەم قىلمىسىڭىزچۇ. بۈگۈن ئەتىگەن گالستۇكىڭىزنى ئالماشتۇرماپسىز، نېمىشقا ئالماشتۇرمىدىڭىز؟ مەن سىزگە بىرنى ئېلىپ قويغانىدىم، — دەيتتى.

— ئوھو، ئۇنتۇپتىمەن، — رېستو ھەمىشە مۇشۇنداق جاۋاب قايتۇراتتى ياكى ئۆزىنى ئەتەي پېشانىسىدە قورۇق يوقتەك قىلىپ كۆرسىتەتتى ياكى بولمىسا كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئۇزاققا بارماي پايىنەكباش بولۇپ قالىدىغان ئوخشايمەن، — دەپ قوياتتى.

جېننى مېھمانخانا ياكى كۇتۇپخانىدا، ۋىستا بىلەن گېرخاردتنىڭ ئالدىدىمۇ ئاشۇنداق يېقىملىق قىلىقلارنى قىلىۋېرەتتىيۇ، لېكىن ئۆزىنى سەل تۇتۇۋالاتتى. ئۇ «ئۇچقۇلاقلىق ئوت ئارىسىدىكى چوشقا»، «ئۆمۈچۈك ئۈۋىسى»، «بوۋاقنىڭ رەگەتكە ئېتىشى» دېگەنگە ئوخشاش تېپىشماقلارنى يېشىپ ئويناشنى ياخشى كۆرەتتى. بۇ ئاددىيغىنا كۆڭۈل ئېچىش ئويۇنىغا رېستومۇ قاتنىشىپ قوياتتى، لېكىن ناھايىتى تەستە تاپاتتى،

جىننى بولسا تىپىشماق تىپىشقا چاقفان ئىدى . بەزى چاغلاردا رىستوغا ئۆگىتىۋىتىپ ، ئۆزىچە خۇش بولۇپ كىتەتتى ، يەنە بەزى چاغلاردا رىستونىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈۋىلىپ ، يۈزىنى ئۇنىڭ مۈرىسىگە قويۇۋىلىپ ، ئۇنىڭ بوينىغا گىرە سالغىنىچە ئۇنىڭغا قاراپ - قاراپ تۇرۇپ كىتەتتى . رىستو ئىرەن قىلمىغاندەك ئولتۇرسىمۇ ، لىكىن جىننىنىڭ مۇشۇنداق باي مۇھەببىتىدىن بەھرىمەن بولۇۋاتقىنىدىن قەلبى ئىيتقۇسىز خۇشاللىققا چۆمەتتى . جىننىنىڭ ئەقىللىقلىقى ، مۇلايىملىقى ، زىرەكلىكى ئادەتتىن تاشقىرى شاد - خۇراملىق ھاۋاسىنى پەيدا قىلغانىدى . بولۇپمۇ رىستونى ھەممىدىن بەكرەك ھاياجانغا سالىدىغىنى — ئۇنىڭ ياشلىقى بىلەن گۈزەللىكى ئىدى . بۇنىڭدىن رىستو ئۆزىنىمۇ ياشىرىپ كىتىۋاتقاندەك سىزەتتى ، ناۋادا ئۇنىڭ كۆڭلىنى يىرىم قىلىدىغان قانداقتۇر بىر ئىش بار دىيىلىدىغان بولسا ، ئۇ باشقا ئىش ئەمەس ، دەل ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ قىرىپ كىتىشىدىن ئەنسىرىشى ئىدى . ئۇ : «مەن يا ياشلىقىمنى ساقلاپ قىلىشىم ، ياكى بولمىسا ياش تۇرۇپلا ئۆلۈپ كىتىشىم كىرەك» دىگەن سۆزنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى ، كىيىن بىرىپ جىننىمۇ بۇ گەپنىڭ تىگىگە يىتىۋالدى . رىستونىڭ سەۋەبىدىن ئۆزىنىڭمۇ خىلىلا ياشىرىپ قالغانلىقىنى ھىس قىلىپ ، كۆڭلىدە ناھايىتى خۇشال بولۇپ يۈردى .

ئائىلىۋى تۇرمۇشتىكى يەنە بىر ياخشى ئەھۋال شۇكى ، رىستونىڭ ۋىستاغا بولغان ھىسسىياتى كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىپ بارماقتا ئىدى . ھەر كۈنى ئاخشىمى ، ۋىستا كۈتۈپخانىدىكى چوڭ ئۈستەلدە ئولتۇرۇپ دەرس تەكرارلايتتى ، جىننى ئۇنىڭ قىشىدا ئولتۇرۇپ ئىش تىكەتتى ، گىرخاردت ئۆزىنىڭ مەڭگۈ كۆرۈپ تۈگىتەلمەيدىغان لۇدىر مەزھىپىنىڭ نىمىسچە گىزىتىنى ئوقۇپ ئولتۇراتتى . بوۋاي ۋىستانى گىرمانىيىچە لۇدىر مەزھىپى مەكتىپىگە كىرگۈزەلمىگىنى ئۈچۈن مىڭ ئەپسۇسلىناتتى ، ئەمما رىستونىڭ بۇنداق گەپلەرگە قۇلاق سالغۇسى يوق ئىدى . بەزىدە

جىننى بوۋاينىڭ گېپىنى ئۇنىڭغا يەتكۈزگەندە، ئۇ:
— بىزنىڭ بۇ يەردە ئۇنداق قوپال گېرمانىيىچە تەلىم - تەربىيىنىڭ كېرىكى بولمايدۇ. هازىرقى هۆكۈمەت قارىمىقىدىكى مەكتەپلەر تازا ئوبدان، هەرقانداق بالىغا مۇۋاپىق كېلىدۇ، ئۇنىڭغا دەپ قويۇڭ، بۇنىڭ بىلەن كارى بولمىسۇن، — دەيتتى.
ئائىلىدىكى تۆتەيلەن ئارىسىدا بەزىدە ئىنتايىن كۆڭۈللۈك كەيپىيات هۆكۈم سۈرەتتى. رېستو پات - پاتلا يەتتە ياشلىق بۇ قىز ئوقۇغۇچىنى تېزىغا ئولتۇرغۇزۇۋېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن چاقچاقلىشىشقا ئامراق ئىدى. ئۇ كىشىلىك تۇرمۇشتىكى پاكىتلارنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىپ، قارىماققا توغرىدەك، ئەمەلىيەتتە ناتوغرا بولغان گەپلەرنى قىلىپ، بۇ بالىنىڭ قانداق جاۋاب بېرىشىنى سىناق باقاتتى.
— سۇ دېگەن نېمە؟ — دەپ سورايتتى ئۇ؛ ۋىستا ئۇنىڭغا: «ئۇ بىز ئىچىدىغان نەرسە» دېگەندىن كېيىن، ئۇ يەنە كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، — ئۇغۇ ئەسلىي شۇنداق، لېكىن زادى قانداق نەرسە؟ ئەپەندىڭىز سىزگە تەپسىلىي سۆزلەپ بەرمىگەنمۇ؟ — دەپ تۇرۇۋالاتتى.
— لېكىن، ئۇ بىز ئىچىدىغان نەرسىغۇ، شۇنداق ئەمەسما؟ — ۋىستا ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇۋالاتتى.
— بىز ئىچىدىغان نەرسە دېمەكلىك بىلەنلا، سۇنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولمايدۇ، — دەپ رەددىيە قايتۇراتتى رېستو، — سىز بېرىپ ئەپەندىڭىزدىن: «سۇ دېگەن زادى نېمە؟» دەپ سوراپ بېقىڭ، — ئۇ مۇشۇنداق قىلىپ، بۇ قىيىن سوئالنى بالىنىڭ خىيالىغا سېلىپ، ئۇنىڭ گۆدەك قەلبىنى ئازابلايتتى.
يېمەكلىك، فارفور قاچىلار، ۋىستانىڭ كىيىم - كېچەكلىرى بولامدۇ ياكى باشقا هەرقانداق نەرسە بولامدۇ، ئۇنىڭ خىمىيۋى تەركىبىنى ئايرىپ چىقىش قىيىن ئەمەس، شۇڭا رېستو پات - پات ۋىستاغا بىرەر نېمىنى كۆرسىتىپ، ئۇنىڭدىن شۇ نەرسىنىڭ

سىرتقى كۆرۈنۈشىدىن ئۇنىڭ ماھىيىتىنى ئىنقىلاپ چىقىشىنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋاتتى، مۇشۇنداق قىلىپ، بۇ بالىنى بىر نەچچە دورەم ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇپ، بالىنى ئۆزىدىن خېلىلا ئەيمىنىدىغان قىلىپ قويدى. ۋىستا ئەتىگەندە مەكتەپكە جۈنەشتىن ئاۋۋال، ئۇنىڭدىن: «چىرايلىق كىيىنىپتىمەنمۇ؟» دەپ سورايدىغان بولدى، ئۇنىڭ بۇنداق ئادەتلىنىپ قېلىشىدىكى سەۋەب، رېستوننىڭ ھەمىشە ئۇنىڭ تەقى ـ تۇرقىنى تەنقىد قىلىشىدىن بولغانىدى. ئۇ ۋىستادىن چىرايلىق ياسىنىپ يۈرۈشنى، چېچىنى بىر تال يوغان، كۆك لېنتا بىلەن باغلىۋېلىشنى، ھاۋانىڭ ئۆزگىرىشىگە بېقىپ قونچىسىز بەتىنكىنى ئۆتۈككە ئالماشتۇرۇشنى تەلەپ قىلاتتى، يەنە ئۇنىڭ كىيىملىرىنى ئۆزىنىڭ چىرايىغا ھەم مىجەز ـ خاراكتېرىگە ماسلاشتۇرۇپ، ھەر خىل رەڭدە تىكىپ بېرىشنى تەلەپ قىلاتتى.

— بۇ بالىنىڭ مىجەزى يېنىك، شوخ، ئۇنىڭغا رەڭگى بەك سۇس كۆرۈنىدىغان كىيىملەرنى كىيدۈرمەڭ، — ئۇ بىر قېتىم شۇنداق دېگەنىدى جېنىنىغا.

جېنىنى كىيىم ـ كېچەكلەرگە ئائىت ئىشلارنى ئۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىش كېرەكلىكىنى بارا ـ بارا چۈشىنىپ يەتتى ـ دە، ۋىستاغا:

— مېنىڭ، بېرىپ دادىڭىزغا، چىرايلىق بولدۇممۇ، دەپ كۆرسىتىپ بېقىڭ، — دەيدىغان بولدى.

ۋىستا رېستوننىڭ ئالدىغا بېرىپ شوخلۇق قىلىپ بىر پىرقىرىۋەتكەندىن كېيىن: «قاراڭا» دەيتتى.

— بوپتۇ، دۇرۇس. ئەمدى بارسىڭىز بولىدۇ، — دېگەن جاۋابنى ئالغاندىن كېيىن ئاندىن ماڭاتتى.

بۇ بالىغا رېستوننىڭ ئاجايىپ مەستلىكى كېلەتتى، مەيلى يەكشەنبە بولسۇن، بولمىسۇن، جېنىنى بىلەن ئىككىسى پەيتۇنغا ئولتۇرۇپ سىرتقا چىقماقچى بولسىلا، ئۇنى ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرغۇزۇۋالاتتى. ئۇ جېنىنىغا: «بالىنى ئۇسسۇل مەكتىپىگە



www.uyghurkitap.com

بىرەيلى» دەپ قاتتىق تۇرۇۋېلىۋىدى، گېرخاردت ئاچچىقىدا چىچاڭلاپ كەتتى.

— دىنغا مۇشۇنداقمۇ ئاسىي بولغان بارمۇ! — ئۇ جىنىنغا شۇنداق دەپ ئاغرىنىپ بەردى، — بۇنداق شەيتاننىڭ ئۆيۈنىنى قوي. ئۇ ھازىر ئۇسسۇل مەكتىپىگە بارسا، كېيىن نېمە بولماقچى؟ بۇنداق قىلغىنىڭلار بالىنى قاراپ تۇرۇپلا نابۇت قىلغىنىڭلار ئەمەسمۇ؟

— ئو - ھوي، ئۇنداق ئەمەس، دادا، — دەپ جاۋاب قايتۇردى جېنىنى، — ئۇنچىۋالا يامان بولۇپ كېتىدۇ دېگىلىمۇ بولماس. ئۇ دېگەن ناھايىتى ئوبدان مەكتەپ. رېستو ئۇنى بارسۇن دەۋاتىدۇ.

— رېستو، رېستو! ھەي بۇ ئادەمنى! بالىنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكى توغرۇلۇق ئۇ قانچىلىك بىلەر! ئۇ پەقەت قارتا ئويناشنى، ھاراق ئىچىشنىلا بىلىدۇ!...

— ھوي، دادا، بۇ گېپىڭىز بولمىدى، بۇنداق گەپنى قىلمايدىغان، — جېنىنى ئىتتىكلا ئۇنى گەپتىن توختىتىۋالدى، — ئۇ ياخشى ئادەم، بۇنى ئۆزىڭىزمۇ بىلىسىزغۇ.

— شۇنداق، شۇنداق، ياخشى ئادەم، بەزى ئىشلارغۇ بەلكىم توغرىدۇر. بىراق بۇ ئىش زادى توغرا ئەمەس، توغرا ئەمەس.

ئۇ شۇنىڭ بىلەن غۇدۇرىغىنىچە نېرى كەتتى. رېستونىڭ يېنىدا تۇرغان بولسا، ھېچنېمە دېيىشكە پېتىنالمايتتى، ۋىستانى كۆرۈپ قالىدىغان بولسىغۇ، يۇمشاپلا كېتەتتى.

— خەپ سىزنى، — ۋىستا ھەمىشە ئۇنىڭ بىلەكلىرىنى تارتىپ، ئاق سانجىغان ساقاللىرىنى سىقىملاپ تۇرۇپ شۇنداق دەيتتى. بۇنداق چاغلاردا، گېرخاردت قەيسەر بولالماي قالاتتى. چۈنكى بۇنداق چاغلاردا ئۇ ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولالماي، بوغۇزىغا بىرنېمە كەپلىشىپ قالغاندەك بولۇپ قالاتتى.

— شۇنداق، مەن سېنىڭ نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىڭنى بىلىمەن، — دەيتتى ئۇ ۋارقىراپ تۇرۇپ.

ۋىستا ئۇنىڭ قۇلاقلىرىنى چىمدىۋالاتتى.

www.uyghurkitap.com

— بولدى ! بەس ! — دەيتتى بوۋاي ، — مۇشۇمۇ يېتەر بىراق ۋستا قاچان بولدى قىلغۇسى كەلسە ، شۇ چاغدا قولىنى تارتتى . گېرخاردت بۇ بالىغا ئاجايىپلا چوقۇناتتى ، ۋستا ئۇنى قانداق قىلغۇسى كەلسە شۇنداق قىلالايتتى . ئۇ ھەرقاچان ، ھەر زامان بۇ بالىنىڭ ئىتائەتمەن قولى ئىدى .

## 39

مۇشۇ مەزگىللەردە ، گان جەمەتىنىڭ رىستونىـــڭ بۇنداق تاپتىن چىقىپ كەتكەن تۇرمۇشىغا بولغان نارازىلىقى بارغانسېرى كۈچەيگىلى تۇردى . ناۋادا مۇشۇ پېتى كېتىۋېرىدىغان بولسا ، ئاخىر بىر كۈنى شەرمەندە بولىدىغانلىقى ئۇلارغا ناھايىتى ئېنىق ئىدى . تاشقىرىدىكى سۆز ـ چۆچەكلەر خېلى ئۇلغىيىپ قالدى . كىشىلەر گەرچە بىۋاسىتە دېمىگىنى بىلەن ، كۆڭلىدە ھەممىنى بىلىپ بولغانىدى ، گان بوۋاي ئوغلىنىڭ خەلقئالەمنىڭ ئەيىبلىشىگە قارىماي مۇشۇنداق قىلىپ يۈرۈۋاتقىنىنىڭ سەۋەبــى زادى نېمە ئىكەنلىكىنى ھېچ بىلەلمــــدى . مۇبادا ئۇ ئايالنىـــڭ بەزى ئالاھىدىلىكى بولغان بولسا ، يەنى ئۇ سەھنىلەردىكـــى ئېزىتقۇ جادۇگەر ياكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەســـدىكـــى مەشھۇر شەخسلەردىن بولغان بولسىمىغۇ ، ئۇ چاغدا ئۇنىڭ بۇ قىلىقىنى ساۋاق ئالغۇچىلىكى يوق دەپ قارىسىمۇ ، بىرەر باھانە ـ سەۋەبنى تەييارلاپ قويسىمۇ بولىدىغان ئىش ئىدى ، بىراق لۇئىزانىـــڭ تەسۋىرلىگىنىدەك ، ئەقىل ـ ھوشى ئادەتتىكـــدەكلا بولغان مۇشۇنداق بىرنېمىنىڭ — رەزگى چىراي بىر خوتۇننىڭ ئوغلىنى ئۆزىگە شۇنچىۋالا رام قىلىۋالغىنىنى ئۇ زادىلا چۈشىنەلمەي قالدى .

رىستو ئۇنىڭ ئوغلى ، يەنە كېلىپ ئارزۇلۇق ئوغلى تۇرۇپ ، بۈگۈنكى كۈندە قائىدە ـ يوسۇنلۇق ئائىلـــە قۇرماي ، ئۆزى بىلگىنىنى قىلىپ يۈرسە ، بۇ چاتاقنىڭ يوغىنى بولماي نېمە !

سىنسىنناتى دېگەن بۇ شەھەردە ئۇنى تونۇيدىغان، بەلكى ياخشى كۆرىدىغان قىزلارمۇ يوق ئەمەسقۇ. مانا لېتتى بىسنى مىسالغا ئالايلى، رېستو نېمىشقا ئۇنىڭ بىلەن توي قىلمايدىكىنە؟ ئۇ قىزدا چىراي دەمدۇ، مىجەز ـ خاراكتېر دەمدۇ، قابىلىيەت دەمدۇ، ئىشقىلىپ ھەممىسى تېپىلىدۇ. بوۋاي دەسلەپتە قايغۇرۇپ يۈردى، كېيىن بارا ـ بارا ئۇنىڭغا يۈرىكىنىڭ بىر يېرىدىن نەپرەتلىنىدىغان بولۇپ قالدى. رېستونىڭ ئۇنىڭغا بۇنداق مۇئامىلە قىلىشى گويا بىر خىل ھاقارەت ئىدى. بۇ تەبىئىي، ئادىل، ھەققانىي بولمىغان بىر ئىش ـ دە. ئۇ بۇ ئىشنى خىيالىدىن قايتا ـ قايتا ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئاخىر ئازراق بولسىمۇ ئۆزگىرىش پەيدا قىلىش كېرەك، دېگەن ئويغا كەلدى، بىراق زادى قانداق ئۆزگىرىش بولۇشى كېرەكلىكىنى ئۆزىمۇ دەپ بېرەلمەيتتى. ئۇ پەقەت: رېستو مېنىڭ ئارزۇلۇق ئوغلۇم، كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ قىلىقلىرىنى تەنقىد قىلىپ يۈرۈشلىرىنى كۆتۈرەلمەيمەن، دېگەن پىكىردە ئىدى. لېكىن شۇنىسى ئېنىقكى، ھازىرچە ھېچقانداق ئامال يوق ئىدى.

شۇ مەزگىللەردە ئائىلىدە خىلمۇخىل ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىپ، ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى تېزلەتتى. ئەسلىدە لۇئىزا ھېلىقى دورەم چىكاگوغا بېرىپ كەلگەندىن كېيىن، بىرنەچچە ئاي ئۆتمەيلا توي قىلىۋالغانىدى، شۇڭا، باللار كەلمىسە، ئۆينىڭ ئىچى قۇرۇق بىلىنىدىغان بولۇپ قالدى، لۇئىزانىڭ تويىغا رېستومۇ تەكلىپ قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بارمىدى. يەنە بىر ئىش، گان ئاغچا خېنىمنىڭ ئالەمدىن ئۆتكەنلىكى بولۇپ، ئەمدى ئائىلىنى يېڭىباشتىن تەرتىپكە سېلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغانىدى. رېستو جىنازىغا ئۇلگۇرۇپ قايتىپ باردى، مۇشۇ بىرنەچچە يىل مابەينىدە ئاپىسى بىلەن شۇنچە يىراقلىشىپ كەتكىنىنى، ئاپىسىغا شۇنچە كۆپ غەمنى يۈكلەپ قويغىنىنى خىيال قىلغىنىدا، كۆڭلى ئىختىيارسىز بۇزۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنى ئاقلاپمۇ تۇرمىدى. دادىسى ئەسلىدە مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، بۇ مەسىلىنى ئۇنىڭ بىلەن دەرقەمتە ئولتۇرۇپ ھەل

قىلىش ئۇيىدا بولغانىدى ، بىراق ئۇنىڭ كەيپىياتىدىكى مەيۈسلۈكنى كۆرۈپ ، بۇ ئىشنى بىر چەتكە قويۇپ تۇردى . رېستو چىكاگوغا قايتىپ كەتكەندىن كېيىن ، يەنە بىرنەچچە ئاي داۋامدا بۇ ئىش زادىلا تىلغا ئېلىنمىدى .

گان ئاغىچا خېنىم ئالەمدىن ئۆتكەن ، لۇئىزا ياتلىق قىلىنغاندىن كېيىن ، بوۋاي روبېرتنىڭ ئۆيىگە كۆچۈپ كېلىۋالدى ، چۈنكى روبېرتنىڭ ئۈچ پەرزەنتى ئۇنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىگە شاد - خۇراملىق بېغىشلىيالايتتى . ئۇنىڭ تىجارەت ئىشلىرىنى تاكى ئۇنىڭ كۆزى يۇمۇلۇپ ، ئەڭ ئاخىرقى تەقسىمات ئېلىپ بېرىلمىغۇچە ، ھازىر پۇتۇنلەي روبېرت ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇرۇۋاتاتتى . روبېرت كەلگۈسىدە يالغۇز ئۆزى ئىگىدارچىلىق قىلىش نىيىتىدە ، سىڭىللىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەرلىرى بىلەن ، ھەتتا دادىسى بىلەنمۇ ناھايىتى ئەپ بولۇۋالغانىدى . ئۇ خۇشامەتچى ئەمەس ، لېكىن ھىيلىگەر ، شەپقەتسىز سودىگەر ، ھەقىقەتەنمۇ رېستونىڭ تەشۋىش قىلىپ يۈرگىنىدىنمۇ بەك يامان ئىدى . ئۇنىڭ مال - مۈلكى ئىنى - سىڭىللىرى ئارىسىدىكى ھەرقانداق ئىككىيلەننىڭ مال - مۈلكىنىڭ ساندىن ئېشىپ كەتكەن بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ ھېلىھەم ناھايىتى تېجەشلىك ئىدى ، شۇنىڭدەك ھەمىشە ئۆزىنى كەمبەغەل قىلىپ كۆرسىتىپ تۇرۇۋالاتتى . ئۇ باشقىلارنىڭ ھەسەتخورلۇقىنى قوزغاپ قويۇش خەتەرلىك ، دەپ بىلگەچكە ، سپارتاكچە تۇرمۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا رازى ئىدى ، شۇڭا جىمى زېھنىنى پۇل - دۇنياغىلا سەرپ قىلاتتى . رېستو ئۇياقتا كەيپ - ساپا سۈرۈپ يۈرسە ، روبېرت بۇياقتا ئىش بىلەن — ھېچ تۈگىمەيدىغان ئىش بىلەنلا مەشغۇل ئىدى .

روبېرت رېستونى چەتكە قېقىپ ، ئۇنى تىجارەتنى باشقۇرۇش پىلانىغا قاتناشتۇرماسلىققا ئۇنچە ئاۋارە بولۇپ يۈرمىسىمۇ ، دادىسى ئاللىبۇرۇنلا چىكاگودىكى ئەھۋالنى ئويلاپ ، رېستوغا ئۇنداق جىق مۈلۈكنى تۇتقۇزۇپ قويماسلىق قارارىغا كەلگەنىدى . ئۇنىڭ چۈشىنىشىچە ، رېستو ئىرادىلىك ئادەم بولۇپ چىقمىغانىدى .

ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەننى ئۆزئارا سېلىشتۇرىدىغان بولساق ، رېستو بىلىم ياكى ھېسسىيات جەھەتتە ئاكىسىنى بېسىپ چۈشەلىشى مۇمكىن — سەنئەت ۋە ئىجتىمائىي ئالاقە جەھەتتىغۇ ئاكىسى بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ — بىراق روبېرت بىر خىل تەمكىن ھەم ئۇنۇملۇك ئۇسۇل بىلەن سودا ئىشلىرىدا مۇۋەپپەقىيەت قازانغانىدى . ناۋادا رېستو مۇشۇ رىقابەت باسقۇچىدا يەنىلا ئۆزىنى روھلاندۇرمايدىغان بولسا ، ئۇ چاغدا قاچان روھلىنالايدۇ ؟ ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىنى باشقۇرۇشقا ماھىر بىرەرىگە تاپشۇرۇپ بەرگەنمۇ تۇزۇك ئوخشايدۇ . شۇڭا ، بوۋاي ئادۋوكاتنى چاقىرىپ كېلىپ ئۆزىنىڭ ۋەسىياتنامىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈشنى ، ئەگەر رېستو خۇلق ـ پېئىلىنى يەنىلا ئۆزگەرتمەيدىغان بولسا ، ئۇنىڭغا قالدۇرماقچى بولغان مىراسىنى قايتۇرۇۋېلىپ ، ئۇنى پەقەت ئاتاقتىكى تاپاۋەتتىنلا بەھرىمەن قىلىشنى خېلى بۇرۇنلا كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغانىدى . لېكىن ، كېيىن رېستوغا بىر ئاز پۇرسەت يارىتىپ بەرمەكچى — ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭغا : «ئۆزۈڭنىڭ بۇنداق بىمەنە تۇرمۇشۇڭدىن ۋاز كېچىپ ، قەددىڭنى رۇسلا ، ھېلىھەم كېچىكمەيسەن ، سېنى راستتىنلا بۈيۈك ئىستىقبال كۈتۈپ تۇرۇپتۇ » دەپ يەنە بىر مەرتەم نەسىھەت قىلىپ كۆرمەكچى بولدى . بىراق ئۇ ئاۋۋالقى تۇرمۇشىدىن ۋاز كېچىشنى خالارمۇ ؟ بوۋاي شۇ ۋەجىدىن رېستوغا خەت يېزىپ ، ئۇنى ۋاقتىڭ يەتسە ، بىر كېلىپ مېنىڭ بىلەن ئەھۋاللىشىپ كەتكەن بولساڭ ، دەپ چاقىردى . شۇنىڭ بىلەن ئوتتۇز ئالتە سائەتكە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ، رېستو سىنسىنناتىدا ھازىر بولدى .

— مەن سېنىڭ بىلەن يەنە بىر مەرتەم سۆزلىشەي دېگەنىدىم ، رېستو ، بۇ دورەمقى سۆزۈمنىڭ تېمىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ماڭا خېلى تەس كېلىۋاتىدۇ ، — بوۋاي گەپنى شۇنداق باشلىدى ، — مېنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىمنى بىلىدىغانسەن ؟

— ھە ، بىلىمەن ، — رېستو سالقىن قانلىق بىلەن جاۋاب قايتۇردى .

— ئىلگىرى ، ياش ۋاقىتلىرىمدا : ئوغلۇمنىڭ نىكاھ ئىشى مېنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتسىز ، دەپ ئويلايتتىم . مانا ئەمدى بۇ ياشقا يەتكەندە ، بۇ چۈشەنچەممۇ ئۆزگەردى . مەن تىجارەت ئىشلىرىدا ئېلىم - بېرىم قىلىپ كەلگەن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدىدىن ، قانۇنىي نىكاھلىنىشنىڭ ئادەمگە ھەقىقەتەنمۇ زور ياردىمى بارلىقىنى كۆرۈپ يەتتىم ، شۇڭلاشقا ئۆز پەرزەنتىمنىڭ تۇزۇككىنە نىكاھلىق بولۇپ ئۆتۈشىنى تۆت كۆزۈم بىلەن كۈتىدىغان بولۇپ قالدىم ، مەنغۇ ئەزەلدىنلا غېمىڭنى يەپ كەلگەن ، رېستو ، ھېلىھەم سېنىڭ غېمىڭدە يۈرۈۋاتىمەن . يېقىندىن بۇيانقى ھېلىقىدەك ئىشلىرىڭ مېنى تۈگىمەس غەمگە سېلىپ قويىدى . ئاپاڭغۇ ئاچچىق يۇتۇپلا ئۆلۈپ كەتتى . بۇ ئۇنى تازىمۇ ئازابلىغان ئىش بولدى . ئىشىڭنىڭ يامانلىشىپ قايسى دەرىجىگە بېرىپ يەتكىنىنى ئويلاپ باقتىڭمۇ ؟ ساڭا قارا چاپلايدىغان گەپ - سۆزلەر بۇ يەرگىمۇ يېتىپ كەلدى . چىكاگودىكى ئەھۋالىڭ قانداقلىقىدىن خەۋىرىم يوق ، بىراق بۇ سىر ئۇتقىلى بولمايدىغان ئىش - دە . بۇنداق ئىشىڭنىڭ ئائىلىمىزنىڭ تىجارىتىگە پايدىسى يوق ، ئۆزۈڭگىمۇ زادى پايدىسى يوق . بۇ ئىش شۇنچە ئۇزاققىچە سۆرىلىپ كەلگەچكە ، ئۆزۈڭنىڭ ئىستىقبالىمۇ زىيانغا ئۇچرىدى ، شۇنداق تۇرۇپ ، سەن ئۇنى يەنە كەينىڭگە سۆرەۋاتىسەن . بۇنداق قىلىشىڭدىكى سەۋەب زادى نېمىدىن ؟

— مېنىڭچە ئۇنى ياخشى كۆرگەنلىكىمدىن بولسا كېرەك ، — دەپ جاۋاب بەردى رېستو .

— بۇ سېنىڭ چىن سۆزۈڭ ئەمەس ، — دېدى دادىسى ، — ئەگەر ئۇنى ياخشى كۆرىدىغان بولساڭ ، ئۇنىڭ بىلەن ئاللىبۇرۇنلا توي قىلغان بولاتتىڭ . مۇشۇنداق بىر ئايال بىلەن شۇنچە يىلدىن بېرى بىللە ياشاپ ، ئۇنىمۇ ، ئۆزۈڭنىمۇ ھاقارەت ئاستىغا قويغان تۇرۇقلۇق ، ئەمدى يەنە ئۇنى ياخشى كۆرىمەن دەۋاتىسىنا . بەلكىم ئۇنىڭغا قارىتا شەھۋانىي نەپسىڭنىڭ كەينىگە كىرگەن بولۇشۇڭ مۇمكىن ، لېكىن بۇنى مۇھەببەت دېگىلى بولمايدۇ .

— مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن توي قىلمىغانلىقىمنى قانداق بىلىسىز ؟ — رېستو سوغۇققىنا سورىدى . ئۇنىڭ مەقسىتى دادىسىنىڭ بۇ ئىشقا بولغان پوزىتسىيىسىنى چېكىپ بېقىش ئىدى .
— راست ئېيتىۋاتمىغانسەن ! — بوۋاي بىلىكىگە تايىنىپ ئۆرە بولدى - دە ، ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىدى .
— ياقەي ، ھازىر راست ئەمەس ، — دېدى رېستو ، — ئەمما بەلكىم راستتىن شۇنداق قىلىشىم ، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشىم مۇمكىن .
— مۇمكىن ئەمەس ! — دېدى دادىسى كۈچەپ تۇرۇپ ، — ئىشەنمەيمەن ، سېنىڭدەك ئەقىللىق كىشىنىڭ مۇشۇنداق ئىشنى قىلىدىغىنىغا ئىشەنمەيمەن ، رېستو . سېنىڭ ئەقلىڭ نەلەرگە كەتتى ؟ نېمە ، ئۇنىڭ بىلەن شۇنچە يىلدىن بېرى ئوچۇق - ئاشكارا يۈرۈپ ، ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىمەن دەۋاتامسەن ؟ ئەگەر مۇشۇنداق قىلىدىغان ئويۇڭ بولىدىغان بولسا ، نېمىدەپ دەسلەپتىلا شۇنداق قىلمىدىڭ ؟ شۇ ئايالنىڭ كاساپىتىدىن ئاتا - ئاناڭغا ھاقارەت كەلتۈردۈڭ ، ئاپاڭنى جىلە قىلىپ ئۆلتۈردۈڭ ، ئىشلىرىڭنى زىيانغا ئۇچراتتىڭ ، ھەتتاكى خالايىق تەرىپىدىن چۆرۈپ تاشلاندىڭ ، ئەمدى يەنە شۇنىڭ بىلەن توي قىلىمەن دەۋاتامسەن ؟ مەن بۇنىڭغا ئىشەنمەيمەن .
بوۋاي شۇ گەپنى قىلىپ بولۇپ ، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كەتتى .
— ئاچچىقىڭىز كەلمىسۇنچۇ ، دادا ، — رېستو ئالمان - تالمان سۆزلەپ كەتتى ، — ھازىر تېخى ئۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتكىنىمىز يوق . مەن پەقەتلا : بەلكىم ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشىم مۇمكىن ، دەپ قويدۇم . ئۇغۇ ئۇنچە ئەسكى ئايال ئەمەس ، ئۇنىڭ توغرىسىدا بۇنداق گەپلەرنى قىلمىسىڭىز كەن . چۈنكى سىز ئۇنى كۆرۈپ باقمىغان . ئۇنىڭ قانداقلىقىنى پەقەتلا بىلمەيسىز .
— تازا ئېنىق بىلىمەن ، — بوۋاي گېپىدە چىڭ تۇرۇۋالدى ، — ھېچقانداق بىر ياخشى ئايالنىڭ ئۇنىڭغا ئوخشاش

ئىشلارنى قىلىپ يۈرمەيدىغانلىقىنىمۇ بىلىمەن. شۇنى بىلىپ قويغىنىكى، ئۇ پەقەت سېنىڭ پۈلۈڭنىلا كۆزلەۋاتىدۇ. ئۇنىڭغا بۇنىڭدىن باشقا نېمە كېرەك بولاتتى؟ بۇ ناھايىتى ئېنىق ئىش.

— دادا، — گەپ مۈشۈ يەرگە كەلگەندە، نومۇس قىلغىنىدىن ھەم غەزەپلەنگىنىدىن رېستونىڭ ئاۋازى پەسلەپ كەتتى، — نېمىشقا بۇنداق گەپلەرنى قىلىسىز؟ سىز ئۇنى ئىلگىرى بىلمەيتتىڭىز. لۇئىزا قايتىپ كېلىپ كىشىنىڭ ئوغىسىنى قايىنىتىدىغان گەپلەرنى قىلغاندىن كېيىنلا ھەممىڭلار ئۇنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ كەتتىڭلار. ئەمەلىيەتتە ئۇ سىزنىڭ ئويلىغىنىڭىزدەك ئۇنچىۋالامۇ ئەسكى ئەمەس ئىدى. سىزنىڭ ئورنىڭىزدا مەن بولىدىغان بولسام، ئۇنىڭ توغرۇلۇق ھەرگىزمۇ سىز دېگەندەك گەپلەرنى قىلمىغان بولاتتىم. سىز بىر ياخشى ئائىلىغا ئۇۋال قىلىۋاتىسىز، نېمە سەۋەبتىنكىنتاڭ، ئۇنىڭغا ئادىللىق قىلمايۋاتىسىز.

— ئادىللىق! ئادىللىق! — بوۋاي ئۇنىڭ گېپىنى ئۈزۈۋەتتى، — ئەمدى ئادىللىقتىن گەپ ساتقىلى تۇردۇڭمۇ. سېنىڭ بىر جالاپ بىلەن بىر ئۆيدە ئۆتۈۋاتقىنىڭ ماڭا قىلغان ئادىللىقىڭما؟ ئائىلىمىزگە قىلغان ئادىللىقىڭما؟ ئۆلۈپ كەتكەن ئاپاڭغا قىلغان ئادىللىقىڭما؟ بۇ . . .

— بولدى، سۆزلىمەيلا قويۇڭ، دادا، — رېستو قوللىرىنى پۇلاڭلاتقىنىچە قايناپ كەتتى، — سىزگە راست گەپنى قىلسام، مەن بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلاشنى خالىمايمەن. سىزنىڭ ھازىر تىلغا ئېلىۋاتقىنىڭىز مەن بىلەن بىر ئۆيدە تۇرۇۋاتقان ئايال — بەلكى مەن نىكاھىمغا ئالماقچى بولغان ئايال. مەن سىزنى جېنىمدىن ئارتۇق كۆرىمەن، ئەمما سىزنىڭ بۇنداق پاكىتقا ئۇيغۇن بولمىغان سۆزلەرنى قىلىپ يۈرۈشىڭىزنى خالىمايمەن. ئۇ جالاپ ئەمەس. بىلىپ قويۇڭكى، مەن جالاپ بىلەن بىر ئۆيدە ياشايدىغان ئادەم ئەمەسمەن. بۇ ئىش توغرۇلۇق ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن سۆزلىشەيلى، ئۇنداق بولمايدىكەن، ھازىرلا كېتىمەن. مېنى

كەچۈرۈڭ ، ئالدىڭىزدا تولىمۇ خىجىلمەن . لېكىن مېنىڭ بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلاشقا تاقىتىم يوق .

بوۋاي تىنچلىنىپ قالدى . ئۇ گەرچە ئوغلىنىڭ قىلىقلىرىغا قارشى بولسىمۇ ، ئۇنىڭ پىكرىگىمۇ ھۆرمەت قىلاتتى . ئۆزىنىڭ ساپاسىغا بېرىپ ئولتۇرۇپ ، كۆزلىرىنى پولغا تىككىنىچە ، ئۆزىگە ئۆزى : «بۇ ئىشنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك ؟ » دەپ سوئال قويدى .

— يەنە ھېلىقى بۇرۇنقى جايدا ئولتۇرۇۋاتامسەن ؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئاخىر .

— ياق ، خىد باغچىسىغا كۆچۈپ كەتتۇق . ئۇ يەردىن ئىجارىگە ئۆي ئالدىم .

— يەنە بىر بالا بار دەپمۇ ئاڭلىۋىدىم . ئۇ سېنىڭما ؟

— ياق .

— ئۆزۈڭنىڭ پەرزەنتى بارمۇ ؟

— يوق .

— بوپتۇ ، ھەرھالدا خۇدايىم بىر ساقلاپتۇ .

رېستو ئېڭىكىنى ھەدەپ تاتىلايتتى .

— ئۇنداقتا سەن ئۇنىڭ بىلەن جەزمەن توي قىلماقچىمۇ سەن ؟ — بوۋاي يەنە سورىدى .

— مەن ئۇنداق دېمىدىمغۇ ، — دېدى ئوغلى جاۋابەن ، — مەن بەلكىم ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشىم مۇمكىن دېدىم .

— بەلكىم ! بەلكىم ! — بوۋاينىڭ يەنە جۇدۇنى ئۆرلىدى ، — بۇ قانداق تراگېدىيە ! سەن ھەم سېنىڭ ئىستىقبالىڭچۇ ؟ سېنىڭ ئۈمىدلىرىڭچۇ ؟ ئويلاپ باق ، مەنزىرە ئاق - قارىنى پەرق ئېتەلمەيدىغان بىر ئادەمگە مال - مۈلۈك تەقسىم قىلىپ بېرەمەنما ؟ ھوي ، رېستو ، سەن بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنى ، ھەتتاكى ئۆزۈڭنىڭ ئائىلەڭنى ، ئۆزۈڭنىڭ نام - شۆھرىتىڭنى نەزىرىڭگە ئىلىپمۇ قويمايۋاتىسەن . سېنىڭ بۇنچىلىك يۈزسىز

www.uyghurkitap.com

بولۇپ كەتكىنىڭنى پەقەتلا چۈشىنەلمىدىم . سېنى خۇددى مۇمكىن بولمايدىغان بىر خىل بىمەنە خىيال چىرمىۋالغاندەك قىلىدۇ .

— بۇ ئىشلارنى ھەقىقەتەنمۇ چۈشەندۈرۈش تەس ، دادا ، ئۆزۈممۇ نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى بىلەلمەيۋاتىمەن . پەقەتلا بىلىدىغىنىم ، بۇ ئىشنى ئۆزۈم قىلغانىكەنمەن ، ئۇنىڭ ئاماللىنىمۇ ئۆزۈم تېپىشىم كېرەك ، بۇ ئىشنى ئۆزۈم ئاياغلاشتۇرمىسام بولمايدۇ . كېيىنكى ئاقىۋەت ياخشى بولۇشىمۇ مۇمكىن . بەلكىم ئۇنىڭ بىلەن توي قىلماسمەن . كەلگۈسىدە زادى قانداق قىلىش كېرەك ، بۇ توغرۇلۇق ھازىرچە بىرنېمە دېيەلمەيمەن . سىزنىڭ يەنە سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈپ تۇرۇشىڭىزغا توغرا كېلىدۇ . مەن چامامنىڭ يېتىشىچە بىر ئامال قىلىپ باقمايمەنمۇ .

بوۋاي بۇ گەپنى ياقىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ، ھەدەپ بېشىنى چايقايتتى .

— سەن ئىشنى چاتاقلاشتۇرۇۋەتتىڭ ، رېستو ، — دېدى ئۇ ئاخىر ، — ھەقىقەتەن مالىمانلاشتۇرۇۋەتتىڭ . لېكىن مېنىڭچە سەن ئۆز يولۇڭدا كېتىۋېرىش قارارىغا كېلىپ بولغاندەك قىلىسەن . مېنىڭ دېگەن گەپلىرىم ساڭا ھېچ تەسىر قىلمىغان بولسا كېرەك .

— ھازىر دېمىسىمۇ سىزنىڭ گېپىڭىز بويىچە قىلالمايمەن ، دادا . ئالدىڭىزدا خىجىلمەن .

— مەيلى ، ئەمىسە ، سېنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويايكى ، ئەگەر سەن ئائىلىمىزنىڭ يۈز - ئابرۇيى ھەم ئۆزۈڭنىڭ نام - شۆھرىتىڭنى يەنە نەزەرگە ئالماي كېتىۋېرىدىغان بولساڭ ، ۋەسىيەتنامىگە ئۆزگەرتىش كىرگۈزىمەن . ناۋادا بۇ ئىشقا سوكوت قىلىپ تۇرىدىغان بولسام ، ئەخلاق ھەم باشقا ھەممە جەھەتتىن تەسىرگە ئۇچرىماسلىقىم مۇمكىن ئەمەس . بۇنى مەن خالىمايمەن . سەن ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كەتسەڭمۇ ياكى ئۇنىڭ بىلەن توي قىلساڭمۇ بولىۋېرىدۇ . ھازىر سېنىڭ ئالدىڭدا مۇشۇ ئىككىلا يول بار . ئەگەر ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كەتسەڭ ، بۇ قالتىس ئۇلۇغ ئىش

بولىدۇ . ئۇنىڭ ھالىدىن قانچىلىك خەۋەر ئالغۇڭ بولسا ، شۇنچىلىك خەۋەر ئېلىۋېرىسەن ، بۇنىڭغا ھەرگىز قارشى تۇرمايمەن . سىلەر قانچىلىك پۇلغا كېلىشكەن بولساڭلار ، مەن ھەممىسىنى بېرىمەن . ئۇنىڭ ئۇستىگە سەن مېنىڭ ئەسلىدىكى پىلانىم بويىچە ، ئاكا - سىڭىللىرىڭ بىلەن ئوخشاش مىراسقا ئىگە بولىسەن . ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىدىغان بولساڭ ، ئىش ئۇ چاغدا باشقىچە بولىدۇ . قېنى ئەمىسە ئۆزۈڭ بىر يولنى تاللا . لېكىنزە مەندىن ئاغرىنىپ يۈرمە . مەن سېنى جېنىمدىن ئەزىز كۆرىمەن . مەن سېنىڭ داداڭ . مەن ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مەسئۇلىيىتىمنى ئادا قىلماقچىمەن . ئەمدى بېرىپ پۇختىراق ئويلاپ ، جاۋابىنى كېيىن بېرەرسەن .

رېستو ئۇھ تارتىپ قويدى . بۇ قېتىمقى مۇنازىرىدىن ھېچ ئۈمىد يوقلۇقى ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئاللىبۇرۇنلا ئايان ئىدى . ئۇ دادىسىنىڭ بۇ گەپلىرى ئاغزىنىڭ ئۇچىدىن چىقمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى ، بىراق ئۇ جېنىدىن قانداقمۇ ئايرىلالىسۇن ؟ بۇنداق چارىنى قانداقمۇ توغرا دېيەلىسۇن ؟ دادىسى راستىنلا ئۇنىڭغا تېگىشلىك مىراسنى ئەمەلدىن قالدۇرارمۇ ؟ بۇنداق بولۇشى ناتايىن . بوۋاي ئۇنى ھېلىھەم ئەزىزلەيدىكەن . بۇنى ئۇ ئېنىق سېزىۋالدى . لېكىن ئۇنىڭ ئىچى تىت - تىت بولۇپ كېتىۋاتاتتى ، چۈنكى بۇنداق مەجبۇرلاشلار ئۇنىڭ تاقىتىنى تاق قىلىۋەتكەنىدى . ئۇنى — رېستو گاننى مۇشۇنداق ئىشنى قىلىشقا مەجبۇرلاش ، جېنىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇرلاش كىشىنى نەقەدەر ئازابلايدىغان تەدبىر - ھە ! ئۇ كۆزلىرىنى پولغا تىككىنىچە زۇۋان سۈرمەي ئولتۇردى .

بوۋاي ئۆزىنىڭ گېپىنىڭ چىڭ يەرگە بېرىپ تەگكەنلىكىنى بىلدى .

— بولىدۇ ئەمىسە ، — رېستو ئاخىر شۇنداق دېدى ، — ئەمدى يەنە دەتالاش قىلىپ ئولتۇرۇشىمىزنىڭ ھاجىتى بولمىسا

www.uyghurkitap.com

كېرەك . ئىش ئاللىبۇرۇنلا بېكىتىلىپ بولغان، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ مەن ھازىر كەلگۈسىدە قانداق قىلىدىغىنىمنى بىلمەيمەن. بىر مەزگىل ئويدانراق ئويلىنىشىمغا توغرا كېلىدۇ . شۇ تاپنىڭ ئۆزىدىلا بىر قارارغا كېلەلمەيمەن ـ دە .

ئاتا ـ بالا ئىككىيلەن بىر ـ بىرىگە تىكىلگىنىچە ئۈندىمەي قاراپ تۇرۇپ قېلىشتى . رېستو كىشىلەرنىڭ بولۇپمۇ دادىسىنىڭ بۇ ئىشقا شۇنداق ئەستايىدىل پوزىتسىيە تۇتقىنىغا كۆڭلىدە ئۆكۈندى . بوۋاينىڭ ئوغلى ئۈچۈن كۆڭلى ناھايىتى يېرىم بولۇۋاتقان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ ئۆز تەشەببۇسىنى قەتئىي ئىجرا قىلىش قارارىغا كېلىپ بولدى . رېستونى تەسىرلەندۈرۈشنىڭ زادى مۇمكىن ياكى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئۆزىمۇ ھېچ بىلەلمىگەن بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ كۆڭلىدە : بەلكىم ئۇ نىيىتىدىن يېنىپ قالسا ئەجەب ئەمەس ، دېگەن ئۈمىدمۇ يوق ئەمەس ئىدى .

— خەير ئەمىسە ، دادا ، — رېستو دادىسىغا قولىنى ئۇزاتتى ، — مەن سائەت ئىككىدىن ئون مىنۇت ئۆتكەندە ماڭىدىغان پويىزدا كېتەي دەيمەن . ماڭا دەيدىغان باشقا سۆزىڭىز يوقتۇ؟

— يوق .

رېستو كەتكەندىن كېيىن ، بوۋاي بايىقى جايىدىن قىمىرلىماي ، خىيال سۈرگىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى . «بۇ نېمىدېگەن ئوڭايسىز ئىش ـ ھە ! نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق ئاقىۋەت ! نېمە ئۈچۈن جىنايەت بىلەن خاتالىق كىشىلەرگە مۇشۇنداق چېڭ يېپىشىۋالىدىغاندۇ ! — ئۇ بېشىنى چايقاپ قويدى ، — روبېرت كۆپ ئەقىللىق ئىكەن . ئىشنى شۇ باشقۇرسا بولغۇدەك . ئۇ ئېغىر ـ بېسىق ، ئېھتىياتچان . رېستو نېمىشقىمۇ ئۇنى تارتمىغاندۇ ! » دېگەنلەرنى ئويلاپ كەتتى . شۇ تەرىقىدە خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ، ئاندىن ئورنىدىن قوزغالدى . لېكىن ئۇنىڭ ھېلىقى ئازغان ئوغلى ھېلىھەم ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر بىر يېرىدە ئۇنى داۋاملىق ھاياجانغا سالماقتا ئىدى .

# 40

رىستو چىكاگوغا قايتىپ كەلدى . ئۇ دادىسىنى قاتتىق رەنجىتىپ قويغىنىنى كۆڭلىدە بىلەتتى ، ئەمما دادىسىنىڭ ئۇنىڭدىن قانچىلىك دەرىجىدە ئاغرىنغىنىنى ئۆزىمۇ دەپ بېرەلمەيتتى . دادىسى بىلەن بولغان پۈتكۈل شەخسىي مۇناسىۋىتىدە ، دادىسىنىڭ بۇنچىلىك قاتتىق ئاچچىقلانغىنىنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغان . بىراق رىستو دادا بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدىكى ئارازلىقنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنلىكىنى ھېلىھەم سەزمەيۋاتاتتى . ئۇ خىيالىدا : دادامنىڭ مۇھەببىتى بىلەن ئىشەنچىنى ساقلاپ قالالىشىمدا ئۈمىد بار ئىكەن ، ئۇنداقتا كەسكىن تەدبىر قوللىنىشىمنىڭمۇ زۆرۈرىيىتى يوق . باشقىلار قانچىلىك سۆز ـ چۆچەك قىلسا قىلىشىۋەرسۇن . ئۇنىڭ بىلەن كىمنىڭ پەرۋايى؟ مەن ھازىر ئۆزۈمگە قالتىس كۈچ ـ قۇۋۋەت يىغدىم ، مۇستەقىل پۇت تىرەپ تۇرالايمەن ، دەپ ئويلايتتى . لېكىن ئۇ راستتىنلا مۇشۇنداق قۇدرەت تاپقانمىدۇ؟ كىشىلەر ئاجىزلىق تەرىپى بار ياكى ئاجىزلىق تەرىپى سەل ـ پەل ئاشكارىلىنىپ قالغان كىشىلەردىن بىر بالاسى يۇقۇپ قالامدىكىن ، دېگەن ئەندىشىدە ئۆزىنى قاچۇرۇشىدۇ . مەغلۇپ بولغان ياكى مەغلۇپ بولىدۇ دېگەن گۇماندىكى كىشىلەردىن تېزلىك بىلەن ئۆزىنى دالدىغا ئېلىشىدۇ . بۇ ئادەتتە ئەر ـ ئاياللارنىڭ ئاڭسىز ھېسسىياتىغا ئايلىنىپ قالدى . بىز ئۆزىمىزنى قاچۇرماقچى بولغان ئۇنداق كىشىلەردىن خۇددى كېسەلنى يۇقۇپ قالىدىغاندەك قورقىمىز . رىستو مۇشۇلارنى خىيال قىلىشىپ ، جاھاندىكى كىشىلەرنىڭ يامان كۆز بىلەن قارىشىنىمۇ سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ ، دېگەن ھېسسىياتقا كەلدى .

بىر كۈنى ، رىستو بىل تاۋچى بىلەن تاسادىپەن ئۇچرىشىپ

قالدى . ئۇ كىشى تاۋچى شىركىتىنىڭ بىر مىليونلۇق مەبلەغقە ئىگە كاتتىبېشى ئىدى ، تاۋچى شىركىتىنىڭ كىسىمچىلىنىڭ كەسپىدە تۇتقان ئورنى گان جەمەتى شىركىتىنىڭ مارۇۋا ـ ۋاگون كەسپىدىكى ئورنى بىلەن ئوخشاش ئىدى . تاۋچى ئەسلىدە رىستونىڭ ئەڭ يېقىن دوستى ئىدى . كلېۋېلاندتىكى ھىنرى لېئانچو ، سىنسىنناتىدىكى گېئورگى نورسى ، يەنە بۇ تاۋچى ، بۇلارنىڭ ھەممىسى رىستو بىلەن بەكمۇ ئوبدان ئۆتۈشەتتى . رىستو ئۇنىڭ شىمالىي دېڭىز ساھىلى كوچىسىدىكى ھەشەمەتلىك تۇرالغۇسىغا پەتىگە بارغان ، كېيىن ئىككىيلەن ئىجتىمائىي ئالاقە ھەم كەسىپ ئىشلىرىدا پات ـ پات ئۇچرىشىپ تۇراتتى . لېكىن ، رىستو خىد باغچىسىغا كۆچۈپ بارغاندىن كېيىن ، بۇلارنىڭ بىرىش ـ كېلىشى بارا ـ بارا شالاڭلاپ قالغانىدى . مانا بۈگۈن بۇلار مىچىگان كوچىسىدىكى گان جەمەتىنىڭ يېڭى بىناسىغا يېقىن بىر جايدا تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالدى .

— ھوي ، رىستو ، بۇ يەردە ئۇچرىشىپ قالارمىز دەپ ئويلىماپتىكەنمەن ، — تاۋچى شۇنداق دەپلا ، ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن بىر قولىنى ئۇزاتتى ، لېكىن چىرايى سەل سوغۇق كۆرۈنەتتى ، — ئاڭلىسام ئاشۇ قېتىم كۆرۈشكىنىمىزدىن كېيىن توي قىلىۋاپسەن .

— نەدىكىنى ؟ بۇنداق ئىش يوق ، — رىستو «بۇنچىلىك ئىشنىمۇ چۈشەنمەمدىكىنە» دېگەندەك ، ئېرەنشىمىگەن قىياپەتتە جاۋاب بەردى .

— ئەگەر توي قىلغىنىڭ راست بولسا ، نېمىگە بۇنچە سىر تۇتىسەن ؟ — تاۋچى سۆزلەۋېتىپ ، كۈلۈمسىرەپ قويدى ، ئەمما جاۋىغايلىرىدا زورمۇزور كۈلۈۋاتقىنى ئېنىق بىلىنىپ تۇراتتى . ئۇ چىرايلىق پوزىتسىيە تۇتقان بولۇپلا ئۆزىنى بۇ قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرماقچىدى ، — ئىككىمىز جانجىگەر ئاغىنە تۇرۇپ ، مۇشۇنداق ئىشلارنىمۇ بىر ـ بىرىمىزدىن سىر تۇتۇپ يۈرسەك بولامدۇ ؟ نېمىشقا ماڭا خەۋەر قىلمىدىڭ ؟

رىستوغا بۇ تەنە گەپلەر يۇرىكىنى تېشىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلدى .

— ھە ، ئۆزۈمچە يىغىدىن ئويۇن چىقىرىپ باققىنىمچۇ بۇ . مېنىڭچە بۇنداق ئىشلارنىڭ كىشىلەرنى چۆچۈتۈۋەتمىگىنى تۈزۈك .

— بۇمۇ ھەر ئادەمنىڭ ئارزۇ - ھەۋىسىگە باغلىق ئىش ، شۇنداق ئەمەسمۇ ؟ — تاۋچى خۇشياقمىغاندەك سوراپ قويدى ، — ھازىر ئەلۋەتتە شەھەر ئىچىدە تۇرۇۋاتقانسەن ؟

— خىد باغچىسىدا .

— ئۇ ياخشى جاي . باشقا ئىشلار جايىدىدۇ ؟ — ئۇ ئۇستىلىق بىلەن گەپنى باشقا تېمىغا يۆتكىدى - دە ، رىستو بىلەن بىرنەچچە ئېغىز سۆزلىشىپ قويۇپلا ، كەيپسىز ھالەتتە خوشلىشىپ كېتىپ قالدى .

رىستو شۇئان : تاۋچى ئەگەر مېنىڭ توي قىلغانلىقىمغا راستىنلا ئىشەنگەن بولسا ، يېقىن ئاغىنەم بولغاندىكىن خېلى جىق گەپلەرنى سورىشى كېرەك ئىدىغۇ ، دېگەن ھېسسىياتقا كەلدى . چۈنكى ئادەتتىكى ئەھۋالدا ، بۇنداق دوستلار دېگەن چوقۇم ئۇنى بۇ يېڭى خانىمىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدىكى سوئاللارغا كۆمۈپ تاشلىغان ، ئۇنىڭدىن بىرمۇنچىلىغان تەپسىلاتلارنى چۇخچىلاپ سوراپ تۇرۇۋالغان ، بىر بولسا يېڭى خانىمنى ئۆزىنىڭ ئۆيىگە تەكلىپ قىلغان ياكى بولمىسا ئۆزىنىڭ ئۇنى كۆرگىلى قاچان بارىدىغانلىقىنى ئېيتقان بولاتتى . ئەمما تاۋچى ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن مۇشۇنچىلىك ئىشلارنىمۇ چالا قالدۇرغانىدى ، رىستومۇ بۇنىڭدىكى مەنىنى ھېس قىلىپ يەتكەندەك بولدى .

كېيىنچە يەنە بىرمۇنچە ھام مورل ئەر - خوتۇنلار ، ھېنرى ئادېلى ئەر - خوتۇنلار ھەم باشقا نۇرغۇنلىغان سىرداش دوستلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىۋىدى ، ئۇلارمۇ ئۇنىڭغا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىشتى . شۇنىسى ئېنىقكى ، بۇلارمۇ ئۇنى توي قىلدى دەپ ئويلاپ قالغان . ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدىن ئادرېسىنى سوراپ ، ئۇنى بىزدىن يوشۇرما دەپ مەسخىرە قىلغان بولۇشتىيۇ ،

لېكىن ھېلىقى «گان خانىم» نى تىلغا ئېلىپمۇ قويۇشمىدى. رېستو قىلغان ئىشنىڭ ئۆزىگە مۇتلەق پايدىسىز ئىكەنلىكىنى مانا ئەمدى ھېس قىلىپ يەتتى.

يەنە بىر دورەم، دوستلۇق كۆلۈبىدا ئۇنىڭ ۋىل ۋىتونى ئىسىملىك بىر كونا تونۇشى ئۇنى ئەڭ ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. كۈتمىگەن يەردىن يۈز بەرگەن بۇ ئىش ئۇنىڭغا ئەڭ شەپقەتسىز زەربە بولدى. بىر كۈنى رېستو كۈلۈبقا چۈشلۈك غىزا يېگىلى بارغانىدى، ۋىتونى كىيىمخانىدىن چىقىپ، تاماكا ساتىدىغان پەشتاختا تەرەپكە كېتىۋاتقىنىدا، قىرائەتخانىدا ئولتۇرغان رېستونى چېلىقتۇرۇپ قالدى. ئۇ ئىجتىمائىي ئالاقە ئىشلىرىدىكى تىپىك شەخسلەردىن ئىدى، ئۆزۈن تۇرا، ئاۋاق كەلگەن، ھەمىشە ساقال ـ بۇرۇتلىرىنى پاكىز قىرىپ، رەتلىك كىيىنىپ يۈرىدىغان بۇ ئادەم ئادەتتىمۇ سەل تەلۋە مىجەز ئىدى، ئۇ كۈنى بىرنەچچە رومكا ھاراق ئىچىۋالغانىكەن، تەلۋىلىكى تېخىمۇ ئېشىپ كېتىپتۇ.

— ھوي، رېستو! — دېدى ئۇ قاتتىق ئاۋازدا، — سېنى خىد باغچىسىدا يېگىدىن ئۆي تۇتۇۋاپتۇ دەپ ئاڭلايمەنا؟ بۇنداق يەرگە كەلسەڭ، قايتىپ بارغاندىن كېيىن رەپىقەڭگە قانداق جاۋاب بېرەرسەن؟

— ھېچقانداق جاۋاب بېرىشىم ھاجەتسىز، — رېستو سەپراسى ئۆرلىگەن ھالدا جاۋاب بەردى، — نىمە، مېنىڭ ئىشلىرىمغا بۇنچىۋالا قىزىقىپ قالدىڭ؟ سەنغۇ يوغان دەرۋازىنىڭ ئىچىگە قامىلىپ، تىلىڭنى چايناپلا ئولتۇرىدىغان بىرنېمە، شۇنداقمۇ، شۇنداق ئەمەس؟

— ياخشى گەپ، ھا! ھا! ئۇنداقتا ناھايىتى ياخشى بولغىنى، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ شىمالىي رايوندىكى چېغىڭدا دائىم يېتىلەپ يۈرگەن ھېلىقى كىچىككىنە ساھىبجامالغا ئۆيلەنمىگەن بولغىيدىڭ ـ ھە؟ ھا! ھا! مەن باغلىشىمەن. سەن ئۆيلىنىۋاپسەن! ئۇنداق ئەمەسمۇيا ـ ھە؟



www.uyghurkitap.com

— تىلىڭنى تارت ، ۋىتونى ، — دېدى رېستو قوپاللىق بىلەن ، — شۇ تاپتا ئاغزىڭغا كەلگىنىنى جۆيلۈۋاتىسەن .

— مېنى كەچۈرگىن ، رېستو ، — دېدى ۋىتونى ھېچ مەقسەتسىز ، بىراق مەستلىكىمۇ ئاستا ـ ئاستا يېشىلگىلى تۇردى ، — مېنى ئەپۇ قىلغايسەن . بىلىپ تۇرۇۋېسەنكى ، مەن سەل تەڭشىلىپ قالدىم . باياتىن ياندىكى خانىدا سەككىز رومكا ۋىسكى ئىچكەنىدىمچۇ . كەچۈرگىن ، مەستلىكىم تارقالغاندىن كېيىن سەن بىلەن ئايرىم سۆزلىشەي بولامدۇ ، رېستو؟ ھوي ! ھا ! ھا ! ئۆيلىمايلا دەپ قويۇپتىمەن ، شۇنداق . ماقۇل ئەمىسە ، خەير ـ خوش ! ھا ! ھا !

رېستو بۇ يېقىمسىز «ھا ، ھا» لارنى مەڭگۇ ئۇنتۇپ كېتەلمىسە كېرەك . بۇ ئاۋاز بىر مەستنىڭ ئاغزىدىن چىققىنى بىلەن ، ئۇنىڭغا ئاجايىپ قاتتىق تەسىر قىلغانىدى . «شىمالىي رايوندىكى چېغىڭدا دائىم يېتىلەپ يۈرگەن ھېلىقى كىچىككىنە ساھىبجامالغا ئۆيلەنمىگەن بولغىيدىڭ ـ ھە ؟» ۋىتونىنىڭ بۇ ئەدەپسىز گەپلىرى يادىغا يەتسىلا ، ئۇنىڭ جۇدۇنى ئۆرلەيتتى . ئۇ — رېستو گان ئۆمرىدە بۇنداق بىھۆرمەتلىككە ئۇچرىمىغان . بۇ ئىش ئۇنى ئويغا سېلىپ قويدى . ئۇ جېنىنى دەپ ئۆزىنىڭ ئاز قۇربان بەرمىگەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى .

## 41

بىراق ئۇنىڭدىنمۇ يامان ئىش ئارقىدا تېخى . ئامېرىكا جامائەتچىلىكى مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ئارقىسىدىن غەيۋەت قىلىشقا تازىمۇ ئامراق ، ھالبۇكى گان جەمەتى دەل مال ـ دۇنيا ھەم نام ـ نەسەبنىڭ ھەر ئىككىلىسىدە بار مەشھۇر ئائىلە ئىدى . ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئاغزىغا چىقىپ قالغان «گان ئائىلىسىنىڭ ئاساسلىق مىراسخورلىرىدىن بىرى بىر دېدەك بىلەن توي

قىلىنۋاپتۇ » دېگەن گەپ بىر مەھەل ئاجايىپ خەۋەر سۈپىتىدە ئەتراپقا تارقىلىپ كەتتى . ئۇ دېگەن بىر مىلىيونېرنىڭ مىراسخورى - دە ! ئەجەبا مۇشۇنداق ئىشمۇ بارمىكىنە ؟ بۇ گېزىتلەرنىڭ ئېرىشمىكى قانچىلىك تەس بولغان قىممەتلىك خەۋەر - ھە ! شۇ سەۋەبتىن كۆپ ئۆتمەيلا ، بۇ ھەقتىكى خاتىرىلەر ئاستا - ئاستا ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىدى . بۇ خەۋەرنى ھەممىدىن بۇرۇن مەخسۇس جەمئىيەت خەۋەرلىرىنىلا باسىدىغان «شەھەرنىڭ جەنۇبىدىكى خەۋەرلەر » ناملىق كىچىك گېزىت ئاشكارىلىدى ، ئۇلار رېستوننىڭ ئىسمىنى خۇپىيانە تۇتۇپ ، «سىنسىنناتىدىكى مەشھۇر ھارۋا - ۋاگون شىركىتى خوجايىنىنىڭ ئوغلى » دەپلا يازغانىدى . ماقالىدە ئۆزلىرى تىلىڭ تىڭلاپ بىلىۋالغان ئىشلارنى نېرى - بېرى قۇراشتۇرۇپ چىقىپلا بايان قىلغاندىن سىرت ، يەنە تەنتەنىلىك رەۋىشتە مۇنۇلارنى قەيت قىلغان : «× × خانىمنىڭ سەرگۈزەشتى ئانچە ئېنىق ئەمەس ، لېكىن خەۋەر تېپىشىمىزچە ، ئىلگىرى كلېۋېلاندتىكى مەلۇم بىر قەسىردە دېدەك بولغان ، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئوھئىودىكى كولومبودا ئىشچى بولغانىكەن . كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى ، بۇنداق رومانتىك مۇھەببەت ۋەقەسى دەل بىزنىڭ ئېسىلزادىلەر جەمئىيىتىمىزدە يۈز بەرمەكتە ، زامانىمىزدا ئەپسانىۋى چۆچەكلەرنىڭ ئىزىمۇ قالمىدى ، دەپ كىم ئېيتالايدىكىن ؟ »

بۇ ماقالىنى رېستو ئۆزىمۇ كۆردى . گېزىتنى ئۇ ئۆزى سېتىۋالغان ئەمەس ، بەلكى يوقىلاڭ ئىشلارغا ئارىلىشىشنى ياخشى كۆرگۈچى بىرەيلەن ئاشۇ گېزىتنى ئۇستىگە چەمبەر سىزىپ ئۇنىڭغا پوچتىدىن ئەۋەتىپ بەرگەنىدى . ئۇ بۇنى كۆرگەندىن كېيىن قاتتىق غەزەپلىنىپ ، شۇئان : «كىمدۇر بىرەيلەن مېنىڭ ئىناۋىتىمنى تۆكمەكچى بولۇۋاتقان ئوخشايدۇ » دېگەن گۇمانغا كەلدى . لېكىن ، دەماللىققا ھېچبىر چارە ئويلاپ تاپالمىدى . بۇنداق خەۋەرلەرنى ئۇ ئەلۋەتتە قايتا ئوتتۇرىغا چىقىپ قالمىسىكەن ، دەپ تىلەيتتى ، بىراق «ئەگەر ئۇنى توسماقچى بولسام ئىشنى تېخىمۇ

چاتاقلاشتۇرۇپ قويۇشۇم مۇمكىن» دەپمۇ ئويلىدى. شۇڭا پىسەنت قىلماي يۈرۈۋېرىش قارارىغا كەلدى. شۇنىسى، «شەھەرنىڭ جەنۇبىدىكى خەۋەرلەر» گېزىتىگە بېسىلغان بۇ خەۋەر تەبىئىيلا باشقا گېزىتلەرنىڭمۇ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغاپ قويدى. ھەممەيلەندە: بۇ بىر ياخشى ماتېرىيال ئىكەن، دېگەن تۇيغۇ پەيدا بولدى، شۇنىڭ بىلەن، تەۋەككۈلچىلىك روھىغا خېلىلا باي بولغان بىر ھەپتىلىك گېزىتنىڭ مۇھەررىرى بۇ رومانتىك ھېكايىنى راسا مۇبالىغىلەشتۇرۇپ چىقتى. بۇ گېزىت نەشردىن چىققاندا، چوڭ خەت بىلەن بېسىلغان «بىر دېدەككە كۆيۈپ قېلىپ مىليون دوللارلىق مال ـ مۈلۈكنىڭ مېھرىدىن كەچتى» دېگەن سەرلەۋھىنى، رېستو، جېننى، خىد باغچىسىدىكى قورۇ ـ جاي، سىنسىنناتىدىكى زاۋۇت تاكى مىچىگان كوچىسىدىكى ئامبار قالماي، ھەننىۋاسىنىڭ سۈرىتى بېسىلىپ، چىرايلىق گەپلەر بىلەن راسا كۆككە ئۇچۇرۇلغىنىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئەل ـ جاھان بىرمەھەل قالتىس زىلزىلىگە چۈشتى. گان جەمەتى شىركىتى ئادەتتە كۈندىلىك ۋە ھەپتىلىك گېزىتلەردە ئېلان تىجارىتى يۈرگۈزۈشكە ئانچە كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمەيدىغان، شۇڭا بۇ گېزىتخانىلار تەپ تارتىپمۇ قويمىدى. ئەگەر رېستو ئالدىن ئاگاھلاندۇرۇلغان بولسىمىغۇ، ھېلىقى گېزىتخانىلارغا ئاز ـ تولا ئېلان ئەۋەتىپ تۇرغان بولسا ياكى نەشر قىلدۇرغۇچى بىلەن كېلىشىۋالغان بولسا، ھېچ ئىش يۈز بەرمىگەن بولاتتى. بۇ ئىشتىن ئالدىن خەۋەر تاپمىغاچقا، ئۇنى توسۇشقىمۇ ئامالسىز قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېلىقى مۇھەررىر بۇ خەۋەرگە ئالاھىدە كۈچ چىقارغانىدى. ئۇ سىنسىنناتى، كلېۋېلاند ۋە كولومبودىكى ئالاقىچىلىرىگە جېننىنىڭ كەچۈرمىشلىرى ھەققىدە توپلىغان ماتېرىياللىرىنى مەخسۇس تېلېگرامما ئارقىلىق يوللاپ بېرىش توغرۇلۇق بۇيرۇق چۈشۈرگەنىدى. كېيىن يەنە لېئانچولارنىڭ ئۆيىگە ئالايتەن ئادەم ئەۋەتىپ، جېننىنىڭ ئۇلارنىڭكىدە ئىشلىگەن ـ ئىشلىمىگەنلىكىنى سۈرۈشتۈردى. گېرخاردت

ئائىلىسىنىڭ تارىخى توغرۇلۇق كولومبودىن تەپسىلىي ۋە ئېنىق مەلۇماتنى قولغا چۈشۈردى. كېيىن يەنە جېنىسىنىڭ شىمالىي رايوندا بىرنەچچە يىل ئولتۇرغانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپ بىلىۋالدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ ھېكايىنىڭ باش ـ ئايىغى پۈتۈنلەي تۈگىتاشتى. ھېلىقى مۇھەررىرنىڭ غەرىزى رېستوغا بوھتان چاپلاش ئەمەس، ئۇنى تەنقىد قىلىشمۇ ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭغا خۇشامەت قىلىش ئىدى. بۇنىڭدىكى بەزى كۆڭۈلسىز جايلىرىنى، مەسىلەن، ۋىستانىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ ئېنىق ئەمەسلىكى، بۇ ئىككىيلەننىڭ بىرگە ئۆتۈۋاتقىنى ئەخلاقسىزلىقا ياتىدىغان ئىش ئىكەنلىكىنى، شۇنىڭدەك رېستونىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ قارشى چىقىشىدىكى ھەقىقىي سەۋەبنى ئاتايىن يېپىپ ئۆتۈپ كەتكەنىدى. ئەسلىدە مۇھەررىر «رومېئو — ژۇلېتتا»[1] غا ئوخشاش بىر ھېكايىنى قۇراشتۇرۇپ چىقىپ، رېستونىڭ قانداق قۇربانلارنى بەرگەن ئاشىق ئىكەنلىكىنى، جېنىنىنىڭ — كەمبەغەل ئائىلىدە ئۆسكەن ساھىبجامال قىزنىڭ قانداق قىلىپ بىردىنلا ئاسايىشلىك ـ باياشاتلىقا ئېرىشىپ، مەرتىۋە، يۈز ـ ئابرۇي تېپىۋالغانلىقىنى يازماقچى بولغان. ئۇنىڭدىن باشقا، ئاتايىن بىر سەنئەتكارنى تەكلىپ قىلىپ، بۇ رومانىسىنىڭ ھەربىر بۆلىكىگە بىردىن سۈرەت قىستۇرغان. رېستونىڭ سۈرىتىنى سىنىسىنناتىدىكى بىر سۈرەتخانىدىن قولغا چۈشۈرۈۋالغان، جېنىنىنىڭ سۈرىتىنى ئۇ سىرتقا چىققاندا ئوغرىلىقچە تارتىۋالغانىدى.

شۇنداق قىلىپ، بۇ رومانتىك خەۋەر گويا باھاردىكى گۈلدۈرمامىدەك ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇنىڭدىكى ئىبارىلەردىن پۈتۈنلەي خۇشامەت ۋە مەدھىيە يېغىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئارقا كۆرۈنۈشىدىن زۇلمەتلىك ھەم ئېچىنىشلىق پاكىتلار مانا مەن دەپ چىلىقىپ تۇراتتى. بۇ گېزىتنى جېنى باشتا كۆرمىگەن، رېستومۇ

---

[1] «رومېئو — ژۇلېتتا» — شېكسپىرنىڭ سەھنە ئەسەرلىرىدىن بىرى. رومېئو بىلەن ژۇلېتتا ئىككى ئائىلىنىڭ كونا رەقىبلەردىن بولۇشىغا قارىماي بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ، ئاقىۋەت ئىشق ـ مۇھەببەت يولىدا ئۆلۈپ كېتىدۇ.

تاسادىپىي چىلىقتۇرۇپ قىلىپ ، يەنە جىننى كۆرۈپ قالمىسۇن ، دەپ شۇ زامانلا يىرتىپ تاشلىۋەتكەنىدى . رىستو ئۇنى كۆرۈپ ، ئاچچىقىدا بوغۇلۇپ قالايلا دىدى . «مەندەك ئۇشۇق - تۆشۈك ئىش بىلەن كارى يوق بىر ئادەمگىمۇ ماۋۇ زاۋال تاپقۇر گېزىتنىڭ چاتاق سېلىپ كېتىۋاتقىنىنى قارىمامدىغان !» دەپ ئويلىدى ئۇ . يۈرىكىنى ئازابلاپ تۇرغان بىئاراملىقنى بىلىندۇرمەسلىك ئۈچۈن ، تالا - تۈزنى ئايلىنىپ كەلمەكچى بولدى . ئۇ كىشىلەر كۆپ بارىدىغان جايغا بېرىشنى كۆڭلى تارتماي ، ترامۋايغا ئولتۇرۇپ مەھەللىلەر ، ئورمانلىقلار ، چوڭ يوللاردىن ئۆتۈپ ، بىپايان ئوتلاقلا باردى . ترامۋايدا كېتىۋېتىپ ، «دوستلىرىم — تاۋچى ، مورل ، ئادىلىلا . . . قانداق ئويدا بولۇۋاتىدىكىن» دېگەن خىيال كاللىسىغا كەچتى ، دېمىسىمۇ ، بۇ ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ قاتتىق زەربە ئىدى . ئەمدى ئۇنىڭ يۈزىنى داپتەك قىلىپ ، خۇپسەنلىككە سېلىپ يۈرمەكتىن باشقا چارىسى يوق . لېكىن ، چوقۇم قىلمىسا بولمايدىغان بىر ئىش بار ، ئۇ بولسىمۇ مۇشۇنداق خەۋەرلەرنىڭ داۋاملىق ئوتتۇرىغا چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش . ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، ئۇنىڭ يۈرىكى سەل تىنچلانغاندەك بولدى ، ئەمدى پۈتۈن پىكىر - خىيالى دۈشەنبە كۈنى ئادۋوكاتى ۋاتسېن بىلەن كۆرۈشۈپ ، ئۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىشتە قالدى . كېيىن ئۇ ۋاتسېن بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ، ھەر ئىككىسى : قانۇنغا مۇراجىئەت قىلىمەن دەپ ئاۋارە بولغاندىن كۆرە ، پەرۋا قىلماي يۈرگىنىمىز تۈزۈك ، دېگەن قاراشقا كەلدى .

— لېكىن ، ئەمدى شۇنداق ئىش يەنە تەكرارلىنىدىغان بولسا ، مەن چىداپ تۇرالمايمەن ، — دېدى رىستو ئاخىردا .

— ئۇنىڭغا ئۆزۈم ئامال قىلىمەن ، — دېدى ئادۋوكات ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ .

رىستو ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى :

— ھەي . . . ، بىزنىڭ مۇشۇ خۇدا ئۇرغان مەملىكىتىمىزنىـ ـزە ! — ئۇ قايناپ كەتتى ، — كىمدەكىم تۆت تەڭگىگە ئىگە بولۇپ

قالسا ، ئۇنى ھەممە ئادەمنىڭ باشقۇرغۇسى كېلىپ كېتىدۇ .

— بۇ تۆت تەڭگە خۇددى مۇشۇكنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويۇلغان قوڭغۇراققا ئوخشايدۇ ، — دېدى ۋاتسېن ، — چاشقانلارنىڭ قايسىسى بولمىسۇن ئۇنىڭ قەيەردە ، نېمە ئىش قىلىۋاتقىنىدىن خەۋەر تېپىپ تۇرىدۇ .

— بۇ نازا جايىدا ئوخشىتىش بولدى ، — رېستو ئىچى ئەلەمگە توشقان ھالدا باش ئىرغىتىپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى .

جېننى بۇ خەۋەرنى نەچچە كۈنگىچە ئۇقماي يۈردى . رېستو ئۇنىڭغا دېمەيلا قوياي ، دەپ ئويلىغانىدى ، گېرخاردتقۇ بۇنداق رەزىل ھەپتىلىك گېزىت دېگەنلەرگە ئۆلسىمۇ قاراپ قويمايتتى . بىراق كېيىن جېننىنىڭ بىر يېقىن قوشنىسى جېننىغا ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئوقۇغانلىقىنى دەپ سالدى . جېننى باشتا ئانچە ئاڭقىرالماي :

— مېنىڭ توغرامدىكى خەۋەرمىكەن ؟ — دەپ سورىدى .

— شۇنداق ، سىز بىلەن گان ئەپەندىنىڭ ، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇنىڭ دوستى ، — سىلەرنىڭ رومانتىك مۇھەببەت تارىخىڭلار توغرىسىدا يېزىپتۇ .

جېننىنىڭ مەڭزىلىرى ۋىللىدە قىزىرىپ كەتتى .

— ئەجەب مەن كۆرمەپتىمىنا ، — دېدى ئۇ ، — راستتىن بىزنىڭ توغرىمىزدىمىكەن ؟

— ئو . . . ھوي ، ئەلۋەتتە شۇنداق ـ دە ، — دېدى ستاندارت خانىم كۈلۈپ تۇرۇپ ، — قانداقمۇ يېڭىلىشقان بولاي ؟ ئۇ گېزىتنى ھېلىمۇ ساقلاۋاتىمەن . بىر ئازدىن كېيىن مېلىلدىن چىقارتىۋېتەي ، كۆرۈپ بېقىڭ . سۈرىتىڭىز بەك چىرايلىق چىقىپتۇ جۇمۇ .

جېننى يۈرىكىدىكى ئازابنى زورىغا بېسىۋالدى .

— ئەمىسە چىقارتىۋېتەرسىز ، مەن كۆرۈپ باقاي ، — دېدى ئۇ دەرمانسىز ھالدا .

ئۇنى شۇبھە چۇلغىۋالدى ، ئۇنىڭ سۈرىتى قانداقلارچە بىراۋنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغاندۇ ؟ ھېلىقى ماقالىدە ئۇنىڭ

توغرىسىدا نېمىلەر يېزىلغانىكەنە؟ ھەممىدىن بەكرەك بۇ خەۋەرنىڭ رېستوغا تەسىر كۆرسىتىشىدىن ئەندىشە قىلىپ قالدى. «رېستو كۆرگەنمىدۇ؟ ئۇ نېمىشقا ماڭا دېمىدىكىنە؟»

بىرئازدىن كېيىن، قوشنىسىنىڭ قىزى ئۇنىڭغا گېزىتنى ئەكىرىپ بەردى. جېننى ماۋزۇسىغا شۇنداق بىر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپلا قورقىنىدىن يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلىپ، جايىدا قېتىپلا قالدى، جىمى ئىشنى ئاشكارىلىۋېتىپتۇغۇ، ھېچنېمىنى ئېلىپ قالماي، توغرىدىن - توغرىلا ئاشكارىلىۋېتىپتۇ. سول تەرەپتە رېستونىڭ سۈرىتى، ئوڭ تەرەپتە جېننىنىڭ سۈرىتى، ئوتتۇرىدا چوڭ خەتلىك «ماۋۇ باي بىلەن ماۋۇ دېدەكنىڭ ئىشق - مۇھەببىتى» دېگەن ماۋزۇ — ئاھ، نېمىدېگەن دەھشەت! يەنە بىر ماۋزۇ ئاستىدا سىنسىنناتىدىكى مەشھۇر هارۋا - ۋاگون سانائىتى كارولىنىڭ ئوغلى رېستونىڭ قانداقلارچە قىلىپ پۇرسەت ۋە مەرتىۋىدىن ۋاز كېچىپ سۆيگەن ئادىمى بىلەن توي قىلىۋالغانلىقى چۈشەندۈرۈلۈپتۇ. ئاستى تەرىپىدە بىرمۇنچىلىغان سۈرەتلەر بېسىلغانىكەن. بۇلار — رېستونىڭ لېئانچو خانىمنىڭ قەسرىگە بېرىپ جېننىنى يوقلىغان چاغدىكى سۈرىتى، رېستو بىلەن ئۇنىڭ سۆرلۈك، تەرسا بىر پوپنىڭ ئالدىدا تۇرغان چېغىدىكى سۈرىتى، ئىككىيلەننىڭ تۆت ئاتلىق پەيتونغا ئولتۇرۇپ سەيلىگە چىققان چېغىدىكى سۈرىتى، شۇنىڭدەك جېننىنىڭ كاتتا بىر ئىمارەتتىكى بىر دېرىزىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ (دېرىزىنىڭ پەردىلىرى چۈشۈرۈلگەن، بىر قاراپلا كاتتا ئىمارەت ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى) يىراق - يىراقلارغا نەزەر تاشلاۋاتقاندىكى كۆرۈنۈشى ئىدى. جېننى بۇلارنى كۆرۈپ ئىزاغا ئۆلەيلا دېدى. ئۆزىغۇ مەيلى، ئەمما رېستو كۆرسە قانداق ئويغا كېلەر؟ ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر كۆرسە نېمە ئويلاردا بولۇپ كېتەر؟ بۇ، كىشىلەرنىڭ بۇ ئىككىسىگە بەرگەن يەنە بىر قېتىملىق زەربىسى ئىدى. جېننى ئۆز ھېسسىياتىنى بېسىۋېلىشقا شۇنچە تىرىشقان بولسىمۇ، لېكىن كۆز ياشلىرى ئۇنى ئىختىيارىغا قويمىدى، بۇ دورەمقىسى قارشىلىق ھەم

www.uyghurkitap.com

مەغلۇبىيەت يېشى ئىدى. كىشىلەر ئۇنى بۇنچە قىستاپ تۇرۇۋالمىسىمۇ، ئۇنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋالمىسىمۇ بولاتتىچۇ. ئۇ هازىر دۇرۇس يولدا مېڭىشقا بار كۈچى بىلەن تىرىشىۋاتقان تۇرسا، بۇ كىشىلەر نېمىشقىمۇ ئۇنىڭغا ياردەم قولىنى سوزماي، ئەكسىچە ئۇنى ئازابلاپ بۇنچە قىستاپ تۇرۇۋالىدىغاندۇ؟

## 42

رىستو ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، ئاخىر جېنىنىغا بۇ ئىشلارنى بىلدۈرۈپ قويۇش قارارىغا كەلدى ـ دە، شۇ كۈنىلا ئۆيگە هېلىقى گېزىتنى ئالغاچ باردى. ئەسلىدە بۇلار باشتىلا: بىر ـ بىرىمىزدىن هېچقانداق ئىشنى سىر تۇتمايمىز، دەپ ۋەدىلەشكەنىدى، مانا ئەمدى ئۆزلىرىنىڭ تىنچلىقىغا مالاللىق يەتكۈزىدىغان بۇ ئىشقا يولۇققاندا، ئۇلارنىڭ بۇ ۋەدىسىنى ئورۇندىشىغا پۇرسەت تۇغۇلدى. رىستو جېنىنىغا بۇ ئىشنى كۆڭلىگە ئالماسلىق هەققىدە نەسىهەت قىلىش ئويىغا كەلگەنىدى، چۈنكى بۇ ئىش ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ نام ـ شۆهرىتىگە زور تەسىر كۆرسەتكىنى بىلەن، بۇ ئىككىيلەنىنىڭ مۇناسىۋىتىگە هېچقانچە تەسىر كۆرسىتەلمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ خەۋەر بەرىبىر ئاشكارىلىنىپ بولدى، ئەمدى ئۇنىڭ ئۇنۇمىنى يوققا چىقىرىش مۇمكىن ئەمەس. بۇ خەۋەرنى ئوقۇغان كىشى سەللا ئەقىللىق بولسىلا، مەيلى رىستو بىلەن تونۇش بولسۇن، بولمىسۇن، ئۇنىڭ تۇرمۇش سىرىنى كۆرۈۋالالايتتى. چۈنكى، قىستۇرما سۈرەتلىك بۇ خەۋەردە ئۇنىڭ قانداق قىلىپ جېنىنى كلىبۋىلاندتىن چىكاگوغا ئەكەلگەنلىكى، جېنىنىڭ ئۇياتچانلىق بىلەن ئۇنى رەت قىلغانلىقى، ئۇنىڭ قانداق قىلىپ ئۇزاققىچە جېنىنىڭ پېيىدە يۈرۈپ، ئاخىر ئۇنى قولغا كەلتۈرۈۋالغانلىقىدەك ئەھۋاللار بىرمۇبىر ئاشكارىلىنىۋېتىلگەنىدى. قارىماققا بۇ بايانلار پەقەت بۇلارنىڭ شىمالىي رايوندا بىر ئۆيدە

ياشىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشقا تىرىشقاندەك كۆرۈنىدۇ، لېكىن رىستوغا بۇ ئىبارىلەردە ھەقىقىي ئەھۋالنى ئاشكارىلاش نىيىتى يوشۇرۇنغاندەك تۇيۇلۇپ، ئۇنىڭ راسا ئوغىسىنى قايناتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ، بۇنداق ياپتا گەپلەر قانداقلا بولمىسۇن سېسىق گەپلەر بىلەن ھاقارەتلىگەندىن ياخشىراق، دېگەن ئويغا كەلدى. ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن، ھېلىقى گېزىتنى يانچۇقىدىن چىقىرىپ، كۆتۈپخانىدىكى ئۈستەلگە يايدى. جېننى بىر چەتتە ئۇنىڭدىن كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇراتتى. شۇ تاپتا ئۇ رىستونىڭ يانچۇقىدىن چىقارغان نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى كۆڭلىدە پەرەز قىلىپ بولدى.

— مەن سىزگە بىر نەرسىنى كۆرسەتمەكچىمەن، جېننى، سىزگە چوقۇم قىزىق تۇيۇلىدۇ، — ئۇ ھېلىقى ماقالە بىلەن سۈرەتلەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ سوغۇققىنا ئېيتتى.

— مەن كۆرۈپ بولغان، رىستو، — دېدى جېننى زەئىپ ئاۋازدا، — بۈگۈن چۈشتىن كېيىن ستاندارت خانىم ماڭا كۆرسەتكەنىدى. مەن تېخى سىزنى كۆرمىگەن چېغىمدا دەپ ئويلاپتىمەن.

— بۇنىڭدا مېنىڭ پوزىتسىيەم ھەققىدىكى تەسۋىرلەر بەك ئاشۇرۇۋېتىلگەندەك قىلامدۇ، نېمە؟ مەن ئۆزۈمنىڭ مۇشۇنداق بىر ئىشقۋاز رومېئو ئىكەنلىكىمنى ئويلاپمۇ باقمىغانىكەنمەن.

— مېنىڭغۇ كۆڭلۈم بەكلا يېرىم بولۇۋاتىدۇ، — دېدى جېننى، ئۇ رىستونىڭ قىزىقچىلىق قىلىپ ئېيتقان بۇ سۆزىگە چەكسىز ھەسرەت يوشۇرۇنغانلىقىنى سېزىۋالغانىدى. چۈنكى ئۇنىڭغا بۇرۇندىنلا مەلۇمكى، رىستو ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ھېسسىياتىنى زادىلا ئاشكارىلاپ باقمىغان، كۆڭلىدە ھەرقانچە ئازابلانسىمۇ، ئاغزىدىن چىقارغۇسى كەلمەيتتى. چىدىغۇسىز ئېغىر غەمگە مۇپتىلا بولغاندىمۇ، كۈلكە ـ چاقچاقلار بىلەن ئۆزىنى ئاۋۇندۇرماقچى بولاتتى. ئۇنىڭ قىزىقچىلىق قىلىپ ئېيتقان ماۋۇ سۆزىنىڭ مەنىسىمۇ، جېننىغا گويا: «ئىش ئەمدى مۇشۇ دەرىجىگە

يەنتى ، ئەمدى بىز پۈتۈن كۈچىمىزنى ئىشقا سېلىپ ئامال ئىزدەيلى » دەۋاتقاندەك تۇيۇلدى .

— ئا . . . هاي ، كۆڭلىڭىزنى بۇزمىسىڭىزچۇ ، — رېستو سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ، — بۇ ئىشلارنىڭ ئۇنچە ئۇيلاپ كەتكۈچىلىكى يوق . ئېھتىمال ئۇ خەقلەردىمۇ ھېچقانداق يامان غەرەز يوقتۇر . بىز ناھايىتى مەرتىۋىمىزنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلى خەقنىڭ كۆزىگە چۈشۈپ قالدۇق ، شۇ .

— بۇنىڭغۇ بىلىمەن ، — جېيننى ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى ، — بىراق كۆڭلۈم ھېچ بۇزۇلۇپلا تۇرۇۋاتىدۇغۇ تاڭ ، — رېستو ئۇندىمەي قويدى . بىردەمدىن كېيىن كەچكى غىزا تارتىلىشقا باشلىنىۋىدى ، بۇ گەپلەرمۇ بىر چەتكە يىغىشتۇرۇپ قويۇلدى .

لېكىن رېستو ئىشنىڭ سەل مۇشكۈللىشىپ قالغانلىقىنى سېزىپ ، ئىچ ـ ئىچىدىن تىت ـ تىت بولۇپ كېتىۋاتاتتى . ئۆتكەندە دادىسى بىلەن كۆرۈشكەن چېغىدا ، دادىسى ئۇنى ئېنىق ئاگاھلاندۇرغانىدى . مانا ئەمدى بۇ خەۋەر ھەممە يەرگە يېيىلىپ ، ئىش راسا ئەۋجىگە چىقتى . ئېھتىمال مۇشۇنىڭدىن ئېتىبارەن ، ئۇ بارلىق كونا تونۇشىدىن ئالاقىنى ئۈزەر . ئۇلار ئەمدى ئۇنى كىرەك قىلىشماس ، ھېچبولمىغاندا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مۇتەئەسسىپرەكلىرى ئۇنىڭدىن قولىنى يۇيار ، بەلكىم . بۇلاردىن باشقا ، توي قىلغان ياكى قىلمىغان ئاز ساندىكى يىگىتلەر ھەم مۇغەمبەر قىز ـ چوكانلار بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان بولسىمۇ ، ئۇنىڭغا يەنە بۇرۇنقىدەكلا يېقىنچىلىق قىلىپ يۈرۈشى مۇمكىن ، بىراق بۇنداق كىشىلەردىن دوست تۇتۇشقا بولمايدۇ ـ دە . ئۇ ئەمەلىيەتتە ئاللىبۇرۇنلا چۈرۈپ تاشلانغان ئادەم ، ئىشنى ئوڭشايمەن دېسە ، ئۆزىنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشىنى تۈزىشى — باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا ، جېيننى ئەبەدىي تاشلىۋېتىشى كېرەك .

بىراق ئۇ بۇنداق قىلىشنى خالىمايتتى . مۇشۇ ئىشنى خىيالىغا ئەكەلسىلا ئازابلىنىپ كېتەتتى . مەيلى نېمە بولۇپ كەتسە كەتسۇنكى ، ئۇ ھەرگىز بۇنداق قىلالمايدۇ . جېيننىنىڭ بىلىمى

بارغانسېرى ئېشىپ كېتىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ چۈشەنچىسى رېستونىڭكىدىن قېلىشمايدۇ. ئۇ بىر تىپىنىغا ئەرزىمەيدىغان نەپسانىيەتچى مەخلۇقلاردىن ئەمەس، بەلكى بىر ئۇلۇغ ھەم ئالىيجاناب ئايال. ئۇنى تاشلىۋېتىشنىڭ ئۆزى بىر ھاقارەت، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئاجايىپ ئۇز ھەم لەۋەن. رېستو قىرىق ئالتە ياشنىڭ قارىسىنى ئېلىپ بولدى، جىننى بولسا ئەمدىلا يىگىرمە توققۇز ياشقا كىرگەن بولسىمۇ، قارىماققا يىگىرمە تۆت - يىگىرمە بەش ياشتەك كۆرۈنىدۇ. ناۋادا گۈزەللىك، ياشلىق باھارى، كۆيۈمچانلىق، كەڭ پىكىرلىكنى ھەمدە ئۆزىڭىزنىڭ يېقىملىق ۋە ھېسسىي تۇس ئالغان چۈشەنچىڭىزنىڭ ئىپادىسىنى باشقا كىشىنىڭ ۋۇجۇدىدىن بايقىۋالالىسىڭىز، بۇ قەدىرلەشكە ئەرزىگۈدەك ئىش ئەمەسمۇ. رېستو خۇددى دادىسىنىڭ ئېيتقىنىدەك، ئۆزىگە ئۆزى مۇشۇ بالانى تېپىۋالدى. ئەمدى ئۇنىڭ ئايىغىنى ئۆزىلا يىغىشتۇرغىنى تۈزۈك.

مۇشۇ كۆڭۈلسىز ئىشلار يۈز بېرىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، رېستو دادىسىنىڭ ئاغرىپ يېتىپ قالغانلىقى ھەققىدە ئائىلىسىدىن خەت ئالدى. خەتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن دەرھال سىنسىنناتىغا قاراپ يولغا چىقىشى كېرەك ئىدى، بىراق بۇ چاغدا ئىشلىرى بەك بېسىق بولۇپ كەتكەنلىكتىن، بېرىشقا زادىلا ۋاقىت چىقىرالمىدى. ئۇزاق ئۆتمەيلا مۇسىبەت خەۋىرى يېتىپ كەلدى، ئۇ ھەسرەت ئوتىدا ئېلىگىرى - ئاخىر پۇچىلاندى، پۇشايمان ۋە ھەسرەت - نادامەت يىغىسىنى تۆككىنىچە سىنسىنناتىغا باردى. ئۇنىڭ نەزىرىدە، دادىسى ئاتا - باللىق مۇناسىۋىتىنى ھېسابقا ئالمىغاندىمۇ بىر ئۇلۇغ شەخس ئىدى. يولدا كېتىۋېتىپ، ئۇ ئۆزىنىڭ كىچىك ۋاقىتلىرىنى ئەسكە ئالدى، ئۇ چاغلاردا دادىسى ئۇنى تىزىغا ئولتۇرغۇزۇۋېلىپ، ئۇنىڭغا ئىرلاندىيىدىكى تۇرمۇشى ھەققىدە ھېكايە ئېيتىپ بېرەتتى، سەل چوڭ بولغاندا، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ سودا ساھەسىدىكى جەڭگىۋار كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىدىغان. يەنىمۇ چوڭ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدا دادىسىنىڭ

تىجارەت ئىشلىرىدىكى كەسپچانلىق روھى ۋە سودا جەھەتتىكى ئەقىل - پاراستى چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانىدى . گان بوۋاي ئەزەلدىن ساپ نىيەت كىشى ئىدى . رېستونىڭ گەپنى ئوچۇق - ئاشكارا قىلىشى ۋە گەپ - سۆزلەردە ساختىلىقتىن خالىي بولۇشى دادىسىدىن يۇققان . «يالغان - ياۋىداق گەپلەرنىڭ كېرىكى يوق ، — بۇ گان بوۋاينىڭ ھەممىشە پەرزەنتلىرىنى ئاگاھلاندۇرىدىغان ھېكمەتلىك سۆزى ئىدى ، — مەيلى قانداقلا ئىش بولسۇن ، ئۇنى قانداق چىلىقتۇرغان بولساڭ ، شۇنداق ئېيتقىن . راستچىللىق كىشىلىك ھاياتنىڭ جان تومۇرى ، جىمىكى قىممەتنىڭ نېگىزى ، شۇنىڭدەك سودىدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ سىرى . كىمكى ۋەدىسىگە قەتئىي ئەمەل قىلىدىكەن ، ئۇ چوقۇم ئىززەت - ئابرۇيلۇق شەخس بولالايدۇ .» بۇ ساۋاقنا رېستومۇ قايىل ئىدى . ئۇ دادىسىنىڭ بىر ئۆمۈر سەممىيەت بىلەن ياشاش روھىغا ئەزەلدىن قايىل ئىدى . مانا ئەمدى دادىسى ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن بۇلارنى ئەسلىگەنسېرى ، كۆڭلى تېخىمۇ ئېزىلىپ كەتتى . دادىسىنىڭ ئۆزىنىڭ قىلىپ قويغان ئىشىدىن قاتتىق نەپرەتلەنگەنلىكى ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئايان ، شۇڭا ئۇ دادىسىنىڭ ھايات ۋاقتىدا دادىسى بىلەن يارىشىپ قېلىشقا بەكمۇ تەقەززا بولغانىدى . ئۇ يەنە «دادام ئەگەر جېنىمنى كۆرىدىغان بولسا ، بەلكىم ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن» ، دېگەن شېرىن خىيالدىمۇ بولۇپ باققان ، بىراق ئەمدى بۇنداق پۇرسەتمۇ يوققا چىقتى .

ئۇ سىنسىناتىغا يېتىپ كەلگەندە ، قاتتىق بوران چىقىپ ، قار لەيلەپ يېغىۋاتقان ، كوچىلار تىمتاس ئىدى . پويىزدىن چۈشۈشىگىلا بىرىنچى بولۇپ ئاممىنى چىلىقتۇردى . ئاممى ئۇنىڭدىن نارازى بولۇپ يۈرگەن بولسىمۇ ، ئەمدى ئۇنىڭ قايتىپ كەلگىنىنى كۆرۈپ خېلى ئېچىلدى . ئاچا - سىڭىللار ئىچىدە ، ئاممى ھەرھالدا كۆيۈمچانراق ئىدى . رېستو ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ ، سۆيۈشۈپ كۆرۈشتى .

— بىز يەنە بۇرۇنقى ھالىتىمىزگە قايتتۇق ، ئاممى ، — دېدى

ئۇ ، — مۇشۇنداق ئەسكى ھاۋادا مېنىڭ ئالدىمغا چىققىنىڭ ئۈچۈن رەھمەت ساڭا ، ئۆيدىكىلەر قانداقراق ؟ ھەممەيلەن قايتىپ كېلىشكەندۇ ـ ھە ؟ رەھمەتلىك دادىمىز بىرقانچە يىل ئۇزاقراق ياشىيالىغان بولسىچۇ كاشكى ؟ ئۇغۇ لېكىن كۆرىدىغىنىنى كۆرۈپ بولدى ، مېنىڭچە ، ئۇ ئۆزىنىڭ بىر ئۆمۈر كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىنىڭ نەتىجىسىدىن قانائەت تاپقان بولۇشى مۇمكىن .

— شۇنداق ، — دېدى ئامى ، — لېكىن ئۇ ئاپىمىزنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئىچى پۇشقاق بولۇپ قالغانىدى .

ئاكا ـ سىڭىل ئىككىيلەن پەيتۇنغا ئولتۇرۇپ ئۆيگە كېتىۋاتقاچ ، يول بويى ئۆتكەن ـ كەچكەن ئىشلار ھەققىدە كۆڭۈللۈك پاراڭلىشىپ باردى . ئۆيگە بارسا ، ئاكا ـ سىڭىللىرى ، يىراق ـ يېقىندىكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ ھەممىسى جەم بولۇشۇپ تۇرغانىكەن . رېستو ھەممەيلەن بىلەن قائىدە بويىچە تەسەللى ئېيتىشىپ كۆرۈشتى ، كۆڭلىدە : «دادام ئارمانسىز كەتتى ، ئۇنىڭ ھاياتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتتى ، مانا ئەمدى پىشىپ مەي بولغان ئالمىدەك ، ئۆزلۈكىدىنلا شېخىدىن ئاجرىدى» دېگەن ئويلار كەزمەكتە ئىدى . ئۇ زالغا كىرىپ ، قاپقارا مېيىت ساندۇقى ئىچىگە ياتقۇزۇپ قويۇلغان مەرھۇم دادىسىنىڭ چىرايىغا نەزەر سېلىۋىدى ، ۋۇجۇدىنى مۇسىبەت قايغۇسى چىرمىۋالدى . لېكىن يەنە دادىسىنىڭ قەتئىيلىك ھەم مېھرىبانلىق ئەكس ئېتىپ تۇرغان چېھرىسىگە تىكىلگىنىچە ، ئىختىيارسىز كۈلۈمسىرىدى .

— دادىمىز ئۆلۈم قوينىدا ياتقىنىدىمۇ شۇنداق ئۇلۇغ سۈپەت كۆرۈنىدۇ ، — دېدى ئۇ قېشىدا تۇرغان روبېرتقا ، — بۇنداق شەخستىن يەنە بىرى يوق بولسا كېرەك .

— شۇنداق ، — دېدى روبېرت تەنتەنىلىك رەۋىشتە .

دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ بولغاندىن كېيىن ، ۋەسىيەتنامىنى دەرھال ئېلان قىلىش قارارىغا كېلىشتى . چۈنكى لۇئىزانىڭ ئېرى دەررۇ بۇففالوغا قايتماقچى ، رېستومۇ ھايال قالماي چىكاگوغا قايتىپ بېرىشى كېرەك ئىدى . شۇڭا مېيىت

www.uyghurkitap.com

ئۆزاتقان كۈننىڭ ئەتىسىلا، ھەممەيلەن گان بوۋاينىڭ مەسلىھەتچىسى ناتتو زىتورى ئوبالىئاننىڭ قانۇن ئىشخانىسىغا يىغىلىپ، جەمەت مەجلىسى ئۆتكۈزۈشتى.

رىستو پەيتۇنغا ئولتۇرۇپ مەجلىس ئېچىلىدىغان جايغا كېتىۋاتقاچ، يول بويى: «دادام مېنىڭ مەنپەئىتىمگە ئالىلىق قىلمىغاندۇ ــ ھە» دېگەن خىيالدا بولدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئالدىنقى دورەم دادىسى بىلەن كۆرۈشكىنىگە تېخى ئانچە كۆپ ۋاقىت بولمىغان؛ ئۇ ھېلىھەم ئويلىنىش مەزگىلىدە ئىدى، دادىسىمۇ ئۇنىڭغا مەلۇم ۋاقىت ئويلىنىشقا رۇخسەت بەرگەنىدى. ئۇ يەنە: «جېننى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مېنىڭ دادامغا يۈز كېلەلمىگۈدەك ھېچقانداق يېرىم يوق. كەسىپ جەھەتتىكى ئىقتىدارىم شىركەت ئۈچۈن پايدىلىق. ماڭا ئۇنداق نامۇۋاپىق مۇئامىلە تۇتۇشسا قانداق بولىدۇ؟ بۇ قەتئىي مۇمكىن بولمايدىغان ئىش» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.

ئۇ قانۇن ئىشخانىسىغا يېتىپ بارغاندا، ئوبالىئان — ھەيران بولۇۋاتقان ھەم ئۆز ئىشىدىن لەززەتلىنىپ تېرىسىگە سىغماي قالغان ۋىجىك ئادەم مېھمانلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ، جەمەت ئەزالىرى بىلەن بىر ــ بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. ئۇنىڭ گان بوۋايغا قانۇن مەسلىھەتچىسى بولۇپ كېلىۋاتقىنىغا يىگىرمە يىل بولغانىدى. ئۇ گان بوۋاينىڭ ئاجايىپ ئوي ــ پىكىرلىرى ۋە غەلىتە مىجەزىنى بەش قولدەك بىلىدىغان، ئۆزىنى باشقىلارنىڭ توۋسىنى قوبۇل قىلىدىغان پويتەك ھېس قىلاتتى. گان ئائىلىسىنىڭ پەرزەنتلىرىنى بولۇپمۇ رىستونى ئاجايىپ ياخشى كۆرەتتى.

— شۇ تاپتا ھەممەيلەن جەم بولۇشۇپتىمىز، — ئۇ يانچۇقىدىن مۈڭگۈز قىرلىق يوغان كۆزەينىكىنى چىقىرىپ، سۇرلۇك قىياپەتتە ئەتراپقا بىرقۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى، — ئەمىسە باشلاۋېرەيلى. كىرىش سۆزىنى دەپ ئولتۇرماي، ۋەسىيەتنامىنى ئوقۇۋېرەي.

ئۇ ئۈستەل ئالدىغا كېلىپ، ئۈستىگە قويۇپ قويۇلغان بىر ۋاراق قەغەزنى قولىغا ئالدى ــ دە، جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن ئوقۇشقا

باشلىدى .

مەلۇم نۇقتىدىن قارىغاندا ، بۇنى ئىنتايىن ئۆزگىچە بىر خىل ۋەسىيەتنامە دېيىشكە بولىدۇ ، چۈنكى ئۇنىڭدا ئالدى بىلەن زور مىقداردىكى مۈلۈك ئەمەس ، بەلكى جىمىكى ئۇششاق - چۈشىشەك مىراسلار تىلغا ئېلىنغان ، بىرىنچى بولۇپ ، يالالنما ئىشچىلارغا ، چاكارلارغا ھەم دوست - ئاغىنىلەرگە بۆلۈپ بېرىلىدىغان ئازغىنە پۇل - پۇچەك ؛ ئىككىنچى بولۇپ ، ھەرقايسى ئورگانلارغا ئىئانە قىلىنىدىغان ئازغىنە مىراس ، ئەڭ ئاخىرىدا ، ئائىلە مىراسى تىلغا ئېلىنىپ ، بۇمۇ يەنە ئالدى بىلەن قىزلارغا تەقسىم قىلىشتىن باشلانغان ، ئىموگېن ئۇنىڭ نەزىرىدە ۋاپادار قىز ئىدى ، شۇڭا ئۇنىڭغا شىركەتنىڭ پاي دەسمايىسىنىڭ ئالتىدىن بىر قىسمى تەقسىم قىلىپ بېرىلىپتۇ . مەرھۇمنىڭ باشقا مال - مۈلۈكلىرىنىڭ — كۆچمەس مۈلۈكتىن باشقا تەخمىنەن سەككىز يۈز مىڭ دوللار قىممىتىدىكى ئائىلە مۈلكىنىڭ — تۆتتىن بىرىدىن ئامى بىلەن لۇئىزاغا ئىموگېنىنىڭكى بىلەن ئوخشاش تەقسىم قىلىپ بېرىلىپتۇ . نەۋرىلەر چوڭ بولغاندا ئەدەپ - ئەخلاقلىق ئادەم بولۇپ چىقىشسا ، ئۇلارغىمۇ مەلۇم دەرىجىدە مۇكاپات بېرىلىدىغانلىقى قەيت قىلىنغان . مۇشۇلاردىن كېيىن ، ئەڭ ئاخىرىدا روبېرت بىلەن رېستو تىلغا ئېلىنىپ ، مۇنداق دەپ ۋەسىيەت قىلىنغانىدى :

«ئوغلۇم رېستونىڭ ئىشى چاتاق بولۇپ تۇرۇۋاتقىنى ئۈچۈن ، قالغان مال - مۈلكۈمنى مەلۇم شەرت ئاستىدا تەقسىم قىلىپ بېرىشنى توغرا تاپتىم . يەنى : گان جەمەتى شىركىتىنىڭ پاي دەسمايىسىنىڭ تۆتتىن بىرى ھەم قالغان مۈلۈكلىرىم — كۆچمە مۈلۈك ، كۆچمەس مۈلۈك ، نەق پۇل ، پاي چېكى ، زايوم چېكى — نىڭ تۆتتىن بىر قىسمى ماڭا بولغان ۋاپادارلىقىغا جاۋابەن ، ئامراق ئوغلۇم روبېرتقا بېرىلسۇن . يەنە گان جەمەتى شىركىتىنىڭ پاي دەسمايىسىنىڭ تۆتتىن بىرى ھەم قالغان مۈلۈكلىرىم —

كۆچمە مۇلۇك ، كۆچمەس مۇلۇك ، نەق پۇل ، پاي چېكى ، زايوم چېكى — نىڭ تۆتتىن بىر قىسمى ئاكى رېستو قوشۇمچە شەرتكە ئۇيغۇنلاشقانغا قەدەر ، روبېرتنىڭ ئىنىسى رېستو ئۇچۇن ۋاكالىتەن ساقلاپ بېرىشكە تاپشۇرۇلسۇن گان جەمەتى شىركىتىنىڭ تىجارەت ئىشلىرى ۋە باشقا بارلىق ھاۋالە ئىشلىرىدا ، ئوغۇل - قىزلىرىمنىڭ ھەممىسى بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ ، ئاكى روبېرت باشقۇرۇش ھوقۇقىدىن ئۆز ئىختىيارىيلىقى بىلەن ۋاز كەچكەن ياكى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش زۆرۈر دەپ قارىغانغا قەدەر ، روبېرتنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنۇشى شەرت ، بۇمۇ مېنىڭ ئارزۇيۇم . »

رېستو بۇ گەپلەرنى ئاڭلاۋېتىپ ، ئىچىدە قەسەم قىلدى . ئۇنىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ كەتكەن بولسىمۇ ، لېكىن ھېچقانداق ئىپادە كۆرۈنمەيتتى . ئۇ ئىچكى ھېس - تۇيغۇلىرىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىغاچقا ، ئۆزىنى گويا ھېچقانداق غەيرىي مۇئامىلىگە ئۇچرىمىغاندەك قىياپەتكە سالدى .

ھېلىقى ئاتالمىش «قوشۇمچە شەرت» پۈتۈنلەي رېستو ئۇچۇنلا تۈزۈلگەن ، ئۇبالىئان : داداڭلارنىڭ ۋەسىيىتىگە ھۆرمەت قىلىشىم كېرەك دەپ ، جەمەت ئەزالىرىنىڭ ئالدىدا ئۇنى ئوقۇمايلا ئۆتۈپ كەتكەنىدى . رېستو سۈرۈشتۈرۈپ شۇنى بىلدىكى ، ئۇ «شەرت» ئۇنىڭغا ئۇچ يىلغىچە ھەر يىلى ئون مىڭ دوللار تۇرمۇش خىراجىتى بېرىش ئىكەن . مۇشۇ مەزگىلدە ، ئۇ مۇنۇ ئىككى ئىشتىن بىرىنى تاللىۋېلىشى كېرەك : بىرى ، ناۋادا ئۇ جېننى بىلەن توي قىلماي ، ئۇنىڭدىن ئالاقىسىنى ئۈزسە ، ئۇنىڭ تۇرمۇشى ئەخلاق جەھەتتە دادىسىنىڭ ئارزۇسىغا ئۇيغۇنلاشقان بولىدۇ . مۇشۇ شەرت ئادا قىلىنسىلا ، ئۇنىڭغا تېگىشلىك بىر ئۈلۈش مال - مۈلۈكنى دەرھال قايتۇرۇپ بېرىشكە بولىدۇ ؛ يەنە بىرى ، ناۋادا ئۇ جېننى بىلەن توي قىلماقچى ياكى شۇنداق قىلغان بولسا ، ئۇ چاغدا ھەر يىلى بېرىلىدىغان بۇ ئون مىڭ دوللار تۇرمۇش خىراجىتىدىن ئۆمرىنىڭ

ئاخىرىغىچە بەھرىمەن بولسا بولىدۇ ، لېكىن بۇ پۇلدىن رىستو ئۆزى ھاياتىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر بەھرىمەن بولىدۇ . ئۇ ئالەمدىن ئۆتكەندە ، جېنىنى ھەرگىز بەھرىمەن قىلىنمايدۇ . ھەر يىلى بېرىلىدىغان بۇ ئون مىڭ دوللار بولسا ، ئىككى يۈز ئۇلۇش «S。L» ۋە «S。M» پاي چېكى سەرمايىسىنىڭ ئۆسۈمىدىن چىقىم قىلىنىدۇ ، يەنە كېلىپ بۇ ھېسابات تاكى رىستو ئۆزىنى بىر يەرگە توختاتقانغا قەدەر ، باشقىلار ئارقىلىق ۋاكالىتەن ئىجرا قىلىنىشى شەرت . ناۋادا رىستو جېنىنى بىلەن يا ئالاقىنى ئۈزمەي ، يا توي قىلماي يۈرۈۋەرسە ، ئۈچ يىلدىن كېيىن بۇ ئون مىڭ دوللار تۇرمۇش خىراجىتى توختىتىلىدۇ . ھېلىقى ئىككى يۈز ئۇلۇش پاي چېكى ھايات ياشاۋاتقان ئائىلە ئەزالىرىغا پىرسەنت بويىچە بۆلۈپ بېرىلىدۇ . ناۋادا مىراسخورلار ياكى مەنپەئەتدارلاردىن قايسىبىرى بۇ ۋەسىيەتنامىگە قارىتا باشقىچە پىكىردە بولسا ، ئۇنىڭ بىر ئۇلۇش مىراسى مۇسادىرە قىلىنىدۇ .

رىستو دادىسىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشى توغرۇلۇق مۇشۇنداق ئەتراپلىق كاللا قاتۇرغىنىغا سەل ئەجەبلەندى . شۇ شەرتلەرنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن ، روبېرت بۇ ئىشقا پىكىر قاتناشتۇرغانمىكىن ، دېگەن گۇماندا بولۇپ قالدى ، لېكىن بۇ گۇماننى ئەلۋەتتە جەزملەشتۈرەلمەيتتى . چۈنكى روبېرت ئۇنىڭ بىلەن قېرىشىۋاتقىنىنى بىۋاسىتە ئىسپاتلاپ بېرىدىغان بىرەر ئالامەتنى تېخى چاندۇرغىنى يوق - دە .

— بۇ ۋەسىيەتنامىنى كىم يازغان ؟ — بىرپەستىن كېيىن ئۇ ئوبالىئاندىن شۇنداق دەپ سورىدى .

— بۇنىڭغا ، ھەممەيلەن پىكىر قاتناشتۇرغان ، — ئوبالىئان سەل خىجىل بولۇپ قالدى ، — بۇ ، ئادەمنى تەڭلىكتە قويىدىغان بىر ھۆججەت ، ئۆزىڭىزمۇ بىلىسىز ، گان ئەپەندى ، پەدەرىڭىز ئازراقمۇ تەۋرىنىپ قويمايدىغان ئادەم ئىدى . ئۇنىڭ ئىرادىسى ئالماستەك چىڭ دەڭە . بۇنىڭدىكى بەزى سۆز - جۈملىلەر ئۇستىدە ئۇياقنىڭ ئۆزىمۇ يېرىم كۈن ئويلانغانىدى . ۋەسىيەتنىڭ روھى بىز

بىلەن تامامەن مۇناسىۋەتسىز ، بۇنى ھامىنى چۈشىنىپ قالىسىز . بۇ سىز بىلەن ئۇياق ئىككىڭىزلارنىڭ ئىشى . مېنىڭ بۇ ئىشنى ئۈستۈمگە ئېلىشىمۇ ئىلاجسىزلىقتىن بولغان .

— ۋاي ، بۇلارنى چۈشىنىمەنغۇ ! — دېدى رېستو ، — كۆڭلىڭىزگە كەلمىسۇن .

بۇ گەپتىن ئوبالىئان قاتتىق تەسىرلەندى .

ۋەسىيەتنامە ئوقۇلۇۋاتقاندا ، رېستو خۇددى بۇقىدەك ، ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇپ ئولتۇردى .

بىر كەمدىن كېيىن ، باشقىلار بىلەن بىللە ئورنىدىن تۇردى ، شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنى زورىغا خاتىرجەم كۆرسىتىپ تۇراتتى . روبېرت ، ئامى ، لۇئىزا ھەم ئىموگېن بۇ ئىشتىن تەئەججۇپلىنىشكەن بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپمۇ قويۇشمىدى . ھەممەيلەن : ھەقىقەتەن رېستونىڭ ئۆزىدىن كەتتى ، بۇ دادىمىزنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويغانلىقى جاجىسى ، دېگەن قاراشتا ئىدى .

— مېنىڭچە بوۋاي بۇ ئىشتا سەل قاراملىق قىپتۇ ، — يېنىدا ئولتۇرغان روبېرت ئېغىز ئاچتى ، — ئۇنىڭ بۇنچىلىك چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىشىنى زادىلا ئويلىمىغانىكەنمەن . ماڭا تۇتقان مۇئامىلىسىنى دېسەمغۇ ، مەن بۇنىڭسىزمۇ رازى بولاتتىم .

رېستو مىيىقىدا سوغۇققىنا كۈلۈپ قويدى .

— بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق ، — دېدى ئۇ .

ئىموگېن ، ئامى ۋە لۇئىزالار ئۇنىڭغا تەسەللى ئېيتىشماقچى بولۇۋىدى ، ئەمما دەماللىققا گەپنى نەدىن باشلىشنى بىلەلمەي قېلىشتى . ھەممىسىنىڭ ئويىچە ، رېستو ئۆزىگە ئۆزى قىلىپ قويغانىدى . كېيىن ئامى سۆز ئاچتى :

— مېنىڭچە دادامنىڭ قىلغىنى ئانچە دۇرۇس بولماپتۇ ، رېستو .

بىراق رېستو ئۇنىڭغا مىننەتدارلىق بىلدۈرمىدى .

— پەقەت مەن بەرداشلىق بېرەلىسەملا بولدى ، — دېدى ئۇ .

ئۇنىڭدىن كېيىن، شۇ جايدا تۇرغان پېتى، كەلگۈسىدە دادىسىنىڭ شەرتىگە بويسۇنمىغاندا قانچىلىك كىرىمگە ئىگە بولىدىغىنىنى ئىچىدە ھېسابلاپ چىقتى. ئىككى يۈز پاي «S。M» ۋە «S。L» پاي چېكىنى بازار باھاسى بويىچە ھېسابلىغاندا، ھەربىر پاينىڭ قىممىتى مىڭ دوللاردىن ئوشۇقراق تۇراتتى. يىللىق ئۆسۈمى ئالتە - يەتتە لىدىن ئاشمايتتى، كىرىم - چىقىم ناھايىتى چەكلىك ئىدى. دېمەك، يىلدا يىگىرمە مىڭ دوللاردىن ئارتۇق پايدىسى يوق، دېگەن گەپ.

بىردەمدىن كېيىن مەجلىس تارقىلىپ، ھەركىم ئۆز يولىغا راۋان بولدى، رېستومۇ ئامى بىلەن بىللە قايتىپ كەتتى. ئۇ باشقىلار مېھمانغا تەكلىپ قىلغۇچە ئارىلىقتا سىنىسىنىڭ دىن ئىتتىكرەك كېتىۋالماقچى بولدى - دە، ئىشلىرىنىڭ ئالدىراشلىقىنى باھانە قىلىپ، ئەتىسى ئەتىگەنكى پويىزدا چىكاگوغا جۆنەپ كەتتى، يول بويى توختىماي خىيال سۈرۈپ باردى.

ئەسلىدە دادىسى ئۇنىڭغا مۇشۇنداق كۆڭۈل بۆلگەنىكەن - دە! ئەجەبا، بۇ راستىمدۇ؟ ئۇ — رېستوگان ھەر يىلى ئون مىڭ دوللارغىلا ئىگە بولارمىش، يەنە تېخى پەقەت ئۈچ يىللا مۆھلەت بېرىلىپتۇ. جېنىنى بىلەن توي قىلسىلا مۆھلەتنى ئۇزارتقىلى بولارمىش! «يىلدا ئون مىڭ دوللار، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — يەنە تېخى ئاران ئۈچ يىللا ئالالايدىكەنمەن! ياپەرۋەردىگار! ھوشيارراق بىرەر بوغالتىرمۇ شۇنچىلىك ئالالايدۇ! ئۇ ماڭا ئاخىر مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلماقچىدى!»

## 43

ۋەسىيەتنامىدىكى ھېلىقىدەك زورلۇق ۋاستىسى رېستونىڭ يۈرىكىدە ئۆز ئائىلىسىدىكىلەرگە قارىتا بىزارلىق تۇيغۇسىنى پەيدا قىلىپ قويدى، ھېچبولمىغاندا ئۇ بىر مەزگىلگىچە مۇشۇنداق

تۇيغۇنىڭ تەسىرىدىن خالىي بولالماسلىقى مۇمكىن . بۇ قېتىمقى زەربە ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا ھەقىقەتەن زور خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىكىنى ئېنىق تونۇتتى . ئۇ بىرىنچىدىن ، جېنىنى بىلەن بالدۇرراق توي قىلماي ، پىتنە ـ پاساتلارنىڭ ئەۋج ئېلىپ كېتىشىگە يول قويۇپ بەرگەنلىكىنى ؛ ئىككىنچىدىن ، ئەينى چاغدا جېنىنى كېتىمەن دېسە ئۇنى كەتكىلى قويماي خاتا قىلغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتتى . قىسقىسى ، ئۇ ئەمدى ئۇنىڭ ئاچا يول ئاغزىدا گاڭگىراپ تۇرۇۋېرىشىگە يول قويمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتتى ، چۈنكى ئۇ ئىشنى باشتىلا چاتاق قىلغانىدى ، مال ـ مۈلۈكتىن ئايرىلىپ قېلىشقا تېخى كۆڭلى ئۇنىمايتتى . ئۆزىنىڭ شەخسىي جۇغلىغان ھېچقانداق كۆپ پۇلى يوق . ئۇ جېنىنىڭ بىر قىسما بولۇپ قېلىۋاتقىنىنى خېلىدىن بېرى سېزىپ كېلىۋاتىدۇ . جېنىنى نېمىشقا ناخۇش ؟ چۈنكى رېستوننىڭ ئۆزى ناخۇش يۈرۈۋاتىدۇ ـ دە . ئۇ جېنىنى بىلەن توي قىلىشنى خالىغانمۇ بولسۇن ، ئۇنداقتا ئۇ ئاشۇ ئەرزىمەس ئون مىڭ دوللارنى قوبۇل قىلىشقا رازى بولارمۇ ؟ ياكى ئۇ جېنىنى تاشلىۋېتىپ ، ئۇنىڭ بىلەن مەڭگۈلۈك ئادا ـ جۇدا بولۇشنى خالامدۇ ؟ بۇ ھەقتە ئۇ تېخىچە بىر قارارغا كېلەلمەيۋاتاتتى ، چۈنكى مەسىلە تازىمۇ مۇرەككەپلىشىپ كەتكەنىدى ـ دە .

رېستو دەپنە ئىشلىرىدىن قول ئۈزۈپ ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندە ، جېنىنى ئۇنىڭغا بىرەر ئىش بولغىنىنى بىر قاراپلا بىلىۋالدى . چۈنكى ئۇنىڭ بۇ قەدەر بوشىشىپ كېتىشىنى يالغۇز مۇسىبەتتىن بولغان دېگىلى بولمايتتى . ئەمىسە نېمە ئىش بولغاندۇ ؟ جېنىنىڭ كۆڭلىدە شۈبھە تۇغۇلدى . ئۇ ھېسداشلىق قىلىپ بىرنېمىلەرنى دەپ ، رېستوننىڭ كۆڭلىنى ئېچىشقا ئۇرۇنۇپمۇ باقتى ، ئەمما ئۇنىڭ شىكەستىلەنگەن قەلبىنى داۋالاپ ساقايتىش ئاسانغا چۈشمەيتتى . ئۇ ھەر دورەم ئۆزىنىڭ ئىززەت ـ ئابرۇيىغا نۇقسان يەتكەندە ، ئۆكتەملىشىپ ، ھەدېسىلا چېچىلىدىغان بولۇپ قالاتتى ، بىرەرى ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويىدىغان بولسا ، چاپاننى

سىلىپلا ھۇجۇمغا ئۆتەتتى . جىننى ئۇنى ناھايىتى دىققەت بىلەن كۆزىتىپ ، ئۇنىڭ ھالىغا يەتمەكچى بولۇۋىدى ، لېكىن ئۇ جىنىنىغا راست گېپىنى دېمەيلا قويدى . ئۇ خاپا بولۇپ قالغاندا ، جىنىنىغىمۇ ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ خاپا چىراي بولۇپ يۈرمەكتىن باشقا ئامال يوق ئىدى .

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ، دادىسىنىڭ ۋاپات بولۇشى تۈپەيلى پەيدا بولغان مالىيە ۋەزىيىتى ئۈستىدە سالماقلىق بىلەن ئويلىنىشقا توغرا كەلدى ، يەنى زاۋۇت باشقۇرۇش ئىشلىرىدا ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلدى . روبېرت دادىسىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە باش دىرېكتورلۇققا ئۆستۈرۈلدى . رېستوغىمۇ ئۆزىنىڭ كەسپىي مۇناسىۋەتلىرىنى تەرتىپكە سېلىشقا توغرا كەلدى . ئۇ جىننى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۆزگەرتمەيدىغان بولسا ، پايچى قاتارىدا بولالمايدۇ . ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇنىڭ شىركەت بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسىمۇ قالمىدى . ناۋادا ئۇ شىركەتنىڭ كاتىپلىقى ھەم بوغالتىرلىقىنى داۋاملىق ئۆتەۋەرمەكچى بولسا ، ھېچبولمىغاندا بىر ئۇلۇش پايغا ئىگە بولۇشى كېرەك . ئەمما بۇ پاينى ئۇنىڭغا روبېرت بېرەمدۇ؟ ئامى ، لۇئىزا ، ئىموگېنلار بېرەمدۇ؟ ئۇلار ئۇنىڭغا بىرنەچچە ئۇلۇش پاينى سېتىپ بەرگىلى ئۇنامدۇ؟ جەمەتنىڭ باشقا ئەزالىرى ئىچىدە ، روبېرتنىڭ ۋەسىيەتنامىدە بەلگىلەنگەن پۈتۈن ھوقۇقىنى مەنسىتمىگەن ھالدا ئۇنىڭغا ياردەم قىلىشقا جۈرئەت قىلالايدىغان كىممۇ باردۇ؟ ھەممەيلەن تەبىئىي ھالدا رېستو بىلەن ۋاقتىنچە كارى بولماسلىق پوزىتسىيىسىنى تۇتقاچقا ، رېستو ئۆزىنى ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالغا دۇچ كەلگەندەك ھېس قىلماقتا ئىدى . بۇ خىل ئەھۋالنى ئوڭشايمەن دېسە ، جىننى بىلەن ئادا - جۇدا بولۇشقا توغرا كېلەتتى . ناۋادا مۇشۇنداق بولىدىغان بولسا ، ئۇنىڭ بىراۋدىن پاي تىلەپ يۈرۈشىنىڭمۇ ھاجىتى قالمايدۇ . ئۇنداق بولمايدىكەن ، دادىسىنىڭ ۋەسىيىتىگە زىت ئىش قىلغان بولىدۇ - دە . ئۇ بۇ مەسىلىنى ئۆز كۆڭلىدە ئاستا - ئاستا ، ئېھتىياتچانلىق بىلەن

مۇلاھىزە قىلىپ چىقىپ ، كەلگۈسى ئاقىۋەتنى ئېنىق تونۇپ يەتتى . ياكى جېنىدىن كېچىشى ، ياكى ئىستىقبال ئۈمىدىدىن كېچىشى كېرەك ، بۇ نېمىدېگەن قىيىن ئەھۋال ـ ھە !

روبېرت ئاغزىدا «ماڭا تۇتقان مۇئامىلىسىنى دېسەمغۇ ، مەن بۇنىڭسىزمۇ رازى بولغان بولاتتىم» دېگىنى بىلەن ، ئەمەلىيەتتە ئۆزىنىڭ شېرىن خىيالى ئاستا ـ ئاستا ئېشىۋاتقىنى ئۈچۈن ، ھازىرقى ئەھۋالدىن كۆڭلى قەۋەتلا خۇش ئىدى . ئەسلىدە ئۇ خېلى بۇرۇنلا پۇختا پىلان قۇرۇپ بولغان ، شىركەتنىڭ ئۆزىنى ئۇزۇل ـ كېسىل ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش بىلەنلا قالماستىن ، يەنە باشقا ھارۋا ـ ۋاگون شىركەتلىرى بىلەن بىرلىشىش نىشانىدىن باشلاپ كەسىپنى راۋاجلاندۇرۇش ئويىدا بولۇۋاتاتتى . ناۋادا ئۇ شەرقىي ۋە غەربىي قىسىمدىكى چوڭراق ئۈچ شىركەتنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ ، بىرلەشمە تىجارەت يۈرگۈزىدىغان بولسا ، ئۇ چاغدا سېتىش ھەققىنى ئازايتىپ ، زىيادە ئىشلەپچىقىرىشتىن ساقلانغىلى ، ئادەتتىكى خىراجەتنىمۇ خېلى دەرىجىدە تېجەپ قالغىلى بولاتتى . نەچچە يىلدىن بېرى ، ئۇ نيۇيوركتىكى ۋەكىلىگە باشقا شىركەتلەرنىڭ پاي چېكىنى سېتىۋېلىشنى ھاۋالە قىلىپ كېلىۋاتقاندى ، مانا ئەمدى ئىشنى باشلاش ۋاقتى يېتىپ كەلدى . ئۇ بىرىنچى قەدەمدە ، پايچىلارنى ئۆزىنى گان جەمەتى شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورلۇقىغا كۆرسىتىشكە ھەرىكەتلەندۈرمەكچى ، رېستو ھازىر شىركەت بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولغاندىكىن ، ياردەمچى دىرېكتورلۇقتا ئامىنىڭ ئېرىنى تاللىماقچى ھەمدە رېستونىڭ ئورنىغا باشقا كىشىنى تېپىپ كاتىپلىق ۋە بوغالتىرلىققا تەيىنلىمەكچىدى . ۋەسىيەتنامىدىكى شەرت بويىچە بولغاندا ، رېستوغا تېگىشلىك پاي چېكى ۋە باشقا مال ـ مۈلۈكلەر ئۇنىڭ ۋاقتىنچە باشقۇرۇپ تۇرۇشىغا تاپشۇرۇلغان بولسىمۇ ، لېكىن ھەرھالدا ئۇنىڭ پاي قوشۇش ھوقۇقىغا ۋەكىللىك قىلسا بولىدۇ . دادىسىنىڭ ۋەسىيىتىدىن قارىغاندا ، روبېرتنى ئۆزىنىڭ رېستوغا مەجبۇرلاش ۋاستىسىنى قوللىنىشىغا ياردەملىشىشكە چاقىرغىنى

ئېنىق . روبېرت گەرچە كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى نەپسانىيەتچى دەپ ئويلاپ قېلىشىنى خالىمىسىمۇ ، لېكىن دادىسىنىڭ ۋەسىيىتىگە ئەمەل قىلمىسا يەنە بولمايتتى ، شۇڭا بۇ ئىش ئۇنىڭ ئورنىنىڭ ئۆستۈرۈلۈشىگە تازىمۇ ئەپ كەلدى . قىسقىسى ، رېستو ئۆز خاتالىقىنى ئۈزۈل - كېسىل تۈزەتمىگۈچە ، روبېرتنىڭ ئىشلارنى تولۇق ھوقۇقلۇق بولۇش سۈپىتىدە بىر تەرەپ قىلىشىنى توسۇپ قالالمايتتى .

رېستو چىكاگودىكى شۆبە شىركەتنىڭ ئىشلىرىغا داۋاملىق مەسئۇل بولۇپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ ، لېكىن ئەھۋالدا ئۆزگىرىش بولىدىغىنىنى ئالدىن بىلىپ تۇرغان ئىدى . ئۇنىڭ ھازىرقى ئورنىدا ، ئۇ شىركەتتىكى بىر كىشىلىك ئۈلۈشىدىن مەڭگۈ مەھرۇم بولغىنى ئېنىق ، شۇنداقتىمۇ ئاكىسى يول قويغان ئەھۋالدا شۆبە شىركەتنىڭ دىرېكتورى بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ . مۇشۇلارنى ئويلىغىنىدا ئاچچىقىنى بېسىۋالالماي قالاتتى . روبېرت بۇنداق ئۆزگىرىش بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق ئۇنى ئالدىن خەۋەرلەندۈرۈپ قويمىغان ، ئىشلار يەنە بۇرۇنقىدەكلا داۋام قىلىنىۋاتقان بولسىمۇ ، لېكىن ھازىرقى شارائىتتا روبېرتنىڭ تەكلىپى قانۇن دېگەن سۆز . ئەمەلىيەتتە ، رېستو ھازىر روبېرتنىڭ قول ئاستىدىكى يىلىغا ئازغىنە تاپاۋەتكە ئىگە بولۇپ ئىشلەيدىغان بىر ياللانما خادىمغا ئايلىنىپ قالغانىدى ، مانا مۇشۇ يېرى رېستوغا قاتتىق ئار كەلدى .

يەنە بىرنەچچە ھەپتىگە بارغاندا رېستونىڭ بۇ ئىشلارغا چىداپ تۇرغۇچىلىكى زادىلا قالمىدى . بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇ شىركەتنىڭ ئەركىن ھەم مۇستەقىل بىر ۋاكالەتچىسى ئىدى . ھەر يىلى ئۆتكۈزۈلىدىغان پايچىلار يىغىنى ئىلگىرى پەقەت بىرلا ئادەمنىڭ ئىرادىسى بويىچە باشقۇرۇلۇپ كەلگەن بولۇپ ، ناھايىتى بىر خىل شەكىلدىنلا ئىبارەت ئىدى . جىمىكى سايلامدا پەقەت دادىسىنىڭ گېپىلا گەپ ئىدى ، ئەمدىلىكتە راستتىنلا بىر ئادەمنىڭ سايلىنىشى بىلەن تەشكىل قىلىنماقچى ، ئاكىسى سۆزسىز رەئىس بولىدۇ ، سىڭىللىرى بەلكىم ئەرلىرىنى ۋەكىل قىلىپ قاتناشتۇرار ، پەقەت

www.uyghurkitap.com

رىستولا بۇنىڭغا قاتنىشالمايدۇ . پايچىلار يىغىنىنىڭ ئېچىلىشىغا ئاز قالدى ، ئۇزاقتا بارمايلا ئىشلار باشقىچە بىر خىل ئۇسۇلدا ھەل قىلىنىدۇ ، ئەمما روبېرت بۇ توغرۇلۇق يېزىپ خەت ـ پەت ئەۋەتىپمۇ باقمىدى ، ئۇنىڭغا پاي چېكى سېتىپ بېرىدىغان ئۆيى بارلىقىنىمۇ ئاشكارىلىغىنى يوق ، رىستو ئەمدى ئۆزىنىڭ شىركەتنىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسىلىق سالاھىيىتى مەۋجۇت ئەمەسلىكى ، شىركەتتىكى ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋېرىشكىمۇ بولمايدىغانلىقىنى ئېنىق چۈشىنىپ يەتتى ـ دە ، ئۆزلۈكىدىن ئاكىسىغا خەت ئەۋەتىپ ئىستېپا سوراش قارارىغا كەلدى . ئۇ كاللىسىدا : «مۇشۇ ئىستېپا سوراش خېتى ئارقىلىق بۇ ئىشلارغا مەلۇم بېسىم ئىشلەتكىلى ، ئاكامغا ئۆزۈمنىڭ ئۇنىڭدىن كەڭ قورساق بولۇشىنى تىلىمەيدىغانلىقىمنى ، ئۇنىڭدىن قىلچە مىننەتدار ئەمەسلىكىمنى ، ئۇنىڭغا تېگىشلىك دۇنيا ـ دەپىنە ئىچىدىكى ھارام مەرتىۋىدىن تەمەيىم يوقلۇقىنى بىلدۈرۈپ ، بۇنىڭ بىلەن خەقنىڭ شاگخو قىلىشىغا دەستەك بولۇپ بېرىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ» دېگەن ئويدا بولغانىدى . ناۋادا ئۇ كەلگۈسىدە جېنىنى بىلەن بولغان ئالاقىنى ئۈزۈپ ، شىركەت بىلەن يېڭىباشتىن مۇناسىۋەت ئورناتسا ، ئۇ چاغدا شۆبە شىركەتنىڭ دىرېكتورى بولۇش سالاھىيىتىنى ئىشقا سېلىشنىڭمۇ ھاجىتى قالمايدۇ ، بەلكى ھەرقانداق ئىشقا باشقىچە بىر خىل يېڭى سالاھىيەت بىلەن ئىشتىراك قىلىدىغان گەپ . شۇڭا ، ئۇ گەپنى ئوچۇق قىلىپ مۇنداق دەپ خەت يازدى :

«قەدىرلىك روبېرت :

سېنىڭ يېتەكچىلىكىڭدە شىركەتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەيدىغان ۋاقىت يېتىپ كېلىشكە ئاز قالغانلىقى ماڭا مەلۇملۇق . مېنىڭدە ئەمدى پاي چېكى يوق ، شۇڭا تەبىئىيكى ، مېنىڭ ئەمدى مۇدىرىيەت ئەزاسىلىق سالاھىيىتى بىلەن بۇ ئىشلارغا ئىشتىراك قىلىشىم ، شۇنىڭدەك كاتىپلىق

ھەم بوغالتىرلىق ۋەزىپىسىنى قوشۇمچە داۋاملىق ئۆتەۋېرىشىم مۇمكىن ئەمەس. بۇ خېتىم مېنىڭ رەسمىي ئىستېپانامەم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھازىرقى مۇدىريەت ئەزالىرى مېنىڭ ئورنۇم ھەققىدە ئويلىنىشىپ كۆرسە، مەن ئۆزۈمنىڭ شۆبە شىركەت دىرېكتورى بولۇش سالاھىيىتىمنى ساقلاپ قالماقچى ئەمەسمەن، بەلكى سىزنىڭ كەلگۈسى پىلانىڭغا كاشىلا بولىدىغانلىكى ئىش بولسا، مەن ھەممىسىدىن ۋاز كېچىشكە رازى. سەن مۇشۇ خېتىمدىن مېنىڭ دادامنىڭ ۋەسىيىتىنى قوبۇل قىلىش ئويۇمنىڭ يوقلۇقىنى، ھېچبولمىغاندا، ھازىرچە يوقلۇقىنى بىلىپ قالارسەن. سىنىڭ بۇ ئىشتىكى ئوي ـ پىكرىڭدىن خەۋەردار بولۇپ قالغۇم بار، جاۋاب خەت ئەۋەتىپ مېنى ۋاقىپلاندۇرۇپ قويغايسەن.

ئىنىڭ رېستو.»

روبېرت سىنسىنناتىدىكى ئىشخانىسىدا ئولتۇرۇپ، بۇ خەتنى تەنتەنىلىك رەۋىشتە مۇلاھىزىدىن ئۆتكۈزۈپ چىقتى، قارىغاندا ئىنىسى تېخى پەيلىدىن يانمىغاندەك تۇرىدۇ. ئۇنىڭ بۇنداق گەپنى ئوچۇق ـ ئاشكارا قىلىدىغان خاراكتېرىگە ئاپىرىن ئوقۇسىمۇ بولىدۇ، شۇنىسى يەنە بىرئاز ئېھتىياتچانلىق قىلغان بولسا قانچىلىك ئوبدان بولاتتى ـ ھە! ئەمما رېستودا ھىيلە ـ نەيرەڭ كەم — ئۇ تەدبىرلىك ئەمەس. ئۇ ئەزەلدىن قۇۋلۇق ـ شۇملۇق دېگەننى بىلمەيدۇ. روبېرت بولسا باشقا بىر دۇنيا، ئۇ: ئىنسان مۇۋەپپەقىيەت قازىناي دېسە، ئاز ـ تولا ھىيلە ـ نەيرەڭنى ئىشقا سالمىسا بولمايدۇ، دەپ قارايتتى. «گاھىبىر چاغلاردا شەپقەتسىز رەك بولۇۋېلىشىڭ — سېنىڭدە ئاز ـ تولا نەيرەڭ بولۇشى كېرەك، — ئۇ ھەمىشە ئۆزىگە ئۆزى شۇنداق دەيتتى، — پايدا ـ زىيان مۇناسىۋەتى چوڭ بولغان ئىشلارغا يولۇققان چېغىڭدا پاكىتنى ئېنىق كۆرمىسەڭ قانداق بولىدۇ؟» ئۇنىڭ مۇشۇنداق نەزەرىيىسى بولۇش بىلەنلا قالماي، مۇشۇنداق ئەمەلىيىتىمۇ بار

ئىدى .

روبېرتقۇ رېستوننىڭ ئېسىللىقىغا كۆڭلىدە ئىقرار، يەنە كېلىپ ئۇ ئۆزىنىڭ قان - قېرىنداشلىقى - دە ، شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ رېستونى خاراكتېرى قاتتىق ، كىشىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىپ بەرمەيدۇ ، قارا توغرا ئىش قىلىدۇ ، سىر ساقلاشنى بىلمەيدۇ ، دەپ ياقتۇرمايتتى . ناۋادا رېستو دادىسىنىڭ ۋەسىيىتىگە ئىتائەت قىلسا ، ئۇنىڭ مال - مۈلۈككە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى ئەسلىگە كېلىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ شىركەتنىڭ ئىشلىرىغا ئاكتىپلىق بىلەن ئىشتىراك قىلماي قالمايدۇ . ئۇ چاغدا رېستو روبېرتنىڭ تەرەققىيات پىلانىغا پۈتلىكاشاڭ بولۇپ قالىدۇ . روبېرت بۇنىڭغا رازى بولامدۇ؟ ئۇ مۇتلەق رازى بولمايدۇ . ئۇ رېستوننىڭ جىنىنىدىن ئالاقىسىنى ئۈزمەسلىكنى ياكى ھېچبولمىغاندا ھازىرچە ئۈزمەي تۇرۇشنى تىلەيتتى ، شۇنداق بولغاندا ، ئۇنىڭ ھەرىكىتىگە توسقۇنلۇق قىلىدىغان ھېچكىم چىقمايتتى - دە .

روبېرت ئۇزاق باش قاتۇرغاندىن كېيىن ، ئىنىسىغا ئەمەلدارلىق تەلەپپۇزىدا خەت يېزىپ ئەۋەتتى ، ئۇ خېتىدە ، ئۆزىنىڭ بۇ ئىشقا قانداق پوزىتسىيە تۇتۇش توغرۇلۇق تېخى بىر قارارغا كەلمىگەنلىكىنى ، كۆيئوغۇللاردىن پىكىر ئالماقچى ئىكەنلىكىنى ، شۇڭا مەجلىس ئېچىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن قارار قىلىدىغانلىقىنى؛ ئۆزىنىڭ خىيالىچە بولسا ، ئەگەر مۇمكىن بولىدىغانلا بولسا ، رېستوننىڭ كاتىپلىق ھەم بوغالتىرلىق ۋەزىپىسىنى داۋاملىق ئۆتەۋېرىشىنى بەكمۇ خالايدىغانلىقىنى ئېيتىپ ، بۇ ئىشلار ھەققىدە كېيىنچە بىرنېمە دېيىشەرمىز ، دەپلا گەپنى تۈگەتكەنىدى .

رېستو بۇ خەتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ، ئىچىدە ئاكىسىغا لەنەت ئوقۇدى . روبېرت قەستەن گەپ يورغىلىتىۋاتىدۇ ، ئۇنىڭ غەرىزى زادى نېمىدۇ؟ ئەمەلىيەتتە بۇ ناھايىتى ئوڭايلا ھەل بولۇپ كېتىدىغان ئىشقۇ . روبېرت رېستوغا بىر ئۆلۈش پاي چېكى سېتىپ بەرسىلا ، رېستو شىركەتنىڭ ئىشلىرىغا ئىشتىراك قىلىش

سالاھىيىتىگە ئىگە بولماسمىدى . روبېرت ئۇنىڭ ئىشتىراك قىلىشىدىن قورققان . بۇ ئەقەللىي پاكىت . ئۇنداق بولسا ، ئۇمۇ شۆبە شىركەت دىرېكتورى دېگەن بۇ مەنسەپكە تارتىشىپ ئولتۇرمايدۇ ، روبېرت بۇنىڭدىن خاتىرجەم بولسا بولىدۇ . رېستو دەررۇ ئىستېپا بېرىش قارارىغا كېلىپ ، ئاكىسىغا جاۋاب خەت ئەۋەتتى ، خېتىدە ، ئۆزىنىڭ ھەممە جەھەتتىن تولۇق ئويلىنىپ ، ھازىرچە ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي ئىشلىرىنى بىر ياقلىق قىلىش قارارىغا كەلگەنلىكىنى ، مۇمكىن بولسا ، ئاكىسىنىڭ بۇ يەردىكى ئىشلارنى ئۆتكۈزۈۋېلىشقا دەرھال ئادەم ئەۋەتىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى يېزىپ ، بۇنىڭغا ئوتتۇز كۈنلۈك مۆھلەت بەلگىلەپ بەردى . قىزىق ئىش ، خەتنى ئەۋەتىۋېتىپ بىر نەچچە كۈن ئۆتەر - ئۆتمەيلا ، ساختىلىق بىلەن تولغان بىر پارچە جاۋاب خەت كېلىپ تەگدى ، روبېرت خېتىدە ئۆزىنىڭ ئىنتايىن ئەپسۇسلانغىنىنى ، بىراق رېستو شۇ قارارغا كەلگەن بولسا ، ئۇنىڭ پىلانىنى بۇزۇۋېتىش ئويى يوقلۇقىنى ؛ ئىموگېنىنىڭ ئېرى جېففېرسون مىكېللىي خېلىدىن بېرى چىكاگوغا كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلىشىش ئويىدا بولۇپ كېلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن ، ئۇنى شۆبە شىركەتنىڭ دىرېكتورلۇقىنى ۋاقتىنچە ئۆتەپ تۇرۇشقا ئەۋەتمەكچى بولغانلىقىنى يېزىپتۇ .

بۇ خەتنى كۆرۈپ رېستو پىسەنتىدە كۈلۈپ قويدى . روبېرت مۇشۇ ئىنتايىن ئەپلىك ۋەزىيەتنى كۆرۈپ يېتىپتۇ . ئۇ رېستونىڭ ئىشنى ئەتەي چىددىيلەشتۈرۈۋاتقىنىنى ، ئەمەلىيەتتە بولسا كۆڭلىدە بۇنداق قىلىشنى خالىمايدىغانلىقىنى بىلىۋاپتۇ . بۇ ئىش روياپقا چىققاندىن كېيىن ، گېزىتلەرگە يەنە بىر دەسمايە تېپىلىدىكەن - دە . ئەمما ئۇنىڭ جېننى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئاللىبۇرۇنلا داۋراڭ بولۇپ قالغان . ناۋادا رېستو بۇ مەسىلىنى ھەل قىلمەن دەيدىكەن ، ئەڭ ياخشىسى جېنىندىن ۋاز كېچىشى كېرەك . ئۇنى دەپ ، بۇنى دەپ ، جىمى ئىش يەنە مۇشۇ نۇقتىغا مەركەزلىشىپ قالدى .

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

# 44

رېستو مۇشۇ ياشقا كىرىپ قالغاندا — هازىر قىرىق ئالتە ياشقا كىرىپ قالدى — گەرچە هازىرقى كىرىمى (هېلىقى ئون مىڭ دوللارنى قوشقاندا ) يىلىغا ئون بەش مىڭ دوللار بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنى مۇقىم بىر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتماي ، سەرسان ـ سەرگەردان بولۇپ يۈر دېسە ، بۇ ، ئادەمنى تازىمۇ دىققەتچىلىك ھەم ئۈمىدسىزلىككە مەھكۇم قىلىدىغان بىر ئىش ـ دە . ئۇ ئەمدى شۇنى ئېنىق تونۇپ يەتتىكى ، ئەگەر مۇشۇ يېقىن كەلگۈسى ئىچىدە ئامەتلىك ھەم پايدىلىق ئورۇنلاشتۇرۇش بولمايدىغان بولسا ، ئۇنىڭ پۇتكۇل ھاياتىنىڭ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدىغانلىقى تۇرغانلا گەپ . جېنىنى بىلەن توي قىلسا ئەلۋەتتە بولىدۇغۇ ، بۇنداقتا ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ھەر يىلى ئون مىڭ دوللار كىرىمگە ئىگە بولۇپ تۇرىدۇ ، بىراق گان جەمەتىنىڭ تەئەللۇقاتىدىن قانۇنلۇق بەھرىمەن بولالمايدۇ . ناۋادا ، قولىدىكى يەتمىش بەش مىڭ دوللار قىممىتىدىكى پاي چېكىنى سېتىۋېتىپ ، بۇ پۇل بىلەن باشقا جايغا — گان جەمەتى بىلەن رىقابەتلىشىۋاتقان ھارۋا ـ ۋاگون شىركەتلىرىگە مەبلەغ سالسىمۇ بولىدۇ . ئەمما ئۇ چاغدا دادىسىنىڭ ئىشلىرى بىلەن رىقابەتلەشكەن بولۇپ قالىدۇ . بۇنداق قىلىشنى ئۇ راۋا كۆرەمدۇ ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ، ئەمەلىيەتتە بۇمۇ ئوڭايغا توختايدىغان ئىش ئەمەس . ھازىر ھارۋا ـ ۋاگون كەسپىدىكى رىقابەتنى كەسكىن ئەمەس دېگىلى بولمىغىنى بىلەن ، گان جەمەتى باشتىن ـ ئاياغ رەھبىري ئورۇننى ئىگىلەپ كېلىۋاتىدۇ . رېستونىڭ ئىشقا سالالايدىغان كاپىتالى بولسا ئاران يەتمىش بەش مىڭ دوللار . ئۇنداق بولغاندىكىن ، بۇ ئىشتا خاملىق قىلىشقا ئۇنىڭ كۆڭلى ئۇنامدۇ ؟ بىرەر يېڭى ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىراي دېسە ، قانداقلا بولمىسۇن پۇل بىلەن ئاساس ھازىرلاشقا توغرا

كېلىدۇ ـ دە .

رېستو تۇغۇلۇشىدىنلا ئوي ـ پىكىرلىرى چوڭقۇر ، نەزەر دائىرىسى كەڭ ئادەم بولغىنى بىلەن ، ئۇنىڭدا چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغۇچىلاردا بولۇشقا تېگىشلىك بىرەھىملىك ۋە كۈچلۈك ئىرادە كەمچىل ، ئۇنىڭ ئەيىبى مانا شۇ يەردە . ناۋادا سىز كەسپتە كۈچلۈك شەخسلەردىن بولۇپ چىقماقچى بولسىڭىز ، ئۆزىڭىزنىڭ تەشەببۇسلىرىنى ئىزچىللاشتۇرالايدىغان ئادەم بولۇشىڭىز ، يەنە كېلىپ بۇ تەشەببۇسلىرىڭىز سىزگە پەرۋەردىگاردىن بەخشەندە قىلىنىپ ، سىزنى ئۆزىڭىز تاللىۋالغان كەسپتە چەكسىز ئىستىقبالغا ئېرىشتۈرەلەيدىغان بولۇشى كېرەك . بۇ سۆز شۇنداق مەنىنى بىلدۈرىدۇكى ، سىزدە تەسەۋۋۇرىڭىزنى چەكسىز كۈچ ـ قۇدرەت بىلەن قاماللاپ تۇرالايدىغان بىر نەرسە بار بولۇشى كېرەك ، مەيلى ئۇ بىر قۇتا سوپۇن ، كونسېرۋا قۇتىسىنىڭ ئېغىزىنى ئاچىدىغان بىر دانە يېڭى پىچاق ، بىر دانە بىخەتەر ئۇستىرا ياكى بىر دانە تېزلەتكۈچ چاغلىق نەرسە بولغان بولسۇن ، بۇلارنىڭ ھەممىسى سىزنىڭ تەسەۋۋۇرىڭىزدا يالقۇن كەبى لاۋۇلداپ يېنىپ ، ھايات ـ ماماتىڭىزنىڭ نىشانى بولالىغان بولۇشى كېرەك . مەيلى كىم بولسۇن ، ناۋادا ئۆزىدە مۇشۇنداق غەيرەت ـ شىجائەتنى يېتىلدۈرمەكچى بولىدىكەن ، ئۇ چوقۇم نامراتلىقنىڭ ياردىمىگە ، يەنە كېلىپ ياشلىقنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىگە موھتاج بولىدۇ . ئۇ ئۆزى بايقىغان ھەم قىلىشقا تىرىشىۋاتقان ئاشۇ ئىشلار سان ـ ساناقسىز پۇرسەت ھەم ھېسابسىز شاد ـ خۇراملىقنىڭ بىر دەرۋازىسى بولغان بولۇشى كېرەك . ئىستىقبالىڭىزنىڭ چەكسىز بەختكە سازاۋەر بولۇشىغا كۆزىڭىز يېتىدىغان بولۇشى شەرت ، ئۇنداق بولمايدىكەن ، قەلبىڭىزدىكى يالقۇن ئۇنچە كۈچلۈك بولمايدۇ ، باشقىچە ئېيتقاندا ، سىزدە ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭىزغا تۈرتكە بولغۇچى يېتەرلىك كۈچ ـ قۇۋۋەت بولماي قالىدۇ .

ھازىر رېستودا كەمچىل بولۇۋاتقىنى دەل مۇشۇ كەم بولسا

بولمايدىغان غەيرەت ـ شىجائەت ئىدى . ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمى بەخت قوينىدا ئۆتتى ، ئادەتتە كۆڭۈل خۇشلۇقى دەپ ماختاپ ئۇچۇرۇلغان نەرسىلەرنىمۇ ، ئۇ خىيال ئەينىكىدە كۆرۈپ بولغانىدى . پۇلغۇ ئەلۋەتتە زۆرۈر نەرسە ، رىستودا راھەت ـ پاراغەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشكە بەخۇدۇك يەتكۇدەك پۇلمۇ بار . ئۇ ئەمدى مۇشۇ پۇللارنى تىكىپ قاراملىق بىلەن ئىش قىلىشنى خالامدىكىن ؟ ئۇ ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئەتراپىدىكى مۇھىتنى مۆلچەرىدىن بىرقۇر ئۆتكۈزۈپ چىقتى . بەلكىم خالاپ قىلىشى مۇمكىن ، قىسقىسى ، ئۇنىڭ باشقىلارنىڭ ئىشلەۋاتقىنىغا قاراپ بىكار ئولتۇرۇش بىلەن ، قالغان ئۆمرىنى زايە قىلىشقا كۆڭلى پەقەتلا ئۇنىمايتتى .

ناھايەت ، ئۇ ھەرىكەتلىنىش قارارىغا كەلدى ـ دە ، ئىشلارنى ئىنچىكىلىك بىلەن مۇلاھىزە قىلىپ چىقتى . ئويلا ـ ئويلا ئاخىر ، ئالدىرىغاندا ئىش تەتۈرگە ماڭىدۇ ، ئالدىرىماسلىق كېرەك ، دېگەن پىكىرگە كەلدى . ئالدى بىلەن ھارۋا ـ ۋاگون كەسپى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھېلىقى كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ گاز جەمەتى شىركىتىدىن ئالاقىنى ئۈزگەنلىكىنى ، ئەمدى باشقا جايلار بىلەن بىمالال ھەمكارلىشالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇش كېرەك ئىدى . شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ گاز جەمەتى شىركىتىدىن ئايرىلىپ چىققانلىقىنى ، ئاز كۈندە ئارام ئېلىش نامى بىلەن ياۋروپاغا بارىدىغانلىقىنى جاكارلىدى . ئۇ چەت ئەلگە چىقىپ باقمىغانىدى ، جېنىنىمۇ جان دەپ بېرىشى مۇمكىن . ۋىستانى گېرخاردت بىلەن بىر دېدەككە تاپشۇرۇپ ، ئۆيدە قالدۇرۇپ قويسا ، ئۆزى جېنىنى بىلەن ساياھەتكە چىقىپ ، ياۋروپانىڭ زادى قانداقلىقىنى بىر كۆرۈپ كەلسە بولىدۇ ـ دە . ئۇ ۋىنىتسىيە ۋە بادېن ـ بادېنغا ھەم ئىلگىرى نامىنى تولا ئاڭلىغان دېڭىز سۇيىگە چۆمۈلۈش مەيدانلىرىغا بارماقچى بولدى . قاھىرە ، لوكسور ۋە بابىلونلار ئەزەلدىن ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىنى قوزغاپ كەلگەنىدى . ئۇ جاھاننى بىر ئايلىنىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، ئاندىن ئۆز ئىشىغا ئەستايىدىللىق

بىلەن تۇتۇش قىلماقچى بولدى .
دادىسى ۋاپات بولۇپ ياندۇرقى يىلى ئەتىيازدا ، ئۇ پىلاننى ئىجرا قىلىشقا كىرىشتى . ئامباردىكى ئىشلارنى قولىدىن تولۇق چىقىرىۋېتىپ ، ئاندىن ساياھەتكە چىقىش كۈننى بېكىتتى . ھەممە ئىشنى جېننى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ قىلدى . تەييارلىق تەخ بولغاندىن كېيىن ، بۇلار نيۇيوركتىن پاراخوتقا ئولتۇرۇپ ، لىۋېرپولغا قاراپ يولغا چىقىشتى . ئەنگلىيىدە بىر نەچچە ھەپتە تۇرغاندىن كېيىن ، مىسىرغا بېرىشتى . مىسىردىن قايتىپ كېلىپ ، گرېتسىيە ، ئىتالىيە ئارقىلىق ئاۋستىرىيە ۋە شۋېتسارىيىگە ، ئاندىن پارىژ ئارقىلىق بېرلىنغا بېرىشتى . رېستو يول بويى خىلمۇخىل يېڭى تەجرىبىلەرگە ئىگە بولۇپ ، غەملىرىنى ھازىرچە ئۇنتۇغاندەك قىلسىمۇ ، لېكىن ئۆزىنىڭ ۋاقتىنى بىھۇدە ئىسراپ قىلىۋاتقىنىدىن كۆڭلى يەنىلا ئارام تاپمىدى . كاتتا ئىشلارنى ساياھەتچىلەر ۋۇجۇدقا چىقارمايدۇ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە رېستو ساغلاملىقىنىڭ زۆرۈرىيىتىگە قىزىقمايۋاتىدۇ ـ دە .
لېكىن جېننى بولسا ، يول بويى ئۇچراتقان ھېسابسىز كۆپ يېڭى شەيئىلەرنى كۆرۈپ ، خۇشلۇقى ئىچىگە پاتماي كەتتى ، بۇ خىل يېڭىچە تۇرمۇشتىن قانغۇچە بەھرىلەندى . لۇكسور بىلەن كاناكتا — چۈشىدە كۆرۈشكىمۇ مۇيەسسەر بولالمىغان جايلاردا — ئۇ قۇدرەتلىك ، مۇرەككەپ ھەم مۇكەممەل بولغان قەدىمىي مەدەنىيەتنى كۆردى . بۇ يەردە سان ـ ساناقسىز كىشىلەر ياشىغان ، ئالەمدىن ئۆتكەن ، بۇلار باشقا بىر خىل ئىلاھقا چوقۇنۇپ ، باشقىچە بىر خىل سىياسىي ھاۋادا ، باشقىچە بىر خىل تۇرمۇش مۇھىتىدا ھايات كەچۈرۈشكەن . جېننى ئالەمنىڭ نەقەدەر كەڭ ئىكەنلىكىنى ئۆمرىدە تۇنجى مەرتەم ئېنىق ھېس قىلىپ يەتتى . مانا ئەمدى مۇشۇ كۆزقاراشتىن — خاراب بولغان يۇنان ، گۇمران بولغان رىم ، ئەستىن كۆتۈرۈلگەن مىسىر دەيدىغان كۆزقاراشتىن — شەيئىلەرنى كۆزەتكىنىدە ، ئۇ بىزنىڭ بۇ ئازغىنە مۇشكۇلاتىمىز ۋە سۇسقىنا ئېتىقادىمىزنىڭ نەقەدەر ئەرزىمەس بىر نەرسە ئىكەنلىكىنى

www.uyghurkitap.com

چۈشىنىپ يەتتى . دادىسىنىڭ لۈدېرچە دىنىي ئەقىدىسى ئەمدى ئۇنىڭغا قىلچە ئەھمىيەتسىز بىر نەرسىدەك ، كولومبونىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىمۇ بىمەنە نەرسىدەك بىلىندى . ئاپىسى ھەمىشە باشقىلارنىڭ — قولۇم ـ قوشنىلىرىنىڭ نېمە ئويلاردا بولۇۋاتقىنىدىن ۋايىم يەپ يۈرەتتى ، بۇ يەردە بولسا ، سان ـ ساناقسىز ئۆلۈك بىلەن تولغان دۇنيا تۇرۇپتۇ ، بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئوبدىنىمۇ ، ئەسكىسىمۇ بار . رېستو ئۇنىڭغا : ھەرقايسى جايلاردىكى ئاھالىلەرنىڭ ئەخلاق ئۆلچىمىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىنى بەزىدە كىلىمات ، بەزىدە دىنىي ئېتىقاد كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسا ، بەزىدە پەۋقۇلئاددە شەخسلەر — مەسىلەن ، مۇھەممەد پەيغەمبەر — پەيدا قىلغان ، دەپ چۈشەندۈردى . رېستو بۇ ئالەمدىكى خىلمۇخىل ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى جېنىنىغا كۆرسىتىشنى ياخشى كۆرەتتى ، جېنىنىمۇ خېلى بىرنېمىلەرنى چۈشىنىپ قالدى . ئۇ ئۆزىنى ئەسكى ئىكەنمەن ، دەپ تەن ئالدى . قىسمەن دائىرىدىن قارىغاندا ، ياخشى بولۇش بىلەن ئەسكى بولۇش ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ناھايىتى مۇھىمدەك كۆرۈنسىمۇ ، لېكىن مەدەنىيەت توغرىسىدىكى يىغىندى نەزەرىيە ، يەنى غايەت زور كۈچ ـ قۇدرەت توغرىسىدىكى يىغىندى نەزەرىيە بويىچە قارىغاندا ، بۇ قانچىلىك ئىش ئىدى ؟ دۇنيادا جىمى نەرسە ۋاقىتىنچە مەۋجۇت بولۇپ ، ئاخىر ئۆلىدۇ ، ئۇ ، رېستو ھەم باشقا ھەممە كىشى بەربىر ئۆلىدۇ . ياخشىلىقتىن — كۆڭۈلنىڭ ياخشىلىقىدىن باشقا ، قەدىرلەشكە ئەرزىگۈدەك يەنە نېمە بار ؟ شۇنىڭدىن باشقا ھەقىقىي نەرسە بارمۇ زادى ؟

## 45

رېستو بۇ سەپىرىدە ، ئۇ جېنىنى بىلەن تونۇشۇشتىن ئىلگىرى چىن دىلىدىن ياقتۇرۇپ كەلگەن قىز — لېتتى بىسىنى قايتا ئۇچراتتى ، ئۇلار باشتا لوندوندىكى كاردىن تىياتىرخانىسىدا ،

كېيىن يەنە قاھىرەدىكى شەفرۇز سارىيىدا ئۇچرىشىپ قېلىشتى . رېستوننىڭ ئۇنى كۆرمىگىنىگە خېلى يىللار بولغانىدى ، بۇ مەزگىلدە ئۇ تۆت يىل مالكولم گىرالد خانىم بولۇپ ، كېيىنكى ئىككى يىلدىن بېرى ئېرىدىن ياشلا تۇل قېلىپ ، تۇللۇق تۇرمۇشىنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقانىدى . مالكولم گىرالد باي ئادەم ئىدى . ئۇ سىنسىنناتىدا بانكا ھەم ئاكسىيە دەللاللىقى ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ ، قالتىس بېيىپ كەتكەنىدى ، ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ، ئايالى پۈتۈن مىراسىنىڭ ئىگىسى بولۇپ ، كاتتا بايلاردىن بولۇپ قالدى . لېتتى بىس بىر بالىنىڭ ، يەنى بىر قىزچاقنىڭ ئاپىسى بولۇپ قالغان ، ھازىر ئۇ بالىنى بالا باققۇچى دېدەككە تاپشۇرۇپ ، ئۆزى ساياھەتكە چىققانىدى ، بارغانلىكى يېرىدە مەدەنىيەتلىك دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەل پايتەختلىرىدىن كەلگەن خۇشتارلارنىڭ دىققەت مەركىزىگە ئايلىنىپ قالدى . لېتتى گىرالد قابىلىيەتلىك ، گۈزەل ، نازاكەتلىك بىر ئايال بولۇش بىلەن بىرگە ، ئۆزى شائىرە ، ئىلىم - مەرىپەتكە ئىشتىياق باغلىغان ، سەنئەت بابىدا يېتىشكەن ، يەنە كېلىپ رېستو گان سەمىمىيلىك ھەم قىزغىنلىق بىلەن ياخشى كۆرگەن بىر ئايال ئىدى .

ئۇ ياتلىق بولۇشتىن ئىلگىرى رېستونى چىن كۆڭلىدىن ياخشى كۆرەتتى ، چۈنكى ئۇ ئەركەكلەرگە ۋە كىشىلىك تۇرمۇشقا نىسبەتەن پاراسەتلىك كۆزەتكۈچى بولغاچقا ، رېستونى ئەزەلدىن ھەقىقىي ئەركەك دەپ ھېسابلاپ كەلگەنىدى . ئۇ رېستونى ئىنتايىن ئەقىللىق ، ئىنتايىن ئېغىر - بېسىق ئەركەك ، دەپ قارايتتى . يەنە رېستوننىڭ ئەزەلدىن ساختىلىق بىلەن ئېقى كېلىشمەيدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتى ھەم رېستوننىڭ دەل مۇشۇ يېرىنى ياقتۇراتتى . رېستو ئىجتىمائىي ئالاقىلەردە ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن چاكىنا تەكەللۇپلاردىن مۇمكىنقەدەر ساقلىنىپ كەلگەنىدى ، ئاددىي ، سەمىمىي ئىشلار توغرۇلۇق پاراڭلىشىشنى ياقتۇراتتى . ئەينى چاغلاردا بۇ ئىككىسى تانسا سورۇنلىرىدا ئۇچرىشىپ قالغىنىدا ، تولىراق ئۆزلىرىنى سورۇندىن تۇيدۇرماي بىر چەتكە ئېلىپ

بالكونغا چىقىپ كېتىشەتتى ـ دە ، رىبستو تاماكا چەككەچ ئۇنىڭ بىلەن مۇڭدىشاتتى . ئىككىيلەن پەلسەپە توغرۇلۇق بەس ـ مۇنازىرە قىلىشاتتى ، كىتابلار توغرۇلۇق مۇھاكىمە يۈرگۈزۈشۈپ ، باشقا شەھەرلەرنىڭ سىياسىي ، ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈرۈپ چىقىشاتتى . قىسقىسى ، رىبستو ئۇنى نەزەر دائىرىسى كەڭ قىز دەپ بىلەتتى ، لېكىن ئۇ بولسا ، رىبستونىڭ ئۆزىگە تەكلىپ قويۇشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتى . گاھى چاغلاردا رىبستونىڭ قوڭۇر رەڭ بۇدۇرچاچلىق يوغان ھەم بەقۇۋۋەت كاللىسىدىن كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇرغىنىچە ، ئۇنى بىر سىلاپ باققۇسى كېلىپ كېتەتتى . كېيىن رىبستو چىكاگوغا كۆچۈپ كېتىۋىدى ، بۇ ئىش ئۇنىڭغا تازىمۇ ئېغىر زەربە بولدى . ئۇ چاغلاردا ئۇ جىنىنىڭ ئىشىدىن تېخى خەۋەرسىز بولسىمۇ ، لېكىن تۇيغۇلىرى تەبىئىي ھالدا ئۇنى رىبستوغا ئېرىشىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم بولغانلىقىغا ئىشەندۈرۈۋەتكەنىدى .

شۇنىڭ بىلەن ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىشق ـ پىراقىدا ئاشىق ـ بىقارار بولۇپ يۈرگەن مالكولم گىرالدىنىڭ ئاتمىش بەشىنچى قېتىملىق تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى . ئۇ بۇ ئەرنى ياخشى كۆرمەيتتى ، لېكىن يېشى چوڭىيىپ كېتىۋاتقاچقا نائىلاج توي قىلدى . تويى بولغان چاغدا ئېرى قىرىق تۆت ياشتا ئىدى ، تويدىن كېيىن تۆت يىللا ئۆمۈر كۆرەلىدى — مۇشۇ مەزگىلدە ئايالىنىڭ جازىبىدار ، دىلبەر ، ئىستېبداتلىق ئايال ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىشكە ئۈلگۈردى . كېيىن ئۇ كىشى ئۆپكە ياللۇغى بىلەن ئۆلۈپ كېتىپ ، گىرالد خانىم باغرى يۇمشاق ، نەزەر دائىرىسى كەڭ ، كىشىنىڭ زوقىنى قوزغايدىغان ، پۇلدار تۇل ئايال بولۇپ قالدى ، ئۇنىڭ ئەمدى كۆڭۈل ئۆتكۈزۈش ۋە پۇل خەجلەشتىن باشقا قىلغۇدەك ھېچ ئىشى يوق ئىدى .

ئۇنىڭ بۇ ئىككى ئىشقىمۇ تېخى ئانچە ھەپىسلىسى يوق ، ئۆزىگە ئەر بولغۇچى توغرىسىدىكى غايىسىنى خېلى بۇرۇنلا رىبستوغا باغلىغانىدى . مۇشۇ بىرىنەچچە يىلدىن بېرى ئاللاقىلىشىش دائىرىسى

بارغانسېرى كېڭىيىپ ، ھەر ـ ھەر مەنمەنچى ماركىزلار ، گرافلار ، ۋىكونتلار ، لوردلار بىلەن تونۇشۇپ قالغان بولسىمۇ ، ھېچقايسىسى ئۇنىڭدا قىلچە قىزىقىش قوزغىيالمىدى ، ئۇنىڭ مال ـ دۇنياسىنى كۆزلەپ تەلەپ قويغۇچىلارنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىدىكى ياسالمىلىقلار ئۇنى تازىمۇ بىزار قىلىۋەتكەنىدى . ئۇ خۇلق ـ مىجەزگە ھۆكۈم قىلغۇچى ، ئەرلەر ۋە ئۆرپ ـ ئادەتنى تەتقىق قىلغۇچى ، جەمئىيەتشۇناسلىق ۋە پسىخولوگىيە مايىللىقىدىن تەبىئىي خۇلاسە چىقارغۇچى بولغاچقا ، بۇ خىل كىشىلەرنىڭ ئىچ ـ باغرىنى ، شۇنىڭدەك مۇشۇ كىشىلەر ۋەكىللىك قىلىدىغان مەدەنىيەتنى ئېنىق كۆرۈپ يەتكەنىدى .

— ئەگەر مەن سىنسىنناتىدىكى ئۆزۈم تونۇشقان بىر ئەر بىلەن توي قىلالىغان بولسام ، ئۇنىڭ بىلەن كەپىدە ياشىساممۇ كۆڭۈللۈك ھېس قىلغان بولاتتىم ، — ئۇ بىر قېتىم ئامېرىكا تەۋەلىكىدىكى بىر يېقىن قىز دوستىغا شۇنداق دېگەنىدى ، — ئۇ ئەڭ ئۇلۇغ ، ئەڭ ئاقىل ئادەم . ئۇ ماڭا تەكلىپ قويىدىغانلا بولسا ، مېنى قارا ئىش قىلىشقا سالسىمۇ ئۇنىڭغا تەگكەن بولاتتىم .

— ئۇ شۇنچىلىك كەمبەغەلما ؟ — دەپ سورىغانىدى دوستى .

— ياقەي ، ئەسلا كەمبەغەل ئەمەس . ئۇ دېگەن باينىڭ بېيى دېگىنە ، ئەمما مەن ئۈچۈن كەمبەغەل بىلەن باينىڭ ھېچ پەرقى يوق . ماڭا ئۇ كىشىنىڭ ئۆزى بولسىلا بولىدى .

— لېكىن ۋاقىت ئۆزارغانسېرى كەمبەغەللىك بىلەن بايلىق بەرىبىر پەرقلىنىدۇ .

— سەن مېنى خاتا چۈشىنىپ قاپسەن ، — دېدى گرالد خانىم ، — مەن ئۇنى شۇنچە يىل كۈتتۈم ، ئۇنى تازا چۈشىنىمەن .

رېستونىڭ كۆڭلىدىكىنى ئېيتساق ، لېتتى ، بىس يەنى ھازىرقى گرالد خانىم ئەزەلدىن ئۇنىڭدا گۈزەل ھەم يېقىملىق تەسىرات قالدۇرغان قىز ئىدى . رېستو ئەينى چاغلاردا ئۇنى ياقتۇراتتىلا ئەمەس ، بەلكى خېلىلا ياخشى كۆرەتتى . شۇنداق تۇرۇقلۇق نېمىدەپ ئۇنىڭ بىلەن توي قىلمىدىكىنە ؟ ئۇنىڭ ئۆزىگە

ئۆزى مۇشۇنداق سوئال قويغان چاغلىرىمۇ بولغان . ئۇنىڭ بىلەن توي قىلغان بولسا ، ئۇ رىبستوغا كۆڭۈلدىكىدەك رەپىقە بولالايتتى . رىبستونىڭ دادىسىنىڭمۇ كۆڭلى ئارام تاپقان ، بەلكى ھەممەيلەن خۇش بولغان بولاتتى ، بىراق ئۇ بۇ ئىشنى ئارقىغا سۈرەۋېرىپ ، كېيىن جېنىنى بىلەن تونۇشۇپ قالدى . شۇنىڭدىن كېيىن نېمىشقىدۇ ئۇنى كۆڭلى تارتمايلا قويدى . ئالتە يىللىق ئايرىلىشتىن كېيىن ، ئۇنى يەنە ئۇچراتتى . رىبستو ئۇنىڭ توي قىلغانلىقىنى ئاللىبۇرۇن ئاڭلىغان ، ئۇمۇ رىبستونىڭ غەيرىي مۇناسىۋىتىدىن ئاز - پاز خەۋەردار — رىبستونى ھېلىقى ئايال بىلەن توي قىلىپ ، ھازىر چىكاگونىڭ جەنۇبىي رايونىدا ئولتۇرۇۋاتىدۇ ، دەپ ئاڭلىغان ، لېكىن ئۇنىڭ تەئەللۇقاتتىن مەھرۇم بولغانلىقىدىن تېخى خەۋەرسىز ئىدى . ئۇ رىبستو بىلەن بىرىنچى قېتىم ئىيۇنىنىڭ بىر ئاخشىمى كاردىنىدا ئۇچرىشىپ قالدى . بۇ كۈنى ئەتراپ باھار پەيزىگە چۆمگەن ، تىياتىرخانىنىڭ دېرىزىلىرى ئۇلۇغ ئېچىۋېتىلگەن ، تاشقىرىدا گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن ، گۈللەرنىڭ خۇشبۇي ھىدلىرى ھاۋاغا بىر خىل يېڭى ھايات ئېڭىنى تارقىتىۋەتكەنىدى . ئۇ رىبستونى تۇيۇقسىز كۆرۈپ قېلىپ ، ھاياجانلانغىنىدىن ، گويا بوغۇزىغا بىرنېمە كەپلىشىپ قالغاندەك بولدىيۇ ، يەنە بىردەمدىن كېيىن سەل تىنچلىنىپ ، رىبستوغا چىرايلىق بىلىكىنى ئۇزاتتى .

— ئوھو ، رىبستو گان ، — دېدى ئۇ چۇقۇرلاپ ، — ياخشىمۇسىز ! سىز بىلەن قايتا ئۇچراشقىنىمدىن ئىنتايىن خۇشالمەن . بۇ ياق گان خانىممۇ ؟ راستىنى ئېيتسام ، ئۇياق مېنى مەپتۇن قىلىۋالدى . سىز بىلەن ئۇچرىشىپ ، خۇددى باھار شامىلى يۈزۈمنى يەلپۈپ ئۆتكەندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدىم . مېنى ئەيىبكە بۇيرۇماسسىز ، گان خانىم ، لېكىنزە ئېرىڭىز بىلەن كۆرۈشكەندە كۆڭلۈم قەۋەتلا يايراپ كېتىدۇ . سىزدىن ئايرىلغاندىن كېيىن ، رىبستو ، ھەش - پەش دېگۈچە شۇنچە يىللار ئۆتۈپ كېتىپتۇ . ئويلىسام ئۆزۈمنى قېرىپ كەتكەندەك ھېس قىلىمەن . ئويلاپ

بىقىڭا ، رىستو ، ئالتە - يەتتە يىل بولۇپ قالدىغۇ ! بۇ ئارىلىقتا مەن تۇرمۇشقا چىقتىم ، بالىلىق بولدۇم ، بىچارە گىرالد ئەپەندىمۇ رەھمەتلىك بولۇپ كەتتى ، ۋاي - ۋۇي ، مېنىڭدە بۇنچىۋالا كۆپ ئۆزگىرىش بولۇشىنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمىگەنىكەنمەن !

— بىراق قىياپىتىڭىز ھېچقانداق ئۆزگەرمەپتۇ ، — دېدى رىستو كۈلۈپ تۇرۇپ ، ئۇمۇ لېتتى بىلەن ئۇزاق ۋاقىت ئايرىلىپ ، بۇ يەردە قايتا ئۇچرىشىپ قالغىنىدىن قەۋەتلا سۆيۈنۈپ كەتتى ، چۈنكى بۇلار ئىلگىرى ناھايىتى يېقىن دوست ئىدى . لېتتى ئۇنى ھېلىھەم ياخشى كۆرىدىكەن — بۇنىسى ئېنىق ، رىستومۇ ئۇنى ھەقىقىي ياخشى كۆرەتتى .

جېننى كۈلۈمسىرىگىنىچە ، زۇۋان سۈرمەي قاراپ تۇردى . ئۇمۇ رىستونىڭ بۇ قەدىناس دوستى بىلەن تونۇشۇپ قالغىنىدىن ناھايىتى خۇرسەن بولدى . لېتتى ئۇچىسىغا چۆرىسىگە سىرىق رەڭلىك چىرايلىق گۈللۈك جىيەك قوندۇرۇلغان سۇس ناۋات رەڭ تاۋار كۆڭلەك كىيىۋاپتۇ ، چىرايلىق بىلەكلىرى تاكى مۈرىسىگىچە يالىڭاچ ئىدى ، جېننى بىر قاراشتىلا ، «كۆڭۈلگە ياققۇدەك ئايال ئىكەن» دېگەن تەسىراتتا بولدى . جېننى ئادەتتە چىرايلىق ئاياللارغا نەزەر سېلىشنى ياقتۇرىدىغان ، بۇ مىجەزى رىستونىڭكىگە ئوخشاش ئىدى ؛ ئۇ ھەمىشە رىستونىڭ دىققىتىنى ئاشۇنداق ئاياللارغا قارىتاتتى ، يەنە تېخى باشقا ئاياللارنى «ئۇنداق چىرايلىقكەن ، مۇنداق گۈزەلكەن» دەپ ، رىستو بىلەن چېقىشىپ قوياتتى .

— ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ باققۇڭىز بارمۇ ؟ — ئۇ گاھىدا ئۆزىنىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە تارتقان بىرەر ساھىبجامالنى ئۇچرىتىپ قالسا ، رىستوغا شۇنداق دەپ چاقچاق قىلىپ قوياتتى . رىستو ئاندىن تەنقىدىي نەزەر بىلەن جېننىنىڭ تاللىغان كىشىسىنى كۆزەتكىلى تۇراتتى ، چۈنكى جېننىنىڭ ئاياللارنىڭ گۈزەللىكىگە قارىتا ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىنىڭ ئىنتايىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى بىلەتتى . ئۇ يا جېننىنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ :

— ياقەي ، ماڭا سىز بولسىڭىزلا كۇپايە ، — دەپ جاۋاب

بىرەتتى ياكى ئۆز نۆۋىتىدە جىنىنىغا چاقچاق قىلىپ ، — مەن ئەمدى ياش ئەمەس - دە ، بولمايدىغان بولسا ئۇنى ھازىرلا كەلتۇرۇۋالاتتىم ، — دەيتتى .

— بىرنۆۋىرلىك ، — جىننى ئۇنى كۇشكۇرتەتتى ، — مەن سىزنى ساقلاپ تۇرىمەن .

— ئەگەر راستتىنلا كېتىپ قالسام ، سىز قانداق قىلىسىز ؟

— ھېچقانداق ، رىستو ، مەن ھېچقانداق قىلمايمەن . بەلكىم يەنە قېشىمغا قايتىپ كېلەرسىز .

— كۆڭلىڭىزگە كەلمەمدۇ ؟

— كۆڭلۇمگە كېلىشىنىغۇ كېلىدۇ ، ئەمما سىز راستتىنلا كەتمەكچى بولسىڭىز ، سىزنى توسۇپ تۇرۇۋالمايمەن . ئەگەر ئۆزى خالىمىسا ، مەنمۇ ئەر كىشىنى ئۆزۈمگە مەھكەم باغلىۋالمايمەن .

— سىزدە نەلەردە يۈرۈپ بۇنداق ئوي پەيدا بولغان ، جىننى ؟ — رىستو بىر قېتىم جىنىنىڭ پەلسەپىۋى ئېڭىنىڭ چوڭقۇر ياكى تېيىزلىقىنى سىناپ باقماقچى بولۇپ ، ئۇنىڭدىن شۇنداق دەپ سورىدى .

— ۋايتاڭەي ، نېمە بۇنى سوراپ قالدىڭىز ؟

— سىزنىڭ بۇ ئويىڭىز كەڭ دائىرىلىك ، يېقىملىق ئوي . كېسىپ ئېيتىمەنكى ، بۇ ھەرگىز ئاددىي ئوي - پىكىر ئەمەس .

— ئىشىنىشىڭىز ، مەن ھەمىشە : «بىز شەخسىيەتچى بولماسلىقىمىز كېرەك» دەپ ئويلايمەن ، رىستو . بەزى ئاياللارنىڭ مەپكۇرىسى مېنىڭكىگە ئوخشىمايدىغانلىقىنىمۇ بىلىمەن . مېنىڭچە بىر ئەر بىلەن بىر ئايال تەقدىرىنى بىر - بىرىگە باغلىماقچى بولسا ، بۇ تامامەن ئۆزى ئىختىيار قىلغان ئاساستا بولۇشى كېرەك . ئۇنداق بولمىغاندا ، بىر ئۆيدە ياشاپ نېمە قىلىدۇ ، سىزنىڭچە قانداق ؟ ئەر كىشى ۋاقتىنچە يېنىدىن كېتىپ قالغان بولسا ھېچ ۋەقەسى يوق ، پەقەت ئۇ قايتىپ كېلىشنى خالايدىغانلا بولسا مەيلى .

رىستونىڭ چېھرىدە تەبەسسۇم جىلۋە قىلدى ، ئۇ جىنىنىنىڭ بۇ چۈشەنچىسىنىڭ نەقەدەر يېقىملىق ئىكەنلىكىنى ، كىشىنى

ھەقىقەتەن سۆيۈندۈردىغانلىقىنى ھېس قىلغانىدى .

ھېلىقى كۈنىمۇ ، جېنىنى بۇ ئايالنىڭ رېستوغا بۇنچىۋالا يېقىنچىلىق قىلىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ ، بۇلارنىڭ قىلىشىدىغان جىق پاراڭلىرى بارلىقىنى پەملىدى ـ دە ، ئاجايىپلا بىر ئىشنى قىلدى :

— مېنىڭ سىلەردىن بىرپەس ئايرىلىشىمنى ئەيىبكە بۇيرۇماسسىلەر ـ ھە ؟ — دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ ، — ئويلىسام ياتاقتا يىغىشتۇرۇلمىغان يەنە بىرمۇنچە نەرسە قاپتۇ ، مەن دىككىدە بېرىپ كېلەي .

ئۇ ياتاققا قايتىپ كېتىپ خېلى ئۇزاق ھايال بولدى ، بۇ ئارىلىقتا رېستو بىلەن لېتتى ئۆتكەن ـ كەچكەن ئىشلار توغرۇلۇق قىزغىن پاراڭلىشىپ كېتىشتى . بۇلار بىر ـ بىرىگە ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىشتى .

— سىز ھازىر ئۆيلىنىۋاپسىز ، — دېدى لېتتى يۈرەكلىك ھالدا ، — ئەمدى سىزگە ئىقرار قىلاي ، راستىنى ئېيتسام ، مەن سىزنى ماڭا تەكلىپ قويسىكەن ، دەپ ئارزۇ قىلىپ يۈرگەنىدىم .

— بەلكىم جۇرئىتىم يەتمىگەن بولسا كېرەك ، — دېدى رېستو ئۇنىڭ قاپقارا كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ ، كۆڭلىدە : ئۇ مېنىڭ رەسمىي توي قىلمىغانلىقىمنى تېخى بىلمەيدىكەن ـ دە ، دەپ ئويلىدى . لېتتىنىڭ ئىلگىرىكىدىنمۇ بەك گۈزەللىشىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى . شۇ تاپتا ئۇ رېستودا «ئۇ ئىجتىمائىي ئالاقە ئىشلىرىغا تازا باب كېلىدىغان ، يەنە كېلىپ نازاكەتلىك ، تەبىئىي ، زېرەك ، زەررىچە نۇقساندىن خالىي بىر شەخس ، مەيلى كىم بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىشسا ، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ سالاھىيىتىنى نەزەردە تۇتالايدۇ» دېگەن تەسىراتنى پەيدا قىلىۋاتاتتى .

— ھە ، بەك شۇنداق ئويلايسىز ! سىزنىڭ نېمە ئويلاۋاتقىنىڭىزنى بىلمەن ، ھەقىقىي ئويىڭىزنى تېخى ئېيتمىدىڭىز .

— نېمە ، نېمە ، ئەزىزىم . بۇنداق تېز ھۆكۈم چىقىرىۋەتمەڭ . سىز مېنىڭ نېمە ئويلاۋاتقىنىمنى ئەسلا بىلمەيسىز .

— بولدى ، گەپنى ئەپقاچمىسىڭىزمۇ بولىدۇ ، مەن سىزنى چۈشەنمەيدىغان ئادەم ئەمەس . ئۇ بەك گۈزەل ئىكەن ، شۇنداق ئەمەسمۇ ؟

— جېنىمنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق ئارتۇقچىلىقى بار ، — رېستو سەممىيلىك بىلەن جاۋاب بەردى .

— سىلەر كۆڭۈللۈكمۇ ؟

— ھەئە ، كۆڭۈللۈك دېسىمۇ بولىدۇ ، شۇنداق ، شەخسەن ئۆزۈم كۆڭۈللۈك دەپ ھېس قىلىمەن ، خۇددى ھاياتتىن كۆڭلى سوۋۇغان كىشىلەرنىڭ ئويلىغىنىدەك كۆڭۈللۈك . مېنىڭ خىيالپەرەس ئەمەسلىكىمنى بىلىسىز ، شۇنداق بولغاچقىمىكىن ، بىئاراملىق دېگەننىمۇ ئەسلا بىلمەيمەن .

— ئەگەر سىزنى ھەقىقىي چۈشەنگەن بولسام ، مېنىڭچە سىزدە خام خىيال دېگەن نېمە زادىلا يوق .

— توغرا ئېيتتىڭىز ، مېنىڭدە خىيال ـ پىيال دېگەن نېمە زادىلا مەۋجۇت ئەمەس ، لېكىن ، ئەمما بەزى چاغلاردا «ھازىرقىدىنمۇ كۆڭۈللۈكرەك ياشىسام ئىكەن» دەپ شېرىن خىيالدا بولۇپ قالىمەن .

— مەنمۇ شۇنداق ، رېستو . بىلەمسىز ، گەرچە قولۇمدا بەش ـ تۆت تەڭگە پۇل بولسىمۇ ، لېكىن مەن ئۆزۈمنىڭ پۈتكۈل ھاياتىمنى مەغلۇپ بولغان ، دەپ قارايمەن .

— نەدىكى گەپنى قىلىدىغانسىز — شۇ قاتارلىق چىرايلىق ، قابىلىيەتلىك ، يەنە تېخى پۇلدار تۇرۇپ ، دەۋاتقان گېپىڭىزنى قاراڭ . خۇدايا توۋا دېسىڭىزچۇ !

— لېكىن بۇلارنىڭ نېمە پايدىسى ؟ ساياھەت قىلىغان ، ئۇنىڭ ـ بۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشقان ، مال ـ دۇنيانىڭ پېيىدە يۈرگەن بىر توپ ھاماقەتلەرنىڭ كۆزىنى غەلەت قىلىمەن دەپ ئاۋارە بولغان ، شۇمۇ ئىش بولدىمۇ ، قويۇڭە ، گاھىدا شۇنداق بىزار

بولۇپ كېتىمەنكى !

لېتتى رېستوغا تىكىلگىنىچە ئويغا چۆمدى . گەرچە ھازىر ئارىغا جېننى قىستۇرۇلۇۋالغان بولسىمۇ ، بۇلارنىڭ ئىلگىرىكى ھېس - تۇيغۇلىرىنى ئەسلىگە كەلمەيدۇ دېگىلى بولماس - ھە ؟ بىر زامانلاردا ئىككىيلەن خۇددى قەدىناس ئەر - خوتۇنلاردەك ياكى ياش ئاشىق - مەشۇقلاردەك يېقىن ئۆلتۇرۇپ مۇڭدىشىپ كېتەتتى . ياق ، جېننىنىڭ لېتتىنى بېسىپ چۈشۈشىگە يول قويماسلىق كېرەك . ئۇنىڭ رېستوغا تىكىلگەن كۆزلىرىدە دەل مۇشۇ مەنە ئېنىق ئىپادىلىنىپ تۇراتتى . رېستومۇ ئۇنىڭغا جاۋابەن ئەلەملىك كۈلۈمسىرىدى .

— ئۇ كەلدى ، — دېدى ئۇ ، — ئەمدى باشقا گەپنى قىلىشايلى . سىزغۇ ئۇنىڭغا ئۆچلۈك قىلمايسىز .

— شۇنداق ، بىلىمەن ، — دېدى ئۇ ، ئاندىن جېننىنى يېقىملىق تەبەسسۇم بىلەن قارشى ئالدى .

بىردىنلا ، جېننىنىڭ كۆڭلىنى ئەنسىز بىر تۇيغۇ غىدىقلاپ ئۆتكەندەك بولدى . ئۇنىڭ خىيالىدىن : «بۇياق رېستونىڭ كونا يارى بولۇشى ئېھتىمال . رېستو تاللاشقا تېگىشلىك قىز مەن ئەمەس ، بەلكى ئۇ ئىكەنتۇق . رېستونىڭ سالاھىيىتىگە ماس كېلىدىغان قىز دەپ شۇنى دېسە بولىدۇ . رېستو ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن توي قىلغان بولسا ، ئوخشاشلا كۆڭۈللۈك ئۆتكەن ، بەلكى تېخىمۇ كۆڭۈللۈك ئۆتكەن بولاتتىكەن . رېستو مۇشۇنى ئاڭقىرىپ يەتكەنمىدۇ ؟» دېگەن ئوي كېچىپ ئۆتتۈۋىدى ، ئۇ يەنە كۈچەپ تۇرۇپ ، كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان بۇ ئوينى كاللىسىدىن نېرى قوغلىدى ؛ ئۇنىڭ كۈنداشلىقى تۇتقىلى باشلىدى ، ۋاي ، نېمىدېگەن رەزىللىك .

گىرالد خانىم بۇ ئەر - خوتۇنلاردىن ئىللىق مۇئامىلىسىنى زادىلا ئايىمىدى . ئەتىسى بۇ ئىككىيلەننى لادۇنروغا سەيلىگە تەكلىپ قىلدى ، سەيلىدىن كېيىن ، يەنە كلارىگ رېستورانىغا كەچكى غىزاغا چاقىردى . غىزادىن كېيىن ئۇ بىرى بىلەن

ئۇچراشقىلى پارتىزغا مېڭىپ كەتمەكچىدى .بۇلار بىلەن قىزغىن ئەھۋاللاشتى ھەمدە كېيىن يەنە ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشىش ئۈمىدىدە ئىكەنلىكىنى ئېيتتى . جېنىنىنىڭ تەلەيلىكلىكى ئۇنىڭ يۈرىكىدە كۈچلۈك ھەسەت ئوتىنى ياندۇرۇۋەتكەنىدى . ئۇ : «رېستو جېنىنىنى دەپ ئۆز سالاپىتىدىن چۈشۈپ كېتىپ قالمىسا بولاتتىغۇ» دەپ ئويلىدى . رېستوغۇ شۇ تاپتا ئىلگىرىكىدىنمۇ سۆلەتلىك ، ۋەزمىن ، ساغلام كۆرۈنىدۇ . شۇنىسى بويتاق بولغان بولسىچۇ كاشكى . دەل مۇشۇ پەيتتە رېستودىمۇ — بەلكىم ئىختىيارسىز ھالدا — مۇشۇنداق تۇيغۇ پەيدا بولدى .

لېتتىنىڭ مۇشۇ تۇيغۇلىرىغا ماس ھالدا ، رېستومۇ ئىختىيارسىزلا : «ناۋادا ئىككىمىز توي قىلغان بولساق قانداق بولاتتىكىن» دېگەن تەسەۋۋۇرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ چىقتى . ئىككىيلەن مانا مەيلى پەلسەپە ، سەنئەت جەھەتتە بولسۇن ياكى ئەمەلىيەتتە بولسۇن ، ھېسسىيات ـ پىكىر ئورتاقلىقىغا ئىگە تۇرمامدۇ . بۇ ئىككىيلەن خۇددى قەدىناس ئەر دوستلاردەك ، ھەرقاچان ، ھەر زامان تەبىئىي ھالدا بەھۇزۇر پاراڭلىشالايدۇ . ھەر ئىككىسىنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقە دائىرىسى ئىچىدە بىر ـ بىرىگە يات كىشىلەر يوق ، ئەمما جېنىنى ھېچكىمنى تونۇمايدۇ . رېستو ھاياتنىڭ خىلمۇخىل سىرلىرى ئۈستىدە لېتتى بىلەن پىكىرلىشەلەيدۇ ، ئەمما جېنىنى بىلەن پىكىرلىشەلمەيدۇ ، چۈنكى جېنىنىنىڭ بىلىدىغىنى ئۇنچە كۆپ ئەمەس . ئەمەلىيەتتە ، جېنىنىنىڭ تەبىئىتىدە ئېخىمۇ سەمىمىي ، ئېخىمۇ ئەتراپلىق ، ئېخىمۇ ھېسداش ، ئىشق ـ مۇھەببەتكە ئېخىمۇ باي بولغان بىر خىل نازۇك تۇيغۇ بار بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ بۇنى گەپ ـ سۆزلەردە چاققانلىق بىلەن ئىپادىلەشكە ماھىر ئەمەس . ئەمەلىيەتتە ئۇ ئىنتايىن سەمىمىي ، ئۇنىڭ مۇشۇ يېرى بەلكىم رېستونى ئۆزىگە جەلپ قىلىشىدىكى سەۋەب بولۇشى مۇمكىن . شۇنداقتىمۇ ھازىر ، بولۇپمۇ مۇشۇنداق ئەھۋالدا ، جېنىنىنىڭ ئاجىزلىقى مانا مەن دەپلا چېنىپ قالدى . شۇڭا ئەمدى رېستوغا گويا جېنىنى لېتتىغا

يەتمەيدىغاندەك ، ھېچبولمىغاندا ئۇنى بېسىپ چۈشەلمەيدىغاندەك ، ئادەتتىكىدەك ياخشى بولغان تەقدىردىمۇ ، رېستوغا ئۆزىنىڭ كېلەچىكى ئۈچۈن باش قاتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوقتەك تۇيۇلدى .

قاھىرەگە بارغاندىن كېيىن ، ئۇلار گىرالد خانىم بىلەن يەنە ئۇچرىشىپ قېلىشتى . رېستو سارايىنىڭ ئەتراپىدىكى گۈللۈكتە تاماكا چەككەچ سەير قىلىپ يۈرگەنىدى ، بىردىنلا لېتتىنى چېلىقتۇرۇپ قالدى .

— ۋاي ، قالتىس ئامەتقۇ بۇ ، — دەپ توۋلىۋەتتى ئۇ ، — قەيەردىن كېلىشىڭىز ؟

— مادرىدتىن . ئەسلى بۇ يەرگە كېلىش ئويۇم يوق ئىدى ، ئۆتكەن پەيشەنبە كۈنى ئاندىن بىر قارارغا كەلدىم . ئەر - خوتۇن ئېلىكا ئۇسلار بىلەن بىللە كەلدىم ، ئۇلارمۇ مۇشۇ يەردە . سىلەرنىڭ نەگە كەتكىنىڭلارنى پەقەتلا بىلەلمەي يۈرگەنىدىم ، كېيىن سىزنىڭ «مىسىرغا بارىمىز» دېگىنىڭىز يادىمغا كەچتى . رەپىقىڭىز قېنى ؟

— بۇ تاپتا ئۇ مۇنچىدا بولسا كېرەك . بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى بەك ئىسسىقكەن . جېننى ئەتىگەندىن بېرى «بىر يۇيۇنۇۋالسام بولاتتى» دەپلا يۈردى . مېنىڭمۇ تازا بىر يۇيۇنۇۋالغۇم كېلىۋاتىدۇ .

ئىككىيلەن بىرپەس ئايلىنىشتى . لېتتىنىڭ ئۈچىسىدا ھاۋارەڭ يىپەك كۆڭلەك ، قولىغا ئېلىۋالغان كۆك ، ئاق رەڭلىك كۇنلۇك ئۇنىڭ قامىتىگە خويمۇ يارىشىپتۇ .

— قاراڭ ، قەدىرلىكىم ! — ئۇ بىردىنلا خورسىنىپ قالدى ، — بەزىدە نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەيلا قالىمەن . مەڭگۈ مۇشۇنداق سەرگەردان بولۇپ يۈرەلمەيمەنغۇ . ئامېرىكىغا قايتىپ كېتىپ مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ قالغان بولسام ئوبدان بولاتتى .

— ئەمىسە نېمىشقا كەتمىدىڭىز ؟

— كەتكەن بىلەن نېمە پايدىسى ؟ مېنىڭ يەنە تۇرمۇشقا چىققۇم يوق . مەن بىلەن توي قىلغۇدەك ئادەممۇ قالمىدى دەڭە ، — ئۇ مۇشۇ گەپلەرنى قىلىۋېتىپ ، رېستوغا لاپپىدە بىر قارىۋەتتى - دە ،

ئاندىن گەپنى باشقا ياققا بۇرىۋەتتى .

— سىز ئۇنداق ئادەمنى تاپالايسىز ، — رىبستونىڭ سۆزلىرى ئانچە قولاشماي قالدى ، — ئۆزىڭىزنى كىشىلەردىن ئۇنداق بەك قاچۇرۇپ يۈرسىڭىز بولمايدۇ ، بولۇپمۇ سىزدەك مۇشۇنداق ھەم كېلىشكەن ، ھەم پۇلدار بىر كىشى . . .

— ئوھوش ، رىبستو ، بولدى قىلىڭا !

— خوپ ! ئاشۇنداق ئويلىغان بولسىڭىز ، ئۇمۇ ماقۇل . مەن سىزگە ھەقىقىي گەپنى قىلىۋاتىمەن .

— سىز ھازىرمۇ تانسا ئويناپ قويامسىز ؟ — لېتتى بۈگۈن كەچتە سارايدا تانسا بولىدىغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ ، ئۆزىچىلا سوراپ قالدى . بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ، رىبستو تانسىنى قەۋەتلا پەيزى ئوينايتتى .

— سىزنىڭچە مەن تانسا ئوينايدىغاندەك تۇرامدىمەن ؟

— ھوي ، رىبستو ، سىز تانسىنى تەرك ئەتتىم دېمەيۋاتقانسىز - ھە ؟ مەنغۇ تانسىنى ھازىرمۇ شۇنداق ياخشى كۆرىمەن . گان خانىممۇ تانسا ئوينامدۇ ؟

— ياق ، ئۇ تانسىنى ياقتۇرمايدۇ ، تېخى ئۆگەنگۈدەكمۇ بولمىدى ، ئېھتىمال بۇ مېنىڭ سەۋەنلىكىم بولسا كېرەك . مېنىڭ تانسا ئوينىمىغىنىمغىمۇ ئۇزاق بولۇپ كەتتىچۇ .

راست ، ئۇنىڭ كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىغا بارمىغىنىغا خېلى زامانلار بولۇپ قاپتۇ . بۇ ئەلۋەتتە ئۇنىڭ غەم - غۇسسىگە پېتىپ كېتىۋاتقىنىدىن بولغان ئىش - دە .

— بۈگۈن كەچتە مەن بىلەن تانسا ئويناڭ ، رەپىقىڭىز قارشى تۇرماس ، بۇ يەرنىڭ تانسىخانىسى شۇنداق پەيزىكەن . بۈگۈن ئەتىگەن بىرىپ كۆرۈپ كەلدىم .

— قېنى ، ئويلىنىپ باقاي ، — دېدى رىبستو جاۋابەن ، — مەن ھازىر ئۆيۈمدىن چىقىپ قاپتىمەن ، ماڭا ئوخشاش مۇشۇ ياشتىكى كىشىلەرنىڭ تانسا ئوينىمىقى خېلى مۇشكۇل بىر ئىش بولسا كېرەك .

— ۋىيەي ، قويۇڭە ، رېستو ، — دېدى گىرالد خانىم ، — بۇنداق دېسىڭىز ، مەنمۇ ئۆزۈمنى قېرىپ قالغاندەك ھېس قىلىدىكەنمەن . گەپنى بۇنداق كەسكىن قىلىۋەتمەڭ ، توۋا ، ئاران مۇشۇنچىلىك ياشقا كىرگەن ئادەممۇ قېرى ھېسابلىنارمىش تېخى !

— مەن خېلىلا پىشىپ قالدىم ، ئەزىزىم .

— ھە ، شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن كىشىلەرنى تېخىمۇ بەك تەسىرلەندۈرەلەيمىز - دە ، — دېدى رېستونىڭ كونا ئاشىقى .

## 46

شۇ كۈنى ئاخشىمى ، پالمىزارلىق يېنىدىكى كاتتا سارايىنىڭ تانسىخانىسىدىن مۇزىكا ياڭراۋاتقاندا ، گىرالد خانىم رېستونىڭ پېشايۋاندا تاماكا چېكىپ تۇرغانلىقىنى ، جېنىنىنىڭ قېشىدا ئىكەنلىكىنى چېلىقتۇردى . جېنىنى ئۈچىسىغا ئاق تاۋاردىن كۆڭلەك ، پۇتىغا ئاق ساپما كەش كىيىۋالغان ، چاچلىرىنى چېكىسىگە ھەم قۇلاقلىرىنىڭ كەينىگە غۇجمەكلەشتۇرۇپ بىر چىرايلىق تۇرمەكلىۋالغانىدى . رېستو ئۇنچىقماي ، مىسىرنىڭ تارىخىنى ، ئۇنىڭ دولقۇن كەبى توختىماي ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدىغان نىمجان مىللىتىنى ، نىل دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى ئەسىرلەر بويى ئاھالىنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەپ كەلگەن ئۈزۈنچاق ۋادىنى ، ئىسسىق ئىقلىم ۋە ئىسسىق بەلباغ تۇرمۇشىدىكى ئاجايىباتلارنى ، ھەتتا كۆمۈلۈپ قالغان ، كىشىنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغان قەدىمىي خارابىلىكلەر ئارىسىدىكى يېقىنقى زامان ئەسلىھەلىرى بىلەن تولغان ھەم زامانىۋى مېھمانخانا قاتارىغا كىرىدىغان بۇ سارايىنى خىيال ئەينىكىدىن ئۆتكۈزمەكتە ئىدى . شۇ كۈنى ئەتىگەندە ، ئۇ جېنىنى ئېلىپ ئېھرامنى تاماشا قىلغىلى باردى ، كېيىن بۇلار تراموۋايغا ئولتۇرۇپ سېفىنكسنى تاماشا قىلىشتى . جۇل - جۇل كىيىملىك ، يېرىم يالىڭاچ ، غەلىتە

سىياقتىكى ئەرلەر ھەم باللىرىنىڭ تار ، سىيسىق بىر خالتا كوچىدا ئۇياقتىن بۇياققا مېڭىپ يۈرگىنىنى چىلىقتۇرۇشتى .

— بۇ يەر تازىمۇ قالايمىقانىكەن ، — دېدى جېنىنى ، — قاراڭا ئۇلارنىڭ مەينەتلىكىنى ! بۇ جاي ماڭا ياقتى ، ئەمما ئادەملىرى خۇددى بىر توپ قۇرت ـ قوڭغۇزلاردەك مىژىلداپ يۈرۈشىدىكەن .

رېستو پىخىلداپ كۈلۈۋەتتى .

— گەپلىرىڭىزغۇ خېلى ئورۇنلۇق . بىراق بۇ ئەھۋاللارنى ئىقلىم كەلتۈرۈپ چىقارغان . بۇ دېگەن ئىسسىق ئىقلىم ، ئىسسىق بەلباغ ئاھالىسى ـ دە . مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئېزىلەڭگۈ بولۇپ كەتمەمدۇ كىشى . بۇنىڭغا ئامال يوق .

— ۋىيەي ، مەنمۇ بىلىمەن . بۇلارنى ئەيىبلەۋاتقىنىم يوق ، ماڭا بۇلار بەك غەلىتە تۇيۇلۇپ كەتتىچۇ .

كەچتە ، رېستو مۇشۇ ئىشلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈۋاتاتتى ، ئاسماندا ئاي يېقىملىق نۇرىنى زېمىنغا سېخىيلىق بىلەن سەپمەكتە ئىدى .

— ۋاھ ، سىزنى ئاخىر تاپتىم ، — ئۇشتۇمتۇت گىرالد خانىمنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى ، — مەن ھەتتا غىزالىنىۋېلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىدىم . بىز بۈگۈن بەك كەچ قايتىپ كەلدۇق . ئېرىڭىز مەن بىلەن تانسا ئويناشقا ۋەدە قىلغانىدى ، گان خانىم ، — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ . بۇ يەرنىڭ ئىسسىق ئىقلىمى ، ئەتىيازنىڭ ئاپتىپى ، ئاي نۇرى قاتارلىقلار رېستو بىلەن جېنىنىنى ئېزىپ تاشلىغاندەك ، ئۇنىمۇ ئوبدانلا ئېزىۋېتىپتۇ ، ئەتراپتىكى دەرەخزارلىق ھەم گۈللۈكلەردىن خۇشبۇي ھىدلار دىماغقا گۇپۇلدەپ ئۇرۇلماقتا . يىراقلاردىن ئاڭلىنىۋاتقان تۆگە قوڭغۇراقلىرىنىڭ جىرىڭلىغان ئاۋازلىرىغا تەڭكەش بولۇۋاتقان «ئايا ! ، ۋوش ! ۋوش ! » دېگەن يات ئاۋازلار كىشىدە گويا بىر توپ غەلىتە مەخلۇقلار بىر خالتا كوچىدا قىستىلىشىپ تۇرۇپ قالغاندەك تۇيغۇ پەيدا قىلاتتى .

— ئۇنىڭ بىلەن تانسا ئويىنىشىڭىزنى قۇۋۋەتلەيمەن ، — دېدى

جىنىنى مەمنۇنىيەت بىلەن، — ئۇ تانسا ئۆيىنىشى كېرەك، بەزى چاغلاردا مېنىڭمۇ تانسا ئويىنىغۇم كېلىپ قالىدۇ.

— ئۇنداق بولسا دەرھال ئۆگىنىشكە كىرىشىڭ، — دېدى رېستو مۇلايىملىق بىلەن، — مەن سىزگە كۆچۈمنىڭ بارىچە ياخشى جورا بولۇپ بېرىمەن. مېنىڭ قەدەملىرىم ئىلگىرىكى چاغلاردىكىدەك ئۇنچە چەبدەس بولمىسىمۇ، ھەرھالدا نەچچە چامداشقا يارايدۇ.

— ۋىيەي، ياقەي، مېنىڭمۇ چوقۇم ئويناش خىيالىم يوق، — دېدى جىنىنى تەبەسسۇم ئارىلاش، — ئىككىڭلار ئويناڭلار. ئىشقىلىپ مەنمۇ سەل تۇرۇپ ياتاققا چىقىپ كېتىمەن.

— سىز تانسىخانىغا كىرىپ ئولتۇرسىڭىز بولمامدۇ؟ مەنمۇ جىق بولسا بىر - ئىككى مەيدان چۆرگىلەپ قويارمەن. ئاندىن كېيىن باشقىلارنىڭ ئويىنىغىنىنى تاماشا قىلمامدۇق، — رېستو شۇنداق دېگەچ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— بولدى، مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇۋېرەي. بۇ يەر بەك قىزىقارلىق ئىكەن. سىز بېرىۋېرىڭ. گىرالد خانىم، ئۇنى ئەكېتىۋېرىڭ.

رېستو بىلەن لېتتى ئاستا مېڭىپ كېتىشتى. شۇ تاپتا بۇلار بەئەينى كۆزنىڭ يېغىنى يەيدىغان بىر جۈپ ئىدى. گىرالد خانىمنىڭ ئۇچىسىدا يالتىراق قارا ئۇنچىلەر قادالغان توق رەڭلىك تاۋار كۆڭلەك، چىرايلىق بىلەكلىرى ۋە گەدىنى يالىڭاچ، چېكىسىدىكى قارا چاچلىرىغا جۇلالىنىپ تۇرغان ئالماس كۆزلۈك يوغان بىر چازا قىستۇرۇلغان. گۇلسۇرۇختەك لەۋلىرىدىن كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان تەبەسسۇم يېغىپ تۇراتتى، كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدىغان قېلىن كالپۇكلىرى ئارىسىدىن سەدەپتەك چىشلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. رېستونىڭ بوي - بەستى ئەسلىدىمۇ قاۋۇل، زەبەردەس كۆرۈنىدىغان، ھازىر بويىغا ياراشقان كىيىملىك سەرپاي بىلەن ئۇ تېخىمۇ سۆلەتلىك بولۇپ كەتكەنىدى.

«رېستوغا مۇناسىپ كېلىدىغان ئايال دەل ئاشۇ» — جىنىنى

رېستوننىڭ بارا ـ بارا ئۇزاپ كېتىۋاتقان سېيماسىنى نەزىرى بىلەن ئۇزاتقاچ ، ئۆزىگە ئۆزى شۇنداق دېدىيۇ ، شۇئان خىيالغا چۆكۈپ ، ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى تۇرمۇشىنى بىر ـ بىرلەپ ئەسلىگىلى تۇردى . ئۇنىڭغا بىر تۇرۇپ ئۆتكەن ئىشلار گويا بىر چۈشتەك بىلىنسە ، بىر تۇرۇپ ئۆزى ھېلىھەم چۈش كۆرۈۋاتقاندەك تۇيۇلدى . ھايات گويا بۈگۈن ئاخشام ئۇنىڭ جىمى ئىشىنى ئېيتىپ بەرمەكچى بولغاندەك ، ئۇنىڭ قۇلىقى تۈۋىدە پىچىرلىماقتا . ئۇ بۇ ئاۋازنى ئاڭلىدى ، ئۇنىڭ بەرھەقلىقىنى چۈشەندى . بىراق ئۇنىڭ كەينىدىكى خىلمۇخىل سىرلار گويا چۈشتىكى ئۆزگىرىشتەك ، ھېلى ئۇيانغا ، ھېلى بۇيانغا يۆتكىلىپ تۇراتتى . «مەن ئەرلەرنى ئۆزۈمگە نېمانچە ئامراق قىلىۋالىدىغاندىمەن ! رېستو نېمە ئۈچۈن ماڭا بۇنچىلىك چىڭ يېپىشىۋالىدىكىنە ؟ ئۇنىڭ ئىرادىسىنى توسۇپ قالالارمەنمۇ ؟ » ئۇنىڭ يادىغا كولومبودا كۆمۈر تېرىپ تىرىكچىلىك قىلىپ يۈرگەن چاغلىرى كەچتى . مانا بۈگۈن ئاخشام ئۇ مىسىردا ، مۇشۇ كاتتا سارايدا بىر يۈرۈش ئۆينىڭ ساھىبەسى بولۇپ ئولتۇرۇپتۇ ، ئەتراپىنى خىلمۇخىل ھەشەمەتچىلىك ئوراپ تۇرۇپتۇ . رېستو ئۇنىڭغا ھېلىھەم شەيدا . رېستو ئۇنى دەپ قانچىلىغان كۆڭۈلسىزلىكلەرنى باشتىن كەچۈرمىدى ! بۇ نېمە ئۈچۈن ـ ھە ؟ ئەجەبا ، ئۆزى راستىنلا شۇنچىلىك قالتىسمىدۇ ؟ براند شۇنداق دېگەن ، رېستومۇ شۇنداق دېگەنىدى . شۇنداقتىمۇ ئۇ ھېلىھەم ئۆزىنى تۈۋەن چاغلايتتى ، ئۆزىنى مەرتىۋىسىز ، ئۆپچۆرىسىدىكى بۇنچىۋالا كۆپ قىممەتلىك نەرسىلەردىن بەھرىمەن بولۇشقا نالايىق دەپ ھېسابلايتتى . مۇشۇلارنى خىيال قىلىۋاتقىنىدا ، ئۇنىڭدا رېستو بىلەن تۇنجى قېتىم نيۇيوركقا بارغان چېغىدىكى تۇيغۇ قايتىدىن پەيدا بولدى ، ياق ، بۇنداق راھەت ـ پاراغەتلىك تۇرمۇش ئۇزاق داۋام قىلمايدۇ . ئۇنىڭ قىسمىتى پېشانىسىگە پۈتۈلۈپ كەتكەن . پەقەت كەچۈرمىشلىرىدە ئاز ـ تولا ئۆزگىرىش بولدىيۇ ، ئاخىر يەنە ھېلىقى ئاددىيغىنا تۇرمۇشىغا ، خىلۋەت كوچىسىغا ، نامرات كەپىسىگە ، جۇل ـ جۇل كىيىملەر ئارىسىغا قايتىپ بارىدۇ .

ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ چىكاگودىكى ئۆيىنى، رېستونىڭ دوستلىرىنىڭ پوزىتسىيىسىنى ئەسلەپ، تەقدىرىنىڭ زادى شۇنداق ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردى. رېستو ئۇنىڭ بىلەن توي قىلغان ھالەتتىمۇ، رېستونىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ۋە دوستلىرى ئۇنى قوبۇل قىلمايدۇ. بۇنىڭدىكى سەۋەبمۇ ئۇنىڭغا چۈشىنىشلىك. ئۇ باياتىن رېستو بىلەن بىللە تۇرغان ھېلىقى ئايالنىڭ تەبەسسۇم جىلۋىلىنىپ تۇرغان چېھرىنى كۆزىتىپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ گەرچە خېلىلا ئۆز بولسىمۇ، لېكىن رېستوغا لايىق بولالمايدىغانلىقىنى چۈشەنگەن ياكى سەزگەندەك بولۇۋىدى، ھېلىقى ئايالنىڭ رېستونى تانسىغا دالالەت قىلىپ تۇرۇۋېلىشىغا قاراپ، رېستوغا دەل ئاشۇنداق ئاياللار مۇناسىپ كېلىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. رېستوغا مۇناسىپ ئايال رېستونىڭ ئادەتلەنگەن ھاۋاسىدا چوڭ بولغان بولۇشى كېرەك. ئەمما جېنىنىغا كەلسەك، رېستو ھامانەم ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ياشاش ئادىتى بىلەن ئانچە سىغىشالمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ خىلمۇخىل نەرسىلەر توغرىسىدىكى چۈشەنچىسىنىڭ ئۆزىنىڭ ئادىتىگە ماسلاشمايۋاتقىنىنى سېزىپ تۇرىدۇ. جېنىنىغۇ رېستونىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى ئېنىق چۈشىنىدۇ. ئۇنىڭغا تەئەللۇق جابدۇق، كىيىم - كېچەك، بېزەش - زىننەتلەش، ئۆرپ - ئادەت، قائىدە - يوسۇن قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بىلەن ناھايىتى تېزلا تونۇشلۇق بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بەرىبىر مۇشۇ مۇھىتتا چوڭ بولغان ئەمەس - دە.

ناۋادا ئۇ كېتىپ قالسا، رېستو ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى دۇنياسىغا، يەنى باياتىن ئۇنىڭ بىلەن قولتۇقلىشىپ كېتىپ قالغان ھېلىقى جىلۋىگەر، ئەركە - تايتاڭ، زېرەك ئايال ياشاۋاتقان دۇنياغا قايتىپ بارىدۇ. بۇلارنى خىيال قىلغىنىدا، جېنىنىنىڭ چاناقلىرىدىن ئىختىيارسىز ياش تاراملاپ ئېقىشقا باشلىدى؛ ئۇنىڭ شۇ تاپنىڭ ئۆزىدىلا ئۆلۈپ قالغۇسى كېلىپ كەتتى. بۇنداق ياشىغاندىن كۆرە ئۆلۈپلا تۈگەشكىنى ياخشى - دە. ئۇ مۇشۇ خىياللار بىلەن بەند بولۇپ تۇرغان چاغدا، رېستو ئۇياقتا گىرالد

خانىم بىلەن تانسا ئويناۋاتقان، يەنە ۋالس ئارىلىقىدىكى بوش ۋاقىتتا يېقىن ئولتۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىلگىرىكى چاغلىرى، ئىلگىرىكى جايلىرى ۋە ئىلگىرىكى دوستلىرى توغرۇلۇق قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەندى، رېستو لېتتىغا سەپسېلىپ قاراپ، ئۇنىڭ ياشلىق لاتاپىتى ۋە گۈزەللىكىگە ئىختىيارسىز لال بولدى. لېتتى ئىلگىرىكىدىن سەل سەمرىپ قالغان بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ زىبالىقى ھېلىھەم دىئانا① نىڭكىدىن قېلىشمايتتى. ئۇنىڭ جۇلالىنىپ تۇرغان بەدىنىگە بىر خىل كۈچ - قۇۋۋەت يوشۇرۇنغان، قاپقارا كۆزلىرى بەئەينى نۇرلۇق چولپاننى ئەسلىتەتتى.

— قەسەم قىلىمەنكى، لېتتى، — دېدى رېستو ھاياجانلانغان ھالدا، — سىز ئىلگىرىكىدىنمۇ بەك گۈزەللىشىپ كېتىپسىز. شۇ تاپتا سىزنى پەرىزات دېسەممۇ لاپ بولماس. قىرماق تۇگۈل، ئەكسىچە تېخىمۇ ياشىرىپ كېتىپسىز.

— سىز شۇنداق ئويلامسىز؟ — دېدى ئۇ رېستونىڭ چىرايىغا تىكىلگىنىچە جىلمىيىپ تۇرۇپ.

— ئەلۋەتتە. بولمىسا، سىزگە بۇنچىۋالا خۇشامەت قىلاتتىممۇ؟ مەن ئاياللارغا خۇشامەت قىلىدىغانلاردىن ئەمەس جۇمۇ.

— ۋىيەي، رېستو، قاراڭا سىزنىڭ قاراملىقىڭىزنى، ئاياللارنى ئىزا تارتىپ قالارمۇ دېمەيدىكەنسىزغۇ؟ سىز بىز ئاياللارنىڭ باشقىلارنىڭ مەدھىيە سۆزلىرىنى ئاغزىمىزنى يوغان ئېچىپ ھاپ دەپ يۇتۇۋېلىشنى ئەمەس، بەلكى ئاستا - ئاستا چايناپ ھەزىم قىلىشنى خالايدىغانلىقىمىزنى بىلمەمسىز؟

— بۇ دېگىنىڭىزنىڭ مەنىسى نېمە؟ — دەپ سورىدى رېستو، — مەن نېمە دېدىم؟

— ئوھوي، ھېچنېمە، ئەمما سىز ھەقىقەتەنمۇ قارام. كۆڭلىدىكىنى دەۋېتىدىغان قارام بالىسىز. لېكىن، گېپىمنى كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ. مەن سىزنى ياقتۇرىمەن. بۇ كۆپايە

① دىئانا — رىملىقلارنىڭ ئايال تەڭرىسى.

ئەمەسمۇ ؟

— ئەلۋەتتە كۆپايە ، — دېدى رېستو .

مۇزىكا توختىغاندا ، بۇلار ھاۋا يېگىلى ھويلىغا چىقىشتى ، كېتىۋېتىپ رېستو ئىختىيارسىزلا ئۇنىڭ بىلىكىنى بوشقىنا چىمدىپ قويدى . لېتتى ئۇنىڭدا گويا ئۇ ئاللىبۇرۇنلا رېستونىڭكى بولۇپ قالغاندەك تۇيغۇنى پەيدا قىلىپ قويغاندى . ئۇ ئۆزىمۇ رېستونىڭ مۇشۇنداق تۇيغۇغا كېلىشىنى خالايتتى . ئىككىسى ھويلىدىكى چىراغ ئاستىدا ئولتۇرۇشقان چېغىدا ، لېتتى ناۋادا رېستو ئەركىنلىككە چىقىپ ئۆزىنىڭ قېشىغا كەلسە ، ئۇنى جان دەپ قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى . مانا شۇ تاپنىڭ ئۆزىدىمۇ ، ئۇ رېستونىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىشقا تەييار ، شۇنىسى رېستو خالىمايدۇ - دە . لېتتى ئۆزىنى ئاران - ئارانلا تۇتۇپ ئولتۇراتتى . رېستومۇ لېتتىنى تونۇيدىغان شۇنچە كۆپ ئەركەكلەرگە ئوخشاش ، ئىشنى ھەرگىزمۇ چالا قىلىدىغانلاردىن ئەمەس ، چۈنكى ئۇ ئۇنداق قىلالمايتتى . ناھايەت ، رېستو ئاۋۋال ئورنىدىن تۇردى - دە :

— ئەتە ئەتىگەندە جېنىنى بىلەن نىل دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا بېرىپ ، كاناك ، دىبىس قاتارلىق جايلارنى تاماشا قىلماقچى ، ئاندىن فىلىغا بېرىپ سۇ بويىدىكى ئىبادەتخانىنى كۆرۈپ كەلمەكچىدۇق . ئەتىلىككە ئەتىگەنرەك تۇرۇش كېرەك ، شۇڭا بالدۇرراق كىرىپ ياتاي دەيمەن ، — دەپ ئۇنىڭغا ئۆزرە ئېيتتى .

— سىز ئۆيگە قاچان قايتىسىز ؟ — دەپ سورىدى گىرالد خانىم .

— نويابىردا .

— پاراخوتنى دېيىشىپ قويغانمۇ ؟

— ھەئە ، توققۇزىنچى چېسلا ھامبۇرگدىن قوزغىلىمىز — «فورد» ماركىلىق پاراخوتتا .

— مەن ئەسلىدە كۈزدە قايتماقچىدىم ، — دېدى لېتتى كۈلۈپ تۇرۇپ ، — ناۋادا سىز مېنىڭ سىز بىلەن بىر پاراخوتتا

www.uyghurkitap.com

ئىكەنلىكىمنى كۆرۈپ قالسىڭىز ئەجەبلەنمەسسىز. مېنىڭ ئېنىق بىر قارارغا كەلمىگىنىم تەس.

— بىر پاراخوتتا بولساق ياخشى بولاتتى، — دېدى رېستو مۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، — سىزنىڭ بىز بىلەن بىللە كېتىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن... ئەتە يولغا چىقىشتىن ئاۋۋال سىز بىلەن كۆرۈشكىلى بارىمەن، — ئۇ گېپىنى توختىتىۋىدى، لېتتى ئۇنىڭغا قولىنى ئۇزاتتى.

— كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، — دېدى رېستو ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، — ھايات تاسادىپىيلىق بىلەن تولغان. بەزىدە ئۆزىمىزنى پۈتۈنلەي خاتالاشقاندەك ھېس قىلىمىز، ئەمەلىيەتتە دەل ئەكسىچە بولۇپ چىقىدۇ.

رېستوغا لېتتى ئۇنىڭدىن ئايرىلىشقا قىيمايۋاتقاندەك تۇيۇلدى. دېمىسىمۇ ئىش لېتتىنىڭ كۈتكىنىدەك بولماي قالدى، بۇ تازىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولدى ـ دە. رېستونىڭ بايىقى گېپى ئۇنىڭ بىر خىل ھەل قىلىش چارىسىنى — بۇ ھەقىقىي ھەل قىلىش چارىسى ئىدى — قوللىنىش ئويى قەتئىي يوقلۇقىدىن بېشارەت بېرەتتى. ئۇ بۇ خىل ھەل قىلىش چارىسىنى نېمىشقىمۇ بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدا بايقىمىدىكىنە؟

«لېكىن بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ئۇ ھازىرقىدەك بۇنداق چىرايلىق، بۇنداق ئەقىللىق، بۇنداق باي ئەمەس ئىدى.» ئېھتىمال! ئېھتىمال! بىراق ئۇ جېنىنغا ۋاپاسىزلىق قىلىشنى خالىمايتتى، جېنىننى شۇم قىسمەتكە دۇچار قىلىشنىمۇ راۋا كۆرمەيتتى. ئۇنىڭسىزمۇ جېنىنى رىيازەتنى يەتكۈچە چەكتى ھەم شۇنچە يىللارنى غەيرىتىگە ئېلىپ چىدام بىلەن ئۆتكۈزدى ـ دە.

## 47

ئۆيگە قايتىش سەپىرىدە، ئۇلارغا گىرالد خانىم بىلەن يەنە بىر ھەپتىلىك ھەمراھ بولۇشقا توغرا كەلدى. چۈنكى، گىرالد

خانىم پىششىق ئۆيلانغاندىن كېيىن ، هازىرچە ئامېرىكىغا قايتىپ كېتىش قارارىغا كەلگەندى . ئۇنىڭ بارىدىغان جايى چىكاگو بىلەن سىنسىنناتى ئىدى . دېمەك ، ئۇنىڭ رېستو بىلەن پات - پات ئۇچرىشىپ تۇرۇش ئۈمىدىدە ئىكەنلىكى ئېنىق . ئۇنىڭ پاراخوتتا ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولۇشى جېنىنىنى خېلىلا چۆچۈتۈۋەتتى . بۇنىڭ بىلەن ئۇ يەنە ئۆيگە چۆكتى . بۇنىڭ سەۋەبىنى ئۇ زادىلا بىلەلمىدى . ئەمما شۇنى جەزم قىلىشقا بولىدۇكى ، ناۋادا ئۇ بۇلارغا پۈتلىكاشاڭ بولۇپ تۇرۇۋالمىغان بولسا ، گىرالد خانىم رېستو بىلەن توي قىلغان بولاتتى . دېمەك ، مەسىلە خېلىلا مۇرەككەپ . نەسەب ، سالاھىيەت ، تەربىيەت يېقىدىن ئېيتقاندا ، لېتتى رېستوغا تەبىئىي جورا بولالايدۇ . بىراق ، جېننى رېستونىڭ ئۇنى ئەمەس ، بەلكى ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى سېزىپ تۇرۇۋاتىدۇ . ئۇنداقتا بۇ مەسىلىنى ۋاقىتنىڭ ئۆزى ھەل قىلار بەلكىم . هازىرچە ئۈچ كىشىلىك بۇ كىچىك گۇرۇھنىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى ياخشى كېتىۋاتاتتى . چىكاگوغا بارغاندىن كېيىن ، گىرالد خانىم ئۆزىنىڭ يولىغا راۋان بولدى ، جېننى بىلەن رېستومۇ ئۆزلىرىنىڭ ئادەتلەنگەن تۇرمۇشىغا قايتىدىن كىرىشىپ كەتتى .

رېستو ياۋروپادىن قايتىپ كېلىپ ، ئۆزىنىڭ ئىشىغا قىزغىن تۇتۇش قىلدى . ئەمما چوڭراق شىركەتلەر ئۇنىڭغا ھېچقانداق تەكلىپ بەرمىدى ، بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەب ، ھەممەيلەن ئۇنى ناھايىتى قابىل دەپ بىلگەچكە ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىش قىلسا ، ئۇنىڭ كونتروللۇقىغا چۈشۈپ قېلىشىدىن قورققانىدى . ئۇنىڭ مال - مۈلكى جەھەتتىكى ئۆزگىرىشتىن تېخى ھېچكىمنىڭ خەۋىرى يوق ئىدى . كىچىكرەك شىركەتلەرنى ئۇ بىرقۇر تەتقىق قىلىپ چىققاندىن كېيىن ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئاران - ئاران ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلدى ياكى ئۇلارنىڭ مەھسۇلاتى ئۇلارنى قانائەتلەندۈرەلمىدى . كېيىن ئۇ ھىندىيانانىڭ شىمالىدىكى بىر كىچىك بازاردىن بىر شىركەتنى تاپتى . بۇ شىركەتنىڭ ئىستىقبالىدىن خېلى ئۈمىد باردەك كۆرۈنەتتى . دىرېكتورى

دادىسىنىڭ ئەينى چاغلىرىدىكىگە ئوخشاش، هارۋا ـ ۋاگون ئىشلەپ چىقىرالايدىغان ئادەم بولسىمۇ، تىجارەتتە ئانچە پىشمىغانىدى. رېستو ئون بەش مىڭ دوللار نەق پۇل ۋە تەخمىنەن يىگىرمە بەش مىڭ دوللار قىممىتىدىكى بىر يۈرۈش ئەسلىھەنى بۇنىڭغا مەبلەغ سالسا، ئاز ـ تولا پايدىغا ئېرىشەلىشى مۇمكىن ئىدى. رېستو «ئەگەر ئۇ يەردە بەزى مۇۋاپىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، تىجارەت تەدبىرلىرىنى ئاز ـ تولا ئىشقا سالىدىغان بولسا، خېلى ئىشلارنى قىلغىلى بولىدۇ» دەپ ئويلىدى، لېكىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ ئۇنچە تېز بولۇشى، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭدىن نۇرغۇن بايلىققا ئىگە بولالىشى ناتايىن ئىكەنلىكىنىمۇ كۆڭلىگە پۈكۈپ قويدى. ئەمدى ھېلىقى كىچىك شىركەتكە مەبلەغ سالماقچى بولۇپ تۇرۇشىغا، قانداقتۇر بىر هارۋا ـ ۋاگون تىرېستىنىڭ ئوتتۇرىغا چىققانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ قالدى.

ئەسلىدە روبېرت هارۋا ـ ۋاگون كەسپىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش پىلانىنى يولغا قويۇشقا تېزلا كىرىشكەنىدى. ئۇ ئوخشاش كەسىپتىكىلەرگە ئىتتىپاقلىشىشنىڭ نەقەدەر پايدىلىق، رىقابەتلىشىشنىڭ نەقەدەر زىيانلىق ئىكەنلىكىنى قايتا ـ قايتا ئېنىق چۈشەندۈردى. ئۇنىڭ تەشەببۇسى كىشىلەرنى قالتىس تەسىرلەندۈرۈۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن كۆپ ساندىكى هارۋا ـ ۋاگون كاپىتالىستلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن تەشكىللىنىشتى. بىرنەچچە ئايدىلا، روبېرت ئون مىليون دوللارلىق كاپىتالغا، ئالتە ـ يەتتە مىليون دوللار قىممىتىدىكى مال ـ مۈلۈككە ئىگە بولغان بىرلەشمە شىركەتنىڭ باش دىرېكتورى بولۇپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن خۇشاللىقىدىن بېشى ئاسمانغا يەتتى.

بۇ ئىشلارنىڭ ئېلىپ بېرىلىۋاتقىنىدىن رېستونىڭ ئازراقمۇ خەۋىرى يوق ئىدى. ئۇ ياۋروپادا بولغاچقا، گېزىتلەرگە ئىككى ـ ئۈچ قېتىم بېسىلغان هارۋا ـ ۋاگون كەسپىدىكىلەرنى بىرلەشتۈرۈش توغرىسىدىكى ئېلاننى پەقەتلا كۆرمىگەنىدى. چىكاگوغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئىموگېنىنىڭ ئېرى

جېففېرسون مىكپىللېينىڭ ھېلىھەم شۆبە شىركەتنىڭ دىرېكتورلۇقىنى ئۆتەۋاتقىنىدىن ھەمدە ئۇنىڭ ئىۋانىستوندا تۇرۇۋاتقىنىدىن خەۋەر تاپقان بولسىمۇ، ئۆزى بىلەن ئائىلىسىدىكىلەر ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ تۇغۇلۇپ قالغانلىقىنى ئېسىدە تۇتۇپ، ئۇنىڭغا بىۋاستە بېرىپ ئەھۋال ئۇقۇشۇشنى خالىمىغانىدى. ئۇزاققا بارمايلا ئەھۋالدىن تەپسىلىي خەۋەردار بولۇپ، ئىچ - ئىچىدىن ئازابلىنىپ كەتتى.

بۇ خەۋەرنى ئۇنىڭغا يەتكۈزگەن كىشى باشقا بىرى ئەمەس، دەل كلېۋېلاندلىق ھېنرى لېئانچو ئىدى. ئۇنىڭ چىكاگوغا كەلگىنىگە بىر ئاي بولۇپ قالغانىدى، رېستو بىر كۈنى كەچتە ئۇنىڭ بىلەن دوستلۇق كۇلۇبىدا ئۇچرىشىپ قالدى.

— سىنى شىركەتتىن ئالاقىسىنى ئۈزۈپتۇ دەپ ئاڭلايمىنا؟ — دېدى لېئانچو بىر خىل يېقىملىق تەبەسسۇم بىلەن.

— شۇنداق، — دېدى رېستو، — ئاللىبۇرۇنلا يېنىپ چىقتىم.

— ئۇنداقتا ھازىر نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟

— ئوھو، مېنىڭمۇ ئۆزۈمگە تۇشلۇق ئىشىم بار - دە. مەن ئۆز ئالدىمغا بىر زاۋۇت قۇرۇشنى ئويلاۋاتىمەن.

— قانداقلا بولمىسۇن ئاكاڭ بىلەن زىتلىشىپ يۈرمەيدىغانسەن؟ ئۇنىڭ بىرلەشتۈرۈش ھەرىكىتىنىڭ نەتىجىسى يامان ئەمەس بولۇۋاتىدۇغۇ.

— بىرلەشتۈرۈش! بۇنى ئاڭلىماپتىكەنمەن، — دېدى رېستو، — ياۋروپادىن تېخى ئەمدىلا قايتىپ كەلدىم.

— ئۇنداق بولسا سىنى سەگىتىپ قويسام بولغۇدەك، — دېدى لېئانچو، — ئۇ سىلەرنىڭ كەسپىڭلاردا قالتىس زور ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىۋالدى. مەن تېخى سىنى بۇ ئىشتىن خەۋەردار دەپ ئويلاپتىمەن. ھازىر رايمون شىركىتى، برۇك شىركىتى، ۋوز شىركىتى — ئەمەلىيەتتە بەش - ئالتە چوڭ شىركەتنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ كەتتى. ئاكاڭ يېڭى بىرلەشمە شىركەتنىڭ باش

www.uyghurkitap.com

دىرېكتورلۇقىغا ئۆستۈرۈلدى. باغلىشىمەنكى، ئۇ بۇنىڭدىن ئىككى مىليون دوللارنى موككىدە سوقتى.

رېستو كۆزلىرىنى پارقىراتقىنىچە، ئۇنچە قىماي تۇرۇپلا قالدى. كۆزلىرىدىن ئېسەنگىرەش ئالامىتى چىقىپ تۇراتتى.

— بوپتۇ، بۇ روبېرتقا كەلگەن بىر ئامەت. مەن بەك خۇشالمەن.

لېئانچو ئۆزىنىڭ گەپلىرى ئۇنىڭ ئەجەللىك يېرىگە بېرىپ تەگكەنلىكىنى سەزدى.

— ماقۇل، ئەمىسە، خەير - خوش، ئاغىنە، — دېدى ئۇ، — ناۋادا كلېۋېلاندقا بېرىپ قالساڭ، بىزنىڭكىگىمۇ بارارسەن. بىزنىڭ ئۆيدىكىلەرنىڭ سىنى نەقەدەر ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلىسەنغۇ.

— بىلىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى رېستو، — خەير ئەمىسە.

ئۇ تاماكا چېكىش ئۆيىگە قاراپ ماڭدى، بۇ ئۇشتۇمتۇت خەۋەر ئۇنىڭ كۆڭلىنى لاسىدە قىلىپ قويدى. ئاكىسى هارۋا - ۋاگون تىرېستىنىڭ باش دىرېكتورى بولغان يەردە، ئۇنىڭ بىلەن كىچىككىنە بىر زاۋۇتنىڭ قولىدىن نېمە كەلمەكچىدى؟ يا رەببىم! روبېرت ئۇنى بىر يىلدىلا قەد كۆتۈرەلمەس قىلىۋېتەلەيدۇ. بۇنداق بىرلەشتۈرۈشنى ئۇ چۈشىدە كۆرگەنىدى، مانا ئەمدى ئاكىسى ۋۇجۇدقا چىقىرىپتۇ.

ئومۇمەن قابىلىيەتلىك ئادەملەر تەقدىرنىڭ ئەخمەق قىلىشى بىلەن زەربىگە ئۇچرىغاندا، ئەگەر ئۆزى ياشراق بولۇپ، جاسارەت ھەم جەڭگىۋار روھ بىلەن ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرالىسا، بۇ باشقا گەپ. ئوتتۇرا ياشلارغا بېرىپ قالغان، ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ياشاپ بولغان بىر ئادەم قاتتىق مۇشكۇللۇككە دۇچ كەلسە، ھەممىلا جايدا توسقۇنلۇققا ئۇچرىسا، بۇ باشقا گەپ، جېنىنىڭ زاتىنىڭ پەسلىكى، ئۆزىنىڭ نام - ئابرۇيىنىڭ گېزىتلەردە ھۇجۇمغا ئۇچرىشى، دادىسىنىڭ قارشىلىقى ۋە ۋاپاتى، ئۆزىنىڭ تەئەللۇقاتتىن مەھرۇم قىلىنغىنى، شىركەتتىن ئالاقىسىنى

ئۆزگەنلىكى، ئاكسىنىڭ پوزىتسىيىسى، تېخى ماۋۇ تىرېست دېگەن بىرنېمە — مانا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى يىغىلىپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى سوۋۇتۇپ، ئۇنى ئۈمىدسىزلىك پاتقىقىغا پاتۇرۇپ قويدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇ ئۆزىنى جاسارەتلىك قىلىپ كۆرسىتىشكە خېلىلا ئۇرۇنۇپ باققان، ئۆزىنى خېلى زور مۇۋەپپەقىيەت قازىنىمەن دەپ چاغلاپ يۈرگەنىدى، بىراق بۇ ئەڭ ئاخىرقى زەربە ئۇنى ئۇجۇقتۇرۇپ تاشلىدى. ئۇ كەچتە ئۆيىگە قايتىپ بارغاندا، روھى بەكلا چۈشۈپ كەتكەنىدى، جېنىنى بۇنى بىر قاراپلا سېزىۋالدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ سىرتنى بىر ئايلىنىپ كىرگەن شۇ كۈنى ئاخشىمى جېنىنى ھەممىنى چۈشەنگەن، ئۇنىڭمۇ كۆڭلى لاسسىدە بولۇپ قالغانىدى. رېستو ئىشىكتىن كىرىۋاتقاندا، جېنىنى چوقۇم بىر ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى پەملىدى. باشتا «نېمە ئىش بولدى، رېستو؟» دەپ سورىماقچى بولدىيۇ، يەنە بىر پەس ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، «مەن ھېچنېمىنى بىلمىگەن بولاي، ئۇ ئۆزى دەپ بەرسۇن» دېگەن ئويغا كەلدى. ئۇ رېستوغا غەملىرىنى بىلىندۇرمەسلىك، ئۇنىڭ كۆڭلىنى بىئاراملىقتىن خالاس قىلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ناھايىتى قىزغىن مۇئامىلە قىلدى.

— ۋىستا بۈگۈن بەك خۇشال، — ئۇ مۇشۇ باھانىدە رېستونىڭ كۆڭلىنى چالغىتماقچى بولۇپ گەپ باشلىدى، — ئۇنىڭ مەكتەپتىكى نەتىجىسى ناھايىتى ياخشى ئىكەن.

— ياخشىغۇ، — دېدى رېستو تەمكىن رەۋىشتە.

— ئۇ يېقىندىن بېرى ئۇسسۇلنىمۇ بەك چىرايلىق ئوينايدىغان بولۇپ كېتىپتۇ. بۈگۈن ماڭا ئۆزىنىڭ يېڭىدىن ئۆگىنىۋالغان ئۇسسۇلنى ئويناپ بەردى. ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىنىڭ قانچىلىك چىرايلىقلىقىنى دېمەيسىز تېخى.

— مەن ناھايىتى خۇشالمەن، — دېدى رېستو مۇجمەللا قىلىپ، — مەن ئۇنىڭ ئۇسسۇلنى تولۇق ئۆگىنىۋېلىشىنى ئۈمىد قىلىپلا كېلىۋاتىمەن. مېنىڭچە ئەمدى ئۇنى ئوبدانراق بىرەر قىزلار مەكتىپىگە بېرىدىغان ۋاقتى يەتتى.

— دادامنىڭ شۇنداق بەك ئاچچىقى كەلدىكى، مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈۋەتتىم. ۋىستا قەستەن ئۇسسۇلنىڭ كېيىنى قىلىپ ئۇنى تېرىكتۈرۈپ ئوينىدى، بۇ پىستەك. بۈگۈن تېخى دادامغا ئۇسسۇل ئۆگەتمەن دەپ كىرىشىپلا قاپتۇ. ئەگەر دادام ئۇنى ياخشى كۆرمەيدىغان بولسا، كاچىتىغا سالغان بولاتتى.

— قىزىق ئىش بوپتۇ، — دېدى رېستو كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئۇنىڭغا ئۇسسۇل ئۆگەتتىما! قالتىس بەلەن ئىش بوپتۇ!

— دادام جىلە بولۇپ ئۆلۈپ قالاي دەۋاتسا، ئۇنىڭ بىر خىيالىغا كىرىپ قويمايدۇ.

— تازا ئوبدان بوپتۇ، — دېدى رېستو. ئۇ ۋىستانى قەۋەتلا ياخشى كۆرەتتى. ۋىستا ھازىر چوپچوڭلا بىر قىز بولۇپ قالغانىدى.

جېنىنى مانا مۇشۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى بىئارامىلىقتىن خالاس قىلىۋىدى، ئۇنىڭ كەيپىياتىدا ئاستا ـ ئاستا ئۆزگىرىش بولۇشقا باشلىدى. كېيىن ئۇخلاشقا ياتقاندا، رېستو بايىقى غەملىرىنىڭ ھەممىسىنى تۆكۈپ تاشلىدى.

— بىز سىرتتىكى ۋاقتىمىزدا روبېرت قالتىس بىر كاتتا ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىپتۇ، — دېدى ئۇ ئۆزىچىلا.

— نېمە ئىشنى؟ — جېنىنى ناھايىتى دىققەت بولۇپ سورىدى.

— ئۇ ھارۋا ـ ۋاگون تىرېستىنى تەشكىل قىلىۋاپتۇ. بۇنداق بىر تەشكىلات بولغاندىن كېيىن، مەملىكەتتىكى چوڭراق زاۋۇتلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇنىڭغا ئەزا بولۇشى مۇمكىن. لېئانچو ماگا: روبېرت باش دىرېكتورلۇققا ئۆستى، دەپ ئېيتتى، يەنە ئۇلارنىڭ سەككىز مىليونغا يېقىن مەبلىغى بار، دېدى.

— بۇ گەپ راستمىدۇ؟ — دېدى جېنىنى، — ئۇنداقتا سىزنىڭ يېڭى شىركىتىڭىزنى تەشكىللەشنىڭمۇ ھاجىتى قالماپتۇ ـ دە؟

— ھازىر ئەلۋەتتە بولمايدۇ، — دېدى رېستو، — ئەمما مېنىڭچە كېيىنچىرەك مۇمكىن بولۇپ قالار. ئىشلار قانداق

ئۆزگىرىدۇ ، قاراپ باقمايمەنمۇ ، بىلەمسىز ، بۇنداق تىرىست دېگەنلەرنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولۇشىنى ھېچكىم ئالدىن پەرەز قىلالمايدۇ .

جېيننى بۇ ئىشنى ئاڭلاپ ، كۆڭلىدە ناھايىتى بىئارام بولدى . ئۇ رېستونىڭ مەيۈسلىنىپ گەپ قىلغىنىنى زادىلا ئاڭلاپ باقمىغان . بۇ دورەمقىسى يېڭىچە گەپ ئىدى . ئۇ ئائىلىنىڭ بارىچە رېستوغا تەسەللى بەردى ، ئەمما ئۆز تىرىشچانلىقىنىڭ بەرىبىر ھېچنېمىگە دال بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتى .

— ۋاي ، بوپتۇلا ، — دېدى ئۇ ، — جاھاندا قىزىق ئىشلار كۆپ تېخى ، سىزنىڭ ئورنىڭىزدا مەن بولىدىغان بولسام ، بىرەر ئىش قىلىمەن دەپ تىتىلداپ يۈرمىگەن بولاتتىم ، كەلگۈسى كۈنلىرىڭىز ئۇزۇن تېخى .

ئۇ شۇنىڭدىن باشقا ھېچنېمە دېمىدى ، رېستومۇ تىت ـ تىت بولۇشنىڭ ھاجىتى يوق دېگەن ئويغا كەلدى . چۈنكى ئۇ نېمىگە تىت ـ تىت بولىدىكەن ؟ ئىككى يىلغىچە ئۇ يەنە خېلى كۆپ ئىشەنچلىك تاپاۋەتتىن بەھرىمەن بولۇپ يۈرۈۋېرىدۇ . ئەگەر ئۇنىڭدىنمۇ جىقراق كېرەك بولسا ، ئۇمۇ مۇمكىن ئىش . ئاكىسى مۇشۇنداق كۆز ـ كۆز قىلىپ چېپىپ يۈرگەندە ، ئۇنىڭ مىدىرلىماي تۇرىۋەرگىنىنى ياكى بولمىسا «لايغەزەللىك» قىلىپ يۈرگىنىنى مۇۋاپىقراقمىكىن . بۇ ئېچىنىغۇدەك بىر ئىش بولدى ؛ تېخىمۇ يامىنى شۇكى ، ئۇ ئۆز ئىشەنچىنى يوقىتىشقا باشلىغانىدى .

## 48

رېستو خېلى كۈچەپ باش قاتۇرغان بولسىمۇ ، لېكىن ئاكتىپ تۇرمۇشقا يېڭىباشتىن كىرىشىشنىڭ كونكرېت پىلانىنى تېخىچە ۋۇجۇدقا چىقىرالمىدى . روبېرتنىڭ تىرىستىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تەشكىل قىلىنىشى ئۇنىڭ ھىندىياناىدىكى كىچىككىنە زاۋۇتقا مەبلەغ

www.uyghurkitap.com

سىلىش پىلانىغا بېرىلگەن تازىمۇ قاقشاتقۇچ زەربە بولدى . ئۇ ئۆزىنىڭ سالاھىيىتى ۋە مەرتىۋىسى بىلەن ھېسابلاشماي، مالىيە كۈچى جەھەتتە ئۆزىدىن پەۋقۇلئاددە پەرقلىنىدىغان رەقىبىگە قارشى بۇنداق ئاجىز كۈرەش ئېلىپ بارسا بولمايتتى . ئۇ تىرىستىنىڭ تەشكىلىي تۈزۈلۈشىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەتقىق قىلىپ چىققاندىن كېيىن ، لېئانچۇنىڭ مەلۇماتى پەقەتلا ئۇنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشى ئىكەنلىكىنى بىلدى . ئەمەلىيەتتە بۇنىڭدا پايدىلانغىلى بولىدىغان چەكسىز كاپىتال بار بولۇپ ، ئۇنىڭ كۈچ - قۇدرىتى بارلىق ئۇششاق - چۈششەك زاۋۇتلارنى ئۇجۇقتۇرۇپ تاشلىيالايتتى . ئۇنداقتا ، ئۇ مۇشۇ كىچىك كۆلەملىك ئىش بىلەن ، قالتىس كۈچلۈك ئاكسىنىڭ تەھدىتى ئاستىدا جان تالىشىپ يۈرسۇنمۇ ؟ بۇ خىل چارىنىڭ مۇمكىنچىلىكىگە ئۇنىڭ كۆزى يەتمىدى . بۇنداق قىلغانلىق ئۆزىنىڭ ئىززەت - غۇرۇرىنى يەرگە ئۇرغانلىق - دە . بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ تەرەپ - تەرەپكە چېپىپ ، تىرېست بىلەن رىقابەتلىشىش قەستىدە يۈرۈشى ، ئۆز ئاكسىنى رەقىب قىلىۋېلىشى ، ئۆزىنىڭ قانۇنلۇق كاپىتالىنى ئىشقا سېلىپ ئاكسى بىلەن قارشىلىششى كېرەك . بۇنداق قىلىشقا مۇتلەق بولمايدۇ . ئۇنىڭدىن كۆرە جىم ئولتۇرۇپ پۇرسەت كۈتكەن ياخشىراق . بەلكىم باشقا ياقتىن پۇرسەت چىقىپ قالسىمۇ ئەجەب ئەمەس . ئۇنداق بولمىسىچۇ — ۋاي ، بوپتۇلا ، ئۇنىڭ يەنە ئۆز ئالدىغا تاپاۋىتى بارغۇ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ خالايدىغانلا بولسا ، گان جەمەتى شىركىتىگە قايتىپ بېرىشقا ھېلىھەم ھوقۇقلۇق . بىراق ئۇ راستتىن شۇنداق قىلىشنى خالامدۇ؟ بۇ، ئۇ مەڭگۈ ھەل قىلالمايدىغان مەسىلە ئىدى .

رېستو مۇشۇنداق ئارىسالدى بولۇپ يۈرگەن كۈنلەردە ، زېمىن دەللالى سامۇئېل لوس ئۇنى زىيارەت قىلىپ كېلىپ قالدى ، ئۇنىڭ ياغاچتىن ئىشلەنگەن كاتتا ۋۇۋىسكىلىرىنى ئوتلاقنىڭ ھەممىلا يېرىدە ئۇچراتقىلى بولاتتى . رېستو ئۇنى دوستلۇق كۇلۇبىدا بىرنەچچە قېتىم كۆرگەن ، كۇلۇبتىكىلەر ئۇنىڭ توغرۇلۇق «ئۇ

قارام ھەم ئامىتى ئۇڭدىن كەلگەن زېمىن ھايانكىشى»
دېيىشكەندى . رېستونىڭ ئۆزىمۇ لاساۋرا ۋە ۋاشىنگتون كوچىسىدا ئۇنىڭ كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان ئىشخانىسىنى چېلىقتۇرغانىدى . لوس ئىنتايىن تەسىرلىك شەخس ، ئۇ ئەللىك ياشلارغا كىرىپ قالغان ، ئېگىز بويلۇق ، قاپقارا بۇرۇتلۇق ، قارا كۆز ، يوغان تۆشۈكلۈك ئىلمەك بۇرۇن ئادەم بولۇپ ، تەبىئىي بۇدۇرچاچلىرى خۇددى توك قىسقۇچتا ياساپ قويغاندەك غۇجمەكلىشىپ تۇراتتى . رېستودا ئەڭ چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغىنى ئۇنىڭ ئەۋرىشىم ، زىلۋا بەدىنى ھەم ئۇزۇن ، ئورۇق ، ئاپئاق بىلەكلىرى ئىدى .

لوس بىر پارچە زېمىن تىجارىتى توغرۇلۇق رېستوغا تەكلىپ بەرگىلى كەلگەنىكەن . رېستو بۇ كىشىنى ئەلۋەتتە تونۇيتتى . لوس ئۆزىنىڭ گان ئەپەندىنىڭ ئىشلىرىدىن تامامەن خەۋەردار ئىكەنلىكىنى ئېيتتى ، ئۇ يېقىندا «ئېرۇسىنپۇتسىن لېس» چەرچىنماللارنى ئۇلگۇجە سېتىش دۇكىنىدىكى نورمان ئېرۇ ئەپەندى بىلەن بىرلىشىپ ئېرۇلىن ئورمانلىقىنى ئاچقان . گان ئەپەندىنىڭ بۇنىڭدىن خەۋىرى بارمىكىن ؟

ھەئە ، گان ئەپەندى بۇ ئىشتىن خەۋەردار .

پەقەت ئالتە ئايلا ۋاقىت ئىچىدە ، ئېرۇلىن ئورمانلىقىنىڭ كىچىككىنە بىر بۆلىكى سېتىلىپ بوپتۇ ، بۇنىڭدىن قىرىق پىرسەنت پايدا قولغا كىرىدىكەن . ئۇ يەنە ئۆزى ئېلىپ بېرىۋاتقان بىرمۇنچىلىغان زېمىن سودىسىنى مىسالغا ئالدى ، بۇلارنىڭ ھەممىسى شۇ ئەتراپتىكى داڭلىق كەسپلەر ئىدى . ئۇ ئۆز ئىشلىرىدا بەزىدە مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپمۇ قالىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى ؛ بۇمۇ ناھايىتى ئۇنىڭ ئۆمرىدە بىر ـ ئىككى مەرتەملا بولغان ئىش ، بىراق ئۇنىڭ سودىسىدا ھەمىشە مۇۋەپپەقىيەت كۆپرەك ، مەغلۇبىيەت ئازراق بولۇپ كەلگەن . بۇنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ . ھازىر رېستو گان جەمەتى شىركىتىدىن ئايرىلىپ چىققانىكەن ، بەلكىم بىرەر پايدىلىق جاينى تېپىپ مەبلەغ سېلىشنى ئويلىشىۋاتقان بولسا كېرەك ، شۇڭا لوس ئۇنىڭغا بىر تەكلىپ

www.uyghurkitap.com

بەرمەكچى . رىستو بۇ تەكلىپنى ئاڭلاپ باقماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتىۋىدى ، لوس مۇشۇكىنىڭكىگە ئوخشاش كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ تۇرۇپ گەپنى باشلىدى .

ئۇنىڭ تەكلىپى رىستو بىلەن بىرلىشىپ پاي قوشۇش توغرىسىدا ئىكەن ، چۈنكى مۇشۇ چاغلاردا ئەللىك بەشىنچى كوچا ، يەتمىش بىرىنچى كوچا ، خاۋسداي كوچىسى ۋە غەربىي جەنۇبىي ئاشنان كوچىسى ئوتتۇرىسىدىكى قىرىق مو يەر سېتىلماقچى ، ئۇ بىرلىشىپ مەبلەغ سېلىپ بۇ يەرنى سېتىۋېلىپ ئۆزلەشتۈرمەكچىكەن . ئۇ دېدى :

— بۇ يەرگە مەبلەغ سالىدىغان بولساق ، تازا كۆڭۈلدىكىدەك ئىش بولىدۇ ، ھەممە ياقتىن قارىغاندىمۇ ، بۇ يەرنىڭ ئىنتايىن مۇكەممەل ، ئىنتايىن تەبىئىي ھەم ئۇزاققىچە جانغا ئەسقاتىدىغانلىقىنىڭ ئالامىتى كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ . شەھەرلىك ھۆكۈمەت ئەللىك بەشىنچى كوچىغا تاش ياتقۇزۇۋاتىدۇ . يەنە خاۋسداي كوچىسىدىكى ئاپتوموبىل يول لىنىيىسىنى كېڭەيتىپ ، ئۇزارتىشقا تۇتۇش قىلىۋاتىدۇ . چىكاگو — بىرىندىن — روس تۆمۈريولى بۇ يەرنىڭ قېشىدىن ئۆتىدىغان بولغاچقا ، كەلگۈسىدە بۇ جايدا ئىستانسا قۇرۇلماقچى . مۆلچەرلىشىمچە ، دەسلەپكى يەر باھاسى قىرىق مىڭ دوللار بولىدىكەن ، بۇنى ئىككىيلەن تەڭ ئۈستىمىزگە ئالساق ، دەپ ئويلاۋاتىمەن . يەرلەرنى تۈزلەش ، چىراغ ئورنىتىش ، كوچەت تىكىش ، ئۆلچەش ئۈچۈن تەخمىنەن يىگىرمە بەش مىڭ دوللار كېتىدىكەن . بۇنىڭدىن باشقا ، يەنە ئېلان خىراجىتى ئومۇمىي سېلىنمىنىڭ ئوندىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدىكەن ، ھازىرچە ئىككى يىل ياكى ئۈچ يىللىقىنى ھېسابلىغاندا ، جەمئىي ئون توققۇز مىڭ بەش يۈز دوللار ياكى يىگىرمە مىڭ دوللار بولىدىكەن . ھەممىنى قوشقاندا ، ئىككىيلەن بىرلىشىپ سالىدىغان مەبلەغنىڭ ئومۇمىي سوممىسى توقسان بەش مىڭ دوللارغا ياكى يۈز مىڭ دوللارغا بارىدىكەن . بۇنىڭ ئەللىك مىڭىنى سىز ئۈستىڭىزگە ئالغان بولسىڭىز ، — مەبلەغنىڭ

ھېسابىنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن ، لوس پايدىنى مۆلچەرلەشكە باشلىدى ، — بۇ جاينىڭ سېتىلىشى ۋە ئۇنىڭ باھاسىنىڭ ئۆرلىشىنى بىلمەكچى بولسىڭىز ، ئۇنىڭغا يېقىن ئەتراپتىكى جايلارغا ، يەنى ئەللىك بەشىنچى كوچىنىڭ شىمالى ۋە خاۋسداي كوچىسىنىڭ شەرقىدىكى جايلارغا قارىساقلا كۇپايە . ئالايلۇق ، مورتىمېرلارنىڭ زېمىنى خاۋسداي كوچىسى بىلەن ئەللىك بەشىنچى كوچىنىڭ شەرقىي جەنۇبى بۇرجىكىگە جايلاشقان . 1882 ـ يىلى بۇ يەرنىڭ ھەر موسىنىڭ سېتىلىش باھاسى قىرىق بەش دوللار بولغانىدى . 1886 ـ يىلى جون سىلوسېنغا سېتىپ بېرىلگەندە ھەر موسىنىڭ باھاسى بەش يۈز دوللارغا چىقتى . يەنە ئۈچ يىلدىن كېيىن — 1889 ـ يىلى مورتىمېرغا سېتىپ بېرىلگەندە ھازىرقى باھا بويىچە ھەر موسى مىڭ دوللارغا توختىدى . ئەمدى بۇ يەرنى بۆلۈپ سېتىشقا بولىدۇ . ئۇزۇنلۇقى يۈز ئىنگلىزچىسى ، كەڭلىكى ئەللىك ئىنگلىزچىسى كېلىدىغان ھەربىر بۆلەك قىسمىنى بىر رايون قىلىپ ھېسابلىغاندا ، ھەربىر رايوننىڭ باھاسى بەش يۈز دوللارغا توختىسا ، ئويلاپ بېقىڭا ، بۇنىڭدىن پايدا بارمىكەن ، يوقمىكەن ؟

رېستو پايدا بارلىقىنى ئېتىراپ قىلدى .

لوس شۇنىڭ بىلەن ، زېمىن سودىسىنى قانداق ئېلىپ بېرىش كېرەكلىكى توغرۇلۇق پونى راسا ئېتىپ چۈشەندۈرگىلى تۇردى .

— زېمىن تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقىنىمغا يىگىرمە ـ ئوتتۇز يىل بولۇپ قالدى ، — دېدى ئۇ ، — بۇ كەسىپنىڭ ئەھلى بولمىغان ئادەم بۇنداق پايدىلىق سودىنى ئۆلسىمۇ قاملاشتۇرالمايدۇ . بۇ ياكى بىرنەچچە ھەپتە ، بىرنەچچە يىل ئىچىدىلا ئۆگىنىۋالغىلى بولىدىغان كەسىپ ئەمەس . بۇنىڭدا بىرىنچىدىن ، يۈز ـ ئابرۇيلۇق ؛ ئىككىنچىدىن ، پەرق ئېتىش ئىقتىدارىغا ئىگە ؛ ئۈچىنچىدىن ، چۈشىنىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان بولۇش كېرەك . ھازىر زېمىن سودىسىنى دۆندۈر قىلىۋاتقان كىشىلەر ئىچىدە مەن مانا ئالدىنقى قاتاردا سانىلىمەن . مېنىڭ قول

ئاستىمدا بىر توپ ماھىر يېتىشىپ چىققان ، ئۆزۈم بىر توپ دەللالنى ئىشقا سالالايمەن ، باج ـ سېلىق ئىدارىسىدە ھەم شەھەرلىك ھۆكۈمەتكە قاراشلىق جىمى ئىدارىلەردە ئاغىنىلىرىم بار ، بىرەر ئىشنى قىلمىقىم ناھايىتى قولايلىق . ناۋادا ، سىز مەن بىلەن ھەمكارلىشىشنى خالىسىڭىز ، مەن سىزگە ئاز ـ تولا پۇلنىڭ غېمىنى قىلىپ بېرەلەيمەن ، سانىنى ئەلۋەتتە ئېنىق بىرنېمە دېمەك تەس ، ئەمما ئاز دېگەندە ئەللىك مىڭغا چوقۇم ئىشەنچ قىلالايمەن ، كۆپ بولغاندا يۈز مىڭ ، ئىككى يۈز مىڭ بولۇشىمۇ ئېھتىمال . سىزگە بۇ ئىشنى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ بېرىشىم كېرەكمۇ ، قانداق ؟ ياكى پىلانىمنىڭ باسقۇچلىرىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەيمۇ ؟

رېستو بىرنەچچە كۈن تەپسىلىي ئويلانغاندىن كېيىن ، لوسنىڭ ئۆتۈنۈشىنى قوبۇل قىلىپ ، بۇ ئىش ھەققىدە ئوبدانراق مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ بېقىش قارارىغا كەلدى .

## 49

لوسنىڭ بۇ تەكلىپىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەتتىن ئىبارەت بۇ نىگىزلىك ئېلېمېنتنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىدا ئىدى . لوس تەجرىبىلىك ھەم كۆزى ئۆتكۈر بولغاچقا ، ئۇستىگە ئالغان ھەرقانداق ئىشتىن دېگۈدەك مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ كەلگەنىدى . شۇ تاپتا مەسلىھەت سېلىۋاتقان مۇشۇ ئىشتىمۇ كەسىپ ئەھلى ھېسابلىناتتى . بىرەرى ئۇنىڭ پىلانىنى ئاڭلاپ بېقىشقا كۆڭۈلشىيدىغانلا بولسا ، ئۇ بۇ كىشىنى ئىشەندۈرەلەيدىغان قالمايتتى .

رېستو دەسلەپتە ئۇنىڭ گېپىگە ئانچە ئىشەنمەي يۈردى . لېكىن ئۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارغا مەبلەغ سېلىشقا قىزىقاتتى ، زېمىن سودىسىغا خېلىلا ئىشتىياقى بار ئىدى . «پايدىغا ئۆزىنى ئانچە ئۇرۇپ كەتمەيدىغان كىشىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ، بۇ خىل

مەبلەغ سېلىش تازا پۇختا ھەم ئىشەنچلىك ئىش» دەپ قارايتتى ئۇ. ئىلگىرى بۇ خىل مەبلەغ سېلىش ئىشلىرى بىلەن كەمدىن - كەم شۇغۇللانغانلىقىدىكى سەۋەب، ئۇ بۇ كەسىپنىڭ ئىچكى ئەھۋالىدىن خەۋەرسىز ئىدى. ئەمدىچۇ، ھازىر ئۇنىڭ زېمىنى يوق، دېمەك، كەسىپمۇ يوق، دېگەن سۆز.

ئۇ لوسنى ھەم ئۇنىڭ تىجارەت ئۇسۇلىنى خېلى بەكلا ياقتۇرۇپ قالدى. لوس ئېيتىۋاتقان ئىشلارنىڭ ھەممىسى دەلىللەش ئۇڭاي ئىشلار ئىدى، بولۇپمۇ مۇنۇ ئىككى نۇقتا ئالدىبۇرۇنلا ھەقىقىي ئىسپاتلانغانىدى: بىرىنچىسى، شەھەرنىڭ ئۇ چېتىدىن بۇ چېتىگە نەزەر سالىدىغان بولسىڭىز، ھەممىلا جايدا ئۇنىڭ ۋىۋىسكىلىرىنى چېلىقتۇرىسىز؛ ئىككىنچىسى، ھازىر گېزىتلەرنىڭ ھەممىسىدە ئۇنىڭ ئېلانلىرى بار. رېستومۇ ھازىر بىكار يۇرۇپتۇغۇ، ئۇنىڭ بىلەن ھە - پە دېيىشىپ، ئاز - تولا پۇلنىڭ ئېپىنى قىلغانىنىڭ نېمە يامىنى.

لېكىن، بىر چاتاق يېرى شۇكى، رېستو ھازىر ھەرقانداق ئىشقا ئىلگىرىكىدەك پۇختا كاللا يۇرگۈزمەيدىغان بولۇپ قالدى. يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بېرى — باشتىن تارتىپ دېسىمۇ بولىدۇ — ئۇنىڭ زېمىنىسىگە ئېلىپ كېلىۋاتقان خىزمىتى پۇتۇنلەي چوڭ - چوڭ ئېلىم - بېرىم ئىشلىرى، يەنى كۆپ مىقداردا ماتېرىيال سېتىۋېلىش، كۆپ مىقداردا مال زاكاز قىلىش بولۇپ كەلگەنىدى، ئۇ ئۇلگۇجە مال سېتىش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئادەتلىنىپ كەتكەچكە، ئۇششاق - چۇششەك سودا - سېتىققا قىزىقمايتتى. ئاكىسىغۇ زاۋۇتتا ئىشچىلارنىڭ مائاشىنى ھېسابلاشتىمۇ بەك ئىنچىكىلىك قىلىدىغان، بىرەر كىچىك يوچۇقنىمۇ بوش كەتكۈزمەيدىغان. ئەمما رېستو ئەزەلدىن چوڭچى بولغاچقا، ھازىر مۇشۇنداق تىجارەتكە دۇچ كېلىۋىدى، قىزىقىشىنى بۇ سودىنىڭ چوڭ تەرىپىگە قارىتىپ، ئۇششاق - چۇششەك ئەھۋالاتلارنى ھېسابقا ئېلىپ ئولتۇرمىدى. ئۇمۇ لوسقا ئوخشاش، «چىكاگو تەرەققىي قىلىۋاتقان شەھەر، يەرنىڭ باھاسى

ھامىنى ئۆرلەيدۇ . ھازىرقى قاقاس يەرلەر يەنە بىرنەچچە يىلدىن كېيىن شەھەر سىرتىدىكى تۇرالغۇ رايونى بولۇپ قالىدۇ . مەيلى قانداقلا زېمىن بولسۇن ، قولغا كىرگۈزۈۋېلىۋالساق بولىدۇ . ئۇنىڭ باھاسىنىڭ چۈشۈپ كېتىشىدىن نېمە غەم ، پەقەت سېتىلماي تۇرۇپ قالغان ھالەتتىمۇ ، باھاسىدىن چاتاق چىقمايدۇ » دېگەن قاراشتا ئىدى .

بىراق ئۇ يەنە بىرمۇنچە ئىشقا كاللىسىنى ئانچە ئىشلەتمىدى : بىرىنچىسى ، لوسنىڭ ئۆمرى ھەم سالامەتلىكىنىڭ ئۇزاققىچە كاپالەتكە ئېرىشەلىشى ناتايىن ئىدى ؛ ئىككىنچىسى ، ناۋادا يېقىن ئەتراپتىكى جايلار تەرەققىي قىلىپ كەتسە ، تۇرالغۇ قىلىپ تاللانغان بۇ زېمىن تەسىرگە ئۇچرىماي قالمايتتى ؛ ئۈچىنچىسى ، ناۋادا پۇل مۇئامىلە ئىشلىرى كاساتچىلىققا ئۇچرايدىغان بولسا ، يەر باھاسى چۈشمەيدۇ دەپ كاپالەت بېرىش تەس ھەم لوسقا ئوخشاش ھايانكەشلەرنىڭ پۇتۇنلەي مەغلۇپ بولىدىغانلىقى تۇرغانلا گەپ ئىدى .

رېستو بۇ يېڭى تەكلىپ ئۈستىدە بىرنەچچە ئاي ئويلانغاندىن كېيىن ، بۇ ئىشنى قالتىس پۇختا ئىش ئىكەن ، دەپ قاراپ ، ھېلىقى ئاران ئالتە لى ئۆسۈم چىقىدىغان پاي چېكىنى سېتىۋېلىپ ، ئۇنى بۇ يېڭى سېلىنمىنىڭ سەرمايىسى قىلدى . بىرىنچى قەدەمدە ، زېمىن سېتىۋېلىشقا يىگىرمە مىڭ دوللار نەق پۇل چىقىرىپ ، لوس بىلەن تۈزگەن توختامغا تۆلىدى ؛ توختامنىڭ كۆچكە ئىگە بولۇش مۇددىتى ئېنىق بېكىتىلمىدى ، دېمەك بۇ زېمىننى پۈتۈنلەي سېتىپ بولغانغا قەدەر كۆچكە ئىگە دېگەن سۆز . ئىككىنچى قەدەمدە ، تىجارەت ھەققى ئۈچۈن ئاجرىتىشقا تېگىشلىك ئون ئىككى مىڭ بەش يۈز دوللارنىمۇ رېستو تۆلىدى ، باج ھەم ۋاقىتلىق چىقىملار ئۈچۈن ئىككى مىڭ بەش يۈز دوللار ئاجرىتىشتى . چۈنكى ، پىلان بويىچە زېمىن ئۆزلەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدىغان بولغاچقا ، بەزى چىقىملارنى ئالدىن مۆلچەرلىگىلى بولمايتتى . ئۇ زامانلاردا ، باھانىڭ يۇقىرى ياكى تۆۋەن بولۇشى تۈپراقنىڭ بوش - چىڭلىقىغا

قاراپ بېكىتىلەتتى . تىكىلگەن كۆچەتلەرنىڭ ئايىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىشمۇ تەس ئىدى ، يەنە ۋاقىتلىق دوقالغا ئۇچراشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ، تۇرۇبا سۈيى ۋە گاز شىركىتىنىڭ خىزمەتچىلىرى بىلەنمۇ ئالدىن «ئەپلىشىۋېلىش» قا توغرا كېلەتتى . مانا مۇشۇ خىلمۇخىل مۇرەككەپ ۋەزىپىلەرنىڭ ھەممىسى لوسنىڭ مەسئۇل بولۇپ بېجىرىشىگە يۈكلەندى ، پىلاننى ئىجرا قىلىش جەريانىدىكى تۈرلۈك چىقىملار پۈتۈشۈش ئارقىلىق قارار قىلىنىدىغان ، بۇنىڭدىن رېستومۇ خەۋەردار بولۇپ تۇرىدىغان بولدى .

توختام تۈزۈلۈپ بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن ، زېمىن تىجارىتى دەسلەپكى كۆلەمگە ئىگە بولۇپ ، پەقەت ئەتىيازلىقتا ئېلان چىقىرىپ خېرىدار چاقىرىش ئىشىلا قالغانىدى . ئەمدى دەرھال ئىككىنچى تۈركۈمدىكى پۇلنى چىقىرىشقا توغرا كەلدى . رېستو يەنە قولىدىكى فوند چەكلىرىنى ئون بەش مىڭ دوللارغا سېتىپ ، ئەڭ ئاخىرقى خىراجەتنىڭ ئىزىنى قىلدى .

تا مۇشۇ كەمگىچە ، رېستو ئۆزىنىڭ قارامىلارچە قىلغۇاتقان بۇ ئىشىدىن قانائەت ھېس قىلىپ يۈردى . لوس خىلمۇخىل ، ئۈششاق - چۈششەك ئىشلارنى دەرۋەقە جاي - جايىدا ، ئەستايىدىل بېجىرىپ بەردى . زېمىننى خېلى كۆڭۈلدىكىدەك ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشتى . ئۇنىڭغا ئانچە كۆپ كۆچەت تىكىمىگەن بولسىمۇ ، ئەمما «شەھەر مەركىزى ئورمانلىقى» دەپ بىر چىرايلىق ئات قويۇشتى . رېستو ئۆز خىيالىدا «يېقىن ئەتراپلاردا بۇنداق دەرەخلەرمۇ كۆپ بولغاندىكىن ، بۇ نام تازا باب كېلىدۇ» دەپ ئويلىدى . ئەمما لوس بولسا ، «تۇرالغۇ جاي ئىزدەپ يۈرگەنلەرنىڭ ھەممىسى دەرەخلىكنى ياخشى كۆرىدۇ ، شۇڭا بۇ نام كىشىلەرنىڭ دىققەت - نەزىرىنى ئالاھىدە تارتىدۇ» دېگەن قاراشتا ئىدى . رېستو ئۇنىڭ پىكرىنى مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇش بىلەن ماقۇللىدى .

لېكىن بۇلارنىڭ گۆدەكلەرچە تۈزگەن بۇ پىلانىغا سوغۇق شامال تەگكۈزۈپ ، بەزىبىر ئۆسەك سۆزلەر تارقالغىلى تۇردى . ئەسلىدە شۇ چاغلاردا خاۋسداي كوچىسى بىلەن ئوتتۇز توققۇزىنچى

كوچىدا بىرمۇنچىلىغان ئۇراش ـ قاچىلاش شىركەتلىرى بىر يەرگە توپلىشىپ قالغانىدى ، بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ۋانگو شىركىتى توغرۇلۇق ئۇشتۇمتۇتلا : ئۇ شىركەت ئۆز گۇرۇھىدىن ئايرىلىپ چىقىپ ، باشقا بىر ئۇراش ـ قاچىلاش شىركەتلىرى رايونىغا كۆچۈپ كەتمەكچىكەن ، دېگەن گەپ ـ سۆز تارقالدى . گېزىتلەردە خەۋەر قىلىنىشىچە ، بۇ شىركەت جەنۇبقا يۆتكىلىشنى تەشەببۇس قىلىشۋاتقانمىش ، ئۇنىڭ جايلاشقان ئورنى ئەللىك بەشىنچى كوچىنىڭ تۆۋەنكى تەرىپى ، ئاشنان كوچىسىنىڭ غەربىدە ئىمىش . بۇ جاي دەل رېستولار ئۆزلەشتۈرگەن زېمىنىنىڭ غەرب تەرىپىگە توغرا كېلىدىغان بولغاچقا ، ئۇلارنىڭ بۇ تۇرالغۇ رايونىنىڭ تىنچلىقىنى بۇزۇشى تۇرغانلا گەپ ئىدى . ئۇلار مۇشۇ يېقىنى خىيالىغا كەلتۈرۈۋىدى ، گويا ئىستىقبال ئۈمىدى كۆپۈككە ئايلانغاندەك تۇيغۇدا بولۇپ قېلىشتى .

بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ، لوسىنىڭغۇ ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۆرلىدى . ئۇ ناھايىتى ئىتتىك كاللا يۈرگۈزگەندىن كېيىن ، ئېلان كۈچى ئارقىلىق بۇ يەرنى راسا بىر ماختاپ كۆككە ئۇچۇرۇپ ، ۋانگو شىركىتى پىلانىنى ئىجرا قىلىشتىن ئاۋۋال قولدىن چىقىرىۋېتىش ئويىغا كەلدى . بۇ پىلانىنى رېستومۇ ياقلىدى . ئۇلار بۇ كەمگىچە ئېلان خىراجىتى ئۈچۈن ئۈچ مىڭ دوللارنى سەرپ قىلىپ بولغانىدى ، ئەمدى يەنە ئون كۈن ئىچىدە ئۈچ مىڭ دوللار خەجلەپ ئېلان چىقىرىپ ، جامائەتچىلىكنى «شەھەر مەركىزى ئورمانلىقى» نىڭ خىلمۇخىل زامانىۋى ئەسلىھەلەرگە ئىگە بولغان كۆڭۈلدىكىدەك تۇرالغۇ رايونى ئىكەنلىكى ، كەلگۈسىدە شەھەرنىڭ مەركىزىدىكى ئەڭ تىنچ ، ئەڭ گۈزەل بىر جاي بولۇپ قالىدىغانلىقىدىن خەۋەردار قىلماقچى بولۇشتى . قېرىشقاندەك ، بۇ ئېلاننىڭ ھېچقانداق ئۈنۈمى بولمىدى . گەرچە ھازىرلا ساتقىلى بولىدىغان بىرنەچچە بۆلەك يەر بار بولسىمۇ ، بىراق ۋانگو شىركىتى توغرىسىدىكى گەپ ـ سۆزلەر بەك ئۇلغىيىپ كەتكەچكە ، خەقلەرنىڭمۇ ئىشىنىڭ نېرىسىغا كۆزى يەتمىدى . ئەمدى ھەرقانداق

بىر نۇقتىئىنەزەردىن قارىغاندا ، چەت ئەل مۇھاجىرلىرى
رايونىنىڭ ئاز - تولا ئۆزگىچە تۈسكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھېسابقا
ئالمىغاندا ، بۇ كارخانىنى پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولدى ، دېسىمۇ
بولاتتى .

ئەگەر رېستورانى مۇشۇ زەربە تۈپەيلىدىن روھى بەك چۈشۈپ
كەتتى دەيدىغان بولساق ، بۇ تېخى سىلىق قىلىپ ئېيتىلغان
بولىدۇ . ئۇنىڭ بۇ زېمىنغا سالغان مەبلىغىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى
ئەللىك مىڭ دوللارغا يەتكەن ، ھەر يىلقى شەرتلىك كىرىمىنى
ھېسابقا ئالمىغاندا ، ئەمەلىيەتتە ئۆزىنىڭ تەئەللۇقاتىنىڭ ئۈچتىن
ئىككى قىسمى مۇشۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتكەنىدى ؛ ئۇنىڭ
ئۈستىگە ھەر يىلى باج تاپشۇرۇشقا ، رېمونت خىراجىتىنى
تۆلەشكە ، يەنە باھانىڭ چۈشۈپ كېتىشىدىن كېلىپ چىققان
زىياننىڭ دەردىنى تارتىشقا توغرا كېلەتتى . ئۇ لوسقا : بۇ يەرنى
ئەسلىدىكى باھاسى بويىچە سېتىۋەتسەك ياكى بولمىسا ئۇنى
ئۆزلەشتۈرىمەن دەپ يۈرگۈچە ، پۇلغىلا رەنگە قويساق
بولارمىكىن ، دەپ مەسلىھەت سالدى . بىراق بۇ تەجرىبىلىك زېمىن
دەللالى ئۇنىڭدەك ئۈنچە ئۈمىدۋار ئەمەس ئىدى . ئۇ ئىلگىرىمۇ
بىرنەچچە مەرتەم مۇشۇنداق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان . شۇڭا «باشتا
ئوڭۇشلۇق بولمىغان ئىش ئاخىرىغىچە ئوڭۇشلۇق بولمايدۇ» دېگەن
سۆزگە قاتتىق ئىشىنەتتى . دېمىسىمۇ بېشىدىلا ئوڭۇشسىزلىققا
ئۇچرىغاندىكىن ، ئەمدى بىر خىل شۇم قىسمەت ئەگىپ يۈرۈۋاتقىنى
ئېنىق - دە . شۇڭا ئۇ ئەمدى بۇ ئىشنى قىلىشتىن يالتايدى . باشقا
زېمىن دەللاللىرىمۇ مۇشۇنداق قاراشتا ئىدى .

ئالاھازەل ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېيىن ، ئۇلارنىڭ بۇ زېمىنى
سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن ئەرزان باھادا سېتىۋېتىلدى .
رېستونىڭ جەمئىي قوشقان ئەللىك مىڭ دوللار سەرمايىسىدىن
قولىغا قايتىپ كەلگىنى ئاران ئون سەككىز مىڭ دوللاردىن
كۆپرەك بولدى ، ئۇنىڭ ئەقىللىق دوستلىرى تېخى ئۇنى «تەلىيى
ئوڭ ئىكەن» دېيىشتى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

## 50

زىمەن سودىسى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان مۇشۇ مەزگىلدە ، گىرالد خانىم چىكاگوغا كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلىشىش ئويىدا بولۇپ يۈرگەنىدى . ئۇ سىنسىنناتىدا بىــــرنەچچە ئاي تۇرۇپ قالغان ئارىلىقتا ، رېستوننىڭ قاملاشمىغان تۇرمۇشى توغرۇلۇق خېلى جىق گەپ ـ سۆزلەرنى ئاڭلىدى . ئەمما ئۇنىڭ جېنىنى بىلەن زادى توي قىلغان ياكى قىلمىغانلىقى يەنىلا نائېنىق ئىدى . ئۇ جېنىنىڭ ئىلگىرىكى كەچۈرمىشلىرى ، چىكاگودىكى گېزىتلەرنىڭ بىر ياش زەردارنىڭ قانداق قىلىپ مۇھەببەت يولىدا مال ـ دۇنيادىن ۋاز كەچكەنلىكى توغرىسىدا تەشۋىق قىلغانلىــــرى ، شۇنىــــڭدەك روبېرتنىڭ ئۇنى چەتكە قېقىپ ، گان جەمەتى شىركىتىــــدىن مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈشكە مەجبۇر قىلغانلىقىغا دائىر ئىشلارنىــڭ ھەممىسىدىن خەۋەر تېپىپ ، رېستوننىڭ ئۆزىنى مۇشۇنداق قۇربان قىلىپ ئولتۇرغىنىغا ئىچ ـ ئىچىدىن ئېچىنىپ كەتتى . رېستوننىڭ بىكار لاغايلاپ يۈرۈۋاتقىنىغا مانا بىر يىل بولاي دەپ قالدى . يەنە ئىككى يىل ئۆتسە پۈرسەتتىن تامامەن مەھرۇم بولىدۇغۇ . رېستو لوندوندىكى چېغىدا ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئارتۇقچە بىر ئارزۇلارنى قىلىپ كەتمەيدىغانلىقىنــــى ئېيتقان ، ئۇنداقتا ئۇنىـــڭ ئارزۇ قىلىدىغىنى پەقەت جېنىلىمىكىنە ؟ رېستو ئۇنى ھەقىقىي ياخشى كۆرەمدىغاندۇ ياكى ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ يۈرەمدىغاندۇ ؟ لېتتى مۇشۇلارنى بىلىشكە قاتتىق قىزىقاتتى .

گىرالد خانىمنىڭ چىكاگودا ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرغان ئۆيى درېيكس كوچىسىدىكى سەلتەنەتلىك بىر قەسىر ئىدى . «بۇ يىل قىشتا چىكاگوغا كۆچۈپ بارىمەن ، سىز بىلەن كۆپرەك ئۇچرىشىپ تۇرسامىكەن دەيمەن ، — دەپ يازغانىدى ئۇ رېستوغا ، — سىنسىنناتىنىڭ تۇرمۇشىدىن ئاجايىپ بەك زېرىكتىم . ياۋروپاغا

بېرىپ كەلگەندىن كېيىن مۇشۇنداق بولىدىكەن كىشى . . . بۇنى دېمىسەمۇ چۈشىنىسىزغۇ . شەنبە كۈنى نورسى خانىمنى ئۇچرىتىپ قالدىم . ئۇ سىزنى سورىدى . بىلەمسىز ، ئۇ سىزنىڭ قەدىرلىك دوستىڭىز بولىدىغانغۇ . ئۇنىڭ قىزى كېلەر يىلى باھاردا جېم سىفرونىس بىلەن توي قىلىدىكەن . »

بۇ خەتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ، رېستونى سۆيۈنۈش ھەم شۇبھە ئارىلاش ھېسلار چۇلغىۋالدى . «لېتتى كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزۈشى ئېنىق . ئۇ مەن بىلەن جېنىنى ئىككىمىزنى بىللە تەكلىپ قىلارمۇ ؟ ھەيتاڭەي . بۇ كەمگىچە چوقۇم جىمى ئىشتىن خەۋەر تېپىپ بولدى . خېتىدىمۇ مانا مەن دەپ بىلىنىپ تۇرۇپتۇغۇ . ئۇ : سىز بىلەن كۆپرەك ئۇچرىشىپ تۇرسامكەن ، دەپ يېزىپتۇ . دېمەك بۇ ، جېنىنىنى ھېسابقا ئالمىدى ، دېگەن سۆز . ئەمدى ئۇنىڭغا ئىشنىڭ تەپسىلاتىنى ئوچۇقلا دەۋېرەي . قېنى ، بۇنىڭدىن كېيىن ئىككىمىزنىڭ يېقىنچىلىقى قانچىلىك دەرىجىدە بولۇشىنى ئۆزى تاللىسۇن» ، دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى . لېتتى كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىنكى بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن ، رېستو ئۇنىڭ ئازادە ھۇجرىسىدا كىشىنى مەپتۇن قىلغۇچى سارغۇچ مەنزىرىدىن كۆز ئۈزمەي ئولتۇراتتى . بۇ دەل ئۇنىڭ زېمىن تىجارىتىنىڭ ئىستىقبالىدىن دەرگۇمان بولۇپ يۈرگەن چاغلىرى ئىدى ، شۇڭا كۆڭلى تازا جايىدا ئەمەس ئىدى . ئەمدى مۇنۇ سىرداش دوستىنى قايتا ئۇچراتقاندىن كېيىن ، ئۇنىڭ بىلەن ئوچۇق - يورۇق گەپلىشىپ ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى ئىشلىرىنى قالدۇرماي دەپ بېرىشنى كۆڭلىدە تايىن تاپتى . بەلكىم لېتتى ئۇنى چۈشىنىپ قالار . جېنىنى توغرۇلۇق ، ئۇ ھازىرچە ئۆز خىياللىرىنى لېتتىغا ئاشكارىلىماسلىقنى ماقۇل كۆردى .

— بىلەمسىز ، رېستو ، — دېدى لېتتى ئۇنىڭ ئاغزىنى كوچىلاپ . بۇ چاغدا دېدەك قىز ئۇنىڭغا چاي ، رېستوغا براند ھارىقى بىلەن سودا ئەكىرىپ بېرىپ چىقىپ كەتتى ، — چەت ئەلدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، سىز توغرۇلۇق جىق گەپلەرنى

www.uyghurkitap.com

ئاڭلىدىم . ماڭا جىمى ئىشىڭىزنى دەپ بېرەلەمسىز ؟ مېنىڭ سىزگە نەقەدەر كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىمنى بىلىسىزغۇ .

— مەن توغرۇلۇق نېمە گەپلەرنى ئاڭلىدىڭىز ؟ — لېيتتى دەپ سورىدى ئۇ ئۆزىنى خاتىرجەم تۇتقان ھالدا .

— ئوھو ، دادىڭىزنىڭ ۋەسىيىتى توغرۇلۇق ، بۇ بىر سىزنىڭ شىركەتتىن ئايرىلىپ چىققانلىقىڭىز توغرۇلۇق ، بۇ ئىككى ، يەنە گان خانىم توغرىسىدىكى مىش - مىش گەپلەرمۇ بار تېخى ، بۇنىڭغىمۇ ئانچە قىزىقىپ كەتمىدىم . گېپىمنى چۈشىنىۋاتامسىز ؟ سىزنىڭ ئىشنى ھەل قىلىپ ، ئۆزىڭىزنىڭ قانۇنلۇق مال - دۇنيايىڭىزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئويىڭىز بارمۇ ، يوق ؟ مېنىڭچە ، بۇ تازىمۇ زور قۇربان بېرىش بوپتۇ ، رېستو . ئەگەر ئۇنى ھەقىقىي ياخشى كۆرگەن بولسىڭىز ، ئۇ چاغدا بۇ باشقا گەپ . سىز ئۇنى زادى ياخشى كۆرەمسىز ، قانداق ؟ — لېيتتى قىۋۋلۇق بىلەن سورىدى .

رېستو ئارىسالدىلىق ئىچىدە ، بىرپەس ئۈنچىقماي تۇرۇپ قالدى .

— سىزنىڭ بۇ ئاخىرقى سوئالىڭىزغا قانداق جاۋاب بېرىشىمنى ھېچ بىلەلمەيۋاتىمەن ، لېيتتى ، — دېدى ئۇ ، — بىر تۇرۇپ ئويلىسام ئۇنى ياخشى كۆرىدىغاندەك قىلىمەن ، يەنە تۇرۇپ ئۇنى ھەقىقىي ياخشى كۆرىدىغان - كۆرمەيدىغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلەلمەيمەن . مەن ھازىر سىزگە ھەممىنى ئوچۇق ئېيتالمايمەن . مەن ئەل ئۆمرۈمدە بۇنداق غەلىتە ئەھۋالغا دۇچ كەلمىگەن . سىز مېنى ياقتۇرىسىز ، مەنچۇ . . . بولدىلا ، ئۆزۈمنىڭ سىزگە بولغان ھېسسىياتىمنى سۆزلىمەيلا قوياي ، — ئۇ كۈلۈمسىرىدى ، — ئەمما مەيلى نېمە بولسا بولسۇن ، سىزگە ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن شۇنى ئېيتالايمەن : مەن تېخى توي قىلمىدىم .

— مەنمۇ شۇنداق ئويلىغان ، — دېدى لېيتتى رېستونىڭ گېپىگە ئۇلاپلا .

— مېنىڭ توي قىلماي يۈرۈشۈمدىكى سەۋەب ، مەن بۇ ئىشتا

قانداق قىلىشىم كېرەكلىكى توغرۇلۇق زادىلا بىر قارارغا كېلەلمىدىم. جېنىمنى دەسلەپ ئۆچراتقان چېغىمدا، ماڭا گويا ئۇ ھاياتىمدا ئۇچراتقان تۇنجى جەلپكار قىزدەك تۇيۇلۇپ كەتكەنىدى...

— مانا بۇ سىزنىڭ ئەينى چاغدىكى ماڭا بولغان كۆزقارىشىڭىزنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، — دەپ سۆز قىستۇردى رېستونىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان كىشى.

— ئەگەر داۋاملىق ئاڭلىغۇڭىز بولسا، گېپىمنى بۆلمەي تۇرسىڭىزكەن، — دېدى رېستو كۇلۇمسىرەپ.

— ماڭا بىر ئىشنى دەپ بەرسىڭىز، — دېدى لېتتى، — ئاندىن گېپىڭىزنى ئىككىنچى بۆلمەيمەن. ئۇ كلېۋېلاندتىكى چېغىڭىزدا بولغان ئىشمىدى؟

— شۇنداق.

— مەنمۇ شۇنداق دەپ ئاڭلىغانىدىم، — دېدى ئۇ ماقۇللىغان قىياپەتتە.

— ئۇ ئۇ چاغلاردا شۇنچىلىك...

— بىر كۆرۈپلا كۆيۈپ قالغۇدەك دەرىجىدە ئىدى، شۇنداقمۇ؟ — لېتتى يەنە گەپ قىستۇردى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆڭلى ئارامسىزلىنىپ كېتىۋاتاتتى، — مەن بىلىمەن.

— مېنى گەپ قىلغىلى قويامسىز، يوق؟

— كەچۈرۈڭ، رېستو، ئۆزۈمچە سەل ھاياجانلىنىپ قالدىم.

— خوش، گەپنىڭ قىسقىسى، مەن ئۇ چاغدا ئاشىق ـ بىقارار بولغانىدىم. گەرچە ئۇنىڭ بىلەن ئىككىمىز باشقا ـ باشقا دۇنياغا مەنسۇپ كىشىلەر بولساقمۇ، لېكىن ماڭا ئۇ جاھاندا تەڭدىشى يوق گۈزەلدەك كۆرۈنۈپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ مەملىكىتىمىز ئاۋام دۆلىتى. شۇڭا مەن ئۇنى ئەمرىمگە ئالسامۇ ھېچ گەپ بولماس دەپ ئويلىغان، شۇنداق قىلىپ مەن... ئوھوي، بولدىلا، بۇ يېقىنى سىزمۇ بىلىسىز. مېنىڭ خاتالىششىمنىڭ سەۋەبى دەل مۇشۇ. بۇ ئىشنىڭ بۇنچىلىك جىددىي

تۈس ئېلىشنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمىگەنىكەنمەن. مۇشۇنىڭدىن ئىلگىرى، مەن سىزدىن باشقا ھېچقانداق قىزغا كۆڭۈل بۆلۈپ باقمىغان، سىز توغرۇلۇق — ئوچۇقىنى دەۋېرەي — سىز بىلەن توي قىلىش خىيالىم زادى بارمىدى، يوقمىدى، بۇنىمۇ بىلمەيمەن. ئۇ چاغلاردا مېنىڭ ھېچقانداق قىز بىلەن توي قىلىش ئويۇم يوق ئىدى. مەن پەقەت «جېنىنى بىلەن ۋاقىتلىق ئەسرالىشىپ يۈرۈپ، ئىشلار بېسىققاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كەتسەم بولمىدىمۇ. ئۇنىڭغا يېتەرلىك نەپىقە پۇلى بەرسەم بولدى. مەنمۇ ئۇنىڭغا تارتىشىپ ئولتۇرمايمەن، ئۇمۇ ماڭا تارتىشىپ ئولتۇرمايدۇ» دەپ ئويلىغانىدىم. گېپىمنى چۈشەنگەنسىز؟

— ھەئە، چۈشەندىم، — دېدى ئۇنىڭ سۆھبەتدىشى.

— خوش، ئەمما قارىماسىز، لېتتى، ئىشلار مېنىڭ مۆلچەرلىگىنىمدەك بولماي قالدى. ئۇ مىجەز - خاراكتېرى ئۆزگىچىلا بىر ئايال ئىكەن. ئۇ ھېسسىياتقا ناھايىتى باي. بىزنىڭ نەزىرىمىزدىكىدەك ئۇنداق تەربىيىنى كۆرۈپ باقمىغان بولسىمۇ، لېكىن تۇغما نازاكەتلىك ھەم ئىستىبداتلىق. ئۇ قالتىس ياخشى غوجىدار ھەم كۆڭۈلدىكىدەك ئاپا. بۇ ئالەمدە ئۇنىڭدەك مۇھەببەتلىك جانىۋاردىن يەنە بىرى يوقتۇر بەلكىم. ئۇنىڭ ئۆز ئاتا - ئانىسىغا بولغان مۇھەببىتىنى تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بولغىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۆز قىزىغا — مېنىڭ ئەمەس، ئۆزىنىڭ قىزىغا — بولغان مۇھەببىتىمۇ كەم - كۈتىسىز. ئۇ ئادەتتە كاتتا سورۇنلارنى چىمچىلىقىدا چۆرۈپ يۈرگەن سەتەڭ ئاياللاردەك مەدەنىي ئەمەس، كىشىلەرگە جاۋاب بېرىشكە كەلگەندىمۇ ئۇنچە زېرەك ئەمەس. كىشىلەر بىلەن ئەركىن - ئازادە پاراڭلىشالمايدۇ. مېنىڭچە ئۇنىڭ تەپەككۇر قىلىشى ئاستا بولسا كېرەك. ئۇ ئۆزىنىڭ بەزەن ئوي - پىكىرلىرىنى چىرايىدىن زادىلا بىلىندۈرمەيدۇ، ئەمما ئۇنىڭ ھەقىقەتەن بىرىنچىملەرنى ئويلاۋاتقىنىنى، ھېس قىلىۋاتقىنىنى سېزىۋالالايسىز.

— سىز ئۇنىڭغا مەدھىيىلەرنى ياغدۇرۇۋەتتىڭىزغۇ،

رىستو ، — دېدى لېتتى .
— بۇنىڭغا ھەقلىق مەن ، — دېدى رىستو جاۋابەن ، — ئۇ ئەلھەق ئېسىل ئايال ، لېتتى . ئەمما شۇنداق دېگىنىم بىلەن ، بەزىدە ئويلايدىغان بولسام ، مېنىڭدە ئۇنىڭغا نىسبەتەن بارى پەقەتلا ھېسداشلىق ئىكەن .
— گەپنى بۇنداق ئۇزۇپ ئېيتىۋەتمەڭ .
— راست دەيمەن ، لېكىن كېيىنكى چاغلاردا ئۇنىڭ تۇپەيلىدىن ئىلگىرى - ئاخىر كۆڭۈلسىزلىك تارتتىم . بىرى ، باشتىلا ئۇنىڭ بىلەن توي قىلغان بولسام بوپتىكەن . توي قىلمىغانلىقىم ئۈچۈن ، بىرمۇنچىلىغان چاتاق يۈز بەردى ، خەقلەرنىڭ تۆھمەت - بالاسىغا ، گەپ - سۆزلىرىگە قالدىم ، بىر مەزگىل ئۇزۇمنى يوقىتىپ قويغاندەكلا بولۇپ يۈردۈم ؛ يەنە بىرى ، دادامنىڭ ۋەسىيىتى بىلەن ئىش تېخىمۇ چاتاققا ئۆرۈلدى . مەن ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىدىغان بولسام ، ئۇ چاغدا سەككىز يۈز مىڭ دوللارلىق مال - دۇنيادىن قۇرۇق قالىمەن — بۇنىڭ بىلەنلا توختاپ قالمايدۇ ، ھازىر شىركەت ترېست قىلىپ ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىندى . بۇنىڭدا تارتىدىغان زىيىنىم ئىككى مىليون دوللارغا بېرىپ قالىدۇ . ئۇ چاغدا ئىككى يىلدىن كېيىن ھەممە نېمىدىن پاك - پاكىز مەھرۇم بولىمەن . ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كەتتىم ، دەپ يالغان ئېيتساممۇ بولىدۇغۇ ، بىراق مەن يالغان ئېيتىشنى خالىمايمەن - دە . بۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ دىلىنى رەنجىتىشنى راۋا كۆرمەيمەن ، ئۇمۇ ماڭا چىن دىلىدىن ئىخلاس قىلىپ كېلىۋاتقان تۇرسا . ھازىر ۋىجدان بىلەن گەپ قىلىدىغان بولسام ، ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىشكە كۆڭلۇم ئۇنىمدۇ ، يوق ، بۇنىسىنى بىلمەيمەن . راستىنى ئېيتسام ، مەن زادى قانداق قىلسام ياخشى بولۇشىنى ھېچ بىلەلمەيۋاتىمەن .
رىستو ئەتراپقا بىر كۆز يۈگۈرتۈۋېتىپ ، چوڭقۇر ئويغا پاتقان ھالدا سىگارىتىغا ئوت تۇتاشتۇردى - دە ، كۆزلىرىنى دېرىزە سىرتىغا تىكتى .

— بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ راستىنلا ئامالى يوقمۇ ؟ — لېتتى پولدىن كۆزلىرىنى ئۈزمىگەن ھالدا ئۇنىڭدىن سورىدى . ئاندىن بىرنەچچە مىنۇت سۈكۈتكە چۆككەندىن كېيىن ، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ـ دە ، قوللىرىنى رېستوننىڭ بەقۇۋۋەت كەلگەن دۈگىلەك بېشى ئۈستىگە قويدى . ئۇنىڭ ئەتىر پۇرىقى كېلىپ تۇرغان سېرىق تاۋار خالتى رېستوننىڭ يەلكىسىگە تېگىپ كەتتى ، — بىچارە رېستو ، — دېدى ئۇ ، — سىززە ئۆزىڭىزنى تازىمۇ مەھكەم چىرمىۋاپسىز . بىراق بۇ يەشمەك ناھايىتى قىيىن بولغان بىر تۈگۈن ئىكەن ، قەدىرلىكىم ، ئۇنى دەررۇ ئۈزۈپ تاشلىمىسىڭىز بولماپتۇ . بۇگۈن مەن بىلەن مۇڭداشقىنىڭىزدەك ، ئۇنىڭ بىلەنمۇ جىمى گەپنى دېيىشىپ ، مەسلىھەتلىشىپ ، ئۇنىڭ قانداق ئويدا بولۇۋاتقىنىغا دىققەت قىلىپ باقسىڭىز بولماسمىدى ؟

— بۇنداقتا بەك رەھىمسىزلىك بولارمىكىن ، — دەپ جاۋاب بەردى رېستو .

— سىز كەسكىن ۋاستە قوللىنىشىڭىز كېرەك ، سۆيۈملۈك رېستو ، — دېدى ئۇ ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇپ ، — ئىشنى بۇنداق ئارقىغا سۈرەۋەرسىڭىز بولمايدۇ . سىز ئۆزىڭىزگە ئۆزىڭىز يۈز كېلەلمىگۈدەك ئىشنى قىلىۋاتىسىز . ئوچۇقىنى ئېيتاي ، مەن سىزگە ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىڭ دەپ نەسىھەت قىلالمايمەن ، بىراق بۇنداق دېگىنىم ھەرگىزمۇ ئۆزۈمنى ئويلىغانلىقىم ئەمەس ، گەرچە مېنىڭ سىزگە ھېلىھەم كۆڭلۈم بار بولسىمۇ . سىزگە كۆڭلۈمدىكىنى ئېيتسام ، سىز مەيلى ماڭا تەكلىپ قويۇڭ ياكى قويماڭ ، مەن بەربىر سىزنى ياخشى كۆرىمەن ، بەلكى مەڭگۈگە ياخشى كۆرىمەن .

— بۇنى بىلىمەن ، — دېدى رېستو ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ . ئۇ لېتتىنىڭ قولىنى سىقىمدىغىنىچە ، ئۇنىڭ چىھرىنى قىزىقىش نەزىرى بىلەن بىرپەس تاماشا قىلدى ـ دە ، ئاندىن نېرى كەتتى . لېتتى دېمى قىسىلىپ ، گەپ قىلالماي تۇرۇپ قالدى . رېستوننىڭ بۇ قىلىقى ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىپ

تاشلىغانىدى .

— ئەمما ، رېستو ، سىزگە ئوخشاش كىشىلەر يىلدا كىرىدىغان ئون مىڭ دوللار كىرىم بىلەن جېنىنى جان ئېتەلمەيدۇ ، — لېتتى سۆزنى يەنە داۋاملاشتۇردى ، — سىز دېگەن ئىجتىمائىي شەخس ، مۇشۇنىڭلىق بىلەن ئۆز ئۆمرىڭىزنى دەخلىگە ئۇچراتمىسىڭىز بولاتتى . سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقە ھەم ئىقتىساد دۇنياسىغا قايتىپ بېرىشىڭىز كېرەك . شىركەتتىكى مەنپەئىتىڭىزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋالسىڭىزلا ، ئۇ چاغدا ئىلگىرىكى ئىشلار سىزگە ھېچ زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ ، سىز ئۆز ئىستىقبالىڭىزنى قولىڭىزدا تۇتۇپ تۇرالايسىز . سىز ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۇنىڭغا ئېيتسىڭىز ، ئۇ چوقۇم قارشى تۇرمايدۇ . ئەگەر ئۇ راستىنلا سىزنىڭ ئويلىغىنىڭىزدەك سىزگە ھەقىقىي كۆيۈنىدىغان بولسا ، ئۇنداقتا خۇشاللىق بىلەن مۇشۇنداق قۇربان بېرىدۇ . بۇنى جەزم قىلالايمەن . ئۇنىڭغا كېرەكلىك نەپىقە پۇلنى سىز ئەلۋەتتە يېتەرلىك بېرىسىز .

— جېنىمغا كېرىكى پۇل ئەمەس ، — دېدى رېستو مەيۇس ھالدا .

— بوپتۇ ، ئۇ پۇلنى كېرەك قىلمىغان ھالەتتىمۇ ، بەرىبىر سىزسىزمۇ ياشىيالايدۇ . ناۋادا يېتەرلىك كىرىمگە ئىگە بولسا ، تۇرمۇشنى تېخىمۇ باياشات ئۆتكۈزەلەيدۇ ـ دە .

— مەن ئۇنىڭغا ياردەم قىلغان تەقدىردىمۇ ، ئۇ ھەرگىز قوبۇل قىلمايدۇ ، — دېدى رېستو يەنە سۇرلۇك ئاھاڭدا .

— ئەمما سىز ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كېتىشىڭىز كېرەك ، — دېدى لېتتى كەسكىن تەلەپپۇزدا ، — ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كېتىڭ . ھەربىر كۈن سىز ئۈچۈن قىممەتلىك ، رېستو . سىز نېمىشقا ھازىرلا — بۈگۈننىڭ ئۆزىدىلا بىر قارارغا كەلمەيسىز ، بۈگۈنلا ئىشنى باشلىۋەتمەيسىز ؟ بۇ نېمە ئۈچۈن ـ ھە ؟

— بۇنداق تېز بولسا بولمايدۇ ! — دېدى رېستو ئېتىراز بىلدۈرۈپ ، — بۇ تازىمۇ قىيىن بىر ئىش . سىزگە راستىنى

www.uyghurkitap.com

ئېيتسام ، بۇنداق قىلىشنى كۆڭلۈم كۆتۈرمەيدۇ . بۇنداق قىلسام بەك رەھىمسىزلىك — بەك ئادالەتسىزلىك بولارمىكىن . مەن ئۆزۈمنىڭ ئىشى توغرۇلۇق جىمى ئادەمگە مەسلىھەت سېلىپ يۈرۈشنى خالىمايمەن . ئىلگىرى بۇ ئىش توغرۇلۇق ھېچكىم بىلەن ھەتتا ئۆز ئاتا ـ ئانام بىلەنمۇ سۆزلەشمىگەنىدىم . ئەمما سىز ماڭا ھەرقانداق كىشىدىنمۇ يېقىنراق بولغاچقا ، سىزگە چىن كۆڭلۈمدىن خالاپ ئەھۋالنى بىرقۇر ئىزاھلاپ ئۆتكۈم كېلىپ قالدى . مەن سىزگە ناھايىتى كۆڭۈل بۆلىمەن . ئەمما سىز مېنىڭ مۇشۇنداق ئەھۋالدىمۇ يەنە مۇشۇنداق قىلىپ يۈرۈۋاتقىنىمنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنەمسىز ، يوق ، بۇنىسى ماڭا قاراڭغۇ . مېنىڭ ئەھۋالىم ھەقىقەتەن مۇشۇنداق . سىز بىلىم ھەم ھېسسىيات جەھەتتە ماڭا خېلىلا ماس كېلىدىكەنسىز ، دەسلەپكى پەرىزىمنىڭ ئەكسىچە ئىكەنسىز . قوشۇمچىڭىزنى تۇرمەك . سىز مېنىڭدىن گەپىنىڭ جىڭىنى قىلىشىمنى تەلەپ قىلىسىز ، شۇنداقمۇ ؟ خوش ، مەن سىزگە ھەقىقىي گەپنى ئېيتتىم . ئەمدى سىز مۇمكىن بولسا مېنىڭ بايىقى ئىزاھاتىمنى ئۆزۈمگە قايتىلاپ دەپ بېقىڭ .

— مەن سىز بىلەن مۇنازىرىگە چۈشمەكچى ئەمەسمەن ، رىستو ، — ئۇ قولىنى رىستونىڭ بىلىكىگە قويۇپ ، مۇلايىم ئاھاڭدا سۆزلىدى ، — مەن پەقەتلا سىزنى ياخشى كۆرىمەن ، شۇ . ئۆتكەن ئىشلارنىڭ جىمىسى ماڭا ئاپئايدىڭ . مەن ئۆزۈم ئۇچۇنمۇ ، سىز ئۇچۇنمۇ ، يەنە ، — ئۇ بىرپەس ئىككىلىنىپ قالدى ، — گان خانىم ئۇچۇنمۇ بىئارام بولۇۋاتىمەن . ئۇ بىر ساھىبجامال ئايال . مەن ئۇنى ياقتۇرۇپ قالدىم ، راست ، ئاجايىپ ياقتۇرۇپ قالدىم . بىراق ئۇ سىزگە لايىق ئەمەس ، رىستو ، دېمىسىمۇ پەقەتلا لايىق كەلمەيدۇ . سىزگە باشقا بىر خىل ئايال كېرەك . بىزنىڭ شۇ تاپتا ئۇنىڭ توغرۇلۇق بۇنداق مۇنازىرە قىلىپ ئولتۇرغىنىمىز گويا ئۇنىڭغا ئادالەتسىزلىك قىلىنىۋاتقاندەك تۇرغىنىنى بىلەن ، ئەمەلىيەتتە ھېچ ئادالەتسىزلىك بولمايدۇ . ھەممىمىز ئۆز سالاھىيىتىمىزنى نەزەردە تۇتۇشىمىز كېرەك . مەن ئويلايمەن ،

ناۋادا سىز باياتىن ماڭا دەپ بەرگىنىڭىزدەك ، بۇ ئىشىنىڭ ھەقىقەتىنى ئۇنىڭغا تولۇقى بىلەن ئېيتسىڭىز ، ئۇ بەلكىم چۈشىنىپ قالار ئىدى ، بىزنىڭ پىكرىمىزگە قوشۇلۇشىمۇ مۇمكىن ، ئۇ سىزنى قەستەن نابۇت قىلماقچى ئەمەستۇ . ناۋادا مەن ، رېستو ، ئۇنىڭ ئورنىدا بولىدىغان بولسام ، سىزنى ئەركىنلىككە چىقارغان بولاتتىم ، راست گەپ . ماڭا ئىشىنىڭ . مېنىڭچە ، ھەرقانداق ۋىجدانلىق ئايال مۇشۇنداق قىلىشى كېرەك . بۇ خىل چارە دىلىمنى ئازابلىغان ھالەتتىمۇ ، مەن شۇنداق قىلىشقا رازىلىق بەرگەن بولاتتىم . ئۇياقمۇ كۆڭلى ھەرقانچە ئازار يېسىمۇ مۇشۇنداق قىلىشى كېرەك . مەنغۇ ئۇنى سىزدەكلا ، بەلكى سىزدىنمۇ بەكرەك چۈشىنىمەن ، دەپ ئويلايمەن . چۈنكى مەن ئايال كىشى ـ دە ، — ئۇ بىردەم تىنىۋېلىپ ، سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى ، — شۇ تاپتا ئۇنىڭ بىلەن يۈزتۇرا سۆزلىشىپ باققۇم كېلىۋاتىدۇ ، مەنغۇ ئۇنى چۈشىنىدىغان قىلىۋېتەتتىم .

رېستو لېتتىنىڭ بۇنداق قىزغىنلىقىدىن قاتتىق ئەجەبلىنىپ ، ئۇنىڭغا تىكىلگىنىچە تۇرۇپ قالدى . ئۇ ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى مەھلىيا قىلغۇدەك دەرىجىدە گۈزەل ، جەلپكار ئىدى .

— ئىشلار بۇنداق تېز بولۇپ كەتسە بولماس ، — دېدى ئۇ قايتىلاپ ، — مەن يەنە ئويلىنىپ بېقىشىم كېرەك . مېنىڭ ئويلىنىش ۋاقتىم بارغۇ تېخى .

لېتتى ئاڭقىيىپ تۇرۇپلا قالدى ، كۆڭلىدە سەل سوۋۇغاندەك قىلسىمۇ ، لېكىن ئىرادىسى يەنىلا پۈتۈن ئىدى .

— ھەربىر كەتلىنىش ۋاقتى يەتتى ، — دېدى ئۇمۇ قايتىلاپ ، مۇشۇ گەپنى قىلىۋاتقىنىدا پۈتكۈل قەلب ھېسسىياتى كۆزلىرىدىن ئۇرغۇپ تۇراتتى . ئۇ بۇ كىشىگە شەيدا ئىدى ، ئۇ كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ كۆزلىرىدىن ئۇنىڭغا شەيدا ئىكەنلىكىنىڭ ئىپادىسىنى كۆرۈپ قېلىشىدىنمۇ قىلچە ئىزا تارتمايتتى .

— بولىدۇ ئەمىسە ، مەن ئويلىنىپ باقاي ، — رېستو قاتتىق

خىجىل بولغان هالدا، بىرنەچچە ئېغىز خوشلىشىش سۆزىنى قىلىپلا، ئالدىراش كېتىپ قالدى.

## 51

رېستو ئۆزىنىڭ مۇشكۇل شارائىتى ھەققىدە راسا كاللا قاتۇرۇپ ئويلانغان، ئۇزاققا تارتمايلا ھەرىكەتنى باشلاش نىيىتىگىمۇ كېلىپ بولغانىدى، ئويلىمىغان يەردىن، خىد باغچىسىدىكى تۇرار جايىدا يەنە بىر كۈتۈلمىگەن ۋەقە يۈز بېرىپ، ئىشنى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرۈپ قويدى، ئەسلىدە گېرخاردتنىڭ سالامەتلىكى بارغانسېرى يامانلىشىپ كېتىۋاتاتتى.

بارا ـ بارا، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ يەردىكى تۈگىمەس ۋەزىپىلىرىدىن قول ئۈزۈشكە مەجبۇر بولدى؛ كېيىن بېرىپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپلا قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىدا ياتاتتى، جېنىنى ئۇنىڭ ھالىدىن ئىخلاس بىلەن خەۋەر ئالاتتى، ۋىستا ئۇنىڭ قېشىغا پات ـ پات كىرىپ تۇراتتى، رېستومۇ بىرە ـ بىرە ئۇنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ ئەھۋاللىشىپ چىقاتتى. دېرىزە ئۇنىڭ كارىۋىتىنىڭ يېنىدىلا ئىدى، بۇ يەردىن تاشقىرىدىكى چىملىقنى ۋە يېقىن ئەتراپتىكى كوچىلارنى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى. بوۋاي پات ـ پاتلا دېرىزىدىن سىرتقا نەزەر تاشلىغىنىچە، كۆڭلىدە: «مەن بولمىسام، بۇ جاھان قانداق بولۇپ كېتەر» دەپ ئويلاپ كېتەتتى. ئۇ، «ھارۋىكەش ئاتلار ھەم ئېگەر ـ جابدۇقلاردىن ئوبدان خەۋەر ئالماي قويارمىكىن، پوچتىكەش مېنىڭ گېزىتىمنى ئەكېلىپ بېرىدىغان ۋاقىتنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويارمىكىن، ئوچاققا قارايدىغان ئادەم كۆمۈرنى ئىسراپ قىلىۋېتەرمىكىن ياكى ئۆينى ئوبدان ئىسسىتىپ بەرمەسمىكىن» دېگەن ئەندىشىلەرنى قىلىپ ياتاتتى. بۇلاردىن باشقا، يەنە گەرچە ئۇششاق ـ چۈششەك بولسىمۇ، ئۇ ھەقىقىي كۆڭۈل بۆلىدىغان نۇرغۇن ئىشلارمۇ بار ئىدى. ئۇ



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۆينى قانداق باشقۇرۇش كېرەكلىكىنى بىلەتتى . ئۆزى ئۇستىگە ئېلىۋالغان ھەر خىل ۋەزىپىلەرگە ھەرگىزمۇ بىپەرۋالىق قىلمايتتى ، ئىشنىڭ جايىدا بولماسلىقىدىن ئەنسىرەپلا يۈرەتتى . جېننى ئۇنىڭغا يىرىك قوي يۇڭىدىن چۆرىسىگە قېنىق كۆك تاۋاردىن زىغزىق تۇتۇپ ناھايىتى چىرايلىق بىر مۇنچا كىيىمى توقۇپ بەردى ، يەنە يىرىك قوي يۇڭىدىن يۇمشاق ھەم قېلىن باسماق كەش توقۇپ بەردى ، لېكىن ئۇ بۇلارنى ئانچە كىيمەيتتى . ئۇ كارىۋىتى يېنىغا «ئىنجىل» نى ۋە لۇدېرچە گېزىتىنى قويۇپ قويۇپ ، خالىغان ۋاقىتىدا قولىغا ئېلىپ كۆرۈپ يېتىشنى ياقتۇراتتى ، تۇرۇپ - تۇرۇپلا جېنىدىن سىرتتىكى ئىشلارنىڭ قانداق كېتىۋاتقىنىنى سوراپ قوياتتى .

— سەن گەمىگە چۈشۈپ ، ھېلىقى كاساپەتنىڭ نېمە قىلىۋاتقىنىغا قاراپ باقساڭ بولاتتى . ئۇ بىزگە بىزەمۇ ئىسسىقلىق يەتكۈزۈپ بەرمەيۋاتىدۇغۇ ، — ئۇ پات - پاتلا مۇشۇنداق زارلىنىپ قوياتتى ، — ئۇنىڭ شۇ تاپتا نېمە قىلىۋاتقىنىغا باغلىشالايمەن ، ئۇ چوقۇم ئۇ يەردە كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرۇپ ، ئوچاقتا كۆمۈر قالاشنى ئۇنتۇپ قالدى ، ئوچاقنىڭ ئوتى ئۆچۈپ قالاي دەۋاتىدۇ . ئۇ خىيالىغا كەلگەندە ئىچىپ ئولتۇرىدىغانغا ، يېنىغا پىۋا قويۇپ قويىدى . سەن ئۇلارنى بىر يەرگە تىقىپ قويساڭ بوپتىكەن . بۇ ئادەمنىڭ ياخشى ياكى يامانلىقىنى بىلمەيسەن ، ئېھتىمال ئۇ يامان كىشىدۇ .

بۇنداق چاغلاردا ، جېننى ئۇنىڭغا ئېتىراز بىلدۈرۈپ ، ئۆيدە پارنىڭ كۆچى ئۇنچىلىك ئاز ئەمەس ، ئۇ دېگەن بارغا قانائەت قىلىدىغان ئوبدان ئادەم . ئازراق پىۋا ئىچىپ قويغانغا نېمە بوپتۇ ، دەيتتى . بۇ گەپنى ئاڭلاپ گېرخاردتنىڭ غۇززىدە ئاچچىقى كېلىپ كېتەتتى .

— سەنزە ھەمىشە مۇشۇنداق سەن - دە ، — دەيتتى ئۇ كۆچىنىپ تۇرۇپ ، — سىلەرنىڭ ئىگىلىكتىن قىلچە خەۋىرىڭلار يوق . مېنىڭ كارىم بولمايدىغان بولسا ، ھەممە ئىشنى شۇنىڭ

مەيلىگە تاشلاپ بېرىسلەر . ئوبدان ئادەمسىش ! ئۇنىڭ ئوبدان ئادەملىكىنى سەن قانداق بىلىسەن ! ئۇنىڭ ئوچىقى ھەمىشە يېقىقلىقمىكەن؟ ھويلىسى دائىم پاكىز تۇرامدىكەن؟ سەن ئەگەر ئۇنى چىلىق باشقۇرمايدىغان بولساڭ ، ئۇنىڭ باشقىلاردىن ھېچ پەرقى بولمايدۇ ، ھەممىسى ئوسال نېمىلەر . ئۆيدىكى ئىشلارغا ئۆزۈڭ كۆز ـ قۇلاق بولۇپ يۈرمىسەڭ بولمايدۇ .

— خوپ ، دادا ، — دەيتتى جېنىنى دادىسىنى تىنچلاندۇرۇپ ، — مەن كۆز ـ قۇلاق بولۇپ تۇرىمەن . سىز غەم قىلماڭ . مەن پۇتۇنى بىر يەرگە تىقىپ قويىمەن . ھازىر سىزگە قەھۋە بىلەن بولكا كېرەكمۇ؟

— ياق ، — گېرخاردت ئىتتىك قولىنى پۇلاڭلىتاتتى ، — ئاشقازىنىم چاتاقلا تۇرىدۇغۇ . قانداق قىلسام بولاركىنتاڭ .

ماگىن دوختۇر مۇشۇ ئەتراپ بويىچە بىرىنچى دەرىجىلىك ئىچكى كېسەللىكلەر دوختۇرى بولۇپ ، ئۇنىڭ تەجرىبىسى ، بىلىمى مول ئىدى ، جېنىنى ئۇنى ئۆيىگە چاقىرتىپ دادىسىنىڭ كېسىلىنى كۆرسەتتى . دوختۇر ئىسسىق كالا سۈتى ، قۇۋۋەت ھارىقى ئىچىپ بېرىش ، ئوبدان ئارام ئېلىشقا ئوخشاش بىرنەچچە ئاددىي ئىشنى بۇيرۇدى ، ئەمما جېنىنىغا ئانچە ئۈمىد يوقلۇقىنى ئۇقتۇردى .

— ئۇنىڭ يېشى خېلى بىر يەرگە بېرىپ قاپتۇ . ھازىر ئۇ ناھايىتى ئاجىز . ئەگەر ئۇ يىگىرمە ياشلاردا بولغان بولسا ، بىزنىڭ ئامالىمىز كۆپ بولغان بولاتتى . شۇ تاپتا ئۇنىڭ كېسىلى خېلىلا ئېغىر . ئۇ بىر مەزگىل بەرداشلىق بېرەلىشى مۇمكىن ، ئېھتىمال كارىۋاتتىن يەرگە چۈشۈپ ، ئۇنى ـ بۇنى قىلالىغۇدەك بولۇشى ، بەلكىم ئۇنداقمۇ بولماسلىقى مۇمكىن . بۇ ھەممەيلەننىڭ بېشىغا كېلىدىغان ئىش . مەن يېشىم چوڭىيىپ قالغان تۇرۇقلۇق ، ھازىر ھېچنېمىدىن غەم قىلمايمەن .

جېنىنى دادىسىنىڭ كېسىلىنىڭ تۈزەلمەيدىغانلىقىنى بىلگەندە ئىچىدە سەل قايغۇرغان بولسىمۇ ، لېكىن يەنە دادىسىنىڭ مۇشۇنداق راھەت ئىچىدە ئالەمدىن ئۆتۈشىنى ئويلىغۇدى ، كۆڭلى خېلىلا

تەسكىن تېپىپ قالدى . دېمىسىمۇ ، بۇ يەردە جىمى نەرسە ئەتراپلىق ھازىرلانغان ـ دە .

ئۇزاققا بارمايلا ، بۇ قېتىمقىسى گېرخاردتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئاغرىقى ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى . جېننى ئۆزىنىڭ بۇ خەۋەرنى قېرىنداشلىرىغا يەتكۈزۈپ قويۇش بۇرچى بارلىقىنى ئېسىگە ئالدى ـ دە ، باسقا دادىسىنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنىلا خەۋەر قىلىپ خەت ئەۋەتتى . ئۇزاق ئۆتمەي ، باستىن جاۋاب خەت كەلدى . ئۇ خېتىدە : «ھازىر ئىشلىرىم بەك بېسىق ، كېسەل ئىنتايىن ئېغىر بولمىسا ، ھازىرچە ئىشتىن بوشىيالمايمەن» دەپتۇ . ئۇ يەنە : «گېئورگى روچېستېردا ، شېف جېففېرسون گۈللۈك قەغەز شىركىتىدە ئىشلەۋاتقان بولسا كېرەك . مادا ئېرى بىلەن بىللە بوستونغا كۆچۈپ كەتتى . ئۇ ئۇ يەردە شەھەر سىرتىدىكى بېرموند دېگەن يېزىدا ئولتۇرىدىكەن . ۋېلىيام ئوماخا دېگەن يەردە ، بىر ئېلېكتر شىركىتىدە ئىشلەۋاتىدۇ . ۋېرونىكا ئالبېرت شېلدو ئىسىملىك يىگىت بىلەن توي قىلدى ، ئۇ يىگىتنىڭ كلېۋېلاندتىكى دورا ماتېرىياللىرى شىركىتى بىلەن ئالاقىسى بار ئىكەن» دەپ يېزىپتۇ . «ئۇ مېنىڭكىگە زادىلا كېلىپ باقمىدى ، — دەپتۇ ئۇ ئاغرىنىپ ، — شۇنداق بولسىمۇ مەن ئۇنىڭغا خەۋەر قىلىپ قويااي .» جېننى ئاتايىن ھەربىرىگە ئايرىم ـ ئايرىم خەت يېزىپ ئەۋەتتى . ۋېرونىكا بىلەن مادا ئاددىيلا جاۋاب قايتۇرۇشۇپتۇ . ئۇلار خەتلىرىدە ، دادىسىنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىدىن كۆڭلى ناھايىتى بۇزۇلغانلىقىنى ئېيتىپ ، «ئەگەر كۈتمىگەن ۋەقە يۈز بېرىپ قالسا ، بىزگە خەۋەر قىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز» دەپ يېزىپتۇ . گېئورگى خېتىدە دادىسىنىڭ كېسىلى بەك ئېغىر بولمىسا ، ھازىرچە چىكاگوغا بارالمايدىغانلىقىنى ، ئەمما ھەر ۋاقىت خەۋەر كۈتۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى يېزىپتۇ . ۋېلىيامنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئېيتىشىچە ، ئۇ جېننىنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇۋالمىغانمىش .

گېرخاردتىنىڭ كېسىلى كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلىشىپ ، جېننىنى قاتتىق قايغۇغا سېلىپ قويدى ، چۈنكى دادا بىلەن قىز

ئىلگىرى بىر مەزگىل كېلىشەلمەي يۈرگەن بولسىمۇ، ئەمدىلىكتە شۇنچە ئۇزاق ۋاقىت بىرگە ياشىغاچقا، ناھايىتى ئىجىل بولۇپ قالغانىدى. گېرخاردت ئۆزى بىر چاغلاردا ئۆيدىن قوغلىغۇەتكەن بۇ قىزىنىڭ كۆڭلى ئالتۇندەك بالا ئىكەنلىكىنى، ھېچبولمىغاندا ئۇنىڭ ئەيىبلىگۈدەك يېرى يوقلۇقىنى ئاللىبۇرۇنلا ھېس قىلىپ يەتكەنىدى. جېننى ئەزەلدىن ئۇنىڭغا يامان گەپ قىلغان، ئۇنىڭ بىلەن جاۋابلاشقان بالا ئەمەس ئىدى. مانا ئەمدى ئۇ ئاغرىپ قېلىۋىدى، جېننى ئۇنىڭ ھۇجرىسىغا بىردەم - بىردەم، بىر ئاخشامدا ياكى بىر چۈشتىن كېيىن ئون نەچچە مەرتەم كىرىپ، بىكار تۇرماي: «نەرىڭىز ئاغرىۋاتىدۇ، كۆڭلىڭىز نېمىنى تارتىدۇ» دەپ سوراپ تۇردى. كېيىنكى چاغلاردا ئۇ تېخىمۇ ئاجىزلاپ كېتىۋىدى، جېننى كۈن بويى ئۇنىڭ يېنىدا كىتاب ئوقۇپ ياكى يىڭنە ئىشى قىلىپ ئولتۇرىدىغان بولدى. بىر كۈنى جېننى دادىسىغا ياستۇق قويۇپ بېرىۋاتقانىدى، ئۇ قىزىنىڭ قولىنى «كاپ» قىلىپ تۇتۇۋالدى - دە، ئاغزىغا يېقىن ئاپىرىپ چوككىدە سۆيۈپ قويدى. بۇ چاغدا ئۇ تازىمۇ زەئىپلىشىپ كەتكەنىدى. جېننى چۆچۈپ دادىسىغا بىر قارىدىيۇ، بوغۇزىغا بىرنېمە كەپلىشىپ قالغاندەك بولۇپ كەتتى. دادىسىنىڭ كۆزلىرىدە ياش ئەگىۋاتاتتى.

— سەن ئېسىل بالىكەنسەن، جېننى، — دېدى ئۇ، — ماڭا بەك ئوبدان قاراۋاتىسەن. ئىلگىرى سېنى خارلىغان، ساڭا ئۇۋال قىلغانىكەنمەن، مانا ئەمدى ئىككى پۇتۇم گۆرگە ساڭگىلىدى، مېنى ئەپۇ قىلارسەنمۇ؟

— ۋىيەي، دادا، ئۇنداق گەپنى قىلماڭا، — دېدى جېننى يالۋۇرۇش ئاھاڭىدا. شۇ زامان ئۇنىڭمۇ كۆزلىرىدىن بۇلدۇقلاپ ياش قۇيۇلدى، — ئۆزىڭىز بىلىسىزغۇ، مەن ئەپۇ قىلغۇدەك ھېچ ئىش يوق، مەن تېخى سىزگە يۈز كېلەلمەيمەن دەڭە.

— ياق، ياق، — دېدى دادىسى، جېننى ئۇنىڭ يېنىدا يەرگە تىزلىنىپ ئولتۇرغىنىچە، ھۆڭگۈرەك ئېتىپ يىغلىۋەتتى. دادىسى سارغىيىپ كەتكەن ئاۋاق قولىنى ئۇنىڭ چاچلىرىغا تەگكۈزۈپ

تۇرۇپ ، — گېپىمگە قۇلاق سالغىن ، — دېدى ، — مەن ئىلگىرى چۈشەنمىگەن نۇرغۇن ئىشلارنى هازىر چۈشىنىۋالدىم . قېرىپ قالدۇق ، ئەقلىمىزمۇ چوڭىيىپ قالدى .

جېنىنى يۈز ـ قولىنى يۇيۇشنى باهانە قىلىپ دادىسىنىڭ هۇجرىسىدىن چىقىپ كەتتى ـ دە ، يىغاندىن چىققۇچە يىغلىۋالدى . دادىسى راستتىن ئۇنىڭ گۇناهىدىن ئۆتكەنمىدۇ ؟ ئۇ دادىسىنى مۇشۇ كەمگىچە ئالداپ كەلدىغۇ ! ئۇ دادىسىنى تېخىمۇ كۆڭۈل قويۇپ ، چىن ئىخلاسى بىلەن باقماقچى بولۇۋىدى ، قارىغاندا ئەمدى مۇمكىن بولمايدىغان ئوخشايدۇ . ئەمما بۇ دورەمقى مۇڭدىشىشتىن كېيىن ، گېرخاردت گويا تېخىمۇ خۇشال ، تېخىمۇ رازى بولۇۋاتقاندەك كۆرۈندى . دادا ـ بالا ئىككىيلەن يەنە تازىمۇ كۆڭۈللۈك چاغلارنى بىرگە ئۆتكۈزۈشتى ، بۇ ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سۆهبىتى ئىدى . بىر كۈنى ئۇ جېنىنىغا :

— بىلەمسەن ، مەن هازىر ئۆزۈمنى گويا بالا چاغلىرىمغا قايتىپ بارغاندەك سېزىۋاتىمەن . ئۆستىخانلىرىم قېتىپ قالمىغان بولسا ، كارىۋاتتىن چۈشۈپ ، چىملىقتا ئۇسسۇل ئوينايتتىم جۇمۇ .

جېنىنى ئۆزىنى كۆلۈمسىرىگەنگە سالدىيۇ ، ئىچىدە ئۆكسۈپ يىغلىدى .

— ماغدۇرىڭىزغا كىرىپ قالىسىز ، دادا ، — دېدى ئۇ ، — ئاستا ـ ئاستا تۇزىلىپ كېتىسىز . مەن سىزنى بىر كۈنى پەيتۇنغا سېلىپ ئايلاندۇرۇپ كېلەيچۇ ، — ئۇ ئاخىرقى بىرنەچچە يىل ئىچىدە دادىسىغا خېلى ئوبدانلا راهەت كۆرسىتەلىگىنىنى ئويلىۋىدى ، كۆڭلى خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ قالدى .

رېستوچۇ ، ئۇمۇ گېرخاردتقا بۆلەكچىلا كۆڭۈل بۆلەتتى ، ئۇنى خىيالىدىن زادىلا نېرى قىلمايتتى .

— ئۇ بۈگۈن قانداقراق ؟ — ئۇ هەر كۈنى ئۆيگە قايتقاندا شۇنداق دەپ سورايتتى هەمدە بوۋاينىڭ هۇجرىسىغا كىرىپ بىرنەچچە مىنۇت ئولتۇرغاندىن كېيىن ، ئاندىن چىقىپ غىزايىنى يەيتتى ، — ئۇنىڭ رەڭگىرويى ئوبدانلا تۇرىدۇ ، —

دەيتتى جېنىنىغا ، — يەنە خېلى ئۆمۈر كۆرىدىغاندەك قىلىدۇ .
مەندىغۇ پەقەتلا ئەندىشە يوق .

ۋىستامۇ خېلى كۆپ ۋاقتىنى بوۋىسىنىڭ قېشىدا ئۆتكۈزەتتى . چۈنكى ئۇ بوۋىسىنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى . بەزىدە بوۋىسىنىڭ كەيپى جايىدا ئىكەنلىكىنى كۆرسە ، كىتابىنى ئۇنىڭ ھۇجرىسىغا ئالغاچ كىرىپ ، شۇ يەردە يادلايتتى . بەزىدە بوۋاينىڭ ھۇجرىسىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىۋېتىپ ، بوۋىسىغا پىئانىنو چېلىپ بېرەتتى . رىستو ئۇنىڭغا ئويۇنچۇق پاتېفون ئېلىپ بەرگەندى ، ئۇ ئۇنى بوۋىسىنىڭ ھۇجرىسىغا ئەكىرىپ ، بوۋىسىغا قويۇپ بېرەتتى . ئەمما بەزى چاغلاردا گېرخاردت جىمى نەرسىدىن ، جىمى ئادەمدىن بىزار بولۇپ ، پەقەت جېنىنىنىڭلا ئۆزىگە ھەمراھ بولۇپ قېشىدا ئولتۇرۇشىنى تەلەپ قىلاتتى . جېنىنى ئۇنىڭ قېشىدا يىگنە ئىشى قىلغاچ ، جىمغىنا ئولتۇرۇپ بېرەتتى . دادىسىنىڭ كۈنلىرى ساناقلىقلا قالغىنىنى ئۇنىڭ كۆڭلى تۇيۇپ تۇراتتى .

گېرخاردت بەك گىجىڭ ئادەم بولغاچقا ، جان ئۈزۈشتىن كېيىنكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئەتراپلىق تاپلاپ چىقتى . يەنى ئۇنى جەنۇبىي رايوندىن بىرقانچە مىل يىراقلىقتىكى لۇدېر چېركاۋىنىڭ كىچىككىنە زاراتگاھلىقىغا دەپنە قىلىش ، تاۋۇتىنى چېركاۋدىكى سۆيۈملۈك پوپ ئۆز قولى بىلەن يەرلىككە قويۇشى كېرەك ئىكەن .

— ھەممە ئىش ئاددىي بولسۇن ، — دېدى ئۇ ، — مېنىڭ ھېلىقى قارا كاستۇم - بۇرۇلكام ، يەكشەنبىدە كىيىدىغان كەشىم بىلەن قارا گالستۇكۇم بولسىلا بولدى ، ئۇنىڭدىن باشقىلىرى كېرەك ئەمەس . ماڭا مۇشۇنىڭ ئۆزىلا كۇپايە .

جېنىنى ئۇنىڭدىن : ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئاغرىتىدىغان بۇنداق گەپلەرنى قىلمىسىڭىزچۇ ، دەپ شۇنچە ئۆتۈنسىمۇ ، ئۇ بۇ گەپلەرنى تەكرارلاۋەردى . بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت تۆت بولغان مەھەلدە ، ئۇ ئۇشتۇمتۇت ئۆزگىرىپ قېلىپ ، سائەت بەشتە جان ئۈزدى ، جېنىنى سەكراتتا ياتقان دادىسىنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ ،

ئۇنىڭ ئاران - ئاران نەپەس ئېلىشىغا قاراپ تۇردى؛ ئۇ بىر - ئىككى قېتىم كۆزىنى ئېچىپ، جېنىنىغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى.
— مەندە ئارمان يوق، — دېدى ئۇ ئاخىرقى مىنۇتلاردا، — قۇدرىتىمنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئىشقا سالدىم.
— بولدى سۆزلىمەڭە، دادا، — جېنىنى ئىلتىجا قىلدى.
— ئەجىلىم پۈتتى، — دېدى ئۇ يەنە، — سەن ماڭا ياخشى قارىدىڭ. سەن ئوبدان قىزىم ئىكەنسەن، — شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئاۋازى ئىككىنچىلەپ ئاڭلانمىدى.
ئازاب - ئوقۇبەتنى يەتكۈچە تارتقان بۇ ھاياتنىڭ ئاياغلىشىشى جېنىنى كۈچلۈك ھەسرەت ئوتىدا پۇچىلاندۇردى. دادا بىلەن قىز ئوتتۇرىسىدا ئىلگىرىدىنلا كۈچلۈك مۇھەببەت مەۋجۇت ئىدى، جېنىنى ئۇنى يالغۇز دادا ئورنىدىلا ئەمەس، بەلكى دوستى ھەم مەسلىھەتچىسى ئورنىدىمۇ كۆرەتتى. مانا ئەمدى دادىسىنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى كۆرۈپ يەتتى — بۇ جاپاكەش، ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي نېمىس بوۋاي بىر يوقسۇل ئائىلىنىڭ يۈكىنى غەيرەت بىلەن ئۇستىگە ئېلىپ، بىر ئۆمۈر پاك ياشىدى. دەرۋەقە، جېنىنى ئىلگىرى بىرمەھەل ئۇنىڭغا ئېغىر غەم يۈكلەپ قويغانىدى، يەنە ئۇنى تاكى كۆزى يۇمۇلغانغا قەدەر ئالداپ كەلدى. جېنىنىغا دادىسى ئۇنىڭ يالغان ئېيتقانلىقىنى ئۇ دۇنيادىمۇ سېزىپ تۇرىدىغاندەك تۇيۇلدى. دادىسى ئۇنىڭ گۇناھىدىن ئۆتەرمۇ؟ ئۇنىڭغۇ «ئوبدان قىزىم ئىكەنسەن» دېگەن.
باللارنىڭ ھەممىسىگە تېلېگراممىا ئارقىلىق خەۋەر قىلىنىشقانىدى، باس «دەررۇ يېتىپ بارىمەن» دەپ تېلېگراممىا ئەۋەتىپ، دېگەندەك ئەتىسىلا يېتىپ كەلدى. قالغانلىرى بارالمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ تېلېگراممىا ئەۋەتىپ، جېنىنىدىن ئۆزلىرىگە تەپسىلىي ئەھۋالنى خەۋەر قىلىپ قويۇشنى تەلەپ قىلىشقانىكەن، جېنىنى يەنە ئۇلارغا ئايرىم خەت يېزىپ ئەۋەتتى. لۇدېر چېركاۋنىڭ پوپىنى تەكلىپ قىلىپ ئەكېلىپ، مېيىتنى يەرلىككە قويۇش كۈنىنى بېكىتىشتى. پوركۆتەكتەك

سىمىز ھەم رەتلىك ، پاكىز كىيىنگەن دەپنە ئىشلىرى خادىمى كېلىپ ، ئاخىرەتلىكلەرنى تەييارلىدى . قوشنىلاردىنمۇ بىرنەچچىسى — بۇلارنىڭ ئائىلىسى بىلەن يېقىن ئۆتىدىغان بىرنەچچىسى — كېلىپ تەزىيە بىلدۈرۈشتى . شۇنىڭ بىلەن ، ئەتىسى ئەتىگەندىلا دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى . رىستو جىنىنى ، ۋىستا ھەم باسقا ھەمراھ بولۇپ ، قىزىل خىشتىن سېلىنغان كىچىككىنە بىر چېركاۋغا كەلدى ـ دە ، ئىچى سىقىلغان ھالدا ، قۇرۇق ۋە مەنىسىز مۇراسىمغا داخىل بولۇپ ، باقىي ئالەمدىكى تۇرمۇشنىڭ گۈزەللىكى ۋە ئىنئاملار ، جەھەننەمدىكى ئىشلار توغرىسىدىكى ئۇزاققا سوزۇلغان ۋەزگە زېرىكىش ئىچىدە قۇلاق سالدى . باس ھېرىپ ھالىدىن كېتەي دەپ قالغان بولسىمۇ ئۆزىنى ئاران ـ ئاران تۇتۇپ تۇراتتى . شۇ تاپتا دادىسى ئۇنىڭ نەزىرىدە گويا يات ئادەمگە ئايلىنىپ قالغاندەك ئىدى . پەقەت جىنىنىلا ئىچ ـ ئىچىدىن ئېزىلىپ يىغلايتتى . ئۆتكەن ئىشلار ئۇنىڭ خىيال ئېكرانىدىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتمەكتە ئىدى . ئۇ دادىسىنىڭ موھتاجلىقتا ئۆتكەن كۈنلىرىنى — شال تىلىش ئىشى بىلەن تىرىكچىلىك قىلىپ يۈرگەن ، زاۋۇتنىڭ بالىخانىسىدا يېتىپ ـ قوپۇپ يۈرگەن چاغلاردىكى ، بىر ئائىلە كىشىلىرى ئون ئۈچىنچى كوچىدىكى كۆرۈمسىز كەپىدە قىستىلىشىپ ياشىغان چاغلاردىكى كۈنلىرىنى ، كلىپۋېلاندنىڭ روۋلېي كوچىسىدىكى ئۆيدە ئۆتكۈزگەن مۇشەققەتلىك كۈنلىرىنى ، ئۆزى تېپىپ بەرگەن ئىزا ـ ئاھانەت دەستىدىن دادىسىنىڭ چەككەن دەرد ـ ئەلەملىرىنى ، ئاپىسىنىڭ ۋاپاتى سەۋەبىدىن دادىسى تارتقان قايغۇ ـ ھەسرەتلەرنى ، دادىسىنىڭ ۋىستاغا بولغان مۇھەببىتى ۋە جان كۆيەرلىكىنى ، شۇنىڭدەك مۇشۇ ئاخىرقى يىللاردىكى ئىشلارنى بىرقۇر ئەسلەپ چىقتى .

«ئاھ ، ئەجەبمۇ ئېسىل ئادەم ئىدى ، ئۇنىڭ قەلبى ئاجايىپ ياخشى ئىدى .» ئۇ مۇشۇ خىياللارنى سۈرۈۋاتقىنىدا ، كۆپچىلىكنىڭ «پەرۋەردىگار بىزنىڭ قۇدرەتلىك باشپاناھىمىزدۇر» دەپ ھەمدۇسانا ئوقۇۋاتقىنىنى ئاڭلاپ ، ھۆڭگۈرەك ئېتىپ

يىغلىۋەتتى .

رىستو ئۇنىڭ بىلىكىنى تارتىپ قويدى . ئۇنىڭ بۇنچىلىك ھەسرەت چېكىپ كېتىۋاتقىنىغا قاراپ ، ئۆزىمۇ يىغلىۋەتكىلى تاس - تاس قالدى .

— بۇنداق قىلىسىڭىز بولمايدۇ ، — دېدى ئۇ شىۋىرلاپ ، — يا خۇدا ، مەن چىدىيالمايۋاتىمەن . سىرتقا بىر چىقىپ كىرمىسەم بولمىدى ، — جېنىنى سەل تىنچلانغاندەك بولدىيۇ ، لېكىن دادىسى بىلەن ئاخىرقى مەرتەم ۋىدالاشقىنىدا ئۆزىنى زادىلا تۇتۇۋالالماي قالدى .

رىستو گۇناھتىن ساقىت بولغۇچىلار زاراتگاھلىقىدىن ئۇنىڭغا يەرلىك سېتىۋالغانىدى ، جامائەت ئاددىيغىنا ياسالغان مېيىت ساندۇقىنى لەھەتكە ئەكىرىپ قويۇپ ، ئۈستىگە توپا دۆۋىلىدى . رىستو يالىڭاچلىنىپ قالغان دەرەخلەرگە ، سارغىيىپ قالغان ئوت - چۆپلەرگە ھەم مۇنۇ ئاددىي قەبرىنىڭ ئەتراپىغا دۆۋىلەنگەن قوڭۇر توپىغا قىزىقىش ئىچىدە بىرقۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن ، «بۇ زاراتگاھلىقنىڭ ھېچقانچە ئۆزگىچىلىكى يوقكەنغۇ» دېگەن ئويغا كەلدى . بۇ ئاددىي مازار ئەسلىدە ئادەتتىكى جاپاكەش ئىشچىلارنىڭ قەبرىستانلىقى ئىدى ، لېكىن ئۆلگۈچى مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىشنى ئۆزى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ، شۇنىڭ دېگىنىدەك قىلىشقا توغرا كەلدى - دە . ئۇ يەنە باسىنىڭ دەردمەن ھەم جۇدەڭ يۈزىگە سەپسېلىپ قاراپ ، كۆڭلىدە : «بۇ كىشى نېمە ئىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولغىيدى ؟ » دەپ ئويلاپ قالدى . ئاندىن كېيىن نەزىرىنى جېنىغا ئاغدۇردى ، جېنىنىڭ يىغىدىن قىزىرىپ ئىششىپ كەتكەن كۆزلىرىگە قاراپ ، كۆڭلىدە : «ئۇ تازىمۇ ئىچى كۆچلۈك ئايال - دە » دەپ ئويلىدى . جېنىنىڭ بۇ چاغدىكى كەيپىياتى ئىنتايىن ھەقىقىي ھەم سەمىمىي ئىدى . «ئۇنىڭ ئىسسىللىقىغا گەپ توغرا كەلمەيدۇ جۇمۇ » دېدى رىستو يەنە ئۆزىگە ئۆزى .

ئۆيگە قايتىشىدا ، بوران ئۇچۇپ تۇرغان كوچىدىن ئۆتۈپ

كېتىۋېتىپ ، رېستو باس ھەم ۋىستا بىلەن ئادەتتىكى كىشىلىك تۇرمۇش مەسىلىلىرى توغرۇلۇق پاراڭلاشتى .

— جېننى بىر ئىشلارغا بەكمۇ ئەستايىدىللىق قىلىپ كېتىدۇ ، — دېدى ئۇ ، — ئۆزىنى غەمكىن تۇتۇپلا يۈرىدۇ . كىشىلىك تۇرمۇشقۇ ئۇنچە يامان ئەمەس ، ئەمما جېننى زىيادە سەزگۈر . ھەممىمىزنىڭ ئازدۇر ـ كۆپتۇر باش قېتىنچىلىقىمىز بار ، شۇنداقتىمۇ سەۋر ـ تاقەت قىلىپ يۈرۈۋېرىمىز . بىز كىمدىن كىم ياخشى ، كىمدىن كىم ئەسكى ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلالمايمىز ، ھەممەيلەننىڭ ئۆزىمىزگە تۇشلۇق دەردىمىز بار .

— مېنىڭ ئىختىيارىم ئەمەس ، — دېدى جېننى ، — ماڭا بەزى كىشىلەر قايغۇرۇش ئۇچۇنلا يارالغاندەك تۇيۇلىدۇ .

— جېننى ئەزەلدىنلا غەمكىن يۈرىدىغان ، — دەپ گەپ قىستۇردى باس . شۇ تاپتا ئۇ رېستونىڭ كېلىشكەن ئادەم ئىكەنلىكىنى ، ئۇنىڭ تۇرمۇشى ناھايىتىمۇ كۆڭۈللۈك ئۆتىدىغانلىقىنى ، جېننىنىڭمۇ ھەقىقەتەن مۇرادىغا يەتكەنلىكىنى ھېس قىلماقتا ئىدى . ئەينى چاغلاردا ئۆزىنىڭ جېننىنىڭ كەلگۈسى ھەققىدە قىلغان پەرەزلىرى مانا ئەمدى پۈتۈنلەي خاتا بولۇپ چىقتى . كىشىلىك تۇرمۇش ھەقىقەتەنمۇ چۈشىنىپ يەتكۈسىز ئىكەن . ئەينى چاغلاردا ئۇ جېننىنى ئائىلىنىڭ يوقىدىن شۇنداق قىلىۋاتىدۇ ، كېيىن زىيان تارتىدۇغۇ ، دەپ ئويلىغانىدى .

— سىز ئۆزىڭىزدە بۇ رېئاللىققا تاقابىل تۇرغۇدەك غەيرەت تويلىشىڭىز كېرەك ، بولمىسا بىراقلا تۈگىشىپ كېتىسىز ، — دېدى رېستو ئاخىرىدا .

باسمۇ شۇنداق پىكىردە ئىدى .

جېننى ئويغا پاتقان ھالدا ، پەيتۇننىڭ دېرىزىسىدىن سىرتقا قاراپ ئولتۇراتتى ، بىردەمدىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئۆيى كۆزىگە چېلىقتى . گېرخاردت ئەمدى بۇ جەمجەت قەسىردە يوق ، ئۇ بۇگۈندىن ئېتىبارەن ، دادىسىنى ئىككىنچىلەپ كۆرەلمەيدۇ . ئۆيگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن ھەممەيلەن كۇتۇپخانىغا يىغىلىشتى .

نېرۋىسى ئىتتىكلەپ قالغان ھەم تولىمۇ كۆڭۈلچەك سىئاننى دەررۇ چاي ئەكەلدى . جېننى بىرپەس ئولتۇرغاندىن كېيىن ، ئۆي ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلغىلى چىقىپ كەتتى . شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ كاللىسىدىن «مەن ئۆلگەندىن كېيىن قەيەرگە دەپنە قىلىنارمەن» دېگەن غەلىتە ئوي «يالت» قىلىپ كېچىپ قالدى .

## 52

گېرخاردتنىڭ ئۆلۈمى رېستوغا ھېچقانچە بىر ئالاھىدە تەسىر كۆرسىتەلمىگەن بولسىمۇ ، لېكىن جېننىنىڭ قايغۇلۇق كەيپىياتىغا قاراپ ، ئۇنىڭ سەل ھېسداشلىقى قوزغىلىپ قالدى . ئۇنىڭ گېرخاردتنى ياقتۇرۇشى ، گېرخاردتنىڭ نۇرغۇنلىغان ئەخلاقىي پەزىلەتكە ئىگە بولغانلىقىدىن ئىدى . بۇنىڭدىن باشقا ، ئۇنىڭغا قارىتا ھېچقانداق ھېسسىيات يوق دېيىشمۇ بولىدۇ . ئۇ جېننىغا تەسەللى بېرىش ئۈچۈن ، ئۇنى ئېلىپ دېڭىز سۈيىگە چۆمۈلۈش مەيدانىغا بېرىپ ، ئون نەچچە كۈن تۇرۇپ كەلدى ، ئۇ يەردە ئۆيگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈشى بىلەنلا جېننىغا ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېنىق ئېيتىشنى ، مەسىلىنى جېننىنىڭ ئالدىغا ئوچۇق قويۇشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويدى . ھازىرغۇ ئىش خېلىلا ئوڭايلىشىپ قالدى ، چۈنكى رېستو زېمىن سودىسىنىڭ ئىستىقبالى خەتەرلىك ھالەتتە ئىكەنلىكىنى جېننىغا ئېيتىپ بەرگەنىدى . جېننى ئۇنىڭ گىرالد خانىم بىلەن ھازىرمۇ كۆڭلى يېقىن ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ . رېستو ئىلگىرى گىرالد خانىم بىلەن ئىككىسىنىڭ ناھايىتىمۇ ئوبدان ئۆتۈشكەنلىكىنى قىلچە ئىككىلەنمەيلا دەپ بەرگەن . دەسلەپكى چاغلاردا ، گىرالد خانىم رېستونى جېننىنى ئېلىپ ئۆزىنىڭ ئۆيىگە مېھمانغا بېرىشقا تەكلىپ قىلغانىدى ، ئەمما ئۆزى بۇلارنىڭكىگە زادىلا كېلىپ باقمىدى . ئۇنىڭ كەلمەسلىكىمۇ جېننىغا ئايدىڭ . مانا ئەمدى دادىسى ئۆلۈپ

كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭدا ئۆزىنىڭ كەلگۈسى توغرۇلۇق شۇبھە تۇغۇلۇشقا باشلىدى. ئۇ رېستوننىڭ ئۆزى بىلەن تويى قىلماسلىقىدىن ئەنسىرەيتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ رېستو ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىش ئويى بارلىقىنى ئەزەلدىن ئاشكارىلىغان ئەمەس.

بەزى ئىشلار خۇددى ئالدىن كېلىشىۋالغاندەك بىر يەردىن چىقىپ قالىدۇ. مۇشۇ مەزگىللەردە روبېرتمۇ بىرەر ھەرىكەت قوللىنىش ئويىدا بولۇپ يۈرگەندى. ئۆزىنىڭ رېستوغا بىۋاستە نەسىھەت قىلىپ ئاقتۇرالماسلىقىنى بىلگەچكە، بۇنداق تەۋەككۇلچىلىكتىن ۋاز كېچىپ، جېنىنىغا گەپ قىلىپ كۆرمەكچى بولغانىدى. «جېنىنى قانداقلا بولمىسۇن بىر ئەقىل ئىگىسى، — دەپ قارايتتى ئۇ، — رېستونىڭ تا ھازىرغىچە ئۇنى نىكاھىغا ئالمىغىنىدىن، ئۇنىڭدا ئۆزى بىلەن توي قىلىش ئويى يوقلۇقىنى بىلىۋېلىشى كېرەك ئىدى ـ دە. ئەگەر مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالالايدىغان ئۈچىنچى بىر شەخس جېنىنىنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا جىمى ئەھۋالنى ئېنىق ئېيتسا — بۇ ئۇنىڭغا تۇرمۇش يولى بېرىش شەرتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئەلۋەتتە — ئۇ چاغدا قانداق نەتىجە چىقاركىن؟ ئەگەر ئۇنىڭ رېستودىن ئۆز رازىلىقى بىلەن ئايرىلىپ، جىمى ماجىرانى چىرايلىقچە ھەل قىلغۇسى يوق بولۇپ چىقسىچۇ؟ رېستو نېمىلا دېگەنبىلەن مېنىڭ بىر تۇغقان قېرىندىشىم. ئۇنىڭ قاراپ تۇرۇپ تەئەللۇقاتتىن ئايرىلىپ قېلىشىغا چىداپ تۇرغىلى بولمايدۇ ـ دە.» روبېرت بۇ چاغلاردا ھەممىنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىپ بولغاچقا، ئۇنىڭ مەردلىكى تۇتۇپ كەتكەنىدى. شۇڭا، بىرلەشمە قانۇن ئىشخانىسىدىكى ئوبالىئانغا مۇشۇ ئەلچىلىكنى تاپشۇرۇش قارارىغا كەلدى. چۈنكى، ئوبالىئان گەرچە ئادۋوكات بولسىمۇ، لېكىن ئاجايىپ مۇلايىم، مىجەزىمۇ ئېسىل ئادەم ئىدى. ئۇ جېنىنىغا رېستونىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ قانداق ھېسسىياتتا ئىكەنلىكى، ئەگەر رېستو ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى داۋاملىق ساقلاپ قالسا، مۇقەررەر ھالدا قانداق زىيانلارغا ئۇچرايدىغانلىقى ۋە باشقا سەۋەبلەرنى تەپسىلىي



www.uyghurkitap.com

چۈشەندۈرەلىشى مۈمكىن . روبېرت يەنە جېنىنىغا ئاز - تولا مەردلىك قىلىشىنىمۇ ئويلىدى ، يەنى جېنىنى ئەللىك مىڭ دوللار ياكى يۈز مىڭ دوللار ۋە ياكى ئۇنىڭدىن ئېشىپ يۈز ئەللىك مىڭ دوللار ئالىمەن دېسىمۇ مەيلى ، دېگەن يەرگە كەلدى . قارارى پىشقاندىن كېيىن ، ئوبالىئاننى چاقىرتىپ كېلىپ ، ئۇنىڭغا يۈزمۇيۈز تۇرۇپ يولىيورۇق بەردى . ئوبالىئان گان جەمەتىنىڭ مال - مۈلۈك جەھەتتىكى مەسلىھەتچى ئادۋوكاتى بولغاندىكىن ، ئۇنىڭ رېستونىڭ ئەڭ ئاخىرقى قارارى ھەققىدە سۈرۈشتۈرۈپ بېقىش بۇرچى بار - دە ، ئەلۋەتتە .

ئوبالىئان چىكاگوغا بېرىپلا رېستونى ئىزدەپ ، ئۇنىڭ ئۆيدە يوقلۇقىنى بىلدى ، ئۇ بۇنى تازا ئوبدان پۇرسەت دەپ قاراپ ، ئۇدۇللا خىد باغچىسىدىكى تۇرالغۇغا باردى - دە ، ئىسىم كارتۇشكىسىنى جېنىنىغا كىرگۈزدى . جېنى ئۇنىڭ كېلىشتىكى غەرىزىدىن تامامەن خەۋەرسىز ئىدى ، بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن پەسكە چۈشۈپ ، ئۇنى مۇلايىملىق بىلەن كۈتۈۋالدى .

— ئۆزىڭىز گان خانىم بولامسىز ؟ — دەپ سورىدى ئۇ بېشىنى سەل - پەل لىڭشىتىپ تۇرۇپ .

— شۇنداق ، — دەپ جاۋاب بەردى جېنى .

— مەن ناتتو زىتورى ئوبالىئان بىرلەشمە قانۇن ئىشخانىسىدىكى ئوبالىئان بولىمەن ، كارتۇشكىدىنمۇ كۆرگەن بولغىيدىڭىز ، — دەپ گەپنى باشلىدى ئۇ ، — بىز مەرھۇم گان جانابلىرىنىڭ — سىزنىڭ — ھىم . . . گان ئەپەندىنىڭ دادىسىنىڭ . . . قانۇن مەسلىھەتچىسى بولىمىز . مېنىڭ بۇنداق ئۇسۇلدا كەلگىنىمدىن ھەيران قېلىۋاتقانسىز بەلكىم ، لېكىن ئېرىڭىزنىڭ دادىسى ۋەسىيەتنامىدە گان ئەپەندى بىلەن ئىككىڭىزلەرگە زور دەرىجىدە مۇناسىۋەتلىك شەرتلەرنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى . بۇ شەرتلەر ئىنتايىن مۇھىم ، ناۋادا گان ئەپەندى سىزگە دېمىگەن بولسا ، مېنىڭچە سىزنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويغىنىم تۈزۈك . پەرىزىمچە . . . كەچۈرۈڭ . . . ئەمما شۇنداق

قارىسام . . . ئۇ سىزگە دېمىگەن بولسا كېرەك . . . — ئۇ گېپىنى توختاتتى . ئۇنىڭ قاراشلىرىدىنلا ئەمەس ، پۈتۈن ئەپتىدىن سوئال سوراش ئالامىتى يېغىپ تۇراتتى .

— مەن تازا چۈشىنەلمەيۋاتىمەن ، — دېدى جېنىنى، — ئۇ ۋەسىيەتنامە توغرىسىدىكى ئىشلاردىن ئازراقمۇ خەۋىرىم يوق . ئەگەر ئۇنىڭدا مېنىڭ بىلىشىمگە تېگىشلىك جايلىرى بولغان بولسا ، مېنىڭچە گان ئەپەندى ماڭا دېمەي قالماس ئىدى . لېكىن ئۇ بۇ كەمگىچە ماڭا بۇ توغرۇلۇق گەپ قىلىپ باقمىدى .

— ئوھو ! — ئوبالىئان ئىنتايىن قانائەتلەنگەن ھالدا بىر نەپەس ئېلىۋالدى ، — ماۋۇ ئىشنى كۆرۈڭ ، ئويلىغىنىمنىڭ دەل ئەكسىچە بولۇپ چىقتى . ئەگەر رۇخسەت قىلسىڭىز ، مەن سىزگە بۇ ئىشنى بىرقۇر سۆزلەپ بېرەي . ئاندىن كېيىن ئۆزىڭىز بىر قارارغا كېلەرسىز ، تەپسىلىي ئەھۋالنى ئۇقۇپ باققۇڭىز بارمۇ - يا ؟ ئولتۇرۇپ پاراڭلاشساق قانداق ؟ — باياتىندىن بېرى بۇلار ئۆرە تۇرۇپ سۆزلىشىۋاتقانىدى . بۇ گەپ بىلەن ، جېنىنى بېرىپ ساپاغا ئولتۇردى ، ئوبالىئانمۇ بىر ساپانى تارتىپ ئەكېلىپ ، ئۇنىڭغا يېقىنراق ئولتۇردى .

— ئەمدى باشلاي ، — دېدى ئۇ ، — مېنىڭچە مۇنداق بىر ئىشنى ، يەنى گان ئەپەندىنىڭ دادىسىنىڭ سىز بىلەن ئوغلىنىڭ بۇنداق بىرىكىشىگە جېنىنىڭ بارىچە قارشى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ئولتۇرۇشۇمنىڭ ھاجىتى بولمىسا كېرەك .

— خەۋىرىم بار ، — جېنىنى شۇنچىكى دەپ قويۇپلا ، گېپىنى توختىتىۋالدى . شۇ تاپتا ئۇ گويا ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ قويۇۋاتقاندەك بولۇپ ، بىئاراملىق ۋە سەل - پەل قورقۇنچ ھېسسىغا چۆكۈپ كېتىۋاتاتتى .

— گان جانابلىرى ئالەمدىن ئۆتۈشتىن ئىلگىرى ، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ئوبالىئان ، — سىزنىڭ ئوھو . . . رېستوگان ئەپەندىگە ئېتىرازىنى بىلدۈرگەنىدى . كېيىن ۋەسىيەتنامىگە مال - مۈلۈكنى تەقسىم قىلىش توغرىسىدىكى

شەرتلىرىنى تىركەپ قويۇپ، ئوغلىنى، يەنى سىزنىڭ . . . ئوھو . . . سىزنىڭ ئېرىڭىزنى ئۆزىگە تېگىشلىك پايدىدىن ئاسانلىقچە بەھرىمەن بولالمايدىغان قىلىپ قويدى . قائىدە بويىچە ئېيتقاندا، ئۇ گان جەمەتى شىركىتىنىڭ تەئەللۇقاتىنىڭ تۆتتىن بىر ئۈلۈشىگە ۋارىسلىق قىلىشى كېرەك ئىدى . بۇنى ھازىر مۇشۇ ئەتراپتا ئېقىۋاتقان قىممىتى بويىچە ھېسابلىغاندا، بىر مىليون ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇقراق دوللارغا توغرا كېلىدۇ؛ بۇنىڭدىن سىرت، يەنە باشقا مال ـ مۈلۈكنىڭ تۆتتىن بىر ئۈلۈشىگىمۇ ئىگە بولۇشى مۇمكىن ئىدى، بۇمۇ بەش يۈز مىڭ دوللارغا توغرا كېلىپ قالىدۇ . مەن گان جانابلىرىنىڭ ئوغلىنىڭ مۇشۇ بىر ئۈلۈش مال ـ مۈلۈككە ۋارىسلىق قىلىشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈپ كەلگەنلىكىگە ئىشىنىمەن . بىراق سىزنىڭ . . . ئوھو . . . گان ئەپەندىنىڭ دادىسى تۈزگەن شەرت بويىچە بولغاندا، رېستو گان ئەپەندى دادىسىنىڭ مەلۇم بىر خىل ۋەسىيىتىگە ئەمەل قىلمىغۇچە، ئۆزىگە تېگىشلىك مىراسقا ئېرىشەلمەيدۇ .

ئوبالىئان گېپىنى توختىتىۋالدى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆز قارىچۇقى چاناقلىرىنىڭ ئىچىدە توختىماستىن ئالدى ـ كەينىگە، ئوڭغا ـ سولغا مىدىرلىماقتا . گەرچە ئۇ ئۇنىڭ ھاسىل قىلالىشىغا تاغدەك ئىشەنچ بىلەن كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەمدى جېنىنىڭ جىلۋىلىك چېھرىدىن ئىختىيارسىز قاتتىق ھاياجانغا چۈشمەكتە ئىدى . ئۇ رېستونىڭ جىمى ئادەمنىڭ قارشىلىقىغا پىسەنت قىلماي، ئۇنى ئۆز ئىلكىدە مەھكەم تۇتۇپ كەلگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى ئەمدى چۈشەندى . جېنىنىڭ ئېغىز ئېچىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرغاچ، ئۇنىڭغا ئاستىرتىن سەپسالدى .

— ئۇ ۋەسىيەتنىڭ مەزمۇنى قانداق ئىدى؟ — دەپ سورىدى جېنىنى ئاخىر، شۇ تاپتا ئۇنىڭ نېرۋىسى جىمجىتلىقنىڭ بېسىمىغا ئۇچراپ، سەل جىددىيلىشىپ قېلىۋاتاتتى .

— بۇنى سوراپ مېنى قەۋەتلا خۇشال قىلدىڭىز، — دېدى ئوبالىئان، — ئەمما بۇ ھەقتە سۆز ئېچىش مېنىڭچە ناھايىتى

www.uyghurkitap.com

قىيىن ، ھەقىقەتەنمۇ قىيىن . مەن ھازىر گان جەمەتىنىڭ مال ـ مۈلكى توغرۇلۇق زىيارەت قىلغۇچى سالاھىيىتى بىلەن كەلدىم ، يەنى ئۆزۈمنى گان جانابلىرىنىڭ ۋەسىيىتىنىڭ ئىجراچىسى دېسەممۇ بولىدۇ . مەن سىزنىڭ . . . ئوھو . . . گان ئەپەندىنىڭ بۇ ئىشتىن تولىمۇ دىققەت بولۇپ تۇرۇۋاتقىنىنى ، سىزنىڭمۇ بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن چوقۇم دىققەت بولۇپ كېتىدىغىنىڭىزنى بىلىمەن . ئەمما بۇ ھېچ ئىلاج يوق ، ئىمكانقەدەر ھەل قىلمىسا بولمايدىغان ئىش . شۇ تاپتا مېنىڭ بۇ گەپلەرنى دېيىشكە پەقەتلا رايىم بارمىسىمۇ ، ئەمما سىزگە ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ قويمايمۇ بولمايدۇ . گان جانابلىرىنىڭ ۋەسىيىتىدە بەلگىلەنگەن ھېلىقى چارىگە كەلسەك ، ئۇ ، ئۇ ، — ئۇنىڭ كۆز قارىچۇقلىرى يەنە تىنىمسىز ھەرىكەتلىنىشكە باشلىدى ، — ئۇ سىزدىن . . . ئوھو . . . سىزدىن ئايرىلىپ كېتىشنى خالىمىسا ، — ئۇ سەل توختىۋېلىپ يەنە سۆزلىدى ، — ئۇ چاغدا بۇ مىراستىن ياكى باشقا مىراسلاردىن بەھرىمەن بولالمايدۇ ياكى يىلىغا پەقەت ئون مىڭ دوللار كىرىمگىلا ئىگە بولىدۇ ، بۇمۇ تېخى ئۇنىڭغا سىز بىلەن توي قىلىش شەرتى بىلەن بېرىلىدۇ ، — ئۇ يەنە سەل توختىۋېلىپ ، سۆزىنى داۋام قىلدۇردى ، — يەنە بىر يېرى ، ھېلىقى ۋەسىيەتنامىدە ئۇنىڭ ئويلىنىشى ئۈچۈن ئۈچ يىللىق مۆھلەت بەلگىلەپ بېرىلگەنىدى ، ھازىر بۇ مۆھلەتنىڭ قەرەلى توشۇشقا ئاز قالدى .

ئۇ سۆزدىن چىپپىدە توختاپ قالدى ، كۆڭلىدە : «جېنىمدا قانداق ھېسسىيات توقۇنۇشى يۈز بېرەركىن» دېگەن ئوي كەزمەكتە ئىدى ، بىراق جېننى ئۇنىڭغا قارىغىنىچە داڭقېتىپلا قالغانىدى . ئۇنىڭ كۆز ئالدىنى ۋەھىمە ، ئازاب ھەم شۇم قىسمەت تۇمانلىرى قاپلىۋالدى . ئۇ ئەمدى چۈشەندىكى ، رېستو ئۇنى دەپ مال ـ مۈلۈكنى قۇربان قىلغانىكەن . ئۆزىنىڭ يېقىنىڭىياقى قىلىۋاتقان سودىسى قايتىدىن باش كۆتۈرۈش ۋە ئۆز ئالدىغا ئىش تۇتۇش ئۈچۈن قىلىنغان بىر خىل تىرىشچانلىق ئىكەن . يېقىنقى بىرنەچچە

يىلدىن بېرى، جېنىنى ھەمىشە ئۆنىڭ خىيالغا پېتىپ، بىئاراملىنىپ يۈرۈۋاتقىنىنى چېلىقتۇرۇپ قالاتتى، بۇنىڭ سەۋەبىنى مانا ئەمدى چۈشەندى. ئەسلىدە رېستو كۆڭۈلسىز ھېسلارغا چىرمىلىپ، مال ـ مۈلۈكتىن مەھرۇم بولۇشنىڭ ئەلىمىدە غەم ـ غۇسسىگە پېتىپ يۈرگەنىكەن. ئەمما بۇ توغرۇلۇق جېنىنغا پەقەتلا تىنمىغان. ئەسلىدە دادىسى ئۆنىڭغا تېگىشلىك مىراسنى ئەمەلدىن قالدۇرغانىكەن ـ دە!

ئوبالىئان جېنىنغا روبىرو ئولتۇرغانىدى، شۇ تاپتا ئۆزىمۇ خىجىل بولۇپ كېتىۋاتاتتى. جېنىنىڭ يۈزىدىكى ئىپادىنىڭ بارا ـ بارا روشەن تۈس ئېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، كۆڭلىدە ئۆنىڭغا ئىچىنىپ قالدى. لېكىن، جېنىنغا ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ قويىمايمۇ بولمايتتى.

— سىزگە بۇ شۇم خەۋەرنى ئەكەلگىنىم ئۈچۈن، ئالدىڭىزدا ئىنتايىن خىجىلمەن، — ئۇ جېنىنىڭ دەماللىققا جاۋاب قايتۇرىدىغان تۈرى يوقلۇقىنى كۆرۈپ، بۇنىڭغا شۇنداق دېدى، — سىزگە راست گەپنى ئېيتسام، ئۆزۈممۇ ناھايىتى قىيىن ئەھۋالدا قالدىم. مەندە سىزگە قارىتا ھېچقانداق يامان غەرەز يوق. بۇنى ئەلۋەتتە چۈشىنىشىڭىز كېرەك. ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭمۇ ھازىر سىزگە قارىتا ھېچبىر يامان ئويى يوق. بۇنىڭغا ئىشىنىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. ۋەسىيەتنامىنى ئوقۇغان چاغدىلا، مەن سىزنىڭ... ئوھو... گان ئەپەندىگە: «بۇ ئادىللىق بولماپتۇ» دېگەنىدىم، بىراق مەن پەقەت گان جانابلىرىنىڭ مەسلىھەتچىسى ھەم ۋەسىيەتنى ئىجرا قىلغۇچىمەن، خالاس. مېنىڭ ئەلۋەتتە ئىلاجىم يوق. مەن سىزنى بۇ ئىشنىڭ ھەقىقىتىدىن خەۋەردار بولسا، ئېرىگە ياردەم قىلىشى، — ئۇ سەل توختىۋېلىپ يەنە سۆزلىدى، — ھەل قىلىشنىڭ بىرەر ئامالىنى تېپىپ چىقىشى مۇمكىن، دەپ ئويلىغانىدىم. ئەگەر ئۇياق مال ـ مۈلۈكتىن پۈتۈنلەي مەھرۇم بولىدىغان بولسا، مېنىڭچە بۇ تازىمۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋال، بۇنىڭغا ئۇ ياقنىڭ قېرىنداشلىرىمۇ

ئېچىنىۋاتىدۇ .

جېنىنى باياتىندىن بېرى بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ، كۆزلىرىنى پولدىن ئالماي ئولتۇرغانىدى ، بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قارىدى .

— ئۇ مەھرۇم بولسا مۇتلەق بولمايدۇ ، — دېدى ئۇ ، — بۇنداقتا ناھەقچىلىك بولىدۇ ـ دە .

— بۇ سۆزىڭىز بىلەن مېنى ناھايىتىمۇ خۇرسەن قىلىۋەتتىڭىز ، گان . . . گان خانىم ، — ئۇ تۇنجى مەرتەم ھېچ ئىككىلەنمەيلا شۇنداق دەپ ئاتىدى ، — سىزگە كۆڭلۈمدىكىنى ئوچۇق ئېيتسام ، بۇ يەرگە كەلگۈچە سىزنىڭ بۇ خەۋەرنى باشقىچە بىر خىل پوزىتسىيە بىلەن قارشى ئېلىشىڭىزدىن ئەنسىرىگەنىدىم جۇمۇ . گان ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ نەسەبداشلىق كۆزقارىشى كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى سىزمۇ بىلىسىز . گان ئاغىچا خېنىم ، يەنى سىزنىڭ . . . ئوھو . . . ئېرىڭىزنىڭ ئاپىسى ئىنتايىن ھاكاۋۇر ، ھېچكىمگە ئارىلاشمايدىغان ئايال ئىدى ، ئۇياقنىڭ ئاكا ـ سىڭىللىرىنىڭمۇ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىگە كەلگەندە بوينى ناھايىتى قاتتىق . ئۇلار سىزلەرنىڭ بۇ خىل مۇناسىۋىتىڭىزلەرنى بىنورمال ھەم — مېنىڭ پەلىپەتىشلىكىمنى كەچۈرگەيسىز — ھېچكىمنى قانائەتلەندۈرەلمەيدۇ ، دەپ قارىشىدۇ . خەۋىرىڭىزدە بولسا كېرەك ، نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا سىرتتا گەپ ـ سۆز ئۇلغىيىپ كەتكەندە ، گان جانابلىرى ئائىلىنىڭ نام ـ ئابرۇيىنى ھېسابقا ئېلىپ ئولتۇرۇپ ، بۇ ئىشقا ھەرگىز مۇرەسسەلەشكىلى بولمايدۇ ، دەپ قاراپ ، ئوغلى توغرۇلۇق : «قەددەمنى باشتىلا خاتا باسقان» دېگەن پىكىردە بولغانىدى . شۇڭا ، ۋەسىيەتنامىدىكى شەرتلەرنىڭ بىرىدە شۇنداق دېيىلگەنكى ، ئەگەر ئېرىڭىز . . . كەچۈرۈڭ . . . ئۇياقنىڭ ئوغلى سىزدىن مۇناسىۋەتنى ئۈزمەي تۇرۇپ ، تېگىشلىك مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش خىيالىدا بولىدىغان بولسا ، ئۇ چاغدا مەن بايام سىزگە ئېيتقان ھېلىقى يىلىغا ئون مىڭ دوللارلىق كىرىمدىن بەھرىمەن بولۇش ئۈچۈن ، چوقۇم . . . ئوھو ، ئۇياق مېنى

www.uyghurkitap.com

ئەپۇ قىلغاي ، بەلكىم مەن بەك رەھىمسىزلىك قىلىۋاتقاندۇرمەن ، ئەمما قەستەن شۇنداق قىلىۋاتقىنىم يوققۇ ، ئۇ چوقۇم ئاۋۋال سىز بىلەن توي قىلىشى كېرەك .

جېننى يۈرىكىدىكى ئازابنى زورىغا بېسىۋېلىپ ئولتۇردى . ئۇنىڭغا بۇ ئادەمنىڭ ئۇنىڭ ئالدىدا بۇنداق گەپلەرنى قىلىشى تازىمۇ رەھىمسىزلىك بولۇپ تۇيۇلدى . بۇنداق قانۇنسىز ئەر - خوتۇن بولۇپ يۈرۈشكە ئۇرۇنۇشلارنىڭ ھەممىسى ئەمدى بەختسىزلىك بولۇپ چىققىلى تۇردى . ئەمدى بۇ خىل بەختسىزلىكنى ھەل قىلىشنىڭ بىرلا ئامالى بار ، ئۇ جېننىغا ناھايىتى ئايدىڭ . ئۇ رېستودىن ياكى رېستو ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كېتىشى كېرەك . بۇنىڭدىن باشقا يول يوق . رېستونى يىلىغا بېرىلىدىغان ئاشۇ ئون مىڭ دوللار بىلەن جېنىڭنى جان ئەت دېسە بولامدۇ ! بۇ تازىمۇ ئەخمەقلىق - دە .

ئوبالىئان جېننىنى قىزىقسىنىش ئىچىدە كۆزىتىپ ئولتۇرۇپ ، كۆڭلىدە : «رېستونى خاتا قىلدى دېسىمۇ ، دېمىسىمۇ بولغۇدەك . ئۇ نېمىدەپ باشتىلا بۇ ئايالنى نىكاھىغا ئېلىۋالمىغانكىنە ؟ نېمىدېگەن جەلپكار ئايال بۇ» دەپ ئويلىدى .

— بۇ ئىش توغرۇلۇق ، گان خانىم ، مەن سىزگە پەقەت مۇنداق بىر نۇقتىنى ئىزاھلاپ ئۆتمەكچىمەن ، — ئۇ مۇلايىملىق ۋە رايىشلىق بىلەن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ، — مېنىڭچە ، بۇ گەپنى دېيىش - دېمەسلىكنىڭ سىزگە ھېچ ئالاقىسى يوق بولسا كېرەك ، ئەمما مەن ۋەزىپىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن كەلگەنمەن ، شۇڭا سىزگە دېيىشنى لايىق تاپتىم . سىزنىڭمۇ ئۇنى مېنىڭ سۆزلەۋاتقاندىكى پوزىتسىيەم بىلەن قوبۇل قىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن . ئېرىڭىزنىڭ سودا ساھەسىدىكى مۇناسىۋىتىدىن ئېنىق خەۋىرىڭىز بارمىدى ، يوقمىدى ؟

— يوق ، — ئاددىيلا جاۋاب بەردى جېننى .

— ئۇنداق بولسا ، سىزگە چۈشىنىشلىك بولسۇن ئۈچۈن ، گەپنى قىسقىلا قىلاي ، دېمەكچى بولغىنىم ، ناۋادا سىزدە

www.uyghurkitap.com

ئېرىڭىزنىڭ بۇ ئىنتايىن مۇشكۇل ۋەزىيەتتىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىش نىيىتى بار بولسا . . . ئوچۇقىنىلا دەۋېرەي، ئەگەر سىزنىڭ ئۇياقتىن ئۆز رازىلىقىڭىز بىلەن ئايرىلىپ كېتىپ باشقىچە يول تۇتۇش ئويىڭىز بار بولسا ، ئۇ چاغدا . . . خۇشاللىق بىلەن ئېيتىمەنكى . . . ئۇ چاغدا مەيلى قانچىلىك دېسىڭىز، مەسىلەن . . . ئوھو . . .

جېنىنى ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ـ دە ، بارماقلىرىنى قاراسلاتقىنىچە ، خاراموش هالدا دېرىزە قېشىغا باردى ، ئارقىدىن ئوبالىئانمۇ ئورنىدىن تۇردى .

— مەيلى نېمە بولسا بولسۇن ، ئەگەر سىز مۇناسىۋەتنى ئۈزۈش قارارىغا كەلگەن بولسىڭىزلا ، سىز قانچىلىك پۇلنىڭ ئېتىنى چىقارسىڭىز ، ئەللىك مىڭمۇ ياكى يۈزمىڭمۇ ، — ئوبالىئاننىڭ چىرايى سەل جىددىي تۇسكە كىردى ، — ئۇلار دېگىنىڭىزنى سىزنىڭ نامىڭىزدا بانكىغا ئايرىم قويماقچى ، خالىغان ۋاقىتتا ئېلىپ ئىشلەتسىڭىز بولىدۇ . سىزنى كەلگۈسىدە هېچ نەرسىدىن خىجالەت قىلماسلىققا كاپالەتلىك قىلىشماقچى .

— بولدى ، سۆزلىمەيلا قويۇڭ ، — دېدى جېنىنى . شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆڭلى بۇزۇلغىنىدىن گەپ قىلغۇدەكمۇ هالى قالمىغانىنىڭ ئۈستىگە ، ئوبالىئاننىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىپ تۇرىۋېرىشكە پسىخىكا ۋە فىزىئولوگىيە جەھەتتىنمۇ رەغدى قالمىغانىدى ، — ئەمدى گەپ قىلماڭ . كېتىڭ ، مېنى بۇ يەردە يالغۇز قويۇڭ . مەن ئۇنىڭدىن چوقۇم ئايرىلىپ كېتىمەن ، ئۆز خاھىشىم بىلەن ئايرىلىپ كېتىمەن . تەييارلىقىم پۈتكەن هامان كېتىمەن . ئەمدى پەقەتلا گەپ قىلمىسىڭىز ، بولامدۇ ؟

— يۈرىكىڭىزنىڭ ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى مەنمۇ چۈشىنىپ تۇرۇپتىمەن ، گان خانىم ، — ئۇنىڭ ئازابىنى ئېنىق چۈشىنىپ يەتكەن ئوبالىئان سۆزىنى يەنە داۋام قىلدۇردى ، — مەن ئېنىق چۈشىنىۋاتىمەن ، ماڭا ئىشىنىڭ . دېمەكچى بولغانلىرىمنىڭ ھەممىسىنى دەپ بولدۇم . مېنى ئەپۇ قىلغايسىز ، بۇنداق

ئەلچىلىكنى قىلماق تەس — ھەقىقەتەنمۇ تەس ئىكەن. مەنمۇ ئامالنىڭ يوقىدىن كەلگەن، تازىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولدى بۇ. ئىسىم كارتوشكامىنــــى مانا ماۋۇ يەرگە قويۇپ قويدۇم، ئىسمىمغا دىققەت قىلغايسىز. سىز قاچان چاقىرتسىڭىز، مەن شۇ زامان ئالدىڭىزدا ئۆزىمەن ياكى ماڭا خەت يازسىڭىزمۇ بولىدۇ. بىرمۇنچە ۋاقتىڭىزنى ئالدىم، مېنى ئەپۇ قىلغايسىز. سىزدىن ئۈمىد قىلىدىغىنىم، مېنىڭ بۇ يەرگە كەلگىنىمنى ئېرىڭىزگە دېمىگەن بولسىڭىز. ئەڭ ياخشىسى ئۆزىڭىــــز بىـــر قارارغا كەلسىڭىز كەن. ئۇياق بىلەن ناھايىتى ئوبدان ئاغىنىدارچىلىــق قىلىپ كېلىۋاتقانىدىم، ئۇنىڭغا ھەقىقەتەنمۇ يۈز كېلەلمەيمەن.

جېننى كۆزىنى پولدىن ئۈزمەي تۇرۇۋەردى.

ئوبالىئان ئىشىكنىڭ قېشىغا بېرىپ قوزۇقتىن پەلتوسىنى ئالدى، جېننى كۇنۇپكىنى بېسىپ دېدەك سىئاننىنى چاقىردى ــ دە، ئۆزى كۇتۇپخانىغا كىرىپ كەتتى، ئوبالىئان ئىتتىك ــ ئىتتىك چامداپ، ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى. ئۆي خالىي قالغاندىن كېيىن، جېننى كۆزلىرىنى پولغا تىككىنىچە ئېڭىكىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ قالدى، بىردىنلا ئۇنىڭ كۆزلــىرىگە يەرگە سېلىــــنغان تۈرك گىلىمىنىڭ نۇسخىلىرى بارا ــ بارا غەلىتە شەكىللەرنى ھاسىل قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇ ئۆزىنى كىچىككىنە بىر كەپىدە كۆردى، يېنىدا ۋىستادىن بۆلەك ھېچكىم يوق ئىدى، كېيىن يەنە رېستونى باشقا بىر دۇنيادا كۆردى. رېستونىڭ يېنىدا گىرالد خانىم تۇراتتى. جېننى ئۆزىنىڭ ئۆيىنىڭ قورۇقدىلىپ قالغىنىنىمۇ كۆردى، ئاندىن كېيىن ئۇنىــــڭ كۆزىگە ئۇزاققا سوزۇلغان زېرىكىشلىك ۋاقىتلار كۆرۈنگەندەك بولــدى، ئــاندىن كېيىن . . .

ئۇ ئۆزىنى يىغىدىن ئارانلا تۇتۇۋېلىپ، قاتتىق بىــر ئۇھ تارتىپ قويدى. مەڭزىگە تامغان بىر تامچە ياشنى قولى بىلەن سۈرتۈۋەتكەندىن كېيىن، ئاستا ئورنىدىن تۇردى.

«زادى شۇنداق بولماقچىدى، — دېدى ئــۆزىــگە ئــۆزى

www.uyghurkitap.com

پىچىرلاپ، — چوقۇم شۇنداق بولماقچىدى. بالدۇرراق مۇشۇنداق بولۇشى كېرەك ئىدى. ئۇھ، خۇداغا شۈكۈر، ھېلىمۇ ياخشى دادام بالدۇر كېتىپ قالغانىكەن! ھەرھالدا ئۇ بۇ ئىشلارنى كۆرمەي قالدى.»

## 53

رېستو ئەسلىدە «مەيلى جېنىنى بىلەن ئايرىلىپ كېتەي ياكى قوشۇلاي، ئۇنىڭغا بىرقۇر چۈشەندۈرۈپ قويۇشۇم كېرەك» دېگەن قارارغا كېلىپ بولغانىدى، شۇڭا ئوبالىئان كېلىپ كېتىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئۇنىڭ تەشەببۇسىمۇ ئەمەلگە ئېشىپ قالدى. ئوبالىئان كەلگەن ئاشۇ كۈنى، ئۇ ۋىسكونسىندىكى ھىدۋېگ دەپ ئاتىلىدىغان كىچىككىنە بىر سانائەت شەھىرىگە كەتكەنىدى، ئۇ يەردىكىلەر لىفتنى ھەرىكەتلەندۈرۈش ئۈچۈن ئىشلەتكىلى بولىدىغان بىر خىل يېڭى گېنېراتورنى كەشىپ قىلىشقانىكەن، ئۇ كۈنى گېنېراتورنىڭ سىناق قىلىنىشىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا رېستونىمۇ تەكلىپ قىلىشقان، ئۇمۇ بېرىپ، مەبلەغ سېلىش مۇمكىنچىلىكى بار ـ يوقلۇقىنى بىر كۆرۈپ كەلمەكچى بولغانىدى. ئېكسكۇرسىيىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن جېنىنى بىلەن سۆزلىشىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغانىدى. كىم بىلسۇن، مانا ئىشىكتىن كىرىپلا بىر خىل روھىي چۈشكۈنلۈكنى سېزىپ قالدى. چۈنكى، جېنىنى گەرچە كەسكىن، توغرا خۇلاسىگە كېلىپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن يۈرىكىدىكى ھېسسىياتىنى يوشۇرۇشقا ئامالسىز ئىدى. ئۆزى قوللىنىشقا تېگىشلىك ھەرىكەت توغرۇلۇق راسا باش قاتۇرغاندىن كېيىن، «بۇ يەردىن كەتكىنىمنىڭ ئۆزىلا ئەڭ ياخشى چارە» دېگەن ئويغا كەلگەن بولسىمۇ، بىراق بۇ قارارنى رېستوغا چۈشەندۈرگۈدەك ماغدۇرى يوقلۇقىنىمۇ ھېس قىلدى. ئەمەلىيەتتە رېستو ئۇنىڭدىن رازىمەنلىك بىلەن ئايرىلىپ كەتسىلا بولاتتىغۇ.

جىننى مۇشۇنداق ھەرىكەتنىڭ — ئايرىلىپ كېتىشىنىڭ زۆرۈر، تېگىشلىك ئىكەنلىكىگە قەتئىي ئىشىنەتتى. رىستو ئۇنى دەپ شۇنچىۋالا نۇرغۇن دۇنيادەپىنىدىن ۋاز كېچىشكە رازى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭدا بۇنداق جاسارەتنىڭ بولۇشى ھەرگىزمۇ مۇمكىن ئەمەس - دە. رىستونىڭ خەۋپ - خەتەرگە قارىماي، لام - جىم دېمەي، ئىشنى بۇ كەمگىچە سۆرەپ كەلگەنلىكى جىننىنى تولىمۇ ھەيرەتتە قالدۇردى.

رىستو ئۆيگە كىرىپ كېلىۋاتقاندا، جىننى ئۇنى ئاۋۋالقىدەك ئىللىق چىراي بىلەن قارشى ئېلىشقا خېلىلا كۈچىگەن بولسىمۇ، ئانچە تەبىئىي بولالماي قالدى.

— سەپەردىن ياخشى كەلدىڭىزمۇ؟ — جىننى ئادەت بولۇپ كەتكەن سۆز بىلەن تىنچلىق سورىدى.

— ناھايىتى بەلەن، — جاۋاب بەردى رىستو، — ئۆيىمىزچى تىنچلىقمۇ؟

— تىنچلىق، — جىننى ئۇنىڭ كەينىدىن كۈتۈپخانىغا بىللە كىردى. رىستو لاخشىگىر بىلەن تام مەشتىكى ئوتنى بىر چۇقچىلىۋەتكەندىن كېيىن، بۇرۇلۇپ ئۆيىمىزچىنى بىرقۇر كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقتى. بۇ چاغ يانۋار ئېيىنىڭ بىر كۈنىدىكى چۈشتىن كېيىن سائەت بەش بولغان مەزگىل ئىدى. جىننى بىر دېرىزىنىڭ قېشىغا بېرىپ، پەردىنى چۈشۈرۈپ قويۇپ شۇنداق ئارقىسىغا ئۆرۈلۈۋىدى، رىستونىڭ ئۆزىگە دىققەت قىلىپ قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆردى.

— بۈگۈن رەڭگىرويىڭىز بۆلەكچىلىكمۇ، سىزگە نېمە بولدى؟ — رىستو جىننىنىڭ مۇئامىلىسىدىكى نورمالسىزلىقنى سېزىپ سورىدى.

— ھېچنېمە، ئۆزۈمنى ناھايىتى ئوبدان سېزىۋاتىمەنغۇ، — ئۇنىڭ ئاغزىدا شۇنداق دېگىنى بىلەن، لەۋلىرى بوشقىنا تىترەۋاتقىنىنى رىستو كۆرۈپ قالدى.

— مەندىن يوشۇرالمايسىز، — رىستو ئۇنىڭغا قادىلىپلا

www.uyghurkitap.com

قالغانىدى ، — ئىچىڭىزدە نېمە دەرد بار ؟ ئۆيدە نېمە ئىش يۈز بەردى ؟

جېننى بېشىنى كەينىگە ئۆرۈپ بىر تىنىۋېلىپ ، ئۆزىنى سىل بېسىۋالدى ـ دە ، ئاندىن يەنە بۇرۇلۇپ ، رېستوننىڭ ئالدىغا كەلدى .

— بۇ مۇنداق ئىش ئىدى ، — ئۇ گەپنى ئارانلا باشلىدى ، — مەن سىز بىلەن كىچىككىنە بىر ئىش توغرۇلۇق سۆزلەشمەكچىدىم .

— كۆڭلىڭىزدە بىر ئىش بارلىقىنى بىلگەنىدىم ، — دېدى رېستو چىرايىغا ئازراق كۈلكە يۈگۈرتۈپ ، بۇ گەپ ئۆز ئىچىگە ئالغان كەسكىن مەنىنى كۆڭلى تۇيۇۋالغانىدى ، — زادى نېمە ئىش ئىدى ؟

جېننى گەپنى نەدىن باشلاشنى بىلەلمەي ، لەۋلىرىنى چىشلىگىنىچە بىرپەس جىم بولۇپ قالدى . بىر كەمدىن كېيىن جىمجىتلىقنى بۇزۇپ :

— تونۇغۇن بۇ يەرگە ئوبالىئان ئىسىملىك ، سىنسىنناتىلىق بىرەيلەن كەلدى ، سىز ئۇنى تونۇمسىز ؟ — دېدى .

— ھەئە ، تونۇيمەن ، ئۇ نېمىدەپ كەپتۇ ؟

— ئۇ مەن بىلەن سىز ھەم دادىڭىزنىڭ ۋەسىيىتى توغرۇلۇق سۆزلەشكىلى كەلگەنىكەن .

جېننى رېستوننىڭ چىرايى دەرھال ئۆزگەنلىكىنى كۆرۈپ ، گېپىنى توختىتىۋالدى .

— ئۇ نېمە ئېلىشتۇرۇپ بۇ يەرگە كېلىپ ، دادامنىڭ ۋەسىيىتى توغرۇلۇق سىز بىلەن سۆزلىشىپ يۈرىدىكەن ! — رېستو چىچاڭشىپ كەتتى ، — ئۇ سىزگە نېمە دېمەكچىكەن ؟

— ئاچچىقىڭىز كەلمىسۇنچۇ ، — دېدى جېننى ئۆزىنى ناھايىتى تەمكىن تۇتقان ھالدا . چۈنكى بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇۋالمىسا بولمايدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى ، — ئۇ كىشى ماڭا سىزنىڭ مېنى دەپ قانچىلىك زور قۇربان بەرگەنلىكىڭىزنى ، يەنە مال ـ مۈلۈكتىن مەھرۇم

بولىدىغان ۋاقتىڭىزنىڭ يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى ئېيتماقچىكەن. سىز دەرھال ھەرىكەتكە كېلىشنى خالىمامسىز؟ مېنىڭدىن ئايرىلغۇڭىز يوقما؟

— ھۇ، ئۆلۈمتۈك! — دېدى رېستو دەرغەزەپ بولۇپ، — ئۇ نېمە ئېلىشتۇرۇپ مېنىڭ ئىشلىرىمغا ئارىلىشىۋالىدىكىنە؟ ھېچ چۈشەنمىدىم، بۇ خەقلەر ماڭا نېمانچە ئاقساقاللىق قىلىپ كېتىشىدىغاندۇ؟ — ئۇ غەزەپلەنگىنىدىن جالاقلاپ تىترەپ كەتتى، — ھەي، لەنتىلەر، تايىنلىق بۇ روبېرتنىڭ ئويناۋاتقان ئويۇنى. ئوبالىئان نېمىدەپ مېنىڭ ئىشىمغا ئارىلىشىۋالىدىكىنە؟ ئىشنى بارغانسېرى مۇرەككەپلەشتۇرۇۋېتىشتىغۇ! — شۇ تاپتا ئۇنىڭ يۈزى بىنەپشە رەڭگە كىرىپ، كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاچراپ كەتتى.

جېنىنى بۇ ھالنى كۆرۈپ، قورققىنىدىن غالىلداپ تىترەپ، نېمە دېيىشنى بىلەلمەي تۇرۇپلا قالدى.

خېلى بىرھازادىن كېيىن، رېستو سەل تىنچلىنىپ، يەنە سورىدى:

— ئۇ سىزگە زادى نېمىنى دېگىلى كەپتۇ؟

— ئۇ دەيدۇ: سىز ئەگەر مەن بىلەن توي قىلسىڭىز، يىلىغا ئاران ئون مىڭ دوللارغا ئىگە بولالايدىكەنسىز، ئەگەر مەن بىلەن توي قىلماي، داۋاملىق بىر ئۆيدە ئۆتنۈۋېرىدىغان بولسىڭىز، ئۇ چاغدا ھېچنېمىگە ئىگە بولالمايدىكەنسىز. ئەگەر بىز ئايرىلىپ كەتسەك، ئۇ چاغدا بىر يېرىم مىليون دوللارلىق تەئەللۇقاتقا تولۇق ئېرىشىدىكەنسىز. مېنىڭدىن ئايرىلىپ كەتكىنىڭىزنىڭ تۈزۈك ئىكەنلىكىنى تېخى بىلمىدىڭىزمۇ؟

ئۇ ئەسلى بۇ مەركىزىي مەسىلىنى ئالدىراپ ئوتتۇرىغا قويماقچى ئەمەس ئىدى، ئەمما گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، بۇ مەسىلىمۇ تەبىئىيلا ئېغىزىدىن چىقىپ كەتتى. جېنىنىدا شۇ زامان: «ئەگەر ئۇ مېنى ھەقىقىي ياخشى كۆرىدىغان بولسا، قەتئىيلا قىلىپ ‹ياق› دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئەگەر ماڭا ئانچە تارتىشىپ

ئولتۇرمايدىغان يېرى بولسا، ئىككىلىنىدۇ، ئارقىغا تارتىدۇ، مەسىلىدىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ» دېگەن ئوي پەيدا بولدى.

— مېنىڭچە، — دېدى رېستو كەيپى ئۇچقان هالدا، — مېنىڭچە بولغاندا، هازىرچە ئايرىلىشىۋېلىش ياكى ئالدىراپ بىر ئىش قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق بولسا كېرەك. مېنىڭ ئاچچىقىم كەلگىنى، ئۇلار بۇ يەرگە كېلىپ مېنىڭ خۇسۇسىي ئىشلىرىمغا ئارىلىشىۋالمىسا بولاتتىچۇ.

جېنىنى ئۇنىڭ بۇ گېپىدىن بىر خىل سوغۇق مۇئامىلىنى، قەهر - غەزەپلا بار، مېهىر - مۇهەببەت يوقلۇقىنى سېزىپ، قاتتىق ئازار يېدى. ئۆزىنى دەيدىغان بولسا، ئۇنىڭ ئاساسلىق پىكرى ياكى ئۇ رېستودىن ئايرىلىپ كېتىش، ياكى رېستو ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كېتىش ئىدى. رېستوچۇ، ئۇ بىراۋنىڭ ئارىلىشىۋالغانلىقىنى نۆۋەتتىكى مۇهىم مەسىلە دەپ قارايدىكەن. ئۇ ئۆزى تېخى بىر قارارغا كەلمەي تۇرغاندا بىراۋنىڭ ئارىلىشىۋالغىنى ئۇنىڭ جەهلىنى قاتۇرۇپ قويۇپتۇ. جېنىنچۇ، ئۇ گەرچە ئالدىدىن نۇرغۇن ئىشلار ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇمىد يىپىنى ئۈزۈۋەتمەي، «رېستو مەن بىلەن شۇنچە ئۇزاق ۋاقىت بىر ئۆيدە ياشىغاندىن كېيىن، ئۇنى ماڭا كۆڭلى يوق دېگىلى بولمايدۇ، ئۇ ياكى ئايرىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئېنىق چۈشىنىپ يېتىدۇ، ياكى ئايرىلىشقا راستىنلا چىدىماي قالىدۇ» دەپ ئويلاپ يۈرۈپتىكەن. رېستونىڭ ئۇنى ئۆز نىكاهىغا ئالماي كەلگەنلىكىنىڭمۇ ئەينى چاغلاردىكى قاتمۇقات توسالغۇلاردىن كۆرۈپ ئۇنى ئەپۇ قىلغانىدى. ئەمدىلىكتە مۇشۇ ئاخىرقى پەيتتە، جېنىنىدىن ئايرىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يەتكەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قېتىدىكى هېسسىياتىنى ئاز - تولا ئىپادىلەپ قويۇشى كېرەك ئىدىغۇ. ئۇنىڭ مۇشۇ پەيتتىمۇ يەنە مۇشۇنداق سوغۇق مۇئامىلىدە بولۇۋاتقىنىدىن قارىغاندا، دېمەك جېنىنى رېستو بىلەن شۇنچە ئۇزاق ۋاقىت ئەسرا بولۇپ تۇرۇۋالغۇق ئۇنى تازا دېگەندەك چۈشەنمەيتىكەن، ياق، بىر هېساپتا تازا ئوبدان چۈشىنەتتى.

ئەسلىدىغۇ، رىستونىڭ ياخشى كۆرۈش ئۇسۇلى ئۆزگىچىلا ئىدى. ئۇ ھەرقانداق ئادەمگە ئۆز مۇھەببىتىنى قىزغىن، ئوچۇق - ئاشكارا ئىپادىلىيەلمەيدۇ. ئۇنىڭدا جېنىننى ئۆزىگە قارىتىپ، ئۆز ئالدىدا مەھكەم تۇتۇپ تۇرۇشقا يەتكۇدەك مۇھەببەت بار بولغىنى بىلەن، بىرەر مۇھىم ئىش يۈز بېرىپ قالغاندا، جېنىننى قانات ئاستىغا ئېلىشقا يەتكۇدەك كۈچلۈك مۇھەببەت يوق. شۇ تاپتىمۇ ئۇ جېنىننىڭ تەقدىرى ئۈستىدە مۇنازىرىلىشىۋاتىدۇ. جېنىنچۇ، ئۇ يا ئالدىغا، يا ئارقىغا چامدىغىلى بولمايدىغان بۇ مۇشكۇل ۋەزىيەتتە شىكەستىلەنگەن بولسىمۇ، كەسكىن قارار تاپمىغان پۈتكۈل ھاياتىدا، مانا بۈگۈن بىر قارارغا كەلدى. مەيلى رىستو خالىسۇن ياكى خالىمىسۇن، ئۇ رىستونى ھەرگىزمۇ بۇنداق قۇربان بەرگۈزمەيدۇ. رىستو ئۇنىڭدىن ئايرىلىشنى خالىمىسىمۇ، ئۇ رىستودىن چوقۇم ئايرىلىپ كېتىشى كېرەك. ئەمدى بۇ يەردە تۇرۇۋەرگەننىڭ ھېچبىر ئەھمىيىتى قالمىدى. ھازىر بۇنىڭ جاۋابى پەقەت بىرلا. شۇنداق قىلىپ رىستو ئۆز ھېسسىياتىنى ئازراقمۇ ئىپادىلىمەمدىكىنە؟

— ئۆزىڭىزمۇ ئويلاپ بېقىڭ، دەررۇ بىر قارارغا كەلگىنىڭىز تۈزۈكمىكىن؟ — جېنىنى ئۇنىڭ ئاغزىدىن ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدىغان بىرەر ئېغىز سۆز چىقىپ قالارمىكىن، دېگەن ئۈمىدتە ئۇنىڭدىن داۋاملىق سورىدى، — سىزگە بېرىلگەن مۆھلەتكىمۇ ئاز قاپتۇغۇ، شۇنداقمۇ؟

بۇ گەپنى قىلىۋاتقىنىدا، ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغىنىنى چاندۇرۇپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ، ئۈستەل ئۈستىدە تۇرغان بىر كىتابنى ئۇياقتىن - بۇياققا يۆتكەۋەردى. بۇنداق چاغدىكى ھەرىكەت ۋە گەپ - سۆزنىڭ ئادەمگە ناھايىتى قىيىن كېلىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. رىستو ئاچچىقلانغان چاغلاردا بەك قورقۇنچلۇق بولۇپ كېتەتتى. بىراق، ھازىر ئۇنىڭ گىرالد خانىمى بارغۇ، جېنىندىن ئايرىلىشقا توغرا كەلگەن ھالەتتىمۇ، ئۇنىڭغا ئانچە ئېغىر كەلمەسلىكى مۇمكىن،

پەقەتلا ئۆزى خالىسىلا. ئەملىيەتتىمۇ ئۇنىڭ خالىمايدىغان يېرى يوق. جېننى ئۇنىڭغا نېمىلا قىلىپ بەرگەن بىلەن، ئۇنىڭ ئۈچۈن مال - مۈلۈك دېگەن جېننىدىنمۇ مۇھىمراق - دە.

— ئالدىرىمىسىڭىزچۇ، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ تەرسالىق بىلەن، — شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئۆز ئاكىسىغا، ئۆز ئائىلىسىدىكىلەرگە ۋە ئوبالىئانغا بولغان غەزىپى تېخى بېسىلمىغانىدى، — تېخى بالدۇرغۇ. ئۆزۈمنىڭ زادى قانداق قىلماقچى ئىكەنلىكىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن تېخى. بۇ خەقنىڭ نومۇسسىزلىقىغا ھەققەتەن قول قويدۇم! ئەمدى بۇ ھەقتە گەپ قىلىشنى خالىمايمەن. غىزا تەييار بولدىمۇ؟ — شۇ تاپتا ئۇنىڭغا گويا ئۆزىنىڭ ئىززەت - غۇرۇرى يەرگە قاتتىق ئۇرۇلغاندەك تۇيۇلغانلىقتىن، ئەدەپ - قائىدە دېگەنلەرنىمۇ بىر چەتكە قايرىپ قويدى. جېننىنى ھەم ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى ھېس - تۇيغۇلىرىنى تامام ئېسىدىن چىقارغانىدى. ئاكىسى روبېرتنىڭ ئۆزىنى ھاقارەتلىگىنىگە ئاچچىقى كېلىپ، ئۆلۈپ قالايلا دەۋاتاتتى. ئۇنىڭ ھېلىقى بىرلەشمە قانۇن ئىشخانىسىغا بېرىپ، جىمىسىنى بىر - بىرلەپ مۇشتلاپ، دەردىنى راسا چىقىرىۋالغۇسى كېلىپ كەتتى.

لېكىن بۇ مەسىلىنى مۇشۇنىڭ بىلەنلا تاشلاپ قويۇشقا بولمايتتى، شۇڭا غىزا ۋاقتىدا، جېننى كەيپىياتى سەل جايىغا چۈشكەندىن كېيىن، بۇ گەپنى يەنە تەشتى. ۋەستا بىلەن سىئاننى بار چاغدا بولارنىڭ گەپ - سۆزلىرى ئانچە قولىشىپ بەرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن جېننى پاراڭ ئارىلىقىدا بىر - ئىككى ئېغىز سۆز قىستۇرۇپ قويۇشنىمۇ قولدىن بەرمىدى.

— مەن باشقا يەرگە كېتىپ، كىچىكرەك بىر ئۆي تېپىپ ئولتۇرسام بولىدۇ، — ئۇ رېستونى ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن ئاگاھلاندۇرۇپ دەپ، ئاۋازىنى سىلىق چىقىرىپ ئېيتتى، — مەن بۇ يەردە تۇرمايمەن. يالغۇز ئادەمگە بۇنچىۋالا چوڭ ئۆينىڭ كېرىكى يوق.

— خۇش بولۇپ كېتەي، جېننى، بۇ توغرۇلۇق ئەمدى گەپ

قىلمىسىڭىزچۇ، — دېدى رېستو تەرسالىق بىلەن، — ئەمدى پەقەت ئاڭلىغۇم يوق. مەن زادى نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەيۋاتىمەن، — ئۇنىڭ ئوبالىئانىنىڭ ئىشى بىلەن قوزغالغان ئاچچىقى تېخى ياتماي، تەتۈرلۈكى تۇتۇپلا قالغانىدى. جېنىنى گېپىنى توختىتىۋېلىشقا مەجبۇر بولدى. ۋىستا ئادەتتە ناھايىتى مۇلايىم كۆرۈنىدىغان ئۆگەي دادىسىنىڭ بۈگۈن بۇنداق جىددىي قىياپەتتە تۇرغىنىنى كۆرۈپ، ئىچىدە قاتتىق چۆچۈپ قالدى.

جېنىندا بىردىنلا: «ئەگەر مەنلا خالايدىغان بولسام، ئۇنى يەنىلا ئۆزۈمگە قارىتىۋالالىغۇدەكمەن، چۈنكى ئۇ ھېلىمۇ ئىككى تايىن بولۇپ يۈرۈۋېتىپتۇ» دېگەن غەلىتە ئوي پەيدا بولدى. بىراق ئۇنىڭ ئۆزى خالىمايدۇ- دە، بۇنداق قىلسا رېستوغا ئۇۋال بولىدۇ، ئۆزىگىمۇ ئادىللىق بولمايدۇ، بەلكى پايدىسىز، سەت بولىدۇ.

— ماڭا قاراڭ، رېستو، مۇشۇنداق قىلماڭ، — بىر كەمدىن كېيىن يەنە ئىلتىجا قىلدى جېنىنى، — بۇنىڭدىن كېيىن، بۇ ئىش توغرۇلۇق ئىككىنچىلەپ ئېغىز ئاچمايمەن، لېكىن سىز شۇنداق قىلمىسىڭىز بولمايدۇ. مېنىڭ سىزگە مۇشۇنىڭدىن باشقا تەلىپىم يوق.

شۇنىڭدىن كېيىن، جېنىنى مەيلى ھۇجرىدا ياكى كۇتۇپخانىدا بولسۇن، مەيلى غىزالىنىش ۋاقتىدا ياكى ئەتىگەنلىك ناشتىدا بولسۇن، بۇ مەسىلىنى ھەر كۈنى دېگۈدەك پۈتۈنلەي سۆز بىلەن بولمىسىمۇ ھەرھالدا ئەسلىتىپ تۇردى. ئۇ ئويغا چۆكۈپلا يۈرگەچكە، كۆڭلىدىكى ئوي- خىياللىرى چىرايىغا تېپىپ چىقاتتى. رېستونىڭ ئاخىر ھەرىكەتكە كېلىشكە مەجبۇر بولىدىغىنىنى بىلەتتى. يېقىنقى كۈنلەردىن بېرى، رېستو ئۇنىڭغا ئادەتتىكىدىن تاشقىرى كۆيۈنىدىغان بولۇپ قېلىۋىدى، جېنىنى بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ئۇزاققا بارمايلا ھەرىكەت قوللىنىدىغانلىقىنى پەملىۋالدى. ئۇنىڭ قانداق ئۇسۇلدا ھەرىكەتنى باشلايدىغانلىقى جېنىنىغا تېخى قاراڭغۇ بولسىمۇ، لېكىن ئۇ رېستونىڭ چاپسانراق

بىر قارارغا كېلىشىگە ياردەم قىلغۇسى كېلىپ، ئۇنىڭدىن زادىلا كۆزىنى ئۈزمەيتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ كەلگۈسى تۇرمۇشىنى چوقۇم كۆڭۈللۈك ئۆتىدۇ دەپ پەرەز قىلاتتى — چۈنكى ئۇ كەتكەندىن كېيىن، رېستو خۇشال - خۇرام يۈرەلەيدۇ، ئۇنداق بولغاندىن كېيىن، ئۆزىمۇ كۆڭۈللۈك ياشىيالايدۇ - دە. رېستو ئوبدان ئادەم، ئۇنىڭ ھەرقانداق ئىشى ئادەمنىڭ كۆڭلىگە ياقىدۇ. شۇنىسى ئۇنىڭدا مۇھەببەت كەمچىل. بەلكىم ئۇ جېنىنىنى ئەزەلدىن ھەقىقىي ياخشى كۆرۈپ باقمىغان ياكى شۇنچىۋالا كۆپ بەختسىزلىكنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتى سوۋۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن، گەرچە جېنىنى ئۇنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ياخشى كۆرۈپ كەلگەن بولسىمۇ. لېكىن ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ قارشىلىقى ناھايىتى كۈچلۈك بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ پوزىتسىيىسىگە تەسىرى بولماي قالمايدۇ - دە. بۇ يېقىنى جېنىنىمۇ چۈشىنىدۇ. شۇ تاپتا ئۇ گويا رېستونىڭ يوغان ھەم بەقۇۋۋەت كاللىسىدا دەل مۇشۇ ئوي - پىكىرلەر كېزىپ يۈرۈۋاتقىنىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك بولدى. رېستو ياخشى نىيەتلىك ئادەم، ئۇنىڭ جېنىنىنى شەپقەتسىزلىكنى چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتكەن ھالدا تاشلىۋېتىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇ ئەتراپلىق پىكىر يۈرگۈزىدىغان بولغاچقا، يالغۇز ئۆزىنىڭلا مەنپەئىتىنى ياكى جېنىنىنىڭلا مەنپەئىتىنى كۆزدە تۇتۇپ تۇرۇۋالالمايدۇ، ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق بولۇشى كېرەك.

— كەسكىنرەك بولۇڭ، رېستو، — جېنىنى مۇشۇ گەپنى تەكرارلاۋەردى، — مېنى يولغا سېلىۋېتىڭ. مەن كەتكەنگە نېمە بولماقچىدى؟ مېنىڭدىن ئەندىشە قىلمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. بەلكىم بۇ ئىشنى بىر ياقلىق قىلىۋەتكەندىن كېيىن يەنە قېشىمغا بارغۇڭىز كېلىپ قالار. ئەگەر بارىمەن دېسىڭىز، مەن ھەرقاچان بارغۇ.

— مەن تېخى بىر قارارغا كېلىشنى ئويلاشقىنىم يوق، — بۇ رېستونىڭ ئۆزگەرمەس جاۋابى ئىدى، — سىزدىن ئايرىلىش - ئايرىلماسلىقىنىمۇ بىلمەيمەن. بۇ پۇللارغۇ ئەلۋەتتە

مۇھىم ، بىراق پۇل ھەممىگە قادىر ئەمەس ، ئەگەر زۆرۈرىيىتى بولسا ، يىلىغا ئون مىڭ دوللار بىلەنمۇ كۇنۇمنى ئالالايمەن . ئىلگىرىمۇ مۇشۇنداق ياشاپ كەلگەنىدىمغۇ .
— ئوھو ، ئەمما سىز ھەرگىزمۇ يىلىغا ئون مىڭ دوللار بىلەن تۇرمۇشنى قامداپ كېتەلەيدىغان ئادەم ئەمەسسىز ، رېستو ، — جېننى ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلەشكىلى تۇردى ، — بۇ مۇمكىن بولمايدىغان ئىش . يالغۇز مۇشۇ ئائىلىنى قامداشقىمۇ بىرمۇنچە پۇل كېتىدىغان تۇرسا . ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ دېگەن ئاز پۇل ئەمەس ، بىر يېرىم مىليون دەڭە . مەن سىزنىڭ ئۇنى قولدىن چىقىرىۋېتىشىڭىزگە ھەرگىزمۇ يول قويمايمەن . ئەگەر سىز كەتمىسىڭىز ، ئاۋۋال مەن كېتەي .
— ئەگەر راستتىنلا شۇنداق بولىدىغان بولسا ، سىز قەيەرگە كەتمەكچى ؟ — رېستو قىزىقسىنىپ سورىدى .
— ئوھو ، بارىدىغان يەرنى ئۆزۈم تاپىمەن . كىنوسانىڭ بېرىسىدىكى شامۋۇد دېگەن ھېلىقى بازار ئېسىڭىزدىمۇ ؟ مەن ھەمىشە ئۇ يەرنى ماكانلىشىپ قالسا بولىدىغان پەيزى يەر ئىكەن ، دەپ ئويلايتتىم .
— مەن بۇ ئىشنى ئويلاشنىمۇ خالىمايمەن ، — رېستو ئاخىر كۆڭلىدىكىنى ئاشكارىلىدى ، — بۇنداق قىلىش ئادىللىق بولماسمىكىن . ۋەسىيەتنامىدىكى شەرتلەر ئىككىمىزنىڭ مۇشۇنداق بىرىكىشىگە پايدىسىز . سىز بىلەن باشتىلا توي قىلىۋالغان بولسام بوپتىكەن . ئەمدى پۇشايماننى ئالىدىغان قاچا يوق .
جېننى بوغۇزىغا بىر نەرسە كەپلىشىپ قالغاندەك بولۇپ ، گەپ قىلالماي تۇرۇپ قالدى .
— مەيلى نېمە بولسا بولسۇن ، ھازىرچە تېخى بىر قارارغا كېلىش مۇمكىن ئەمەس . قېنى ، كېيىنچە بىرەر چارە چىقىپ قالار ، — دەپ گەپنى تۈگەتتى رېستو . ئېھتىمال بۇ ماجىرامۇ ئۆتۈپ كېتەر ، ئۇ پۇلنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن ، ئۇ چاغدا… بىراق ئۇ بىراۋ بىلەن مۇرەسسەلىشىشنى ، ھىيلە ـ مىكىرنى ئىشقا

سېلىشنى خالىمايدۇ ـ دە .

كېيىنچە بۇلار مۇشۇنداق قىلىپ ، ئاستا ـ ئاستا ئۆز ئارا چۈشىنىش ھاسىل قىلىشتى ، فېۋرال كىرگەندىن كېيىن جېنىنى شامۇۋدقا بېرىپ ئۆي ئىزدەپ باقىدىغان بولدى . رېستو جېنىنىغا ئۇنىڭ يېتەرلىك نەپىقە پۇلىغا ئىگە بولىدىغانلىقىنى ، نېمىشقا خالىسا شۇنىڭغا ئىشلىتەلەيدىغانلىقىنى ئېيتتى . يەنە : «بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن سىزنى يوقلاپ بارىمەن» دېدى . ئۇ تېخى ھېلىقى چاتاقچىلارنىڭمۇ ئەدىپىنى بىر بېرىپ قويماقچى ، ئۇزاققا تارتماي ئوبالىئاننى قىچقىرىپ كېلىپ ، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشمەكچى ، ئۇنى راسا بىر تىللاپ ئاچچىقىنى چىقىرىۋالماقچى بولدى .

لېكىن شۇ ئەسنادا ، ئۇنىڭ قەلب ئەينىكىنىڭ بىر تەرىپىدە ، ھېلىقى جىلۋىگەر ، كۆپنى كۆرگەن ، ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىگە تازا باب كېلىدىغان گىرالد خانىمنىڭ سىيماسى غىل ـ پاللا ئەكس ئېتىپ قالدى . رېستونىڭ ھازىر ئۇنى ئويلاشقا ئانچە ھەپسىلىسى بولمىسىمۇ ، ئەمما ئۇنىڭ كۆلەڭگىسى خىيالىدىن ھېچ نېرى كېتىدىغاندەك ئەمەس ئىدى . رېستو ئۇنداق ئويلاپ ، بۇنداق ئويلاپ ، ئاخىر : «بولمىسا شۇنداق قىلمايمەنمۇ» دېگەن پىكىرگە كەلدى ، بۇ گەپ بىلەن ئىشنى يېرىم ـ يارتا قارارلاشتۇرۇپ قويدى . فېۋرال كىرىشى بىلەنلا ، ئۇ ھەرىكەتنى باشلاشقا كىرىشتى .

## 54

جېنىنى گېپىنى قىلغان «كىنئوسانىڭ بىر سىدىكى» شامۇۋد دېگەن كىچىك بازار چىكاگوغا يېقىن ئىدى ، ئۇ يەرگە پويىز بىلەن بىر سائەت ئون بەش مىنۇتتىلا يېتىپ بارغىلى بولاتتى . بۇ بازاردا ئۈچ يۈز ئۆيلۈكچە ئادەم بار بولۇپ ، كۆل ياقىسىدىكى مەنزىرىلىك جايلارغا تارقاقلىشىپ ، پاكار ـ پاكار ئۆيلەردە ياشىشاتتى .

ئۇلارنىڭ ھەممىسى قول ـ ئىلكىدە يوق كىشىلەر ئىدى. بۇ يەردىكى ئۆيلەرنىڭ قىممىتى ئۈچ مىڭ ياكى بەش مىڭ دوللاردىن ئېشىپ كەتمىسىمۇ، لېكىن كۆپىنچىسى ناھايىتى مۇۋاپىق ئۇسلۇبتا سېلىنغانىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئەتراپىدىكى دەل ـ دەرەخلەر يىل بويى كۆكىرىپ تۇرغاچقا، كىشىدە ھەمىشە ياز بولۇۋاتقاندەك يېقىملىق تۇيغۇ پەيدا قىلاتتى. جېنىنى بىر يىلى يازدا بۇ يەردىن رېستو بىلەن پەيتۇنلۇق ئۆتۈپ كېتىۋاتقاچ، ياپپېشىل دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان چىركاۋنىڭ ئاپئاق مۇنارىنى، كۆلدە لەرزان ئۈزۈپ يۈرگەن قېيىقنى كۆرۈپ، ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ كەتكەنىدى. ئۇ رېستوغا:

— مەن مۇشۇنداق يەردە ھايات كەچۈرۈشنى بەك ياخشى كۆرىمەن، — دېگىنىدە، رېستو بۇ يەرنى بەك جىمجىت كۆرۈپ:

— مەنمۇ كۈنلەردىن بىر كۈنى مۇشۇنداق يەرنى ياقتۇرۇپ قېلىشىم مۇمكىن، ئەمما ھازىر ئۇنداق ئەمەس. بۇ يەر بەك خىلۋەت ئىكەن، — دېگەنىدى.

كېيىن بىر كۈنلىرى جېنىنى ئۆزىچىلا ئۇنىڭ بۇ گېپىنى ئەسلەپ قالدى. بۇ دەل ئۇنىڭ جاھاننىڭ ئىشلىرىدىن كۆڭلى سوۋۇپ تۇرغان ۋاقىتلىرى ئىدى. ئۇ، كەلگۈسىدە ئەگەر تەنھا ھايات كەچۈرۈشكە توغرا كېلىپ قالسا، شامۇدقا ئوخشاش جايدا ماكانلىشىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويىدى. ئۇ يەردە كىچىككىرەك باغ قىلىپ، بىرنەچچە توخۇ بېقىپ قويماقچى ياكى بىر خادا تىكلەپ، ئۇنىڭ ئۇچىغا چىرايلىق بىر قۇش ئۇۋىسى ياساپ قويماقچى، ھەممە يەرنى گۈل ـ گىياھ، ئوت ـ چۆپلەر بىلەن توشقۇزۇۋەتمەكچى بولدى. ئەگەر ئاشۇنداق كۆل ياقىسىدىكى ئۆيلەردە ئولتۇرۇپ قالسا، ياز ئاخشاملىرى كۆلگە يۈزىنى قىلىپ ئولتۇرۇپ ئىش تىكسىمۇ بولىدۇ. ۋېستا مەكتەپتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇ چەت ـ بۇ چەت چېپىپ ئوينىسىمۇ بولىدۇ. جېنىنى بىرنەچچە دوست تۇتۇۋالسىمۇ ياكى دوستسىز يۈرۈۋەرسىمۇ بولىدۇ. ۋېستانىڭ ئىجتىمائىي ئالاقە جەھەتتىكى ئېھتىياجىنى دېمەيدىغان

بولسا ، جېنىنغۇ تەنها ياشاشقا مىڭ رازى . ئۇ بارغانسېرى كىتابقا ئوبدانلا ئۆگىنىپ قالدى . ئوۋېنىنىڭ «كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىمدىن خاتىرىلەر» ى ، لېمنىڭ «ئىليا» سى ، خوساننىڭ «مېكايىلەرنىڭ يېڭى توپلىمى» قاتارلىقلار ئۇنىڭ ئۇچۇن قىزىقارلىق نەرسىلەر ئىدى . ۋىستا هازىر مۇزىكانت بولۇپ يېتىشىپ چىقاي دەپ قالدى . ئۇنىڭ مۇزىكىغا بولغان سېزىمچانلىقى ناهايىتــــى ئۆتكۈر ، ئۇ هېسسىيات پۇرىقى كۈچلۈك بولغان ناخشا ، مۇزىكىلارغا ئاجايىپ ئىشقۋاز ، ئۆزىمۇ ناخشىنى چىرايلىق ئېيتىدۇ ، مۇزىكىنى ئوبدان چالىدۇ . يېشى تېخى ئون تۆتتىن ئاشمىغان بولسىمۇ ، ئاۋازىنىڭ خېلىلا مۇڭى بار . ئۇ بارغانسېرى ئۆزىدە ئاپىسى بىلەن دادىسىنىڭ بىرىكمە ئالاھىدىلىكىنى — جېنىنىڭ مۇلايىم ، نازۇك ، ئويچان خاراكتېرى بىلەن براندىنىڭ شوخ ، تېتىك ، ئىقتىــــدارغا باي بولۇشتەك خاراكتېرىنى ئۆزلەشتۈرۈپ كېتىۋاتاتتى . بارا ـ بارا كۆزى ئېچىلىپ ، ئاپىسى بىلەن تەبىئەت ، كىتابلار ، كىيىم ـ كېچەك ، مۇھەببەت ۋە باشقا هەر خىل ئىشلار توغرۇلۇق بىمالال پىكىرلىشەلەيدىغان بولدى . جېنى ئۇنىڭ بارغانسېرى تەرەققىي قىلىۋاتقان خاھىشىدىن ئۇ ئۆزلەشتۈرمەكچى بولۇۋاتقان يېڭــى دۇنيانى يوشۇرۇن كۆزىتىشكە باشلىدى . هازىرقى زامان مەكتەپ تۇرمۇشىنىڭ خاراكتېرى ھەم خىلمۇخىل بىلىملەرنىڭ پەرقىنىمۇ ، ۋىستانىڭ تونۇشتۇرۇشى ئارقىلىق تەخمىنەن بىلىــۋالدى . ئۇ ۋىستاغا «چوقۇم ئىقتىدارلىق قىز بولۇپ چىقىدۇ ، كەلگۈسىدە مۇستەقىل هايات كەچۈرەلەيدۇ» دەپ باها بېرەتتى . مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى جېنىنى خۇشال قىلاتتى ھەمدە ئۇنىڭدا ۋىستانىــڭ كەلگۈسىگە قارىتا ناهايىتى زور ئۈمىد تۇغدۇرغانىدى .

جېنىنىڭ كېيىن شامۇۋدتا تاپقان ئۆيى ئېگىزلىكى بىر يېرىم قەۋەتچە كېلىدىغان ، ئۈلى قىزىل خىشتا قوپۇرۇلغان ، ئۆگزىسىگە چاسا شەكىللىك يېشىل قاڭالتىر ئورنىتىلغان ، تۆت تەرىپــى ئايۋانلىق ، ئۇزۇنچاق شەكىللىك ئۆي ئىكەن . قاتىرىسىغا چۈشكەن بەش ئېغىز ئۆيىنىڭ ھەممىسى كۆلگە قاراپ تۇرىدىكەن . بىــر

ئېغىزى تاماقخانا بولۇپ ، دېرىزىسى پولنىڭ يۈزىدىن سەل ئېگىز ئىكەن ؛ چوڭراق بىر ئېغىزى كۆتۈپخانا بولۇپ ، كىتاب جازىسى تامنىڭ ئىچىگە ئېلىنغانىكەن ؛ مېھمانخانىسىدىكى يوغان ئۈچ دېرىزىدىن قۇياش نۇرى ۋە ساپ ھاۋا ئەبەدىي ئۈكسۈپ قالمايدىكەن . بۇ ئۆي يۈز كۋادرات ئىنگلىز چىسى كېلىدىغان يەرنى ئىگىلىگەن بولۇپ ، ئەتراپىنى بىرنەچچە توپ دەرەخ بېزەپ تۇرۇپتۇ . ئىلگىرى ئولتۇرغان كىشى ئىشىك ئالدىغا بىر پارچە گۈللۈك قىلىپ ، تېخى سوغۇقتا چىدامىلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ۋە ۋىنستېنىيە پېلىكىنى تېرىشقا لازىم بولۇپ قالامدىكىن دەپ ، قاتتىق ياغاچتىن ياسالغان بىرنەچچە ئىدىشنى قويۇپ قويغانىكەن . ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى ئاپئاق رەڭدە ، پەنجىرىلىرى ۋە لەمپىسى يېشىل رەڭدە سىرلانغانىكەن .

رېستو ئايرىلىشنىڭ مۇقەررەرلىكىنى ئېنىق تونۇپ يەتكەندىن كېيىن ، جېننىغا : «خىد باغچىسىدىكى ئۆيدە ئولتۇرىۋېرىڭ» دەپ مەسلىھەت بېرىۋىدى ، جېننى ئۇنىمىدى . دېمىسىمۇ ئۇنىڭغا بۇ يەردە يالغۇز ياشاش ئېغىر كېلەتتى . ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەردە ئۇنىڭ ئەسلىمىلىرىنى قوزغاپ قويىدىغان نەرسىلەر كۆپ ئىدى . جېننى دەسلەپتە نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئانچە جىق ئەكېتىشكە ئۇنىمىغانىدى ، رېستو زورلاپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ، كۈمۈش ئەسۋابلار ، تامغا ئاسىدىغان بۇيۇملار ۋە ئۆي سەرەمجانلىرىدىن ئاز ـ تولا ئېلىپ ، يېڭى ئۆيگە ئەكەتتى .

— بىر مەزگىلگىچە نېمە لازىم ئىكەنلىكىنى ئېسىڭىزگە ئالالماسلىقىڭىز مۇمكىن ، — دېدى رېستو ، — ھەممىسىنى ئەكېتىڭ . ئىشقىلىپ ماڭا ھېچقايسىسى كېرەك بولمايدۇ .

يېڭى ئۆينىڭ ئىجارە مۇددىتىنى ئىككى يىللىق قىلىپ توختىتىشتى . توختامغا يەنە : «كېيىن بەش يىلغا ئۇزارتىشنى ئىختىيار قىلىش ھوقۇقى ھەم جاينى سېتىشقا توغرا كەلگەندە شېپەچىلىك قىلىش ھوقۇقى بار» دەپ كىرگۈزۈلدى . رېستو ئۇنى يولغا سېلىۋاتقان بولغاچقا ، ئۇنىڭغا ئىمكانقەدەر مەردلىك قىلدى . جېننىنى بىرەر نېمىدىن قىسىلدۇرۇپ قويۇشقا كۆڭلى پەقەتلا

www.uyghurkitap.com

ئۇنىمىدى . لېكىنزە بىر ئىش ، يەنى ۋىستاغا قانداق چۈشەندۈرۈش مەسىلىسى ئۇنى ناھايىتى تەڭلىكتە قويدى . ئۇ جېنىنىنى ئادەتتىن تاشقىرى ياخشى كۆرىدىغان بولغاچقا ، ئۇنى ھاياتىدا ھېچقانداق قىيىنچىلىققا ئۇچراتقۇزغۇسى كەلمەيتتى .

ئۇ جېنىنىغا : «ئۇنى مەكتەپىنىڭ ياتىقىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ ، كېلەر يىلى ئەتىيازدا ياندۇرۇپ ئەكېلىۋالسىڭىز بولامدۇ ؟» دېگەنىدى ، لېكىن ياتاققا ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن بولغاچقا ، بۇ گەپىنمۇ ئىككىنچى دېمەي قويدى . كېيىن بۇلار مەسلىھەتلىشىپ ، جېنىنى ۋىستاغا «رېستو چەت ئەلگە ساياھەتكە چىقماقچى ، شۇڭا ئۆي كۆچمىسەك بولمايدۇ» دەپ قويىدىغان ، كۆچۈپ بولغاندىن كېيىن ، بىرەر باھانە ـ سەۋەب تېپىپ ، ئۆزىنىڭ رېستودىن ئايرىلىپ كەتكەنلىكىنى رەسمىي ئېيتىدىغان بولدى . شۇ چاغدىكى ئەھۋال ھەققەتەنمۇ چىدىغۇسىز ئىدى ، جېنىنىمۇ ئېيتقۇسىز ئازابلاندى . گەرچە بۇ ئامالنىڭ يوقىدىن بولۇۋاتقان ئىش بولسىمۇ ، جېنىنى رېستونىڭ مۇئامىلىسىنىڭ سوغۇقلىشىپ كېتىۋاتقىنىدىن ئىچىدە ئاغرىنىپ قالدى . دەرۋەقە ، رېستو ھازىر ئۇنىڭغا ئىلگىرىكىدەك پەقەتلا قىيالمايدىغان دەرىجىدە ئەمەس ئىدى .

ئادەتتە بىز سىرىنى بىلمەكچى بولۇپ قىزغىنلىق بىلەن تەتقىق قىلىپ كېتىدىغان ئەر ـ ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى ئاشۇنداق مۇناسىۋەتتىكى ئەڭ قىيىن ، ئەڭ ئازابلىق ئەھۋال ، ئىككى خىل جىنسنىڭ بىر ـ بىرىگە ناھايىتى مۇھەببەتلىك بولۇپ ، ئىناق ـ ئىجىل ياشاۋاتقىنىدا ، توساتتىن تامامەن مۇناسىۋەتسىز بولغان بىر خىل تاشقى كۈچنىڭ ھېچبىر ئاساسسىزلا ئوتتۇرىغا بۆسۈپ كىرىشىگە دۇچ كېلىشىدىنمۇ ئارتۇق بولماس . شۇڭا ، ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى مۇۋاپىق بولغان ، نۇرغۇنلىغان كۆڭۈللۈك ئىشلارنى باشتىن كەچۈرگەن بۇ ئائىلە ئەڭ ئاخىرقى قېتىم بۆلۈنۈش ، ئەڭ ئاخىرقى قېتىم بۇزۇلۇش ئالدىدا تۇرغان ئاشۇ بىرنەچچە كۈن ، جېنىنى بىلەن رېستونىڭ ھەر ئىككىلىسى ئۈچۈن

ئېيتقاندا تولىمۇ ئازابلىق مەزگىل بولدى. جېنىنى ئۈچۈن ئېيتقاندىغۇ، بۇ ئاجايىپ دەھشەتلىك ئازاب ئىدى، چۈنكى ئۇنىڭغا ئوخشاش سالماق مىجەزلىك ئاياللار بىرەرى بىلەن بەجانىدىل ھەم ئىناق مۇناسىۋەتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈۋالغاندىن كېيىن، مەڭگۈ شۇنداق ئۆتۈپ كېتىشنى ئارزۇ قىلىشىدۇ. ئەسلىدە ئۇنىڭ ھاياتى خەيرخاھلىق ۋە خاتىرىلەرنىڭ سان - ساناقسىز سىرلىق يىپلىرىدىن توقۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەش - پەش دېگۈچە ئۆتۈپ كېتىدىغان بارلىق ئېلېمېنتلاردىن بىر خىل يېقىملىق ھەم ئۇزاق داۋام قىلىدىغان مەنزىرە قۇراشتۇرۇپ چىقىلغانىدى. بۇ خىل سىرلىق يىپلارنىڭ بىرى دەل مۇشۇ ئائىلە — ئۇنىڭ ئۆز ئائىلىسى بولۇپ، بۇ ئائىلە ئۇنىڭ ھەربىر كىشىگە، ھەربىر نەرسىگە بولغان مۇھەببىتى ۋە كۆڭۈل بېرىشى ئارقىسىدا قۇراشتۇرۇلغان ھەم گۈزەللەشتۈرۈلگەنىدى. ئەمدىلىكتە بۇ يىپنى ئۈزۈپ تاشلىمىسا بولمايدىغان ۋاقتى كەلدى.

«جېنىنىڭ مۇھەببىتى ھەرگىزمۇ ماددا نۇقتىئىنەزىرىنى ئاساس قىلغان ئەمەس» دېگەن ھالەتتىمۇ، ئۇ ئۆز ھاياتىدا بۇنداق ئىشنى پەقەتلا بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ باقمىغاچقا، ئەمدىلىكتە بۇ قەدىردان ئائىلىسىدىن ئايرىلىش ئۇنىڭغا ھەقىقەتەنمۇ ئېغىر كەلدى. مېڭىشتىن ئاۋۋال ھەممە خانىغا كىرىپ چىقتى، ماۋۇ گىلەمگە، ئاۋۇ ئەنجامغا، ئۇ - بۇ بېزەكلەرگە قاراپ، ئايرىلىشقا كۆڭلى چىدىمايلا قالدى، ئەمما ئۇنىڭغا ئەمدى بۇ نەرسىلەرنىڭ لازىمى بولمايدۇ. ئويلاپ باقمامسىز، بۈگۈندىن باشلاپ، رېستو ئەمدى ھەر كۈنى ئاخشىمى قايتىپ كەلمەيدۇ! بۇنىڭدىن كېيىن جېنىنغا ئەتىگەن تۇرۇپ ئۇنىڭغا قەھۋە دەملەپ بېرىش، ناشتىلىق راسلاشنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ. ئاۋۋاللاردا ئۇ ھەر كۈنى گۈل پارنىكىدىن ئەڭ چىرايلىق گۈلنى تاللاپ ئەكىرىپ، ئۈستەل ئۈستىدىكى لوڭقىغا چىلاپ قوياتتى، بۇنىمۇ ئاتايىن رېستو ئۈچۈنلا قىلاتتى. ئەمدى رېستو ئۈچۈن بولمىغاندىن كېيىن، بۇنداق قىلىشنىڭمۇ لازىمى يوق - دە. ناۋادا، بىرى كەچقۇرۇنلۇقى

519

پەيتۇنىڭ ئۆز دەرۋازىسى ئالدىدىكى تاشيولدا كېتىۋاتقاندىكى «غىچىر ـ غىچىر» قىلغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ كۆنۈپ قالغان بولسا، ناۋادا بىرەيلەن يېرىم كېچە سائەت ئون بىر ـ ئون ئىككى، ھەتتا بىرلەرگىچە، تونۇش ئاياغ تىۋىشىنىڭ پەلەمپەيدىن چىقىپ كېلىشىنى خۇشاللىق ھەم رازىمەنلىك بىلەن كۈتۈپ ئولتۇرۇشقا ئادەتلىنىپ قالغان بولسا، ئۇ ھالدا بۇنداق جۇدالىق، بۇنداق ئاقىۋەتنىڭ كىشىگە بېرىدىغان ئازابى ئەلھەق ئېغىر بولىدۇ ـ دە. مېڭىشتىن ئاۋۋال، جېنىنىڭ كاللىسىدىن مۇشۇ ئويلار ھېچ نېرى كەتمىدى.

رېستوننىڭ گېپىگە كەلسەك، ئۇ باشقىچە بىر خىل ئازابنى ھېس قىلماقتا. گەرچە قايغۇ ـ ھەسرەتتىن ئۆرتىلىپ، مۇھەببىتى سۇۋۇپ كەتكۈدەك دەرىجىدە بولمىسىمۇ، ئەمما بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ سىياسەتنى دەپ، مېھىر ـ شەپقەتلىك، ساداقەتلىك بولۇشتەك پەزىلىتىنى قۇربان قىلىۋاتقىنىنى ئېنىق چۈشىنىپ يېتىپ، ئۆزىنى ئۆزى «ئادىللىق قىلمىدىم» دەپ ئەيىبلەۋاتقىنىغا ئوخشاش ئەلەملىك تۇيغۇنى باشتىن كەچۈرمەكتە ئىدى. مۇشۇ كۈنلەردە، سىياسەت ئۇنىڭغا مەلۇم بىر نۇقتىئىنەزەردىن ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرغان نۇرلۇق يولنى كۆرسىتىپ بېرىۋاتاتتى. جېنىدىن ئايرىلىپ، ئۇنىڭغا يېتەرلىك دەرىجىدە نەپىقە پۇلى بەرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئۆز يولىغا ئەركىن قەدەم بېسىپ، ھېلىقى زور بايلىققا تەبىئىيلا ئەگىشىپ ئوتتۇرىغا چىقىدىغان ئىشلارغا پۈتۈن دىققىتىنى بېغىشلاش ئىمكانىيىتى تېپىلاتتى. ئۇ تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا، جېنىنى ئادەتتە ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىزچىل قىلىپ كەلگەن ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارنى، ئۇنىڭغا بېغىشلىغان خىلمۇخىل ھۇزۇر ـ ھالاۋەت ۋە شاد ـ خۇراملىقلارنى ئەسلەپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ جېنىنىڭ جىمىكى پەزىلىتىنى ياقتۇراتتى، بۇلارنى تالاي قېتىم ئۆز چۈشىنىشىدىن ئۆتكۈزگەن، ھازىرمۇ ئىختىيارسىز رەۋىشتە ئەڭ ئاخىرقى مەرتەم چۈشەنمەكتە — جېنىنىڭ قەلبىدىكى ئازابنى ھەم ئۇنىڭ ئاشكارا

ئىپادىلەنمەيۋاتقان روھىي ھالىتىنى كۆرۈپ تۇرماقتا ئىدى. مۇشۇ بىرنەچچە كۈندىن بېرى، رېستو ئۇنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشى ۋە ئۆزىگە قىلىۋاتقان مۇئامىلىسىنىڭ ئادەتتىكىگە ئوخشاش بولۇۋاتقىنىنى، ئازراقمۇ ئۆزگىرىپ قالمىغىنىنى كۆزىتىپ يۈردى. جېنىنى باشقا ئاياللاردەك ھاياجىنىنى تېشىغا بىلدۈرۈپمۇ، ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى يالغاندىن قايغۇرۇپ كېتىۋاتقان قىياپەتكە سېلىپمۇ يۈرمىدى. بۇرۇنقىدەكلا ئاجايىپ تەمكىن، ئاجايىپ مۇلايىم كۆرۈنەتتى، رېستوغا ئاجايىپ كۆيۈمچانلىق قىلاتتى، كۆڭلىدە ئۇنىڭ نەگە بېرىپ، نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى قىياس قىلىپ باققان بولسىمۇ، لېكىن ئاغزىدا گەپ سوراپ ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇشتىن ئېھتىيات قىلىپ يۈردى. رېستو ئۇنىڭ مۇشۇنداق بەخىرامان قىياپىتىدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ، ئۇنىڭغا چىن كۆڭلىدىن قايىل بولۇپ قالدى. بۇ ئايالنىڭ ھەقىقەتەنمۇ قالتىسلىقى بار - دە. ئەمما بۇ زادى نېمىدىن؟ قېنى كىتابخانلىرىمىز ئۆزى ئويلاپ باقسۇن. ئۇنىڭ ھاياتىنى مۇشۇنداق ئېچىنىشلىق تەقدىرگە مەھكۇم قىلىش، دېمىسىمۇ نومۇس قىلغۇدەك بىر ئىش. بىراق، بۈيۈك بىر دۇنيا رېستونى چاقىرماقتا، ئۇنىڭ ساداسى رېستونىڭ قۇلىقىدا تۇۋۇلدە جاراڭلىماقتا. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ دۇنيانىڭ رېستوغا چىشىنىڭ ئېقىنى كۆرسىتىدىغان پەيتىمۇ كېلىپ قالدى. قېنى ئەمدى رېستو يەنە ئىككى تايىن بولۇپ يۈرەلەمدىكىن؟

ئەڭ ئاخىرقى پەيت يېتىپ كەلدى. قوشنىلار بىلەن خەيرلىشىپ، ئۇلارغا: «چەت ئەلگە چىقىدىغان بولۇپ قالدۇق» دەپ يالغان ئېيتىپ قويۇشتى، رېستومۇ سارايدىن ياتاق ئېلىپ قويغان، ئىشلىتىلمەيدىغان ئۆي سەرەمجانلىرىنىمۇ بىر يەرگە ئاپىرىپ ساقلاپ قويغانىدى، شۇڭا ئۇنىڭغىمۇ خىد باغچىسىدىكى تۇرالغۇسى بىلەن خوشلىشىشقا توغرا كەلدى. جېنىنى بىلەن رېستو شامۇدقا بىرنەچچە مەرتەم بېرىپ، ئۇ يەرنى كۆرۈپ كېلىشكەنىدى. رېستو ئۇ جاينىڭ ئەھۋالىنى دىققەت بىلەن كۆزدىن

كەچۈرۈپ چىقىپ ، «جايغۇ بولىدىغان جاي ئىكەن ، شۇنىسى سەل زېرىكىشلىك ئىكەن . ئەتىيازمۇ يېقىنلىشىپ قالدى ، ئانچە ـ مۇنچە گۈل تېرىپ قويسىمۇ كۆڭۈلنى خېلى ئاچىدۇ» دېگەن پىكىرگە كەلدى . جېيىنى بىر باغۋەن ھەم پارچە ـ پۇرات ئىشلارنى قىلىدىغان بىر چاكار ياللىۋالماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ، ۋىستانىڭ ئۆزى بىلەن بىللە تۇرىدىغانلىقىنى دېگەندە ، رىستو :

— ناھايىتى ياخشى ئويلاپسىز ، ئىشقىلىپ سىزگە قايسىسى مۇۋاپىق بولسا شۇ ياخشى ، — دېدى .

مۇشۇ كۈنلەردە رىستومۇ ئۆزىنىڭ ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ھەلەكچىلىكىدە بولۇپ يۈرەتتى . ئۆزىنىڭ ئادۋوكاتى ۋاتسىنغا : «ناتتو زىتورى ئوبالىئان بىرلەشمە قانۇن ئىشخانىسىغا ئۇقتۇرۇپ قويۇڭ ، ئۇلار بىر كۈننى بەلگىلەپ ، ماڭا تېگىشلىك مال ـ مۈلۈكنىڭ گۇۋاھنامىسىنى تاپشۇرۇپ بەرسۇن» دەپ جېكىلىدى . ئۇ : «ھامىنى ۋەزىيەتنىڭ قىستىشى بىلەن مۇشۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولۇۋاتقانىكەنمەن ، ئەمدى ئوخشاشلا شەپقەتسىز ۋاستىنى ئىشقا سېلىپ ، باشقا ئىشلارنىمۇ قىلسام بولىۋېرىدۇ» دېگەن نىيەتكە كېلىپ بولغانىدى . بەلكىم ئۇ گىرالد خانىم بىلەن توي قىلىشى مۇمكىن ، تېخى تىرېستىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسى بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن ، چۈنكى ئۇنىڭمۇ بىر ئۇلۇش پاي چېكى بار ، ھېچكىم ئۇنى چەتكە قاقالمايدۇ . يەنە گىرالد خانىمنىڭ تەئەللۇقاتىنىمۇ قوشىدىغان بولسا ، سىنىسىنناتى بىرلەشمە تراكتور شىركىتىنىڭ باشقۇرغۇچىسى بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن ، ئۇ يەردە ئاكىسىنىڭ زور تەسىرى بار ؛ يەنە تېخى غەربىي قىسىمدىكى تۆمۈرچىلىك زاۋۇتىنى باشقۇرسىمۇ بولىدۇ ، ئۇ يەردىمۇ ئاكىسى بىر كاتىپباشىنىڭ مەسلىھەتچىسى . ئۆتكەن بىرقانچە يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا ، ئۇنىڭ كەلگۈسىدە باشقىچىلا بىر شەخس سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىشى تۇرغانلا گەپ !

مۇشۇ كۈنلەردە ، جېيىنىنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئۈمىدسىزلىك قاپلىۋالغانىدى ، ھېلىتىنلا ئۇنىڭ ئىچى پۇشۇشقا باشلىدى . بۇ

ئائىلە ئۇنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر مەنىگە ئىگە ئىدى. ئۇ بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەن دەسلەپكى چاغلىرىدا، قوشنىلارنىڭ بەس - بەستە پەتىگە كېلىشىگە قاراپ، «كەلگۈسى ئىستىقبالىم چەكسىز بولىدۇ. رېستونىڭ مەن بىلەن توي قىلىشىمۇ كۆنلەردىن بىر كۈنى ئىشقا ئېشىپ قېلىشى مۇمكىن» دېگەن خىيالدا بولۇپ قالغانىدى. مانا ئەمدى كەينى - كەينىدىن زەربىگە ئۇچرىغىلى تۇردى، ئۇنىڭ ئائىلىسى ۋە شېرىن چۈشلىرى ئۇزۇل - كېسىل بەربات بولدى. گېرخاردت ئۆلدى، سېئاننى، ۋارد ۋە فېلىسىيا مومايمۇ كەتكۈزۈۋېتىلدى، ئۆي سەرەمجانلىرىنىڭ تولىسى پىچەتلىۋېتىلدى، رېستو ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتسىز ئادەم بولۇپ قالدى. ئەمدى جېننىغا شۇنىسى ئېنىقكى، رېستو ھەرگىز ئارقىغا قايتمايدۇ. ئۇنىڭ مۇشۇ قىلمىشلىرىدىن قارىغاندا، كەلگۈسىدە ئەركىن - ئازادە بولغاندىن كېيىن، بۇنىڭدىنمۇ ئاشۇرۇۋېتىشى تۇرغانلا گەپ. كەلگۈسىدە زور ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدىغان بولسا، ئۇنى سۆزسىز ئۇنتۇپ كېتىدۇ. دېمىسىمۇ نېمىشقا ئۇنتۇمىغۇدەك؟ جېننى ئۇنىڭغا لايىق ئەمەس. شۇنچە كۆپ ئىشلار بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ بەرمىدىمۇ؟ بۇ دۇنيادا مۇھەببەت كەم - كۈتىسىز بولمايدۇ. بۇ ئابايلا چۈشىنىشلىك بولۇپ بولغان ئىش. بىزگە كېرىكى تەربىيەت، بايلىق، ئۆزىنى ئۆزى يېتىلدۈرۈش، كۈرەش قىلىش ۋە پىلان قۇرۇش ئىقتىدارى. ھالبۇكى، جېننى كۈرەش قىلىشنى، پىلان قۇرۇشنى خالىمايدۇ، بۇنداق قىلىشمۇ قولىدىن كەلمەيدۇ ھەم.

بۇ ئۆينى پىچەتلەيدىغان ئەڭ ئاخىرقى كۈنمۇ يېتىپ كەلدى. كونا تۇرمۇش ئاياغلاشتى. رېستو جېننىنى شامۇۋدقىچە ئۆزىتىپ بىللە باردى. ئۇ يەردىكى كىچىك ئۆيدە بىردەم ئولتۇرۇپ، كۆڭلىدە جېننىنىڭ بۇ خىل ئۆزگىرىشكە ئاستا - ئاستا كۆنۈپ قېلىشىنى تىلىدى — ئۇنىڭ مۇشۇ ئىشى بولىدۇ - دە. يەنە

www.uyghurkitap.com

جېنىنىغا : «كۆپ ئۆتمەي يەنە كېلىمەن» دېدى ، لېكىن ئۇنىڭ كېتىشى ، ئەمەلىيەتتە مەنىۋى جەھەتتە جۇدالىشىپ بولغانلىقىدىن ، ئۇنىڭ ھەرقانداق سۆزىنىڭ ئەمدى ئەھمىيىتى قالمىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى . شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ، جېننى ئۇچىسىغا تىۋىتلىق رەختتىن تىكىلگەن يېڭى سەرپاي كىيگەن ، پلاشىنى بىلىكىگە ئارتىۋالغان رېستوننىڭ مەزمۇت ھەم ئېھتىياتچان قەدەم تاشلاپ دالاندىن چىقىپ كېتىۋاتقان سىيماسىنى كۆز نەزىرى بىلەن ئۇزىتىپ ئولتۇرغىنىدا ، كۆزىگە گويا رېستوننىڭ بەدىنىنىڭ ھەممىلا يېرىگە «مۇستەقىل ياشاش ، يۈكسىلىش» دېگەن خەتلەر يېزىلغاندەك كۆرۈنۈپ ، كۆڭلى ئىختىيارسىز بۇزۇلدى ـ دە ، شۇ زامان ئۆزىگە ئۆلۈم تىلىدى . توۋا ، تېخى بايىلا ئۇنىڭ بىلەن سۆيۈشۈپ ، ياخشى تىلەكلەرنى ئېيتىشىپ خەيرلەشكەن ، ئۇنىڭغا شاد ـ خۇراملىق ، ئۈتۈق ھەم خاتىرجەملىك تىلەپ قالغانىدىغۇ . ئارقىدىن ، ئۇ بىر ئىشنى باھانە قىلىپ ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى . بىرپەستىن كېيىن ۋىستا ئىزدەپ كىرگەندە ، ئۇنىڭ كۆزىدىكى ياش ئالدىراپ قۇرۇپ بولغانىدى . ئۇنىڭ كەيپىياتى بوشىشىپ ، ۋۇجۇدىنى بىلىنەر ـ بىلىنمەس ھەسرەت چۇلغىۋالغانىدى . چۈنكى ئۇنىڭ يېڭى تۇرمۇشى — رېستو بولمىغان ، گېرخاردت بولمىغان ، ۋىستادىن بۆلەك ھېچكىمى بولمىغان تۇرمۇشى ئەمەلىيەتتە باشلىنىپ كەتكەنىدى .

«بېشىمدىن ئۆتكەن ئىشلار نېمىدېگەن غەلىتە ـ ھە !» ئۇ خىيال سۈرگەچ ، ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى ، چۈنكى ئۇنىڭغا ئۆي ئىشلىرى بىلەن ئاز ـ تولا مەلىكە بولۇپ ، ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىۋېتىشتىن باشقا چارە يوق ئىدى . ئۇنىڭ قۇرۇق خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغۇسى كەلمەيتتى . ئەگەر ئۇ ۋىستانى دېمەيدىغان بولسا ، سىرتقا چىقىپ دائىملىق ئىش تېپىپ ئىشلەشكىمۇ رازى ئىدى . ئىشقىلىپ ، ئۆزىنى خىيالدىن نېرى قىلىدىغانلا پۇرسەت

بولسا ، جان دەپ قارشى ئالغان بولاتتى ، چۈنكى تولا خىيال سۈرۈش ئاخىر بېرىپ ئەسەبىيلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقى ئۈنىڭغا ئايان ئىدى .

## 55

رېستو بىلەن جېنىنى ئۆزئارا مۇناسىۋەتنى ئۈزۈشكەندىن كېيىنكى بىر - ئىككى يىل ئىچىدە ، چىكاگو ، سىنسىنناتى ، كلېۋېلاند ھەم باشقا چوڭ شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقە ۋە سودا ساھەلىرىدىكى كىشىلەر رېستونىڭ ئىجتىمائىي ئالاقە ۋە تىجارەت ئىشلىرىدا روھىي جەھەتتىن ياشىرىپ ، باشقىدىنلا جۇشقۇنلىشىپ كېتىۋاتقىنىنى چېلىقتۇرۇشتى . ئۇ جېنىنى بىلەن بىرگە ئۆتكەن چاغلىرىدا بەزى شەخسلەر ۋە بەزى ئىشلاردىن ئۆزىنى تارتىپ ، ئۇلارنى ئەستىن چىقىرىپ قويغانىدى ، ئەمدىلىكتە نۇرغۇن جەھەتتىكى ھوقۇق ۋە تەسىر كۈچى بىلەن قوراللىنىپ ، يېڭىباشتىن ئوتتۇرىغا چىقىپ ، خۇددى ئالاھىدە ئىمتىيازدىن بەھرىمەن بولۇۋاتقان كىشىدەك ، ئۇنى - بۇنى سۈرۈشتۈرۈپ ، بەئەينى پۇل مۇئامىلە ساھەسى ۋە سودا ساھەسىدىكى مۇھىم ئەربابلارغا ئوخشاپ قالدى . دەرۋەقە ، يېشىغا يەنە نەچچە ياش قوشۇلغان بولسىمۇ ، بەزەن تەرەپلەردىن قارىغاندا ، ئۇنىڭ ھازىر پىسخىكا جەھەتتىن تامامەن ئۆزگەرگەن رېستو ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمايمۇ بولمايدۇ . جېنىنى ئۇچرىتىشتىن ئىلگىرى ، ئۇ مەغلۇبىيەت دېگەننى زادىلا بىلمەيدىغان كىشىلەردەك ، تولۇپ تاشقان ئىشەنچ ئىچىدە ياشاپ كەلگەنىدى . چۈنكى ئۇنىڭغا ئوخشاش راھەت - پاراغەت ئىچىدە چوڭ بولغان كىشىلەر پۇل ئۆزىنى راسا كۆرسىتىۋاتقان جەمئىيەتنىڭ ئۈمىدلىك تەرىپىنىلا كۆرىدۇ ، يەنە كېلىپ چوڭ - چوڭ ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدۇ . مۇشۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب ، ئۇلار كەسپىنىڭ ئىجادچىسى ئەمەس ، بەلكى

كەسپىنىڭ بىر بۆلىكى بولغاچقا، تۇغما ھوقۇقتىن، يەنى جىمى ئادەمنىڭ ھاۋادىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقىغا ئوخشاش ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇپ يۈرۈۋېرىدۇ. شۇڭلاشقا بۇنداق كىشىلەردە سەگەك مېڭىنى بىخۇدلاشتۇرۇۋېتەلەيدىغان خىيالىي تۇيغۇنىڭ پەيدا بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. بىزنىڭ ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان نەرسىلەر توغرۇلۇق بىلىپ كېتەلىشىمىز، تەجرىبىدىن ئۆتمىگەن ئىشلارنى ھېس قىلىۋالالىشىمىز ناتايىن. بىزگە بۇ ئالەمنىڭ مۇستەھكەم ھەم چىداشلىق بولۇپ تۇيۇلۇشىدىكى سەۋەب، بىز ئۇنى ئاپىرىدە قىلغۇچى كۈچ توغرۇلۇق ھېچنېمە بىلمەيمىز. رېستوننىڭ ئۆز دۇنياسىنى مۇستەھكەم ھەم چىداشلىق دەپ ھېس قىلىشىدىكى سەۋەبمۇ دەل ئۇنىڭ بۇ دۇنيانى ئۆزى بىنا قىلمىغانلىقىدىندۇر. نۇرغۇن ئىسسىق ـ سوغۇقنى، جاپالىق، ئوڭۇشسىز شارائىتلارنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى كۈچلەر بىلەن زىتلىشىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتكەندىلا، ئاندىن ئۇ ئەينى ۋاقىتتىكى ئۆز ـ ئۆزىگە بەرگەن باھاسىنىڭ ئېھتىمال خاتا ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ شەخسىي ئارزۇ ـ ھەۋىسى ۋە ئوي ـ پىكرىنىڭ ئاۋامنىڭ ئېتىقادى ئالدىدا پۇچەك يارماققىمۇ ئەرزىمەيدىغانلىقىنى ئاڭقىرىۋالالايدۇ. ئىرقچىلىق روھى، ئىجتىمائىي ھەۋەس ۋە ھۆرمەت، ھەتتا گېرمانىيىلىكلەر «دەۋر روھى» دەپ ئاتايدىغان ھېلىقىدەك نەرسىلەرنىڭ ئۆز ئىپادىسىنى كۆرسىتىۋاتقان چاغدا گويا مەلۇم بىر خىل تۇزۇم ئالدىدا جاۋابكار بولۇۋاتقاندەك تەسىرات پەيدا قىلغىنىغا ئوخشاش، جەمئىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ ئىپادىسىمۇ گويا ئادەتتىن تاشقىرى بۈيۈك ئەقىل ـ ئىدراكنىڭ قوشۇمچە نۇسخىسىنى ئاساس قىلغاندەك كۆرۈنىدۇ. رېستوننىڭ بۇنىڭغا قارشى چىققىشقا، ئۇنىڭ پەرمانىنى مەنسىتمەسلىككە ھەددى ئەمەس ـ دە. ئۇ دەل مۇشۇ دەۋرگە مەنسۇپ كىشى بولغاچقا، جەمئىيەتتە پەۋقۇلئاددە قۇرۇلمىنىڭ بولۇشى زۆرۈرلۈكىگە، ناۋادا ئۆزى مۇشۇنداق قۇرۇلمىغا بويسۇنمىسا، ئوڭايلا جەمئىيەتتىكى تاشلاندۇق ئادەمگە ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

دېمىسىمۇ ، ئۇنىڭ ئۆز ئاتا - ئانىسى ، ئاكىسى ، سىڭىللىرى ، جەمئىيىتى ، ھەتتاكى دوستلىرىمۇ ئۇنى بىرمەھەل چەتكە قاققاندىغۇ . يا رەببىم ، ئۇنىڭ ھېلىقى ئىشلىرى تۇپەيلى قانچىلىغان زور پاراكەندىچىلىك تۇغۇلغاندى - ھە ! ھەتتاكى تەقدىرمۇ ئۇنىڭدىن يۈزىنى ئۆرۈپ تۇرۇۋالدىغۇ . ئۇنىڭ ھېلىقى زېمىن سودىسى ئۇنىڭ ئۆمرىدە ئاڭلاپ باقمىغان تەلەيسىزلىكنىڭ مىسالى ئەمەسمۇ ، نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدىغاندۇ ؟ ئەجەبا ، پەرۋەردىگارمۇ رېستو مۇھىم ئەمەس دەپ قارايدىغان ھېلىقىدەك ئىجتىمائىي قۇرۇلمىلارغا نۇسرەت ئاتا قىلىۋاتامدىكىنە ؟ چوقۇم شۇنداق بولۇشى مۇمكىن ، مەيلى نېمە بولغان بولسۇن ، ئۇ ئۆزى مېھرىنى ئۇزەلمەي يۈرگەن نەرسىلەردىن شەپقەتسىزلەرچە ۋاز كېچىشكە مەجبۇر ، ھازىر ئۇ ئەسلىي قىياپىتىگە قايتىپ ، جەسۇر ھەم قەيسەر ئادەم سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقماقتا ، بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلار ئۇنى ئانچىكى بوشاشتۇرۇپ قويغاندەك قىلىسىمۇ ، ئەمما ئۇنىڭ ھېلىھەم كۈچ - قۇۋۋەتكە ، قىممەتكە ئىگە ئىكەنلىكىدە شەك يوق .

ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلىسە ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېچىنىش تۇيغۇسى چۇلغىۋالاتتى ، بۇمۇ ئۇنىڭ تارتىشقا تېگىشلىك جازاسىنىڭ بىر بۆلىكى - دە . ئۇنىڭ كاللىسىدىن : «ئامالسىزلىقتىن ھاياتىمدا تۇنجى مەرتەم رەزىل ، قەبىھ ئىش قىلىپ قويدۇم » دېگەن ئوي ھېچ نېرى كەتمەيتتى . «جېيننى بۇنداق مۇئامىلىگە ئۇچرىماسلىقى كېرەك ئىدى ، — دەيتتى ئۇ ئۆزىگە ئۆزى ، — ئۇ ماڭا كارامەت ئىخلاس قىلىپ كەلگەنىدى ، ھالا بۇ كۈنگە كەلگەندە ئۇنى تاشلىۋەتكىنىم تازىمۇ ئۇيات ئىش بولدى - دە . » دېمىسىمۇ ئادەمگەرچىلىككە كەلگەندە رېستو جېيننىغا يەتمەيدىكەن ، تېخى ھەممىدىن يامان يېرى ، ئۇ ئۆز قىلمىشلىرىنى «ئامالسىزلىقتىن» دېگەن باھانە - سەۋەب بىلەن ئاقلاۋاتىدۇ . ئەسلىدە ھېلىقى ئون مىڭ دوللار بىلەنمۇ جېيننى جان ئېتىپ كېتەلەيتتى ؛ بىر مىليوندىن ئارتۇق دوللارلىق مال - مۈلۈكسىزمۇ

www.uyghurkitap.com

ياشاۋەرگەن بولاتتى . ئىجتىمائىي ئالاقىدىن ئېرىشىدىغان شاد ـ خۇراملىققۇ ئۇنىڭ مەيلىنى ئۆزىگە تارتىپلا كەلگەن ، لېكىن ئۇنىڭسىز ياشىغىلى بولمامدىكەن؟ رېستوغا ئىجتىمائىي ئالاقە بولمىسىمۇ ئوخشاشلا ئىدى ، شۇنىسى ئۆزى مېھرىنى ئۆزەلمەي قالدى . ئۇنىڭ ئۇستىگە ، باشقا بىر ئايالنىڭ كويى ئۇنىڭ كاللىسىغا كىرىۋالغانلىقتىن ئىشلار تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ كەتتى .

«بۇ ئايال جېنىمدەك ئىسىلمىدۇ؟ — ئۇ پات ـ پاتلا ئۆزىگە مۇشۇ سوئالنى قوياتتى ، — ئۇنىڭمۇ كۆڭلى ئاشۇنداق ياخشىمىدۇ؟ ياكى مېنى باشقا بىر ئايالنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىش غەرىزىدە ماڭا ئەتەي مۇشۇنداق يېقىنچىلىق قىلىپ كېتىۋاتامدىغاندۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا ، بۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇش كېرەكمۇ؟ بۇ ھەقىقىي ، ئۇلۇغ بىر ئايالنىڭ قىلىدىغان ئىشىمۇ؟ ئۇ زادى ماڭا مۇناسىپ كېلەمدۇ ، يوق؟ ئۇنىڭغا چوقۇم ئۆيلىنىشىم كېرەكمۇ؟ جېنىمنىڭ ئالدىدا قانۇن جەھەتتە مەجبۇرىيىتىم بولمىغان بىلەن ، مەنىۋى جەھەتتە ۋاپاسىزلىق قىلغان يېرىم بار ، شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە باشقا بىرى بىلەن توي قىلسام بولامدۇ؟ ئۇ كىشى مەن بىلەن توي قىلىشقا ئەرزىمدۇ؟» مۇشۇ ئويلار ئۇنىڭ كاللىسىدىن نېرى كەتمەي ، ئۇنى چىرمىۋالدى . ئۆزىنى ئۆزى «تاش يۈرەكلىك ، ۋاپاسىزلىق قىلدىم» دەپ ئەيىبلەپ ، كۆڭلى پەرىشانلىقتىن زادىلا خالىي بولالمىدى .

باشتىكى ماددىي جەھەتتىكى خاتالىقا ئەمدى مەنىۋى جەھەتتىكى خاتالىق قوشۇلۇپ ، ئىشلارنى تېخىمۇ چىگىشلەشتۇرۇپ قويدى . ئۇ بىرىنچى خاتالىقنى ئىككىنچى خاتالىقى ئارقىلىق تۈزەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ . مۇشۇنداق قىلغاندا ئۇنىڭ كۆڭلى قانائەت تاپالارمۇ؟ بۇ پىسخىكا ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى پايدا ـ زىيان بالانسى بولالامدۇ؟ بۇنىڭ بىلەن ، ئۇنىڭ يۈرىكى ئاراملىققا ئېرىشەلەمدۇ؟ ئۇ ئۆز تۇرمۇشىنى مۇشۇ كونا (يېڭى دېسىمۇ بولىۋېرىدۇ) ۋەزىيەتكە كۆندۈرۈش مەقسىتىدە ، ئوي ـ خىياللىرىدىن جاۋاب

تېپىشقا شۇنچە ئۇرۇنۇپمۇ ، تازا قانائەتلىنەرلىك جاۋابقا ئېرىشەلمىدى ، ئەمەلىيەتتە تېخىمۇ يامان ھېس - تۇيغۇلار ئىچىدە قالدى . ئۇنىڭ يۈرىكى خاپىلىق ھەم ئۆچمەنلىك بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى . ئۇنى لېتتىغا ئۆيلىنىدۇ دېگەن ھالەتتىمۇ ، ئەمەلىيەتتە بۇ ئۇنىڭ لېتتىنىڭ مال - دۇنياسىنى قورال قىلىپ ، ئۆز رەقىبلىرىگە زەربە بەرمەكچى ئىكەنلىكىدىن باشقا مەنىنى بىلدۈرمىسە كېرەك ، ھالبۇكى ، ئۇ بۇنداق نىكاھتىن قاتتىق نەپرەتلىنەتتى . ئۇ بۇ مەزگىللەردە سارايدا يېتىپ - قوپۇپ يۈردى . ھەر دورەم سىنسىنناتىغا بارغىنىدا ، ئۆزىنى باشقىلاردىن قاچۇرۇپلا يۈرەتتى ، مۇدىرىيەت يىغىنىغا قاتناشقاندىمۇ ، زادىلا ئېچىلالمايتتى ، ئۇ پەقەتلا كۆڭلىنىڭ ئارامىدا ، تۇرمۇشىنىڭ جايىدا بولۇشىنىلا تىلەيتتى . ۋەھالەنكى ، ئۇنىڭ جېننىغا تۇتقان سىياسىتىدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىدى .

دەرۋەقە ، گېرالد خانىم رېستوننىڭ ئۆزىنى رۇسلىۋېلىشىغا بۆلەكچىلا كۆڭۈل بۆلەتتى . ئۇ ئەتەي بىرمۇنچە ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ ، رېستو بىلەن ۋاقىتىنچە ئالاقىلەشمەي تۇردى ، كېيىن خىد باغچىسىدىكى ئادرېسقا قارىتىپ (رېستوننىڭ ئۇ يەردە تۇرۇۋاتقىنىنى بىلمىگەنگە سېلىپ ) خەت يېزىپ ، «سىز ھازىر قەيەردە ؟ » دەپ سورىدى . بۇ دەل رېستوننىڭ ئۆز تۇرمۇشىدىكى ئۆزگىرىشكە ئاز - تولا كۆنۈپ قالغان ، ئۆزىنىڭ ھالىغا يېتىدىغان بىر ھەمراھقا — ئەلۋەتتە ئايال جىنسلىق ھەمراھقا ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقىنىنى ھېس قىلىپ يۈرگەن چاغلىرى ئىدى . جېننىدىن ئايرىلىپ كەتكەندىن كېيىن ، ئۇنىڭ كەسىپ جەھەتتىكى باردى - كەلدىسى بارا - بارا قويۇقلىشىپ ، ئۇنى زىياپەتكە تەكلىپ قىلغۇچىلارمۇ كۆپەيگىلى تۇردى . كىشىلەر ئۇنى بىرنەچچە قېتىم يېزىدىكى داچىلاردا چېلىقتۇرۇشتى ، ھەر قېتىمدا ئۇ ياپون چاكىرىنى بىللە ئالغاچ باراتتى ، بۇ ئۇنىڭ يەنە بويتاق يۈرۈۋاتقىنىنى ئىسپاتلاپ بېرەتتى . ئىلگىرىكى ئىشلارنى ھېچكىم ئۇنىڭ يۈزىگە سېلىپ يۈرمىدى .

www.uyghurkitap.com

ئۇ گىرالد خانىمنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇۋالغاندا، «ئۇنى يوقلاپ بارسام بولاتتى» دەپ ئويلاپ قالدى. دېمىسىمۇ، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئۇنىڭغا بەك سوغۇق مۇئامىلە قىلىپ كەلدى. جېنىدىن ئايرىلىشتىن ئىلگىرىكى بىرنەچچە ئاي ئىچىدە ئۇنى بىر قېتىممۇ يوقلاپ بېرىپ قويمىغانىدى. هازىرمۇ يەنە كەينىگە تارتقۇردى، تاكى گىرالد خانىم ئۇنى كەچكى غىزاغا تەكلىپ قىلىپ تېلېفون بەرگەندە ئاندىن ئۇنىڭكىگە باردى.

كەچكى زىياپەتتە گىرالد خانىم ساھىبخانا بولۇش سۈپىتىدە، مېھمانلارنى قىزغىن كۈتمەكتە ئىدى. زىياپەتكە داخىل بولغۇچىلار ئارىسىدا مۇزىكانت ئافېنىنى، نەققاش ئادام راسكافى، ئەنگلىيىدىن كەلگەن ئالىم، سېر[1] نارسون گىسلار بار ئىدى. تېخىمۇ ئەجەبلىنەرلىكى، رېستو كۆپ يىللاردىن بېرى زادىلا ئۇچرىشىپ باقمىغان بىل تاۋچى ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسىمۇ بار ئىدى. گىرالد خانىم رېستو بىلەن خۇددى قايتا ئۇچراشقان قەدىناسلاردەك قىزغىن سالاملاشتى. ئۇ رېستونىڭ ئېشىكتىن كىرىۋاتقىنىنى كۆرۈپلا:

— ماۋا مۇشۇنداق پەرۋاسىز مۇئامىلىدە بولۇۋاتقىنىڭىزغا خىجىل بولمامسىز؟ — دېدى خۇشخۇيلۇق بىلەن، — سىزنىڭ راسا ئەدىپىڭىزنى بەرمىسەم بولمىدى جۇمۇ.

— ئەدىپىمنى قانداق بەرمەكچىسىز؟ — دېدى رېستو كۈلۈپ تۇرۇپ، — مەنغۇ گۇناھىمدىن تانمايمەن. مېنىڭچە توقسان قامچا بولسا يېتەرمىكىن؟

— توقسان قامچا، ۋىيېش تېخى! ئۆزىڭىزچە پايدا ئالماقچىكەنسىز - دە. سىئامىلىقلارنىڭ گۇناھكارنى قانداق جازالايدىغىنىنى بىلەمسىز؟

— قىزدۇرۇلغان ياغقا تاشلايدۇغۇ، دەيمەن.

— ھەببەللى، مەيلى نېمە بولسا بولسۇن، توقسان قامچا يېنىك كېتەرمىكىن. مەن سىزنى تازا ئېغىر جازالاشنىڭ ئامالىنى ئويلاۋاتىمەن.

---

[1] سېر — ياۋروپادىكى پادىشاھلىق ئەللەردە بېرىلىدىغان ئەڭ تۆۋەن مەرتىۋە.

— ئۇنداق بولسا ئۇيلاپ چىققاندىن كېيىن ماڭا خەۋەر بېرىۋېتەرسىز، — دېدى رېستو تەبەسسۇم بىلەن. گىرالد خانىمغا ساھىبخانىلىق قىلىشىپ بېرىۋاتقان ترېنكىن خانىم ئۇنى مېھمانلارغا تونۇشتۇرۇۋىدى، كۆپچىلىك ھاياجانلانغان ھالدا قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كېتىشتى. ئەسلىدىمۇ ناھايىتى چىقىشقاق بولغان رېستو شۇ تاپتا بۇنداق سورۇنغا داخىل بولغىنىدىن تېخىمۇ روھلىنىپ، ئېچىلىپ - يېيىلىپلا كەتتى. مېھمانلار بىلەن بىرپەس پاراڭلاشقاندىن كېيىن، يېنىدا تۇرغان بىل تاۋچى بىلەن سالاملاشتى.

تاۋچى ئۇنىڭغا قالتىس تەكەللۇپ كۆرسىتىۋەتتى.

— ھازىر نەدە تۇرۇۋاتىسەن؟ — سورىدى ئۇ، — بىزنىڭ كۆرۈشمىگىنىمىزگە خېلى بولۇپ قالدىغۇ دەيمەن... ئوھو، قاچان كۆرۈشكەنىدۇق - ھە؟ رەپىقەم سېنىڭ بىلەن پاراڭلاشماقچى جۇمۇ.

رېستو ئۇنىڭ مۇئامىلىسىنىڭ ئۆتكەن قېتىمقىغا تامامەن ئوخشىمايدىغانلىقىنى سەزدى.

— راست، خېلى زامانلار بولدى، — دەپ جاۋاب قايتۇردى ئۇ ئېرەنشىمىگەن قىياپەتتە، — ھازىر سارايدا تۇرۇۋاتىمەن.

— مەن تېخى ئۇلۇشكون سېنىڭ دېرىكىڭنى قىلغانىدىم. جېكسون تۇباۋيانى تونۇيسەنغۇ؟ ئەلۋەتتە تونۇيسەن. ئۇنىڭ بىلەن ئىككىمىز كاناداغا ئوۋغا بارماقچى بولۇۋىدۇق، بىزگە قېتىلساڭ بولامدۇ؟

— قېتىلالمايمەن، — دەپ جاۋاب بەردى رېستو، — ھازىر قولۇمدىكى ئىش بەك بېسىق. كېيىنچە بىر گەپ بولار.

تاۋچى رېستونىڭ «C • H • D» شىركىتىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزالىقىغا سايلانغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ بولغانىدى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ بىلەن ئۇزاقراق پاراڭلاشقۇسى بار ئىدى، لېكىن مۇمكىن بولمىدى، چۈنكى ساھىبخانا مېھمانلارنى داستىخانغا تەكلىپ قىلىپ قالدى. رېستو زىياپەت ئۈستىلىدە گىرالد خانىمنىڭ ئوڭ يېنىدىن

ئورۇن ئالدى .

— سىزنى بۆلەك بىر كۈنى غىزاغا تەكلىپ قىلماقچىدىم، كېلەمسىز؟ — گىرالد خانىم مېھمانلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ پارىڭىغا چۈشۈپ كەتكەن پەيتتىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭغا سەممىيلىك بىلەن شۇنداق دېدى.

— ئەلۋەتتە كېلىمەن، — دېدى رېستو، — راست گەپنى قىلسام، سىزنى يوقلاپ بۇرۇنلا كەلمەكچىدىم. ئەمما ھازىرقى ئەھۋالىمدىن خەۋىرىڭىز بارمىدىكىن؟

— خەۋىرىم بار. بىرمۇنچە گەپلەرنى ئاڭلىدىم. سىزنى كېلىدىك دېيىشىممۇ مۇشۇ سەۋەبتىن. بىز ئوبدانىراق ئەھۋاللاشساق بولاتتى.

ئون كۈندىن كېيىن، رېستو ئۇنىڭكىگە يەنە باردى. ئۇنىڭ ئىچى پۇشۇپ، لېتتى بىلەن ئەھۋاللاشقۇسى كېلىپ قالغانىدى. جېنىنى بىلەن شۇنچە ئۇزاق ۋاقىت ئائىلىۋى تۇرمۇشنى بىللە باشتىن كەچۈرگەن بولغاچقا، ئەمدىلىكتە ساراي تۇرمۇشىغا زادىلا ئۆگىنەلمىدى. شۇڭا ئۆزىنىڭ ھالىغا يېتىدىغان، بېشىدىن ئىسسىق - سوغۇق ئۆتكەن بىرەرىنى تېپىپ ھال - مۇڭلىشىپ، ئىچىنى بوشىتىۋېلىش خىيالىدا بولۇپ يۈرگەنىدى. ئۇنداقتا بۇ يەردىنمۇ ئوبدان يەر بولامدۇ؟ لېتتى ئۇنىڭ دەردىگە تازا يېتىدۇ. ئەگەر ۋەزىيەت يول قويغۇدەك بولسا، رېستونىڭ ئۇنىڭ كۆكرىكىگە بېشىنى قويۇۋېلىشىغا جان دەپ رازىلىق بېرىدۇ.

— خوش، ئەمدى سىزگە قانداق چۈشەندۈرسەم بولاركىن؟ — دېدى رېستو بىرقۇر تىنچلىق - ئامانلىق سورىشىپ بولغاندىن كېيىن رەسمىي گەپكە ئۆتۈپ.

— ھازىر ئۇنى پەقەتلا ئويلىمايدىغان بولدىڭىزمۇ؟

— بۇنىڭغا ئانچە ھۆددە قىلالمايمەن، بۇ ئىشلاردىن كۆڭلۈم ناھايىتى خۇشال دەپمۇ ئېيتالمايمەن.

— مەنمۇ شۇنداق ئويلايمەن، كۆڭلىڭىزنى تازا ئېنىق چۈشىنىمەن. مەن سىزنىڭ پىسخىكا جەھەتتىن مۇشەققەتلىك يولنى

بىسىپ كېلىۋاتقىنىڭىزنى كۆرۈپ تۇرۇۋېتىمەن، رېستو . سىزگە باشتىن ـ ئاياغ دىققەت قىلىپ كەلدىم، سىزنىڭ بىر قەدەم ـ بىر قەدەمدىن بىسىپ كېلىۋاتقىنىڭىزنى كۆزەتكەچ، يۈرىكىڭىزنىڭ ئەمىنلىك تېپىشىنى تىلەپ تۇردۇم . بۇنداق ئىشلار ھەقىقەتەنمۇ قىيىن، ئەمما مەن ئىزچىل تۇردە «بىردىنبىر چارە مۇشۇ» دېگەن پىكىردە تۇرۇپ كېلىۋاتىمەن . بۇنىڭدىن ئۆزگىچە بولۇشى قەتئىي دۇرۇس ئەمەس، زادىلا دۇرۇس ئەمەس . سىز قولۇلە قېپى ئىچىدىكى تۇرمۇشقا قايتىدىن كىرىشىشىڭىز بولمايدۇ . سىزمۇ ماڭا ئوخشاش، ئۇنداق تۇرمۇشقا مۇناسىپ ئەمەسسىز . سىز ھازىرقى ئەھۋالدىن ئۆكۈنۈش ھېس قىلىۋاتىسىز، بىراق باشقىچە يول تۇتقاندىمۇ يەنىلا ئۆكۈنەرلىك بولىدۇ، بەلكى بۇنىڭدىنمۇ بەتتەررەك بولىدۇ . سىز بىر ئۆمۈر شۇ تەقلىدتە ئۆتەلمەيسىز، قانداق دېدىم؟

— بۇنى بىلمىدىم، لېتتى . ھەقىقەتەنمۇ بىلمىدىم . سىزنى بۇرۇنلا يوقلاپ كەلمەكچىدىمىۇ، يەنە ھاجىتى يوق، دەپ ئويلىدىم . ھازىر ئىش ھەرھالدا ھەل بولغان بولدى، گېپىمنى چۈشىنىۋاتامسىز؟

— ھەئە، تازا ئېنىق چۈشىنىۋاتىمەن، — دېدى لېتتى تەسەللى بېرىۋاتقاندەك قىياپەتتە .

— بىراق تېخى ھەل بولمىدى دېسەممۇ بولىدۇ . مەن تېخى ئۇ ئىشنى ئۇزۇل ـ كېسىل بولدى قىلغىنىم يوق . بۇنداق پۇلنىڭ ئىشى مېنى مەھكەم توسۇپ تۇرالامدۇ، يوق، بۇنىسىنى بىر نېمە دېيەلمەيمەن . سىزگە ئوچۇقىنى ئېيتسام، گەرچە جېنىمنى پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن سۆيىمەن دەپ ئېيتالمىساممۇ، ئەمما كۆڭلۈم خىجىللىقتىن ھېچ خالىي ئەمەس . بۇمۇ بىر مەسىلە .

— ئۇ چوقۇم پاراغەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشكە بەھۇزۇر يەتكۈدەك تەمىناتقا ئېرىشىدۇ، — ئۇ سورىماقچى بولۇپ تۇرغان گېپىنى دەررۇ بىر خىل قىياسقا ئۆزگەرتىپ ئېيتتى .

— ئۇنىڭغا نېمە لازىم بولسا ھەممىسىنى بېرىمەنغۇ، لېكىن جېنىمنىڭ مىجەزى ئۆزگىچىلا . ئۇ جىق ئالغىلى ئۇنىمايدۇ .

ئەزەلدىن قىسسىپ ـ تىجەپ خەجلەشنى ياقتۇرىدىغان، بۇزۇپ ـ چېچىشنى ياقتۇرمايدىغانىدى . مەن ئۇنىڭغا شامۇۇد دېگەن يەردىن كىچىككىنە بىر ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ بەردىم ، بۇ يەرنىڭ شىمالىغا توغرا كېلىدۇ ، كۆل بويىدىكى كىچىككىنە بىر جاي ؛ پۇلدىنمۇ ئۇنىڭ نامىدا بانكىغا خېلى جىقلا ئامانەت قويۇپ قويدۇم ، لېكىن ئۇ ، مەيلى نەدىلا ياشىسۇن ، جىمى ئىش شۇنىڭ مەيلىچە بولىدىغىنىنىمۇ بىلىدۇ .

— ئۇنىڭ هازىرقى هېسسىياتىنى تازا ئوبدان چۈشىنىمەن ، رېستو . سىزنىڭ هېسسىياتىڭىزنىمۇ چۈشىنىپ تۇرۇپتىمەن . ئۇ ۋاقتىنچە قاتتىق ئازابلىنىدۇ . بۇ هەرقانداق ئادەم بىرەر نەرسىنىڭ مېهرىدىن كېچىشكە مەجبۇر بولغان چاغدىكى دۇچ كېلىدىغان ئەهۋال . لېكىن بۇنداق چاغلارنىمۇ ئۆتكۈزۈۋەتكىلى بولىدۇ ، ئەمەلىيەتتىمۇ ئۆتۈپ كېتىۋېرىدۇ . هېچبولمىغاندا ، بىز يەنە ياشاۋېرىمىز . ئۇمۇ نېمىلا بولمىسۇن ياشاشنى خالايدۇ . باشتا كۆڭلى ئازابلانغاندەك قىلىسىمۇ ، لېكىن مەلۇم ۋاقىت ئۆتۈپ ، ئىشنىڭ هەقىقىتىنى چۈشىنىپ يەتكەندىن كېيىن ، سىزدىن ئاغرىنمايدىغان بولىدۇ .

— جېنىنى مېنىڭدىن زادىلا ئاغرىنغان ئەمەس ، بۇنىسى ماڭا ئايدىڭ . مانا مەن ئۆزۈمنى ئۆزۈم ئەيىبلەۋاتىمەن . بەلكىم خېلى بىر زامانلارغىچە ئۆز ـ ئۆزۈمدىن ئاغرىنىپ يۈرۈشۈم مۇمكىن . چاتاق دەل مېنىڭ مۇشۇ ئۆزگىچە مىجەز ـ خاراكتېرىمدە . مېنىڭ بۇ بىسەرەمجان كەيپىياتىمنىڭ قانچىلىكى ئادەتتىن ، قانچىلىكى هېسداشلىقتىن بولۇۋاتقىنىنى ئۆزۈممۇ دەپ بېرەلمەيمەن . بەزى چاغلاردا ئۆزۈمنى دۇنيادا ئەڭ بوشاڭ ئادەم دەپ ئويلاپمۇ قالىمەن . ئىشقىلىپ مەندە بۇنداق ئوي تولا بولغان .

— بىچارە رېستويۇم ! — دېدى لېتتى مېهرىبانلىق بىلەن ، — ئەمما ماڭا شۇنىسى چۈشىنىشلىككى ، سىزنىڭ هازىر سارايدا ئىچىڭىز بەك پۇشىدىكەن ، شۇنداقمۇ ؟

— بۇمۇ بار گەپ .

— ئۇنداق بولسا سىپپارتونغا بېرىپ بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ كەلسىڭىز قانداق؟ مەنمۇ شۇ يەرگە بارماقچىدىم.
— قاچاندا؟
— كېلەر ھەپتىنىڭ ئىككىسىدە.
— قېنى قاراپ باقاي، — دېدى رېستو، — مەن بارالماسمەنمىكىن، — ئۇ خاتىرە دەپتىرىنىڭ ۋاراقلىرىنى ئۆرۈدى، — پەيشەنبە كۈنى بارالىغۇدەكمەن، بىرنەچچە كۈن تۇرساممۇ بولغۇدەك.
— ئۇنداقتا پەيشەنبە كۈنى بولسۇن. سىزگە ھەمراھ كېرەك. بىز ئۇ يەرگە بېرىپ، سەيلە قىلغاچ مۇڭدىشىمىز. بولامدۇ؟
— بولىدۇ.
لېتتى سۇس بىنەپشە رەڭلىك ئۇزۇن كۆڭلىكىنى يەردە سۆرىگىنىچە ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى.
— قويۇڭە سىزدەك كاتتا پەيلاسوپنى، — ئۇ بەھۇزۇر تەنقىد قىلىشۇەردى، — ئىشلارنى ئۇجۇر - بۇجۇرىگىچە ئويلاپ كېتىدىكەنسىز. نېمانچە ئىنچىكىلىك قىلىپ كېتىدىغانسىز؟ ھەممىشەملا مۇشۇنداقمۇ سىز.
— بۇنىڭغا نېمە ئامال، — دېدى رېستو جاۋابەن، — مىجەزىم شۇنداق تۇرسا.
— بوپتۇ ئەمىسە، لېكىن بىر ئىشنى بىلىۋالدىم، — ئۇ رېستونىڭ قولىنى بوشقىنىغا چىمدىپ قويدى، — سىز ئەمدى ھېسداشلىق سەۋەبىدىن ئىككىنچى قېتىم خاتالىشىپ يۈرمەيسىز. مەن سىزنىڭ ئىككىنچىلەپ چاتاققا قالماسلىقىڭىزنى، ئۆزىڭىز قىلماقچى بولغان ئىشنى پەيتىنى تېپىپ ئوبدانراق ئويلىنىپ چىقىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. چوقۇم شۇنداق قىلىشىڭىز كېرەك. مەنچۇ، مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ ئىشلىرىنى سىزنىڭ باشقۇرۇشىڭىزغا تاپشۇرۇشقا رازىمەن. سىز مېنىڭ مەسلىھەتچىم بولىدىغان بولسىڭىز، جەزمەن ئادۋوكاتىمنىمۇ بېسىپ چۈشىسىز.
رېستو ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزە ئالدىغا باردى - دە، ئاندىن

شارتتىدە ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ ئۇنىڭغا تىكىلدى.

— سىزنىڭ نېمىنى تەلەپ قىلىۋاتقىنىڭىز ماڭا ئايان، — دېدى ئۇ تەرسالىق بىلەن.

— نېمىشقا تەلەپ قىلمىغۇدەكمەن؟ — لېتتى ئۇنىڭغا يەنە يېقىن بېرىپ قىستاپ سورىدى. قاراشلىرىدىن ئەيىبلەش ھەم مەنسىتمەسلىك ئىپادىسى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى، — ئېيتىڭە، نېمىشقا تەلەپ قىلمايدىكەنمەن؟

— ئۆزىڭىزنىڭ نېمە قىلىۋاتقىنىڭىزنى چۈشەنمەيۋاتىسىز-دە، — دېدى رېستو مۇجمەللا قىلىپ، ئەمما كۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن ھېچ ئۈزمەيتتى. ئۇ ئالدىدا تۇرغان لېتتىنىڭ گەرچە ئەمدىلا بويىغا يەتكەن قىز بولمىسىمۇ، ئەمما يەنە شۇ بۇرۇنقىدەكلا جەلپكار، ئەقىللىق، ئېھتىياتچان ھەم يۈرىكىدىن دوستلۇق، سۆيگۈ مېھرى تېشىپ تۇرغان بىر ئايال ئىكەنلىكىنى ھېس قىلماقتا ئىدى.

— لېتتى، سىز مەن بىلەن توي قىلىشنى خىيالىڭىزغا كەلتۈرمەڭ. مەن بۇنىڭغا ئەرزىمەيمەن، زادىلا ئەرزىمەيمەن. مەن ھېچكىمنى ئۆزۈمگە تەڭ قىلمايدىغان، ھېچكىمگە ئىللىقلىق بېغىشلىيالمايدىغان ئادەممەن. بۇ ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇغۇ.

— لېكىن ماڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھەممىگە ئەرزىيدۇ، — لېتتى ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرىۋالدى، — مەن سىزنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىڭىزنى تازا ئوبدان بىلىمەن. قىسقىسى، ماڭا ھەممىسى بەرىبىر. ماڭا پەقەت سىزلا بولسىڭىز بولدى.

رېستو ئۇنىڭ قوللىرىنى ئالىقانلىرىغا ئالدى، ئاندىن بىلەكلىرىدىن تۇتۇپ ئۇنى ئۆزىگە يېقىن تارتتى-دە، «كاپ» لا قىلىپ بېلىدىن قۇچاقلىدى.

— بىچارە لېتتى! مەن بۇنچىلىك قىلىشىڭىزغا ئەرزىمەيتتىم. كەلگۈسىدە چوقۇم پۇشايمان يەپ قالىسىز.

— ياق، ھەرگىز پۇشايمان قىلمايمەن، — دەپ جاۋاب قايتۇردى لېتتى، — مېنىڭ كاللام ئېلىشىپ قالغىنى يوق. سىزنىڭ ئۆزىڭىزنى ئەرزىيمەنۇ، ئەرزىمەيمەنۇ دەپ ئويلاپ

يۈرۈشكىنىزدىن پەرۋايىم پەلەك ، — ئۇ مەكزىنى رىستونىڭ مۈرىسىگە قويۇۋالدى ، — ماڭا پەقەت سىز كېرەك .

— سىز بۇنداق قەتئىي تۇرۇۋالسىڭىز ، مەنمۇ سىزگە ئۆزۈمنى تاپشۇردۇم ئەمىسە ، — رىستو شۇنداق دېگەچ ، ئېڭىشىپ ئۇنى سۆيدى .

لىتتى «ۋاي» دەپ تاشلىدى ـ دە ، ئوت ئېلىپ كەتكەن مەڭزىلىرىنى ئۇنىڭ كۆكرىكىگە يوشۇردى .

«بۇ ئىشىم بولمىدى ، — لىتتى قۇچىقىدا تۇرسىمۇ ، كۆڭلىدە شۇنداق ئويلايتتى رىستو ، — بۇنداق قىلماسلىقىم كېرەك ئىدى . »

ئەمما ئۇ لىتتىنى قۇچاقلىغىنىچە تۇرىۋەردى ، لىتتى نازلىنىپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا لەۋلىرىنى يېقىن ئاپارغاندىن كېيىن ، ئۇنى توختىماي سۆيۈپ كەتتى .

## 56

ناۋادا خىلمۇخىل كۈچلەر ئوتتۇرىغا چىقىپ توسقۇنلۇق قىلمىغان بولسا ، رىستو جېنىنى بىلەن يەنە يارىشىۋالالايتتىمىكىن ؟ بۇنىڭغا بىرنېمە دېيىش قىيىن . ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتۈپ ، ئۆز تەئەللۇقاتىنى قولىغا ئېلىپ مەھكەم تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان ، ئەڭ دەسلەپكى ماجىرالارنىمۇ تامامەن ئۇنتۇپ كەتكەن چېغىدا ، رىستو پەقەت ئۆزىلا ئۆزىنىڭ تۇغما خاھىشىغا هاي بېرىپ ، ئاشۇ ئاللىقانداق بۇرچىنى ئادا قىلىشتىن باش تارتىدىغان بولسا ، ئۇ چاغدا ئاز ـ تولا دىپلوماتىك ۋاستىنى ئىشقا سېلىپ جېنىنى بىلەن يەنە تەقدىرىنى قوشۇۋالالايدىغانلىقىنى ئاڭقىرىپ يەتكەنىدى ، لېكىن ئۇ گىرالد خانىمنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئۆزى مۇهىم دەپ قارىغان ئىجتىمائىي پۇرسەتنى كۆرۈپ يەتكەن هەم بۇ خىل كۆزقاراش ئۇنى مەھكەم چىرمىۋالغانلىقتىن ، ئۇنىڭ جېنىنغا بولغان تەبىئىي

مايىللىقى جېنىنىڭ كۆشەندىسىنىڭ كىشىلىك قەدىر ـ قىممىتى ۋە مال ـ دۇنياسى توغرىسىدىكى ئاڭ ـ تۇيغۇسىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىماي قالمىدى، چۈنكى بۇ كۆشەندە جەمئىيەتتىكى ئەڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ھەم كىشىنىڭ ھەۋىسىنى قوزغايدىغان شەخسلەردىن ئىدى. رېستو تولا مۇلاھىزە يۈرگۈزىدىغان ئادەم بولغاچقا، بۇ مەزگىللەردە ئۇنىڭ ئېڭىدا بۇ ئىككى ئايال توغرىسىدىكى ئۇقۇم ئىزچىل رەۋىشتە توقۇنۇش ھاسىل قىلىپ تۇردى. بۇلارنىڭ بىرى تەربىيە كۆرگەن، ھېسداش، پەلسەپىۋى ئاڭغا ئىگە، ئېسىلزادىلەر جەمئىيىتىدىكى تۇرلۇك ـ تۈمەن لەززەتلىكنىڭ تەمىنى تېتىغان، يەنە كېلىپ ئۆزىنىڭ بارلىق ئىستەك ـ نەپسىنى قاندۇرۇشقا يېتىپ ئاشقۇدەك دۇنيادەپىنىسى بار بىر ئايال ئىدى؛ يەنە بىرى بولسا، تەبىئىي، ھېسداش، تۇيغۇغا باي، گەرچە ئېسىلزادىلەر جەمئىيىتىنىڭ تەلىم ـ تەربىيىسىنى باشتىن كەچۈرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن تۇرمۇشنىڭ گۈزەللىكىنى ھېس قىلالايدىغان، ئىنسانلار ئارا مۇناسىۋەتتىكى ئەزىزلەشكە ئەرزىيدىغان ئىشلارنى چۈشىنىپ يەتكەن بىر شەخس بولۇپ، بۇ خۇسۇسىيەتلەر شەكسىز ھالدا ئۇنى قالتىس بىر ئايال قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىققانىدى. بۇ تەرىپىنى گىرالد خانىممۇ بايقىغان ھەم ئېتىراپ قىلغانىدى. شۇڭا ئۇنىڭ رېستو بىلەن جېنىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى تەنقىدى ھەرگىزمۇ جېنىنى قەدىرسىز دېگەنلىكتىن دېرەك بەرمەيتتى، ئۇ پەقەتلا: «تەقدىر مۇشۇنداق بىر مۇناسىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ چوڭ خاتا قىلغان، ئەگەر بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، رېستو ئۆز تەقدىرىنى مەن بىلەن باغلايدىغان بولسا، ئۇ چاغدا رېستونىڭ جەمئىيەتتىكى ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرىنى غايىۋى پەللىگە يەتكۈزگىلى بولىدۇ. رېستونىڭ ماددىي مەسىلىسىنىڭ مۇشۇنداق مۇۋاپىق ھەل قىلىنىشى ناھايىتى مۇھىم ھەم كىچىكتۈرگىلى بولمايدىغان ئىش» دەپ قارايتتى. شۇ سەۋەبلەردىن، رېستو ئۇزاق ۋاقىت ئەستايىدىل ئويلانغاندىن كېيىن، ئەمدى ئىشنى كەينىگە سۈرەۋەرمەسلىك قارارىغا كەلدى. ئۇ جېنىغا ۋاپاسىزلىق قىلدى، ئەمدى ھەرقانچە

www.uyghurkitap.com

قىلغان بىلەنمۇ ئىش ئورنىغا كەلمەيدۇ . ئۇنداق بولغاندىن كېيىن ، ئەمدى يەنە ئۇ يولدا مېڭىشىنىڭ نېمە ھاجىتى؟ جېنىنىنىڭ رېستودىن باشقا ھەممە نېمىسى تەل . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ ئۆزىمۇ «ئايرىلىپ كېتىشىمىز كېرەك» دېگەن قاراشتا ئىدىغۇ . مۇشۇنداق ئۆزىگە ئۆزى چۈشەندۈرۈش ، تەسەللى بېرىش نەتىجىسىدە ، يەنە كېلىپ كۆڭۈل پاراكەندە بولۇپ تۇرغان مۇشۇنداق ئەھۋالدا ، رېستوغا بۇ خىل يېڭىدىن بىرىكىش قارىشى بارغانسېرى غەيرىي تۇيۇلمايدىغان بولۇپ قالدى .

رېستونىڭ جېنىنى بىلەن ئاقىۋەت مەلۇم شەكىلدە قايتا قوشۇلمىغانلىقىدىكى سەۋەب ، گېرالد خانىم ھەمىشەملا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئىدى . مۇشۇ مەزگىللەردە ، گويا جىمىكى ئىشلار ئۇنىڭ رېستونىڭ قەلبىدىكى تۇگۈنىنىڭ مۇۋاپىق يېشىلمىسى بولۇشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىۋاتقاندەك ئىدى . رېستو ھازىر بويتاق ، ئۇنىڭ ئۇنىڭغا ، بۇنىڭغا بېرىپ ئولتۇرۇپ كەلمەكتىن باشقا قىلغۇدەك ئىشىمۇ يوق ئىدى ، ئەمما بۇنداق بولۇشى ئۇ خالىمايتتى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، ئۇنىڭ مىجەزى بوشاڭ بولغاچقا ، ئۆزى ئادەتتە بەھرىمەن بولۇشقا ئەڭ ئىنتىلىدىغان ھېلىقىدەك ھاۋانى بويتاق ياشاپ ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدۇ - دە . ئۇنى بۇنداق ھاۋا بىلەن گېرالد خانىم ئوڭايلا تەمىنلىيەلەيدۇ . ئەگەر ئۇ گېرالد خانىم بىلەن بىرىكىدىغان بولسا ، ئىش ناھايىتى ئاسانلىشىدۇ . ئۇ چاغدا بۇلارنىڭ ئائىلىسى ھەرقاچان ، ھەر زامان ئېسىل مېھمانلار بىلەن تولۇپ تۇرىدۇ . ئۇ چاغدا رېستوغا غەم قىلىشنىڭ زادىلا ھاجىتى قالمايدۇ ، پەقەت بەھرىمەن بولۇشنى بىلسىلا بولىدى . گېرالد خانىم ئۇنىڭ قانداق تۇرمۇشنى ياقتۇرىدىغانلىقىنى تازا ئوبدان بىلىدۇ . ئۇنىڭ مېھماندوستلۇقىمۇ رېستونى ئايرىپ قويمايدۇ . ناۋادا بۇ ئىككىيلەن ئۆز تەقدىرىنى بىر - بىرىگە قوشىدىغان بولسا ، نۇرغۇن كۆڭۈللۈك ئىشلارنى بىرلىكتە قىلىشىدۇ . رېستو ئۇنىڭ تەكلىپى بىلەن سىپپارتونىنى سەيلە قىلدى . چىكاگودا تۇرغانلىكى ۋاقىتلىرىدا ئىمكانىقەدەر ئۇنىڭغا

ھەمراھ بولۇپ زىياپەتلەرگە، تانسلارغا، سۇغا چۈمۈلۈشكە باردى. ئۇنىڭ ئۆيى رېستونىڭ ئۆز ئۆيىدەكلا بولۇپ قالدى. ئەسلىدە ئۇ رېستودا مۇشۇنداق تۇيغۇ پەيدا قىلىش ئۈچۈن، رېستو بىلەن ھەمىشە ئائىلە ئىشلىرى توغرۇلۇق مەسلىھەتلىشەتتى، ئۇنىڭغا ئائىلىنىڭ ئەھۋالىنى تەلتۆكۈس ئېيتىپ ئىچۈرەتتى، شۇنىڭدەك ئۇنى يا ئۇنداق، يا بۇنداق ئىشلارغا ئارىلاشتۇراتتى. قىسقىسى، ئۇ رېستونى زادىلا زېرىكتۈرمەيتتى، ئۇنىڭ تولا ئويلاپ بىئاراملىققا پېتىپ قېلىشىغىمۇ ئىمكانىيەت قالدۇرمايتتى. رېستو بىلەن ئۇچراشقان چاغلىرىدا، ئۇنىڭغا ھۇزۇرلۇق تۇيغۇسى بېغىشلايتتى، ھەممىنى ئۇنتۇلدۇراتتى، كۆڭلىنى ئاۋۇندۇراتتى. رېستو بەزىدە ئۇنىڭكىگە دوستلىرىنى باشلاپ باراتتى، شۇنىڭ بىلەن، رېستونىڭ ئۇنىڭغا ئۆيلىنىدىغانلىقى توغرىسىدىكى گەپ - سۆزلەر بارا - بارا ئەتراپقا يېيىلىپ كەتتى. لېكىن، لېتتى كىشىلەرنىڭ رېستونىڭ ئىلگىرىكى ئالاقىسى توغرۇلۇق ھېلىھەم سۆز - چۆچەك قىلىپ يۈرۈشۈۋاتقىنىنى نەزەردە تۇتۇپ، تويىنى داۋراڭ قىلىۋەتمەسلىكنى، پەقەتلا گېزىت يۈزىدە ئىككىيلەننىڭ باش قوشۇشى توغرۇلۇق قىسقىچە ئىزاھات بېرىۋېتىپ، ئىشلار نورمال ھالىتىگە قايتىپ، كىشىلەرنىڭ گەپ - سۆزلىرى بېسىققاندىن كېيىن، ئاندىن رېستو ئۈچۈن تازا بىر ھەشەمەتچىلىك قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويدى.

— بىز تويىمىزنى ئاپرېلدا قىلىپ، يازنى چەت ئەلدە ئۆتكۈزسەك بولامدۇ؟ — ئىككىيلەن بىر - بىرىنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىشىپ بولغاندىن كېيىن، بىر دورەمقى ئۇچرىشىشتا لېتتى ئۇنىڭدىن شۇنداق دەپ سورىدى، — ياپونىيىگە بارايلى. كۈزلۈككە قايتىپ كېلىپ، بەيگە مەيدانىدىن ئۆي تېپىپ ئولتۇرساق بولىدۇ.

بۇ چاغدا رېستونىڭ جىنىدىن ئايرىلغىنىغا خېلى ئۇزاق بولغان، دەسلەپكى مەزگىللەردىكى ئۆزىنى ئۆزى ئەيىبلەش قىزغىنلىقى ئاللىقاچان سوۋۇپ بولغانىدى. گەرچە ئۇ ھېلىھەم دەرگۇمان بولۇپ يۈرۈۋاتقان بولسىمۇ، ئۆزىدىكى شۈبھىنى بېسىش ئىستىكىدىنمۇ خالىي ئەمەس ئىدى.

— تازا بەلەن گەپكەن بۇ، — دەپ جاۋاب بەردى رېستو چاقچاق قىلىۋاتقاندەك ئاھاڭدا، — خەقنى چۆچۈتۈۋەتمىسەكلا بولىدۇغۇ.

— بۇ گېپىڭىز راستمۇ، جېنىم، — لېتتى ئۇنىڭغا «يالت» ئېتىپ بىر قارىۋەتتى - دە، ھەيران بولۇپ سورىدى. بۇ بۇلار جىمجىت ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇپ، مۈگدىشىپ بىر ئاخشامنى بىللە ئۆتكۈزگەندىن كېيىن بولغان ئىش ئىدى.

— مەنمۇ بۇنى بۇرۇنلا ئويلىغان، — دېدى رېستو، — بۇنداق قىلساق نېمىشقا بولمىغۇدەك؟

لېتتى يېقىن كېلىپ ئۇنىڭ تىزىغا ئولتۇردى - دە، بويىنىغا گىرە سېلىۋالدى.

— سىزنىڭ مۇشۇ گەپنى قىلغانلىقىڭىزغا ھېچ ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ، — دېدى ئۇ رېستوغا قىزىقىش نەزىرى بىلەن تىكىلىپ.

— ئۇنداق بولسا گېپىمنى قايتۇرۇۋالايمۇ؟

— ئوھو، ياق، ھاجىتى يوق. ئەمىسە شۇنداق بولسۇن، توينى ئاپرېلدا ئۆتكۈزىمىز، ئاندىن ياپونىيىگە بارىمىز. كېيىن يەنە پۇشايمان قىلىپ يۈرمەڭ جۇمۇ. ھەرگىز خەقلەرنى چۆچۈتۈۋەتمەيمىز. ۋاي خۇدايىمەي، مەن قانداق پاسوندىكى توي كىيىمىنى تەييارلىسام بولاركىن!

ئۇ رېستونىڭ چاچلىرىنى بارماقلىرى بىلەن تاراۋاتقاندا، رېستو زورمۇزور كۈلۈمسىرەپ قويدى؛ نېمىشقىدۇر بۇ شادلىق كۈيدە بىر ئاھاڭ كەمدەك قىلاتتى، ئېھتىمال بۇ رېستونىڭ بارغانسېرى ياشقا چوڭىيىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن بولسا كېرەك.

## 57

بۇ مەزگىللەردە، جېنىنىمۇ ئۆز تۇرمۇشىنى ئۆتكۈزۈش ھەلەكچىلىكىدە ئىدى، ئۇنىڭغا ئەمدى ئۆزى ماكان تۇتقان بۇ

باشقىچە دۇنيادا كۆڭلىنى توختىتىپ ياشاشتىن باشقا ئىلاج يوق ئىدى . دەسلەپكى چاغلاردا ، رېستوسىز بۇنداق تۇرمۇش ناھايىتى قورقۇنچلۇق بىلىندى . گەرچە ئۇ ئۆزىگە خاس كۈچلۈك خاراكتېرگە ئىگە شەخس بولسىمۇ ، رېستو بىلەن شۇ قەدەر ئېچىل بولۇپ كەتكەچكە ، ئۇنىڭغا گويا ئىككىيلەننىڭ جۇدالىشىش ئېھتىمالى پەقەتلا يوقتەك تۇيۇلغانىدى . مانا ھازىرمۇ گويا ئىككىيلەن پەقەتلا ئايرىلمىغاندەك ، ئۇنىڭ ئوي ـ پىكرى ، ھەرىكىتى رېستوغا زىچ باغلىنىپ تۇراتتى . ئۇ نەدىدۇ ؟ شۇ تاپتا نېمە ئىش قىلىۋاتقاندۇ ؟ نېمە دەۋاتقاندۇ ؟ ئۇ ھازىر قانداق ھالەتتە تۇرۇۋاتىدىكىن ؟ ھەر كۈنى ئەتىگەن ئۇيقۇدىن ئويغانغاندا ، ئۇنىڭغا گويا رېستو ئۆزىنىڭ قېشىدا تۇرغاندەك بىلىنىپ كېتەتتى . ئاخشىمى بولسا ، ئۆزى يالغۇز كارىۋاتقا چىقىپ يېتىش بەكمۇ ئېغىر كېلەتتى . ئۇ بىردەمدىن كېيىن چوقۇم كېلىدۇ . . . ئاھ ، ياق ، ئۇ ئەمدى كەلمەيدۇ . يا پەرۋەردىگار ، ئېيتقىنا ، بۇ قانداق ئەھۋال ـ ھە ! ئۇ ئەمدى كەلمەيدۇ ، ئۇنى كەلمەك دېگەنمۇ ئۆزى .

يەنە نۇرغۇن ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارغىمۇ دەرمەھەل كۆنۈش ، چىداش قىيىن بولدى . چۈنكى بۇنداق ماھىيەتلىك ئۆزگىرىش بەكمۇ كەسكىن بولۇپ ، بۇنىڭدىن ئوڭايلا ئۆتۈپ كېتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى . ھەممىدىن قىيىنى ، ۋىستاغا چۈشەندۈرمەي يەنە بولمايتتى . بۇ قىزنىڭ بىلىش دائىرىسى كېڭىيىپ بارغاچقا ، ئۇ بەزەن قىياس ، گۇمانلاردىن خالىي ئەمەس ئىدى . كىشىلەرنىڭ «ئاپىسى ئۇنى تۇغقان ۋاقتىدا دادىسى بىلەن توي قىلمىغانىكەنتۇق» دېگەنلىرى ئۇنىڭ ئېسىدىن چىقىپ كەتكىنى يوق . ئەينى چاغلاردا ھەپتىلىك گېزىتتە بېسىلغان جىنىي بىلەن رېستو توغرىسىدىكى ماقالىنى ساۋاقداشلىرى ئۇنىڭغىمۇ كۆرسەتكەن ، ئەمما ئۇ ناھايىتى چېچەن بولغاچقا ، ئاپىسىنى خاپا بولىدۇ دەپ ، ئۆيىگە كەلگەندە بۇ ھەقتە پەقەتلا تىنمىغانىدى . رېستونىڭ ئۇشتۇمتۇت كېتىپ قېلىشى ئۇنى ئەلۋەتتە قاتتىق تەئەججۇپلەندۈرگەن بولسىمۇ ، لېكىن ئاپىسىنىڭ مۇشۇ ئىككى ـ

ئۈچ يىل مابەينىدە دىلى سۇنۇق ھالەتتە يۇرۇۋاتقىنىنى كۆرۈپ يۈرگەچكە ، ئۇنىڭ يۇرەك يارىسىنى قوزغاپ قويۇشتىن ئېھتىيات قىلىپ ، ئاپىسىدىن ھېچقانداق گەپ سورىمىدى . ناھايەت ، جېنىنى ۋىستاغا ئۆزىنىڭ زاتى مۇناسىپ كەلمىگەنلىكتىن رېستو بىلەن ئايرىلىشىپ كەتكەنلىكىنى ، ئەگەر رېستو ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كەتمىسە ، مال - دۇنياسىغا ئىگە بولالمايدىغانلىقىنى ئېيتىشقا مەجبۇر بولدى . ۋىستا ئاپىسىنىڭ سۆزىگە ئەستايىدىل قۇلاق سالغاندەك قىلدىيۇ ، لېكىن كۆڭلىدە دەرگۇمان بولۇپ قالدى . ئاپىسى ئۇچۇن قاتتىق قايغۇرغان بولسىمۇ ، لېكىن ئاپىسىنىڭ يۈرىكىدىكى دەردنى ئېنىق چۈشەنگەچكە ، ئۆزىنى ئەتەي تېخىمۇ روھلۇق ھەم مەردانە قىياپەتكە سېلىپ يۈردى . جېنىنى ئۇنى مەكتەپنىڭ ياتىقىغا ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ گېپىنى قىلىۋىدى ، ئۇ شۇ زامان قارشى چىقتى ، چۈنكى ئاپىسىدىن ئايرىلىشنى خالىمايتتى . ئۇ قىزىقارلىق كىتابلارنى تېپىپ ئەكېلىپ ، ئاپىسىغا ئوقۇپ بېرەتتى ، ئاپىسىنى ئۆزى بىلەن بىللە تىياتىرغا بېرىشقا كۆندۈرەتتى ، ئاپىسىغا پىئانىنو چېلىپ بېرەتتى ، يەنە تېخى ئاپىسىدىن ئۆزىنىڭ سىزغان رەسىملىرى ۋە تىككەن كەشتىلىرىگە تەنقىدىي پىكىر بېرىشنى تەلەپ قىلاتتى . ئۇ شامۇۋدىكى مەكتەپتە ئۆزىگە بىر مۇنچە دوست تېپىۋالغانىدى ، ئائىلىۋى تۇرمۇشنىڭ لەززىتىنى ئاشۇرۇش ئۈمىدىدە ، مەكتەپتىن قايتقاندا ئۇلارنى ئۆيىگە باشلاپ كېلەتتى . جېنىنى بارغانسېرى ئۇنىڭ مۇشۇنداق ئېسىل خۇلق - مىجەزىنىڭ قەدرىنى چۈشىنىپ ، ئۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ ئېجىل بولۇپ كېتىۋاتماقتا ئىدى . رېستو كېتىپ قالغان بولسىمۇ ، ھېچبولمىغاندا ئۇنىڭ قېشىدا ۋىستا بار ، مۇشۇنداق زېرىكىشلىك تۇرمۇشىدا ، ۋىستا ئۇنىڭ ئۈچۈن بىردىنبىر تەسەللى ئىدى .

يەنە بىر قىيىن كەلگەن ئىش ، ئۇ ئۆزىنىڭ تارىخىنى شامۇۋدىكى قوشنىلىرىغا سۆزلەپ بېرىشكە مەجبۇر ئىدى . ئومۇمەن ، يالغۇز ياشاشتىن كۆڭلى قانائەت تاپىدىغان كىشىلەرنىڭ ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى باشقىلارغا دوكلات قىلىپ ئولتۇرۇشىنىڭ

ئانچە زۆرۈرىيىتى بولمىسىمۇ، لېكىن قائىدە بويىچە، بەزىبىر ئىشلارنى دەپ قويمىسىمۇ بولمايتتى. كىشىلەردە ئۇنى - بۇنى سوراپ تۇرۇۋېلىش ئادىتى ئومۇمەن بار، ھەتتاكى قاسساپ، ناۋايلارمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. بارا - بارا كىشىلەرگە بەزەنبىر ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىشكە توغرا كېلىدۇ، ھازىرمۇ مۇشۇ يەردە شۇنداق قىلماي بولمىدى. جېنىنى «ئېرىم ئۆلۈپ كەتكەن» دەي دېسە تېخى، چۈنكى رېستو كۈنلەرنىڭ بىرىدە قايتىپ كېلىپ قالسىچۇ. شۇڭا ئۇ باشقىلارغا «ئېرىم بىلەن ئاجرىشىپ كەتتۇق» دېيىشكە مەجبۇر بولدى، كىشىلەردە خۇددى ئۆزى رۇخسەت قىلسا ئاندىن ئېرى قايتىپ كېلىدىغاندەك تەسىرات پەيدا قىلدى. شۇڭلاشقا، قولۇم - قوشنىلىرى ئۇنىڭغا بىر خىل كۆيۈنۈش ۋە ھېسداشلىق نەزىرى بىلەن قارايدىغان بولۇشتى. بۇ يەردە ئۇنىڭ قانچىلىك ئۇستىلىق ئىشلەتكەنلىكىنىمۇ ئىنكار قىلمايمىز. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئىچكى - تاشقى ئىككى مۇھىم ئۆتكەلدىن ھەرھالدا بىر ئاماللاپ ئۆتۈۋالغاندىن كېيىن، ئۆز ھاياتىنىڭ كېيىنكى ئاقىۋىتى قانداق بولۇشىنى كۈتۈپ، تىنچقىنا كۈندىلىك تۇرمۇشىنى باشلىۋەتتى.

تەبىئەتنى سۆيىدىغان كىشى ئۈچۈن ئېيتقاندا، شامۇۋدىنىڭ تۇرمۇشىنى جەلپ قىلغۇچىلىكى يوق دېگىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ۋىستانىڭ مېھىر - مۇھەببىتى بار، شۇڭا جېنىنى بۇ يەردە ئۆزگە ئاستا - ئاستا تەسەللى تېپىۋالدى، كۆلنىڭ مەنزىرىسى ئاجايىپ گۈزەل ئىدى، ئۇنىڭدا ھەر دائىم قېيىقلار لەرزان ئۈزۈپ يۈرگەچكە، كىشىگە پۈتمەس - تۈگىمەس ھۇزۇرلۇق بېغىشلايتتى. يەنە بىرى، مەيگە ئولتۇرۇپ يېقىن ئەتراپنى تاماشا قىلىپ كەلسىمۇ، ئىچ پۇشۇقى خېلىلا چىقىپ قالاتتى. جېنىنىلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ بىر ئېتى ھەم بىر مەيسى بار ئىدى — ئات خىد باغچىسىدا تۇرغان چاغلىرىدا ئىشلەتكەن ھېلىقى بىر جۈپ ئاتنىڭ بىرى ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا قىممەتلىك ئائىلە مۈلۈكلىرىمۇ ئاستا - ئاستا ئۇتتۇرىغا چىقتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە بىر ئىت بار

بولۇپ ، ۋىستا ئۇنى لىپ دەپ چاقىراتتى ، چىكاگودىن ئەكەلگەن چاغدا ، ئۇ تېخى كۈچۈك ئىدى ، ھازىر زېرەك ھەم يېقىملىق ئىشىكباقار بولۇپ چوڭ بولدى . يەنە بىر مۈشۈكمۇ بار تېخى ، ئۇنىڭ ئېتى جىم ۋوز . ۋىستا ئۇنىڭغا ئۆزى تونۇيدىغان بىر بالىنىڭ ئىسمىنى قويغانىدى ، ئۇ : بۇ مۈشۈك ئاشۇ بالىغا بەك ئوخشىشىدۇ ، دەيتتى ئاپىسىغا . يەنە سايرايدىغان بىر قۇش بار ئىدى ، ئۇنى جىم ۋوز ھەمىشە پايلاپلا يۈرگەچكە ، بەك پۇختا يەردە ساقلاشقا توغرا كېلەتتى . بۇلاردىن باشقا ، يەنە بىر ئەينەك كۆپتە ئالتۇن بېلىق بار ئىدى . مۈشۈ تەرزدە ، بۇ كىچىككىنە ئائىلە ئىنتايىن خاتىرجەم ھەم چۈش كەبى تۇرمۇش كەچۈرۈپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ ، ئۇنىڭدا مەڭگۈلۈك ھېسسىياتنىڭ يوشۇرۇن ئېقىمى بىر خىلدا تېپتىنچ ئاقماقتا ئىدى ، چۈنكى ئۇ ناھايىتى چوڭقۇر بىر جايغا يوشۇرۇنغانىدى .

جۇدالىقتىن كېيىنكى بىرنەچچە ھەپتىگىچە ، رېستودىن پەقەتلا خەت كەلمىدى . بۇنىڭ سەۋەبى ، بىرىنچىدىن ، ئۇنىڭ يېڭىدىن كىرىشكەن كەسىپ ئىشلىرى بەك ئالدىراش بولۇپ كەتكەن بولسا ؛ ئىككىنچىدىن ، ئۆزى قاتتىق ئېھتىيات قىلغانىدى ، «ھازىرقى ئەھۋالدا جېننى بىلەن خەت ـ ئالاقە قىلىش بىمەنىلىك ، ئۇنىڭ ھەسرىتىنى قوزغاپ قويۇشتىن باشقا ئىش ئەمەس» دېگەن ئويدا بولغانىدى . ئىشلار ۋاقتىنچە بىر ئىزىغا چۈشكەندىن كېيىن ، يەنە بىرنەچچە كۈننى ئۆتكۈزۈۋېتىپ ، ئاندىن سالقىن قانلىق بىلەن ئىشلارنى بىرقۇر دوكلات قىلىپ جېننىغا خەت ئەۋەتتى . ئۇنىڭ تۇنجى خېتى بىر ئايلىق سۈكۈتتىن كېيىن يېزىلغانىدى . ئۇ خېتىدە ، ئۆزىنىڭ سودا ئىشلىرىنىڭ بەك بېسىق ئىكەنلىكىنى ، دائىم سىرتلارغا چىقىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى (بۇنىسى راست) ، كېيىنچە تولىراق ۋاقتى چىكاگودا بولماسلىقى مۇمكىنلىكىنى دەپ كېلىپ ، ۋىستانى ھەم شامۇدنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى ، «يەنە بىرنەچچە كۈندىن كېيىن بۇياققا ئۆتۈپ قېلىشىم مۇمكىن» دەپ قوشۇپ قويدى ، بىراق ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭدا بۇياققا كېلىش ئويى

ئەسلا يوق ، بۇنىسى جىنىنغا سۇتتەك ئايدىڭ ئىدى .

يەنە بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن ، ئۇنىڭ ئىككىنچى خېتى كەلدى ، بۇ ئەمدى تۇنجى قېتىمقىسىدەك ئۇنداق ئۇزۇن ئەمەس ئىدى . جىنىنمۇ ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن جاۋاب خەت يېزىپ ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ يېقىندىن بۇيانقى ئەھۋالىنى تەپسىلىي خەۋەر قىلدى ، ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى تامامەن يوشۇرۇپ ، پەقەت ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق تۇرمۇشنى بەك ياقتۇرىدىغانلىقىنى ، ئۇنىڭ ئۇستىگە شامۋۇدتا ناھايىتى كۆڭۈللۈك ياشاۋاتقىنىنىلا يازدى . يەنە رېستونىڭ جىمى ئىشىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولۇشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈردى ، ئۆزىنىڭ ئىشلارنىڭ مۇشۇنداق ھەل قىلىنىشىدىن تولىمۇ مەمنۇن ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ، «سىز مېنى كۆڭۈللۈك ئەمەسمىكىن دەپ قالماڭ ، — دېدى خەتنىڭ بىر يېرىدە ، — مەن ئىنتايىن كۆڭۈللۈك ياشاۋاتىمەن . مەن ئىشىنىڭ مۇشۇنداق ھەل قىلىنىشى كېرەكلىكىنى بىلەتتىم ، ئۇنداق بولمايدىغان بولسا ، مەنمۇ ئۆزۈمنى كۆڭۈللۈك ھېس قىلالمىغان بولاتتىم . سىز ئۆزىڭىز ئۇچۇن كۆپرەك باش قاتۇرۇپ ، ئۆز ھاياتىڭىزنى ئەڭ زور شاد - خۇراملىققا ئېرىشتۈرۈشىڭىز كېرەك . سىز ئاشۇنداق خۇشاللىقتىن بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك . سىز قانداق ئىش قىلغان بولسىڭىز ، ماڭا ماقۇل كېلىۋېرىدۇ . مەن سىزدىن ھەرگىز ئاغرىنمايمەن .» جىنىنى بۇ گەپنى دېيىشتە ، ئۇ يەردە گىرالد خانىمنىڭ بارلىقىنى كۆڭلىدە بىلەتتى . رېستومۇ شۇنداقمىكىن دەپ گۇمان قىلدى ، كۆڭلىدىن «جېنىنى گەرچە ھەددىدىن زىيادە كەڭ قورساقلىق قىلىۋاتقان بولسىمۇ ، لېكىن ئۆزىنى قۇربان قىلىش روھى ۋە يوشۇرۇن دەردىنىڭ قاتتىق كۆڭۈلسىزلىكىدىن ھامانەم خالىي بولالماسلىقى مۇمكىن» دېگەن پىكىر كەچتى . ئۇنىڭ مىكى - مىكى بولۇپ ، ئەڭ ئاخىرقى قەدەمنى بېسىشقا رايى بارماي تۇرۇشىدىكى سەۋەبمۇ مۇشۇ ئىدى .

بىراق ئۇنىڭ خەتتە يازغانلىرى بىلەن قەلبىدە يوشۇرۇنۇپ ياتقان ئوي - پىكىرلىرى بىر - بىرىگە نەقەدەر زىت دېمەمسىز !

ئالته ئاي ئۆتكەندىن كېيىن ، رېستو تەرەپتىن كېلىدىغان خەت ـ ئالاقە شالاڭلىشىپ قالدى . سەككىز ئايدىن كېيىن ، ۋاقتىنچە توختاپ قالدى .

بىر كۈنى ئەتىگەندە ، جېنىنى گېزىتكە بىرقۇر كۆز يۈگۈرتۈۋاتقىنىدا ، جەمئىيەتتىكى قىسقا خەۋەرلەر سەھىپىسىگە بېسىلغان : «دربېكس كوچىسى تۆت مىڭ قىرىق تۆتىنچى نومۇرلۇق ئۆيدە ئولتۇرۇشلۇق مالكولم گىرالد خانىم بىلەن سىنسىنناتىلىق ئارچىبالد گاننىڭ كەنجى ئوغلى رېستوگاننىڭ توي قىلىشقا پۈتۈشكەنلىكى ، قىز تەرەپ سەيشەنبە كۈنى يېقىن دوستلىرىنى تەكلىپ قىلىپ ئۆتكۈزگەن زىياپەتتە رەسمىي ئېلان قىلىندى ، ئۇقۇشىمىزچە توي مۇراسىمى ئاپرېلدا ئۆتكۈزۈلمەكچىكەن» دېگەن خەتلەر كۆزىگە چېلىقىپ قالدى . گېزىت ئۇنىڭ قولىدىن يەرگە چۈشۈپ كەتتى . ئاندىن ئۇ ئۇدۇللا هاڭقىيىپ قارىغان پېتى ، بىرنەچچە مىنۇتقىچە قىمىر قىلماي ئولتۇرۇپ قالدى . «راستتىن شۇنداق ئىش بولامدىكىنە ؟ — دېدى ئۇ ئۆزىگە ، — ئەجەبا بۇ ئىش ئاخىر روياپقا چىققان بولسا ـ هە ؟ » بۇ ئىشنىڭ چوقۇم يۈز بېرىشىنى ئۆزىمۇ بىلەتتى ، ئەمما شۇنداق بولمىسىكەن دېگەن ئۈمىدنىمۇ قىلىپ يۈرگەنىدى . نېمىشقا مۇشۇنداق ئۈمىدتە بولۇپ يۈرگەندىكىنە ؟ رېستوغا ئايرىلىپ كېتەيلى دەپ ئۆزى ئېيتقانغۇ ؟ بۇ گەپنى ئۇيان ئەگىتىپ ، بۇيان ئەگىتىپ ئوتتۇرىغا قويغانمۇ شۇ ئۆزىغۇ ؟ مانا ئەمدى ئىش چىڭىغا چىقتى . ئۇ ئەمدى قانداق قىلسۇن ؟ بۇ يەردە بىكار پۇلنى خەجلەپ ئولتۇرىۋەرسۇنمۇ ؟ بۇ خىل چارە ئۇنىڭ ئۆزىگە قەتئىي ياقمايتتى . بىراق ، رېستو مەخسۇس جېنىنىنىڭ ئۆزىگىلا تەئەللۇق قىلىپ نۇرغۇن پۇل ئاجراتتى . هازىر لاساۋرا كوچىسىدىكى بىر هاۋالە شىركىتىدە قىممىتى يەتمىش بەش مىڭ دوللارلىق تۆمۈريول پاي چېكى ئامانەت قويۇقلۇق ، ئۇنىڭ هەر يىلى چىقىدىغان تۆت مىڭ بەش يۈز دوللار ئۆسۈمىنى ئۇدۇللا جېنىنىغا ئەكېلىپ بېرىشىدۇ . ئۇ بۇ پۇلنى رەت قىلالامدۇ ؟ ئۆزىنى ئويلىمىغان تەقدىردىمۇ ،

ۋىستاننىڭ غىمىنى يېمەي بولمايدۇ ـ دە .

بۇ ئاقىۋەتتىن ئۇنىڭ يۈرىكى تەبىئىي ھالدا قاتتىق ئاغرىغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ يەنە بىرپەس ئويلانغاندىن كېيىن ، «بۇنداق ئاچچىقلىنىش ئەخمەقلىق» دېگەن پىكىرگە كەلدى . ھايات ئۇنىڭغا ئەزەلدىن مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلىپ كەلگەن ، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ يەنە مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلىشى مۇمكىن . بۇنى ئۆزى ئاللىبۇرۇن جەزملەشتۈرۈپ بولغان . ئۇنىڭ ئۆز ئالدىغا تىرىكچىلىك يولى ئىزدەپ چىقىپ كەتكىنى بىلەن رېستونىڭ نېمە پەرۋايى ؟ گىرالد خانىمنىڭ نېمە پەرۋايى ؟ ئۇ بۇ يەردە ، مۇشۇ كىچىككىنە يەرگە قامىلىپ ، نام ـ نىشانسىز ھايات كەچۈرۈۋاتىدۇ ؛ ئۇ يەردە ، رېستو بىر كەڭرى جاھاندا كىشىلىك ھاياتنىڭ لەززىتىنى ھەقىقىي سۈرۈۋاتىدۇ . بۇنىسى بەك يامان بولدى . ئەمما نېمىشقا يىغلىغۇلۇق ؟ نېمىشقا ـ ھە ؟

ئۇنىڭ كۆزلىرى قىپقىزىرىپ ، ئەمما يۈرەك ـ باغرى ئېزىلىپلا كەتكەندى . ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ ، ھېلىقى گېزىتنى بىر ساندۇقنىڭ تېگىگە سېلىپ ، ساندۇقنى قۇلۇپلاپ قويدى .

## 58

رېستو گىرالد خانىمغا چاي ئىچۈرۈپ بولدى ، بۇ پاكىت ، ئەمدى رېستوغا ئۆزىنىڭ بۇ يېڭى تۇرمۇشىغا كۆنۈشمۇ ھېچقانچە قىيىن ئىش ئەمەس . بۇ ئىشنىڭ ئىنتايىن جايىدا بولۇپ چىققانلىقىدا شەك يوق ، شۇنىسى ئۇنىڭ جېنىنى ئۇچۇن كۆڭلى بۇزۇلدى ، خېلىلا بۇزۇلدى . گىرالد خانىممۇ مۇشۇنداق تۇيغۇدا ، لېكىن ئۇنىڭ ئۆزىگە تەسەللى بېرەلەيدىغان ئاساسلىرىمۇ بار ئىدى . «بۇ چارە رېستو بىلەن جېنىنىڭ ھەر ئىككىلىسىگە پايدىلىق ، — دەپ ئويلايتتى ئۇ ، — بۇنداقتا رېستو تېخىمۇ كۆڭۈللۈك ياشىيالايدۇ ، مانا ھازىرنىڭ ئۆزىدىمۇ كۆڭۈللۈك يۈرۈۋاتامدۇ .



www.uyghurkitap.com

خوش ، جېننچۇ ، ئۇمۇ بۇ ئىشنىڭ ئەڭ ئاقىلانە ، ئەڭ ساۋابلىق ئىش ئىكەنلىكىنى ھامىنى چۈشىنىپ قالىدۇ ، ئۆزىنىڭ خالىس ئىش قىلىۋاتقىنىنى ھېس قىلىپ يەتكەندە ، چوقۇم خۇشال بولىدۇ . » گىرالد خانىمنىڭ ئەسلىدە مالكولم گىرالدقا مۇھەببىتى يوق ئىدى . ياش ۋاقىتلىرىدىكى رېستوغا باغلىق شېرىن چۈشى كېچىكىپرەك بولسىمۇ ھەرھالدا ئەمەلگە ئاشتى ، شۇڭا ئۇنىڭ خۇشاللىقىغا ھېچنېمە بەۋا كەلمەيتتى . ئۇنىڭ ئۈچۈن جاھاندىكى ئەڭ كۆڭۈللۈك نەرسە رېستو بىلەن بىللە ئۆتكۈزگەن كۈنلەر ، بىللە سەيلە قىلغان جايلار ، بىللە كۆرگەن ئىشلاردىنمۇ ئارتۇق ئەمەس ئىدى . ئۇنىڭ بۇ يىل قىشتا چىكاگودا رېستو گان خانىم دېگەن سالاھىيەت بىلەن ئۆتكۈزىدىغان تۇنجى پەسلىنى ھەقىقەتەنمۇ خاتىرىلەشكە ئەرزىيدۇ . ياپونىيىدە ئۆتكۈزىدىغان ساياھەت تۇرمۇشىنىڭ راست بولۇپ چىقىشىغا ئۇنىڭ ھېچ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى .

رېستو جېننىغا خەت يېزىپ ، ئۆزىنىڭ گىرالد خانىم بىلەن توي قىلىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى . خېتىدە ، ئۆزىنىڭ ئىزاھلاپ بەرگۈدەك سۆزى يوقلۇقىنى ، بولغان ھالەتتىمۇ ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ ، «مەن پەقەت گىرالد خانىم بىلەن توي قىلىشىم كېرەك دېگەن ئويغىلا كەلگەنىدىم ، سىزگە خەۋەر قىلىپ قويۇشنى لايىق تاپتىم» دەپ يازدى . جېننىنىڭ ئوبدان تۇرمۇش كەچۈرۈشىگە تىلەكداشلىق بىلدۈردى . «شۇنىڭغا ئىشىنىڭكى ، — دېگەنىدى خېتىدە ، — مەن سىزنى مەڭگۈ يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر قېتىدا ياد ئېتىپ تۇرىمەن ، تۇرمۇشىڭىزنىڭ ئىنتايىن كۆڭۈللۈك ، ئىنتايىن راھەت ئۆتۈشىنى پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن تىلەيمەن . » ئۇ جېننىنىڭ ئۆزىنى ئەپۇ قىلىشىنى ئۆتۈندى ، يەنە ۋېستانىڭ ئەھۋالىنى سوراپ ، «ئۇ يۇقىرى دەرىجىلىك مەكتەپتە ئوقۇشى كېرەك» دېدى .

جېننى بۇ ئوتتۇرىدىكى ئەھۋاللارنى تامامەن چۈشىنەتتى ، رېستونىڭ لوندوندىكى كاردىن تىياتىرخانىسىدا گىرالد خانىم بىلەن

ئۆچرىشىپ قالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا رام بولۇپ قالغانلىقىنى بىلەتتى، گىرالد خانىم ئىزچىل رەۋىشتە ئۇنى ئۆزىگە قارىتىپ كېلىۋاتقانىدى، ئەمدى ئۇنىڭغا بىراقلا ئېرىشىۋالدى. بۇمۇ بىر ھېسابتا ياخشى بولدى. جېنىنىمۇ رىستوغا شادىمانلىق تىلەپ كەلگەنىدى. شۇڭا ئۇنىڭغا چىن كۆڭلىدىن چىقىرىپ خەت يېزىپ، ئۆزىنىڭ مۇشۇ ئويلىرىنى ھەمدە كېزىتتە ئۇلارنىڭ چىيى ئىچۇرۇلگەنلىكى توغرىسىدا بېسىلغان خەۋەرنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتتى. رىستو بۇ خەتنى زىر - زەۋىرىگىچە قويماي ئوقۇپ چىقىپ، ئۇنىڭدىكى ھەربىر سەتر، سۆز - ئىبارىلەر ئارىسىدا باشقىچە مەنە بارلىقىنى ھېس قىلدى. «جېنىنىڭ ھېلىقىدەك قەيسەر روھى ئۆزىنىڭ سېھرىي كۈچىنى ھېلىھەم يوقاتماپتۇ» دېگەن ئويغا كەلدى. گەرچە رىستو ئىلگىرى ھېلىقىدەك ئىشلارنى قىلغان، ھازىر يەنە بۇنداق ئىشنى قىلماقچى بولۇپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، جېنىنى يەنىلا يۈرىكىنىڭ بىر يېرىدە ياد ئېتەتتى. جېنى بىر ئالىيجاناب ھەم جازىبىدار ئايالغا خاس خىسلەتىنى باشتىن - ئاياغ ساقلاپ كەلدى. ناۋادا، مۇھىتنىڭ بېسىمى بولمىغىنىدا، رىستو ھەرگىزمۇ گىرالد خانىم بىلەن توي قىلمىغان بولاتتى. لېكىن، ئاخىر يەنە شۇنىڭ بىلەن توي قىلدى.

توي مۇراسىمى ئون بەشىنچى ئاپرېلدا، گىرالد خانىمنىڭ تۇرالغۇسىدا ئۆتكۈزۈلدى، كاتولىك پوپى نىكاھ گۇۋاھچىسى بولدى. بىردىنلا رىستونىڭ يادىغا ئۆزىنىڭ دىنىي ئېتىقادىنىڭ تولىمۇ ئاجىز ئىكەنلىكى كېچىپ قالدى. دىن ئۇنىڭ ئۈچۈن سىرلىق بىر نەرسە ئىدى. بىراق ئۇ نېمىلا بولمىسۇن دىنىي جەمئىيەتنىڭ تەلىمىنى ئالغان كىشى بولغاچقا، چېركاۋنى نىكاھ گۇۋاھچىسى قىلساقمۇ يامان ئەمەس دېگەن ھېسسىياتقا كەلدى. ئۇ كۈنى تويغا تەكلىپ قىلىنغان مېھمانلار ئەللىكچە بار بولۇپ، ھەممىسى يېقىن دوستلار ئىدى. توي مۇراسىمى ئىنتايىن ئوڭۇشلۇق ئۆتكۈزۈلدى. كۆپچىلىك شادلىق سادالىرىنى ياڭرىتىپ، بۇلارنى قىزغىن تەبرىكلەشتى. باشلىرىدىن گۈرۈچ ۋە

رەڭلىك قەغەز پارچىلىرىنى خۇددى يامغۇر ياغقاندەك چېچىشتى. توي مەرىكىسى تېخى ئاياغلاشماستىنلا، يېڭى كېلىن بىلەن كۈيئوغۇل ياندىكى بىر ئىشىكتىن چىقىپ، پەيتۇنغا ئولتۇرۇپ يۇرۇپ كېتىشتى. ئون بەش مىنۇتتىن كېيىن، مېھمانلار ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىشىپ چىكاگو — ئۇلۇغ ئوكيان تۆمۈريولىنىڭ مەيدانچىسىغىچە يېتىپ بېرىشتى. بىراق بۇ چاغدا شادىمانلىقتا چۆمگەن بۇ بىر جۈپ ئاللىبۇرۇنلا ۋاگوندىكى مەخسۇس بۆلمىگە جايلىشىپ بولغانىدى، كۆپچىلىك نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قېلىشتى. شۇ يەردىلا يەنە بىرمۇنچىلىغان شامپان هارىقىنىڭ ئاغزىنى ئېچىشتى. شادىيانىلىقتا چۆمگەن بۇ توپ پويىز قوزغالغاندىن كېيىن، ئاندىن جىمىدى، ۋىسالىغا يېتىشكەن بۇ ئەر - خوتۇنلار ئاخىر بىخەتەر يولغا چىقىۋېلىشتى.

— شۇنداق قىلىپ، سىز مېنى ئاخىر قولىڭىزغا چۈشۈردىڭىز، — دېدى رېستو خۇشال ھېسلارغا غەرق بولغان هالدا، لېتتىنى ئۆزىگە يېقىن تارتىپ ئولتۇرۇپ، — ئەمدى يەنە نېمە قىلماقچى بولۇۋاتىسىز؟

— مانا مۇشۇنداق قىلماقچى، — لېتتى رېستوغا يېقىن سۈرۈلۈپ، ئۇنى ئىختىراسى بىلەن سۆيۈپ كەتتى. بۇلار تۆت كۈندىن كېيىن سانفرانسىسكودا، يەنە ئىككى كۈندىن كېيىن، ساموراپلار دۆلىتىگە باردىغان تېز يۈرەر پاراخوتتا ئىدى.

مۇشۇ كۈنلەردە، جېنىنىڭ ھېسسىياتى خۇددى كەلكۈن سۈيىدەك بىر ئۆرلەپ، بىر پەسىيىپ تۇردى. گېزىتنىڭ بىرىنچى قېتىمقى خەۋىرىدە، ئۇلارنىڭ ئاپرېلدا توي قىلىدىغانلىقى توغرۇلۇقلا يېزىلغانىدى، جېنى ئۇنى كۆرگەندىن كېيىن، كېيىنكى خەۋەرلەرگە دىققەت بىلەن قۇلاق سېلىپ يۈردى. كېيىن، تويىنىڭ ئون بەشىنچى ئاپرېلدا، يېڭى كېلىنىنىڭ تۇرالغۇسىدا، چېڭقىچۇشتە ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپتى. بۇ خەۋەرگە پەرۋا قىلمايچۇ، دەپ شۇنچە ئويلىدىيۇ، يەنە خۇددى ئاچ - زېرىنلىقتىكى بىر يېتىم بالا ئىسا پەيغەمبەرنىڭ مەۋلۇت كۈنىدە

چىراغ نۇرى چىقىپ تۇرغان بىر دېرىزىگە تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرغاندەك، ئىختىيارسىز هالدا، ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە بۇ خەۋەرنى دىققەت بىلەن ئوقۇپ چىقتى.

توي بولغان شۇ كۈنى، جېنىنى گويا بىر چەتتە تۇرۇپ مۇراسىم كۆرمەكچى بولغاندەك، يۈرىكى ئېچىشقان هالدا سائەت ئون ئىككىنى كۈتتى، ئاشۇ چىرايلىق تۇرالغۇنى، پەيتۇننى، مېهمانلارنى، توي زىياپىتىنى، شادىيانە مەنزىرىنى، مۇراسىمنى ۋە جىمى نەرسىنى ئۆز تەسەۋۋۇرىدىن ئۆتكۈزۈپ چىقتى. ئۇلارنىڭ پويىزنى ۋە شاد - خۇرام سەپىرىنى گويا سېهىرلىك كۆز بىلەن بىۋاسىتە كۆرۈپ تۇرغاندەك بولدى. كېيىنتە ئۇلارنىڭ ياپونىيىگە بېرىپ شېرىن ئاينى ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىشقانىدى. ئۇلارنىڭ شېرىن ئېيى! ئۇنىڭ رېستوسى! لېكىن گىرالد خانىمنى قالتىس جازىبىدار - دە. شۇ تاپتا ئۇ ئۇنىڭ — بۇ يېڭى گان خانىمنىڭ، ئەمەلىيەتتە بىرىنچى، هەقىقىي گان خانىمنىڭ رېستونىڭ قويىدا ياتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك بولدى. رېستو بىرمەهەل جېنىنىمۇ ئاشۇنداق قۇچاقلىغان، سۆيگەنىدى. شۇنداق، رېستو ئۇنى هەقىقىي سۆيەتتى! مۇشۇلارنى خىيال قىلىۋېتىپ، ئۇ بوغۇزىغا بىر نەرسە تىقىلىپ قالغاندەك بولۇپ كەتتى. «ئاھ، جېنىم!» ئۇ ئۆزىگە ئۆزى گەپ قىلىپ ئۇھ تارتتى، بارماقلىرىنى جېنىنىڭ بارچە قاراسلىتاتتى. لېكىن بۇنداق قىلىشنىڭمۇ هېچ پايدىسى بولمىدى. ئۇنىڭ دەردى بۇنىڭلىق بىلەن ئازىيىپ قالمايدۇ - دە.

شۇ كۈنى ئۆتۈپ كېتىۋىدى، ئۇنىڭ يۈرىكى خېلىلا بوشاپ قالدى. ئىش ئەمدى بۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتكەندە، ۋەزىيەتنى ئوڭشاشقا كىممۇ قادىر بولالىسۇن؟ ۋىستامۇ بۇ ئىشنى كۆڭلىدە ئېنىق چۈشەندىيۇ، لېكىن ئاپىسىغا ئىچىدە هېسداشلىق قىلىپ، ئاغزىدا هېچنېمە دېمىدى. ئۇمۇ كېيىنتىكە بېسىلغان خەۋەرنى كۆرگەنىدى. بىر - ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، جېنىنىڭ كۆڭلى خېلىلا تىنچلىنىپ قالدى، چۈنكى ئۇ هازىر ساقلانغىلى

بولمايدىغان ئىشقا روبىرو تۇرۇۋاتىدۇ - دە . بىراق يەنە بىرنەچچە
ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن ، بۇ خىل ئۆتكۈر سانجىپ ئاغرىش ئەينى
چاغلاردىكى ئۇيۇشۇپ قالغاندەك ئاغرىش ھالىتىگە قايتتى ؛ ئەمدى
جېننىنىڭ كاللىسىغا «رېستو يەنە بىرنەچچە ئايدىن كېيىن قايتىپ
كېلىدۇ» دېگەن ئوي كىرىۋالدى ، بىراق ئەمدى قايتىپ
كەلگەن - كەلمىگەننىڭ ئۆزى بىلەن ھېچ ئالاقىسى يوق - دە .
«ئۇلار ھازىر ياپونىيىدە ، ئۇ ناھايىتى يىراق يەر بولسا
كېرەك .» نېمىشقىدۇر ، ئۇنىڭغا رېستو ئۆزىگە يېقىنراق تۇرسا
ياخشى بولىدىغاندەك تۇيۇلاتتى .

ئەتىياز بىلەن ياز كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچىلىكلا ئۆتۈپ
كەتتى ، ھەش - پەش دېگۈچە ئۇنىنچى ئايمۇ كىرىپ قالدى . بىر
كۈنى ھاۋا سوغۇق بولۇپ كەتكەنىدى ، ۋېستا مەكتەپتىن «بېشىم
ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ» دەپ كەلدى . جېننى ئۇنىڭغا ئىسسىق
سۈت ئىچۈردى — بۇ ئۇنىڭ ئاپىسى دائىم قوللىنىدىغان داۋالاش
ئۇسۇلى ئىدى — ئاندىن مۇزدەك لۆڭگىنى قىزنىڭ بېشىنىڭ
ئارقىسىغا تېڭىپ ، قىزنى ھۇجرىسىغا ئەكىرىپ ياتقۇزۇپ قويدى .
ئەتىسى ئەتىگەندە قارىسا ، ۋېستا سەل قىزىپ قاپتۇ . شۇ ئەتراپتىكى
دوختۇر ئامېرى ئۇنىڭغا سىناق تەرىقىسىدە دورا بېرىۋىدى ،
قىزىتمىسى يەنىلا يانمىدى ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى «كېزىك بولۇپ
قالدىمىكىن» دەپ گۇمان قىلىشتى ، چۈنكى شۇ ۋاقىتلاردا
مەھەللىدە مۇشۇنداق كېسەلدىن خېلى كۆپى بايقالغانىدى . دوختۇر
جېننىغا : «ۋېستانىڭ بەدەن قۇۋۋىتى خېلىلا كۈچلۈك ، كېسەلگە
بەرداشلىق بېرەلىشى مۇمكىن ، شۇنداقتىمۇ خەۋپ يوق دېگىلىمۇ
بولمايدۇ» دېدى . جېننى كېسەلنى ئوبدان باقالمايمەنمىكىن ، دەپ
ئەنسىرەپ ئاتايىن چىكاگوغا بېرىپ ، خېلى تەلىم ئالغان بىر
سېستراني تەكلىپ قىلىپ ئەكەلدى ، ئۆزىمۇ بىمارنىڭ يېنىدىن
زادىلا نېرى كەتمىدى ، يۈرىكىنى ۋەھىمە ، ئەندىشە ، ئۈمىد ۋە
غەيرەت ئارىلاش ھېسلار چۇلغىۋالغانىدى .

كېيىنكى دىئاگنوزدا كېسەلنىڭ سۆزسىز كېزىك كېسىلى

ئىكەنلىكى ئېنىق بولدى . جېنىنى رېستوغا خەۋەر قىلماقچى بولدىيۇ ، يەنە بىر قارارغا كېلەلمەي توختاپ قالدى . شۇ چاغلاردا گېزىتتە رېستونىڭ نيۇيوركتا ئىكەنلىكى ھەمدە ئۇنىڭ قىشنى شۇ يەردە ئۆتكۈزمەكچى بولۇۋاتقىنى توغرۇلۇق يېزىشقانىدى . لېكىن دوختۇر بىر ھەپتىلىك دىئاگنوزدىن كېيىن ، ئاخىر «كېسەلنىڭ ئەھۋالى ئېغىر» دەپ جاكارلىۋىدى ، ئۇ ئاندىن مەيلى نېمە بولسا بولسۇن ، ئۇنىڭغا خەت يازاي ، دېگەن پىكىرگە كەلدى . چۈنكى ئالەمدىكى ئىشلارنى ھېچكىم ئالدىن مۆلچەرلىيەلمەيدۇ ــ دە . رېستو ۋىستانى بەك ياخشى كۆرىدىغان ، ھەرقانچە بولسىمۇ ئۇنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاشنى خالىمىغۇدەك دەرىجىدە بولۇپ كەتمىگەندۇ .

لېكىن بۇ خەتنى رېستو تاپشۇرۇۋالمىدى ، چۈنكى خەت بارغان چاغدا ، ئۇ ھىندى تاقىم ئاراللىرىغا كېتىپ قالغانىدى . شۇڭا جېنىنىغا ۋىستانىڭ كېسىلىدىن ئۆزى يالغۇز خەۋەر ئېلىشقا توغرا كەلدى . قوشنىلىرىنىڭمۇ كۆڭلى ياخشى بولۇپ چىقتى ، ئۇنىڭغا ياردەملەشكىلى كىرگەنلەرمۇ بولدى ، بىراق ئۇلار ھەرگىزمۇ مەنىۋى جەھەتتە تەسەللى بېرەلمەيتتى — بۇنداق تەسەللىنى ھەقىقىي ياخشى كۆرىدىغان ئادەملا بېرەلەيتتى . ۋىستا بىرمەھەل خېلىلا تۈزىلىپ قالغاندەك بولۇۋىدى ، دوختۇر بىلەن سېستىرا ئۈمىد بار دەپ ھېس قىلىپ قېلىشتى ، بىراق كېيىن بىردىنلا ئۆزگىرىپ ، كۈندىن ـ كۈنگە ئاجىزلاپ كەتكىلى تۇردى . ئامېرى دوختۇر ئۇنىڭ يۈرىكى بىلەن بۆرىكى تەسىرگە ئۇچرىغانلىقىنى ئېيتتى .

شۇنداق قىلىپ بىر چاغلارغا بارغاندا ، ھەممەيلەن ئۆلۈمدىن ساقلانغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ قېلىشتى . دوختۇرنىڭ چىرايى ناھايىتى جىددىيلىشىپ ، سېسترانىڭ گەپ ـ سۆزلىرىمۇ يۇمشاپلا كەتتى . جېنىنى بىر يەردە جىم ئولتۇرالماي ، ئىچىدە توختىماي دۇئا ـ تىلاۋەت قىلاتتى ، جىمىكى ئارزۇسىنى بىر نۇقتىغا مەركەزلەشتۇرۇپ ، پەقەت ۋىستانىڭ كېسىلىنىڭ ياخشى بولۇپ كېتىشىنىلا تىلەيتتى ، پەرۋەردىگاردىن ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ

نەرسە سورىمايتتى . مۇشۇ بىرنەچچە يىلدىن بېرى ، بۇ بالا ئۇنىڭغا ئاجايىپ كۆيۈنىدىغان بولۇپ كەتكەن ئەمەسمىدى ! ئۇ ئاپىسىنىڭ هالىغا يېتەلەيتتى ، ئاپىسىنىڭ ئىلگىرىكى كەچۈرمىشلىرىنى ئەمدى چۈشىنىشكە باشلىغانىدى . ۋىستا بولغاچقىلا ، جېننى خېلى زور مەسئۇلىيەت قارىشىغا ئىگە بولغان ، ياخشى ئانا بولۇش هەم بالىنى ئوبدان چوڭ قىلىشنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ يەتكەنىدى . ئەگەر رېستو قارشى تۇرمىغان بولسا ، ئەگەر ئۇ رېستو بىلەن رەسمىي توي قىلغان بولسا ، يەنە بالا تۇغۇۋالغانمۇ بولاتتى . مۇشۇ يىللاردىن بېرى ، جېننى قىزىنىڭ چىرايلىق ، نازاكەتلىك هەم ئەقىللىق قىز بولۇپ ئۆسۈۋاتقىنىغا قاراپ ، ئۆز كۆڭلىگە ئۆزى تەسەللى بېرىپ كەلگەنىدى ، ۋاي ئىسىت ، ئۇ ئەمدى ئۆلۈپ كېتىدىغان بولدى ! ئامېرى دوختۇر ئاخىر بولماي ، كېسەلنى بىرلىكتە كېڭىشىپ داۋالاش ئۈچۈن چىكاگودىن بىر دوختۇر ئاغىنىسىنى چاقىرتىپ كەلدى . ئۇنىڭ بۇ دوستى ياشقا چوڭىيىپ قالغان ، سالاپەتلىك ، كۆڭلى يۇمشاق ، ئىشنىڭ يولىنى بىلىدىغان ئادەم ئىكەن . ئۇ بالىنى كۆرگەندىن كېيىن ، بېشىنى چايقاپلا قويدى .

— داۋالاش ئۇسۇلىدا چاتاق يوق ، — دېدى ئۇ ، — ئەمما بالىنىڭ تېنى بۇنداق كېسەلنى كۆتۈرەلمەيدىغاندەك قىلىدۇ . بەزىبىر كىشىلەرنىڭ بەدىنى مۇشۇنداق .

ئىككى دوختۇر بىرلىشىپ دىئاگنوز قويغاندىن كېيىن ، «ئەگەر ئۈچ كۈن ئىچىدە ئۆزگىرىش كۆرۈلمىسە ، بىمارنىڭ ئۆمرى ئۇزاققا بارمايدۇ» دېگەن خۇلاسىگە كېلىشتى .

ھەممەيلەن جېننىغا گەپنىڭ ئوچۇقىنى دېيىشنى قارار تاپتى ، لېكىن ئۇنىڭ روهىي جەهەتتە قانچىلىك جىددىيلىشىپ كېتىۋاتقىنىنى هېچكىم پەرەز قىلالمايتتى . ئۇنىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ ، ئۆزى خۇددى پۇتى كۆيگەن توخۇدەك تېپىرلاپلا قالغان ، يۈرىكىدە ئوت كۆيۈپ تۇرسىمۇ ، لېكىن كاللىسى هېچنېمىگە ئىشلىمەس بولۇپ قالغانىدى . ئۇ گويا ۋىستانىڭ هالىتىدىكى

ئۆزگىرىشنى بىۋاستە سېزىپ تۇرغاندەك قىلاتتى. ئەگەر ۋۇستا سەل ـ پەل ياخشى بولۇپ قالسا، ئۇ بۇنــى ئۆز ۋۇجۇدىدىن سېزىۋالاتتى؛ ئەگەر ۋۇستا ئاجىزلىشىپ كەتسە، ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى بارومېتىرمۇ بۇ پاكىتنى ئاشكارىلاپ تۇراتتى.

جېنىنىنىڭ ئۆيىنىڭ ئەتراپىدا تۆت قوشنىسى بار بولۇپ، بۇلار ئىچىدىكى داۋىس خانىم ئەللىك ياشلار چامىسىدىكى، بەقۇۋۋەت كەلگەن، كۆڭلى بەك ئوبدان ئايال ئىدى. ئۇ جېنىنىنىڭ قەلبىنى بەك چۈشىنەتتى، شۇڭا ۋۇستا ئاغرىپ ياتقاننىڭ مابەينىدە، سېستىرا بىلەن دوختۇرغا ياردەملىشىپ، ئۇنىڭ روھىي جەھەتتىكى نورمال ھالىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن قولىدىن كەلگەنلىكى ئامالنى قىلىپ تۇردى.

— ئەمدى ھۇجرىڭىزغا كىرىپ بىردەم يېتىۋېلىڭ، گان خانىم، — دېدى ئۇ بىر كۈنى جېنىنى بىمارنىڭ قېشىدا نېمە قىلىشنى بىلەلمەي پايپېتەك بولۇپ تۇرغاندا، — ھەممە ئىشنى ماڭا تاشلاپ بېرىڭ. مەن قىلسامۇ سىز قىلغانغا ئوخشاش. پەرۋەردىگار سىزگە شەپقەت قىلىدۇ. مېنىڭ بىلمەيدىغان ئىشىممۇ بارمۇ؟ مەن يەتتە بالىنى تۇغدۇم، ئۈچىدىن ئايرىلدىم. ئويلاپ بېقىڭا، مەن ئۇقمايدىغان نېمە ئىش بار؟

بىر كۈنى جېنىنى بېشىنى ئۇنىڭ كەڭ، ئىسسىق يەلكىسىگە قويۇپ، پاڭڭىدە يىغلىۋەتتى. داۋىس خانىممۇ ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ يىغلاپ كەتتى.

— يۈرىكىڭىزدىكى دەردنى مەنمۇ چۈشىنىپ تۇرۇۋېتىمەن. يىغلىمىسىڭىزچۇ، بىچارە قوزام، قېنى بۇياققا كېلىڭا، — ئۇ جېنىنىنى ھۇجرىسىغا باشلاپ ئەكىرىپ كەتتى.

بىراق جېنىنى ۋۇستادىن قانداقمۇ ئۇزاق ئايرىلالــــــسۇن؟ ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىدىمۇ خاتىرجەم بولالماي، تۈزۈك ئارام ئالالماي، بىردەمدىن كېيىن يەنە بىمارنىڭ قېشىغا كىرىپ كەتتى. بىر كۈنى كېچىدە، سېستىرا ئۇنىڭغا: «ھەرقانچە بولسىمۇ، بۈگۈن ئاخشام بىر ئىش يۈز بەرمەس، سىز چىقىپ بىردەم يېتىۋالسىڭىزچۇ» دەپ

نەسىھەت قىلىشۇدى ، ئۇ ياندىكى ھوجرىغا كىرىپ كېتىپ ، تېخى نەچچە مىنۇت ئۆتەر - ئۆتمەستىنلا يەنە ئەنسىزلىككە چۈشتى . بۇ چاغدا داۋس خانىممۇ يېتىپ كېلىپ ، سېستىرا بىلەن ۋىستانىڭ كېسىلى توغرۇلۇق پىچىرلىشىپ سۆزلىشىۋاتقانىدى .

بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ ، جېنىنىڭ كۆڭلى دەررۇ ئۇيىدى . ئىتتىك قىزى ياتقان ھوجرىغا كىرىپ قارىشۇدى ، قىزى چىرايى ئاپئاق تاتارغان ھالدا ئاران - ئاران نەپەس ئېلىپ ياتاتتى ، كۆزلىرى يۇمۇق ئىدى .

— ئۇ بەك ئاجىزلاپ كەتتى ، — دېدى سېستىرا . داۋس خانىم جېنىنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى .

بىرپەستىن كېيىن ، دالاندىكى سائەتنىڭ قوڭغۇرىقى بىرگە جاڭ ئۇردى . سېستىرا دورا قويۇلغان ئۈستەل قېشىغا بىرنەچچە قېتىم كېلىپ ، ئۇ يەردىن بىر پارچە پاختىنى ئېلىپ ئىسپىرتقا چىلاپ ، ۋىستانىڭ جاۋىغايلىرىنى سۈرتتى ، سائەت بىر يېرىمغا جاڭ ئۇرغاندا ، بىمارنىڭ زەئىپ بەدىنى سەل قىمىرلىدى ، ئەسلىدە ئۇ بوش ئاۋازدا ئۇھسىنغانىدى . جېنى ئالدىغا ئېتىلىشۇدى ، داۋس خانىم ئۇنى ئىتتىك ئارقىغا تارتتى . ھېلىقى سېستىرا ئوقتەك كېلىپ ئالدىغا ئۆتتى - دە ، بولارغا ئارقىدىراق تۇرۇشنى قولى بىلەن ئىشارەت قىلدى . ئەسلىدە بىمارنىڭ تىنىقى توختاپ بولغانىكەن .

داۋس خانىم جېنىنى چىڭ تۇتۇۋالدى .

— سىز ، سىز ، بىچارەم ، — شىۋىرلاپ سۆزلەۋېتىپ ، ئۆزىمۇ ئىختىيارسىز تىترەپ كەتتى ، — بۇنىڭغا ئامال يوق . يىغلىمىسىڭىزچۇ .

جېنى كارىۋاتنىڭ قېشىدا يەرگە تىزلىنىپ ، ۋىستانىڭ سوۋۇۋاتقان باشلىغان قولىنى «كاپ» قىلىپ تۇتۇۋالدى .

— ئاھ ، ياق ، — دەپ نىدا قىلدى ئۇ ، — سىز كەتمەڭ ! سىز كېتىپ قالمىسىڭىز بولاتتى !

— بولدى ، بولدى ، ئەزىزىم ، — دېدى داۋس خانىم ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ ، — سىز ھەممە ئىشنى پەۋەردىگارغا تاپشۇرسىڭىز بولمامدۇ؟ ھەرقانداق ئىش بەندىنىڭ ئىرادىسىگە بېقىنمايدىغانلىقىغا ئىشەنمەمسىز ؟

جېنىنىغا گويا يەر ـ زېمىن ئۆگتۈرۈلۈپ ، جىمىكى نەرسە كۆمپەيكۆم بولۇپ كەتكەندەك بىلىندى . دېمىسىمۇ ، ئۇنىڭ ھاياتىدىكى چەكسىز قاراڭغۇلۇق ئىچىدە يورۇقلۇقتىن ئازراقمۇ ئەسەر قالمىغانىدى .

## 59

رېستو بىلەن بىرگە خىد باغچىسىدا بىرقانچە يىل ئارامبەخش تۇرمۇش كەچۈرۈش جەريانىدا ، جېنىنىدىكى ھەددىدىن زىيادە مىسكىنلىك ئاستا ـ ئاستا يوقىلىپ بېرىۋاتقانىدى . مانا ئەمدى رەھىمسىز تەقدىرنىڭ تۆپىلەپ كەلگەن زەربىسىدىن ئۇنىڭ ئەينى چاغلاردىكى ھالىتى يەنە ئەسلىگە قايتتى . بىرنەچچە ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن ، ئۇ ئاندىن ۋىستانىڭ ئاللىقاچان بۇ دۇنيادىن كېتىپ قالغىنىنى ئېنىق ھېس قىلىپ يەتتى . ۋىستا جان ئۈزگەندىن كېيىن بىر ـ ئىككى كۈن ئىچىدە كۆرگەن ھېلىقى سولغۇن چىرايىنىڭ ۋىستانىڭكى ئىكەنلىكىگە ھېچ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى . ۋىستانىڭ ھېلىقى شاد ـ خۇرام ، قىزغىن كەيپىياتى ، ھېلىقى چەبدەس ھەرىكەتلىرى ، ھېلىقى ساغلام تەقى ـ تۇرقى نەگە كەتكەندۇ؟ ھېچقايسىسى قالماپتۇ . ئۇنىڭ ئورنىغا پەقەت پىيازگۈلدەك سولىشىپ بوزارغان تەن بىلەن كىشىنى دىمىقتۇرىدىغان جىمجىتلىقلا قالغانىدى . جېنىنىنىڭ كۆز ياشلىرى قۇرۇپ كەتتى ، ئۇ يۈرىكىگە چوڭقۇر ھەم مەھكەم ئورناپ كەتكەن ئازابتىن باشقىنى سەزمەس ئىدى . ئۇنىڭغا «ئىنسانىيەت ئۆلۈپ تۈگىمەيدۇ» دېگەن ئېنىق ، ئىشەنچلىك ھەقىقەتنى شىۋىرلاپ

ئېيتىپ بېرەلەيدىغان، مەڭگۈلۈك ئەقىل - پاراسەتكە ئىگە دانىشمەن نەدە بار دەيسىز؟

سېسترا مافلى، دوختۇر ئامبرى، داۋس خانىم، يەنە بىر مۇنچە قوشنا - قولۇملار ئۇنىڭغا ناھايىتى ھېسداشلىق قىلدى، كۆيۈندى. داۋس خانىم ۋىستانىڭ قازا تاپقىنى توغرۇلۇق رېستوغا تېلېگراممۇ ئەۋەتكەنىدى، بىراق رېستو ئۆيدە بولمىغاچقا، ئۇنىڭدىن جاۋاب بولمىدى. ئۆي ئىشلىرىنى ۋاقتىنچە باشقىلار قىلىشىپ بەردى، چۈنكى جېنىنىڭ ھېچنېمىگە قارىغۇدەك ماجالى قالمىغانىدى. ئۇ ئەتىگەندىن - كەچكىچە ئۆينىڭ ئىچىدە ئۇيان - بۇيان چۆرگىلەپ، ۋىستا ھايات ۋاقتىدا ئىشلەتكەن، ياخشى كۆرگەن نەرسىلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈش بىلەنلا بەند بولۇپ يۈردى، بۇ نەرسىلەر ئىگىسى قازا قىلغاندىن كېيىن، جېنىنىڭ دەرد - ھەسرىتىنى قوزغاپلا تۇراتتى. ئۇ ۋىستانىڭ جەسىتىنى چېكاگوغا ئاپىرىپ، گۇناھتىن ساقىت بولغۇچىلار زاراتگاھلىقىغا دەپنە قىلماقچى بولدى، چۈنكى رېستو ئۆز ۋاقتىدا ئۇ يەردىن بىر پارچە يەرلىك سېتىۋالغانىدى. ئۇ يەنە ۋىستانى كۆمۈشتىن ئاۋۋال بىرنەچچە ئېغىز ۋەز قىلدۇرۇشقا گېرخاردت ھايات ۋاقتىدا دائىم بارىدىغان ھېلىقى لۇدېر چېركاۋىنىڭ پوپىنى تەكلىپ قىلىپ ئەكەلمەكچى بولدى. تاۋۇتنى ئېلىپ مېڭىشتىن ئاۋۋال، ئۆيدە كىچىككىنە نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزۈۋېتىشتى. مۇشۇ جاينىڭ دەپنە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش جەمئىيىتىدىكى پوپ كېلىپ، «ئىنجىل» دىن بىر سۈرىنى ئوقۇدى، ۋىستانىڭ ساۋاقداشلىرى كېلىپ، ھەمدۇسانا ناخشىسىنى ئوقۇشتى، كىمدۇر بىرەيلەن ئاپئاق مېيىت ساندۇقىنىڭ ئۈستىگە جىققىنا گۈل ئەكېلىپ قويۇپتۇ. يەنە بىرمۇنچىلىغان ھېسداشلىق بىلدۈرۈش، تەسەللى ئېيتىشلاردىن كېيىن، ۋىستانىڭ جەسىتىنى ئېلىپ يولغا چىقىشتى. مېيىت پويىزغا جايلاشتۇرۇلدى، ئاندىن ئۇدۇل چېكاگودىكى لۇدېر چېركاۋىنىڭ زاراتگاھلىقىغا ئېلىپ بېرىلدى.

مۇشۇ ئىشلار قىلىنىۋاتقاندا، جېنى گويا چۈش

كۆرۈۋاتقاندەك تۇيغۇدا بولۇپ يۈردى . ئۇنىڭغا بىشى قىيىپ كېتىۋاتقاندەك ، ئېسىنى يوقىتىپ قويۇۋاتقاندەكلا تۇيۇلاتتى . داۋىس خانىمنىڭ ئۆتۈنۈشى بىلەن قوشنىلاردىن بەشەيلەن ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ چىكاگوغىچە بىللە باردى . جېننى مېيىتنىڭ لەھەتكە چۈشۈرۈلۈۋاتقىنىغا ھاڭقايغىنىچە ئۈن - تىنسىز قاراپ تۇردى . دەپنە مۇراسىمى تامام بولغاندىن كېيىن ، شامۇۋدقا قايتىپ بېرىپ ، قوشنىلىرىغا ئەمدى بۇ يەردە ئۇزاق تۇرالمايدىغانلىقىنى ئېيتتى . ئۇ دادىسى بىلەن قىزىغا يېقىنراق تۇرۇش ئۈچۈن چىكاگوغا قايتىپ كەتمەكچى بولغانىدى .

شۇنىڭدىن كېيىن ، ئۇ ئۆزىنىڭ كېلەچىكىنى توغرۇلۇق ئويلىنىشقا باشلىدى . ئۇنىڭغا بىرەر ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى بولمىسىمۇ ، لېكىن ئۇ ئاز - تولا ئىش تېپىپ ئىشلەش قارارىغا كەلدى . «سېستىرالىقنى چاپسان ئۆگىنىۋالغىلى بولىدۇ ، سېسترا بولاي» دەپ ئويلىدى . ئۇ يەنە ۋىلىيامنى خىيالىغا ئەكەلدى . ۋىلىيام تېخى توي قىلمىغاندىن كېيىن ، بەلكىم كېلىپ ئاچىسى بىلەن بىرگە تۇرۇشقا ئۇناپ قىلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى ، شۇنىسى جېننى ئۇنىڭ قەيەردە تۇرۇۋاتقىنىدىن خەۋەرسىز ، ھەتتاكى باشنىڭ ئادرېسىنىمۇ بىلمەيدۇ - دە . ناھايەت ، ئۇ بىرەر دۇكاندىن ئىش تېپىپ ئىشلىمەكچى بولدى . ئۇ ئەزەلدىن بىكار يۈرۈشنى خالىمايتتى ، ئەمدى شامۇۋدتا ئۆزى يالغۇز قىلىپ ، قوشنىلىرىنى ئۆزىنىڭ غېمىگە چىتىپ يۈرسە بولمايدۇ - دە . شۇنىڭ بىلەن ئۇ : «چىكاگودىكى بىرەر سارايدا يېتىپ - قوپۇپ يۈرۈپ ، ئىش - كۈش تېپىپ ئىشلەي ياكى بولمىسا گۈناھتىن ساقىت بولغۇچىلار زاراتگاھلىقىغا يېقىن ئەتراپتىن كىچىكرەك بىر ئۆي تېپىپ ئولتۇراي ، شۇنداق قىلسام يۈرىكىمدىكى قايغۇ - ھەسرەت يېنىكلىشىپ قالار» دېگەن ئويغا كەلدى . ئاندىن يەنە ئىگە - چاقىسىز بالىلاردىن بىرەرىنى بېقىۋالماقچىمۇ بولدى ، چىكاگودىكى يېتىم بالىلار ئۆيىدە مۇشۇنداق بالىلار بارلىقىنى بىلەتتى .

ۋستا قازا قىلىپ ئالاھازەل ئۈچ ھەپتىدىن كېيىن ، رىستو رەپىقىسىنى ئېلىپ چىكاگوغا قايتىپ كەلدى ، كېلىپلا ، ھېلىقى بىر ىنچى پارچە خەتنى ، تېلېگراممىنى ھەم ۋىستانىڭ قازا تاپقانلىقى خەۋەر قىلىپ يېزىلغان باغاقچىنى چېلىقتۇردى . بۇ خەۋەرنى ئۇقۇپ ، دەرۋەقە خېلىلا قايغۇردى ، ئۇنىڭ بۇ بالىغا ھەققىدىي مېھىر - مۇھەببىتى بار ئىدى . ئۇ يەنە جېننى ئۈچۈنمۇ قايغۇردى ، رەپىقىسىگە ئۇنى بىر يوقلاپ كەلمىسە بولمايدىغانلىقىنى ئوچۇقلا ئېيتتى ، چۈنكى جېننى ئەمدى قانداق قىلىدۇ ، ئۇ ئۆزى يالغۇز ياشىيالمايدۇغۇ . بەلكىم ئۇنىڭغا ئاز - تولا ئامال تېپىشىپ بېرەر . ئۇ پويىزغا ئولتۇرۇپ شامۇۋدقا باردى ، بىراق جېننى بۇ چاغدا چىكاگودىكى تورېيمون سارىيىغا ئورۇنلىشىپ بولغانىدى . رىستو دەرھال قايتىپ كېلىپ ، سارايغا باردى . بۇ كۈنىمۇ جېننى قىزىنىڭ تۇپراق بېشىغا كېتىپ قالغانىدى ، ئىككىنچى قېتىم بېرىشىدا ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشالىدى . كۆتكۈچى رىستونىڭ ئىسىم كارتۇشكىسىنى ئەكىرىپ بەرگەندە ، جېننىنى بىردىنلا ئۇنى ئىلگىرى دائىم كۆرۈپ تۇرغان چاغدىكىدىنمۇ كۈچلۈك ھېسسىيات چۇلغىۋالدى ، چۈنكى ئۇ شۇ تاپتا رىستوغا تېخىمۇ موھتاج بولۇپ تۇرغانىدى .

رىستو تېخى يېقىندىلا توي قىلغان ، مال - دۇنياسىى ، ھوقۇقى ، ئىززەت - ھۆرمىتى تولۇق ئەسلىگە كېلىپ بولغان بولسىمۇ ، ئەمما ئۆتكەن ئىشلارنى يەنە تۇرۇپ - تۇرۇپلا ئەسلەپ قالاتتى . ئۇنىڭدىكى ئۆز - ئۆزىدىن شۈبھىلىنىش ، ئۆز - ئۆزىدىن نارازى بولۇش تۇيغۇسى تېخى تامامەن تۈگەپ كەتمىگەنىدى . گەرچە جېننىنىڭ تۇرمۇشى ناھايىتى راھەتتە ئۆتۈۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ ، لېكىن كۆڭلىدە يەنىلا خاتىرجەم بولالمايۋاتاتتى ، چۈنكى ئۇ جېننى ئۈچۈن گەپ پۈلدا ئەمەسلىكىنى ئېنىق چۈشىنەتتى . جېننىنىڭ ئۈمىد قىلىدىغىنى يەنىلا مۇھەببەت ئىدى ، مۇھەببەت بولمىسا ئۇنىڭ رولسىز يالغۇز قېيىقتا ئولتۇرۇپ پايانسىز دېڭىزدا لەيلەپ يۈرگەندەك بولۇپ قالىدىغانلىقى رىستوغا چۈشىنىشلىك

www.uyghurkitap.com

ئىدى . جېنىنى ئۇنىڭغا موھتاج ، ھالبۇكى ئۇ ئۆزىنىڭ مېھىر - شەپقەتلىك كۆڭلىنىڭ ئۆز - ئۆزىنى ھىمايە قىلىش ئېڭى ۋە ماددىي جەھەتتىكى ئىستەكنى بېسىپ كېتەلمىگەنلىكىنى ئويلىغىنىدا ، تولىمۇ خىجىل بولاتتى . شۇ كۈنى لىفت بىلەن جېنىنىنىڭ ياتىقىغا چىقىپ كېتىۋېتىپ ، كۆڭلى ناھايىتى بىئارام بولدى ، ئەمما يەنە ئىشنىڭ ئەمدى ئورنىغا كەلمەيدىغانلىقىنىمۇ ئويلىدى . ئۇ ئۆز سەۋەنلىكىدىن ھەرگىزمۇ تانالمايتتى . باشتا ئۇنى يولدىن ئازدۇرماسلىقى كېرەك ئىدى ، كېيىن يەنە ئۇنىڭغا ئاخىرغىچە ھامىيلىق قىلالمىدى . خەير ، ئەمدى بولغۇلۇق بولۇپ بولدى . شۇ تاپتا ئۇنىڭ قولىدىن كېلىدىغىنى پەقەتلا جېنىنىغا ئادىلراق مۇئامىلىدە بولۇش ، ئۇنىڭ بىلەن چارە - ئاماللار تۇغرۇلۇق كېڭىشىش ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ھېسداشلىقى ۋە ئەڭ ياخشى كۆرسەتمىسىنى بېغىشلاش ئىدى .

— ھوي ، جېنىنى ، — جېنىنى ئىشىكنى ئېچىشى بىلەنلا ، ئۇ جېنىنىنى مۇشۇنداق يېقىملىق تەلەپپۇزدا چاقىردىيۇ ، شۇ زامان مۇسىبەت ھەم غەم - قايغۇ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا پەيدا قىلغان ئىزنالارنى بايقاپ قالدى . جېنىنى خېلى بەكلا جۇدىگەن ، چىرايىدا قان دىدارى قالمىغان ، كۆزلىرى ئىچكىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەنىدى ، — ۋىستا ئۇچۇن بەك قايغۇردۇم ، — دېدى ئۇ سەل قولاشمىغان ئاھاڭدا ، — بۇنداق ئىش يۈز بېرەر دەپ زادىلا ئويلىمىغانىكەنمەن .

بۇ ۋىستا ۋاپات بولغاندىن كېيىن — ئەمەلىيەتتە رېستودىن جۇدا بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا تۇنجى قېتىم ئېيتىلغان خېلى قىممىتى بار تەسەللى سۆز ئىدى . ئۇ رېستونى كۆڭۈل ئېيتقىلى كەپتۇ ، دەپ ئويلاپ ، دەرمەھەل گەپ قىلالماي تۇرۇپ قالدى . كۆز ياشلىرى چاناقلىرىدىن ئېتىلىپ چىقىپ ، مەڭزىنى بويلاپ ئېقىشقا باشلىدى .

— يىغلىمىسىڭىزچۇ ، جېنىنى ، — رېستو ئۇنى باغرىغا بېسىپ ، بېشىنى ئۆزىنىڭ مۈرىسىگە قويۇۋالدى ، — شۇ تاپتا مېنىڭمۇ كۆڭلۈم قاتتىق بۇزۇلۇپ تۇرۇۋاتىدۇ . ئىلگىرى نۇرغۇن

ئىشلار مېنى ئېچىندۇرغانىدى، ئەمدى ھەرقانچە قىلغان بىلەنمۇ ئىش ئورنىغا كەلمەيدۇ. ئەمدىكى بۇ ئىش مېنى ئەلۋەتتە تېخىمۇ بەك ئېچىندۇرىدۇ. سىز ئۇنى قەيەرگە دەپنە قىلدىڭىز؟

— دادامنىڭ قېشىغا، — دېدى جېنىنى ئۆكسۈپ تۇرۇپ.

— ھەي... ي، بۇ ئىشنى قارىمامدىغان، — ئۇ شۇنى دېدىيۇ، يەنە ئۇنچىقماستىن، جېنىنى قۇچاقلىغىنىچە تۇرىۋەردى. ناھايەت، جېنى ئۆزىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن ئۇنىڭ قۇچىقىدىن بوشىنىپ، قولىياغلىقى بىلەن كۆزىدىكى يېشىنى ئېرتتى - دە، ئاندىن ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

— كۆڭلۈم راستىنلا بۇزۇلۇۋاتىدۇ، — ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — قېرىشقاندەك، چىكاگودا بولماي قالغىنىمنى قاراڭ. مەن سىرتقا كېتىپ قالمىغان بولسام، سىزمۇ ئۆزىڭىز يالغۇز بۇنچىۋالا ئېغىر كۈندە قالمىغان بولاتتىڭىز. سىزنىڭ ئەمدى شامۇۋدتا تۇرغۇڭىز يوققۇ دەيمەن.

— يوق، رېستو، — دېدى جېنىنى، — مەن چىدىيالمايدىكەنمەن.

— ئۇنداقتا نەگە بارماقچى بولۇۋاتىسىز؟

— ھە، بۇنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. ئىشقىلىپ ئۇ يەردە تۇرىۋېرىپ، باشقىلارنى پاراكەندە قىلغۇم كەلمىدى. نەدىن بولسۇن، كىچىكرەك بىر ئۆي تېپىپ ئولتۇرۇپ، بالا بېقىۋالايمىكىن ياكى بولمىسا ئاز - پاز ئىش تېپىپ قىلايمىكىن، دەپ ئويلاۋاتىمەن. مېنىڭ يالغۇز ياشىغۇم يوق.

— ماۋۇ ئويىڭىز بولىدۇ، — دېدى رېستو، — بالا بېقىۋالاي دېگەن ئويىڭىز. بالا بولسا زېرىكمەيسىز. بالا بېقىۋېلىشنىڭ يولىنى بىلەمسىز؟

— يېتىم باللار ئۆيىگە بېرىپ بىرنى تاللىۋالىمەن، شۇنداققۇ؟

— مېنىڭچە بۇنداق ئاددىي بولمىسا كېرەك، — رېستو چوڭقۇر ئويغا چۆمگەن ھالدا جاۋاب بەردى، — مېنىڭچە بۇنىڭ

www.uyghurkitap.com

بىر قائىدە ـ تەرتىپى بار بولۇشى مۇمكىن ، قانداق قىلىدىغانلىقىنى مەنمۇ بىلمەيدىكەنمەن . ھەرھالدا ئۇلارنىڭ ئاشۇ باللىرىنى باشقۇرىدىغان چارىلىرى باردۇ؟ سىز ۋاتسىن بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا مەسلىھەت سېلىپ باقسىڭىز بولارمىكىن . سىز پەقەت باللىنى تالىشۋالسىڭىزلا بولىدۇ ، قالغان ئىشنى شۇنىڭغا قويۇپ بېرىڭ . مەن بېرىپ ئۇنىڭغا ئېيتىپ قوياي .

رېستو ئۇنىڭ ھەمراھقا تازا موھتاج بولۇۋاتقىنىنى پەملىۋالدى .

— ئىنىڭىز گېئورگى ھازىر نەدە؟ — دەپ سورىدى ئۇ .

— ئۇ روچېستېردا ، ئەمما كېلەلمەيدۇ . باسنىڭ ئېيتىشىچە ، ئۇ توي قىلىۋاپتۇ .

— ئائىلىڭىزدىكىلەردىن سىز بىلەن بىللە تۇرغىلى كېلەلەيدىغان بىرەرسىمۇ يوقمۇ؟

— ۋىلىيامنى ئىزدەپ باقساممۇ بولاتتىغۇ ، لېكىن ئۇنىڭ ئادرېسىنى بىلمەيدىكەنمەن .

— ئەگەر چىكاگودا تۇرۇپ قالماقچى بولسىڭىز ، جېكسون باغچىسىنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى يېڭى تاشيول ياقىسىدىن ئۆي ئىزدەپ باقسىڭىز بولامدۇ؟ — دەپ تەكلىپ بەردى رېستو ، — ئۇ يەردە خېلى چىرايلىق ئۆيلەرنى كۆرگەنىدىم . سىز ئۇنى سېتىۋالمىسىڭىزمۇ بولىدۇ ، ئاۋۋال ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرۇپ ، كۆڭلىڭىزگە ياقامدۇ ، يوق ، قاراپ باقمامسىز؟

بۇ تەكلىپ جېننىغا ياغدەك ياقتى ، چۈنكى ئۇنى رېستو بەردى ـ دە . رېستونىڭ ئۆزىنىڭ ئىشىغا بۇنچىلىك كۆڭۈل بۆلگىنىدىن ئۇ قەۋەتلا مىننەتدار بولدى . دېمەك ، رېستو ئۇنىڭدىن پۈتۈنلەي جۇدا بولۇپ كەتمەپتۇ ، ئۇنىڭغا ھېلىھەم كۆڭۈل بۆلۈپ تۇرىدىكەن . ئەمدى جېننى ئۇنىڭدىن رەپىقىسىنىڭ ئەھۋالىنى ، سەپىرىنىڭ كۆڭۈللۈك بولغان ـ بولمىغانلىقىنى ھەمدە ئۇنىڭ كەلگۈسىدە چىكاگودا ئولتۇراقلىشىپ قالىدىغان ـ قالمايدىغانلىقىنى . . . سوراپ كەتتى . مۇشۇ ئارىلىقتا ، «مەن

جېنىنغا ۋاپاسىزلىق قىلدىم» دېگەن ئوي رېستونىڭ كاللىسىدىن بىردەممۇ نېرى بولمىدى . ئۇ دېرىزە ئالدىغا بېرىپ ، پەستىكى دىلفىن كوچىسىغا نەزەر تاشلىۋىدى ، ئات هارۋىلىرى ئۇيان - بۇيان ئۆتۈشۈپ تۇرغان بۇ قايناق دۇنيا ئۇنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتتى . ئايىغى ئۈزۈلمەي ئۆتۈشۈۋاتقان هارۋىلار ، ئالدىراش كېتىپ بارغان كىشىلەر بەئەينى كۆزنى غەلەت قىلىدىغان سىرلىق كۆرۈنۈشنىڭ ئۆزى ئىدى . ئۇ مۇشۇلارغا قارىغىنىچە ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىنىمۇ سەزمەي تۇرۇۋەردى . بىركەمدىن كېيىن ئەتراپ بارا - بارا قاراڭغۇلۇق قوينىغا كىرىپ ، كوچىلاردىكى چىراغلار كەينى - كەينىدىن يورۇشقا باشلىدى .

— مېنىڭ سىزگە دەيدىغان گەپلىرىم بار ئىدى ، جېننى ، — رېستو ئاخىر خىيالدىن باش كۆتۈرۈپ گەپنى باشلىدى ، — سىز بىلەن ئىككىمىز مۇشۇنچىۋالا كۆپ ئۆزگىرىشنى باشتىن كەچۈردۇق ، ئېھتىمال هازىر سىز مېنى غەلىتىرەك ئادەمكەن ، دەپ ئويلاپ قېلىۋاتقان بولۇشىڭىز مۇمكىن ، ئەمما مەن سىزگە هامانەم كۆڭۈل بۆلۈپ تۇرىمەن . بۇ قارىماققا غەلىتە كۆرۈنسە كېرەك بەلكىم ، سىزدىن ئايرىلغىنىمدىن بېرى ئەس - يادىم سىزدىلا بولۇپ كەلدى . مەن ئەسلىدە سىزدىن ئايرىلغىنىمنى ئۆزۈمگە پايدىلىق ، بۇنى ۋەزىيەت كەلتۈرۈپ چىقارغان ، دەپ ئويلىغانىكەنمەن . مەن يەنە ، ئۆزۈممۇ لېتتىنى ناهايىتى ياقتۇرىدىغان بولغاندىن كېيىن ، شۇنىڭ بىلەن توي قىلسام بولمىدىمۇ ، دەپ ئويلاپتىكەنمەن . مەلۇم نۇقتىئىنەزەردىن قارىغاندا ، بۇ ئىش گويا هازىرمۇ خاتا ئەمەستەك تۇرىدۇ ، بىراق مەن ئۆزۈمنى ئىلگىرىكىدەك كۆڭۈللۈك هېس قىلالمايمەن . كەلگۈسىدە كۆڭۈللۈك ياشىغان تەقدىردىمۇ ، سىز بىلەن بىرگە ئۆتكەن چاغلاردىكىگە يەتمەسلىكى ئېنىق . دېمەك ، بۇ ئىشتا مەسىلىنىڭ مۇهىم تەرىپى مەن ئەمەس ئىكەنمەن . مۇشۇنداق ئەهۋالغا دۇچ كەلگەندە ، ئادەمنىڭ هېچنېمىگە ئىلاجى بولمايدىكەن . مېنىڭ دېمەكچى بولغانلىرىمنى چۈشەندىڭىزمىكىن .

قىسقىسى، بىز ھەممىمىز ئازدۇر ـ كۆپتۇر ھالدا ئۆز ئەركىمىزدىن مەھرۇم ئىكەنمىز. ھەممىمىز خۇددى شاھمات پىشكىسىغا ئوخشاش، مۇھىتنىڭ مەجبۇرلىشىغا ئۇچراپ تۇرىدىكەنمىز، ئەمما ئۇ مۇھىتنى ئىدارە قىلىش بىزنىڭ قولىمىزدىن كەلمەيدىكەن.

— مەن چۈشىنىمەن، رېستو، — دېدى جېيننى جاۋابەن، — مەن سىزدىن ھەرگىز ئاغرىنمايمەن. بۇ ئىشلارنىڭ ئامالسىزلىقتىن بولغانلىقىنىمۇ بىلىپ تۇرۇۋېتىمەن.

— گەپىنىڭ پوسكاللىسىنى ئېيتساق، كىشىلىك تۇرمۇش ئازدۇر ـ كۆپتۇر مەسخىرىۋازلىق ئويۇنىغا ئوخشاش خاراكتېرنى ئالغانىكەن، — دېدى رېستو سەل ئەلەم بىلەن، — بۇ بىر خىل ئەخمىقانە ئويۇن ئىكەن. بىزنىڭ قولىمىزدىن كېلىدىغانلىرى ناھايىتى شۇ، ئۆزىمىزنى ئامان ساقلاپ قېلىشقىلا يارايدىكەن. كىشىلىك ھاياتنىڭ نۇقسانسىز بولۇشىنى ئارزۇ قىلغىنىمىز بىلەنمۇ، بۇنداق ئىش مەۋجۇت بولمىسا كېرەك.

جېيننى ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىنىڭ تېگىگە تازا يېتىپ كېتەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ھەرھالدا ئۇنىڭ دەۋاتقانلىرىدىن ئۆزىدىن ئۆزى نارازى بولۇش ھەمدە جېيننىغا ناماقۇل بولۇش مەنىسى چىقىپ تۇرۇۋاتقىنىنى ئاڭقىرىۋالدى.

— مېنىڭدىن غەم قىلماڭ، رېستو، — دېدى ئۇ تەسەللى بەرگەن ئاھاڭدا، — ماڭا ھېچنېمە بولمايدۇ، مەن يەنە كۈنۈمنى ئۆتكۈزۈپ كېتەلەيمەن. بۇنداق يالغۇزلۇقتا ياشاش ۋاقتىنچە قورقۇنچلۇق بىلىنسىمۇ، لېكىن مەن ھازىر بۇنىڭغا كۆنۈپ قالدىم، مۇشۇنداق ئۆتۈپ كېتەلەيمەن.

— مەن سىزنى مېنىڭ پوزىتسىيەمنىڭ قىلچە ئۆزگەرمىگەنلىكىنى بىلىپ قالسىكەن، دەيمەن، — رېستو ئالمان ـ تالمان سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — سىزنىڭ ئىشىڭىزغا بۇرۇنقىدەكلا كۆڭۈل بۆلۈپ تۇرىمەن. گان. . . لېتتىمۇ بۇنىڭغا بىرنېمە دېمەيدۇ. ئۇ مېنىڭ ھېسسىياتىمنى تازا ئوبدان

چۈشىنىدۇ. سىز مۇقىم بىر ماكان تۇتۇۋالغاندىن كېيىن، سىزنى يوقلاپ كېلىپ تۇرىمەن. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن يەنە كېلىمەن. سىز مېنىڭ يۈرىكىمنىڭ قانچىلىك ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى بىلىۋاتقانسىز؟

— ھەئە، بىلىۋاتىمەن، — دېدى جېننى.

رېستو ئۇنىڭ قولىنى ئۆزىنىڭ ئالىقىنىغا ئېلىپ، ھېسداشلىق يۈزىسىدىن چىڭ سىقىپ قويدى.

— ئۆزىڭىزنى ھەرگىز بىزەۋەتە قىلماڭ، — دېدى ئۇ يەنە، — سىزنىڭ بىزەۋەتە بولۇشىڭىزغا مەن چىدىيالمايدىكەنمەن. قانداقلا بولمىسۇن قۇدرىتىمنىڭ يەتكىنىچە قىلىمەن. سىز يەنىلا مېنىڭ جېننىيىمسىز، ئەگەر كۆڭلىڭىزگە كەلمىسىلا. مەن سىزگە يۈز كېلەلمىگۈدەك ئىش قىلىپ قويدۇم. ئەمما مەن بەك ئەسكى دېگۈدەك دەرىجىدىمۇ ئەمەسمەن.

— بوپتۇ، رېستو. بۇ يولىڭىزدىن قايتماڭ، بۇنىڭغا ئامال يوق. ئېھتىمال كۆڭۈللۈك ياشاپ كېتەرسىز. ھېلىدىقى چاغدا سىز...

— ھوي، جېننى، — رېستو ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى - دە، ئۇنىڭ قوللىرىنى، بىلەكلىرىنى، ئاندىن يەلكىسىنى قىزغىن ئىشتىياق بىلەن ئۇۋۇلاشقا باشلىدى، — بۇرۇنقى كۈنلىرىمىزنىڭ يۈز - خاتىرىسى ئۈچۈن مېنى سۆيۈپ قويامسىز؟ — دېدى ئۇ ھىجىيىپ تۇرۇپ.

بۇ گەپ بىلەن جېننى قوللىرىنى ئۇنىڭ مۈرىسىگە ئېلىپ، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن كۆزىنى ئۈزمىگەن ھالدا، ئۇنىڭ بىلەن سۆيۈشۈپ كەتتى. ئىككىيلەننىڭ لەۋلىرى ئۇچرىششى بىلەنلا جېننىنى ئىختىيارسىز تىترەك باسقىلى تۇردى، رېستومۇ مەزمۇت دەسسەپ تۇرالماي قالدى. جېننى ئۇنىڭ ھاياجاندىن لەرزىگە كەلگىنىنى كۆرۈپ، گەپ قىلىشقا تەمشەلدىيۇ، لېكىن دەرمەھەل گېپىنى ئاغزىدىن چىقىرالمىدى.

— بالدۇرراق كېتىۋېلىڭ، — دېدى ئۇ ئاخىر قەتئىيلىك

بىلەن، — كۆن كەچ بولۇپ كەتتى.

رىستو يۈرىكىنىڭ بىر يېرىدە بۇ يەردە قىلىپ قالغۇسى كېلىپ تارتىنشقان پېتى كېتىپ قالدى، چۈنكى جېننى ھېلىھەم ئۇ چىن يۈرىكىدىن سۆيىدىغان بىردىنبىر ئايال ئىدى. جېننىچۇ؟ گەرچە جۇدالىقنىڭ بەرھەقلىقىنى كۆرۈپ يەتكەن بولسىمۇ، كۆڭلى خېلىلا تەسەللى تېپىپ قالدى. ئۇنىڭ بۇ ئىشتىكى ئەخلاق ۋە ئېتىكىغا ياتىدىغان چىگىش مەسىلىلەرنى ئىزاھلاش ھەم رەتلەپ چىقىشقا ھەپىسلىسى يوق. ئۇ كەڭ دېڭىزنى بىر ئىستاكانغا قاچىلىماقچى بولغان ياكى توختىماي دەۋر قىلىپ تۇرۇۋاتقان بۇ ئالەمنى قانۇنىيەت دېگەن بۇ تانا بىلەن مەھكەم باغلاپ تۇرماقچى بولغان بەزىبىر كىشىلەرگە ئوخشاشمايدۇ ـ دە. رىستو ئۇنى ھېلىھەم ياخشى كۆرىدۇ، لېتتىنىمۇ ياخشى كۆرىدۇ. ئۇنداق بولسا نىمە بوپتۇ؟ جېننى ئەينى چاغلاردا رىستونىڭ پەقەت بىرلا ئۆزىنى ياخشى كۆرۈشىنى تىلەيتتى. ھازىر رىستو بۇنداق قىلالمايدۇ. ئۇنداقتا، ئۇنىڭ مۇھەببىتى ھېچنېمىگە ئەرزىمەس بولۇپ قالدىمۇ؟ جېنىنىڭ بۇنى ئويلاشقىمۇ، ھېس قىلىشقىمۇ رەغدى قالمىدى. ھالبۇكى، رىستومۇ مۇشۇنداق ھالەتتە ئىدى.

## 60

شۇنىڭدىن كېيىنكى بەش يىلدا، رىستو بىلەن جېننى بىر ـ بىرىدىن بارغانسېرى يىراقلاشتى. دەسلەپكى چاغلاردا توربېيمون سارىيىدا بىرنەچچە قېتىم كۆرۈشكىنىدە، ئۇلارغا ئىلگىرىكى مۇناسىۋىتىنى يەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈش مۇمكىنىدەك تۇيۇلغانىدى، ئەمما كېيىن ھەر ئىككىلىسى ئۆزلىرىنىڭ مۇھىتىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەنلىكتىن، ئىلگىرىكى مۇناسىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مۇمكىنچىلىكى يوق بولدى. رىستونىڭ ياشاۋاتقان مۇھىتى دەل ئىجتىمائىي ھەم سىياسىي ئىشلار ئەڭ بېسىق

بولىدىغان مۇھىت ئىدى. ئۇنىڭ بىسىپ ئۆتىدىغان يوللىرىنى جېنىنىڭ پىنھان يوشۇرۇشنى ياقتۇرىدىغان قەلبى زادىلا تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى. جېنىنىڭ ئۆزىچۇ؟ ئۇ بىر خىل تىنچ، خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرمەكتە. ئۇ جېكسون باغچىسىغا يېقىن بىر جايدىكى ئاددىيغىنا، كىچىككىنە بىر ئۆيدە، يېتىم باللار ئۆيىدىن ئەكېلىپ ئۆزىگە بىردىنبىر ھەمراھ قىلىپ بېقىۋالغان خورما رەڭ چاچلىق قىزى بىلەن بىللە پىنھان ياشاۋاتماقتا ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ فامىلىسىنى گان دەپ ئاتاشنى مۇۋاپىق كۆرمەي، بۇ يەردە ئۆزىنى شىدولف خانىم دەپ ئاتىۋالدى. رېستولار چىكاگودا تۇرغان مەزگىلدە، كۆل ساھىلىدىكى تاشيول ياقىسىغا جايلاشقان ناھايىتى كۆركەم بىر كاتتا قەسىردە ئولتۇرۇشتى. بۇ يەردە ئولتۇرۇشلار، تانسىلار، زىياپەتلەر قايناپ تۇردى، گاھى چاغلاردا خۇددى ساليوت ئېتىلغاندەك، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۇلىنىپ داۋام قىلىپ تۇردى.

شۇغىنىسى، رېستو ئەسلىي جىمجىتلىقنى، ئارامخۇدا ياشاشنى ياخشى كۆرەتتى. تونۇش - بىلىشلەر بەك كۆپ بولۇپ كەتكەچكە، بەزى چاغلاردا سەل گۇمانلىق، ئانچە بەك تونۇشۇپ كەتمىگەن، ئېسىدە ئانچە تۇرمايدىغان ياكى گېپى تولىراق دوست - ئاغىنىلەردىن بىرنەچچىسىنى شاللىۋېتىپ، ئۇلار بىلەن ۋاقتىنچە بېرىش - كېلىش قىلماي يۈردى. ئۇ بىر جېنىغا غەربىي قىسىمدىكى ئەڭ مۇھىم پۇل مۇئامىلە، سودا تەشكىلاتىدىن توققۇزىنىڭ — سىنسىنناتى بىرلەشمە تراكتور شىركىتى، غەربىي قىسىم تۆمۈر شىركىتى، بىرلەشمە هارۋا - ۋاگون شىركىتى، چىكاگو ئىككىنچى دۆلەت بانكىسى، سىنسىنناتى بىرىنچى دۆلەت بانكىسى ھەمدە شۇنىڭغا ئوخشاش باشقا مۇھىم شىركەتلەردىن بىرقانچىسىنىڭ دىرېكتورلۇقىنى، بەزىلىرىدە قوشۇمچە مۇدىرىيەت رەئىسلىكىنى ئۈستىگە ئالغانىدى. بىرلەشمە هارۋا - ۋاگون شىركىتىنىڭ ئىشلىرىغا ئۆزى زادىلا بىۋاسىتە ئارىلىشىپ باقمىدى، ھەر دائىم ئادۋوكاتى ۋاتسېننى ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتىپ

تۇرديۇ ، لېكىن ئىشلارنىڭ كېتىپ بېرىشۋاتقىنىغا بۇرۇنقىدەكلا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى . ئاكىسى روبېرت بىلەن يەتتە يىلنىڭ مابەينىدە بىر قېتىممۇ كۆرۈشمىدى . ئىموگېن چىكاگودا تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ ، ئۇنىڭ بىلەنمۇ كۆرۈشمىگىنىگە ئۈچ يىل بولدى . لۇئىزا ، ئامى ۋە ئۇلارنىڭ ئەرلىرى ، ئەڭ يېقىن دوست ـ بۇرادەرلىرىغۇ رېستو ئۇچۇن يات كىشىلەردەكلا بولۇپ قالغانىدى . ناتتوزنتورى ئوبالىئان بىرلەشمە قانۇن ئىشخانىسىمۇ ئۇنىڭ ئىشلىرىغا پەقەتلا چاتاق سېلىپ باقمىدى .

ئەمەلىيەتتە ، رېستو كىشىلىك ھاياتقا سەل ئېتىبارسىز قارايدىغان بولۇپ قالدىلا ئەمەس ، بەلكى ئۇنىڭدا بىر خىل تەنقىدىي كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى تەدرىجىي شەكىللىنىپ بارماقتا ئىدى . كىشىلىك ھاياتنىڭ مەقسىتى زادى نېمە ئىكەنلىكىگە ئۇنىڭ ھېچ ئەقلى يەتمەيتتى . ئۇ : ناھايىتى ئۇزاق دەۋرلەردە بىر خىل غەلىتە ئىشلار يۈز بەرگەن ، بۇ ئىشلار تەدرىجىي تەرەققىيات شەكلى ئارقىلىق باشلانغاندا ، ئون سەككىز مىڭ ئالەمدە پەقەت بىرلا خىل ناھايىتى كىچىك ھۈجەيرىلىك توقۇلما بار بولغان ، كېيىن ئۇ پارچىلىنىپ كۆپىيىپ ، باشقا ھۈجەيرىلەر بىلەن بىرلىشىپ ، ئاستا ـ ئاستا جىسمىنى شەكىللەندۈرگەن ، ئاندىن يەنە بېلىق ، ھايۋانات ، ئۇچار قۇشلارغا ئوخشاش خىلمۇخىل غەلىتە شەكىللەرنى ھاسىل قىلغان ، ئاخىرىدا ئادەم پەيدا بولغان ، دەپ بىلەتتى . ئادەم ، ئۇمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش ، ئەسلىدە ئۆزلۈكىدىن بىرىككەن ھۈجەيرىلەردىن تەشكىل قىلىنغانىدى ، مانا ئەمدىلىكتە ، يەنە شۇنىڭغا ئوخشاش ، ھۇزۇر ـ ھالاۋەت كۆرۈش ئىستىكىدە ، باشقا ئادەملەر بىلەن بىرلىشىپ قۇرۇلما ھاسىل قىلىپ ، خىلمۇخىل شەكىللىك تۇرمۇش كەچۈرۈشۈۋاتىدۇ . نېمىشقا شۇنداق ؟ بۇنى خۇدا بىلىدۇ . رېستو ھازىر بۇ يەردە پەۋقۇلئاددە پەم ـ پاراسەت ۋە مۇئەييەن سالماقتىكى قابىلىيەتنىڭ ئىگىسى بولۇپ تۇرۇۋاتقان ھەم بەلگىلىك ساندىكى بايلىققا ۋارىسلىق قىلىۋاتقان بولسىمۇ ، لېكىن ئۆزىنىڭ مۇشۇلاردىن بەھرىمەن بولۇشقا ئەرزىيدىغانلىقىغا

ئىشەنمەيتتى، بۇنى پەقەت «بەخت ـ تەلىيىم ئوڭ بولغانلىقى ئۈچۈنلا قولغا كەلگەن» دەپ چۈشىنەتتى. شۇنداقتىمۇ باشقىلارغا قاراپ، ئۇلارمۇ بەھرىمەن بولۇشى كېرەك دېيەلمەيتتى، چۈنكى بايلىقنى سەرپ قىلىشتا ئۇمۇ باشقىلاردەكلا ئېھتىياتچان، ئىسراپخورلۇقتىن خالىي ھەم راستچىل ئىدى. ناۋادا، ئۇ تۇغۇلۇشىدىنلا نامراتلىق پېشانىسىگە يېزىلىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، يەنە ئاشۇ خىلدىكى كىشىلەرگە ئوخشاشلا شۈكۈر ـ قانائەت قىلىپ ياشىغان بولاتتى. شۇنداق بولغاندىن كېيىن، ئۇ نېمىدەپ ئاغرىنغۇدەك؟ نېمىدەپ غەم ـ ئەندىشىگە پېتىپ، قۇرۇق خىيال سۈرۈپ يۈرگۈدەك؟ مەيلى ئۇ خالىسۇن ياكى خالىمىسۇن، بۇ دۇنيا ھامان ئۆزىنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئىلگىرىلەۋېرىدۇ. بۇ ئۆزگەرمەس ھەقىقەتتۇر. ئۇنداقتا، ئۇنىڭ يەنە تىت ـ تىت بولۇپ يۈرۈشىنىڭ زۆرۈرىيىتى بارمۇ زادى؟ يوق. گاھىبىر چاغلاردا، ئۇ «ئەينى زامانلاردا مۇشۇ ئىنسانىيەت ئالىمى ئاپىرىدە بولمىغان بولسىچۇ» دەپمۇ ئويلاپ قالاتتى. شائىرلار ئېيتقان «ئاشۇ مۇقەددەس، قەدىمدىن بار ئىش» دېگەن سۆز ئۇنىڭ قارىشىچە ئازراقمۇ پاكىتنى ئاساس قىلمىغانىدى. گويا خانىممۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشىشىپراق كېتىدىغان پىكىردە ئىدى.

جېننى بۇ مەزگىللەردە ئاسراندى قىزى روسا بىلەن جەنۇبىي رايوندا ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ كاللىسىدا كىشىلىك ھاياتنىڭ مەنىسى توغرۇلۇق ھېچقانداق ئېنىق يەكۈن يوق ئىدى. ئۇ رېستو بىلەن ئۇنىڭ ئايالىدەك، ئۇنداق خۇلاسە چىقىرىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلار بەك كۆپ، چەككەن رىيازەتتىمۇ ئاز ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ يەنە بىرمۇنچىلىغان كىتابلارنى ئوقۇپ چىقتى. ئۇنىڭدا ھەر خىل بىلىمنىڭ مەنىسىنى ئىگىلىۋالىغۇدەك ئىمكانىيەت زادىلا بولمىغان. ئۇنىڭ كاللىسى رېستو بىلەن ئۇنىڭ ئايالىنىڭ كاللىسىدەك، تارىخ، فىزىكا، خىمىيە، بىئولوگىيە، گېئولوگىيە، ئىجتىمائىيەت قاتارلىقلارنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ مۇقىم بىر بىلىم تارمىقى ئىكەنلىكىنى ھېس

قىلىپ يېتەلمەيتتى . ئۇ پەقەتلا : «ئالەم بىر خىل ئۆزگىچە ، تۇراقسىز شەكىلدە ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدۇ ، ئۇنىڭ زادى نېمىنى مەقسەت قىلىدىغانلىقىنى ھېچكىم ئېنىق بىلمەيدۇ» دەپ ئويلايتتى . ئادەم تۇغۇلىدىكەن ، كېيىن يەنە ئۆلىدىكەن . بەزىلەر ئالەمنىڭ بۇنىڭدىن ئالتە مىڭ يىل مۇقەددەم ئاپىرىدە بولغانلىقىنى ئېيتىشىدۇ ؛ بەزىلەر بولسا ، ئۇ بىرنەچچە مىليون يىل ئۆمۈر سۈردى ، دېيىشىدۇ . بۇلارنىڭ ھەممىسى قارىسىغىلا كېلىپ قالغان پەرەز . ئەمدى ، ئالەمنىڭ مەنىسى قايسى ؟ ياكى بولمىسا بىر خىل ئەقىل - پاراسەت — بىر خىل ئىلاھ — بۇ ئالەمنى ئۆز ئىلكىدە تۇتۇپ تۇرۇۋاتامدىغاندۇ ؟ ئۇ ھەرقانچە ئىشەنمەي دېسىمۇ ، يەنە كۆڭلىدە جەزمەن بىر خىل نەرسىنىڭ — بىر خىل يۈكسەك كۈچ - قۇدرەتنىڭ مۇشۇ جىمى گۈزەل نەرسىلەرنى — گۈل - گىياھلارنى ، يۇلتۇزلارنى ، دەل - دەرەخلەرنى ، ئوت - چۆپلەرنى ئاپىرىدە قىلغانلىقىنى ھېس قىلىپ تۇراتتى . تەبىئەت دۇنياسى نېمىدېگەن گۈزەل ! كىشىلىك تۇرمۇش بەزى چاغلاردا بەك شەپقەتسىز تۇس ئالغاندەك قىلىسىمۇ ، ئەمما تەبىئەت دۇنياسىنىڭ گۈزەللىكى باشتىن - ئاياغ ئۆزگەرمەستۇر . مۇشۇنداق ئوي - پىكىرلەر ئۇنىڭغا ئاجايىپ زور تەسەللى بېغىشلايتتى ؛ ئۇ ئۆزى يالغۇز قېلىپ ئىچى پۇشقان چاغلىرىدا ، مۇشۇنداق ئويلار بىلەن كۆڭلىدىكى پۇشۇقىنى نىشىنى تارقىتىۋېتەتتى .

بىز جېنىنىڭ تۇغۇلۇشىدىنلا مېھنەت سۆيەر ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ ئۆتكەندۇق . ئۇ گەرچە ئىش بىلەن مەلىكە بولۇپ تۇرغاندىمۇ خىيالدىن باش كۆتۈرمەيدىغان بولسىمۇ ، يەنىلا ئانچە - مۇنچە ئىش تېپىپ قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى . مۇشۇ بىرنەچچە يىلدىن بېرى ، ئۇ سەل سەمرىپ قالغان بولسىمۇ ، ئانچە بەك كېلەڭسىز دېگىلى بولمايتتى ، ئورۇق - سىمىزلىكى دەل جايىدا ، قايغۇ - ھەسرەتمۇ ئۇنىڭ چىرايىغا ئانچە كۆپ قورۇق چۈشۈرەلمىگەنىدى . ئۇنىڭ كۆزلىرى كۆل رەڭ ، يېقىملىق ، چاچلىرى ھېلىھەم شۇنداق كۆركەم ، قوڭۇر رەڭدە ئىدى ،

www.uyghurkitap.com

شۇغىنىسى ئۇنىڭغا سەل - پەل ئاق ئارىلاپ قالدى، قولۇم - قوشنىلىرى ئۇنى مىجەزى ئېسىل، ناھايىتى مېھرىبان، ناھايىتى مېھماندوست دەپ تەرىپلىشەتتى. ئۇلار جېنىنىڭ تارىخىدىن خەۋەرسىز ئىدى، پەقەت ئۇنى ئىلگىرى شامۋۇدتا تۇرغان، ئۇنىڭدىن بۇرۇن كلېۋېلاندتا تۇرغان، دەپلا بىلىشەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى كەچۈرمىشلىرى ھەققىدە قاتتىق سىر ساقلىغانىدى.

جېنى ئەزەلدىنلا كېسەلگە قاراشنى ياقتۇرىدىغان بولغاچقا، بىرمەھەل سېسترا بولۇش ئويىدا بولۇپ يۈردى. ئەمما، كېيىن سېستىرالىققا قىزلارنىلا ئالىدىغانلىقىنى بىلىپ، بۇ ئويىنى كاللىسىدىن چىقىرىۋېتىشكە مەجبۇر بولدى. كېيىن يەنە خەيرىيەت ئورگانلىرىدا ئىشلىمەكچىمۇ بولۇۋىدى، بىراق ئەينى چاغلاردا ئېقىپ يۈرگەن ئاتالمىش «پەقەت ئۆز ھالىدىن ئۆزى خەۋەر ئالالايدىغانلارغىلا ياردەم بېرىشكە بولىدۇ» دېگەن تەلىماتنىڭ تېگىگە ھېچ يېتەلمەي يۈردى. ئۇ پەقەت كىشىلەرگە ياردەم قىلىشنىڭ ساۋابلىق ئىش ئىكەنلىكىگىلا ئىشىنەتتى. ھېلىقىدەك ئادەمنىڭ سالاھىيىتىگە قاراپ ياردەم بېرىش توغرۇلۇق سۈرۈشتۈرگۈسى كەلمىدى، خەيرىيەت ئورگانلىرىغا بىرقانچە قېتىم بېرىپ سوراشتۇرغانىدى، ئۇلار ئۇنىڭغا ۋارقىرىمىغان بولسىمۇ، ھەرھالدا سوغۇق مۇئامىلىدە بولۇشتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ روساغا قاراپ بېقىپ، ئاخىر يەنە بىر بالىنى بېقىۋېلىش قارارىغا كەلدى - دە، تۆت ياشلىق بىر ئوغۇل بالىنى بېقىۋېلىپ، ئۇنىڭغا ھېنرى شىدولف دەپ ئىسىم قويدى. جېنىنىڭ نەپىقە پۇلى مۇقىم ئىدى، چۈنكى ئۇنىڭ كىرىمىنى بىر ھاۋالە شىركىتى يەتكۈزۈپ بېرىپ تۇراتتى. ئۇ بۇ پۇلنى دەسمايە سېلىپ، ھايانكەشلىك ياكى قارىغۇلارچە ئېلىپ - سېتىشتەك ئىشلارنى قىلىشنىمۇ خالىمايتتى. گۈل بېقىش، بالىلارنى تەربىيىلەش، ئۆي ئىشلىرىنى بىر ياقلىق قىلىشنىڭ ئۆزىمۇ ئۇنىڭغا يېتىپ ئاشاتتى.

مۇشۇ ئايرىلىش ئىشى ئېنىق بېكىتىلىپ بولغاندىن كېيىن، روبېرت بىلەن رېستوننىڭ خۇسۇسىي مۇناسىۋىتىدە ئىنتايىن

قىزىقارلىق بىر ۋەقە بولۇپ ئۆتتى . ئەسلىدە ۋەسىيەتنامە ئوقۇپ ئۆتۈلگەن ئاشۇ كۈندىن باشلاپ ، بۇ ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەن پەقەتلا بېرىش ـ كېلىش قىلىپ باقمىغانىدى . روبېرت ئىنىسىنى پات ـ پاتلا خىيالىغا ئەكېلەتتى . رېستو جېنىدىن ئايرىلىپ كەتكەندىن كېيىن ، روبېرت ئۇنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىگە دىققەت قىلىپ يۈردى . گېزىتتىن ئىنىسىنىڭ گىرالد خانىم بىلەن توي قىلغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى كۆرگەندە ، كۆڭلىدە ئاجايىپلا سۆيۈنۈپ كەتتى ، چۈنكى ئۇ ئىزچىل رەۋىشتە لېتتىنى ئىنىسىغا تازا لايىق جورا بولالايدۇ ، دېگەن پىكىردە بولۇپ كەلگەنىدى . دادىسى پوزىتسىيىسىنى ئېنىق بىكىتكەن ، ئۆزى ئالاھىدە ۋاسىتىلەرنى ئىشقا سېلىپ گان جەمەتى شىركىتىنىڭ باشقۇرۇش ھوقۇقىنى قولىغا كىرگۈزۈۋالغاندىن كېيىن ، ئىنىسىنىڭ ئۆزىگە قارىتا قاتتىق نارازىلىقى بارلىقىنى خېلى كۆپ جەھەتتىن بايقاپ قالغانىدى . شۇنداقتىمۇ ئىككىيلەننىڭ ئوتتۇرىسىدا پىسخىكا جەھەتتىن ھېچقاچان توساق بولۇپ باقمىغانلىقىنى ، ھېچبولمىغاندا تىجارەت خۇسۇسىدىكى پىكىرلەردىمۇ كېلىشمەسلىك يوقلۇقىنى ھېس قىلاتتى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، رېستو ھازىر روناق تېپىپ كېتىۋىدى ، ئۇنىڭ ئىنىسىغا مەردلىك قىلغۇسى ، ياخشى كۆڭلىنى ئىپادىلىگۈسى كېلىپ كەتتى . ئۇنىڭدا ئىنىسىغا قارىتا ئەسلىدىنلا يامان غەرەز يوق ، ئۇ ئەزەلدىن ئىنىسىنىڭ ئېڭىغا جان ـ دىل ۋە بارلىق كۈچى بىلەن سەممىي تەسىر كۆرسىتىپ كەلگەنىدى . ناۋادا ، ئىككىيلەن يارىشىپ قالىدىغان بولسا ، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان ئىشلارنىڭ كۆپ بولۇشىدا شەك يوق . شۇڭلاشقا ئۇ پات ـ پاتلا رېستونىڭ ئۆزى بىلەن ئەپلىشىپ قېلىش ئويى بار ـ يوقلۇقىنى قىياس قىلىپ ، ئۆزىچە خىيال سۈرىدىغان بولۇپ قالدى .

ئارىدىن مەلۇم ۋاقىتلار ئۆتتى ، بىر كۈنى ئۇ چىكاگودا پەيتۇندا كېتىۋېتىپ ، پەيتۇننى ئەتەي شىمالىي قىرغاقتا توختاتتى ـ دە ، يېنىدىكى بۇرادىرىنى رېستو ئولتۇرۇشلۇق



www.uyghurkitap.com

قەسىرنى كۆرۈپ كېلىشكە تەكلىپ قىلدى ، ئۇ بۇ قەسىر توغرۇلۇق باشقىلاردىن خېلى بۇرۇنلا ئاڭلىغانىدى .

ئۇ ئۇ يەرگە يېقىن بېرىپ ، شۇنداق بىر قاراپلا ، ئەينى يىللاردىكى گان ئائىلىسىگە خاس كەيپىياتنى بايقىدى . ئەسلىدە رېستو بۇ ئۆينى سېتىۋالغاندىن كېيىن ، بىرقۇر ئۆزگەرتىپ ، بىر يېنىغا گۈل پارنىكى سالدۇرۇپ ، سىنىسىنناتىدىكى ئۆينىڭ كونىچە پاسونىغا زەپمۇ ئوخشىتىۋەتكەنىدى . روبېرت شۇ كۈنى كەچتىلا رېستوغا خەت يېزىپ ، ئۇنى دوستلۇق كۈلۈبىدا ئۆزى بىلەن بىللە غىزا يېيىشكە تەكلىپ قىلدى ، خېتىدە ئۆزىنىڭ بىر - ئىككى كۈندىن كېيىن كەتمەكچى ئىكەنلىكىنى ، مۇشۇ ئارىلىقتا ئىنىسى بىلەن بىر كۆرۈشۈۋېلىش ئىستىكىدە بولۇۋاتقىنىنى ئېيتتى . ئۇ يەنە : «بىزنىڭ كۆرۈشمىگىنىمىزگە شۇنچە ئۇزاق يىل بوپتۇ ، ھەر ئىككىمىزگە ئوڭايسىز تۇيۇلۇشى مۇمكىن ، شۇنداقتىمۇ بىرلا تەكلىپىم بار ، مەن قانداقلا بولمىسۇن ، سەن بىلەن كۆرۈشسەم دەيمەن ، كۆرۈشۈش ۋاقتى پەيشەنبە بولسۇن . كېلەمسەن ، يوقمۇ ، جاۋابىڭنى كۈتىمەن» دېدى .

رېستو بۇ خەتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ، شۇ زامان قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ، قاتتىق خىيالغا چۆكتى . دادىسى ئۇنىڭ يۈرىكىگە سالغان ھېلىقى ئېغىر جاراھەت تېخى تەلتۆكۈس ساقىيىپ كەتمىگەن ، روبېرتنىڭ ئەينى چاغلاردا ئۇنى شۇ قەدەر رەھىمسىزلىك بىلەن تاشلىۋەتكىنى تا ھازىرغىچە ئۇنىڭ كۆڭلىنى مالامەت قىلىپ كېلىۋاتقانىدى . ئۇ : «ئاكام ئەينى چاغلاردا پايدا - زىيان ئۈستىدە ھەرقانچە تىتىك تۇرغان بولسىمۇ ، قېرىنداشلىقنىڭ يۈز - خاتىرسىنىمۇ ئاز - تولا قىلىپ قويۇشى كېرەك ئىدىغۇ » دېگەن ھېسسىياتتا ئىدى . ناۋادا ، ئۇ ئەينى چاغدا ئاكىسىنىڭ ئورنىدا بولغان بولسا ، ئۇنداق ۋاستە ئىشلەتمىگەن ، ئىشلىتىش خىيالىدىمۇ بولمىغان بولاتتىغۇ . ئەمدىلىكتە ، روبېرت ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمەكچى بولۇۋېتىپتۇ . بۇنىڭغا قانداق پوزىتسىيە تۇتسا بولاركىن ؟

ئۇنىڭ كاللىسىغا كەلگەن بىرىنچى ئوي، بۇ خەتكە قەتئىي پىسەنت قىلماسلىق بولدى. كېيىن ئۇ يەنە رەت قىلىپ جاۋاب قايتۇرۇشنىمۇ ئويلىدى. لېكىن يەنە تۇرۇپلا ئۇنىڭدا: «ئاكام بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ زادى نېمە دەيدىغانلىقىنى، ماڭا نېمە ئىش توغرۇلۇق تەكلىپ بېرىدىغانلىقىنى بىلىپ باقمايمەنمۇ» دېگەن قىزىقىش پەيدا بولدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ماقۇل دەپ جاۋاب قايتۇرۇش قارارىغا كەلدى، «بۇنداق قىلىشنىڭ ھېچ زىيىنى يوق» دەپ ئويلىدى، كۆرۈشكەن بىلەنمۇ ھېچقانداق نەتىجە چىقمايدىغانلىقى ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئايان ئىدى. ئېھتىمال ئىككىيلەن بىر پىكىرگە كېلىپ، ئىلگىرىكى ئىشلارنى كۆڭۈللىرىدىن چىقىرىۋېتىشىمۇ مۇمكىن، بىراق زىيانىنىڭ بولغىنى بولغان، ھەرقانچە قىلغان بىلەنمۇ ئورنىنى تولدۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ ــ دە. دەز كەتكەن چىنىگە قاداق سالسا پۈتۈپ قالاتتىمۇ؟ پۈتۈن بولدى دېگەن ھالەتتىمۇ، ئۇنىڭ قانچىلىك رولى بولماقچىدى؟ بۇ ئاۋۋال سۇندۇرۇپ، ئاندىن قاداق سالغانلىق ئەمەسمۇ؟ مۇشۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئۇ ئاكىسىغا خەت يېزىپ، ئۆزىنىڭ ماقۇللۇقىنى بىلدۈردى.

پەيشەنبە كۈنى، روبېرت سارايدىن ئۇنىڭغا يەنە تېلېفون بېرىپ، بۈگۈنكى ئۇچرىشىشنى سەمىگە سېلىپ قويدى. رېستو ئۇنىڭ ئاۋازىغا قىزىقىش بىلەن قۇلاق سالغاچ، ئۆزىنىڭ بارىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. چۈشكىچە مەزگىلدە، ئۇ شەھەرنىڭ مەركىزىگە يېتىپ كەلدى. ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەن دوستلۇق كۇلۇبىنىڭ ئالاھىدە بۆلمىسىدە قايتا يۈز كۆرۈشتى. روبېرت ئۆتكەن قېتىم كۆرۈشكەندىكىگە قارىغاندا سەل جۇدەپ قاپتۇ، چاچلىرىغىمۇ ئاق قونۇپتۇ. كۆزلىرى بۇرۇنقىدەكلا نۇرلۇق ھەم ئۆتكۈر، شۇنىسى ئىككى قوۋۇرۇقىدىن قورۇقلار ئورۇن ئېلىپ بوپتۇ. ئۇنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشىدىن چەبدەسلىك، زېرەكلىك، جۇشقۇنلۇق چىقىپ تۇراتتى. رېستو بولسا، تەبىئىيلا باشقا بىر تىپقا مەنسۇپ — ساغلام، يەڭگىلتەك، سوغۇق كۆرۈنەتتى.

يېقىنقىغىياقى كىشىلەرنىڭ «رېستو سەل تاش يۈرەك بولۇپ قاپتۇ» دېيىشكىنى بىكار ئەمەسكەن. روبېرتنىڭ ئاشۇ ئۆتكۈر زەڭگەر كۆزلىرىمۇ ئۇنىڭغا قىلچە تەسىر كۆرسىتەلمىدى، ئۇنىڭدا ھېچقانداق ھاياجان قوزغىيالمىدى. ئۇ ئاكىسىنىڭ يەنە شۇ بۇرۇنقىدەكلا تۇرغانلىقىنى بايقىدى، چۈنكى ئۇ خېلى كەڭ پەلسەپىۋى قاراشقا ئىگە ـ دە. روبېرت بولسا رېستونىڭ زادى قانداق بولۇپ قالغىنىنى بايقىۋالالمىدى. مۇشۇ بىرنەچچە يىلنىڭ مابەينىدە ئىنىسىدا زادى قانداق ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى پەرەز قىلالمىدىيۇ، ئەمما ئۇنىڭ نېمە سەۋەبتىندۇ ئانچە قېرىمىغانلىقىنى، ئەكسىچە تېخىمۇ قاۋۇللىشىپ، رەڭگىرويىمۇ ئوبدان تۇرغانلىقىنى، قارىماققا ئۆز تۇرمۇشىدىن ناھايىتى قانائەت ھاسىل قىلغان ئادەملەردەك بولۇپ قالغىنىنى سەزدى. رېستو ئاكىسىغا كۆزلىرىنى نەشتەردەك تىكىپ قاراۋەرگەچكە، ئاكىسى كۆزلىرىنى ئۇياق ـ بۇياققا قاچۇرۇشقا مەجبۇر بولدى، چۈنكى ئۇنىڭ كۆڭلى تازا جايىدا بولالمايۋاتاتتى. ئۇ رېستونىڭ ئىلگىرىكى ئاشۇ زېھىن ـ قۇۋۋىتى ۋە جاسارىتىنى قىلچە يوقاتمىغانلىقىنى ھېس قىلدى.

— سەن بىلەن كۆرۈشكىنىم ئۈچۈن قەۋەتلا خۇرسەنمەن، رېستو، — ئىككىيلەن ئادەت بويىچە قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن، روبېرت گەپنى مۇشۇنداق باشلىدى، — بىزنىڭ كۆرۈشمىگىنىمىزگە ئۇزاق يىللار بولدى — سەككىز يىل بولۇپ قالدىغۇ دەيمەن، شۇنداقمۇ؟

— بەلكىم، — دېدى رېستو جاۋابەن، — ئۆزۈڭ ئوبدان تۇرغانسەن؟

— مۇشۇنچىلىك، مېنىڭچە سەنمۇ ئوبدان تۇرۇۋاتقانسەن؟

— ئاندا ـ ساندا زۇكاملاپ قالىدىغىنىمنى ھېسابقا ئالمىغاندا، — دېدى رېستو، — ئاغرىق ـ سىلاقتىن ساق تۇردۇم. چۈنكى مەن كارىۋاتقا چىقىپ ئۇخلىغىلى تۇرغاندا جىمى غەمنى ئۇنتۇيمەن، يەڭگەم ئوبدان تۇرغاندۇ؟

— ئوھو ، مارجورى ناھايىتى ئوبدان تۇردى .

— باللارچۇ ؟

— رالف بىلەن بېرېنىس توي قىلىشۋالغاندىن بېرى ئانچە كۆپ كەلمەيدۇ ، قالغان باللارنىڭ ھەممىسى يېنىمدا ، مېنىڭچە كېلىن سىڭلىمىزمۇ ئوبدان تۇرۇۋاتقان بولسا كېرەك ، — دېدى روبېرت ئارىسالدىلىق ئىچىدە . بۇ ئۇنىڭ گېپىنى تاپالماي قالغان يەرلىرى ئىدى .

رېستو چىرايىنى ئۆزگەرتمەستىن ئۇنىڭغا قارىدى .

— شۇنداق ، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ ، — ئۇ ئەزەلدىن ساغلام ، ھازىرمۇ ئوبدان تۇرۇۋاتىدۇ .

ئاندىن كېيىن ، رېستو تىجارەت ئەھۋالىنى ھەمدە ئامى ، لۇئىزا ۋە ئىموگېنلارنى سورىدى . ئۇ ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن ، ئۆزىنىڭ ئۇلارنى خېلىدىن بېرى كۆرمىگەنلىكىنى ، ئۇلاردىن خەت - خەۋەرمۇ كەلمەيۋاتقىنىنى ئېيتتى، روبېرت ئۇنىڭغا ئۇلارنىڭ ئادرېسىنى ئېيتىپ بەردى .

— مەن بۇ دەۋرەم ساڭا ئۆزۈڭگە مۇناسىۋەتلىك بىر ئىشنى ئېيتماقچى بولۇپ كېلىۋىدىم ، رېستو ، — روبېرت ئاخىر رەسمىي گەپكە ئۆتتى ، — غەربىي قىسىم تۆمۈر شىركىتى توغرىسىدىكى ئىش ئىدى . سېنىڭ دىرېكتورلۇقنى ئۆتكىلى ئۇ يەرگە ئۆزۈڭ بىۋاستە بارماي ، ئادۋوكاتىڭ ۋاتسېننى ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتكىنىڭدىن خەۋىرىم بار . ۋاتسېن ھەقىقەتەنمۇ بولىدىغان ئادەم . باشقۇرۇشىدىمۇ چاتاق يوق ، بۇنى بىز بىلگەن يەردە . لېكىن ، ئەگەر شىركەت ئۇچۇن پۇلنى كۆپرەك تاپايلى دېسەك ، ئۇنداقتا ئۇ يەرگە ئەمەلىي پولات ئىشلەپچىقىرىش مۇتەخەسسىسىنى رەھبەر قىلىپ ئەۋەتىشىمىز كېرەك . مەن ئۆزۈمنىڭ پاي دەسمايەمنى ئەزەلدىن سەن بىلەن بىردەك ئاۋازغا قويۇپ كېلىۋاتىمەن . مېنىڭچە ، ۋاتسېننىڭ تەكلىپى ناھايىتى توغرا . ئۇ مېنىڭ پىكرىمنى قۇۋۋەتلەپ ، ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىش زۆرۈر ، دېگەن قاراشتا بولۇۋاتىدۇ . ھازىر ماڭا شۇنداق بىر پۇرسەت چىقىپ

قالدى ، مەن روسېتتونىڭ تۇل قالغان ئايالىنىڭ ھېلىقى يەتمىش ئۇلۇش پاي چېكىنى سېتىۋالسام بولىدىكەن . ئۇنىڭغا قولۇمدا بار پاي دەسمايىسىنى قوشىدىغان بولساق ، ئۇ شىركەتنىڭ ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىشتا پەقەتلا قىينالمايدىكەنمىز . سەن بىلەن بىز ئارىمىزدا ھېچقانداق پەرق يوق بىر ئائىلە كىشىلىرىغۇ ، شۇنداق بولسىمۇ ، مەن ھېلىقى يەتمىش ئۇلۇش پايىنى سېنىڭ سېتىۋېلىشىڭغا ئۆتۈنمەكچى بولدۇم . كەلگۈسىدە كىمنى خالىساڭ ، شۇنى دىرېكتورلۇققا قويساڭ بولىۋېرىدۇ ، ئۇ چاغدا شىركەتنى بىز ئوبدان باشقۇرۇپ كېتەلەيمىز .

رېستو مېيىقىدا كۈلۈپ قويدى . بۇ تولىمۇ بەلەن تەكلىپ ئىدى . ۋاتسېن ئۇنىڭغا ، «روبېرت سىز بىلەن ھەمكارلىشىش ئويىدا بولۇپ يۈرۈپتۇ» دەپ ئېيتقان . ئۆزىمۇ روبېرتنىڭ ئۇنىڭ بىلەن يارىشىپ قالماقچى ئىكەنلىكىدىن ئاللىبۇرۇنلا خەۋەر تاپقانىدى . مانا بۇ بىر يېرىم مىليون دوللار ئەتراپىدىكى مال - مۈلۈكنى ئىدارە قىلىش ھوقۇقى دەل روبېرتنىڭ ئۇنىڭدىن يارىشىپ قېلىشنى ئۆتۈنۈۋاتقانلىقىنىڭ دەلىلى ئىدى .

— ياخشى كۆڭلۈڭگە بارىكاللا ، — دېدى رېستو تەنتەنىلىك رەۋىشتە ، — قالتىس مەردلىك قىپسەن . ئەمما بۇ ئىش قانداقلارچە كاللاڭغا كېلىپ قالدى ؟

— بۇمۇ ، ساڭا راست گېپىمنى ئېيتسام ، رېستو ، مەن ھېلىقى ۋەسىيەتنامە توغرۇلۇق باشتىن - ئاياغ «توغرا بولمىدى» دېگەن قاراشتا بولۇپ كەلدىم . كېيىن سەن ئىستېپا بەردىڭ ، ئۇنىڭغا ئۇلاپ بىرمۇنچە ئىشلار يۈز بەردى ، بۇنىڭ بىلەن مەن خىجىلچىلىقتا ئۆزۈمنى قويارغا يەر تاپالماي يۈردۈم . بۇ مېنىڭ كونا خامانىنى سورۇشقا خۇشتار ئىكەنلىكىمدىن ئەمەس — قارىسام كۆلۈۋاتسەنچۇ — لېكىن كۆڭلۈمدىكى ھېس - تۇيغۇلىرىمنى ساڭا دەۋەتمىسەم بولمايدۇ . ئەينى چاغلاردا مېنىڭدە ناھايىتى زور قارا نىيەت بار ئىدى . دادىمىز ۋاپات بولغان چاغلاردا ، مەن ھېلىقى بىرلەشمە شىركەت تەشكىللەش پىلانىمنى ئىشقا ئاشۇرۇش كويىدىلا

بولۇپ قالغان، سىزنىڭ قوشۇلماسلىقىڭىزنىمۇ ئەنسىرەپ يۈرگەنىدىم. كېيىنكى چاغلاردا، ئاشۇنداق قىلمىغان بولسامىمۇ بوپتىكەنتۇق، دەپ ئويلىدىمىۇ، بىراق بولغۇلۇق بولۇپ بولغانىدى. سىزنىڭ ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلار توغرۇلۇق ئاغىلىغۇڭ يوقتەك تۇرىدۇ. خوش، ئەمدى مۇنۇ ئىشقا كەلسەك...

— ئۇ، شۇ ئارقىلىق ئىلگىرىكى سەۋەنلىكىنىڭ ئورنىنى تولۇقلاشقۇ، — رىستو خاتىرجەم هالدا گەپ قىستۇردى.

— پۈتۈنلەي شۇنداق دەپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ، رىستو — گەرچە بۇنىڭدا ئاز - تولا شۇنداق نىيەت يوشۇرۇنغان بولسىمۇ. بىلىمەن، هازىر بۇ ئىشلار سەن ئۈچۈن هېچقانچە بىر ئىش ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق ئىشنى قىلىشنىڭ پەيتى هازىر ئەمەس، بەلكى نەچچە يىلنىڭ ئالدىدىكى چاغلار ئىدى. شۇنداقتىمۇ سىنى بۇ ئىشقا ئانچە قىزىقىشى يوق دېگىلىمۇ بولمىسا كېرەك، دەپ ئويلايمەن. ئۇنىڭ رولى نوقۇل ئۇنىڭ ئۆزىدە بولماسلىقى، ئېھتىمال باشقىچە رولى چىقىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. ساڭا چىن كۆڭلۈمدىكىنى ئېيتسام، مەن، بۇ تەكلىپ سەن بىلەن بىزنىڭ هېسسىياتىمىز ئوتتۇرىسىدىكى دەزنى يېپىپ كەتسە ئىكەن، دېگەن ئۈمىدتىمەن. چۈنكى سەن بىلەن بىز نېمىلا دېگەنبىلەن بىر قورساق ئاكا - ئۇكا - دە.

— شۇنداق، — دېدى رىستو، — سەن بىلەن بىز قان - قېرىنداشمىز.

بۇ گەپنى قىلىۋاتقىنىدا، ئۇنىڭ كاللىسىدىن «بۇ ئىشلار نېمىدېگەن كۆلكىلىك - هە؟» دېگەن ئوي كېچىپ قالدى. ئىلگىرىكى چاغلاردا «قېرىنداش» دېگەن بۇ سۆزنىڭ مەنىسى نېمىگە ئەرزىيدىغان بولغىيدى؟ ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ بۇ هالەتكە چۈشۈپ قېلىشىغا روبېرت سەۋەبچى بولغان، هازىر ئازاب چېكىۋاتقىنى بىرلا جېنىنى بولغىنى بىلەن، رىستومۇ ئاچچىق يۇتۇپلا كەلدى. روبېرت دادىسى رىستوغا بەرگەن تۆتتىن بىر ئۈلۈش مىراسىنى ئۆزۈپ قويۇش خىيالى بولمىغىنى بىلەن، رىستونىڭ ئۇ مىراسىنى

قولغا كەلتۈرۈشكە پەقەتلا ياردەملەشمىدىغۇ، مانا ئەمدى مۇشۇ تەكلىپ ئارقىلىق ھېسسىياتىنكى دەزنى ئەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ. بۇنىڭ رېستونىڭ يارىسىغا تۇز سەپمەسلىكى، ئۇنىڭ غەزىپىنى قوزغىماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭغا كىشىلىك تۇرمۇش ھەقىقەتەن غەلىتە تۇيۇلدى.

— مەن يەنە چۈشەنمەيۋاتىمەن، روبېرت، — رېستو ئاخىرىدا قەتئىيلىك بىلەن شۇنداق دېدى، — سېنىڭ بۇ تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىكى مۇددىئايىڭنىڭ ئىنتايىن تەسىرلىك ئىكەنلىكىنى ناھايىتى چۈشىنىپ تۇرۇپتىمەن. بىراق مېنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۇنى قوبۇل قىلىشىم كېرەكلىكىنى چۈشىنەلمىدىم. ساڭا كەلگەن پۇرسەت، ئۇ ئۆزۈڭنىڭ ئىشى. ئۇنى ماڭا ئۆتۈن دېمەيمەن. سەن ئەگەر ئاشۇ يەتمىش ئۇلۇش پاي چېكىنى سېتىۋالساڭ، شىركەتنى ئۆزۈڭنىڭ خاھىشى بويىچە ئۆزگەرتىپ تەشكىللىيەلەيسەن، ئىشقىلىپ مەن ھازىر يېتەرلىك دەرىجىدە بايمەن. ئۆتكەن ئىشلارنى يەنە تەرگەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. مەن بىلەن پات - پات كۆرۈشۈپ، ئەھۋاللىشىپ تۇرۇشۇڭنى خالايمەن. ساڭا كېرىكىمۇ مۇشۇ بولسا كېرەك، ھازىرقى بۇ تەكلىپىڭگە كەلسەك، ئۇ پەقەتلا كونا يارىنىڭ ئاغزىغا چاپلايدىغان مەلھەم دورا، خالاس. سېنىڭ تەلەپ قىلىدىغىنىڭ مېنىڭ دوستلۇقۇم، بۇنى مەن سەندىن ھەرگىز ئايىمايمەن. ساڭا قارىتا مېنىڭدە ھېچقانداق ئۆچمەنلىك يوق، بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس.

روبېرت ئۇنىڭغا داڭقېتىپ قارىغىنىچە تۇرۇپلا قالدى، ئۇنىڭ يۈزلىرىگە سەل - پەل كۈلكە يۈگۈردى. مەيلى رېستو ئۇنىڭغا ئىلگىرى قانداق پوزىتسىيە تۇتقان، ھازىر قانداق پوزىتسىيە تۇتۇۋاتقان بولسۇن، روبېرت ئۇنىڭغا ھەرقاچان، ھەر زامان قايىل ئىدى.

— باياتىن قىلغان سۆزۈڭنى توغرا دېمەي تۇرالمايمەن، — روبېرت ئاخىر تەن ئالدى، — لېكىن مېنىڭ بۇ تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويۇشۇم ھەرگىزمۇ رەزىل مۇددىئادىن ئەمەس ئىدى.

www.uyghurkitap.com

مەن پەقەتلا ئىككىمىزنىڭ ھېسسىياتىدىكى دەزنى ئەتمەكچى بولۇۋىدىم. بوپتۇ ئەمىسە، بۇ ئىشنى ھازىرچە قويۇپ تۇرايلى. سەن ئۇزاققا قالماي سىنسىنناتىغا بارسەنغۇ دەيمەن؟

— مېنىڭچە بېرىشىم ناتايىن.

— ناۋادا بېرىپ قالساڭ، بىزنىڭ ئۆيدە تۇرارسەن، كېلىن سىڭلىمىزمۇ بىرگە بارسۇن. بىز بىللە ئولتۇرۇپ، ئۆتكەن - كەچكەن ئىشلار توغرۇلۇق تازا مۇڭدىشايلى.

رېستو يېقىملىقلىقىنا كۈلۈپ قويدى.

— ئەلۋەتتە بارىمەن، — دېدى ئۇ مىتىمۇ قىلىپ قويماستىن. لېكىن جېنىنىڭ دەۋرىدە ئەھۋال باشقىچە بولغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى. ئۇلار جېنىنىڭ كاساپىتىدىن ئۆزلىرىنىڭ مەرتىۋىسىنىڭ ھاقارەتكە ئۇچرىشىنى پەقەتلا كۆتۈرمىگەنىدى. «خەير، — دېدى ئۇ ئىچىدە، — بەلكىم ئۇلارنى ئەيىبلەشكە ھەقلىق ئەمەستۇرمەن. نېمە بولسا بولمامدۇ.»

ئۇلار يەنە باشقا ئىشلار توغرۇلۇق پاراڭلاشتى. ناھايەت، رېستو يەنە بىرەيلەن بىلەن بولىدىغان ئۇچرىشىشىنى ئېسىگە ئالدى - دە:

— مەن ماڭاي، — دېدى سائىتىگە قاراپ قويۇپ.

— مەنمۇ قايتمىسام بولمايدۇ، — دېدى روبېرت. ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەن ئورە تۇرۇشتى.

— خوش، — دېدى روبېرت كىيىم خانىسىغا كىرگەندە، — قانداقلا بولمىسۇن، بىز بۇنىڭدىن كېيىن بىر - بىرىمىزگە يات ئادەمدەك مۇئامىلە قىلىشمايمىز، شۇنداقمۇ؟

— ئەلۋەتتە، — دېدى رېستو، — مەن سېنى كۆرگىلى پات - پات بېرىپ تۇرىمەن.

— مۇشۇ گەپلەرنى قىلغاچ، ئۇلار بىر - بىرىگە قول بېرىشىپ، ناھايىتى چىرايلىق خوشلاشتى. ئىنىسىنىڭ تېز - تېز چامداپ كېتىۋاتقىنىغا قاراپ تۇرغىنىدا، روبېرتنىڭ يۈرىكىدە بىر خىل خىجىللىق ھەم پۇشايمان ھېسى قوزغالدى. رېستو قابىل

بالا . ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن جېننى پەيدا بولۇشتىن ئاۋۋاللا بۇ ئىككىيلەننىڭ ھېسسىياتىدا ئىختىلاپ كۆرۈلگەنىدىكىنە ؟ ئۇ شۇنىڭ بىلەن رېستودا «ھىيلە - مىكىرلىك ۋاستە» كەمچىل ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى . راست ، ئۇنىڭدا ھىيلە - مىكىر يوق ، شۇڭا ئۇ خەۋپلىك ئەمەس . «بۇ قانداق جاھان - ھە ؟» دېدى ئۇ ئىچىدە .

يولدا كېتىۋېتىپ ، رېستومۇ ئاكىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى خىيال قىلىپ ماڭدى ، كۆڭلىدە ئاكىسىغا قارىتا سەل - پەل قارشىلىق تۇيغۇسى بارلىقىنى ، ئەمما ھېسداشلىقمۇ يوق ئەمەسلىكىنى سەزدى . ئاكىسىنىڭ ئالاھىدە يامان دېگۈدەك يېرى يوقلۇقىنى ، ئادەتتىكى كىشىلەردىن ھېچ پەرقلەنمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى . ئۇنداقتا ، نېمىدەپ ئۇنى تەنقىد قىلىپ يۈرگەنىدىكىنە ؟ مۇبادا ، ئۆزى روبېرتنىڭ ئورنىدا بولغان بولسا ، قانداق قىلغان بولاتتى ؟ روبېرت ھازىرمۇ بۇرۇنقىدەكلا ناھايىتى ئوبدان تۇرۇپتۇ . رېستومۇ ناھايىتى بەلەن تۇردى . ئۇ ئۆزىنىڭ ئەينى چاغدا نېمىشقا قۇربان بەرگەنلىكىنى ، ئاكىسىنىڭ نېمە ئۈچۈن غايەت زور بايلىقنى ئامان - ئېسەن ساقلاپ قالغانلىقىنى ئەمدى ئېنىق چۈشەندى . «بۇ دۇنيا ئەسلىدە مۇشۇنداق ئىكەن ، — دەپ ئويلىدى ئۇ ، — ئۇنداق بولغاندىن كېيىن ، يەنە نېمىگە تىت - تىت بولىمەن ؟ مېنىڭ ھازىرقى كۈنۈم قالتىس پەيزى ئۆتۈۋاتىدۇ . بۇ ئىشلارنى يەنە ئويلاپ نېمىمۇ قىلارمەن ؟»

## 61 .

ئەزەلدىن بولمىش تەقدىرنىڭ ئىرادىسىگە ياكى «ئىنجىل» دا قىياسەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان فورمۇلىغا ئاساسلانغاندا ، ئادەمنىڭ ئۆمرى ئادەتتە يەتمىش ياش ئۆپچۆرىسىدە بولىدىكەن . بۇ فورمۇلا ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ ، كىشىلەرنىڭ ئېڭىغا چوڭقۇر سىڭىپ

كەتكەنلىكتىن ، گويا بىر سىرلىق ھەقىقەتكە ئايلىنىپ قالدى . ئەمەلىيەتتە ، ئادەم گەرچە «ئۆلۈم بەرھەق» دېگەن خىيالىي تۇيغۇدىن خالىي بولالمىسىمۇ ، گىستولوگىيە جەھەتتە ئۆزىنىڭ بالاغەتكە يەتكەن مەزگىلىنىڭ بەش ھەسسىسىگە باراۋەر كېلىدىغان ۋاقىتقا قەدەر ئۆمۈر سۈرەلەيدۇ ، بەلكى ناۋادا روھىنىڭ ئۇزاققىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى ، ئۆمۈرنىڭ ئەسلىدە خىيالىي نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلسە ، ئۇ چاغدا ئۆلمەسلىكىمۇ مۇمكىن . ۋەھالەنكى ، قانداقتۇر بىر خىل ماددا ئېتىقادچىلىقى چۈشىدىن پەيدا بولغان بۇنداق ئىنسانىيەت ئېڭى ئۆز مەۋجۇدىيىتىنى داۋاملىق ساقلاپ تۇرۇۋاتقاچقا ، ئادەمنىڭ ئۆلۈشى ئاشۇ قورقۇنچلۇق ماتېماتىكىلىق فورمۇلا بويىچە خاتىرىلىنىپ كەلمەكتە .

رېستو مۇشۇ فورمۇلىغا ئىشىنىدىغانلاردىن بىرى ئىدى . ئۇ ھازىر ئاتمىش ياشقا يېقىنلاپ قالدى . شۇڭا «ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ يىگىرمە يىلدىن ئارتۇق ياشىيالماسلىقىم ، بەلكى ئۇنىڭغىچىمۇ بارماسلىقىم مۇمكىن» دەپ ئويلايتتى . مەيلى نېمە بولسا بولسۇن ، ئۇنىڭ ھاياتى راھەت - پاراغەت ئىچىدە ئۆتتى . ئۇنىڭدا ئارمان يوق . ناۋادا ، ئۆلۈمنىڭ نۆۋىتى كېلىپ قالغان بولسا ، مەيلى كېلىۋەرسۇن . ئۇ بۇنىڭغا ھەر دائىم تەييار . ئۇ ھەم نەپرەتلەنمەيدۇ ، قارشىلىقمۇ كۆرسەتمەيدۇ . ئىشقىلىپ كىشىلىك تۇرمۇش نۇرغۇن جەھەتتىن قارىغاندا ، بىر مەيدان ئەخمەقانە ئويۇندىن باشقا نەرسە ئەمەس .

ئۇ كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ كۆپ قىسمى خىيالىي تۇيغۇدىن ئىبارەت — بۇنى ئىسپاتلاش ناھايىتى ئوڭاي — ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلاتتى . گاھى چاغلاردا تېخى كىشىلىك ھاياتنى پۈتۈنلەي خىيالىي تۇيغۇ بىلەن تولغانمىكىن ، دەپ شۈبھىلىنىپمۇ قالاتتى . ئۇنىڭ چىن دەپ قارىمىسا بولمايدىغانلىرى ، ناھايىتى ئۆزى دائىم ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان ئىشلار — بېرىش - كېلىش قىلىشىپ يۈرگەن كىشىلەر ، مۇدىرىيەت يىغىنلىرى ، بۇنداق ياكى ئۇنداق ئادەم ۋە ئاپپاراتلار تۈزگەن پىلانلار ، شۇنىڭدەك رەپىقىسىنىڭ

تۆگمەس ئىجتىمائىي ئالاقە ۋەزىپىلىرىدىن ئىبارەت ئىدى. لېتتىنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرۈشىمۇ، دەل ئۇنىڭ سۇمباتلىق، تەمكىن پەيلاسوپ ئىكەنلىكىدىن ئىدى. ئۇمۇ ئەينى چاغلاردىكى جېنىنىغا ئوخشاش، رېستونىڭ كىشىنى دىققەتچىلىككە سالىدىغان ئىشلار ئالدىدىكى ئاشۇنداق قاتتىق، كەسكىن، پەرۋاسىز پوزىتسىيىسىگە ئاپىرىن ئوقۇيتتى. ئىش مەيلى ئۇنىڭغا تارتقان ياكى تەتۈرىگە ماڭغان بولسۇن، رېستوغا ھېچقانداق روشەن تەسىر كۆرسىتەلمەيتتى ياكى ئۇنى مالامەت قىلالمايتتى. ئۇ ئۆمرىدە چۆچۈپ باققان ئەمەس. كۆڭلىدە مەلۇم ئېتىقاد، ھېس - تۇيغۇلا بولىدىكەن، ئۇ ھەرگىزمۇ تەۋرەنمەيتتى، بەزى چاغلاردا ۋەزىيەتنىڭ قىستىشى بىلەن، قىلىۋاتقان ئىشىدىن ۋاز كېچىشكە توغرا كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئىشەنچىنى زادىلا يوقاتمايتتى. ئۇنىڭدا «پاكىتقا روبىرو تۇرۇش» دەيدىغان بىر مەسلەك بار ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ ئادەتتە قىلىپ كەلگەن ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى مۇشۇ مەسلەكنى ئىشقا ئاشۇرۇش، بۇنىڭ ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتىن ئۆزگە مەقسەتنى كۆزلىمەيتتى. ئۇ بوزەك قىلىشقا ئۇچرىسا، دەرھال قارشى كۈرەش قىلاتتى، بىراق ئۇنىڭ كۈرەش قىلىش ئۇسۇلى پەقەتلا جاھىللىق، قارشىلىشىش خاراكتېرىنى ئالغانىدى. ئۇنىڭ پىلانى ئۆزىنى بوزەك قىلغان كۈچلەر بىلەن ئاخىرغىچە قارشىلىشىش ئىدى. مۇبادا، ئۇ ئاخىر يول قويغان ھالەتتىمۇ، پەقەت نائىلاجلىقتا دۈچ كەلگەندىلا شۇنداق قىلاتتى. يول قويماسلىق پوزىتسىيىسىنى باشتىن - ئاياغ «قىممىتى بار» دەپ ھېسابلاپ كەلگەنىدى.

ئۇنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى باشتىن - ئاياغ ماددا ئېتىقادچىلىقى كۆزقارىشىغا مەنسۇپ بولۇپ، ھۇزۇر - ھالاۋەتكە ئىنتىلىشنى ئاساس قىلغانىدى، شۇڭا ئۇ ئادەتتە ھەرقانداق ئىشنى ئىمكانقەدەر گۈلى - گۈلىگە كەلتۈرۈپ، كۆڭۈلدىكىدەك قىلىشقا تىرىشاتتى. ئۆيدىكى جابدۇقلار سەللا كونىرىسا، ئۇلارنى يەڭگۈشلىۋېتەتتى، سېتىۋېتەتتى - دە، ئاندىن ئۆينى باشقىدىن

جابدۇغلى تۇراتتى. سەپەرگە چىققاندىمۇ خىراجەتنى يېتەرلىك ئېلىۋالاتتى، بىزەمۇ تەڭقىسلىق تارتىپ قېلىشنى خالىمايتتى. باشقىلار بىلەن مۇنازىرىلىشىشنى، مەنىسىز قۇرۇق پاراڭ سېلىشىشنى، ئۆزىنىڭ ئاتىشىچە «ئەخمىقانە قۇرۇق مۇلاھىزىلەر» نى يۈرگۈزۈشنى ياقتۇرمايتتى. كىمدەكىم ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشماقچى بولسا، پەقەت قىزىقارلىق تېمىدىلا سۆز قىلىشى شەرت، ئۇنداق بولمايدىكەن، ئۇنىڭ پاراڭلاشقۇسى كەلمەي قالاتتى. لېتتى ئۇنىڭ مىجەزىنى تازا ئوبدان چۈشىنەتتى. ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرغاندا، ئۇنىڭ ئېڭىكىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ ياكى بولمىسا ئۇنىڭ ئۇيۇلتاشتەك كاللىسىنى ئالقانلىرى ئارىسىغا قىسىۋېلىپ، ئۇنىڭغا:

— سىز ياۋايى ھايۋان، شۇنىسى ناھايىتى چىرايلىق ياۋايى ھايۋانسىز، — دەپ چاقچاق قىلاتتى.

— راست، راست، — دەپ غۇدۇرىغىلى تۇراتتى رىستو، — بىلىمەن، مەنمۇ ئۆزۈمنى ھەقىقەتەنمۇ بىر خىل ھايۋان دەپ ئويلايمەن. سىززە، پىكىر يۈرگۈزۈشتىكى چاققانلىقتا پەرىشتىلەردىنمۇ قېلىشمايسىز - دە.

— ئوھوي، يوق گەپنى قىلمىسىڭىزچۇ! — شۇنىڭ بىلەن لېتتى ئۆزىچە خىجالەت بولۇپ كېتەتتى، رىستونىڭ گەپلىرى قەستەن زىتىغا تېگىش مەنىسىدە ئېيتىلمىسىمۇ، لېكىن بەزىدە كىشىگە نەشتەردەك تېگىپ كېتەتتىچۇ. ئاندىن ئۇ يەنە لېتتىنى ئانچە - مۇنچە ئەركىلىتىپ قوياتتى، چۈنكى، لېتتىنىڭ كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە غورۇرى بەك كۈچلۈك بولغىنى بىلەن، يەنە تولىراق ئۇنىڭ ئۆزىگە تايىنىدىغانلىقى رىستونىڭ كۆڭلىگە ئايان ئىدى. لېتتىمۇ ئۇنىڭغا ئۆزى بولسىمۇ، بولمىسىمۇ بەرىبىر ئىكەنلىكىنى تازا چۈشىنەتتى. شۇنداق بولسىمۇ، رىستو ئۇنىڭ كۆڭلىنى يېرىم بولمىسۇن، دەپ ئۆزىنىڭ ئىچكى ھېس - تۇيغۇلىرىنى ئىمكانقەدەر پىنھان تۇتۇپ، ئۆزىنى ئۇنىڭدىن ئايرىلالمايدىغاندەك قىلىپ كۆرسىتەتتى.

ئەمەلىيەتتە بولسا ، رىستوننىڭ ئۇنى تاشلىۋەتمەكچى ئەلھەق ئوڭاي ئىدى . ھازىر لىتتى رىستوغا ھەقىقەتەن تايىنىدىغان بولۇپ قالدى . چۈنكى ، داۋالغۇپ تۇرغان بۇ دۇنيادا ، مۇشۇنداق بىر ئېيىقتەك كۈچلۈك ، كەسكىن ئەركەكنى ئۆزىگە جورا قىلىۋېلىشنى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەھمىيەتسىز ئىش دېگىلى بولمايدۇ . بۇ خۇددى قاراڭغۇلۇق ئىچىدە يېقىملىق نۇر چېچىپ تۇرغان چىراغقا يېقىن تۇرغاندەك ياكى قەھرىتان سوغۇقتا لاۋۇلداپ ئوت كۆيۈپ تۇرغان مەشكە يېقىن ئولتۇرغاندەكلا بىر ئىش - دە . رىستو ھېچنېمىدىن قورقمايتتى . ئۇ ئۆزىنىڭ قانداق ياشىشى ، قانداق ئۆلۈشى كېرەكلىكىنى بىلىدىغاندەكلا قىلاتتى .

مۇشۇنىڭغا ئوخشاش خاراكتېرنىڭ ماھىيەتلىك ، كونكرېت ئىپادىسىنى تەبىئىيكى ھەممىلا جايدىن تاپقىلى بولىدۇ . رىستو مالىيە ھوقۇقىنى پۈتۈنلەي ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇرۇۋاتقاچقا ، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ ئىگىلەپ تۇرغىنى كاتتا شىركەتنىڭ پاي چېكى بولغاچقا ، ئۇنىڭ ۋاكالەتچىسى تىجارەت ئىشلىرىنى تەبىئىي ھالدا ئۇنىڭ ئورنىدا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن باشقۇرۇپ كېلىۋاتقاچقا ، ئۇنىڭ مەئىشىتىگە ۋاقىت يېتەرلىك چىقىپ تۇراتتى . ئۇ لىتتى بىلەن پات - پاتلا ئامېرىكا ۋە ياۋروپانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى دېڭىز سۈيىگە چۈمۈلۈش مەيدانلىرىغا بېرىپ تاماشا قىلىپ تۇرۇشنى ياخشى كۆرەتتى . بەزى چاغلاردا پۇل تىكىپ قىمار ئويناپمۇ قوياتتى ، پۇلنى ئايلانما تەخسە ئۈستىگە ياكى بىر تال ئوق ئۈستىگە قويۇپ تەۋەككۈلچىلىك قىلسا ئۇنىڭغا ئىچ پۇشۇقى راسا چىقىدىغاندەك تۇيۇلاتتى . ئۇنىڭ ھاراق خۇمارىمۇ بارغانسېرى ئېشىپ بېرىۋاتاتتى . ئەمما ئۇ رەسمىي ھاراقكەشلەردەك قاتتىق مەست بولۇپ كەتمەيتتى ، پەقەت ئۇلپەتلەر بىلەن ئولتۇرۇشقاندا ئۆزىنى خۇش كەيپ كۆرسىتەتتى شۇ . ئۇ ھاراقنىڭ ئېسىلى بولمىسا ئىچمەيتتى ، ئۇنىڭغا ساپ ۋىسكى تېپىلماي قالغان تەقدىردىمۇ ، ھېچبولمىغاندا شامپان ، براند ياكى قىممەت باھالىق ئاق ۋىنو بولمىسا بولمايتتى ، ئۇ كۆڭلى تارتمىغان يېمەكلىكنى

www.uyghurkitap.com

ھەرگىز يېمەيتتى . كۆڭلى تارتقاننى بولسا، خۇماردىن چىققۇچە يەيتتى ، ئىشتىھاسىمۇ ماسلىشىپ بېرەتتى ، نەرسە ئېسىل بولمىسا ، ئۇنىڭ ئالدىغا ئەكېلىمەن دەپ ئاۋارە بولمىسىمۇ بولىدۇ . ئۇنىڭغا شورپا ، بېلىق بولامدۇ ، سوغۇق سەي بولامدۇ ياكى ئىسسىق غىزا بولامدۇ ، ئوۋ گۆشلىرى بولامدۇ ، پېچىنە - پىرەنىك بولامدۇ ، ئىشقىلىپ ھەممىسى مەززىلىك تەييارلانغان بولۇشى كېرەك . ئۇ ئەزەلدىن : ئاشپەزنىڭ ئۇستىسىنى يۇقىرى نەرختە ياللىۋالمىسا بولامدۇ ، دېگەن قاراشتا ئىدى . ئۇنىڭ ئۆيىدە بىر چاغلاردا بىر ئۇستا ئاشپەز بولىدىغان ، ئۇ ئاشپەز ئىلگىرى بىرمەھەل كاتتا بىر ئاقسۆڭەكنىڭ ئۆيىدە ئىشلىگەنىكەن ، ئۇ رېستودىن ئۆزىگە ھەر ھەپتىدە يۈز دوللار ھەق بېرىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالاتتى ، لېكىن رېستونىڭ ھەرقانداق مەسىلىگە بېرىدىغان جاۋابى پەقەت بىرلا ئىدى : «مەن پەقەت مۇشۇ بىر ئۆمۈرلا ياشايمەن .» شۇڭلاشقا ھەرقانچە قىممەت بولسىمۇ ، ئۇ زادىلا قىممەت كۆرمەيتتى .

ئۇنىڭدىكى چوڭ بىر نۇقسان ئۇ ئىشلارنى رەتكە تۇرغۇزۇش ، ئىشلارنى ئالغا ئىلگىرىلىتىشكە قەتئىي كۆڭۈل بۆلمەيتتى ، جىمى ئىشنىڭ ئېنىق بىر نىشانغا قاراپ ئۆز مەيلىچە داۋام قىلىۋېرىشىگە يول قويۇپ بېرىۋېرەتتى . ناۋادا ، ئەينى ۋاقىتتا جېنىنى بىلەن توي قىلىپ ، ھەر يىلى بېرىلىدىغان ئاشۇ ئون مىڭ دوللارغىلا قاراپ قالغان بولسىمۇ ، ئۇ يەنە ئاشۇ خىل تۇرمۇش ئۇسۇلى بىلەن پەقەتلا ئۆزى بىلەن ئېقى كېلىشىدىغان ئاز ساندىكى كىشىلەر بىلەنلا بېرىش - كېلىش قىلىپ ئۇ - بۇ دەيدىغانلارغا پەرۋا قىلماي ئۆتتۈۋەرگەن ، جېنىنىنىڭ تۇرمۇشىمۇ پەقەت شۇ ھالىتى بىلەن كۆپايلەنگەن بولاتتى .

بۇلار نيۇيوركقا كۆچۈپ بارغاندىن كېيىن ، ھازىرقى تۇرمۇشىدا مەلۇم ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى . ئەسلىدە گان خانىم شەرقىي قىسىمنىڭ مەشھۇر ئەربابلار گۇرۇھىدىكى مودا ئاياللار بىلەن يېقىن ئۆتكەچكە ، ئۇلار ئۇنىڭغا : «نيۇيوركقا كۆچۈپ بېرىپ

هاۋا يەڭگۈشلىمەمسىز » دەپ مەسلىھەت بېرىشكەنىدى . بۇلار نيۇيوركقا بارغاندىن كېيىن ، مادىسون كوچىسىنىڭ يېنىدىكى يەتمىش سەككىزىنچى كوچىدىن بىر ئۆيىنى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرۇشتى . لېتتى بۇ يەردە ھەممە نەرسىنى يېڭىچە بىر يۈرۈش ھەشەمەتلىك نەرسىلەر بىلەن ئالماشتۇردى ، ئەنگلىيىلىكلەرنى دوراپ ، باشتىن - ئاياغ فورمىلىق كىيىم كىيىدىغان چاكار ئىشلەتتى ھەمدە ھەربىر خانىنى مەۋسۇمغا ماسلاشتۇرۇپ بېزەشتۇردى . ئۇنىڭ بۇنداق ئابرۇيپەرەسلىكى ۋە سۆلەتۋازلىقىغا جاۋابەن رېستو پەقەت مىيىقىدا كۈلۈپلا قويىدى .

— سىز ھەمىشە خەلقچىللىق ، خەلقچىللىقلا دەيدىكەنسىز ، — ئۇ بىر كۈنى لېتتىغا ئاغرىنغان ھالدا شۇنداق دېدى ، — مېنىڭچە سىزنىڭ خەلقچىللىقىڭىزمۇ مېنىڭ دىنپەرەسلىكىمگە ئوخشاش ، زادىلا مەۋجۇت بولمىغان نەرسە ، خالاس .

— نېمە ، بۇ نېمە دېگىنىڭىز ! — ئىنكار قىلدى لېتتى ، — مەن دېگەن تازا خەلقچىل . بىز ھەممىمىز سىنىپىي تۇرمۇشنى باشتىن كەچۈرۈۋاتىمىز ، سىزمۇ شۇنداق . مەن ناھايىتى مۇشۇ ۋەزىيەتتىكى مەنتىقنى قوللىنىۋاتىمەن ، شۇ .

— مومىڭىزنىڭ مومىسىنىڭ مەنتىقىسىدۇ ئۇ ! سىزنىڭچە قىزىل رەڭلىك فورما كىيىم كىيىدىغان چاكار بىلەن دەرۋازىۋەنمۇ بىر خىل زۆرۈرىيەتمۇ ؟

— مەن شۇنداق قارايمەنغۇ ، — دېدى لېتتى ، — بەلكىم ئۇنى بىر خىل زۆرۈرىيەت دەپ ئاتاش ھاجەتسىزدۇر ، ئەمما ئۇ چوقۇم روھ . سىز نېمىشقىمۇ مەن بىلەن ئېيتىشىدىغانسىز ؟ ئۆزىڭىزمۇ ھەممە ئىشنىڭ مۇكەممەل بولۇشىنى تەلەپ قىلاتتىڭىزغۇ ؟ كىچىككىنە كەمچىلىككىمۇ جېدەللىشىش كېتەمدۇ ؟

— مەن سىز بىلەن قاچان جېدەللىشىپ باققان ؟

— سىزنى راستىنلا جېدەللەشتىڭىز دېگىنىم يوق . ئەمما سىز ھەممە ئىش مۇكەممەل بولسۇن دەيتتىڭىزغۇ . . . مەنمۇ

ناھايىتى ئۆزىمىزنىڭ روھىنى گەۋدىلەندۈرمەكچى بولغانىدىم شۇ .
بۇنى دېمىسەممۇ بىلىسىزغۇ ؟
— بەلكىم بىلىدىغاندۇرمەن . ئەمما بۇنىڭ سىزنىڭ خەلقچىللىقىڭىز بىلەن نېمە ئالاقىسى بار ؟
— مەن خەلقچىل بولغاچقا ، ئەلۋەتتە شۇنداق دەيمەن ـ دە . مەن دېگەن مەنۋى جەھەتتە ھەرقانداق بىر ئايالغا ئوخشاشلا خەلقچىلمەن . شۇنىسى راستچىللىقنى ياخشى كۆرىمەن ، بۇمۇ دەل سىزگە ئوخشاش ھۆزۈر ـ ھالاۋەتلىك تۇرمۇشنى كۆزلىگىنىم . مېنىڭ دىلىم بەئەينى ئەينەكتىن ياسالغان ئۆي ، ئۇنى تاش بىلەن ئۇرۇپ سوندۇرۇۋەتمەڭ ، جۇمۇ ، غوجام . مەن سىزنىڭ ئىچىڭىزدىكى جىمى ئىشنى ئەينەكتە كۆرگەندەك كۆرۈپ تۇرىمەن .
— سىز خەلقچىل ئەمەس ، مەن خەلقچىل ، — رېستو ئۇنىڭ بىلەن ئەتەي مۇشۇنداق قىزىقچىلىق قىلىپ ئوينىشىپ قوياتتى ، لېكىنىزە ، ئۇنىڭ جىمىكى ئىشنى قۇۋۋەتلىمەي تۇرالمايتتى . بەزى چاغلاردا كاللىسىغا : «ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ دۇنياسىنى بىر تەرەپ قىلىشى ، مېنىڭ ئۆز دۇنيايىمنى بىر تەرەپ قىلىشىمدىنمۇ ئېشىپ چۈشىدۇ» دېگەن ئوي كېچىپ قالاتتى .
ئۇ ۋاقىتنى مۇشۇنداق بىھۇدە ئۆتكۈزۈپ ، كۈن بويى يەپ ـ ئىچىشتىن باشقا ھېچ ئىش قىلمايتتى ، سەپەرلەرگە چىققاندىمۇ ، كۈچىنى ئازراقمۇ ئىشلەتمەيتتى ، ھېچقانداق ھەرىكەت بىلەنمۇ شۇغۇللانمايتتى . شۇ تەرىقىدە بىرىپ ـ بىرىپ ، ئاخىر ئۇنىڭ ئورگانىزمى بەقۇۋۋەت ، تېتىك ھەم تەكپۈك ھالەتتىكى تۇقۇلمىدىن ، ھەربىر مۇھىم ئەزاسىغا ئارتۇقچە ماددىلار يېپىشقان تۇقۇلمىغا ئايلىنىپ قالدى ، جىگىرى ، بۆرىكى ، تېلى ، ئاشقازان ئاستى بېزى — ئەمەلىيەتتە ئورگانىزمنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھەربىر ئەزا — زىيادە چارچاش تۈپەيلى ، ھەزىم قىلىش ۋە كېرەكسىز ماددىلارنى چىقىرىش تەرتىپىنى يېتەرلىك دەرىجىدە ساقلىيالمايدىغان بولۇپ قالدى . ئۆتكەن يەتتە يىل ئىچىدە ، ئۇنىڭ بەدەن ئېغىرلىقى ئېشىپ ، ئۇنى ناھايىتى



www.uyghurkitap.com

قىيناپ قويىدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتتى . بۆرىكى ئاجىزلاپ ، مېڭە قان تومۇرلىرىمۇ زەئىپلەشتى . ئەگەر ئۇ مۇۋاپىق ئوزۇقلىنىپ ، مۇۋاپىق ھەرىكەت قىلىپ ، كۆڭلى - كۆكسىنى ئازادە تۇتۇپ يۈرگەن بولسا ، سەكسەن - توقسان ياشقىچە ئۆمۈر كۆرگەنمۇ بولاتتى . ئەمەلىيەتتە ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئورگانىزمىنى كېرەكتىن چىقىرىپ ، كىچىككىنە بىر يېرى ئاغرىپ قالسىمۇ خەتەرلىك ئەھۋال يۈز بېرىدىغان ئىنتايىن ناچار ئورگانىزمغا ئايلاندۇرۇۋالدى . مۇشۇنداق ئاقىۋەتتىن ساقلىنىش تەس ئىدى ، ئەمەلىيەتتىمۇ راستتىنلا شۇنداق ئاقىۋەت كېلىپ چىقتى .

كېسەلنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبى مۇنداق بولدى : ئۇنىڭ بىلەن لېتتى ئىككىسى شىمالىي قۇتۇپ تۇمشۇقىنى كەزمەكچى بولۇپ ، دوستلىرىنىڭ كومپانىيىسىگە ئەزا بولغانىدى . رېستو مۇھىم ئىشى چىقىپ قېلىپ ، نويابىرنىڭ ئاخىرلىرىدا چىكاگوغا قايتىپ كېتىشنى قارار قىلدى - دە ، ئايالى بىلەن مىلاد بايرىمىدىن ئىلگىرى نيۇيوركتا ئۇچراشماقچى بولۇپ كېلىشىپ قويدى . ۋاتسېنغا ئالدىن خەت ئەۋەتىپ ، ئۇنىڭغا ئۆزىنى چىكاگودا كۈتۈپ تۇرۇشنى ، ئۆزىگە سارايدىن ياتاق ئېلىپ قويۇشنى تاپىلىدى ، چۈنكى ئۇ نيۇيوركتا ئۇزاق ۋاقىت تۇرۇپ قېلىشنى مۆلچەرلەپ ، ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا چىكاگودىكى تۇرالغۇسىنى سېتىۋەتكەنىدى .

نويابىرنىڭ ئاخىرلىرىدىكى بىر كۈنى ، ئۇ ئىشلارنى بىر ياقلىق قىلىپ بولغاندىن كېيىن ، سەل تاۋى قېچىپ تۇرۇۋاتقىنىنى سېزىپ ، دەرھال دوختۇرغا كۆرۈنۈۋىدى ، دوختۇر ئۇنىڭغا ئۇچەيگە سوغۇق تەگكەنلىكىنى ئېيتتى . بۇنداق كېسەللىك ئادەتتە قان ۋە باشقا ئىچكى ئەزالاردا زەئىپلىشىش ھالىتىنى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى . بۇنى ئۇقۇپ رېستونىڭ كۆڭلى بەكمۇ ئازابلاندى ، دوختۇر ئۇنى ئادەتتىكى داۋالاش ئۇسۇلى بويىچە داۋالاشقا كىرىشتى . ئاۋۋال قىزىل تىۋىت لاتىغا قىچا تالقىنىنى چېپىپ قورساققا تاڭدى ، ئاندىن ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئۈنۈملۈك دورا ئىچۈردى . رېستو ۋاقتىنچە سەل ئوڭشىلىپ قالغاندەك بولدىيۇ ،

ئەمما يەنە نېمىشقىدۇر كۆڭلى ئۆيۈپ ئەنسىزلىككە چۈشتى – دە ، ۋاتسېنغا خانىمغا تېلېگرامما ئەۋەتىپ ، ئۆزىنى كېسىلى ئېغىر دېمەي ، پەقەتلا ئاغرىپ قالدى ، دەپ قويۇشنى جېكىلىدى ، ئاندىن كېيىن تەلىم – تەربىيە ئالغان بىر سېستىرانى ياللىۋالدى ، يەنە ھەرقانداق ۋاراڭ – چۇرۇڭدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ، بىر چاكارنى ئىشىك بېقىشقا قويدى . لېتتىنىڭ چىكاگوغا ئۈچ ھەپتىسىز يېتىپ كېلەلمەسلىكى ئېنىق ئىدى ، شۇڭا رېستو ئۇنىڭ بىلەن يۈز كۆرۈشەلمەيدىغاندەك تۇيغۇدا بولۇپ قالدى .

قىزىق ئىش ، مۇشۇ كۈنلەردە جېنىنى ئۇنىڭ خىيالىدىن پەقەتلا كەتمىدى ، بۇ ئۇنىڭ بۇ چاغدا چىكاگودا ئىكەنلىكىدىن ئەمەس ، بەلكى مەنىۋى جەھەتتە ئۇنىڭدىن زادىلا ئايرىلىپ باقمىغانلىقىدىن ئىدى . ئۇ ئاغرىپ قېلىشىنىڭ ئالدىدا ، ئىشلارنى بىر ياقلىق قىلىپ بولغاندىن كېيىن ، جېنىنى يوقلاپ بېرىپ كەلمەكچى بولغانىدى . ۋاتسېندىن ئۇنىڭ يېقىندىن بۇيانقى ئەھۋالىنى سورىغاندا ، ۋاتسېن ئۇنىڭغا جېنىنىڭ ھەممە ئىشى جايىدا ئىكەنلىكىنى دوكلات قىلىپ ، «ئۇنىڭ تۇرمۇشى ناھايىتى خاتىرجەم ئۆتۈۋاتىدۇ ، ئۆزىمۇ ناھايىتى ساغلام» دېگەنىدى . شۇ تاپتا ئاغرىپ ياتقىنىدا ، ئۇنى تېخىمۇ سېغىنىدى .

كۈنلەر ئۆتتۈۋەردى ، كېسەلنىڭ ئەھۋالىدا ھېچ ياخشىلىنىش بولمايۋاتاتتى ، رېستونىڭ ئۇنى كۆرۈش ئىستىكىمۇ بارغانسېرى كۈچەيگىلى تۇردى . ئۇنىڭ قورسىقى تۇرۇپ – تۇرۇپلا مۇجۇپ ئاغرىپ ، گوياكى ئىچكى ئەزالىرى بىر يەرگە تۈگۈلۈپ قالغاندەك بولۇپ كېتەتتى . بىرپەس قاتتىق ئاغرىشتىن كېيىن ، ئۇ ئۆزىنى ئىنتايىن ئاجىزلاپ كەتكەندەك سېزەتتى . ئاغرىق پەسەيتىش ئۈچۈن ، دوختۇر ئۇنىڭغا بىرنەچچە قېتىم كوكائىن ئوكۇلى ئۇرغانمۇ بولدى .

ئاغرىق بىرنەچچە قېتىم مۇشۇنداق جىددىي تۇتقاندىن كېيىن ، رېستو ۋاتسېننى يېنىغا چاقىرىپ ، ئۇنىڭغا ئاۋۋال سېستىرانى بىر ئىشقا ماڭدۇرۇۋېتىشنى بۇيرۇدى ، ئاندىن كېيىن :

— ۋاتسېن ، مەن سىزگە بىر ئىشنى ھاۋالە قىلماقچى . سىز مېنىڭ ئورنۇمدا شىدولف خانىمنىڭ قېشىغا بېرىپ ، ئۇنىڭدىن بۇ يەرگە كەلگۈسى بار - يوقلۇقىنى سوراپ باققان بولسىڭىز ، ئەڭ ياخشىسى ئۇنى ئۆزىڭىز بىلەن بىرگە ئەكەلسىڭىزكەن . سېسترا بىلەن كوزو (ھېلىقى خىزمەتكار ) غا ئېيتىڭ ، ئۇلار بۇگۈن چۈشتىن كېيىن كەلمەيلا قويسۇن ياكى بولمىسا ئۇنىڭ بۇ يەردىكى ۋاقتىدا ، ۋاقتىنچە ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىپ تۇرۇشسۇن ، ئۇ قاندداق چاغدا كەلسە ، شۇ زامان مېنىڭ يېنىمغا ئەكىرىڭ ، — دېدى .

ۋاتسېن چۈشەندى . رېستونىڭ بۇ ئىشى ئۇنىڭغا قالتىس ماقۇل كەلدى . ئۇنىڭ جېننى ئۇچۇنمۇ ، رېستو ئۇچۇنمۇ ئوخشاشلا كۆڭلى بۇزۇلدى . «دېمىسىمۇ ، ئەگەر كىشىلەر مۇشۇنداق بىر مەشھۇر شەخسنىڭ بىر زامانلاردا ئاشۇنداق روماتىك تارىخى بولۇپ ئۆتكەنلىكىنى ئۇقسا ، قانداق ئويلاردا بولۇپ قالار» دېگەن ئوي كاللىسىغا كەچتى . رېستو ۋاتسېنغا بەكمۇ ئوبدان مۇئامىلە قىلىدىغان . ۋاتسېن رېستونى ئۆزىگە يۆلەك قىلىپ ، مەيدىسىنى كېرىپ يۇرەتتى . شۇڭا رېستو ئۇنى قانداق ئىشقا بۇيرۇسا ، ئۇنىڭ جان دەپ ماقۇل كۆرمەيدىغان يېرى يوق ئىدى .

ئۇ پەيتۇن يالىلاپ ، ئۇدۇل جېننىنىڭ تۇرالغۇسىغا راۋان بولدى . جېننى بۇ چاغدا گۈللەرگە سۇ قۇيۇۋاتقانىدى ، ئۇنىڭ ئۇشتۇمتۇت كىرىپ كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ ، شۇئان چىرايىدا تەئەججۇپ ئالامىتى پەيدا بولدى .

— مەن بىر مۇشكۇل ۋەزىپە بىلەن كەلدىم ، شىدولف خانىم ، — دېدى ئۇ جېننىنى يالغان ئىسمى بىلەن ئاتاپ ، — سىزنىڭ . . . گان ئەپەندى شۇ تاپتا سارايدا قاتتىق بىتاب بولۇپ ياتىدۇ . ئۇياقنىڭ رەپىقىسى ھازىر ياۋروپادا ، ئۇياق مېنى سىزدىن ئۆزىنىڭ قېشىغا بىر كېلىپ كېتىشىنى خالايدىغان - خالىمايدىغانلىقىڭىزنى سوراپ بېقىشقا ئەۋەتتى . ماڭا : ئەگەر مۇمكىن بولسا ، ئۆزىڭىز بىرگە ئەكېلىڭ ، دېۋىدى . ھازىر مەن

بىلەن بىرگە بارالامسىز ؟

— ھە ، ماقۇل ، — بۇ گەپنى قىلىۋاتقىنىدا ، جېنىنىڭ چىرايىدا ئويچانلىق ئالامىتى پەيدا بولدى . بۇ چاغدا باللارنىڭ ئىككىلىسى مەكتەپتە ، ئۆي ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان شۋېتسارىيىلىك موماي ئاشخانىدا ، جېنىنى دىككىدە بېرىپ كەلسىمۇ بولىۋېرەتتى . ئەمما تۇيۇقسىز ئۇنىڭ يادىغا ئۆتكەندە كۆرگەن بىر چۈشى كېچىپ قالدى . چۈشىدە ، ئۆزى قاپقاراڭغۇ ھەم سىرلىق سۇ ئىچىدە تۇرارمىش ، سۇنىڭ يۈزىنى ئىس - تۈتەككىمۇ ، تۇمانغىمۇ ئوخشىشىدىغان نەرسە قاپلىۋالغانمىش . باشتا ئۇنىڭ قولىقىغا سۇنىڭ يېنىككىنە شاپىلدىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ ، بىردەمدىن كېيىن ، ئەتراپتىكى قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن بىر كېمە چىقىپ كەپتۇ . بۇ بىر كىچىك قېيىق بولۇپ ، يا يېنىدا پالاق يوق ، يا ئۇنىڭ مىدىرلىغىنى كۆرۈنمەسمىش . كېمىدە ئۇنىڭ ئاپىسى بىلەن ۋىستاسى ئولتۇرارمىش ، يەنە بىرەيلەنمۇ باركەن ، ئەمما چىرايىنى ئېنىق تونۇغىلى بولماپتۇمىش . ئاپىسىنىڭ چىرايى خۇددى ئىلگىرى دائىم كۆرۈپ تۇرغىنىدەك ، تاپتاتىراڭغۇ ھەم ئايانچلىقمىش . ئۇ جېنىنغا ناھايىتى سۇرلۇك ھەم ھېسداشلىق نەزىرى بىلەن قاراۋاتقۇدەكمىش ، ئۇشتۇمتۇت جېنىنى قېيىقتىكى يەنە بىرەيلەننىڭ رېستو ئىكەنلىكىنى تونۇۋاپتۇ . ئۇ جېنىنى ئىلگىرى پەقەتلا چېلىقتۇرمىغان ، ئىنتايىن مەيۈس بىر قىياپەتتە جېنىنغا قاراپ تۇرغۇدەك . بىردەمدىن كېيىن ، ئاپىسىنىڭ : «قېنى ، ئەمدى ماڭايلى» دەپ ئەسكەرتىشى بىلەن ، ھېلىقى قېيىق مىدىرلاشقا باشلاپتۇدەك . جېنىنى ئۇلاردىن ئايرىلىپ قېلىشقا چىدىماي ، دەرھال ئاۋازىنىڭ بارىچە : «ۋاي ، مېنى تاشلاپ كەتمەڭە ، ئاپا !» دەپ توۋلاپ كېتىپتۇ . بىراق ، ئاپىسى ئۇنىڭغا يەنە بايىقىدەك ئايانچلىق ھەم سالماق نەزىرى بىلەن بىر قاراپ قويۇپتۇيۇ ، شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى قېيىق كۆزدىن غايىب بوپتۇ .

جېنىنى چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتكىنىدە ، خىيالىدا رېستو ئۆز يېنىدا باردەك ، ئۇنىڭ بىلەكلىرىنى سىلىماقچى بولۇپ قولىنى

ئۇزىتىۋىدى ، قولىغا بوشلۇقتىن باشقا نەرسە ئۇرۇلمىدى ، شۇنىڭ بىلەن ، قاراڭغۇچىلىقتا قوپۇپ ئولتۇرۇپ ، كۆزلىرىدىكى ياشلىرىنى سۈرتۈۋەتكەندىن كېيىنلا ، ئاندىن ئۆزىنىڭ بۇ يەردە يالغۇز ياتقانلىقىنى بىلدى . شۇ چاغدا ئۇ قاتتىق ساراسىمىگە چۈشۈپ ، بىر - ئىككى كۈنگىچە كۆڭلى غەش بولۇپ يۈرگەندى . كېيىن بۇ ئىش ئېسىدىن چىقىپ كەتكەندى ، ۋاتسېن كېلىپ ھېلىقى شۇم خەۋەرنى دېگەندىن كېيىن ، يەنە ئېسىگە كېلىپ قالدى .

ئۇ دەرھال ئىچكىرى كىرىپ ، كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ چىقتى ، چىرايىدىن قاتتىق ئالاقزادە بولۇۋاتقىنى بىلىنىپ تۇراتتى . ئەمما ئۇ ھېلىھەم شۇ بۇرۇنقىدەكلا جەلپكار ، كىيىنىشى رەتلىك ، نازاكەتلىك ، چىرايلىق ئايال ئىدى . خۇددى رېستونىڭ ئۇنىڭدىن ئايرىلمىغىنىدەك ، ئۇمۇ مەنىۋى جەھەتتە رېستودىن باشتىن - ئاياغ ئايرىلىپ باقمىغانىدى . گەرچە يالغۇز ياشاۋاتقان بولسىمۇ ، ئەينى چاغلاردىكى بىرگە تۇرغان كۈنلىرىدىكىدەك ، رېستونى خىيالىدىن بىردەممۇ نېرى قىلماي كەلدى . بولۇپمۇزە ، رېستونىڭ كلېۋېلاندتا ئۆزىگە تونجى قېتىم ئىشقۋازلىق قىلغان چاغلىرى — ئۇنىڭغا خۇددى ياۋايى ئادەملەردەك چاڭ سالغىنى جېنىنىڭ ئېسىدىن پەقەتلا چىققىنى يوق . شۇ تاپتا ئۇنىڭ كاللىسىدا : «ئۇنىڭغا يەنە بىر قېتىم قۇدرىتىمنىڭ يېتىشىچە خىزمەت قىلىۋالالىسامكەن» دېگەندىن باشقا ئوي يوق ئىدى . چۈنكى بۇ قېتىمقى چاقىرىق گەرچە ئۇنى قاتتىق چۆچۈتۈۋەتكەن بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ جېنىنى ھېلىھەم سۆيىدىغانلىقىنىڭ ناھايىتى ئوبدان بىر دەلىلى - دە . رېستو قانداقلا بولمىسۇن ، ئۇنى يەنىلا سۆيىدىكەن .

پەيتۇن ئۇزۇن كوچا بويلاپ ناھايىتى ئىتتىك يۈرۈپ ئىس - تۈتەك بىلەن قاپلانغان شەھەر رايونىغا كىردى - دە ، بىرپەستىلا سارايغا يېتىپ كەلدى . ۋاتسېن يول بويى قاتتىق ئېھتىياتچان بولدى . جېنىنى يالغۇز خىيال سۈرۈۋالسۇن دەپ ، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى . جېنىنى شۇنچە يىللاردىن بېرى خىلۋەتچىلىكتە

ياشاپ كەلگەچكە، شۇ تاپتا بۇ كاتتا سارايغا كىرىپ كېلىۋاتقىنىدا بىر ئاز قورۇنۇپ قالدى. ئۇ ئۇدۇللا رېستونىڭ خانىسىغا ئېلىپ بېرىلدى. بوسۇغىدىن كىرىپلا، ھېسداشلىق ئالامىتى بىلەن تولغان بىر جۈپ شەھلا كۆزنى رېستوغا تىكتى. رېستو ئىككى ياستۇققا يۆلىنىپ ياتقانىكەن، ئۇنىڭ قويۇق قوڭۇر چاچلىرىغا ھازىر ئاز - تولا ئاق قونۇپتۇ. رېستو ئەقىللىقلىقى چىقىپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا قىزىقسىنىپ قارىدى، قاراشلىرىدىن سەل چارچىغانلىقى بىلىنىپ تۇرسىمۇ، لېكىن كۆزلىرىدە ھېسداشلىق ۋە سۆيگۈ ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇراتتى. بۇ خىل ئىپادىنى كۆرۈپ، جېنىنىڭ ئىختىيارسىز ئىچى سىيرىلدى. رېستونىڭ جۇدىگەن، تاتارغان چىرايىغا قارىغاندا، يۈرىكى پىچاق بىلەن تىلغىغاندەك ئاغرىپ كەتتى. ئۇ ئىتتىك كېلىپ، رېستونىڭ يوتقان سىرتىغا چىقىپ تۇرغان قولىنى تۇتتى - دە، چىڭ سىقىپ قويدى، ئاندىن ئېڭىشىپ، ئۇنىڭ لەۋلىرىگە سۆيدى.

— شۇ تاپتا كۆڭلۈم بەك يېرىم بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، رېستو، — دېدى ئۇ پىچىرلاپ، — كۆڭلۈم قاتتىق بۇزۇلۇۋاتىدۇ. بىراق، كېسەللىكىڭىز ئۇنچىلىكمۇ ئېغىر ئەمەستۇ، شۇنداقمۇ؟ چوقۇم تۈزۈلۈپ كېتىسىز، رېستو... بەلكىم ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا تۈزۈلۈپ كېتەمسىز تېخى! — شۇ گەپنى قىلىۋېتىپ، رېستونىڭ قولىغا يېنىككىنە شاپىلاقلاپ قويدى.

— شۇنداق، جېنى، ئەمما مەن سىزنىڭ ئالدىڭىزدا بەكلا خىجىلمەن. بۇ ئىشنىڭ خاتا بولغانلىقىنى بىلىپ تۇرغاچقىمىكىن، كۆڭلۈم پەقەتلا ئارام تاپماي كەلدى. قېنى ماڭا ئېيتىپ بېرىڭا، يېقىنقىنىڭياقى ئەھۋالىڭىز قانداقراق؟

— يەنە شۇ بۇرۇنقىدەكلا، قەدىرلىكىم، ناھايىتى ئوبدان تۇردۇم. سىز ھەرگىز ئۇنداق خىياللاردا بولماڭ. ئۇزاققا بارماي، سىزمۇ ئارام تېپىپ قالىسىز.

رېستو سوغۇققىنا كۈلۈپ قويدى.

— سىز شۇنداق ئويلامسىز؟ — ئۇ شۇ گەپنى قىلىۋېتىپ

بېشىنى چايقىدى. چۈنكى بۇنداق بولۇشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكى كۆڭلىگە ئايان ئىدى، — ئولتۇرسىڭىزچۇ، قەدىرلىكىم، — دېدى يەنە، — ئەمما مېنىڭدە ئۇنچىۋالا دىققەتچىلىك يوق. مەن سىز بىلەن ئەھۋاللاشماقچىدىم. قېشىمغىراق كېلىپ ئولتۇرسىڭىزچۇ، — ئۇ بىر ئۇھ تارتىپ قويدى-دە، كۆزلىرىنى بىردەم يۇمۇۋالدى.

جېيننى ساپانى ئۇنىڭ كارىۋىتىغا تاقاپ قويۇپ ئۈستىگە ئولتۇردى. كۆزىنى ئۇنىڭ يۈزىدىن ئۈزمىگىنىچە، ئۇنىڭ قولىنى ئالىقانلىرى ئارىسىغا ئېلىۋالدى. ئۇ رېستونىڭ ئۆزىنى چاقىرتقانلىقىدىن ئىنتايىن ھاياجانلانغانىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ھېسداشلىق، مۇھەببەت ۋە مىننەتدارلىق ئۇچقۇنلىرى يېنىپ تۇرماقتا، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ يەنە بىر خىل ۋەھىمىنى سەزمەكتە ئىدى، رېستونىڭ چىرايىدىن قارىغاندا، كېسىلى خېلىلا ئېغىر!

— ئىشلار ئويلىمىغان يەردىن يۈز بېرىپ قالىدىكەن، — دېدى رېستو گېپىنى يەنە داۋاملاشتۇرۇپ، — لېتتى ھازىر ياۋروپادا، مەن سىزنى يوقلاپ كېلىشنى خېلى بۇرۇنلا ئويلىغانىدىم. بۇ دورەم كېلىشىمدىكى مەقسەتمۇ مۇشۇ ئىدى. بىز ھازىر نيۇيوركتا تۇرۇۋاتىمىز، بۇنى بىلىسىز. سىزنىڭ تېنىڭىز ناھايىتى ساغلام تۇرۇپتۇ. جېيننى.

— ئۇغۇ شۇنداق، لېكىن قېرىپ قالدىم، رېستو، — دېدى جېيننى كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ.

— ئوھو، قېرىش-قېرىماسلىقنىڭ كارايىتى چاغلىق، — دېدى رېستو ئۇنىڭدىن كۆزىنى ھېچ ئۈزمىگەن ھالدا، — ياش دېگەن ھېچنېمىنى بەلگىلەپ بېرەلمەيدۇ. بىز ھەممىمىزلا شۇنداق. بىزنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىمىز مۇشۇنداق.

ئۇ گېپىنى بىرپەس توختىتىۋېلىپ، كۆزلىرىنى تورۇسقا تىكتى. قورسىقىنىڭ بوشقىنا ئاغرىۋاتقىنىنى سېزىپ، ئۆزىنىڭ بىرئاز كۆچەپ ھەم جىددىيلىشىپ قالغىنىنى بىلدى. ئالدىنقى

www.uyghurkitap.com

دورەمقى هېلىقى قاتتىق ئاغرىقتىن كېيىن ، ئۇنىڭ ئۆزىنى ياخشى سېزىدىغان ۋاقىتلىرى هېچقانچە كۆپ بولمىغانىدى .

— كېتىپ قېلىشتىن ئاۋۋال سىز بىلەن بىر كۆرۈشۈۋالمىسام زادى بولمايتتى ، — ئۇ جىددىي ئاغرىق ئۆتۈپ كېتىپ ، ئەركىن پىكىر قىلالايدىغان هالەتكە قايتقاندىن كېيىن ، سۆزىنى داۋام قىلدۇردى ، — مەن سىزگە بۇرۇنلا ئېيتماقچىدىم ، جېنىنى ، مەن ئىككىمىزنىڭ بۇنداق جۇدالىشىشىمىزدىن ئانچە رازى ئەمەس . ئەمەلىيەتتە ، بۇ خىل چارىمۇ ئەسلىي توغرا ئەمەسكەن . مەن ئۆزۈمنى ئىلگىرىكىدەك كۆڭۈللۈك هېس قىلالمايمەن . مېنىڭ سىزگە ناماقۇلچىلىق هېسسىياتىدا بولمىغان ۋاقتىم يوق . يۈرىكىمنىڭ بۇنداق ئارامسىزلىنىشىنى بۇرۇنراق بىلگەن بولسام ، هازىر بۇنچە پۇشايمانغا قېلىپ ئولتۇرماسكەنمەن .

— ئۇنداق دېمەڭە ، — شۇنداق دېيىشى بىلەن ، بىردىنلا جېنىنىنىڭ كۆڭۈل ئەينىكىدە ئىلگىرى ئىككىسى بىرگە ئۆتكەن چاغلاردىكى ئىشلارنىڭ هەممىسى بىر - بىرلەپ زاهىر بولدى . ئۇ مانا ئەمدىلا ئۆزلىرىنىڭ هەقىقىي بىرىكىشىنىڭ بىر دەلىلىگە ئېرىشتى . ئىككىيلەننىڭ مەنىۋى جەهەتتە ئىزچىل تۇردە ئىناق ئۆتۈپ كەلگىنىنى بىلدى ، — هازىرمۇ ناهايىتى ئوبدانغۇ ؟ مېنىڭچە ئايرىلساقمۇ ، ئايرىلمىساقمۇ بەرىبىر ئوخشاش . سىز ماڭا بەك ئوبدان مۇئامىلە قىلىپ كەلدىڭىز . ئەگەر سىز مال - مۈلۈكتىن ئايرىلىپ قالغان بولسىڭىز ، مېنىڭ كۆڭلۈم ئارام تاپمىغان بولاتتى . ئۇنداق چارە قەتئىي توغرا ئەمەس ئىدى . هازىرقى ئەهۋالدىن مەن كۆپ رازى . دەسلەپتە بىر ئاز ئازابلانغانمۇ بولدۇم ، ئەزىزىم ، لېكىن مەيلى قانداقلا ئىش بولسۇن ، هامان بىر مەزگىل كىشىگە ئازابلىق تۇيۇلىدىكەن .

— ئۇنداق ئەمەس ، — دېدى رېستو ، — بۇ مۇتلەق توغرا ئەمەس . ئىش بېشىدىلا خاتا بولغانىدى ، ئەمما بۇ سىزنىڭ سەۋەنلىكىڭىز ئەمەس . مەن ئىنتايىن خىجىل . سىزگە بۇنى بۇرۇنلا ئېيتماقچى بولغانىدىم . تەلىيىمگە هېلىمۇ بۇ پۇرسەت

چىقىپ قالدى .

— ئۇنداق دېمىسىڭىزچۇ ، رېستو . . . خۇش بولۇپ كېتەي ، ئۇنداق دېمىسىڭىز ، — جېننى يالۋۇردى ، — هازىر ھەممە ئىش جايىدا . خىجىل بولۇشىڭىز هاجەتسىز ، سىز خىجىل بولغۇدەك ھېچ ئىش يوق . سىز ماڭا باشتىن - ئاياغ ياخشىلىق قىلىپ كەلدىڭىز . خىيالىمغا ھەربىر . . . — جېننى گېپىنىڭ ئايىغىنى چىقىرالماي ئۆكسۈپ يىغلاشقا باشلىدى . ئۇ رېستونىڭ قولىنى مەھكەم سىقىپ تۇراتتى . شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن رېستونىڭ بۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە كلىۋېلاندتا ئۆي تېپىپ بەرگىنى ، گېرخاردتقا قىلغان راپاۋىتى ھەم باشقا جىمى ياخشىلىقلىرى قاتار تىزىلىپ ئۆتمەكتە ئىدى .

— خەيرىيەت ، شۇ تاپتا سىزگە گەپلىرىمنى دەۋېلىپ ، ئىچىم خېلى بوشاپ قالغاندەك بولۇپ قالدىم . سىز ئېسىل ئادەمكەنسىز ، جېننى ، هازىر يەنە قېشىمغا كەلدىڭىز . مەن سىزنى ياخشى كۆرەتتىم ، هازىرمۇ شۇنداق ياخشى كۆرىمەن . قەلبىمنى چۈشىنىپ قالغايسىز . بەلكىم ماڭا ھەيران بولۇۋاتىدىغانسىز ، لېكىن مېنىڭ هاياتىمدا ھەقىقىي سۆيگەن ئادىمىم پەقەت سىزلا . بىز مەڭگۈ ئايرىلماسلىقىمىز كېرەك ئىدى .

جېننىنىڭ ئاغزىغا بىرهازاغىچە گەپ كەلمەي قويدى . ئۇ مۇشۇ سۆزنى — مۇشۇنداق سۆيگۈ دەلىلىنى شۇنچە يىللار مابەينىدە ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتۈپ كەلگەنىدى . مانا ئەمدى ئۆزلىرىنىڭ گەرچە جىسمانىي جەھەتتىن بىرىكەلمىگەن بولسىمۇ ، مەنىۋى جەھەتتىن بىرىككەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان بۇ ئىقرارنامىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭ جىمى ئىشتىن كۆڭلى قانائەتلەنىدى . ئۇ هازىر مۇرادىغا يەتكەنىدى ، ئەمدى ئۆلسىمۇ ئارمىنى يوق ئىدى . «ئاھ ، رېستو» ئۇ ئۆكسۈپ تۇرۇپ ، رېستونىڭ قولىنى چىڭ سىقتى . رېستومۇ ئۇنىڭ قولىنى سىقىپ قويدى ، بىرپەس سۈكۈناتتا تۇرغاندىن كېيىن ، رېستو ئۇنىڭدىن يەنە گەپ سورىدى .

— ھېلىقى ئىككى يېتىم بالا قانداقىراق ؟

— ۋاي، ئۇلار بەك ئوماق، — جېنىنى ئۇنىڭغا بۇ ئىككى بالىنى تەپسىلىي سۈرەتلەپ بەردى. رېستو ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاۋېتىپ ناھايىتى ھۇزۇرلۇق ھېس قىلدى. چۈنكى، جېنىنىڭ ئاۋازى ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇراتتى، جىمىكى پەرزەنتلىرى ئۇنىڭغا شادلىق بېغىشلايتتى، كېيىن جېنىنىڭ قايتىدىغان ۋاقتى بولۇپ قېلىۋىدى، ئۇنىڭ جېنىنى يېنىدا ئېلىپ قالغۇسى شۇنداق كېلىپ كەتتى.

— كېتەمسىز، جېنىنى؟

— كەتمىسەممۇ، كەتمىسەممۇ ئوخشاش، رېستو، — دېدى ئۇ، — مەن بۇ يەردىن بىر ياتاق ئالاي، شۋېنسىن مومايغا بىر پارچە باغاقچە ئەۋەتىۋەتسەم ئىش پۈتىدۇ.

— نېمىشقا ئەمدى؟ — دېدى رېستو. لېكىن، جېنىنى ئۇنىڭ ئۆزىنى ئېلىپ قالغۇسى كېلىپ تارتىنىشىپ تۇرغىنىنى كۆزلىرىدىن سېزىۋالدى ـ دە، كەتمەي قېلىپ قالدى.

شۇ چاغدىن باشلاپ، تاكى رېستو جان ئۈزگەنگە قەدەر، جېنىنى سارايدىن بىرقەدەممۇ نېرى كەتمىدى.

## 62

رېستونىڭ ئۆلۈمى تۆت كۈندىن كېيىنكى ئىش. جېنىنى مۇشۇ تۆت كۈن ئىچىدە كارىۋات قېشىدىن بىر قەدەممۇ نېرى سىلجىمىدى دېسەكمۇ بولىدۇ. ھېلىقى ياللىۋېلىنغان سېستىرا بۇنداق بىر ئوبدان ياردەمچى تۇرغان يەردە يالغۇزچىلىق تارتىپ قالمايدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئۇنى جان دەپ قارشى ئالدى، ئەمما دوختۇر بۇنىڭغا قارشى پىكرىنى بىلدۈرۈۋىدى، رېستو جاھىللىق قىلىپ چىڭ تۇرۇۋالدى.

— بۇ مېنىڭ ئۆلۈمۈمغۇ، — دېدى ئۇ بىر خىل ئېچىنىشلىق ھەزىل بىلەن، — مەن ئۆلۈۋاتىمەن، ئەجەبا، مېنى ئۆز مەيلىمچە

ئۆلگىلى قويماسلەر ؟
ۋاتسېن ئۇنىڭ بۇنداق ئېگىلمەس ـ سۇنماس جاسارىتىنى كۆرۈپ ، ئىختىيارسىز كۈلۈپ تاشلىدى ، بۇنداق ئىشنى ئۇ ئۆمرىدە ئۇچرىتىپ باقمىغانىدى .
مۇشۇ بىرنەچچە كۈننىڭ مابەينىدە ، دوست ـ ئاغىنىلەر كەينى ـ كەينىدىن ئۇنى يوقلاپ كېلىپ تۇردى ، گېزىتلەرمۇ بۇ ھەقتە ئارقا ـ ئارقىدىن خەۋەرلەرنى باستى . روبېرت گېزىتتىن بۇ خەۋەرنى كۆرۈپ ، چىكاگوغا بىۋاسىتە ئۆزى بېرىش قارارىغا كەلدى . ئىموگېن بىلەن ئۇنىڭ ئېرىمۇ كېلىشىۋىدى ، رېستو جېنىنى ئۆزىنىڭ ياتىقىغا چىقىرىۋېتىپ ، ئۇلارنىڭ كىرىپ بىرنەچچە مىنۇت ئولتۇرۇپ چىقىشىغا ئىجازەت بەردى . رېستونىڭ بۇلارغا قىلغۇدەك ئانچە جىق گېپىمۇ يوق ئىدى . سېستىرا ئالدىنئالا ئۇلارغا : بىمار بىلەن كۆپ پاراڭلىشىشقا بولمايدۇ ، دەپ ئاگاھلاندۇرۇش بەردى . ئۇلار كەتكەندىن كېيىن ، رېستو جېنىغا : «ئىموگېن جىق ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ» دېدىيۇ ، باشقا گەپ ـ سۆز قىلمىدى .
رېستو جان ئۈزگەن كۈنى چۈشتىن كېيىن ، گان خانىم ئاتلانتىك ئوكيان پاراخوتىدا ئىدى ، نيۇيوركقا يېتىپ كېلىشىگە يەنە ئۈچ كۈنلۈك مۇساپە قالغانىدى . رېستو ئاخىرەتكە سەپەر قىلىشتىن ئىلگىرى جېنىغا ئاز ـ تولا ياردەم قىلىش خىيالىدا بولغان بولسىمۇ ، لېكىن كاللىسىغا ھېچقانداق ئامال كەلمىدى . ئۇنىڭغا يەنە جىقراق پۇل بېرەي دېگىنى بىلەنمۇ بىكار ، چۈنكى جېنى پۇلنى ئالمايدۇ . ئۇنىڭ ئاغرىقى ئاخىرقى مەرتەم تازا قاتتىق تۇتقان چاغدا ، كاللىسىدا «لېتتى ھازىر نەدىدۇ ؟ قاچان يېتىپ كېلەركىن ؟ » دېگەن ئوي كېزىپ يۈرۈۋاتقانىدى . ئەمما دوختۇر تېخى ئاغرىق توختىتىش ئوكۇلىنى ئۇرۇشقا ئۈلگۈرمەيلا ، ئۇنىڭ تىنىقى توختاپ بولدى . كېيىن تەكشۈرۈش ئارقىلىق ، ئۇنىڭ جېنىغا زامىن بولغان كېسەل ئۈچەي كېسەللىكى بولماستىن ، بەلكى مېڭىدىكى چوڭ قان تومۇرنىڭ زەخىملەنگەنلىكى ئىكەنلىكى

ئېنىقلاندى .

جېنىنى ئۇدا نەچچە كۈن كېسەل بېقىپ قاتتىق چارچىغانلىق ئۈستىگە ، ئەمدى بۇ قايغۇ ـ ھەسرەت بىلەن تېخىمۇ بولالماي قالدى . رېستو ئەزەلدىن ئۇنىڭ ئوي ـ خىيالى ۋە ھېسسىياتىنىڭ بىر بۆلىكى ئىدى ، ئەمدىلىكتە ئۇ ئۆلۈپ كېتىۋىدى ، جېنىنى گويا ئۆزىمۇ يېرىم ئۆلگەندەك بولۇپ قالدى . ئۇ رېستونى چىن ئىخلاسى بىلەن ياخشى كۆرەتتى ، رېستومۇ ئۇنى ھەر دائىم يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قېتىدا ياد ئېتىپ كەلگەنىدى . شۇ تاپتا جېنىنىدا كۆز يېشى بىلەن ئىپادىلىنىدىغان روھىي ھالەت نېمىش قىلسۇن ، ئۇ بىر خىل قايغۇ ـ ھەسرەتتىن ، گويا ئۇنى ئازابلىق سېزىمدىن خالاس قىلىدىغاندەك بىر خىل بىھوشلۇقتىن باشقىنى سەزمەيتتى . ئۇ — ئۇنىڭ رېستوسى يەنە شۇنداق قەيسەر ھالەتتە ئۆلۈم قۇچىقىدا تېپتىنچ ياتاتتى . ئۇنىڭ چېھرىدىكى ئىپادىلەر — غەيۇرلۇق ، قەتئىيلىك ۋە يەنە مۇلايىملىق قىلچىلىك ئۆزگەرمەپتۇ .

گان خانىم تېلېگراممىا ئەۋەتىپ ئۆزىنىڭ چارشەنبە كۈنى يېتىپ بارىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغانىدى . شۇڭا ، كۆپچىلىك مېيىتنى ھازىرچە كۆممەي تۇرۇشنى قارار قىلىشتى . جېنىنىنىڭ ۋاتسېندىن ئۇقۇشىچە ، مېيىتنى كېيىن سىنسىنناتىغا ئاپىرىپ دەپنە قىلارمىش ، چۈنكى ئۇ يەردە بىس ئائىلىسىگە تەۋە شام گۆر بار ئىكەن . ئۇزاق ئۆتمەيلا ، جەمەت ئەزالىرى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ يېتىپ كېلىشىۋىدى ، جېنىنىغا ئۆزىنىڭ ياتىقىغا كىرىپ دالدىلىنىشقا توغرا كەلدى ، ئىككىنچىلەپ ئوتتۇرىغا چىقىپ ئىشلارغا ئارىلىششقا مۇمكىن بولمىدى .

ئەڭ ئاخىرقى مۇراسىمغا كەلسەك ، ئۇنىڭ ھېچنېمىگە ئوخشىمايدىغان يەرلىرى بار بولۇپ ، ئۇ ئاشۇ جەمەتنىڭ مۇناسىۋەتىدىكى مۇقامدا يوق تەرەپلىرىنى يېتەرلىك دەرىجىدە ئىسپاتلاپ بېرەلەيتتى . ئەسلىدە جەمەت ئەزالىرى گان خانىم بىلەن تېلېگراممىا ئارقىلىق خەۋەرلىشىپ ، مېيىتنى ئاۋۋال ئېمو گېيىنىنىڭ تۇرالغۇسىغا يۆتكەپ ئاپىرىپ ، ئاندىن كېيىن تاۋۇتنى شۇ يەردىن

ئېلىپ چىقماقچى بولۇپ كېلىشىپ قويۇشقانىدى . روبېرت ئۆلۈم بولغان كۈنى ئاخشىمى يېتىپ كەلگەن ، يەنە بىل تاۋچى ، ئىموگېنىنىڭ ئېرى مىكېللىي ئەپەندى ھەم باشقا ئۈچ جايدىن كەلگەن ئابرۇيلۇق زاتلارمۇ بار بولۇپ ، ھەممىسى مېيىت ئۇزىتىشقا تەييار بولۇپ تۇرۇشقانىدى . لۇئىزا بىلەن ئېرى بۇففالودىن يېتىپ كېلىشتى ، ئامى بىلەن ئېرىمۇ سىنسىنناتىدىن يېتىپ كېلىشتى . ئۆينىڭ ئىچى ئۆلۈم پەتىچىلىرى بىلەن لىق تولدى ، بۇلارنىڭ بەزىلىرى چىن كۆڭلىدىن تەزىيە بىلدۈرگىلى كەلگەن بولسا ، يەنە بەزىلىرى رەسمىيەتنى ئادا قىلىش ئۈچۈنلا كەلگەنىدى . رېستو ۋە ئۇنىڭ جەمەتىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنى كاتولىك مۇخلىسى دەپ ھېسابلايدىغان بولغاچقا ، كاتولىك دىنىنىڭ پوپىنى تەكلىپ قىلىپ ئەكېلىپ ، كاتولىك دىنىنىڭ قائىدىسى بويىچە مۇراسىم ئۆتكۈزمەكچى بولۇشتى . شۇنىڭ بىلەن ، رېستونىڭ جەسىتى يات قاملىلىك كىشىنىڭ مېھمانخانىسىغا ياتقۇزۇلۇپ ، بېشىنىڭ ئۇستى تەرىپى بىلەن پۇتىنىڭ ئايىغىغا پىلدىرلاپ يېنىپ تۇرغان شام قويۇپ قويۇلدى . مەيدىسىگە كۆمۈشتىن ئىشلەنگەن كرېست قويۇپ ، ئۆلگۈچىنىڭ شامدەك ئاقىرىپ كەتكەن ئىككى قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇشتى . بۇ قارىماققا ناھايىتى غەلىتە كۆرۈنەتتى . ناۋادا ، ئۆلگۈچى تىرىلىپ قوپۇپ ، ئۆزى بىر قارايدىغان بولسا ، ئۇمۇ كۈلكىدىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغان بولاتتى ، لېكىن گان جەمەتى كونىچە رەسىم - قائىدىلەرگە چىڭ يېپىشىۋالىدىغان ، ئوڭايلىقچە ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان كىشىلەر بولغاچقا ، ئۆزلىرى بۇنىڭغا قىلچە ھەيران بولمىدى . چېركاۋغا ئەلۋەتتە ھېچكىم قارشى چىقمايتتى . ئۇلار دېگەن نام - شۆھرىتى بار كىشىلەر ، ئۇلار قانداق قىلمىز دېسە باشقا ئادەمنىڭ رەت قىلىشقا ھەددىمۇ ؟

گان خانىم چارشەنبە كۈنى يېتىپ كەلدى . ئۇ قاتتىق قايغۇ - ھەسرەتكە چۆككەنىدى ، چۈنكى ئۇنىڭ مۇھەببىتىمۇ جېنىنىڭكىگە ئوخشاش ، چىن يۈرىكىدىن ئىدى . شۇ كۈنى كېچىسى ئەل ئايىغى بېسىققان مەھەلدە ، ئۇ ئۆزى ياتقان ئۆيدىن

يالغۇز چىقىپ كەلدى ـ دە ، مېيىت ساندۇقىغا ئېڭىشىپ ، شام يورۇقىدا رېستوننىڭ يېقىملىق چېھرىگە سىنچىلاپ قارىغىنىچە ، خېلى ئۇزاق تۇردى ، كۆزلىرىدىن بۇلدۇقلاپ ياشلار تۆكۈلدى . چۈنكى ئۇنىڭ رېستو بىلەن بىرگە ئۆتكۈزگەن كۈنلىرى تولىمۇ كۆڭۈللۈك بولغانىدى . ئۇ يەنە رېستوننىڭ مۇزدەك مەڭزىگە ۋە قوللىرىغا سۆيدى . «ۋاي ئىستىقىنە ، سۆيۈملۈك رېستو ، — دېدى ئۇ بوش ئاۋازدا يىغلاپ تۇرۇپ ، — ۋاي ئىستىقىنە ، باھادىرىم !» رېستوننىڭ جېنىنى چاقىرتىپ كەلگەنلىكى توغرۇلۇق ئۇنىڭغا ھېچكىم تىنمىدى ، گان ئائىلىسىدىكىلەردىنمۇ ھېچقايسىسى بىلمەي قالغانىدى .

مۇشۇ چاغدا ، جەنۇبىي باغچە يولىدىكى بىر ئۆيدە ، بىر ئايال تەنھا ئۆزى مۇڭ ـ ھەسرەتكە چۆككەن ھالدا ئولتۇرۇپ ، ئورنىغا كەلتۈرگىلى بولمايدىغان تالاپەت ئۈچۈن قايغۇرماقتا ئىدى ، شۇنچە يىللار مابەينىدە ، گەرچە ئەھۋالدا شۇنچە كۆپ ئۆزگىرىش بولغان بولسىمۇ ، ئۇنىڭدا باشتىن ـ ئاياغ زەررىچە ئۈمىد ساقلىنىپ كەلگەنىدى ، خىيالىدا رېستو ھامان بىر كۈنى قايتىپ كېلىدىغاندەكلا تۇراتتى ، دەرۋەقە ئۇ قايتىپ كەلگەنمۇ بولدى — چۈشىدە قايتىپ كەلدىيۇ ، يەنە كېتىپ قالدى ، نەگە كەتتىكىنە ؟ ئاپىسى ، دادىسى ، ۋىستاسى قەيەرگە كېتىشكەندۇ ؟ ئۇنىڭدا ئەمدى رېستونى قايتا كۆرۈش ئۈمىدى پەقەتلا قالمىدى ، چۈنكى گېزىتلەردە خەۋەر قىلىنىشىچە ، ئۇنىڭ جەستى مىكېللىپىنىڭ تۇرالغۇسىغا يۆتكەپ كېتىلىپتۇ ، كېيىن سىنسىنناتىغا ئاپىرىپ دەپنە قىلىنىدىكەن . جېنىنى يەنە چىكاگودا ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق مۇراسىم ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقى ، ئورنى جەنۇبىي رايوندىكى سان ـ مىكېل چېركاۋى ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تاپتى .

بۇ ئىش جېنىنىغا قاتتىق تەسىر قىلدى . ئۇ رېستوننىڭ چىكاگوغا دەپنە قىلىنىشىنى بەكمۇ ئۈمىد قىلغانىدى ، چۈنكى شۇنداق بولغاندا ، ئۆزىمۇ ئۇنىڭ قەبرىسىنى پات ـ پات يوقلاپ تۇرالايتتى ئەمەسمۇ ، لېكىن بۇنىڭغىمۇ مۇمكىن بولماي قالدى . ئۇ

ئەزەلدىن ئۆز تەقدىرىنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇرالمىغان، ھەرقانداق ئىشى باشقىلار تەرىپىدىن كونترول قىلىنىپ كەلگەنىدى. رېستونىڭ مۇشۇ دورەم سىنىسنىناتىغا ئەكېتىلىشى ئۇنىڭغا ئۆزلىرىنىڭ ئەبەدىي ۋىدالاشقىنىنىڭ بېشارىتى بولۇپ تۇيۇلدى؛ گەرچە سىنىسنىناتى بىلەن چىكاگونىڭ ئارىلىقى ھېچقانچە يىراق بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا پەرقى باردەك بىلىنەتتى. ناھايەت، ئۇ يۇزىگە قىلىن چۈمپەردە تارتىپ، ھېلىقى چېركاۋغا بېرىپ مېيىت ئۇزىتىش مۇراسىمىغا داخىل بولۇش قارارىغا كەلدى. گېزىتلەردە ئېيتىلىشىچە، مۇراسىم چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىدە ئۆتكۈزۈلمەكچىكەن، سائەت تۆتتە مېيىتنى پويىزغا ئاچىقىشىدىكەن، جەمەت ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى مېيىتقا ھەمراھ بولۇپ سىنىسنىناتىغىچە بىللە بېرىشىدىكەن. «بۇ ئەڭ ئاخىرقى پۇرسەت، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — ۋوگزالغىمۇ بېرىپ ئۇزىتىپ قويىمايمەنمۇ؟»

مېيىت ئۇزىتىش مۇراسىمى تېخى باشلانماستىنلا، يۇزىگە قىلىن چۈمپەردە تارتقان، ئۇچىسىغا قارا كىيىم كىيگەن بىر جۇۋان ياندىكى ئىشىكتىن چېركاۋغا كىرىپ كەلدى ـ دە، خىلۋەت بۇلۇڭغا بېرىپ ئولتۇردى. باشتا ئۇ چېركاۋ ئىچىنىڭ قاپقاراڭغۇ، تىمتاسلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ ۋاقىت ۋە ئورۇننى ئاداشتۇرۇپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ سەل ھودۇققاندى، لېكىن ئون مىنۇتچە دەككە ـ دۈككىدە ئولتۇرغاندىن كېيىن، چېركاۋنىڭ ئۈچلۈق مۇنارىدىكى قوڭغۇراق ھەيۋەت بىلەن چېلىنىشقا باشلىدى. ئارقىدىنلا قارا، ئاق پۇرۇچلاردىن تىكىلگەن قۇراق پەرىجە كىيگەن بىر كىچىك موناخ چىقىپ كەلدى ـ دە، پەشتاقنىڭ ئىككى تەرىپىگە قويۇلغان قەندىللەردىكى شاملارنى ياندۇردى. مۇزىكا سەھنىسىدە يېنىككىنە بېسىلغان قەدەم تىۋىشى ئاڭلىنىۋىدى، جىمجىت بۇ دورەمقى مۇراسىمدا مۇزىكا ئورۇندىلىدىغانلىقىنى پەملىۋالدى. قوڭغۇراقنىڭ ئاۋازى جەلپ قىلىپ ئەكىرگەن بىكارچى ئادەملەر، تەكلىپ قىلىنمىغان تونۇشلار ۋە ئاھالىلەر

ئارقا ـ ئارقىدىن كىرىپ، ئورۇن ئېلىشقا باشلىدى.

جېنىنى بۇ ئەھۋاللارغا تەئەججۇپ نەزىرى بىلەن قاراپ تۇراتتى. ئۇ كاتولىك چېركاۋىغا زادىلا قەدەم بېسىپ باقمىغانىدى. ئاشۇ سۈرۈن كەيپىيات، ئاشۇ كۆركەم دېرىزىلەر، ئالتۇن رەڭ شولا چېچىپ تۇرغان شاملار ئۇنىڭدا ناھايىتى چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى. شۇ تاپتا ئۇنى بىر خىل ھەسرەت ـ نادامەت، مەھرۇمىيەت تۇيغۇسى، گۈزەل ۋە سىرلىق سېزىم چۇلغىۋالدى. غۇۋا ھەم نائېنىق كىشىلىك ھايات گوياكى مۇشۇ كۆرۈنۈشلەردىن ئۆزىنىڭ بىر مىسالىنى ئىپادىلەپ تۇرغاندەك قىلاتتى.

قوڭغۇراق ساداسى ئىچىدە، مۇقەددەس بۇيۇملار ساقلىنىدىغان جايدىن پەشتاق مۇلازىمەتچىلىكىنى قىلىدىغان ئۆسمۈرلەر سەپ تارتىپ چىقىپ كەلدى. ئۇلار ئارىسىدىكى ئەڭ كىچىكى — ئون بىر ياشلاردىكى، پەرىشتە سۈپەت ئۆسمۈر ھەيۋەتلىك كۈمۈش كرېستنى بېشىدىن ئۈستۈن كۆتۈرۈپ سەپنىڭ ئالدىدا كېلىۋاتاتتى، ئۇنىڭ كەينىدىكىلەر ئىككى قاتار بولۇشۇپ، قوللىرىدا پالىلداپ يېنىپ تۇرغان ئۇزۇن ـ ئۇزۇن شاملارنى كۆتۈرگىنىچە كېلىشىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئۇچىسىغا گۈللۈك جىيەكلىك قارا تون كىيگەن، ئۇڭ ھەم سول يېنىغا بىردىن ئۆسمۈر موناخنى ئېلىۋالغان پوپ چىقىپ كەلدى. بۇ سەپ ئىشىكتىن چىقىپ، چېركاۋنىڭ دەھلىزىگە ئۆتۈپلا، كۆزدىن غايىب بولدى.

ئوركېستىر ماتەم مۇزىكىسىنى ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىن، ھېلىقى سەپ يەنە پەيدا بولدى. كرېست بىلەن شاملار ئۆتۈپ كېتىۋىدى، ھېلىقى تۇتۇق چىراي پوپ ئاغزىدا دۇرۇت ئوقۇغاچ، رېستوننىڭ قارا رەڭدە سىرلانغان، كۈمۈش ھالقا بېكىتىلگەن يوغان مېيىت ساندۇقىنى ياقىلاپ چىقىپ كەلدى، جىنازىنى كۆتۈرگەن مېيىت ئۇزاتقۇچىلار تەكشى قەدەم بېسىپ كېلىۋاتاتتى. مېيىت ساندۇقىغا قاراپ، شۇ زامان جېنىنىنىڭ پۈتۈن بەدىنى قېتىپ قالغاندەك، نېرۋىلىرىغا توك تېگىپ ئۆتۈپ كەتكەندەك بولۇپ

قالدى. ئۇ جىنازىنى كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقانلارنىڭ ھېچقايسىسىنى تونۇيالمىدى. روبېرتنىغۇ ئەسلا كۆرۈپ باقمىغان، مىكېللېينىمۇ تونۇمايتتى. كەينىدىن قاتارلىشىپ كېلىۋاتقان بىر توپ ئۆلۈم ئۇزاتقۇچىلار ئارىسىدىن پەقەت ئۇچەيلەننى تونۇدى، بۇلارنى رېستو بىر چاغلاردا ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ قويغانىدى. گان خانىمنى ئەلۋەتتە تونۇيتتى. ئۇ شۇ تاپتا جىنازىنىڭ ئارقىسىدىن دەمبەسقەدەم كېلىۋاتاتتى، بىرەيلەن ئۇنى قولتۇقلىۋاپتۇ. ئۇنىڭ كەينىدىن سۇرلۇك، سەممىي قىياپەتتە ۋاتسېن كېلىۋاتاتتى. ئۇ گويا جېنىنى ئىزدەۋاتقاندەك، كۆزلىرىنى ئىككى ياققا يۈگۈرتتى، ئۇنى چېلىقتۇرمىغاندىن كېيىن، يەنە شۇ سۇرلۇك قىياپەتتە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئۆتۈپ كەتتى. جېنىنى ئۆزىنى زورىغا بېسىپ تۇرۇپ، بۇ ئالامەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرمەكتە، ئۇنىڭ يۈرىكى قايغۇ ـ ھەسرەتتىن مۇجۇلماقتا، شۇ تاپتا ئۇ گوياكى مۇشۇ تەنتەنىلىك مۇراسىم ئەھلىنىڭ بىر قىسمى، ئەمما يەنە ئۇنىڭغا مۇتلەق مۇناسىۋەتسىز بىر كىشى ئىدى.

بايىقى سەپ پەشتاق ئالدىدىكى ۋادەكىنىڭ يېنىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، جىنازىنى يەرگە قويۇشتى. ئاندىن ئۇنىڭ ئۈستىگە ئازاب چەككۈچىلەر گېربى كەشتىلەنگەن بىر ئاق يوپۇقنى ياپتى ـ دە، يوپۇق ئۈستىگە بىر دانە قارا كرېستنى، ئۇنىڭ يېنىغا يېنىپ تۇرغان بىر جۈپ يوغان شامنى قويۇشتى. ئۇنىڭدىن كېيىن غەزەل ئوقۇش، جىنازا ئۈستىگە مۇقەددەس سۇ چېچىش، كۈجە كۆيدۈرۈش، كۈجە سورۇش، تەرتىپ بويىچە دۇئا ـ تەكبىر ئوقۇش، بۈۋى مەريەم ئانىغا مەرسىيە ئوقۇش قاتارلىق رەسمىيەتلەر ئورۇندالدى. بۇ تەنتەنىلىك مۇراسىمنى كۆرۈپ بىردىنلا جېنىدا ئېھتىرام تۇيغۇسى قوزغالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قەلبىدىن مۇسىبەت ئازابى، ئەبەدىي مەھرۇم بولۇش تۇيغۇسى قىلچە يوقالمىدى. جېنىغا مۇشۇ شاملار، مۇشۇ كۈجىلەر، ئاشۇ مۇناجاتلارنىڭ ھەممىسى گۈزەل تۇيۇلماقتا، ئۇلار ئۇنىڭ مۇسىبەتلىك يۈرەك تارىنى چېكىپ، ئۇنى قەلبىنىڭ چوڭقۇر

www.uyghurkitap.com

قېتىمدا تىترەتمەكتە ئىدى . جېننى گوياكى بىر ئۆي ، ئۇنىڭ ئىچى مەرسىيە ناخشىسى ۋە جانسىز ھادىسىلەر بىلەن تولغانىدى . ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ، بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى . بىر كەمدىن كېيىن قىزىقسىنغان ھالدا گان خانىمغا قارىۋىدى ، ئۇمۇ ئۆكسۈپ يىغلاۋاتقانىكەن .

مۇراسىم تاماملانغاندىن كېيىن ، ھەممەيلەن پەيتۇنلارغا چىقىشتى ، تاۋۇت ئۇدۇللا ۋوگزالغا ئېلىپ مېڭىلدى . جېننى مېھمانلار ۋە تاماشا كۆرگۈچىلەر بىر - بىرلەپ تارقىلىپ ، چېركاۋنىڭ ئىچى تىنچىپ قالغاندىن كېيىن ، ئاندىن ئورنىدىن تۇردى ، تاۋۇتنىڭ پويىزغا بېسىلىشىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈش ئۈچۈن ، ئۇمۇ ۋوگزالغا بارماقچى بولدى . ئۇ «ھەرقاچان ۋىستانىڭ تاۋۇتىنى ئېلىپ ماڭغاندەك ، ئۇلارمۇ ۋوگزال سۇپىسىدا بىردەم تۇتۇپ تۇرۇشى مۇمكىن» دەپ ئويلىدى - دە ، دەررۇ پەيتۇن ياللاپ ئارقىسىدىن قوغلاپ مېڭىپ ، بىردەمدىلا ۋوگزالغا يېتىپ باردى . ئاۋۋال تۆمۈر ۋادەكنىڭ ئىچىدىكى ئادەملەر ئارىسىدا بىر پەس ئايلىنىپ يۈردى ، ئاندىن كېيىن ، تاۋۇتنىڭ پويىزغا ئاچىقىلىش تەرتىپىنى ئاڭلىماقچى بولۇپ ، پويىز كۈتۈش ئۆيىگە كىرىپ ، بىردەم چۆرگىلەپ يۈردى . بىر كەمدە ، ئۇ جەمەت ئەزالىرىنىڭ — گان خانىم ، روبېرت ، مىكېللىپي ، لۇئىزا ، ئامى ، ئىموگېن ھەم باشقا بىر نەچچەيلەننىڭ مۇشۇ يەردە پويىز كۈتۈپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ قالدى . بۇلارنىڭ كىملىكىنى ئۇنىڭغا ھېچكىم ئېيتىپ بەرمىگەن بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ ئەمەلىيەتتە تامامەن ئۆزىنىڭ تەبىئىي ۋە بىۋاسىتە سەزگۈسىگە تايىنىپ ، بۇلارنىڭ تولىسىنى تونۇۋالغانىدى .

ئالدىراشچىلىقتا ، كۆپچىلىك بۇ كۈننىڭ مىننەتدارلىق ئايىمىنىڭ ھارپا كۈنى ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلمىغانىدى . ۋوگزالدا ، ئادەملەر خۇشال ، كۆتۈرەڭگۈ كەيپىياتتا ، ئايەمگە تەييارلىق قىلماقتا ، بەزىلىرى ئۆيىگە قايتىپ ئايەم ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن پويىزغا چىقىشماقتا . ۋوگزالغا كىرىش ئېغىزىدا

نۇرغۇنلىغان ۋاگونلار توختىتىپ قويۇلغان. ھەربىر يولنىڭ پويىزى قوزغىلىشتىن ئاۋۋال، بىرەيلەن يۇقىرى ئاۋازدا مۇساپىنى مەلۇم قىلاتتى. مەلۇم قىلىنغان ئىستانسىلارنىڭ نامىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، تولىسىنىڭ رېستو ھايات ۋاقتىدا ئۇنىڭ بىلەن بىرگە كۆپ قېتىم بارغان يەرلەر ئىكەنلىكى ئېسىگە كېلىپ، جېنىنىڭ ئىختىيارسىز يۈرىكى ئېچىشىپ كەتتى. بىر دورەم مەلۇم قىلىنغىنى «دىترويىت، تولېدو، كلىۋېلاند، بۇففالو، نيۇيورك»؛ يەنە بىر دورەمقىسى «ۋېللىنگتون، كولومبو، پىتسبۇرگ، فىلادېلفىيە ھەم شەرقىي يولدىكى ھەرقايسى ئىستانسىلار» بولدى، ئەڭ ئاخىرىدا: «ئىندىيانا پولىس، لۇئىسۋىل، كولومبو، سىنسىنناتى ھەم جەنۇبىي يولدىكى ھەرقايسى ئىستانسىلار» دەپ مەلۇم قىلدى. بىردەمدىن كېيىن، پويىزنىڭ قوزغىلىدىغانلىقىنى مەلۇم قىلىپ قوڭغۇراق چېلىندى.

جېنىنى تاۋۇت تېخى پويىزغا بېسىلماستا، ئۇنى تۇمۇر ۋادەكىنىڭ بۇ تەرىپىدە تۇرۇپ يەنە بىر مەرتەم كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن، پويىز كۇتۇش ئۆيى بىلەن رېلىسلار ئارىلىقىدىكى كىشىلەر توپى ئارىسىغا نەچچە رەت قىستىلىپ كىردى. مانا، ئۇنى ئەكېتىشتى. بىر ھاممال يۈك توشۇيدىغان بىر ھارۋىنى ئىتتەرگەن پېتى يۈك ـ تاق ۋاگونى توختىتىپ قويۇلغان يەرگىچە ئەكەلدى. ئاشۇ ھارۋىغا رېستو بېسىلغان — بۇ ئۇنىڭ ياغاچ، كېپەن ۋە كۆمۈش ئارىسىغا جايلاشتۇرۇلغان جىسمىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قارىسى ئىدى. ئاۋۇ ھامماڭ بۇ نەرسىنىڭ بىر خىل ھىجران ئازابىغا ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى ئەسلا ئويلىمىغان بولسا كېرەك. شۇ تاپتا جېنىنىڭ كاللىسىدا: «مال ـ دۇنيا ۋە مەرتىۋىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى نەرسە غايەت زور بىر قاشا، مېنى سۆيگەن كىشىمدىن ئەبەدىي جۇدا قىلىپ تاشلىغان ئېگىز تام» دېگەن ئوي چۆرگىلەپ يۈرۈۋاتقىنىنى ئۇ نەدىنمۇ بىلسۇن. دېمىسىمۇ، ئەزەلدىن شۇنداق بولۇپ كەلگەنغۇ؟ جېنىنىڭ پۈتكۈل ھاياتى شۇ تاپتا كۆرۈپ تۇرغان مۇشۇ نەرسىنىڭ — مال ـ دۇنيا ۋە ھوقۇق ـ كۈچىنىڭ

ھۆكۈمرانلىقىدا بولۇپ كەلمىدىمۇ؟ ئۇ يارىلىشىدىنلا ئۆز تىلىكىگە يېتەلەيدىغان ئادەم ئەمەس، بەلكى باشقىلارغا ئىتائەت قىلىپ ياشايدىغان ئادەم بولۇپ يارالغانىكەن. ھوقۇق ۋە كۈچنى ئىپادىلەيدىغان بۇ بىر يۈرۈش ئەلەم سېپى باللىق دەۋرىدىن باشلاپلا ئۇنىڭ ئالدىدىن قاتار ئۆتۈپ كەلدى. ئەمدىلىكتە جېنىنىغا يەنە ئۇنىڭ زەپەر قۇچۇپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىغا كۆزلىرىنى پارقىراتقىنىچە قاراپ تۇرماقتىن ئۆزگە نېمە چارە بار دەيسىز؟ بۇ سەپنىڭ قەدىرلەيدىغىنى رىستو، جېنىنىنى بولسا، ئۇ سەپ مۇتلەق تونۇمايدۇ. جېنىنى تۆمۈر ۋادەكنىڭ ئىچىدىن ئۆتكەن - كەچكەنلەرگە قاراپ تۇرىۋەردى. بىر كەمدە، ھېلىقى «ئىندىيانا پولىس، لۇئىسۋېل، كولومبو، سىنسىنناتى ھەم جەنۇبىي يولدىكى ھەرقايسى ئىستانسىلار» دەپ توۋلىغان ئاۋاز يەنە ئاڭلىنىشى بىلەن چىراغ نۇرلىرى كۆزنى قاماشتۇرىدىغان قىزىل رەڭلىك پويىز ۋوگزالغا كىرىپ توختىدى، ئۇنىڭ ئىچىدە يۈك - تاق ۋاگونى، يولۇچىلار ۋاگونى، ئۈستىلىگە ئاپئاق داستىخان سېلىنغان ۋە كۈمۈش ئەسۋابلار تىزىپ قويۇلغان غىزالىنىش ۋاگونى ھەم يېرىم پۇلمانچە ۋاگون بار بولۇپ، بۇلارنى ئېغىر پۇشقۇرۇپ تۇرغان بىر پاراۋوز ئۆزىگە چېتىۋالغانىدى.

يۈك - تاق ۋاگونى ھېلىقى يۈك توشۇيدىغان ھارۋا توختىتىپ قويۇلغان يەرگە يېقىنراق سۈرۈلۈپ كەلگەندە، كۆك كىيىم كىيىۋالغان ھامبال ۋاگونغا قاراپ توۋلىدى:

— ھوي، جېك! چۈشۈپ ماڭا ياردەملەشكىنە، ماۋۇ كاساپەت ئېغىر ئىكەنغۇ!

بۇ گەپلەر جېنىنىنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى.

ئۇنىڭ كۆزى پەقەت ئۇزۇن ئۆتمەيلا بۇ يەردىن غايىب بولۇپ كېتىدىغان ھېلىقى يوغان ساندۇقتا، ئەس - خىيالى پەقەت پويىزنىڭ ھازىرلا يولغا چىقىدىغانلىقى، شۇنىڭدىن كېيىن جىمى ئىش تامام بولىدىغانلىقىدىلا ئىدى. روبېرت، ئامى، لۇئىزا ۋە مىكېللېيلار ئارقا تەرەپتىكى پۇلمانچە ۋاگونغا كىرىپ كېتىشتى.

ئۇلار ئۇزاتقۇچىلار سىپىدىكى دوست - ئاغىنىلىرى بىلەن خەيرلىشىپ بولۇشقان ، ئەمدى يەنە تەكرار خەيرلىشىش ھاجەتسىز ئىدى . ئۈچ ياردەمچى پەسكە چۈشۈپ ، ھىلىقى يوغان ياغاچ ساندۇقنى قولمۇقول كۆتۈرۈپ ۋاگونغا ئاچىقىشتى . ئۇنىڭ ۋاگون ئىچىگە كىرگۈزۈۋېتىلگىنىنى كۆرۈپ ، جېنىنىڭ يۈرىكى پىچاق سانجىلغاندەك ئاغرىپ كەتتى .

ئۇنىڭدىن كېيىن ، ۋاگونغا يەنە كەينى - كەينىدىن بىر مۇنچىلىغان ساندۇقلار بېسىلدى ، ئاندىن يوك - تاق ۋاگونىنىڭ ئىشىكى يېرىم يېپىلغاندەك قىلدىيۇ ، يەنە پاراۋوزنىڭ قوڭغۇراق چېلىشىنى كۈتمەستىنلا ، ھەم تاقىۋېتىلدى . ئەتراپتىن : «ھەممىڭلار پويىزغا چىقىڭلار» دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىشى بىلەن تەڭ ، پاراۋوز ئاستا قوزغىلىشقا باشلىدى . ئۇنىڭ قوڭغۇرىقى جاڭ ئۇرماقتا ، ھورى ئەتراپقا يۆركۈلمەكتە ، ئىسى ئاسمان - پەلەك كۆتۈرۈلۈپ ، ھاۋادا قاپقارا تۇتەك پەيدا قىلماقتا ، ئارقىسىغا يەنە بىر مۇنچە ۋاگونلار خۇددى قۇيرۇقتەك چېتىلغانىدى ، ئوت ياقار ئارقا تەرەپكە چېتىلغان نەرسىنىڭ ئېغىر ئىكەنلىكىنى بىلىپ ، لاۋۇلداپ ئوت كۆيۈۋاتقان ئوچاقنىڭ قاپقىقىنى ئاچتى - دە ، ئىچىگە كۆمۈرنى جىقراق سالدى . ئوچاقتىكى ئوت خۇددى بىر تال ئالتۇن كۆزدەك نۇر چاچماقتا ئىدى .

جېنىنى مۇشۇ خىلمۇخىل ئاجايىپ كۆرۈنۈشلەرگە قارىغىنىچە قېتىپلا قالدى . شۇ تاپتا ئۇنىڭ چىرايى تاتارغان ، كۆزلىرى چەكچەيگەن ، ئىككى قولى ھېچبىر غەرەزسىزلا بىر - بىرىگە كىرىشتۇرۇلگەن ، قەلبىدە پەقەت بىرلا ئوي — «ئۇلار ئۇنىڭ جەسىتىنى ئەكېتىشتى» دېگەن ئوي بار ئىدى . بېشى ئۇستىدە نويابىر ئېيىنىڭ كۆل رەڭ ئاسمىنى ، ئەتراپ قاراڭغۇ دېگىدەكلا ئىدى . جېنىنى تاكى ئەڭ ئاخىرقى قىزىل چىراغ نۇرى يىراقتىكى رېلىسلار ئۇستىدە ئايلىنىپ يۈرگەن ئىس - تۈتەكلەر ئارىسىغا كىرىپ كۆزدىن غايىب بولغانغا قەدەر قاراپ تۇرىۋەردى .

— شۇنداق ، — ئايەمنى خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزۈشكە تەييارلانغان بىر يولۇچى سۆزلەۋاتاتتى ، — بىزنىڭ بۇ يەردە پات

ئارىدا كۆڭۈللۈك كۈنلەر باشلىنىدۇ . ئاننى يادىڭىزدىمۇ ؟ جىيم تاغام بىلەن ئىيللا قىزمۇ كېلىشىدىكەن .

بۇ سۆزلەر ھەم ئۆپچۆرىدىكى شاۋقۇن ـ سۈرەن ئاۋازلار جىېنىننىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى . ئۇنىڭ كۆڭۈل كۆزى قالغان ئۆمرىدىكى ئۇزاققا سوزۇلغان زىرىكىشلىك كۈرۈنۈشكە قادىلىپلا قالغانىدى . ئەمدى قانداق بولار ؟ ئۇ تېخى ياش . ئالدىدا يەنە ئىككى ئاسراندى پەرزەنتى تۇرۇپتۇ . كەلگۈسىدە ئۇلارنىڭمۇ توي قىلىپ ئۇنى تاشلاپ كېتىدىغان بىر كۈنى كېلىدۇ ، ئۇ چاغدا يەنە قانداق بولاركىن ؟ قانداق بولماقچىدى ، كۈنلەر يەنە بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۆتىۋېرىدۇ ، شۇ . ئۇنداقتا . . . ؟

[General Information]
书名=珍妮姑娘　维吾尔文
SS号=40219241